# قاموس

## عربي ــ أويغوري

## ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە

## چوڭ لۇغەت

## (2)


تأليف:

البحاث الأستاذ محمد بن العلامة

داملا صالح الكاشغرى الآرتوجي

تۈزگۈچى: مۇھەممەد سالىھ



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

阿维大词典·下/买买提·赛来编著 —乌鲁木齐：

新疆人民出版社，2008.10

ISBN 978-7—228-11315-6

I.阿… II.买… III.①阿拉伯语—词典 ②词典—阿拉伯语、维吾尔语 IV. H376

中国版本图书馆CIP数据核字（2008）第151177号

责任编辑：拜合提亚尔·沙吾提

特约校对：热西提·瓦依提

责任校对：古丽夏尔·尼格买提

封面设计：艾木都拉·阿布力孜

# 阿维大词典（维吾尔文）

买买提·赛来 编

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐解放南路348号 邮编：830001）

新疆金版印务有限公司印刷

787×1092毫米，16开本， 82.5印章

2008年10月第1版， 2008年10月第1次印刷

印数：1—5,000

ISBN 978-7—228-11315-6 定价：215.00元

بسم الله الرحمن الرحيم

محمد حسني مبارك

من محمد حسني مبارك رئيس جمهورية مصر العربية

إلى السيد الأستاذ محمد صالح مدير المعهد الإسلامي بمدينة

أورومتشي بإقليم سينكيانغ بالصين

تقديراً لحميد صفاتكم وجليل خدماتكم ، قد منحناكم

وسام **العلوم والفنون** من الطبقة الأولى

وأمرنا بإصدار هذه البراءة إيذاناً بذلك .

تحريراً بقصر الجمهورية بالقاهرة في اليوم السابع من شهر ربيع الأول

لسنة ألف وأربعمائة واثني عشر من هجرة خاتم المرسلين

١٦ سبتمبر ١٩٩١

رئيس ديوان رئيس الجمهورية

زكريا عزمي

جۇڭگو شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ

مۇدىرى پروفېسسور مۇھەممەد سالىھ

ئەپەندىم:

سىزنىڭ گۈزەل خىسلەتلىرىڭىز، ئۇلۇغ

تۆھپىلىرىڭىزنى ئېتىراپ قىلىش

يۈزىسىدىن، سىزنى 1 - دەرىجىلىك ئىلىم -

پەن ئوردېنى بىلەن تارتۇقلىدۇق.

ئەرەب مىسىر جۇمھۇرىيىتىنىڭ زوڭتۇڭى

— مۇھەممەد ھۇسنى مۇبارەك

1991 - يىلى 16 - سىنتەبىر

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# كىرىش سۆز

«ئەرەبچە — ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت» نىڭ 2 - قىسمى كېچىنى كۆندۈزگە ئۇلاپ، جاپالىق ئىزدىنىپ، تېنىمسىز ئىشلىشىم نەتىجىسىدە ئاخىر پۈتۈپ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. لۇغەتنىڭ 1 - قىسمى نەشىردىن چىقىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا يۇقىرى باھالارغا ئېرىشتى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي پەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاشتا مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ باھالاندى. لۇغەتنىڭ 1 - قىسمى روياپقا چىقىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، 2 - قىسمىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇپ يېزىلغان خەتلەر، ئۇرۇلغان تېلېفونلار، يۈز تۇرانە قىلىنغان ئۆتۈنۈشلەر، بېرىلگەن مۇناسىپ باھالار مېنىڭ ئوتتەك قىزغىن مۇھەببەت بىلەن بېرىلىپ، ئۇيقۇ-ئارامسىز، زەۋق - شەۋق بىلەن ئىشلەپ قامۇسنى تاماملىشىمغا تۈرتكە بولدى. يېرىم ئۆمۈرگە يېقىن چەككەن رىيازەتلىرىمنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە، سىڭدۈرگەن ئەجرىم، تۆككەن تەرىم قامۇس قۇرلىرىدا جىلۋىلىنىپ تۇرسا دەيمەن.

قولۇمغا قەلەم ئالغان كۈنۈمدىن باشلاپلا مەسئۇلىيەتچان، تەلەپچان مۇئەللىپ بولۇشقا تىرىشىپ كەلدىم. ئىلمىي ئەمگەكلىرىمدە تۈجۈپىلەپ ئىشلەپ مۇكەممەللىكنى قوغلىشىش ۋۇجۇدۇمغا سىڭىپ كەتكەن. بۇ خىل روھ مېنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىم، تەرجىمە ئەسەرلىرىم ۋە مەملىكەت ئىچى - سىرتىدا ئوقۇلغان، ئېلان قىلىنغان تەتقىقات ماقالىلىرىمدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ۋە سەگەك ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، لۇغەتنىڭ ئاخىرىغا ئىسلامىيەتتىكى (ئىسلام ئىلىم ساھەسىدىكى) بىر قىسىم مەشھۇر شەخسلەر، مەشھۇر ئەسەرلەر ۋە يەر - جاي ناملىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىلدى. بۇ 2 مىڭغا يېقىن ئاتالما كىچىك ئېنسىكلوپېدىيە تۈسىنى ئالغان بولۇپ، ئۇلارنى بىلىۋېلىش

ئەھلى ئىلىملارنىڭ، تەتقىقاتچىلارنىڭ ۋە مۇھەررىرلەرنىڭ تەلىپىدۇر. بۇ ئېنسىكلوپېدىيىلىك كىچىك لۇغەتنىڭ ئاتالغۇلىرى ئەرەب ئېلىپبەسى تەرتىپى بويىچە تىزىلدى. شەخسلەرنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، تەخەللۇسى (لەقىمى) تولۇق بېرىلدى (ئۇلار قايسى نام بىلەن مەشھۇر بولغان بولسا ئالدىدا شۇ بېرىلدى). ئاتالمىلارنىڭ توغرا تەلەپپۇز قىلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئەرەبچىگە ئۇلاپلا ئۇيغۇرچە تەلەپپۇزى بېرىلدى. قامۇسنىڭ 2-قىسمى 1-قىسمىنىڭ داۋامى بولغاچقا، 1-قىسمىنىڭ ئۇسلۇبى، تەرتىپى ۋە ئىزچىللىقى باشتىن ئاخىر ئۆز پېتىچە ساقلاپ قېلىندى.

كېيىنكى نەشرىدە تۈزىتىلىشى ئۈچۈن، قامۇستا كۆرۈلگەن نۇقسانلار ھەققىدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىمي پىكىر بېرىشىنى سورايمەن.

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز........................................................................ 1
ش ........................................................................ 1
ص........................................................................ 69
ض........................................................................ 121
ط........................................................................ 145
ظ........................................................................ 184
ع........................................................................ 192
غ........................................................................ 289
ف ........................................................................ 325
ق........................................................................ 381
ك ........................................................................ 447
ل........................................................................ 495
م ........................................................................ 542
ن ........................................................................ 798
ھ ........................................................................ 877
و ........................................................................ 916
ي........................................................................ 972
الأعلام (ئىسلامىيەتتىكى مەشھۇر شەخسلەر، ئەسەرلەر ۋە يۇرت ـ جايلار)........................ 983
ملحقات (لۇغەتتە بېرىلگەن شېئىرىي مىسرالارنىڭ تولۇق تېكستى)........................ 1203

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - IST.

# ش

ش «الشِّينُ»: ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ 13 ـ ھەرپى بولۇپ، ئەبجەد ھېسابىدا «300»نى كۆرسىتىدۇ.

شَامٌ: سۇرىيە، دەمەشق.

رَجُلٌ شَامِيٌّ: سۇرىيىلىك ئادەم، دەمەشقلىق ئادەم.

اَلشَّامِيُّ: سۇرىيىلىك، دەمەشقلىق.

شَاءَ يَشَاءُ شَيْئًا وَ شَيْئَةً و مَشَائَةً وَ مَشَائِيَّةً: خالىدى، ئارزۇ قىلدى.

شَاءَ اللهُ الشَّيْءَ: ئاللاھ بەلگىلىدى، تەقدىر قىلدى، ھۆكۈم قىلدى.

مَا شَاءَ اللهُ: ياخشى، ياخشى بولدى (ئاللاھنىڭ ئىرادىسى).

إِنْ شَاءَ اللهُ: ئەگەر ئاللاھ خالىسا، خۇدايىم بۇيرۇسا.

﴿كَلَّا إِنَّهَا تَذْكِرَةٌ فَمَنْ شَاءَ ذَكَرَهُ﴾ «قرآن»: ياق، مۇقەررەركى ئۇ (يەنى قۇرئان) ۋەز-نەسىھەتتۇر. خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت ئالىدۇ.

شَابَ يَشُوبُ شَوْباً وَ شِيَاباً الشَّيْءَ: ئارىلاشتۇردى، ئېلىشتۇردى.

شَابَ فِي الْبَيْعِ وَالشِّرَاءِ: سودىدا ھىيلە-مىكىر ئىشلەتتى، ئالدامچىلىق قىلدى.

شَابَ يَشِيبُ شَيْباً وَ شِيْبَةً وَ مَشِيباً شَعْرُهُ: چېچى ئاقىرىپ كەتتى.

يَشِيبُ مِنْ هَوْلِهِ الْوِلْدَانُ: ئۇنىڭدىن قورقۇپ بالىنىڭ چېچى ئاقىرىپ كەتتى.

شَابَ رَأْسُهُ: بېشىغا ئاق كىردى، چېچى ئاقىرىپ كەتتى.

شَابَتْ رُؤُسُ الْآكَامِ: چوققىلار قار بىلەن قاپلاندى.

«لَنْ يَحْدُثَ هَذَا حَتَّى يَشِيبَ الْغُرَابُ»: بۇ مەڭگۈ يۈز بەرمەيدۇ (قۇم چېچەكلىمىگۇچە بۇ ئىش بولمايدۇ).

شَابٌّ ج شُبَّانٌ وَ شَبَبَةٌ: يىگىت، ياش ئەر (16~30 ياشقىچە).

شَابَّةٌ ج شَابَّاتٌ وَ شَوَابٌّ: ياش قىز؛ چوكان (13~30 ياشقىچە).

شَابَكَ يُشَابِكُ مُشَابَكَةً بَيْنَ الْأَصَابِعِ: بارماقلىرىنى كىرىشتۈردى.

شَابِنٌ مِنَ الْغِلْمَانِ: توشقان بالا، دوغىلاق بالا، زىلۋا بالا.

شَابَهَ يُشَابِهُ مُشَابَهَةً الْوَلَدُ أَبَاهُ: بالا دادىسىغا ئوخشىدى.

«مَنْ يُشَابِهْ أَبَاهُ فَمَا ظَلَمَ»: دادىسىغا ئوخشىغان ئادەم زىيان تارتمايدۇ.

شَابُورَةٌ: سەھەردىكى سۇس تۇمان.

شَابُوقَةٌ: ھاسا.

شَاةٌ ج شِيَاهٌ: قوي.

شَاتَمَ يُشَاتِمُ مُشَاتَمَةً: تىللاشتى، ئۇرۇشتى، جاڭجاللاشتى.

شَاتِنٌ: توقۇمىچى، توقۇمىچىلىق ئىشچىسى.

شَاتٍ: زىمىستان قىش؛ يامغۇرلۇق، سوغۇق.

يَوْمٌ شَاتٍ: يامغۇرلۇق كۈن.

شَاجِبٌ: كوت ـ كوت، ۋاتىلداق، ۋالاقتەگۈر؛ غەمكىن، توڭ قاغا.

شَاجَّ يَشَاجُّ مُشَاجَّةً وَ شِجَاجًا: ئۇرۇشتى، سوقۇشتى.

شَاجَرَ يُشَاجِرُ مُشَاجَرَةً: جېدەللەشتى، تالاش-تارتىش قىلىشتى.

شَاجِنَةٌ ج شَوَاجِنُ: يول، داغدام يول، مۇساپە، لىنىيە.

شَاحَ يَشِيحُ شَيْحًا عَلَى حَاجَتِهِ: تىرىشتى، كۈچىدى، تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

شَاحِبٌ: ئاجىز، هالسىز، زەئىپ، ياداڭغۇ، سولغۇن.

شَاحِجٌ: قۇلان، ياۋا ئېشەك.

بَنَاتُ شَاحِجٍ: قېچىر.

شَاحَّ يُشَاحُّ مُشَاحَّةً فُلَانًا: كېچەلمىدى، كۆزى قىيمىدى، مېھرىنى ئۈزەلمىدى؛ ئېچىندى.

شَاحِطٌ: يىراق، ئۇزۇن.

شَاحَنَ يُشَاحِنُ مُشَاحَنَةً: نەپرەتلەندى، پىرگەندى، ئۆچ كۆردى.

مَرْكَبٌ شَاحِنٌ: يۈك پاراخوتى.

شَاحِنَةٌ ج شَاحِنَاتٌ: يۈك ۋاگونى، يۈك ماشىنىسى.

«لَا يُسْمَحُ بِمُرُورِ الشَّاحِنَاتِ فِي أَوْقَاتِ الذَّرْوَةِ»: قاتناش يۇقىرى پەللىگە چىققاندا يۈك ماشىنىلىرىنىڭ ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

شَاحِنَةٌ قَلَّابَةٌ: موللاقچى ماشىنا.

شَاحِنَةٌ ثُلَاثِيَّةُ الْعَجَلَاتِ: ئۈچ چاقلىق يۈك توشۇش ماشىنىسى.

شَاحِنَةٌ ضَخْمَةٌ: ئېغىر يۈك ماشىنىسى.

شَاحُوطَةٌ: تاش سىلىقلاش ماشىنىسى.

شَاخَ يَشِيخُ شَيْخًا وَ شَيْخُوخَةً وَ شُيُوخَةً: قېرىدى، ياشاندى.

شَاخَ النَّبَاتُ: ئوت-چۆپ قۇرۇدى.

شَاخِصٌ: تىكىلىپ قارىغۇچى، سىنچىلاپ قارىغۇچى، چەكچەيگۈچى.

«الْأَبْصَارُ نَحْوَكَ شَاخِصَةٌ»: ھەممىنىڭ كۆزى سەندە.

﴿وَاقْتَرَبَ الْوَعْدُ الْحَقُّ فَإِذَا هِيَ شَاخِصَةٌ أَبْصَارُ الَّذِينَ كَفَرُوا﴾ «قرآن»: راست ۋەدە (يەنى قىيامەتنىڭ ۋاقتى) يېقىنلاشتى، ئۇ كۈندە كۇپپارلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ قالىدۇ.

شَاخِصٌ ج شَوَاخِصُ: نىشان قوزۇقى، نىشان خادىسى.

شَاخَلَ يُشَاخِلُ مُشَاخَلَةً: سەمىمىي دوست بولۇشتى.

شَادَ يَشِيدُ شَيْدًا الْبِنَاءَ: بىنانى قوپۇردى، ئېگىزلەتتى.

شَادَ الْقُصُورَ الْعَوَالِي: ئېگىز سارايلارنى سالدى.

شَادِخٌ: سېمىز.

شَادِخٌ مِنَ الْعُشْبِ: نورغۇن ئوت-چۆپ.

غُلَامٌ شَادِخٌ: ياش يىگىت.

شَادِخَةٌ ج شَوَادِخُ: سەت قىلىق؛ ئاتنىڭ قاشقىسى.

رَكِبَ الشَّادِخَةَ: ئەسكى ئىشلارنى قىلدى.

شَادَّ يَشَادُّ مُشَادَّةً: يەڭدى، جېدەللەشتى، قولغا كەلتۈردى.

«لَنْ يُشَادَّ الدِّينَ أَحَدٌ» «حديث»: دىندا قاتتىق يول تۇتۇشقا بولمايدۇ.

شَادِرٌ ج شَوَادِرُ: ئامبار، ئىسكىلات.

شَادِرُ أَخْشَابٍ: ياغاچ ئامبىرى.

شَادَرْوَانٌ: مەنبە، سۇ بېشى، سۇ مەنبەسى.

شَادِنٌ ج شَوَادِنُ: كېيىك بالىسى، ئاهۇ.

شَادُوفٌ ج شَوَادِيفُ: مەنجانىق.

شَادٍ (الشَّادِي) م شَادِيَةٌ ج شُدَاةٌ وَ شَادُونَ: ناخشىچى؛ ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى.

شَاذِبٌ: ۋەتىنىدىن ئايرىلغان، ۋەتىنىدىن يىراق، ئۈمىدسىز.

شَاذٌّ ج شُذَاذٌ وَشَوَاذٌّ م شَاذَّةٌ ج شَوَاذٌّ: قائىدىسىز، تەرتىپسىز، نورمالسىزلىق.

شَاذّ الأَخْلاَقِ: ئەخلاقتا قائىدىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكەن.

شَاذٌّ جِنْسِيًّا: جىنسىي جەھەتتە غەيرىي تەبىئىيلىك، غەلىتىلىك.

كَلِمَةٌ شَاذَّةٌ: قائىدىنىڭ سىرتىدىكى سۆز.

شَاذّ الطَّبْعِ أَوِ الأَطْوَارِ: ئاجايىپ ئادەم، غەلىتە ئادەم، نورمالسىز.

«لِكُلِّ قَاعِدَةٍ شَوَاذٌّ»: ھەربىر قائىدىنىڭ قائىدىگە بېقىنمايدىغان ئايرىم شەكىللىرى بولىدۇ.

شَاذَنْجِ: قان بېسىمىنى ئۆلچىگۈچ.

شَارَ يَشُورُ شَوْرًا وَشِيَارًا وَشِيَارَةً وَشَارًا الْعَسَلَ: ھەسەل ئالدى، چىقاردى، يىغدى.

شَارَ الدَّابَّةَ: ھايۋاننى كۆندۈردى.

يُشَارُ إِلَيْهِ بِالْبَنَانِ: ھەممە ئادەم تونۇيدىغان، ھەممە ئادەمنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئادەم.

شَارَبَ يُشَارِبُ مُشَارَبَةً: بىللە ئىچىشتى.

﴿فَشَارِبُونَ شُرْبَ الْهِيْمِ﴾ ‹قرآن›: تەشنا بولغان تۆگىلەردەك ئىچىسىلەر.

شَارِبٌ ج شُرَّابٌ: ئىچكۈچى.

شَارِبٌ ج شَوَارِبُ: بۇرۇت.

شَارَةٌ ج شَارَاتٌ: ئالامەت، بەلگە؛ ئىزناك، پاگون.

شَارَةُ الذِّرَاعِ: يەڭ بەلگىسى.

شَارَةُ الْجَوَّالَةُ: يانفون نومۇرى.

شَارَةُ الْجَامِعَةِ: ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىزنىكى.

فُلاَنٌ حَسَنُ الشَّارَةِ: قىياپىتى چىرايلىق ئادەم.

شَارَجَ يُشَارِجُ مُشَارَجَةً فُلاَنًا: پالانىغا ئوخشاتتى.

شَارِحٌ ج شُرَّاحٌ: شەرھلىگۈچى، ئىزاھلىغۇچى، تەپسىراتچى، چۈشەندۈرگۈچى.

شَارِخٌ ج شَرْخٌ: يىگىت.

شَارِدٌ ج شُرَّدٌ: قاچقۇن، قېچىپ كەتكۈچى؛ ئازغۇن، ئاداشقۇچى.

شَارِدُ الْفِكْرِ: پىكرى چېچىلاڭغۇ.

شَارِدَةٌ ج شَوَارِدُ وَشُرَّدٌ: قاچقۇن، قاچقۇنلۇق؛ يۇرت كەزگۈچى، جاھان كېزەر.

شَارِدَةٌ وَوَارِدَةٌ: كونىسى ۋە يېڭىسى؛ بىلىمسىز ۋە بىلىمسىزلىك.

لاَ تَفُوتُهُ شَارِدَةٌ وَلاَوَارِدَةٌ: ھەممىگە ھوشيار ئادەم.

قَصِيْدَةٌ شَارِدَةٌ: مەشھۇر قەسىدە.

شَوَارِدُ اللُّغَةِ: كەم ئۇچرايدىغان سۆز.

شَارَّ يَشَارّ مُشَارَّةً: خارلىدى، ئازابلىدى، زۇلۇم قىلدى.

شَارَّ الرَّجُلُ فُلاَنًا: جېدەللەشتى.

شَارَّ الدَّابَّةَ: مىنىپ باقتى.

شَارَزَ يُشَارِزُ مُشَارَزَةً: ئەخلاقى بۇزۇلدى.

شَارَزَهُ: ئۆچمەنلەشتى، دۈشمەنلەشتى.

شَارِزٌ ج شُرَّازٌ: كەسكۈچى، ئۈزگۈچى.

شَارَطَ يُشَارِطُ مُشَارَطَةً: ۋەدىلەشتى، شەرتلەشتى، توختاملاشتى، پۈتۈشتى.

شَارِعٌ ج شَارِعُونَ: قانۇن چىقارغۇچى، قانۇن تۈزگۈچى.

«رَاعَى الشَّارِعُ الْحِكْمَةَ فِي تَحْرِيْمِ هَذَا الْفِعْلِ»: شەرىئەتنى بېكىتكەن زات بۇ ئىشنى ھارام قىلىشتا ھېكمەتنى كۆزدە تۇتقان.

شَارِعٌ ج شَوَارِعُ وَشُرَّعٌ: كوچا، چوڭ يول.

شَارِعٌ رَئِيْسِيٌّ: چوڭ كوچا، ئاساسىي يول.

رَجُلُ الشَّارِعِ: ئاددىي پۇقرا.

﴿إِذْ تَأْتِيْهِمْ حِيْتَانُهُمْ يَوْمَ سَبْتِهِمْ شُرَّعًا﴾ ‹قرآن›: چۈنكى، شەنبە كۈنى بېلىقلار سۇ ئۈستىدىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلەتتى.

«شَوارِع الْمَدِيْنَةِ نَظِيْفَةٌ»: شەھەر كوچىلىرى پاكىز.

شَارَفَ يُشَارِفُ مُشَارَفَةً: ئۈستۈنلۈكى بىلەن پەخىرلەندى، ماختاندى.

شَارَفَهُ: ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى.

شَارَفَ الأَرْبَعِيْنَ: قىرىققا يېقىنلاشتى.

شَارَفَ الْغَرَقَ: غەرق بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى.

شَارَفَ الْمُسَافِرُ الْبَلَدَ: مۇساپىر يۇرتقا يېقىنلاشتى.

شَارِفٌ ج شُرَّفٌ وَ شُرُوفٌ م شَارِفَةٌ ج شَارِفَاتٌ: قېرى چىشى تۆگە.

شَارِقٌ ج شُرْقٌ: كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش؛ شەرق تەرەپ.

شَارَكَ يُشَارِكُ مُشَارَكَةً مَعَهُ: ئۇنىڭ بىلەن شېرىكلەشتى، ھەمكارلاشتى.

﴿وَشَارِكْهُمْ فِي الْأَمْوَالِ وَالْأَوْلَادِ وَعِدْهُمْ﴾ «قرآن»: ئۇلارنىڭ ماللىرىغا ۋە بالىلىرىغا شېرىك بولغىن، ئۇلارغا (يالغان) ۋەدىلەرنى بەرگىن.

شَارَكَ مَعَهُ فِي الْعَوَاطِفِ: خەيرخاھلىق قىلدى، ھېسداشلىق قىلدى.

شَارَكَهُ: تەڭ بەھرىمەن بولدى.

شَارَكَهُ فِي تِجَارَتِهِ: شېرىكلەشتى.

شَارَكَهُ الرَّأْيَ: پىكىرلەشتى.

شَارِمٌ: نىشانغا تېگىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئوق.

شَارُوْقٌ ج شَوَارِقُ: ھاك لاتقىسى.

شَارَى يُشَارِي شِرَاءً و مُشَارَاةً: سودىلاشتى.

شَارٍ ج شُرَاةٌ: سېتىۋالغۇچى، خېرىدار.

شَارِيُ الصَّوَاعِقِ: چاقماق قايتۇرغۇچ.

شَازِبٌ ج شُزَّبٌ و شَوَازِبُ: قوپال، يىرىك؛ ئاجىز، جۇدەك.

رَجُلٌ شَاحِبٌ شَازِبٌ: ئورۇق، قوپال، غودىدۆك.

شَازَرَ يُشَازِرُ مُشَازَرَةً: دۈشمەنلەشتى، ئۆچمەنلەشتى.

شَاسَ يَشَاسُ شَوْسًا و شَوَسًا: كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى.

شَاسَ خُلُقُهُ: مىجەزى ئوساللاشتى.

شَاسِبٌ ج شُسُبٌ: قۇرۇق، قۇرۇپ كەتكەن.

شَاسٌ: جۇدەك، ئاجىز، ياداڭغۇ.

شَاسِعٌ ج شُسُعٌ: يىراق، ئۇزاق، بىپايان.

بُعْدٌ شَاسِعٌ: يىراق ئارىلىق.

فَرْقٌ شَاسِعٌ: پەرقى ئېنىق، چوڭ پەرق.

شَاسِيٌّ: كوزۇپ؛ ماشىنا ئوقى.

شَاشَ يَشُوشُ شَوْشًا الأَمْرُ: قالايمىقانلاشتى، مالىماتاڭ بولۇپ كەتتى.

شَاشَتْ نَفْسُهُ: كۆڭلى ئاينىدى.

شَاشٌ: داكا رەخت.

شَاشٌ مُعَقَّمٌ: دېزىنفېكسىيە قىلىنغان داكا.

اَلشَّاشَةُ: كىنو، ئېكران.

شَاشَةُ تِلِفِزْيُوْنُ: تېلېۋىزور ئېكرانى.

شَاشَةٌ عَرِيْضَةٌ: كەڭ ئېكران.

اَلشَّاشَةُ الصَّغِيْرَةُ: تېلېۋىزور.

اَلشَّاشَةُ الْبَيْضَاءُ: ئېكران.

شَاشَةُ السَّكُوبِ: كەڭ ئېكران.

شَاشَةُ الذَّبْذَبَةِ: تەۋرەنمە ئېكران.

شَاشِيَّةٌ ج شَوَاشِيّ: شاپاق دوپپا، ئاق دوپپا.

شَاصَ يَشُوصُ شَوْصًا الشَّيْءَ: قوزغىدى، مىدىرلاتتى، ئۇۋۇلىدى.

شَاصَ فَمَهُ بِالسِّوَاكِ: ئاغزىنى مىسۋاكلىدى.

شَاصَ يَشُوصُ شَوْصًا وَ شَوَصًا بِهِ الْمَرَضُ: كېسەل قاتتىق ئاغرىدى.

شَاصَ بِهِ الْعِرْقُ: تومۇرى قالايمىقان سوقتى.

شَاصِبٌ: كەمبەغەل، نامرات.

شَاصِرٌ ج شَوَاصِرُ م شَاصِرَةٌ: كېيىكنىڭ ئوغلىقى.

شَاصِرَةٌ ج شَوَاصِرٌ: قىلتاق، تۇزاق، قاپقان.

شَاطَ يَشُوطُ شَوْطًا بِهِ: ئاچچىقلاندى، ئوغىسى قاينىدى، چېچىلدى.

شَاطَ الْفَرَسُ: ئات چاپتى.

شَاطَ الْكُرَةَ: توپنى تەپتى.

شَاطَ يَشِيْطُ شَيْطًا وَشَيَاطَةً وَشَيْطُوطَةً الشَّيْءُ: كۆيدى، كۆيۈپ تۆمۈرگە ئايلاندى.

شَاطَ فِي الْأَمْرِ: ئالدىراقسانلىق قىلدى.

شَاطَتِ الْقِدْرُ: قازان قايىندى.

شَاطَ اللَّحْمُ: گۆش كۆيۈپ كەتتى.

شَاطَ بِهِ الْغَضَبُ: غەزىپى تاشتى.

شَاطَأَ يُشَاطِئُ مُشَاطَئَةً: قىرغاققا مېڭىشتى.

شَاطِئٌ ج شَوَاطِئُ: قىرغاق، ساھىل.

شَاطِئٌ رَمْلِيٌّ: قۇملۇق دېڭىز بويى.

عَلَى الشَّاطِئِ: قىرغاقتا.

﴿فَلَمَّا أَتَاهَا نُودِيَ مِنْ شَاطِئِ الْوَادِ الْأَيْمَنِ فِي الْبُقْعَةِ الْمُبَارَكَةِ مِنَ الشَّجَرَةِ﴾ «قرآن»: مۇسا ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە ۋادىنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ گىرۋىكىگە توغرا كېلىدىغان مۇبارەك جايدىكى دەرەخ تەرەپتىن نىدا ئاڭلاندى.

وَصَلَ إِلَى شَاطِئِ الْأَمَانِ: خەتەردىن قۇتۇلدى.

شَاطِبٌ: قىڭغىر؛ يىراق.

طَرِيقٌ شَاطِبٌ: قىڭغىر يول.

رَمْيَةٌ شَاطِبَةٌ: نىشاندىن ئازغان ئوق.

شَاطَرَ يُشَاطِرُ مُشَاطَرَةً الشَّيْءَ: تەڭ بۆلدى، ئوخشاش تەقسىم قىلدى.

شَاطَرَهُ بِحُزْنِهِ: خەيرخاھلىق قىلدى، ھېسداشلىق قىلدى، تەسەللى بەردى.

«شَاطَرَهُ مَالَهُ»: مېلىنى ئورتاقلاشتى.

«أُشَاطِرُكَ الْأَحْزَانَ»: قايغۇڭغا ئورتاقلىشىمەن.

شَاطِرٌ ج شُطَّارٌ: ئوتتۇرىدىن بۆلگۈچى سىزىق؛ مەككار، كاززاپ، قۇۋ؛ ماھىر، ئۇستا، زېرەك، ئۆتكۈر، چاققان.

شَاطَّ يُشَاطُّ مُشَاطَّةً: زۇلۇمدا بېسىپ چۈشتى.

شَاطٌّ م شَاطَّةٌ: قەددى - قامەتلىك.

شَاطِفٌ: نىشانغا تەگمىگەن.

سَهْمٌ شَاطِفٌ: نىشاندىن چەتنەپ كەتكەن ئوق.

شَاطِنٌ: ھەقتىن يىراق، ئەبلەخ، پەسكەش.

شَاطَ يَشُوطُ شَوْطًا بِهِ الْغَضَبُ: غەزىپى تاشتى.

شَاطَ بِهِ الْأَمْرُ: كېسەللىك دەرد قىلدى.

شَاطَ بِهِ: ئۇنى تىللىدى.

شَاعَ يَشُوعُ شَوْعًا: چۇۋۇلۇپ كەتتى.

شَاعَ يَشِيعُ شَيْعًا وَشُيُوعًا الْخَبَرُ: خەۋەر تارقالدى، يېيىلدى.

«شَاعَتْ قِرَاءَتُهَا بَيْنَ الْأَنَامِ كَمَا عَمَّ الْوَرَى صِيتُ ذِكْرَاهَا وَقَدْ بَرَعَتْ»: (ئەلفىيە)نى ئوقۇش كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملاشتى، ئۇ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئاجايىپ مەشھۇر كىتاب.

شَاعَ الْحَدِيثُ: سۆز - چۆچەك تارقالدى.

شَاعَ فِي رَأْسِهِ الشَّيْبُ: چېچىغا ئاق كىردى.

شَاعَ الْمَرَضُ فِي الْبَلَدِ: كېسەل تارقالدى.

شَاعَتِ الدَّارُ: قورۇ ئورتاق بولدى.

شَاعَهُ الشَّيْءُ: ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولدى.

شَاعَكُمُ اللهُ بِالسَّلَامِ: ھەممىڭلارنى ئاللاھ سالامەت قىلسۇن.

اَلشَّاعِبَانِ: ئىككى مۆرە.

شَاعَرَ يُشَاعِرُ مُشَاعَرَةً فُلَانًا: مۇشائىرە قىلىشتى.

شَاعِرٌ: ھېس قىلغۇچى، سەزگۈچى.

شَاعِرٌ ج شُعَرَاءُ: شائىر.

شَاعِرٌ مُفْلِقٌ: ئاتاقلىق شائىر، تالانتلىق شائىر.

﴿وَمَا هُوَ بِقَوْلِ شَاعِرٍ قَلِيلًا مَا تُؤْمِنُونَ﴾ «قرآن»: ئۇ شائىرنىڭ سۆزى ئەمەستۇر، سىلەر ناھايىتى ئاز ئىشىنىسىلەر.

اَلشُّعَرَاءُ الرُّحَّلُ: سەرگەردان شائىرلار.

شَاعِرَةٌ ج شَوَاعِرُ وَشَاعِرَاتٌ: ئايال شائىر، شائىرە.

شَاعِرِيَّةٌ: شائىرانىلىك، شائىرلىق تالانتى.

«يَتَمَتَّعُ هَذَا الرَّجُلُ بِشَاعِرِيَّةٍ فَيَّاضَةٍ»: بۇ ئادەم جۇشقۇن شېئىرىي ئىقتىدارغا ئىگە.

شَاعٍ م شَاعِيَةٌ ج شَوَائِعُ وَشَوَاعٍ: يىراق.

جَاءَتِ الْخَيْلُ شَوَاعِيَ: ئاتلار تارقاق كەلدى.

شَاغَبَ يُشَاغِبُ مُشَاغَبَةً: ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى،

جېدەل-ماجىرا تېرىدى، قۇتراتقۇلۇق قىلدى..

**شَاغَرَ يُشَاغِرُ شِغَارًا وَ مُشَاغَرَةً الرَّجُلُ الرَّجُلَ:** ئىككى ئەر بىر-بىرىنىڭ ھەمشىرىسىگە مەھرىسىز ئۆيلەندى، مەھرىسىز ئالماشتۇرۇپ توي قىلىشتى.

**شَاغِرٌ ج شَوَاغِرُ:** بوش ۋاقىت؛ بىكار، قۇرۇق، مەنىسىز.

**وَظِيفَةٌ شَاغِرَةٌ:** بوش ۋاقىت؛ بوش ئورۇن.

**«تُوْجَدُ وَظِيفَةٌ شَاغِرَةٌ فِي هَذِهِ الْإِدَارَةِ»:** بۇ ئىدارىدە بوش ئورۇن بار.

**شَاغَلَ يُشَاغِلُ مُشَاغَلَةً:** (كۆڭلى) بۆلۈندى، (پىكرى) چېچىلدى؛ ئەنسىرىدى.

**شَاغَلَتِ الْأُمُّ طِفْلَهَا:** ئانا بالىسىنى بەزلىدى، پەپىلىدى.

**شَاغِلٌ ج شَوَاغِلُ:** بىئاراملىق، پەرىشانلىق، دىققەتچىلىك؛ ئالدىراش (ئىش).

**شَوَاغِلُ الْحَيَاةِ:** كۈندىلىك ئىشلار، ئادەتتىكى ئىشلار.

**شُغْلٌ شَاغِلٌ:** مۇھىم ئىش، زۆرۈر ۋەزىپە.

**وَجَدَهُ شَاغِلًا عَنْهُ فِي كَذَا:** ئەس-يادى مۇشۇنىڭدا بولدى.

**شَاغِلٌ ج شَوَاغِلُ:** ئالدىراش (ئادەم).

**شَاغُورٌ ج شَوَاغِرُ:** شارقىراتما.

**شَاغُولٌ:** يەلكەن بېغى.

**شَافَ يَشُوفُ شَوْفًا الْحَبْلَ:** ئارقاننى مايلىدى.

**شَافَهُ:** كۆردى، قارىدى؛ كۆرسەتتى.

**شَافَ الْبَخْتَ:** پال سالدى.

**شِيفَتِ الْجَارِيَةُ:** قىز ياساندۇرۇلدى.

**شَافِعٌ ج شَافِعُونَ:** شاپائەت قىلغۇچى، مۇرەسسە قىلغۇچى، ياراشتۇرغۇچى، ۋاستىچى؛ ئالدىن سېتىۋېلىش ھوقۇقىغا ئېرىشكۈچى.

**«فُلَانٌ يُعَادِينِي وَلَهُ شَافِعٌ»:** پالانى ماڭا ئۆچ، ماڭا ئۆچلۈك قىلىشتا ئۇنىڭ ياردەمچىسى بار.

**شَافِعِيٌّ:** شافىئىي مەزھىپىگە مەنسۇپ.

**شَافِعِيَّةٌ:** شافىئىي مەزھىپى، شافىئىي مەزھىپىگە تەۋە ئادەم.

**شَافٌ:** يېرىم سۈزۈك.

**شَافَهَ يُشَافِهُ مُشَافَهَةً:** يۈزمۇيۈز سۆزلەشتى.

**شَافَى يُشَافِي مُشَافَاةً فُلَانًا:** يۈز تۇرانە سۆزلەشتى.

**شَافٍ:** (شَافِي) شىپالىق، داۋا بولىدىغان؛ قەتئىي، كەسكىن.

**اَلدَّاءُ الشَّافِي:** شىپالىق دورا.

**اَلْجَوَابُ الشَّافِي:** كەسكىن جاۋاب.

**شَاقَ يَشُوقُ شَوْقًا وَ تَشْوَاقًا إِلَيْهِ:** سېغىندى، ياد ئەتتى.

**شَاقَ يَشِيقُ شَيْقًا الشَّيْءَ إِلَيْهِ:** باغلاپ قويدى.

**شَاقَ الْحَبْلَ إِلَى الْوَتَدِ:** ئارغامچىنى قوزۇققا چەگدى.

**شَاقَّ يُشَاقُّ شِقَاقًا وَ مُشَاقَّةً:** قارشىلاشتى، دۈشمەنلەشتى.

**﴿ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ شَاقُّوا اللهَ وَرَسُولَهُ﴾ «قرآن»:** بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىقتى.

**شَاقٌّ ج شَوَاقٌّ:** جاپالىق، قىيىن، كىشىنى ھارغۇزۇۋېتىدىغان، ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان.

**«إِنَّ طَرِيقَ الْعِلْمِ طَرِيقٌ شَاقٌّ»:** ئىلىم يولى جاپالىق بولىدۇ.

**أَشْغَالٌ شَاقَّةٌ:** ئېغىر ئەمگەك، قىيىن ئىش.

**شَاقِلٌ:** قەدىمكى يەھۇدىيلارنىڭ تەڭگە پۇلى؛ بابىللىقلارنىڭ بىر خىل ئېغىرلىق ئۆلچىمى.

**شَاقُوفٌ ج شَوَاقِيفُ:** بازغان.

**شَاقُولٌ ج شَوَاقِيلُ:** يەر ئۆلچەيدىغان تاياق؛ قۇرۇلۇشچىلار ئىشلىتىدىغان ئاسما قارا؛ ئۆلچىگۈچ؛ شەيتان.

**شَاقَى يُشَاقِي مُشَاقَاةً وَشِقَاءً الشَّيْءَ:** ئۇچراشتى، مۇلاقات بولدى.

**شَاكَ يَشُوكُ شَوْكًا الشَّجَرُ:** دەرەخ تىكەنلىك بولدى، تىكەن چىقاردى.

**شَاكَهُ:** ئۇنىڭغا تىكەن سانجىلىپ كەتتى؛ تىكەن كىردى، تىكەن سانجىلدى.

**شَاكَ فُلاَنٌ فُلاَناً:** پالانى پالانىنى سانجىۋالدى.

**شَاكِرٌ ج شَاكِرُونَ وَ شُكَّرٌ:** شۈكۈر قىلغۇچى، تەشەككۈر بىلدۈرگۈچى، رەھمەت ئېيتقۇچى.

**﴿وَمَنْ تَطَوَّعَ خَيْرًا فَإِنَّ اللهَ شَاكِرٌ عَلِيمٌ﴾ «قرآن»:** كىمكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىرەر ياخشىلىق قىلىدىكەن (ئاللاھ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ)، ئاللاھ ئەلۋەتتە شۈكۈرنىڭ مۇكاپاتىنى بەرگۈچىدۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

**آلشَّاكِرُ:** ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، شۈكۈر قىلغۇچىنى مۇكاپاتلىغۇچى، دېگەن مەنىدە.

**شَاكِرِيٌّ ج شَاكِرِيَّةٌ:** ياللانما، مەدىكار.

**شَاكِرِيَّةٌ:** ئىش ھەققى؛ خەنجەر.

**شَاكَسَ يُشَاكِسُ مُشَاكَسَةً:** جېدەللەشتى، جاڭجاللاشتى، ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى.

**شَاكَسَ الطِّفْلُ صَدِيْقَهُ:** بالا دوستىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى.

**شَاكٌّ ج شُكَّاكٌ م شَاكَّةٌ:** شەك كەلتۈرگۈچى، گۇمانلانغۇچى، شۈبھىلەنگۈچى.

**شَاكُّ السِّلاَحِ:** چىش-تىرنىقىغىچە قوراللانغۇچى، تولۇق قوراللانغان.

**شَاكَّةٌ ج شَوَاكُّ:** گال ئىششىقى، بوغۇز ئىششىقى.

**شَاكَلَ يُشَاكِلُ مُشَاكَلَةً:** ئوخشىدى، ئوخشاپ كەتتى.

**وَمَا شَاكَلَ ذَالِكَ:** شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر، ئەنە شۇنداق نەرسىلەر، ۋەھاكازا.

**شَاكَلَهُ:** مۇخالىپەتچىلىك قىلدى، زىددىيەتلەشتى.

**«أَنْتَ لَا تُشَاكِلُ أَبَاكَ فِي فَضْلِهِ وَعِلْمِهِ»:** سەن پەزىلەتتە ۋە ئىلىمدە ئاتاڭغا ئوخشىمايدىكەنسەن.

**شَاكِلَةٌ ج شَوَاكِلُ:** بېقىن، يان؛ خاراكتېر، تەبىئەت؛ ھاجەت.

**عَلَى شَاكِلَتِهِ:** ئۆز ئۇسۇلى بىلەن، ئۇنىڭ خاراكتېرى بويىچە.

**«قُلْ كُلٌّ يَعْمَلُ عَلَى شَاكِلَتِهِ»:** ھەر ئادەم (ھىدايەت ۋە گۇمراھلىقتا) ئۆز يولى بويىچە ئىش قىلىدۇ.

**إِمْرَأَةٌ شَاكِلَةٌ:** غىلجىڭ ئايال.

**أَصَابَ شَاكِلَةَ الصَّوَابِ:** ماھىيىتىگە يەتتى.

**شَاكَهَ يُشَاكِهُ مُشَاكَهَةً:** ئوخشاپ كەتتى.

**شَاكُوسٌ ج شَوَاكِسُ:** بولقا.

**شَاكَى يُشَاكِي مُشَاكَةً:** شىكايەت قىلدى، دادلىدى.

**شَاكٍ:** شىكايەت قىلغۇچى، ئەرز قىلغۇچى، دادلىغۇچى.

**رَجُلٌ شَاكِي السِّلاَحِ:** تولۇق قوراللانغان كىشى، چىش-تىرنىقىغىچە قوراللانغان كىشى.

**شَالَ يَشُولُ شَوْلًا الشَّيْءَ:** كۆتۈردى، ئېگىزلەتتى.

**شَالَ الْمِيْزَانُ:** جىڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

**شَالَتْ نُعَامَتُهُ:** ئۆلدى، ھالاك بولدى؛ يېڭىلدى، يەڭگىللىدى.

**شَالَتْ نُعَامَتُهُمْ:** ئۇلار پارچىلىنىپ كەتتى.

**شَالَ يَشِيْلُ شَيْلاً الشَّيْءَ:** كۆتۈردى.

**شَالَ بِـ:** تاللىدى، ئېلىپ كەلدى؛ تېپىۋالدى؛ ئېلىۋالدى؛ يۆتكىدى؛ ئويىندى، ئويناشتى.

**شَالٌ ج شِيْلاَنٌ و شَالاَتٌ:** شارپا، رومال، ياغلىق.

**شَالِمٌ:** قارا بۇغداي؛ قوش تىرناق؛ تىرناق ( ).

**شَالُونٌ:** ئايالچە كۆڭلەك.

**شَالِيَةٌ ج شَالِيَاتٌ و شَوَالِيٌّ:** بوتۇلكا، شېشە؛ لوڭقا؛

تەشتەك.

شَامَ يَشِيمُ شَيْمًا الشَّيْءَ: باھالىدى، مۆلچەرلىدى.

اَلشَّامُ: سۇرىيە.

اَلشَّامُ الْكَبِيْرَةُ: دەمەشق.

شَامْبُو: چاچ سوپۇنى.

شَامِتٌ ج شُمَّاتٌ م شَامِتَةٌ ج شَوَامِتُ: ئىچى يامان، كۆڭلى قارا، نىيىتى بۇزۇق.

بَاتَ بِلَيْلَةِ الشَّوَامِتِ: قورقۇنچلۇق كېچىنى ئۆتكۈزدى.

شَامَةُ الْخَدِّ ج شَامٌ وَ شَامَاتٌ: مەڭ، خال.

شَامِخٌ ج شُمَّخٌ م شَامِخَةٌ ج شَامِخَاتٌ و شَوَامِخُ: ئېگىز؛ يۈكسەك.

رَجُلٌ شَامِخٌ: تەكەببۇر، ھاكاۋۇر، ھالى چوڭ.

جَبَلٌ شَامِخٌ: ئېگىز تاغ.

جِبَالٌ شَوَامِخُ: ئېگىز ۋە تىك كەتكەن تاغلار.

نَسَبٌ شَامِخٌ: ئېسىل نەسەب.

﴿وَجَعَلْنَا فِيهَا رَوَاسِيَ شَامِخَاتٍ﴾ «قۇرئان»: بىز زېمىنغا ئېگىز تاغلارنى ئورناتتۇق.

شَامِدٌ ج شُمَّدٌ وَ شَوَامِدُ: چايان.

شَامَسَ يُشَامِسُ مُشَامَسَةً: دۈشمەنلەشتى، ئۆچەكەشتى.

شَامِسٌ ج شَوَامِسُ: جاھىل، تەرسا؛ ئاپتاپ، ئاپتاپلىق.

شَامِلٌ: ئومۇمىي، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى.

«اِنْطَلَقْنَا كُلُّنَا لِلتَّنْظِيفِ الشَّامِلِ»: ھەممىمىز ئومۇمىيۈزلۈك تازىلىق قىلىشقا ئاتلاندۇق.

شَامَّةٌ: پۇراش، پۇراش سېزىمى، پۇراش ئەزاسى.

شَانَ يَشِينُ شَيْنًا: سەتلەشتۈردى، ئەيىبلىدى، مالامەت قىلدى.

شَانِئٌ ج شُنَّاءٌ م شَانِئَةٌ ج شَوَانٍ: نەپرەتلەنگۈچى، يىرگەنگۈچى، ئاداۋەت ساقلىغۇچى، ئۆچ كۆرگۈچى، يامان كۆرگۈچى.

﴿إِنَّ شَانِئَكَ هُوَ الْأَبْتَرُ﴾ «قۇرئان»: ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام-نىشانى قالمايدۇ.

شَانِبٌ م شَانِبَةٌ: چىشى سەدەپتەك ئاپئاق ئادەم.

شَانِطَةٌ ج شُنَّطٌ وَ شَنْطَاتٌ: سومكا، خالتا، قاپ، سەپەر خالتىسى.

شَانِفٌ: ھاكاۋۇر.

شَانَّةٌ ج شَوَانٌّ: ساي، ئېقىن.

شَاهَ يَشُوهُ شَوْهًا وَ شَوْهَةً الْوَجْهُ: يۈزى سەت، كۆرۈمسىز بولدى.

شَاهَ يَشِيهُ شَيْهًا: كۆز تەگدى.

شَاهْبَلُوط: كاشتان، كاشتان ياڭىقى.

شَاهْبَنْدَرْ: شەھەر باشلىقى.

شَاهِدُ إِثْبَاتٍ: دەۋاگەر ئۈچۈن گۇۋاھ بولغۇچى.

شَاهِدُ نَفْيٍ: جاۋابكار ئۈچۈن گۇۋاھ بولغۇچى.

شَاهَدَ يُشَاهِدُ مُشَاهَدَةً الشَّيْءَ: نەرسىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.

شَاهِدٌ ج شُهُودٌ وَ شُهَّادٌ: گۇۋاھ، شاھىت، گۇۋاھلىق بەرگۈچى؛ نەقىل ئالماق؛ تىل؛ پەرىشتە.

شَاهِدُ عَدْلٍ: ئادىل گۇۋاھچى.

شَاهِدُ عَيْنٍ: نەق مەيدان گۇۋاھچىسى.

﴿أَفَمَنْ كَانَ عَلَى بَيِّنَةٍ مِنْ رَبِّهِ وَيَتْلُوهُ شَاهِدٌ مِنْهُ﴾ «قۇرئان»: پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن روشەن دەلىلگە ئاساسلانغان ئادەم (ھاياتىي دۇنيانى كۆزلەيدىغان كىشىلەر بىلەن ئوخشاشمۇ؟). ئۇنىڭغا ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن گۇۋاھلىق بەرگۈچى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىدۇ.

شَاهِدُ زُورٍ: يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈچى.

صَلَاةُ الشَّاهِدِ: شام نامىزى.

شَاهِدَةٌ ج شَوَاهِدُ وَ شَاهِدَاتٌ: قەبرە تېشى؛ كۆچۈرۈلگەن نۇسخا، كوپىيە؛ بېگىز قول.

وَرَقُ الشَّاهِدَةِ: قارا قەغەز.

اَلشَّاهِدَةُ: يەر شارى؛ كوپىيە دەپتەر، ئورىگىنال.

شَاهَرَ يُشَاهِرُ مُشَاهَرَةً: ئايلىق ئىجارىگە ئالدى.

شَاهِقٌ: ئېگىز، ئالىي، يۈكسەك.

جَبَلٌ شَاهِقٌ: ئېگىز تاغ.

شَاهِقَةٌ ج شَوَاهِقُ: ئېگىز بىنا، ئېگىز ئىمارەت.

جِبَالٌ شَوَاهِق: ئېگىز ۋە تىك كەلگەن تاغلار.

شَاهَلَ يُشَاهِلُ مُشَاهَلَةً: تىللاشتى، جېدەللەشتى.

شَاهَى يُشَاهِي مُشَاهَةً: ئوخشاپ قالدى، ئوخشىشىپ كەتتى.

شَاهِيْنٌ ج شَوَاهِيْنُ وَ شَيَاهِيْنُ: سار (قۇش)؛ جىنگىنىڭ چوكىسى.

شَاوَرَ يُشَاوِرُ مُشَاوَرَةً فِي الْأَمْرِ: مەسلىھەتلەشتى، مەسلىھەت سورىدى.

شَاوَرَ نَفْسَهُ: ئۆز ئۆزى بىلەن سۆزلەشتى، ئويلاشتى.

وَشَاوِرْهُمْ فِي الْأَمْرِ ‹قرآن›: ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن.

شَاوَسَ يُشَاوِسُ مُشَاوَسَةً الْمَاءُ: سۇ ئاران كۆرۈندى، ۋىل-ۋىل كۆرۈندى.

شَاوَلَ يُشَاوِلُ مُشَاوَلَةً الشَّيْءَ: كۆتۈردى.

شَاوَلَ فُلَانٌ قِرْنَهُ: رەقىبىنى ئېلىشىشقا چاقىردى.

شَاوَلَ بِهِ: چەتكە قاقتى، سىقىپ چىقاردى.

شَاوِيْشٌ: ئوفىتسېر.

شَايٌ: چاي؛ چاي دەرىخى.

شَايٌ أَحْمَرُ: پەمىل چاي.

شَايٌ أَخْضَرُ: كۆك چاي.

حَفْلَةُ شَاي: چاي سۆھبەت يىغىنى.

مِلْعَقَةُ شَاي: چاي قوشۇقى.

شَايَحَ يُشَايِحُ مُشَايَحَةً: ئۇرۇشتى، كۈرەش قىلدى.

شَايَحَ فِي الْأَمْرِ: تىرىشتى.

شَايَصَ يُشَايِصُ مُشَايَصَةً: مىجەزى ئوساللاشتى.

شَايَصَ فُلَانًا: دەۋالاشتى.

شَايَعَ يُشَايِعُ مُشَايَعَةً: ھىمايە قىلدى، ئالقىشلىدى، قۇۋۋەتلىدى.

شَايِفٌ: قارىغۇچى، كۆرگۈچى.

شَائِبٌ: ئارىلاشقان.

شَائِبٌ ج شُيَّابٌ وَ شُيَّبٌ: ئاق چاچلىق بوۋاي.

«لَا تَزَالُ كَمَا كُنْتَ، أَمَّا أَنَا فَصِرْتُ شَائِبًا»: سەن يەنىلا بۇرۇنقىدەك تۇرۇپسەن، مەن بولسام چاچباش بولۇپ كەتتىم.

شَائِبَةٌ ج شَوَائِبُ: ئاق چاچ موماي؛ ئەيىب، نۇقسان، ئىللەت؛ كىر.

«لَيْسَ فِي مَاءِ الْمَطَرِ شَائِبَةٌ مِنْ تُرَابٍ»: يامغۇر سۈيىدە دۇغ يوق.

بَرِيءٌ مِنَ الشَّوَائِبِ: نۇقسانسىز ئادەم.

شَائِحٌ: كۈنلەمچى، قورۇغۇچى، ئېھتىياتچان.

شَائِعٌ: تارالغان؛ ئورتاق.

عَلَى الشَّائِعِ: بىللە، بىرلىكتە.

«لَكَ فِي هَذِهِ الدَّارِ سَهْمٌ شَائِعٌ»: بۇ قورۇدا سېنىڭمۇ بىر كىشىلىك ھەسسەڭ بار.

اَلشَّائِعُ أَنَّ ...: ئەپقاچتى گەپلەرگە قارىغاندا.

مِلْكٌ شَائِعٌ: تەڭ پايدىلىنىش ھوقۇقى، ئورتاق پايدىلىنىش ھوقۇقى.

شَائِعَةٌ ج شَوَائِعَاتٌ وَ شَوَائِعُ: ئۆسەك سۆز، پىتنە-ئىغۋا.

شَائِفٌ: قارىغۇچى، كۆرگۈچى.

شَائِقٌ: ئىشتىياق باغلىغۇچى، ئارزۇ قىلغۇچى.

كَلَامُكَ شَائِقٌ: سېنىڭ سۆزۈڭ يېقىملىق.

شَائِكٌ ج شَاكَةٌ: تىكەنلىك، تىكىنى بار.

سِلْكٌ شَائِكٌ: سىم توسۇق، سىم تور.

«جِسْمُ هَذَا الْحَيَوَانِ شَائِكٌ»: بۇ ھايۋاننىڭ بەدىنى تىكەنلىك.

مَسْئَلَةٌ شَائِكَةٌ: مۇرەككەپ مەسىلە، چىگىش مەسىلە.

شَائِلٌ ج شُوَّلٌ وَ شُوَّالٌ مِنْ نَاقَةٍ: كۆيلىگەن چىشى تۆگە.

شَائِلَةٌ ج شَوَائِلُ: بوغاز بولغىنىغا يەتتە ئاي بولغان تۆگە.

شَائِمٌ: بەختسىزلىك ئېلىپ كەلگۈچى.

شَائِنٌ: نومۇسسىز، هاياسىز.

شَائِةٌ ج شُوَّةٌ: مېيىپ، مەجرۇھ، غەيرىي تەبىئىي.

شُؤْبُوبٌ ج شَآبِيبٌ: ئۆتكۈنچى يامغۇر؛ كۈچنىڭ قاتتىق ئىسسىقلىقى؛ گىرۋەك.

صَبَّ اللهُ شَآبِيبَ الرَّحْمَةِ: ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمىتىنى ياغدۇرسۇن.

شُؤْبُوبٌ مِنَ الْفَرَسِ: ئۇچار ئات، يۈگۈرۈك ئات، دۇلدۇل.

هُوَ حَسَنُ شَآبِيبِ الْوَجْهِ: چىرايى گۈزەل، گۈزەل چىرايى.

شَئِزَ يَشْأَزُ شَأْزًا وَ شِئْزَةً وَ شَوَازًا الْمَكَانُ: جاي ئېگىز ۋە قاتتىق بولدى.

شَئِزَ فُلَانٌ: پالانى ئەنسىرىدى.

شَأْزَةٌ: بىر قېتىم قايغۇرماق.

خَيْلٌ شَأْزَةٌ: سېمىز ئات.

شَئِسَ يَشْأَسُ شَأْسًا الشَّيْءُ: قاتتىق بولدى.

شَئِسَ الرَّجُلُ: كىشى ئەنسىرىدى، خاتىرجەمسىزلەندى.

شَأْشَأَ يُشَأْشِأُ شَأْشَأَةً الرَّاعِي الْغَنَمَ: پادىچى قوينى هۇشت، دەپ هەيدىدى.

شَأْشَأَتِ النَّخْلَةُ: ئۇلانغان خورما تۆتمىدى.

شَأْشَأَ الْقَوْمُ: قوۋم تارقىلىپ كەتتى.

شَأْشَأَ أَمْرُهُمْ: ئۇلارنىڭ ئىشى ئاشكارا بولدى.

شَئِفَ يَشْأَفُ شَأْفًا رِجْلُهُ: پۇتىغا چاقا چىقىپ قالدى.

شَئِفَ أَصَابِعُهُ: قولىنىڭ تىرناق ئەتراپلىرى يىرىلىپ كەتتى.

شَأْفَةٌ ج شَأْفَاتٌ: كۆيدۈرگە كېسىلى؛ ئاداۋەت، دۈشمەنلىك، يىلتىز، ئاساس، ئېگىز.

اِسْتَأْصَلَ شَأْفَتَهُ: تۈپ يىلتىزىدىن يوقاتتى.

بَيْنَهُمْ شَأْفَةٌ: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار.

رَجُلٌ شَأْفَةٌ: كۈچتۈڭگۈر ئادەم، يېڭىلمەس ئادەم.

شَأَمَ يَشْأَمُ شَأْمًا قَوْمَهُ أَوْ عَلَى قَوْمِهِ: قوۋمىغا شۇملۇق ئېلىپ كەلدى، قوۋمىغا بەختسىزلىك ئېلىپ كەلدى.

شَئِمَ الشَّخْصُ: ئۇنىڭغا شۇملۇق يەتتى، بەختسىزلىك كەلدى.

شُؤْمٌ: شۇم، شۇملۇق، يامان، يامانلىق، بەختسىزلىك.

لَا تَجْلِبِ الشُّؤْمَ لِأُسْرَتِكَ: ئائىلەڭنى بەختسىز قىلىپ قويما.

شَأْمَةٌ: يامانلىق ئالامىتى، شۇملۇق بېشارىتى.

شُؤْمِيٌّ: بەختسىزلىك، پالاكەتچىلىك، نەسلىك.

اَلْيَدُ الشُّؤْمَى: سول قول.

شَأَنَ يَشْأَنُ شَأْنًا الشَّخْصُ: مەرتىۋىلىك بولدى.

شَأْنٌ ج شُؤُونٌ وَ شِيَانٌ وَ أَشْؤُنٌ: ئىش، هال، هاجەت، ئەھۋال، مۇناسىۋەت، ئالاقە، جاي، ئورۇن، يەر؛ مۇھىم، مۇھىملىق.

فِي هَذَا الشَّأْنِ: بۇ جەھەتتە، بۇ ھەقتە.

﴿لِكُلِّ امْرِئٍ مِنْهُمْ يَوْمَئِذٍ شَأْنٌ يُغْنِيهِ﴾ «قرآن»: ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا (شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ.

«رَجَعَ ظَافِرًا كَمَا هُوَ شَأْنُهُ»: بۇرۇنقىدەك غالىبانە قايتتى.

«رَجُلٌ ذُو شَأْنٍ»: ئابرۇيلۇق ئادەم، مەرتىۋىلىك ئادەم.

هَذَا شَأْنٌ عَظِيمٌ: بۇ ئۇلۇغ ئىشتۇر.

أَصْحَابُ الشَّأْنِ: ئىش ئۈستىدىكىلەر.

أَصْلَحَتِ الْمَرْأَةُ مِنْ شَأْنِهَا: ئايال ئۆزىنى پەدازلىدى، گىرىم قىلدى.

أَمْرٌ خَطِيْرُ الشَّأْنِ: مۇھىم ئىش، چوڭ ئىش.

﴿فَإِذَا اسْتَأْذَنُوكَ لِبَعْضِ شَأْنِهِمْ فَأْذَنْ لِمَنْ شِئْتَ مِنْهُمْ﴾ ‹قرآن›: بەزى شەخسىي ئىش ئۈچۈن ئۇلاردىن ئىجازەت سورىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سەن خالىغان ئادەمگە ئىجازەت بەرگىن.

أَنْتَ وَشَأْنُكَ: خالىغىنىڭنى قىل.

إِنَّ لِهَذَا الرَّجُلِ شَأْنًا: ئۇ مۇھىم ئادەم.

دَعْنِي وَشَأْنِي: ئۆز ھالىمغا قوي.

«شَأْنُهُ فِي ذَالِكَ شَأْنُ كَذَا»: ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەھۋالى پوكۇنىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ.

قَالَ جَلَّ شَأْنُهُ: ئۇلۇغ ئاللاھ دېدى، ئۇلۇغ ئاللاھ ئېيتتى.

مَا شَأْنُكَ وَهَذَا: بۇ ئىش ساڭا مۇناسىۋەتسىز.

هَذَا شَأْنُهُ دَائِمًا: بۇنىڭ ئادىتى ھەمىشە شۇنداق.

وَالشَّأْنُ أَنَّ ...: ... ئىش، مەسىلە شۇ يەردىكى...

لاشَأْنَ لَهُ بِالْجَرِيْمَةِ: ئۇنىڭ بۇ جىنايەتكە چېتىشلىقى يوق.

أُولُوا الشَّأْنِ: ئالاقىدار كىشىلەر.

كَمَا هُوَ الشَّأْنُ فِي ...: خۇددى ...، دەك، گويا...، ...غا ئوخشاش.

رَفِيْعُ الشَّأْنِ: مەرتىۋىلىك.

لِيْ مَعَهُ شَأْنٌ آخَرُ: توختاپ تۇر، ئارىمىزدىكى ھېساب تۈگىمىدى.

مَا شَأْنُكَ ؟: ھالىڭ قانداق؟ نېمە بولدۇڭ؟ نېمە ئىش؟

بِشَأْنِ كَذَا: ... توغرىسىدا، ... توغرۇلۇق، ... ھەققىدە.

صَاحِبُ الشَّأْنِ: دەۋالاشقۇچى، بىۋاسىتە ئالاقىدار كىشى، شاھىت.

ذُو شَأْنٍ هَامٍّ: مۇھىم، ئەھمىيەتلىك.

قَائِمٌ بِشُؤُونِ عَائِلَتِهِ: ئۇ ئائىلە ئىشلىرى بىلەن بولۇۋاتىدۇ.

اَلشُّؤُونُ الإِجْتِمَاعِيَّةُ: ئىجتىمائىي ئىشلار.

وِزَارَةُ الشُّؤُونِ الإِجْتِمَاعِيَّةِ: خەلق ئىشلار مىنىستىرلىقى.

شُؤُونِ الطَّلَبَةِ (إِدَارَةُ): ئوقۇغۇچىلار ئىشلىرى باشقارمىسى.

إِدَارَةُ شُؤُونِ الْعَامِلِيْنَ أَوِ الْمُوَظَّفِيْنَ: ئىشچى-خىزمەتچىلەر باشقارمىسى.

«لله فِيْ خَلْقِهِ شُؤُونٌ»: ئاللاھتائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىغا ئائىت ئاجايىپ ئىشلىرى بار (ئاجايىپ ئىشلار ياكى تاسادىپىي ئىشلار يۈز بەرگەن چاغدا ئېيتىلىدىغان سۆز).

شَأْوٌ: مەقسەت، غايە، مۇددىئا، ئىرادە، ئىنتىلىش؛ زەمبىل، سېۋەت؛ ھىممىتى چوڭ.

فُلانٌ بَعِيْدُ الشَّأْوَى: پالانى ئىرادىلىك.

جَرَى الْفَرَسُ شَأْوًا أَوْ شَأْوَيْنِ: ئات بىر مەيدان ياكى ئىككى مەيدان چاپتى.

شَأَى يَشْئُو شَأْوًا: ئۆتۈپ كەتتى، ھالقىپ كەتتى، بېسىپ چۈشتى.

شَأَيَ يَشْئِيُ شَأْيًا الْقَوْمَ: ئۆتۈپ كەتتى، ھالقىپ كەتتى، بېسىپ چۈشتى.

شَأَيَهُ الشَّيْءُ: ئەجەبلەندۈردى، قىزىقتۇردى.

شَبَا يَشْبُو شَبْوًا الشَّيْءُ: قەد كۆتۈرۈپ تۇردى.

شَبَّتِ النَّارَ: ئوت ياقتى.

شَبَا الْفَرَسُ: ئات ئىككى پۇتى بىلەن ئۆرە تۇردى.

شَبَا وَجْهُهُ: چىرايى يورۇپ كەتتى.

شَبَا: لەش؛ سوغۇق.

شَبَا الأَسِنَّةِ: نەيزىنىڭ ئۇچى.

شَبَاَبٌ ج شَبَائِبُ: ياش يىگىت؛ ياشلىق مەزگىل،

ياشلىق باھارى.

جِئْتُكَ فِي شَبَابِ النَّهَارِ: مەن قېشىڭىزغا سەھەردىلا كەلگەنىدىم.

«مَاتَ فِي رَيْعَانِ شَبَابِهِ»: ياپياش تۇرۇپلا ئۆلۈپ كەتتى، ياش چېغىدا تۈگەپ كەتتى.

«قَدِمَ فِي شَبَابِ الشَّهْرِ»: ئاينىڭ ئالدىنقى كۈنلىرىدە كەلدى.

شَبَابِيٌّ: ياشلىق.

«رَغْمَ كِبَرِ سِنِّهِ فَهُوَ حَرِيْصٌ الْإِرْتِدَاءِ مَلَابِسَ الشَّبَابِيَّةِ»: ئۇ يېشىنىڭ چوڭىيىپ قالغانلىقىغا قارىماي ياشلارنىڭ كىيىمىنى كىيىشكە ئامراق.

شِبَاتٌ ج شَبًا وَ شَبَوَاتٌ: ئۈچ، ئۇچى.

شِبَاتٌ ج شَبَابِيْتُ: كانارا، چەپراس، قاسساپنىڭ گۆش ئاسىدىغان قارمىقى.

شَبَاةُ السَّيْفِ: قىلىچنىڭ بىسى.

شَبَاةُ الْعَقْرَبِ: چايانىنىڭ نەشتىرى.

شَبَارِيْقُ: تىتىلىپ كەتكەن، يىرتىلىپ كەتكەن.

ثَوْبٌ شَبَارِيْقُ: يىرتىق كىيىم.

لَحْمٌ شَبَارِيْقُ: خىلمۇخىل پىشۇرۇلغان گۆش.

شُبَاطٌ: مىلادىيە كالېندارى بويىچە 2- ئاي (فېۋرال).

شِبَامٌ ج شُبُمٌ: ھايۋانلارنىڭ ئېغىزىغا سېلىپ قويىدىغان تور، كۈشۈك؛ چۈمپەردىنىڭ بوغقۇچى.

شَبَّ يَشِبُّ شِبَابًا وَ شُبُوبًا وَ شَبِيْبًا الْفَرَسُ: خۇشاللىقتىن سەكرىدى، ياپراپ كەتتى.

شَبَّ الشَّيْءُ: نەرسە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

شَبَّ يَشُبُّ شَبًّا وَ شُبُوبًا النَّارُ: ئوت ياندى، يالقۇنلىدى.

شَبَّتِ الْمَعْرَكَةُ: جەڭ قىزىپ كەتتى.

شَبَّ يَشُبُّ شَبًّا الْخِمَارُ وَجْهَ الْفَتَاةِ: رومال قىزنىڭ چىرايىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋەتتى.

شَبَّ يَشِبُّ شَبَابًا وَ شَبِيْبَةً الْغُلَامُ: يىگىت بولدى، يىگىتلىك دەۋرىگە ماڭدى.

شَبَّ عَلَى الطَّوقِ: ئۆستى، چوڭايدى، بالىلىق مەزگىللىرى ئۆتۈپ كەتتى.

شَبَّ الرَّجُلُ النَّارَ: كىشى ئوت ياقتى.

شَبَّ عَنْ طَوْقِ الْحَصْرِ: چېگرا سىزىقىدىن ھالقىپ كەتتى.

شَبَّتْ نِيْرَانُ الْحَرْبِ: ئۇرۇش ئوتى ياندى.

شَبَّ الْحِصَانُ: ئات تەپتى.

«مَنْ شَبَّ عَلَى شَيْءٍ شَابَ عَلَيْهِ»: كىشىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى يۈرۈش-تۇرۇشى قانداق بولسا، چوڭ بولغاندىمۇ شۇنداق بولىدۇ، قان بىلەن كىرگەن خۇي، جان بىلەن چىقىدۇ.

شَبٌّ - شَبَّةٌ: زەمچە، سۇمۇق.

شَبٌّ يَمَانِيٌّ: تۆمۈر؛ سۇلفات.

شَبَّابَةٌ: قومۇش نەي.

شِبَّاتٌ ج شَبَابِيْتُ: ئىلمەك، قارماق، ئىلگەك.

شُبَّاكٌ ج شَبَابِيْكُ: دېرىزە، پەنجىرە، كۆزنەك.

شُبَّاكُ التَّذَاكِرِ: بېلەت سېتىش ئورنى، بېلەت سېتىش كۆزنىكى.

«وَقَفَتِ الْفَتَاةُ تَنْظُرُ مِنْ خَلْفِ الشُّبَّاكِ»: قىز پەنجىرىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ قاراۋاتىدۇ.

شُبَّاكُ التَّسْجِيْلِ: نومۇر ئېلىش ئورنى.

شُبَّاكُ الْإِسْتِعْلَامَاتِ: سۈرۈشتۈرۈش ئورنى، ئىش سوراش ئورنى.

شُبَّاكُ الْبَرْقِيَّاتِ: تېلېگرامما سېلىش ئورنى.

شُبَّاكُ الْحَوَالَاتِ الْمَالِيَّةِ: پۇل سېلىش ئورنى.

شُبَّاكُ الرَّسَائِلِ الْمُسَجَّلَةِ: زاكاس خەت سېلىش ئورنى.

شُبَّاكُ الطُّرُودِ الْبَرِيْدِيَّةِ: پوسۇلكا سېلىش ئورنى.

شُبَّاكُ الطَّوَابِعِ: ماركا سېتىش ئورنى.

شُبَّاكُ الْمُرَاقَبَةِ: كۆزىتىش كۆزنىكى.

شُبَّاكٌ فِي سَقْفٍ مَائِلٍ: تۈڭلۈك.

«هَذَا شُبَّاكٌ تَدْخُلُ مِنْهُ الشَّمْسُ وَالْهَوَاءُ»: بۇ دېرىزىدىن ئاپتاپ (كۈن نۇرى) چۈشۈپ ۋە هاۋا كىرىپ تۇرىدۇ.

شَبَّبَ يُشَبِّبُ تَشْبِيبًا بِفُلَانَةٍ: پالانىنى ماختىدى، مەدھىيىلىدى.

شَبَّبَ الشَّاعِرُ: شائىر ياشلىق باھارىنى ئەسلىدى.

شَبَّةٌ ج شَبَائِبُ: ئاچا - سىڭىل.

شَبَّةُ النَّارِ: ئوت يالقۇنى.

شِبَّةٌ: قارا كۆز؛ بەدىيان.

شَبَثٌ ج أَشْبَاثٌ و شِبِثَانٌ: زەھەرلىك ئۆمۈچۈك.

شَبَّحَ يُشَبِّحُ تَشْبِيحًا الْمُتَكَلِّمُ: سۆزلىگۈچى قول ئىشارىتى قىلدى.

شَبَّحَ الشَّيْءَ: كېڭەيتتى، يايدى.

شَبَّحَ فِي السُّؤَالِ: سوئالدا قاتتىق تەلەپ قويدى، تەكرار سورىدى.

شَبْرَغٌ ج شَبَارِغُ: چايان، سېرىقئېشەك.

شَبَّرَ يُشَبِّرُ تَشْبِيرًا الثَّوْبَ: رەختنى ئۆلچەتتى.

أَشْبَرَ يُشْبِرُ شَبْرًا الشَّيْءَ: ئۆلچىدى، غېرىچلىدى.

شَبَّطٌ: كاراپ بېلىقى، سازان بېلىقى.

شَبَّعَ يُشَبِّعُ تَشْبِيعًا: تويغۇزۇۋەتتى، تويۇندۇردى.

شَبَّعَهُ ضَرْبًا: قاتتىق ئۇردى.

شَبَّعَ الْمَوْضُوعَ دَرْسًا وَ تَمْحِيصًا: مەسىلىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلدى، مۇھاكىمە قىلدى.

شَبَّكَ يُشَبِّكُ تَشْبِيكًا الْأَشْيَاءَ: نەرسىلەرنى كىرىشتۈردى، ئارىلاشتۇردى.

«شَبَّكَ بَيْنَ أَصَابِعِهِ»: بارماقلىرىنى كىرىشتۈردى، گىرەلەشتۈردى.

شَبَّهَ يُشَبِّهُ تَشْبِيهًا بِهِ: ئوخشاتتى، تەمسىل قىلدى، سېلىشتۇردى، تەڭلەشتۈردى.

شَبَّهَ الْفَتَاةَ بِالْبَدْرِ: قىزنى تولۇن ئايغا ئوخشاتتى.

شُبِّهَ عَلَيْهِ الْأَمْرُ: ئارىلىشىپ كەتتى، مۈجمەل بولۇپ قالدى.

شُبُّوثٌ ج شَبَابِيثُ: ئىلمەك، قارماق، ئىلگەك.

شَبُّورٌ ج شَبَابِيرُ وَ شَبُّورَاتٌ: بۇرغا، كاناي، گۈدۈك.

شَبُّورَةٌ: كاناي.

شُبُّوطٌ: كاراپ بېلىقى، سازان بېلىقى.

شَبَثٌ: قارا كۆز؛ بەدىيان.

شَبِثَ يَشْبَثُ شَبَثًا بِكَذَا: يۆلەندى، تاياندى، بېقىندى، تەۋە بولدى، يېپىشتى؛ جايلاشتى، ئورىدى، يۆگىدى.

شَبَثٌ ج أَشْبَاثٌ وَ شِبْثَانٌ: زەھەرلىك ئۆمۈچۈك.

رَجُلٌ شَبِثٌ: تەرسا ئادەم.

أَبُو شَبَثٍ: زەھەرلىك ئۆمۈچۈك.

شَبَحَ يَشْبَحُ شَبْحًا الشَّيْءَ: نەرسىنى كەردى، سوزدى، سوزۇپ ئاچتى؛ كېڭەيدى، يېيىلدى.

شَبَحَ الْعُودَ: ياغاچنى يونىدى.

شَبَحٌ ج أَشْبَاحٌ وَ شُبُوحٌ: سايە، كۆلەڭگە، ئادەمنىڭ شەكلى؛ خىيال؛ دەرۋازا؛ خىيالىي مەنزىرە، ئوبراز، سۈرەت.

أَشْبَاحٌ بِلَا أَرْوَاحٍ: ياداڭغۇ؛ دۆت، ئەقىلسىز.

شَبَحُ الْحَرْبِ: ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشى.

شَبَحُ الْمَوْتِ: ھالاكەتنىڭ باشلىنىشى.

شَبْحَانٌ: ئۇزۇن؛ ئېگىز.

شَبْحَةٌ: كىشەن؛ بىر تال-بىر تال، بىر قېتىملىق ئۇرۇش.

نَزَعَ سَقْفَ بَيْتِي شَبْحَةً شَبْحَةً: ئۆيۈمنىڭ ئۈستىنى بىر-بىرلەپ ئېچىۋەتتى.

شَبْحِيَّةٌ: دۇربۇننىڭ كۆزى.

شِبْدَعٌ . شِبْدَعَةٌ ج شَبَادِعُ: چايان، سېرىقئېشەك، گېزەندە.

شَبَرَ يَشْبُرُ شَبْرًا الثَّوْبَ: رەختنى غېرىچلىدى،

ئۆلچىدى.

شَبْرٌ: ئۆلچەم؛ تۇرمۇش قۇرماق؛ ئۆمۈر؛ ئايالنىڭ مەھرى، تويلۇق.

شِبْرٌ ج أَشْبَارٌ: غېرىچ؛ بىر ئۆمۈر، ئۆمۈرۋايەت، ئۆمۈر بويى.

«شِبْرًا بِشِبْرٍ وَ ذِرَاعًا بِذِرَاعٍ»: ھەممە ئىش-ھەرىكىتىدە دورىدى، ئەگەشتى.

«شِبْرٌ مِنَ الأَرْضِ»: بىر غېرىچ يەر.

«دَافَعُوا عَنْ أَرْضِهِمْ شِبْرًا شِبْرًا»: زېمىنىنى بىر غېرىچمۇ بەرمەي قوغدىدى.

شَبْرٌ . شِبْرَةٌ: سوۋغا، ھەدىيە؛ بايلىق.

شَبْرَةٌ: بوي، قامەت.

شَبْرَقَ يُشَبْرِقُ شَبْرَقَةً: يىرتىۋەتتى؛ يىرتىلىپ كەتتى.

شَبْرَقَ اللَّحْمَ: گۆشنى پارچىلىدى.

شَبْرَقَ عَيْنَيْهِ: كۆزىنى قۇيۇۋەتتى.

شَبْرَقَةٌ ج شَبَارِقُ: پارچە پۇل، پارچە راسخوت پۇلى.

فَطِيْرُ الشَّبَارِقِ: گۆشنان، قىيمىلىق نان.

شَبْشَبَ يُشَبْشِبُ شَبْشَبَةً: ئاياغ بىلەن ئۇردى.

شِبْشِبٌ ج شَبَاشِبُ: تەرەت كەشى، باسماق كەش، ساپما كەش.

شَبَصٌ: شاخلارنىڭ گىرەلىشىپ كېتىشى، چىرمىشىپ كېتىشى.

شَبَطَ يَشْبُطُ شَبْطًا فِيْهِ: چىڭ تۇردى، كاجلىق قىلدى؛ تەرسالىق.

شَبِعَ يَشْبَعُ شَبَعًا وَ شَبْعًا وَشِبَعًا مِنَ الطَّعَامِ: تويدى، تويۇندى.

شَبِعَ الْجِسْمُ: سەمرىدى، بەدەن تولدى.

شَبِعَ ضَحِكًا: خۇشال-خۇرام ئوينىدى، پۇخادىن چىققۇچە تاماشا قىلدى.

شَبِعَ مِنْهُ: زېرىكتى، بىزار بولدى، يىرگەندى، نەپرەتلەندى.

شَبَعَ يَشْبَعُ شَبَاعَةً عَقْلُهُ: ئەقىل كىردى.

شِبْعٌ: توقلۇق.

أَكْلَةُ شِبْعٍ: تويغۇدەك تاماق.

شِبْعٌ وَ شِبَعٌ: تويماق.

شَبْعَانُ م شَبْعَى وَ شَبْعَانَةٌ ج شِبَاعٍ وَ شَبَاعَى: توق، توق ئادەم.

رَجُلٌ شَبْعَانُ: باي، مولۇكدار.

شُبْعَةٌ ج شُبَعٌ : شُبْعَةٌ مِنْ طَعَامٍ: بىر قېتىم تويغۇدەك تاماق.

شَبِقَ يَشْبَقُ شَبَقًا: شەھۋىتى قوزغالدى، شەھۋەتپەرەسلىك قىلدى، جىنسىي ھەۋەسكە بېرىلدى.

شَبَقٌ: شەھۋانىيلىق، جىنسىي ھەۋەس، شەھۋانىي نەپسى، شەھۋانىي ئىشقى، جىنسىي تەلەپ.

«اَلْعَبَقُ يَهِيْجُ الشَّبَقَ»: خۇش ھىد جىنسىي ھەۋەسنى قوزغايدۇ.

شُبُقٌ: تۇرۇپكا، غاڭزا، چىلىم.

شَبِقٌ: شەھۋەتپەرەس، خوتۇنپەرەس.

شَبَقَةٌ ج شَبَقَاتٌ: بىر تال، بىر پىلەكلىك.

شَبَقِيَّةٌ: (ئۆز تېنىدىن) ھۇزۇرلىنىش.

شَبَكَ يَشْبِكُ شَبْكًا الشَّيْءَ: نەرسە بىر-بىرىگە كىرىشتى.

شَبَكَ الشَّيْءَ: نەرسىنى كىرىشتۇردى، گىرەلەشتۇردى.

شَبَكَتِ الأُمُورُ: ئىشلار ئارىلىشىپ كەتتى، چىرمىشىپ كەتتى، گىرەلىشىپ كەتتى.

«شَبَكَ الشَّابُّ الْفَتَاةَ»: يىگىت قىزغا چاي ئىچكۈزدى.

شُبُكٌ: غاڭزا، تۇرۇپكا، چىلىم.

شَبْكَةٌ ج شَبَكَاتٌ: نىكاھلىنىش سوۋغىسى، نىكاھلىنىش ئۈزۈكى.

شَبَكَةٌ ج شَبَكٌ وَ شِبَاكٌ وَ شَبَكَاتٌ: تور، سېتكا.

شَبَكَةُ السِّكَكِ الْحَدِيْدِيَّةِ: تۆمۈريول لىنىيىسى.

شَبَكَةُ الْمُوَاصِلاَتِ: قاتناش لىنىيىسى، قاتناش تورى.

شَبَكَةُ الْكَهْرِبَاءِ: توك لىنىيىسى.

شَبَكَةُ كُرَةِ الْمَضْرَبِ: تىكتاك توپ سېتكىسى.

شَبَكَةُ الْكُرَةِ الطَّائِرَةِ: ۋالىبول سېتكىسى.

شَبَكَةُ صَيْدِ السَّمَكِ: بېلىق تورى.

شَبَكَةُ أَسْلاَكٍ: سىم تور.

شَبَكَةٌ أُفُقِيَّةٌ: تور، ۋېرتىكال.

شَبَكَةٌ تِجَارِيَّةٌ: سودا تورى.

شَبَكَةٌ تِلِفِزْيُوْنِيَّةٌ: تېلېۋىزىيە تورى.

شَبَكَةٌ عَصَبِيَّةٌ: نېرۋا تورلىرى.

شَبَكَةُ قَوَاعِدِ الْقَذَائِفِ الْمُوَجَّهَةِ: باشقۇرۇلىدىغان بومبا بازىسى تورى.

شَبَكَةٌ مَجَارِيٌّ: سۇ چىقىرىش سىستېمىسى، سۇ چىقىرىش تورى.

شَبَكَةُ نَقْلٍ كَهْرَبَائِيَّةٍ: ئېلېكتر كۈچى ئارقىلىق يۆتكەش ئورنى.

شَبَكَةُ الشَّعْرِ: چاچ تورى.

شَبَكَةُ الْعَنْكَبُوْتِ: ئۆمۈچۈك تورى.

سِلْكُ شَبَكَةٍ: سىم تور، سىم توسۇق.

شَبَكَةُ الْهَاتِفِ: تېلېفون لىنىيىسى.

أَلْقَى الصَّيَّادُ شَبَكَتَهُ فِي النَّهْرِ: بېلىقچى تورنى دەرياغا تاشلىدى.

شَبَكَةُ قَنَوَاتِ الرَّيِّ: سۇغۇرۇش قانالىرى تورى.

شَبَكَةُ الْخُطُوطِ الْحَدِيْدَةِ: تۆمۈريول لىنىيىسى تورى.

شُبْكَةٌ ج شُبَكٌ: تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت.

بَيْنَهُمَا شُبْكَةٌ: ئۇ ئىككىسىنىڭ تۇغقانچىلىقى بار.

شَبَكِيَّةٌ ج شَبَكِيَّاتٌ الْعَيْنِ: كۆزنىڭ تور پەردىسى، كۆرۈش پەردىسى.

شَبَلَ يَشْبُلُ شُبُولاً: راھەت-پاراغەتتە ئۆسۈپ چوڭ بولدى.

شَبَلَ بِالْخَيَّاطَةِ: كۆك سالدى، كۆكلىدى.

شِبْلٌ ج أَشْبَالٌ وَ شِبَالٌ: شىر كۈچۈكى، شىر بالىسى.

«هَذَا الشِّبْلُ مِنْ ذَالِكَ الأَسَدِ»: ئاتا بالىسى، دادا قانداق بولسا بالىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

شَبِمَ يَشْبَمُ شَبَمًا: سوغۇق بولدى.

شَبِمَ الْمَاءُ: سۇ سوۋۇدى، مۇزلىدى.

شَبِمٌ م شَبِمَةٌ: سوغۇق؛ سايمان؛ زەھەر؛ ئۆلۈم.

بَقَرَةٌ شَبِمَةٌ: سېغىن كالا.

شَبَنَ يَشْبَنُ شَبْنًا: باياشاتلىق ئىچىدە ياشىدى.

شَبَنَ الشَّيْءُ: نەرسە يېقىنلاشتى.

شَبْنَزِي: شىمپەنزە، قارا ئورانگۇتان.

شِبْهٌ وَ شَبَهٌ ج أَشْبَاهٌ: ئوخشاش، بىر خىل.

شِبْهُ جَزِيْرَةٍ: يېرىم ئارال.

شِبْهُ مُسْتَعْمَرَةٍ: يېرىم مۇستەملىكە.

شِبْهُ رَسْمِيٍّ: غەيرىي رەسمىي.

شِبْهُ جَزِيْرَةِ الْعَرَبِ: ئەرەب يېرىم ئارىلى.

شِبْهُ جَزِيرَةِ الْهِنْدِ: ھىندى يېرىم ئارىلى.

شِبْهُ مَكْنَنَةٍ: يېرىم ماشىنىلاشتۇرۇش.

شِبْهُ مُوَصِّلٍ: يېرىم ئۆتكۈزگۈچ.

شِبْهٌ / شَبَهٌ / شَبْهَانٌ: سېرىق مىس، جەز.

وَجْهُ الشَّبَهِ: ئوخشاش نۇقتا، ئوخشىتىش ئوبيېكتى.

عَرَفَهُ شَبَهًا: ئۇنى (سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن) تونۇۋالدى.

شُبْهَةٌ ج شُبَهٌ وَ شُبُهَاتٌ: تۇتۇق، مۇجمەل، خىرە، گۇمان؛ شەك-شۈبھە.

تَحْتَ الشُّبْهَةِ: گۇمانلىق.

شَبَهِيٌّ: سېرىق مىسنىڭ، سېرىق مىستەك.

شَبُوٌّ: زىيان-زەخمەت.

شَبُوبٌ: گۈڭگۈرت، سەرەڭگە، تۇتۇرۇق، زىننەت

بۇيۇمى.

«هَذَا الثَّوبُ شَبُوبٌ لِلْفَتَاةِ»: بۇ كىيىم قىزنى تېخىمۇ چىرايلىق قىلىۋېتىدۇ، بۇ كىيىم قىزغا تازا يارىشىپتۇ.

شَبُّورٌ ج شَبَابِيرُ: بۇرغا، گۇدۇك، كاناي.

شَبْوَةٌ: چايانىنىڭ نەشتىرى.

جَارِيَةٌ شَبْوَةٌ: جۈرئەتلىك ئايال.

شَبُّوطٌ ج شَبَابِيطُ: كاراپ بېلىقى، سازان بېلىقى.

شُبُوقٌ: تۇرۇبكا، غاڭزا، چىلىم.

شَبِيبَةٌ ج شَبَائِبُ: ياش، ياشلىق.

اَلشَّبِيبَةُ الإِسْلَامِيّ: ئىسلام ياشلىرى.

إِتِّحَادُ الشَّبِيبَةِ: ياشلار ئىتتىپاقى.

«تَحْتَفِلُ كَثِيرٌ مِنَ الْبِلَادِ بِعِيدِ الشَّبِيبَةِ»: نۇرغۇن دۆلەتلەر ياشلار بايرىمىنى تەبرىكلەيدۇ.

شَبِيكَةٌ: توقۇلما.

شَبِينٌ ج أَشَابِينُ: يېزا-قىشلاق، سەھرا.

شَبِينٌ ج شَبَائِنُ: يىگىت قولدىشى.

شَبِينُ الْمُعْتَمِدِ: چوقۇندۇرغان ئاتا.

شَبِينَةٌ: قىز قولدىشى.

شَبِينَةُ الْمُعْتَمِدِ: چوقۇندۇرغان ئانا.

شَبِيهٌ ج شِبَاهٌ وَ أَشْبَاهٌ: ئوخشاش، بىر خىل، بىردەك.

«وَمَالَكَ فِي الزَّمَانِ رَأَوْ شَبِيهًا   لِأَنَّكَ فِي الْخِصَالِ عَلَوْتَ قَدْرًا»: سەن ئاجايىپ پەزىلەتلىك ئادەمسەن، دۇنيادا سېنىڭ ئوخشىشىڭ تېپىلمايدۇ.

شَتَا يَشْتُو شَتْوًا بِالْبَلَدِ: مەلۇم شەھەردە قىشلىدى، قىشنى ئۆتكۈزدى.

شَتَا الْحَيَوَانُ: ھايۋان ئۈچەككە كىردى.

شَتَا الشِّتَاءُ: قىش بولدى، سوغۇق بولدى.

شَتَتِ السَّمَاءُ: يامغۇر ياغدى.

شِتَا: قۇرغاق، قۇرغاقچىلىق.

شِتَاءٌ ج أَشْتِيَةٌ وَ شُتِيٌّ: قىش، قىش پەسلى؛ قۇرغاقچىلىق؛ يامغۇر، يامغۇرلۇق مەۋسۇم.

«لِإِيْلَافِ قُرَيْشٍ إِيْلَافِهِمْ رِحْلَةَ الشِّتَاءِ وَالصَّيْفِ»«قرآن»: قۇرەيش قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار قىشلىق ۋە يازلىق سەپەرلىرىدە قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن...

فَاكِهَةُ الشِّتَاءِ: ئوت.

شِتَائِيٌّ: قىشلىق، قىشقا تەۋە.

طَقْسُ هَذَا الْأُسْبُوعِ شِتَائِيٌّ: بۇ ھەپتىنىڭ ھاۋاسى قىشنىڭ ھاۋاسى.

شَتَاتٌ ج أَشْتَاتٌ: تارقاق، چېچىلاڭغۇ، قالايمىقان، تەرتىپسىز، پارچىلىنىپ كەتكەن.

قَصَّ عَلَيْهِ أَشْتَاتَ الْأَضَاحِيكِ: ئۇ ئۇنىڭغا خىلمۇخىل كۈلدۈرگە ئېيتىپ بەردى.

﴿يَوْمَئِذٍ يَصْدُرُ النَّاسُ أَشْتَاتًا لِيُرَوْا أَعْمَالَهُمْ﴾ «قرآن»: بۇ كۈندە كىشىلەر قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن توپ-توپ بولۇپ تارىلىپ كېتىدۇ.

ضَمَّ شَتَاتَ مَعْلُومَاتِهِ: ئۇنىڭ پارچە-پۇرات مەلۇماتلىرىنى توپلىدى.

جَاؤُوا أَشْتَاتًا: ئۇلار ئايرىم-ئايرىم كېلىشتى.

شَتَّ يَشِتُّ شَتًّا وَ شَتَاتًا وَ شَتِيتًا: تارقالدى، چېچىلدى، پارچىلاندى.

شَتَّ الْوَجْدُ بِقَلْبِهِ: مۇھەببەت ئۇنىڭ قەلبىنى پارە — پارە قىلىۋەتتى.

شَتَّ الْأَشْيَاءُ: نەرسىلەر چېچىلىپ كەتتى.

شَتَّتِ الدَّارُ بِفُلَانٍ: ھويلا پالانىغا يىراق بولدى.

شَتٌّ: تارقاق، چېچىلاڭغۇ، پارچىلىنىپ كەتكەن.

أَمْرٌ شَتٌّ: قالايمىقان ئىش.

شَتَّامٌ: جېدەلخور، ئۇرۇشقاق.

شَتَّانَ: يىراق بولدى، ئايرىلدى.

شَتَّانَ بَيْنَهُمَا: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەرق ناھايىتى

چوك، ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يىراق.

شَتَّتَ يُشَتِّتُ تَشْتِيْتًا الْأَشْيَاءَ: تارقىتىۋەتتى، پارچىلىۋەتتى.

شَتَّتَ فِكْرَهُ: ئۇنىڭ پىكرىنى بۆلىۋەتتى.

شَتَّتَ اللهُ شَمْلَهُمْ: ئاللاھ ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتسۇن.

شَتَّرَ يُشَتِّرُ تَشْتِيْرًا الْعَيْنَ: قاپىقىنى تۈردى.

شَتَّرَ بِهِ: ئۇنى تىللىدى.

شَتَّمَ يُشَتِّمُ تَشْتِيْمًا: قاتتىق تىللىدى.

شَتَّى يُشَتِّي تَشْتِيَةً: قىشلىدى، قىشنى ئۆتكۈزدى.

شَتَرَ يَشْتِرُ شَتْرًا الشَّيْءَ: يىرتىۋەتتى، كېسىۋەتتى.

شَتِرَ يَشْتَرُ شَتَرًا: يېرىلدى.

شَتِرَتْ عَيْنُهُ: قاپىقى تۈرۈلدى.

شَتَرٌ: ئەيىب، نۇقسان، ئىللەت.

شِتْرَاتٌ: تۇز؛ لىمون سۈيى.

شُتْرَةٌ: ئىككى بارماق ئارىسى.

شَتِعَ يَشْتَعُ شَتَعًا: ئىچى تىت-تىت بولۇپ كەتتى، جىددىيلىشىپ كەتتى.

شَتَغَ يَشْتَغُ شَتْغًا فُلَانًا: دەپسەندە قىلدى، كەمسىتتى، بوزەك قىلدى.

شَتَلَ يَشْتِلُ شَتْلًا الزَّرْعَ: زىرائەتنى كۆچۈردى.

أَعْمَالُ الشَّتْلِ: شال تىكىش.

شَتْلُ النِّيْلِ: نىل رەڭ، كۆك، قارا كۆك، تۆمۈر كۆك.

شَتْلَةٌ ج شَتَلَاتٌ وَ شَتْلٌ: كۆچۈرۈپ تىكىلىدىغان مايسا؛ دەرەخ كۆچىتى.

شَتْلَةُ الْقُطْنِ: كېۋەزنىڭ شادىسى، غولى.

شَتْلَةُ النِّيْلِ: كۆك بوياق، نىل رەڭ.

شَتَمَ يَشْتُمُ شَتْمًا وَ شَتْمَةً وَ تَشْتَامًا: ھاقارەتلىدى، ئاھانەت قىلدى، دەشنام بەردى، تىللىدى، ئەيىبلىدى.

«فَإِنْ شُتِمَ فَلْيَقُلْ إِنِّي صَائِمٌ» ‹حديث›: تىللانغان كىشى مەن روزىدار، دېسۇن.

شَتُمَ يَشْتُمُ شَتَامَةً: سەت بولدى، كۆرۈمسىز بولدى، سەتچىلىك بولدى، ئۇيات بولدى.

شَتْمٌ: تىللىماق، ھاقارەتلىمەك، دەشنام بەرمەك.

أَشْبَعَهُ شَتْمًا: تىللاپ تويغۇزۇۋەتتى.

شَتَنَ يَشْتُنُ شَتْنًا الثَّوْبَ: رەخت توقۇدى.

أُنَاسٌ شُتُوتٌ: بىر قەبىلىدىن ئەمەس كىشىلەر.

شَتَوِيٌّ: قىشلىق، قىشلىق مەۋسۇم، قىشلىق پەسىل؛ قىشقا مەنسۇپ، قىش پەسلىگە تەۋە.

فُسْتَانٌ شَتَوِيٌّ: قىشلىق كىيىم.

«يَبْدَأُ التَّوْقِيْتُ الشَّتَوِيّ فِي أَوَّلِ نُوْفَمْبَر / تشرين الثاني»: قىشلىق ۋاقىت نويابىرنىڭ ئەۋۋىلىدە باشلىنىدۇ.

شَتِيتٌ ج شَتَّى: تارقاق، چېچىلاڭغۇ، قالايمىقان، تەرتىپسىز؛ ئوخشىمايدىغان.

مَسَائِلُ شَتَّى: خىلمۇخىل مەسىلىلەر.

﴿إِنَّ سَعْيَكُمْ لَشَتَّى﴾ ‹قرآن›: سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار شەك-شۈبھىسىزكى، خىلمۇخىلدۇر.

صَارَ جَمْعُهُمْ شَتِيْتًا: ئۇلارنىڭ توپى تارقىلىپ كەتتى.

شَتِيْمٌ: تىللانغان، ھاقارەتلەنگەن.

شَتِيْمَةٌ ج شَتَائِمُ: تىل-ھاقارەت.

تَبَادَلَا الشَّتَائِمَ: بىر-بىرى بىلەن تىللاشتى.

شَتِيٌّ: قىش يامغۇرى.

شَثٌّ ج شِثَاثٌ الواحدة: شَثَّةٌ: كۆپ، نۇرغۇن، مول؛ ئەركەك ھەسەل ھەرىسى؛ پارچە تاغ چوققىسى؛ تاغ دەرىخى، تاغ ياڭىقى.

شَثِرَ يَشْثَرُ شَثَرًا عَيْنُهُ: كۆزىگە قان تولۇپ قالدى.

شِثْرٌ ج شُثُورٌ: تاغ گىرۋىكى.

شَثِرَةٌ - الْقَنَاةُ الشَّثِرَةُ: ۋەيران بولۇپ كەتكەن ئېرىق.

شَثِلَ يَشْثَلُ شَثَلًا وَ شَثُلَ يَشْثُلُ شُثُولَةً أَصَابِعُهُ:

بارماقلىرى يىرىكلىشىپ كەتتى.

**شَثِنَ يَشْثَنُ شَثَنًا كَفُّهُ:** ئالىقىنى يىرىكلىشىپ كەتتى.

**شَثْنٌ:** قوپال، يىرىك.

**شَجَا يَشْجُو شَجْوًا:** دەرد-ئەلەمگە دۇچار قىلدى، قايغۇغا سالدى، ئازابلىدى، مۇڭغا چۆمدۈردى، مۇڭلاندى.

**شَجَا بَيْنَهُمَا:** ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى، ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى، ئارىنى بۇزدى.

**شَجَاهُ:** خۇشال قىلدى، شادلاندۇردى.

«**شَجَاهُ تَذَكُّرُ الْإِلْفِ**»: دوستىنى ئەسلەش ئۇنى مۇڭلاندۇردى.

**شَجًا:** غەم-قايغۇ، ھەسرەت؛ گالغا قادىلىپ قالغان سۆڭەك.

**شِجَابٌ ج شُجُبٌ:** كىيىم ئاسقۇچ؛ پورروپكا، پۆگەت.

**شَجَاجٌ:** ھاۋا.

**شَجَارٌ:** ئۈستى ئوچۇق ئاپتوموبىل؛ تەختىراۋان.

**شِجَارٌ ج شُجُرٌ:** ئىلغۇچ، دەم، تاقاق.

**شُجَاعٌ ج شِجْعَانٌ:** چوڭ يىلان.

**شُجَاعٌ ج شُجْعَانٌ وَ شُجَعَاءُ وَ شُجْعَةٌ:** باتۇر، قەھرىمان، جەسۇر، مەرد، جۈرئەتلىك، مەردانە.

**شُجَاعَةٌ:** باتۇرلۇق، مەردلىك، جەسۇرلۇق.

**شَجَبَ يَشْجُبُ شَجْبًا:** قاتتىق ئەيىبلىدى، نارازىلىق بىلدۈردى، تەنقىد قىلدى.

**شَجَبَ الرَّأْيَ:** رايىنى تەنقىد قىلدى.

**شَجَبَ يَشْجُبُ شَجَبًا وَ شُجُوبًا وَشَجِبَ يَشْجَبُ شَجَبًا:** ھالاك قىلدى؛ تەنقىد قىلدى، ئەيىبلىدى.

**شَجَبٌ ج شُجُوبٌ:** باش قېتىنچىلىق، غەم-قايغۇ، پەرىشانلىق، خاپىلىق.

**شَجْبٌ ج شُجُوبٌ:** چېدىرنىڭ تۈۋرۈكى.

**شَجْبَاءُ:** كەمەر.

**شَجَّ يَشُجُّ شَجًّا:** چاقتى، بۇزۇپ تاشلىدى.

**شَجَّ الرَّأْسَ:** باشنى يېرىۋەتتى.

**شَجَّ الْمَرْكَبُ الْبَحْرَ:** پاراخوت دولقۇن يېرىپ ماڭدى.

«**يَشُجُّ بِيَدٍ وَ يَأْسُو بِأُخْرَى**» ‹مثل›: بىر قولى بىلەن بۇزۇپ، بىر قولى بىلەن تۈزەيدۇ، «ياخشىلىقمۇ بار، يامانلىقمۇ بار»، «بىر قولىدا ئوت، بىر قولىدا سۇ بار».

**شَجٌّ:** يارماق، يېرىۋەتمەك.

**شَجَّارٌ ج شَجَّارُونَ:** ئۆسۈملۈك تەتقىقاتچىسى، بوتانىك.

**شَجَّةٌ ج شِجَاجٌ:** يۈز ياكى باشتىكى يارا.

**شَجَّرَ يُشَجِّرُ تَشْجِيرًا:** دەرەخ تىكتى، ئورمان ئەھيا قىلدى.

**شَجَّرَ الشَّارِعَ:** كوچىغا دەرەخ تىكتى، يېشىللاشتۇردى.

**شَجَّرَ الشَّجَرَةَ:** دەرەخنى ئۇلىدى.

**شَجَّرَ الثَّوْبَ:** كىيىمگە دەرەخ سۈرىتىنى چۈشۈردى.

**شَجَّعَ يُشَجِّعُ تَشْجِيعًا — شَجَّعَهُ:** ئىلھام بەردى، روھلاندۇردى؛ تەقدىرلىدى؛ قوللىدى، كۆچەيتتى.

«**شَجَّعَ الْمُشَاهِدُونَ فَرِيقَهُمُ الْقَوْمِيَّةَ**»: تاماشىبىنلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كوماندىسىنى ئىلھاملاندۇردى.

**شَجَّنَ يُشَجِّنُ تَشْجِينًا فُلَانًا:** پالانىنى قايغۇغا سالدى.

**شَجَرَ يَشْجُرُ شَجْرًا الْبَيْتَ:** ئۆيگە تىرەك قويدى.

**شَجَرَ الشَّيْءَ:** نەرسىنى باغلىدى.

**شَجَرَ يَشْجُرُ شَجْرًا وَ شُجُورًا مَا بَيْنَهُمْ:** جېدەللەشتى، جاڭجاللاشتى.

«**فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ**

بَيْنَهُمْ »‹قرآن›: (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى، مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە...

«مَا شَجَرَكَ عَنَّا»: سېنى بىزدىن نېمە سوۋۇتۇۋەتتى.

شَجَرَهُ بِالرُّمْحِ: ئۇنىڭغا نەيزە ئۇردى.

شَجِرَ يَشْجَرُ شَجَراً الرَّجُلُ: كىشىنىڭ جان سانى كۆپەيدى.

شَجَرٌ ج أَشْجَارٌ وَ شَجْرَاءُ الواحدة شَجَرَةٌ ج شَجَرَاتٌ: دەرەخ.

شَجَرَةُ النَّسَبِ: نەسەبنامە.

﴿وَالنَّجْمُ وَالشَّجَرُ يَسْجُدَانِ﴾ ‹قرآن›: ئوت-چۆپلەر، دەل-دەرەخلەر سەجدە قىلىدۇ.

هُوَ مِنْ شَجَرَةٍ طَيِّبَةٍ: ئۇ ئېسىل نەسەبتىن.

اَلشَّجَرَةُ الْمَلْعُونَةُ: زەققۇم دەرىخى.

﴿وَمَا جَعَلْنَا الرُّؤْيَا الَّتِي أَرَيْنَاكَ إِلَّا فِتْنَةً لِلنَّاسِ وَالشَّجَرَةَ الْمَلْعُونَةَ﴾ ‹قرآن›: بىز ساڭا (مىراج كېچىسى ئاسمان-زېمىندىكى ئاجايىپلاردىن) كۆرسەتكەن كۆرۈنۈشنى، قۇرئاندىكى لەنەت قىلىنغان دەرەخنى (يەنى زەققۇم دەرىخىنى) پەقەت كىشىلەر ئۈچۈن سىناق قىلدۇق.

شَجَرَةُ الزَّقُّومِ: زەققۇم دەرىخى، دوزاختىكى بىر دەرەخنىڭ نامى.

﴿وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا﴾ ‹قرآن›: ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق.

اَلشَّعْبُ الْعَرَبِيّ: ئەرەب مىللىتى، ئەرەب خەلقى.

مَجْلِسُ الشَّعْبِ: كومىتېت، ھەيئەت، پارلامېنت.

«تَزْدَادُ الْإِتِّصَالَاتُ بَيْنَ الشَّعْبِ الصِّيْنِي وَ شُعُوبِ الْعَالَمِ مَعَ مُرُورِ الْأَيَّامِ»: جۇڭگو خەلقى بىلەن دۇنيا خەلقى ئارىسىدىكى ئالاقە كۈنسايىن كۈچەيمەكتە.

شِعْبٌ ج شِعَابٌ: تاغ يولى، چىغىر يول، جىلغا.

شِعْبُ الْبَحْرِ: يوشۇرۇن خادا تاش.

«أَهْلُ مَكَّةَ أَدْرَى بِشِعَابِهَا» ‹مثل›: مەككىنىڭ يوللىرىنى مەككىلىك ئوبدان بىلىدۇ، ھەربىر ئادەمنىڭ ئەھۋالى ئۆزىگە ئايان.

شَعَبٌ ج شُعَبٌ وَ شِعَابٌ: تارماق، بۆلۈم، باشقارما، قىسىم، ياچېيكا؛ سىر.

شَعْبَانُ ج شَعْبَنَاتٌ وَ شَعَايِيْنُ: شەئبان (ھىجرىيىنىڭ سەككىزىنچى ئېيى).

شُعْبَةٌ ج شُعَبٌ وَ شِعَابٌ: تارماق، شۆبە؛ شاخ.

شُعَبُ الرِّئَةِ: نەپەس يولى شاخچىلىرى.

«إِنْطَلِقُوا إِلَى ظِلٍّ ذِيْ ثَلَاثَ شُعَبٍ» ‹قرآن›: (ئۇلارغا دوزاخ مۇئەككەللىرى:) «سىلەرگە (دۇنيادىكى چېغىڭلاردا) ئىنكار قىلغان (دوزاخ) ئازابىغا بېرىڭلار، ئۈچ شاخلىق سايىگە بېرىڭلار»، (دەيدۇ).

«قَطَعَ شُعْبَةً مِنَ الشَّجَرَةِ»: دەرەخنىڭ بىر شېخىنى كەستى.

«شُعْبَةُ آدَابٍ — شُعْبَةُ عُلُومٍ»: ئەدەبىيات كەسپى.

«اَلْحَيَاءُ شُعْبَةٌ مِنَ الْإِيْمَانِ» ‹حديث›: ھايا ئىماننىڭ بىر شاخچىسى.

شُعْبَةُ قَرْنِ الْإِيَّلِ: بۇغا مۈڭگۈزى.

إِلْتِهَابِ الشّعَبِ الرِّئَوِيَّةِ: كانايچە ياللۇغى.

شَعْبَذَ يُشَعْبِذُ شَعْبَذَةً الرَّجُلُ: ساختىپەزلىك قىلدى.

شَعْبِيٌّ: مىللىي؛ خەلققە مەنسۇپ، خەلقنىڭ.

لِبَاسٌ شَعْبِيٌّ: مىللىيچە كىيىم، مىللىي كىيىم.

«أَدَبٌ شَعْبِيٌّ»: خەلق ئەدەبىياتى.

شُعَبِيٌّ: نەپەس يولى ...، نەپەس يولىدا بولىدىغان، نەپەس يولى خاراكتېرلىك.

شَعْبِيَّةٌ: ئاممىباب، ئاممىبابلىق، خەلقچىللىق.

أَغَانِيٌّ شَعْبِيَّةٌ: مىللىي مۇزىكا، خەلق ناخشىلىرى.

حِكَايَاتٌ شَعْبِيَّةٌ: خەلق چۆچەكلىرى.

«يَتَمَتَّعُ بِشَعْبِيَّةٍ كَبِيْرَةٍ»: كەڭ ئاممىۋىلىققا ئىگە.

أَقْمِشَةٌ شَعْبِيَّةٌ: ئەرزان رەختلەر.

نَزْلَةٌ شَعْبِيَّةٌ: نەپەس يولى ياللۇغى.

شَعِثَ يَشْعَثُ شَعِثًا وَ شُعُوثَةً الشَّعْرُ: چاچ پاخپىيىپ كەتتى، چۇۋۇلۇپ كەتتى.

شَعِثَ الْجِسْمُ: بەدەن كىر بولۇپ كەتتى.

شَعِثَ الْأَمْرُ: ئىش چېچىلىپ كەتتى.

شَعِثٌ م شَعِثَةٌ: پاخپايغان چاچ، چۇۋۇق چاچ.

شَعَثٌ: چېچىلاڭغۇ، قالايمىقان.

«لَمَّ اللهُ تَعَالَى شَعَثَكُمْ»: ئاللاھ سىلەرنى جەم قىلسۇن!

شَعْثَاءُ ج شُعْثٌ: پاخپايغان چاچ، پاقمۇاش.

شَعَرَ يَشْعُرُ شُعُورًا: سەزدى، ھېس قىلدى، بىلدى، ئۇقتى، چۈشەندى.

﴿وَمَا يَخْدَعُونَ إِلَّا أَنْفُسَهُمْ وَمَا يَشْعُرُونَ﴾ ‹قرآن›: ھەقىقەتتە ئۇلار تۇيماستىن ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ.

«فَلَمَّا جِئْتُهَا فَرَحًا كَأَنِّي شَعَرْتُ النَّفْسَ فِي الْبَلَدِ الْحَرَامِ»: مەن بۇ يەرگە كېلىپ شۇنداق خۇرسەن بولدۇمكى، خۇددى ئۆزۈمنى ھەرەمدە تۇرغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم.

شَعَرَ يَشْعُرُ شِعْرًا: شېئىر ئېيتتى، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلدى.

شَعُرَ يَشْعُرُ شِعْرًا: شېئىرغا قابىلىيەت ھاسىل قىلدى.

شَعِرَ يَشْعَرُ شَعَرًا: چاچلىق بولدى.

شَعْرٌ وَ شَعَرٌ ج شُعُورٌ وَأَشْعَارٌ الواحدة شَعْرَةٌ ج شَعَرَاتٌ: تۈك، چاچ، موي.

شَعْرٌ مُسْتَعَارٌ: يالغان چاچ، ياسىما چاچ.

شَعْرُ حِصَانٍ: ئاتنىڭ يالى.

شَعْرَةُ الْعَيْنِ: تەتۈر كىرپىك.

قِيْدَ شَعْرَةٍ: قىلچە.

لَمْ يَتَزَحْزَحْ مِنْ مَوْقِفِهِ قِيْدَ شَعْرَةٍ: مەيدانىدىن قىلچە تەۋرەنمىدى.

اَلْمَالُ بَيْنِي وَبَيْنَكَ شَقَّ الشَّعْرَة: مال ئارىمىزدا تەڭ بۆلۈنسۇن.

شِعْرٌ ج أَشْعَارٌ: شېئىر.

﴿وَمَا عَلَّمْنَاهُ الشِّعْرَ وَمَا يَنْبَغِي لَهُ إِنْ هُوَ إِلَّا ذِكْرٌ وَّ قُرْآنٌ مُّبِيْنٌ﴾ ‹قرآن›: ئۇنىڭغا (يەنى پەيغەمبەرگە) بىز شېئىر تەلىم بەرمىدۇق. ئۇنىڭغا شېئىر مۇناسىپمۇ ئەمەس، ئۇ پەقەت ۋەز-نەسىھەتتۇر ۋە روشەن قۇرئاندۇر.

شِعْرٌ مَلْحَمِيٌّ: شېئىرىي قىسسە.

شِعْرٌ غِنَائِيٌّ: لىرىك شېئىر.

شِعْرٌ قَصَصِيٌّ: داستان، باللادا.

شِعْرٌ تَمْثِيْلِيٌّ: دراما شېئىرى.

بَيْتُ الشِّعْرِ: بېيىت.

نَظْمُ الشِّعْرِ: شېئىر يېزىش.

شِعْرٌ مَنْثُورٌ: چاچما شېئىر.

لَيْتَ شِعْرِي: كاشكى بىلگەن بولسامچۇ؟

شَعْرَاءُ ج شُعْرٌ: كۆكۈيۈن؛ ئادەملەرنىڭ قىستاڭچىلىقى؛ شاپتۇلنىڭ بىر خىلى؛ لىموننىڭ بىر خىلى؛ دەرەخ؛ ئۆچ كىيىم.

شَعْرَاءُ مِنَ الدَّوَاهِي: ئېغىر ئاپەت.

أَرْضٌ شَعْرَاءُ: دەرەخلىك جاي.

رِمَالٌ شَعْرَاءُ: دەرەخلىك قۇملۇق.

شَعْرَانِيٌّ: يۇڭلۇق، مويلۇق، چاچلىق.

شِعْرَةٌ: ئەۋرەتنىڭ مويى.

نَبَتَتْ شِعْرَتُهُ: ئەۋرىتىنىڭ مويى چىقتى.

شَعْرُورٌ ج شَعَارِيْرُ: بوش شائىر، چولتا شائىر، شائىرچاق.

الشِّعْرِى . الشِّعْرِى الْيَمَانِيَّةِ . الشِّعْرِى الْعَبُورِ: يورۇق يۇلتۇز.

﴿وَأَنَّهُ هُوَ رَبُّ الشِّعْرَى﴾ ‹قرآن›: ئاللاھ شىئرا يۇلتۇزىنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر.

شِعْرِيٌّ: شېئىرلىق، شېئىرنىڭ.

مَقْطُوعَةٌ شِعْرِيَّةٌ: شېئىرىي پارچە.

شَعْرِيٌّ: تۈكلۈك، يۇڭلۇق، چاچلىق؛ يۇڭدەك.

شَعْرِيَّةٌ: ياغاچ پەنجىرە؛ توسما تام، توساق؛ قۇرۇق چۆپ.

أُنْبُوبَةٌ شَعْرِيَّةٌ: قىل تومۇر، كاپىللىيار تومۇر.

اَلْأَوْعِيَّةُ الشَّعْرِيَّةُ: قىل قان تومۇر.

شَعْرِيَّةُ الشُّبَّاكِ: پەنجىرە.

شَعْرِيَّةُ الْأَكْلِ: ئۈگرە.

شَعْشَاعٌ: چېچىلىپ كەتكەن.

ظِلٌّ شَعْشَاعٌ: چېقىر ئاپتاپ.

شَعْشَعَ يُشَعْشِعُ شَعْشَعَةً: سۇيۇلدۇردى، سۇيۇقلاتتى؛ ئارىلاشتۇردى؛ يالتىرىدى، جىلۋىلەندى، چاقنىدى.

شَعْشَعَةٌ: سۇيۇلدۇرماق، بوشاتماق؛ پارقىراق، يالتىراق.

شَعَطَ يَشْعَطُ شَعْطًا: قاقلىدى، ئىسسىتتى، كۆيدۈردى، كاۋاپ قىلدى.

شَعْطَةٌ: ئاشقازان ئاغرىقى، مەيدە ئاغرىقى.

شَعَّ يَشِعُّ شَعًّا: چاچتى، تارقاتتى.

شَعَّ الْمَاءَ: سۇنى تۆكتى، قۇيدى.

شَعَّ يَشِعُّ شِعَاعًا النُّورُ: نۇر چېچىلدى، تارقىدى.

شَعَّ الْقَوْمُ: قوۋم تارقىدى.

شَعَّ يَشِعُّ شَعِيعًا: تېنىدى، ئالدىرىدى.

شَعٌّ: ئۆمۈچۈك تورى؛ كۆن شولىسى.

شَعَّبَ يُشَعِّبُ تَشْعِيبًا: ئەۋەتتى؛ تەقسىم قىلدى، بۆلدى.

شَعَّبَ الزَّرْعُ: زىرائەت شاخلاپ كەتتى.

شَعَّبَ الْمَسْئَلَةَ: مەسىلىنى شاخلىتىۋەتتى.

شَعَّثَ يُشَعِّثُ تَشْعِيثًا الشَّيْءَ: نەرسىنى چاچتى؛ تۆكتى.

«شَعَّثَ رَأْسَ السِّوَاكِ»: مىسۋاكنىڭ ئۇچىنى تىتتى.

شَعَّرَ يُشَعِّرُ تَشْعِيرًا الثَّوْبَ: كىيىمنى تېرە بىلەن ئەستەرلىدى.

شَعَّلَ يُشَعِّلُ تَشْعِيلًا النَّارَ: ئوت ياقتى، ئوت تۇتاشتۇردى.

شَعِفَ يَشْعَفُ شَعَفًا بِهِ: مەپتۇن بولدى، ئاشىق بىقارار بولدى، ئىشقى ئوتىدا كۆيدى.

شَعِفَ الْجَمَلُ: تۆگە قوتۇر كېسىلى بولدى.

شَعِفَ بِالْأَمْرِ: ئەنسىرىدى، خاتىرجەمسىزلەندى.

شَعَفَ يَشْعَفُ شَعْفًا الْحُبُّ فُلَانًا: ئىشقى-مۇھەببەت پالانىنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈردى.

شَعَفٌ: تۆگىنىڭ لوككىسى.

شَعَفَةٌ ج شِعَافٌ وَ شَعَفَاتٌ وَ شُعْفٌ وَ شُعُوفٌ: ھەر نەرسىنىڭ چوققىسى؛ بىر تۇتام چاچ.

شَعْفَةٌ ج شِعَافٌ: سىم-سىم يامغۇر، ئۆتكۈنچى يامغۇر؛ بىر تامچە يامغۇر.

شَعَلَ يَشْعَلُ شَعْلًا النَّارَ: ئوت ياقتى، ئوت تۇتاشتۇردى.

شَعَلَ النَّارَ فِيهِ: ئوت قويدى.

شَعَلَ كِبْرِيْتَةً: سەرەڭگە ياقتى.

شُعْلَةٌ ج شُعَلٌ: ئوت يالقۇنى، تۇتۇرۇق.

شُعْلَةُ الْمُوقِدِ: گاز ئوچاقنىڭ ئوت تۇتاشتۇرۇش كۇنۇپكىسى.

كَأَنَّهُ شُعْلَةٌ ذَكَاءً: ناھايىتى زەكىي، بەك ئەقىللىق.

كَأَنَّهُ شُعْلَةٌ نَشَاطًا: ناھايىتى پائالىيەتچان، تولىمۇ چاققان.

شَعْلِلَةٌ ج شَعَالِيْلُ: گۈلخان.

شَعَمَ يَشْعَمُ شَعْمًا الرَّجُلُ: ئەپلەشتۈرۈپ قويدى، تۈزەپ قويدى.

شَعِنَ يَشْعَنُ شَعَنًا شَعْرُهُ: چېچى چۇۋۇلۇپ كەتتى.

شَعَنٌ ج أَشْعَانٌ: غازاڭ.

شَعْنُونٌ: شاللاق، بەڭۋاش.

شَعْنِيْنَةٌ ج شَعَانِيْنُ: پالما دەرىخى شېخى.

شَعْوَاءُ: كېڭىيىدىغان، تارقىلىدىغان.

حَمْلَةٌ شَعْوَاءُ: دەھشەتلىك ھۇجۇم.

«حَرْبٌ شَعْوَاءُ»: دەھشەتلىك ئۇرۇش.

شَعُوبٌ: ئۆلۈم، ھالاكەت.

شَعْوَةٌ ج شُعًى: ئۆرۈمە چاچ.

شَعْوَذَ يُشَعْوِذُ شَعْوَذَةً: سېھىرگەرلىك قىلدى، جادۇگەرلىك قىلدى؛ ئالدامچىلىق قىلدى، ھىيلىگەرلىك قىلدى.

شَعْوَذَةٌ: جادۇگەرلىك، سېھىرگەرلىك.

شُعُورٌ: سېزىم، ھېس، سەزگۈ؛ كەيپىيات، ھېسسىيات، تەسىرات.

شُعُورٌ دَاخِلِيٌّ: ئاڭ، ئاڭلىق.

الشُّعُورُ الْوَطَنِيُّ: ۋەتەنپەرۋەرلىك.

دِقَّةُ الشُّعُورِ: سەزگۈرلۈك، سەگەكلىك، چاققانلىق، چەبدەسلىك.

عَدِيْمُ الشُّعُورِ: ئاڭسىز، سۇس، بوشاڭ.

فَاقِدُ الشُّعُورِ: هوشسىز، سېزىمىنى يوقاتقان.

«عَبَّرَ عَنْ شُعُورِهِ»: ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى.

غَابَ عَنْ شُعُورِهِ: ھوشىدىن كەتتى، خۇدىنى يوقاتتى.

«عِنْدِي شُعُورٌ بِأَنْ...»: مەن شۇنداق ھېس قىلىمەنكى،...

شُعُورِيٌّ: ئاڭلىق.

لَاشُعُورِي: ئاڭسىز.

شَعْوَطَ يُشَعْوِطُ شَعْوَطَةً: قاقلىدى، ئىسسىتتى، كۆيدۈردى، كاۋاپ قىلدى.

شَعِيَ يَشْعَى شَعًا: چېچىلىپ كەتتى.

شَعِيَ الشَّعْرُ: چاچ چۇۋۇلۇپ كەتتى.

شَعِيَتِ الْغَارَةُ: پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇم قىلدى.

شَعِيبٌ ج شُعُبٌ: كونا تۇلۇم.

شَعِيرٌ: ئارپا.

شَعِيرٌ مُنَبَّتٌ: ئارپا ئۈندۈرمىسى.

شَعِيرُ الْهِضَابِ: يالىڭاچ ئارپا.

شَعِيرَةٌ ج شَعِيرَاتٌ: ئارپا دېنى.

شَعِيرَةٌ ج شَعَائِرُ: دىنىي قائىدە-يوسۇن، دىنىي مۇراسىم، دىنىي ئەھكام.

شَعَائِرُ الْحَجِّ: ھەج ئەھكاملىرى.

﴿وَمَنْ يُعَظِّمْ شَعَائِرَ اللهِ فَإِنَّهَا مِنْ تَقْوَى الْقُلُوبِ﴾ ‹قرآن›: كىمكى دىنىي ئىشلارنى ئۇلۇغلايدىكەن، بۇ دىللارنىڭ تەقۋادارلىقىدىندۇر.

﴿إِنَّ الصَّفَا وَالْمَرْوَةَ مِنْ شَعَائِرِ اللهِ﴾ ‹قرآن›: سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدىندۇر.

إِقَامَةُ الشَّعَائِرِ: دىنىي ئەھكاملارنى ئورۇندىماق.

شُعَيْلَةٌ: گۈلخان.

شُعَيْرَةٌ: قىلچە، ئىنچىكە تۆك، ئۇششاق موي؛ لامپۇچكىنىڭ ۋولفرام قىلى؛ تۆك نەيچىسى.

شُعَيْرَةٌ دَمَوِيَّةٌ: قىل قان تومۇر.

شَغَا يَشْغُو شُغُوًّا: چىشى ئۇزۇن بولدى.

الشَّغَا: ئىنسانىنىڭ چىشىنىڭ قالايمىقان بولۇشى؛ سۈيدۈك تۇتالماسلىق كېسىلى.

شِغَارٌ: سۈرگۈن قىلماق؛ مەھرىسىز تېگىشىپ توي قىلماق.

«لَا شِغَارَ فِي الإِسْلَامِ» ‹حديث›: ئىسلامدا مەھرىسىز قايچا قۇدا بولۇش يوق.

شَغَارٌ: بوش ۋاقىت.

بِئْرٌ شَغَارٌ: سۈيى چىق قۇدۇق.

الشَّغَافُ: مۇھەببەت سەۋداسى؛ يۈرەك قېپى.

شَغَافٌ ج شُغُفٌ وَ أَشْغِفَةٌ: يۈرەك قېپى.

لَمِسَ شَغَافَ الأَفْئِدَةِ: تەسىرلەندۈردى، ھاياجانلاندۇردى.

«مَسَّتْ هَذِهِ الْحَادِثَةُ شَغَافَ الْقُلُوبِ»: بۇ ۋەقە دىللارنى ھاياجانغا سالدى.

شَغَبَ يَشْغَبُ شَغْبًا وَ شَغِبَ يَشْغَبُ شَغَبًا الْقَوْمَ: كۈشكۈرتتى، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى.

شَغَبٌ: قالايمىقانچىلىق، پاراكەندىچىلىك، جېدەل-ماجىرا، توپىلاڭ.

شَغْبَرٌ: چىلبۆرە.

شَغَرَ يَشْغُرُ شُغُورًا النَّاسُ: تارقالدى، ئايرىلدى، چېچىلىپ كەتتى.

شَغَرَتِ الأَرْضُ: يەر تاشلىنىپ قالدى.

«شَغَرَ الْمَنْصَبُ»: ئورۇن بوش قالدى.

تَفَرَّقُوا شِغَرَ بِغَرَ: ئۇلار تەرەپ-تەرەپكە پىتىراپ كەتتى.

شَغْرَابِيَّةٌ: چېدىر، چۇشەك.

شَغَزَ يَشْغَزُ شَغْزًا عَلَيْهِمْ: ئۇلارغا چېقىلدى، ئۇلارغا چوڭچىلىق قىلدى.

شَغَزَ بَيْنَهُمْ: ئارىنى بۇزدى.

شَغْزَبَ يُشَغْزِبُ شَغْزَبَةً: چۇشەپ قويدى.

شَغْزَبِيَّةٌ: چېدىر، چۇشەك.

شَغَّابٌ: ئىغۋاگەر، چاتاقچى، جېدەلخور.

شَغَّالٌ ج شَغَّالَةٌ وَ شَغَّالُونَ: ئىشچى، ئەمگەكچى، مېھنەتكەش؛ ئالدىراش، تىرىشچان.

النَّحْلُ الشَّغَّالُ: ئىشچان ئانا ھەرە.

شَغَّالَةٌ: ئىشچى ئايال.

شَغَّلَ يُشَغِّلُ تَشْغِيلًا: ئىشقا قويدى.

شَغَّلَ الْبَالَ: ئەنسىرەتتى، تەشۋىشلەندۈردى.

شَغَّلَ الْمَالَ: مەبلەغ سالدى.

شَغَّلَ الْخَشَبَ: ياغاچنى پىششىقلاپ ئىشلىدى، تەييارلىدى.

شَغَّلَ الْأُسْتَاذُ طُلَّابَهُ: ئۇستاز ئوقۇغۇچىلىرىغا نۇرغۇن ۋەزىپە تاپشۇردى.

شَغَّلَ الْآلَةَ: ماشىنىنى ھەرىكەتلەندۈردى.

شَغِّيلٌ ج شَغِّيلَةٌ: ئىشچى، ئەمگەكچى، مېھنەتكەش.

شَغِفَ يَشْغَفُ شَغَفًا وَ شُغِفَ بِهِ: قاتتىق كۆيۈپ قالدى، قاتتىق مۇھەببەت باغلىدى، شەيدا بولدى، ئاشىقى بىقارار بولدى.

شَغَفَ يَشْغَفُ شَغْفًا: قىزغىن سۆيدى، قىزغىن مۇھەببەت باغلىدى، مەستانە بولدى.

﴿إمْرَأَةُ الْعَزِيزِ تُرَاوِدُ فَتَاهَا عَنْ نَفْسِهِ قَدْ شَغَفَهَا حُبًّا﴾ «قرآن»: ئەزىز (يەنى مىسىرنىڭ پادىشاسى)نىڭ خوتۇنى قۇلىغا كۆيۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىپتۇ.

«شُغِفَ بِهِ حُبًّا»: ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالدى، شەيدا بولدى.

شَغْفٌ . شَغَفٌ: قاتتىق كۆيۈپ قالماق، قاتتىق مۇھەببەت باغلىماق.

«أَقْبَلَ بِشَغَفٍ زَائِدٍ»: زور ئىشتىياق بىلەن يۈزلەندى.

شَغَلَ يَشْغَلُ شُغْلًا بِكَذَا: ئىشلەتتى، قوللاندى، مەشغۇل بولدى.

شَغَلَ الْبَالَ: ئەنسىرەتتى، تەشۋىشلەندۈردى.

﴿شَغَلَتْنَا أَمْوَالُنَا وَأَهْلُونَا فَاسْتَغْفِرْ لَنَا﴾ «قرآن»: بىز ماللىرىمىز، بالا-چاقىلىرىمىز بىلەن بولۇپ قېلىپ (سەن بىلەن چىقالمىدۇق)، بىز ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلغىن.

«شَغَلَتْنِي عَنْكَ الشَّوَاغِلُ»: ئىشلار مېنى بەند قىلىۋېلىپ، ساڭا قارىيالمىدىم.

«شَغَلَ الْمُسْتَأْجِرُ الدَّارَ»: ئۆيدە ئىجارىگە ئالغۇچى ئولتۇردى.

شَغَلَ الْوَظِيفَةَ: ئىش تاپتى، ئىشقا ئورۇنلاشتى.

شَغَلَ نَفْسَهُ بِكَذَا: پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلدى.

«لَقَدْ شَغَلَتْ بَالِي بِتَأَخُّرِكَ عَنِ الْحُضُورِ»: كېچىكىپ كېلىپ مېنى پاراكەندە قىلدىڭ.

شَغَلَ أَوْقَاتَ فَرَاغِهِ: بوش ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزمىدى.

شُغْلٌ ج أَشْغَالٌ وَ شُغُولٌ: كەسىپ، ھۈنەر، خىزمەت، ئىش، مەشغۇلات، ئەمگەك.

شُغْلٌ شَاقٌّ: جىسمانىي ئەمگەك.

شُغْلُ يَدٍ: قول ھۈنەرۋەنچىلىكى.

الْزَمْ شُغْلَكَ: ئىشىڭنى قىل.

«كَانَ فِي شُغْلٍ شَاغِلٍ عَنْ أَصْدِقَائِهِ»: ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ دوستلىرىغا قارىيالمىدى.

﴿إِنَّ أَصْحَابَ الْجَنَّةِ الْيَوْمَ فِي شُغُلٍ فَاكِهُونَ﴾ «قرآن»: شۈبھىسىزكى، ئۇ كۈندە جەننەت ئەھلىلىرى نېمەت ئىچىدىدۇر.

وِزَارَةُ الشُّغْلِ: ئەمگەك مىنىستىرلىقى.

شُغْلَةٌ ج شُغَلٌ: خامان.

شُغْمُومٌ: ئامراق، ھېرىس؛ ئاچ كۆز، تويماس.

شُغُومٌ: قامەتلىك، ئېگىز.

شُغْنُبٌ: يۇمران شاخ، نوتا.

شُغْنَةٌ ج شُغَنٌ: ھۆل شاخ.

شَغُوبٌ: ئىغۋاگەر، چاتاقچى، جېدەلخور.

شَغُورٌ: بوش ئورۇن، بوش سان.

شَغُوفٌ: قىزغىن سۆيمەك، قىزغىن مۇھەببەت.

شَغُوفٌ بِالْحُرِّيَّةِ: ئەركىنلىككە مەستانە بولماق.

«كُنْتُ شَغُوفًا بِالْمُطَالَعَةِ وَأَنَا فِي مِثْلِ سِنِّكُمْ»: مەن سىلەرنىڭ يېشىڭلاردىكى ۋاقتىمدا كىتاب ئوقۇشقا بېرىلىپ كەتكەنىدىم.

شَغَى يَشْغَى شَغْيًا: تولدۇردى، قاچىلىدى، قاپلىدى.

شَفًا ج أَشْفَاءٌ: چەت، قىرغاق؛ چېگرا.

﴿وَكُنْتُمْ عَلَى شَفَا حُفْرَةٍ مِنَ النَّارِ فَأَنْقَذَكُمْ مِنْهَا﴾ «قرآن»: سىلەر دەۋزەخ چوقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى.

شِفَاءٌ: ساقايماق، سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلمەك؛ داۋالانماق.

مَرَضٌ قَابِلٌ لِلشِّفَاءِ: داۋالىنىشلى بولىدىغان ئاغرىق.

شِفَاءٌ ج أَشْفِيَةٌ: دورا، شىپالىق.

﴿يَخْرُجُ مِنْ بُطُونِهَا شَرَابٌ مُخْتَلِفٌ أَلْوَانُهُ فِيهِ شِفَاءٌ لِلنَّاسِ﴾ «قرآن»: ئۇنىڭ (يەنى، ھەسەل ھەرىسىنىڭ) قارنىدىن ئىنسانلارغا شىپا بولىدىغان خىلمۇخىل رەڭلىك ئىچىملىك (يەنى، ھەسەل) چىقىدۇ.

شِفَائِيٌّ: داۋالاشقا ئائىت، داۋالاشقا مۇناسىۋەتلىك.

شَفَاعَةٌ: شاپائەت، شاپائەت قىلماق، ئارا تۇرماق.

شَفَاعَةُ الْأَنْبِيَاءِ: پەيغەمبەرلەرنىڭ شاپائىتى.

﴿وَلَا يُقْبَلُ مِنْهَا عَدْلٌ وَلَا تَنْفَعُهَا شَفَاعَةٌ﴾ «قرآن»: قىيامەت كۈنى ھېچ كىشىنىڭ فىدىيىسى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھېچ كىشىنىڭ شاپائىتى پايدا قىلمايدىغان كۈندۇر.

شَفَاعِيٌّ: شاپائەتلىك، مۇرەسسەچىلىك، ۋاستىچىلىك.

شُفَافَةٌ: تۇرغۇن سۇ، توختام سۇ، قالدۇق سۇ.

شَفَافِيَّةٌ: سۈزۈكلۈك.

شِفَاهًا: ئاغزاكى سۆھبەت، ئاغزاكى پاراڭ.

شِفَاهِيٌّ: ئاغزاكى سۆھبەت، سۆزلىشىش.

شِفْتٌ ج شُفُوفٌ: جاۋپىتەك، موچىن، قىسقۇچ، ئامبۇر.

شَفَةٌ ج شِفَاهٌ وَشَفَوَاتٌ وَشَفَائِفُ: لەۋ، كالپۇك؛ قىرغاق، گىرۋەك.

بِنْتُ شَفَةٍ: سۆز.

لَمْ يَنْبِسْ بِبِنْتِ شَفَةٍ: لام-جىم دېمىدى، ئېغىز ئاچمىدى.

﴿أَلَمْ نَجْعَلْ لَهُ عَيْنَيْنِ وَلِسَانًا وَشَفَتَيْنِ﴾ «قرآن»: ئىنسان ئۈچۈن ئىككى كۆز، بىر تىل، ئىككى كالپۇك ياراتمىدۇقمۇ؟

مَاءُ الشَّفَةِ: ئىچىدىغان سۇ.

خَفِيفُ الشَّفَةِ: قاتتىق، چىڭ، قەيسەر، قەتئىي.

«شَفَةُ الدَّلْوِ»: تۇڭنىڭ گىرۋىكى.

إِسْمُهُ عَلَى كُلِّ شَفَةٍ: مەشھۇر ئادەم.

لَهُ فِي النَّاسِ شَفَةٌ حَسَنَةٌ: ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى نامغا ئىگە.

شَفَةُ الْجَبَلِ: تاغ گىرۋىكى، يامزىلى.

«مَا الْتَقَتِ الشَّفَتَانِ عَلَى كَلَامٍ أَحْسَنَ مِنْ كَلَامِكَ»: ھېچ ئادەم سەندەك چىرايلىق سۆزلىيەلمەيدۇ.

شَفْتَرَ يُشَفْتِرُ شَفْتَرَةً: ئاغزىنى دومسايتتى.

شَفْتُورَةٌ ج شَفَاتِيرُ: ئاستىنقى كالپۇك.

شَفِرَ يَشْفَرُ شَفَارَةً: كېمىيىپ كەتتى، ئازلاپ كەتتى.

شَفَرَ يَشْفِرُ شَفْرًا: كايىدى، قاتتىق سۆكتى، تىللىدى، ئاھانەت قىلدى.

شَفْرٌ ج أَشْفَارٌ: قاپاق، كۆزنىڭ قاپىقى؛ بويى، چەت، ياقا، گىرۋەك؛ جىنسىي لەۋ.

شَفْرُ الْمَكَانِ الْمُرْتَفِعِ: يار، تىك يار.

شَفْرَةُ الْحِلَاقَةِ: ئۇستىرا، بىرىتىۋا.

شَفْرَةُ الْمِحْرَاثِ: سوقا بىشى.

شَفْرَةٌ ج شَفَرَاتٌ وَ شِفَارٌ وَ شَفْرٌ: بىس، تىغ؛ قىلىراق؛ بۇرەندە؛ بىرتىۋا.

سَيْفٌ كَلِيْلُ الشَّفْرَةِ: گال قىلىچ.

شِفْرَةٌ: مەخپىي رەقەم، شىفىر.

«شِفْرَةُ الْإِتِّصَالَاتِ اللَّاسِلْكِيَّةِ بَيْنَ الْجُنُودِ»: قوشۇن ئارىسىدا سىمسىز ئالاقىلىشىش شىفىرى، مەخپىي نومۇرى.

شَفَزَ يَشْفِزُ شَفْزًا فُلَانًا: تەپتى.

شَفْشَافٌ: مۆلدۈر يامغۇر.

«ثَوْبٌ شَفْشَافٌ»: نېپىز رەخت، نېپىز كىيىم.

شَفْشَفَ يُشَفْشِفُ شَفْشَفَةً: چاچتى، سىقتى.

شَفْشَفَ الْحَرُّ الشَّيْءَ: ئىسسىق نەرسىنى قۇرۇتۇۋەتتى.

شَفْشَفَ الصَّقِيعُ النَّبَاتَ: ئوت-چۆپكە قىرو چۈشتى.

شَفْشَفَ عَلَيْهِ: كۆيۈندى.

شَفْشَفَ الرَّجُلُ: تىترىدى.

شَفْشَفٌ: بوتۇلكا.

شَفْشَفَةٌ: گۇمان، كۈنلەش.

شَفَطَ يَشْفِطُ شَفْطًا: ئەمدى، شورىدى، سۈمۈردى.

شَفَطَ الْمَاءَ: سۇ ئىچتى.

شَفَعَ يَشْفَعُ شَفَاعَةً: ۋاسىتىچىلىك قىلدى، ئارا تۇردى، شاپائەت قىلدى.

﴿وَمَنْ يَّشْفَعْ شَفَاعَةً سَيِّئَةً يَكُنْ لَهُ كِفْلٌ مِنْهَا﴾ ‹قرآن›: كىمكى بىر يامان (ئىش ئۈچۈن) شاپائەت قىلسا، ئۇنىڭدىن (يەنى يامان ئىشتىن) ئۇنىڭ نېسىۋىسى بولىدۇ.

شَفَعَ لَهُ إِلَى فُلَانٍ: پالانىنىڭ گۇناھىنى تىلىۋالدى.

شَفَعَ يَشْفَعُ شَفْعًا الشَّيْءَ: نەرسىنى جۈپلىدى.

«كَانَ وَاحِدًا فَشَفَعْتُهُ بِآخَرَ»: بىر ئىدى، يەنە بىرگە جۈپلەپ قويدۇم.

شَفَعَ يَشْفَعُ شُفْعَةً فِي الدَّارِ: شىپەت تەلەپ قىلدى.

شَفَعٌ: قوش كۆرۈنۈش.

شَفْعٌ ج أَشْفَاعٌ وَ شِفَاعٌ: جۈپ، بىر جۈپ سان.

﴿وَالشَّفْعِ وَالْوَتْرِ﴾ ‹قرآن›: ... قۇربانلىق كۈنى بىلەن، ھارپا كۈنى بىلەن قەسەمكى...

شُفْعَةٌ: شىپەت، شىپەتلىك.

شَفْعِيٌّ: جۈپ.

عَدَدٌ شَفْعِيٌّ: جۈپ سان.

شَفَّ يَشِفُّ شُفُوفًا الشَّيْءُ: سۈزۈلدى، تىنىدى.

شَفَّ عَنْهُ الثَّوْبُ: كىيىم نېپىزلاپ كۆرۈنۈپ قالدى.

شَفَّ الْجِسْمُ: ياداپ كەتتى، ئورۇقلاپ كەتتى.

شَفَّهُ الْهَمُّ: غەم-قايغۇ ئۇنى يادىتىۋەتتى.

شَفَّ الزُّجَاجُ: ئەينەك سۈزۈك بولدى.

شَفٌّ ج شُفُوفٌ: داكا قاتارلىق رەختلەر.

شِفٌّ: نېپىز، سۈزۈك.

ثَوْبٌ شِفٌّ: نېپىز رەخت، داكا.

شَفَفٌ: سۈزۈكلۈك.

شَفَّاطَةٌ ج شَفَّاطَاتٌ: سۈمۈرگۈچ، نەيچە.

شَفَّاطَةُ الْمِدْخَنَةِ: ھاۋا يەتكۈزۈش ماشىنىسى، شامالدۇرغۇچ.

شَفَّاطَةُ الْغُبَارِ: چاڭ-توزان سۈمۈرگۈچ.

شَفَّافٌ: سۈزۈك؛ نېپىز.

شِبْهُ شَفَّافٍ: يېرىم سۈزۈك.

وَرَقٌ شَفَّافٌ: يۇپقا قەغەز.

شِفَّةٌ: لەۋ، كالپۇك؛ گىرۋەك، قىرغاق.

شَفَّرَ يُشَفِّرُ تَشْفِيْرًا: مال ئازلاپ كەتتى، تۈگىدى.

شَفَّرَ الشَّيْءَ: تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋەتتى.

شَفَّرَ عَلَى الْأَمْرِ: ئىشقا كىرىشتى.

شَفَّرَتِ الشَّمْسُ: كۈن غەربكە قايرىلدى.

شَفَّطَ يُشَفِّطُ تَشْفِيْطًا: ئەمدى، سۈمۈردى، شورىدى.

شَفَّعَ يُشَفِّعُ تَشْفِيْعًا: ۋاسىتىچىلىك قىلدى، شاپائەت تىلىدى.

شَفَّعَ فُلَانًا عِنْدَ فُلَانٍ: پالانىغا پالانىنىڭ ئالدىدا

ۋاستىچىلىك قىلدى.

شَفَّفَ يُشَفِّفُ تَشْفِيْفًا: يادىتىۋەتتى، ئورۇقلىتىۋەتتى.

شَفَّفَهُ الْمَرَضُ: ئاغرىق ئۇنى يادىتىۋەتتى.

شَفَّقَ يُشَفِّقُ تَشْفِيْقًا ـهُ: ئىچ ئاغرىتتى؛ ناچارنى ئېلىپ كەلدى.

شَفَّقَ الشَّيْءَ: كېمەيتتى، ئازلاتتى.

شَفَّقَ الثَّوْبَ: رەختنى ناچار توقۇدى.

شَفَّى يُشَفِّي تَشْفِيَةً: ئاجراتتى.

شَفَّى الْجَزَّارُ اللَّحْمَ: قاسساپ گۆشنى سۆڭەكتىن ئايرىدى، قاسساپ گۆشنى شىلدى.

شَفِقَ يَشْفَقُ شَفَقًا وَ شَفَقَةً عَلَيْهِ: خەيرخاھلىق قىلدى، شەپقەت قىلدى، مېھرىبانلىق قىلدى، كۆيۈندى، كۆڭۈل بۆلدى.

شَفِقَ مِنْهُ: ئۇنىڭدىن قورقتى، ھەزەر ئەيلىدى.

شَفَقٌ ج أَشْفَاقٌ: شەپەق، شەپەق نۇرى.

اَلشَّفَقُ الْجَنُوبِيّ: جەنۇبىي قۇتۇپ.

﴿فَلا أُقْسِمُ بِالشَّفَقِ﴾: ‹قرآن› شەپەق (يەنى، كۈن پاتقاندىن كېيىنكى ئۇپۇقتىكى قىزىللىق) بىلەن قەسەم قىلىمەن.

اَلشَّفَقُ الشِّمَالِيّ: شىمالىي قۇتۇپ نۇرى.

اَلشَّفَقُ الْقُطْبِيّ: قۇتۇپ نۇرى.

شَفَقَةٌ : شەپقەت، ئىچ ئاغرىتماق، ھېسداشلىق قىلماق.

عَدِيْمُ الشَّفَقَةِ: رەھىمسىز، شەپقەتسىز، تاش يۈرەك.

«أَنْتَ تَسْتَحِقّ الشَّفَقَةَ لِمَا حَلَّ بِكَ مِنْ مَكْرُوهٍ»: خاپىلىق تارتقانلىقىڭ ئۈچۈن سەن ھېسداشلىق قىلىنىشقا تېگىشلىك.

شَفَنَ يَشْفِنُ وَ شَفِنَ يَشْفَنُ شُفُونًا الرَّجُلَ: كىشىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارىدى.

شَفِنٌ: كۈتمەك، ئىنتىزار بولماق؛ مىراسنى باشقۇرغۇچى ئادەم؛ ئەقىللىق، زېرەك.

شَفِيْنٌ ج شَفَانِيْنُ: سىكاتى بېلىقى.

شَفَهَ يَشْفَهُ شَفْهًا الشَّيْءُ: نەرسە كالپۇكىغا تېگىپ كەتتى.

شَفَهِيٌّ: ئېغىزچە، ئاغزاكى.

اِمْتِحَانٌ شَفَوِيٌّ: ئېغىزچە ئىمتىھان.

شَفَهِيًّا: ئېغىزچە، ئاغزاكى، ئېغىزدا.

«قَدَّمَ مُذَكَّرَةً شَفَهِيَّةً»: ئاغزاكى دوكلات قىلدى.

شُفُوفٌ: سۈزۈكلۈك.

شَفُوقٌ ج شَفُوقُونَ: رەھىمدىل، مېھرىبان، شەپقەتچى.

شَفُونٌ: كۆز قىرىدا قارىغۇچى.

شَفَوِيٌّ: ئېغىزچە، ئاغزاكى.

اِمْتِحَانٌ شَفَوِيٌّ: ئېغىزچە ئىمتىھان.

صَوْتٌ شَفَوِيٌّ: ئىككى لەۋ ئارىسىدىن چىقىدىغان تاۋۇش.

حُرُوفٌ شَفَوِيَّةٌ: لەۋ تاۋۇشلىرى (ف، ب، م).

شَفَى يَشْفِي شِفَاءً: داۋالىدى، ساقايتتى.

شَفَى غُلَّتَهُ: ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزدى.

﴿وَإِذَا مَرِضْتُ فَهُوَ يَشْفِيْنِ﴾ ‹قرآن›: ئاغرىپ قالسام، ئۇ مېنى ساقايتىدۇ.

شَفَاهُ اللهُ فُلانًا مِنْ مَرَضٍ: ئاللاھ پالانىغا شىپالىق بەردى.

شَفِيَ يَشْفَى شَفًى الْهِلالُ: ئاي ئولتۇردى.

شُفِيَ الْمَرِيْضُ: كېسەل ساقايدى.

شَفِيْرٌ ج أَشْفَارٌ: قىرغاق، گىرۋەك، يان.

شَفِيْرُ الْجَفْنِ: قاپاق (كۆزنىڭ قاپىقى).

«حَتَّى وَقَفُوا عَلَى شَفِيْرِ جَهَنَّمَ» ‹حديث›: ھەتتا، ئۇلار دوزاخنىڭ گىرۋىكىدە توختىدى.

شَفِيْعٌ ج شُفَعَاءُ: شاپائەت، شاپائەت ئىگىسى، شاپائەت قىلغۇچى، ئارا تۇرغۇچى.

﴿مَا لِلظَّالِمِيْنَ مِنْ حَمِيْمٍ وَلا شَفِيْعٍ يُطَاعُ﴾ ‹قرآن›:

زالىملارغا يېقىن دوست ۋە شاپائىتى قوبۇل
قىلىنىدىغان شاپائەتچى بولمايدۇ.
«اِقْرَؤُوا الْقُرْآنَ فَإِنَّهُ يَأْتِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ شَفِيعًا» «حديث»:
قۇرئان ئوقۇڭلار، قۇرئان قىيامەت كۈنى
قۇرئان ئوقۇغانلارغا شاپائەت قىلىش ئۈچۈن
هازىر بولىدۇ.
«اَللّٰهُمَّ اجْعَلْهُ لَنَا شَفِيعًا مُشَفَّعًا»: ئى ئاللاھ، بىزگە
ئۇنى شاپائەتچى ۋە شاپائىتى قوبۇل
قىلىنىدىغان قىلىپ بەرگىن.
شَفِيفٌ ج شِفَافٌ: يېرىم سۈزۈك؛ نېپىز.
ثَوْبٌ شَفِيفٌ: نېپىز رەخت.
شَفِيقٌ ج شُفَقَاءُ: رەھىمدىل، مېھرىبان،
شەپقەتچى.
شَقَا يَشْقُو شَقْوًا: بەختسىزلىككە دۇچار قىلدى.
شَقَاءٌ: بەختسىزلىك، پېشكەللىك.
شُقَاقَةٌ: پارچە، ئۇۋاق، كۇكۇم-تالقان.
شِقَاقٌ: ئىختىلاپ، بۆلۈنۈش، ئىناقسىزلىق؛
دە-تالاش.
أَلْقَى الشِّقَاقَ بَيْنَهُمْ: ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى.
﴿وَإِنَّ الَّذِينَ اخْتَلَفُوا فِي الْكِتَابِ لَفِي شِقَاقٍ بَعِيدٍ﴾
«قرآن»: كىتاب توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلغۇچىلار
چوڭقۇر نىزادىدۇر.
بَثَّ الشِّقَاقَ: جېدەل تېرىدى.
شَقَاوَةٌ: بەختسىزلىك، پېشكەللىك.
شَقَحَ يَشْقَحُ شَقْحًا الشَّيْءَ: يىراقلاشتۇردى.
شَقَحَ الْجَوْزَةَ: ياڭاق چاقتى.
شَقُحَ يَشْقُحُ شَقَاحَةً: سەتلىشىپ كەتتى.
شَقِحَ يَشْقَحُ شَقَحًا وَ شُقْحَةً: يۈزى ئاقىرىپ كەتتى.
شَقْحَةٌ ج شِقَاحٌ: قىزارغان خورما.
شَقْدَقٌ ج شَقَادِقُ: تەختىراۋان.
شَقْدَقُ الْجِمَالِ: كاجۇۋا.
شَقِرَ يَشْقَرُ وَ شَقُرَ يَشْقُرُ شَقَرًا وَشُقْرَةً: قوڭۇر تەنلىك
بولدى.
شَقْرٌ ج شُقُورٌ: سىر، مەخپىيەت.
شُقَّرٌ: يالغانچىلىق، سەپسەتە؛ خوراز.
إِمْرَأَةٌ شَقْرَاءُ: بۇغداي ئۆڭلۈك ئايال.
شَقْرَاقٌ: قىزىل تۇمشۇق هۆپۈپ.
شُقْرَانٌ: قارا داغ كېسىلى.
شُقْرَةٌ: قىزىل، سېرىق ئارىلاش رەڭ، سۇس
قىزىل، قوڭۇر.
شُقْرَةُ الشَّعْرِ: قوڭۇر چاچ.
شَقِرَّاقٌ: قىزىل تۇمشۇق هۆپۈپ.
شَقْرَقَ يُشَقْرِقُ شَقْرَقَةً: قاتتىق كۈلدى، قاقاقلاپ
كۈلدى.
شَقْرَقَةٌ: خۇشاللىق، شادلىق.
شَقْشَقَ يُشَقْشِقُ شَقْشَقَةً: چىرىلدىدى،
چۇرۇقلىدى؛ تەۋرەندى، لىڭشىدى،
گۈگۈكلىدى، سايرىدى.
شَقْشَقَ النَّهَارُ: تاڭ سۈزۈلدى.
شَقْشَقَةُ لِسَانٍ: قۇرۇق گەپ، سەپسەتە.
شَقْشَقَةُ نَهَارٍ: تاڭ سەھەر، سۈبھى.
شِقْشِقَةٌ ج شَقَاشِقُ: تۆگىنىڭ بوغۇزى.
شِقْشِقَةٌ هَدَرَتْ ثُمَّ قَرَّتْ: ئاللاھ-تۇۋا قوزغىلىپ
پەسەيدى.
شِقْصٌ ج أَشْقَاصٌ وَ شِقَاصٌ: ئۈلۈش، نېسۋە؛ بىر
پارچە.
شَقَعَ يَشْقَعُ شَقْعًا فِي الْإِنَاءِ: قاچىدا سۈمۈرۈپ
ئىچتى.
شَقَعَ الْحَطَبَ: ئوتۇننى دۆۋىلىدى.
شَقَفٌ . شَقَفَةٌ: ساپال قاچىنىڭ سۇنۇقى، ساپال
بۇيۇملار.
شَقَّ يَشُقُّ شَقًّا الشَّيْءَ: ياردى، پارچىلىدى.
شَقَّ ثَوْبَهُ: كىيىمنى يىرتىۋەتتى.
شَقَّ الْأَرْضَ: يەر ھەيدىدى.

شَقَّ الطَّرِيْقَ: يول ئاچتى؛ يول باشلىدى.

شَقَّ عَصَا الطَّاعَةِ: توپىلاڭ كۆتۈردى، ئىسيان كۆتۈردى، قارشىلىق كۆرسەتتى.

شَقَّ عَصَا الْقَوْمِ: تالاش-تارتىش قىلدى، جېدەل-ماجىرا تۇغدۇردى.

شَقَّ التُّرْعَةَ: قانال قازدى، ئۆستەڭ چاپتى.

شَقَّ السُّكُونَ: جىمجىتلىقنى بۇزدى.

شَقَّ الْحَنَاجِرَ: ئاۋازنى چىڭقتۇردى.

شَقُّوا عَنَانَ السَّمَاءِ بِهُتَافِهِمْ: ئۇلارنىڭ ئالقىش ساداسى يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

لَا يُشَقُّ لَهُ غُبَارٌ: ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئۇ ھەممىدىن ئۈستۈن.

شَقَّ النَّابُ: چىش چىقتى.

شَقَّ الْجَمَاعَةَ: جامائەتنى بۆلۈۋەتتى.

شَقَّ طَرِيْقَهُ بَيْنَ الْجَمَاهِيْرِ: ئاۋام ئارىسىدا يول ئاچتى.

شَقَّ طَرِيْقًا فِي الْجَبَلِ: تاغ ئارىسىدا يول ئاچتى.

شَقَّ يَشُقُّ شَقًّا وَ مَشَقَّةً الْأَمْرُ: ئىش قىيىن بولدى، تەس كەلدى.

شَقَّ عَلَيْهِ الْأَمْرُ: قىيىنچىلىق ھېس قىلدى، قىيىن تۇيۇلدى.

﴿وَمَا أُرِيْدُ أَنْ أَشُقَّ عَلَيْكَ﴾ «قرآن»: سېنى مۇشەققەتكە سېلىپ قويۇشنى خالىمايمەن.

شَقَّ الصَّوْمُ عَلَى فُلَانٍ: روزا پالانىغا ئېغىر كەلدى.

شَقَّ يَشُقُّ شُقُوقًا الزَّرْعُ: زىرائەت بىخ سۈردى، ئۈندى.

شَقَّ السِّنُّ: چىش چىقتى.

شَقَّ النَّهَارُ: تاڭ يورۇدى.

﴿ثُمَّ شَقَقْنَا الْأَرْضَ شَقًّا﴾ «قرآن»: ئاندىن زېمىننى (ئۈنىڭدىن ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىش بىلەن) ياردۇق.

شَقٌّ: يارماق، ئاجراتماق؛ يېرىم، يېرىمى، تېگى.

شَقٌّ ج شُقُوقٌ: تۆشۈك، يېرىق، يوچۇق، دەز.

فِيْ رِجْلِهِ شُقُوقٌ: ئۇنىڭ پۇتى يېرىق.

عَالَجَ هَذَا الشَّقَّ فِي الْحَائِطِ بِبَعْضِ الْأَسْمِنْتِ: تامدىكى يوچۇقنى سېمونت بىلەن ئەتتى.

شِقٌّ: يېرىم، بىر قىسىم، نىسپىي، جىنسىي پەرق، جىنسىي؛ تەرەپ.

بِشِقِّ الْأَنْفُسِ: ئىنتايىن مۇشكۈل.

﴿وَتَحْمِلُ أَثْقَالَكُمْ إِلَى بَلَدٍ لَمْ تَكُونُوا بَالِغِيهِ إِلَّا بِشِقِّ الْأَنْفُسِ﴾ «قرآن»: ئۇلار يۈك-تاقلىرىڭلارنى سىلەر جاپا-مۇشەققەت بىلەن ئاران يېتىپ بارالايدىغان جايلارغا كۆتۈرۈپ بارىدۇ.

«اِتَّقُوا النَّارَ وَلَوْ بِشِقِّ تَمْرَةٍ» «حديث»: يېرىم خورما چاغلىق نەرسە بىلەن بولسىمۇ سەدىقە قىلىپ، دوزاختىن ساقلىنىڭلار.

خُذْ شِقَّ هَذَا الطَّعَامِ: بۇ تاماقنىڭ يېرىمىنى سەن ئال.

أَنْتَ أَخِيْ وَ شَقِيْقِي وَشِقُّ نَفْسِي: سەن قېرىندىشىم، تۇغقىنىم، تېخى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمنىڭ يېرىمى.

نَمْ عَلَى شِقِّكَ الْأَيْمَنِ: ئوڭ يېنىڭنى بېسىپ ئۇخلا.

وَقَعَ بَيْنَ شِقَّيْ رَحَى: ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قالدى.

شُقَّةٌ / شِقَّةٌ ج شُقَقٌ: ئاۋارىچىلىك، قىيىنچىلىق، يولۇچىنىڭ كۆزلىگەن مەنزىلى، يىراقلىق؛ مۇساپە؛ يىراق سەپەر، نەرسىنىڭ يېرىمى.

﴿وَلَكِنْ بَعُدَتْ عَلَيْهِمُ الشُّقَّةُ﴾ «قرآن»: لېكىن، بۇ ئارىلىق ئۇلارغا يىراق بىلىندى.

شُقَّةٌ مِنَ الْأَرْضِ: بۆلەك، يەر بۆلىكى، ئۇچاستىكا.

شُقَّةٌ مِنَ الْحَرَامِ: چەكلەنگەن رايون.

شِقَّةٌ ج شِقَقٌ: ئۆي، بىر يۈرۈش ئۆي.

شَقَّحَ يُشَقِّحُ تَشْقِيْحًا التَّمْرُ: خورما رەڭ تۇزدى.

شَقَّحَ النَّخْلُ: خورما دەرىخى ئۆسۈپ كەتتى.

شَقَّرَ يُشَقِّرُ تَشْقِيْرًا: زىيارەت قىلدى، يوقلىدى.

**شَقَّصَ يُشَقِّصُ تَشْقِيْصًا الذَّبِيْحَةَ:** بوغۇزلانغان مالنى پارچىلىدى.

**شَقَّعَ يُشَقِّعُ تَشْقِيْعًا لَهُ:** سۆكتى، تىللىدى.

**شَقَّقَ يُشَقِّقُ تَشْقِيْقًا:** ياردى، پارچىلىدى.

**شَقَّقَ الْكَلَامَ:** سۆزنى كېڭەيتىپ بەردى.

**شَقَّقَ الْبَرْدُ رِجْلَيْهِ:** سوغۇق ئۇنىڭ پۇتىنى يېرىۋەتتى.

**شَقَلَ يَشْقُلُ شَقْلًا الدَّرَاهِمَ:** دەرھەمنى جىڭلىدى، ئۆلچىدى.

**شَقَنَ يَشْقَنُ شَقْنًا الْعَطِيَّةَ:** سوۋغىنى كەم بەردى.

**شَقُنَ يَشْقُنُ شُقُونَةً الْعَطَاءُ:** سوۋغا كېمىيىپ كەتتى.

**شَقْنٌ مِنَ الْعَطَاءِ:** ئازغىنە سوۋغا.

**شَقْوَةٌ / شِقْوَةٌ:** بەختسىزلىك، نەسلىك، پېشكەللىك.

**﴿قَالُوا رَبَّنَا غَلَبَتْ عَلَيْنَا شِقْوَتُنَا وَكُنَّا قَوْمًا ضَالِّيْنَ﴾** ‹قرآن›: ئۇلار ئېيتىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! بەختسىزلىكىمىز ئۈستىمىزدىن غالىب كېلىپ، گۇمراھ قەۋم بولۇپ قالغاندۇق».

**شَقُورٌ:** غەم، قايغۇ.

**شَقِيَ يَشْقَى شَقًا وَ شَقَاءً وَ شِقَاوَةً / شَقَاوَةً وَ شَقْوَةً / شِقْوَةً:** بەختسىز بولدى، ھالى يامان بولدى، گۇمران بولدى.

**﴿فَأَمَّا الَّذِيْنَ شَقُوا فَفِي النَّارِ لَهُمْ فِيْهَا زَفِيْرٌ وَشَهِيْقٌ﴾** ‹قرآن›: بەختسىزلەرگە كەلسەك، ئۇلار دوزاخقا كىرىدۇ، ئۇلار دوزاختا (ئېشەك ھاڭرىغاندەك) توۋلاپ نالە-پەرياد چېكىدۇ.

**شَقِيْصٌ:** شېرىك، ھەمراھ، ھەمكارلاشقۇچى؛ تىل بىرىكتۈرگۈچى.

**شَقِيْقٌ ج أَشِقَّاءُ:** ئاكا-ئۇكا، بىر قېرىنداش؛ ئوخشىشى، يېرىمى.

**أَخٌ شَقِيْقٌ:** بىر تۇغقان ئاكا-ئۇكا.

**شَقِيْقُ الشَّيْءِ:** نەرسىنىڭ يېرىمى، تېڭى.

**رُبَّ حَالٍ أَفْصَحُ مِنْ مَقَالٍ : رُبَّ صَدِيْقٍ خَيْرٌ مِنْ شَقِيْقٍ:** ئاڭلىغاندىن كۆرگەن ياخشى، بەزى دوست بەزى قېرىنداشتىن ياخشى.

**الْقُطْرُ الشَّقِيْقُ:** قېرىنداش ئەل.

**شَقِيْقَةٌ:** شەقىقە (باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش).

**شَقِيْقَةٌ ج شَقَائِقُ:** ئاچا-سىڭىل.

**أُخْتٌ شَقِيْقَةٌ:** بىر تۇغقان ئاچا-سىڭىل.

**اَلْبِلَادُ (اَلْأَقْطَارُ) الشَّقِيْقَةُ:** قېرىنداش ئەللەر.

**شَقَائِقُ النُّعْمَانِ:** ئاقۋاشئوت.

**«اَلنِّسَاءُ شَقَائِقُ الرِّجَالِ»:** ‹حديث› ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئوخشاشلىرىدۇر.

**شَقِيٌّ ج أَشْقِيَاءُ:** بەختسىز، بىچارە؛ گۇناھكار، شەقىي، بەتبەخت.

**﴿فَمِنْهُمْ شَقِيٌّ وَ سَعِيْدٌ﴾** ‹قرآن›: ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەتبەخت بولىدۇ، بەزىلىرى سائادەتمەن بولىدۇ.

**«قَبَضَتِ الشُّرْطَةُ عَلَى جَمَاعَةٍ مِنَ الْأَشْقِيَاءِ»:** ساقچى بىر تۈركۈم جىنايەتچىلەرنى قولغا ئالدى.

**شَكَا يَشْكُو شَكْوَى وَ شَكَاةً وَ شَكَاوَةً وَ شِكَايَةً وَ شَكِيَّةً:** دەرد تۆكتى، ھال ئېيتتى، شىكايەت قىلدى.

**شَكَا الْأَمْرَ:** ئىزھار قىلدى، بايان قىلدى.

**شَكَا الْمَرِيْضُ:** كېسەل دادلىدى.

**شَكَا هَمَّهُ إِلَيْهِ:** ئۇنىڭغا دەردىنى تۆكتى.

**﴿إِنَّمَا أَشْكُو بَثِّي وَ حُزْنِي إِلَى اللهِ﴾** ‹قرآن›: مەن قايغۇ-ھەسرىتىمنى پەقەت ئاللاھقىلا ئېيتىمەن.

**شَكَاةٌ:** ئەيىب، نۇقسان، كېسەللىك.

**«قَدِّمْ شَكَاةً إِلَى رَئِيْسِكَ بِمَا حَدَثَ لَكَ»:** دەردىڭنى باشلىقىڭغا ئېيت.

**شَكَارَةٌ ج شَكَائِرُ:** قاپ، تاغار، چېپتا، خالتا.

**شَكَارَةُ أَسْمَنْتٍ:** سېمونت خالتىسى.

**شِكَارَةٌ:** زىخ؛ قاپ، تاغار، خالتا.

شِكَاسَةٌ: ئەخلاقسىزلىق، مىجەزى چۇسلۇق.

شَكَاكَةٌ: رايون.

شِكَالٌ ج شُكُلٌ: ئېشكەل، كىشەن.

شَكَاوَةٌ: دەرد، شىكايەت، ئەرز.

شِكَايَةٌ: دەرد، شىكايەت، ئەرز.

بَلَّغْتُهُ شِكَايَتِي: ئۇنىڭغا ئەرزىمنى يەتكۈزدۇم.

شَكَرَ يَشْكُرُ شُكْرًا وَ شُكُورًا وَ شُكْرَانًا لَهُ: رەھمەت ئېيتتى، تەشەككۈر بىلدۈردى؛ تەقدىرلىدى، مەدھىيىلىدى.

﴿وَمَنْ شَكَرَ فَإِنَّمَا يَشْكُرُ لِنَفْسِهِ وَمَنْ كَفَرَ فَإِنَّ رَبِّي غَنِيٌّ كَرِيمٌ﴾ «قرآن»: كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىدۇ. كىمكى تۇزكورلۇق قىلىدىكەن، (بىلىش كېرەككى)، ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم (ئۇنىڭ شۈكۈر قىلىشىدىن بىھاجەتتۇر). ئاللاھنىڭ كەرەمى كەڭدۇر، دېدى.

﴿لَئِنْ شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْ﴾ «قرآن»: نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن.

شَكَرَ اللّٰهُ عَبْدَهُ: ئاللاھ بەندىسىدىن رازى بولدى.

شَكَرَ عَمَلَهُ: مۇكاپات بەردى.

شَكِرَتِ الدَّابَّةُ: ھايۋان ئازغىنە ئوتقا تويدى.

شَكِرَ يَشْكَرُ شَكَرًا الضَّرْعُ: يېلىن سۈتكە تولدى.

شَكِرَتِ الشَّجَرَةُ: دەرەخ نوتا چىقاردى.

شُكْرٌ ج شُكْرَانٌ: رەھمەت ئېيتماق، تەشەككۈر بىلدۈرمەك.

شُكْرًا لَكَ: رەھمەت سىزگە.

شَكْرٌ: جىنسىي ئەزا (ئاياللىنىڭ)؛ جىنسىي مۇناسىۋەت، جىما.

ضَرْعٌ شَكْرَانُ ج شَكَارَى: تولغان يېلىن.

عَيْنٌ شَكْرَى ج شَكَارَى: كۆز يېشى مۆلدۈرلەپ تۇرىدىغان كۆز.

شَكَرَ يَشْكُرُ شَكْرًا ـ هُ بِإِصْبَعِهِ: قولىنى سانجىدى، قولى بىلەن نوقۇدى.

شَكْزَةُ بِلِسَانِهِ: ئۇنىڭغا تىل تەگكۈزدى.

شَكْزَةُ بِالرُّمْحِ: ئۇنىڭغا نەيزە سانجىدى.

شَكْزٌ: بەتخۇي.

شَكِسَ يَشْكَسُ شَكَاسَةً وَ شَكِسَ يَشْكَسُ شَكَسًا الرَّجُلُ: قوپاللاشتى، يولدىن چىقتى، ئەخلاقى بۇزۇلدى.

شَكْسٌ: ئەپسكى مىجەز، يامان ئادەت.

شَكِسٌ ج شُكُسٌ: ئەخلاقسىز، بەتخۇي، توڭ، قوپال، ئاچچىقى يامان.

شُكْشُوكَةٌ: گۈزەل، كېلىشكەن، چىرايلىق؛ ئەركە ـ نايناقلىق.

شَكِصٌ: ئەخلاقسىز، خۇيى ئەسكى.

شَكِعَ يَشْكَعُ شَكَعًا الْمَرِيضُ: ئاغرىق ئىڭرىدى.

شَكِعَ الزَّرْعُ: زىرائەت كۆپ دانلىق بولدى.

شَكِعَ الرَّجُلُ: غەزەپلەندى.

شَكَّ يَشُكُّ شَكًّا فُلَانًا بِالرُّمْحِ: نەيزە سانجىدى.

شَكَّ فِي الْأَمْرِ: گۇمان قىلدى، شەك كەلتۈردى، شۈبھىلەندى.

شَكَّ الشَّيْءَ: يىرتتى.

شَكَّ فِي السِّلَاحِ: تولۇق قوراللاندى.

شَكَّ الْإِسْمِنْتُ: سېمونت قاتتى.

شَكَّتِ الشَّوْكُ رِجْلَهُ: پۇتىغا تىكەن سانجىلدى.

شَكَّ عَلَيْهِ الْأَمْرُ: ئىش گۇمانلىق بولدى.

شَكَّ الْجِلْدَ بِالْمِخْرَزِ: جۇۋالدۇرۇز بىلەن تېرىنى تىكتى.

شَكَّ الشَّيْءَ إِلَى الشَّيْءِ: قوشتى، ئۇلىدى.

شَكٌّ ج شُكُوكٌ: شەك، گۇمان، شۈبھى.

لَاشَكَّ: شەك يوق.

بِلَاشَكٍّ: شەكسىز، شۈبھىسىز.

وَضَعَهُ مَوْضِعَ شَكٍّ: ئۇنى گۇمانىي ئورۇنغا قويدى.

لَاسَبِيلَ إِلَى الشَّكِّ: بۇنىڭدىن شەكلىنىشكە ئورۇن

يوق.

لَايَرْقَى إِلَى الشَّكِّ: شەكسىز.

﴿فَإِنْ كُنْتَ فِي شَكٍّ مِمَّا أَنْزَلْنَا إِلَيْكَ﴾ «قرآن»: مۇبادا سەن ساڭا بىز نازىل قىلغان كىتابتىن شەكلىنىدىغان بولساڭ...

شِكٌّ: پىرىۋوت، پىرىۋوت قىلىش.

شَكَّاءُ: غەمكىن، پەرىشان؛ غەزەبناك؛ يىغلاڭغۇ.

شَكَّازٌ: جىنسىي ئاجىزلىق، جىنسىي ئەزاسى قاتماسلىق؛ بەتخۇي، جېدەلخور.

شَكَّاكٌ ج شَكَّاكُونَ: گۇمانخور.

شُكُكٌ: نېسىگە ئالماق.

شِكَّةٌ ج شِكَكٌ: شىنا.

شَكَّةٌ ج شَكَّاتٌ: بىر قېتىم سانجىش.

شُكَّةٌ: مۇساپە، ئارىلىق.

شَكَّكَ يُشَكِّكُ تَشْكِيكًا: گۇمانىنى قوزغىدى، شەك كەلتۈردى؛ قەرز ئالدى؛ قەرز بەردى.

شَكَّكَنِي أَمْرُكَ: سېنىڭ ئىشىڭ مېنى گۇمانغا سالدى.

شَكَّكَ الْبَائِعُ الْمُشْتَرِيَ: مالنى نېسىگە بەردى.

شَكَّلَ يُشَكِّلُ تَشْكِيلًا الْأَمْرُ: ئىش تۇتۇق بولدى، مۇجمەل بولدى.

شَكَّلَ الشَّيْءَ: شەكىللەندۈردى، پەيدا قىلدى؛ تۈرگە ئايرىدى؛ تەسۋىرلىدى، سۈرەتلىدى.

شَكَّلَ الْوِزَارَةَ: كابىنېت تەشكىللىدى.

«تُشَكِّلُ الْحَرْبُ الْعِرَاقِيَّةُ الْإِيرَانِيَّةُ خَطَرًا عَلَى الْمِنْطَقَةِ كُلِّهَا»: ئىراق-ئىران ئۇرۇشى پۈتۈن رايونغا خەتەر ئېلىپ كېلىدۇ.

شَكَّلَ الْكِتَابَ: ھەرىكە قويدى، ئەرەبچە ھەرپلەرگە تاۋۇش بەلگىسى قويدى.

شَكَّلَ الْفَنَّانُ الشَّيْءَ: سۈرەتلەپ بەردى.

شَكَّلَ الْحُكُومَةَ: ھۆكۈمەتنى تەشكىللىدى.

شَكَّى يُشَكِّي تَشْكِيَةً الشَّاكِيَ: شىكايەتنى قوبۇل قىلدى.

شَكِلَ يَشْكَلُ شَكَلًا وَ شُكْلَةً: بىر خىل رەڭ يەنە بىر خىل رەڭگە ئارىلىشىپ قالدى.

شَكِلَتِ الْمَرْأَةُ: ئايال غىلجىڭلىق قىلدى، نازلاندى.

شَكَلَ يَشْكُلُ شَكْلًا الْأَمْرُ: ئىش تۇتۇق بولدى، مۇجمەل بولدى.

شَكَلَ الدَّابَّةَ: ھايۋاننى باغلىدى، چۇشىدى.

شَكَلَ الْأَمْرَ: ئىشنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى، قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى.

شَكْلٌ / شِكْلٌ: ناز قىلماق، غىلجىڭلىماق؛ ئوخشاش.

«هَذَانِ التَّوْأَمَانِ شِكْلَانِ»: بۇ قوشكېزەك بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ.

شَكْلٌ ج أَشْكَالٌ وَ شُكُولٌ: رەسىم، سۈرەت؛ ھەيكەل؛ قىياپەت، شەكىل.

شَكْلٌ هَنْدَسِيٌّ: گېئومېترىك شەكىل.

شَكْلُ الْكَلَامِ: تاۋۇش بەلگىلىرى.

اَلشَّكْلُ وَالْمَوْضُوعُ: شەكلى ۋە ماۋزۇسى.

شَكْلُ تَبَادُلِ الْمُنْتَجَاتِ: مەھسۇلات ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى.

شَكْلٌ قَوِيٌّ: قاينام-تاشقىنلىق بىلەن.

بِشَكْلٍ سَافِرٍ: ئوچۇقتىن-ئوچۇق.

بِهَذَا الشَّكْلِ: مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە.

كُرَوِيُّ الشَّكْلِ: شار شەكىللىك، شارسىمان.

مُسْتَدِيرُ الشَّكْلِ: يۇملاق شەكىل، ئايلانما شەكىل.

شَكْلًا: شەكىل جەھەتتىن.

الشَّكْلُ وَالْمَضْمُونُ: شەكىل ۋە مەزمۇن.

فِي شَكْلِهِ الْحَالِيِّ: ھازىرقى ھالىتىدە.

أَعْرِضْ رَأْيَكَ بِشَكْلٍ وَاضِحٍ: پىكرىڭنى ئوچۇق رەۋىشتە قوي.

شَكْلٌ ج شَوَاكِلُ: تۈر، خىل؛ خاراكتېر، پەزىلەت.

﴿وَآخَرُ مِنْ شَكْلِهِ أَزْوَاجٌ﴾ «قرآن»: يەنە (ئۇلارغا

مۇشۇ خىلدىكى باشقا تۈرلۈك ئازابلار بار.

شُكْلَةٌ: تۈرلۈك رەڭلەرنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشى، ئوخشايدىغان.

شُكْلَةٌ فِي العَيْنِ: كۆز ئېقىنىڭ قىزىرىپ قېلىشى.

شَكْلِيٌّ: شەكىللىك، شەكلىي جەھەتتىن، شەكىلۋاز.

شَكْلِيٌّ ج شَكْلِيَّةٌ: ئۇرۇشقاق، جېدەلخور.

شَكْلِيَّةٌ ج شَكْلِيَّاتٌ: فورمالىزم، شەكىلۋازلىق.

شَكَمَ يَشْكُمُ شَكْمًا: جىمىقتۇردى، بېسىقتۇردى.

شَكَمَ الْوَالِي: ۋالىيغا پارا بەردى.

شَكَمَهُ: ئۇنىڭغا نەرسە بېرىپ ئۇنى بېسىقتۇردى.

شَكَمَ الْفَرَسَ: ئاتقا يۈگەن سالدى.

شَكَمَ الْمُعْتَدِي: تاجاۋۇزچىنىڭ دەككىسىنى بەردى.

شَكِمَ يَشْكَمُ شَكَمًا: ئاچ قالدى.

شَكِمٌ: يولۋاس، قورسىقى ئاچ ئادەم.

شُكْمٌ: مۇكاپات، سوۋغا، ھەدىيە.

شُكُوٌ: بوتىلاق؛ كېسەللىك.

شَكْوَةٌ ج شَكَوَاتٌ وَ شِكَاءٌ: شىكايەت قىلماق، ئەرز قىلماق، دادلىماق؛ تولۇم.

«قَدِّمْ شَكْوَةً بِمَا حَدَثَ لَكَ»: دەردىڭنى تۆكسەڭ بولىدۇ.

شُكُورٌ: رەھمەت ئېيتماق، تەشەككۈر بىلدۈرمەك.

شَكُورٌ ج شُكُرٌ: كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى.

اَلشَّكُورُ: ئاللاھتائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن بولۇپ، شۈكۈرنى قوبۇل قىلغۇچى ۋە ساۋاب بەرگۈچى دېگەن مەنىدە.

﴿وَقَلِيلٌ مِنْ عِبَادِيَ الشَّكُورُ﴾ «قۇرئان»: مېنىڭ بەندىلىرىمدىن (ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلغۇچى بەك ئاز.

رَبِّي شَكُورٌ: پەرۋەردىگارىم شۈكۈرنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ياخشى ئىشقا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر.

شَكُوسٌ: بولقا.

شَكُوكٌ: گۇمانخور.

شَكْوَى ج شَكَاوٍ: دەرد، شىكايەت، ئەرز.

شَكَى يَشْكِي شَكْيًا إِلَيْهِ: شىكايەت قىلىدى، دادلىدى.

شَكِئَ يَشْكَأُ شَكَأً ظُفْرُهُ: تىرنىقى يېرىلىپ كەتتى.

شَكِيرٌ: كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى.

شَكِيصَةٌ: بەتخەلاق، خۇيى يامان.

شَكِيصَةٌ مِنَ الْإِبِلِ: سۈتى يوق قىسىر تۆگە.

شَكِيكَةٌ ج شَكَائِكُ وَ شُكُكٌ: مېۋە سېۋىتى؛ مىجەز، خاراكتېر؛ ئۇسۇل، چارە؛ ئەترەت.

دَعْهُ عَلَى شَكِيكَتِهِ: مەيلىگە قويۇۋەت.

شَكِيمَةُ اللِّجَامِ ج شَكَائِمُ وَ شُكُمٌ: ئېغىزدۇرۇق، يۈگەن.

ذُو شَكِيمَةٍ: تەرسا، ئاساۋ.

شَكِيٌّ م شَكِيَّةٌ ج شَكَايَا: بىچارە؛ ئاغرىق.

شَكِيَّةٌ ج شَكَايَا: دەرد، شىكايەت، ئەرز.

شَلَا يَشْلُو شَلْوًا الشَّيْءَ: كۆتۈردى، تۆرلەتتى.

شَلَاشِلُ: يېڭى ئوت ـ چۆپ.

شَلَاضِيمُ: لەۋ، كالپۇك.

شِلَالَةٌ: يىرىك تىكمەك، قارا سالماق، تونىمەك.

شِلْبَةٌ: تاپانبىلىق، كاراس.

شِلْتَةٌ: يۇمشاق ياستۇق، پەي ياستۇق.

شَلْجَمٌ: قىچا.

شَلَحَ يَشْلَحُ شَلْحًا ثِيَابَهُ: كىيىمىنى سالدى.

شَلْحَاءُ ج شُلُحٌ: ئۆتكۈر قىلىچ.

شَلْحَى ج شُلُحٌ: ئۆتكۈر قىلىچ.

شَلَخَ يَشْلَخُ شَلْخًا بِالسَّيْفِ: قىلىچ بىلەن چاپتى.

شَلْخٌ: توپ، يىلتىز، ئەسلى؛ بالا.

هُوَ شَلْخُ سُوءٍ: ئۇ يامان بالا، ئالىقاپ.

شِلْسٌ ج شُلُوسٌ: يىلتىز.

شَلْشَلَ يُشَلْشِلُ شَلْشَلَةً الْمَاءُ: سۇ تامچىلىدى.

شَلْطَاءُ: قەلەمتىراش.

شَلَغَ يَشْلَغُ شَلْغًا الرَّأْسَ: باشنى يېرىۋەتتى.

شَلْغَمٌ: قىچا؛ چامغۇر.

شَلَفَ يَشْلُفُ شَلْفًا الْبِنْتَ: قىزنى ئەپقېچىپ كەتتى، ئالداپ ئېلىپ كەتتى.

شَلْفَةٌ: شىتىك.

شَلَقَ يَشْلُقُ شَلْقًا ـــ هُ: ياردى، پارچىلىدى.

شِلْقٌ / شِلِقٌ: لايىيېگەك (لايدا ياشايدىغان بىر خىل جانىۋار)، لايخورەك.

شِلْقَاءُ: بەكە، قەلەمتىراش، پىچاق.

شَلْقَةٌ: كىلەنىڭ تۇخۇمى.

شَلَّ يَشُلُّ شَلًّا الثَّوْبَ: كىيىمنى قوپال تىكتى.

شَلَلٌ: پالەچ.

شَلَلٌ جُزْئِيٌّ: يېرىم پالەچ.

شَلَلٌ وَجْنِيٌّ: لەقۋا.

شَلَلُ الْأَطْفَالِ: بالىلار پالەچ كېسەللىكى، يۇلۇن ياللۇغى.

أُصِيبَ بِشَلَلٍ نِصْفِيٍّ: يېرىم پالەچ بولۇپ قالدى.

شَلَّ يَشَلُّ شَلًّا وَ شَلَلًا: پالەچ بولۇپ قالدى.

شَلَّاءُ: سەكتە، پالەچ.

يَدٌ شَلَّاءُ: قولى تۇتماس.

عَيْنٌ شَلَّاءُ: كۆز نۇرى ئۆچكەن.

شَلَّالٌ ج شَلَّالَاتٌ: شارقىراتما، جىددىي ئېقىن.

شُلَّةٌ ج شُلَّاتٌ: مەقسەت، نىشان، مۇددىئا؛ تۈپ، كوللېكتىپ، تەشكىلات، گۇرۇھ، مەزھەپ؛ ئۇيۇشما، پارتىيە ـ گۇرۇھ.

شَلَّحَ يُشَلِّحُ تَشْلِيحًا: تارتىۋەتتى، سالدۇرۇۋەتتى.

شَلَّلَ يُشَلِّلُ تَشْلِيلًا الثَّوْبَ: كىيىمنى قوپال تىكتى.

شِلَّمٌ: ئوت ئۇچقۇنى.

شَلُّوتٌ ج شَلَالِيتُ: تەپمەك؛ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ.

شَلَمَ يَشْلُمُ شَلْمًا: قورقۇتتى.

شَلْمَةٌ: ھودۇقۇپ كېتىش، تېكىرقاپ قېلىش.

شِلِنٌ . شِلِنَانٌ: شىللىڭ (ئەنگلىيە ئاقچىسى).

شِلْوٌ ج أَشْلَاءُ: بىر پارچە گۆش.

«اِئْتِنِي بِشِلْوٍ مِنْ أَشْلَاءِ هَذِهِ الشَّاةِ»: بۇ قوينىڭ گۆشىدىن بىر پارچە بەرگىن.

شُلُوقٌ: ئىسسىق ھاۋا.

شَلِيْتَةٌ ج شَلِيْتَاتٌ: قاپ، تاغار، خالتا.

شَلِيٌّ: قالدۇقى، ئېشىپ قالغىنى.

شَلِيَّةٌ ج شَلَايَا: مالنىڭ قالدۇقى.

«لَمْ يَبْقَ مِنْ مَالِهِ إِلَّا شَلِيَّةٌ»: ئۇنىڭ مېلىدىن پەقەت ئازغىنە قالدى.

شَمَا يَشْمُو شُمُوًّا الرَّجُلُ: مەرتىۋىسى يۇقىرى بولدى.

شِمَاتٌ: ئۈمىدسىز، نائۈمىد.

رَجَعَ الْجُنُودُ شِمَاتًا: قوشۇن نائۈمىد بولۇپ قايتتى.

شَمَاتَةٌ: ئىچى قارىلىق قىلماق؛ چۈشكۈرگۈچىگە «يەرھەمەكەللاھ» (ئاللاھ ساڭا رەھىم قىلسۇن) دېمەك.

شَمَارٌ: بەدىيان.

شِمَّارٌ ج شِمَّارَاتٌ: تاسما ، باغ؛ لېپىنك، باغىرداق.

شُمَارِقُ: يىرتىق چاپان.

شَمَاشِيْرُ: كۆكلەك.

شِمَاصٌ: قېچىش.

شُمَاصٌ: ئالدىراش، ھاپىلا ـ شاپىلا.

شَمَاطَةٌ: تەرتىپسىزلىك، ئالىتوپىلاڭ، پاراكەندىچىلىك.

شَمَاقَةٌ: جانلىق، تېتىك، روھلۇق.

شِمَالٌ ج شَمَالَاتٌ: شىمال، شىمال تەرەپ، شىمالىي قىسىم.

شِمَالٌ شَرْقِيٌّ: شەرقىي شىمال.

رِيْحُ الشِّمَالِ: غەربىي شىمال شامىلى.

شِمَالٌ غَرْبِيٌّ: غەربىي شىمال.

كَوْكَبُ الشِّمَالِ: شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى.

اَلْيَدُ الشِّمَالُ: سول قول، سول تەرەپ.

«ثُمَّ لَآتِيَنَّهُمْ مِن بَيْنِ أَيْدِيهِمْ وَمِنْ خَلْفِهِمْ وَعَنْ أَيْمَانِهِمْ وَعَنْ شَمَائِلِهِمْ﴾ «قرآن»: ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭدىن، سولدىن هۇجۇم قىلىمەن.

طَيْرُ الشِّمَالِ: شۇملۇق قۇشى.

شِمَالٌ ج أَشْمُلٌ وَ شُمُلٌ وَ شَمَائِلُ: سول، سول تەرەپ، مىجەز، خاراكتېر، قاپ، تاغار.

«لَيْسَ مِنْ شِمَالِي أَنْ أَعْمَلَ بِالشِّمَالِ»: سول قولۇم بىلەن ئىشلەش مېنىڭ ئادىتىم ئەمەس.

«إِنَّ أَبَا هَذَا كَانَ يَنْسُجُ الشِّمَالَ بِيَمِيْنِهِ»: بۇنىڭ دادىسى ئوڭ قولى بىلەن خورما تاغىرى توقۇيتتى.

﴿فَمَالِ الَّذِينَ كَفَرُوا قِبَلَكَ مُهْطِعِينَ عَنِ الْيَمِيْنِ وَعَنِ الشِّمَالِ عِزِيْنَ﴾ «قرآن»: كاپىرلارغا نېمە بولدىكىن، ئۇلار سەن تەرەپكە تېز كېلىشىپ، ئوڭ ـ سول تەرىپىڭدە توپ ـ توپ بولۇپ ئولتۇرۇشىدۇ.

شِمَالًا: شىمالدا، شىمال تەرەپتە.

شِمَالِيٌّ: شىماللىق، شىمالنىڭ؛ سول تەرەپ، سول تەرەپنىڭ.

شِمَالِيُّونَ: سولچىللار.

شَمِتَ يَشْمَتُ شَمَاتًا وَ شَمَاتَةً: ئىچى قارىلىق قىلدى.

شَمِتَ بِعَدُوِّهِ: دۈشمىنىگە يەتكەن خاپىلىقتا خۇش بولدى.

شَمَجَ يَشْمُجُ شَمْجًا فِي الْأَمْرِ: ئالدىراپ قىلدى، تېز قىلدى.

شَمَجَ فُلَانًا: ئالدىراتتى.

شَمَجَ الشَّيْءَ: ئارىلاشتۇرۇۋەتتى.

شَمَجَ الثَّوْبَ: كىيىمگە كۆك سالدى.

شَمَجَ الشَّعِيْرَ: ئارپىدىن نان ياقتى.

شَمَجَهُ عَنْ كَذَا: يىراقلاشتۇردى، نېرى قىلدى.

شَمَخَ يَشْمَخُ شَمْخًا وَ شُمُوخًا الْجَبَلُ: تاغ ئېگىز بولدى.

شَمَخَ أَنْفُهُ: چوڭچىلىق قىلدى، تەكەببۇرلۇق قىلدى، خورىكى ئۆسۈپ قالدى.

شِمْخٌ: شاخ، نوتا.

شَمْخَرَ يُشَمْخِرُ شَمْخَرَةً: تەكەببۇرلۇق قىلدى، چوڭچىلىق قىلدى.

شَمْخَرَةٌ: تەكەببۇرلۇق، چوڭچىلىق، مەغرۇرلۇق.

شَمَذَ يَشْمِذُ شَمْذًا وَ شُمُوذًا الْحَيَوَانُ: هايۋان قۇيرۇقىنى كۆتۈردى.

شَمَذَ الرَّجُلُ ثَوْبَهُ: كىشى پېشىنى كۆتۈرۈۋالدى.

شَمَرَ يَشْمُرُ شَمْرًا: ئالدىراپ ماڭدى.

شَمَرَ الشَّيْءَ: قاتلىۋالدى؛ يىغىۋالدى، قورۇۋالدى، تۈرۈۋالدى.

شَمَرَ عَنْ سَاقِيهِ: پۇچقىقىنى تۈرۈۋالدى.

شَمَرَ كُمَّهُ: يېڭىنى تۈردى.

شَمَرَ يَشْمُرُ / يَشْمِرُ شَمْرًا ـهُ: ئەمەلدىن قالدۇردى، بىكار قىلدى.

شَمَرَ الشَّيْءَ: قورۇلۇۋالدى، تۈگۈلۈۋالدى.

شَمَرَ لِلْأَمِيْرِ: كۆڭۈل بۆلدى، تەييارلىق قىلدى.

شَمَرَ عَنْ سَاعِدِهِ: چاققانلىق بىلەن ئىشلىدى.

شَمَرٌ: بەدىيان.

شِمْرٌ: ئەستايىدىل؛ تەجرىبىلىك؛ مەرد.

شِمْرَاخٌ ج شَمَارِيخُ: غول، شاخ، تال.

شُمْرَةٌ: بەدىيان.

شَمْرَجَ يُشَمْرِجُ شَمْرَجَةً وَ شِمْرَاجًا الثَّوْبَ: كىيىمنى ناچار تىكتى.

شَمْرَجَ الْكَلَامَ: سۆزنى مالىماتاڭ قىلدى.

شَمْرَجَ الْوَلَدَ: بالىنى ئوبدان باقتى.

شَمْرَخَ يُشَمْرِخُ شَمْرَخَةً وَ شِمْرَاخًا الْغُصْنَ: هارام

شاخنى چاتىدى، هارام شاخنى پۇتىدى.

شَمَرْدَلٌ م شَمَرْدَلَةٌ: چىداملىق، جىگەرلىك، چىداملىق بالا.

جَمَلٌ شَمَرْدَلٌ: چىداملىق تۆگە.

شُمْرُوخٌ ج شَمَارِيخُ: غول؛ شاخ، تال.

شَمَزَ يَشْمُزُ شَمْزًا مِنْهُ: قورقۇپ كەتتى، نەپرەتلەندى، يىرگەندى، بىزار بولدى.

شَمَسَ يَشْمُسُ شُمُوسًا وَ شِمَاسًا: رەت قىلدى، توستى.

شَمَسَ لَهُ: دۈشمەنلىكنى ئاشكارىلىدى.

شَمَسَ يَشْمُسُ / يَشْمِسُ شَمْسًا وِ شَمِسَ يَشْمَسُ

شَمْسًا اَلْيَوْمُ: كۈن ئوچۇق بولدى، كۈن ئېچىلدى.

شَمْسٌ ج شُمُوسٌ: قۇياش، كۈن.

شُرُوقُ الشَّمْسِ: كۈن چىقماق.

﴿وَمِنْ آيَاتِهِ اللَّيْلُ وَالنَّهَارُ وَالشَّمْسُ وَالْقَمَرُ﴾ «قۇرئان»: كېچە بىلەن كۈندۈز، كۈن بىلەن ئاي ئاللاھنىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر.

ضَرْبَةُ الشَّمْسِ: ئىسسىق ئۆتۈپ كەتمەك.

ضُوءُ الشَّمْسِ: كۈن نۇرى، ئاپتاپ.

عَبَّادُ الشَّمْسِ: ئاپتاپپەرەس.

غُرُوبُ الشَّمْسِ: كۈن ئولتۇرماق.

عَابِدُ الشَّمْسِ: كۈنگە چوقۇنغۇچى.

هَذَا وَاضِحٌ وُضُوحَ الشَّمْسِ: بۇ ئىنتايىن ئوچۇق، بۇ ئۆز-ئۆزىدىن روشەن.

لَا جَدِيْدَ تَحْتَ الشَّمْسِ: يېڭىلىق يوق.

شَمْسِيٌّ: كۈندۈزدىكى، كۈنگە مەنسۇپ؛ كۈن نۇرى.

شَهْرٌ شَمْسِيٌّ: شەمسىيە ئېيى.

اَلتَّصْوِيْرُ الشَّمْسِيّ: سۈرەتكە ئالماق، فوتو سۈرەت.

حَمَّامٌ شَمْسِيٌّ: قۇياش مۇنچىسى.

حَرْفٌ شَمْسِيٌّ: شەمسىيە ھەرپلىرى.

شَمْسِيَّةٌ ج شَمْسِيَّاتٌ وَ شَمَاسِيُّ: كۈنلۈك؛ يامغۇرلۇق.

صُورَةٌ شَمْسِيَّةٌ: سۈرەت، فوتوگرافىيە، فوتو سۈرەت، رەسىم.

سَاعَةٌ شَمْسِيَّةٌ: قۇياش سائىتى.

سَنَةٌ شَمْسِيَّةٌ: شەمسىيە يىلى (365 كۈن 5 سائەت 14 مىنۇت).

شَمْسِيَّةُ الشُّبَّاكِ: پەنجىرە، روجەك.

شَمْشَمَ يُشَمْشِمُ شَمْشَمَةً: پۇرىدى، پۇراپ بىلدى، بايقىدى.

شَمْشَمَةٌ: پۇرىماق، ئىزدەپ تاپماق.

شَمَصَ يَشْمُصُ شَمْصًا ـ هُ: ئۇنىڭغا ئەزىيەت قىلىپ خاپا قىلدى، رەنجىتتى.

شَمَصَ الدَّابَّةَ: ھايۋاننى ئىتتىك ھەيدىدى.

شَمِصَ يَشْمَصُ شَمَصًا الرَّجُلُ: ئالدىراپ سۆزلىدى.

شَمَطَ يَشْمِطُ شَمْطًا الشَّيْءَ: ئارىلاشتۇردى.

شَمَطَ الشَّجَرُ: دەرەخ ياپرىقى تۆكۈلدى، چېچىلدى.

شَمَطَ النَّبَاتُ: ئوت-چۆپ ئۆستى.

شَمِطَ يَشْمَطُ شَمَطًا شَعْرُهُ: چېچى ئاقاردى، چېچىغا ئاق ئارىلىدى.

شَمَظَ يَشْمُظُ / يَشْمِظُ شَمْظًا ـ هُ: توستى، چەكلىدى.

شَمَظَ الشَّيْءَ: ئارىلاشتۇردى.

شَمَعَ يَشْمَعُ شَمْعًا وَ شُمُوعًا وَ مَشْمَعًا الرَّجُلُ: ئويناشتى، چاقچاقلاشتى.

شَمَعَ يَشْمَعُ شُمُوعًا الشَّيْءُ: تارقالدى، چېچىلدى، پارچىلاندى.

شَمْعٌ: موم؛ شام.

شَمْعُ النَّحْلِ: سېرىق موم

شَمْعَةٌ ج شَمْعٌ وَ شَمَعَاتٌ: ۋات.

شَمْعَةُ الْإِحْتِرَاقِ: دۆىگاتېل.

اَلْمِصْبَاحُ ذُو مِائَةِ شَمْعَةٍ: بۇ يۈز ۋاتلىق لامپۇچكا.

شَمْعَدَانٌ ج شَمَاعِيْدُ: شامدان.

شَمْعَلَ يُشَمْعِلُ شَمْعَلَةً الْقَوْمُ: تارقىلىپ كەتتى.

شَمْعِيٌّ: شامنىڭ.

شَمِقَ يَشْمَقُ شَمَقًا وَ شَمَاقَةً: روھلىنىپ كەتتى، جانلىنىپ كەتتى.

شَمِقٌ مِنَ الثِّيَابِ: يىرتىق كىيىم.

شَمِلَ يَشْمَلُ وَ شَمَلَ يَشْمُلُ شَمْلًا وَ شَمَلًا وَ شُمُولًا الْأَمْرُ الْقَوْمَ: ئىش قوۋمغا ئومۇملاشتى.

شَمَلَهُ: ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، ئۇنىڭ تەركىبىدە بولدى.

شَمَلَ فُلَانًا: كۆڭۈل بۆلدى.

شَمَلَهُمْ بِرِعَايَتِهِ: غەمخورلۇق قىلدى.

شَمَلَ يَشْمُلُ شَمْلًا وَ شُمُولًا بِالْعِنَايَةِ: غەمخورلۇق قىلدى، كۆڭۈل بۆلدى.

شَمْلٌ: ئىتتىپاق، بىرلەشمە.

جَمْعُ الشَّمْلِ: بىرلەشمە، قوشما.

تَشَتُّتُ الشَّمْلِ: پارچىلانماق، تارقالماق.

بَدَّدَ شَمْلَهُمْ: ئۇلارنى پارچىلىۋەتتى، تارقىتىۋەتتى.

جَمَعَ اللّٰهُ شَمْلَهُمْ: ئاللاھ ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇردى.

فَرَّقَ اللّٰهُ شَمْلَهُمْ: ئاللاھ ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى.

شِمْلَالٌ: سول، تېز، چاققان.

جَمَلٌ شِمْلَالٌ: تېز ماڭىدىغان تۆگە.

شَمْلَةٌ ج شَمَلَاتٌ: تون، خالات، پىلاش؛ رومال.

شَمْلَلَ يُشَمْلِلُ شَمْلَلَةً الرَّجُلُ: ئالدىرىدى، تېزلىدى.

شُمْلُولٌ ج شَمَالِيْلُ: ئازغىنە، ئاز مىقداردا؛ تېز، چاققان.

شَمَّ يَشُمُّ شَمًّا وَ شَمِيْمًا الْوَرْدَ: گۈلنى پۇرىدى.

شَمَّ الْهَوَاءَ: هاۋانى سۈمۈردى.

شَمَّ الْخَبَرَ: خەۋەرنى سەزدى.

شَمَّ يَشُمُّ شَمَماً: تەكەببۇرلۇق قىلدى، گىدەيدى.

شَمَّ الْجَبَلُ: تاغ قەد كۆتۈرۈپ تۇردى.

شَمَّ فِيْهِ: يۇقۇملاندى.

شَمَّمَ يُشَمِّمُ تَشْمِيْمًا الْوَرْدَ: گۈلنى پۇراتتى.

شَمٌّ: پۇراش، پۇراش سېزىمى؛ پۇراش ئەزاسى.

«وَشَمَمْتُ رِيْحَ الْمِسْكِ مِنْ فَقَرَاتِهَا وَتَلَأْلَأَتْ مِنْ شَطْرِهَا الأَضْوَاءُ»: مەن بۇ شېئىرنىڭ مىسرالىرىدىن ئىپار ھىدلىرىنى پۇرىدىم. شېئىرنىڭ كۇپلېتلىرىدىن نۇرلار چاقناۋاتقانلىقىنى بايقىدىم.

شَمَمٌ: تەكەببۇرلۇق، چوڭچىلىق؛ ئېگىزلىك.

شَمَّاسٌ ج شَمَّاسَةٌ: چېركاۋ خادىمى.

شَمَّاعٌ: شام ياسىغۇچى، شام ساتقۇچى.

شَمَّاعَةٌ ح شَمَّاعَاتٌ: كىيىم ئاسقۇچ.

شَمَّامٌ الواحدة شَمَّامَةٌ ج شَمَّامَاتٌ: قوغۇن، چىلگە.

شَمَّامٌ ج شَمَّامُونَ: پۇراش سېزىمى كۈچلۈك.

شَمَّامَةٌ: جۇمەك.

شَمَّتَ يُشَمِّتُ تَشْمِيْتًا ـهُ: ئۇمىدسىزلەندۈردى، ئەپسۇسلاندۇردى.

شَمَّتَ الْعَاطِسَ: چۈشكۈرگۈچىگە دۇئا قىلدى، ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن، دېدى.

شَمَّةٌ: بىر قېتىم پۇراش.

شَمَّخَ يُشَمِّخُ تَشْمِيْخًا أَنْفَهُ: چوڭچىلىق قىلدى، تەكەببۇرلۇق قىلدى.

شَمَّرَ يُشَمِّرُ تَشْمِيْرًا الرَّجُلُ: ئالدىراپ ماڭدى، تېز ماڭدى.

شَمَّرَ كُمَّهُ: يېڭىنى تۈردى، شىمايلىدى.

شَمَّرَ عَنْ سَاعِدِ الْجِدِّ وَالْكَدِّ: ئاكتىپ ئىشلىدى، جاپالىق ئىشلىدى.

شَمَّرَ لِلْأَمْرِ: بىر ئىشقا كۆڭۈل بۆلدى.

شَمَّرَتِ الْحَرْبُ عَنْ سَاقِهَا: ئۇرۇش قاتتىق بولدى.

شَمَّسَ يُشَمِّسُ تَشْمِيْسًا ـهُ: ئاپتاپقا قاقلىدى،

ئاپتاپقا سالدى.

شَمَّعَ يُشَمِّعُ تَشْمِيعًا الشَّيْءَ: نەرسىنى بوياپ كۆرسەتتى، بېزەپ كۆرسەتتى.

شَمَّعَةٌ: ئۇنى ئويناتتى، تاماشا قىلدۇردى.

شَمُّورٌ: ئالماس.

شَمِّيٌّ: پۇراقلىق.

شَمَنْدَرٌ. شَمَنْدُورٌ: قىزىلچا.

شَمَنْدُورَةٌ ج شَمَنْدُورَاتٌ: لەيلىمە بەلگە (دەريا ـ دېڭىزدىكى).

شَمَنْدُورَةُ السَّلاَمَةِ: (سۇدىن) قۇتقۇزۇش بالونى.

شَمُوخٌ: يىراق، چەت.

شُمُوخٌ: ئېگىز بولماق، قەد كۆتۈرۈپ تۇرماق.

شَمُوسٌ ج شُمُسٌ: جاھىل، تەرسا؛ ئاپتاپ، ئاپتاپلىق.

رَجُلٌ شَمُوسٌ: جاھىل ئادەم.

دَابَّةٌ شَمُوسٌ: ئاساۋ ھايۋان، شاش ھايۋان.

شَمُولٌ . اَلشَّمُولُ: ھاراق.

سَقَاهُ الشَّمُولُ: ئۇنىڭغا ھاراق تۇتتى.

شُمُولِيٌّ: ئەتراپلىق، كەڭ دائىرىلىك.

اَلْحُكْمُ الشُّمُولِيّ: ئىستىبدات ھۆكۈمران.

نَظَرَ إِلَى الْمَوْضُوعِ نَظْرَةً شُمُولِيَّةً: مەسىلىگە ئەتراپلىق قارىدى.

شَمِيلَةٌ ج شَمَائِلُ: تەبىئەت، ماھىيەت، تەبىئىي خۇسۇسىيەت؛ گۈزەل ئەخلاق.

هُوَ كَرِيمُ الشَّمَائِلِ: ئۇ گۈزەل ئەخلاقلىق.

شَمِيمٌ ج شِمَامٌ: خۇش پۇراق نەرسە؛ ئېگىز، يۇكسەك.

شَنَآنٌ م شَنْآنَةٌ وَ شَنَآى: ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت، يىرگىنچ.

﴿وَلا يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَآنُ قَوْمٍ عَلَى أَلَّا تَعْدِلُوا﴾ «قرآن»: بىرەر قوۋمغا بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن.

شَنَاءَةٌ: قاتتىق ئاداۋەت.

شِنَاخٌ ج أَشْنِخَةٌ: تاش تۇمشۇقى.

شَنَارٌ: ھاقارەت.

شَنَارِيّ: يىلپىز.

شَنَاعَةٌ: سەت، كۆرۈمسىز، ئىسكەتسىز؛ قورقۇنچلۇق، ۋەھىمىلىك.

شَنَانٌ: سوغۇق سۇ، يامغۇرلۇق بۇلۇت.

شَنَأَ وَ شَنِئَ يَشْنَئُ شَنْأً وَ شَنَأَةً وَشَنَآنًا وَ مَشْنَأً وَ مَشْنَأَةً وَ مَشْنُوءَةً: نەپرەتلەندى، يىرگەندى، ئۆچ كۆردى.

شَنْأَةٌ: ئۆچمەنلىك، نەپرەتلىنىش.

شَنِبَ يَشْنَبُ شَنَبًا الْيَوْمُ: كۈن سوغۇق بولدى.

شَنِبَ الرَّجُلُ: كىشىنىڭ چىشلىرى چىرايلىق، سۈزۈك بولدى.

شَنَبٌ ج أَشْنَابٌ وَ أَشْنِبَةٌ: بۇرۇت؛ چىشىنىڭ پارقىراق، چىرايلىق بولۇشى.

أَبُو شَنَبٍ: بۇرۇتلۇق.

شَنْبَثٌ: يولۋاس، قوپال.

شَنْبَرٌ ج شَنَابِرُ: چەت، ياقا، گىرۋەك؛ كۆزەينەك رامكىسى.

الشَّنْتَةُ: خالتا، تاغار، قاپ، سەپەر خالتىسى.

شُنْتَرَةٌ ج شَنَاتِرُ: بارماق (قول).

شَنِجَ يَشْنَجُ شَنَجًا: تارايدى، قورۇلدى، يىغىلدى.

شَنَجٌ: تۆگە.

شُنْخُوبٌ ج شَنَاخِيبُ: تاغاق سۆڭەك؛ بەل ئومۇرتقىسى سۆڭەك؛ تاغ چوققىسى.

شِنْشِنَةٌ ج شَنَاشِنُ: ئادەت، ئۆرپ ـ ئادەت؛ قائىدە ـ يوسۇن؛ خاراكتېر، خۇسۇسىيەت، تەبىئەت.

شَنَصَ يَشْنُصُ شُنُوصًا بِهِ: ئېسىلىۋالدى.

شَنَطَ يَشْنُطُ شَنْطًا: تۈگىدى، چىگىدى، باغلىدى، يۈگىدى.

شَنَطَ اللَّحْمَ: گۆشنى چالا پىشۇردى.

شَنْطَةٌ ج شُنُطٌ: سومكا، خالتا، قاپ، سەپەر خالتىسى.

شَنْطَةُ الْكُتُبِ: سومكا، جىلت.

شَنْطَةُ يَدٍ: قول سومكىسى.

شَنُعَ يَشْنُعُ شَنَعًا وَ شَنَاعَةً وَ شُنْعًا وَ شُنُوعًا الشَّيْءُ: سەت بولدى، ئۇيات بولدى.

شَنَعَ يَشْنَعُ شَنْعًا — هُ: ھاقارەتلىدى، ئاھانەت قىلدى، قاتتىق سۆكتى.

شَنِعٌ: سەت، قەبىھ، يامان؛ قورقۇنچلۇق.

شُنْعَةٌ: سەت، كۆرۈمسىز، ئىسكەتسىز؛ قورقۇنچلۇق ۋەھىمىلىك.

شَنَفَ يَشْنُفُ شَنَفًا إِلَيْهِ: سىنچىلاپ قارىدى، دىققەت بىلەن قارىدى.

شَنِفَ يَشْنَفُ شَنَفًا لَهُ: چۆشەندى، بىلدى، تۇيدى، ئۇقتى.

شِنْفٌ ج أَشْنَافٌ وَ شُنُوفٌ: زىرە، ھالقا.

شَنَقَ يَشْنُقُ شَنْقًا رَأْسَ الدَّابَّةِ: ئۇلاغنى ئېگىز شاخقا باغلىدى، ئېگىز قوزۇققا باغلىدى.

شَنَقَ الرَّجُلَ: كىشىنى دارغا ئاستى.

شَنَقٌ: ئارغامچا، ئارقان.

شَنْقٌ: دارغا ئاسماق.

«اِسْتَحَقَّ الْمُجْرِمُ الشَّنْقَ»: جىنايەتچى دارغا تېگىشلىك بولدى.

شِنْقَابٌ: لايخورەك.

شُنْقُبٌ: لايخورەك.

شَنِمٌ: سوغۇق، مۇزدەك.

مَاءٌ شَنِمٌ: سوغۇق سۇ.

شَنَّ يَشُنُّ شَنًّا الْغَارَةَ عَلَيْهِمْ: ئۇلارغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلدى، ئۇمۇميۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى.

شَنٌّ ج شِنَانٌ: تۇلۇم.

«إِنْ كَانَ عِنْدَكَ مَاءٌ بَاتَ هَذِهِ اللَّيْلَةَ فِي شَنَّةٍ وَإِلَّا كَرَعْنَا: قېشىڭدا تۇلۇمدا بىر كېچە قونغان سوغۇق سۇ بولسا قۇيۇپ بەرگىن، بولمىسا بىز سۇنى كۆتۈرۈپلا ئىچىمىز.

شَنَّحَ يُشَنِّحُ تَشْنِيحًا عَلَيْهِ: ئەيىبلىدى، مالامەت قىلدى، سەتلىدى.

شَنَّرَ يُشَنِّرُ تَشْنِيرًا عَلَيْهِ: ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلدى، بوھتان قىلدى.

شَنَّعَ يُشَنِّعُ تَشْنِيعًا: كايىدى، ئەيىبلىدى، قارغىدى، سەتلىدى.

شَنَّفَ يُشَنِّفُ تَشْنِيفًا إِلَيْهِ: ئۇنىڭغا كۆزنىڭ قۇيرۇقىدا قارىدى.

شَنَّفَ الْجَارِيَةَ: قىزغا ھالقا سېلىپ قويدى.

شِنْكٌ ج شَنَانِكُ: تەبرىكلەش مۇراسىمى.

شَنَّنَ يُشَنِّنُ تَشْنِينًا الْإِنَاءَ: قاچا كونىراپ كەتتى.

شَنَّنَ الْمَاءَ: سۇ تامچىلاپ ئاقتى.

شَنُونٌ: ئورۇق، ياداڭغۇ؛ سېمىز؛ ئاچ.

شَنِيبٌ م شَنْبَاءُ: چىشى چىرايلىق ۋە پاكىز ئادەم.

شُنَيْطَةٌ ج شُنَيْطَاتٌ: كىچىك سومكا.

شَنِيْطَةٌ: چىگىك، تۈگۈن.

شَنِيعٌ ج شُنُعٌ: قەبىھ، كۆرۈمسىز، يىرگىنچلىك؛ قورقۇنچلۇق.

«أَنْتُمْ قَوْمٌ شُنُعُ الْأَسْمَاءِ»: سىلەر نامىڭلار يامان خەلق.

«فُلَانٌ يَأْتِي أُمُورًا شَنِيعَةً»: پالانى سەت ئىشلارنى قىلدى.

شَهَا يَشْهُو شَهْوَةً الشَّيْءَ: تەشنا بولدى؛ سېغىندى، ئارزۇ قىلدى، ياخشى كۆردى.

شِهَابٌ ج شُهُبٌ: ئاقار يۇلتۇز؛ ساليۇت.

﴿أَوْ آتِيكُمْ بِشِهَابٍ قَبَسٍ لَعَلَّكُمْ تَصْطَلُونَ﴾ «قرآن»: ياكى سىلەرنىڭ ئىسسىنىشىڭلار ئۈچۈن ئوتتىن بىر چوغ ئېلىپ كېلەي.

فُلَانٌ شِهَابُ حَرْبٍ: پالانى باتۇر، قەھرىمان.

شَهَابٌ: سۇ ئارىلاشتۇرۇلغان سۈت.

شَهَادَةٌ ج شَهَادَاتٌ: ھۆججەت، ئىسپات، ئىقرار، دەلىل.

شَهَادَةٌ مَكْتُوبَةٌ: گۇۋاھلىق قەغىزى.

﴿وَلا تَكْتُمُوا الشَّهَادَةَ وَمَنْ يَكْتُمْهَا فَإِنَّهُ آثِمٌ قَلْبُهُ﴾ «قرآن»: گۇۋاھلىقنى يوشۇرماڭلار، كىمكى ئۇنى يوشۇرىدىكەن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ دىلى گۇناھكار بولىدۇ.

شَهَادَةُ تَحْقِيقِ شَخْصِيَّةٍ: سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى.

شَهَادَةُ الْمِيلَادِ: تۇغۇت گۇۋاھنامىسى.

شَهَادَةٌ عَالِيَةٌ: ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرۈش دىپلومى، شاھادەتنامىسى.

شَهَادَةُ حُسْنِ السِّيَرِ وَالسُّلُوكِ: گۈزەل ئەخلاقلىق گۇۋاھنامىسى.

شَهَادَةُ دِرَاسَةِ الثَّانَوِيَّةِ: ئوتتۇرا مەكتەپ دىپلومى.

عَالَمُ الشَّهَادَةِ: زاھىرىي دۇنيا (بۇ دۇنيا).

شَهَادَةٌ عَالِيَةٌ: ئالىي مەكتەپ دىپلومى.

شَهَادَةٌ جَامِعِيَّةٌ: ئالىي مەكتەپ دىپلومى.

شَهَادَةُ إِثْبَاتٍ: ئىسپات قەغىزى.

شَهَادَةُ نَفْيٍ: ئەرز خېتى، ئۆزىنى ئاقلاش خېتى.

﴿ثُمَّ تُرَدُّونَ إِلَى عَالِمِ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ﴾ «قرآن»: يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا (نەرسىلەرنى) بىلگۈچى (ئاللاھ)نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.

شَهَامَةٌ: جەسۇرلۇق، باتۇرلۇق؛ ئالىيجانابلىق، ئېسىللىق؛ زېرەكلىك.

**أَخْرَجَ الْمَوْضُوعَ عَنْ صِبْغَتِهِ الْأَصْلِيَّةِ:** مەسىلىنىڭ ئەسلىي خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

**صِبْغَةُ الْأَفْيُونِ:** ئەپيۇن.

**صِبْغَةُ الْيُودِ:** يود.

**صِبْغَةُ التَّقْرِيْرِ:** دوكلاتنىڭ ئالاھىدىلىكى.

**صِبْغِيٌّ ج صِبْغِيَّاتٌ:** خروموسوما.

**صَبَنَ يَصْبِنُ صَبْنًا الْمُقَامِرُ الْكَعْبَيْنِ:** قىمارۋاز ئوشۇق ئاتتى.

**صَبُوحٌ:** يېڭى، تازا، ئوچۇق، كۆركەم، چىرايلىق؛ ناشتىلىق؛ يېڭى يىللىق سوۋغات.

**صَبُوحُ الْوَجْهِ:** چىرايلىق، گۈزەل.

صَبُورٌ ج صُبُرٌ: مۇلايىم، ئىتائەتچان، سەۋرچان.

جُنْدِيٌّ صَبُورٌ: چىدامىلىق ئەسكەر.

إِمْرَأَةٌ صَبُورٌ: سەۋرچان ئايال.

حَاكِمٌ صَبُورٌ: رايىش هۆكۈمدار.

اَلصَّبُورُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، قادىر تۇرۇقلۇق گۇناھكارلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان ئاللاھ، دېگەن مەنىدە.

أُمُّ صَبُورٍ: ئىسسىق، قىزىق؛ بەختسىزلىك، ئاپەت، ئۇرۇش.

صَبْوَةٌ: سېغىنىش، ئىشتىياق؛ گۆدەكلىك؛ شەرق.

صَبُوٌّ: سېغىنىش، ئىشتىياق؛ شەرق.

صُبُوَّةٌ: ياشلىق، ياشلىق باھارى.

صَبِيَ يَصْبَى صَبَاءً: كىچىك بالىنىڭ قىلىقىنى قىلدى.

صَبِيَ الشَّيْخُ: بوۋاي كىچىك بالىدەك بولۇپ قالدى.

صَبِيَ إِلَى الشَّيْءِ: مايىل بولدى.

صَبِيَ الْمُغْتَرِبُ إِلَى بَلَدِهِ: مۇساپىر يۇرتىنى سېغىندى.

صَبًى: ياشلىق، ياشلىق دەۋرى.

اَلصِّبَى لِلْأَهْلِ وَالْعَشِيرَةِ: قوۋم-قېرىنداشلىرىنى سېغىنىش.

صِبْيَانِيٌّ: گۆدەكلىك، بالا مىجەز.

تَصَرُّفٌ صِبْيَانِيٌّ: بالىلارچە قىلىق.

صِبْيَانِيَّاتٌ: گۆدەكلەرچە، بالىلارچە ھەرىكەت.

صَبِيبٌ: قۇيۇلغان، مۇز.

سَقَطَ عَلَى الصَّبِيبِ فَانْكَسَرَتْ رِجْلُهُ: مۇزدا تېيىلىپ كېتىپ پۇتى سۇنۇپ كەتتى.

صَبِيبُ السَّيْفِ: قىلىچنىڭ بىسى.

صَبِيحٌ م صَبِيحَةٌ ج صِبَاحٌ: گۈزەل، چىرايلىق، كېلىشكەن.

شَابٌّ صَبِيحٌ: چىرايلىق يىگىت.

غَادَةٌ صَبِيحَةٌ: گۈزەل قىز.

زَارَهُ صَبِيحَةَ يَوْمِ الْجُمُعَةِ: جۈمە كۈنى ئەتىگەندە ئۇنى يوقلىدى.

صَبِيرٌ ج صُبَرَاءُ: سەۋر قىلغۇچى، چىدامىلىق؛ تاغ.

صَبِيرٌ ج صُبُرٌ: قېلىن بۇلۇت قاتلىمى، ئاق بۇلۇت.

صَبِيرٌ، صَبِيرَةٌ: پارچە نان، ئۇۋاق نان.

صُبَيْرَةٌ ج صُبَيْرَاتٌ: كاكتۇس.

صَبِيغٌ: بويالغان، بوياقلىق.

صَبِيٌّ ج صِبْيَانٌ وَ صُبْوَان وَ أَصْبِيَةٌ وَ صَبْيَةٌ وَ صِبْوَةٌ وَ أَصْبٌ: ئوغۇل بالا، ئۆسمۈر بالا.

صَبِيٌّ فِي التَّمْرِينِ: شاگىرت.

فِيْ هَذَا الْمَعْمَلِ صِبْيَانٌ يَتَدَرَّبُونَ عَلَى النِّجَارَةِ: بۇ كارخانىدا ياغاچچىلىقنى ئۆگىنىۋاتقان شاگىرتلار بار.

أُمُّ الصِّبْيَانِ: بالىلار رىۋايىتىدىكى جادۇ ئايال، ئالۋاستى.

﴿قَالُوا كَيْفَ نُكَلِّمُ مَنْ كَانَ فِي الْمَهْدِ صَبِيًّا﴾ «قرآن»: ئۇلار «بۆشۈكتىكى بوۋاققا قانداق سۆزلەيمىز»، دېدى.

صَبِيَّةٌ ج صَبَايَا: قىز بالا، قىزچاق.

صَحَا يَصْحُو صُحْوًا وَ صَحْوًا الرَّجُلُ: كىشى ئويغاندى، ئورنىدىن تۇردى، بىدار بولدى.

صَحَا السَّكْرَانُ: مەست هوشىغا كەلدى.

صَحَا مِنْ غَشْيَتِهِ: هوشىغا كەلدى.

صَحَابَةٌ (ج صَاحِبٌ) والواحدة صَحَابِيٌّ: ساھابە (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھاياتى ۋاقتىدا مۇسۇلمان بولۇپ، ھەمسۆھبەت بولغان ۋە مۇسۇلمان پېتى دۇنيادىن ئۆتكەن كىشى).

اَلصَّحَابَةُ مِنَ الْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنْصَارِ: مۇھاجىر ۋە ئەنسار ساھابىلەر.

صُحَارٌ: ئېشەكنىڭ ھاڭرىشى.

صَحَافَةٌ: ئاخباراتچىلىق.

رِجَالُ الصَّحَافَةِ: مۇخبىرلار، ژۇرنالىستلار، ئاخباراتچىلار.

عَالَمُ الصَّحَافَةِ: ئاخبارات ساھەسى.

صَحَافَةٌ حُرَّةٌ: ئاخبارات ئەركىنلىكى.

صَحَافِيٌّ: ئاخباراتچىلىق؛ مۇخبىر.

نَشَاطٌ صَحَافِيٌّ مُكَثَّفٌ: قويۇق ئاخباراتچىلىق پائالىيىتى.

صَحَافِيٌّ ج صَحَافِيُّونَ: ژۇرنالىست.

صَحِبَ يَصْحَبُ صُحْبَةً وَ صَحَابَةً: ھەمراھ بولدى، ئۈلپەتلەشتى، جورا بولدى، بىللە بولدى.

صَحِبَهُ: دوست تۇتتى، مۇناسىۋەت ئورناتتى، دوست بولدى.

﴿لَا يَسْتَطِيعُونَ نَصْرَ أَنْفُسِهِمْ وَلَاهُمْ مِنَّا يُصْحَبُونَ﴾ «قرآن»: ئۇلارنىڭ (چوقۇنۇۋاتقان) مەبۇدلىرى ئۆزلىرىنى قوغداشقىمۇ قادىر بولالمايدۇ، بىزنىڭ ياردىمىمىزگىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ.

صَحِبَكَ اللّٰهُ: سېنى ئاللاھ ساقلىسۇن.

صُحْبَةٌ: ھەمراھ بولماق، باردى-كەلدى قىلماق.

صُحْبَةٌ ج صَاحِبٌ: ھەمراھ، يولداش، خىزمەتداش؛ ھەمسۆھبەت.

ذَهَبَ صُحْبَتُهُمْ: ئۇلار بىلەن يولغا چىقتى.

صُحْبَةُ زُهُورٍ: بىر دەستە گۈل.

بَعَثَ إِلَيْهِ بِرِسَالَةٍ صُحْبَةَ فُلَانٍ: پالانىدىن خەت ئەۋەتتى.

صَحَّ يَصِحُّ صِحَّةً وَ صَحَاحًا: ساقايدى، شىپا تاپتى، سەھەت تاپتى.

صَحَّ الْجُرْحُ: يارا ساقايدى، ئوڭشالدى.

صَحَّ الشَّيْءُ: ساغلام بولدى، توغرا بولدى، تەن دۇرۇس بولدى.

صَحَّ الْخَبَرُ: خەۋەر ئىسپاتلاندى.

صَحَّ الْعَقْدُ: توختام توغرا بولدى.

صَحَّتِ النِّيَّةُ: نىيەت دۇرۇس بولدى.

صَحَّتِ الْعَزِيمَةُ: ئىرادىسى مۇستەھكەم بولدى.

صَحَّافٌ: خاتا ئوقۇغۇچى؛ گېزىت ساتقۇچى.

صِحَّةٌ: توغرىلىق، راستلىق، ھەقىقىيلىك، ئەمەلىيلىك، سالامەتلىك، ساغلاملىق.

حِفْظُ الصِّحَّةِ: ساقلىقنى ساقلاش.

صِحَّةُ الرَّأْيِ: كۆزقاراشنىڭ توغرىلىقى.

عِلْمُ الصِّحَّةِ: گىگېنا.

وِزَارَةُ الصِّحَّةِ: سەھىيە مىنىستىرلىقى.

مَصْلَحَةُ الصِّحَّةِ: سەھىيە ئىدارىسى.

طَبِيبُ الصِّحَّةِ: دوختۇر.

صِحَّةٌ نَفْسِيَّةٌ: پسىخولوگىيە ساغلاملىقى.

صِحَّةُ الْأَخْبَارِ: خەۋەرلەرنىڭ توغرىلىقى.

صِحَّةُ التَّعْبِيرِ: ئىپادىلەشنىڭ توغرىلىقى.

صِحَّةُ الصَّلَاةِ : نامازنىڭ دۇرۇس بولۇشى.

صِحَّةُ الْبَيْعِ: سودا-سېتىقنىڭ توغرا بولۇشى.

عَلَى صِحَّتِكَ: سېنىڭ سالامەتلىكىڭ.

صَحَّحَ يُصَحِّحُ تَصْحِيحًا: ساقايتتى، توغرىلىدى، ئوڭشىدى.

صَحَّحَ الْكِتَابَ: كىتابقا تۈزىتىش كىرگۈزدى.

صَحَّحَ الْخَطَأَ: خاتانى ئوڭشىدى، توغرىلىدى.

صَحَّحَ الْخَبَرَ: خەۋەرنى ئىسپاتلىدى، تەستىقلىدى.

صَحَّحَ الرِّسَالَةَ: خەتكە ئىمزا قويدى.

صَحَّحَ الْعَقْدَ: توختامغا قول قويۇشتى.

صَحَّحَ اللّٰهُ الْمَرِيضَ: ئاللاھ كېسەلگە شىپالىق بەردى.

صُحِّحَتِ الْمُعَاهَدَةُ: كېلىشىم ئىمزالاندى.

صَحَّفَ يُصَحِّفُ تَصْحِيفًا الْكَلِمَةَ: خاتا ئوقۇدى، خاتا تەلەپپۇز قىلدى؛ خاتا يازدى.

صَحَّفَ الْخَبَرَ: يالغان خەۋەر قىلدى، خەۋەرنى ئۆزگەرتتى.

صَحَّى يُصَحِّي تَصْحِيَةً: ئويغاتتى.

صِحِّيٌّ: پاكىز، ساغلام، ساق.

غَيْرُ صِحِّيٍّ: ساقسىز، ساغلام ئەمەس.

مَحْجِرٌ صِحِّيٌّ: كارانتىن قىلىش ئورنى.

مُوَظَّفٌ صِحِّيٌّ: ساقلىق ساقلاش خادىمى.

هَوَاءٌ جَبَلِيٌّ صِحِّيٌّ: ساغلاملىققا پايدىلىق تاغ هاۋاسى.

اَلتَّدْخِينُ غَيْرُ صِحِّيٍّ: تاماكا ساغلاملىققا زىيانلىق.

اَلْخَدَمَاتُ الصِّحِّيَّةُ: ساقلىقنى ساقلاشقا دائىر خىزمەتلەر.

صَحَرٌ. صُحْرَةٌ: كۆل رەڭ.

صَحْرَاءُ ج صَحَارَى وَ صَحَارٍ وَ صَحَارِيٌّ وَ صَحْرَوَاتٌ: چۆل، باياۋان، قۇملۇق، سەھرا.

اَلصَّحْرَاءُ الْكُبْرَى فِي افْرِيقْيَا: ئافرىقىدىكى سەھرايى كەبىر.

صَحْرَاوِيٌّ: چۆللۈك، چۆلگە مەنسۇپ.

صَحْرَاوِيٌّ ج صَحْرَاوِيُّونَ: سەھرالىق، قىرلىق.

مُنَاخٌ صَحْرَاوِيٌّ: چۆل هاۋا كىلىماتى، قۇملۇق هاۋا كىلىماتى.

أَرَاضٍ صَحْرَاوِيَّةٌ: چۆللۈك زېمىن.

صَحْفَةٌ ج صِحَافٌ: لېگەن، تاۋاق، چوڭ تەخسە.

صَحْفَةُ الْعُمُودِ: تۈۋرۈك بېشى.

﴿يُطَافُ عَلَيْهِمْ بِصِحَافٍ مِّنْ ذَهَبٍ وَّ أَكْوَابٍ﴾ «قرآن»: ئۇلارغا ئالتۇن لېگەنلەردە (تائام)، ئالتۇن جاملاردا (شاراب) تۇتۇلىدۇ.

«أَنَّ رَسُولَ اللهِ أَمَرَ بِلَعْقِ الْأَصَابِعِ وَالصَّحْفَةِ» «حديث»: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولنى ۋە تاماق يېگەن قاچىنى يالىۋېتىشكە بۇيرۇيتتى.

صِحَافُ الطَّعَامِ: هەر خىل يېمەكلىكلەر.

صَحَفِيٌّ: ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچى، ئۆز ئالدىغا ئۆگەنگۈچى؛ مۇخبىر، ئاخبارات خادىمى.

مُؤْتَمَرٌ صَحَفِيٌّ: ئاخباراتچىلار قۇرۇلتىيى.

يَعْمَلُ مُلْحَقًا صَحَفِيًّا: ئاخبارات خادىمى، ئاخبارات ئەمەلدارى.

نَدْوَةٌ صَحَفِيَّةٌ: ئاخبارات يىغىنى.

صَحِلَ يَصْحَلُ صَحَلًا الرَّجُلُ: ئاۋازى غورۇڭ-غورۇڭ چىقتى.

صَحَلٌ: غاراڭ-غورۇڭ ئاۋاز.

صُحْمَةٌ: سېرىق، سېرىق رەڭ.

صَحَنَ يَصْحَنُ صَحْنًا الشَّيْءَ: قاچىدا بىر نەرسە سۇنۇپ بەردى.

صَحَنَ الْحَبَّةَ: ئاشلىق سوقتى.

صَحْنٌ ج أَصْحُنٌ وَ صُحُونٌ: تەخسە، لېگەن، تاۋاق.

صَحْنُ الدَّارِ: قورۇ، هويلا.

صَحْنُ الْمَسْجِدِ: مەسچىتنىڭ ئوتتۇرىسى.

صَحْنُ الْمَحْكَمَةِ: (سوت مەھكىمىسىدىكى) ئادۋوكاتنىڭ ئورنى.

صَحْنَاةٌ: ساردىن بېلىقى.

صَحْنَى: ساردىن بېلىقى.

صَحْوٌ: ئويغىنىش، ئاڭ، ئاڭلىقلىق، سەگەكلىك؛ ئوچۇق.

سَمَاءٌ صَحْوٌ: سۈزۈك ئاسمان.

نَهَارٌ صَحْوٌ: ئوچۇق كۈن.

صَحْوَةٌ ج صَحَوَاتٌ: سەگەك؛ پاراسەت؛ ئەقىل؛ ئاڭ، ئويغۇ.

اَلصَّحْوَةُ الْإِسْلَامِيَّةُ: ئىسلامىي ئويغىنىش.

أَيَّامُ الصَّحْوَةِ: ئوچۇق كۈنلەر.

صُوَيْحِبٌ م صُوَيْحِبَةٌ: كىچىك دوست، شاكىچىك.

صَحِيَ يَصْحَى صَحًى الرَّجُلُ: ئويغاندى، ئورنىدىن تۇردى، بىدار بولدى.

صَحِيرٌ: ئېشەكنىڭ هاڭرىشى.

صَحِيحٌ ج صِحَاحٌ وَ أَصِحَّاءُ وَ أَصِحَّةٌ وَ صَحَائِحُ: توغرا، بېجىرىم، ساغلام.

صَحِيحُ الْجِسْمِ: ساغلام، سالامەتلىكى ياخشى، تەندۇرۇس.

غَيْرُ صَحِيحٍ: خاتا، توغرا ئەمەس، ساق ئەمەس.

عَدَدٌ صَحِيْحٌ: پۈتۈن سان، توغرا سان.

حِسَابٌ صَحِيْحٌ: توغرا ھېساب.

حَدِيْثٌ صَحِيْحٌ: سەھىھ ھەدىس.

صَحِيْحٌ أَنَّهُ قَامَ بِعَمَلِهِ: ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغانلىقىدا شەك يوق.

آلَةٌ صَحِيْحَةٌ: ساق زاپچاس، ساق ماشىنا.

صَحِيْفَةٌ ج صَحِيْفَاتٌ وَ صَحَائِفُ وَ صُحُفٌ: كىتاب، ۋاراق، سەھىپە؛ تېرە؛ گېزىت؛ بەت.

صَحِيْفَةُ الْوَجْهِ: يۈز، يۈزنىڭ تېرىسى.

﴿إِنَّ هَـذَا لَفِي الصُّحُفِ الْأُوْلَى، صُحُفِ إِبْرَاهِيْمَ وَمُوسَى﴾ ‹قرآن›: بۇ (يەنى، بۇ سۈرىدىكى ۋەزلەر) شەك-شۈبھىسىزكى، بۇرۇنقى كىتابلاردا - ئىبراھىم ۋە مۇسالارنىڭ كىتابلىرىدا باردۇر.

صَحِيْفَةُ الدَّعْوَى: چاقىرىق قەغىزى، تەكلىپنامە، باغاق.

صَحِيْفَةُ أَخْبَارٍ: گېزىت.

صَحِيْفَةُ رُخَامٍ: مەرمەر تاشنىڭ يۈزى.

صَحِيْفَةُ الْأَهْرَامِ: ئەھرام گېزىتى.

اَلصَّحِيْفَةُ الْعَقَّارِيَّةُ: يەر خېتى.

صُحُفُ الصَّبَاحِ: ئەتىگەنلىك گېزىتلەر.

صَخِبَ يَصْخَبُ صَخَبًا: ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلدى، توۋلىدى، ۋارقىرىدى.

صَخِبَ الْبَحْرُ: دېڭىز دولقۇنلىرى.

يَصْخَبُ الْبَحْرُ فِي الشِّتَاءِ: قىشتا دېڭىز دولقۇنلايدۇ.

صَخَبٌ: ۋاراڭ-چۇرۇڭ، ۋارقىراش، توۋلاش، غەلۋە-غوۋغا.

صَخَبُ الْمُتَظَاهِرِيْنَ: نامايىشچىلارنىڭ ۋارقىراش-توۋلاشلىرى.

أَثَارَ صَخَبًا عَالِيًا: ۋارقىراپ جارقىرىدى.

صَخِبٌ: شاۋقۇن-سۈرەن كۆتۈرگۈچى، قاتتىق توۋلىغۇچى.

صَخَّ يَصِخُّ صَخًّا الصَّوْتُ الْأُذُنَ: قۇلاقنى پاڭ قىلىۋەتتى.

صَخَّابٌ: شاۋقۇن-سۈرەن كۆتۈرگۈچى، قاتتىق توۋلىغۇچى.

صَخَّةٌ ج صَخَّاتٌ: تاراڭ-تۇرۇڭ ئاۋاز.

صَخَّةُ الْحَدِيْدِ بِالْمِطْرَقَةِ: بازغان بىلەن تۆمۈرنى ئۇرغاندىكى ئاۋاز.

صَخِدَ يَصْخَدُ صَخْدًا وَ صَخَدَانًا الْيَوْمَ: كۈن ئىسسىق بولدى.

صَخْدَانٌ: قاتتىق ئىسسىق، پىژغىرىم ئىسسىق.

صَخِرَ يَصْخَرُ صَخَرًا الْمَكَانُ: جاي تاشلىق بولدى.

صَخِرَتْ سَوَاحِلُ الشِّمَالِ: شىمالىي قىرغاقلار تاشلىشىپ كەتتى.

صَخْرٌ ج صُخُورٌ وَ صُخُورَةٌ: تاش، تاغ جىنسى.

صُخُوْرٌ رُسُوْبِيَّةٌ: چۆكمە جىنس.

صُخُوْرٌ صَمَّاءُ: قورام تاش.

صَخْرٌ مُحَبَّبٌ: گرانىت تاش.

﴿وَثَمُودَ الَّذِيْنَ جَابُوا الصَّخْرَ بِالْوَادِ﴾ ‹قرآن›: شۇنىڭدەك ۋادى قورادا تاشلارنى كېسىپ (ئۆيلەرنى بىنا قىلغان) سەمۇدنى ئاللاھ قانداق جازالىدى.

ثَابِتٌ كَالصَّخْرِ: تاشتەك، مۇستەھكەم.

قَلْبُهُ مِنَ الصَّخْرِ: دىلى تاشتەك.

صُخُورُ الْجِبَالِ: تاغلارنىڭ تاشلىرى.

صَخِرٌ: تاشلىق جاي، ساي.

صَخْرَةٌ ج صُخُورٌ وَ صَخْرٌ: تاش، تاغ جىنسى.

صُخُوْرٌ نَارِيَّةٌ: يانار تاغ جىنسلىرى.

﴿قَالَ أَرَأَيْتَ إِذْ أَوَيْنَا إِلَى الصَّخْرَةِ﴾ ‹قرآن›: ياش خادىم: «بىز چوڭ تاش ئاستىدا ئارام ئېلىۋاتقاندا يۈز بەرگەن ئىشتىن،... خەۋىرىڭ بارمۇ؟» دېدى.

اَلصَّخْرَةُ: گۈمبەز، بەيتۇلمۇقەددەستىكى بىر

مەسجىد، ئۇنى ئابدۇلمەلىك ئىبن مەرۋان بىنا قىلغان.

**صُخُورٌ مُنَضَّدَةٌ:** تاغ جىنسلىرى قاتلاملىرى.

**عِلْمُ الصُّخُورِ:** پېتروگرافىيە، پېترولوگىيە.

**صَخْرِيٌّ:** تاشلىق جاي، ساي.

**نَقْشٌ صَخْرِيٌّ:** تاش ئويما.

**أُكْتُشِفَتْ قُبُورٌ صَخْرِيَّةٌ:** تاش قەبرىلەر بايقالدى.

**اَلصَّخْرِيَّاتُ:** پېتروگرافىيە، پېترولوگىيە.

**صِدَارٌ:** جىلىتكە، مايكا، پەلتچەك؛ كەمەر، بەلۋاغ.

**صِدَارُ النَّجَاةِ:** قۇتقۇزۇش كىيىمى.

**صَدَارَةٌ:** تۆر، باش ئورۇن.

**جَلَسَ مَكَانَ الصَّدَارَةِ:** تۆردە ئولتۇردى.

**فُلَانٌ لَهُ الصَّدَارَةُ فِي قَوْمِهِ:** پالانى قوۋمىنىڭ ئاقساقىلى.

**صُدَاعٌ:** باش ئاغرىقى.

**صَدَاقٌ ج أَصْدِقَةٌ وَ صُدُقٌ وَ صَدُقَةٌ:** مەھرى، تويلۇق.

**صِدَاقُهَا مِائَةُ دِينَارٍ:** ئۇنىڭ مەھرى يۈز دىنار.

**حَضَرَ حَفْلَ عَقْدِ الصَّدَاقِ:** نىكاھ مۇراسىمىغا قاتناشتى.

**صَدَاقَةٌ:** دوستلۇق.

**مُعَاهَدَةُ الصَّدَاقَةِ:** دوستلۇق شەرتنامىسى.

**بَيْنَهُمَا صَدَاقَةٌ مُنْذُ الصِّغَرِ:** كىچىكىدىن تارتىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دوستلۇق بار.

**صِدَامٌ:** جاۋغاي؛ تاكاللاشماق، جاڭجاللاشماق، توقۇنۇش.

**فِرْقَةُ الصِّدَامِ:** پىدائىيلار، پىدائىيلار ئەترىتى.

**صَدَامٌ:** ھايۋانلارنىڭ بېشىدا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

**صِدَامُ السَّيَّارَاتِ:** ماشىنىلارنىڭ سوقۇلۇپ كېتىشى.

**صَدَأَ يَصْدَأُ صَدَأً الْحَدِيدُ:** تۆمۈر داتلاشتى، دات باستى.

**صَدُؤَ يَصْدُؤُ صَدَاءَةً الْحَدِيدُ:** تۆمۈر داتلاشتى، دات باستى.

**صَدِأَ يَصْدَأُ صَدَأً الْحَدِيدُ:** تۆمۈر داتلاشتى، دات باستى.

**صَدِأَ بَعْدَ نَشَاطِهِ الْكَثِيفِ:** قويۇق پائالىيەتتىن كېيىن بوشاپ قالدى.

**صَدَأٌ. صَدَاءَةٌ:** دات.

**صَدَأُ الْحِنْطَةِ:** بۇغدايىنىڭ قارا كۈيە كېسىلى.

**غَيْرُ قَابِلٍ لِلصَّدَأِ:** داتلاشماس، دات باسماس.

**أَكَلَهُ الصَّدَأُ:** ئۇنى دات يەپ كەتتى.

**مَعْدِنٌ ضِدَّ صَدَءٍ:** داتلاشماس مېتال.

**صُدْأَةٌ:** قوكۇر رەڭلىك.

**مَعَادِنُ صَدِئَةٌ:** داتلاشقان مېتاللار.

**صَدَحَ يَصْدَحُ صَدْحًا وَ صُدَاحًا الرَّجُلُ:** ناخشا ئېيتتى، غەزەل ئوقۇدى.

**صَدَحَ الْبُلْبُلُ:** بۇلبۇل سايرىدى.

**صَدَحَتِ الْمُوسِيقَى:** مۇزىكا سايراپ كەتتى.

**صَدَحَ الْمُطْرِبُ بِأَنْغَامٍ مُوسِيقِيَّةٍ شَجِيَّةٍ:** مۇزىكانىت مۇڭلۇق مۇزىكا ئاھاڭلىرى بىلەن ناخشا ئېيتتى.

**صَدْحَةٌ ج صَدَحَاتٌ:** قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايرىشى؛ قۇلۇلە قېپى.

**صَدَّ يَصُدُّ صَدًّا وَ صُدُودًا:** توسۇدى، توختاتتى، تىزگىنلىدى، دەخلى يەتكۈزدى، توسالغۇ بولدى؛ قارشى تۇردى، تىركەشتى؛ چېكىندۇردى، رەت قىلدى؛ باش تارتتى، ئۆزىنى قاچۇردى.

**صَدَّ عَنْ زِيَارَةِ آقَارِبِهِ:** يېقىنلىرىنى يوقلاشتىن يۈز ئۆرۈدى.

**يَصُدُّ الْجَيْشُ الْعَدُوَّ فِي كُلِّ هَجَمَاتِهِ:** قوشۇن دۈشمەننىڭ بارلىق ھۇجۇملىرىنى چېكىندۇرمەكتە.

**﴿فَمِنْهُمْ مَنْ آمَنَ بِهِ وَ مِنْهُمْ مَنْ صَدَّ عَنْهُ﴾** «قرآن»:

ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار)نىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىمان ئېيتقانلارمۇ بار، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرمۇ بار.

**صَدٌّ**: توسماق، مەنئى قىلماق؛ قارشى تۇرماق؛ چېكىندۈرمەك، قايتۇرما زەربە بەرمەك.

**﴿وَ صَدٌّ عَنْ سَبِيْلِ اللهِ وَ كُفْرٌ بِهِ وَالْمَسْجِدِ الْحَرَامِ﴾** «قرآن»: ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش، ئاللاھقا كۇپۇرلۇق قىلىش، مەسجىدى ھەرەمدە (ئىبادەت قىلىشتىن) توسۇش... (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا چوڭ گۇناھدۇر).

**صَدَدٌ**: مۇناسىۋەت؛ مۇھىم ئىش، سۆزنىڭ ماۋزۇسى؛ مەقسەت، نىشان؛ ئۇدۇلىدا، ئالدىدا.

**فِي هَذَا الصَّدَدِ**: بۇ جەھەتتە، بۇ مەسىلە توغرىسىدا.

**دَارِي صَدَدَ دَارِهِ**: مېنىڭ ئۆيۈم ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدا.

**هُوَ بِصَدَدِ فِعْلِ كَذَا**: ئۇ مۇشۇ ئىش يولىدا.

**صَدَّاحٌ**: ناخشىچى.

**طَائِرٌ صَدَّاحٌ ج صَوَادِحُ**: ناخشىچى قۇش.

**صَدَّامٌ**: ئۇرغاق، سوققاق.

**صَدَّدَ يُصَدِّدُ تَصْدِيْدًا الْجُرْحُ**: جاراھەت يىرىڭلىدى.

**صَدَّرَ يُصَدِّرُ تَصْدِيْرًا بِكَذَا**: كىرىش سۆز يازدى، مۇقەددىمە يازدى.

**صَدَّرَ الْبِضَاعَةَ**: مالنى ئېكسپورت قىلدى.

**صَدَّرَ الشَّيْءَ**: ئەۋەتتى، يوللىدى.

**صَدَّعَ يُصَدِّعُ تَصْدِيْعًا الشَّيْءَ**: يوچۇق ئاشتى، يوچۇق پەيدا قىلدى.

**صَدَّعَ الزِّلْزَالُ الْمَسَاكِنَ**: يەر تەۋرەش بىلەن ئۆيلەرگە دەز كەتتى.

**﴿لاَيُصَدَّعُونَ عَنْهَا وَلاَ يُنْزِفُونَ﴾** «قرآن»: ئۇ شارابنى ئىچىش بىلەن ئۇلارنىڭ بېشى ئاغرىمايدۇ، مەست بولمايدۇ.

**صَدَّعَ الشَّخْصَ**: باش ئاغرىقى كەلتۈردى.

**صَدَّعَ الزَّجِيْجُ الرَّجُلَ**: ۋاراڭ-چۇرۇڭ كىشىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋەتتى.

**صَدَّقَ يُصَدِّقُ تَصْدِيْقًا الْخَبَرَ**: خەۋەرگە ئىشەندۈردى.

**صَدَّقَ عَلَى الأَمْرِ**: ئىشقا بەلگىلىدى، تەستىقلىدى، ئىسپاتلىدى.

**﴿بَلْ جَاءَ بِالْحَقِّ وَ صَدَّقَ الْمُرْسَلِيْنَ﴾** «قرآن»: ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ ھەق (دىننى) ئېلىپ كەلدى ۋە پەيغەمبەرلەرنى تەستىقلىدى.

**مَا صَدَّقَ عَيْنَيْهِ**: كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى.

**صَدَّقَ فُلاَنًا**: پالانىغا ئىشەندى.

**«صَدَّقَ مَجْلِسُ الْوُزَرَاءِ عَلَى الْمُعَاهَدَةِ»**: دۆلەت كېلىشىمگە ئىمزا قويدى.

**صَدِّقْ أَوْ كَذِّبْ**: مەيلى ئىشەن، مەيلى ئىشەنمە (خالىغىنىڭنى قىل).

**صَدَّى يُصَدِّي تَصْدِيَةً بِيَدِهِ**: چاۋاك چالدى.

**صَدَّى الشَّيْءُ**: ئەكس سادا چىقاردى.

**صَدَّى الشَّخْصَ**: ئۇسسىتىۋەتتى.

**صِدِّيْقٌ ج صِدِّيْقُونَ**: ھەققانىي، راستچىل، ئىشەنچلىك، سادىق، دوست.

**﴿وَاذْكُرْ فِي الْكِتَابِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّهُ كَانَ صِدِّيقاً نَّبِيّاً﴾** «قرآن»: (ئى مۇھەممەد) كىتابتا (يەنى، قۇرئاندا) ئىبراھىمنى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ راستچىل پەيغەمبەر ئىدى.

**اَلصِّدِّيْقُ**: ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ لەقىمى.

**صَدَرَ يَصْدُرُ صَدْرًا وَ مَصْدَرًا إِلَيْهِ**: باردى، ماڭدى، كەتتى.

**صَدَرَ يَصْدُرُ صَدْرًا وَ صُدُورًا الأَمْرُ**: پەيدا بولدى، يۈز بەردى، كېلىپ چىقتى، سادىر بولدى.

﴿يَوْمَئِذٍ يَصْدُرُ النَّاسُ أَشْتَاتًا لِيُرَوْا أَعْمَالَهُمْ﴾ ‹قرآن›: بۇ كۈندە كىشىلەر قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن توپ-توپ بولۇپ تارىلىپ كېتىدۇ.

صَدَرَ الْحُكْمَ فِي الْقَضِيَّةِ: دەۋادىكى ھۆكۈم چىقتى.

صَدَرَ الْكَلَامَ عَنْ قَلْبٍ طَيِّبٍ: ياخشى نىيەت بىلەن سۆزلىدى.

صَدَرَ عَنِ الشَّيْءِ: كېلىپ چىقتى.

صَدَرَ عَنْ مَوْقِفِهِ ارْتِيَاحٌ بَيْنَ أَتْبَاعِهِ: ئەگەشكۈچىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ مەيدانىغا قارىتا خۇشاللىنىش كېلىپ چىقتى.

صَدْرٌ: كەلمەك؛ قايتماق.

صَدْرٌ ج صُدُورٌ: ئوتتۇرا مەكتەپ؛ شەرەپلىك ئورۇن، كۆكرەك؛ ئەمچەك؛ دىل، قەلب؛ غايە.

صَدْرُ الْإِسْلَامِ: ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى دەۋرى.

﴿وَاللهُ عَلِيمٌ بِذَاتِ الصُّدُورِ﴾ ‹قرآن›: ئاللاھتائالا كۆڭۈللەردىكىنى بىلگۈچىدۇر.

صَدْرُ الثَّوْبِ: كىيىمنىڭ ئالدى پېشى.

صَدْرُ الرَّجُلِ: تەبىئىتى، كۆكسى-قارنى.

صَدْرُ الشَّيْءِ وَالْمَكَانِ: باش ئورۇن، يۇقىرى ئورۇن، تۆر.

صَدْرُ بَيْتِ الشِّعْرِ: شېئىرنىڭ ئالدىنقى مىسراسى.

صَدْرُ الْأَعْظَمِ: باش مىنىستىر، باش ۋەزىر.

بَنَاتُ الصَّدْرِ: خىيال، غەم-قايغۇ.

رَحْبُ الصَّدْرِ: قارنى-كۆكسى كەڭ.

ضَيِّقُ الصَّدْرِ: ئىچى تار.

ذَاتُ الصَّدْرِ: كۆكرەك بوشلۇقى كېسەللىكى.

مُنْقَبِضُ الصَّدْرِ: ئىچى پۇشقۇچى، روھسىز، خاپا، يۈرىكى سىقىلغۇچى.

مَكْنُونَاتُ الصَّدْرِ: يۈرەك سىرلىرى.

صَدْرًا مِنَ الزَّمَانِ: زاماندىن بىر قىسىم.

صُدْرَةٌ ج صُدَرٌ: جىلىتكە، مايكا.

صَدْرِيٌّ: كۆكرەكلىك، كۆكرەكنىڭ.

اَلتَّجْوِيفُ الصَّدْرِيّ: كۆكرەك بوشلۇقى.

دَاءٌ صَدْرِيٌّ: كۆكرەك ئاغرىقى.

اَلْقَفَصُ الصَّدْرِيّ: كۆكرەك قېپى.

أَمْرَاضٌ صَدْرِيَّةٌ: يۈرەك ئاغرىقى.

صُدْرِيَّةٌ: لىپتىك، باغىرداق.

نَزْلَةٌ صَدْرِيَّةٌ: زىققە كېسىلى، دەم سىقىلىش.

صَدَعَ يَصْدَعُ صَدْعًا الشَّيْءَ: نەرسىنى يېرىۋەتتى، پارچىلىۋەتتى.

صَدَعَ الْأَمْرَ: ئاشكارىلىدى، پاش قىلدى.

صَدَعَ بْالْحَقِّ: ھەقىقەتنى جاكارلىدى.

﴿فَاصْدَعْ بِمَا تُؤْمَرُ وَ أَعْرِضْ عَنِ الْمُشْرِكِيْنَ﴾ ‹قرآن›: ساڭا بۇيرۇلغاننى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن، مۇشرىكلارنىڭ (مەسخىرىلىرىگە) پەرۋا قىلمىغىن.

صَدَعَ يَصْدَعُ صُدُوعًا: مايىل بولدى، ئېغىپ كەتتى.

صُدِعَ: باش ئاغرىقىغا مۇپتىلا بولدى.

صَدْعٌ: يېرىلماق، پارچىلانماق.

صَدْعٌ ج صُدُوعٌ: چاك، يېرىق، دەز.

﴿وَالْأَرْضِ ذَاتِ الصَّدْعِ﴾ ‹قرآن›: يېرىلىپ (گىياھلارنى ئۈندۈرۈپ بېرىدىغان) زېمىن بىلەن قەسەمكى، ...

صِدْعٌ . صِدْعَةٌ ج صِدَعٌ: يېرىمى، يېرىم، پارچىسى؛ بىر بۆلۈك كىشىلەر.

صَدَغَ يَصْدُغُ صَدْغًا عَنِ الْأَمْرِ: توختىتاتتى، تىزگىنلىدى، توسۇدى.

صَدَغَ النَّمْلَةَ: چۈمۈلىنى ئۆلتۈردى.

صَدَغَ الشَّخْصَ: چېكىسىگە ئۇردى.

صُدِغَ الشَّخْصُ: باش ئاغرىقىغا گىرىپتار بولدى.

صُدْغٌ ج أَصْدَاغٌ: چېكە، چېكە چاچ، ياڭاق چاچ (قۇلاق بىلەن كۆز ئارىلىقى).

ضُرِبَ عَلَى صُدْغِهِ فَأُغْمِيَ عَلَيْهِ: چېكىسىگە تاياق تېگىپ، هوشىدىن كەتتى.

صِدْغٌ: يۈزى قېلىن؛ كۆرۈمسىز.

صُدْغِيٌّ: چېكىنىڭ، چېكە سۆڭىكى.

صَدَفَ يَصْدِفُ صَدْفًا وَ صُدُوفًا عَنْ كَذَا: ئارقىسىغا ياندى، چېكىندى.

صَدَفَ عَنْ: يىرگەندى، بىزار بولدى، ياقتۇرمىدى.

صَدَفَ عَنِ الْحَقِّ: ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈدى.

صَدَفَ يَصْدِفُ صَدَفًا عَنْهُ: قاچتى، ئۆزىنى قاچۇردى، باش تارتتى.

﴿فَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنْ كَذَّبَ بِآيَاتِ اللهِ وَصَدَفَ عَنْهَا﴾ «قۇرئان»: ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟

صَدَفٌ ج أَصْدَافٌ: سەدەپ.

صَدَفُ الْأُذُنِ: تاشقى قۇلاق.

﴿حَتَّى إِذَا سَاوَى بَيْنَ الصَّدَفَيْنِ قَالَ انْفُخُوا﴾ «قۇرئان»: ئىككى تاغنىڭ ئارىسى تەكشى بولغاندا، كۆيۈكلەرنى بېسىڭلار، دېدى.

صَدَفَا الْجَبَلِ: تاغنىڭ ئىككى يېقى.

شُغْلُ الصَّدَفِ: قۇلۇلە قېپىنى باشقا نەرسىگە نەقىش قىلماق.

عِلْمُ الْأَصْدَافِ: قۇلۇلەشۇناسلىق.

صُدْفَةٌ / صِدْفَةٌ ج صُدَفٌ: تاسادىپىي، ئۇشتۇمتۇت، تۇيۇقسىز، كۈتۈلمىگەندە.

صَدَفِيٌّ: قۇلۇلە قېپىنىڭ.

رَهْنٌ صَدَفِيٌّ: سەدەپ مېيى.

صُدَفِيٌّ: تاسادىپىيلىق.

صَدَقَ يَصْدُقُ صِدْقًا وَ مَصْدُوقَةً وَ تِصْدَاقًا: راست ئېيتتى، توغرا سۆزلىدى، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى.

صَدَقَ فِي وَعْدِهِ: ۋەدىسىگە ئەمەل قىلدى، ۋەدىسىدە تۇردى.

﴿هَذَا مَا وَعَدَ الرَّحْمَنُ وَ صَدَقَ الْمُرْسَلُونَ﴾ «قۇرئان»: مېھرىبان ئاللاھنىڭ ۋەدە قىلغىنى مۇشۇ (كۈن)، پەيغەمبەرلەر راست ئېيتقان.

صَدَقَ قَوْلَهُ: راست ئېيتتى.

صَدَقَ النُّصْحَ: سەمىمىي نەسىھەت قىلدى.

صَدَقَهَا الْحُبَّ: ئۇنى چىن دىلىدىن سۆيدى.

صَدَقَ اللهُ الْعَظِيْمُ: ئۇلۇغ ئاللاھ راست ئېيتتى («قۇرئان كەرىم» تىلاۋەت قىلىنغاندىن كېيىن ئېيتىلىدۇ).

صَدَقَتِ الْمَرْأَةُ فِي وَعْدِهَا: ئايال ۋەدىسىدە تۇردى.

صَدَقَتْ عَزِيْمَتُهُ عَلَى فِعْلِ الْخَيْرِ: ياخشى ئىشلارغا بولغان نىيىتى توغرا بولدى.

فُلَانٌ يَصْدُقُ فِيْ حَدِيْثِهِ دَائِمًا: پالانى ھەمىشە راست سۆزلەيدۇ.

صِدْقٌ: راستلىق، ھەقىقەت، سادىقلىق، راستچىللىق، ئىشەنچلىك.

«وَكُنْ صَادِقًا فِيْمَا تَقُوْلُ وَلاَ تَمُنْ فَإِنَّ مَقَالَ الصِّدْقِ أَعْلَى وَأَفْيَدُ»: سۆزدە راستچىل بول، يالغانچىلىق قىلما، راست سۆز ئىنتايىن قىممەتلىك ۋە مەنپەئەتلىكتۇر.

صِدْقًا: راست، ھەقىقەتەن.

﴿وَاجْعَلْ لِيْ لِسَانَ صِدْقٍ فِي الْآخِرِيْنَ﴾ «قۇرئان»: كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغىن.

اَلصِّدْقُ فِي الْقَوْلِ وَالْإِخْلَاصُ فِي الْعَمَلِ: سۆزدە راستچىللىق ئىشتا سەمىمىيلىك بولىدۇ.

صَدَقَةٌ ج صَدَقَاتٌ: سەدىقە، ئېھسان، زاكات.

﴿قَوْلٌ مَّعْرُوفٌ وَ مَغْفِرَةٌ خَيْرٌ مِنْ صَدَقَةٍ يَتْبَعُهَا أَذًى﴾ «قۇرئان»: ياخشى سۆز ۋە كەچۈرۈش كېيىن ئەرزىيەت يەتكۈزىدىغان سەدىقىدىن ئەۋزەلدۇر.

﴿إِنَّمَا الصَّدَقَاتُ لِلْفُقَرَاءِ﴾ «قرآن»: زاكات پەقەت
پېقىرلارغا...
صَدَقَةُ الْفِطْرِ: پىتىر سەدىقىسى.
جَمْعُ الصَّدَقَاتِ: زاكات يىغىش.
صَدُقَةٌ ج صَدُقَاتٌ: تويلۇق، مەھرى.
﴿وَآتُوا النِّسَاءَ صَدُقَاتِهِنَّ نِحْلَةً﴾ «قرآن»: ئاياللارغا
ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى خۇشاللىق بىلەن
سوۋغا قىلىپ بېرىڭلار.
صَدَمَ يَصْدِمُ صَدْمًا: ئۇرۇلدى، سوقۇلدى؛
ئۇرۇۋەتتى، سوقۇۋەتتى.
صَدَمَهُ أَمْرٌ: بىر ئىش ئۇنىڭغا تەسىر قىلدى.
صَدَمَتِ السَّيَّارَةُ الطِّفْلَ: بالىنى ماشىنا سوقۇۋەتتى.
صَدَمَتْهُ كَارِثَةٌ: ئۇنىڭغا كېلىشمەسلىك كەلدى.
صَدْمَةٌ ج صَدَمَاتٌ: ئۇرۇلۇپ كەتمەك، تېگىپ
كەتمەك، سوقۇلۇپ كەتمەك.
صَدْمَةُ الْعَبْوَةِ: ئارقىغا تېپىش كۈچى؛ تىترىمەك،
زىلزىلىگە كەلتۈرمەك، سىلكىمەك.
صَدُوحٌ: ناخشىچى.
صُدُودٌ: يۈز ئۆرۈمەك.
﴿رَأَيْتَ الْمُنَافِقِيْنَ يَصُدُّونَ عَنْكَ صُدُودًا﴾ «قرآن»:
مۇناپىقلارنىڭ سەندىن قاتتىق يۈز
ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرىسەن.
صَدُوقٌ ج صُدُقٌ: راستچىل، ھەقىقىي، سادىق،
سەمىمىي.
صَدِيَ يَصْدَى صَدًى: چاڭقىدى، قاتتىق ئۇسسىدى.
صَدًى ج أَصْدَاءٌ: ئەكس سادا، سادا، ئىنكاس؛
ھۇۋقۇش.
لِهَذَا الْخَبَرِ صَدًى بَعِيْدٌ: بۇ خەۋەر كەڭ كۆلەمدە
ئىنكاس قوزغىدى.
أَصْبَحَ لَهُ صَدًى وَاسِعٌ فِي الْبِلَادِ: ئۇ مەملىكەت
بويىچە چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە.
لَيْسَ لَهُ أَيُّ صَدًى: ھېچقانداق ئىنكاسقا ئىگە
ئەمەس.
صَدَى غِنَاءِ الرَّاعِي فَوْقَ الْجَبَلِ: پادىچىنىڭ
ناخشىسىنىڭ تاغ ئۈستىدىكى ئەكس ساداسى.
أَسْرَعُ مِنْ رَجْعِ الصَّدَى: ئاۋازنىڭ ئەكس
ساداسىدىنمۇ تېز.
تُرَدِّدُ صَدَاهُ فِي جَمِيْعِ الْأَوْسَاطِ: پۈتكۈل ساھەلەردە
ئۇنىڭ ساداسى ياڭرايدۇ.
صَدًى: دات.
صَدٍ م صَدْيَةٌ ج صُدَاةٌ: ئۇسسۇز، چاڭقاپ كەتكەن
ئادەم.
صَدِئٌ: دات باسقان، داتلاشقان.
صَدْيَانُ م صَدْيَا جمعها صِدَاءٌ: ئۇسسۇز، چاڭقاپ
كەتكەن ئادەم.
أَسْعَفَ الطَّبِيْبُ الصِّدَاءَ مِنَ الْمُسَافِرِيْنَ: دوختۇر
چاڭقاپ كەتكەن يولۇچىلارنى قۇتقۇزۇۋالدى.
صَدِيْدٌ: يىرىڭ.
﴿وَيُسْقَى مِنْ مَاءٍ صَدِيْدٍ﴾ «قرآن»: (جەھەننەمدە) ئۇ
يىرىڭ ئارىلاش سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ.
صَدِيْعٌ ج صُدُعٌ: يېرىم، يېرىمى، پارچە؛ بىر بۆلۈك
كىشىلەر.
صَدِيْقٌ ج أَصْدِقَاءُ وَ صُدَقَاءُ وَ صُدْقَانٌ جج أَصَادِقُ م
صَدِيْقَةٌ: دوست، بۇرادەر، ئاغىنە.
﴿فَمَا لَنَا مِنْ شَافِعِيْنَ وَ لَاصَدِيْقٍ حَمِيْمٍ﴾ «قرآن»:
بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلارمۇ ۋە يېقىن
دوستمۇ يوق.
فُلَانٌ صَدِيْقٌ حَمِيْمٌ: پالانى چىن دوست.
دَوْلَةٌ صَدِيْقَةٌ: دوست دۆلەت.
صَدِيْدِيٌّ: يىرىڭلىق.
صُرَاحٌ: ئېنىق، ئوچۇق-ئاشكارا؛ ساپ.
لَبَنٌ صُرَاحٌ: ساپ سۈت.
قَوْلٌ صُرَاحٌ: ئوچۇق سۆز.
صَرَاحَةٌ: ئېنىقلىق، ئاشكارىلىق؛ ساپلىق.

صَرَاحَةُ النِّيَّةِ: سەممىيلىك، راستچىللىق، ئاق كۆڭۈللۈك.

صَرَاحَةُ الصَّدِيْقِ بِصَدِيْقِهِ: دوستىنىڭ دوستىغا ئوچۇق-يورۇق بولۇشى.

صَرَاحَةً. بِصَرَاحَةٍ: ئاشكارا، ئوچۇق، روشەن؛ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن.

صَرَاحِيَّةٌ: ساپلىق، ئوچۇقلۇق.

صَرَاحِيَّةٌ مِنَ الْخَمْرِ: ساپ ھاراق.

صُرَاخٌ: سۈرەن، چۇقان.

صَرَارِيٌّ ج صَرَارِيُّونَ: كېمىچى، ماتروس.

صِرَاطٌ ج صُرُطٌ: يول، داغدام يول.

اَلصِّرَاطُ الْمُسْتَقِيْمُ: توغرا يول، ھەق يول.

﴿إِهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيْمَ﴾ «قرآن»: بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن.

صِرَاعٌ: چېلىشماق.

صُرَاعٌ: غالجىرلىق كېسىلى.

صِرَاعٌ ج صِرَاعَاتٌ: كۈرەش قىلىش، ئېلىشىش.

صِرَاعٌ طَبَقِيٌّ: سىنىپىي كۈرەش.

كَانَ فِي صِرَاعٍ مَعَ الْفَقْرِ وَالْعَوَزِ: نامراتلىق ۋە موھتاجلىق بىلەن كۈرەش قىلىش.

اَلصِّرَاعَاتُ الْعَقَائِدِيَّةُ وَالطَّائِفِيَّةُ: مەزھەپچىلىك ۋە گۇرۇھۋازلىق كۈرەشلىرى.

صِرَاعَةٌ: چېلىشىش ماھارىتى.

صِرَافَةٌ: چاي پۇلى، تاپان ھەققى، شېرىنكانە.

صَرَامَةٌ: ئۆتكۈرلۈك، كەسكىنلىك، جىددىيلىك، قەتئىيلىك.

صَرَامَةُ الْقَائِدِ: قوماندانىنىڭ قەتئىيلىكى.

صَرِبَ يَصْرَبُ صَرَبًا: ئىرىشتى، قولغا كەلتۈردى؛ كەستى، ئۈزۈۋەتتى.

صَرُحَ يَصْرُحُ صَرَاحَةً وَ صُرُوحَةً: ساپ بولدى، ساغلاملاشتى، تازىلاندى.

صَرَحَ يَصْرَحُ صَرْحًا الْأَمْرَ: چۈشەندۈردى، ئۇقتۇردى، ئىزاھلىدى، بايان قىلدى.

صَرْحٌ ج صُرُوحٌ: ئوردا، قەلئە، ئېگىز بىنا، ئىمارەت.

صَرْحٌ مُمَرَّدٌ: ئاسمانغا تاقاشقان بىنا.

﴿يَا هَامَانُ ابْنِ لِيْ صَرْحًا لَعَلِّي أَبْلُغُ الْأَسْبَابَ﴾ «قرآن»: ئى ھامان! ماڭا بىر ئېگىز بىنا سالغىن، ئۇنىڭ بىلەن مەن دەرۋازىلارغا يېتىشىم مۇمكىن.

بَنَى صَرْحًا مِنَ الْوَرَقِ: قەغەزدىن بىنا سالدى (ئاغزىدا شەھەر ئالدى).

بَنَى صُرُوحًا فِي الْهَوَاءِ: ئاسمانغا ئوردا سالدى (ئاغزىدا شەھەر ئالدى، پو ئاتتى).

صُرُوحُ الْمُدُنِ الْحَدِيْثَةِ: شەھەرلەرنىڭ بولۇتقا تاقاشقان يېڭى ئېگىز بىنالىرى.

صَرَخَ يَصْرُخُ صُرَاخًا وَ صَرِيْخًا: ۋارقىرىدى، تۇۋلىدى، نالە قىلدى، پەرياد چەكتى.

صَرَخَ بَطْنُهُ مِنَ الْجُوعِ: قورسىقى ئېچىپ كورۇلداپ كەتتى.

غَضِبَ فَصَرَخَ فِي وَجْهِهِ: ئاچچىقلىنىپ ئۇنىڭ ئالدىدا ۋارقىراپ كەتتى.

صَرْخَةٌ ج صَرَخَاتٌ: سۈرەن، چۇقان، ۋارقىراش، پەرياد.

صَرْخَةُ الرَّضِيْعِ: ئەمچەكتىكى بالىنىڭ يىغلىشى.

صَرِدَ يَصْرَدُ صَرَدًا الشَّخْصُ: توڭلىدى، توڭۇپ كەتتى.

صَرِدَتِ الرِّيْحُ: سوغۇق شامال چىقتى.

صَرْدٌ ج صُرُودٌ: قاتتىق سوغۇق.

صَرَّ يَصُرُّ صَرًّا الشَّيْءَ: ئورىدى، يۆگىدى، تۈگدى.

صَرَّ الْفَرَسُ أُذُنَهُ: ئات قۇلىقىنى دىڭگايتتى.

صَرَّ النُّقُودَ: پۇلنى قاپچۇققا سالدى.

صَرَّ النَّبَاتُ: ئۆسۈملۈكلەرگە سوغۇق تەگدى.

صَرَّ يَصِرُّ صَرًّا وَ صَرِيْرًا الْبَابُ: ئىشىك غىچىرلىدى.

صَرَّ عَلَى أَسْنَانِهِ: چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى.
صَرَّ الْأُذُنَ: قۇلاق غوڭۇلدىدى.
صَرَّتِ الْأَسْنَانُ: چىشلار غۇچۇرلىدى.
صَرَّ الْعُصْفُورُ: قۇشقاچ ۋىچىرلىدى.
اَلْقَلَمُ يَصِرُّ: قەلەم شىرىلدايدۇ.
صَرٌّ: غىچىرلىغان ئاۋاز، جىرىڭلىغان ئاۋاز.
صَرُّ الْبَابِ: ئىشىكنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى.
صِرٌّ: قاتتىق ئاۋاز؛ قاتتىق سوغۇق؛ سىرىق قۇشقاچ.
﴿كَمَثَلِ رِيحٍ فِيهَا صِرٌّ أَصَابَتْ حَرْثَ قَوْمٍ ظَلَمُوا أَنْفُسَهُمْ فَأَهْلَكَتْهُ﴾ «قۇرئان»: ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان بىر قوۋمنىڭ زىرائىتىگە تېگىپ، ئۇنى نابۇت قىلىۋەتكەن سوغۇق شامالغا ئوخشايدۇ.
صِرُّ الْأَبْوَاقِ النُّحَاسِيَّةِ: مىس كاناي ئاۋازى.
رِيحٌ صِرٌّ: سوغۇق شامال.
صُرَّادٌ: ھۆل سوغۇق شامال؛ يامغۇرسىز شالاڭ بۇلۇت.
صَرَّاخٌ: توز.
صَرَّارُ اللَّيْلِ: قارا چېكەتكە.
صَرَّافٌ ج صَيَارِفَةٌ: كاسسىر، بوغالتىر، ئامبارچى.
صَرَّافُ النُّقُودِ: سەرراپ، ئالتۇن ـ كۈمۈش سودىگىرى؛ پۇل تېگىشىش سودىگىرى.
صَرَّافُ الْمُؤَسَّسَةِ: شىركەت بوغالتىرى.
صَرَّافُ التَّذَاكِرِ فِي دَوْرِ السِّينَمَا: كىنوخانا بېلەت ساتقۇچىسى.
صِرَّةٌ: سۈرەن، چۇقان، غوۋغا.
﴿فَأَقْبَلَتِ امْرَأَتُهُ فِي صَرَّةٍ فَصَكَّتْ وَجْهَهَا﴾ «قۇرئان»: ئىبراھىمنىڭ ئايالى سۈرەن سېلىپ كېلىپ (ئەجەبلەنگەنلىكىدىن ئۆزىنىڭ) يۈزىنى كاچاتلىدى.
صُرَّةٌ ج صُرَرٌ: چەندازا، ھەميان؛ بىر باغلام.
صُرَّةُ نُقُودٍ: پورتمال، پۇل قاپچۇقى.

صَرَّجَ يُصَرِّجُ تَصْرِيجًا الْبِنَاءَ: بىنانى گەج بىلەن سۇۋىدى.
صَرَّحَ يُصَرِّحُ تَصْرِيحًا الْأَمْرَ: چۈشەندۈردى، ئۇقتۇردى، ئىزاھلىدى، بايان قىلدى.
صَرَّحَ بِالْأَمْرِ: بايانات ئېلان قىلدى، جاكارلىدى.
صَرَّحَ لَهُ بِكَذَا: ئۇنىڭغا يول قويدى، ئىجازەت قىلدى.
صَرَّحَ لَهُ بِفَتْحِ مَتْجَرٍ: ئۇنىڭ دۇكان ئېچىشىغا رۇخسەت قىلدى.
صَرَّحَ الرَّئِيسُ بِإِعْلَامِ السِّلْمِ: رەئىس تىنچلىقنى جاكارلىدى.
صَرَّحَ لَهُ بِالسَّفَرِ: ئۇنىڭ سەپەر قىلىشىغا يول قويدى.
صَرَّرَ يُصَرِّرُ تَصْرِيرًا الْفَرَسُ أُذُنَهُ: ئات قۇلىقىنى دىڭگايتتى.
صَرَّعَ يُصَرِّعُ تَصْرِيعًا: قاتتىق يىقىتتى.
صَرَّفَ يُصَرِّفُ تَصْرِيفًا ـ هُ في الأمر: ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشقا تاپشۇردى، ھاۋالە قىلدى.
صَرَّفَ النُّقُودَ: پۇل ئالماشتۇردى.
﴿وَلَقَدْ صَرَّفْنَا فِي هَذَا الْقُرْآنِ لِيَذَّكَّرُوا﴾ «قۇرئان»: ئۇلارنى ئىبرەت ئالسۇن، دەپ (ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى) قۇرئاندا تۈرلۈك شەكىلدە بايان قىلدۇق.
صَرَّفَ الشَّيْءَ: نەرسىنى ساتتى.
صَرَّفَ الْمِيَاهَ: سۇ ئاقتۇردى، تۆكتى.
صَرَّفَ الْعُمْلَةَ: پۇلنى ئايلاندۇردى، ئوبوروت قىلدى.
صَرَّمَ يُصَرِّمُ تَصْرِيمًا الشَّيْءَ: نەرسىنى كەستى، ئۈزۈۋەتتى.
صِرْصَارٌ: مايقۇرت، سۆۋەرەك.
صَرْصَرَ يُصَرْصِرُ صَرْصَرَةً الرَّجُلُ: كىشى قاتتىق ۋارقىرىدى، تۇۋلىدى.
صَرْصَرَ الصَّقْرُ: لاچىن ئاۋاز چىقاردى.

صَرْصَرٌ: خوراز.

صَرْصَرٌ مِنَ الرِّيحِ: شىۋىرغانلىق سوغۇق، قاتتىق بوران.

﴿فَأَمَّا عَادٌ فَأُهْلِكُوا بِرِيحٍ صَرْصَرٍ عَاتِيَةٍ﴾ «قرآن»: ئاد بولسا ھەددىدىن زىيادە قاتتىق ۋە سوغۇق بوران بىلەن ھالاك قىلىندى.

صُرْصُرٌ ج صَرَاصِرُ: قارا چېكەتكە.

صُرْصُورٌ ج صَرَاصِيرُ: مايقۇرت، سۇۋەرەك.

صَرَعَ يَصْرَعُ صَرْعًا وَ مَصْرَعًا: يىقىتتى، يىقىلدى.

صَرَعَهُ: قورقۇتتى، چۆچۈتتى.

صَرَعَ الشِّعْرَ: شېئىرنى ئىككى مىسرا قىلدى.

صَرَعَ الْبَابَ: ئىشىكنى ئىككى قاناتلىق قىلدى.

صَرَعَ الْمُلَاكِمُ خَصْمَهُ: بوكسيور رەقىبىنى يەڭدى.

صَرَعَتْهُ الْمَنِيَّةُ: ئۆلدى.

صُرِعَ الرَّجُلُ: تۇتقاقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولدى.

صَرْعٌ ج أَصْرُعٌ وَ صُرُوعٌ: تۇتقاقلىق كېسىلى.

صَرَعٌ: غالجىرلىق كېسىلى.

صُرَعٌ: چۈلۈۋۈر.

صَرَفَ يَصْرِفُ صَرْفًا: بوشىتىۋەتتى، قوغلىدى، قالدۇردى.

صَرَفَهُ عَنْ رَأْيِهِ: ئاگاھلاندۇردى، نەسىھەت قىلدى؛ ياندۇردى.

﴿فَاسْتَجَابَ لَهُ رَبُّهُ فَصَرَفَ عَنْهُ كَيْدَهُنَّ﴾ «قرآن»: پەرۋەردىگارى ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى يۇسۇفتىن دەپئى قىلدى.

صَرَفَ النَّظَرَ عَنْهُ: سەل قارىدى، ئېتىبارسىز قارىدى.

صَرَفَهُ مِنَ الْعَمَلِ: ئۇنى ئىشتىن بوشاتتى، ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى.

صَرَفَ الْعِنَايَةَ فِي...: كۆڭۈل بۆلدى، دىققەت قىلدى.

صَرَفَ الْمَالَ: خىراجەت قىلدى، چىقىم قىلدى، سەرپ قىلدى.

صَرَفَ الْوَقْتَ: ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى.

صَرَفَ الشَّيْءَ: تۈگەتتى، ئىشلىتىپ بولدى.

صَرَفَ التَّلَامِيذَ مِنَ الْمَدْرَسَةِ: ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپتىن قويۇۋەتتى.

صَرَفَ النَّظَرَ عَنْ كَذَا: ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى.

صَرَفَ الشَّخْصَ: سەل قارىدى، ئېتىبارسىز قارىدى.

صَرَفَ هَمَّهُ إِلَى كَذَا: بېرىلدى، پۈتۈنلەي شۇنىڭ بىلەن بولدى.

صَرَفَ يَصْرُفُ صَرِيفًا الْبَابُ: ئىشىك غىچىرلىدى.

صَرَفَ النُّقُودَ: پۇل ئالماشتۇردى.

صَرَفَتِ الْأَسْنَانُ: چىش غۇچۇرلىدى.

صَرْفٌ: (ئىشتىن) بوشاتماق، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرماق؛ چىقىم قىلماق، خىراجەت قىلماق.

صَرْفٌ أَجْنَبِيٌّ: چەت ئەل پۇلى.

﴿فَقَدْ كَذَّبُوكُمْ بِمَا تَقُولُونَ فَمَا تَسْتَطِيعُونَ صَرْفًا وَلَا نَصْرًا﴾ «قرآن»: شۈبھىسىزكى، ئىبادەت قىلغۇچىلار سىلەرنىڭ (ئۇلارنى مەبۇد دېگەن) سۆزۈڭلارنى ئىنكار قىلدى. (ئى كۇپپارلار!) سىلەر (ئۆزۈڭلاردىن ئازابنى) دەپئى قىلىشقىمۇ ۋە (بۇ بالادىن ئۆزۈڭلارنى قۇتقۇلدۇرۇشقا) ياردەم بېرىشكىمۇ قادىر بولالمايسىلەر.

صَرْفُ النُّقُودِ: پۇل تېگىشىش.

عِلْمُ الصَّرْفِ: مورفولوگىيە.

صَرْفُ الدُّولَارِ إِلَى رِيَالَاتِ السَّعُودِيَّةِ: دوللارنى سەئۇدىي رىيالىغا ئالماشتۇرۇش.

تُرْعَةُ صَرْفٍ: سۇ چىقىرىش ئېرىقى، سۇ چىقىرىش يولى.

«بِصَرْفِ النَّظَرِ عَنِ الظُّرُوفِ الْمُحِيطَةِ بِالْقَضِيَّةِ»: مەسىلىگە ئالاقىدار شەرت-شارائىت بىلەن

هېسابلاشماستىن.

صَرْفُ الْكَلِمَةِ: سۆزنى تەنۋىنلىك ئوقۇماق.

صَرْفُ الْفِعْلِ: پېئىلنى تۈرلەپ ئوقۇماق.

مَمْنُوعٌ عَنِ الصَّرْفِ: تەنۋىنلىك ئوقۇشقا بولمايدىغان.

صَرْفُ الدَّهْرِ ج صُرُوفٌ: بالايىئاپەت، بەختسىزلىك.

صِرْفٌ: نوقۇل، ساپ، پاكىز، تازا.

شَرَابٌ صِرْفٌ: ساپ ئىچىملىك.

صِرْفًا: ئىمكانقەدەر، مۇتلەق، قەتئىي.

اَلصِّرْفَانِ: سوتكا، كېچە-كۈندۈز.

صَرَفَانٌ: قوغۇشۇن بىلەن مىس.

صَرْفِيٌّ: مورفولوگ، مورفولوگىيىنىڭ، مورفولوگىيىلىك.

صَرْفِيَّةٌ: چاي پۇلى، تاپان ھەققى، شىرىنكانە.

صَرَمَ يَصْرِمُ صَرْمًا الشَّيْءَ: كېسىۋەتتى، ئۈزۈۋەتتى.

صَرَمَهُ: تاشلىۋەتتى، ۋاز كەچتى، چۆرۈۋەتتى.

﴿إِنَّا بَلَوْنَاهُمْ كَمَا بَلَوْنَا أَصْحَابَ الْجَنَّةِ إِذْ أَقْسَمُوا لَيَصْرِمُنَّهَا مُصْبِحِيْنَ﴾ «قرآن»: شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنى (يەنى، مەككە ئاھالىسىنى) مەلۇم باغنىڭ ئىگىلىرىنى سىنىغاندەك (قەھەتچىلىك، ئاچارچىلىققا دۇچار قىلىش بىلەن) سىنىدۇق. ئۇلار (يەنى، باغنىڭ ئىگىلىرى) ئۇنىڭ مېۋىلىرىنى (كەمبەغەللەر ئۇقمىسۇن، ئۇلارغا ھېچ نەرسە بەرمەيلى دېيىشىپ)، سەھەردىلا ئۈزۈۋېلىشقا قەسەم ئىچىشكەنىدى.

صَرُمَ يَصْرُمُ صَرَامَةً السَّيْفُ أَوِ الرَّجُلُ: ئۆتكۈر بولدى، كەسكىن بولدى، قەتئىي بولدى.

صَرَمَ أَجَلُهُ: ئۇنىڭ ئەجىلى توشتى، ئۆلدى.

صَرْمٌ: كەسمەك، ئۈزمەك؛ تېرە، كۆن، شاۋرۇن، خۇرۇم.

صُرْمٌ: توغرا ئۈچەي، كۆتەن ئۈچەي.

صِرْمٌ ج أَصْرَامٌ وَ أَصَارِمُ وَ أَصَارِيْمُ وَ صُرْمَانٌ: بەتىنكە، شىبلىت، توپلەي؛ كىشىلەر توپى، جامائەت؛ خىسلەت؛ ئۇسلۇب، ئىستىل؛ نۇسخا، ئەۋرىشكە.

صَرْمَانِيٌّ ج صَرْمَانِيَّةٌ: موزدوز.

صِرْمَةٌ ج صُرَمٌ: بەتىنكە، شىبلىت، تىلوپلەي؛ كىشىلەر توپى، جامائەت؛ خىسلەت؛ ئۇسلۇب، ئىستىل؛ نۇسخا، ئەۋرىشكە.

صَرُورٌ: سالتاڭ، بويتاق.

صَرُورِيٌّ: سالتاڭ، بويتاق.

صَرَى يَصْرِي صَرْيًا الْقَوْمَ: قوۋمنىڭ ئالدىدا ماڭدى.

صَرَى اللّٰهُ عَنْهُ الشَّرَّ: ئاللاھ يامانلىقنى ئۇنىڭدىن يىراق قىلسۇن.

صَرِيْحٌ ج صُرَحَاءُ م صَرِيْحَةٌ: ئېنىق، ئوچۇق، ئاشكارا؛ ساپ.

أَنَّهُ رَجُلٌ صَرِيْحٌ تَمَامًا لاَ يَسْتَطِيْعُ أَنْ يُخْفِيَ شَيْئًا فِيْ قَلْبِهِ: ئۇ تولىمۇ ئوچۇق-يورۇق ئادەم كۆڭلىدە گەپ ياتمايدۇ.

صَرِيْحٌ بِذَاتِهِ: ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم، چۈشىنىشلىك.

جَوَابٌ صَرِيْحٌ: ئېنىق جاۋاب.

رَأْيٌ صَرِيْحٌ: ئوچۇق پىكىر.

اَلْعَرَبُ الصَّرَحَاءُ: ساپ ئەرەب.

قَوْلٌ صَرِيْحٌ: ئوچۇق سۆز.

قَائِلٌ صَرِيْحٌ: ئوچۇق-يورۇق سۆزلىگۈچى، كۆڭلىدىكىنى دېگۈچى.

لَهُ مَوَاقِفُ صَرِيْحَةٌ: ئۇنىڭ مەيدانى ئوچۇق.

صَرِيْخٌ ج صُرَخَاءُ: سۈرەن، چۇقان.

مَلْدُوغٌ صَرِيْخٌ: يىلان-چايان قاتارلىق نەرسىلەر چېقىۋالغان ئادەمنىڭ پەرياد چېكىشى.

﴿وَإِنْ نَشَأْ نُغْرِقْهُمْ فَلَا صَرِيْخَ لَهُمْ﴾ «قرآن»: ئەگەر بىز خالىساق، ئۇلارنى غەرق قىلىۋېتىمىز، ئۇلارغا ياردەم بەرگۈچىمۇ بولمايدۇ.

صَرِيْرُ الْبَابِ: ئىشىكنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى.

صَرِيْرُ الْأَسْنَانِ: چىشلارنىڭ غۇچۇرلىشى.

صَرِيْرَةٌ ج صَرَائِرُ: پورتمال، پۇل قاپچۇقى.

صَرِيْعٌ ج صَرْعَى: تۇتقاقلىق كېسىلى بار ئادەم، يىقىلىپ چۈشكەن.

﴿فَتَرَى الْقَوْمَ فِيْهَا صَرْعَى كَأَنَّهُمْ أَعْجَازُ نَخْلٍ خَاوِيَةٍ﴾ «قرآن»: ئاد قوۋمىنىڭ (ئۆز ماكانلىرىدا هالاك بولۇپ) خورما دەرىخىنىڭ پور كۆتەكلىرىدەك ياتقانلىقىنى كۆرىسەن.

صَرِيْعُ الْخَمْرِ: پىيەنچۇك.

صَرِيْعُ الْغَوَانِي: خوتۇنپەرەس.

صَرِيْعُ الْكَرَى: ئۇيقۇچان ئادەم.

صَرْعَى الْوَبَاءِ: ۋابادا ئۆلگەنلەر.

هُمْ مِنْ صَرْعَى الزِّلْزَالِ: ئۇلار يەر تەۋرەشىتە ئۆلگەنلەر.

صَرِيْعٌ ج صُرُعٌ: ساراڭ، مەجنۇن.

صَرِيْعُ الْيَأْسِ: ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغان.

خَرَّ صَرِيْعًا: يىقىلىپ چۈشتى، ئەس-هوشىنى يوقاتتى.

صَرِيْفٌ: قاتتىق نەرسىگە سۈركەلگەن ئاۋاز.

صَرِيْفُ الْأَسْنَانِ: چىشنىڭ غۇچۇرلىغان ئاۋازى.

صَرِيْمٌ: ئۈزۈلگەن، كېسىلگەن، ئايرىلغان، كېچىنىڭ بىر بۆلۈكى، زىرائەت دۆۋىسى.

﴿فَأَصْبَحَتْ كَالصَّرِيْمِ﴾ «قرآن»: باغ (كۆيۈپ) قاپقارا كۆلدەك بولۇپ قالدى.

صَعُبَ يَصْعُبُ صُعُوبَةً: قىيىن بولدى، مۈشەققەت بولدى.

صَعُبَ عَلَيْهِ مِنْ: غەزەبلەندى، ئاچچىقلاندى.

صَعُبَ الشَّخْصُ: تەرسا بولدى، جاهىل بولدى.

«تَفَاصِيْلُ عِلْمِيَّةٌ دَقِيْقَةٌ يَصْعُبُ عَلَى التَّلَامِيْذِ فَهْمُهَا»: ئوقۇغۇچىلار چۈشىنىش قىيىن بولغان كونكرېت ئەھۋاللار.

صَعْبٌ م صَعْبَةٌ ج صِعَابٌ: قىيىن، جاپالىق، مۈشكۈل.

صَعْبُ الْمِرَاسِ: گەپ ئاڭلىمايدىغان، گەپ يېمەيدىغان، بويسۇنمايدىغان.

صَعْبُ الْإِحْتِمَالِ: كۆتۈرگىلى بولمايدىغان، چىدىغىلى بولمايدىغان.

كَانَ الْإِمْتِحَانُ صَعْبًا لِلْغَايَةِ: ئىمتىھان ناھايىتى قىيىن بولدى.

عُمْلَةٌ صَعْبَةٌ: مېتال پۇل، تەڭگە.

صَعْتَرٌ: چۆل رەيھىنى.

صَعْتَرُ الْعَرْشِ: يالپۇز.

صَعْتَرٌ بَرِّيٌّ: ياۋا يالپۇز.

صَعِدَ يَصْعَدُ صُعُودًا وَ صُعُدًا وَ صَعَدًا: ئۆرلىدى، كۆتۈرۈلدى، ئېگىزلىدى، چىقتى.

صَعِدَ السُّلَّمَ: شوتىغا چىقتى.

﴿إِلَيْهِ يَصْعَدُ الْكَلِمُ الطَّيِّبُ﴾ «قرآن»: ياخشى سۆز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ.

صَعِدَ الْجَبَلَ: تاغقا ياماشتى.

صَعِدَ بِهِ: كۆتۈردى.

«كُنَّا إِذَا صَعِدْنَا كَبَّرْنَا وَ إِذَا نَزَلْنَا سَبَّحْنَا» «حديث»: بىز ئېگىزلىكلەرگە چىقساق «الله اكبر» دەيتتۇق. پەسكە چۈشسەك «سبحان الله» دەيتتۇق.

صَعِدَ فُلَانٌ إِلَى الْحُكْمِ: هاكىمىيەت ئۈستىگە چىقتى.

صَعِدَ وَ هَبَطَ: ئىككى ئوتتۇرىدا قالدى.

صَعَدٌ: هارماق، چارچىماق، جاپا چەكمەك.

﴿وَمَنْ أَعْرَضَ عَنْ ذِكْرِ رَبِّهِ يَسْلُكْهُ عَذَابًا صَعَدًا﴾ «قرآن»: كىمكى پەرۋەردىگارىنىڭ زىكرىدىن (يەنى ئاللاھنىڭ تائەت-ئىبادىتىدىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئاللاھ ئۇنى قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىدۇ.

صُعَدَاءُ: ئاھ ئۇرۇش، خورسىنىش؛ مۈشەققەتچىلىك.

تَنَفَّسَ الصُّعَدَاءَ: ئۇھ تارتتى، ئاھ ئۇردى.

صَعْدَانٌ: ئۆرلىمەك، كۆتۈرۈلمەك.

صَعْدَةٌ ج صِعَادٌ وَ صَعَدَاتٌ: نەيزە؛ ئېگىزلىك.

يَتْعَبُ فُلَانٌ فِيْ كُلِّ صَعْدَةٍ: پالانى ھەر ئۆرلىگەندە چارچايدۇ.

اَلْمَدْرَسَةُ فِيْ صَعْدَةٍ: مەكتەپ ئېگىزلىككە جايلاشقان.

صَعِرَ يَصْعَرُ صَعَرًا وَجْهُهُ: مايماق بولۇپ قالدى.

صَعِرَ الرَّأْسُ: بېشى كىچىكلەپ كەتتى.

صُعُرٌّ: كاۋچۇك.

صُعْرُورٌ ج صَعَارِيْرُ: كاۋچۇك.

صَعَّبَ يُصَعِّبُ تَصْعِيْبًا الْأَمْرَ: ئىشنى قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى.

صَعَّبَ الْمُعَلِّمُ التَّمْرِيْنَ الْحِسَابِيَّ: ئوقۇتقۇچى ھېساب تاپشۇرۇقنى قىيىن چىقىرىۋەتتى.

صَعَّدَ يُصَعِّدُ تَصْعِيْدًا الزَّفَرَاتِ: ئاھ ئۇردى، خورسىندى.

صَعَّدَ السَّائِلَ: سۇيۇقلۇقنى پارغا ئايلاندۇردى.

صَعَّدَ الْمُتَسَلِّقُ فِي الْجِبَالِ: تاغقا ياماشقۇچى ئۆرلىدى.

صَعَّدَ الْخِلَافَ: ئىختىلاپنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى.

صَعَّدَ الْمُشْكِلَةَ: مەسىلىنى قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى.

صَعَّدَ نَفَسَهُ: قىيىن نەپەس ئالدى.

صَعَّدَ فِيْهِ النَّظَرَ: يۇقىرىغا سىنچىلاپ قارىدى.

صَعَّدَ الْمُلَاكِمُ النَّظَرَ فِي خَصْمِهِ: بوكسيورچى رەقىبىگە تىكىلىپ قارىدى.

صَعَّرَ يُصَعِّرُ تَصْعِيْرًا خَدَّهُ: تەلەتنى يىرگىنچلىك كۆرسەتتى.

﴿وَلاَ تُصَعِّرْ خَدَّكَ لِلنَّاسِ﴾ «قۇرئان»: كىشىلەردىن ئەمەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن.

صَعَقَ يَصْعَقُ صَعْقًا ـتِ السَّمَاءُ الْقَوْمَ: چاقماق سوقتى.

صَعِقَ يَصْعَقُ صَعَقًا النَّاسُ: ھوشسىدىن كەتتى، ئۆلدى.

صَعِقَ فِي مَكَانِهِ: جايىدىلا ئۆلدى.

﴿وَ نُفِخَ فِي الصُّورِ فَصَعِقَ مَنْ فِي السَّمَوَاتِ وَمَنْ فِي الْأَرْضِ﴾ «قۇرئان»: سۇر چېلىنغاندا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ.

صُعِقَ الشَّخْصُ: چاقماق سوقتى؛ چوڭ بىر ئىشقا دۇچار بولدى.

صَعِقٌ: چېقىلغان، سوقۇلغان.

﴿فَلَمَّا تَجَلَّى رَبُّهُ لِلْجَبَلِ جَعَلَهُ دَكًّا وَخَرَّ مُوسَى صَعِقًا﴾ «قۇرئان»: پەرۋەردىگارى تاغقا تەجەللى قىلىشى بىلەن، تاغنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى، مۇسا بىھوش بولۇپ يىقىلدى.

صَعْقُرٌ: بېلىق تۇخۇمى.

صَعْلٌ: بېشى كىچىك.

صَعْلَكَ يُصَعْلِكُ صَعْلَكَةً: ئۇنى غورىبەتچىلىكتە قالدۇردى، نامراتچىلىقتا قالدۇردى، موھتاج قىلدى.

صَعْلَكَهُ الْفَقْرُ: كەمبەغەللىك ئۇنى ياداتتىۋەتتى.

صَعْلَكَ الْبَقْلُ الْإِبِلَ: ئوت - چۆپ تۆگىنى سەمرىتتى.

صُعْلُوكٌ ج صَعَالِكُ وَ صَعَالِيْكُ: كەمبەغەل، يوقسۇل، نامرات؛ سەرگەردان، بىكار تەلەپ.

صَعَالِيْكُ الْعَرَبِ: قەدىمكى ئەرەبلەرنىڭ سەلبىي قەھرىمانى.

الشَّنْفَرَى شَاعِرٌ صُعْلُوكٌ: شەنفەرا نامرات شائىر.

كَثُرَ الصَّعَالِيْكُ فِي الْعَوَاصِمِ الْغَرْبِيَّةِ: غەرب دۆلەتلىرى پايتەختلىرىدە سەرگەردانلار كۆپىيىپ كەتتى.

صَعْوٌ ج صِعَاءٌ وَ أَصِعَّاءُ: پاششا.

صُعُوبَةٌ ج صُعُوبَاتٌ: قىيىن، تەس.

صُعُوبَةُ الْحَيَاةِ: تۇرمۇشنىڭ جاپا - مۇشەققىتى.

صُعُوبَةُ الْمِزَاجِ: مىجەزنىڭ ئوساللىقى.

صَعُودٌ: مۇشەققەت، جاپا.

صَعُودٌ ج أَصْعِدَةٌ وَ صَعَائِدُ وَ صُعُدٌ: داۋان.

تَوَقَّفَتِ السَّيَّارَةُ فِي الصَّعُودِ: ماشىنا داۋاندا توختاپ قالدى.

﴿سَأُرْهِقُهُ صَعُودًا﴾ «قۇرئان»: ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابىنى تېتىمەن.

صُعُودٌ: ئۆرلىمەك، كۆتۈرۈلمەك.

فِي صُعُودٍ: ئۆرلىگەندە، كۆتۈرۈلگەندە.

صَعِيدٌ ج صُعُدٌ وَ صُعُدَاتٌ وَ صُعْدَانٌ: ئېگىزلىك، تۆپىلىك؛ تۈزلەڭلىك؛ ساپ تۇپا.

صَعِيدُ مِصْرَ: ئۇستۈنكى مىسىر.

﴿فَتَيَمَّمُوا صَعِيدًا طَيِّبًا﴾ «قۇرئان»: پاك تۇپراقنى يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا سۈرتۈپ تەيەممۇم قىلىڭلار.

اِجْتَمَعَ النَّاسُ فِي صَعِيدٍ وَاحِدٍ: خالايىق بىر مەيدانغا توپلاندى.

اَلصَّعِيدُ الدَّوْلِيّ: خەلقئارا.

عَلَى الصَّعِيدِ السِّيَاسِيّ: سىياسىي جەھەتتىن.

عَلَى الصَّعِيدِ الْعَالَمِيّ: خەلقئارا جەھەتتىن.

هُمْ فِي صَعِيدٍ وَاحِدٍ: ئۇلار بىر مەيدانغا جەم بولغان.

صَعِيدِيٌّ ج صَعَايِدَةٌ: ئۇستۈنكى مىسىرلىق.

صَغَا يَصْغُو صَغْوًا إِلَيْهِ: يۆلەندى، تاياندى، ئاغدى.

الصَّغَارُ: خارلىق، زۇلۇم، كەمسىتىش.

﴿سَيُصِيبُ الَّذِينَ أَجْرَمُوا صَغَارٌ عِنْدَ اللهِ وَعَذَابٌ شَدِيدٌ﴾ «قۇرئان»: (بۇ) گۇناھكارلار ئۆزلىرى ئىشلەتكەن ھىيلە-مىكىرلەر تۈپەيلىدىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا خورلۇققا ئۇچرايدۇ.

صَغِرَ يَصْغَرُ صَغَرًا وَ صِغَارًا: كىچىك بولدى، كىچىكلىدى، ئازلىدى.

صَغُرَ يَصْغُرُ صُغْرًا / صِغَرًا وَ صِغَارًا وَصَغَارَةً وَ صُغْرَانًا: كىچىك بولدى، كىچىكلىدى، ئازلىدى؛ خار بولدى، كەمسىتىلدى، پەس بولدى.

صَغُرَ عَقْلُهُ: ئەقلى كەم بولدى.

صَغُرَ الْخَائِنُ: خائىن خار بولدى.

صَغُرَتْ أَمْلَاكُهُ بَعْدَ الْقِسْمَةِ: تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن مال-مۈلكى ئازلاپ كەتتى.

صَغُرَتْ نَفْسُهُ: نەپسى پەس بولدى، ناچار ئاقىۋەتكە قالدى.

هُوَ يَصْغُرُ أُخْتَهُ بِسَنَةٍ وَاحِدَةٍ: ئۇ ھەمشىرىسىدىن بىر ياش كىچىك تۇرىدۇ.

صِغْرٌ: كىچىك، ياش، كىچىكلىك.

صِغَرُ السِّنِّ: يېشى كىچىك، گۆدەك، بالىلىق دەۋر.

صِغْرَةُ الْبَنِينَ: بالىلارنىڭ كىچىكى.

صُغْرَى ج صُغَرٌ: ئەڭ كىچىك، كىچىككىنە.

آسِيَا الصُّغْرَى: كىچىك ئاسىيا.

اَلنِّهَايَةُ الصُّغْرَى: ئەڭ كىچىك، ئەڭ ئاز.

صَغَّرَ يُصَغِّرُ تَصْغِيرًا ـ هُ: كىچىكلەتتى، ئازايتتى؛ كەمسىتتى، پەس كۆردى.

صَغَّرَ الْكَلِمَةَ: كەلىمىنى تەسغىر قىلدى.

صَغَّرَ الرَّسَّامُ الصُّورَةَ: رەسسام سۈرەتنى كىچىكلەتتى.

يُصَغِّرُ خَصْمَهُ بِانْتِقَادَاتِهِ: ئۆز رەقىبىنى تەنقىدلەش ئارقىلىق كەمسىتتى.

صِغْوٌ ج أَصْغَاءٌ: قۇدۇق جازىسى؛ چېلەك بېغى، قۇيمىچىلىق قوشۇقى.

صِغْوُ الْكَفِّ: ئالقان، چاڭگال.

صَغِيَ يَصْغَى صَغًى / صِغًى إِلَيْهِ: يۆلەندى، تاياندى، ئاغدى.

صَغَتِ الشَّمْسُ: قۇياش (غەربكە) قىيسايدى.

﴿إِنْ تَتُوبَا إِلَى اللهِ فَقَدْ صَغَتْ قُلُوبُكُمَا﴾ «قۇرئان»: ئەگەر ئىككىڭلار، ئاللاھقا تەۋبە قىلساڭلار (ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ياخشىدۇر)، سىلەرنىڭ

دىلىكلار بۇرۇلۇپ كەتتى.

﴿وَلِتَصْغَى إِلَيْهِ أَفْئِدَةُ الَّذِيْنَ لَايُؤْمِنُونَ بِالآخِرَةِ﴾ «قۇرئان»: ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ دىللىرى ئۇلارنىڭ شېرىن سۆزلىرىگە مايىل بولسۇن...

صَغِيْرٌ ج صِغَارٌ وَ صُغَرَاءُ: كىچىك، كۆدەك؛ نازۇك، ئىنچىكە.

صَغِيْرُ السِّنِّ: يېشى كىچىك.

﴿وَقُلْ رَبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيْرًا﴾ «قۇرئان»: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن»، دېگىن.

صَغِيْرُ النَّفْسِ: نەپسى پەس، پەسكەش.

صَغِيْرُ الْعَقْلِ: ساددا.

صَغِيْرُ الْجِسْمِ: ۋىجىك.

صَغِيْرَةٌ ج صَغَائِرُ: كىچىك، ئەرزىمەس.

صَغَائِرُ الأُمُورِ: ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار، ئەرزىمەس ئىشلار.

﴿لَا يُغَادِرُ صَغِيْرَةً وَلَا كَبِيْرَةً إِلَّا أَحْصَاهَا﴾ «قۇرئان»: چوڭ-كىچىك گۇناھنىڭ ھەممىسىنى خاتىرىلىۋېتىپتىغۇ؟

مُحِيْطٌ بِكُلِّ صَغِيْرَةٍ وَ كَبِيْرَةٍ: چوڭ-كىچىك ھەممىنى بىلگۈچى.

حَاسَبَهُ عَلَى كُلِّ كَبِيْرَةٍ وَ صَغِيْرَةٍ: ئۇنىڭدىن چوڭ-كىچىك ھېسابىنىڭ ھەممىسىنى ئالدى.

إِحْذَرِ الصَّغَائِرَ وَالْكَبَائِرَ: چوڭ-كىچىك گۇناھلاردىن ساقلان.

صُغَيِّرٌ: كىچىككىنە، قورچاق.

صَفَا يَصْفُو صَفْوًا وَصَفَاءً وَ صُفُوًّا الْجَوُّ: ھاۋا ئوچۇق بولدى، سۈزۈك بولدى.

صَفَا الْعَيْشُ: تۇرمۇش خاتىرجەم بولدى، كۆڭۈللۈك بولدى.

صَفَا الْمَاءُ: سۇ سۈزۈك بولدى.

صَفَا فُلَانٌ لِفُلَانٍ: سەممىي بولدى.

صَفًا ج صَفَوَاتٌ: سىلىق چوڭ تاش.

الصَّفَا: كەئبىگە يېقىن بىر ئېگىزلىك، ساپا تېغى.

﴿إِنَّ الصَّفَا وَالْمَرْوَةَ مِنْ شَعَائِرِ اللهِ﴾ «قۇرئان»: ساپا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدۇر.

صَفَاءٌ: سۈزۈك، ئوچۇق، سەممىي، كۆڭۈللۈك.

صَفَاءُ الزَّيْتِ: سۈزۈك ماي.

سَاعَاتُ الصَّفَاءِ بَيْنَ الْخِلَّانِ: دوستلار ئارىسىدىكى كۆڭۈللۈك چاغلار.

فُلَانٌ سَرِيْعُ الصَّفَاءِ: ئاداۋەت ساقلىمايدىغان ئادەم.

صَفَاءُ الْقَلْبِ: ئاق كۆڭۈللۈك.

صَفَائِحِيٌّ ج صَفَائِحِيُّونَ: تۇنىكىچى.

صَفَائِحُ مُقَصْدَرَةٌ: قەلەيلەنگەن تۇنىكە.

صَفَائِحُ مِنَ الْحَدِيْدِ الأَبْيَضِ: ئاق تۇنىكە، ئاق قاكالتىر.

غَلَّفَ الصَّفَائِحِيُّ قَوَائِمَ الْفَرَسِ: تاقىچى ئاتنى تاقلىدى.

صَفَاةٌ ج صَفَوَاتٌ وَ صَفًا: چوڭ قاتتىق تاش.

صِفَادٌ ج صُفُدٌ وَ أَصْفِدَةٌ: كىشەن، كويزا.

صُفَارُ الْبَيْضِ: تۇخۇم سېرىقى.

صُفَارِيَّةٌ: سوپىسوپىياك.

صِفَاقٌ ج صُفُقٌ: ئىچكى تېرە؛ سېرىقئەت.

صِفَاقُ الْعَجَلَةِ: ئىچ كامېر.

صِفَاقُ عَجَلَةِ الدَّرَّاجَةِ: ۋېلسىپىتنىڭ ئىچ كامېرى.

صَفَاقَةٌ: قېلىنلىق، قېلىنلىق دەرىجىسى.

صَفَاقَةُ الْوَجْهِ: يۈزى قېلىن.

بِكُلِّ صَفَاقَةٍ وَ وَقَاحَةٍ: يۈزسىزلىك بىلەن، نومۇسسىزلىق بىلەن.

صِفَةٌ ج صِفَاتٌ: سۈپەت، خىسلەت، خاراكتېر.

صِفَةٌ خُصُوصِيَّةٌ: ئالاھىدىلىك، خۇسۇسىيەت.

صِفَةٌ مُؤَهَّلَةٌ: سالاھىيەت.

بِصِفَةٍ سِرِّيَّةٍ: يوشۇرۇن رەۋىشتە، مەخپىي ھالدا.

صَفَحَ يَصْفَحُ صَفْحًا: كەچۈردى، كەڭچىلىك قىلدى، ئەپۇ قىلدى.

صَفَحَ عَنْ خَطِيئَتِهِ: ئۇنىڭ خاتالىقىنى كەچۈردى.

صَفَحَ الشَّيْءَ: نەرسىنى كېڭەيتتى.

صَفَحَ فُلَانًا بِالسَّيْفِ: قىلىچنىڭ بىسى بىلەن ئۇردى.

صَفِحَ يَصْفَحُ صَفَحًا: كېڭەيدى.

صَفِحَتْ جَبْهَتُهُ: پېشانىسى كەڭ بولدى.

صَفْحٌ: ئەپۇ قىلماق، كەچۈرمەك، كەڭچىلىك قىلماق.

﴿وَإِنَّ السَّاعَةَ لَآتِيَةٌ فَاصْفَحِ الصَّفْحَ الْجَمِيلَ﴾ «قرآن»: قىيامەتنىڭ بولۇشى چوقۇمدۇر. (ئى مۇھەممەد! نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن)، ئۇلارغا چىرايلىق مۇئامىلىدە بولغىن.

صَفْحُ الرَّئِيسِ: باشلىقنىڭ كەچۈرۈشى.

صَفْحٌ ج صِفَاحٌ وَ أَصْفَاحٌ: ياقا، چەت، يان، گىرۋەك، يان تەرەپ، قىرغاق.

صَفْحُ الْجَبَلِ: تاغ باغرى.

ضَرَبَ عَنْهُ صَفْحًا: ئۇ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى.

صَفْحَةٌ ج صَفَحَاتٌ: يۈز، بەت.

صَفْحَةٌ مِنَ الْكِتَابِ: كىتابتىن بىر بەت.

عَلَى صَفْحَةِ الْمَاءِ: سۇ يۈزىدە.

صَفْحَةُ السَّمَاءِ: ئاسمان يۈزى.

أَبْدَى لَهُ صَفْحَتَهُ: ئۇنىڭغا سىرىنى تۆكتى.

اَلصُّورَةُ بِالصَّفْحَةِ الْأُولَى: سۈرەت بىرىنچى بەتتە.

صَفْحَةٌ مُشْرِقَةٌ: شانلىق سەھىپە.

صَفْحَتَا الشَّخْصِ: ئىككى مەڭزى.

صَفْحَتَاهَا وَرْدِيَّتَانِ: ئىككى مەڭزى قىزىلگۈلدەك.

صَفَدَ يَصْفِدُ صَفْدًا وَ صُفُودًا: ئىشكەل سالدى، كويزا سالدى.

صَفَدَ الْأَسِيرَ بِالسَّلَاسِلِ: ئەسىرنى زەنجىر بىلەن باغلىدى.

صَفَدٌ ج أَصْفَادٌ: ئىشكەل، كويزا.

﴿وَ تَرَى الْمُجْرِمِينَ يَوْمَئِذٍ مُقَرَّنِينَ فِي الْأَصْفَادِ﴾ «قرآن»: (ئى مۇھەممەد!) ئۇ كۈندە گۇناھكارلارنى زەنجىرلەر بىلەن بىر-بىرىگە چېتىلىپ باغلانغان ھالدا كۆرىسەن.

صَفَرَ يَصْفِرُ صَفِيرًا: ئىسقىرتتى، پۇشتەك چالدى.

صَفَرَ الثُّعْبَانُ: يىلان كۇشۇلدىدى.

صَفَرَ الطَّائِرُ: قۇش سايرىدى.

يَصْفِرُ الْبُلْبُلُ فِي قَفَصِهِ: بۇلبۇل قەپىسىدە سايرىماقتا.

صَفِرَ يَصْفَرُ صَفَرًا وَ صُفُورًا الْإِنَاءُ: قاچا بوشىدى، قاچا قۇرۇقدالدى.

صَفِرَ الْبَيْتُ مِنَ الْمَتَاعِ: ئۆي، ئۆي سەرەمجانلىرىدىن قۇرۇقدالدى.

صَفِرَ يَصْفُرُ صُفْرَةً: ئالتۇن رەڭ بولدى، ئالتۇن رەڭگە كىردى.

صَفْرٌ: ئىسقىرتماق، پۇشتەك چالماق، سىگنال ئاۋازى.

صَفَرٌ ج أَصْفَارٌ: سەپەر ئېيى (ھىجرىيىنىڭ 2-ئېيى).

صَفَرِيٌّ: كۈز يامغۇرى.

صِفْرٌ ج أَصْفَارٌ: بوش، قۇرۇق، مەنىسىز، نۆل.

صِفْرُ الْيَدَيْنِ: قۇرۇق قول.

تَحْتَ الصِّفْرِ: نۆلدىن تۆۋەن.

صِفْرٌ عَلَى الشِّمَالِ: قىلچە قىممىتى يوق.

كَلَامُهُ صِفْرٌ: ئۇنىڭ سۆزى نۆلگە تەڭ.

بَيْتٌ صِفْرٌ مِنَ الْمَتَاعِ: ھېچنېمە يوق قۇرۇق ئۆي.

سَاعَةُ الصِّفْرِ: سائەت ئىستىرېلكىسى.

حَرَارَةُ الطَّقْسِ دَرَجَتَانِ فَوْقَ الصِّفْرِ: تېمپېراتۇرا نۆلدىن يۇقىرى 2 دەرىجە.

صُفْرٌ: سېرىق ئالتۇن ، سېرىق مىس ، جەز ، تۇچ .

صُفْرُ الْبَيْضِ: تۇخۇم سېرىقى .

﴿إِنَّهَا تَرْمِي بِشَرَرٍ كَالْقَصْرِ، كَأَنَّهُ جِمَالَةٌ صُفْرٌ﴾ «قرآن»: ئۇ يالقۇن قەسىردەك (چوڭ) ئۇچقۇنلارنى چىقىرىدۇ. ئۇ ئۇچقۇنلار قارا ـ سېرىق تۆگىلەرگە ئوخشايدۇ.

عُرُوقُ الصَّفْرِ: ياۋا زاغۇن .

صَفْرَاءُ: سەپرا ، ئۆت سۇيۇقلۇقى؛ تېبابەتتە ئۆت خىلتىنىڭ بىرى .

﴿قَالَ إِنَّهُ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٌ صَفْرَاءُ فَاقِعٌ لَوْنُهَا﴾ «قرآن»: مۇسا ئېيتتىكى ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ رەڭگى ساپسېرىق بولسۇن ، دېدى .

النِّقَابَاتُ الصَّفْرَاءُ: سېرىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى .

اِبْتِسَامَةٌ صَفْرَاءُ: سوغۇق كۈلكە .

مَلَابِسُ صَفْرَاءُ: سېرىق كىيىملەر .

عِيْنٌ صَفْرَاءُ: ھەسەتخور .

اَلْكُتُبُ الصَّفْرَاءُ: قەدىمكى يادىكار كىتابلار .

مَالُهُ صَفْرَاءُ وَ لَا بَيْضَاءُ: ئالتۇن ـ كۈمۈشى يوق .

الصَّفْرَاءُ: سەپرا (تېبابەتتىكى ئۆت خىلتىنىڭ بىرى) .

صَفْرَاوِيُّ الْمِزَاجِ: سەپرا مىجەز ، چىپچىلاڭغۇ ، مىجەزى چۇس .

ضَحْكَةٌ صَفْرَاوِيَّةٌ: سوغۇق كۈلكە .

صُفْرَةٌ: سېرىق ، سېرىق رەڭ؛ چىرايى تاتىرىپ كەتمەك .

صِفْرِيْتٌ ج صَفَارِتُ: كەمبەغەل ، نامرات ، يوقسۇل .

صَفْصَافٌ الواحدة صَفْصَافَةٌ ج صَفْصَافَاتٌ: تال ، سۆگەت .

صَفْصَافٌ بَاكٍ . صَفْصَافٌ مُسْتَحٍ: مەجنۇنتال .

صَفْصَفَ يُصَفْصِفُ صَفْصَفَةً: تىزدى ، رەتلىدى ، سىستېمىلاشتۇردى .

صَفْصَفَ الشَّخْصُ: باياۋاندا يالغۇز ماڭدى .

صَفْصَفَ الْعُصْفُورُ: قۇشقاچ ۋىچىرلىدى .

صَفْصَفٌ ج صَفَاصِفُ: تۈزلەڭ ، دالا ، چۆل ـ جەزىرە .

قَاعٌ صَفَاصِفُ: تۈزلەڭلىك ، تۈزلەڭ يەر .

﴿فَيَذَرُهَا قَاعًا صَفْصَفًا﴾ «قرآن»: ئۇلارنى تۈزلەڭلىككە ئايلاندۇرىدۇ .

صَفَعَ يَصْفَعُ صَفْعًا: شاپىلاق بىلەن ئۇردى ، تەستەك سالدى .

صِفْعٌ: كاچاتلىماق .

صَفْعَةٌ ج صَفَعَاتٌ: بىر شاپىلاق ، بىر تەستەك .

نَالَ فُلَانٌ صَفْعَةً: پالانى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى .

صَفَّ يَصُفُّ صَفًّا الشَّيْءَ: رەتلىدى ، تىزدى .

صَفَّ الشَّعْرَ: چاچ تارىدى .

صَفَّ الْمَقَاعِدَ فِي الْقَاعَةِ: زالدىكى ئورۇندۇقلارنى رەتلىدى .

صَفَّ الْحُرُوفَ: ھەرپلەرنى تىزدى .

صَفٌّ ج صُفُوفٌ: قاتار ، رەت ، سەپ ، تىزىق؛ سىنىپ؛ يىللىق ، دەرىجە ، ئورۇن؛ يۆكلەش ، قاچىلاش .

صَفٌّ مَدْرَسِيٌّ: مەكتەپ سىنىپى .

﴿وَجَاءَ رَبُّكَ وَالْمَلَكُ صَفًّا صَفًّا﴾ «قرآن»: پەرۋەردىگارىڭ كەلگەن ۋە پەرىشتىلەر سەپ ـ سەپ بولۇپ كەلگەن چاغدا .

صَفٌّ مِنَ الْأَشْجَارِ: رەت ـ رەت دەرەخلەر .

إِبْنُهُ فِي الصَّفِّ الثَّالِثِ: ئۇنىڭ ئوغلى 3 ـ سىنىپتا .

آلَةُ صَفِّ الْحُرُوفِ: ھەرپ تىزىش ماشىنىسى .

ضَابِطُ الصَّفِّ: ئوفىتسېر .

عَادَ إِلَى الصَّفِّ: سەپكە قايتتى .

صَفَّاحٌ: كەچۈرگۈچى ، كەڭچىلىك قىلغۇچى ، ئەپۇ قىلغۇچى ، كەڭ قورساق .

صُفَّاحٌ ج صُفَّاحَاتٌ وَ صَفَافِيحُ: چوڭ تاش دوسكا ، تاش تاختا .

صُفَّاحُ الْحُقُولِ: تاش تاختا .

صَفَّارٌ: مىسكەر.

صَفَّارَةٌ ج صَفَّارَاتٌ وَ صَفَافِيرُ: دۇدۇك، پۇشتەك؛ مەقئەت، سوك.

صَفَّارَةُ الْإِنْذَارِ: ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى.

صَفَّارَةُ الطَّرَبِ أَوِ الْمُوسِيقِيِّ: نەي.

صَفَّارَةُ الْحَكَمِ: رېپېرنىڭ پۇشتىكى.

اِنْطَلَقَتْ صَفَّارَةُ الْإِنْذَارِ قُبَيْلَ الْغَارَةِ الْجَوِّيَّةِ: ھاۋا ھۇجۇمىنىڭ ئالدىدا ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى چېلىندى.

صَفَافِيرُ الشُّرْطَةِ: ساقچى پۇشتىكى.

صَفَّافٌ ج صَفَّافُونَ: تىزغۇچى، رەتلىگۈچى.

صُفَّةٌ ج صُفَفٌ وَ صِفَافٌ: سۇپا، تاختىۋېشى، لەمپە، چەللە.

أَهْلُ الصُّفَّةِ: ئەھلى سۇپپە (مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى سايە چۈشىدىغان بىر جايدا داۋاملىق تۇرىدىغان كەمبەغەل مۇھاجىرلاردىن بىر جامائە بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى).

صَفَّحَ يُصَفِّحُ تَصْفِيحًا الشَّيْءَ: باستى، چېكىدى، يانجىدى، ئەزدى.

صَفَّحَهُ: (مېتال) يالاتتى، سىرلىدى، قاپلىدى، برونېۋىكلاشتۇردى.

صَفَّحَ بِيَدِهِ: چاۋاك چالدى.

صَفَّحَ الدَّابَّةَ: ئۇلاغنى تاقىلىدى.

يُصَفِّحُ فَرَسَهُ كُلَّ سَنَةٍ: ئېتىنى ھەر يىلى تاقىلايدۇ.

صَفَّحَ قِطْعَةَ الْحَدِيدِ: تۆمۈرچى تۆمۈر پارچىسىنى ئۇرۇپ ياردى.

صَفَّدَ يُصَفِّدُ تَصفِيدًا: ئىشكەل سالدى، كويزا سالدى.

«إِذَا دَخَلَ شَهْرُ رَمَضَانَ صُفِّدَتِ الشَّيَاطِينُ» «حديث»: رامىزان كىرگەندە شەيتانلارغا ئىشكەل سېلىنىدۇ.

صَفَّرَ يُصَفِّرُ تَصْفِيرًا الشَّخْصُ: ئىسقىرتتى، پۇشتەك چالدى.

صَفَّرَ الْبَيْتَ: ئۆينى بوشاتتى، قۇرۇقدىدى.

صَفَّرَ الثَّوْبَ: رەختنى سېرىققا بويىدى.

«صَفَّرَ الْحَكَمُ لِإِنْهَاءِ الْمُبَارَاتِ الرِّيَاضِيَّةِ»: رېپېر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئاياغلاشتۇرۇش پۇشتىكىنى چالدى.

صَفَّرَ الرَّاعِي لِكَلْبِهِ: پادىچى ئىتىنى ئىسقىرتىپ چاقىردى.

يُصَفِّرُ الطَّائِرُ فَوْقَ الشَّجَرَةِ: قۇش دەرەخ ئۈستىدە سايرىماقتا.

صَفَّفَ يُصَفِّفُ تَصْفِيفًا: رەتلىدى، تىزدى، رەتكە تۇرغۇزدى.

صَفَّفَ الضَّابِطُ الْجُنُودَ: ئوفىتسېر ئەسكەرلەرنى رەتكە تىزدى.

صَفَّفَ الْحُرُوفَ: ھەرپلەرنى تىزدى.

صَفَّفَتِ الْأُمُّ شَعْرَ اِبْنَتِهَا: ئانا قىزىنىڭ چېچىنى تۈزەپ قويدى.

صَفَّقَ يُصَفِّقُ تَصْفِيقًا بِيَدَيْهِ: چاۋاك چالدى.

صَفَّقَ الْمُجْتَمِعُونَ لِلْخَطِيبِ: سورۇندىكىلەر ناتىققا چاۋاك چالدى.

اَلْيَدُ وَحْدَهَا لَا تُصَفِّقُ: بىر قولدىن چاۋاك چىقمايدۇ (يالغۇز ئاتىنىڭ چېڭى چىقماس).

صَفَّى يُصَفِّي تَصْفِيَةً الشَّيْءَ: تىنىدۇردى، سۈزۈلدۈردى، تازىلىدى.

صَفَّى الْحِسَابَ: ھېساباتنى تۈگەتتى.

صَفَّى الْمَحَلَّ التِّجَارِيَّ: دۇكاننى تاقىۋېتىش مەقسىتىدە قالدۇق ماللارنى سېتىۋەتتى.

صَفَّى النِّفْطَ: نېفىتنى چەككىلىدى.

صَفَّى الْمَاءَ: سۇنى سۈزۈلدۈردى.

صَفَّى بِمِصْفَاةٍ: سۈزگۈچ بىلەن سۈزدى.

صَفَّى الْخِلَافَاتِ بَيْنَهُمَا: ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارنى ھەل قىلدى.

صَفِيٌّ: ئومۇمىيۈزلۈك، ئومـۇمەن، ئـاددىي، ئـادەتتە؛ دائىم.

صَفَقَ يَصْفِقُ صَفْقًا الْبَابَ: ئىشىكنى قاتتىق ياپتى.

صَفَقَ يَدَهُ بِالْبَيْعَةِ: سودىدا پۈتۈشۈپ قول ئۇردى.

صَفَقَ الْعُودَ: چارتار (ئۇد) چالدى.

صَفَقَ الْقَدَحَ: قاچىنى تولدۇردى.

صَفَقَ الرِّيْحُ الْأَشْجَارَ: شامال دەرەخنى ئىرغاڭلاتتى.

صَفَقَ بِيَدَيْهِ: چاۋاك چالدى.

صَفَقَ الشَّرَابَ: شاراب قۇيدى.

صَفَقَ الدَّمَ: قان بەردى.

صَفَقَ الشَّيْءَ: نەرسىنى ئۇرۇپ ئاۋاز چىقاردى.

صَفُقَ يَصْفُقُ صَفَاقَةً النَّسِيْجُ: توقۇلمـا پىشـشىق توقۇلدى، قېلىن توقۇلدى.

صَفُقَ الرَّجُلُ: كىشى يۈزى قېلىنلىق قىلدى.

صَفُقَتِ الْعَبَاءَةُ: پىلاش قېلىن توقۇلدى.

صَفُقَ الْوَجْهُ: يۈزى قېلىن بولدى.

صَفْقٌ: چاۋاك چالماق، ئالقىشلىماق.

صَفْقُ الدَّمِ: قان بەرمەك.

صَفْقَةٌ ج صَفَقَاتٌ: بىر قېتىم چاۋاك چالماق؛ بىراقلا ساتماق.

صَفْقَةٌ خَاسِرَةٌ: قىممەت ئېلىنغان نەرسە، زىيانلىق سودا.

صَفْقَةٌ رَابِحَةٌ: پايـدىلىق سـودا، ئەرزان ئېلىنغـان نەرسە.

صَفْقَةٌ وَاحِدَةٌ: تامامەن، بىردەك، پۈتۈنلەي.

عَقْدُ صَفْقَةٍ رَابِحَةٍ: پايـدىلىق سـودا كېلىـشىمى تۈزمەك.

عَقْدُ صَفْقَةٍ هَامَّةٍ: مۇھىم سودا توختامى تۈزدى.

رَجَعَ بِصَفْقَةِ الْمَغْبُونِ: قۇرۇق قول قايتتى، زىيان تارتتى.

اَلصَّفَقَاتُ السِّيَاسِيَّةُ: سىياسىي سودا.

صَفَنَ يَصْفِنُ صُفُونًا الْفَرَسُ: ئات تىزلىنىپ ئورنىدىن تۇردى.

صَـفَنٌ ج أَصْـفَانٌ وَ صُـفُنٌ وَ صُـفْنَانٌ: ئۇرۇقـدان خالتىسى.

صَفْوٌ: سۈزۈك، ئوچۇق؛ سەممىي.

صَفْوُ الْعَيْشِ: خاتىرجەملىك.

صَفْوُ الْمَاءِ: سۇنىڭ سۈزۈكلۈكى.

صَفْوُ الْجَوِّ: هاۋانىڭ ئوچۇقلۇقى.

صَفْوُ الْمَوَدَّةِ: دوستلۇقنىڭ چىنلىقى.

صَفْوُ الْفَاكِهَةِ: مېۋىنىڭ ياخشىسى.

اَلصَّفْوُ مِنَ الشَّيْءِ: نەرسىنىڭ ياخشىسى.

صَفْوَانَةٌ ج صَفْوَانٌ: چوڭ قاتتىق تاش.

صَفْوَةٌ: نەرسـىنىڭ جەۋھـىرى، ئەڭ ياخشـىسى، مېغىزى.

«حَـضَرَتْ عَبَـاقِرَةُ الزَّمَـانِ وَصَـفْوَةُ الـنُّبَلَاءِ وَالْـعُلَمَاءِ وَالْأَمْجَادِ» بۇ يەرگە تالانتلىقلار، ئېسىللەرنىڭ ئېسىللىرى، ئۆلىمالار ۋە ئالىيجاناب كىشىلەر هازىر بوپتۇ.

صَفْوَةُ الْقَوْلِ: گەپنىـڭ قىسقىـسى، خۇلاسـە گەپ، ئومۇمەن ئېيتقاندا.

اَلصَّفْوَةُ الْمُخْتَارَةُ: ئەڭ ياخشى.

صَفْوَةُ الْبِضَاعَةِ: مالنىڭ ياخشىسى.

صَفْوَةُ النَّاسِ: كىشىلەرنىڭ ياخشىسى.

صَفُوحٌ: كەچۈرگۈچى، كەڭچىلىك قىلغۇچى، ئەپۇ قىلغۇچى، كەڭ قورساق.

صَفِيْحٌ: توغرا كەسمە يۈز؛ تۈنىكە، قاڭالتىر.

صَنَاعَةُ الصَّفِيْحِ: تۈنىكچىلىك سانائىتى.

صَفِيْحَةٌ ج صَفَائِحُ: قەلەي قاچـا، تـۈنىكە قاچـا؛ مېتال تاختا.

صَفِيْرٌ: گۈدۈك ئـاۋازى، سـىگنال ئـاۋازى، پۇشتەك ئاۋازى؛ كۆك ياقۇت؛ ئېسقىرتماق.

صَفِيْرٌ مُزْعِجٌ: قورقۇنچلۇق گۈدۈك ئاۋازى.

صَفِيْرُ الْقِطَارِ: پويىزنىڭ گۈدۈكى.

حُرُوفُ الصَّفِيْرِ: سەفىير ھەرپلىرى (ئىسقىرتما ھەرپلەر): «س، ز، ص» ھەرپلىرى.

أَصْدَرَ صَفِيْرَ احْتِجَاجٍ: ئىتىراز بىلدۈرۈش پۈشتىكى چالدى.

صَفِيْرُ الرَّاعِي: پادىچىنىڭ پۈشتىكى، ئىسقىرتىشى.

صَفَائِحُ الْجُبْنَةِ: پىشلاق پارچىلىرى، كاللەك ئىرىمچىك.

صُفَيْرَاءُ: سېرىق كېسەل، جىگەر ياللۇغى.

صُفَيْرَةٌ: تۇخۇمەك دەرىخى.

صَفِيْقٌ ج صُفَقَاءُ: قېلىن، زىچ، پىششىق.

صَفِيْقُ الْجِلْدِ: تېرىسى قېلىن، پوستى قېلىن.

شَابٌّ صَفِيْقُ الْوَجْهِ قَلِيْلُ الْحَيَاءِ: يۈزى قېلىن ھاياسىز ياش.

صَفِيْقُ الْوَجْهِ: يۈزى قېلىن.

صَفِيْنَةٌ: قارا ئارچا.

صَفِيٌّ ج أَصْفِيَاءُ م صَفِيَّةٌ: سىرداش دوست، ھەقىقىي دوست.

صَدِيْقٌ صَفِيٌّ: چىن دوست.

صَفِيٌّ ج صَفَايَا: ئوچۇق، ساپ، پاك، سۈزۈك، روشەن، تاللانغان؛ نامزات.

صَفَايَا الْأُمُورِ: پاك ئىشلار.

صِقَاعٌ: گاز ئۆتمەس نىقاب.

صُقَاعُ الدِّيْكِ: خورازنىڭ چىللىشى.

صِقَالٌ: سىلىق، يالتىراق، روشەن.

صِقَالَةٌ ج صَقَائِلُ: قۇرۇلۇش جازىسى.

صِقَالَةُ الْمَرْكَبِ: كۆچمە پەلەمپەي.

صِقَالَةُ الطَّائِرَةِ: ئايروپىلان شوتىسى.

صَقَالِيَّةٌ: سىتسىلىيە ئارىلى.

اَلصَّقَالِبَةُ: سلاۋىيان، سلاۋىيان مىللىتى.

صَقَبَ يَصْقُبُ صَقْبًا الشَّيْءَ: يىغدى، توپلىدى.

صَقَبَهُ: ئۇنى مۇشتلىدى.

صَقَبَ الْبِنَاءَ: بىنانى قۇردى، قوپۇردى.

صَقِبَ يَصْقَبُ صَقَبًا الْمَكَانُ: جاي يېقىنلاشتى.

صَقْبٌ ج أَصْقَابٌ وَ صُقْبَانٌ: ئېگىز بويلۇق.

صَقَبٌ: يېقىن.

اَلْجَارُ أَحَقُّ بِصَقَبِهِ: قوشنا ئۆزىنىڭ يېقىن قوشنىسى بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە تېگىشلىك.

صَقِبٌ: يېقىن.

صَقَرَ يَصْقُرُ صَقْرًا الْحَجَرَ: مېتىن بىلەن تاشنى چوقۇدى.

صَقَرَ النَّارَ: ئوتنى ياندۇردى.

صَقَرَهُ بِالْعَصَا: ئۇنى تاياق بىلەن ئۇردى.

صَقَرَتِ الشَّمْسُ الرَّجُلَ: كىشىنى قۇياش قىزىتىپ بىئارام قىلىۋەتتى.

صَقْرٌ ج صُقُورٌ وَ أَصْقُرٌ وَ صُقُورَةٌ وَ صِقَارٌ: لاچىن.

صَقَعَ يَصْقَعُ صَقْعًا وَ صُقَاعًا وَ صَقِيْعًا الدِّيْكُ: خوراز چىللىدى.

صَقَعَ يَصْقَعُ صَقْعًا الرَّجُلُ: كەتتى، باردى، ماڭدى.

لَا أَدْرِي أَيْنَ صَقَعَ: ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن.

صَقِعَ يَصْقَعُ صَقَعًا وَ صَقِيْعًا الشَّخْصُ: كىشى ئۈششۈپ قالدى.

صُقِعَ النَّبَاتُ: ئوت-چۆپكە قىرو چۈشتى، ئۈششۈك تەگدى.

صَقَعٌ: ئۈششۈپ قېلىش، ئۈششۈك تېگىش.

أُصِيْبَتْ قَدَمَاهُ بِالصَّقْعِ: پۇتى ئۈششۈپ قالدى.

صُقْعٌ ج أَصْقَاعٌ: جاي، رايون، ئىقلىم؛ پاينەكۋاش.

أَتَاهُ الصُّقْعُ فِي سِنِّ الْأَرْبَعِيْنَ: قىرىق ياشقا كىرىپ پاينەكۋاش بولۇشقا باشلىدى.

تَجَوَّلَ فِي أَصْقَاعِ الْبِلَادِ: يۇرت كەزدى.

صَقْعَانٌ: مۇزدەك، توڭلاپ قالغان.

صَقْعَانِيْنُ: مۇزدەك، توڭلاپ قالغان.

صَقْعَةٌ: قاتتىق سوغۇق، قەھرىتان سوغۇق.

صَقَّارٌ: چېقىمچى، سۇخەنچى، تۆھمەتخور؛ لاچىن

باقۇچى.
صَقَّالٌ ج صَقَّالُونَ: چاقچى.
صَقَّالُ الرُّخَامِ: مەرمەر تاش سىلىقلىغۇچى.
هُوَ مِنْ صَقَّالِي مَوَاعِينِ الطَّبْخِ: ئاشخانا سايمانلىرىنى پارقىراتقۇچى.
صَقَّعَ يُصَقِّعُ تَصْقِيعًا: مۇزلاپ قالدى، تولۇڭلاپ قالدى.
صَقَّعَ الْمَاءَ: سۇنى مۇزلاتتى.
صَقَلَ يَصْقُلُ صَقْلًا وَ صِقَالًا: سۈرتتى، پارقىراتتى.
صَقَلَ السَّيْفَ: قىلىچنى پارقىراتتى.
صَقَلَ الرُّخَامَ: مەرمەر تاشنى سۈرتتى.
صَقَلَ الْمِرْآةَ: ئەينەكنى پارقىراتتى.
صَقَلَ الشَّخْصُ كَلَامَهُ: گەپنى ياساپ قىلدى.
صَقَلَتِ الطَّالِبَةُ كَلَامَهَا: قىز ئوقۇغۇچى سۆزىنى نازاكەت بىلەن قىلدى.
يَصْقُلُ الْمُعَلِّمُ الْأَذْهَانَ: ئوقۇتقۇچى پىكىرلەرنى ئاچىدۇ.
صَقْلٌ: پارقىراتماق، سۈركەپ پارقىراتماق، ھەل بەرمەك.
صَقْلَابِيٌّ ج صَقَالِبَةٌ: سلاۋىيان.
صَقْلَبٌ ج صَقَالِبَةٌ: سلاۋىيان.
صَقْلَبِيٌّ: سلاۋىيان.
صِقِلِّيٌّ: سىتسىلىيە ئارىلىلىق، سىتسىلىيەنىڭ.
صِقِلِّيَّةُ: سىتسىلىيە ئارىلى.
صَقِيعٌ: قىراۋ.
صَقِيعُ الدِّيكِ: خورازنىڭ چىللىشى.
صَقِيلٌ ج صِقَالٌ: پارقىراق، ۋال-ۋۇل قىلىپ تۇرىدىغان.
رُخَامٌ صَقِيلٌ: پارقىراق مەرمەر تاش.
سَيْفٌ ثَقِيلٌ: پارقىراق ئۆتكۈر قىلىچ.
مَعَادِنُ صَقِيلَةٌ: پارقىراق مېتاللار.
صَكَّ يَصُكُّ صَكًّا الْبَابَ: ئىشىكنى تاقىدى، قۇلۇپلىدى.
صَكَّ الرَّجُلَ: كىشىنى قاتتىق ئۇردى، دۇمباللىدى.
صَكَّ صَدْرَهُ: ئۇنىڭ مەيدىسىگە ئۇردى.
﴿فَأَقْبَلَتِ امْرَأَتُهُ فِي صَرَّةٍ فَصَكَّتْ وَجْهَهَا﴾ «قرآن»: ئىبراھىمنىڭ ئايالى سۈرەن سېلىپ كېلىپ يۈزىنى كاچاتلاپ ....
صَكَّ سَمْعَهُ: ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى.
صَكَّهُ: ئۇنى قاتتىق سىلكىدى.
صَكَّتِ الدَّابَّةُ الْوَلَدَ: ھايۋان بالىسىنى قاتتىق چاقىرىدى.
صَكٌّ ج صُكُوكٌ وَ أَصُكٌّ وَ صِكَاكٌ: ھۆججەت، (ھۆكۈمەتنىڭ) ئىسپات خەت، چەك.
صَكُّ الْمِلْكِيَّةِ: شاھادەتنامە، گۇۋاھنامە.
صَكٌّ مَالِيٌّ: پۇل چېكى.
صَكُّ الْبَيْعِ: مال زاكاز قىلىش ھۆججىتى.
صَكُّ الْإِنْتِدَابِ: بەلگىلەش ھۆججىتى.
صَكُّ تَمْلِيكٍ: ئىگىدارچىلىق ئىسپاتى (خېتى).
صَكَّاكٌ ج صَكَّاكُونَ: ئىلاقە ھۆججەتلىرىنى باشقۇرغۇچى، ھۆججەتلەرنى يازغۇچى كاتىپ.
صَكَّةٌ: قاتتىق ئىسسىق؛ قاتتىق سوغۇق.
صَكَّةُ الشِّتَاءِ: قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقى.
صَكَّةُ الصَّيْفِ: يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقى.
صَكَمَ يَصْكُمُ صَكْمًا الْفَرَسُ عَلَى اللِّجَامِ: ئات يۈگەن شىرىدى.
صَكَمَهُ: ئۇردى، زەربە بەردى.
اَلصَّكْمَةُ: قاتتىق زەربە.
صَلَا يَصْلُو صَلْوًا فُلَانًا: پالانىنىڭ دۇمبىسىنى ئۇرۇپ يارىلاندۇردى.
صَلًا ج أَصْلَاءٌ وَ صَلَوَاتٌ: دۇمبە.
صَلَاءَةٌ ج صُلِيٌّ: پېشانە، ھاۋانچا.
صَلَابَةٌ: قاتتىقلىق، چىڭلىق؛ رەھىمسىزلىك.
صَلَابَةُ الرَّأْيِ: تەرسا، گەدەنكەشلىك.

صَلَابَةُ الْعُودِ: قەتئىي، چىداملىق، سۇباتلىق.

صَلَابَةُ الْحَجَرِ: تاشنىڭ قاتتىقلىقى.

صَلَاةٌ ج صَلَوَاتٌ: دۇئا، ناماز، دۇرۇد.

صَلَاةُ الْمَائِدَةِ: تاماقنىڭ ئالدى-كەينىدىكى دۇئا.

صَلَاةُ الْجُمُعَةِ: جۈمە نامىزى.

صَلَاةُ الصُّبْحِ: بامدات نامىزى.

صَلَاةُ الظُّهْرِ: پېشىن نامىزى.

صَلَاةُ الْعَصْرِ: ناماز دىگەر.

صَلَاةُ الْمَغْرِبِ: ناماز شام.

صَلَاةُ الْعِشَاءِ: خۇپتەن نامىزى.

الصَّلَوَاتُ الْخَمْسُ: بەش ۋاخ ناماز.

كِتَابُ الصَّلَاةِ: نامازنامە، ناماز توغرىسىدىكى كىتاب.

﴿فَوَيْلٌ لِلْمُصَلِّينَ الَّذِينَ هُمْ عَنْ صَلَاتِهِمْ سَاهُونَ﴾ «قرآن»: شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ.

صَلَاحٌ: ياخشى بولماق، توغرا بولماق، نۇقسانلاردىن خالىي بولماق؛ ياخشى؛ لايىق، مۇۋاپىق.

صَلَاحِيَّةٌ: مۇۋاپىق، لايىق، ئۇيغۇن.

صَلَاحِيَّةٌ ج صَلَاحِيَّاتٌ: سالاھىيەت، لاياقەت؛ خىزمەت ھوقۇقى.

عَدَمُ صَلَاحِيَّةٍ: يارامسىز، لاياقەتسىز.

حَائِزُ الصَّلَاحِيَّةِ التَّامَّةِ: تولۇق لاياقەتلىك؛ پۈتۈن ھوقۇقلۇق.

لَهُ صَلَاحِيَّةٌ لِتَحْسِينِ الْإِنْتَاجِ: ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشىلاش لاياقىتىگە ئىگە.

مُهَنْدِسٌ ذُو صَلَاحِيَّةٍ تَامَّةٍ: تولۇق سالاھىيەتلىك ئىنژېنېر.

مَنْدُوبٌ مُطْلَقُ الصَّلَاحِيَّةِ: تولۇق ھوقۇقلۇق ئەلچى.

صَلَاطِحٌ: تېز؛ تۈز، تەكشى؛ ياپپاڭ.

صِلَايَةٌ: پېشانە؛ ھاۋانچا.

صَلَبَ يَصْلُبُ صَلْبًا: كرېستقا مىخلىدى، ئاستى.

﴿وَمَا قَتَلُوهُ وَمَا صَلَبُوهُ وَلَكِنْ شُبِّهَ لَهُمْ﴾ «قرآن»: ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئىسانى ئۆلتۈرگىنىمۇ ۋە دارغا ئاسقىنىمۇ يوق ۋە لېكىن ئۇلارغا شۈبھە سېلىندى.

صَلَبَ الْجَانِي: جىنايەتچىنى دارغا ئاستى.

صَلُبَ يَصْلُبُ وَ صَلِبَ يَصْلَبُ صَلَابَةً: قاتتى، چىڭىدى.

صَلُبَ الشَّخْصُ: كۈچلەندى.

صَلُبَ الْجُنْدِيُّ: قوشۇن كۈچەيدى.

صَلْبٌ: ئاسماق، (كرېستقا) مىخلىماق.

صُلْبٌ ج أَصْلُبٌ وَ أَصْلَابٌ وَ صِلَبَةٌ: ئومۇرتقا؛ بەل؛ پولات.

صُلْبُ الرَّأْيِ: تەرسا، كاج، تەتۈر.

﴿يَخْرُجُ مِنْ بَيْنِ الصُّلْبِ وَالتَّرَائِبِ﴾ «قرآن»: ئۇ مەنىي ئومۇرتقا بىلەن قوۋۇرغا سۆڭەكلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىدۇ.

صُلْبُ الْمَوْضُوعِ: تېمىنىڭ ماھىيىتى.

صُلْبُ الْمُعَاهَدَةِ: شەرتنامىنىڭ تېكىستى.

صُلْبُ الرَّقَبَةِ: گەدەنكەش.

صُلْبُ الْكِتَابِ: تېكىست، تېمىلىق نۇسخا.

إِبْنُ صُلْبِهِ: ئۇنىڭ ئۆز ئوغلى.

﴿وَحَلَائِلُ أَبْنَائِكُمُ الَّذِينَ مِنْ أَصْلَابِكُمْ﴾ «قرآن»: يەنە ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان باللىرىڭلارنىڭ ئاياللىرىنى (ئېلىشىڭلار ھارام قىلىندى).

مَعْدَنٌ صُلْبٌ: قاتتىق مېتال.

رَجُلٌ صُلْبٌ: پۇختا ئادەم.

اَلْحَجَرُ صُلْبٌ: قاتتىق تاش.

مَصْنَعُ الْحَدِيدِ وَالصُّلْبِ: تۆمۈر-پولات زاۋۇتى.

دَخَلَ فِي صُلْبِ الْمَوْضُوعِ: تېمىنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە توختالدى.

مَسْرَحِيَّةٌ مِنْ صُلْبِ الْحَيَاةِ: رېئاللىقتىن ئېلىنغان ئوپېرا.

هُوَ مِنْ صُلْبِ فُلَانٍ: ئۇ پالانىنىڭ نەسلىدىن.

صُلْبَةٌ: تۈۋرۈك؛ تايانچ.

صُلْبَةُ الْعَيْنِ: كۆزنىڭ ئېقى.

صُلْبِيٌّ: پولاتتەك، پولاتتىن.

صَلُتَ يَصْلُتُ صُلُوتَةً الرَّجُلُ: كىشىنىڭ پېشانىسى كەڭ بولدى.

صَلْتٌ ج صِلَاتٌ: كەڭ ھەم پارقىراق پېشانە؛ قىلىچ، خەنجەر؛ شوخ، تېتىك.

رَجُلٌ صَلْتٌ: پېشانىسى ئوچۇق.

سَيْفٌ صَلْتٌ: يالتىراپ تۇرغان قىلىچ.

صَلْتٌ ج أَصْلَاتٌ: قىلىچ، خەنجەر.

صِلَةٌ ج صِلَاتٌ: ئالاقە، باغلىنىش، تۇغقانچىلىق، قانداشلىق، مۇناسىۋەت.

صِلَةُ الْإِتِّصَالِ: بىرلەشمە ھالقا، ئالاقە باغلاش گۇرۇپپىسى، مۇناسىۋەت ھالقىسى.

صَلَتَانٌ: ئاكتىپ، شوخ، تېتىك.

صَلَجَ يَصْلُجُ صَلْجًا الْفِضَّةَ: كۈمۈشنى ئېرىتتى.

صَلَجَهُ بِالْعَصَا: ئۇنى تاياق بىلەن ئۇردى.

صَلِجَ يَصْلَجُ صَلَجًا سَمْعُهُ: قۇلىقى گاس بولدى، پاڭ بولدى.

صُلْجٌ: پۇل، ئاقچا.

صَلُحَ يَصْلُحُ وَ صَلَحَ يَصْلَحُ صَلَاحًا وَ صُلُوحًا وَ صَلَاحِيَةً: ياخشىلاندى، ياخشى بولدى.

صَلَحَ لِكَذَا: ماس كەلدى، ئۇيغۇن كەلدى، مۇۋاپىق كەلدى.

هَذَا الْأَمْرُ يَصْلُحُ لَكَ: بۇ ئىش ساڭا ماس كېلىدۇ.

﴿جَنَّاتُ عَدْنٍ يَدْخُلُونَهَا وَمَنْ صَلَحَ مِنْ آبَائِهِمْ﴾ «قۇرئان»: ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى ... ئىچىدىكى ياخشىلارمۇ جەننەتكە كىرىدۇ.

صَلُحَ الشَّيْءُ: ئوڭشالدى.

صَلُحَتْ حَالُ السِّكِّيرِ: مەست ئوڭشالدى.

صَلُحَ الشَّخْصُ: پەزىلەتلىك بولدى.

صُلْحٌ: تىنچلىق، سۈلھى قىلىش، ياراشتۇرماق؛ مۇئاھىدە، كېلىشىم.

مُعَاهَدَةُ الصُّلْحِ: سۈلھى شەرتنامىسى.

وَالصُّلْحُ خَيْرٌ: كېلىشىش (ئۈزۈلۈپ كېتىشتىن) ياخشى.

صُلْحٌ فِي التِّجَارَةِ: توختام، شەرتنامە.

قَاضِي الصُّلْحِ: جەمئىيەت ئامانلىقى سوراقچىسى، ئىجتىمائىي تەرتىپ سوتچىسى.

مَحْكَمَةُ الصُّلْحِ: مۇرەسسە قىلىش سوت مەھكىمىسى.

مُؤْتَمَرُ الصُّلْحِ: تىنچلىق كېڭەشمىسى.

صُلْحِيٌّ: سۈلھى.

لَجْنَةٌ صُلْحِيَّةٌ بَيْنَ الْمُتَنَازِعَيْنِ: دەۋاگەرلەرنى ياراشتۇرۇش كومىتېتى.

صَلِخَ يَصْلَخُ صَلَخًا سَمْعُهُ: گاس بولۇپ قالدى، پاڭ بولۇپ قالدى.

صَلَدَ يَصْلِدُ صَلْدًا وَ صُلُودًا الشَّيْءُ: قېتىپ قالدى.

صَلَدَ السَّائِلُ: سۇيۇقلۇق قاتتى.

صَلَدَ الْأَرْضُ: يەر قاتتى، قېتىپ كەتتى.

صَلُدَ يَصْلُدُ صَلَادَةً: بېخىللىق قىلدى.

صَلْدٌ ج أَصْلَادٌ: قاتتىق يەر، گىياھ ئۈنمەس يەر؛ بېخىل.

صَلْدُ الْقَلْبِ: تاش يۈرەك، باغرى قاتتىق.

﴿فَأَصَابَهُ وَابِلٌ فَتَرَكَهُ صَلْدًا﴾ «قۇرئان»: بۇنداق ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا ـ چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ.

حَجَرٌ صَلْدٌ: قاتتىق.

صَلْصَالٌ: سېغىز لاي، يېپىشقاق لاي.

﴿خَلَقَ الْإِنْسَانَ مِنْ صَلْصَالٍ كَالْفَخَّارِ﴾ «قۇرئان»: ئاللاھ

ئىنسانىنى (يەنى ئاتاڭلار ئادەمنى) (چەكسە
جاراڭلايدىغان) ساپالدەك قۇرۇق لايدىن
ياراتتى.

صَلْصَةٌ ج صَلَصَاتٌ جج أَصْلَاصٌ: شورپا.

صَلْصَةُ التَّوَابِلِ: دورا ـ دەرمان، تېتىتقۇ.

صَلْصَلَ يُصَلْصِلُ صَلْصَلَةً الشَّيْءُ: نەرسە تاراڭشىدى، جاراڭلىدى.

صَلْصَلَ الْجَرَسُ: قوڭغۇراق جاراڭلىدى.

صَلْصَلَ الرَّعْدُ: هاۋا گۈلدۈرلىدى.

صَلْصَلَ فُلَانٌ: تەهدىت سالدى.

صَلْصَلَةُ السُّيُوفِ: قىلىچلارنىڭ جاراڭشىشى.

صَلِعَ يَصْلَعُ صَلَعًا الشَّخْصُ: ئايپاڭۋاش بولۇپ قالدى، پاينەكۋاش بولۇپ قالدى.

صَلِعَ الْكَهْلُ: ئوتتۇرا ياش ئادەم پاينەكۋاش بولۇپ قالدى.

صَلَعٌ . صَلْعَةٌ: ئايپاڭۋاش، پاينەكۋاش.

صَلْعَةٌ ج صَلَعَاتٌ: تاقىر باش.

يَحْمِي صَلْعَتَهُ بِالْقُبَّعَةِ: ئۇ تاقىر بېشىنى شىلەپە بىلەن يېپىۋالدى.

صَلْعَم: «سەللەللاهۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم» نىڭ قىسقارتىلىپ يېزىلىشى.

صَلِفَ يَصْلَفُ صَلَفًا: لاپ ئۇردى، پو ئاتتى، ئۆزىنى داڭلىدى.

صَلِفَ الشَّيْءُ: چەتنەپ كەتتى.

صَلِفَ النَّبَاتُ: ئۆسۈملۈك بەرىكەتسىز بولدى.

صَلِفَ السَّحَابُ: گۈلدۈرى بار يامغۇرى يوق بۇلۇت بولدى.

صَلَفٌ: ماختانماق، ئۆزىنى كۆپتۈرمەك، تەكەببۇرلۇق قىلماق، ئۆزىدە يوق ئارتۇقچىلىقنى داۋا قىلماق.

ثَرِيٌّ ذُو صَلَفٍ: تەكەببۇر باي.

صَلِفٌ ج صَلِفُونَ وَ صُلَفَاءُ وَ صَلَافَى م صَلِفَةٌ ج صَلِفَاتٌ وَ صَلَائِفُ: پوچى، يوغان گەپ قىلغۇچى، مۇتەكەببىر.

طَعَامٌ صَلِفٌ: تەمى يوق تائام.

«أُنْظُرْكَيْفَ يَمْشِي هَذَا الصَّلِفُ»: بۇ هاكاۋۇرنىڭ قانداق ماڭغانلىقىغا قارا.

صَلَّ يَصِلُّ صَلِيْلًا: تاراڭشىدى، جاراڭشىدى.

صَلَّ الْحَدِيْدُ: تۆمۈر تاراڭشىدى.

صِلٌّ ج أَصْلَالٌ وَ صِلَالٌ: چار يىلان.

صِلٌّ مِصْرِيٌّ: كۆزەينەكلىك يىلان.

صِلُّ أَصْلَالٍ: يامان ئادەم، ئەسكى ئادەم.

هُوَ صِلُّ أَصْلَالٍ: ئۇ بۇزۇق ئادەم.

صَلَّبَ يُصَلِّبُ تَصْلِيْبًا الشَّيْءَ: كۈچەيتتى، چىڭىتتى.

صَلَّبَ الْقَلْبَ: تاش يۈرەك قىلىۋەتتى.

﴿وَلَأُصَلِّبَنَّكُمْ فِي جُذُوعِ النَّخْلِ﴾ «قرآن»: سىلەرنى چوقۇم خورما دەرەخلىرىگە ئاسىمەن.

صَلَّبَ الْمَسِيْحِيُّ: ناسارا كرېست بەلگىسى ئىشارىتىنى قىلدى.

صَلَّبَ الْإِسْمِنْتَ بِالْحَدِيْدِ: سېمونتنى بىتون بىلەن چىڭىتتى.

صُلَّبٌ: بىلەي تاش.

صَلَّةٌ: قۇرۇق تېرە؛ كەش؛ سوك، مەقئەت.

صُلَّجَةٌ ج صُلَّجَاتٌ وَ صُلَّجٌ: پىلە غوزىكى.

صَلَّحَ يُصَلِّحُ تَصْلِيْحًا الشَّيْءَ: رېمونت قىلدى، ياسىدى؛ ئوڭشىدى.

صَلَّحَ السَّيَّارَةَ الْمَعْطُوبَةَ: بۇزۇلغان ماشىنىنى ئوڭشىدى.

صَلَّحَ الْأَمْرَ: ئىشنى تۈزىدى.

صَلَّحَ الْمُعَلِّمُ التَّمَارِيْنَ: ئوقۇتقۇچى تاپشۇرۇقلارنى تۈزەتتى.

صَلَّدَ يُصَلِّدُ تَصْلِيْدًا: بېخىللىق قىلدى.

صَلَّمَ يُصَلِّمُ تَصْلِيْمًا الشَّيْءَ: تۈۋىدىن ئۈزۈۋەتتى، قومۇرۇۋەتتى.

صِلَّوْرٌ: ئامۇرسۇم بېلىقى.
صَلَّى يُصَلِّي صَلَاةً: ناماز ئوقۇدى، ئىبادەت قىلدى، دۇئا قىلدى.
صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: ئاللاھ ئۇنىڭغا بەخت ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلسۇن.
﴿إِنَّ اللهَ وَمَلَائِكَتَهُ يُصَلُّونَ عَلَى النَّبِيِّ﴾ «قۇرئان»: ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ.
«اَلْبَخِيْلُ مَنْ ذُكِرْتُ عِنْدَهُ فَلَمْ يُصَلِّ عَلَيَّ» «حديث»: كىمكى مېنىڭ نامىم ئۇنىڭ ئالدىدا تىلغا ئېلىنغاندا دۇرۇت ئېيتمىسا، ئۇ كىشى بېخىل ھېسابلىنىدۇ.
صَلَّى صَلَاةَ الْجُمُعَةِ فِي الْمَسْجِدِ: جۈمە نامىزىنى مەسجىدتە ئوقۇدى.
صَلَّى اللهُ عَلَى رَسُولِهِ: ئاللاھ پەيغەمبىرىگە رەھمەت قىلسۇن.
صَلَّى يُصَلِّي تَصْلِيَةً يَدَهُ: قولىنى ئىسسىتتى.
صَلَّاهُ: ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزدى.
﴿ثُمَّ الْجَحِيْمَ صَلُّوهُ﴾ «قۇرئان»: ئاندىن ئۇنى دوزاخقا تاشلاڭلار.
صَلَمَ يَصْلُمُ صَلْمًا الشَّيْءَ: نەرسىنى تۈۋىدىن ئۈزۈۋەتتى، قومۇرۇۋەتتى.
صَلَمَ الْأُذُنَ: قۇلىقىنى ئۈزۈۋەتتى.
صِلِنْبَاحٌ: يىلانبېلىق.
صَلْهَبٌ: ئېگىز بوي ئادەم، شادىپاچاق.
صَلُودٌ: قاتتىق يەر، تاقىر يەر؛ بېخىل.
صُلُودَةٌ: قاتتىق، چىڭ قۇرۇق.
صَلَى يَصْلِي صَلْيًا اللَّحْمَ: گۆشىنى كاۋاپ قىلدى، پىشۇردى.
صَلَى فُلَانًا: پالانىنى ئورىغا ئېتىرگىلى تاس قالدى.
صَلَى الشَّيْءَ: ئوتقا تاشلىدى.
صَلَاهُ الْعَذَابَ: ئۇنى قىينىدى.
صَلِيَ يَصْلَى صَلًى وَ صُلِيًّا النَّارَ: ئوتقا تاشلىدى.
﴿لَا يَصْلَاهَا إِلَّا الْأَشْقَى الَّذِي كَذَّبَ وَ تَوَلَّى﴾ «قۇرئان»: دوزاخقا پەقەت (ھەقنى) ئىنكار قىلغان، (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈگەن ئادەملا كىرىدۇ.
صَلِيَ بِشَرِّ فُلَانٍ: پالانىنىڭ دەردىنى تارتتى.
صَلِيْبٌ ج صُلُبٌ وَ صُلْبَانٌ: تاش يۈرەك، باغرى قاتتىق؛ كرېست.
اَلصَّلِيْبُ الْأَحْمَرُ: قىزىل كرېست.
جَمْعِيَّةُ الصَّلِيْبِ الْأَحْمَرِ: قىزىل كرېست جەمئىيىتى.
عُوْدُ الصَّلِيْبِ: چوغلۇق، مودەنگول.
إِشَارَةُ الصَّلِيْبِ: كرېست ئىشارىتى.
صَلِيْبٌ ج صَلْبَى: ئېسىلغان؛ كۆچلۈك، ساپ نەسەب.
هُوَ عَرَبِيٌّ صَلِيْبٌ: ئۇ ساپ نەسەبلىك ئەرەب.
صَلِيْبِيٌّ: كرېستنىڭ، ئەھلى سەلىب قوشۇنى.
صَلِيْبِيُّ الشَّكْلِ: كرېست شەكىللىك.
صَلِيْبِيٌّ ج صَلِيْبِيُّونَ: كرېستقا ئېتىقاد قىلغۇچى.
حُرُوبٌ صَلِيْبِيَّةٌ: ئەھلى سەلىب ئۇرۇشى.
اَلْحَمَلَاتُ الصَّلِيْبِيَّةُ: ئەھلى سەلىب يۈرۈشى.
اَلصَّلِيْبِيُّونَ: ئەھلى سەلىب قوشۇنى.
صَلِيْحٌ ج صُلَحَاءُ: ياخشى.
صَلِيْلٌ: تۆمۈر- تەسەكىنىڭ جاراڭشىغان ئاۋازى.
صَلِيْلُ السِّلَاحِ: قورال-ياراغنىڭ جاراڭ-جۇرۇڭ قىلغان ئاۋازى.
صُمَاتٌ: سۈكۈت.
إِذْنُهَا صُمَاتٌ: قىزنىڭ سۈكۈتى ماقۇل بولغانلىقى.
صِمَاخٌ ج أَصْمِخَةٌ وَ صُمُخٌ: قۇلاق نەيچىسى، قۇلاق يولى؛ سۈيى ئاز قۇدۇق.
ضَرَبَ اللهُ عَلَى صِمَاخِهِ: ئاللاھ ئۇنى ئۇخلاتسۇن.
صِمَامٌ ج أَصِمَّةٌ وَ صِمَامَاتٌ: پۇرۇپكا، پولوگەت؛

ياپقۇچ، قاپقا، كلاپان.

صِمَامُ أَمْنٍ: بىخەتەرلىك كلاپانى، ئېھتىيات قاپقىقى.

صِمَامُ اللَّاسِلْكِيِّ: ئېلېكترون لامپا.

صِمَامُ تَصْرِيْفٍ: زەرەتسىزلەندۈرگۈچ.

صِمَامُ الْقَلْبِ: يۈرەك كلاپانى.

رَفَعَ الصِّمَامَ عَنِ الشَّيْءِ: چەكلىمە كۆتۈرۈۋېتىلدى.

صَمَتَ يَصْمُتُ صَمْتًا وَ صُمُوتًا وَ صِمَاتًا: سۈكۈت قىلدى، گەپ قىلماي جىم تۇردى.

«صَمَتُوا كَأَنَّ أَلْسِنَتَهُمْ رُبِطَتْ بِأَوْتَادٍ»: ئۇلار گويا تىللىرى تۇتۇلۇپ قالغاندەك جىم تۇرۇشتى.

«مَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَلْيَقُلْ خَيْرًا أَوْ لِيَصْمُتْ» ‹حديث›: كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلسۇن.

صَمَتَ الْمَرِيْضُ: كېسەل شۈك بولدى.

صَمْتٌ: سۈكۈت قىلماق، ئۈن-تىنسىز تۇرماق.

صَمْتٌ مُطْبَقٌ: قىلچە تاۋۇش يوق، ئۈن-تىنسىز.

صَمْتًا: خەپشۈك، جىم تۇر، تىنچلىنىڭلار.

صَمْتُ الْمَرِيْضِ: كېسەلنىڭ شوك بولۇشى.

يُطَالِعُ بِالْمَكْتَبَةِ فِي صِمْتٍ: كۇتۇپخانىدا جىمجىت كىتاب كۆرمەكتە.

قَطَعَ حَبْلَ الصَّمْتِ: جىمجىتلىقنى بۇزدى.

صِمْحَاءٌ . صِمْحَاءَةٌ: قاتتىق يەر.

صَمَخَ يَصْمَخُ صَمْخًا أُذُنَهُ: قۇلىقىنى زەخىملەندۈردى.

صَمَخَ عَيْنَهُ: كۆزىگە مۇشت بىلەن ئۇردى.

صَمَخَتِ الشَّمْسُ الرَّجُلَ: كىشىگە ئاپتاپ قاتتىق تەگدى.

صَمَدَ يَصْمُدُ صَمْدًا فُلَانًا: مەقسەت قىلدى؛ باردى، يەتتى.

صَمَدَ لَهُ: توسۇدى، قارشى تۇردى.

صَمَدَهُ بِالْعَصَا: ئۇنى تاياق بىلەن ئۇردى.

صَمَدَ إِلَيْهِ الْأَمْرَ: ئۇنىڭغا تاياندى، يۆلەندى، ئۈمىد باغلىندى.

صَمَدَ الْجَيْشُ أَمَامَ الْعَدُوِّ: قوشۇن دۈشمەن ئالدىدا ساباتلىق بىلەن تۇردى.

صَمَدَ فِيْ وَجْهِهِ: ئۇنىڭغا قارشى تۇردى.

صَمَدَ الزَّعِيْمُ فِي وَجْهِ الْمُسْتَعْمِرِيْنَ: داھىي مۇستەملىكچىلەرگە قارشى تۇردى.

صَمَدٌ ج أَصْمَادٌ: دائىم، ئەبەدىي؛ مۇستەھكەم؛ چىداشلىق.

جُنْدِيٌّ صَمَدٌ: مۇستەھكەم جەڭچى.

الصَّمَدُ: ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىدىن بولۇپ، ھەممىنىڭ ھاجىتى چۈشىدىغان ئاللاھ، ئاللاھ ھەممىدىن بىھاجەت، دېگەن مەنىدە.

﴿قُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ، اللهُ الصَّمَدُ﴾ ‹قرآن›: (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ ئاللاھ بىردۇر، ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر.

صَمَدَانِيٌّ: مەڭگۈلۈك، ئەبەدىيلىك.

صَمْصَامٌ: ئۆتكۈر قىلىچ.

صَمْصَمَ يُصَمْصِمُ صَمْصَمَةً: چىڭ تۇردى، قەتئىي داۋاملاشتۇردى، بەرداشلىق بەردى؛ سەگەك بولدى.

صَمِغَ يَصْمَغُ صَمَغًا —تِ الشَّجَرَةُ: دەرەخ يېلىم بولدى.

صَمْغٌ ج صُمُوغٌ: دەرەخ يېلىمى.

صَمْغُ الْبُطْمِ: تېرىنتىن مېيى؛ دېۋىرقاي؛ سېغىز.

صَمْغٌ عَرَبِيٌّ: ئەرەب يېلىمى.

صَمْغُ الصَّنُوبَرِ: دېۋىرقاي سېغىزى.

صَمْغٌ سَائِلٌ: يېلىم.

صَمْغِيٌّ: يېلىمدەك، يېلىمنىڭ.

صَمَلَ يَصْمِلُ صَمْلًا وَ صُمُولًا عَلَى: چىڭ تۇردى، بەرداشلىق بەردى، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

صَمَلَهُ بِالْعَصَا: ئۇنى تاياق بىلەن ئۇردى.

صَمَلَ الْبَدَنُ: بەدەن قۇرۇپ يىرىكلىشىپ كەتتى.
صَمَلَ الْعُودُ: ياغاچ قۇرۇپ قالدى.
صَمَلَتِ الشَّجَرَةُ: دەرەخ قۇرۇپ كەتتى.
صِمْلَاخُ الْأُذُنِ ج صَمَالِيْخُ: قۇلاقنىڭ كىرى.
صَمْلُوخٌ ج صَمَالِيْخُ: قۇلاقنىڭ كىرى.
صَمَّ يَصَمّ صَمًّا وَ صَمَمًا: گاس بولۇپ قالدى، پاك بولۇپ قالدى.
صَمَّ الْقَارُورَةَ: شىشىنىڭ ئاغزىنى ئەتتى.
صَمَّ الدَّرْسَ: دەرسنى يادلىدى.
﴿وَ حَسِبُوا أَنْ لَاتَكُونَ فِتْنَةٌ فَعَمُوا وَ صَمُّوا﴾ «قرآن»: ئۇلار بىز ئازابقا دۇچار بولمايمىز، دەپ ئويلىدى، ئۇلار كور بولدى، (يەنى، ھەقىقەتنى كۆرمىدى) ئۇلار گاس بولدى (يەنى ھەقىقەتنى ئاڭلىمىدى).
صَمَّ عَنِ الْحَدِيْثِ: قۇلاقنى يوپۇرۇۋالدى، قۇلاق سالمىدى.
صَمَّ عَلَيْهِ دَفْعُ دُيُونِهِ: ئۇنىڭغا قەرز قايتۇرۇش تەس بولدى.
صَمَّ عَزِيْمَتَهُ: ئىرادىسىنى چىڭىتتى.
صُمَّ صَدَاهُ: ھالاك بولدى، تۈگەشتى.
صُمَّتْ أُذُنُهُ بِالصِّمَاخِ: ئۇنىڭ قۇلىقى قۇلاق كىرى بىلەن ئېتىلىپ قالدى.
صَمَّ الْجُرْحَ: جاراھەتكە دورا سالدى.
صَمٌّ: يادلىماق، ياد ئوقۇماق، ئۆنلۈك يادلىماق.
صُمٌّ: گاس، تاۋۇشسىز.
غُدَدٌ صُمٌّ: ئىچكى ئاجراتما بەزلىرى.
كَمِيَّاتٌ صُمٌّ: ئىرراتسىئونال سانلار.
﴿صُمٌّ بُكْمٌ عُمْيٌ فَهُمْ لَايَعْقِلُونَ﴾ «قرآن»: ئۇلار گاستۇر، گاچىدۇر، كوردۇر، شۇڭا ئۇلار (گۇمراھلىقتىن) قايتمايدۇ.
صَمَمٌ: گاسلىق، پاكقۇشلۇق؛ جەۋھەر، مېغىز، ئاساس، ماھىيەت.

بِهِ صَمَمٌ: ئۇنىڭ قۇلىقى ئېغىر.
كَانَ فِي صَمِيْمِ عَنِ الْكَلَامِ الْبَذِيِّ: سەت گەپلەرنى ئاڭلىماسقا سالدى.
صَمَّاءُ: گاس؛ تاۋۇشسىز.
صَخْرَةٌ صَمَّاءُ: قاتتىق تاش.
اَلْغُدَّةُ الصَّمَّاءُ: ئىچكى ئاجراتما بەز.
آلَةٌ صَمَّاءُ: غالچا، يالاقچى، قورچاق.
صَمَّاغٌ: يېلىملىك.
نَبَاتٌ صَمَّاغٌ: يېلىم چىقىدىغان ئۆسۈملۈك.
صَمَّاغَةٌ: يېلىم قۇتىسى.
صَمَّتَ يُصَمِّتُ تَصْمِيْتًا ـــهُ: گەپ قىلدۇرمىدى، ئېغىز ئاچۇرمىدى.
صَمَّدَ يُصَمِّدُ تَصْمِيْدًا فُلَانًا: مەقسەت قىلدى؛ باردى، يەتتى.
صَمَّدَ لَهُ: توسۇدى، قارشى تۇردى، بەرداشلىق بەردى.
صَمَّدَهُ بِالْعَصَا: ئۇنى كالتەك بىلەن ئۇردى.
صَمَّغَ يُصَمِّغُ تَصْمِيْغًا الشَّيْءَ: يېلىملىدى، يېلىم چاپلىدى.
صَمَّمَ يُصَمِّمُ تَصْمِيْمًا عَلَى الْأَمْرِ: بىر قارارغا كەلدى، بەلگىلىدى، ھۆكۈم قىلدى.
صَمَّمَ الشَّيْءَ: پىلانلىدى، لايىھىلىدى.
صَمَّمَهُ: ئۇنى گاس قىلىۋەتتى.
صَمَّمَ الْمُهَنْدِسُونَ رَسْمَ السَّدِّ: ئىنژېنېرلار توسمىنى لايىھىلىدى.
صَمَّمَ الرِّيَاضِيّ عَلَى السَّبَّاحَةِ رَغْمَ هَيَجَانِ الْبَحْرِ: تەنھەرىكەتچى دېڭىزنىڭ چايقىلىشىغا قارىماي، سۇ ئۈزۈشكە ئىرادە باغلىدى.
صَمَّمَ الشَّخْصُ عَلَى كَذَا: بەل باغلىدى.
صَمَّمَ مَرَضُ الْأُذُنِ الرَّضِيْعَ: بوۋاقنى قۇلاق كېسەللىكى گاس قىلىپ قويدى.
صَمَّمَتِ الطَّالِبَةُ عَلَى النَّجَاحِ: قىز ئوقۇغۇچى

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىرادىسىگە كەلدى.

صِمِّيتٌ: كەم سۆز، ئۈندىمەس.

صُمُوتٌ: سۈكۈت قىلماق، ئۈن-تىنسىز تۇرماق.

صَمُوتٌ: كەم سۆز، ئۈندىمەس.

وَلَدٌ صَمُوتٌ: جىمغۇر بالا.

فَتَاةٌ صَمُوتٌ: كەم سۆز قىز.

صُمُودٌ: مۇستەھكەم بولماق، كۈچلۈك بولماق.

جَبْهَةُ الصُّمُودِ وَالتَّصَدِّي: قارشىلىشىش سېپى.

صَمَيَانٌ: تەۋەككۈلچى، قارام، تەنتەك.

صَمِيمٌ: ساپ، ھەقىقىي؛ چوققا، يۇقىرى نۇقتا؛ راست، خالىس، سەمىمىي.

شَرْقِيٌّ صَمِيمٌ: ھەقىقىي شەرقلىق.

فِي صَمِيمِ الْحَرِّ: قاتتىق ئىسسىقتا.

مِنْ صَمِيمِ الْفُؤَادِ: چىن قەلبىدىن، سەمىمىي رەۋىشتە.

عَرَبِيٌّ صَمِيمٌ: نەسلى پاك ئەرەب.

دَخَلَ فِي صَمِيمِ الْمَوْضُوعِ: تېمىنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە توختالدى.

ضَرَبَهُ فِي الصَّمِيمِ: ئۇنى تازا سالدى.

أَحَبَّهَا مِنْ صَمِيمِ فُؤَادِهِ: ئۇنى چىن قەلبىدىن سۆيدى.

صَنَائِعِيٌّ ج صَنَائِعِيَّةٌ: ئىشچى، تېخنىك ئىشچى، ھۈنەرۋەن.

نَقَّاشٌ صَنَائِعِيٌّ: نەققاش.

صَنَادِقِيٌّ: ساندۇقچى.

صُنَادِلُ ج صَنَادِلُ: خاپان باش تۆگە، خاپان باش ئېشەك.

صِنَارٌ: چىنار؛ توغراق.

صِنَارَةٌ ج صَنَانِيرُ: قارماق؛ موكا.

صَنَاعَاتٌ تَقْلِيدِيَّةٌ: ئەنئەنىۋى سانائەت.

صَنَاعَاتٌ كِيمِيَائِيَّةٌ: خىمىيە سانائىتى.

صَنَاعٌ ج صُنُعٌ: ئۇستىلىق، ماھىرلىق؛ نەپىس، نازۇك؛ پىششىق، پۇختا.

يَدٌ صَنَّاعٌ: چېۋەر ئۇستا، ماھىر.

صِنَاعَةٌ ج صَنَائِعُ وَصِنَاعَاتٌ: سانائەت، ھۈنەر، سەنئەت.

صِنَاعَةٌ شَرِيفَةٌ: شەرەپلىك كەسىپ.

صِنَاعَةٌ يَدَوِيَّةٌ: قول ھۈنەرۋەنچىلىك.

اَلصِّنَاعَةُ الضَّخْمَةُ: يىرىك سانائەت، ئېغىر سانائەت.

اَلصِّنَاعَةُ الْخَفِيفَةُ: يېنىك سانائەت.

دَارُ الصِّنَاعَةِ: ھەربىي قورال-ياراغ زاۋۇتى.

أَصْحَابُ الصَّنَائِعِ: ھۈنەرۋەنلەر، كاسىپلار.

صَنَاعِيٌّ ج صَنَاعِيُّونَ: كارخانىچى.

رِجَالٌ صَنَاعِيٌّ: چوڭ كارخانىچىلار.

صِنَاعِيٌّ: سۈنئىي، غەيرىي تەبىئىي؛ كەسىپ ئەھلى؛ سانائەتنىڭ.

حَرِيرٌ صِنَاعِيٌّ: سۈنئىي يىپەك.

رَأْسُمَالٌ صِنَاعِيٌّ: سانائەت كاپىتالى.

إِنْتَاجٌ صِنَاعِيٌّ: سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى.

مَطَّاطٌ صِنَاعِيٌّ: سۈنئىي كاۋچۇك.

بِلَادٌ صِنَاعِيَّةٌ: سانائەتلەشكەن دۆلەت، سانائەت مەملىكىتى.

رِجْلٌ صِنَاعِيَّةٌ: سۈنئىي پۇت.

اَلدُّورُ الصِّنَاعِيَّةُ: زاۋۇت، فابرىكا.

زُبْدَةٌ صِنَاعِيَّةٌ: سۈنئىي مەسكە، سۈنئىي قايماق.

صُنَانٌ ج أَصِنَّةٌ: يىرگىنچلىك، سېسىق، بەتبۇي.

صُنَانُ الْإِبْطِ: قولتۇقنىڭ پۇراپ قېلىشى.

صَنَايِعِيٌّ: قول ھۈنەرۋەن، ئىشچى، ئەمگەكچى، خىزمەتچى، مۇلازىم.

صَنْبَرَ يُصَنْبِرُ صَنْبَرَةً النَّخْلُ: خورمىنىڭ غولى ئىنچىكىلەپ خورما شالاڭ بولدى.

صُنْبُورٌ ج صَنَابِيرُ: تۇڭ ياكى قاچىنىڭ سۇ قۇيىدىغان جايى، جۈمەك.

صُنْبُورُ الْغَازِ: گاز تۇرۇبىسى.

صَنَجَ يَصْنُجُ صَنْجًا وَ صُنُوجًا الشَّخْصُ: چالغۇ تەخسىنى چالدى.

صَنْجٌ ج صُنُوجٌ: چالغۇ تەخسە، جاڭ.

صَنْجَةٌ: (في المعمار) ئەگمە تاش.

صَنْجَةٌ ج صِنَاجٌ: گىر، تارازا.

صَنْدَقَ يُصَنْدِقُ صَنْدَقَةً الشَّيْءَ: ساندۇققا سالدى.

صَنْدَلٌ ج صَنَادِلُ: سەندەل كەش (ئاياغ)؛ سەندەل ياغىچى؛ سەيلە كېچىسى؛ قولۋاق، قېيىق؛ خاپان باش تۆگە، خاپان باش ئېشەك.

صَنْدَلُ الْحَرَائِقِ: ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى.

صَنْدَلَانِيٌّ ج صَنَادِلَةٌ: خىمىك، خىمىيە مۇتەخەسسىسى؛ دورىگەر.

صَنْدَلَةٌ: خىمىيە، دورىگەرلىك.

صَنْدَلِيَّةٌ: ئۇزۇن ئورۇندۇق، بەندىك.

صُنْدُوقٌ ج صَنَادِيقُ: ساندۇق؛ ئۆلشەم، ئوشۇق.

صُنْدُوقُ الْبُوسْطَةِ. صُنْدُوقُ الْبَرِيْدِ: پوچتا ساندۇقى.

صُنْدُوقُ الْإِقْتِرَاعِ. صُنْدُوقُ الْإِنْتِخَابَاتِ: سايلام بېلىتى ساندۇقى.

صُنْدُوقُ الْمَلَابِسِ: چامادان، كىيىم ئىشكاپى.

صُنْدُوقٌ حَدِيْدٌ: پولات ساندۇق.

صُنْدُوقٌ عَرَبِيٌّ: ئەرەب بانكىسى.

صُنْدُوقُ النُّقُودِ: پۇل ساندۇقى.

أَمِيْنُ الصَّنْدُوقِ: كاسسىر.

دَفْتَرُ الصَّنْدُوقِ: نەق پۇل دەپتىرى.

صُنْدُوقُ الْعَطَايَا: ئىئانە ساندۇقى.

صُنْدُوقُ الْقُمَامَةِ: ئەخلەت تۆكى.

صُنْدُوقُ النَّقْدِ الدَّوَلِيِّ: خەلقئارا پۇل مۇئامىلە بانكىسى.

صِنْدِيْدٌ ج صَنَادِيْدُ: كۈچلۈك، قەھرىمان، باتۇر، جەسۇر، جۈرئەتلىك؛ مۆتىۋەر؛ بالا-قازا، كۈلپەت، بەختسىزلىك.

صِنْدِيْدٌ مِنَ الرِّيْحِ: قاتتىق بوران، قارا بوران.

صِنْدِيْدٌ مِنَ الْبَرْدِ: قەھرىتان سوغۇق.

صَنَادِيْدُ الْجَيْشِ: قوماندانلار.

فَارِسٌ صِنْدِيْدٌ: چېۋەر چەۋەنداز.

صَنَادِيْدُ قُرَيْشٍ: قۇرەيشنىڭ مۆتىۋەرلىرى.

يَوْمٌ حَامِي الصَّنَادِيْدِ: قاتتىق ئىسسىق كۈن.

صَنْطٌ: ئەرەب يېلىمى.

صَنَعَ يَصْنَعُ صَنْعًا وَ صَنِيْعًا الشَّيْءَ: ئىشلىدى، ياسىدى.

صَنَعَ صَنِيْعَهُمْ: ئۇلارنى دورىدى، ئۇلار قىلغاندەك قىلدى.

﴿وَأَلْقِ مَا فِي يَمِيْنِكَ تَلْقَفْ مَا صَنَعُوا﴾ «قرآن»: قولۇڭدىكىنى تاشلىغىن، ئۇ ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرىنى دەم تارتىپ يۇتۇۋېتىدۇ.

صَنَعَ الْأَمْرَ: ئىش بېجىردى، ئىجرا قىلدى.

صَنَعَهُ: ياسىدى، قۇردى، پەيدا قىلدى، ھاسىل قىلدى.

﴿وَاصْنَعِ الْفُلْكَ بِأَعْيُنِنَا وَوَحْيِنَا﴾ «قرآن»: بىزنىڭ كۆز ئۆڭىمىزدا ۋەھيىمىز بويىچە كېمە ياسىغىن.

صَنَعَ إِلَيْهِ مَعْرُوفًا: ئۇنىڭغا ياردەم بەردى.

صَنَعَ بِهِ صَنِيْعًا قَبِيْحًا: ئۇنىڭغا بولمىغۇر ئىش قىلىپ قويدى.

صَنَعَ النَّجَّارُ مِنْضَدَةً: ياغاچچى ئۈستەل ياسىدى.

صَنَعَ مَعَهُ جَمِيْلًا: ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلدى.

صَنَعٌ ج أَصْنَاعٌ: ئۇستا، ماھىر.

دَهَّانٌ صَنَعٌ: ئۇستا سىرچى.

صُنْعٌ: ئىشلىمەك، ياسىماق؛ ياخشىلىق، ئېھسان.

حَدِيْثُ الصُّنْعِ: يېڭى ياسالغان.

صُنْعُ يَدٍ: قولدا ياسالغان، قول سانائىتى.

﴿وَهُمْ يَحْسَبُونَ أَنَّهُمْ يُحْسِنُونَ صُنْعًا﴾ «قرآن»: ھالبۇكى، ئۆزلىرى ئوبدان ئىش قىلدۇق،

دەپ ئويلىغان ئادەملەردۇر.

هُوَ رَجُلٌ صَنْعُ الْيَدَيْنِ: ئۇ ئۇستا ھۈنەرۋەن.

صَنْعَةٌ: قول ھۈنەر، ھۈنەر-سەنئەت، ھۈنەر، ئۇستىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپى.

مُتْقَنُ الصَّنْعَةِ: پىششىق ئىشلەنگەن، ئىنچىكە ئىشلەنگەن.

دُورُ الصَّنْعَةِ: ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىسى، كارخانا.

﴿وَعَلَّمْنَاهُ صَنْعَةَ لَبُوسٍ لَكُمْ﴾ «قرآن»: داۋۇدقا سىلەر ئۈچۈن ساۋۇت ياساشنى ئۆگەتتۇق.

صَنْعَةُ الْحِذَاءِ: موزدۇزلۇق.

صَنْعَةُ الْحَدِيدِ: تۆمۈرچىلىك.

صِنْفٌ ج أَصْنَافٌ وَ صُنُوفٌ: تۈر، خىل، قىسىم، سىنىپ؛ دەرىجە، مەرتىۋە؛ قوشۇن، ئەترەت.

صِنْفًا: ئۈيغۇن.

صِنْفُ الْحَوَامِضِ مِنَ الْأَشْجَارِ الْمُثْمِرَةِ: ئاچچىق مېۋىلىك دەرەخلەر تۈرى.

صِنْفُ التُّجَّارِ: تىجارەتچىلەر تەبىقىسى.

أَصْنَافُ التُّفَّاحِ: ئالمىنىڭ تۈرلىرى.

صَنْفَرٌ: قۇم قەغەز سۈرتمەك.

صَنْفَرَةٌ: ياقۇت؛ ئالىيۇمىن؛ ئوكسىد.

وَرَقُ صَنْفَرَةٍ: قۇم قەغەز.

صَنِقَ يَصْنَقُ صَنَقًا: پۇراپ قالدى، سېسىپ قالدى.

صَنِقَ إِبْطُهُ: قولتۇقى پۇراپ قالدى.

صَنَقٌ: قولتۇقى پۇراپ قالغان.

صَنَقٌ ج أَصْنَاقٌ: كۆيدۈرمە تۇرۇبا، كۆيدۈرۈپ ئۇلانغان تۇرۇبا.

صَنِقٌ: سېسىق، بەتبۇي.

صَنَمَ يَصْنَمُ صَنَمًا الرَّائِحَةُ: بەتبۇي بولدى.

صَنَمَ الشَّخْصُ: كۈچەيدى، كۈچلەندى.

صَنَمٌ ج أَصْنَامٌ: بۇت.

بَيْتُ الْأَصْنَامِ: بۇتخانا.

عِبَادَةُ الْأَصْنَامِ: بۇتقا چوقۇنماق، بۇتپەرەسلىك.

﴿فَأَتَوْا عَلَى قَوْمٍ يَعْكُفُونَ عَلَى أَصْنَامٍ لَهُمْ﴾ «قرآن»: ئۇلار بۇتلىرىغا چوقۇنۇۋاتقان بىر قوۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە.

صَنَمَةٌ: غاز پېيى.

صَنَّ يَصِنُّ صَنًّا وَ صُنُونًا الشَّيْءُ: بۇزۇلدى، چىرىدى.

صَنَّ اللَّحْمُ: گۆش سېسىدى.

صَنَّاجٌ . صَنَّاجَةٌ: (تۇچتىن ياسالغان ۋە بىر-بىرىگە ياكى چوكا بىلەن ئۇرسا ئاۋاز چىقىدىغان بىر خىل چالغۇ) تەخسە چالغۇچى.

صَنَّاجُ الْعَرَبِ: شائىر ئەئشانىڭ لەقىمى.

صَنَّاجَاتٌ: ئۇسسۇل تەخسىسى.

صَنَّاجَاتُ الرَّاقِصَةِ الْأَسْبَانِيَاتِ: ئىسپانىيە ئايال ئۇسسۇلچىلىرىنىڭ ئۇسسۇل تەخسىسى.

صِنَّارٌ: چىنار؛ توغراق.

صِنَّارَةٌ ج صَنَانِيرُ: قارماق؛ موكا.

«أَدْخَلَتِ الْمَرْأَةُ خَيْطَ الصُّوفِ فِي الصِّنَارَةِ»: ئايال يۇڭ يىپنى موكىغا ئۆتكۈزدى.

صِنَّبْرٌ ج صَنَابِرُ: سوغۇق شامال؛ شەمسىيە 2- ئاينىڭ 6- كۈنى.

صَنَابِرُ الذَّهَبِ: كاللەك ئالتۇن.

صِنَّةٌ: يىرگىنچلىك، سېسىق، بەتبۇي.

صَنَّعَ يُصَنِّعُ تَصْنِيعًا الْبَلَدَ: شەھەرنى سانائەتلەشتۈردى، سانائەت شەھىرىگە ئايلاندۇردى.

صَنَّعَهُ: بېزىدى، زىننەتلىدى.

صَنَّعَ الْآلَةَ: سايمان ياسىدى.

صَنَّفَ يُصَنِّفُ تَصْنِيفًا الشَّيْءَ: نەرسىنى تۈرلەرگە ئايرىدى، رەتلىدى؛ ئويلاپ چىقاردى.

صَنَّفَ الْكِتَابَ: كىتاب يازدى، تۈزدى.

صَنَّفَ الْعَالِمُ النَّبَاتَ: ئالىم ئۆسۈملۈكلەرنى تۈرلەرگە ئايرىدى.

صَنَّنَ يُصَنِّنُ تَصْنِينًا: سېسىدى؛ قولتۇقى سېسىدى.

صِنْوٌ ج أَصْنَاءٌ وَ صِنْوَانٌ: بىر قورساق قېرىنداش، قوشكېزەكنىڭ بىرى؛ ئوخشىشى.

﴿وَنَخِيلٌ صِنْوَانٌ وَ غَيْرُ صِنْوَانٍ يُسْقَى بِمَاءٍ وَاحِدٍ﴾ «قرآن»: كۆپ شاخلىق ۋە كۆپ شاخلىق بولمىغان خورما دەرەخلىرى بار، (ئۇلارنىڭ ھەممىسى) بىر خىل سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ.

هُوَ صِنْوُ أَخِيهِ: ئۇ قېرىندىشىغا ئوخشايدۇ.

صَنَوْبَرٌ: قارىغاي.

صَمْغُ الصَّنَوْبَرِ: قارىغاي يېلىمى.

حَبّ الصَّنَوْبَرِ: قارىغاي ئۇرۇقى.

صَنَوْبَرِيٌّ: قارىغاي شەكىللىك، قارىغاي مەدىكىگە ئوخشاش؛ كونۇس.

تُفَّاحٌ صَنَوْبَرِيٌّ: ئاناناس.

اَلْغُدَّةُ الصَّنَوْبَرِيَّةُ: چىلغوزا تەنچە.

صِنْوَةٌ: بىر قورساق ھەمشىرە.

صَنِيعٌ ج صُنُعٌ: ئىش، ھەرىكەت، يۈرۈش-تۇرۇش، ئەخلاق، خۇلق؛ ياسالما، تەييارلانغان.

نِعْمَ الصَّنِيعُ مَا فَعَلْتَ: سېنىڭ قىلغىنىڭ نېمىدېگەن ياخشى.

هُوَ صَنِيعُ فُلَانٍ: ئۇ پالانىنىڭ نەتىجىسى.

صَنِيعَةٌ ج صَنَائِعُ: ئىجادىيەت، قول ھۈنەر مەھسۇلاتى؛ قورچاق، غالچا.

صَنِيعَةُ الْإِسْتِعْمَارِ: جاھانگىرلىكنىڭ غالچىسى.

هُوَ صَنِيعَتِي: ئۇ مېنىڭ شاگىرتىم.

صَهْ: جىم بول، تىنچ تۇر.

صُهَالٌ: ئاتنىڭ كىشنىشى.

«فَهَيْهَاتَ مَا كُلُّ الْمُعَمَّمِ فَاضِلاً فَهَلْ كُلُّ صَهَّالٍ أَغَرُّ مُحَجَّلُ»: سەللە كىيىگەننىڭ ھەممىسى پازىل ئەمەس، بەك كىشنىگەن ئاتنىڭ ھەممىسى دۇلدۇل بولۇشى ناتايىن.

صَهِبَ يَصْهَبُ صَهَبًا وَ صُهْبَةً الشَّعْرُ: چاچ بېغىر رەڭ بولدى.

الصَّهْبَاءُ: ھاراق، مەي؛ جىگەر رەڭ.

فَرَسٌ صَهْبَاءُ: چىلانتورۇق ئات.

صَهَدَ يَصْهَدُ صَهْدًا وَ صَهَدَانًا الْحَرّ: ئىسسىق كۆيدۈرۈۋەتتى.

صَهَدَتِ الشَّمْسُ: كۈن قىزىتتى، كۆيدۈردى.

صَهْدُ النَّارِ: ئىسسىقلىق، ھارارەت.

صَهَرَ يَصْهَرُ صَهْرًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ئېرىتتى.

﴿يُصْهَرُ بِهِ مَا فِي بُطُونِهِمْ﴾ «قرآن»: ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچ-باغرى ئېرىتىلىدۇ.

صَهَرَ الْحَدِيدَ: تۆمۈرنى ئېرىتتى.

صَهَرَهُ الْحَرّ: ئۇنى ئىسسىق كۆيدۈرۈۋەتتى.

صِهْرٌ ج أَصْهَارٌ: كۈيئوغۇل.

﴿وَهُوَ الَّذِي خَلَقَ مِنَ الْمَاءِ بَشَرًا فَجَعَلَهُ نَسَبًا وَ صِهْرًا﴾ «قرآن»: ئاللاھ ئىنساننى ئابمەنىيدىن ياراتتى، ئۇنى باللار نىسبەت بېرىلىدىغان ئەر ۋە قۇدا-باجىلىق پەيدا قىلىدىغان ئايال قىلىپ ياراتتى.

صَهْرَجَ يُصَهْرِجُ صَهْرَجَةً الْحَوْضَ: كۆلنى ھاك بىلەن سۇۋىدى.

صِهْرِيجٌ ج صَهَارِيجُ: كۆل؛ نېفىت ئىسكىلاتى، نېفىت توشۇش ماشىنىسى.

صِهْرِيجُ الْقَاطِرَةِ: پويىزنىڭ ئاخىرىدىكى سۇ، كۆمۈر قاچىلايدىغان ۋاگون.

صَهَلَ يَصْهِلُ صَهِيلًا وَ صَاهِلَةً وَ صُهَالًا الْفَرَسُ: ئات كىشنىدى.

صَهَّبَ يُصَهِّبُ تَصْهِيبًا: بېغىر رەڭ قىلدى.

صَهْوَةٌ ج صَهَوَاتٌ وَ صِهَاءٌ: ئاتنىڭ دۈمبىسى.

إِمْتَطَى صَهْوَةَ جَوَادِهِ: ئېتىغا مىندى.

إِسْتَوَى عَلَى صَهْوَةِ الْعِزِّ: شان-شەرەپنىڭ چوققىسىغا چىقتى.

صَهْوَةٌ ج صُهًى: تاغ چوققىسىدىكى قورغان،

ئىستىھكام.

صَهِيْدٌ: قاتتىق ئىسسىق.

يَوْمُ الصَّهِيْدِ: قاتتىق ئىسسىق كۈن.

صَهِيْرٌ: ئېرىتىلگەن.

مَعْدَنٌ صَهِيْرٌ: ئېرىتىلگەن مىس.

صَهِيْلٌ: ئاتنىڭ كىشنىشى.

صَهْيَنَ يُصَهْيِنُ صَهْيَنَةً الشَّيْءَ: سەل قارىدى، پەرۋا قىلمىدى، كۆز يۇمدى؛ توۋلىدى، ۋارقىرىدى.

صَهْيَنَ عَلَى كَلَامِهِ: ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى، ئاڭلىمىغانغا سالدى.

صِهْيُونٌ: سەھيۇن تېغى (ئېروسالىمدىكى مۇقەددەس تاغ)، بەيتۇلمۇقەددەس.

صِهْيُونِيٌّ ج صَهَايِنَةٌ: يەھۇدىي قىساسچىلىرى.

اَلصَّهْيُونِيَّةُ: يەھۇدىي قىساسچىلىقى.

صَوَابٌ: ئەقىل، ھوش، ئاڭ، سېزىم؛ توغرا، راست.

فَقِدَ صَوَابَهُ: ئۇ سېزىمىنى يوقاتتى.

﴿إِلَّا مَنْ أَذِنَ لَهُ الرَّحْمَنُ وَقَالَ صَوَابًا﴾ ‹قرآن›: ئاللاھنىڭ ئىزنىگە ئېرىشكەن ۋە توغرا سۆز قىلغانلاردىن باشقا ...

عَادَ إِلَى جَادَّةِ الصَّوَابِ: توغرا يولغا قايتتى.

غَابَ عَنْ صَوَابِهِ: ھوشىنى يوقاتتى.

غَائِبٌ عَنْ صَوَابِهِ: ھوشىنى يوقاتقۇچى.

هُوَ عَلَى الصَّوَابِ: ئۇنىڭ توغرا، ئۇ ئادىل.

كَلَامٌ صَوَابٌ: توغرا سۆز.

صَوَابُ الرَّأْيِ وَالْفِعْلِ: پىكرى ۋە ئىش-ھەرىكىتى توغرا.

سَلَكَ طَرِيْقَ الصَّوَابِ وَالْحَقِّ: ھەق يولدا ماڭدى.

مِنَ الصَّوَابِ أَنْ لَاتَفْعَلَ هَذَا: مۇنداق قىلمىغىنىڭ تۈزۈك.

رَدَّهُ إِلَى الصَّوَابِ: ئۇنى توغرا يولغا سالدى.

صَوَابَةٌ ج صَوَابَاتٌ: پارنىك؛ مۇھىت، شەرت-شارائىت.

صَوَابِيَّةٌ: ھەققانىيلىك، ئادىللىق، سەمىمىيلىك، توغرىلىق.

صُوَاعٌ صِوَاعٌ ج صِيْعَانٌ: جام، قەدەھ.

﴿قَالُوا نَفْقِدُ صُوَاعَ الْمَلِكِ﴾ ‹قرآن›: «ئۇلار پادىشاھنىڭ (تامغىسى بېسىلغان) قەدەھنى يوقىتىپ قويدۇق»، دېدى.

الصَّوَاكِمُ: بالايىئاپەت.

صِوَانٌ ج أَصْوِنَةٌ: جاۋەن، ئىشكاپ، ساندۇق؛ چېدىر؛ تاشقى قۇلاق.

صِوَانُ الثِّيَابِ: كىيىم ئىشكاپى.

صِوَانُ الْكِتَابِ: كىتاب ئىشكاپى.

صَوْبٌ: تەرەپ، يۆنىلىش، گىرۋەك، لېۋى، يېنى؛ توغرا، دۇرۇس؛ يامغۇرلۇق بۇلۇت.

مِنْ كُلِّ صَوْبٍ وَحَدَبٍ: تەرەپ-تەرەپتىن.

صُوبَةٌ ج صُوبَاتٌ: پارنىك؛ مۇھىت، شەرت-شارائىت.

صَوْبَجٌ: نوغۇچ.

صَوْبَنَ يُصَوْبِنُ صَوْبَنَةً: سوپۇن سۈرتتى.

صَوْتٌ ج أَصْوَاتٌ: ئاۋاز، تاۋۇش، سادا.

صَوْتٌ فِي انْتِخَابٍ: سايلامدا ئاۋاز بېرىش.

﴿إِنَّ أَنْكَرَ الْأَصْوَاتِ لَصَوْتُ الْحَمِيْرِ﴾ ‹قرآن›: ئاۋازلارنىڭ ئەڭ زېرىكەرلىكى ھەقىقەتەن ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر.

«فَمَا سَمِعْتُ أَحَدًا أَحْسَنَ صَوْتًا مِنْهُ» ‹حديث›: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىدىنمۇ چىرايلىق ئاۋازنى ئاڭلاپ باقمىغان.

رَجْعُ الصَّوْتِ: ئەكس سادا.

بِأَعْلَى صَوْتِهِ: يۇقىرى ئاۋاز بىلەن.

نِصْفُ الصَّوْتِ: يېرىم ئاۋاز.

بُعْدُ الصَّوْتِ: شۆھرەت، نام-ئاتاق.

صَوْتٌ أَجَشُّ: قۇلاققا ياقمايدىغان ئاۋاز.

بِصَوْتٍ وَاحِدٍ: بىر ئاۋاز بىلەن، ھەممە بىردەك.

بِصَوْتٍ عَالٍ: يۇقىرى ئاۋازى بىلەن.

بِصَوْتٍ وَاطِئٍ: پەس ئاۋاز بىلەن.

بِصَوْتٍ خَافِتٍ: تۆۋەن ئاۋاز بىلەن، پىچىرلاپ.

اِنْطَلَقَ صَوْتُ الْمُؤَذِّنِ: مۇئەززىننىڭ ئاۋازى ياڭراپ كەتتى.

«غَنَّتِ الْمُطْرِبَةُ صَوْتًا اِهْتَزَّتْ لَهُ الْقُلُوبُ»: ناخشىچى ئايال ناخشا ئېيتتى، يۈرەكلەر ئويناپ كەتتى.

عِلْمُ الصَّوْتِ (في الفيزيا): فونېتىكا.

أَصْوَاتُ اللُّغَةِ: سۆز ئاھاڭى.

عِلْمُ الْأَصْوَاتِ: فونېتىكا.

أَخْذُ الْأَصْوَاتِ: ئاۋازغا قويماق.

بِاِتِّفَاقِ الْأَصْوَاتِ: بىر ئېغىزدىن ماقۇللىماق.

صَوْتِيٌّ: ئاھاڭلىق، تاۋۇشلۇق.

حَرْفٌ صَوْتِيٌّ: جاراڭلىق تاۋۇش.

اَلْمُوسِيقِيَ الصَّوْتِيَّةُ: ناخشىلىق مۇزىكا.

اَلْمَوْجَةُ فَوْقَ الصَّوْتِيَّةِ: ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى.

اَلْأَعْضَاءُ الصَّوْتِيَّةُ: ئاۋاز چىقىرىش ئەزالىرى.

صَوْتِيَّاتٌ: فونېتىكا.

صُودَا: سودا.

صُودَاكَاوِيَةٌ: گىدروكسىدى، ئويغۇچى ناتريي، ئويغۇچى سودا.

مَاءُ الصُّودَا: سودا سۈيى، گازلىق سۇ.

صُودِيُوم: ناتريي.

كِلُورُورُ الصُّودِيُوم: ئاش تۇزى.

صَوِرَ يَصْوَرُ صَوَرًا: قىيسايدى، ئېگىلدى، مايىل بولدى.

صُورٌ ج أَصْوَارٌ: بۇرغا، سۇر، نەي.

﴿يَوْمَ يُنْفَخُ فِي الصُّورِ﴾ «قرآن»: بۇ سۇر چېلىنىدىغان كۈندۇر.

صُورَةٌ ج صُوَرٌ وَ صُوْرٌ: سۈرەت، رەسىم؛ قىياپەت، ئوبراز، فورما، شەكىل؛ دائىرە، كۆرۈنۈش.

صُورَةٌ زَيْتِيَّةٌ: ماي بوياق رەسىم.

صُورَةٌ شَمْسِيَّةٌ: فوتو سۈرەت.

﴿فِي أَيِّ صُورَةٍ مَاشَاءَ رَكَّبَكَ﴾ «قرآن»: سېنى ئۇ خالىغان شەكىلدە قۇراشتۇردى.

صُورَةُ وَرْدَةٍ: قىزىلگۈلنىڭ رەسىمى.

هَذَا الْأَمْرُ عَلَى ثَلَاثَةِ صُوَرٍ: بۇ ئۈچ تۈرلۈك مەسىلە.

قَدَّمَ الْمَوْضُوعَ بِصُورَةٍ وَاضِحَةٍ: تېمىنى ئوچۇق رەۋىشتە يورۇتۇپ بەردى.

سَلَّمَ الْوَثِيقَةَ بِصُورَتَيْنِ: ھۆججەتنى ئىككى نۇسخا تاپشۇردى.

صُورَةٌ مُتَحَرِّكَةٌ: ھەرىكەتچان سۈرەت.

صُورَةً: شەكىل جەھەتتە.

بِصُورَةٍ رَسْمِيَّةٍ: رەسمىي رەۋىشتە.

بِصُورَةٍ سَرِيعَةٍ: تېزلىك بىلەن.

بِصُورَةٍ صَارِمَةٍ: قەتئىي تۈردە، كەسكىن رەۋىشتە.

بِصُورَةٍ غَيْرِ قَانُونِيَّةٍ: قانۇنسىز رەۋىشتە.

صُورِيٌّ: شەكىلدە، شەكىللىك؛ ئويدۇرما.

«نَشَرَتِ الشَّرِكَةُ إِعْلَانًا صُورِيًّا لِلْوَظِيفَةِ الَّتِي تَمَّ شُغْلُهَا»: شىركەت ئاللىقاچان ئورۇنلىنىپ بولغان ئىش ئورنى توغرىسىدا شەكلەن ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

كَمْبِيَالَةٌ صُورِيَّةٌ: قۇرۇق چەك.

أَعْمَالٌ صُورِيَّةٌ: شەكىلۋازلىق.

صَوْعٌ: ئويۇن مەيدانى.

صَوْعٌ . صَاعٌ ج أَصْوُعٌ: قەدىمكى زاماندا ئاشلىق ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم (ئىككى كىلوگرامغا تەڭ).

صَوَّغَ: ياسىماق، تەييارلىماق، شەكىللەنمەك.

صُوفٌ ج أَصْوَافٌ: يۇڭ.

نَسِيجٌ مِنَ الصُّوفِ: يۇڭ توقۇلما.

صُوفَانٌ: چوغ؛ پىلىك؛ ئەمەن ماموقى.

صُوفَيْرَةٌ: دۈدۈك، پۈشتەك.

صُوفِيٌّ: يۇڭلۇق.

لِبَاسٌ صُوفِيٌّ: يۇڭ كىيىم.

أَنْسِجَةٌ صُوفِيَّةٌ: يۇڭ توقۇلما.

صُوفِيٌّ ج صُوفِيُّونَ: سوپى، تەرىقەتچى تەرىقەت يولىغا كىرگەن ئادەم، تەسەۋۋۇپ مەسلىكىدىكى ئادەم.

الصُّوفِيَّةُ: تەسەۋۋۇپ مەسلىكى، تەسەۋۋۇپ، سوپىلىق، تەرىقەت.

صَوْلَةٌ ج صَوْلَاتٌ: كۈچ، تەسىر، هوقۇق، هاكىمىيەت.

ذُو صَوْلَةٍ: تەسىر كۈچى بار ئەرباب.

أَهْلُ صَوْلَةٍ وَ شَوْكَةٍ: تەسىرلىك شەخس، ئاتاقلىق ئەرباب.

صَوْلَاتُ الْغَاصِبِيْنَ: باسقۇنچىلارنىڭ ھەيۋىسى.

قَائِدٌ لَهُ صَوْلَاتٌ وَجَوْلَاتٌ: باتۇر قوماندان، مەردۇمەردانە قوماندان.

صَوْلَجٌ . صَوْلَجَةٌ: ساپ كۈمۈش.

صَوْلَجَانٌ ج صَوَالِجُ: ئۇچى ئەگرى تاياق، بۇنىڭ بىلەن چەۋانداز توپنى ئۇرىدۇ، خوككى كالتىكى، ھاسا، ساپ.

صَوْلَجَانُ السُّلْطَةِ ج صَوَالِجَةٌ: فاشىست.

لَعْبُ الصَّوْلَجَانِ: خوككى ھەرىكىتى، خوككى توپى.

صَوْمٌ: روزا تۇتماق؛ قول ئۈزمەك، ساقلانماق؛ رامىزان.

شَهْرُ الصَّوْمِ: رامىزان ئېيى.

﴿إِنِّي نَذَرْتُ لِلرَّحْمَنِ صَوْمًا﴾ «قرآن»: مەن ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىك ئاللاھقا ۋەدە بەردىم.

«صَوْمُ رَمَضَانَ مِنَ الْأَرْكَانِ الْخَمْسَةِ فِي الْإِسْلَامِ»: رامىزان روزىسى ئىسلامىيەتتە بەش ئەركانىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

صَوْمَعَ يُصَوْمِعُ صَوْمَعَةً الشَّيْءَ: نەرسىنى توپلىدى، جەملىدى.

صَوْمَعَ الْبِنَاءَ: بىنانى ئېگىزلەتتى.

صَوْمَعَةٌ ج صَوَامِعُ: خرىستىئان دىنىدىكى دەرۋىشلەرنىڭ دۇنيادىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يالغۇز تۇرىدىغان مەخسۇس جايى، خرىستىئانلار ئىبادەتخانىسى.

صَوْمَعَةُ غِلَالٍ: گەمە، يەر ئاستى ئۆيى.

﴿وَلَوْلَا دَفْعُ اللهِ النَّاسَ بَعْضَهُم بِبَعْضٍ لَّهُدِّمَتْ صَوَامِعُ وَ بِيَعٌ وَ صَلَوَاتٌ وَ مَسَاجِدُ﴾ «قرآن»: ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى بىر-بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئاللاھنىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى.

صَوْمَعَةُ الْمُتَعَبِّدِ: راھىبنىڭ ئىبادەتگاھى.

صَوْنٌ: قوغدىماق، ساقلىماق.

صَاحِبَةُ الصَّوْنِ: يۇقىرى تەبىقىدىكى خانىمغا ئېيتىلىدىغان سۆز.

الصَّوُّ ج أَصْوَاءٌ: بوش، قۇرۇق.

صَوَّافٌ ج صَوَّافُونَ: يۇڭ سودىگىرى، يۇڭ توقۇلما ماللار سودىگىرى.

صَوَّامٌ: دائىم روزا تۇتقۇچى.

صَوَّانٌ . صَوَّانَةٌ ج صَوَّانَاتٌ: چاقماق تېشى.

حَجَرُ الصَّوَّانِ: گرانىت تاش.

أَدَوَاتٌ صَوَّانِيَّةٌ: تاش قوراللار.

صَوَّبَ يُصَوِّبُ تَصْوِيبًا: توغرىلىدى، قارىغا ئالدى، نىشانلىدى؛ ئېقرار قىلدى.

صَوَّبَ إِلَيْهِ الْبُنْدُقِيَّةَ: ئۇنىڭغا قورال تەڭلىدى.

صَوَّبَ الْخَطَأَ: خاتانى توغرىلىدى، تۈزەتتى.

صَوَّبَ السَّهْمَ: قارىغا ئالدى.

صَوَّبَ الْقَذِيْفَةَ جَيْشَ الْعَدُوِّ: دۈشمەن قوشۇنى تەرەپكە توپنى توغرىلىدى.

صَوَّبَ رَأْيَ إِبْنَتِهِ: قىزىنىڭ پىكرىنى توغرا تاپتى.

صَوَّبَ الْمُعَلِّمُ أَخْطَاءَ التَّلَامِيْذِ: ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاتاسىنى تۈزەتتى.

صَوَّتَ يُصَوِّتُ تَصْوِيْتًا: تەلەپپۇز قىلدى، ئاۋۇش چىقاردى؛ توۋلىدى، ۋارقىرىدى؛ ئاۋاز بەردى.

صَوَّتَ الرَّاعِي: پادىچى توۋلىدى.

صَوَّتَ بِهِ: ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى.

صَوَّتَ فِي انْتِخَابَاتِ مَجْلِسِ الْأُمَنِ: پارلامېنت سايلىمىدا ئاۋاز بەردى.

صَوَّتَتْ بِالْمُرَاسَلَةِ: خەت ئارقىلىق ئاۋاز بەردى.

صَوَّتَ لِصَالِحِ فُلَانٍ: پالانىنىڭ پايدىسىغا ئاۋاز بەردى.

صَوَّتَ ضِدَّهُ: ئۇنىڭغا قارشى ئاۋاز بەردى.

صُوَّةٌ ج صُوًى جج أَصْوَاءٌ: يول بەلگىسى، بەلگە تاش؛ دۆڭ، ئېگىزلىك.

صَوَّحَ يُصَوِّحُ تَصْوِيْحًا الْبَقْلَ: قۇرۇپ كەتتى، سولاشتى، خازان بولدى، قۇرۇپ پارچىلىنىپ كەتتى.

صَوَّحَتِ الشَّمْسُ: كۈن قىزىتىپ قۇرۇتۇۋەتتى.

صَوَّرَ يُصَوِّرُ تَصْوِيْرًا الرَّجُلَ: سۈرەتكە تارتتى، رەسىمگە ئالدى، رەسىمنى سىزدى.

صَوَّرَ الْكِتَابَ: سۈرەتلەپ چۈشەندۈردى.

صَوَّرَ بِالْأَلْوَانِ: نەقىشلىدى، گۈللۈك قىلىپ سىزدى.

﴿هُوَ الَّذِي يُصَوِّرُكُمْ فِي الْأَرْحَامِ كَيْفَ يَشَاءُ﴾ «قرآن»: ئۇ سىلەرنى بەچچىدانلاردا (يەنى، ئانىلارنىڭ قورسىقىدىكى چېغىڭلاردا) ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزىدۇ.

صَوَّرَ بِالْفُتُغْرَافِيَةِ: سۈرەتكە ئالدى، سۈرەت تارتتى.

صَوَّرَهُ: تەسۋىرلىدى، سۈرەتلەپ بەردى؛ شەكىللەندۈردى، شەكىلگە كەلتۈردى.

صَوَّرَ الْحَادِثَ: ۋەقەنى ئىنچىكە تەسۋىرلەپ بەردى.

صَوَّرَ التِّلْمِيْذُ حِصَانًا: ئوقۇغۇچى ئاتنىڭ رەسىمىنى سىزدى.

صُوِّرَ لَهُ الشَّيْءُ: خىيالىغا كەلدى، خىيال سۈردى.

صُوِّرَ لَهُ الشَّيْطَانُ: كاللىسىغا شەيتان كىرىۋالدى.

صُوِّرَ لَهُ أَنَّهُ صَادِقٌ: ئۇنىڭغا راستتەك كۆرۈندى.

صَوَّفَ يُصَوِّفُ تَصْوِيْفًا الْخُبْزُ: نان پۈرلىشىپ قالدى، پاختىلىشىپ قالدى، كۆكىرىپ قالدى.

صَوَّمَ يُصَوِّمُ تَصْوِيْمًا: روزا تۇتتۇردى.

«صَوَّمَتِ الْأُمُّ ابْنَتَهَا فِي سِنِّ الْعَاشِرَةِ»: ئانا قىزىنى ئون يېشىدىلا روزا تۇتقۇزدى.

صَوَّى يُصَوِّي تَصْوِيَةً الشَّيْءُ: نەرسە قۇرۇدى، توزۇدى، تۆكۈلدى.

صَوَى يَصْوِي صُوِيًّا النَّخْلُ: خورما دەرىخى قۇرۇپ تۆكۈلدى، خازان بولدى، توزىدى.

صَوَى الضَّرْعُ: يېلىن قورۇلۇپ كەتتى، سولىشىپ كەتتى، سۈت چىقماس بولۇپ كەتتى.

صَوِيَ يَصْوَى صَوًى الشَّيْءُ: نەرسە قۇرۇدى، توزۇدى، تۆكۈلدى.

صَوِيَ الضَّرْعُ: يېلىن قۇرۇقدىلىپ قالدى.

الصُّوَى: قەبرە، گۆر؛ ئەكس سادا؛ دۆڭ، تۆپىلىك.

«إِنَّ لِلدِّيْنِ صُوًى وَ مَنَارًا كَمَنَارِ الطَّرِيْقِ» «حديث»: يولنىڭ يول كۆرسەتكۈچ بەلگىلىرى بولغاندەك دىننىڭمۇ يول كۆرسەتكۈچلىرى بار.

صُوْيَا . فُوْلُ الصُّويَا سىرىق پۇرچاق.

صُيَابٌ . صُيَابَةٌ: ساپ، تازا، نوقۇل.

صِيَاحٌ: ۋارقىرىماق، جارقىرىماق، ۋارى-ۋارى قىلماق.

وَقْتُ صِيَاحِ الدِّيْكِ: توخۇ چىللىغاندا.

صِيَاغَةٌ: قۇيمىچىلىق؛ نەپىس سەنئەت، زەرگەرلىك.

كَلَامٌ حَسَنُ الصِّيَاغَةِ: چىرايلىق سۆز.

صِيَاغَةُ الْكَلَامِ: سۆزنىڭ تۈزۈلۈشى.

صِيَامٌ: روزا تۇتماق؛ روزا، رامىزان.

﴿يَاأَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ﴾ ‹قرآن›: ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى.

قَوْمٌ صِيَامٌ: روزا تۇتقۇچى قوۋم.

صِيَانٌ ج أَصْوِنَةٌ: جاۋەن، ئىشكاپ، ساندۇق؛ چېدىر.

صِيَانَةٌ: قوغدىماق، ساقلىماق.

صِيَانَةُ السِّلْمِ: تىنچلىقنى قوغدىماق.

صِيَانَةُ الْأَحْرَاشِ: ئورماننى مۇھاپىزەت قىلىش.

صِيْتٌ: ئابروي، ئاتاق، نام، شۆھرەت.

«لَهُ فِي الْعِلْمِ لَمْ يَكُ مِنْ نَظِيْرٍ    لَهُ فِي النَّاسِ صِيْتٌ جَهْوَرِيْ»: ئۇ ئىلىمدە تەڭداشسىز، كىشىلەر ئىچىدە ئالاھىدە ئابرۇيغا ئىگە.

صِيْتٌ حَسَنٌ: ياخشى ئاتاق.

ذَائِعُ الصِّيْتِ: شۆھرەتلىك، ئاتاقلىق، داڭلىق.

بُعْدُ الصِّيْتِ: مەشھۇر، ئاتاقلىق.

ذَهَبَ صِيْتُهُ بَيْنَ النَّاسِ: ئۇنىڭ داڭقى خەلق ئارىسىدا پۇر كەتتى.

صَيَّحَ: ۋارقىرىماق، توۋلىماق، ۋارى-ۋارى قىلماق.

صَيْحَةٌ ج صَيْحَاتٌ: ۋاراڭ-چۇرۇڭ، چۇقان-سۈرەن؛ ئازاب؛ سۈر.

صَيْحَةُ فَرَحٍ: ئالقىش، تەنتەنە.

﴿يَوْمَ يَسْمَعُونَ الصَّيْحَةَ بِالْحَقِّ ذَالِكَ يَوْمُ الْخُرُوجِ﴾ ‹قرآن›: ئۇلار ھەقنى ئېلىپ كېلىدىغان ئاۋازنى ئاڭلىغان كۈن — ئەنە شۇ كۈن (قەبرىلەردىن) چىقىش كۈنىدۇر.

ذَهَبَ صَيْحَةً فِي وَادٍ: ئىزى يوقالدى.

صَيْحَةُ الرَّضِيْعِ: بوۋاقنىڭ يىغلىشى.

صَيْدٌ: ئوۋلىماق، ھىيلە بىلەن تۇتۇۋالماق.

صَيْدُ السَّمَكِ: بېلىق تۇتماق.

﴿وَحُرِّمَ عَلَيْكُمْ صَيْدُ الْبَرِّ مَادُمْتُمْ حُرُمًا﴾ ‹قرآن›: مادامىكى، سىلەر ئېھرامدا ياكى ھەرەمدە ئىكەنسىلەر، قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنى ئوۋلاش سىلەرگە ھارام قىلىندى.

تَذْكَارُ صَيْدٍ: شىكار خاتىرىسى.

اَلصَّيْدُ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ: ئوۋچىلىق ۋە بېلىقچىلىق.

بُوقُ الصَّيْدِ: ئوۋچى بۇرغىسى.

حِذَاءُ الصَّيْدِ: ئوۋچى ئايىغى.

سِكِّيْنُ الصَّيْدِ: ئوۋچى پىچىقى.

كَلْبُ الصَّيْدِ: ئوۋ ئىتى.

رُخْصَةُ صَيْدٍ: ئوۋ ئوۋلاش ئىجازەتنامىسى.

شِرْكَةُ صَيْدِ الْأَسْمَاكِ: بېلىقچىلىق شىركىتى.

هَذَا مِنْ صَيْدِ خَيَالِهِ: خام خىيالى، قۇرۇق خىيالى.

صَيْدَاءُ ج صَيْدٌ: ئىككى يانغا قارىيالمايدىغان قىڭغىر بويۇن، ھاكاۋۇر، مەنمەنچى.

الصَّيْدَحُ: ناخشىچى.

صَيْدَلَ يُصَيْدِلُ صَيْدَلَةً الشَّخْصُ: دورىگەرلىكنى كەسىپ قىلدى.

صَيْدَلَانِيٌّ ج صَيَادِلَةٌ: دورىگەر.

جَمْعِيَّةُ الصَّيَادِلَةِ: دورىگەرلەر جەمئىيىتى.

صَيْدَلَةٌ: دورىگەرلىك؛ دورا ساندۇقى.

صُنْدُوقُ صَيْدَلَةٍ: دورا ساندۇقى.

أُسْتَاذٌ فِي كُلِّيَةِ الصَّيْدَلَةِ: دورىگەرلىك فاكولتېتىنىڭ پروفېسسورى.

صَيْدَلِيٌّ: دورىگەر.

صَيْدَلِيَّةٌ ج صَيْدَلِيَّاتٌ: دورىخانا، ئاپتېكا.

كَثُرَتِ الصَّيْدَلِيَّاتُ فِي الْعَاصِمَةِ: پايتەختتە دورىخانىلار كۆپەيدى.

صِيْرٌ: چاك، يېرىق، دەز؛ ساردىنا بېلىقى.

صِيْرَةٌ ج صِيَرٌ وَ صَيْرٌ: قوتان، ئېغىل.

صَيْرَفِيٌّ ج صَيَارِفَةٌ: پۇل تېگىشكۈچى، سەرراپ.

صَيْرُورَةٌ: ئۆزگەرمەك، ئايلانماق.

صِيْصَةٌ ج صَيَاصٍ: ئىستىھكام، قورغان، قەلئە؛ يىلك بېشى، موكا بېشى؛ قوي، ئۆچكە قاتارلىقلارنىڭ مۈڭگۈزى.

﴿وَأَنْزَلَ الَّذِيْنَ ظَاهَرُوهُمْ مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ مِنْ صَيَاصِيهِمْ﴾ ‹قرآن›: ئاللاھ ئەھلى كىتابتىن مۇشرىكلارغا ياردەم بەرگەنلەرنى (يەنى رەسۇلۇللاھ بىلەن قىلغان ئەھدىنى بۇزغان بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنى) قورغانلىرىدىن چۈشۈردى.

صِيْغَةٌ: ياسىماق، تەييارلىماق، شەكىللەندۈرمەك.

صِيْغَةٌ ج صِيَغٌ: شەكىل، تۈر، ياڭزا، پاسون؛ ئەسلىي كېلىپ چىقىشى، ماھىيىتى؛ تۈزۈلۈشى؛ پېئىل تۈرلىرى، گراماتىك فورما.

صِيْغَةُ الْكَلِمَةِ: سۆز شەكلىنىڭ ئۆزگىرىش فورمىسى.

صِيْغَةُ عَقْدِ الْقِرَانِ: چاي ئىچكۈزۈش قائىدىسى، قۇدىلىشىش مۇراسىمى.

صِيْغَةُ الْفِعْلِ: پېئىل فورمىسى.

صِيْغَةٌ قَانُونِيَّةٌ: جەدۋەل، سخېما، گرافىكا.

صِيْغَةُ الْمَعَادِنِ: تۆمۈرچىلىك، مېتال ئېرىتمەك.

صَيْفٌ ج أَصْيَافٌ: ياز.

أَيَّامُ الصَّيْفِ: ياز كۈنلىرى.

﴿لِإِيلَافِ قُرَيْشٍ إِيلَافِهِمْ رِحْلَةَ الشِّتَاءِ وَالصَّيْفِ﴾ ‹قرآن›: قۇرەيش قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار قىشلىق ۋە يازلىق سەپەرلىرىدە قوغدالغانلىقى ئۈچۈن...

فَصْلُ الصَّيْفِ: ياز پەسلى.

صَيْفَ شِتَاءَ: قىش-ياز، قىش-ياز دېمەستىن.

صَيْفِيٌّ: يازلىق؛ ياز پەسلىدە ئۆسىدىغان ئۆت-چۆپ.

مَنْزِلٌ صَيْفِيٌّ: يازلىق داچا.

حِصَادٌ صَيْفِيٌّ: يازلىق يىغىم.

تَوْقِيْتٌ صَيْفِيٌّ: يازلىق ۋاقىت.

مَطَرٌ صَيْفِيٌّ: ياز يامغۇرى.

عُطْلَةٌ صَيْفِيَّةٌ: يازلىق تەتىل.

صَيْقَبَانِيٌّ: ئەتىرچى، ئەتىر ساتقۇچى، خۇش پۇراق ماللار سودىگىرى.

صَيْقَلٌ ج صَيَاقِلُ وَ صَيَاقِلَةٌ: چاقچى، قىلىچ چاقلىغۇچى.

الصَّيْلَمُ: قىلىچ؛ مۇسىبەت، ئاپەت؛ قاتتىق ئىش؛ كۈندە بىر قېتىم تاماق يېمەك.

الصِّيْنُ: جۇڭگو.

جُمْهُورِيَّةُ الصِّيْنِ الشَّعْبِيَّةِ: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى.

صِيْنِيٌّ: جۇڭگوغا مەنسۇپ، جۇڭگوچە، جۇڭگولۇق؛ بىر تۈرلۈك ساپال قاچا.

اَلْجِدَارُ الصِّيْنِيُّ: سەددىچىن سېپىلى.

الصِّيْنِيَّةُ: خەنزۇ تىلى، خەنزۇچە.

صِيْنِيَّةٌ ج صِيْنِيَّاتٌ وَ صَوَانِيٌّ: پەتنۇس، لېگەن، تەخسە.

صَيْهَدٌ: باياۋان، چۆل-جەزىرە.

صَيْهَدُ الرَّمْلِ: قۇملۇق.

صَيْهُودٌ: باياۋان، چۆل-جەزىرە.

صَيْهُورٌ: كۆيئوغۇل.

صَيْهُورٌ ج صَيَاهِيْرُ: جاۋەن، چىنە-قاچا ئىشكاپى.

صِيْوَانٌ ج صَوَاوِيْنُ: چېدىر.

صِيْوَانُ الْأُذُنِ: تاشقى قۇلاق.

صُيَّابٌ . صُيَّابَةٌ: ساپ، ئازا، مېغىزلىق، جەۋھىرى، نوقۇل.

صَيَّاحٌ: غوۋغاچى، جېنىنىڭ بارىچە توۋلىغۇچى.

دِيْكٌ صَيَّاحٌ: توختىماي چىللايدىغان خوراز.

صَيَّادٌ ج صَيَّادُونَ: ئوۋچى.

صَيَّادُ سَمَكٍ: بېلىقچى.

صَيَّادُ السَّمَكِ: بېلىقچى قۇش.

صَيَّادُ الْأَسْمَاكِ: بېلىقچىلار.

صَيَّادُ الْوَحْشِ: يىرتقۇچلارنى تۇتقۇچىلار.

صَيِّبٌ: يامغۇرلۇق بۇلۇت.

﴿أَوْ كَصَيِّبٍ مِّنَ السَّمَاءِ فِيْهِ ظُلُمَاتٌ وَّ رَعْدٌ وَّبَرْقٌ﴾ ‹قرآن›: ياكى ئۇلار زۇلمەتلىك، گۈلدۈرمامىلىق ۋە چاقماقلىق قاتتىق يامغۇردا قالغان ... كىشىلەرگە ئوخشايدۇ.

صَيِّتٌ ج صَيِّتُونَ: ئاۋازلىق.

رَجُلٌ صَيِّتٌ: ئاۋازلىق ئادەم.

صَيَّحَ يُصَيِّحُ تَصْيِيْحًا: توۋلىدى، ۋارقىرىدى، قاتتىق توۋلىدى.

صَيَّحَ عَلَى عُمَّالِهِ: ئىشچىلىرىغا ۋارقىرىدى.

صَيَّرَ يُصَيِّرُ تَصْيِيْرًا: ئۆزگەرتتى، ئايلاندۇرۇۋەتتى.

صَيَّرَ الْحَدِيْدَ مِفْتَاحًا: تۆمۈردە ئاچقۇچ ياسىدى.

تُصَيِّرُ الْحَرَارَةُ الْمَاءَ بُخَارًا: ئىسسىق سۇنى پارغا ئايلاندۇرىدۇ.

صَيَّفَ يُصَيِّفُ تَصْيِيْفًا بِالْمَكَانِ: مەلۇم جايدا يازلىدى، يازنى ئۆتكۈزدى.

صَيَّفَ عَلَى شَاطِئِ الْبَحْرِ: دېڭىز بويىدا يازلىدى.

صَيِّفٌ . صَيِّفَةٌ: يازلىق، يازلىق يامغۇر.

# ض

ض «ضَاد»: ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ 15 ـ ھەرپى بولۇپ، ئەبجەد ھېسابىدا «800»نى كۆرسىتىدۇ.

ضَاءَ يَضُوءُ ضَوْءًا وَ ضِيَاءً الْقَمَرُ: ئاي يورۇدى، نۇر چاچتى، يالتىرىدى.

ضَاءَلَ يُضَائِلُ مُضَاءَلَةً شَخْصَهُ: كىچىك سانىدى.

ضَابِئَةٌ ج ضَوَابِئُ: ئېغىر يۈك.

ضَابِطٌ ج ضُبَّاطٌ م ضَابِطَةٌ ج ضَابِطَاتٌ: ئوفىتسېر؛ قائىدە، نىزام؛ فورمىلا.

ضَابِطُ الْإِتِّصَالِ: ئالاقىلىشىش ئوفىتسېرى.

ضَابِطٌ بَحْرِيٌّ: كاپىتان.

ضَابِطُ شُرْطَةٍ: ساقچى باشلىقى.

بِلاَ قِيَاسٍ وَلاَ ضَابِطٍ: ئۆلچەمسىز، نورمالسىز.

لاَ ضَابِطَ لَهُمْ: ئۇلاردا تەرتىپ يوق، ئۇلار تەرتىپسىز.

ضَابِطَةٌ ج ضَوَابِطُ: ساقچى.

ضَابِطَةٌ جِنَائِيَّةٌ: جىنايى ئىشلار ساقچىسى.

ضَابِطَةٌ عَدْلِيَّةٌ: قانۇن ساقچىسى.

ضَابِطَةٌ مُوَازِنَةٌ: رېگۇلياتور، تەڭشىگۈچ.

ضَابِطِيٌّ ج ضَابِطِيَّةٌ: ساقچى.

ضَابٍ (الضَّابِي): كۆل.

ضَاجَ يَضُوجُ ضَوْجًا الْوَادِي: ۋادى كەڭ بولدى.

ضَاجَ عَنْ كَذَا: ئېغىپ كەتتى.

ضَاجَ يَضِيجُ ضَيْجًا وَ ضُيُوجًا وَ ضَيْجَانًا عَنْهُ: ئايرىلدى، ئاجرالدى.

ضَاجَتْ عِظَامُهُ: جۇدەپ بىر تېرە ـ بىر سۆڭەك بولۇپ قالدى.

ضَاجَّ يُضَاجُّ مُضَاجَّةً وَ ضِجَاجًا: جېدەللەشتى.

ضَاجَعَ يُضَاجِعُ مُضَاجَعَةً الْمَرْأَةَ: ئايال بىلەن ياتتى، جىما قىلىشتى.

ضَاجَعَهُ الْهَمّ: تەشۋىشكە سالدى، غەمگە پاتقۇزدى.

ضَاجِعٌ ج ضَاجِعُونَ: ھورۇن، ئىش خۇشىياقماس.

ضَاجِعٌ ج ضَوَاجِعُ: ھورۇن، يالقاۋ؛ گالۋاڭ؛ ساي، ئىشقا يارىماس.

ضَاجِعَةٌ ج ضَوَاجِعُ: دەريا سۈيىنىڭ قۇيۇلىدىغان جايى، تۆپىلىك؛ قوي پادىسى.

ضَاحَ يَضِيحُ ضَيْحًا اللَّبَنَ: سۈتكە سۇ ئارىلاشتۇردى.

ضَاحَتِ الْبِلاَدُ: يۇرت مەمۇرچىلىق بولدى.

ضَاحَكَ يُضَاحِكُ مُضَاحَكَةً: كۈلۈشتى، كۈلۈشمەك قىلىشتى.

تُضَاحِكُ الأُمّ طِفْلَهَا وَتُدَاعِبُهُ: ئانا بالىسىنى ئەركىلىتىپ كۈلدۈردى.

ضَاحِكٌ: كۈلگۈچى؛ قىزىقچى.

﴿فَتَبَسَّمَ ضَاحِكًا مِنْ قَوْلِهَا﴾ «قرآن»: سۇلايمان چۈمۈلىنىڭ سۆزىدىن تەبەسسۇم قىلىپ كۈلدى.

خَيْرُ الضَّاحِكِيْنَ آخِرُهُمْ: ئاخىرىنچە كۈلگەن نوچى.

لَهُ رَأْيٌ ضَاحِكٌ: ئۇنىڭ كۆز قارىشى روشەن، بايرىقى روشەن.

ضَاحِكَةٌ ج ضَوَاحِكُ: ئوتتۇرا چىش، ئۇدۇل چىش.

﴿وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ مُسْفِرَةٌ ضَاحِكَةٌ مُسْتَبْشِرَةٌ﴾ «قرآن»: ئۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەردىن نۇر، كۈلكە ۋە خۇشال ـ خۇراملىق يېغىپ تۇرىدۇ.

اِفْتَرَّ عَنْ ضَوَاحِكِهِ: كۈلۈمسىرىدى.

ضَاحِيَةٌ ج ضَوَاحٍ: (شەھەر) ئەتراپى، (شەھەر) سىرتى.

ضَاحِيَةُ الْمَدِينَةِ: شەھەر ئەتراپى رايونى، شەھەر ئەتراپىدىكى جايلار.

يُلاَحَظُ فِي الْمُدُنِ الْكُبْرَى حَرَكَةُ اِنْتِقَالِ السُّكَّانِ مِنْ أَحْيَائِهَا الدَّاخِلِيَّةِ إِلَى ضَوَاحِيهَا: چوڭ شەھەرلەردە ئاھالىلەرنىڭ شەھەر ئىچىدىن شەھەر ئەتراپىغا يۆتكىلىش ھەرىكىتى كۆرۈلۈۋاتىدۇ.

لُغَةُ الضَّادِ: ئەرەب تىلى.

نَطَقَ بِالضَّادِ: ئەرەبچە سۆزلىدى.

أَهْلُ الضَّادِ: ئەرەب، ئەرەبلەر.

ضَادَّ يُضَادُّ مُضَادَّةً: قارشىلاشتى، زىددىيەتلەشتى.

ضَادَى يُضَادِي مُضَادَاةً فُلاَنًا: قارشىلاشتى، زىتلاشتى.

ضَادٍ ج ضَوَادٍ م ضَادِيَةٌ ج ضَادِيَاتٌ: غەزىپى تاشقان.

ضَادِيٌّ: ض (ضاد) ھەرپى، ضاد قا مەنسۇپ.

اَللِّسَانُ الضَّادِيُّ: ئەرەب تىلى.

ضَارَ يَضُورُ ضَوْرًا: ئېچىرقاپ كەتتى.

ضَارَهُ الأَمْرُ: زىيان يەتكۈزدى، زىيانغا ئۇچراتتى.

ضَارَ يَضِيرُ ضَيْرًا: زىيان قىلدى، زىيانغا ئۇچراتتى، زىيان سالدى.

«كَيْفَ يَضِيرُهُمُ السِّجْنُ وَهُمْ يَقْضُونَ حَيَاتَهُمْ فِي سِجْنٍ كَبِيرٍ»: ئۇلار ھاياتىنى چوڭ تۈرمىدە ئۆتكۈزۈۋاتسا، تۈرمە ئۇلارغا قانداقمۇ زىيان يەتكۈزسۇن.

ضَارَبَ يُضَارِبُ مُضَارَبَةً: ئۇرۇشتى، سوقۇشتى، مۇشتلاشتى.

ضَارَبَ فِي الْمَالِ بِالْمَالِ: ھايانكەشلىك قىلدى، قۇرۇق چاقماقتىن ئوت چىقاردى، شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلدى.

ضَارَبَهُ: رىقابەتلەشتى، چەتكە قاقتى.

ضَارِبٌ: ئۇرغۇچى، زەربە بەرگۈچى، سوقۇۋاتقان؛ كۆپەيتكۈچى.

ضَارِبٌ إِلَى الْحُمْرَةِ: قىزىلغا مايىل.

لَوْنُهُ أَصْفَرُ ضَارِبٌ إِلَى الْحُمْرَةِ: رەڭگى قىزغۇچ سېرىق.

طَيْرٌ ضَارِبٌ: پەسىل قۇشى.

ضَارِبُ الرَّمْلِ: پالچى، رەمچى.

ضَارِبَةٌ بِالْحَصَى: ئۇششاق تاش بىلەن پال باققۇچى.

ضَارَحَ يُضَارِحُ مُضَارَحَةً ـ هُ: تىللاشتى، ئېيتىشتى؛ يېقىنلاشتى.

ضَارَّ يُضَارُّ مُضَارَّةً وَ ضِرَارًا: زىيان سالدى، زىيان يەتكۈزدى.

ضَارَّ إِمْرَأَتَهُ: خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئالدى.

﴿لاَ تُضَارَّ وَالِدَةٌ بِوَلَدِهَا وَلاَ مَوْلُودٌ لَهُ بِوَلَدِهِ﴾ «قرآن»: ئانىنى بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق. ئاتىنىمۇ بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق لازىم.

ضَارٌّ: زىيان قىلغۇچى، زىيانلىق.

﴿وَلَيْسَ بِضَارِّهِمْ شَيْئًا إِلاَّ بِإِذْنِ اللهِ﴾ «قرآن»: (بۇنداق پىچىرلىشش) ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بولمىسىلا مۇئمىنلەرگە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

ضَارَسَ يُضَارِسُ مُضَارَسَةَ الأُمُورَ: تەجرىبىدىن ئۆتكۈزدى.

ضَارَعَ يُضَارِعُ مُضَارَعَةً: ئوخشىدى، ئوخشاپ كەتتى.

أَدْرَكَ مِنَ الثَّرَاءِ مَا لاَ يُضَارِعُهُ أَحَدٌ مِنْ أَبْنَاءِ مَدِينَتِهِ: ھەممە شەھەرلىكلەردىن ھېچ ئادەم تەڭ كېلەلمەيدىغان بايلىققا ئېرىشتى.

ضَارِعٌ ج ضَارِعُونَ وَ ضُرُوعٌ وَ ضَرَعَةٌ: يالۋۇرغۇچى، ئىلتىجا قىلغۇچى؛ بويسۇنغۇچى.

ضَارٍ ج ضَوَارٍ م ضَارِيَةٌ ج ضَارِيَاتٌ وَ ضَوَارٍ: ياۋۇز، ۋەھشىي.

حَيْوَانٌ ضَارٍ: يىرتقۇچ ھايۋان.

تَجَلَّى النَّهَمُ فِيْ عَيْنَيْهِ كَوَحْشٍ ضَارٍ: قارنى يامان ئۇنىڭ كۆزىگە يىرتقۇچ هايۋاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

حَرْبٌ ضَارِيَةٌ: دەھشەتلىك ئۇرۇش.

ضَاعَ يَضُوعُ ضَوْعًا الْمِسْكُ: ئىپارنىڭ پۇرىقى تارقىدى.

ضَاعَ يَضِيعُ ضَيْعًا / ضِيعًا وَ ضَيْعَةً وَ ضِيَاعًا: يوقالدى، تۆكۈلدى، ھالاك بولدى، زايە بولدى.

مَا ضَاعَ حَقٌّ وَرَاءَهُ مُطَالِبٌ: تەلەپ قىلغۇچىسى بار ھەق يوقالمايدۇ.

ضَاعَفَ يُضَاعِفُ مُضَاعَفَةً الشَّيْءَ: نەرسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى، كۆپەيتتى.

ضَاعَتْ كُلّ الْجُهُودِ السَّابِقَةِ: ئۆتكەنكى تىرىشچانلىقلارنىڭ ھەممىسى بىكار كەتتى.

«وَاللّهُ يُضَاعِفُ لِمَنْ يَشَاءُ» ‹قرآن›: ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ.

ضَاعَفَ الْحَيْطَةَ: ئېھتىياتچانلىقنى ئاشۇردى، قوغداشنى كۈچەيتتى.

«ضَاعَفَ الْعُمَّالُ جُهُودَهُمْ حَرْصًا عَلَى زِيَادَةِ الْإِنْتَاجِ الْوَطَنِي»: ئىشچىلار مىللىي دارامەتنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەسسىلەپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

ضَاعَفَ مِنْ سُرْعَةِ سَيَّارَتِهِ: ماشىنىسىنى يەنىمۇ تېزلەتتى.

ضَاغَطَ يُضَاغِطُ مُضَاغَطَةً: قىستى، چەتكە قاقتى، يەكلىدى، سىقىپ چىقاردى.

ضَاغِطَةٌ ج ضَوَاغِطُ: سىقىش ماشىنىسى؛ پرېسلاش ماشىنىسى.

ضَاغَنَ يُضَاغِنُ مُضَاغَنَةً: دۈشمەنلەشتى، ئاداۋەتلەشتى.

ضَاغِنٌ: ئاداۋەت ساقلىغۇچى.

فَرَسٌ ضَاغِنٌ: قاشاڭ ئات.

ضَاغُوطٌ: قارا بېسىش، يامان چۈش كۆرۈش.

ضَاغِيَةٌ ج ضَوَاغٍ: ۋايسىغۇچى، دادلىغۇچى.

ضَافَ يَضُوفُ ضَوْفًا إِلَيْهِ: يېقىنلاشتى، كېلىشتى.

ضَافَ عَنْهُ: ئۇنىڭدىن ئايرىلدى.

ضَافَ يَضِيفُ ضَيْفًا وَ ضِيَافَةً: مېھمان بولدى.

ضَافَ يَضُوفُ ضَوْفًا عَنْهُ: ئايرىلدى، قىيسايدى.

ضَافَرَ يُضَافِرُ مُضَافَرَةً عَلَى الأَمْرِ: ياردەملەشتى، ھەمكارلاشتى.

ضَافِطٌ: قىسقا يوللۇق يولۇچى.

ضَافِطَةٌ ج ضَوَافِطُ: يۈك تۆگىسى.

ضَافَنَ يُضَافِنُ مُضَافَنَةً عَلَى الأَمْرِ: ياردەملەشتى، قوللىدى.

ضَافٍ: تولۇق، تولغان، ئارتۇق.

مَقَالٌ ضَافٍ: كونكرېت، تەپسىلىي سۆز.

ثَوْبٌ ضَافٍ: ئۇزۇن كىيىم، ساڭگىلاپ تۇرغان كىيىم.

ضَاقَ يَضِيقُ ضَيْقًا الشَّيْءُ: نەرسە تارايدى، كىرىشتى.

ضَاقَ صَبْرًا: ئۆزىنى تۇتالمىدى، ئىچى تىت — تىت بولدى.

ضَاقَ صَدْرُهُ: يۈرىكى سىقىلدى، تىت-تىت بولدى.

﴿وَلَمَّا جَاءَتْ رُسُلُنَا لُوطًا سِيءَ بِهِمْ وَ ضَاقَ بِهِمْ ذَرْعًا﴾ ‹قرآن›: بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز لوتنىڭ يېنىغا كەلگەن چاغدا (لوت ئۆز قوۋمىنىڭ ئۇلارغا چېقىلىپ قويۇشىدىن قورقۇپ) قىيىن ئەھۋالدا قالدى ۋە ئۇلار توغرىسىدا يۈرىكى سىقىلدى.

ضَاقَتِ السُّبُلُ: يول تارايدى، تۇيۇق يولغا كىرىپ قالدى، قىيىن ئەھۋالدا قالدى.

ضَاقَتِ الدُّنْيَا فِي وَجْهِهِ: جاھان ئۇنىڭغا تار كەلدى.

ضَاقَتْ أَخْلَاقُهُ: ئاچچىقى كەلدى، قېنى قىزىدى.

«ضَاقَ بِيَ الْحَالُ فَهَاجَرْتُ إِلَى الْبِلَادِ أَعْمَلُ طَبِيبَ أَسْنَانٍ»: قىسىلغانلىقىمدىن باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ بېرىپ چىش دوختۇرلۇقى قىلىۋاتىمەن.

ضَاقَتْ بِهِ الْحَيَاةُ: چىقىش يولى تاپالمىدى.

«كُلُّ وِعَاءٍ يَضِيقُ بِمَا جُعِلَ فِيهِ إِلاَّ وِعَاءُ الْعِلْمِ فَإِنَّهُ يَتَّسِعُ»: ھەرقانداق قاچا قاچىلىغانسېرى تارىيىدۇ، پەقەت ئىلىمنىڭ قاچىسى قاچىلىغانسېرى كېڭىيىدۇ.

ضَالِعٌ ج ضَالِعُونَ: ياردەملەشكۈچى، ئورتاقلاشقۇچى.

ضَالِعٌ مَعَهُ فِي هَذِهِ الْجَرِيمَةِ: بۇ جىنايەتتە ئۇ، ئۇنىڭ شېرىكى.

ضَالِعٌ ج ضَوَالِعُ: ئەگرى، قىڭغىر.

ضَالٌّ ج ضُلاَّلٌ وَ ضَالُّونَ: گۇمراھ، ئازغۇن، ئېزىپ كەتكەن، خاتالاشقۇچى.

ضَالٌّ عَنِ الدِّينِ: دىندىن چەتلىگۈچى.

«وَوَجَدَكَ ضَالاًّ فَهَدَى» «قرآن»: پەرۋەردىگارىڭ سېنى قايمۇققان بىلىپ ھىدايەت بەرمىدىمۇ؟

ضَالَّةٌ ج ضَوَالُّ: يىتىپ كەتكەن نەرسە، ئۈمىد قىلىنغان نىشان، غايە.

ضَالَّتُهُ الْمَنْشُودَةُ: ئۇنىڭ قىممەتلىك غايىسى.

اَلْكِلاَبُ الضَّالَّةُ: لالما ئىت.

اَلْحِكْمَةُ ضَالَّةُ الْمُؤْمِنِ: ھېكمەت مۆئمىن ئادەمنىڭ ئىزدىشمەكچى بولغان غايىسى.

ضَامَ يَضِيمُ ضَيْمًا: ئەزدى، زۇلۇم قىلدى، ئازابلىدى، خارلىدى.

ضَامَةٌ: ھاجەت، لازىمەتلىك نەرسە.

ضَامِدٌ: زۆرۈر، لازىم.

ضَامِرٌ ج ضُمَّرٌ وَ ضَوَامِرُ: ئورۇق، ياداڭغۇ، ئاۋاق.

«وَأَذِّنْ فِي النَّاسِ بِالْحَجِّ يَأْتُوكَ رِجَالاً وَعَلَى كُلِّ ضَامِرٍ» «قرآن»: كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن، ئۇلار پىيادە ۋە ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ.

ضَامَّ يُضَامُّ مُضَامَّةً: قوشتى، بىرلەشتۈردى.

ضَامِنٌ ج ضَامِنُونَ وَ ضُمَّانٌ وَ ضَمَنَةٌ: كېپىل، مەسئۇل، جاۋابكار؛ خىزمەتچى.

ضَانِئٌ وَ ضَانِئَةٌ ج ضَوَانِئُ: كۆپ بالا-چاقىلىق.

ضَانَى يُضَانِي مُضَانَاةً الْمَرَضَ: ئاغرىقىنىڭ دەردىنى تارتتى.

ضَانِيٌّ: قوي گۆشى.

ضَاهَأَ يُضَاهِئُ مُضَاهَأَةً ـ هُ: ئۇنىڭغا ئوخشاپ قالدى.

«يُضَاهِئُونَ قَوْلَ الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْ قَبْلُ» «قرآن»: (ئۇلارنىڭ سۆزلىرى) ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ: «پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر»، دېگەن) سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ.

ضَاهَبَ يُضَاهِبُ مُضَاهَبَةً فُلاَنًا: پالاننى سەتلىدى.

ضَاهِرٌ ج ضَوَاهِرُ: چوققا، تاغ چوققىسى.

ضَاهِلَةٌ ج ضَوَاهِلُ مِنَ الْعُيُونِ: ئاز سۇ، سۈيى ئاز قۇدۇق.

ضَاهَى يُضَاهِي مُضَاهَاةً الشَّيْءَ بِغَيْرِهِ: ئوخشاتتى، بىرنەرسىنى باشقىسىغا ئوخشاتتى.

ضَاوِيٌّ: نازۇك، زىلۋا، ئىنچىكە.

ضَايَقَ يُضَايِقُ مُضَايَقَةً: قىستاشتى، دەخلى قىلىشتى؛ ھارغۇزۇۋەتتى، چارچىتىۋەتتى.

«مِنْ طَبِيعَةِ الْحُكْمِ الْاِسْتِبْدَادِيِّ أَنْ يُضَايِقَ النَّاسَ»: كىشىلەرنى سىقىش ئىستىبدات ھاكىمىيەتنىڭ تەبىئىتىدۇر.

ضَاءٍ م ضَائِيَةٌ: ۋىجىك، ياداڭغۇ.

ضَائِرٌ: زىيانلىق، زىياندىش.

ضَائِعٌ ج ضُيَّعٌ وَ ضِيَاعٌ: يوقاپ كەتكەن يىتىپ كەتكەن، زايە بولغان.

ضَائِعُ الرّشْدِ: سېزىمىنى يوقاتقان.

ضَائِفٌ: زىياپەت بەرگۈچى، ساھىبخان.

ضَائِقٌ ج ضَاقَةٌ: تار.

«فَلَعَلَّكَ تَارِكٌ بَعْضَ مَا يُوْحَى إِلَيْكَ وَضَائِقٌ بِهِ صَدْرُكَ» ‹قرآن›: ساڭا نازىل قىلىنغان ۋەھىينىڭ بىر قىسمىنى يەتكۈزگۈڭ كەلمەيدىغاندۇ، يەتكۈزۈشتىن يۈرىكىڭ سىقىلغاندۇ.

ضَائِقَةٌ ج ضَوَائِقُ: قىيىنچىلىق، يوقسۇللۇق، ئوڭۇشسىزلىق.

ضَائِقَةٌ مَالِيَّةٌ: ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق، ئىقتىسادىي كرىزىس.

ضَائِنٌ: ئاجىز، ئورۇق، زەئىپ.

رَجُلٌ ضَائِنٌ: ئورۇق ئادەم.

ضَائِنٌ ج ضَأْنٌ وَ ضَأَنٌ وَ ضَئِيْنٌ: قوچقار، ئەركەك قوي.

ضَائِنَةٌ ضَوَائِنُ: ساغلىق قوي.

ضَآلَةٌ: جىۋەكلىك، ۋىجىكلىك، ئاجىزلىق، ئورۇقلۇق، زەئىپلىك؛ ئازلىق، كەملىك.

«قَدْ تَجِدُ فِي هَذَا الْمَبْلَغِ عَلَى ضَآلَتِهِ مَايَكْفِيْكَ بِضْعَةَ أَيَّامٍ»: بۇ مەبلەغنىڭ ئاز بولۇشىغا قارىماي ساڭا بىرقانچە كۈن يېتىدىغانلىقىنى بىلىسەن.

ضُؤَّاكٌ: زۇكام.

ضَئَدَ يَضْئَدُ ضَئْدًا فُلَانًا: پالاننى يەڭدى.

ضَئِدَ يَضْئَدُ ضَئَدًا: نەپسى سىقىلدى، بوغۇلدى، غەم قىلدى.

ضُؤْدٌ: زۇكام.

ضَأَزَ يَضْأَزُ ضَأْزًا: بوزەك قىلدى، خارلىدى.

ضَأَزَهُ حَقَّهُ: ئۇنىڭ ھەققىنى بەرمىدى.

ضُؤْزَي: تارتىۋېلىنغان ئۈلۈش.

ضَأْضَأَ يُضَأْضِأُ ضَأْضَأَةً وَ ضَأْضَاءً: چۇقان سالدى.

ضَأْضَاءٌ: چۇقان - سۈرەن.

ضِئْضِئٌ: ئەسلىي، كېلىپ چىقىشى.

ضُؤْلَانٌ: يوْك، بوپا.

هُوَ عَلَيْهِ ضُؤْلَانٌ: ئۇ ئۇنىڭغا يوْك بولۇپ قالدى.

ضُؤْلَةٌ: ئاجىزلىق، ئورۇقلۇق، زەئىپ.

ضَأْنٌ: قوي.

لَحْمُ ضَأْنٍ: قوي گۆشى.

«ثَمَانِيَةَ أَزْوَاجٍ مِنَ الضَّأْنِ اثْنَيْنِ وَمِنَ الْمَعْزِ اثْنَيْنِ» ‹قرآن›: (ئاللاھ سىلەرگە يېيىش ھالال قىلىنغان) سەككىز خىل چاھارپاينى ياراتتى. قويدىن ئىككى (قوچقار ۋە ساغلىق) ئۆچكىدىن ئىككى (تېكە ۋە ئۇرغاچى).

جُدَرِيّ الضَّأْنِ: قوي چېچىكى.

ضَأْنِيٌّ: قوي گۆشى.

ضَؤُلَ يَضْؤُلُ ضَآلَةً وَ ضُؤُولَةً: ياداپ كەتتى، ئورۇقلاپ كەتتى؛ كېمىيىپ كەتتى؛ قىسقىراپ كەتتى.

ضَؤُلَ الرَّجُلُ: كىشى ئاجىزلاپ كەتتى.

ضُؤُولَةٌ: ۋىجىك، جىۋەك، ئاجىز، ئورۇق، زەئىپ، ئاز، كەم.

ضَأَيَ يَضْأَيُ ضَأْيًا الرَّجُلُ: كىشى ئورۇقلاپ كەتتى، ياداپ كەتتى.

ضَأَيَ الْعُوْدَ: ياغاچنى ئاقلىدى.

ضَئِيْلٌ ج ضُؤَلَاءُ وَ ضِئَالٌ وَ ضَئِيْلَةٌ ج ضَئِيْلَاتٌ وَ ضِئَالٌ: ئاجىز، ئورۇق، زەئىپ؛ ئىنچىكە؛ كىچىك.

مَبْلَغٌ ضَئِيْلٌ: ئاز مەبلەغ.

رَجُلٌ ضَئِيْلٌ: ۋىجىك ئادەم.

صَوْتٌ ضَئِيْلٌ: ئاجىز ئاۋاز.

ضَبَا يَضْبُو ضَبْوًا وَ ضُبُوًّا إِلَيْهِ: ئىلتىجا قىلدى، سېغىندى.

ضِبَابٌ: تۇمان، تۇتەك.

«كَثِيـرًا مَّـا تَتَعَطَّـلُ حَرَكَـةُ الْطَيَـرَانِ بِـسَبَبِ كَثَافَـةِ الضَّبَابِ»: تولا ۋاقىتلاردا تۇماننىڭ قويۇقلۇقى سەۋەبىدىن ئايروپىلان ئۇچالمايدۇ.

ضَبَابَةٌ ج ضَبَابٌ: تۇمان، تۇتەك.

ضَبَابِيٌّ: تۇمانلىق.

أُسْلُوبٌ ضَبَابِيٌّ: تۇتۇق، مۇجمەل.

ضَبَارَةٌ ج ضَبَارَاتٌ وَ ضَبَائِرُ: ئادەملەر توپى.

ضُبَارَةٌ / ضِبَارَةٌ ج ضَبَائِرُ: باغ، باغلام.

ضَبَأَ يَضْبَأُ ضَبْأً وَ ضُبُوأً بِالْأَرْضِ: يەرگە چاپلىشىپ ياتتى، دۈم يېتىۋالدى.

ضَبَأَ الصَّائِدُ: ئوۋچى ئوۋنى چەنلەپ مۆكۈنۈۋالدى.

ضَبَأَ مِنْهُ: ئۇنىڭدىن هايا قىلدى، ئۇيالدى، ئىزا تارتتى، خىجىل بولدى.

ضَبَأَ إِلَيْهِ: ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلدى، يوشۇرۇنۇۋالدى.

ضَبَأَ عَلَيْهِ: تۇيۇقسىز يۈز بەردى.

ضَبَّ يَضُبُّ ضَبًّا وَ ضُبُوبًا الْمَاءُ: سۇ سىرغىپ ئاقتى.

ضَبَّ الدَّمُ: قان ئاز ئاقتى.

ضَبَّ الْعَرَقُ: تەر ئاقتى.

ضَبَّ الْبَابَ: ئىشىككە لوك بېكىتتى، تاقاق بېكىتتى، ئىشىكنى تاقىدى.

ضَبَّ بِالشَّيْءِ وَ عَلَيْهِ: جىددىي تەلەپ قىلدى.

ضَبَّ عَلَى مَا فِيْ نَفْسِهِ: يوشۇردى، مەخپىي تۇتتى.

ضَبٌّ ج ضِبَابٌ وَ أَضُبٌ وَ ضَبَّةٌ وَ مَضَبَّةٌ: تىمساھ، كەسلەنچۈك؛ كروكودىل.

أَعْقَدُ مِنْ ذَنَبِ الضَّبِّ: كەسلەنچۈكنىڭ قۇيرۇقىدىنمۇ چىگىش.

اَلضَّبَّاحُ: تۈلكىنىڭ ئاۋازى.

ضَبَّبَ يُضَبِّبُ تَضْبِيبًا الْبَابَ: ئىشىكنى تاقىدى، ئىشىككە تاقاق سالدى.

ضَبَّبَ الشَّيْءَ: چىڭ تۇتتى.

ضَبَّةٌ ج ضِبَابٌ: تاقاق، دەم، ئىلغۇچ؛ چىشى تىمساھ.

ضَبَّةُ الْبَابِ: تاقاق، دەم، ئىلغۇچ.

ضَبَّةُ الْفَمِ: تاڭلاي.

أَبُو ضَبَّةٍ: ئورمان كەكلىكى.

ضَبَحَ يَضْبَحُ ضَبْحًا: هاسىردى.

ضَبَحَتِ الْخَيْلُ: ئات يۈگۈرۈپ هاسىراپ كەتتى.

ضَبَحَتِ الشَّمْسُ الشَّيْءَ: ئاپتاپ نەرسىنى قارىدىتىۋەتتى.

ضَبْحٌ: هاسىرىماق.

«وَالْعَادِيَاتِ ضَبْحًا» «قرآن»: (غازىلارنىڭ دۈشمەنگە هۇجۇم قىلىشىدا) هاسىراپ يۈگۈرگۈچى... ئاتلار بىلەن قەسەمكى.

ضَبَرَ يَضْبُرُ ضَبْرًا: توپلام قىلدى، توپلىدى.

ضَبَرَ الْكِتَابَ: كىتابنى توپلام قىلدى.

ضَبَطَ يَضْبِطُ ضَبْطًا وَ ضَبَاطَةً: چىڭ تۇتتى؛ قولغا ئالدى؛ پۇختىلىدى، مۇستەهكەملىدى؛ تەكشىدى، رەتكە سالدى؛ چەكلىدى، تىزگىنلىدى؛ باش ئەگدۈردى.

ضَبَطَ الْكِتَابَ: كىتابقا تۈزىتىش كىرگۈزدى، ئوڭشىدى.

ضَبَطَ نَفْسَهُ: ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، ئۆزىنى بېسىۋالدى.

ضَبَطَ الشَّيْءَ: تۇتۇپ قالدى، قاماپ قويدى.

«يَتَحَلَّى الصَّبُورُ بِقُدْرَتِهِ عَلَى التَّحَمّلِ وَ ضَبْطِ النَّفْسِ»: چىدامىلىق ئادەم ئۆزىنىڭ چىدامىلىقى ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى بىلەن سۈپەتلىنىدۇ.

ضَبَطَ لِسَانَهُ: تىلىنى يىغدى.

ضَبَطَ أَعْصَابَهُ: نېرۋىسىنى بېسىۋالدى.

ضَبَطَ الْبِلَادَ: دۆلەتنى ئوبدان ئىدارە قىلدى.

«ضَبَطَهُ فِي حَالَةِ تَلَبُّسٍ»: ئۇنى گۇمانلىق دەپ قولغا ئالدى.

«عَلَى الْمَرْءِ أَنْ يَضْبَطَ الْمَسَافَةَ قَبْلَ أَنْ يَلْتَقِطَ

الصُّورَةَ»: رەسىم تارتقاندا ئارىلىقنى توغرىلىۋېلىش كېرەك.

ضَبَطَ الْمَالَ: مالنى مۇسادىرە قىلدى.

ضَبْطٌ: تۇتۇۋالماق؛ مۇسادىرە قىلماق؛ تۈزەتمەك؛ توغرا؛ پۇختىلىماق؛ قولغا ئالماق، قامىماق، چۈشەپ قويماق، كونترول قىلماق.

ضَبْطُ النَّفْسِ: ئۆزىنى تۇتۇۋالماق.

اَلضَّبْطُ الْعَسْكَرِيّ: ھەربىي ئىنتىزام.

بِالضَّبْطِ: دەل.

ضَبْطُ الْوَقَائِعِ: سوراق قىلماق، تىرگاۋ قىلماق.

قَوَانِيْنُ الضَّبْطِ: ئىجتىمائىي تەرتىپ قانۇنى.

رِجَالُ الضَّبْطِ: ساقچىلار.

ضَبْطُ الشَّهْوَةِ: ھاۋايى-ھەۋىسىنى بېسىۋالماق.

ضَبْطُ النَّسْلِ: تۇغۇت چەكلەش.

اَلضَّبْطُ وَالرَّبْطُ: ئىنتىزام ۋە تەرتىپ.

ضَبْعٌ ج ضِبَاعٌ: سىرتلان.

ضَبْعٌ ج أَضْبَاعٌ: بىلەك؛ قولتۇق.

ضَبْعَانٌ ج ضَبَاعِيْنُ: ئەركەك سىرتلان.

ضَبَنَ يَضْبُنُ ضَبْنًا عَنْهُ الْهَدِيَّةَ: سوۋغىنى بەرمىدى.

ضَبَنَهُ بِالسَّيْفِ: قىلىچ قولتۇقىنى كېسىۋەتتى.

ضَبِنَ يَضْبَنُ ضَبَنًا: ئاستا خاراكتېرلىك كېسەل بولدى.

ضَبِنَ الْمَكَانُ: جاي تارلىشىپ كەتتى.

ضِبْنٌ: بېقىن.

ضَبْوَةٌ: تاماكا خالتىسى.

ضَبِيْرٌ: كۈچلۈك، قاتتىق.

ضَجَّ يَضُجّ ضَجًّا وَ ضَجِيْجًا وَ ضَجَاجًا: ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلدى، شاۋقۇن-سۈرەن كۆتۈردى.

ضَجَّ بِالضَّحْكِ: قاقاقلاپ كۈلدى.

ضَجّوا بِالشَّكْوَي: دادلاپ توۋلاشتى.

ضَجَّتِ الْقَاعَةُ بِالتَّصْفِيْقِ: زال گۈلدۈراس ئالقىش بىلەن ياڭراپ كەتتى.

ضَجَّاجٌ: داۋراڭ سالغۇچى، شاۋقۇن-سۈرەن كۆتەرگۈچى.

ضَجَّةٌ ج ضَجَّاجَةٌ: شاۋقۇن-سۈرەن، چۇقان، ئاللا-توۋا.

«كَانَ قَرَارُ التَّأْمِيْمِ خُطْوَةً جَرِيْئَةً وَقَدْ أَحْدَثَ ضَجَّةً فِي الْأَوْسَاطِ الْمَحَلِّيَّةِ وَالْعَالَمِيَّةِ»: سۇۋەيش قانىلىنىڭ ئۆتكۈزۈۋېلىش قارارى جۈرئەتلىك بولدى ۋە يەرلىكتە، خەلقئارادا چۇقان پەيدا قىلدى.

ضَجَّةٌ كَلَامِيَّةٌ: ئۇرۇش تەھدىتى سېلىپ داۋراڭ كۆتۈرمەك.

ضَجِرَ يَضْجَرُ ضَجْرًا مِنْهُ: بىئارام بولدى، ئەنسىرىدى، زېرىكتى.

ضَجْرٌ: يۈرىكى سىقىلماق، تىت-تىت بولماق.

«اَلْخُطَبُ الطَّوِيْلَةُ تَبْعَثُ الضَّجْرَ فِي نُفُوسِ الْمُسْتَمِعِيْنَ»: ئۇزۇن نۇتۇقلار ئاڭلىغۇچىلارنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ.

ضَجَرٌ: خاتىرجەمسىزلىك، بىئاراملىق، زېرىكىش.

«هَا هِيَ ذِى تَتَثَاءَبُ مَرَّةً أُخْرَى مِنَ الضَّجْرِ لاَ مِنَ التَّعَبِ»: ئەنە ئۇ ئايال ھارغىنلىقتىن ئەمەس، زېرىكىشتىن ئىككىنچى قېتىم ئەسنەۋاتىدۇ.

ضَجِرٌ: بىئارام بولغۇچى، تەشۋىشلەنگۈچى، زېرىككۈچى، ئىچى پۇشقۇچى، چېچىلغۇچى، ئەنسىز.

ضَجَعَ يَضْجَعُ ضَجْعًا وَ ضُجُوعًا: يېنىچە ياتتى؛ ئۇخلىدى.

ضَجْعَةٌ: مۈگدىمەك؛ چۈشلۈك ئۇيقۇ.

«إِنَّ هَذِهِ ضَجْعَةٌ يُبْغَضُهَا اللّٰهُ» ‹حديث›: بۇ ئاللاھ يامان كۆرىدىغان يېتىش.

ضُجْعَةٌ: ھۇرۇن؛ ئاجىز.

ضَجْعِيٌّ. ضَجْعِيَّةٌ: ھۇرۇن، يالقاۋ؛ دائىم ئۇخلايدىغان، دائىم يېنىچە ياتىدىغان.

ضَجُوجٌ: داۋراڭ سالغۇچى، شاۋقۇن-سۈرەن كۆتۈرگۈچى.

ضَجُورٌ ج ضُجُرٌ: زېرىككەك.

ضُجُوعٌ: يېنىچە ياتماق، ئۇخلىماق.

ضَجِيجٌ: ۋاراڭ-چۇرۇڭ، شاۋقۇن-سۈرەن.

ضَجِيعٌ: بىللە ياتقۇچى، ھەمتۆشەك.

«بِئْسَ الضَّجِيعُ الْجُوعُ»: ئاچلىقتىن ئىبارەت ھەمتۆشەك نېمىدېگەن يامان!

ضَحَا يَضْحُو ضَحْوًا وَ ضُحُوًّا: ئاشكارا بولدى، ئوچۇق بولدى، روشەن بولدى؛ ئاپتاپقا چىقتى.

ضَحَا الشَّيْءُ: ئاپتاپ چاقتى، كۈن تەگدى.

ضَحَا ظِلُّهُ: ئۆلدى.

ضَحَاءٌ: قىيام ۋاقتى، چۈشتىن بۇرۇنقى ۋاقىت.

ضِحٌّ: قۇياش، قۇياش نۇرى، ئاپتاپ تېگىشلىك جاي.

ضَحَّاكٌ ج ضَحَّاكُونَ: كۈلگۈنچەك، قىزىقچى، خۇشچاقچاق ئادەم.

غَازٌ ضَحَّاكٌ: كۈلدۈرگۈچى گاز (نىترون تۆت ئوكسىدى).

ضَحَّكَ يُضَحِّكُ تَضْحِيكًا: كۈلدۈردى.

«شَاعَتِ الْبَرَامِجُ التِّلْفِزِيُونِيَّةُ الَّتِي تُضَحِّكُ النَّاسَ»: كۈلدۈرگە تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ئومۇملاشتى.

ضَحَّى يُضَحِّي تَضْحِيَةً بِمَالِهِ: ياردەملەشتى، ئىئانە قىلدى.

ضَحَّى بِالشَّاةِ: قوينى چاشگاھ ۋاقتىدا بوغۇزلىدى.

ضَحَّى بِنَفْسِهِ: پىداكارلىق كۆرسەتتى، قۇربان بەردى.

ضَحَّى بِالنَّفْسِ وَالنَّفِيسِ: ئۆزىنى ۋە مال-مۈلكىنى قۇربان قىلدى.

ضَحَّى بِحَيَاتِهِ مِنْ أَجْلِ قَضِيَّةٍ عَادِلَةٍ: ھەققانىيەت ئۈچۈن ھاياتىنى بېغىشلىدى.

«يُضَحِّي الْفِدَائِيُّ بِنَفْسِهِ زَوْدًا عَنْ حُقُوقِ شَعْبِهِ»: پىدائىي خەلقىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش يۈزىسىدىن ئۆزىنى قۇربان قىلىدۇ.

ضَحْضَاحٌ: تېيىز، يۈزە.

مَاءٌ ضَحْضَاحٌ: ئاز سۇ، تېيىز.

ضَحْضَحَ يُضَحْضِحُ ضَحْضَحَةً السَّرَابُ: ئېزىتقۇ يالتىرىدى، جىلۋىلەندى، جىمىرلاپ كۆرۈندى.

ضَحْضَحَ الْأَمْرُ: ئىش ئايدىڭلاشتى، روشەنلەشتى.

ضَحِكَ يَضْحَكُ ضِحْكًا وَ ضَحَكًا وَ ضِحَاكًا: كۈلدى.

ضَحِكَ مِلْءَ قَلْبِهِ: قانغۇچە كۈلدى، پۇخادىن چىققۇچە كۈلدى.

«فَلْيَضْحَكُوا قَلِيلاً وَلْيَبْكُوا كَثِيرًا» «قرآن»: ئۇلار ... ئاز كۈلسۇن، كۆپ يىغلىسۇن.

ضَحِكَ مِلْءَ شِدْقَيْهِ: قاقاقلاپ كۈلدى.

ضَحِكَ فِيهِ: مەسخىرە قىلىپ كۈلدى.

ضَحِكَ ضِحْكَةَ السَّاخِرِ: مەسخىرىلىك كۈلدى.

شَرُّ الْبَلِيَّةِ مَايُضْحِكُ: ئورۇنسىز ۋە ۋاقىتسىز كەلگەن بالايىئاپەت، كۆڭۈلسىزلىك كىشىنى ئەجەبلەندۈرۈپ كۈلدۈرىدۇ.

ضَحِكَ فِي عُبِّهِ: ئىچىدە كۈلدى، زاڭلىق قىلىپ كۈلدى.

ضَحِكَ السَّحَابُ: ھاۋا ئېچىلدى.

ضَحِكَ عَلَى ذَقْنِهِ: ئالدىدى.

ضَحِكَتِ الْأَرْضُ: زېمىن يېشىللىققا پۈركەندى.

«كَيْفَ يَضْحَكُونَ عَلَيْكَ وَيَأْخُذُونَ مَالَكَ؟»: ئۇلار سېنىڭ ئېشىكنى يەپ قازىنىڭنى چاقامدىكەن؟

ضِحْكٌ / ضَحْكٌ: كۈلكە.

يُثِيرُ الضِّحْكَ: كۈلكىسىنى كەلتۈرىدۇ.

«كَانَ الضِّحْكُ عِنْدَهُ وَسِيلَةً لِلْإِعْرَابِ عَنْ قَلَقِهِ وَيَأْسِهِ»: ئۇنىڭچە كۈلكە خاتىرجەمسىزلىك ۋە

ئۇمىدسىزلىكنى ئىپادىلەشنىڭ ۋاستىسى بولۇپ قالدى.

أَثَارَ الْمُمَثِّلُ ضِحْكَ الْجُمْهُورِ: ئارتىس ئاممىنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

ضَحْكَةٌ ج ضَحْكَاتٌ: بىر قېتىملىق كۈلكە.

ضَحْكَةٌ صَفْرَاوِيَّةٌ: ئاچچىق كۈلكە، سوغۇق كۈلكە.

ضَحِكَ ضَحْكَةً عَالِيَةً: قاقاقلاپ كۈلدى.

ضُحْكَةٌ: كۈلكىلىك گەپ، كۈلدۈرگە.

صَارَ ضُحْكَةً لِلنَّاسِ: كىشىلەرگە كۈلكە بولۇپ بەردى.

ضِحْكَةٌ ج ضِحْكَاتٌ: كۈلۈش شەكلى.

ضَحِكَ ضِحْكَةَ السَّاخِرِ: مەسخىرىلىك كۈلدى.

ضَحَلَ يَضْحَلُ ضَحْلاً الْغَدِيْرُ: كۆلنىڭ سۈيى ئاز قالدى.

ضَحْلٌ ج ضِحَالٌ وَ ضُحُولٌ: تېيىز سۇ.

ضَحْلُ التَّفْكِيْرِ: يۈزە پىكىرلىك.

ضَحْوٌ. ضَحْوَةٌ ج ضَحَوَاتٌ: قىيام ۋاقتى، چۈشتىن بۇرۇنقى ۋاقىت.

ضَحُوكٌ: كۈلگۈنچەك، قىزىقچى.

وَجْهٌ ضَحُوكٌ: خۇش چىراي، كۈلكە چىراي.

ضَحِيَ يَضْحَى ضَحًا وَ ضَحَاءً وَ ضُحُيًا: ئاپتاپ چاقتى.

«وَأَنَّكَ لاَ تَظْمَأُ فِيْهَا وَلاَ تَضْحَى» ‹قرآن›: ھەمدە ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئۇسساپ كەتمەيسەن، ئىسسىپ كەتمەيسەن.

ضُحًى: چاشگاھ ۋاقتى.

بَيْنَ عَشِيَّةٍ وَ ضُحَاهَا: قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە، ئۇشتۇمتۇت.

«لَمْ يَكُنْ ذَا مَالٍ وَإِذَا بِهِ بَيْنَ عَشِيَّةٍ وَ ضُحَاهَا صَاحِبُ ثَرْوَةٍ وَجَاهٍ»: ئۇنىڭ ھېچنېمىسى يوق ئىدى، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا باي ۋە ئابرۇيلۇق بولۇپ قالدى.

«قَالَ مَوْعِدُكُمْ يَوْمُ الزِّيْنَةِ وَ أَنْ يُحْشَرَ النَّاسُ ضُحًى» ‹قرآن›: مۇسا ئېيتتى: «سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان چاغ بايرام كۈنى بولۇپ، كىشىلەر چاشگاھ ۋاقتىدا يىغىلسۇن.

ضَحِيَّةٌ ج ضَحَايَا: قۇربانلىق، قۇربانلىق قىلىنىدىغان نەرسە.

ذَهَبَ ضَحِيَّةً: ئۇ قۇربان بولدى.

لِكُلِّ حَرْبٍ ضَحَايَاهَا الْبَرِيْئَةُ: ھەربىر ئۇرۇشنىڭ گۇناھسىز قۇربانلىرى بولىدۇ.

ضَخَامَةٌ: جوغى چوڭ، غايەت زور.

ضَخَّ يَضَخُّ ضَخًّا الْمَاءُ: سۇ قويۇلدى، ئاقتى.

ضَخَّ الْمَاءَ: سۇنى قۇيدى، تۆكتى.

«تَقُومُ شِرْكَةُ النِّفْطِ بِاسْتِخْرَاجِ النِّفْطِ وَ ضَخِّهِ فِي أَنَابِيْبَ خَاصَّةٍ»: نېفىت شىركىتى نېفىت چىقىرىش ۋە ئۇنى مەخسۇس تۇرۇبىلاردا ئاققۇزۇش بىلەن شۇغۇللانماقتا.

ضَخَّمَ يُضَخِّمُ تَضْخِيْمًا: چوڭايتتى، يوغىناتتى.

ضَخَّمَ الصَّوْتَ: ئاۋازنى چوڭايتتى.

ضَخَزَ يَضْخَزُ ضَخَزًا عَيْنَهُ: كۆزىنى ئويۇۋەتتى.

ضَخُمَ يَضْخُمُ ضَخَامَةً وَ ضِخَمًا: چوڭ بولدى، توم بولدى.

ضَخْمٌ ج ضِخَامٌ م ضَخْمَةٌ ج ضَخَمَاتٌ: چوڭ، زور، يوغان، كاتتا.

ضَخْمُ الْجِسْمِ: قامەتلىك، گەۋدىلىك، ئۇستىخانلىق.

ضَخْمُ الْعِيَارِ: چوڭ ئېغىزلىق، چوڭ كالىبىرلىق.

اَلْمَدَافِعُ الضَّخْمَةُ: ئېغىر زەمبىرەك، ئېغىر توپ.

«إِنَّهُ تَنْظِيْمٌ ضَخْمٌ»: ئۇ شۇبھىسىزكى، چوڭ ئورۇنلاشتۇرۇش.

طَرِيْقٌ ضَخْمٌ: كەڭ يول.

يُشَكِّلُ عِبْئًا ضَخْمًا: ئېغىر يۈك بولۇپ قالدى.

«هَذِهِ مُؤَسَّسَاتٌ ضَخْمَةٌ تَابِعَةٌ لِلدَّوْلَةِ»: بۇ زور كارخانىلار دۆلەتكە تەۋە.

ضَدَّ يَضُدّ ضَدًّا: يەڭدى، غالىب كەلدى.

ضِدٌّ ج أَضْدَادٌ: زىت، دۈشمەن، رەقىب.

ضِدّ كَذَا . بِالضِّدِّ: ئەكس، قارىمۇقارشى.

«كَلَّا سَيَكْفُرُونَ بِعِبَادَتِهِمْ وَ يَكُونُونَ عَلَيْهِمْ ضِدًّا» ‹قرآن›: ئىش ئۆلارنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك ئەمەس، ئۆلارنىڭ (يەنى، مۇشرىكلارنىڭ) چوقۇنۇشىنى ئىنكار قىلىدۇ.

ضِدّهُ عَلَى خَطٍّ مُسْتَقِيمٍ: تىغمۇتىغ تاقابىل تۇرماق، دەلمۇدەل تاقابىل تۇرماق.

وَحْدَةُ الْأَضْدَادِ: قارىمۇقارشىلىقلارنىڭ بىرلىكى.

ضِدّ الصَّدَمَاتِ: سوقۇلۇشقا قارشى.

ضِدّ السَّمِّ: زەھەرگە قارشى.

«تَتَمَايَزُ الْأَشْيَاءُ بِأَضْدَادِهَا»: شەيئىلەر ئۆزىنىڭ ئەكسى بىلەن ئايرىلىدۇ.

«رَشَّحَ نَفْسَهُ ضِدَّ مُرَشَّحِ الْحُكُومَةِ»: ھۆكۈمەتنىڭ نامزاتىغا قارشى ئۆزىنى نامزات قىلىپ كۆرسەتتى.

ضِدِّيٌّ: قارىمۇقارشى، قارشىلىق، زىددىيەت.

ضَدِيَ يَضْدَى ضَدًى: غەزىپى تاشتى.

ضَدِيْدٌ ج أَضْدَادٌ: قارىمۇقارشى، زىت، ئوخشىشى.

ضَرَاءٌ: باراقسان دەرەخ؛ تۈزلەڭلىك.

ضَرَائِبِيٌّ: باجغا ئائىت.

ضِرَابٌ: چېتىشماق، جۈپلەشمەك.

ضِرَارٌ: زىيان.

«وَلاَ تُمْسِكُوهُنَّ ضِرَارًا لِتَعْتَدُوا» ‹قرآن›: زۇلۇم قىلىش مەقسىتىدە زىيان يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى تۇتۇۋالماڭلار.

ضُرَاطٌ: ئوسۇرۇق.

ضَرَاعَةٌ: يالۋۇرماق، ئىلتىجا قىلماق.

تَقَدَّمَ بِمَطْلَبِهِ بِكُلِّ ضَرَاعَةٍ: ناھايىتى يالۋۇرۇش بىلەن تىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ضُرَاكٌ: قوپال، كۈچلۈك، يولۋاس.

ضِرَامٌ: كۆيمەك، يانماق؛ تۇتۇرۇق.

ضَرَاوَةٌ: ياۋۇزلۇق، ۋەھشىيلىك؛ ئاچ كۆزلۈك.

«اِزْدَادَتِ الْمَعْرِكَةُ ضَرَاوَةً»: ئۇرۇش قىزىپ كەتتى.

ضَرَأَ يَضْرَأُ ضَرْأً الشَّيْءُ: كۆزدىن غايىب بولدى، ئىز-دېرەكسىز يوقالدى.

ضَرَبَ يَضْرِبُ ضَرْبًا الشَّيْءُ: كۆچتى، يۆتكەلدى، ھەرىكەتلەندى، قوزغالدى.

ضَرَبَهُ: ئۇردى، زەربە بەردى، دۇمبالىدى، سوقتى.

ضَرَبَ الْقَلْبُ: يۈرەك سالدى.

ضَرَبَ الرَّجُلُ فِي الْأَرْضِ: كىشى يول ماڭدى، يۈردى.

ضَرَبَ الْبِلَادَ طُولًا وَعَرْضًا: پۈتۈن مەملىكەتنى كەزدى.

«وَآخَرُونَ يَضْرِبُونَ فِي الْأَرْضِ يَبْتَغُونَ مِنْ فَضْلِ اللهِ» ‹قرآن›: بەزىلەر ئاللاھنىڭ پەزلىنى تىلەپ يەر يۈزىدە سەپەر قىلىدۇ.

ضَرَبَ الْإِبْرَةَ: يىڭنە سانجىدى.

ضَرَبَ عَنِ الْأَمْرِ: ئىشتىن توختىدى، يۈز ئۆرۈدى.

ضَرَبَ رَأْسَهُ فِي الْحَائِطِ: تامغا ئۇستى.

ضَرَبَ ضَرْبًا مُبَرِّحًا: قاتتىق ساۋىدى.

ضَرَبَ الْأَجَلَ: ۋاقىت توختاتتى، ۋاقىت بەلگىلىدى.

ضَرَبَ أَطْنَابَهُ: يىلتىز تارتتى.

ضَرَبَ الْآلَةَ الْمُوسِقِيَّةَ: مۇزىكا چالدى.

ضَرَبَ الْبَابَ: ئىشىكنى چەكتى، قاقتى.

ضَرَبَ الْخَاتَمَ: ئۈزۈك سالدى.

ضَرَبَ الْخِيْمَةَ: چېدىر تىكتى.

ضَرَبَ الرَّقْمَ الْقِيَاسِيَّ: رېكورتنى بۇزۇپ تاشلىدى.

ضَرَبَ طُوبًا: خىش قويدى.

ضَرَبَ الصَّلَاةَ: ناماز ئوقۇدى.

ضَرَبَ ضَرِيْبَةً: سېلىق سالدى.

ضَرَبَ عَدَدًا فِي آخَرَ: سانىنى كۆپەيتتى.

ضَرَبَ عُنُقَهُ: كاللىسىنى ئالدى.

ضَرَبَ النُّقُودَ: پۇل قويدى، پۇل چىقاردى.

ضَرَبَ الْمَوْعِدَ: ۋەدىلەشتى، شەرتلەشتى.

ضَرَبَ مَثَلاً: مىسال كەلتۈردى، تەمسىل كەلتۈردى؛ ماقال كەلتۈردى.

ضَرَبَ الْوَدَعَ وَالرَّمْلَ: پال ئاچتى، رەمل سالدى.

«وَاضْرِبْ لَهُمْ مَثَلًا أَصْحَابَ الْقَرْيَةِ» «قرآن»: ئۇلارغا شەھەر ئاھالىسىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگىن.

ضَرَبَ فِي التِّجَارَةِ بِسَهْمٍ: شېرىكەت قۇردى، شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلدى.

ضَرَبَهُ بِآفَةٍ: بالا-قازاغا ئۇچراتتى.

ضَرَبَ بِالْقُنْبُلَةِ: بومباردىمان قىلدى.

ضَرَبَ عَنْهُ: پىسەنت قىلمىدى؛ ئۆزىنى قاچۇردى.

ضَرَبَ فِي الْبُوقِ: بۇرغا چالدى، كاناي چالدى.

ضَرَبَتْهُ الْعَقْرَبُ: چايان چېقىۋالدى.

ضَرَبَهُ الْفَرَسُ بِحَوَافِرِهِ: ئۇنى ئات تېپىۋەتتى.

ضَرَبَ بَيْنَهُمْ: ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى، ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى.

ضَرَبَ بِالسِّلَاحِ النَّارِيِّ: توپ ئاتتى، توپقا تۇتتى، ئوق چىقاردى.

ضَرَبَ بِالْمِدْفَعِ: زەمبىرەك ئاتتى.

ضَرَبَ أَخْمَاسًا لِأَسْدَاسٍ: چارىسىز قالدى، تېڭىرقاپ قالدى.

ضَرَبَ بِهِ عُرْضَ الْحَائِطِ: ئۇنى كەمسىتتى، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى.

ضَرَبَ الْأَرُزَّ: گۈرۈچنى ئاقلىدى.

ضَرَبَ اللَّيْلُ بِظَلَامِهِ: كېچە كىردى.

ضُرِبَتْ عَلَيْهِ الذِّلَّةُ: خار بولدى.

ضَرَبَ عَلَى الْمَكْتُوبِ: خەتنى پېچەتلىدى، تامغا باستى.

ضَرَبَ الْقَاضِي عَلَى يَدِ الْمُتَّهِمِ: سوتچى جىنايەتچىنىڭ ھەرىكىتىگە چەك قويدى.

ضَرَبَ بِالسَّيْفِ: قىلىچ بىلەن چاپتى.

«ضَرَبَهُ ضَرْبَةً لَمْ يَقُمْ بَعْدَهَا أَبَدًا»: ئۇنى ئۇرۇپ ئورنىدىن تۇرالماس قىلىۋەتتى.

«ضَرَبَ الْجَهْلُ أَطْنَابَهُ فِي الْبِلَادِ»: نادانلىق مەملىكەتتە يامراپ كەتتى.

ضَرَبَ صَفْحًا: يۈز ئۆرۈدى.

«ضَرَبَ عَلَى الْآلَةِ الْكَاتِبَةِ»: ماشىنكا بىلەن خەت باستى.

ضَرَبَ كَفًّا بِكَفٍّ: تېڭىرقاپ قالغانلىقى ۋە پۇشايمان قىلغانلىقىنى بىلدۈردى.

«يَضْرِبُ عَلَى وَتَرٍ حَسَّاسٍ»: سېزىمچان ماۋزۇ ئۈستىدە توختالماقتا.

«إِنَّكَ تَضْرِبُ فِي حَدِيدٍ بَارِدٍ»: پايدىسىز، قۇرۇق ئاۋارە بولىسەن.

ضَرْبٌ: ئۇرماق، زەربە بەرمەك، چەتكە قاقماق.

ضَرْبُ الرَّمْلِ: پال باقماق.

ضَرْبٌ بِالْمَدَافِعِ: بومباردىمان قىلماق.

ضَرْبٌ ج أَضْرَابٌ وَضُرُوبٌ: تۈر، خىل، ئوخشاش؛ ئۆتكۈنچى؛ قوشۇش.

هُوَ وَأَضْرَابُهُ مِنَ السِّيَاسِيِّينَ: سىياسەتچىلەردىن ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى.

ضَرْبُ الْعِرْقِ أَوِ الْقَلْبِ: تومۇر سوقماق، يۈرەك سوقماق.

ضَرْبُ الضَّرَائِبِ: باج ئالماق، سېلىق سالماق.

ضَرْبُ الْأَعْدَادِ فِي بَعْضِهَا: كۆپەيتىش، كەررە.

ضَرْبُ النَّارِ: ئوت ئاچماق.

ضَرْبُ النُّقُودِ: پۇل قويماق، پۇل باسماق.

ضَرْبٌ ج ضُرُوبٌ وَأَضْرَابٌ وَأَضْرُبٌ فِي الْعَرُوضِ: قاپىيە، قاپىيىداش.

«يُعْتَبَرُ الْمَسْرَحُ ضَرْبًا مِنْ ضُرُوبِ التَّجْدِيدِ فِي الْأَدَبِي الْعَرَبِيِّ الْحَدِيثِ»: تىياتىر ئەرەب يېڭى

ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدە بىر خىل يېڭىلىق ھېسابلىنىدۇ.

ضَرَبٌ: قويۇق ئاق ھەسەل.

ضَرْبَةٌ ج ضَرَبَاتٌ: زەربە، ئاپەت؛ ئاغرىق ـ سىلاق؛ پالاكەت، بەختسىزلىك.

ضَرْبَةُ آفَةٌ: تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەل، چۇما.

ضَرْبَةُ جَزَاءٍ: جازا توپ.

ضَرْبَةٌ قَاضِيَةٌ: ئەجەللىك زەربە، قاقشاتقۇچ زەربە.

ضَرْبَةُ الدَّمِ: ئۆزگىرىشچان قىزىتما.

ضَرَبَاتُ النَّبْضِ: تومۇرنىڭ سوقۇشى.

ضَرَبَ ضَرْبَةَ مُعَلِّمٍ: راسا كېلىشتۈرۈپ سالدى.

«تَلَقَّى الْعَدُوُّ ضَرَبَاتٍ مُتَتَالِيَةً مِنْ رِجَالِ الْمُقَاوَمَةِ»: دۈشمەن قارشىلىق كۆرسەتكۈچى كۈچلەر تەرىپىدىن ئۈزلۈكسىز زەربىگە ئۇچرىدى.

ضَرَجَ يَضْرُجُ ضَرْجًا الثَّوْبَ: رەختنى قىزىل بويىدى.

ضَرَجَهُ بِالدَّمِ: ئۇنى قانغا مىلىۋەتتى.

ضَرْجَعٌ ج ضَرَاجِعُ: يولۋاس.

ضَرَحَ يَضْرَحُ ضَرْحًا الْقَبْرَ: گۆر كولىدى.

ضَرَحٌ ج أَضْرَاحٌ: يىراق، يىراقلاشقان؛ تىرە.

ضَرَّ يَضُرُّ ضَرًّا وَ ضَرَرًا فُلاَنًا: پالانىغا زىيان يەتكۈزدى، زىيان سالدى؛ زىيانكەشلىك قىلدى.

الأَكْلُ الْكَثِيرُ يَضُرُّ الْمَعِدَةَ: كۆپ يېيىش ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

ضَرَّ بَصَرَهُ: كۆزى تۇتۇلۇپ قالدى.

«وَمَنْ يَنْقَلِبْ عَلَى عَقِبَيْهِ فَلَنْ يَضُرَّ اللهَ شَيْأً» «قۇرئان»: كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن، (يەنى مۇرتەت بولىدىكەن)، ئۇ ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

ضَرَّهُ إِلَيْهِ: سىغىندۇردى.

«ضَرَّتْ هَذِهِ الْحَرْبُ بِمَصَالِحِ الدُّوَلِ الْمُجَاوِرَةِ»: بۇ ئۇرۇش قوشنا دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالدى.

ضَرٌّ ج أَضْرَارٌ: زىيان، نۇقسان، كېمىيىش.

﴿قُلْ أَتَعْبُدُونَ مِنْ دُونِ اللهِ مَالاَ يَمْلِكُ لَكُمْ ضَرًّا وَلاَ نَفْعًا﴾ «قۇرئان»: (ئى مۇھەممەد!) سىلەر ئاللاھدىن باشقا پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر؟

ضُرٌّ: يارامسىزلىق، ھالى يامانلىق؛ زىيان.

مَسَّهُ الضُّرُّ: ئۇ بالا ـ قازاغا يولۇقتى. ئۇنىڭغا زىيان يەتتى.

﴿مَسَّنَا وَ أَهْلَنَا الضُّرُّ﴾: بىزگە ۋە ئائىلىمىزگە ئاچارچىلىق يەتتى.

ضِرٌّ: خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئالماق، قوش نىكاھلىق بولماق.

ضَرَرٌ ج أَضْرَارٌ: زىيان، چىقىم، زەرەر، يېتىشسىزلىك؛ ئىللەت، ئاغرىق.

﴿لاَ يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِيْنَ غَيْرَ أُولِي الضَّرَرِ﴾ «قۇرئان»: مۆئمىنلەردىن ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەللىكە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) جىھادقا چىقمىغانلار ... بىلەن باراۋەر بولمايدۇ.

أَخَفُّ الضَّرَرَيْنِ: ئىككى زىيانلىق ئىشنىڭ يەڭگىلرەكى.

اِرْتَكَبَ أَخَفَّ الضَّرَرَيْنِ: ئىككى زىيانلىق ئىشنىڭ يەڭگىلرەكىگە دۇچار بولدى.

أَحْدَثَتِ الْحَرَائِقُ أَضْرَارًا جَسِيمَةً فِي الْمُمْتَلَكَاتِ: ئوت ئاپىتى مال ـ مۈلۈككە چوڭ زىيان سالدى.

ضَرَّاءُ: قاتتىقچىلىق، قىيىنچىلىق، كېسەللىك.

فِي السَّرَّاءِ وَالضَّرَّاءِ: خۇشاللىقتا ۋە قايغۇدا، ھالاۋەتتە ۋە جاپا ـ مۇشەققەتتە.

«وَالصَّابِرِيْنَ فِي الْبَأْسَاءِ وَالضَّرَّاءِ» «قۇرئان»: يوقسۇزلۇقتا، كېسەللىككە بەرداشلىق

بېرىشى...

«كَانُوا يَلْجَأُونَ إِلَى اللهِ فِي الضَّرَّاءِ وَالسَّرَّاءِ»: ئۇلار قىيىنچىلىق ۋاقىتلاردىمۇ، راھەت ۋاقىتلاردىمۇ ئاللاھقا سېغىناتتى.

ضَرَّابٌ: چوماقچى.

ضَرَّابُ الطُّوبِ: كېسەكچى.

ضَرَّبَ يُضَرِّبُ تَضْرِيبًا: قاتتىق ئۇردى.

ضَرَّبَ بَيْنَهُمْ: ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى، ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى.

ضَرَّبَ اللِّحَافَ: يوتقان تىكتى.

ضَرَّبَ الشَّيْءَ بِالشَّيْءِ: نەرسىنى ئارىلاشتۇردى.

ضَرَّةٌ ج ضَرَائِرُ: كىچىك خوتۇن، ئاياللىنىڭ كۈندىشى.

ضَرَّةُ الْحَيَوَانِ: يېلىن.

بَيْنَهُمْ دَاءُ الضَّرَائِرِ: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەسەتخورلۇق مەۋجۇت.

ضَرَّجَ يُضَرِّجُ تَضْرِيجًا الثَّوبَ: رەختنى قىزىلغا بويىدى.

ضَرَّجَهُ بِالدَّمِ: ئۇنى قانغا مىلىۋەتتى.

ضَرَّجَ الْخَجَلُ وَجْهَهُ: خىجالەتچىلىكتە يۈزى قىزىرىپ كەتتى.

ضَرَّجَ الْكَلَامَ: سۆزنى بېزىدى.

ضَرَّرَ يُضَرِّرُ تَضْرِيرًا ـ هُ: ئۇنىڭغا ئېغىر زىيان سالدى.

ضَرَّسَ يُضَرِّسُ تَضْرِيسًا الْأَسْنَانَ: چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى.

ضَرَّسَتْهُ الْحُرُوبُ: ئۇرۇشلار ئۇنى تەجرىبىلىك قىلدى، چېنىقتۇردى.

ضَرَّمَ يُضَرِّمُ تَضْرِيمًا النَّارَ: ئوت ياقتى، تۇتاشتۇردى، ئوت ئالدۇردى، يورۇتتى.

ضَرَّمَ النَّارَ فِي: ئوت قويدى.

ضَرَّى يُضَرِّي تَضْرِيَةً الْكَلْبَ بِالصَّيْدِ: ئىتنى ئوۋغا ئۆگەتتى، تەربىيىلىدى، كۆندۈردى.

ضَرِسَ يَضْرِسُ ضَرْسًا الشَّيْءَ: نەرسىنى قاتتىق چىشلىدى.

ضَرَسَهُ الزَّمَانُ: ئۇنىڭغا پەلەك كاج كەلدى.

ضَرِسَ يَضْرَسُ ضَرَسًا الرَّجُلُ: كىشىنىڭ خويى ئۇسۇل بولدى.

ضَرِسَتِ الْأَسْنَانُ: چىش قامىدى.

«اَلْآبَاءُ يَأْكُلُونَ الْحِصْرِمَ وَالْأَبْنَاءُ يَضْرَسُونَ»: ئاتىلار غورا يېسە، بالىلارنىڭ چىشى قامايدۇ (ئاتىلارنىڭ دەردىنى بالىلار تارتتى).

ضِرْسٌ ج أَضْرَاسٌ وَ ضُرُوسٌ: ئېزىق چىش.

ضِرْسُ الْعَقْلِ: ئەقىل چىشى.

رَجُلٌ ضِرْسٌ: قوپال ئادەم.

ضَرِسٌ م ضَرِسَةٌ: قاماپ قالغان چىش.

ضَرَطَ يَضْرِطُ ضَرْطًا / ضِرْطًا وَ ضُرَاطًا وَ ضَرِيطًا: ئوسۇردى، يەل چىقاردى.

ضَرْطٌ: ئوسۇرۇق.

ضَرَعَ يَضْرَعُ ضَرَاعَةً إِلَيْهِ: ئىلتىجا قىلدى، بويسۇندى، باش ئەگدى.

ضَرَعَ الرَّضِيعُ: ئانىسىنى ئەمدى.

ضَرِعَ يَضْرَعُ ضَرَعًا إِلَيْهِ: ئىلتىجا قىلدى، بويسۇندى، باش ئەگدى.

«يَضْرَعُ الْمُؤْمِنُ إِلَى اللهِ أَنْ يَهْدِيَهُ سَوَاءَ السَّبِيلِ»: مۆئمىن كىشى ئاللاھقا توغرا يولغا يېتەكلىشىنى تىلەپ ئىلتىجا قىلىدۇ.

ضَرُعَ يَضْرُعُ ضَرَاعَةً إِلَيْهِ: ئىلتىجا قىلدى، بويسۇندى، باش ئەگدى.

ضِرْعٌ ج ضُرُوعٌ: ئوخشاش، ئوخشاپ كېتىدىغان.

هُوَ ضِرْعُهُ فِي الْكَرَمِ وَالشَّجَاعَةِ: ئۇ مەردلىك ۋە شجائەتتە ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

ضَرْعٌ ج ضُرُوعٌ: ھايۋاننىڭ يېلىنى.

الضَّرْعُ وَالثَّدْيُ: بارلىق مال-مۈلۈك.

مَالَهُ زَرْعٌ وَ لَاضَرْعٌ: ئۇنىڭ ھېچنېمىسى يوق.
«أَتْلَفَ الْجَفَافُ الضَّرْعَ وَالزَّرْعَ»: قۇرغاقچىلىق چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىقنى ۋەيران قىلدى.
الزَّرْعُ وَالضَّرْعُ: دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق.
ضَرِعٌ: يالۋۇرغۇچى، ئىلتىجا قىلغۇچى، بويسۇنغۇچى.
ضِرْغَامٌ ج ضَرَاغِمُ وَ ضَرَاغِمَةٌ: شىر؛ باتۇر.
ضَرْغَمٌ ج ضَرَاغِمُ: شىر.
ضَرْفٌ: تولۇم.
ضُرْفَةٌ: كۆپ، نۇرغۇن، مول.
هُوَ فِي ضُرْفَةِ عَيْشٍ: ئۇنىڭ تۇرمۇشى پاراۋان.
ضَرْفَطَ يُضَرْفِطُ ضَرْفَطَةً الشَّيْءَ بِالْحَبْلِ: نەرسىنى مەھكەم باغلىدى.
ضَرُكَ يَضْرُكُ ضَرَاكَةً الرَّجُلُ: قوپال بولدى، پوختا بولدى.
ضَرِمَ يَضْرَمُ ضَرَمًا الرَّجُلُ: غەزىپى تاشتى، قورسىقى ئاچلىقتىن تارتىشىپ كەتتى.
ضَرِمَ فِي الطَّعَامِ: ھاپىلا-شاپىلا يېدى.
ضَرِمَ فِي الْأَمْرِ: ئالدىرىدى، جىددىيلەشتى.
ضَرِمَ عَلَيْهِ: تېرىكتى، ئاچچىقلاندى، غەزەپلەندى.
ضَرِمَتِ النَّارُ: ئوت ياندى، تۇتاشتى.
ضَرَمَةٌ ج ضَرَمٌ: ئوت، قىزىل چوغ.
مَا فِي الدَّارِ نَافِخُ ضَرَمَةٍ: ئۆيدە بىرمۇ ئادەم يوق.
ضِرْوٌ م ضِرْوَةٌ ج ضِرَاءٌ وَ أَضْرٍ: ئوۋ ئىتى.
ضَرُورَةٌ ج ضَرُورَاتٌ: زۆرۈرىيەت، لازىم؛ ئېھتىياج.
عِنْدَ الضَّرُورَةِ: زۆرۈر تېپىلغاندا.
ضَرُورَةٌ قَاهِرَةٌ: جىددىي ئېھتىياجلىق.
بِالضَّرُورَةِ: مۇھىم، لازىم.
لِلضَّرُورَةِ: ئىلاجسىزلىقتىن.
لَاضَرُورَةَ لِشِرَاءِ سَيَّارَةٍ أُخْرَى: يەنە بىر ماشىنا سېتىۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوق.
لِلضَّرُورَةِ أَحْكَامٌ: زۆرۈرىيەتنىڭ ئەھكامى باشقىچە بولىدۇ.
الضَّرُورَاتُ تُبِيحُ الْمَحْظُورَاتِ: زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا دۇرۇس بولمايدىغان ئىشلارمۇ دۇرۇس بولىدۇ.
الضَّرُورَةُ الْقُصْوَى: جىددىي ھاجەت.
اَلْمَعْلُومُ بِالضَّرُورَةِ: قەتئىي رەۋىشتە بىلىنگۈچى، ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم.
ضَرُورِيٌّ: لازىم، زۆرۈر، كەم بولسا بولمايدىغان.
«اَلْعَمَلُ ضَرُورِيٌّ لِلنَّجَاحِ»: مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ئىشلەش كەم بولسا بولمايدۇ.
«مِنَ الضَّرُورِيِّ أَنْ يَتَعَلَّمَ أَوْلَادُنَا اللُّغَاتِ الْأَجْنَبِيَّةَ»: بالىلىرىمىزنىڭ چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىشى مۇھىم.
اَلْمَوَادُّ الضَّرُورِيَّةُ: كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى، لازىمەتلىكلەر.
ضَرُورِيَّاتٌ: ئېھتىياجلىق نەرسىلەر.
ضَرُورِيَّاتٌ يَوْمِيَّةٌ: كۈندىلىك ئېھتىياجلىق نەرسىلەر.
«أَصْبَحَتِ السَّيَّارَةُ عِنْدَ بَعْضِهِمْ مِنْ ضَرُورِيَّاتِ الْحَيَاةِ»: ماشىنا بەزىلەرنىڭ قارىشىچە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ھېسابلىنىدۇ.
ضَرُوسٌ: شەپقەتسىز، رەھىمسىز، ۋەھشىي.
حَرْبٌ ضَرُوسٌ: شەپقەتسىز ئۇرۇش، دەھشەتلىك ئۇرۇش.
ضَرُوطٌ: ئوسۇرغاق.
ضَرِيَ يَضْرَى ضَرَاوَةً وَ ضَرًى وَ ضَرْيًا وَ ضَرَاءَةً بِالشَّيْءِ: خۇمار بولدى، تويماسلىق قىلدى.
ضَرِيَ بِهِ: ئۇنىڭغا چىقىلدى.
ضَرِيبٌ ج ضُرَبَاءُ: ئۇرغۇچى؛ ئۇرۇلغۇچى.
ضَرِيبٌ ج ضَرَائِبُ: خىل، تۈر، ئوخشىشى؛ قار، مۇز، قىرو.
ضَرِيبَةٌ ج ضَرَائِبُ: باج؛ مىجەز، خۇي، تەبىئەت،

خاراكتېر؛ ئېتىلغان يوق؛ ئۈرۈلغۇچى.
ضَرِيبَةُ الْأَمَانِ: باج تاپشۇرماق، سېلىق تۆلىمەك؛ سوۋغا، ھەدىيە.
ضَرِيبَةُ الْأَطْيَانِ: يەر بېجى.
ضَرِيبَةُ التَّرِكَاةِ: مىراس بېجى.
ضَرِيبَةُ الْعَقَارِ: مال-مۈلۈك بېجى.
ضَرِيبَةُ الْأَعْنَاقِ: نوپۇس بېجى.
ضَرِيبَةُ الدَّخْلِ: تاپاۋەت بېجى.
ضَرِيبَةُ الْحَرْبِ: ئۇرۇش تۆلىمى.
ضَرِيبَةُ الْمِهَنِ الْحُرَّةِ: ئەركىن كەسىپ بېجى.
ضَرِيبَةُ الْإِنْتَاجِ الْمَحَلِّيِّ: يەرلىك مەھسۇلات بېجى.
ضَرِيبَةٌ إِضَافِيَّةٌ: قوشۇمچە باج.
ضَرِيبَةٌ تَصَاعُدِيَّةٌ: پروگرېسسىيلىك ئۆسۈپ باريدىغان باج، ھەسسىلەپ ئۆسۈپ باريدىغان باج.
ضَرِيبَةٌ إِسْتِثْنَائِيَّةٌ: ئايرىم باج.
ضَرِيبَةٌ لِلْأَرْبَاحِ الْإِسْتِثْنَائِيَّةِ: قوشۇمچە تاپاۋەت بېجى.
ضَرَائِبُ مُبَاشَرَةٌ: بىۋاسىتە باج.
ضَرِيبَةٌ غَيْرُ مُبَاشَرَةٍ: ۋاسىتىلىك باج.
ضَرِيبَةُ التَّصْدِيرِ: ئېكسپورت بېجى.
مَصْلَحَةُ الضَّرَائِبِ: باج ئىشلىرى ئىدارىسى.
ضَرِيبَةُ الْأَمْلَاكِ: مال-مۈلۈك بېجى.
ضَرِيبَةُ السَّيَّارَاتِ: ماشىنا سېتىۋېلىش بېجى.
خَاضِعٌ لِلضَّرِيبَةِ: باج تاپشۇرغۇچى.
مُعَفًّى مِنَ الضَّرَائِبِ: باجدىن كەچۈرۈم قىلىنغان.
ضَرِيبِيٌّ: باجغا ئائىت.
اِزْدِوَاجٌ ضَرِيبِيٌّ: ئىككى ئورۇندا تاپشۇرۇلىدىغان باج.
إِعْفَاءٌ ضَرِيبِيٌّ: باجدىن كېرىم قىلىنىش.
اَلنِّظَامُ الضَّرِيبِيُّ: باج تۈزۈمى.
ضَرِيجٌ: بويالغان.

عَدْوٌ ضَرِيجٌ: تېز يۈگۈرۈش.
ضَرِيحٌ ج ضَرَائِحُ: قەبرە، گۆر، لەھەت.
ضَرِيرٌ ج أَضِرَّاءُ وَ أَضِرَّارٌ م ضَرِيرَةٌ ج ضَرَائِرُ: ئەما، كور، قارىغۇ.
«كَانَ الْمَعَرِّي ضَرِيرًا»: ئەبۇ ئەلا مەئەررى كور ئىدى.
ضَرِيعٌ . ضَرِيعَةٌ: ئاچچىق تىكەن، يېلىنلىق.
شَاةٌ ضَرِيعٌ: يېلىنلىق ساغلىق.
﴿لَيْسَ لَهُمْ طَعَامٌ إِلَّا مِنْ ضَرِيعٍ﴾ «قرآن»: ئۇلار ئۈچۈن زەرىدىن (يەنى، بەتبۇي، ئاچچىق تىكەندىن) باشقا يېمەكلىك بولمايدۇ.
ضَرِيكٌ ج ضَرَائِكُ وَ ضُرَكَاءُ: نامرات، كەمبەغەل؛ دەلدۈش، گالۋاڭ، كور، مېيىپ، ئاچ.
ضَزَنَ يَضْزُنُ / يَضْزِنُ ضَزْنًا فُلَانًا: تارتىۋالدى، ئېلىۋالدى.
ضَيْزَنٌ ج ضَيَازِنُ: رىقابەتچى، شېرىك، بالا-چاقا.
ضَعَا يَضْعُو ضَعْوًا: يوشۇرۇنۇۋالدى، مۆكۈۋالدى.
ضَعَاةٌ: قورقۇپ ۋارقىراپ كەتتى.
ضَعَا يَضْعُو ضُعُوًّا إِلَيْهِ: خۇشامەت قىلدى، كۆچۈكلەندى.
ضَعْضَاعٌ: كۈچسىز، ئاجىز، زەئىپ.
ضَعْضَعَ يُضَعْضِعُ ضَعْضَعَةً: خاراب قىلدى، ۋەيران قىلدى، بۇزدى.
ضَعْضَعَهُ: ئاجىزلاشتۇردى، زەئىپلەشتۈردى.
ضَعْضَعَ الْبِنَاءَ: بىنانى ئۆرۈۋەتتى.
ضَعْضَعَ الْأَرْضَ: تەۋرەتتى.
«مَازَالَ الْإِنْقِسَامُ قَائِمًا فِي صُفُوفِهِمْ يُضَعْضِعُ مَوْقِفَهُمُ الدَّوْلِي»: ئۇلارنىڭ سېپىدىكى بۆلۈنۈش ئۇلارنىڭ خەلقئارا مەيدانىنى ھېلىمۇ تەۋرەتمەكتە.
ضَعْضَعٌ: كۈچسىز، ئاجىز، زەئىپ.
ضَعْضَعَةٌ: بويسۇنماق، ئىتائەت قىلماق، قىيىن،

قاتتىقلىق.

ضَعَطَ يَضْعَطُ ضَعْطًا: ئۆلتۈردى، ھالاك قىلدى، قىرىپ تاشلىدى.

ضَعَّفَ يُضَعِّفُ تَضْعِيْفًا الشَّيْءَ: ھەسسىلەپ ئاشۇردى، كۆپەيتتى.

ضَعَّفَهُ: ئۇنى ئاجىز، دەپ قارىدى، كۈچسىز ھېسابلىدى.

ضَعَّفَ الْحَدِيْثَ: ھەدىسنى زەئىپكە چىقاردى.

ضَعَفَ يَضْعَفُ ضَعْفًا وضُعْفًا الشَّيْءَ: ھەسسىلەپ ئاشۇردى.

ضَعَفَ يَضْعُفُ ضَعْفًا: زەئىپلەشتى، ئاجىزلاشتى.

ضَعُفَ يَضْعُفُ ضَعَفَةً وَضَعَافِيَةً: زەئىپلەشتى، ئاجىزلاشتى.

«ضَعُفَ الطَّالِبُ وَالْمَطْلُوبُ» ‹قرآن›: بۇتمۇ ۋە (ئۇنىڭغا) چوقۇنغۇچىمۇ ئاجىزدۇر.

«وَمَاضَعُفُواْ وَمَااسْتَكَانُواْ» ‹قرآن›: ئۇلار بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى.

ضُعْفٌ: ئاجىزلىق، كۈچسىزلىك.

اَلضَّعْفُ الْعَصَبِيَّ: نېرۋا ئاجىزلىقى.

﴿اللّٰهُ الَّذِي خَلَقَكُمْ مِنْ ضَعْفٍ﴾ ‹قرآن›: ئاللاھ سىلەرنى ئاجىز ياراتتى.

ضَعْفُ الذَّاكِرَةِ: ئەستە تۇتۇشنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى.

ضَعْفُ الْبُنْيَةِ: جىسمانىي ئاجىزلىق.

ضَعْفُ الْإِدَارَةِ: باشقۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىزلىق.

اَلضَعْفُ الْعَقْلِي: ئەقلىي ئاجىزلىق.

ضَعْفُ الْأُسْلُوبِ: ئۇسلۇبىنىڭ ناچارلىقى.

ضَعْفُ الْقَلْبِ: يۈرەكنىڭ ئاجىزلىقى.

ضِعْفٌ ج أَضْعَافٌ: ئوخشاش مىقدار، ئوخشاش ھەسسە.

ثَلَاثَةُ أَضْعَافٍ: ئۈچ ھەسسە.

أَضْعَافُ الْكِتَابِ: كىتابنىڭ ھاشىيىسى، كىتابنىڭ قۇر ئارىلىقى.

ضَعْفَانٌ ج ضَعَافَىَ: ئاجىز، كۈچسىز.

ضَعِلَ يَضْعَلُ ضَعَلاً: (يېقىن تۇغقانلارنىڭ توي قىلىشى سەۋەبىدىن) بەدەننىڭ ئورۇقلاپ كېتىشى.

ضَعُوفٌ: ئاجىز، كۈچسىز.

ضَعِيْفٌ ج ضِعَافٌ وَضُعَفَاءُ وَضَعَفَةٌ وَضَعْفَى م ضَعِيْفَةٌ: ئاجىز، كۈچسىز، زەئىپ، بوش.

ضَعِيْفُ الإِرَادَةِ: ئىرادىسىز، بوشاڭ.

﴿فَإِنْ كَانَ الَّذِى عَلَيْهِ الْحَقُّ سَفِيْهًا أَوْ ضَعِيْفًا﴾ ‹قرآن›: ئەگەر قەرز ئالغۇچى ئادەم ئەخمەق (يەنى، خۇدبىن، ئەقىلسىز، ئىسراپخور) ياكى ئاجىز (يەنى، كىچىك بالا ياكى بەكمۇ قېرى) بولسا.

«هَلْ تُنْصَرُونَ وَتُرْزَقُونَ إِلاَّ بِضُعَفَائِكُمْ» ‹حديث›: سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاجىز كىشىلەرنىڭ بەرىكاتىدىن ئاللاھ سىلەرگە مەدەت قىلىپ تۇرىدۇ ۋە رىزىقىڭلارنى بېرىپ تۇرىدۇ.

ضَعِيْفُ الْعَقْلِ: دۆت، پەمسىز، كەم ئەقىل.

ضَعِيْفُ الْقَلْبِ: يۈرەكسىز، قورقۇنچاق.

اَلضَّعِيْفُ مِنَ الْكَلَامِ: پاساھەتسىز سۆز.

ضَعِيْفُ الْبُنْيَةِ: جىسمانىي ئاجىزلىق.

اَلضَّعِيْفَانِ: ئايال ۋە قۇل.

حُكُومَةٌ ضَعِيْفَةٌ: ئاجىز ھۆكۈمەت.

«اِتَّقُوا اللّٰهَ فِي الضَّعِيْفَيْنِ» ‹حديث›: ئىككى ئاجىز توغرۇلۇق ئاللاھدىن قورقۇڭلار.

ضَغَا يَضْغُو ضَغْوًا وَ ضُغَاءً الْقِطُ: مۈشۈك مياڭلىدى.

ضَغَا يَضْغُو ضُغُوًّا الْمَقْهُورُ إِلَيْهِ: كۈچۈكلەندى، خۇشامەت قىلدى.

ضُغَاءٌ: ئىڭراش.

ضَغَبَ يَضْغَبُ ضَغْبًا الذِّئْبُ: بۆرە ھۇۋلىدى.

ضَغَثَ يَضْغَثُ ضَغْثًا الْحَدِيْثَ: سۆزنى

ئاربلاشتۇرۇۋەتتى، گېپى قۇلاشمىدى.

ضِغْثٌ ج أَضْغَاثٌ: بىر تۇتام، بىر باغلام؛ بىر سقىم.

ضِغْثٌ عَلَى إِبَّالَةٍ: ئوت ئۈستىگە ياغ چاچماق؛ بارغانسېرى يامانلاشماق.

«وَخُذْ بِيَدِكَ ضِغْثًا فَاضْرِب بِّهِ» «قرآن»: (ئۇنىڭغا) قولۇڭ بىلەن بىر باغلام چۆپنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن (ئايالىڭنى) ئۇرغىن.

أَضْغَاثُ أَحْلَامٍ: قالايمىقان چۈش، يامان چۈش؛ خام خىيال، قۇرۇق ئارزۇ.

﴿قَالُوا أَضْغَاثُ أَحْلَامٍ﴾ «قرآن»: ئۇلار ئېيتتى: «بۇ بىر قالايمىقان چۈش ئىكەن».

ضَغَطَ يَضْغَطُ ضَغْطًا ـهُ: باستى، سىقتى، قىستى، ئەزدى، مەجبۇر قىلدى.

ضَغَطَ عَلَيْهِ: قىستى؛ بېسىم ئىشلەتتى.

ضَغَطَ الْكَلَامَ: سۆزنى بەك قىسقارتىۋەتتى.

ضَغَطَ الْكَلِمَةَ عِنْدَ النُّطْقِ بِهَا: سۆزنى گەۋدىلەندۈردى.

«لَمْ يَكُنْ يَرْغَبُ فِي الْعَمَلِ الْإِدَارِي وَلَكِنَّهُ ضُغِطَ عَلَيْهِ لِقَبُولِهِ»: ئۇ مەمۇر ئىشقا قىزىقمايتتى، لېكىن بۇ ئىشنى قىلىشقا ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلىتىلدى.

ضَغْطٌ: باسماق، سىقماق، قىسماق؛ ئەزمەك، مەجبۇر قىلماق.

إِنْزَعْ كُلَّ مَسَامِيرِ الضَّغْطِ عَنِ الْجِدَارِ: تامدىن باسما (قالپاقلىق) مىخنى يۇلۇۋەت.

ضَغَطَ عَلَى مَعْجُونِ الْأَسْنَانِ: چىش پاستىسىنى سىقتى.

ضَغْطُ الدَّمِ: قان بېسىم.

ضَغْطٌ كَهْرَبَائِيٌّ: توك بېسىمى.

اَلضَّغْطُ الْهَوَائِيُّ: ئاتموسفېرا بېسىمى، ئاتموسفېرا.

مِيزَانُ الضَّغْطِ: پاراگراف (ئۆزى يازىدىغان بارومېتىر)، مانومېتىر.

رَفَعَ بِيَدَيْهِ ضَغْطًا 80 كِيلُوغِرَامًا: قولى بىلەن 80 كىلوگرامنى كۆتۈرۈۋەتتى.

يَقْبِلُ الضَّغْطَ: باسقىلى بولىدىغان، بېسىمنى قوبۇل قىلىدىغان.

تَحْتَ ضَغْطِ الرَّأْيِ الْعَامِّ: جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا.

ضَغْطٌ خَارِجِيٌّ: تاشقى بېسىم.

«سَحِبَ الرَّئِيسُ اِسْتِقَالَتَهُ تَحْتَ ضَغْطِ الرَّأْيِ الْعَامِّ»: رەئىس جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئىستېپانامىسىنى قايتۇرۇۋالدى.

وَقَفَ الطَّبِيبُ بِجَانِبِي وَقَاسَ ضَغْطَ دَمِي: دوختۇر يېنىمدا تۇرۇپ قان بېسىمىمنى تەكشۈردى.

ضَغْطَةٌ ج ضَغْطَاتٌ: تارلىق، بېسىم، مەجبۇرلىماق، زورلاش.

ضَغَمَ يَضْغَمُ ضَغْمًا الشَّيْءَ: چىڭ چىشلىدى.

ضَغِنَ يَضْغَنُ ضَغَنًا عَلَيْهِ: نەپرەتلەندى، ئۆچمەنلىك قىلدى، ئاداۋەت ساقلىدى.

ضَغِنَ الْعُودُ: ياغاچ قىيسىپ قالدى.

ضَغِنَتِ الدَّابَّةُ: هايۋان شەپشۈك بولدى.

ضَغِنَ صَدْرُهُ: كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلىدى.

ضِغْنٌ ج أَضْغَانٌ: ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك؛ قىڭغىرلىق؛ ئىشتىياق؛ تەرەپ؛ تاغ قولتۇقى.

ضَغِنٌ: ئۆچ، ئاداۋەت ساقلىغۇچى.

أَلْمُوَاطِنُونَ يُضْمِرُونَ الْعَدَاءَ وَالضِّغْنَ لِلْمُحْتَلِّينَ: ۋەتەنداشلار باسقۇنچىلارغا ئۆچ ـ ئاداۋەت ساقلايدۇ.

ضَغِيفَةٌ: ياپيېشىل باغچە.

ضَغِينَةٌ ج ضَغَائِنُ: ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت.

«لَا يُضْمِرُ لِأَحَدٍ ضَغِينَةً أَوْ كَرَاهِيَةً»: ھېچ ئادەمگە ئۆچمەنلىك ساقلىمايدۇ.

ضَفَا يَضْفُو ضَفْوًا الْإِنَاءُ: قاچا تېشىپ كەتتى.

ضَفَا الرَّأْسُ: چاچلىق بولدى.

ضَفَا الشَّيْءُ: ئۈستى، ئاۋۇدى، جىقلىدى.

ضَفَا الْحَوْضُ: كۆل تاشتى.

ضَفَا: قىرغاق، تەرەپ.

لِكُلِّ شَيْءٍ ضَفْوَانِ: ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپى بار.

ضِفَارٌ ج ضُفُرٌ: ئۇلاڭ (ئېگەرنىڭ)؛ ئۆرۈلگەن چاچنى باغلايدىغان نەرسە.

ضَفَدَ يَضْفَدُ ضَفْدًا فُلاَنًا: شاپىلاق بىلەن ئۇردى.

ضِفْدَعٌ ج ضَفَادِعُ وَ ضَفَادٍ (الضَّفَادِي) الواحدة ضِفْدَعَةٌ: يېشىل پاقا.

ضِفْدَعُ الطِّينِ: چارپاقا.

﴿فَأَرْسَلْنَا عَلَيْهِمُ الطُّوفَانَ وَالْجَرَادَ وَالْقُمَّلَ وَالضَّفَادِعَ﴾ «قۇرئان»: ئۇلارغا سۇ ئاپىتى، چېكەتكە، پىت، پاقا (بالالىرىنى) ئەۋەتتۇق.

ضَفَرَ يَضْفِرُ ضَفْرًا الشَّعْرَ: چاچنى ئۆرۈدى.

ضَفَرَ الْحَبْلَ: ئارغامچىنى ئەشتى.

ضَفْرٌ: توقۇماق، ئۆرۈمەك، ئەشمەك.

ضَفْرٌ ج ضُفُورٌ وَ أَضْفَارٌ: ئۇلاڭ (ئېگەرنىڭ).

ضَفَطَ يَضْفِطُ ضَفْطًا الرَّجُلُ: ھاجەت قىلدى.

ضَفَطَ بِسِلْحِهِ: قۇش مايىقلىدى.

ضَفُطَ يَضْفُطُ ضَفَاطَةً: باداڭ قورساق بولدى؛ دۆت بولدى.

ضَفَّ يَضِفُّ ضَفًّا وَ ضَفَفًا الْقَوْمُ: تاماق، سۇ قاتارلىقلارنى ئېلىش ئۈچۈن قىستاشتى.

ضَفَفٌ: كەمبەغەل، نامرات، يوقسۇللۇق، موھتاجلىق.

ضَفَّازٌ: گەپ توشۇغۇچى، پىتنىخور، سۇخەنچى.

ضَفَّةٌ ج ضِفَافٌ: بىر توپ، بىر تۈركۈم، بىر بۆلۈك؛ قورغاق.

ضَفَّةٌ مِنَ النَّاسِ: بىر بۆلۈك كىشىلەر.

ضَفَّةُ النَّهْرِ: دەريا بويى.

ضِفَّةٌ ج ضِفَفٌ: قىرغاق.

ضِفَّةُ النَّهْرِ: دەريا بويى.

الضَّفَّةُ الْغَرْبِيَّةُ: غەربىي قىرغاق (ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقى).

ضَفَّرَ يُضَفِّرُ تَضْفِيرًا الشَّعْرَ: چاچنى ئۆرۈدى.

ضَفَنَ يَضْفِنُ ضَفْنًا بِالشَّيْءِ: نەرسىنى ئاتتى، تاشلىۋەتتى.

ضَفَنَتِ الدَّابَّةُ: ئۇلاغ تەپتى.

ضَفْوَةُ الْعَيْشِ: پاراۋان تۇرمۇش.

ضَفِيرَةٌ ج ضَفَائِرُ: ئۆرۈمە چاچ.

اَلضَّفِيرَةُ الشَّمْسِيَّةُ: قۇياش سىستېمىسى.

ضَفِيطٌ: باداڭ قورساق، ئەخمەق، دۆت، مەتو.

ضَكَّ يَضُكُّ ضَكًّا الْأَمْرُ فُلاَنًا: باستى، سىقتى.

ضَكَّةٌ: ئۈنى كۈچ بىلەن باستى.

ضَكَّهُ بِالْحُجَّةِ: پاكىت بىلەن يەڭدى، رەددىيە بەردى.

ضَكْلٌ: ئاز سۇ.

ضَلاَلٌ . ضَلاَلَةٌ: گۇمراھلىق، ئازغۇنلۇق.

«أَلاَ إِنَّ الَّذِينَ يُمَارُونَ فِي السَّاعَةِ لَفِي ضَلاَلٍ بَعِيدٍ» «قۇرئان»: بىلىڭلاركى، قىيامەت توغرۇلۇق مۇجادىلە قىلىدىغانلار ئەلۋەتتە چوڭقۇر گۇمراھلىقتىدۇر.

ضَلَعَ يَضْلَعُ ضَلْعًا الشَّيْءُ: ئېگىلدى.

ضَلَعَ عَلَى فُلاَنٍ: پالانىغا بولۇشۇپ زۇلۇم قىلدى.

ضَلَعَ عَنِ الْحَقِّ: ھەقتىن ئاغدى، ئاداشتى.

ضَلُعَ يَضْلُعُ ضَلاَعَةً: ساغلام بولدى، كۈچلۈك بولدى.

ضَلِعَ يَضْلَعُ ضَلَعًا: قىڭغايدى، ئېگىلدى.

ضَلِعَ مَعَهُ: ئۇنىڭغا بولۇشتى.

ضِلْعٌ ج ضُلُوعٌ وَ أَضْلاَعٌ وَ أَضْلُعٌ: قوۋۇرغا، قوۋۇرغا سۆڭىكى؛ كۋادرات مېتىر.

ضِلْعٌ عَنِ الْبِطِّيخِ: بىر تىلىم قوغۇن.

ضِلْعٌ هَنْدَسِيٌّ: يان، يان تەرەپ.

مُتَاوِزِي الْأَضْلَاعِ: پاراللېل، تۆت تەرەپلىك، پاراللېلوگرام.

كَتَمَ أَحْزَانَهُ بَيْنَ ضُلُوعِهِ: غەم- قايغۇسىنى ئىچىدە ساقلىدى.

ضَلَعٌ: ياردەملەشمەك.

ضَلَعُهُ مَعَهُ: ئۇ ئۇنىڭ بىلەن شېرىك.

ضَلَّ يَضِلُّ ضَلَالًا وَ ضَلَالَةً: ئازدى، ئاداشتى، گۇمراھ بولدى.

ضَلَّ عَنِ الطَّرِيْقِ: يولدىن ئازدى، خاتا يولغا كىردى.

﴿وَمَنْ يَعْصِ اللهَ وَ رَسُولَهُ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا مُبِيْنًا﴾ «قرآن»: كىمكى، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ.

ضَلَّ الشَّيْءُ عَنْهُ: يوقالدى، تۇگىدى.

ضَلَّعَ يُضَلِّعُ تَضْلِيْعًا: ئەگدى، قىڭغايتتى.

ضَلَّلَ يُضَلِّلُ تَضْلِيْلًا: ئازدۇردى، ئاداشتۇردى، يولدىن چىقاردى.

ضَلَّلَهُ: ئالدىدى، ساختىنا قىلدى.

ضَلِيْلٌ ج ضَلِيْلُوْنَ: ئازغۇن.

مَلِكٌ ضَلِّيْلٌ: جاھىلىيەت دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىر ئىمرۇئۇل قەيسنىڭ لەقىمى.

ضُلْمَةٌ ج ضُلَمَاتٌ: قورۇغان، سەي، قىيما.

ضُلُوعٌ ج ضُلَّعٌ: ئويى- دۆڭ يەر، ئېگىز- پەس يەر.

ضَلِيْعٌ ج ضُلَعٌ: ساغلام، قاۋۇل، كۈچلۈك، كۆچتۈكگۈر.

ضَلِيْعُ الْفَمِ: ئېغىزى يوغان.

ضِمَادٌ وَ ضِمَادَةٌ ج ضَمَائِدُ وَ أَضْمِدَةٌ: بىنت (جاراھەت تاڭىدىغان)؛ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش؛ تېڭىقچى، تېڭىقچىلىق كەسپى.

نَزَعَ الضِّمَادَةَ الَّتِي أَدَارَهَا عَلَى عَيْنَيْهِ: كۆزىنى تېڭىپ قويغان تېڭىقنى ئېچىۋەتتى.

ضِمَارٌ: ئىشەنچسىز ئىش.

مَالٌ ضِمَارٌ: قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان مال- مۈلۈك.

ضِمَامٌ: قىسقۇچ.

ضَمَانٌ ج ضَمَانَاتٌ م ضَمَانَةٌ: كېپىللىك قىلماق، ھۆددە قىلماق، كاپالەت؛ ۋەزىپە، مەجبۇرىيەت.

شِرْكَةُ الضَّمَانِ: سۇغۇرتا شىركىتى.

اَلضَّمَانُ الْجَمَاعِيُّ: كوللېكتىپنىڭ بىخەتەرلىكى.

ضَمَانُهُ عَلَيَّ: مەن ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىمەن.

ضَمَانٌ لِمُدَّةِ عَامٍ: بىر يىللىق كاپالەتكە ئىگە.

ضَمَانَةٌ ج ضَمَانَاتٌ: كېپىللىك خېتى، كاپالەتنامە.

ضَمَانَةٌ مَالِيَّةٌ: گۆرۈ پۇلى، رەنە پۇلى، كاپالەت پۇلى.

ضَمَجَ يَضْمُجُ ضَمْجًا جَسَدَهُ: بەدىنىگە خۇش پۇراق سۈركىدى.

ضَمَجَ بِالْأَرْضِ: يەرگە چاپلىشىۋالدى.

ضَمَجٌ: ئاپەت.

ضَمْجَةٌ ج ضَمْجٌ: چۇسا.

ضَمَخَ يَضْمُخُ ضَمْخًا بِالطِّيْبِ: خۇش پۇراق نەرسە سۈركىدى.

ضَمَخَ بِالتَّوَابِلِ: دورا- دەرمەك ئىشلەتتى.

ضِمْخَةٌ: خۇش پۇراق سۈرۈۋالماق؛ خوتۇن، ئايال؛ سېمىز چىشى تۆگە.

ضَمَدَ يَضْمُدُ / يَضْمِدُ ضَمْدًا الْجُرْحَ: جاراھەتنى تاڭدى، ئوردى.

«ضَمَدَتِ الْمُمَرِّضَةُ جِرَاحَ الْمَرِيْضِ»: سېستىرا قىز ئاغرىقنىڭ يارىسىنى تاڭدى.

«ضَمَدَ بِالْمِنْدِيْلِ دُمُوعَهُ»: ياغلىق بىلەن ياشلىرىنى سۈرتتى.

ضِمْدٌ: ئايالنىڭ ئاشنىسى.

ضَمَرَ وَ ضَمُرَ يَضْمُرُ ضُمُورًا الرَّجُلُ: كىشى ياداپ

كەتتى، ئورۇقلاپ كەتتى.

ضَمَرَ الشَّيْءُ: تارايدى، قىسقىرىدى، قورۇلدى.

ضَمَرَ جِسْمُهَا بِسبَبِ الدَّاءِ: كېسەل سەۋەبى بىلەن ياداپ كەتتى.

ضُمْرٌ: ئورۇقلۇق، ياداڭغۇلۇق، سولغۇنلۇق.

ضَمْزٌ ج ضُمُوزٌ: تۆپىلىك، ئېگىزلىك.

ضَمَسَ يَضْمِسُ ضَمْسًا الشَّيْءَ: يوشۇرۇن چاينىدى.

ضَمْضَامٌ: تەمەخور، ئاچ كۆز.

ضَمْضَمَ يُضَمْضِمُ ضَمْضَمَةً الأَسَدُ: يولۋاس ھۆركىرىدى.

ضَمْضَمٌ ج ضَمَاضِمُ: غەزەپلەنگەن يولۋاس، تويمىغۇر ئاچ كۆز، بېخىل.

ضَمَّ يَضُمّ ضَمًّا الشَّيْءَ: يىغدى، توپلىدى، جەملىدى.

ضَمَّهُ: بىرلىككە كەلتۈردى.

ضَمَّ الأَعْدَادَ: سانلارنى قوشتى، كۆپەيتتى.

ضَمَّ إِلَى: قوشتى، ئۇلىدى.

«وَاضْمُمْ إِلَيْكَ جَنَاحَكَ» ‹قرآن›: قولۇڭنى يىغىۋالغىن.

ضَمَّ الْحَرْفَ: پەش ئوقۇدى.

«يَضُمّ الْكِتَابُ عَدَدًا كَبِيْرًا مِنَ الْقَصَائِدِ الْحَدِيْثَةِ»: كىتاب زور بىر تۈركۈم قەسىدىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

«مَا إِنْ رَأَتْ وَلَدَهَا بَيْنَ الْمُسَافِرِيْنَ الْعَائِدِيْنَ حَتَّى ضَمَّتْهُ إِلَى صَدْرِهَا»: قايتىپ كەلگەن يولۇچىلار ئارىسىدا بالىسىنى كۆرۈپلا باغرىغا باستى.

ضَمٌّ . ضَمَّةٌ: پەش (ـُ).

ضَمَّةُ زُهُورٍ: گۈلدەستە.

«وَافَقَتِ الْهَيْئَةُ الإِدَارِيَّةُ عَلَى ضَمِّ أَعْضَاءٍ جُدُدٍ إِلَى جَمْعِيَّتِهَا»: باشقۇرۇش ھەيئىتى ئۆزىنىڭ جەمئىيىتىگە يېڭى ئەزالارنى قوبۇل قىلىشقا قوشۇلدى.

ضَمَّ الصُّفُوفَ: سەپلەرنى بىرلىككە كەلتۈردى.

ضَمَّخَ يُضَمِّخُ تَضْمِيْخًا بِالطِّيْبِ: خۇش پۇراق نەرسە ئىشلەتتى.

«ضَمَّخَتْ شَفَتَيْهَا بِالْحُمْرَةِ الْفَاقِعَةِ»: لەۋ سۇرۇخى سۈرتۈۋالدى.

ضَمَّدَ يُضَمِّدُ تَضْمِيْدًا الْجُرْحَ: جاراھەتنى پۈختا تاڭدى.

ضَمَّرَ يُضَمِّرُ تَضْمِيْرًا الْفَرَسَ لِلسِّبَاقِ: ئاتنى چاپتۇرۇپ ئورۇقلاتتى، كۆندۈردى.

ضَمَّرَهُ: ئۇنى بويسۇندۇردى.

ضَمَّنَ يُضَمِّنُ تَضْمِيْنًا الشَّيْءَ: ئۆز ئىچىگە ئالدى؛ ھۆددە قىلدى.

ضَمَّنَهُ: ئۇنى كېپىل قىلدى.

«ضَمَّنَ بَحْثَهُ أَحْدَثَ النَّظَرِيَّاتِ فِي حَقْلِهِ»: ئىلمىي ماقالىسىگە ئۆز ساھەسىدىكى ئەڭ يېڭى نەزەرىيىلەرنى كىرگۈزدى.

ضَمِنَ يَضْمَنُ ضَمْنًا وَ ضَمَانًا الشَّيْءَ: كاپالەت بەردى، ۋەدە بەردى، كاپالەت قىلدى، كېپىل بولدى.

«لاَ بُدَّ لِطَالِبِ الْبِعْثَةِ مِنْ كَفِيْلٍ يَضْمَنُهُ قَبْلَ الإِلْتِحَاقِ بِجَامِعَتِهِ»: چەت ئەلگە چىقىدىغان ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭغا كېپىللىك قىلىدىغان كېپىل بولۇش لازىم.

مَنْ يَضْمَنُ لَنَا أَنَّ الْوَضْعَ سَيَكُوْنُ غَدًا أَفْضَلُ مِمَّا هُوَ عَلَيْهِ الْيَوْمَ: ئەتىكى ۋەزىيەتنىڭ بۈگۈنكىدىن ياخشى بولۇشىغا كىم كېپىللىك قىلىدۇ.

ضِمْنٌ: ئىچى، تەركىبى قىسمى.

ضِمْنَ كَذَا: ...نىڭ ئىچىدە، ... نىڭ ئارىسىدا.

مَفْهُومٌ ضِمْنًا: مەزمۇنلۇق، مەنىلىك.

صِرَاحَةً أَوْ ضِمْنًا: ئاشكارا ياكى پۇرىتىپ.

ضِمْنَهُ: ئۆز ئىچىدە.

مِنْ ضِمْنِهَا: ئۇ جۈملىدىن.

«يُفْهَمُ مِنْ ضِمْنِ كَلاَمِهِ أَنَّهُ غَيْرُ مُوَافِقٍ»: ئۇنىڭ

سۆزىدىن ئۇنىڭ قوشۇلمايدىغانلىقى چىقىدۇ.
«لَكَ أَنْ تَتَصَرَّفَ بْالْأَمْرِ ضِمْنَ مَا اتَّفَقْنَا»: ئىشنى سەن بىز كېلىشكەن دائىرە ئىچىدە ئېلىپ بارساڭ بولىدۇ.

ضِمْنًا: ئۆز ئىچىگە ئالماق، ئىچىدە بولماق، تەركىبىدە بولماق.

يَدُلّ مَوْقِفُهُ عَلىَ أَنَّهُ لايُؤَيّدُ الْمَشْرُوْعَ إِنْ لَمْ يُصَرّحْ بِهِ: گەرچە ئۇ ئوچۇق دېمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى ئۇنىڭ بۇ لايىھىنى قوللىمايدىغانلىقىنى ئاشكارىتىن كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

ضِمْنِيٌّ: يوشۇرۇنچە، ئاستىرتتىن.

ضُمُورٌ: ئورۇقلۇق، ياداڭغۇلۇق، سولغۇنلۇق.

ضَمِيْرٌ ج ضَمَائِرُ: ۋىجدان، قەلب.

حَيَّ الضَّمِيْرِ: ۋىجدانلىق.

فَاقِدُ الضَّمِيْرِ: ۋىجدانسىز.

مُسْتَرِيْحُ الضَّمِيْرِ: خاتىرجەم، بەخىرامان.

تَأْنِيْبُ الضَّمِيْرِ: روھىي ئازاب.

شَرِيْعَةُ الضَّمِيْرِ: تەبىئەت قانۇنى.

لاَ ضَمِيْرَ عِنْدَهُ: ۋىجدانسىز.

عَذَابُ الضَّمِيْرِ: ۋىجدان ئازابى.

ضَمِيْلَةٌ ج ضَمَائِلُ: مېيىپ ئايال، توكۇر ئايال.

ضَمِيْمٌ م ضَمِيْمَةٌ ج ضَمَائِمُ: دوست، ئاغىنە، بۇرادەر، ھەمراھ، ئۈلپەت، شېرىك.

ضَمِيْنٌ ج ضُمَنَاءُ: كېپىل، مەسئۇل، جاۋابكار؛ خىزمەتچى.

ضَنَا يَضْنُو ضَنْوًا وَ ضَنًّا نَصِيْبُ فُلَانٍ: پالانىنىڭ ھەسسىلىكى كۆپ بولدى.

ضَنَتِ الْمَرْأَةُ: ئايال كۆپ باللىق بولدى.

ضَنَأَ يَضْنَأُ ضَنْأً وَ ضُنُووءًا الْمَالُ: مال كۆپەيدى.

ضَنَأَتِ الْمَرْأَةُ: ئايال كۆپ بالىلىق بولدى.

ضَنَأَ فِي الْأَرْضِ: يول يۈردى.

ضَنْءٌ ج ضُنُوءٌ: نەسىل، ئەۋلاد، بالا-چاقا، ئەسلى.

ضَنْأَةٌ . ضُنَاءَةٌ: زۆرۈر، لازىم.

ضَنْطٌ: تار.

ضَنَطٌ: ماي؛ روھلۇق، شوخ، جانلىق؛ ھاكاۋۇر.

ضَنُكَ يَضْنُكُ ضَنَاكَةً: ئاجىزلاپ كەتتى، بوشاپ كەتتى؛ ناچارلىشىپ كەتتى.

ضَنُكَ عَيْشُهُ: تۇرمۇشى نامراتلىقتا ئۆتتى.

ضَنْكٌ: قىيىنچىلىق، كەمبەغەللىك، تارلىق.

عَيْشٌ ضَنْكٌ: قىيىن تۇرمۇش.

﴿وَمَنْ أعْرَضَ عَنْ ذِكْرِي فَإِنَّ لَهُ مَعِيْشَةً ضَنْكًا﴾ ‹قرآن›: كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى، خاتىرجەمسىز) بولىدۇ.

ضَنَّ يَضَنّ ضَنًّا وَ ضِنَّةً وَ ضَنَانَةً وَ مَضَنَّةً: بېخىللىق قىلدى.

ضَنَّ بِعِلْمِهِ: ئىلىمگە بېخىللىق قىلدى.

ضَنَّ بِوَقْتِهِ: ۋاقتىنى ئايىدى.

ضِنٌّ: ئەتىۋارلىق نەرسە، بىرىسىگە كۆزى قىيمايدىغان نەرسە.

ضَنٍّ: ماجالى قالمىغان، ئورۇق.

ضِنْوٌ / ضَنْوٌ: بالا-چاقا.

لَهُ ضَنْوٌ كَثِيْرٌ: ئۇنىڭ بالا-چاقىسى جىق.

ضَنِيَ يَضْنَى ضَنًى وَ ضَنَاءً: ئاغرىقتىن جۇدەپ كەتتى، ياداپ كەتتى.

ضَنًى: ئاجىز، جۇدەڭ، ياداڭغۇ.

ضَنِيْنٌ ج أَضِنَّاءُ م ضَنِيْنَةٌ ج ضَنَائِنُ: بېخىل، پىخسىق.

﴿وَمَا هُوَ عَلىَ الْغَيْبِ بِضَنِيْنٍ﴾ ‹قرآن›: ئۇ غەيبنى تەبلىغ قىلىشتا بېخىل ئەمەستۇر.

ضَنِيٌّ ج أَضْنِيَاءُ: كېسەل، ئاغرىق.

ضَهَبَ يَضْهَبُ ضَهْبًا اللَّحْمَ بِالنَّارِ: گۆشنى كاۋاپ

قىلدى.

ضَهَبَ يَضْهَبُ ضُهُوبًا الرَّجُلُ: كىچىككىپ ئۆستى، ئاجىزلىدى.

ضَهْبُ الْقَوْمِ: قوۋمنىڭ چوڭپرەندىسى.

ضَهَتَ يَضْهَتُ ضَهْتًا الشَّيْءَ: قاتتىق دەسسىدى.

ضَهَدَ يَضْهَدُ ضَهْدًا الرَّجُلَ: كىشىنى ئەزدى، زۇلۇم قىلدى، ئازار بەردى، خارلىدى.

ضُهْدَةٌ: ئەزمەك، بويسۇندۇرماق، بوزەك قىلماق.

هُوَ ضُهْدَةٌ لِكُلِّ أَحَدٍ: ئۇنى ھەممە ئادەم بوزەك قىلىدۇ.

ضَهَرَ يَضْهَرُ ضَهْرًا الْجَبَلَ: تاغقا ياماشتى، تاغقا چىقتى.

ضُهْرٌ: تاشپاقا؛ چۈش، چۈش ۋاقتى.

ضَهْرٌ ج ضُهُورٌ: چوققا، تاغ چوققىسى؛ جىلغا، ۋادى.

ضَهَزَ يَضْهَزُ ضَهْزًا ـــ هُ: ئۇنى قاتتىق دەسسىدى.

ضَهَزَتِ الدَّابَّةُ: ئۇلاغ قاتتىق دەسسىۋەتتى.

ضَهْلٌ: ئاز سۇ.

ضَهُولٌ ج ضُهُلٌ: تۇخۇم تۇغۇۋاتقان تۆگە قۇش.

ضَهِيَ يَضْهَى ضَهًا وَ ضَهِّي - تِ الْمَرْأَةُ: ئايال جىگىرىكىپ قالدى.

ضَهِيَتِ الْأَرْضُ: زېمىن چۆللىشىپ قالدى.

ضَهِيدٌ: قاتتىق.

ضَهِيٌّ: ئوخشاش، ئوخشاشلىق، ئوخشاپ كېتىدىغان.

ضَوْءٌ ج أَضْوَاءٌ: نۇر، يورۇقلۇق.

ضَوْءُ الشَّمْسِ: كۈن نۇرى، ئاپتاپ.

ضَوْءُ الْقَمَرِ: ئاي يورۇقى، ئايدىڭ.

عَلَى ضَوْءِ كَذَا: ئاساسەن، بىنائەن، بويىچە.

شَهِدَ الضَّوْءَ فِي هَذِهِ الْحَيَاةِ: تۇغۇلدى، دۇنياغا كەلدى؛ (نەشردىن) چىقتى.

ضَوْءٌ أَمَامِيٌّ: (ماشىنىنىڭ) ئالدىنقى چىرىغى.

ضَوْءٌ خَلْفِيٌّ: (ماشىنىنىڭ) كەينى چىرىغى.

ضَوْءٌ جَانِبِيٌّ: (ماشىنىنىڭ) يان چىرىغى.

أَلْقَى الضَّوْءَ عَلَى الْمَوْضُوعِ: ماۋزۇنى يورۇتۇپ بەردى.

«يُتَابِعُ بَحْثَهُ فِي ضَوْءِ النَّظَرِيَّاتِ الْحَدِيثَةِ»: تەتقىقاتىنى يېڭى نەزەرىيىلەر بويىچە ئېلىپ بارماقتا.

«كَانَتِ الْمَدِينَةُ تَجْتَذِبُهُ بِأَضْوَائِهَا»: شەھەر ئۆزىنىڭ يورۇقلۇقى بىلەن ئۇنى جەلپ قىلماقتا.

ضِوَاءٌ: نۇر، يورۇقلۇق، نۇرلۇق.

ضَوْئِيٌّ: نۇرلۇق، يورۇقلۇق، پارلاق.

اَلسَّنَةُ الضَّوْئِيَّةُ: يورۇقلۇق يىلى، نۇر يىلى.

إِشَارَاتٌ ضَوْئِيَّةٌ: ئوت نۇرى ئارقىلىق سىگنال بەرمەك.

اَلْأَشِعَّةُ الضَّوْئِيَّةُ: نۇر، يورۇقلۇق.

ضَوْجٌ ج أَضْوَاجٌ: ۋادىنىڭ بۇرۇلۇش جايى، بۇرۇلۇش نۇقتىسى.

ضَوْجَانٌ م ضَوْجَانَةٌ: مەھكەم، قاتتىق.

ضُورٌ: قارا بۇلۇت.

ضَوْرٌ . ضَوْرَةٌ: ئاچ، ئاچ قورساق.

ضُورَةٌ ج ضُوَرٌ: ئاجىز، بىچارە، كەمبەغەل.

ضَوْضَاءُ: شاۋقۇن-سۈرەن، غەلۋە-غوۋغا.

ضَوْضَى ج ضَآضِيءُ: شاۋقۇن-سۈرەن، غەلۋە-غوۋغا.

ضِوطَ يَضْوَطُ ضَوَطًا فَكُّهُ: ئاكلاي سۆڭكى ئېگىلىپ قالدى.

ضَوْعٌ: تارقىلىش، يېيىلىش.

ضَوْعُ الرَّائِحَةِ: خۇش پۇراقنىڭ تارقىلىشى.

ضَوْنَةٌ ج ضِوَانٌ: كىچىك قىز.

ضَوَّءَ يُضَوِّءُ تَضْوِئَةً الْمِصْبَاحَ: چىراغ ياقتى.

ضَوَّءَ الْبَيْتَ: ئۆينى يورۇتتى.

ظَامِئٌ م ظَامِئَةٌ ج ظِمَاءٌ: ئۇسسۇز، چاڭقىغان، تەشنا.

ظَاهَرَ يُظَاهِرُ مُظَاهَرَةً —هُ: قوللىدى، ياردەملەشتى.

ظَاهَرَ يُظَاهِرُ ظِهَارًا إِمْرَأَتَهُ: ئايالىنى زىھار قىلدى (ئايالىنى سەن ماڭا ئانامدەك ھارام، دېدى).

﴿اَلَّذِيْنَ يُظَاهِرُونَ مِنْكُمْ مِّنْ نِسَائِهِمْ مَّا هُنَّ أُمَّهَاتِهِمْ﴾ ‹قرآن›: سىلەردىن ئاياللىرىنى زىھار قىلغانلارنىڭ ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرى ئەمەستۇر.

ظَاهِرٌ: ئاشكارا، ئوچۇق.

«وَعِلْمُكَ قَبْلَهُ أَمْسَى خَفِيًّا فَأَصْبَحَ ظَاهِرًا هَذَا الْخَفِيُّ»: ئالىملىقىنىڭ بۇرۇن بىلىنمىگەنىكەن، ئەمدى ئاشكارىلاندى.

ظَاهِرُ الْبَلَدِ: شەھەر ئەتراپى.

فِي الظَّاهِرِ: قارىماققا، كۆرۈنۈشتە؛ ئېنىق.

«أَصْبَحَتِ الْحَقِيْقَةُ ظَاهِرَةً لِلْجَمِيْعِ»: ھەقىقەت ھەممىگە ئايان بولدى.

حَكَمَ عَلَىَ النَّاسِ بِظَاهِرِهِمْ: كىشىلەرنىڭ سىرتىدىن باھا بەردى.

حَسْبَ الظَّاهِرِ: سىرتقى كۆرۈنۈشى بويىچە، قارىماققا.

مِنَ الظَّاهِرِ: سىرتىدىن، سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن.

اَلظَّاهِرُ: ئاللاتائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، ناھايىتى ئاشكارا دېگەن مەنىدە (يەنى، مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتكۈچى دەلىللەر بىلەن ئەقىللەرگە ئاشكارىدۇر).

﴿هُوَ الْأَوَّلُ وَالْآخِرُ وَالظَّاهِرُ وَالْبَاطِنُ﴾ ‹قرآن›: ئاللاھنىڭ ئىپتىداسى يوقتۇر، ئىنتىھاسى يوقتۇر، (ئاللاھ) ئاشكارىدۇر (يەنى، مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتكۈچى دەلىللەر بىلەن ئەقىللەرگە ئاشكارىدۇر)، مەخپىيدۇر (يەنى، ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ زاتىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر ئېرىشەلمەيدۇ).

ظَاهِرَةٌ ج ظَاهِرَاتٌ وَ ظَوَاهِرُ: ھادىسە؛ كۆرۈنۈش.

ظَاهِرَةٌ جَوِّيَّةٌ: ھاۋا رايى.

ظَاهِرَةٌ عِلْمِيَّةٌ أَوْطَبِيْعِيَّةٌ: تەبىئىي ھادىسە.

ظَوَاهِرُ الْحَيَاةِ: هاياتلىق هادىسىلىرى.

عِلْمُ الظَّوَاهِرِ الْجَوِّيَّةِ: هاۋا رايى ئىلمى، مېتېئورولوگىيە.

ظَاهِرِيٌّ: تاشقى كۆرۈنۈشى، سىرتقى يۈزى.

ظَأَبَ يَظْأَبُ ظَأْبًا: توي قىلدى، ئۆيلەندى؛ ئەزدى، زۇلۇم قىلدى.

ظَأَبَ التَّيْسُ: تېكە مەرىدى.

ظَأْبٌ ج ظُؤُوبٌ وَ أَظْؤُبٌ: باجا.

ظَأَتَ يَظْأَتُ ظَأْتًا فُلاَنًا: بوغۇپ ئۆلتۈردى.

ظَأَرَ يَظْأَرُ ظَأْرًا وَ ظِئَارًا عَلَى الْعَدُوِّ: دۈشمەنگە هۇجۇم قىلدى.

ظَأَرَتِ الْمَرْأَةُ: ئايال ئىنىكئانا بولدى.

ظِئْرٌ ج أَظْؤُرٌ وَ أَظْآرٌ وَ ظُؤُورٌ: ئىنىكئانا، سۈت ئانىسى.

«ظِئْرٌ رَؤُومٌ خَيْرٌ مِنْ أُمٍّ سَؤُومٍ»: كۆيۈمچان ئىنىكئانا كۆيۈمسىز ئانىدىن ياخشى.

ظِئْرَةٌ: تېرەك.

ظُؤْرَةٌ: تۇغۇت ئانا، ئىنىكئانا.

ظَأْظَأَ يُظَأْظِئُ ظَأْظَأَةً التَّيْسُ: تېكە مەرىدى.

ظَأْمٌ: باجا.

ظُبَةٌ ج ظُبَاتٌ وَ ظُبًى وَ ظُبُونٌ وَ أَظْبٌ: قىلىچنىڭ بىسى، تىغ.

ظُبَةُ السِّنَانِ: نەيزىنىڭ ئۇچى.

ظُبَةُ الْخَنْجَرِ: خەنجەرنىڭ بىسى.

ظَبَطٌ: لاي، پاتقاق.

ظَبْيٌ ج ظِبَاءٌ وَ ظَبَيَاتٌ وَ أَظْبٍ وَ ظُبِيٌّ: بۆكەن، ئىپار كېيىكى.

ظَبْيٌ عَرَبِيٌّ: كېيىك، ئاھۇ.

ظَبْيَةٌ ج ظِبَاءٌ وَ ظَبَيَاتٌ: چىشى بۆكەن.

ظَرَافَةٌ: سىلىقلىق، سىپايەلىق، نازاكەتلىك، ئەدەپلىك، كېلىشىملىك، چىرايلىقلىق؛ ھوشيار بولماق، زېرەك بولماق.

ظَرِبَ يَظْرَبُ ظَرَبًا بِكَذَا: چاپلاشتى، يېپىشتى.

ظَرِبٌ ج ظِرَابٌ وَ أَظْرُبٌ: ئۇچلۇق تاش، تاغ تىزمىسى، كىچىك تۆپىلىك.

ظَرِبٌ: پاكار، دوغىلاق ئادەم.

ظَرِبَانٌ ج ظَرَبَى وَ ظَرَابِينُ وَ ظَرَابِيُّ: پۇلغۇن.

ظُرٌّ / ظِرٌّ ج ظِرَارٌ وَ ظِرَّانٌ: چاقماق تېشى؛ تاش قورال.

اَلْعَصْرُ الظِّرِّيُّ: تاش قورال دەۋرى.

اَلطَّوْرُ الظِّرَّانِيُّ: تاش قورال دەۋرى.

ظَرَّفَ يُظَرِّفُ تَظْرِيفًا: زىننەتلىدى، بېزىدى.

ظَرَّفَهُ: ئۇنى غىلاپقا سالدى.

ظِرِّيٌّ: تاش، سايمان.

اَلطَّوْرُ الظِّرِّيُّ: تاش قورال دەۋرى.

ظَرَطَ يَظْرِطُ ظَرَاطًا وَ ظَرِيطًا: ئوسۇردى، يەل چىقاردى.

ظَرُفَ يَظْرُفُ ظَرْفًا وَ ظَرَافَةً: ئەقىللىق بولدى، زېرەك بولدى، مەدەنىي بولدى.

ظَرْفٌ ج ظُرُوفٌ: قاچا، تۇلۇم؛ لېپاپ، كونۋېرت؛ ئەھۋال، شارائىت؛ ئەقىل، پاراسەت؛ سىلىقلىق؛ مەدەنىيەتلىك؛ زېرەكلىك.

ظَرْفُ زَمَانٍ أَوْ مَكَانٍ (فِي النَّحْوِ): ۋاقىت تولدۇرغۇچى.

اَلظَّرْفُ فِي اللِّسَانِ: نەپىسلىك تىلدا بولىدۇ.

«أَعِدْ كُلَّ نَوْعٍ مِنَ الْبِضَاعَةِ إِلَى ظَرْفِهِ»: مالنىڭ ھەر خىلىنى ئۆز قاچىسىغا قاچىلا.

«وَضَعْتُ الرِّسَالَةَ فِي الظَّرْفِ وَ أَرْسَلْتُهَا بِالْبَرِيدِ»: خەتنى كونۋېرتقا سېلىپ پوچتىدىن يوللىۋەتتىم.

«إِنَّنَا فِي ظَرْفٍ صَعْبٍ»: بىز قىيىن شارائىتتا تۇرماقتىمىز.

ظَرْفِيٌّ: ۋاقىت تولدۇرغۇچى.

دَلِيلٌ ظَرْفِيٌّ: يىپ ئۇچى، ئوبيېكتىپ پاكىت.

**ظَرْفِيَّةٌ**: زامان، ماكان تولدۇرغۇچىسى.

**ظُرُوفٌ**: ئەھۋال، ھالەت، شارائىت، مۇھىت.

**اَلظُّرُوفُ الْحَاضِرَةُ**: ھازىرقى ئەھۋال، ھازىرقى شەرت ـ شارائىت.

**فِي ظُرُوفِ الْأُسْبُوعِ**: بىر ھەپتە ئىچىدە.

«سَوْفَ أَزُورُكَ عِنْدَمَا تَسْمَحُ لِي الظُّرُوفُ بِذَالِكَ»: شارائىت يار بەرسە، مەن سىنى پات يېقىندا يوقلايمەن.

**ظُرُوفٌ مُحَدَّدَةٌ**: چەكلىك شەرت ـ شارائىت.

«عَلَيْكَ أَنْ تُعَالِجَ هَذَا الْأَمْرَ وَفْقًا لِلظُّرُوفِ»: بۇ ئىشنى ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىشىڭ كېرەك.

«لَقَدْ تَغَيَّرَتِ الظُّرُوفُ الصِّحِّيَّةُ فِي الْمَنَاطِقِ الْجَبَلِيَّةِ تَغَيُّرًا كَبِيرًا»: تاغلىق رايونلاردا ساقلىقنى ساقلاش شارائىتى زور دەرىجىدە ئۆزگەردى.

**ظَرَى يَظْرِى ظَرْيًا الْمَاءُ**: سۇ ئاقتى.

**ظَرِيَ يَظْرَى ظَرًى الْغُلَامُ**: بالا پاراسەتلىك بولدى، زېرەك بولدى.

**ظَرِيرٌ ج ظِرَارٌ وَ أَظِرَّةٌ وَ ظُرَّانٌ**: تاش بەلگە، يول بەلگىسى.

**ظَرِيفٌ ج ظِرَافٌ وَ ظُرَفَاءُ م ظَرِيفَةٌ ج ظَرِيفَاتٌ وَ ظَرَائِفُ**: ھوشيار، زېرەك، چېچەن؛ ماھىر، پىشقان ئۇستا.

«زَاهِدٌ عَابِدٌ شَرِيفٌ ظَرِيفٌ عَالِمٌ بَارِعٌ جَمِيلُ الصِّفَاتِ»: ئۇ، پەرھىزكار، ئىبادەتگۇي، ئېسىل، چېچەن، ھەممىنى تاڭ قالدۇرغۇدەك ئالىم. بارچە گۈزەل سۈپەتلەر ئۇنىڭدا تېپىلىدۇ.

**ظِعَانٌ**: كاجۇۋىنى تاڭىدىغان ئارغامچا.

**ظَعَنَ يَظْعَنُ ظَعْنًا وَ ظَعَنًا وَ ظُعُونًا وَ مَظْعَنًا**: كۆچتى، يۆتكەلدى.

«ظَعَنَتِ الْقَبِيلَةُ إِلَى مَكَانٍ كَثِيرِ الْمَرْعَى»: قەبىلە ئوت ـ چۆپ مول جايغا يۆتكەلدى.

**ظَعْنٌ**: كۆچمەك، يۆتكەلمەك، رىھلەت قىلماق.

﴿تَسْتَخِفُّونَهَا يَوْمَ ظَعْنِكُمْ وَيَوْمَ إِقَامَتِكُمْ﴾ «قۇرئان»: كۆچكەن كۈنۈڭلاردىمۇ، تۇرغان كۈنۈڭلاردىمۇ ئۇنىڭ يېنىكلىكىنى ھېس قىلىسىلەر.

**ظَعْنَةٌ ج ظَعَنٌ**: قىسقا مۇساپىلىك سەپەر.

**ظُعُونٌ وَظَعُونَةٌ ج ظُعُنٌ**: يۈك تۆگىسى.

**ظَعِينَةٌ ج ظَعَائِنُ وَ ظُعُنٌ جج أَظْعَانٌ وَ ظُعُنَاتٌ**: كاجۇۋا؛ كاجۇۋىدىكى ئايال؛ كىشىنىڭ ئايالى، يۈك ـ تاق ئارتىدىغان تۆگە، تەختىراۋاندىكى ئايال.

**ظَفَرَ يَظْفِرُ ظَفْرًا ـــ هُ**: تىرنىقىنى پاتۇردى، مورلىدى.

**ظَفَرَ فُلَانًا**: تىرنىقىنى سۇندۇردى.

**مَا ظَفَرَتْكَ عَيْنِي مُنْذُ زَمَانٍ**: سىنى خېلىدىن بېرى كۆرمىدىم.

**ظَفِرَ يَظْفَرُ ظَفَرًا الْمَطْلُوبَ**: مەقسىتىگە ئېرىشتى.

**ظَفِرَ بِمَا أَرَادَ**: مەقسىتىگە يەتتى.

**ظَفِرَ عَلَيْهِ**: يەڭدى، غالىب كەلدى.

**ظُفْرٌ / ظِفْرٌ ج أَظْفَارٌ جج أَظَافِيرُ**: تىرناق.

**ظِفْرُ الطَّيْرِ**: قۇشنىڭ تىرنىقى.

﴿وَعَلَى الَّذِينَ هَادُوا حَرَّمْنَا كُلَّ ذِي ظُفُرٍ﴾ «قۇرئان»: يەھۇدىيلارغا تۇم تۇياقلىق (يەنى، تۆگە، تۆگىقۇشقا ئوخشاش ئاچا تۇياقلىق بولماي، تۇم تۇياقلىق بولغان) ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى ھارام قىلدۇق.

**رَأَيْتُهُ بِظُفْرِهِ**: مەن كۆرگەن ئادەم دەل شۇ.

**مِقَصُّ الْأَظَافِيرِ**: تىرناقئالغۇچ.

**قُلِّمَتْ أَظْفَارُهُ**: تۆگەشتى.

**مُنْذُ نُعُومَةِ أَظْفَارِهِ**: بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپ.

**ظَفَرٌ**: مەقسەتكە ئېرىشمەك، زەپەر تاپماق، غەلىبە قىلماق، نۇسرەت قازانماق.

**ظَفِرٌ**: غالىب، يەڭگۈچى، غەلىبە قىلغۇچى، زەپەر

تاپقۇچى.

ظَفَّرَ يُظَفِّرُ تَظْفِيرًا ـــ هُ: تىرنىقىنى پاتۇردى، مورلىدى.

ظَفِرَهُ بِعَدُوِّهِ: دۈشمىنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.

ظَلَاعٌ: ئۇلاغنىڭ پۇتىدىكى كېسەللىك، رېماتىزم.

ظَلَامٌ: قاراڭغۇ، زۇلمەت، غۇۋا.

«اِخْتَبَأَ اِلَى أَنْ عَمَّ الظَّلَامُ الْقَرْيَةَ»: يېزىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغانغا قەدەر يوشۇرۇندى.

تَحْتَ جُنْحِ الظَّلَامِ: قاراڭغۇلۇق ئاستىدا.

ظَلَامٌ حَالِكٌ: قاپقاراڭغۇ.

«هَرَبَ تَحْتَ جُنْحِ الظَّلَامِ»: قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ قاچتى.

ظَلَامَةٌ ج ظَلَامَاتٌ: ئادالەتسىزلىك، ناھەقچىلىك.

عِنْدَهُ ظُلَامَتِي: مېنىڭدىن تارتىۋالغان نەرسە ئۇنىڭ يېنىدا بار.

شَكَا إِلَى الْقَاضِي ظُلَامَتَهُ: قازىغا ئۆزىنىڭ ناھەقچىلىككە ئۇچرىغانلىقىنى ئەرز قىلدى.

ظَلَامِيٌّ: رەھىمسىز، شەپقەتسىز، ياۋۇز، ئەزگۈچى، زىيانكەش.

ظَلَطٌ: شېغىل، ئۇششاق تاش.

وَابُورُ الظَّلَطِ: يول چىڭداش ماشىنىسى.

ظَلَعَ يَظْلَعُ ظَلْعًا الْبَعِيرُ: تۆگە ئاقساپ ماڭدى.

ظَلْعٌ: ئاقسىماق؛ كەمچىلىك، نۇقسان، ئەيىب.

اِرْبَعْ عَلَى ظَلْعِكَ: زورلىماڭ.

ظَلَفَ يَظْلِفُ ظَلْفًا نَفْسَهُ عَنِ الشَّيْءِ: ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

ظَلَفَةٌ: تىرنىقى ئاغرىپ قالدى.

ظَلَفَ الْقَوْمَ: قوۋمنىڭ ئىزىغا چۈشتى، ئەگەشتى.

ظَلِفَ يَظْلَفُ ظَلَفًا: قېتىپ كەتتى.

ظَلِفَتِ الْأَرْضُ: يەر قېتىپ كەتتى.

ظِلْفٌ ج ظُلُوفٌ وَ أَظْلَافٌ: ئاچا تۇياق؛ ئىز، ئاياغ ئىزى.

«جَاؤُوا عَلَى ظَلِفِهِ»: ئۇلار ئۇنىڭ ئىزىدىن كەلدى.

ظَلْفٌ: بىھۇدە، بىكار.

«ذَهَبَ دَمُهُ ظَلْفًا»: ئۇنىڭ خۇنى بىكارغا كەتتى.

أَرْضٌ ظَلِفَةٌ: قاتتىق يەر.

إِمْرَأَةٌ ظَلِفَةُ النَّفْسِ: پاك ئايال، ئىپپەتلىك ئايال.

ظَلَّ يَظَلُّ ظَلًّا وَ ظُلُولاً الْعَمَلَ: ئىشنى داۋاملاشتۇردى، توختاتمىدى.

﴿قَالُوا نَعْبُدُ أَصْنَامًا فَنَظَلُّ لَهَا عَاكِفِينَ﴾ «قرآن»: ئۇلار: «بۇتلارغا ئىبادەت قىلىمىز، بۇ ئىبادەتنى داۋاملاشتۇرىمىز»، دېيىشتى.

«ظَلَّ عَامِلاً حَتَّى غُرُوبِ الشَّمْسِ»: ئۇ ھەتتا كۈن ئولتۇرغۇچە ئىشلىدى.

ظَلَّ يَظِلُّ ظَلًّا وَ ظَلَالَةً الْيَوْمُ: كۈن تۇتۇق بولدى، سالقىن بولدى.

ظِلٌّ ج ظِلَالٌ وَ ظُلُولٌ وَ أَظْلَالٌ: سايە، كۆلەڭگە.

بُسْتَانٌ ظِلٌّ: سايىلىك باغچە.

خَفِيفُ الظِّلِّ: سىلىق، مۇلايىم، ياۋاش.

﴿وَاللهُ جَعَلَ لَكُمْ مِمَّا خَلَقَ ظِلاَلاً﴾ «قرآن»: ئاللاھ سىلەرگە ئۆزى ياراتقان نەرسىلەر (يەنى، دەرەخلەر، تاغلار ۋە بىنالار)دىن (كۈننىڭ ھارارىتىدىن ساقلىنىدىغان) سايىلەرنى قىلىپ بەردى.

﴿وَمَا يَسْتَوِي الْأَعْمَى وَالْبَصِيرُ وَ لاَ الظُّلُمَاتُ وَ لاَ النُّورُ وَ لاَ الظِّلُّ وَ لاَ الْحَرُورُ﴾ «قرآن»: كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم (يەنى، كاپىر بىلەن مۇئمىن) باراۋەر بولمايدۇ. زۇلمەت بىلەن نۇر (يەنى، باتىل بىلەن ھەق) باراۋەر بولمايدۇ. سايە بىلەن ئىسسىق (يەنى، جەننەت بىلەن دوزاخ) باراۋەر بولمايدۇ.

خِفَّةُ الظِّلِّ: مۆتىدىل، ئىلمان.

ثَقِيلُ الظِّلِّ: ئادەمنى بىزار قىلىدىغان، زېرىكتۈرىدىغان؛ غەمكىن، مەيۇس؛ تەلۋە،

تەنتەك.

«لاَ ظِلَّ لَهُ مِنَ الْحَقِيْقَةِ»: ئۇنىڭدا ھەقىقەتتىن ئەسەر يوق.

تَقَلَّصَ ظِلُّهُ: ئاستا-ئاستا يوقالدى، مۇنقەرىز بولدى.

ظِلَّةٌ طَبِيْعِيَّةٌ: تەبىئى توساق.

يَعِيْشُ فِي ظِلِّ فُلَانٍ: پالانىنىڭ سايىسىدە ياشايدۇ، پالانىنىڭ ھىمايىسىدە ياشايدۇ.

ظَلَّامٌ ج ظَلَّامُونَ: ئەزگۈچى، زومىگەر، ئەشەددىي زالىم، زۇلۇم قىلغۇچى.

﴿وَمَا رَبُّكَ بِظَلَّامٍ لِلْعَبِيْدِ﴾ ‹قرآن›: پەرۋەردىگارىڭ بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر.

ظَلَّ الشَّيْءُ: نەرسە ئۇزىرىدى.

ظَلَّ الشَّجَرُ: دەرەخ سايىلىك بولدى.

ظُلَّةٌ ج ظُلَلٌ وَ ظِلَالٌ: چېدىر، سايىۋەن، ساتما؛ شالدىن ياسالغان ئۆي.

﴿وَإِذْ نَتَقْنَا الْجَبَلَ فَوْقَهُمْ كَأَنَّهُ ظُلَّةٌ﴾ ‹قرآن›: ئۆز ۋاقتىدا (تۇر) تاغىنى قومۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سايىۋەندەك تىكلىدۇق.

ظَلَّفَ يُظَلِّفُ تَظْلِيْفًا: ئاشتى، كۆپەيدى، ئۆستى.

ظَلَّلَ يُظَلِّلُ تَظْلِيْلًا: سايە تاشلىدى، يېپىۋالدى.

«جَلَسَ تَحْتَ شَجَرَةٍ كَانَتْ تُظَلِّلُهُ مِنَ الشَّمْسِ الْمُحْرِقَةِ»: قىزىق قۇياشتىن دالدىلىنىپ سايىلىك دەرەخ ئاستىدا ئولتۇردى.

«ظَلِيْمٌ»: ئەزگۈچى، زومىگەر، ئەشەددىي زالىم.

ظَلَمَ يَظْلِمُ ظُلْمًا وَ مَظْلَمَةً: زۇلۇم قىلدى، خارلىدى، ئەزدى، زىيانكەشلىك قىلدى.

﴿وَمَنْ يَتَعَدَّ حُدُودَ اللهِ فَقَدْ ظَلَمَ نَفْسَهُ﴾ ‹قرآن›: كىمكى ئاللاھنىڭ قانۇنىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىدىكەن، ئۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ.

«مَنْ أَشْبَهَ أَبَاهُ فَمَا ظَلَمَ»: دادىسىغا ئوخشىغان ئادەم توغرا يولدا ماڭغان بولىدۇ.

«ظَلَمَ فُلَانًا حَقَّهُ»: پالانىنىڭ ھەققىنى يەۋالدى.

ظَلِمَ يَظْلَمُ ظَلَمًا الشَّيْءُ: قارايدى، قارىداپ كەتتى.

ظَلِمَ اللَّيْلُ: كېچە زۇلمەت قاراڭغۇ بولدى.

ظُلْمٌ: زۇلۇم قىلماق، ئەزمەك؛ زۇلۇم، ئادالەتسىزلىك.

ظُلْمٌ طَبَقِيٌّ: سىنىپىي زۇلۇم.

ظُلْمًا: مەجبۇرىي، ناھەق، زورمۇزور.

﴿يَا بُنَيَّ لَاتُشْرِكْ بِاللهِ إِنَّ الشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيْمٌ﴾ ‹قرآن›: ئى ئوغۇلچىقىم، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھدۇر.

«اِتَّقُوا الظُّلْمَ فَإِنَّ الظُّلْمَ ظُلُمَاتٌ يَوْمَ الْقِيَامَةِ» ‹حديث›: زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، ھەقىقەتەن زۇلۇم دېگەن قىيامەت كۈنىدە قاراڭغۇ زۇلمەت بولىدۇ.

ظَلْمَاءُ: قاراڭغۇ، زۇلمەت، غۇۋا.

لَيْلَةٌ ظَلْمَاءُ: قاراڭغۇ كېچە.

ظُلْمَةٌ ج ظُلَمٌ وَ ظُلُمَاتٌ: قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت.

ظُلُمَاتٌ بَهِيْمِيَّةٌ: قاپقاراڭغۇ، تۇم قارا.

بَحْرُ الظُّلُمَاتِ: ئاتلانتىك ئوكيان.

﴿وَمَا يَسْتَوِي الْأَعْمَى وَالْبَصِيرُ وَلَا الظُّلُمَاتُ وَلَا النُّورُ﴾ ‹قرآن›: كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم باراۋەر بولمايدۇ، زۇلمەت بىلەن نۇر باراۋەر بولمايدۇ.

ظَلُومٌ: ئەزگۈچى، زومىگەر، ئەشەددىي زالىم.

﴿وَإِنْ تَعُدُّوا نِعْمَةَ اللهِ لَا تُحْصُوهَا إِنَّ الْإِنْسَانَ لَظَلُومٌ كَفَّارٌ﴾ ‹قرآن›: سىلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر، كاپىر ئادەم شەك-شۈبھىسىزكى، زۇلۇم قىلغۇچىدۇر (ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر.

رَجُلٌ ظَلُومٌ: زومىگەر ئادەم.

اِمْرَأَةٌ ظَلُومٌ: زومىگەر خوتۇن.

ظَلِيْفٌ ج ظُلُفٌ وَ ظُلُفٌ: قاتتىق يەر؛ ئازاب ـ ئوقۇبەت؛ مەككار؛ پالاكەت، ئاپەت، شۇم پىشانە، بىكار، ئورۇنسىز.

أَرْضٌ ظَلِيْفَةٌ: قاتتىق يەر.

ظَلِيْلٌ: سايىلىك، ئاپتاپ چۈشمەيدىغان، كۆلەڭگە.

﴿وَنُدْخِلُهُمْ ظِلًّا ظَلِيْلًا﴾ ‹قرآن›: ئۇلارنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك سايىسىگە داخىل قىلىمىز.

ظَلِيْمٌ ج ظُلْمَانٌ ظِلْمَانٌ وَأَظْلِمَةٌ: ئېرىلگۈچى؛ ئەركەك تۆگە قۇشى.

ظَمْآنٌ م ظَمْآى ج ظِمَاءٌ: ئۇسسۇز، چاڭقىغان، تەشنا.

«شَرِبْتُ شُرْبَةَ الظَّمْآنِ»: مەن ئۇسسۇزلۇق ئىچتىم.

﴿كَسَرَابٍ بِقِيْعَةٍ يَحْسَبُهُ الظَّمْآنُ مَاءً﴾ ‹قرآن›: ... باياۋاندىكى سەرابقا ئوخشايدۇ، تەشنا ئادەم ئۇنى سۇ دەپ گۇمان قىلىدۇ.

ظَمَأٌ. ظَمَاءٌ: قاتتىق تەشنالىق.

«رَوَّى ظَمَأَهُ»: ئۇسسۇزلۇقنى باستى، تەشنالىقنى قاندۇردى.

ظَمْأٌ. ظَمَاءٌ. ظَمَاءَةٌ: ئۇسسىماق؛ تەشنا بولماق، سېغىنماق.

ظَمِئَ يَظْمَأُ ظَمَأً وَ ظَمَاءً وَ ظَمَاءَةً: ئۇسساپ كەتتى، چاڭقاپ كەتتى.

ظَمِئَ إِلَيْهِ: ئۇنىڭغا تەشنا بولدى، ئىنتىزار بولدى، سېغىندى.

﴿وَأَنَّكَ لاَ تَظْمَأُ فِيْهَا وَلاَ تَضْحَى﴾ ‹قرآن›: ھەمدە ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئۇسساپ كەتمەيسەن، ئىسسىپ كەتمەيسەن.

«ظَمِئْتُ فَأَخَذْتُ أَبْحَثُ عَنْ مَاءٍ»: چاڭقاپ كېتىپ سۇ ئىزدەشكە باشلىدىم.

ظَمَّأَ يُظَمِّأُ تَظْمِيأً فُلاَنًا: پالانىنى ئۇسسىتىۋەتتى.

ظَمَّأَ الْفَرَسَ: ئاتنى ئورۇقدىتىۋەتتى.

ظَمًى: قوڭۇر.

ظَمِئٌ م ظَمِئَةٌ ج ظِمَاءٌ: ئۇسسۇز، چاڭقىغان، تەشنا.

ظِنْبٌ: دەرەخ يىلتىزى.

ظُنْبُوبٌ ج ظَنَابِيْبُ: پاچاق، پاقالچاق.

«قَرَعَ ظَنَابِيْبَ الْأَمْرِ»: قىيىنچىلىقنى يەڭدى.

ظَنَّ يَظُنّ ظَنًّا الشَّيْءَ: گۇمان قىلدى، گۇمانلاندى.

﴿وَقَالَ لِلَّذِيْ ظَنَّ أَنَّهُ نَاجٍ مِنْهُمَا أُذْكُرْنِي عِنْدَ رَبِّكَ﴾ ‹قرآن›: يۇسۇف ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆزىنىڭ قۇتۇلۇشىغا ئىشەنگەن بىرسىگە (يەنى، ساقىيغا): «مېنى خوجايىنىڭنىڭ ئالدىدا ئەسلەپ قويغىن»، دېگەنىدى.

ظَنَّ الشَّيْءَ: جەزم قىلدى، ئىشەنچلىك، دەپ قارىدى.

﴿وَظَنُّوا أَنْ لَا مَلْجَأَ مِنَ اللهِ إِلَّا إِلَيْهِ﴾ ‹قرآن›: ئۇلار ئاللاھقا تەۋبە قىلماي تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەنىدى.

ظَنَّ بِهِ الظُّنُونَ: ئويلىدى، تەخمىن قىلدى، مۆلچەرلىدى.

«مَا أَظُنّ ابْنَكَ مُتَخَلِّفًا عَنْ أَدَاءِ وَاجِبِ الْجُنْدِيَّةِ»: ئوغلۇڭنى ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ۋەزىپىسىدىن باش تارتتى، دەپ گۇمانلانمايمەن.

ظَنٌّ: ئويلىماق، تەسەۋۋۇر قىلماق؛ ئىشەنمەك.

حُسْنُ الظَّنِّ: ياخشى دەپ قارىماق، ياخشى ئويدا بولماق، ئىشەنمەك.

سُوءُ الظَّنِّ: يامان دەپ ئويلىماق، يامان ئويدا بولماق.

ظَنٌّ ج ظُنُونٌ وأَظَانِيْنُ: پىكىر، ئوي، تەخمىن، گۇمان.

﴿إِنَّ بَعْضَ الظَّنِّ إِثْمٌ﴾ ‹قرآن›: بەزى گۇمانلار

هەقىقەتەن گۇناھتۇر.

«أَحْسَنَ الظَّنَّ بِهِ»: ئۇنىڭغا قارىتا ياخشى ئويدا بولدى.

فِي أَغْلَبِ الظَّنِّ: گۇمانىمىزچە.

ظَنَّانٌ: گۇمانخور، خۇدۇكچى؛ تېز كۆڭۈل، ساددا.

ظِنَّةٌ ج ظِنَنٌ وَ ظَنَائِنُ: شەك، گۇمان.

ظَنُونٌ: گۇمانخور، خۇدۇكچى.

ظَنِينٌ ج أَظِنَّاءُ: گۇمانلىق.

ظِهَارَةٌ ج ظَهَائِرُ: سىرتقى، تاشقى تەرەپ.

ظِهَارَةُ الثَّوبِ: كىيىمنىڭ تېشى.

ظَهَرَ يَظْهَرُ ظُهورا: كۆرۈندى، ئاشكارا بولدى، كەلدى، قاتناشتى.

ظَهَرَ أَنْ ...: روشەنكى، ئايان بولدىكى.

ظَهَرَ الْمَرَضُ: ئاغرىق ئۇزۇنغا سوزۇلدى.

﴿ظَهَرَ الْفَسَادُ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ﴾ «قۇرئان»: قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى.

ظَهَرَ يَظْهَرُ ظَهْرًا وَ ظُهُورًا: ياردەم بەردى، ئىئانە قىلدى؛ غەلىبە قىلدى، يەڭدى.

ظَهَرَ لِلْعَيَانِ: ئاشكارا بولدى، روشەنلەشتى، ئېنىق بولدى.

ظَهَرَ عَلَيْهِ: ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى.

ظَهَرَ فُلَانًا: پالانىنىڭ ئۇچىسىغا ئۇردى.

ظَهَرَ الشَّيْءَ: نەرسىنى ئارقىسىغا تاشلىۋەتتى.

ظَهَرَ الثَّوْبَ: كىيىمنى ئەستەرلىدى.

ظَهَرَ الْجَبَلَ: تاغقا يامىشىپ چىقتى.

ظَهَرَ عَلَى السِّرِّ: مەخپىيەتلىكنى بايقىدى، سەزدى.

ظَهَرَ عَلَى عَدُوِّهِ: دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.

﴿إِنَّهُمْ إِنْ يَظْهَرُوا عَلَيْكُمْ يَرْجُمُوكُمْ﴾ «قۇرئان»: ئەگەر شەھەردىكى كىشىلەر سىلەرنى تۇتۇۋالسا، سىلەرنى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ...

ظَهَرَهُ: ئۈستىگە چىقتى، ئۆرلىدى.

﴿فَمَا اسْطَاعُوا أَنْ يَظْهَرُوهُ﴾ «قۇرئان»: ئۇلار ئۇنىڭغا چىقىشقا قادىر بولالمىدى.

«ظَنَنْتُ أَنَّهُ فِي الْمَدْرَسَةِ فَظَهَرَ أَنَّهُ فِي مَنْزِلِهِ»: ئۇنى مەكتەپتىمىكى دېسەم، ئۆيىدىكەن.

ظَهُرَ يَظْهُرُ ظَهَارَةً الرَّجُلُ: كىشى كۈچلۈك بولدى.

ظَهِرَ يَظْهَرُ ظَهَرًا الرَّجُلُ: كىشىنىڭ دۈمبىسى ئاغرىپ قالدى.

ظَهْرٌ: ئاشكارا بولماق.

ظَهْرٌ ج ظُهُورٌ وَ أَظْهُرٌ وَ ظُهْرَانٌ: دۈمبە، ئۇچا، ئارقا.

ظَهْرُ الْجَبَلِ: تاغ چوققىسى.

ظَهْرُ الْيَدِ: قولنىڭ ئارقىسى.

وَجَعُ الظَّهْرِ: بەل ئاغرىقى

﴿الَّذِي أَنْقَضَ ظَهْرَكَ﴾ «قۇرئان»: سېنىڭ بېلىڭنى ئېگىۋەتكەن...

ظَهْرُ السَّفِينَةِ: پالۇبا

ظَهْرُ الْمَرْكَبِ: پاراخوتنىڭ ئۈستى، پالۇبا.

قَتَلَهُ ظَهْرًا: ئۇنى يوشۇرۇن ئۆلتۈردى.

ظَهْرًا لِبَطْنٍ: تەكرار، قايتا ـ قايتا؛ ئەكسىچە.

قَلَبَ الأَمْرَ ظَهْرًا لِبَطْنٍ: ئۇ بۇ ئىشنى قايتا ـ قايتا ئويلاندى.

اِرْتَدَى مِعْطَفَهُ ظَهْرًا لِبَطْنٍ: ئۇ پەلتوسىنى تەتۈر كىيىۋالدى.

قَرَأَ الْقُرْآنَ عَنْ ظَهْرِ قَلْبِهِ: قۇرئاننى ياد ئوقۇدى.

قَلَبَ لَهُ ظَهْرَ الْمِجَنِّ: ئۇنىڭغا قارشى بولدى، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈۋالدى.

يَأْكُلُ مِنْ ظَهْرِ يَدِي: ئۇنى مەن تەمىنلەپ تۇرىمەن.

أَدَارَ لَهُ ظَهْرَهُ: ئۇنى تاشلىۋەتتى.

ظُهْرٌ ج أَظْهَارٌ: چۈش ۋاقتى.

بَعْدَ الظُّهْرِ: چۈشتىن كېيىن.

قَبْلَ الظُّهْرِ: چۈشتىن بۇرۇن.

«أَرَاهُ نُجُومَ الظُّهْرِ»: ئۇنى قىستىدى، قىستاققا ئالدى.

صَلَاةُ الظُّهْرِ: پېشىن نامىزى.

ظَهْرَانٌ: ئارىسىدا.

«أَقَامَ بَيْنَ ظَهْرَانِيْهِمْ»: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇردى.

ظَهْرُ الشَّيْءِ: نەرسىنىڭ سىرتى، سىرتقى كۆرۈنۈشى.

«خَيْرُ الصَّدَقَةِ عَنْ ظَهْرِ غِنًى» ‹حديث›: بايلىقتا بېرىلگەن سەدىقە ئەۋزەل سەدىقىدۇر.

ظِهْرِيٌّ ج ظَهَارِيٌّ: تاشلىۋېتىلگەن، ئۇنتۇلۇپ كەتكەن.

﴿وَاتَّخَذْتُمُوهُ وَرَاءَكُمْ ظِهْرِيًّا﴾ ‹قرآن›: سىلەر ئاللاھنى ئارقاڭلارغا چۆرۈۋەتتىڭلار.

ظَهَّرَ يُظَهِّرُ تَظْهِيرًا الصَّكَّ: چەككە ئىمزا قويدى.

ظُهُورٌ: ئاشكارا بولماق، كۆرۈنمەك.

حُبُّ الظُّهُورِ: مەنمەنچىلىك، شۆھرەتپەرەسلىك.

«كَثِيرٌ مِنَّا مُصَابٌ بِدَاءِ حُبِّ الظُّهُورِ»: بىزنىڭ كۆپىنچىمىز شۆھرەتپەرەس كېلىمىز.

ظَهِيرٌ: ياردەمچى، مەدەتكار، ئارقا تىرەك.

﴿وَالْمَلَائِكَةُ بَعْدَ ذَلِكَ ظَهِيرٌ﴾ ‹قرآن›: ئۇلاردىن باشقا پەرىشتىلەرمۇ (ئۇنىڭغا) يۆلەنچۈكتۇر.

«كُنْ لِأَخِيكَ ظَهِيرًا»: قېرىندىشىڭغا ياردەمچى بولغىن.

«إِنَّنِيْ فِي طِهْرَانَ كُنْتُ غَرِيْبَ الدَّارِ مَا لِي فِيْهَا سِوَاكُمْ ظَهِيْرٌ»: مەن تېھراندا مۇساپىر بولۇپ، تۇرۇۋاتىمەن، مېنىڭ بۇ يەردە سىلەردىن باشقا يۆلەنچۈكۈم يوق.

ظَهِيرَةٌ ج ظَهَائِرُ: چۈش، چۈش ۋاقتى.

﴿وَحِيْنَ تَضَعُونَ ثِيَابَكُمْ مِنَ الظَّهِيْرَةِ﴾ ‹قرآن›: چۈشتە (ئۇخلاش) ئۈچۈن كىيىمىڭلارنى سالغان چېغىڭلاردا...

«بَقِيْتُ فِي الْجَامِعَةِ حَتَّى الظَّهِيْرَةِ»: مەن ئۇنىۋېرسىتېتتا چۈشكىچە بولدۇم.

ظَوْءَةٌ: ئەخمەق، گالۋاڭ، دۆت، ھاماقەت.

ظَيَأَةٌ: ئەخمەق، ھاماقەت.

ظِيَةٌ: چىرىشكە باشلىغان چەسەت.

ظَيٌّ . ظَيَّانٌ: ھەسەل، بال، شىرنە.

ظَيَّانٌ: ياسمەن گۈل.

ظَيَّأَ يُظَيِّأُ تَظْيِيَةً فُلَانًا: پالانىنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى، قايغۇغا سالدى.

# ع

ع «عين»: ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ 18 ـ ھەرپى بولۇپ، ئەبجەد ھېسابىدا «70»نى كۆرسىتىدۇ.

عَابَ يَعِيبُ عَيْبًا: ئەيىبلىدى، سۆكتى؛ زىيان يەتكۈزدى، پاراكەندە قىلدى؛ ۋەيران قىلدى.

عَابَهُ: ئۇنى ھاقارەتلىدى، ئابرۇيىنى تۆكتى.

عَابَهُ فِي حَقِّهِ: ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلدى، تۆھمەت قىلدى.

﴿فَأَرَدْتُ أَنْ أَعِيبَهَا﴾ «قرآن»: مەن ئۇنى (تېشىپ) ئەيىبناك قىلماقچى بولدۇم.

عَابَتِ الآلَةُ: سايمان بۇزۇلدى.

عَابٌ ج عُيُوبٌ: ئەيىب، كەمچىلىك، نۇقسان، ئىللەت.

عَابَثَ يُعَابِثُ مُعَابَثَةً: چاقچاقلاشتى، ئويناشتى.

عَابِثٌ: قىزىقچى، چاقچاقچى؛ دىن ۋە ئەخلاققا سەل قارىغۇچى، ئەخمەق قىلغۇچى.

عَابِدٌ ج عُبَّادٌ وَ عَابِدُونَ م عَابِدَةٌ ج عَوَابِدُ وَ عَابِدَاتٌ: ئىبادەت قىلغۇچى؛ چوقۇنغۇچى؛ چاكار؛ قۇل.

عَابِدُ وَثَنٍ: بۇتقا چوقۇنغۇچى.

﴿وَلاَ أَنَا عَابِدٌ مَّا عَبَدْتُمْ﴾ «قرآن»: سىلەر چوقۇنغان بۇتقا مېنىڭ چوقۇنغىنىم يوق.

عَابِرٌ ج عَابِرُونَ: كېسىپ ئۆتكۈچى، ئۆتكۈچى، يولۇچى؛ ۋاقىتلىق.

عَابِرُ سَبِيلٍ: يولۇچى، يول ماڭغۇچى، مۇساپىر.

﴿وَلاَجُنُبًا إِلَّا عَابِرِي سَبِيلٍ حَتَّى تَغْتَسِلُوا﴾ «قرآن»: جۇنۇپ بولساڭلار — يول ئۈستىدە بولغانلار (بۇنىڭدىن) مۇستەسنا — غۇسلى قىلمىغۇچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار.

«كُنْ فِي الدُّنْيَا كَأَنَّكَ غَرِيبٌ أَوْ عَابِرُ سَبِيلٍ» «حديث»: دۇنيادا خۇددى مۇساپىر ياكى يولۇچىدەك بولغىن.

عَابِسٌ: چىرايى تۇتۇق، قاپىقى تۈرۈك، قوشۇمىسى تۈرۈك؛ يولۋاس.

عَابِطٌ: يالغانچى، كاززاپ.

عَابِقٌ: خۇش پۇراقلىق.

عَابِلٌ ج عُبَّلٌ: كېلەڭسىز، زور، يوغان؛ دىقماق؛ سېمىز.

عَابِيَةٌ: گۈزەل، چىرايلىق؛ قىلادە تىزغۇچى ئايال.

جَارِيَةٌ عَابِيَةٌ: گۈزەل قىز.

عَاتَبَ يُعَاتِبُ مُعَاتَبَةً ـ هُ: ئۇنى ئەيىبلىدى، تەرگىدى، كايىدى.

عَاتَّ يَعَاتُّ مُعَاتَّةً: جېدەللەشتى، ماجىرالاشتى.

عَاتَّ الْكَلاَمَ: سۆزنى تەكرارلىدى.

عَاتِقٌ ج عَوَاتِقُ: مۈرە، دولا؛ ئازاد قىلغۇچى.

أَلْقَى عَلَى عَاتِقِهِ: ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلىدى، مەسئۇل قىلدى.

أَخَذَ الْأَمْرَ عَلَى عَاتِقِهِ: ئىشنى ئۈستىگە ئالدى.

تَقَعُ الْمَسْؤُلِيَّةُ عَلَى عَاتِقِهِ: مەسئۇلىيەت ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن.

عَاتِقٌ ج عُتُقٌ: قىز، چۆرە، كېنىزەك.

عَاتِكٌ ج عَوَاتِكُ: ئېسىل، ياخشى؛ كوت ـ كوت ئادەم؛ شاللاق ئادەم.

عَاتِكٌ أَحْمَر: توق قىزىل.

عِرْقٌ عَاتِكٌ: قىزىل تومۇر.

عَاتِكَةٌ ج عَوَاتِكُ: گىرىمنى تولا قىلىدىغان ئايال؛ قىزىل پاچاق.

عَاتِمٌ م عَاتِمَةٌ: قاراڭغۇ؛ كېچىككەن، مۇددىتى ئۆتكەن، كەچ قالغان.

عَاتِنٌ ج عُتُنٌ: شەددەتلىك ھۇجۇم قىلغۇچى، قوپال، قاتتىق.

عَاتٍ ج عُتَاةٌ: ھاكاۋۇر، مەنمەنچى، ھەددىدىن ئاشقان، ۋەھشىي.

لَيْلٌ عَاتٍ: زۇلمەتلىك كېچە، قاراڭغۇ كېچە.

مَلِكٌ عَاتٍ: مۇستەبىت پادىشاھ، زالىم پادىشاھ.

رِيْحٌ عَاتِيَةٌ: كۈچلۈك شامال.

﴿وَأَمَّا عَادٌ فَأُهْلِكُوا بِرِيْحٍ صَرْصَرٍ عَاتِيَةٍ﴾ «قرآن»: ئاد بولسا، ھەددىدىن زىيادە قاتتىق ۋە سوغۇق بوران بىلەن ھالاك قىلىندى.

عَاثَ يَعَاثُ عَاثَةً وَمُعَاثَةً فِي غِنَائِهِ: مۇڭلۇق ناخشا ئېيتتى.

عَاثَ يَعُوثُ عَوْثًا فُلَانًا: پالانىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى، قايمۇقتۇردى.

عَاثَ يَعِيثُ عَيْثًا وَعُيُوثًا وَعَيَثَانًا: بۇزدى، بۇزۇپ چاچتى، ۋەيران قىلدى؛ ئۆكتەملىك قىلدى.

عَاثَ فِي مَالِهِ: مېلىنى ئىسراپ قىلدى، بۇزۇپ-چاچتى.

عَاثَ فِي الْأَرْضِ فَسَادًا: زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلدى.

عَاثِرٌ: يىقىلىپ چۈشكۈچى، تېيىلىپ كەتكۈچى.

اَلْجَدُّ الْعَاثِرُ: بەختى كاج، بەختسىز. تەلەيسىز.

اَلْحَظُّ الْعَاثِرُ: بەختى كاج، بەختسىز. تەلەيسىز.

عَاثِرٌ ج عَوَاثِرُ: قاپقان.

عَاثِمٌ ج عُثُمٌ: تېڭىلغان سۆڭەك، تېڭىقچى، سۇنۇقچى.

عَاثُورٌ ج عَوَاثِيرُ: قۇدۇق، ئورەك، ئوۋچىنىڭ قاپقىنى.

عَاثٍ ج عُثَاةٌ: ئۇزۇن چېكە چاچ.

عَاجَ يَعُوجُ عَوْجًا وَمَعَاجًا بِالْمَكَانِ: ماكانلاشتى، ئورۇنلاشتى.

عَاجَ يَعِيجُ عَيْجًا بِهِ: يۆلەندى، تاياندى.

مَاعَاجَ بِقَوْلِهِ: ئۇنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلمىدى.

عَاجٌ: پىل چىشى.

عَاجَرَ يُعَاجِرُ مُعَاجَرَةً: قورقۇنچتىن تېز ماڭدى.

عَاجِزٌ ج عَوَاجِزُ وَعَجَزَةٌ: ئاجىز، كۈچسىز؛ مېيىپ.

عَاجِزٌ عَنْ كَذَا: ئىقتىدارسىز.

دَارُ الْعَجَزَةِ: دارىلئاجىزىن، مېيىپلار ساناتورىيىسى.

عَاجَلَ يُعَاجِلُ مُعَاجَلَةً: ئالدىرىدى، تېنىدى.

عَاجَلَهُ بِضَرْبَةٍ: ئۇنىڭغا ئاۋۋال مۇشت ئاتتى.

عَاجَلَتْهُ الْمَنِيَّةُ: ياش ئۆلۈپ كەتتى، ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتتى.

عَاجَلَهُ بِذَنْبِهِ: قىلچە كەڭچىلىك قىلماي ئۇنى قاتتىق جازالىدى.

عَاجِلٌ: ھازىرقى، نەۋەتتىكى، تېز، چاپسان.

عَاجِلًا: دەرھال، شۇئان، تېزدىن.

عَاجِلًا أَمْ آجِلًا: مەيلى ھازىر ياكى كېيىن بولسۇن، قاچانلا بولمىسۇن.

فِي الْقَرِيْبِ الْعَاجِلِ: يېقىن كەلگۈسىدە.

هَذَا أَمْرٌ عَاجِلٌ: بۇ ئالدىراش ئىش.

خَيْرُ الْبِرِّ عَاجِلُهُ: ياخشىلىقنىڭ ئەۋزىلى ئۇنىڭ تېز بولغىنىدۇر.

عَاجِلَةٌ: تېز سۈرئەتلىك پويىز.

اَلْعَاجِلَةُ: بۇ دۇنيا، بۇ ئالەم.

﴿إِنَّ هَـٰؤُلَاءِ يُحِبُّوْنَ الْعَاجِلَةَ وَيَذَرُوْنَ وَرَاءَهُمْ يَوْمًا ثَقِيْلًا﴾ «قرآن»: شۈبھىسىزكى، بۇلار دۇنيانى ئارتۇق بىلىدۇ، كەلگۈسىدىكى قىيىن بىر كۈنگە سەل قارايدۇ.

عَاجَمَ يُعَاجِمُ مُعَاجَمَةً الرَّجُلَ: كىشىنى سىنىدى.

**عَاجَمَتِ الْأُمُورَ وَعَاجَمَتْنِي:** مەن سىناقتا دۇچ كەلدىم.

**عَاجِنٌ ج عُجُنٌ:** ياشانغانلىقتىن تىرەجەپ ئورنىدىن تۇرىدىغان ئادەم.

**عَاجَى يُعَاجِي مُعَاجَاةً الصَّبِيَّ:** بالىنى ئېنىكئانىيا ئېمىتتى.

**عَاجِيٌّ:** پىل چىشىدىن.

**الْبُرْجُ الْعَاجِي:** پىل چىشى مۇنارى.

**عَادَ يَعُودُ عَوْدًا وَعَوْدَةً وَ مَعَادًا:** قايتتى، ياندى، يېنىپ كەلدى.

**عَادَ إِلَى كَذَا:** ئۆزگەردى، ئايلاندى.

**عَادَ عَلَيْهِ:** ئەسلىگە كەلدى؛ تەكرارلاندى.

**عَادَ إِلَى الْأَمْرِ:** ئىشنى قايتا باشلىدى، داۋاملاشتۇردى.

**عَادَ عَلَيْهِ:** ئېلىپ كەلدى، ئېلىپ باردى.

**عَادَ عَلَيْهِ بِالضَّرَرِ:** ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزدى.

﴿**وَمَنْ عَادَ فَيَنْتَقِمُ اللّٰهُ مِنْهُ**﴾ ‹قرآن›: كىمكى قايتا گۇناھ ئۆتكۈزسە، ئاللاھ ئۇنى جازالايدۇ.

**عَادَ يَعُودُ عَوْدًا وَعِيَادًا وَعِيَادَةً الْمَرِيْضَ:** ئاغرىقنى يوقلىدى.

**عَادَ إِلَى الْإِحْتِفَالِ:** يىغىننى تەبرىكلىدى.

«**عَادَ الطَّلَبَةُ زَمِيْلَهُمُ الْمَرِيْضَ فِي الْمُسْتَشْفَى**»: ئوقۇغۇچىلار دوختۇرخانىدىكى كېسەل ساۋاقدىشىنى يوقلىدى.

**عَادٌ:** ئاد (قەدىمكى ئەرەب قەبىلىسى)دىكى بىر كىشى.

﴿**أَلَا بُعْدًا لِعَادٍ قَوْمِ هُودٍ**﴾ ‹قرآن›: ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھود قەۋمى بولغان ئاد ھالاك بولسۇن.

**عَادَةٌ ج عَادَاتٌ وَ عَوَائِدُ:** ئادەت، قائىدە، رەسمىيەت.

**عَادَةٌ مُسْتَحْكَمَةٌ:** يامان ئادەت، ناچار تەبىئەت.

**عَادَةٌ شَهْرِيَّةٌ:** ھەيز ئادىتى، ئادەت كۆرۈش.

**عَادَةٌ مَرْعِيَّةٌ:** ئۆرپ-ئادەت.

**اَلْعَادَةُ السِّرِّيَّةُ:** ئانىزم قىلماق، قولدا لەززەتلىنىش.

**كَعَادَتِهِ:** ئۆزىنىڭ ئادىتىگە ئاساسەن.

**خَارِقُ الْعَادَةِ:** ئادەتتىن تاشقىرى، پەۋقۇلئاددە.

**فِي الْعَادَةِ:** ئادەتتە، ئادەتتىكى.

**فَوْقَ الْعَادَةِ:** پەۋقۇلئاددە، ئالاھىدە.

**اَلْمَنْدُوبُ فَوْقَ الْعَادَةِ:** ئالاھىدە ئەلچى.

**إِجْتِمَاعٌ فَوْقَ الْعَادَةِ:** جىددىي يىغىن.

**بِخِلَافِ الْعَادَةِ:** ئادەتكە ئۇيغۇن ئەمەس.

**عَادَةً:** ئادەتتە، قائىدە بويىچە.

**إِكْتَسَبَ عَادَةَ التَّدْخِيْنِ:** تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىۋالدى.

«**يَتَنَاوَلُ طَعَامَ الْغَدَاءِ عَادَةً فِي مَطْعَمِ الْجَامِعَةِ**»: ئۇ چۈشلۈك تاماقنى ئادەتتە ئۇنىۋېرسىتېت تاماقخانىسىدا يەيدۇ.

**عَادِرٌ:** كاززاپ، يالغانچى؛ تېپىلىپ كەتكۈچى؛ مەغلۇپ بولغۇچى.

**عَادَلَ يُعَادِلُ مُعَادَلَةً:** تەڭپۇڭلاشتۇردى.

«**أَعْطَاكُ ذُو الْفَضْلِ فَضْلاً لَا يُعَادِلُهُ فَضْلٌ فَأَنْتَ لِعَيْنِ الْفَضْلِ إِنْسَانٌ**»: سىلىگە ئاللاھ ھېچقانداق پەزىلەت ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغان بىر پەزىلەت ئاتا قىپتۇ، سىلى پەزىلەت كۆزىنىڭ قارىچۇقى ئىكەنلا.

**عَادَلَ الشَّهَادَةَ بِشَهَادَةٍ أُخْرَى:** دىپلومنى يەنە بىر دىپلومغا سېلىشتۇرۇپ بىر ئورۇنغا قويدى.

**عَادِلٌ ج عَادِلُونَ وَعُدُولٌ وَعُدلٌ:** ئادىل، ھەققانىي، توغرا.

**حَرْبٌ عَادِلَةٌ:** ھەققانىي ئۇرۇش.

**عَادِمٌ:** يوق، مەۋجۇت ئەمەس؛ قۇرۇق، بوش.

**مَاسُورَةُ الْعَادِمِ:** گاز چىقىرىش تۇرۇبىسى.

دَيْنٌ عَادِمٌ: يىغىۋېلىشقا بولمايدىغان ئۈمىدسىز ھېسابات.

عَادَى يُعَادِي مُعَادَاةً وَعِدَاءً: جېدەللەشتى، دۈشمەنلەشتى.

عَادَى بَيْنَ الصَّيْدَيْنِ: بىر ئوق بىلەن ئىككى ئوۋنى يىقىتتى (بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقتى).

﴿عَسَى اللّٰهُ أَنْ يَجْعَلَ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَ الَّذِينَ عَادَيْتُمْ مِنْهُمْ مَوَدَّةً﴾ «قۇرئان»: بەلكىم، ئاللاھ سىلەر بىلەن، سىلەر ئۆچ كۆرىدىغان ئادەملەر ئارىسىدا دوستلۇق پەيدا قىلىدۇ.

عَادٍ ج عُدَاةٌ: زۇلۇم قىلغۇچى، زالىم.

عَادٍ م عَادِيَةٌ: دۈشمەنلەشكۈچى، ئۆچمەنلەشكۈچى.

﴿فَمَنِ اضْطُرَّ غَيْرَ بَاغٍ وَلَا عَادٍ فَإِنَّ اللّٰهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ﴾ «قۇرئان»: كىمكى ئىختىيارسىز ئەمەس، ئىلاجسىزلىقتىن ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقداردا (يېسە) ئاللاھ (ئۇنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

﴿بَلْ أَنْتُمْ قَوْمٌ عَادُونَ﴾ «قۇرئان»: سىلەر ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر.

عَادِيَةٌ ج عَادِيَاتٌ وَعَوَادٍ (عَوَادِي): چاپقۇچى، ئىلگىرىلىگۈچى، يۈگۈرگۈچى؛ يولباشلىغۇچى، رەھبەرلىك قىلغۇچى؛ ئادالەتسىزلىك؛ بەختسىزلىك، بالا-قازا؛ زۇلۇم، زىيانكەشلىك.

عَوَادِي الدَّهْرِ: زاماننىڭ مۇسىبەتلىرى.

﴿وَالْعَادِيَاتِ ضَبْحًا﴾ «قۇرئان»: ھاسىراپ يۈگۈرگۈچى ... ئاتلار بىلەن قەسەمكى.

عَادِيَاتُ الْقَافِلَةِ: كارۋاننىڭ ئالدىدا ماڭغۇچى تۆگە.

عَادِيَاتُ الطَّبِيعَةِ: تەبىئەت ھادىسىلىرى، تەبىئىي ئاپەتلەر.

عَادِيَةُ السَّمِّ: زەھەرنىڭ زىيىنى.

عَادِيَةُ الْإِنْسَانِ: كىشىنىڭ زۇلمى، كىشىنىڭ يامانلىقى.

عَادِيٌّ: ئادەتتىكى، نورمال، ئاددىي، تەبىئىي.

غَيْرُ عَادِيٍّ: ئادەتتىن تاشقىرى، غەيرىي نورمال.

عَادِيٌّ ج عَادِيَّاتٌ: قەدىمكى يادىكارلىق، ئاسارئەتىقە.

تَاجِرُ الْعَادِيَّاتِ: ئاسارئەتىقە سودىگىرى.

عَادِيَّاتٌ: قەدىمدىن قالغان قۇرۇلۇشلار، قەدىمكى ئىمارەتلەر؛ مەدەنىي يادىكارلىق.

مَصْلَحَةُ الْعَادِيَّاتِ: ئارخېئولوگىيە ئىدارىسى.

عَاذَ يَعُوذُ عَوْذًا وَعِيَاذًا وَمَعَاذًا وَمَعَاذَةً: پاناھلىق تىلىدى، ئىلتىجا قىلدى.

عَاذَ بِهِ: ئۇنىڭغا سېغىنىپ يالۋۇردى.

نَعُوذُ بِاللّٰهِ: ئاللاھدىن پاناھ تىلەيمىز.

﴿وَإِنِّي عُذْتُ بِرَبِّي وَرَبِّكُمْ أَنْ تَرْجُمُونِ﴾ «قۇرئان»: مەن ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلارغا سېغىنىپ، سىلەرنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈشۈڭلاردىن پاناھ تىلەيمەن.

عَاذِقٌ ج عَاذِقُونَ وَعُذَّاقٌ: دەرەخ چاتىغۇچى.

عَاذِلٌ ج عُذَّلٌ وَ عُذَّالٌ وَ عَذَلَةٌ وَعَاذِلُونَ م عَاذِلَةٌ ج عَوَاذِلُ وَعَاذِلَاتٌ: كايىغۇچى، مالامەت قىلغۇچى، ئەيىبلىگۈچى.

عَارَ يَعُورُ عَوْرًا الشَّيْءَ: نەرسىنى بۇزۇۋەتتى.

عَارَهُ: ئۇنى يەكچەشمە قىلىپ قويدى.

عَارَ يَعِيرُ عَيْرًا: ئارىسالدى بولدى، ئىككىلىنىپ قالدى، تېڭىرقاپ قالدى.

عَارَ فُلَانًا: پالاننى ئەيىبلىدى، خىجىل قىلدى.

عَارَ فِي الْقَوْمِ: ئارىدا پىتنە-پاسات تېرىدى.

عَارٌ ج أَعْيَارٌ: ئىزا-ئاھانەت، ئار-نومۇس.

عَارٌ عَلَيْكَ: ئۇيات ساڭا!

يَا لَلْعَارِ: ھۇ شەرمەندە، نېمىدېگەن ئۇيات، نە نومۇس، نە ئۇيات.

«يَقُوْلُوْنَ: هَلْ فِي كُلِّ عَامٍ قَصِيْدَةٌ فَلَسْتُ أَرَى لِي فِيْهِ يَا صَاحِ مِنْ عَارِ»: بەزىلەر ھەرىيلى قەسىدە ئوقۇۋېرەمسەن دېيىشىۋاتىدۇ، مېنىڭچە بۇنىڭ ئەيىبكە بۇيرۇغىدەك يېرى يوق.

عَارِبٌ: قان سىستېمىسى ساپ ئەرەب.

عَارَةٌ ج عَارَاتٌ: قەرز، ئۆتنە، ئارىيەت.

«اَلْعَارَةُ يَجِبُ أَنْ تُرَدَّ إِلَى صَاحِبِهَا، فَإِنْ تَلَفَتْ وَجَبَ دَفْعُ قِيْمَتِهَا»: ئارىيەت ئالغان نەرسە ئىگىسىگە قايتۇرۇلۇشى كېرەك، ئەگەر بۇزۇلسا ئۇنى تۆلىشى كېرەك.

عَارَزَ يُعَارِزُ مُعَارَزَةً: قىيىنلاشتى.

عَارَزَ الشَّيْءُ: نەرسە تۈگۈلۈۋالدى، قورۇلۇۋالدى.

عَارَزَهُ: ئۇنىڭغا قارشى تۇردى.

عَارَضَ يُعَارِضُ مُعَارَضَةً: قارشىلاشتى، توقۇنۇشتى؛ قاچتى، ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.

عَارَضَ الشَّيْءَ بِالشَّيْءِ: سېلىشتۇردى.

عَارِضٌ ج عَوَارِضُ: ھادىسە، ئاپەت، چاتاق، تاسادىپىي ئەھۋال؛ بۇلۇت، توسالغۇ؛ تاسادىپىيلىق، غەيرىي ماھىيەتلىك؛ ۋاقىتلىق، مەگىز.

عَوَارِضُ أَرْضِيَّةٌ: تەبىئىي توسالغۇ.

﴿قَالُوا هَذَا عَارِضٌ مُّمْطِرُنَا﴾ «قرآن»: مانا بۇ بىزگە يامغۇر ياغدۇرغۇچى بۇلۇتتۇر، دېيىشتى.

أَمْرٌ عَارِضٌ: ئۆتۈپ كېتىدىغان ئىش.

خِلَافٌ عَارِضٌ بَيْنَ الصَّدِيْقَيْنِ: ئىككى دوست ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىختىلاپ.

عَرَضَ لَهُ عَارِضٌ مَنَعَهُ مِنْ حُضُورِ الْإِجْتِمَاعِ: ئۇنىڭغا بىرەر ئەھۋال يۈز بېرىپ يىغىنغا قاتنىشالمىدى.

لَمْ أَرَ سِوَى أَحَدِ عَارِضَيْهِ: ئۇنىڭ بىر مەگزىنىلا كۆردۈم.

خَفِيْفُ الْعَارِضَيْنِ: چېكە چاچلىرى شالاڭ.

عَارِضَةٌ ج عَوَارِضُ: مەگز؛ ياخشى پىكىر؛ ئىشىكنىڭ مۇجۇقى؛ گەپدان؛ توغرا لىم.

عَارِضَةُ أَزْيَاءٍ: كىيىم مودېلى.

قُوَّةُ الْعَارِضَةِ: مۇنازىرە ئىقتىدارى، قىزغىن تالاش-تارتىش ئىقتىدارى.

فُلَانٌ ذُو عَارِضَةٍ: سۆزمەن، گەپدان.

قَوِيُّ الْعَارِضَةِ: مۇنازىرە ئىقتىدارى كۈچلۈك.

عَارِضِيٌّ: كۆتۈلمىگەن، ئويلانمىغان.

عَارِفٌ: تونۇغۇچى، تونۇپ يەتكۈچى.

عَارِفَةٌ ج عَوَارِفُ: سوۋغا، ھەدىيە، خەير-ئېھسان.

عَارَكَ يُعَارِكُ مُعَارَكَةً: ئۇرۇشتى، جەڭ قىلىشتى.

عَارَمَ يُعَارِمُ مُعَارَمَةً فُلَانًا: مۇنازىرىلەشتى.

عَارِمٌ ج عُرَمَةٌ م عَارِمَةٌ ج عَارِمَاتٌ وَعَوَارِمُ: ئەسكى، ئەسكى ئادەم، يامان ئادەم، ئۇچىغا چىققان ئەسكى.

يَوْمٌ عَارِمٌ: سوغۇق كۈن.

حَرْبٌ عَارِمَةٌ: قاتتىق جەڭ.

عَارِنٌ: يولۋاس.

عَارُورٌ: نومۇسسىز، رەسۋا.

عَارٍ ج عُرَاةٌ م عَارِيَةٌ ج عَوَارٍ وَعَارِيَاتٌ: يالىڭاچ؛ يالغۇز.

«أَوْ كَاللِّبَاسِ لَدَى الْعَارِيْ وَأَطْعِمَةٍ عِنْدَ الْجِيَاعِ وَأَمْنٍ بَعْدَ إِشْفَاقِ»: (بۇ شېئىر ماڭا يېتىپ كېلىشى بىلەن) يالىڭاچ ئادەم كىيىمگە، ئاچ ئادەم تائامغا، قورقۇنچ باسقان ئادەم خاتىرجەملىككە ئېرىشكەندەك بولۇپ كەتتىم.

عَارِي الْأَقْدَامِ: يالاڭ ئاياغ.

عَارِي الرَّأْسِ: يالاڭباش.

عَارٍ مِنْ كَذَا: بۇنىڭدىن خالىي.

عَارٍ مِنَ الصِّحَّةِ: توغرا ئەمەس.

عَارٍ مِنْ كُلِّ عَيْبٍ: ئەيىبسىز.

خَبَرٌ عَارٍ مِنَ الصِّحَّةِ: يالغان خەۋەر.

بِضَاعَةٌ عَارِيَةٌ مِنَ الْعَيْبِ: بىجىرىم مال.

أَتَمَنَّى أَنْ يَكُون هَذَا الْخَبَرُ عَارِيًا عَنِ الصِّحَّةِ: بۇ خەۋەرنىڭ يالغان چىقىشىنى ئارزۇ قىلىمەن، بۇ خەۋەر يالغان چىقسىكەن دەيمەن.

عَارِيَةٌ: ئارىيەت، ئۆتنە.

شَعْرٌ عَارِيَةٌ: يالغان چاچ.

عَارِيَّةٌ: قەرز، ئۆتنە، ئارىيەت.

عَازَ يَعُوزُ عَوْزًا الشَّيْءُ: نەرسە يېتىشمىدى، كەمچىل بولدى.

عَازَ الشَّيْءَ: ئېھتىياجلىق نەرسىنى تاپالمىدى.

عَازِبٌ ج عُزَّابٌ: توي قىلمىغان، بويتاق.

عَازِفٌ: سازچى، مۇزىكانت.

عَازِلٌ ج عُزَّالٌ: ئايرىغۇچى، ئاجراتقۇچى؛ توسۇغۇچى؛ سېپاراتور، ئايرىغۇچ تاختاي.

عَازِمٌ: نىيەت قىلغۇچى، ئىرادە تىكلىگۈچى، بەل باغلىغۇچى.

عَاسَ يَعُوسُ عَوْسًا وَعَوَسَانًا: كېچىدە ئايلاندى.

عَاسَ الذِّئْبُ: بۆرە كېچىدە ئوزۇق ئىزدىدى.

عَاسَ عَلَى عِيَالِهِ: ئائىلىنى بېقىش ئۈچۈن جاپا چەكتى.

عَاسَ يَعُوسُ عَوْسًا وَعِيَاسَةً مَالَهُ: مېلىنى ياخشى باشقۇردى.

عَاسَرَ يُعَاسِرُ مُعَاسَرَةً ـــهُ: ئۇنىڭغا قاتتىق مۇئامىلە قىلدى، كەسكىن قارىدى، جىددىي قارىدى.

عَاسٌّ ج عَسَسٌ وَ عُسَّاسٌ: جەسەكچى، كېچىلىك چارلىغۇچى.

عَاسٍ: قوپال، توڭ، تاش يۈرەك؛ خورمىنىڭ نوتا شېخى.

عَاشَ يَعِيشُ عَيْشًا / عِيْشًا وَ عِيْشَةً وَ مَعِيْشًا وَ مَعَاشًا وَ مَعِيْشَةً: ياشىدى، تۇرمۇش كەچۈردى، ھايات كەچۈردى؛ بەرداشلىق بەردى، چىدىدى.

عَاشَ فُلَانٌ تِسْعِيْنَ سَنَةً: پالانى توقسان ياشقا كىردى.

عَاشَ عِيْشَةً رَاضِيَةً: كۆڭۈللۈك ياشىدى.

عَاشَ عَيْشَةً حَسَنَةً: ئوبدان تۇرمۇش كەچۈردى.

عَاشِبٌ ج عَوَاشِبُ: ئوتخور ھايۋانلار.

عَاشَرَ يُعَاشِرُ مُعَاشَرَةً: ئارىلىشىشتى، ئالاقىلەشتى، باردى-كەلدى قىلىشتى.

﴿وَعَاشِرُوهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ﴾ ‹قرآن›: ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار.

عَاشِرٌ ج عُشَّرٌ م عَاشِرَةٌ ج عَوَاشِرُ: ئونىنچى.

عَاشِقٌ ج عُشَّاقٌ وَ عَاشِقُونَ م عَاشِقَةٌ ج عَوَاشِقُ: ئاشىق، مۇھەببەت باغلىغۇچى.

عَاشِقٌ وَمَعْشُوقٌ: ئاشىق-مەشۇق.

عَاشُوبٌ ج عَوَاشِبُ: ھاشارات يوقىتىش دورىسى.

الْعَاشُورُ. الْعَاشُورَاءُ: ھىجرىيە 1- ئاي (مۇھەررەم)نىڭ 10- كۈنى.

اَلْعَاشُوْرِيّ: ھىجرىيە 1- ئاي (مۇھەررەم)نىڭ 10- كۈنى.

عَاصَ يَعَاصُ عَوْصًا الْأَمْرُ: ئىش قىيىن بولدى.

عَاصَ الْكَلَامُ: سۆز چۈشىنىكسىز بولدى.

عَاصِبٌ: ئاتا جەمەت تۇغقان.

عَاصَرَ يُعَاصِرُ مُعَاصَرَةً: زاماندااش بولدى، ئەسىرداش بولدى، بىر دەۋردە ياشىدى.

عَاصِرٌ ج عَصَرَةٌ وَ عَاصِرُونَ م عَاصِرَةٌ ج عَوَاصِرُ وَ عَاصِرَاتٌ: بېخىل.

عَاصِفٌ ج عَوَاصِفُ: قېيىپ كەتكۈچى، مايىل بولغۇچى.

يَوْمٌ عَاصِفٌ: بورانلىق كۈن.

﴿جَاءَتْهَا رِيْحٌ عَاصِفٌ﴾ ‹قرآن›: بىردىنلا بوران چىقىپ...

عَاصِفَةٌ ج عَاصِفَاتٌ وَ عَوَاصِفُ: بوران، قارا بوران،

قويۇن؛ گۈلدۈرامىلىق قارا يامغۇر.

﴿وَلِسُلَيْمَانَ الرِّيْحَ عَاصِفَةً تَجْرِي بِأَمْرِهِ﴾ «قرآن»: سۇلەيمانغا قاتتىق چىقىدىغان شامالنى مۇسەخخەر قىلىپ بەردۇق. شامال سۇلەيماننىڭ ئەمرى بويىچە ماڭاتتى.

«لَاتَمْنَعُهُ الْعَوَاصِفُ وَالْأَمْطَارُ»: بوران-چاپقۇن ئۇنى توسۇپ قالالمايدۇ.

عَاصِمٌ: ساقلىغۇچى، قوغدىغۇچى.

﴿يَوْمَ تُوَلُّونَ مُدْبِرِيْنَ مَالَكُمْ مِنَ اللهِ مِنْ عَاصِمٍ﴾ «قرآن»: ئۇ كۈندە (دوزاخ ئازابىنىڭ دەھشىتىدىن قورقۇپ) ئارقاڭلارغا چېكىنىسىلەر، سىلەرگە ھېچ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى بولمايدۇ.

عَاصِمَةٌ ج عَوَاصِمُ: پايتەخت، مەركەز.

عَاصَى يُعَاصِي مُعَاصَاةً غَيْرَهُ: ئاسىيلىق قىلدى، خىلاپلىق قىلدى.

عَاصٍ ج عُصَاةٌ وَ عَاصُونَ: قارشى تۇرغۇچى، خىلاپلىق قىلغۇچى، ئىسيانچى، ئاسىي.

عَاضَ يَعُوضُ عَوْضًا وَ عِوَضًا وَ عِيَاضًا: تولدۇرۇپ بەردى، تۆلەپ بەردى.

عَاضَهُمُ اللهُ أَفْضَلَ مِمَّا أَفْقَدَهُ: ئاللاھ ئۇلارغا يوقاتقان نەرسىسىدىن ئارتۇقراقىنى بەرسۇن.

عَاضَبَ يُعَاضِبُ مُعَاضَبَةً فُلَانًا: قارشىلاشتى، رىنجىلاشتى.

عَاضَدَ يُعَاضِدُ مُعَاضَدَةً: ياردەم بەردى، مەدەت بەردى.

عَاطَ يَعِيْطُ عَيْطًا عُنُقُهُ: بويىنى ئۇزۇن بولدى.

عَاطِرٌ ج عُطُرٌ: خۇش پۇراققا ئامراق ئادەم، ئەتىر خۇمار.

ثَنَاءٌ عَاطِرٌ: خۇش پۇراق، خۇش ھىد؛ كۆپ مەدھىيە.

عَاطِشٌ: ئۈمىدۋار، سېغىنغۇچى؛ ئۇسسۇز.

عَاطِفٌ ج عُطُفٌ وَ عَطَفَةٌ: چاپان، تون؛ مۇسابىقە ئېتىنىڭ ئالتىنچىسى، يۇمشاق كۆڭۈل، رەھىمدىل، مېھرىبان.

عَاطِفَةٌ ج عَوَاطِفُ: ھېسسىيات، تۇيغۇ.

خَلَا قَلْبُهُ مِنْ كُلِّ عَاطِفَةٍ: ئۇنىڭ قەلبىدە مېھرىبانلىق يوق.

عَاطِفَةٌ وَطَنِيَّةٌ: ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى، ۋەتەن مۇھەببىتى.

«نَظَمْتُ مِنْ فَرْطِ إِخْلَاصٍ وَعَاطِفَةٍ إِلَيْكَ نَظْمًا فَمَا لِي فِيْهِ إِتْقَانٌ»: مېنىڭ ئۆزلىرىگە ھەددىدىن زىيادە ئىخلاسىم ۋە ھۆرمىتىم بولغاچقا، تازا كىلىشتۇرەلمىسەممۇ سىلىگە (ئاتاپ) نەزم تۈزدۈم.

عَوَاطِفِيٌّ: تەسىرچان، ھېسسىياتچان.

عَوَاطِفُ الْإِحْتِرَامِ: ھۆرمەت ھېسسىياتلىرى.

تَقَبَّلْ أَسْمَى عَوَاطِفِيْ: يۈكسەك سېغىنىشىمنى قوبۇل قىلغىن.

عَاطِفِيٌّ: تەسىرچان، ھېسسىياتچان، خۇشتار.

كَاتِبٌ عَاطِفِيٌّ: ھېسسىياتچان يازغۇچى.

عَاطِفِيَّةٌ: تەسىرلىك، ھېسسىياتلىق

قِصَّةٌ عَاطِفِيَّةٌ: تەسىرلىك ھېكايە.

فَتَاةٌ عَاطِفِيَّةٌ: ھېسسىياتچان قىز.

رِسَالَةٌ عَاطِفِيَّةٌ: سېغىنىشلىق خەت.

عَاطِلٌ ج عَوَاطِلُ وَ عُطُلٌ: ئىشسىز، خالىي، كەم، بوش؛ بىكار تەلەپ؛ ناچار.

عَاطِلَةٌ ج عَوَاطِلُ وَ عَاطِلَاتٌ: زىبۇزىننەتتىن خالىي ئايال؛ ئىشسىز.

عَاطُوسٌ: ناسۋال.

عَاطَى يُعَاطِي مُعَاطَاةً وَ عِطَاءَ الشَّيْءَ غَيْرَهُ: نەرسىنى بەردى، تاپشۇرۇپ بەردى.

عَافَ يَعَافُ عَيْفًا وَ عِيَافًا وَ عَيَفَانًا: يىرگەندى، ياقتۇرمىدى، زېرىكتى.

يَعَافُ النَّظَرَ إِلَيْهِ: ئۇنىڭ ئۇنى كۆرگۈسى يوق.

عَافَ التَّدْخِيْنَ فَأَقْلَعَ عَنْهُ: تاماكىدىن يىرگىنىپ، ئۇنى تاشلىدى.

عَافَ يَعُوفُ عَوْفًا الطَّائِرُ: قۇش قونۇش ئۈچۈن ئەگىدى.

عَافَ يَعِيْفُ عَيْفًا الطَّائِرُ: قۇش ئايلاندى، ئەگىدى.

عَافَ يَعِيْفُ عِيَافَةً الطَّيْرَ: قۇشنىڭ ئۇچۇشىغا قاراپ پال ئاچتى.

عَافَسَ يُعَافِسُ مُعَافَسَةً: چېلىشتى، مەشىق قىلدى.

عَافَى يُعَافِي مُعَافَاةً وَ عِفَاءً وَ عَافِيَةً اللهُ فُلَانًا: پالاننى خۇدا ساقلىدى.

عَافَاهُ اللهُ: ئاللاھ ئۇنىڭغا شىپالىق بەرسۇن.

عَافٍ ج عِفِيٌّ و عَافِيَةٌ وَ عِفَاءٌ: ئۆچۈرۈلگەن، ئۆچۈرۈۋېتىلگەن، ئىزى يوقالغان.

عَافٍ ج عُفِيٌّ وَ عُفَاةٌ وَ عَافِيَةٌ: مېھمان.

عَافِيَةٌ ج عَافِيَاتٌ وَ عَوَافٍ: تەن سالامەتلىك، ساغلاملىق.

عَاقَ يَعِيْقُ عَيْقًا فُلَانًا عَنْ كَذَا: توسۇدى، مەنئى قىلدى.

عَاقَ يَعُوقُ عَوْقًا عَنْ كَذَا: كېچىكتۈردى، توسۇپ قويدى، يۈز ئۆرۈتۈپ قويدى.

عَاقَهُ: ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلدى، توسالغۇ بولدى.

عَاقَبَ يُعَاقِبُ مُعَاقَبَةً وَ عِقَابًا: جازالىدى، قىساس ئالدى.

﴿فَإِنْ عَاقَبْتُمْ فَعَاقِبُوا بِمِثْلِ مَا عُوقِبْتُمْ بِهِ﴾ ‹قرآن›: ئەگەر ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلارغا يەتكەن زىيان-زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار.

عَاقَبَهُ: ئۇنىڭ بىلەن نۆۋەتلەشتى، ئالماشتى.

عَاقِبٌ: ئورۇنباسار، كېيىن كەلگەن، تولۇق ھوقۇقلۇق ئەلچى.

عَاقِبَةٌ ج عَوَاقِبُ: نەتىجە، ئاقىۋەت؛ ئىشنىڭ ئاخىرى.

حَسَنُ الْعَاقِبَةِ: ياخشى ئاقىۋەت.

سُوءُ الْعَاقِبَةِ: يامان ئاقىۋەت.

﴿وَالْعَاقِبَةُ لِلْمُتَّقِيْنَ﴾ ‹قرآن›: ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر.

عَاقَدَ يُعَاقِدُ مُعَاقَدَةً الْقَوْمُ: قوۋم كېلىشىم تۈزۈشتى.

عَاقَرَ يُعَاقِرُ مُعَاقَرَةً الشَّيْءَ: نەرسىگە بېرىلىپ كەتتى.

عَاقِرٌ ج عَوَاقِرُ: تۇغماس ئايال.

رَجُلٌ عَاقِرٌ ج عُقَّرٌ: تۇغماس ئەر.

﴿وَقَدْ بَلَغَنِيَ الْكِبَرُ وَامْرَأَتِيْ عَاقِرٌ﴾ ‹قرآن›: مەن قېرىپ قالغان تۇرسام، ئايالىم تۇغۇتتىن قالغان تۇرسا.

عَاقٌّ ج عَقَقَةٌ وَ عَاقُّونَ م عَاقَّةٌ ج عَوَاقُّ وَ عَاقَّاتٌ: قاقشاتقۇچى، ئاسىيلىق قىلغۇچى، نائىنساپ بالا.

عَاقِلٌ ج عَاقِلُونَ وَ عُقَلَاءُ م عَاقِلَةٌ ج عَاقِلَاتٌ وَ عَوَاقِلُ: ئاقىل، زېرەك، چۈشەنگۈچى، سەزگۈر، دانا.

عَاقُولٌ ج عَوَاقِلُ: قانداغاي.

عَاكَ يَعُوكُ عَوْكًا وَ مَعَاكًا عَلَيْهِ: ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى.

عَاكَ بِهِ: ئىلتىجا قىلدى.

عَاكَ مَعَاشَهُ: تېرىنىشتى.

عَاكَ يَعِيْكُ عَيْكَانًا: دولىسىنى ئېتىپ ماڭدى.

عَاكَسَ يُعَاكِسُ مُعَاكَسَةً: قارشىلاشتى، توسقۇنلۇق قىلدى.

عَاكَسَهُ: ئۇنى بىزار قىلدى.

عَاكَسَهُ الْقَدَرُ: پېشانىسى تەتۈر كەلدى.

عَاكِسٌ ج عَوَاكِسُ: ئەكس ئەتتۈرگۈچى، قايتۇرۇش كۈچى، ئەكس ئەتتۈرۈش كۈچى.

عَاكِسُ الْكَائِنِ: كائىناتنىڭ ئىنكاسى.

الْعَاكِسُ الذَّرِّيّ: ئاتوم قازىنى، ئاتوم رېئاكتورى.

**عَاكِسَةٌ ج عَاكِسَاتٌ:** ئەكس ئەتتۈرگۈچى.

**عَاكِسَةُ النُّورِ:** نۇر قايتۇرغۇچى.

**مرآةٌ عَاكِسَةٌ:** نۇر قايتۇرغۇچى ئەينەك.

**عَاكَظَ يُعَاكِظُ مُعَاكَظَةً الْأَمْرَ:** كېچىكتۈردى، كەينىگە سۈردى.

**عَاكِفٌ ج عَكُوفٌ وَ عَاكِفُونَ وَ عُكَّفٌ:** ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگۈچى، باش چۆكۈرۈپ ئىشلىگۈچى، خىلۋەتتە ياشىغۇچى، ئېتىكاپ قىلغۇچى.

**﴿وَ لَاتُبَاشِرُوهُنَّ وَأَنْتُمْ عَاكِفُونَ فِي الْمَسَاجِدِ﴾ «قرآن»:** سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار.

**عَاكَّ يُعَاكُّ مُعَاكَّةً فُلَانًا عَلَيْهِ:** ھېسداشلىق قىلدى.

**عَاكِلٌ ج عُكُلٌ:** بېخىل، پىخسىق، قىسقا، پاكار.

**عَاكَمَ يُعَاكِمُ مُعَاكَمَةً فُلَانٌ عَلَى فُلَانٍ:** ياردەملەشتى، ھەمكارلاشتى.

**عَاكُوبٌ:** توپا، چاڭ.

**عَاكٍ (الْعَاكِي) ج عُكَاةٌ:** يىكچى، يىپ ساتقۇچى، ئۆلۈك ئادەم.

**عَالَ يَعُولُ عَوْلًا فِي حُكْمِهِ:** ئادالەتسىزلىك قىلدى، ھەقىقەتتىن بۇرۇلۇپ كەتتى.

**﴿ذَالِكَ أَدْنَى أَلَّا تَعُولُوا﴾ «قرآن»:** بۇ زۇلۇم قىلماسلىقىڭلارغا ئەڭ يېقىندۇر.

**عَالَ الشَّيْءُ فُلَانًا:** نەرسە پالانىغا ئېغىر كەلدى، يۈك بولۇپ قالدى.

**عَالَ الرَّجُلُ:** كىشى كەمبەغەللىشىپ كەتتى.

**عَالَ يَعُولُ عَوْلًا وَ عِيَالَةً الرَّجُلُ:** كىشىنىڭ جان سانى كۆپىيىپ كەتتى؛ كىشى كەمبەغەللىشىپ كەتتى، موھتاج بولۇپ قالدى.

**عَالَ الرَّجُلُ عِيَالَهُ:** كىشى ئائىلىسىنى باقتى، تەمىنلىدى.

**«مَنْ عَالَ جَارِيَتَيْنِ حَتَّى تَبْلُغَا جَاءَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَنَا وَهُوَ كَهَاتَيْنِ» «حديث»:** كىمكى ئىككى قىزنى بالاغەتكە يەتكۈچىلىك بېقىپ چوڭ قىلسا، قىيامەت كۈنى ئۇ مەن بىلەن مۇشۇنداق كېلىدۇ.

**«الْجَاهِلُ يَعْتَمِدُ إِلَى نَسَبِهِ وَالْعَالِمُ يَعُولُ إِلَى أَدَبِهِ:** نادان ئۆزىنىڭ نەسەبىگە تايىنىدۇ، ئالىم ئۆزىنىڭ ئەدىبىگە (ئىلمىگە) تايىنىدۇ.

**عَالَ يَعِيلُ عَيْلًا الشَّيْءُ فُلَانًا:** نەرسە پالانىغا ئېغىر يۈك بولۇپ قالدى، زور مەسئۇلىيەت ئارتىلدى، ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى، موھتاج قىلىپ قويدى.

**عَالَ يَعِيلُ عَيْلَةً وَ عَيْلًا وَ عُيُولًا وَ مَعِيْلًا:** كەمبەغەللىشىپ كەتتى، پېقىر بولۇپ قالدى.

**«مَاعَالَ مُقْتَصِدٌ» «حديث»:** تېجەشلىك بولغان ئادەم كەمبەغەللىشىپ كەتمەيدۇ.

**عَالَةٌ:** كەمبەغەللىك.

**الْعَالَةُ:** زۇنتەك، شاخ- شۇمبىدىن قىلىنغان چېدىرچە، ساتما؛ يۈك؛ ئېغىرلىق.

**هُوَ عَالَةٌ عَلَى غَيْرِهِ:** ئۇ باشقىلارغا تۇرمۇشتا يۈك بولۇپ قالدى.

**عَاشَ عَالَةً عَلَى فُلَانٍ:** پالانىغا تايىنىپ ياشىدى.

**عَالَجَ يُعَالِجُ مُعَالَجَةً وَ عِلَاجًا الْمَرِيْضَ:** كېسەلنى داۋالىدى.

**عَالَجَ الْأَمْرَ:** ئىشنى بېجىردى، چارىسىنى كۆردى.

**عَالَجَ الْمَوْضُوعَ:** ماۋزۇنى مۇھاكىمە قىلدى.

**عَالَجَ الْحَدِيْدَ:** پولاتنىڭ سۈيىنى ياندۇردى، پىششىقلاپ ئىشلىدى.

**عَالَمٌ ج عَالَمُونَ وَ عَوَالِمُ:** ئالەم، دۇنيا، جاھان، كائىنات.

**عَالَمُ الْحَيَوَانِ:** ھايۋاناتلار دۇنياسى.

**عَالَمُ النَّبَاتِ:** ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسى.

**عَالَمٌ مُتَمَدِّنٌ:** مەدەنىيەت دۇنياسى، يېڭىچە دۇنيا.

**عَالَمُ الْخَيَالِ:** ئۇيقۇ، چۈش.

الْعَالَمُ الْعَرَبِيُّ: ئەرەب دۇنياسى.

عَالَمُ الْإِنْسَانِ: ئىنسانىيەت دۇنياسى.

الْعَالَمُ الْإِسْلَامِيُّ: ئىسلام دۇنياسى.

بُلْدَانُ الْعَالَمِ الثَّالِثِ: 3 ـ دۇنيا ئەللىرى.

عَالِمٌ ج عُلَمَاءُ: ئالىم، بىلگۈچى، مەخسۇس بىلىم ئىگىسى، مۇتەخەسسىس، بىلىملىك.

عَالِمُ الْمَشْرِقِيَّاتِ: شەرقشۇناس.

﴿عَالِمُ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ فَتَعَالَى عَمَّا يُشْرِكُونَ﴾ «قرآن»: ئاللاھ غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئۈستۈندۇر.

﴿إِنَّمَا يَخْشَى اللهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ﴾ «قرآن»: ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھدىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ.

عَالِمٌ بِالْأَمْرِ: تەدبىرلىك، تەجرىبىلىك.

عَالِمَةٌ ج عَوَالِمُ: ئايال ئالىم.

عَالَمِيٌّ: ئالەمشۇمۇل، دۇنياۋى، دۇنيالىق، خەلقئارالىق، زامانىۋى.

عَالَمِيَّةٌ: دۇنيالىق، دۇنياۋى، خەلقئارالىق.

الْحَرْبُ الْعَالَمِيَّةُ: دۇنيا ئۇرۇشى.

اَلْأَسْوَاقُ الْعَالَمِيَّةُ: دۇنيا بازىرى، خەلقئارالىق بازار.

عَالِمِيَّةٌ: باكالاۋر.

عَالَنَ يُعَالِنُ مُعَالَنَةً وَ عِلَانًا غَيْرَهُ بِالشَّيْءِ: ئاشكارا قىلدى، ئوچۇق قىلدى، ئېلان قىلدى، جاكارلىدى.

عَالَى يُعَالِي مُعَالَاةً الشَّيْءَ: كۆتۈردى، ئېگىزلەتتى.

عَالٍ (العَالِي) م عَالِيَةٌ: يۇقىرى، ئۈستۈن، ئالىي، يۈكسەك.

بِصَوْتٍ عَالٍ: يۇقىرى ئاۋاز بىلەن.

﴿وَإِنَّ فِرْعَوْنَ لَعَالٍ فِي الْأَرْضِ وَإِنَّهُ لَمِنَ الْمُسْرِفِينَ﴾ «قرآن»: پىرئەۋن زېمىندا (يەنى، مىسىر زېمىنىدا) شەك ـ شۈبھىسىزكى، مۇتەكەببىردۇر، ئۇ ئەلۋەتتە ھەددىدىن ئاشقۇچىدۇر.

عَالِي الْكَعْبِ: ئېسىل، مەرتىۋىلىك.

عَالِي الْهِمَّةِ: ھىممەتلىك، ئىرادىلىك.

الْبَابُ الْعَالِي: ئوسمان خانىدانلىقى دەۋرىدىكى تۈركىيە ھۆكۈمىتى.

جَعَلَ عَالِيَهُ سَافِلَهُ: ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى، كۆمتۈرۈۋەتتى.

عَامَ يَعُومُ عَوْمًا فِي الْمَاءِ: سۇ ئۈزدى، سۇدا لەيلىدى.

عَامَ يَعِيمُ عَيْمًا وَ عَيْمَةً وَ عِيَامًا: سۈتنى ياخشى كۆردى، كۆڭلى سۈتكە تارتتى؛ سۈتنى ئازلاپ كەتتى؛ ئۇسساپ كەتتى.

عَامٌ ج أَعْوَامٌ: يىل.

عَامٌ مَدْرَسِيٌّ: ئوقۇش يىلى.

﴿وَفِصَالُهُ فِي عَامَيْنِ﴾ «قرآن»: ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى.

كُلَّ عَامٍ وَأَنْتُمْ بِخَيْرٍ: يېڭى يىلىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن.

عَامَئِذٍ: شۇ يىلى، ئۆز ۋاقتىدا.

لَبِثَ فِي الْأَسْرِ أَعْوَامًا: ئەسىرلىكتە بىرقانچە يىل تۇرۇپ قالدى.

رَأْسُ الْعَامِ: يىل بېشى.

عَامَةٌ: سال.

عَامِدٌ: مەقسەت قىلغۇچى.

لَا تَلُمْهُ فَلَمْ يَفْعَلْ ذَالِكَ عَامِدًا: ئۇنى ئەيىبلىمە، ئۇ قەستەن قىلمىدى.

عَامِرٌ ج عُمَّارٌ م عَامِرَةٌ ج عَوَامِرُ: ئاھالىسى زىچ، زىچ ئولتۇراقلاشقان؛ ئورۇنلاشقۇچى، ماكانلاشقۇچى؛ ئاۋات، گۈللەنگەن.

عَامِرُ الْبَيْتِ ج عَوَامِرُ: يىلان.

أُمُّ الْعَامِرِ: سىرتلان.

«تَقْضِي أَوْقَاتَ فَرَاغِنَا فِي الْقِرَاءَةِ فِي تِلْكَ الْمَكْتَبَةِ

الْعَامِرَةِ»: بىز بوش ۋاقتىمىزنى ئاشۇ ئاۋات كۈتۈپخانىدا ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزىمىز.

**عَامَسَ يُعَامِسُ مُعَامَسَةً ـــ هُ:** ئۇنىڭ بىلەن پىچىرلاشتى.

**عَامَلَ يُعَامِلُ مُعَامَلَةً:** مۇئامىلە قىلىشتى، ئالاقە قىلىشتى.

**عَامَلَهُ مُعَامَلَةً حَسَنَةً:** ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلدى.

**عَامَلَهُمْ بِالْمِثْلِ:** ئۇلار قانداق مۇئامىلە قىلغان بولسا، بۇلارمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلدى.

**عَامَلَهُ بِإِنْسَانِيَّةٍ:** ئۇنىڭغا ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلدى.

**عَامَلَهُ كَصَدِيقٍ:** دوستانە مۇئامىلە قىلدى.

**عَامِلٌ ج عَامِلُونَ م عَامِلَةٌ ج عَامِلَاتٌ وَ عَوَامِلُ:** ئىشچى.

**شِرْكَةٌ عَامِلَةٌ فِي الْبِلَادِ:** مەملىكەتلەردە ئىش ئېلىپ بېرىۋاتقان شىركەت.

**أَعْضَاءٌ عَامِلُونَ فِي الْجَمْعِيَّةِ:** جەمئىيەتتە ئىشلەۋاتقان ئەزالار.

**﴿إِنِّي لَا أُضِيعُ عَمَلَ عَامِلٍ مِّنكُمْ﴾** «قرآن»: مەن سىلەردىن ھەرقانداق بىر ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمىلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن.

**﴿وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ خَاشِعَةٌ عَامِلَةٌ نَاصِبَةٌ﴾** «قرآن»: قىيامەت كۈنىدە نۇرغۇن ئادەملەر خار بولغۇچىدۇر، ئۇلار دۇنيادا گۇناھ قىلغۇچىلاردۇر. (ئاخىرەتتە) جاپا تارتقۇچىلاردۇر.

**الطَّبَقَةُ الْعَامِلَةُ:** ئىشچىلار سىنىپى.

**الْجُيُوشُ الْعَامِلَةُ:** ئۇرۇش قىلغۇچى قوشۇن، زاپاس قوشۇن.

**عَامِلَةُ التِّلْفُونِ:** ئايال تېلېفونىست.

**الْعَوَامِلُ الْإِيجَابِيَّةُ:** ئاكتىپ ئامىللار.

**عَامِلٌ ج عُمَّالٌ وَ عَمَلَةٌ:** ئىشچى، ئەمگەكچى، مېھنەتكەش.

**عُمَّالُ الْبِنَاءِ:** قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى.

**طَبَقَةُ الْعُمَّالِ وَالْفَلَّاحِينَ:** ئىشچى - دېھقانلار سىنىپى.

**عَامِلٌ فِي مَصْنَعٍ:** زاۋۇت ئىشچىسى.

**عَامِلٌ زِرَاعِيٌّ:** يېزا ئىگىلىك ئىشچىسى.

**عَامِلٌ عَلَى الْبَلَدِ:** ھاكىم، ۋالىي.

**عَسْكَرِيٌّ عَامِلٌ:** ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان ئەسكەر.

**حِزْبُ الْعُمَّالِ:** ئىشچىلار پارتىيىسى.

**عَامِلٌ ج عَوَامِلُ:** سەۋەب، غەرەز، ئامىل.

**ضَرَبَهُ تَحْتَ عَامِلِ الْغَضَبِ:** ئاچچىق سەۋەبىدىن ئۇنى ئۇرۇپ سالدى.

**عَامٌّ:** ئومۇمىي، ئاممىۋى، ئومۇمىي خەلق، ئامما.

**الرَّأْيُ الْعَامُّ:** جامائەت پىكرى.

**النِّظَامُ الْعَامُّ:** ئاممىۋى تەرتىپ، جامائەت تەرتىپى.

**الْأَمِينُ الْعَامُّ:** باش سېكرېتار، باش كاتىپ.

**مَبْدَأٌ عَامٌّ:** باش پرىنسىپ، ئومۇمىي پرىنسىپ.

**الصَّالِحُ الْعَامُّ:** جامائەت پاراۋانلىقى.

**عَامَّةٌ ج عَوَامُّ:** پۈتۈن، ئومۇمىي، بارلىق، ئامما.

**عَامَّةُ النَّاسِ:** ئاددىي خەلق، ئاۋام پۇقرا.

**الْقِيَادَةُ الْعَامَّةُ:** ئالىي قوماندانلىق شتابى.

**الْمُدِيرُ الْعَامُّ:** باش دىرېكتور، باش مۇدىر.

**الْقُنْصُلُ الْعَامُّ:** باش كونسۇل.

**الْأَمْنُ الْعَامُّ:** جامائەت خەۋپسىزلىكى.

**الْأَعْمَالُ الْعَامَّةُ:** ئىجتىمائىي خىزمەتلەر.

**اللَّجْنَةُ الْعَامَّةُ:** ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنى.

**قَاعِدَةٌ عَامَّةٌ:** ئومۇمىي پرىنسىپ.

**عَامِّيٌّ:** ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىۋاتقان؛ ئاممىنىڭ؛ ئاددىي خەلق، ئاۋام پۇقرا، ئاممىباب.

**الْعَامِّيَّةُ:** يەرلىك تىل، يەرلىك شېۋە.

**اللُّغَةُ الْعَامِّيَّةُ:** ئاۋام تىلى، جانلىق تىل، ماقال-

تەمسىل.

عَامُوْدٌ ج عَوَامِيْدُ: تۈۋرۈك، ستولبا.

الْعَامِي: يولنى ئاڭقىرالمايدىغان ئادەم؛ بويى ئىگىز، ئۇزۇنتۇرا ئادەم.

الْعَامِّيَةُ: يىغلاڭغۇ ئايال.

عَامِيٌّ: يىللىق.

عَانَ يَعُونُ عَوْنًا عُؤُونًا: ئوتتۇرا ياش بولدى.

عَانَةٌ ج عَانَاتٌ وَ عُونٌ: دوۋسۇن ئەتراپىدىكى تۈك؛ قولان پادىسى.

عَانَدَ يُعَانِدُ مُعَانَدَةً: قارشى تۇردى، قارشىلىق كۆرسەتتى.

عَانَدَنِي عِنَادًا شَدِيْدًا: مەن بىلەن قارشىلاشتى.

عَانِدٌ ج عُنَّدٌ وَ عَوَانِدُ: جاھىل، تەرسا، تەتۈر، بىشەم، ھەددىدىن ئاشقۇچى.

عَانِسَ ج عُنَّسٌ وَ عَوَانِسُ: قېرى قىز.

عَانَشَ يُعَانِشُ مُعَانَشَةً ـ هُ: پەخرى قىلىشتى، گىرەلەشمە ئۇرۇش قىلدى.

عَانَقَ يُعَانِقُ مُعَانَقَةً: قۇچاقلاشتى، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

«إِسْتَقْبَلَهُ فِي الْمَطَارِ وَ عَانَقَهُ بِحَرَارَةٍ»: ئۇنى ئايرودرومدا قىزغىن قۇچاقلاپ كۈتۈۋالدى.

أَخُوكَ يُعَانِقُكَ فَرَحًا: قېرىندىشىڭ سېنى خۇشال ھالدا قۇچاقلىماقتا.

عَانَّ يُعَانّ مُعَانَّاةً وَ عِنَانًا: قارشى تۇردى، قارشى چىقتى.

عَانَى يُعَانِي مُعَانَاةً الشَّيْءَ: بىرنەرسىگە يولۇقتى، دۇچار بولدى، چىداشلىق بەردى.

عَانَى الْمَتَاعِبَ: قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن كەچۈردى.

عَانَى آلاَمًا فَظِيْعَةً: قاتتىق دەرد ـ ئەلەملەرگە چىداشلىق بەردى.

عَانٍ (الْعَانِي) ج عُنَاةٌ: خار؛ ئەسىر؛ جاپاكەش.

«عُوْدُوا الْمَرْضَى وَفكّوا الْعَانِي» ‹حديث›: كېسەللەرنى يوقلاڭلار، ئەسىرلەرنى قويۇۋېتىڭلار.

عَاهَ يَعُوهُ عَوْهًا وَعَيْهً الزَّرْعُ: زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى.

عَاهَ يَعِيْهُ عَيْهًا الْمَالُ: مالغا ئاپەت يەتتى.

عَاهَةٌ ج عَاهَاتٌ: ئاپەت؛ كېسەل؛ ناكارلىق.

عَاهَةٌ دَائِمَةٌ: ساقايماس كېسەل.

ذُو الْعَاهَةِ: مېيىپ، مەجرۇھ.

عَاهَدَ يُعَاهِدُ مُعَاهَدَةً: كېلىشىم تۈزدى، ئىتتىپاق تۈزدى.

﴿وَأَوْفُوا بِعَهْدِ اللهِ إِذَا عَاهَدْتُمْ﴾ ‹قرآن›: سىلەر ئەھدە تۈزۈشكەنلىرىڭلاردا ئاللاھنىڭ ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىڭلار.

«عَاهَدَهُ عَلَى تَنْفِيْذِ مَا طَلَبَهُ مِنْهُ»: ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنداشقا ۋەدە بەردى.

عَاهَرَ يُعَاهِرُ مُعَاهَرَةً: پاھىشە قىلدى، زىنا قىلدى.

عَاهِرٌ ج عُهَّارٌ م عَاهِرَةٌ ج عَاهِرَاتٌ وَ عَوَاهِرُ: زىناخور، پاھىشىۋاز.

عَاهِلٌ ج عَوَاهِلُ: پادىشاھ، خاقان؛ تۇل ئايال.

«كَانَتْ زِيَارَةُ الْعَاهِلِ الْمَغْرِبِيِّ نَاجِحَةً»: مەراكەش پادىشاھىنىڭ زىيارىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

عَاهِنٌ ج عَوَاهِنُ: تەييار، تەييارلاپ قويۇلغان، مۇقىم، ھۇرۇن.

أَلْقَى الْكَلَامَ عَلَى عَوَاهِنِهِ: ئېغىزىغا كەلگەننى جۆيلۈدى.

طَعَامٌ عَاهِنٌ: تەييار تاماق.

مَالٌ عَاهِنٌ: كۆچمەس مۈلۈك.

عَاهِنَةٌ ج عَوَاهِنُ: قۇرۇپ كەتكەن خورما شاخلىرى؛ ئىنساننىڭ قول ـ پۇتىدىن ئىبارەت ئەزالىرى.

عَاوَدَ يُعَاوِدُ مُعَاوَدَةً وَعَوَادًا الرَّجُلُ: قايتىلىدى، تەكرارلىدى.

عَاوَدَ الشَّيْءَ: ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالدى.

عَاوَدَهُ الْمَرِيْضُ الْقَدِيمُ: ئۇنىڭ كونا كېسىلى قوزغالدى.

«أَخْشَى أَنْ يُعَاوِدَهُ الْمَرَضُ مَرَّةً أُخْرَى»: ئۇنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيمەن.

عَاوَدْتُهُ بِالْمَسْئَلَةِ: سوئالنى قايتا-قايتا سورىدى.

عَاوَدَتْهُ ذِكْرَى: ئۇنىڭ قايتا ئېسىگە كەلدى.

عَاوَدَتْهُ الْحُمَّى: قىزىتمىسى يەنە ئۆرلەپ كەتتى.

عَاوَدَهُ الْحَنِيْنُ: ئۇنى سېغىندى.

عَاوَرَ يُعَاوِرُ مُعَاوَرَةً الشَّيْءَ: ئارىيەت بەردى، ئۆتنە بەردى.

عَاوَرَ الْمَكَايِيْلَ: ئۆلچەمنى ئېكىتتى.

عَاوَرَ الشَّمْسَ: قۇياشنى كۆزەتتى.

عَاوَصَ يُعَاوِصُ مُعَاوَصَةً: چېلىشتى.

عَاوَضَ يُعَاوِضُ مُعَاوَضَةً: تولدۇرۇپ بەردى، تۆلەپ بەردى.

عَاوَمَ يُعَاوِمُ مُعَاوَمَةً فُلَانًا: پالانىنىڭ يىلىغا قاراپ مۇئامىلە قىلدى؛ بىر يىللىق توختام تۈزدى.

عَاوَمَتِ الشَّجَرَةُ: مېۋىلىك دەرەخ بىر يىل بولۇپ، بىر يىل بولمىدى.

عَاوَنَ يُعَاوِنُ مُعَاوَنَةً عَلَى الشَّيْءِ: ياردەملەشتى، قۇتقۇزدى، ئىئانە قىلدى.

هَلْ تَسْتَطِيعُ أَنْ تُعَاوِنَنِي؟: ماڭا ياردەملىشەلەمسەن؟

عَايَرَ يُعَايِرُ مُعَايَرَةً الشَّخْصَ: كەمسىتتى، ئەيىبلىدى، سەتلىدى؛ ئۆلچىدى.

عَايَرَ الْمِكْيَالَ: ئۆلچەم قاچىسىنى تەكشۈردى، سېلىشتۇردى، توغرىلىدى.

عَايَشَ يُعَايِشُ مُعَايَشَةً: ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياشىدى.

«أَعْرِفُهُ حَقَّ الْمَعْرِفَةِ لِأَنَّنِي عَايَشْتُهُ زَمَنًا طَوِيْلًا»: ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن بىللە ياشىغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنى ياخشى چۈشىنىمەن.

عَايِقٌ: قۇرۇق سۆلەت، بەگزادە، بايۋەچچە.

عَايَنَ يُعَايِنُ مُعَايَنَةً: ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، تەكشۈرۈپ كۆردى.

عَائِثٌ: يولۋاس.

عَائِدٌ ج عُوَّدٌ وَ عُودٌ وَ عَوْدٌ: قايتقۇچى، يانغۇچى.

مُجْرِمٌ عَائِدٌ: ئادەتلەنگەن جىنايەتچى.

جَلَسُوا فِي الْعَرَاءِ: ئۇلار تۈزلەڭلىكتە ئولتۇرۇشتى.

﴿فَنَبَذْنَاهُ بِالْعَرَاءِ وَهُوَ سَقِيمٌ﴾ ‹قرآن›: ئۇنى بىز (دېڭىز ساھىلىدىكى) بىر قۇرغاق يەرگە (بېلىقنىڭ قارنىدىن) ئاتتۇق. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ كېسەل ئىدى.

**عَرَائِسِيٌّ:** ئەر-خوتۇنلۇق؛ تويىنىڭ، توي مۇراسىمىنىڭ.

**عَرَاةٌ:** سوغۇق، مەيدان، قورۇ.

**عَرَادَةٌ:** چېشى چېكەتكە، هال، هالەت، ئەھۋال.

**هُوَ فِي عَرَادَةِ خَيْرٍ:** ئۇنىڭ ئەھۋالى ياخشى.

**عَرَارَةٌ:** ئەخلاقسىزلىق، قوپاللىق، قاتتىقلىق، چېكەتكە، ئىگىلىك ھوقۇقلۇق، مەرتىۋە، ئوغۇلچى ئايال.

**عِرَاضٌ:** چېچىلاڭغۇ.

**عُرَاضَةٌ:** سوۋغا، ئىنئام.

**عُرَاعِرُ ج عَرَاعِرُ:** ئالىيجاناب، ئېسىلزادە.

**عَرَاعِرُ مِنَ الْجِمَالِ:** سېمىز تۆگە.

**عِرَافَةٌ:** رەم باقماق، پال ئاچماق.

**عِرَاقٌ ج أَعْرِقَةٌ وَ عُرُقٌ:** دېڭىز قىرغىقى، دېڭىز ساھىلى.

**عَرَاقُ الظُّفْرِ:** تىرناق گۆشى.

**عَرَاقَةٌ:** چوڭقۇرلاشماق، يىلتىز تارتماق، سىڭىپ كىرمەك، ئىزچىللىق.

**عِرَاقَةُ الْحَرْفِ:** ھەرپىنىڭ قۇيرۇقى.

**عِرَاقِيٌّ:** ئىراقنىڭ، ئىراقلىق.

**إِوَزٌّ عِرَاقِيٌّ:** ئاق قۇ.

**عَرَاقِيَّةٌ:** تەرلىك.

**الْجُمْهُورِيَّةُ الْعِرَاقِيَّةُ:** ئىراق جۇمھۇرىيىتى.

**عِرَاكٌ:** ئېلىشماق، جەڭ قىلىشماق، ئۇرۇشماق.

**عِيْرَانٌ:** نەيزىنى چىڭىتىدىغان مىخ؛ چوڭ دەرەخ؛ يىراق جايدىكى قورۇ جاي؛ تۆگىنىڭ بۇرنىغا ئۆتكۈزۈلىدىغان چۆلۈك؛ ئۇرۇش، جەڭ؛ سىرتلان ئۆۋۈسى؛ ھايۋانلارنىڭ قوتۇر كېسىلى؛ ئوخشىشى؛ رەقىبى.

**عَرَبَ يَعْرِبُ عَرَبًا الطَّعَامَ:** تاماق يېدى.

**عَرُبَ يَعْرُبُ عُرُوبَةً وَ عُرُوبِيَّةً وَ عَرَابَةً وَ عَرَابًا وَ عُرُوبًا:** ئەرەبچىنى پاساھەتلىك سۆزلىدى.

**عَرُبَ لِسَانُهُ:** ئۇنىڭ تىلى پاساھەتلىك بولدى.

**عَرَبٌ وَ عُرْبٌ ج أَعْرُبٌ وَ عُرُوبٌ:** ئەرەب، ئەرەب مىللىتى.

**عَرَبٌ عَرَبِيَّةٌ:** ساپ ئەرەب.

**عَرَبٌ مُتَعْرِبَةٌ:** ساپ ئەرەب.

**عَرَبٌ مُسْتَعْرِبَةٌ:** ئەرەبلەشكەن ئەرەب.

**عَرَبٌ عَارِبَةٌ:** ساپ ئەرەب، قان سىستېمىسىغا مەنسۇپ ئەرەب.

**عُرْبَانٌ:** كۆچمەن ئەرەب.

**عُرْبَانٌ ج عَرَابِيْنُ:** زاكالەت پۇلى.

**عَرَبَةٌ ج عَرَبٌ وَ عَرَبَاتٌ:** تېز ئاقىدىغان دەريا.

**عَرَبَةٌ ج عَرَبَاتٌ:** ھارۋا، قاتناش قوراللىرى.

**عَرَبَةُ أُجْرَةٍ:** كىرا ھارۋىسى.

**عَرَبَةُ الْأَطْفَالِ:** غالتەك ھارۋا.

**عَرَبَةُ السِّجْنِ:** مەھبۇس ھارۋىسى، مەھبۇسلار ماشىنىسى.

**عَرَبَةُ سِكَّةِ الْحَدِيْدِ:** يولۇچىلار پويىزى.

**عَرَبَةُ الْإِنْزِلَاقِ:** چانا.

**عَرَبَةٌ بَطِيْئَةٌ:** ئاستا پويىز.

**عَرَبَةُ تِرَامْوَاي:** تراموۋاي.

**عَرَبَةُ الرَّشِّ:** سۇ چېچىش ماشىنىسى.

**عَرَبَةٌ صَغِيْرَةٌ:** كىچىك ماشىنا، يېنىك ئاپتوموبىل، پىكاپ.

**عَرَبَةُ الْعُرْسِ:** توي ماشىنىسى.

**عَرَبَةُ الصِّهْرِيْجِ:** سۇ، ماي توشۇش ماشىنىسى.

**عَرَبَةُ مُسْتَشْفَى:** دالا دوختۇرخانىسى، ھەرىكەتچان دوختۇرخانا.

**عَرَبَةٌ كَبِيْرَةٌ لِنَقْلِ الْبَضَائِعِ:** يۈك توشۇش ماشىنىسى.

**عَرَبَةٌ مُسَطَّحَةٌ:** ئۈستى ئوچۇق ماشىنا.

**عَرَبَةُ النُّزْهَةِ:** ساياھەت ماشىنىسى.

**عَرَبَةُ نَوْمٍ:** ياتاقلىق ۋاگون، ئوپا.

**عَرَبَةٌ بِيَدٍ بِعَجَلَةٍ وَاحِدَةٍ:** بىر چاقلىق غالتەك ھارۋا.

عَرَبَةُ يَدٍ: قول هارۋىسى.

عَرْبَدَ يُعَرْبِدُ عَرْبَدَةً: ئەخلاقسىز ناچارلاشتى، پاراكەندىچىلىك سالدى.

عُرْبَدَةٌ: تەرتىپسىز، بىسەرەمجانلىق، غۇلغۇلا، ئىسيان، قالايمىقانچىلىك، قالايمىقانچىلىق كۆتۈرمەك، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرماق.

عِرْبِيْدٌ: جوداكەش، مۇتتەھەم، زوراۋان، لۈكچەك، توپىلاڭچى.

عَرْبَسَ يُعَرْبِسُ عَرْبَسَةً: قالايمىقانلاشتۇردى، مالىماتاڭ قىلدى.

عَرْبَنَ يُعَرْبِنُ عَرْبَنَةً: زاكالەت پۇلى تاپشۇردى، رەنگە قويدى.

عُرْبُونٌ وَ عَرَبُونٌ ج عَرَابِيْنُ: زاكالەت پۇلى.

عَرَبِيٌّ: ئەرەبچە، ئەرەب تىلى، ئەرەبىي؛ ئەرەبىستانلىق، ئەرەبكە مەنسۇپ؛ قىرلىق.

﴿إِنَّا أَنْزَلْنَاهُ قُرْآنًا عَرَبِيًّا لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ﴾ ‹قرآن›: سىلەرنى چۈشەنسۇن، دەپ ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلىپ نازىل قىلدۇق.

الْكَرَمُ الْعَرَبِيّ: ئەرەب مەردلىكى.

عَرَبِيَّةٌ: ئەرەب ئايال.

الْعَرَبِيَّةُ: ئەرەب تىلى.

كَلَّمَهُ بِالْعَرَبِيَّةِ: ئەرەبچە سۆزلىدى.

اللّغَةُ الْعَرَبِيَّةُ: ئەرەب تىلى.

الْقَوْمِيَّةُ الْعَرَبِيَّةُ: ئەرەب مىللىتى، ئەرەب مىللەتچىلىكى.

الْوَحْدَةُ الْعَرَبِيَّةُ: ئەرەب بىرلىكى.

الْجُمْهُورِيَّةُ الْعَرَبِيَّةُ الْمُتَّحِدَةُ: ئەرەب بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتى.

الْمَمْلَكَةُ الْعَرَبِيَّةُ السَّعُودِيَّةُ: سەئۇدىي ئەرەبىستان مەملىكىتى، ئەرەبىستان پادىشاھلىقى.

«قَامَتِ الدّوَلُ الْعَرَبِيَّةُ بِتَعْرِيْبِ التَّعْلِيْمِ بَعْدَ إِسْتِقْلَالِهَا»: ئەرەب دۆلەتلىرى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن مائارىپتا ئەرەب تىلىنى قوللىنىشقا باشلىدى.

عَرَتَ يَعْرُتُ / يَعْرِتُ عَرْتًا الرّمْحُ: نەيزە، پۇختا بولدى.

عَرَتَ الْبَرْقُ: چاقماق چاقتى.

عَرْتَبَةٌ: بۇرۇن.

عَرَجَ وَ عَرِجَ يَعْرَجُ عَرَجًا وَ عَرَجَانًا الرَّجُلُ: ئاقساپ ماڭدى.

عَرَجَتِ الشَّمْسُ: كۈن قايرىلدى.

عَرَجَ يَعْرُجُ عُرُوجًا وَ مَعْرَجًا: ئۆرلىدى، كۆتۈرۈلدى.

عَرَجَ فِي السَّلَّمِ: شوتىغا چىقتى.

﴿تَعْرُجُ الْمَلَائِكَةُ وَالرّوحُ إِلَيْهِ﴾ ‹قرآن›: پەرىشتىلەر ۋە روھ (يەنى، جىبرىئىل) ئاللاھقا ئۆرلەيدۇ.

عَرَجٌ . عَرَجَانٌ: ئاقساپ ماڭماق.

عُرْجُدٌ: خورما، ئۈزۈم قاتارلىقلارنىڭ ساپىقى.

عُرْجُونٌ ج عَرَاجِيْنُ: خورما، ئۈزۈم قاتارلىقلارنىڭ ساپىقى.

﴿حَتَّى عَادَ كَالْعُرْجُونِ الْقَدِيْمِ﴾ ‹قرآن›: ئۇ، (ئاخىرقى مەنزىلگە) يېتىپ بارغاندا، خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ.

عَرَدَ يَعْرُدُ عَرْدًا الْحَجَرَ: يىراققا تاش ئاتتى.

عَرَدَ يَعْرُدُ عُرُودًا النَّبَاتُ: ئۆسۈملۈك مايسا بولدى.

عَرَدَ الشَّيْءُ: نەرسە توم بولدى.

عَرِدَ يَعْرَدُ عَرَدًا: قاچتى.

عَرْدَسَ يُعَرْدِسُ عَرْدَسَةً فُلَانًا: پالانىنى يەرگە باستى، يىقىتتى.

عَرَّ يَعِرّ عَرَارًا الظَّلِيْمُ: زۇلۇم قىلىنغۇچى توۋلىدى.

عَرَّ يَعُرّ عَرًّا: ھاقارەتلىدى، رەسۋا قىلدى، ئەيىبلىدى.

عَرَّتِ الْأَرْضَ: يەرنى ئوغۇتلىدى.

عَرٌّ: شىبەرمەندىلىك، خورلۇق، رەسۋاچىلىق؛

گۇناھ، نۇقسان.

**عُرٌّ . عُرَّةٌ:** قوتۇر كېسىلى، قىچىشقاق؛ قۇش مايىقى، پىگىت.

**عُرَّا الْوَادِي:** جىلغىنىڭ ئىككى قىرغىقى.

**عَرَّابٌ ج عَرَّابُونَ:** ھارۋا ياسىغۇچى؛ چوقۇندۇرۇش ھاسىسى.

**عَرَّاثٌ:** قاتتىق تەۋرىنىش.

**عَرَّاثٌ مِنَ الْبَرْقِ:** قاتتىق چاقماق چاقماق.

**عَرَّادَةٌ ج عَرَّادَاتٌ:** قونىداقلىق ئوقيا (مېخانىكىلىق كۈچ بىلەن ئېتىلىدىغان بىر خىل ئوقيا).

**عَرَّاصٌ:** گۈلدۈرمامىلىق بۇلۇت.

**عَرَّافٌ ج عَرَّافُونَ:** پالچى، رەمچى، مۇنەججىم.

**«مَنْ أَتَى عَرَّافًا فَسَأَلَهُ عَنْ شَيْءٍ فَصَدَّقَهُ لَمْ تُقْبَلْ لَهُ صَلَاةَ أَرْبَعِيْنَ يَوْمًا»** ‹حديث›: كىمكى رەمبالنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن بىر ئىشنى سوراپ، ئۇنىڭغا ئىشەنسە، ئۇ كىشىنىڭ 40 كۈنلۈك نامىزى قوبۇل بولمايدۇ.

**لَمْ تَتَحَقَّقْ نُبُوءَةُ الْعَرَّافِيْنَ:** پالچىلارنىڭ ئالدىنئالا ئېيتقان سۆزى ئىشقا ئاشمىدى.

**عَرَّبَ يُعَرِّبُ تَعْرِيْبًا الرَّجُلُ بِحُجَّةٍ:** دەلىل - ئىسپاتلىرىنى ئوچۇق - ئاشكارا بايان قىلدى.

**عَرَّبَ الْكِتَابَ:** كىتابنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلدى.

**عَرَّجَ يُعَرِّجُ تَعْرِيْجًا عَلَيْهِ:** مايىل بولدى، بۇرۇلدى.

**عَرَّجَ بِالْمَكَانِ:** بىر جايغا چۈشتى، بىر جايدا تۇردى.

**عَرَّدَ يُعَرِّدُ تَعْرِيْدًا النَّجْمُ:** يۇلتۇز غەربكە مايىل بولدى.

**عَرَّدَ عَنِ الطَّرِيْقِ:** يولدىن چەتنىدى.

**عَرَّزَ يُعَرِّزُ تَعْرِيْزًا الشَّيْءَ:** نەرسىنى يوشۇردى.

**عَرَّسَ يُعَرِّسُ تَعْرِيْسًا الْمُسَافِرُونَ:** يولۇچىلار دەم ئېلىشقا چۈشتى.

**عَرَّشَ يُعَرِّشُ تَعْرِيْشًا بِالْمَكَانِ:** مەلۇم جايدا ئورۇنلاشتى، ماكانلاشتى.

**عَرَّشَ الْبَيْتَ:** ئۆي ياسىدى.

**عَرَّشَ الطَّائِرُ:** قۇش ئىككى قانىتى بىلەن سايە تاشلىدى.

**عَرَّشَ الْكَرَمَ:** تەكنى باراڭغا ئالدى.

**عَرَّصَ يُعَرِّصُ تَعْرِيْصًا اللَّحْمَ:** گۆشنى قاقلاپ قۇرۇتتى.

**عَرَّضَ يُعَرِّضُ تَعْرِيْضًا الشَّيْءَ:** نەرسىنى توغرىلىدى، توغرا قىلدى.

**عَرَّضَ الْمَلَابِسَ لِلشَّمْسِ:** كىيىمنى ئاپتاپقا سالدى.

**عَرَّضَ بِهِ:** ئىشارەت قىلدى، كىنايە قىلدى.

**عَرَّضَهُ لِكَذَا:** ئۇچراتتى، دۇچار قىلدى.

**«عَرَّضَ نَفْسَهُ لِلشَّمْسِ»:** ئۆزىنى ئاپتاپقا سالدى.

**«عَرَّضَ لِلْخَطَرِ»:** خەتەرگە يولۇقتۇردى.

**«كَانَتِ الطَّرِيْقُ ضَيِّقَةً فَعَرَّضَهَا الْعُمَّالُ»:** تار يولنى ئىشچىلار كېڭەيتتى.

**عَرَّفَ يُعَرِّفُ تَعْرِيْفًا:** تەرىپلىدى، چۈشەندۈردى، ئىزاھلىدى؛ زىننەتلىدى.

**عَرَّفَ الرَّجُلُ بِالرَّجُلِ:** تونۇشتۇردى.

**﴿فَلَمَّا نَبَّأَتْ بِهِ وَأَظْهَرَهُ اللهُ عَلَيْهِ عَرَّفَ بَعْضَهُ﴾** ‹قرآن›: ئۇ (يەنى ھەفسە) ئۇنى (يەنى مەخپىي سۆزنى) (ئائىشەگە) ئېيتىپ قويغان. ئاللاھ بولسا، سىرنىڭ ئاشكارىلانغانلىقىنى (پەيغەمبەرگە) بىلدۈرگەن چاغدا، ئۇ (يەنى، پەيغەمبەر) ئۇنىڭغا (يەنى ھەفسەگە) ئۇ (يەنى ھەفسە) ئاشكارىلاپ قويغان سۆزلەرنىڭ بەزىسىنى ئېيتتى (يەنى، يۈزىگە سالدى).

**عَرَّقَ يُعَرِّقُ تَعْرِيْقًا الْحَرّ الشَّدِيْدُ:** قاتتىق ئىسسىق ئۇنى تەرلىتىۋەتتى.

**عَرَّقَ الشَّجَرُ:** دەرەخ يىلتىز تارتتى.

**عَرَّقَ الْخَمْرَ:** ھاراققا سۇ قوشتى.

عَرِّقَ الرَّجُلُ: كىشىنىڭ نەسەبى ئېسىل بولدى.

عَرَّمَ يُعَرِّمُ تَعْرِيمًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ئارىلاشتۇردى.

عَرَّمَ التُّرَابَ: توپىنى توپلىدى، دۆۋىلىدى.

عَرَّى يُعَرِّي تَعْرِيَةً الثَّوْبَ: كىيىمنى سالدۇرۇۋەتتى، يالىڭاچلىۋەتتى.

عَرَّاهُ: ئۇنى ئېچىپ تاشلىدى.

عَرَّاهُ مِنَ الْأَمْرِ: ئۇنى ئىشتىن خالاس قىلدى، ئىشتىن بوشاتتى.

عِرِّيسٌ . عِرِّيسَةٌ: شىرنىڭ ئۇۋىسى.

عَرَزَ يَعْرِزُ عَرْزًا الشَّيْءُ: نەرسە قاتتىق بولدى.

عَرَزَ الشَّيْءَ: نەرسىنى تارتىۋالدى.

عَرَزَهُ: ئۇنى مالامەت قىلدى.

عَرِزَ يَعْرَزُ عَرَزًا الشَّيْءُ: نەرسە توگۇلۇۋالدى، قورۇلۇۋالدى.

عَرِزَ الشَّيْءَ: نەرسىنى يوشۇردى.

عِرْزَالٌ ج عَرَازِيلُ: كەپە، ئالچۇق.

عَرَسَ يَعْرُسُ عَرْسًا: چەتنەپ كەتتى، تۇردى.

عَرَسَ عَنْهُ: ئۇنىڭدىن چەتنەپ كەتتى.

عَرِسَ يَعْرَسُ عَرَسًا: مەغرۇرلاندى، غادايدى.

عَرِسَ مِنَ الشَّيْءِ: هاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى.

عَرِسَ الشَّيْءُ: نەرسە قاتتىق بولدى، كۆچىيىپ كەتتى.

عَرِسَ الشَّرُّ بَيْنَ الْقَوْمِ: يامانلىق يامراپ كەتتى.

عَرِسَ فُلَانٌ: كۆرۈشنى داۋاملاشتۇردى.

عَرِسَ الْوَلَدُ بِأُمِّهِ: بالا ئانىسىدىن ئايرىلدى.

عُرْسٌ ج أَعْرَاسٌ: توي، توي مۇراسىمى.

وَلِيمَةُ الْعُرْسِ: توي مەرىكىسى، توي زىياپىتى.

«حَضَرَ عُرْسَهُ كِبَارُ الْقَوْمِ»: ئۇنىڭ توي مەرىكىسىگە چوڭ ئەربابلار قاتناشتى.

عُرْسٌ ذَهَبِيٌّ: ئالتۇن توي (ياۋروپالىقلارنىڭ 50 يىللىق توي خاتىرىلەش كۈنى).

عُرْسٌ فِضِّيٌّ: كۈمۈش توي (ياۋروپالىقلارنىڭ 40 يىللىق توي خاتىرىلەش كۈنى).

عِرْسٌ ج أَعْرَاسٌ: (ئايالنىڭ) ئېرى، (ئەرنىڭ) ئايالى؛ چىشى شىر.

إِبْنُ عِرْسٍ: ئاغمىخان.

عَرْسٌ ج أَعْرَاسٌ: تانا، ئارغامچا؛ چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈۋرۈك.

عَرَشَ يَعْرِشُ عُرُوشًا بِالْمَكَانِ: مەلۇم جايدا ئولتۇراقلاشتى، ماكانلاشتى.

﴿وَدَمَّرْنَا مَا كَانَ يَصْنَعُ فِرْعَوْنُ وَقَوْمُهُ وَمَا كَانُوا يَعْرِشُونَ﴾ ‹قرآن›: پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ سالغانلىرى (يەنى ئىمارەتلىرى)نى ۋە ياسىغانلىرىنى (يەنى، باغلىرى ۋە ئېكىنزارلىقلىرى)نى ۋەيران قىلدۇق.

عَرَشَ الْبَيْتَ: ئۆي سالدى.

عَرَشَ الْبِئْرَ: قۇدۇققا تاش تىزدى.

عَرَشَ الْكَرْمَ: تەكنى باراڭغا ئالدى.

عَرَشَ يَعْرِشُ وَ عَرَشَ يَعْرُشُ عَرْشًا: سايىۋەن ياسىدى.

عَرَشَ الْبَيْتَ: ئۆينى ياپتى.

عَرْشٌ ج عُرُوشٌ وَ أَعْرَاشٌ وَ عُرْشٌ وَ عَرَشَةٌ / عِرَشَةٌ: تەخت؛ ئەرش؛ ئۆينىڭ تۈۋرى؛ ساراي؛ سايىۋەن، ساتما.

«لَكَ الْحَمْدُ يَا ذَا الْعَرْشِ خَالِقَ أَكْوَانٍ عَلَى مَا فَرَغْنَا عَنْهُ مِنْ شَيْدِ بُنْيَانٍ»: بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى، ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى (ئاللاھ)غا چەكسىز ھەمدۇ سانالار بولسۇنكى، بىز قۇرۇلۇش ئىشىنى تاماملاپ بولدۇق.

عَرْشُ الْمَلِكِ: پادىشاھنىڭ تەختى.

﴿وَلَهَا عَرْشٌ عَظِيمٌ﴾ ‹قرآن›: ئۇ چوڭ ئەرشكە ئىگە ئىكەن.

خِطَابُ عَرْشٍ: پادىشاھلىق دۆلەتلەردە پارلامېنت يىغىنىدىكى ئېچىلىش نۇتقى.

أَجْلَسَهُ عَلَى الْعَرْشِ: ئۇنى تەختتە ئولتۇرغۇزدى،

ئۇنى قوللىدى.

أَنْزَلَهُ عَنِ الْعَرْشِ: ئۇنى تەختتىن چۈشۈردى، ئېلىپ تاشلىدى.

اِعْتَلَى الْعَرْشَ: پادىشاھلىق تەختىگە چىقتى.

عَرْشُ الطَّائِرِ: قۇشنىڭ ئۇۋىسى.

عَرْشُ الْكَرْمِ: تالنىڭ بېدىشى.

عَرَصَ يَعْرِصُ عَرَصًا الرَّجُلُ: خۇشال بولدى، شوخ بولدى، تېتىك بولدى.

عَرَصَ الْبَرْقُ: چېقىن چاقتى.

عَرِصَ يَعْرَصُ عَرَصًا الرَّجُلُ: خۇشال بولدى، تېتىك بولدى، روھلۇق بولدى.

عَرْصَةٌ ج عَرَصَاتٌ وَ عِرَاصٌ: قورۇ، ھويلا، سەينا، مەيدان، بوش يەر.

عَرَضَ يَعْرِضُ عَرْضًا الشَّيْءَ: ئاشكارىلىدى، ئېچىپ تاشلىدى؛ قانات يايدۇردى؛ تەلەپ قىلدى.

عَرَضَ الْمَتَاعَ: تاۋارنى كۆرگەزمىگە قويدى، تىزدى.

﴿إِنَّا عَرَضْنَا الْأَمَانَةَ عَلَى السَّمَوَاتِ ...﴾ «قرآن»: شۈبھىسىزكى، بىز ئامانەتنى (يەنى، پەرزلەرنى ۋە شەرىئەت تەكلىپلىرىنى) ئاسمانلارغا ... تەكلىدۇق.

عَرَضَ الْقَضِيَّةَ عَلَى فُلَانٍ: مەسىلىنى پالانىغا تاپشۇردى.

عَرَضَ لَهُ: ئۇنىڭغا يولۇقتى، ئۇچرىدى، توغرا بولدى.

«سَيُعْرَضُ الْفِيلْمُ فِي السَّاعَةِ السَّابِعَةِ فَإِذَا لَمْ تَذْهَبْ مُسْرِعِيْنَ فَسَتَكُونُ مُتَأَخِّرِيْنَ بِالتَّأْكِيْدِ»: كىنو سائەت يەتتىدە قويۇلىدۇ، تېز بارمىساق چوقۇم كېچىكىمىز.

عَرَضَ رَأْيًا: تەكلىپ بەردى، كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

عَرَضَ الْجُنْدَ: قوشۇننى كۆزدىن كەچۈردى، قوشۇننى پاراتتىن ئۆتكۈزدى.

عَرَضَ لَهُ عَارِضٌ: ئۇنىڭغا توسالغۇ پەيدا بولدى، توسالغۇغا ئۇچرىدى.

عُرِضَ: ساراڭ بولۇپ قالدى.

عَرَضَ يَعْرِضُ وَ عَرِضَ يَعْرَضُ عَرَضًا لَهُ فِكْرًا: ئويلىدى، ئېسىگە ئالدى.

عَرُضَ يَعْرُضُ عِرَضًا وَ عَرَاضَةً الشَّيْءُ: نەرسە كېڭەيدى.

عَرْضٌ: كۆرسەتمەك، يەتكۈزۈپ بەرمەك، تەكلىپ بەرمەك؛ ھەدىيە قىلماق.

غُرْفَةُ الْعَرْضِ: كۆرگەزمە زالى.

يَوْمُ الْعَرْضِ: ئەڭ ئاخىرقى كۈن، قىيامەت كۈنى.

فِي عَرْضِ كَلَامِهِ: سۆزلەش جەريانىدا.

عَرْضُ حَالٍ: ئىلتىماسنامە، ئەرز-ھال، ئەھۋال بايان قىلىش.

عَرْضُ الْمَسْرَحِيَّةِ: تىياتىر قويماق.

عَرْضُ أَزْيَاءٍ: مودا كىيىم كۆرستىش.

عَرْضٌ عَسْكَرِيٌّ: ھەربىي پارات.

عَرْضٌ ج عُرُوضٌ: مال-ماتا، ئۆي سايمانلىرى؛ كەڭلىك، توغرىسى.

بِالْعَرْضِ .عَرْضًا: توغرا تەرىپى، يانتۇ تەرىپى.

﴿سَابِقُوا إِلَى مَغْفِرَةٍ مِّنْ رَّبِّكُمْ وَجَنَّةٍ عَرْضُهَا كَعَرْضِ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ﴾ «قرآن»: پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىنى، كەڭلىكى ئاسمان-زېمىندەك كېلىدىغان جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈڭلار.

«لَيْسَ الْغِنَى عَنْ كَثْرَةِ الْعَرْضِ وَلَكِنَّ الْغِنَى غِنَى النَّفْسِ» «حديث»: پۇل-مالنىڭ كۆپلۈكى بايلىق ئەمەس، ھەقىقىي بايلىق روھىي بايلىقتۇر.

«أَعْطَيْتُهُ فِي مُقَابَلِ هَذِهِ السِّلْعَةِ عُرُوضًا»: بۇ مالنىڭ باراۋىرىگە ئۇنىڭغا مال بەردىم.

عَرْضٌ ج أَعْرَاضٌ: كەڭ، كەڭلىك، توغرىسى.

بِالْعَرضِ . عَرْضًا: توغرىسىغا.

طُولًا وَعَرْضًا: ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا.

خَطّ الْعَرْضِ:پاراللېل، كەڭلىك.

«تَنْقُلُ فِي طُولِ الْبِلَادِ وَ عَرْضِهَا»: مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىنى ئايلانماقتا.

عَرَضٌ ج أَعْرَاضٌ: ماھىيەت، مىجەز، خاراكتېر؛ غەنىيمەت؛ سوۋغا؛ ۋاقىتلىق، داۋاملىق يوق؛ ئۇشتۇمتۇت، تاسادىپىي؛ مال ـ مۈلۈك.

عَرَضٌ (في الطب): كېسەللىك ئالامىتى.

﴿تُرِيدُونَ عَرَضَ الدُّنْيَا وَاللهُ يُرِيدُ الْآخِرَةَ﴾ «قرآن»: سىلەر دۇنيا مەنپەئىتىنى كۆزلەيسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە ئاخىرەتنى كۆزلەيدۇ.

عَرَضُ الْبَحْرِ: دېڭىز يۈزى.

بَدَأَتْ عَلَيْهِ أَعْرَاضُ الْمَرَضِ: ئۇنىڭغا كېسەل ئالامەتلىرى كۆرۈندى.

عَرَضًا: تاسادىپىي، ئۇشتۇمتۇت، ئىتتىپاقەن، تۇيۇقسىز.

لَمْ يَأْتِ ذَالِكَ عَرَضًا: بۇ تاسادىپىي بولغان ئەھۋال ئەمەس.

حَدَثَ هَذَا عَرَضًا: بۇ تاسادىپىي يۈز بەردى.

عَرَضِيٌّ: تاسادىپىيلىق، ئۆتۈپلا باقمىغان، كۈتۈلمىگەن ئىش.

عِرْضٌ ج أَعْرَاضٌ: ساداقەت، نومۇس، شەرەپ، ئابرۇي.

بَيْعُ الْعِرْضِ: نومۇسنى ساتماق.

هَتْكُ الْعِرْضِ: ھاقارەت قىلماق، داغ تەگكۈزمەك، ئابرۇيىنى تۆكمەك، نومۇسنى بۇلغىماق.

«مَنْ رَدَّ عَنْ عِرْضِ أَخِيْهِ رَدَّ اللهُ عَنْ وَجْهِهِ النَّارَ» «حديث»: كىمكى بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ غەيۋىتى قىلىنغان يەردە ئۇنىڭ ئابرۇيىنى ساقلاپ قالسا، ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى ئۇنى دوزاختىن ساقلاپ قالىدۇ.

نَقِيّ الْعِرْضِ: پاك، ئالىيجاناب.

«صَانَ عِرْضَهُ وَ حَافَظَ عَلَى أَعْرَاضِ النَّاسِ»: ئۆزىنىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ ئابرۇيىنى ساقلىدى.

عُرْضٌ ج عِرَاضٌ: يان، ياقا، چەت.

عُرْضُ الْبَحْرِ: دېڭىز يۈزى.

ضَرَبَ بِكَلَامِهِ عُرْضَ الْحَائِطِ: ئۇنىڭ سۆزىنى بىر تىيىنغا ئالمىدى، ئېلىپ ئالمىدى، پەرۋا قىلمىدى.

فِي عُرْضِ الْأُفُقِ: ئۇپۇق يۈزىدە.

عُرْضُ الْحَدِيْثِ: سۆزنىڭ مۇھىم قىسمى.

عُرْضُ الْجَبَلِ: تاغ باغرى.

عُرْضُ النَّاسِ: پۇقرا، ئاددىي كىشىلەر.

عَرْضَائِيٌّ: توغرىسىغا.

قِطَاعٌ عَرْضَائِيٌّ: توغرا كەسمە.

عُرْضَةٌ: نىشان، مەقسەت، غەرەز.

عُرْضَةٌ لِكَذَا: دۇچ كېلىپ قالماق، يولۇقۇپ قالماق.

﴿وَلَاتَجْعَلُوا اللهَ عُرْضَةً لِأَيْمَانِكُمْ﴾ «قرآن»: ... قاتارلىق ئىشلارغا قەسەم شەكلى بىلەن (ئۇلارنى قىلىشقا) ئاللاھنى توسالغۇ قىلماڭلار (يەنى، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىشنى ياخشى ئىشلارنى قىلماسلىقنىڭ سەۋەبى قىلماڭلار).

عُرْضَةٌ لِلْمَرَضِ: كېسەلگە دۇچار بولماق.

عُرْضَةٌ لِلْخَطَرِ: خەتەرگە يولۇقماق.

جَعَلَهُ عُرْضَةً لِكَذَا: ئۇنى نىشان قىلىۋالدى.

عُرْضِيٌّ: گازارما، لاگېر.

عَرَطَ يَعْرُطُ عَرْطًا عِرْضَ فُلَانٍ: پالانىنىڭ غەيۋىتىنى قىلدى، يامان گېپىنى قىلدى.

عَرْعَرَ يُعَرْعِرُ عَرْعَرَةَ الْقِنِّيْنَةَ: پوروپكىنى ئەتتى.

عَرْعَرَ الْعَيْنَ: كۆزنى ئويۇۋالدى.

عَرْعَرٌ: تاغ ئارچىسى.

عُرْعُرٌ: ناچار، ئەخلاقسىز.

عَرَفَ يَعْرِفُ مَعْرِفَةً وَ عِرْفَانًا: بىلدى، تونۇدى.

عَرَفَ الْأَمْرَ: ئىشتىن خەۋەردار بولدى.
﴿تَرَى أَعْيُنَهُمْ تَفِيضُ مِنَ الدَّمْعِ مِمَّا عَرَفُوا مِنَ الْحَقِّ﴾ ‹قۇرئان›: ... ھەقىقەتنى تونۇغانلىقلىرىدىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلغانلىقىنى كۆرىسەن.
عَرَفَ صَدِيقَهُ مِنْ عَدُوِّهِ: كىمنىڭ دوست، كىمنىڭ دۈشمەنلىكىنى چۈشىنىۋالدى.
عَرَفَ حَقَّ الْمَعْرِفَةِ: ھەقىقىي تونۇدى.
عَرُفَ يَعْرُفُ عَرْفًا وَ عَرَافَةً: يول باشلىغۇچى بولدى؛ ئونبېشى بولدى، باشقۇرغۇچى بولدى؛ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولدى.
عَرْفٌ: خۇش پۇراق، خۇش ھىد.
لِهَذِهِ الزُّهُورِ عَرْفٌ طَيِّبٌ: بۇ چېچەكلەر ناھايىتى خۇش پۇراقلىق.
عُرْفٌ ج عُرَفٌ وَ أَعْرَافٌ: ياخشىلىق، مەرھەمەت، سېخىيلىق؛ ئۆرپ-ئادەت؛ ئىستىلا؛ بىنا.
عُرْفُ الدِّيكِ: توخۇ پوپۇكى، تاج، تاجىگۈل.
عُرْفُ الْفَرَسِ: ئاتنىڭ يالى.
﴿خُذِ الْعَفْوَ وَأْمُرْ بِالْعُرْفِ﴾ ‹قۇرئان›: ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا بۇيرۇغىن.
عُرْفُ اللِّسَانِ: تىل ئىستىلاھى، تىل ئادىتى.
جَاءَ الْقَوْمُ عُرْفًا: كىشىلەر بەزىسىنىڭ ئارقىسىدىن بەزىسى كەلدى.
﴿وَالْمُرْسَلَاتِ عُرْفًا﴾ ‹قۇرئان›: ئارقىمۇئارقا چىققۇچى (لەرزان شاماللار بىلەن قەسەمكى)، ...
الْعُرْفُ السِّيَاسِيُّ: دىپلوماتىك ئەدەپ-قائىدە.
الْعُرْفُ التِّجَارِيُّ: سودا رەسمىيىتى.
عُرْفُ الشَّرْعِ: شەرىئەت قائىدىسى، ئادەت قانۇنى، قائىدە رەسىم.
فِي عُرْفِ الْمَادِّيِّينَ: ماتېرىيالىزم نەزەرىيىسىگە ئاساسەن.
تَصَرُّفُهُ كَانَ خُرُوجًا عَنِ الْعُرْفِ: ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئۆرپ-ئادەتكە قارىمۇقارشى ئىدى.
الْعُرْفُ الدَّوْلِيُّ: خەلقئارالىق قائىدە-يوسۇن.
عَرَفَاتُ: ئەرەپات تېغى (مەككە شەھىرىنىڭ شەرقىدە مەككىگە 12 چاقىرىم كېلىدىغان تۈزلەڭلىك بولۇپ، ھاجىلار ئەرەپە كۈنى كۈن چىققاندىن باشلاپ، كۈن پاتقۇچە بولغان ئارىلىقتا مەلۇم پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جاي).
يَوْمُ عَرَفَاتَ: زۇلھەججىنىڭ 9-كۈنى.
﴿فَإِذَا أَفَضْتُمْ مِنْ عَرَفَاتٍ فَاذْكُرُوا اللهَ عِنْدَ الْمَشْعَرِ الْحَرَامِ﴾ ‹قۇرئان›: ئەرەپاتتىن قايتقان چېغىڭلاردا مەشئەرى ھەرامدا (يەنى، مۇزدەلىفەدە) ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار.
عِرْفَانٌ: ئىلىم، بىلىم، مەرىپەت؛ بىلدۈرمەك، ئۇقتۇرماق، تونۇشتۇرماق.
عِرْفَانٌ بِالْجَمِيلِ: ياخشىلىقنى بىلمەك، مىننەتدار بولماق، تەشەككۈر ئېيتماق.
«عِرْفَانُ الْجَمِيلِ يَرْفَعُ قَدْرَ الرَّجُلِ»: قىلغان ياخشىلىقنى بىلىش كىشىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ئۆستۈرىدۇ.
يَوْمُ عَرَفَةَ: ئەرەپە كۈنى (زۇلھەججىنىڭ 9-كۈنى ھاجىلار ئەرەپاتقا چىقىدىغان كۈن).
عُرْفِيٌّ: ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇنغا ئاساسەن.
قَانُونٌ عُرْفِيٌّ: ئادەت قانۇنى.
حُكْمٌ عُرْفِيٌّ: ھەربىي تۈزۈم، ھەربىي قانۇن، ھەربىي ھالەت بۇيرۇقى.
«وَقَعَ إِنْقِلَابٌ عَسْكَرِيٌّ وَأُعْلِنَتِ الْأَحْكَامُ الْعُرْفِيَّةُ»: ھەربىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ھەربىي قانۇن جاكارلاندى.
مَحْكَمَةٌ عُرْفِيَّةٌ: ھەربىي سوت.
عَرِقَ يَعْرَقُ عَرَقًا: تەرلىدى، تەر چىقتى.
كَانَ الْجَوُّ حَارًّا فَعَرِقَ: ھاۋا قىزىپ كېتىپ، تەرلەپ

كەتتى.

عَرَقَ يَعْرُقُ عَرْقًا وَ مَعْرَقًا الْعَظْمَ: سۆڭەكنى غاجىلىدى.

عَرَقَتْهُ الْأَيَّامُ: ئۇنىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى.

عَرَقٌ: تەر؛ هاراق.

عَرَقٌ أَزْرَقُ: سوغۇق تەر.

عَرَقُ الْمَوتِ: ئۆلۈم ئالدىدىكى تەر.

كَانَ الْعَرَقُ يَقْطُرُ مِنْ جَبِيْنِهِ: ئۇنىڭ پېشانىسىدىن تەر تەپچىرەپ تۇراتتى.

نَالَ الشَّيْءَ بِعَرَقِ جَبِيْنِهِ: ئۇ نەرسىگە جاپالىق ئېرىشتى.

يَأْكُلُ بِعَرَقِ جَبِيْنِهِ: ئۇ هالال ئەمگىكى بىلەن ياشايدۇ.

عِرْقٌ ج عُرُوقٌ وَ أَعْرَاقٌ وَ عِرَاقٌ: يىلتىز، تۈپ، ئاساس؛ تومۇر، ئىرق، جىنس؛ كان تومۇرى، رودا تومۇرى.

عِرْقٌ سَاكِنٌ: كۆك قان تومۇر.

عِرْقٌ ضَارِبٌ: قىزىل قان تومۇر.

عِرْقُ النِّسَا: ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى.

عِرْقُ السُّوسِ: چۈچۈكبۇيا.

شَرَابُ عِرْقِ السُّوسِ: چۈچۈكبۇيا شەربىتى.

عِرْقُ الْحُمْرَةِ: ئەجدىها دەرەخ.

عِرْقُ خَشَبٍ: توغرا لىم، لىم.

عِرْقُ الذَّهَبِ: ئالتۇن يىلتىزى.

عِرْقُ اللُّؤْلُؤِ: مارجان قېپى.

الْعِرْقُ الْأَبْيَضُ: ئاق تەنلىك.

الْعِرْقُ الْمُغُولَانِيّ: موڭغۇل جىنسى.

الْعِرْقُ دَسَّاسٌ: ئاتا ـ ئانىنىڭ سۈپەتلىرى بالىدا تېپىلىدۇ.

طَيِّبُ الْأَعْرَاقِ: ئەك ئېسىل، ئېسىلزادە.

عَرَقَانٌ: تەرلىگۈچى، تەر تۆككۈچى، تەر ئاققۇزغۇچى.

عَرْقَبَ يُعَرْقِبُ عَرْقَبَةً الرَّجُلُ: ئويلاندى، ئۆزگەردى.

عَرْقَبَ الدَّابَّةَ: ئۇلاغنىڭ سىڭىرىنى كېسىۋەتتى.

عَرْقَصَ يُعَرْقِصُ عَرْقَصَةً الْغُلَامُ: بالا ئۇسسۇل ئوينىدى.

عَرْقَصَتِ الْحَيَّةُ: يىلان ئۆملىدى.

عَرْقَلَ يُعَرْقِلُ عَرْقَلَةً الْأَمْرَ: ئىشنى قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى، مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى.

عَرْقَلَهُ: توسقۇنلۇق قىلدى، توسالغۇ بولدى.

عَرْقَلَ حَرَكَةَ الْمُرُورِ: قاتناشقا توسالغۇ بولدى.

«هُنَاكَ يَدٌ خَفِيَّةٌ تُعَرْقِلُ الْمُفَاوِضَاتِ بَيْنَهُمَا»: بۇ يەردە بىر يوشۇرۇن قول بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدىكى سۆھبەتكە توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ.

عَرْقَلَةٌ ج عَرَاقِيْلُ: توسالغۇ، توسقۇنلۇق، پۇتلىكاشاڭ.

بِدُوْنِ عَرْقَلَةٍ وَ دُوْنِ خَسَائِرَ: توسالغۇسىز ۋە زىيان-زەخمەتسىز.

خَالٍ مِنَ الْعَرَاقِيْلِ وَالْمَحْظُورَاتِ: ھەرقانداق توسالغۇ ۋە چەكلىمىدىن خالىي.

عَرَاقِيْلُ الْأُمُورِ: ئىشلاردىكى تۈرلۈك توسالغۇلار.

لَاتَضَعُوا الْعَرَاقِيْلَ فِي طَرِيْقِنَا: يولىمىزغا توسقۇنلۇقلارنى پەيدا قىلماڭلار.

وَضَعَ الْعَرَاقِيْلَ عَنْ عَمْدٍ: قەستەن توسالغۇ پەيدا قىلدى.

عُرْقُوبٌ ج عَرَاقِيْبُ: سىڭىر، پەي؛ تەدبىر، ھىيلە، چارە؛ تاغ يولى، چىغىر يول؛ بىر ئادەمنىڭ ئىسمى بولۇپ، يالغان ئېيتىپ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا تەمسىل قىلىنىدۇ.

أَكْذَبُ مِنْ عُرْقُوبٍ: ئۇرقۇبتىن بەتتەر يالغانچى.

وَعْدٌ عُرْقُوبِيٌّ: يالغان ۋەدە.

عِرْقِيٌّ: ئىرق، جىنس.

التَّمْيِيْزُ الْعِرْقِيّ: ئىرقىي كەمسىتىش، ئىرقىي

ئايرىمچىلىق.

**عِرْقِيَّةٌ**: ئىرقچىلىق.

**عَرَقِيَّةٌ ج عَرَقِيَّاتٌ**: تەرلىك، تەرلىك بۆك، ئاق دوپپا، شاپاق دوپپا.

**عَرَكَ يَعْرُكُ عَرْكًا الْأَدِيمَ**: تېرىنى ئۇۋۇلىدى، يۇمشاتتى، ئەيلىدى.

**عَرَكَهُ الدَّهْرُ**: زامان ئۇنى چېنىقتۇردى.

**عَرَكَتِ الْمَاشِيَةُ النَّبَاتَ**: چارۋا ئوت-چۆپنى يەپ تۈگىتىۋەتتى.

**عَرِكَ يَعْرَكُ عَرَكًا**: باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلدى.

**عَرْكٌ**: سىنىماق، تەجرىبە قىلماق، چېنىقماق، چېنىقتۇرماق.

**عَرْكَةٌ ج عَرَكَاتٌ**: قېتىم، نۆۋەت.

**لَقِيتُهُ عَرْكَةً**: ئۇنىڭغا بىر قېتىم ئۇچراشتىم.

**عَرَكَةٌ**: ئېلىشماق، جەڭ قىلىشماق.

**عَرَكِيٌّ ج عَرَكٌ**: بېلىقچى؛ ماتروس.

**عَرُمَ يَعْرُمُ عَرَامَةً وَ عَرَامًا الرَّجُلُ**: چۇشكۇنلەشتى، چاكىنىلاشتى.

**عَرِمَ يَعْرَمُ عَرَمًا وَ عُرْمَةً**: ھەددىدىن ئاشتى، چەكتىن ئاشۇرۇۋەتتى.

**عَرَمَ يَعْرُمُ / يَعْرِمُ عَرْمًا وَ عَرَامًا الْعَظْمَ**: گۆش ئارىسىدىن سۆڭەكنى ئېلىۋەتتى.

**عَرِمٌ**: كەلكۈن، چوڭ كەلكۈن.

﴿فَأَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ سَيْلَ الْعَرِمِ﴾ «قرآن»: ئاندىن، ئۇلارغا قاتتىق سەلنى ئەۋەتتۇق.

**عَرَمٌ عُرْمَةٌ عَرَمَةٌ ج عَرَمٌ**: تۆپىلىك، دۆۋە.

**عَرِمٌ ج عَرَمَةٌ**: ئەسكى، ئەسكى ئادەم، يامان ئادەم، ئۇچىغا چىققان ئەسكى.

**عَرِمَةٌ ج عَرِمٌ**: تۇغان، توسما؛ يامغۇر، قارا يامغۇر.

**عُرْمَةٌ ج عُرَمٌ**: چەش، بۇغداي چەشمىسى.

**عَرَمْرَمٌ**: ياۋۇز، رەھىمسىز، زالىم، يىرتقۇچ، ۋەھشىي، ئېتىلىپ چىققۇچى، ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان.

**جَيْشٌ عَرَمْرَمٌ**: زور قوشۇن، يىرىك ھەربىي كۈچ.

**عَرَنَ يَعْرِنُ عَرْنًا الْجَمَلَ**: تۆگىنىڭ بۇرنىغا چۈلۈك ئۆتكۈزدى.

**عَرَنَ عَلَى الشَّيْءِ**: كۆندى، كۆنۈپ كەتتى.

**عَرْنٌ**: پىششىق گۆش، ئىس.

**عِرْنَاسٌ ج عَرَانِيسُ**: يىك، ئورچۇق؛ تاغ تۇمشۇقى.

**عَرَانِيسُ الذُّرَةِ**: كۆممىقوناق باشقى.

**عَرْنُوسٌ**: كۆممىقوناق باشقى.

**عِرْنِينٌ ج عَرَانِينُ**: نەرسىنىڭ ئەۋۋىلى، ئالدى؛ بۇرۇننىڭ ئۇچى؛ ئاقسۆڭەك خوجايىن.

**عَرَانِينُ الْقَوْمِ**: قوۋمنىڭ داھىيسى، كاتتىسى.

**شُمُّ الْعَرَانِينِ**: باش ئەگمەس ئېسىلزادىلەر.

**عِرْوٌ ج عُرْوَاءٌ**: بىپەرۋا ئادەم.

**عُرُوبٌ وَ عُرُوبَةٌ ج عُرُبٌ**: كۆلگۈنچەك ئايال، ئېرىنى ياخشى كۆرىدىغان ئايال؛ ئۇرۇشقاق ئايال.

﴿فَجَعَلْنَاهُنَّ أَبْكَارًا . عُرُبًا أَتْرَابًا﴾ «قرآن»: ئۇلارنى پاكىز، ئەرلىرىگە ئامراق، تەڭتۇش قىلدۇق.

**عُرُوبَةٌ**: ساپ ئەرەب تىلى؛ ئەرەبىزم، ئەرەب دۇنياسى.

**عُرُوبِيٌّ**: ئەرەب مىلىتارىزمى، ئەرەبىزم.

**عُرُوبِيَّةٌ**: ساپ ئەرەب تىلى، ئەرەبىزم، ئەرەب دۇنياسى.

**عُرْوَةٌ ج عُرًى**: تۇتقۇچ، ساپاق؛ ئاساس، سەۋەب.

**عُرْوَةُ الزِّرِّ**: ئىزما.

**عُرْوَةُ الْحَبْلِ**: ئارغامچىنىڭ كىرمىكى.

**الْعُرْوَةُ الْوُثْقَى**: مۇستەھكەم تۇتقا.

**عُرْوَةُ الصَّدَاقَةِ**: دوستلۇق ئالاقىسى.

**بِعُرْوَتِهِ وَ زِرِّهِ**: يېتەرلىك، تولۇق، كەم-كۈتىسىز.

﴿وَمَنْ يُسْلِمْ وَجْهَهُ إِلَى اللهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ فَقَدِ اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَى﴾ «قرآن»: ياخشى ئىش قىلغۇچى بولغان ھالدا ئىخلاس بىلەن ئاللاھقا

بويسۇنغان ئادەم، مەھكەم تۇتقۇغا ئېسىلغان بولىدۇ.

تَمَسَّكَ بِعُرْوَةِ الْوَحْدَةِ: ئىتتىپاقلىقتا چىڭ تۇردى، بىرلىكنى ھىمايە قىلدى.

عُرْوَةٌ: قېتىم، نۆۋەت.

تُزْرَعُ الْبَطَاطِيْسُ فِي عُرْوَتَيْنِ مِنَ السَّنَةِ: شوخلا يىلدا ئىككى قېتىم تېرىلىدۇ.

عَرُوسٌ ج عُرُسٌ: كۈيئوغۇل.

عَرُوسٌ ج عُرُسٌ وَ عَرَائِسُ: يېڭى تويى بولغان يىگىت-قىز، ئەر-ئايال.

«سَافَرَ الْعَرُوسَانِ إِلَى بَلَدٍ مُجَاوِرٍ بِقَضَاءِ شَهْرِ الْعَسَلِ»: توي قىلغان يىگىت-قىز شېرىن ئاي ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قوشنا ئەلگە سەپەر قىلدى.

عَرُوسُ الشِّعْرِ: شېئىر ئىلاھى.

عَرُوسُ النِّيْلِ: نىلۇپەر.

عَرُوسُ الشِّتَاءِ: كەسلەنچۈك، پاتمىچۇق.

الْعَرُوسَانِ: يېڭى توي قىلغان يىگىت-قىز.

عَرُوسَةٌ: ئويۇنچۇق، قورچاق.

عَرُوسَةٌ ج عَرَائِسُ: كېلىن.

مَسْرَحُ الْعَرَائِسِ: يىپ بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئوينايدىغان قونچاق.

عَرُوضٌ ج أَعَارِيْضُ: شېئىرنىڭ ۋەزنى (ئارۇز ۋەزنى)؛ تاغ باغرىدىكى يول.

مَعْرِفَةُ الْعَرُوضِ ضَرُورِيَّةٌ لِلشَّاعِرِ: ئارۇزنى بىلىش شائىر ئۈچۈن مۇھىم.

عَرُوضِيٌّ: رىتىملىق.

بَحْرٌ عَرُوضِيٌّ: رىتىملىق كۈي، ئاھاڭ.

عَرِيَ يَعْرَى عُرْيًا وَ عُرْيَةً مِنْ ثِيَابِهِ: كىيىمدىن يالىڭاچ بولدى، كىيىملىرىنى سېلىۋەتتى.

عَرِيَ مِنَ الْعَيْبِ: پاك بولدى، بىجىرىم بولدى، ساق بولدى.

﴿إِنَّ لَكَ أَلَّا تَجُوعَ فِيْهَا وَ لَا تَعْرَى﴾ «قرآن»: (جەننەتتە) ھەقىقەتەن ئاچ قالمايسەن ۋە يالىڭاچ قالمايسەن.

عَرَى يَعْرِى عَرْيًا الْأَمْرُ: دۇچ كەلدى.

عُرْيٌ . عُرْيَةٌ ج أَعْرَارٌ: يالىڭاچ، پەردىسىز.

فَرَسٌ عُرْيٌ: ياۋىداق ئات.

عُرْيَانٌ ج عُرْيَانُونَ م عُرْيَانَةٌ ج عَرَايَا: يالىڭاچ، قىپيالىڭاچ، ئوچۇقتىن-ئوچۇق.

عُرْيَانٌ كَمَا وَلَدَتْهُ أُمُّهُ: ئانىدىن تۇغما يالىڭاچ.

عُرْيَانٌ طَلِقٌ: قىپيالىڭاچ.

عُرْيَةٌ: يالىڭاچ.

عَرِيْدٌ: مىجەز، خاراكتېر، ئادەت؛ يىراق.

هَذَا عَرِيْدُهُ: بۇ ئۇنىڭ ئادىتى.

عَرِيْسٌ ج عُرُسٌ: يىگىت، كۈيئوغۇل (توي ئۈستىدە).

«أَهْدَي الْعَرِيْسُ مَلَابِسَ فَاخِرَةً إِلَى عَرُوسِهِ»: يىگىت قىزغا ئېسىل كىيىملەرنى سوۋغا قىلدى.

عَرِيْشٌ ج عُرُشٌ: سايىۋەن، ساتما، چېدىر؛ تەختىراۋان، مەپە، تەككە قويۇلغان تىرەك؛ شىپ.

عَرِيْشَةُ الْعَرَبَةِ: ھارۋا شوتىسى.

عَرِيْشَةٌ ج عَرَائِشُ: تەختىراۋان.

عَرِيْضٌ ج عِرَاضٌ: كەڭ، كەڭلىك.

عَرِيْضُ الْجَاهِ: مەشھۇر، داڭلىق، ئابرۇيلۇق، مەرتىۋىلىك.

﴿وَإِذَا مَسَّهُ الشَّرُّ فَذُو دُعَاءٍ عَرِيْضٍ﴾ «قرآن»: ئەگەر ئۇنىڭغا يامانلىق يەتسە، ئۇزلۇكسىز دۇئا قىلىدۇ.

عَرِيْضَةٌ ج عَرَائِضُ: ئەرز، ئىلتىماس، كەڭ.

عَرِيْضَةُ الدَّعْوَى: شىكايەتنامە.

مُقَدِّمُ الْعَرِيْضَةِ: ئەرز قىلغۇچى، دەۋاگەر.

«تَجَنَّبْنَا الطَّرِيْقَ الضَّيِّقَةَ وَسِرْنَا فِي الطَّرِيْقِ الْعَرِيْضَةِ»:

تار يولدا ماڭماي، كەڭ يولدا ماڭدۇق.

«قَدَّمَ عَرِيْضَةً إِلَى الْحَاكِمِ يَشْرَحُ فِيْهَا قَضِيَّتَهُ»: ئۆزىنىڭ دەۋاسىنى چۈشەندۈرۈپ، ھاكىمغا ئەرز سۇندى.

عَرِيْفٌ ج عُرَفَاءُ: سىنىپ باشلىقى، ئوقۇتقۇچى؛ ئاقساقال؛ گۇرۇپپا باشلىقى.

عَرِيْقٌ ج عِرَاقٌ وَ عُرقٌ: قەدىمكى، كونا، چوڭقۇر.

عَرِيْقُ النَّسَبِ: نەسەبى ئېسىل.

عَرِيْقُ الْمَجْدِ: شانۇشەۋكەتلىك، شۆھرەتلىك.

رَجُلٌ عَرِيْقٌ: ئېسىل ئادەم.

فَرَسٌ عَرِيْقٌ: ئېسىل ئات، نەسىللىك ئات.

عَرِيْقٌ فِي الْقِدَمِ: ئۇزاق، قەدىمكى زامان.

عَرِيْكَةٌ ج عَرَائِكُ: خاراكتېر، مىجەز، خۇلق، تەبىئەت.

لَيِّنُ الْعَرِيْكَةِ: مۇلايىم، ياۋاش.

شَدِيْدُ الْعَرِيْكَةِ: قەيسەر، قەتئىي، قاتتىق، تەرسا.

عَرِيْنٌ . عَرِيْنَةٌ ج عُرُنٌ: ھويلا، قورۇ؛ يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئۇۋىسى، ئۇۋا، كاتەك؛ دەرەخزارلىق.

«كَيْفَ تَسْتَطِيْعُ أَنْ تَحْصُلَ عَلَى أَشْبَالِ الضّرِ إِذَا لَمْ تَدْخُلْ عَرِيْنَهُ»: يولۋاس ئۇۋىسىغا كىرمەي تۇرۇپ يولۋاس بالىسىنى قانداق تۇتالايسەن؟

عَرِيَّةٌ ج عَرَايَا: سوغۇق شامال، مېۋىسى تۆكۈلگەن دەرەخ.

عَزَا يَعْزَا عَزْوًا فُلَانًا إِلَى فُلَانٍ: پالانىنى پالانىغا نىسبەت بەردى.

عَزَا الْخَبَرَ إِلَيْهِ: خەۋەرنى ئۇنىڭغا نىسبەت بەردى.

عَزَا إِلَيْهِ: (خاتالىقنى) ئۇنىڭغا ئارتىپ قويدى.

عَزَا الْوَجَلُ: سەۋر قىلدى، تاقەت قىلدى.

عَزَاءٌ: تەسەللى تاپماق، كۆڭۈل تىنماق، خاتىرجەم بولماق، سەۋر قىلماق.

«يَتَقَبَّلُ الْعَزَاءَ بَعْدَ صَلَاةِ الْعِشَاءِ»: خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن، تەزىيىنى قوبۇل قىلىدۇ.

الْعَزَاءُ: قاتتىقچىلىق، قاتتىقچىلىق يىل.

عِزَالٌ: يۆتكىمەك، كۆچمەك، ئۆي كۆچمەك.

عَزَبَ يَعْزُبُ عُزُوبًا: يىراقلاپ كەتتى، ئۇزاپ كەتتى.

عَزَبَ عَنِ الْبَالِ: يادىدىن چىقىپ كەتتى، ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

﴿وَمَا يَعْزُبُ عَنْ رَبِّكَ مِنْ مِثْقَالِ ذَرَّةٍ﴾ ‹قرآن›: زەررىچىلىك نەرسە ئاللاھنىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ.

«عَزَبَ عَنْ ذِهْنِهِ أَمْرٌ مُهِمٌّ»: مۇھىم بىر ئىش ئۇنىڭ يادىدىن چىقىپ كەتتى.

عَزَبَ يَعْزُبُ عُزْبَةً وَ عُزُوبَةً: تىوي قىلمىدى، ئۆيلەنمىدى.

عَزَبَ زَمَانًا ثُمَّ تَزَوَّجَ: بىرمەھەل بويتاق يۈرۈپ، ئاندىن ئۆيلەندى.

عَزَبٌ ج عُزَّابٌ وَ أَعْزَابٌ وَ عَزَبَةٌ ج عَزَبَاتٌ: بويتاق، تۇل.

عَزْبَةٌ ج عِزَابٌ: دېھقانچىلىق مەيدانى.

عُزْبَةٌ: بويتاقلىق، بويتاقلىق تۇرمۇش.

عِزْبَةٌ ج عِزَبٌ: دېھقانچىلىق مەيدانى.

عِزَةٌ ج عِزًى وَ عِزُونٌ: بىر توپ كىشى، بىر جامائە.

عَزَجَ يَعْزُجُ عَزْجًا الرَّجُلَ: كىشىنى ئىتتىرىۋەتتى.

عَزَجَ الْأَرْضَ بِالْمِسْحَاةِ: يەرنى ئاغدۇردى.

عَزَرَ يَعْزِرُ عَزْرًا الرَّجُلَ: كىشىنى ئەيىبلىدى، مالامەت قىلدى؛ توسۇدى، چەكلىدى؛ ياردەم بەردى، كۈچەيتتى.

عَزَرُوهُ لِسُوءِ تَصَرُّفِهِ: ئۇنىڭ قىلىقى ناچار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئەيىبلىدى.

أَيَّدَهُ أَصْحَابُهُ وَ عَزَرُوهُ: ھەمراھلىرى ئۇنى قوللىدى ۋە ياردەم بەردى.

عَزْرَائِيْلُ: ئۆلۈم پەرىشتىسى، ئەزرائىل.

عَزَّ يَعِزّ عَزًّا وَ عِزَّةً وَ عَزَازَةً: كۈچەيدى، قۇدرەت

تاپتى.

عَزَّ الشَّيْءُ: كېمەيدى، ئازلىدى، ئەتىۋارلىشىپ كەتتى.

﴿عَزَّنِي فِي الْخِطَابِ﴾ «قرآن»: ئۇ مېنىڭ سۆزدە يېڭىپ قويدى.

عَزَّ عَلَيْهِ عَزًّا: قەدىرلىك بولدى، سۆيۈملۈك بولدى، ئەزىز بولدى.

عَزَّ عَلَيَّ أَنْ ....: ماڭا ... ئېغىر كەلدى، قاتتىق بولدى، ئىنتايىن قىيىن بولدى.

اللّٰهُ عَزَّ وَ جَلَّ: ئاللاھ قۇدرەتلىك ۋە ئۇلۇغ بولدى.

أَصَابَ النَّاسَ قَحْطٌ فَعَزَّ الطَّعَامُ: كىشىلەر قەھەتچىلىككە ئۇچراپ، يېمەكلىك ئەتىۋارلىشىپ كەتتى.

عِزٌّ: شەرەپ، شان-شەرەپ، ئۇلۇغلۇق؛ كۈچ-قۇۋۋەت؛ ئابروي، نوپۇز، دەرىجە، تەسىر؛ قاتتىق يامغۇر.

عِزٌّ فِي الْمَعْرَكَةِ: كەسكىن جەڭ ئىچىدە.

﴿وَاتَّخَذُوا مِنْ دُونِ اللهِ آلِهَةً لِيَكُونَ لَهُمْ عِزًّا﴾ «قرآن»: ئۇلار ئىززەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھنى قويۇپ ئىلاھلار (يەنى بۇتلار)غا چوقۇندى.

عِزّ الشِّتَاءِ: قاتتىق سوغۇق.

فِي عِزِّ غِنَاهُ: باي ۋاقتىدا.

عِزّ الصَّيْفِ: قاتتىق ئىسسىق.

فِي عِزِّ اللَّيْلِ: تەڭ كېچىدە، كېچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا.

فِي عِزِّ صَبَاهُ: ئۇنىڭ ياشلىق مەزگىلىدە.

فِي عِزِّ الْمَعْرَكَةِ: جەڭ ۋاقتىدا.

عَزَّاءُ: چوڭ يامغۇر، ئاپەت، قىيىنچىلىق يىللار، قەھەتچىلىك يىل.

عَزَّافٌ ج عَزَّافُونَ: مۇزىكانت.

عَزَّاقِيَةٌ ج عَزَّاقِيَاتٌ: ساپان، سوقا.

عَزَّالٌ: مۇئتەزىلىلەر.

عَزَّامٌ: ئىرادىلىك؛ يولۋاس.

عَزَّبَ يُعَزِّبُ تَعْزِيبًا: يىراقلاشتۇردى، چەتلەشتۈردى.

عَزَّبَتِ الْمَرْأَةُ الرَّجُلَ: ئايال ئەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر قىلدى.

عِزَّةٌ: ئىززەت، قۇدرەت، غەلىبە.

عِزَّةُ النَّفْسِ: غۇرۇر، ئىززىتىنى ساقلىماق.

صَاحِبُ الْعِزَّةِ: جانابلىرى، ئالىيلىرى.

﴿لِلّٰهِ الْعِزَّةُ وَلِرَسُولِهِ وَلِلْمُؤْمِنِينَ﴾ «قرآن»: غەلىبە ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپتۇر.

عِزَّةُ الْجَانِبِ: كۈچلۈك، قۇدرەتلىك، قايىل قىلارلىق، ئۇلۇغ، چوڭ، يۈكسەك، ئۇلۇغۋار.

عَزَّرَ يُعَزِّرُ تَعْزِيرًا الرَّجُلَ: كىشىنى ئەيىبلىدى، مالامەت قىلدى؛ ئۇلۇغلىدى، ھۆرمەتلىدى؛ ياردەم بەردى، كۈچەيتتى.

﴿لِتُؤْمِنُوا بِاللهِ وَرَسُولِهِ وَ تُعَزِّرُوهُ﴾ «قرآن»: سىلەرنىڭ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنى ئۇلۇغلىشىڭلار ئۈچۈن ...

عَزَّرَ الْقَاضِي الْمُذْنِبَ: قازى گۇناھكارنى يېنىك جازالىدى.

عَزَّرَ الشَّخْصَ: توستى، مەنئى قىلدى.

عَزَّزَ يُعَزِّزُ تَعْزِيزًا: كۈچەيتتى، مۇستەھكەملىدى؛ ياردەم بەردى، ئىززەتلىدى، ئۇلۇغلىدى، قەدىرلىدى، كۆيۈندى.

عَزَّزَهُ: ئۇنى ھىمايە قىلدى، ئۇنى كۈچەيتتى.

عَزَّزَ الْجَيْشُ مَرْكَزَهُ: قوشۇن ئورنىنى مۇستەھكەملىدى.

عَزَّزَ بِالسِّلَاحِ: ئۇنى قورال ئارقىلىق كۈچەيتتى، قوراللاندۇردى.

عَزَّزَ الْقُوَّاتِ الْعَسْكَرِيَّةَ: ھەربىي كۈچنى كۈچەيتتى.

«يُعَزِّزُ سُلُوكَ الطِّفْلِ الْحَمِيدِ بِالْمُكَافَأَةِ»: بالىنى

ئەخلاقى ياخشى بولغانلىقتىن، مۇكاپات بىلەن ئىلھاملاندۇردى.

**عَزَّفَ يُعَزِّفُ تَعْزِيْفًا:** ناخشا ئېيتتى، غەزەل ئوقۇدى.

**عَزَّلَ يُعَزِّلُ تَعْزِيْلًا:** ئايرىۋەتتى، يۆتكىۋەتتى.

**عَزَّمَ يُعَزِّمُ تَعْزِيْمًا الرَّاقِي:** ئەپسۇنكەش ئەپسۇن ئوقۇدى.

**عَزَّى يُعَزِّي تَعْزِيَةً:** تەسەللى بەردى، ھال سورىدى، سەۋر قىلىشقا ئۈندىدى.

**عَزَّى أَهْلَ الْمُتَوَفِّيَ:** مەرھۇمغا تەزىيە بىلدۈردى، ماتەم تۇتتى.

**عَزَّى الْمُصَابَ:** مۇسىبەت ئەھلىنى يوقلىدى، ھال سورىدى.

**الْعُزَّى:** جاھىلىيەت دەۋرىدىكى قۇرەيشنىڭ بىر بۇتىنىڭ ئىسمى، ئۇززا.

**﴿أَفَرَأَيْتُمُ اللَّاتَ وَالْعُزَّى وَمَنَاةَ الثَّالِثَةَ الْأُخْرَى﴾** ‹قرآن›: ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ لات، ئۇززا ۋە ئۈچىنچىسى بولغان ماناتلار.

**عَزَفَ يَعْزِفُ عَزْفًا وَ عَزِيْفًا:** ناخشا ئېيتتى، غەزەل ئوقۇدى.

**عَزَفَتِ النَّفْسُ عَنِ الشَّيْءِ:** رايى يېنىپ كەتتى، كۆڭلى سوۋۇپ كەتتى، زېرىكتى، مالال بولدى.

**عَزَفَ عَلَى آلَةِ طَرَبٍ:** سازغا تەككەش قىلىپ ناخشا ئېيتتى.

**عَزَفَتِ الرِّيحُ:** شامال ھۇشقىيتتى.

**عَزَفَتِ الْمُوسِيْقِي:** مۇزىكا ياڭرىدى.

**عَزْفٌ:** چالماق، داپ ئاۋازى.

**عُزُفٌ:** ياۋا كەپتەر.

**عَزَقَ يَعْزِقُ عَزْقًا الْأَرْضَ:** يەر ئاغدۇردى، يەرنى چاپتى، يەردىن سۇ چىقاردى.

**عَزَقَ يَعْزُقُ عَزْقًا فُلَانًا ضَرْبًا:** پالاننى قاتتىق ئۇردى.

**عَزَقَ الْخَبَرَ عَنْهُ:** خەۋەرنى يوشۇردى.

**عَزِقَ يَعْزَقُ عَزَقًا بِهِ:** چاپلاشتى، چىرماشتى، يېپىشتى.

**عَزْقٌ:** تېرىماق، ئاغدۇرماق.

**عَزَقَةٌ ج عَزَقَاتٌ:** تازىلاش ئەسۋابى.

**عَزَلَ يَعْزِلُ عَزْلًا الشَّيْءَ:** نەرسىنى ئايرىۋەتتى، ئاجرىتىۋەتتى، يۆتكىۋەتتى.

**عَزَلَ عَنْ مَنْصَبٍ:** ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى.

**﴿وَمَنِ ابْتَغَيْتَ مِمَّنْ عَزَلْتَ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْكَ﴾** ‹قرآن›: (ۋاقىتلىق) ئايرىلىپ تۇرغان ئاياللىرىڭدىن بىرى بىلەن ھەمتۆشەك بولماقچى بولساڭ، ساڭا ھېچ گۇناھ يوق.

**عَزَلَ الْمَرْضَى عَنِ الْأَصِحَّاءِ:** ئاغرىقلارنى ساقلاردىن ئايرىۋەتتى.

**«عَزَلَ الرَّئِيْسُ ثَلَاثَةَ وُزَرَاءَ مِنْ مَنَاصِبِهِمْ»:** رەئىس ئۈچ مىنىستىرنى مەنسىپىدىن ئېلىۋەتتى.

**عَزَلَ الْعَدُوَّ:** ئۇ دۈشمەننى يېتىم قالدۇردى.

**عَزْلٌ:** ئايرىۋەتمەك، يۆتكىۋەتمەك.

**عُزْلٌ ج أَعْزَالٌ:** قۇرۇق قول، قورالسىز.

**عُزْلَاءُ ج عَزَالٍ وَ عَزَالَى:** جۇمەك، قورالسىز ئادەم، يامغۇرسىز بۇلۇت.

**عُزْلَةٌ:** يالغۇزلۇق، كىشىلەردىن يىراق بولماق، خىلۋەتتە بولماق، تەنھا ياشىماق.

**هُوَ فِي عُزْلَةٍ وَ انْفِرَادٍ:** ئۇ يېتىم ھالغا چۈشۈپ قالدى.

**عَزَمَ يَعْزِمُ عَزْمًا وَ عَزْمَةً وَ عَزِيْمَةً وَ مَعْزَمًا:** نىيەت قىلدى، ئىرادە باغلىدى.

**عَزَمَ الشَّخْصُ:** چىداملىق بولدى.

**﴿فَإِذَا عَزَمَ الْأَمْرُ فَلَوْ صَدَقُوا اللهَ لَكَانَ خَيْرًا لَهُمْ﴾** ‹قرآن›: ئۇرۇش قارار قىلىنغان چاغدا، ئۇلار ئاللاھقا سادىق بولۇشسا، ئەلۋەتتە ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ئىدى.

**﴿فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى اللهِ﴾** ‹قرآن›: بىر ئىشقا

بەل باغلىساڭ ئاللاھغا تەۋەككۇل قىلغىن.

عَزَمَ الرَّاقِي: ئەپسۇنكەش ئەپسۇن ئوقۇدى.

عَزْمٌ: بەل باغلىماق، ئىرادە تىكلىمەك؛ نىيەت قىلماق، مەقسەت قىلماق، قابىلىيەت، ئىقتىدار.

جَبَّارُ الْعَزْمِ: قەتئىي، كەسكىن.

﴿فَاصْبِرْ كَمَا صَبَرَ أُولُوا الْعَزْمِ مِنَ الرُّسُلِ﴾ «قرآن»: (ئى مۇھەممەد!) سەن ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن.

صَحَّ الْعَزْمُ: دۇرۇس بولدى.

خَارَ عَزْمُهُ: ئىرادىسى بوشاپ كەتتى.

أُولُو الْعَزْمِ مِنَ الرَّسُلِ: ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر.

ثَنَاهُ عَنْ عَزْمِهِ: ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇردى.

عَقَدَ الْعَزْمَ عَلَى كَذَا: بەل باغلىدى.

عَقَدْتُ الْعَزْمَ عَلَى السَّفَرِ: سەپەرگە نىيەت قىلدىم.

عَزْمَةٌ ج عَزَمَاتٌ: ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت، چىداملىق، تەمكىنلىك.

عُزُوبَةٌ: بويتاقلىق، بويتاقلىق تۇرمۇش.

عُزُوبِيَّةٌ: بويتاقلىق، بويتاقلىق تۇرمۇش.

عِزْوَةٌ: تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت، نەسەبداشلىق، قانداشلىق، ئۇرۇقداشلىق؛ چىداملىق، سەۋرچانلىق.

عَزُوفٌ وَ عَزُوفَةٌ ج عِزَافٌ: سىۋۇپ كەتكۈچى، زېرىككۈچى.

عَزُومٌ: ئىرادىلىك، قەتئىي، كەسكىن.

عُزُومَةٌ: تەكلىپ، چاقىرىق؛ توي، زىياپەت.

عَزَى يَعْزِى عَزْيًا فُلَانًا إِلَى فُلَانٍ: پالانىنى پالانىغا نىسبەت بەردى.

عَزَيَ هَذَا الْخَبَرَ إِلَى مَصْدرٍ مَوْثُوْقٍ بِهِ: بۇ خەۋەرنى ئىشەنچلىك مەنبەلەرگە نىسبەت بەردى.

عَزِيَ يَعْزَى عَزَاءً الرَّجُلُ: سەۋرچان بولدى، چىداملىق بولدى، ئۆزىگە تەسەللى بەردى.

عَزِيْبٌ ج أَعْزَابٌ: بالا-چاقا، مال-مۈلكىدىن ئايرىلىپ يىراقتا بولغان ئادەم.

عُزَيْرٌ: قۇرئاندا زىكىر قىلىنغان پەيغەمبەر ياكى ئەۋلىيالارنىڭ بىرى.

﴿وَقَالَتِ الْيَهُودُ عُزَيْرُ بْنُ اللهِ﴾ «قرآن»: يەھۇدىيلار: «ئۇزەير ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر»، دېدى.

عَزِيْزٌ ج عِزَازٌ وَ أَعِزَّةٌ وَ أَعِزَّاءُ: كۈچلۈك، غالىب؛ كەم تېپىلىدىغان؛ سۆيۈملۈك، قەدىرلىك؛ ئېسىل.

عَزِيْزٌ عَلَيْهِ: قىيىن، تەس، مۇشەققەت.

﴿عَزِيْزٌ عَلَيْهِ مَاعَنِتّمْ﴾ «قرآن»: سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ.

عَزِيْزُ النَّفْسِ: ئالىيجاناب، ئېسىل، مەرتىۋىلىك.

الْكِتَابُ الْعَزِيْزُ: قۇرئان كەرىم.

عَزِيْزُ الْجَانِبِ: كۈچلۈك، قۇدرەتلىك.

عَزِيْزُ الْمَنَالِ: قىيىن، تەس.

عَزِيْزُ مِصْرَ: مىسىر پادىشاھى.

أَخِي الْعَزِيْزِ: قەدىرلىك بۇرادەر.

الْعَزِيْزُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، غالىب، يېڭىلمەس ئاللاھ دېگەن مەنىدە.

﴿إِنَّ اللهَ عَزِيْزٌ حَكِيْمٌ﴾ «قرآن»: ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

خَشَبٌ عَزِيْزِيٌّ: ئاق قېيىن، ئاق شەمشاد.

عَزِيْفٌ: يېقىمسىز ئاۋاز؛ شامالدا كۆچكەن قۇمنىڭ ئاۋازى.

عَزِيْفُ الرَّعْدِ: گۈلدۈرماما ئاۋازى.

عَزِيْفُ الرِّيْحِ: شامالنىڭ ھۇشقىيتقان ئاۋازى.

عَزِيْمَةٌ ج عَزَائِمُ: ئەپسۇن؛ دۇئا؛ ئىرادە، ئىرادىسى كۈچلۈك؛ نىيەت، مەقسەت.

تَلْهَبُ الْعَزِيْمَةَ الْكِفَاحِيَّةَ: كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىدۇ، كۈرەش ئىرادىسىنى كۈچەيتىدۇ.

عَزِيْمَةٌ لَا تَنْثَنِى وَلَا تَلِيْنُ: ئېگىلمەس - سۇنماس ئىرادە.

**أَخَذَ يَتْلُو بَعْضَ الْعَزَائِمِ:** بەزى دۇئـالارنى ئوقۇشـقا باشلىدى.

**عَزَائِمُ اللهِ:** ئاللاھنىڭ بېكىتكەن پەرزلىرى.

**«إِنَّ اللهَ يُحِبّ أَنْ تُؤْتَى رُخَصهُ كَمَا يُحِبّ أَنْ تُؤْتَى عَزَائِمُهُ»** ‹حديث›: ئاللاھ ئۆزىنىڭ پەرزلىرىنىڭ ئورۇندىلىشىنى ياقتۇرغانـدەك، رۇخـسەت قىلغان ئىشلىرىنىڭمۇ ئورۇندىلىشىنى ياخشى كۆرىدۇ.

**عِزِيْنٌ:** توپ ـ توپ، جامائە ـ جامائە.

**﴿عَنِ الْيَمِيْنِ وَ عَنِ الشِّمَالِ عِزِيْن﴾** ‹قرآن›: ئوڭ ـ سول تەرىپىگـدە تـوپ ـ تـوپ بولـۇپ ئولتۇرۇشىدۇ.

**عَسَا يَعْسُو عَسَاءً وَ عَسْوًا وَ عُسُوًّا وَ عَسْوَةً الرَّجُلَ:** قېرىدى، ياشاندى.

**عَسَا الْيَدُ:** قول ئەمگەكتىن يىرىكلىشىپ كەتتى.

**عَسَا اللَّيْلُ:** كېچە زۇلمەتلىك بولدى.

**عَسَا النَّبَاتُ:** ئوت ـ چۆپ باراقسان بولۇپ ئۆستى.

**عَسَاقِيْلُ:** ساراب، تومۇز؛ تارقاق بۇلۇتلار.

**عَسْبٌ:** بالا، ئەۋلاد.

**عَسْبَةٌ:** تاغنىڭ يېرىقى، ئاراش جايلىرى.

**عُسْبُرٌ ج عَسَابِيْرٌ:** چۈمۈلىخور.

**عُسْبُورٌ ج عَسَابِرُ:** يولۋاس.

**عُسْبُورٌ. عُسْبُورَةٌ:** بۆرە كۈچۈكى.

**عَسَجَ يَعْسِجُ عَسْجًا وَ عَسَجَانًا وَ عَسِيْجًا:** بـوينىنى سوزۇپ ماڭدى.

**عَسْجَدٌ:** ئالتۇن، سېرىق ئالتۇن؛ گۆھەر، ياقۇت.

**«هَذَا الْخَاتَمُ مَصْنُوعٌ مِنَ الْعَسْجَدِ الْخَالِصِ»:** بـۇ ئۈزۈك ساپ ئالتۇندىن ياسالغان.

**عَسَدَ يَعْسِدُ عَسْدًا الْحَبْلَ:** ئارغامچىنى پۇختا ئەشتى.

**عَسَرَ يَعْسُرُ عَسْرًا الزَّمَانُ:** زامان قاتتىق بولدى.

**عَسَرَتِ الْمَرْأَةُ:** ئايالنىڭ تۇغۇتى قىيىن بولدى.

**عَسَر الْمَدِيْنَ:** قەرزدارنى قىستىدى.

**عَسُرَ يَعْسُرُ عُسْرًا وَ عَسَارَةً وَ عَسِرَ يَعْسَرُ عَسَرًا الْأَمْرُ:** ئىش قاتتىق بولدى، قىيىن بولدى.

**عُسْرٌ:** كەمبەغەللىك؛ قىيىنچىلىق، قاتتىقچىلىق، مۇشەققەتچىلىك.

**عُسْرٌ مَالِيٌّ:** مـالىيە قىيىنچىلىقـى، ئىقتىـسادىي قىيىنچىلىق.

**عُسْرُ الْبَوْلِ:** سۈيدۈك تۇتۇلۇش.

**﴿إِنَّ مَعَ الْعُسْرِ يُسْرًا﴾** ‹قرآن›: ئەلـۋەتتە، ھەربىـر مۈشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار.

**﴿يُرِيْدُ اللهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلَا يُرِيْدُ بِكُمُ الْعُسْرَ﴾** ‹قرآن›: ئـاللاھ سـىلەرگە ئاسـانلىقنى خالايـدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ.

**عُسْرُ الطَّمْثِ:** ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش.

**عُسْرُ الْهَضْمِ:** ھەزىـم قىلالماسـلىق، ئاشـقازان ئاجىزلىقى.

**عَسِرٌ ج عَسِرُونَ:** قىـيىن، مۈشـكۈل، تەس، مۇشەققەت.

**﴿يَقُولُ الْكَافِرُونَ هَذَا يَوْمٌ عَسِرٌ﴾** ‹قرآن›: كـاپىرلار: «بۇ قىيىن كۈندۇر»، دەيدۇ.

**عُسْرَةٌ:** كەمبەغەللىـك، موھتـاجلىق، قـولى قىسقىلىق.

**هُوَ فِي عُسْرَةٍ:** ئۇ قىيىنچىلىقتا قالدى.

**جَيْشُ الْعُسْرَةِ:** تەبـۈك غازىتىـدىكى مۇسـۇلمانلار قوشۇنى.

**﴿وَإِنْ كَانَ ذُو عُسْرَةٍ فَنَظِرَةٌ إِلَى مَيْسَرَةٍ﴾** ‹قرآن›: ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ ھالى ياخشىلانغۇچە كۈتۈڭلار.

**﴿وَالْأَنْصَارِ الَّذِيْنَ اتَّبَعُوهُ فِي سَاعَةِ الْعُسْرَةِ﴾** ‹قرآن›: ئۇنىڭغـا قىيىنچىلىـق ۋاقتىـدا ئەگەشـكەن ئەنسارلار...

**عُسْرَى:** قىيىنچىلىق، قىيىن، قاتتىقچىلىق.

**﴿وَأَمَّا مَنْ بَخِلَ وَاسْتَغْنَى وَ كَذَّبَ بِالْحُسْنَي فَسَنُيَسِّرُهُ**

لِلْعُسْرَى ﴾ ‹قرآن›: بېخىللىق قىلىپ ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا يامان يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز.

عَسَّ يَعَسُّ عَسًّا وَ عَسَسًا: كېچىدە جىسەكچىلىك قىلدى، چارلىدى.

عَسَسٌ: جىسەكچى، كېچىلىك چارلىغۇچى.

عِسَّبَارٌ: چۇمۇلىخور.

عَسَّاسٌ: جىسەكچى، كېچىلىك چارلىغۇچى.

عَسَّافٌ: ئەزگۈچى، زالىم.

عَسَّالٌ ج عَسَّالُونَ: ھەسەل يىغقۇچى، ھەسەل ساتقۇچى.

عَسَّالَةٌ: ھەسەل ھەرە ئۇۋىسى.

عَسَّرَ يُعَسِّرُ تَعْسِيرًا الْأَمْرَ: ئىشنى قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى، چىگىچلەشتۇرۇۋەتتى.

عَسَّرَ عَلَيْهِ: قىستىدى، مەجبۇرلىدى، قارشىلاشتى.

رَبِّ يَسِّرْ وَلَاتُعَسِّرْ: پەرۋەردىگارىم، ئاسانلاشتۇرغىن، قىيىنلاشتۇرمىغىن.

عَسَّفَ يُعَسِّفُ تَعْسِيفًا غَيْرَهُ: ئېغىر ئىشنى يۈكلىدى، قىيىن ئىشقا زورلىدى، چارچىتىۋەتتى.

عَسَّلَ يُعَسِّلُ تَعْسِيلًا الطَّعَامَ: تاماققا ھەسەل قوشتى، تاماقنى شېرىن قىلدى، مەززىلىك قىلدى.

عَسَّلَ النَّحْلُ: ھەرە ھەسەل چىقاردى.

عَسَّلَ النَّائِمُ: كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقاردى، تاتلىق ئۇخلىۋالدى.

عَسْعَاسٌ: بۆرە، يېنىك نەرسە.

عَسْعَسَ يُعَسْعِسُ عَسْعَسًا الشَّيْءَ: نەرسىنى قاپلىۋالدى؛ ھەرىكەتلەندۈردى، قوزغاتتى، تەۋرەتتى.

عَسْعَسَ الذِّئْبُ: بۆرە كېچىدە ئايلاندى.

عَسْعَسَ اللَّيْلُ: كېچە زۇلمەتلىك بولدى، قاراڭغۇلۇق قاپلىدى.

﴿وَاللَّيْلِ إِذَا عَسْعَسَ ﴾ ‹قرآن›: قاراڭغۇلۇقتا چۆمگەن كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەن.

عَسَفَ يَعْسِفُ عَسْفًا: زۇلۇم قىلدى، رەھىمسىزلىك قىلدى، بوزەك قىلدى.

عَسَفَ فِي الْأَمْرِ: ئىشنى يېنىكلىك بىلەن قىلدى، ئويلىمايلا قىلدى.

عَسْفٌ: زۇلۇم قىلماق، زورلۇق قىلماق.

عَسِقَ يَعْسَقُ عَسَقًا بِهِ: چاپلاشتى، يېپىشتى.

عَسِقَ عَلَيْهِ: يالۋۇردى.

عَسَقٌ: مىجەزى ئۇسال، قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت.

عَسْقَلَ يُعَسْقِلُ عَسْقَلَةً السَّرَابُ: ئېزىتقۇ يالتىرىدى.

عَسْقَلَانُ الرَّأْسِ: باشنىڭ چوققىسى.

عَسِكَ يَعْسَكُ عَسَكًا بِهِ: چاپلاشتى، يېپىشتى.

عَسْكَرَ يُعَسْكِرُ عَسْكَرَةً الْقَوْمُ: قوۋم توپلاندى، جەم بولدى.

عَسْكَرَ الْجُنْدُ: قوشۇن بارگاھ تىكلىدى، لاگېر قۇردى.

عَسْكَرٌ ج عَسَاكِرُ: ئەسكەر، لەشكەر، ھەربىي، قوشۇن، قىسىم.

عَسْكَرِيٌّ ج عَسْكَرِيّونَ وَ عَسَاكِرُ: ھەربىي.

هُجُومٌ عَسْكَرِيٌّ: ھەربىي ھۇجۇم.

تَدْرِيبٌ عَسْكَرِيٌّ: ھەربىي مەشىق.

حَاكِمٌ عَسْكَرِيٌّ: ھەربىي ئەمەلدار، گېنېرال.

مَجْلِسٌ عَسْكَرِيٌّ: ھەربىي سوت.

نِظَامٌ عَسْكَرِيٌّ: ھەربىي تۈزۈم.

حُكْمٌ عَسْكَرِيٌّ: ھەربىي ھاكىمىيەت.

عَرضٌ عَسْكَرِيٌّ: ھەربىي پارات.

عَسْكَرِيَّةٌ: مىلىتارىزم.

سَلْطَةٌ عَسْكَرِيَّةٌ: ھەربىي ھوقۇق، ھەربىي ھاكىمىيەت.

رِجَالُ الْعَسْكَرِيَّةِ . دُعَاةُ الْعَسْكَرِيَّةِ: مىلىتارىستلار.

**رُوحُ الْعَسْكَرِيَّةِ**: ميلىتارىستلىق ئىدىيە.

**مَحْكَمَةٌ عَسْكَرِيَّةٌ**: ھەربىي سوت.

**مُنَاوِرَاتٌ عَسْكَرِيَّةٌ**: ھەربىي مانېۋىر.

**قُوَّاتٌ عَسْكَرِيَّةٌ**: ھەربىي قىسىم.

**عَسَلَ يَعْسِلُ عَسْلًا الطَّعَامَ**: تاماققا ھەسەل قوشتى، تاماقنى شېرىن قىلدى، مەززىلىك قىلدى.

**عَسَلٌ ج أَعْسَالٌ وَ عُسُلٌ وَ عُسُولٌ وَ عُسْلَانٌ**: ھەسەل، بال.

**عَسَلُ السُّكَّرِ**: شىرنە.

**عَسَلٌ أَسْوَدُ**: شىرنە.

**﴿وَأَنْهَارٌ مِنْ عَسَلٍ مُصَفًّى﴾** «قرآن»: جەننەت ئەھلىگە ساپ ھەسەلدىن ئۆستەڭلەر بولىدۇ.

**شَهْرُ الْعَسَلِ**: شېرىن ئاي.

**قُرْصُ عَسَلِ النَّحْلِ**: ھەرە كۆنىكى.

**سَمْنٌ عَلَى عَسَلٍ**: كېلىشىمەك، ماسلاشماق.

**الْعَلَاقَةُ بَيْنَهُمَا سَمْنٌ عَلَى عَسَلٍ**: ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ياغ بىلەن گۆشتەك.

**الْعَسَلُ مُفِيدٌ**: ھەسەل پايدىلىق.

**عَسْلَجَ يُعَسْلِجُ عَسْلَجَةً الشَّجَرُ**: دەرەخ نوتا چىقاردى.

**عُسْلُجٌ ج عَسَالِجُ**: يۇمران شاخ، چىۋىق، نوتا.

**عَسْلَطَ يُعَسْلِطُ عَسْلَطَةً**: مالىماتىڭ سۆزلىدى، ئېگىز-پەس سۆزلىدى.

**عُسْلُوجٌ ج عَسَالِيجُ**: يۇمران شاخ، چىۋىق، نوتا.

**عَسَلِيٌّ**: ھەسەلدەك؛ ناۋات رەڭ.

**عُيُونٌ عَسَلِيَّةٌ**: قوڭۇر كۆز، زەڭگەر كۆز.

**عَيْنَاهُ عَسَلِيَّتَانِ**: ئۇنىڭ ئىككى كۆزى قوڭۇر رەڭ.

**عَسَمَ يَعْسِمُ عَسْمًا فِيهِ**: تەمە قىلدى.

**عَسَمَ يَعْسِمُ عَسَمًا وَ عُسُومًا**: تەمە قىلدى، ئېرىشتى، ئەستايىدىللىق قىلدى.

**عَسِمَتْ عَيْنُهُ**: كۆزى ياش تۆكتى.

**عَسْمٌ ج عُسُومٌ**: قۇرۇق نان.

**الْعَسَمَةُ**: قۇرۇق نان پارچىسى.

**مَاذُقْتُ إِلَّا عَسَمَةً**: پەقەتلا بىر پارچە قۇرۇق نان يېدىم.

**عَسْمِيٌّ**: كەسىپ قىلىپ ئائىلىنى باققۇچى.

**عِسْنٌ**: ئوخشاش، ئوخشىشى.

**عَسْوٌ**: شام.

**عِسْوَةٌ**: قېرىلىق.

**عِسْوَدٌ**: كۈچلۈك؛ يىلان.

**عَسُوفٌ**: زالىم، ئەزگۈچى، ياۋۇز.

**الْعُسُوفُ**: ئەمەلدار، چوڭ باشلىق.

**عَسُومٌ ج عُسُمٌ**: ئائىلىنى باققۇچى، كۆپ تۇغىدىغان تۆگە.

**عَسُونٌ ج عُسُنٌ**: سېمىز.

**عَسَى**: بەلكىم، ئېھتىمال؛ يېقىنلاشتى، مۇمكىن بولدى.

**عَسَانِي أُصَادِفُهُ هُنَاكَ**: بەلكىم ئۇنىڭغا شۇ يەردە ئۇچرىشارمەن.

**«أَذْهَبُ الْآنَ عَسَانِي أَنْ أَصِلَ فِي الْوَقْتِ الْمُنَاسِبِ»**: ھازىر ماڭىمەن، مۇۋاپىق ۋاقىتتا يېتىپ بېرىشىم مۇمكىن.

**﴿عَسَى رَبُّكُمْ أَنْ يُهْلِكَ عَدُوَّكُمْ﴾** «قرآن»: پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ھالاك قىلىشى ... مۇھەققەقتۇر.

**عَسِيبٌ ج عُسُبٌ وَ عُسْبَانٌ**: خورما دەرىخىنىڭ يوپۇرماقسىز شېخى؛ قوينىڭ توغۇر سۆڭىكى؛ پۇتىنىڭ دۈمبىسى؛ تاغنىڭ جىراسى.

**عَسِيرٌ**: قىيىن، مۇشكۇل، قاتتىق.

**﴿فَذَالِكَ يَوْمَئِذٍ يَوْمٌ عَسِيرٌ﴾** «قرآن»: ئۇ كۈن قىيىن كۈندۇر.

**عَسِيفٌ ج عُسَفَاءُ وَ عَسَفَةٌ**: كۈنلۈكچى، مەدىكار.

**عَسِيقَةٌ**: ناچار ئېچىملىك.

**عَشَا يَعْشُو عَشْوًا**: ناماز شام قارىغۇسى بولۇپ قالدى؛ كەچلىك تاماق يېدى.

عَشَا عَنْهُ: ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى.

﴿وَمَنْ يَعْشُ عَنْ ذِكْرِ الرَّحْمَنِ نُقَيِّضْ لَهُ شَيْطَانًا﴾ «قۇرئان»: كىمكى مېھرىبان ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن (يەنى، قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز.

عَشًا: نامازشام قارىغۇسى.

عِشَاءٌ: كەچقۇرۇن، ئاخشام.

صَلَاةُ الْعِشَاءِ: خۇپتەن نامىزى.

الْعِشَاءَانِ: شام بىلەن خۇپتەن.

﴿وَجَاؤُوا أَبَاهُمْ عِشَاءً يَبْكُونَ﴾ «قۇرئان»: ئۇلار كەچتە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا يىغلاپ كېلىشتى.

عِشَاءٌ ج أَعْشِيَةٌ: كەچلىك تاماق.

«أَقَامَ حَفْلًا عِشَاءً»: كەچلىك زىياپەت ئۆتكۈزدى.

تَنَاوَلْ عِشَاءَكَ مُبَكِّرًا: كەچلىك تاماقنى بۇرۇن يەۋالغىن.

«بَعْدَ الْعِشَاءِ يَشْتَغِلُ بَعْضٌ فِي مُطَالَعَةِ الْكُتُبِ وَ الْجَرَائِدِ»: كەچلىك تاماقتىن كېيىن بەزىلەر كىتاب ۋە گېزىت كۆرۈش بىلەن بولىدۇ.

عِشَارٌ: بوغاز.

﴿وَإِذَا الْعِشَارُ عُطِّلَتْ﴾ «قۇرئان»: بوغاز تۆگىلەر تاشلىۋېتىلگەن چاغدا.

عُشَارَ: ئوندىن-ئوندىن.

جَاءَ الْقَوْمُ عُشَارَ: قوۋم ئوندىن-ئوندىن كەلدى.

عُشَارِيٌّ م عُشَارِيَّةٌ: ئون ياشلىق ئوغۇل، ئون ياشلىق قىز.

عَشَاوَةٌ: نامازشام قارىغۇسى.

عَشُبَ يَعْشُبُ عَشَابَةً الْمَكَانُ: جاي ئوت-چۆپلۈك بولدى.

عَشِبَ يَعْشَبُ عَشْبًا الْمَكَانُ: جاي ئوت-چۆپلۈك بولدى.

عُشْبٌ ج أَعْشَابٌ: ئوت-چۆپ، يېشىل ئوت، ئۆسۈملۈك.

تَرْعَى الْأَغْنَامُ الْعُشْبَ: قويلار ئوتلىماقتا.

«صَعِدَ إِلَى الْجَبَلِ لِجَمْعِ الْأَعْشَابِ الطِّبِّيَّةِ»: دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى يىغىش ئۈچۈن تاغقا چىقتى.

عَشَبٌ م عَشَبَةٌ: پاكار ھەم سەت.

عَشِبٌ: ئوت-چۆپلۈك، ئوتلاق.

عُشْبَةٌ: ئوت-چۆپ، ئۆسۈملۈك.

مَجْمُوعَةُ عُشْبَةٍ: ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىسى.

عُشْبَةٌ مَغْرِبِيَّةٌ: پىلپىل.

عُشْبَةُ الْقَلْبِ: زەپەر.

عُشْبِيٌّ: سامان غوللۇق.

عَشَرَ يَعْشُرُ عَشْرًا وَ عُشُورًا الْمَالَ: مالنىڭ ئوندىن بىرىنى ئايرىدى، ئۆشرە ئالدى.

عَشَرَ الْقَوْمَ: قوۋمنىڭ ئونىنچىسى بولدى.

عَشْرٌ م عَشَرَةٌ ج عَشَرَاتٌ: ئون (10).

عَشَرَةُ أَضْعَافٍ: ئون ھەسسە.

عَشْرَ مَرَّاتٍ: ئون قېتىم.

عَشَرَةُ رِجَالٍ وَ عَشْرُ نِسَاءٍ: ئون ئەر ۋە ئون ئايال.

عَشَرَاتُ الْأَشْيَاءِ: نۇرغۇن نەرسىلەر.

عَشَرَةُ أَضْعَافٍ: ئون ھەسسە.

عُشْرٌ ج أَعْشَارٌ وَ عُشُورٌ: ئوندىن بىر، ئۆشرە.

عُشْرُ الدِّينَارِ مِئَةُ فَلْسٍ: دىنارنىڭ ئوندىن بىرى يۈز پۇلۇس بولىدۇ.

عُشَرَاءُ ج عِشَارٌ وَ عُشَرَاتٌ: بوغاز ھايۋان.

عِشْرَةٌ: سۆھبەت، ئالاقىلەشمەك.

عِشْرُونَ: يىگىرمە.

الْعِشْرُونَ: يىگىرمىنچى.

عُشْرِيٌّ: ئونلۇق كەسىر، ئونلۇق سىستېما بويىچە ھېسابلاش ئۇسۇلى.

كَسْرٌ عُشْرِيٌّ: ئونلۇق كەسىر.

كَسْرٌ عُشْرِيٌّ دَائِرِيٌّ: بۆلۈنمەيدىغان كەسىر.

النِّظَامُ الْعُشْرِيّ: ئونلۇق سىستېما.

الطَّرِيقَةُ الْعُشْرِيَّةُ: ئونلۇق سىستېما.

عَشَّ يَعُشُّ عَشًّا الشَّيْءَ: ئىزدىدى، تەلەپ قىلدى؛ توپلىدى.

عَشَّ الطَّائِرُ: قۇش ئۇۋا سالدى.

عَشَّ الْقَمِيصَ: كۆڭلەكنى يامىدى.

عَشَّ الْمَعْرُوفَ: ياخشىلىقنى كېمەيتىۋەتتى.

عُشٌّ ج عِشَاشٌ وَ أَعْشَاشٌ: قۇش ئۇۋىسى، چاڭگىسى.

بَنَى الطَّائِرُ عُشَّهُ فِي أَعْلَى الشَّجَرَةِ: قۇش ئۇۋىسىنى دەرەخنىڭ ئەڭ يۇقىرىغا سالدى.

عُشُّ الزَّوْجِيَّةِ: توي ھۇجرىسى.

عَشَّابٌ: دورا ئۆسۈملۈكلىرى سودىگىرى، دورا ئۆسۈملۈكلىرى مۇتەخەسسىسى.

عَشَّبَ يُعَشِّبُ تَعْشِيبًا الْمَكَانُ: جاي ئوت-چۆپلۈك بولدى.

عُشَّةٌ / عِشَّةٌ ج عُشَشٌ: كەپە، ئالچۇق، ساتما.

عَشَّرَ يُعَشِّرُ تَعْشِيرًا النَّاقَةُ: تۆگە ئون ئايلىق قورساق كۆتۈردى.

عَشَّرَ الشَّيْءَ: نەرسىنى ئونغا بۆلدى.

عَشَّرَ الْمَالَ: مالنىڭ ئوندىن بىرىنى ئالدى.

عَشَّشَ يُعَشِّشُ تَعْشِيشًا الطَّائِرُ: قۇش ئۇۋا سالدى.

عَشَّقَ يُعَشِّقُ تَعْشِيقًا النَّجَّارُ الْخَشَبَةَ: ياغاچچى ياغاچنى بىر-بىرىگە كىرگۈزدى، چاتتى.

عَشَّنَ يُعَشِّنُ تَعْشِينًا: پەرەز قىلدى، ئۆلچىدى.

عَشَّى يُعَشِّي تَعْشِيَةً الطَّيْرَ: ئوت يېقىپ قۇشنى ئۇۋلىدى.

عَشَّى الْإِبِلَ: تۆگىنى كېچىدە ئوتلاتتى.

عَشَّى الرَّجُلَ: كىشىگە كەچلىك تاماق بەردى.

مَاذَا عَشَّيْتَ ضَيْفَكَ: مېھمىنىڭغا قانداق كەچلىك تاماق بەردىڭ.

عَشِقَ يَعْشَقُ عِشْقًا وَ عَشَقًا وَ مَعْشَقًا: ياخشى كۆرۈپ قالدى، كۆيۈپ قالدى.

فُلَانٌ يَعْشَقُ الشِّعْرَ وَالْأَدَبَ: پالانى شېئىر، ئەدەبىياتنى ياخشى كۆرىدۇ.

عِشْقٌ: كۆيۈك، ئىشقى.

عَشَقَةٌ ج عَشَقٌ: پېچەكگۈل، ھەشقىپېچەك؛ مىسۋاك دەرىخى.

عَشِمَ يَعْشَمُ عَشَمًا وَ عُشُومًا الشَّيْءُ: نەرسە قۇرۇپ قالدى.

عَشِمَ يَعْشَمُ عَشَمًا وَ عَشَمَةً: تەمە قىلدى، ئاچ كۆز بولدى.

عَشَمٌ: ئاچ كۆزلۈك، تەمەخورلۇق.

خُبْزٌ عَشَمٌ: قۇرۇق نان.

عَشَنَ يَعْشُنُ عَشْنًا: پەرەز قىلدى، تەخمىن قىلدى.

عَشْوَاءُ ج عُشْيٌ: نامازشام قارىغۇسى.

عَشْوَاءُ . عَشْوَةٌ: قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت؛ كېچىنىڭ ئەۋۋىلى.

خَبَطَ خَبْطَ الْعَشْوَاءِ: قارىغۇلارچە (ئىش) قىلدى، قارىسىغا (ئىش) قىلدى.

عَشْوَائِيٌّ: قارىغۇلارچە، ئىختىيارىچە، قاراڭغۇلۇق زۇلمەت.

«عِنْدَمَا تَسِيرُ فِي الْغَابَةِ لَا تَتَجَوَّلْ فِيهَا عَلَى نَحْوٍ عَشْوَائِيٍّ إِذْ مِنَ الْمُحْتَمَلِ أَنْ تَضِلَّ سَبِيلَكَ فِيهَا»: ئورمانلىقتا قارىغۇلارچە ماڭما، ئۇنداق قىلساڭ يولدىن ئادىشىپ قېلىشىڭ مۇمكىن.

الْعَشُورَى: ھىجرىيە 1- ئاي (مۇھەررەم)نىڭ 10- كۈنى.

عَشِيَ يَعْشَى عَشًا: نامازشام قارىغۇسى بولۇپ قالدى؛ كەچلىك تاماق يېدى.

عَشٍ: نامازشام قارىغۇسى.

عَشِيبٌ: ئوت-چۆپلۈك، ئوتلاق.

عَشِيرٌ ج عُشَرَاءُ: ئەر-ئايال، ئېرى ۋە ئايالى.

عَشِيرَةٌ ج عَشَائِرُ وَ عَشِيرَاتٌ: جەمەت، خىش ئەقرىبالار.

عَشِيْرَةُ الشَّخْصِ: شەخسنىڭ تۇغقانلىرى، دوستلىرى.

﴿وَأَنْذِرْ عَشِيْرَتَكَ الْأَقْرَبِيْنَ﴾ «قرآن»: يېقىن خىش-ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن.

عَشِيْقٌ ج عُشَّاقٌ: مەھبۇب، سۆيگۈ، مەشۇق، ئاشىق.

عَشِيٌّ: چۈشتىن كېيىندىن تارتىپ كەچكىچە بولغان ۋاقىت.

﴿فَأَوْحَى أَنْ سَبِّحُوا بُكْرَةً وَ عَشِيًّا﴾ «قرآن»: ئۇلارغا ئەتىگەن-ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىشقا ئىشارەت قىلدى.

عَشِيَّةٌ ج عَشَايَا: كەچقۇرۇن، ئاخشام.

عَشِيَّةُ أَمْسِ: تۈنۈگۈن ئاخشام.

بَيْنَ عَشِيَّةٍ وَ ضُحَاهَا: ئاز ۋاقىت ئىچىدە.

﴿لَمْ يَلْبَثُوا إِلَّا عَشِيَّةً أَوْ ضُحَاهَا﴾ «قرآن»: ئۇلار گويا ئۆزلىرىنى (دۇنيادا) پەقەت بىر كەچقۇرۇن ياكى بىر ئەتىگەن تۇرغاندەك (گۇمان قىلىدۇ).

عَصَا يَعْصُو عَصْوًا الرَّجُلَ: كىشىنى تاياق بىلەن ئۇردى.

عَصًا ج عُصِيٌّ / عِصِيٌّ وَ أَعْصٍ: تاياق، ھاسا؛ پاچاق سۆڭىكى؛ تىل؛ جامائە.

عَصَا الرَّاعِي: يېسسىمۇق، يېسسى پۇرچاق.

﴿وَقَالَ هِيَ عَصَايَ أَتَوَكَّأُ عَلَيْهَا وَ أَهُشُّ بِهَا عَلَى غَنَمِي﴾ «قرآن»: مۇسا ئېيتتى: «بۇ مېنىڭ ھاسام، ئۇنىڭغا تايىنىمەن، ئۇنىڭ بىلەن قويلىرىمغا غازاڭ قېقىپ بېرىمەن».

عَصَا السِّنَّارَةِ: قارماق دەستىسى.

لَيِّنُ الْعَصَا: يۇمشاق، سىلىق، مۇلايىم.

شَقَّ عَصَا الطَّاعَةِ: ئاسىيلىق قىلدى، توپىلاڭ كۆتۈردى، قارشىلىق كۆرسەتتى.

عَصَا الشّرْطِيِّ: ساقچى كالتىكى.

أَلْقَى عَصَا التِّرْحَالِ: سەپەردىن توختىدى، ئولتۇراقلىشىپ قالدى.

«إِنَّ الْعَصَا مِنَ الْعُصِيَّةِ» «مثل»: كىچىك ئىشتىن چوڭ ئىش تېرىلىدۇ، ئۇچقۇندىن يالقۇن چىقىدۇ.

حَمَلَ بِعُصَيِّ الْمَاءِ: ئۇ ئەپكەش بىلەن سۇ كۆتۈردى.

عُصَابٌ: نېرۋا فۇنكسىيىلىك كېسەل.

«فَاضَ النَّهْرُ فَغَطَّى غَرِينُهُ ضِفَّتَيْهِ»: دەريا تېنىپ لاتقىلار ئۇنىڭ ئىككى قىرغىقىنى قاپلاپ كەتتى.

غَزَا يَغْزُو غَزْوًا: ھۇجۇم قىلدى، زەربە بەردى، بېسىپ كىردى.

غَزَا الشَّيْءَ: نەرسىنى ئىزدىدى.

«عَرَفْتُ مَا يَغْزُو مِنْ كَلَامِهِ»: ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندىم.

غَزَارَةٌ: مەمۇرچىلىق، مولچىلىق، باياشاتچىلىق.

بِغَزَارَةٍ: كەڭ كۆلەمدە، كۆپ مىقداردا، مول، كۆپ.

«تَسَاقَطَ الْمَطَرُ بِغَزَارَةٍ»: يامغۇر قۇيۇۋەتتى.

غَزَالٌ ج غِزْلَانٌ وَ غِزْلَةٌ: بۆكەن ئېپار كېيىكى.

غَزَالَةٌ ج غَزَالَاتٌ: ئۇرغاچى، چىشى بۆكەن.

اَلْغَزَالَةُ: ئەتىگەنكى قۇياش، يېڭى كۆتۈرۈلگەن قۇياش.

غَزَرَ يَغْزُرُ غَزْرًا وَ غَزَارَةً وَ غُزْرًا الْمَاءُ: سۇ مول بولدى،

كۆپ بولدى.

**غَزْرٌ:** كۆپ، مول، باياشات، مولچىلىق.

**غَزَّ يَغُزُّ غَزًّا وَ غَزَزًا بِفُلَانٍ:** پالانىنى تاللىدى، يارىتىپ قالدى.

**غَزَّةُ:** ئۇنىڭغا يىگىنە سانجىدى.

**غَزَّالٌ:** ئىگىرگۈچى، ئەشكۈچى، توقۇمىچى؛ ئۆمۈچۈك.

**غَزَلَ يَغْزِلُ غَزْلًا الْقُطْنَ:** پاختىنى ئىگىردى، ئەشتى.

**غَزِلَ يَغْزَلُ غَزَلًا بِالْمَرْأَةِ:** ئايال بىلەن پاراڭلىشىپ دوستلۇق ئىزھار قىلدى، ئايالغا مەپتۇن بولۇپ قالدى.

**غَزْلٌ ج غُزُولٌ:** ئىگىرمەك، ئەشمەك؛ ئىگىرىلگەن يىپ.

**مَعَامِلُ الْغَزْلِ:** توقۇمىچىلىق فابرىكىسى.

**غَزْلُ السَّعَالَى:** تاشپاختا.

﴿وَلَاتَكُونُوا كَالَّتِي نَقَضَتْ غَزْلَهَا﴾ «قرآن»: سىلەر پىششىق ئىگىرگەن يىپنى چۇۋۇپ، پارچە-پارچە قىلىۋەتكەن خوتۇندەك بولماڭلار.

**غَزَلٌ:** ئاياللار بىلەن مۇڭدىشىش، مۇھەببەتلىشىش، دوستلۇقنى ئىزھار قىلىش، ئايالنى كۆككە كۆتۈرۈپ پاراڭلىشىش، ئايالنىڭ گۈزەللىكىنى ماختاش.

«إِشْتَهَرَ الشَّاعِرُ فُلَانٌ بِالْغَزَلِ»: پالانى شائىر لىرىكىلىق شېئىر بىلەن مەشھۇر.

**غَزَلِيٌّ:** لىرىكىلىق، ھېسسىياتلىق.

**شِعْرٌ غَزَلِيٌّ:** ھېسسىياتلىق شېئىر، لىرىكىلىق شېئىر.

**غَزْوٌ:** ھۇجۇم قىلماق، ئىشغال قىلماق، زەربە بەرمەك، تاجاۋۇز قىلماق، غازات قىلماق.

**غَزْوُ الْفَضَاءِ:** بوشلۇقنى بويسۇندۇرماق، ئالەمگە يۈرۈش قىلماق.

**غَزْوَةٌ ج غَزَوَاتٌ:** بىر قېتىم ھۇجۇم قىلماق؛ ئۇرۇش، جەڭ.

**غَزِيْرٌ ج غِزَارٌ:** كۆپ، نۇرغۇن، مول.

**غَزِيْرُ الْمَاءِ:** سۈيى مول، سۇغا باي.

**شَخْصٌ غَزِيْرُ الْعِلْمِ:** چوڭقۇر بىلىملىك ئادەم.

**غَسَا يَغْسُو غَسْوًا وَ غُسُوًّا اللَّيْلُ:** كېچە قاراڭغۇلاشتى، زۇلمەت باستى.

**غَسَاةٌ ج غَسَوَاتٌ وَ غَسًى:** خام خورما.

**الْغَسَاسِنَةُ:** غەسسانىيلار.

**غَساق:** قان-يىرىڭ، سوغۇق؛ سېسىق.

**غَسَالَةٌ:** يۇيۇنغاندىكى پاسكىنا سۇ، يۇندى.

**غُسَانٌ:** يۈرەكنىڭ يىراق قاتلىمى.

«عَلِمْتُ أَنَّ ذَالِكَ مِنْ غُسَانِ قَلْبِكَ»: بۇنىڭ سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم.

**غَسَرَ يَغْسُرُ غَسْرًا عَلَى الْغَرِيْمِ:** قەرزدارنى قاتتىق سۆيلىدى.

**غَسَرَهُ عَنِ الشَّيْءِ:** توسۇدى، مەنئى قىلدى.

**غَسَّ يَغُسُّ غَسًّا:** ئەيىبلىدى، مالامەت قىلدى.

**غَسَّهُ فِي الْمَاءِ:** ئۇنى سۇغا چۆكۈرۈۋەتتى.

**غَسَّ فِي الْبِلَادِ:** كىردى، چېگرادىن كىردى.

**غُسٌّ ج أَغْسَاسٌ:** پەس، چاكىنا.

**غَسَّاقٌ:** قان-يىرىڭ؛ سېسىق؛ سوغۇق.

﴿هَذَا فَلْيَذُوقُوهُ حَمِيْمٌ وَّ غَسَّاقٌ﴾ «قرآن»: بۇ كۆيدۈرگۈچى قىزىق سۇدۇر، قان-يىرىڭدۇر، ئۇلار بۇنى تېتىسۇن.

**غَسَّالٌ:** كىر يۇغۇچى.

**غَسَّالَةٌ ج غَسَّالَاتٌ:** كىر يۇغۇچى ئايال؛ كىرئالغۇ، مېيىت يۇغۇچى ئايال.

**غَسَّانٌ:** ياشلىق مەزگىلى.

**غَسَّانِيٌّ:** ناھايىتى چىرايلىق.

**غَسَّانِيٌّ ج غَسَّاسِنَةٌ:** غەسسانىيلار.

**غَسَّلَ يُغَسِّلُ تَغْسِيْلًا:** ئۇنى يۇيۇندۇردى، تازىلىدى، غۇسلى قىلدۇردى.

«غَسَّلَ الْمَيِّتَ وَ كَفَّنَهُ»: مېيىتنى غۇسلى قىلىپ كېپەنلىدى.

غَسّولٌ: سوپۇن، يۇيۇنۇشتا ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەر.

غَسَفٌ: قاراڭغۇلۇق.

غَسَقَ يَغْسِقُ غَسَقًا وَ غَسَقَانًا اللَّيْلُ: كېچە قاراڭغۇ بولدى.

غَسِقَ يَغْسَقُ غَسَقَانًا الْمَاءُ: سۇ تۆكۈلدى.

غَسِقَتِ الْعَيْنُ: كۆز ياش تۆكتى.

غَسِقَ الْغَيْمُ: يامغۇر ياغدى.

غَسَقٌ: باش كېچىدىكى قاراڭغۇلۇق.

﴿أَقِمِ الصَّلَاةَ لِدُلُوكِ الشَّمْسِ إِلَى غَسَقِ اللَّيْلِ﴾ ‹قرآن›: (ئى مۇھەممەد!) كۈن قايرىلغان ۋاقىتتىن تارتىپ، قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىتقىچە ناماز ئوقۇغىن.

«يَسْتَمِرُّ فِي عَمَلِهِ مِنَ الْعَصْرِ حَتَّى الْغَسَقِ»: ئۇ ئۆز ئىشىنى ئەسىردىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكۈچە داۋاملاشتۇرىدۇ.

غَسَلَ يَغْسِلُ غَسْلًا وَ غُسْلًا الشَّيْءَ: نەرسىنى يۇدى، تازىلىدى.

﴿فَاغْسِلُوا وُجُوهَكُمْ وَ أَيْدِيَكُمْ إِلَى الْمَرَافِقِ﴾ ‹قرآن›: يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى، جەينىكىڭلارنى قوشۇپ يۇيۇڭلار.

«لَا تَنْسَ أَنْ تَغْسِلَ يَدَيْكَ قَبْلَ الْأَكْلِ وَبَعْدِهِ»: تاماق يېيىشنىڭ ئالدى-كەينىدە قولۇڭنى يۇيۇشنى ئۇنۇتما.

غَسْلٌ: يۇماق.

غُرْفَةُ الْغَسلِ: يۇيۇنۇش ئۆيى، تازىلىق ئۆيى، مۇنچا.

طَشْتُ الْغَسْلِ: داس.

غُسْلٌ: يۇيۇنماق، سۇغا چۆمۈلمەك.

غُسْلٌ ج أَغْسَالٌ: سوپۇن، سۇ قاتارلىق كىر يۇيۇلىدىغان نەرسىلەر.

غِسْلَةٌ: يۇيۇنۇشتا ئىستېمال قىلىنىدىغان نەرسىلەر.

غِسْلِينٌ: ئەھلى دوزاختىن ئاققان قان-يىرىڭلار.

﴿وَلَاطَعَامٌ إِلَّا مِنْ غِسْلِينٍ﴾ ‹قرآن›: ئۇنىڭغا يىرىڭدىن باشقا تاماق يوقتۇر.

غَسَمَ يَغْسُمُ غَسْمًا وَ غُسُومًا اللَّيْلُ: كېچە قاراڭغۇ بولۇپ كەتتى.

غَسَمٌ ج أَغْسَامٌ: قاراڭغۇ، زۇلمەت.

غَسَنَ يَغْسُنُ غَسْنًا الشَّيْءَ: چاينىدى.

غُسْنَةٌ ج غُسَنٌ: ماڭلاي چاچ.

غَسُولٌ: يارا قاتارلىقلارنى يۇيۇش دورىسى، دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى؛ سوپۇن؛ سۇيۇقلۇق.

غُسوٌّ: گۇگۇم ۋاقتى.

غَسِيَ يَغْسَى غَسًى اللَّيْلُ: كېچە قاراڭغۇلاشتى، زۇلمەت باستى.

غَسِيلٌ ج غَسْلَى وَ غُسَلَاءُ م غَسِيلَةٌ ج غَسَالَى: يۇيۇلغان كىيىم.

«نَشَرْتُ الْغَسِيلَ عَلَى الْحَبْلِ لِيَجِفَّ»: قۇرۇتۇش ئۈچۈن يۇيۇلغان كىيىمنى تانىغا يېيىپ قويدۇم.

غَشَا يَغْشُو غَشْوًا فُلَانًا: پالانىنىڭ قېشىغا كەلدى.

غِشَاءٌ ج أَغْشِيَةٌ: مۇقاۋا، يېپىنچە، لېپاپ، كونۋېرت، نېپىز پەردە.

غِشَاءٌ مَصْلِيٌّ: سېرۇزلۇق پەردە، شىللىق پەردە.

غِشَاءٌ مُخَاطِيٌّ: شىللىق پەردە.

غِشَاءُ الْبَكَارَةِ: قىزلىق پەردىسى.

«وَضَعْنَا عَلَى الْحَدِيدِ غِشَاءً رَقِيقًا مِنَ الدِّهَانِ لِحِمَايَتِهِ مِنَ الصَّدَإِ»: تۆمۈرنى داتلىشىشتىن ساقلاش ئۈچۈن ئازراق ماي سۈركىۋەتتۇق.

غِشَائِيٌّ: پەردىلىك، پەردىسىمان.

غِشَاوَةٌ: ياپقۇچ، قاپ، كىرلىك، پەردە.

غِشَاوَةٌ عَلَى الْعَيْنِ: مۇگگوز پەردىسى.

﴿وَعَلَى أَبْصَارِهِمْ غِشَاوَةٌ﴾ «قرآن»: ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پەردىلەنگەن.

غَشَّ يَغُشُّ غَشًّا: ئالدىدى، ساختىا قىلدى، كۆز بويامچىلىق قىلدى.

غَشَّهُ: ئۇنىڭغا خائىنلىق قىلدى.

«مَنْ غَشَّنَا فَلَيْسَ مِنَّا» «حديث»: كىمكى بىزگە كۆز بويامچىلىق قىلىدىكەن، ئۇ بىزگە مەنسۇپ ئەمەس.

غَشَّ اللَّبَنَ: سۈتكە سۇ قوشتى.

«يُعَاقَبُ الطَّالِبُ الَّذِي يَغُشّ فِي الْإِمْتِحَانِ»: ئىمتىهاندا ساختىپەزلىك قىلغان ئوقۇغۇچى جازالىنىدۇ.

غِشٌّ: ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك؛ خىيانەت.

غَشَّاشٌ ج غَشَّاشُونَ: ئالدامچى، ساختىپەز.

غَشَّامٌ: زالىم، ئەزگۈچى، زومىگەر، ۋەھشىي؛ بۇلاڭچى.

غَشَّى يُغَشِّي تَغْشِيَةً الشَّيْءَ: نەرسىنى بېسىۋالدى، قاپلىۋالدى؛ بويىدى.

غَشَّى الشَّيْءَ بِالذَّهَبِ: نەرسىگە ئالتۇن ياللاتتى.

﴿وَالْمُؤْتَفِكَةَ أَهْوَى فَغَشَّاهَا مَا غَشَّى﴾ «قرآن»: لۇت قوۋمىنىڭ شەھەرلىرىنى دۈم كۆمتۈرۈۋەتتى، ئۇنى (دەھشەتلىك تاشلار) قاپلىۋالدى.

غَشَّى الدَّمْعُ عَيْنَيْهِ: ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى ياش قاپلىۋالدى.

غَشَمَ يَغْشِمُ غَشْمًا: زۇلۇم قىلدى، ئەزدى؛ قالايمىقان قىلدى.

غَشَمَ الْحَاطِبُ: ئوتۇنچى ئوتۇننى قارا-قويۇق كەستى.

غَشْوَةٌ / غِشْوَةٌ: ياپقۇچ، قاپ، كىرلىك.

غَشُومٌ: زالىم، زومىگەر، ۋەھشىي؛ بۇلاڭچى.

حَرْبٌ غَشُومٌ: ناھەق ئۇرۇش.

اَلْقُوَّةُ الْغَشُومَةُ: زورلۇق-زومبۇلۇق، مەجبۇرىي.

غَشِيَ يَغْشَى غَشْيًا وَغِشَايَةً الْمَكَانَ: مەلۇم جايغا كەلدى، باردى.

غَشِيَ الْأَمْرُ فُلَانًا: پالانىغا بەختسىزلىك كەلدى.

غَشِيَ الْمَرْأَةَ: ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلدى.

غَشِيَ الْحِصَانُ الْفَرَسَ: ئايغىر ئاتقا چاپتى.

غَشِيَ يَغْشَى غِشْيَانًا ـهُ بِالسَّوْطِ: ئۇنى قامچىلىدى، قامچا بىلەن ئۇردى.

غَشِيَ يَغْشَى غَشًا وَغَشْيًا اللَّيْلُ: كېچە زۇلمەت قاراڭغۇ بولدى.

غَشِيَهُ النُّعَاسُ: ئۇنى مۈگدەك باستى.

﴿وَاللَّيْلِ إِذَا يَغْشَى﴾ «قرآن»: قاراڭغۇلۇقى بىلەن ئالەمنى قاپلىغان كېچە بىلەن قەسەمكى...

غُشِيَ يُغْشَى غَشْيًا وَغَشَيَانًا عَلَيْهِ: هوشىدىن كەتتى، ئەقلىنى يوقاتتى، ئېلىقىپ قالدى.

«عِنْدَمَا سَمِعَ النَّبَأَ غَشِيَ عَلَيْهِ»: خەۋەرنى ئاڭلاپ هوشىدىن كەتتى، ئايلىنىپ كەتتى.

غَشْيٌ. غَشَيَانٌ. غَشْيَةٌ: هوشىدىن كەتمەك، ئايلىنىپ كەتمەك.

غَشْيَةُ الْمَوْتِ: ئۆلۈمنىڭ سەكراتى.

غَشِيْمٌ ج غُشَمَاءُ: تەجرىبىسىز، ئىشقا خام، نادان.

حَدِيْدٌ غَشِيْمٌ: چويۇن.

«أَدْرَكُوا أَنَّهُ غَشِيْمٌ فَغَشُّوهُ»: ئۇلار ئۇنىڭ نادانلىقىنى بىلىپ ئۇنى ئالدىدى.

غَصَبَ يَغْصِبُ غَصْبًا ـ هُ: زورلىدى، مەجبۇرلىدى، قىستىدى؛ بۇلىدى، تارتىۋالدى، باسقۇنچىلىق قىلدى.

غَصَبَ الْمَرْأَةَ: ئايالغا باسقۇنچىلىق قىلدى.

غَصْبٌ: مەجبۇرلىماق، زورلىماق؛ ئىگىلىۋالماق، بۇلىماق، تارتىۋالماق.

غَصْبًا. بِالْغَصْبِ: مەجبۇرىي، زورلۇق بىلەن.

**غَصْبًا عَنْ كَذَا:** ئۇنداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭغا قارىماي.

﴿وَكَانَ وَرَاءَهُمْ مَلِكٌ يَأْخُذُ كُلَّ سَفِينَةٍ غَصْبًا﴾ ‹قرآن›: ئۇلارنىڭ ئالدىدا (يەنى بارىدىغان يوللىرىدا) ھەر قانداق ساق كېمىنى ئىگىسىدىن (زورلۇق بىلەن) تارتىۋالىدىغان بىر پادىشاھ بار ئىدى.

**غَصَّ يَغُصّ غَصَصًا بِالطَّعَامِ:** گېلىغا تاماق تۇرۇپ قېلىپ قېقىلىپ كەتتى، نەپەس ئالالماي قالدى.

**غَصَّ الْمَكَانُ بِالْقَوْمِ:** جاي ئادەم توشۇپ قىستاڭچىلىق بولۇپ كەتتى.

**غَصَصٌ:** قېقىلىپ كەتمەك، قېقىلىپ كېتىپ دەم ئالالماي قالماق، كېكىرتەكتە بىرنەرسە تۇرۇپ قالماق.

**غَصَصُ الْمَوْتِ:** نەپەس توختىماق، جان ئۈزمەك.

**غَصَّانٌ:** قىستاڭچىلىق.

**غُصَّةٌ ج غُصَصٌ:** غەم-قايغۇ، ئەندىشە، خاپىلىق؛ گالدا بىرنەرسە تۇرۇپ قالماق.

﴿إِنَّ لَدَيْنَا أَنْكَالًا وَّجَحِيمًا وَّطَعَامًا ذَا غُصَّةٍ﴾ ‹قرآن›: شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا (ئۇلارغا) ئېغىر ئىشكەللەر ۋە (كۆيدۈرگۈچى) دوزاخ بار. (زەققۇم، زەرىدىن ئىبارەت) گالدىن ئۆتمەيدىغان تاماق بار.

«لَمْ يَسْتَطِعِ الْكَلَامَ كَأَنَّمَا كَانَ فِي حَلْقِهِ غُصَّةٌ»: ئۇنىڭ گېلىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك گەپ قىلالماي قالدى.

**غَصَنَ يَغْصِنُ غَصْنًا الْغُصْنَ:** شاخنى كەستى.

**غَصَنَ الشَّيْءَ:** نەرسىنى ئالدى.

**غُصْنٌ ج أَغْصَانٌ وَ غُصُونٌ وَ غَصِنَةٌ:** دەرەخ شېخى.

«كَانَ الْقِرْدُ يَقْفِذُ مِنْ غُصْنٍ إِلَى غُصْنٍ»: مايمۇن شاختىن شاخقا سەكرەيتتى.

**غُصْنَةٌ:** يۇمران شاخ.

**غُصَيْنٌ ج غُصَيْنَاتٌ:** يۇمران شاخ.

**غَضَا يَغْضُو غَضْوًا وَ غُضُوًّا اللَّيْلُ:** كېچە قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

**غَضًا:** يۇلغۇن.

**عَلَى أَحَرَّ مِنْ جَمْرِ الْغَضَا:** تىنىكەن ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك بىئاراملىق ئىچىدە.

**غُضَابِيٌّ:** تېرىككەك، مىجەزى چۇس.

**غُضَارٌ:** سېغىز لاي، ساپال قاچا.

**غَضَارَةٌ ج غَضَائِرُ:** كەڭ-كۇشادىلىق، تۇرمۇش پاراۋانلىقى؛ چوڭ ياغاچ تاۋاق.

**غَضَاضَةٌ:** تۆۋەنلىك، پەسلىك؛ يېتەرسىزلىك، ئەيىب.

**غَضَاضَةُ الْإِهَابِ:** بالىلىق دەۋرى.

«لَيْسَ فِي هَذَا الْفِعْلِ أَيَّ غَضَاضَةٍ»: بۇ ئىشتا ھېچقانداق نۇقسان يوق.

**غُضَافِرُ:** يولۋاس.

**غَضِبَ يَغْضَبُ غَضَبًا عَلَيْهِ:** ئاچچىقلانىدى، غەزەپلەندى، خاپا بولدى.

**غَضِبَ مِنْ لَا شَيْءَ:** ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق ئاچچىقلاندى.

﴿وَغَضِبَ اللهُ عَلَيْهِمْ وَلَعَنَهُمْ﴾ ‹قرآن›: ئاللاھ ئۇلارغا غەزەپ قىلدى، ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى.

«شَكَوْتُ خَصْمِي إِلَى صَدِيقِي فَغَضِبَ لِيْ»: دۈشمىنىمنى دوستۇمغا شىكايەت قىلىۋىدىم، ئۇ مەن ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاچچىقلاندى.

**غَضَبٌ:** غەزەپلەنمەك، ئاچچىقلانماق، خاپا بولماق.

﴿قَدْ وَقَعَ عَلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ رِجْسٌ وَّ غَضَبٌ﴾ ‹قرآن›: سىلەرگە چوقۇم پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئازابى ۋە غەزىپى نازىل بولىدۇ.

«إِنَّمَا الشَّدِيْدُ الَّذِي يَمْلِكُ نَفْسَهُ عِنْدَ الْغَضَبِ»

«حديث»: ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى
تۇتۇۋالغان ھەقىقىي نوچىدۇر.

غَضِبٌ ج غِضَابٌ: ئاچچىقى يامان، تېرىككەك،
تەرسا.

غَضْبَانٌ ج غِضَابٌ م غَضْبَانَةٌ وَ غَضْبَى ج غَضَابَى:
غەزەپلەنگۈچى؛ تېرىككەك، چۇس، سەپرا
مىجەز.

﴿رَجَعَ مُوسَى إِلَى قَوْمِهِ غَضْبَانَ أَسِفًا﴾ «قرآن»: مۇسا
قوۋمىغا غەزەپلەنگەن ھالدا خاپا قايتتى.

«كَانَ عَصَبِيَّ الْمِزَاجِ غَضِبًا»: ئۇ ئاچچىقى يامان،
مىجەزى چۇس ئىدى.

غَضَرَ يَغْضِرُ غَضْرًا عَنْهُ: ئۇنىڭدىن باش تارتتى،
سوۋۇدى.

غَضَرَ عَلَيْهِ: ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلدى، كۆيۈندى.

غَضَرَ الشَّيْءَ: ئۈزۈۋەتتى، كېسىۋەتتى.

غَضِرَ يَغْضَرُ غَضَرًا وَ غَضَارَةً عَيْشُهُ: ئۇنىڭ تۇرمۇشى
ياخشى بولدى، پاراۋان بولدى.

غَضِرٌ: بۇك-باراقسان، بولۇق؛ سۇلۇق.

غُضْرُوفٌ ج غَضَارِيفُ: كۆمۈرچەك سۆڭەك.

غُضْرُوفُ الضِّلْعِ: قوۋۇرغا سۆڭىكى.

سَمَكٌ غُضْرُوفِيٌّ: يۇمشاق قىلتىرىقلىق بېلىق.

غَضَّ يَغُضُّ غَضًّا وَ غِضَاضًا وَ غِضَاضَةً طَرَفَهُ: كۆزىنى
پەسلەتتى، تۆۋەنگە قارىۋالدى.

غَضَّ الطَّرْفَ عَنْ كَذَا: بۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇردى،
كۆرمەسكە سالدى.

غَضَّ عَنْ فُلَانٍ: پالانىنى كەمسىتتى، كۆز سالمىدى،
پەرۋا قىلمىدى.

غَضَّ مِنْ شَرَفِهِ: ئۇنى كۆزگە ئىلمىدى.

﴿قُلْ لِلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَارِهِنَّ﴾ «قرآن»:
مۇئمىنلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە
تىكىلىپ قارىمىسۇن.

غَضَّ يَغَضُّ / يَغِضُّ غَضَاضَةً وَ غُضُوضَةً النَّبَاتُ: ئۆت-
چۆپ يۇمران بولدى.

غَضٌّ: پەسلەتمەك، تۆۋەنلەتمەك.

غَضُّ الطَّرْفِ: كۆرمەسكە سالماق، كۆز سالماسلىق.

غَضٌّ ج غِضَاضٌ: يېپيېڭى؛ يۇمشاق، ئەۋرىشىم.

«صَبِيٌّ غَضُّ الْإِهَابِ»: تېرىسى يۇمران بالا.

غُضَّةٌ: خارلىق، تۆۋەنلىك، يېتەرسىزلىك.

غُضَّةُ الْإِهَابِ: بالىلىق دەۋرى.

أَوْرَاقُ هَذَا النَّبَاتِ غَضَّةٌ: بۇ ئوت-چۆپنىڭ
ياپراقلىرى يۇمران.

غَضَّنَ يُغَضِّنُ تَغْضِينًا: قاتلىدى، پۈرلىدى.

غَضَّنَتِ السَّمَاءُ: يامغۇر توختىماي ياغدى.

«غَضَّنَ جَبْهَتَهُ عِنْدَمَا رَآنِي»: ئۇ مېنى كۆرۈپ
چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈۋالدى.

غَضَفَ يَغْضِفُ غَضْفًا الْعُودَ: ياغاچنى ئەگدى.

غَضَفَ الْوِسَادَةَ: تەكىينى قاپلىدى.

غَضَفَ الْفَرَسُ: ئات چاپتى.

غَضَنَ يَغْضُنُ / يَغْضِنُ / يَغْضَنُ غَضْنًا وَ غِضَانًا عَنِ
الْأَمْرِ: ئىشتىن توستى.

غَضْنٌ: غۇژمەك بولۇۋالماق، تۈرۈلۈۋالماق،
پۈرلىشىپ قالماق؛ ھارماق، چارچىماق، جاپا
چەكمەك.

غَضَنْفَرٌ ج غَضَافِرُ: يولۋاس.

غَضُوبٌ: تېرىككەك، چۇس.

غُضُونٌ: قورۇق، پۈرلۈم؛ ئارىسى، جەريان.

فِي غُضُونِ ذَالِكَ: شۇ چاغدا، شۇ ئارىدا.

فِي غُضُونِ الْكَلَامِ: سۆز ئارىسىدا.

فِي غُضُونِ الْحَرْبِ: ئۇرۇش جەريانىدا.

«لَقَدْ كَتَبْتُ هَذِهِ الرِّوَايَةَ مِنْ بِدَايَتِهَا حَتَّى نِهَايَتِهَا فِي
غُضُونِ سَنَةٍ وَاحِدَةٍ»: بۇ رومانىنى باشتىن-
ئاخىرغىچە بىر يىل جەريانىدا يېزىپ چىقتىم.

«سَأَزُورُكَ فِي غُضُونِ الْأُسْبُوعِ الْقَادِمِ»: سېنى كېلەر
ھەپتىنىچە يوقلايمەن.

غَضِيْرٌ: بۇك-باراقسان، بولۇق؛ سۇلۇق.

غَضِيْضٌ ج أَغِضَّاءُ وَ أَغِضَّةٌ م غَضِيْضَةٌ ج غَضَائِضُ: يېپيېڭى؛ يۇمران، ئەۋرىشىم؛ چىرايلىق.

غِطَاءٌ ج أَغْطِيَةٌ: ياپقۇچ، پەردە، قاپ، كىرلىك؛ قۇتا ئاغزى.

غِطَاءُ الرَّأْسِ: باش كىيىم.

غِطَاءُ الْمَائِدَةِ: داستىخان.

﴿كَانَتْ أَعْيُنُهُمْ فِي غِطَاءٍ عَنْ ذِكْرِي﴾ «قۇرئان»: ئۇلارنىڭ (بۇ دۇنيادىكى چاغلىرىدا دىللىرىنىڭ) كۆزلىرى مېنى ياد قىلىشتىن پەردىلەنگەنىدى.

غِطَاءُ السَّرِيْرِ: كىرلىك، ئەديىال.

«قِسْ طُولَ غِطَاءِ الطَّاوِلَةِ بِالْمِسْطَرَةِ»: ئۈستەل داستىخىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى چى بىلەن ئۆلچۈەت.

«إِرْفَعْ غِطَاءَ الْقِدْرِ»: قازاننىڭ تۇۋىقىنى ئېچىۋەت.

غِطَاءُ الْمُحَرِّكِ: موتور قاپقىقى.

غُطَارِفُ: مەرد، سېخىي.

غِطَايَةٌ: پەردە، نېپىز پەردە.

غِطْرَافٌ ج غَطَارِيْفُ: كېلىشكەن يىگىت، مەرد، سېخىي.

غَطْرَسَ يُغَطْرِسُ غَطْرَسَةً: تەكەببۇرلۇق قىلدى، غادايدى.

غِطْرِسٌ ج غَطَارِسُ: هاكاۋۇر، مەنمەنچى.

غَطْرَسَةٌ: تەكەببۇرلۇق قىلماق، غادايماق.

غِطْرِيْسٌ ج غَطَارِيْسُ: هاكاۋۇر، مەنمەنچى.

غِطْرِيْفٌ ج غَطَارِيْفُ: كېلىشكەن يىگىت؛ مەرد، سېخىي.

غَطَسَ يَغْطِسُ غَطْسًا فِي الْمَاءِ: سۇغا شۇڭغۇدى، چۆكۈپ كەتتى؛ چۆكتۈرۈۋەتتى.

غَطْسٌ: سۇغا شۇڭغۇماق.

«لَا يَسْتَطِيْعُ الْغَطْسَ فِي الْبَحْرِ إِلَّا السَّبَّاحُ الْمَاهِرُ»: پەقەت ئۇستا سۇ ئۈزگۈچىلا دېڭىزدا سۇ ئۈزەلەيدۇ.

غَطَشَ يَغْطِشُ غَطْشًا اللَّيْلُ: كېچە قاراڭغۇلاشتى.

غَطَشَ يَغْطِشُ غَطْشًا وَ غَطَشَانًا الرَّجُلُ: كىشى ئاجىزلىقتىن ئاستا ماڭدى.

غَطِشَ يَغْطَشُ غَطَشًا: كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ قالدى، كۆزى خىرەلەشتى.

غَطْشٌ: گۇگۇم، قاراڭغۇ، خىرە.

غَطَشٌ: كۆز نۇرى ئاجىزلاشماق.

غَطِشٌ م غَطْشَاءُ وَ غَطِشَةٌ ج غُطْشٌ وَ غَطِشَاتٌ: كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز ئادەم.

غَطَّ يَغِطُّ غَطًّا وَ غَطِيْطًا النَّائِمُ: ئۇخلىغۇچى خورەك تارتتى.

«غَطَّتِ الضَّوْضَاءُ صَوْتَهُ»: ئۇنىڭ ئاۋازىنى ۋاراڭ-چۇرۇڭ بېسىپ كەتتى.

غَطَّ يَغُطُّ غَطًّا الشَّيْءَ فِي الْمَاءِ: نەرسىنى سۇغا چۆكتۈرۈۋەتتى، شۇڭغۇتتى.

غَطٌّ: چۆمدۈرمەك، چۆكتۈرمەك (سۇغا).

غَطَّاسٌ ج غَطَّاسُونَ: غەۋۋاس، سۇغا شۇڭغىغۇچى، بىر خىل بېلىقچى قۇش.

«أَنْقَذَ الْغَطَّاسُونَ السَّابِحِيْنَ مِنَ الْغَرَقِ»: غەۋۋاسلار سۇ ئۈزگۈچىلەرنى غەرق بولۇپ كېتىشتىن قۇتقۇزۇۋالدى.

غَطَّسَ يُغَطِّسُ تَغْطِيْسًا فِي الْمَاءِ: سۇغا شۇڭغۇدى.

غَطَّسَ الشَّيْءَ: نەرسىنى چۆكتۈرۈۋەتتى.

غَطَّى يُغَطِّي تَغْطِيَةً الشَّيْءَ: نەرسىنى ياپتى، يوشۇردى، قاپلىۋالدى.

غَطَّى الْغُبَارُ الْمِنْضَدَةَ: ئۈستەلنى توپا بېسىپ كەتتى.

الثَّلْجُ يُغَطِّي قِمَمَ الْجِبَالِ: تاغ چوققىلىرىنى قار قاپلىۋاپتۇ.

غَطِفَ يَغْطَفُ غَطَفًا الْعَيْشُ: تۇرمۇش پاراۋان

بولدى.

غَطِفَ الرَّجُلُ: كىشى كىرپىكلىك بولدى.

غِطَمٌّ: دېڭىز، ئېسىل ئادەم، زور بىر تۈركۈم.

«أَتَيْتُ بَابَكَ رَجَّاءً وَمُعْتَذِرًا وَتُحْفَتِى يَا غِطَمَّ الْعَفْوِ أَبْيَاتُ»: مەن ئۈزرە ئېيتىپ ئۈمىد بىلەن ئالدىلىرىغا كەلدىم. ئۆزلىرى قارىنى-كۆكسى كەڭ ئادەم، بۇ بىرقانچە مىسرا شېئىر مېنىڭ سىلىگە سۇنغان كۆڭۈل سوۋغام.

غَطِيْطٌ: خورەك.

«سَمِعْتُ غَطِيْطَهُ فَأَيْقَنْتُ أَنَّهُ قَدْ نَامَ»: ئۇنىڭ خورىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى جەزملەشتۈردۈم.

غَفَا يَغْفُو غَفْوًا وَ غُفُوًّا الرَّجُلُ: كىشى ئازغىنە ئۇخلىدى، مۈگدىدى.

غَفَا الشَّيْءُ: نەرسە سۇ ئۈستىگە چىقىۋالدى.

«غَفَوْتُ خِلَالَ الْإِسْتِمَاعِ إِلَى نَشْرَةِ الْأَخْبَارِ»: خەۋەر ئاڭلىتىشىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

الْغُفَاءُ: خاماندىكى سامان، مەكگى.

غِفَارٌ: مەڭ، خال.

غِفَارَةٌ ج غَفَائِرُ: ياپقۇچ؛ پەردە؛ چۈمبەل.

غَفَرَ يَغْفِرُ غَفْرًا الشَّيْءَ: ياپتى، يوشۇردى.

غَفَرَ الشَّيْبَ: ئاق چاچنى بويىدى.

غَفَرَ يَغْفِرُ غَفْرًا وَ غُفْرَانًا وَ غَفِيْرًا وَ غَفِيْرَةً وَ غُفُورًا وَ مَغْفِرَةً: كەچۈردى، ئەپۇ قىلدى.

غَفَرَ الْأَمْرَ: ئىشنى ياخشىلىدى، ئوڭشىدى.

﴿قَالَ رَبِّ إِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي فَاغْفِرْ لِيْ فَغَفَرَ لَه﴾ ‹قرآن›: مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم، ماڭا مەغپىرەت قىلغىن». ئاللاھ ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلدى.

غَفِرَ الْمَرِيْضُ: كېسەل قوزغالدى.

غُفِرَ الْوَلَدُ: بالا تەتۈر كېلىپ قالدى، ئوڭۇشسىز كېلىپ قالدى.

يُغْفَرُ: كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

لاَ يُغْفَرُ: كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ.

غَفَرٌ: قاراۋۇل، پوست.

غُفْرَانٌ: كەچۈرمەك، ئەپۇ قىلماق، مەغپىرەت قىلماق.

غُفْرَانُ الْخَطَايَا: گۇناھىدىن ئۆتمەك.

﴿وَقَالُوا سَمِعْنَا وَ أَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَ إِلَيْكَ الْمَصِيْرُ﴾ ‹قرآن›: ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر ياندىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر»، دەيدۇ.

غُفْرَةٌ: ياپقۇچ، تۇۋاق.

غَفَّ يَغُفّ غَفًّا الطَّائِرُ: قۇش قوندى.

غَفَّارٌ ج غَفَّارُونَ: ئەپۇچان، ناھايىتى كەڭچىلىك قىلغۇچى.

الْغَفَّارُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، چەكسىز مەغپىرەت قىلغۇچى، كەڭ مەرھەمەت ئىگىسى، دېگەن مەنىدە.

﴿فَقُلْتُ اسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ إِنَّهُ كَانَ غَفَّارًا﴾ ‹قرآن›: (ئۇلارغا) ئېيتتىم: پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

غَفَّارَةٌ ج غَفَافِيْرُ: مۇراسىم كىيىمى.

غِفَّانٌ: زامان، ۋاقىت.

جَاءَ عَلَى غِفَّانِهِ: ئۆز ۋاقتىدا كەلدى.

غَفَّرَ يُغَفِّرُ تَغْفِيْرًا الشَّيْءَ: ياپتى، يوشۇردى.

غَفَّلَ يُغَفِّلُ تَغْفِيْلًا: ئۇنى غەپلەتتە قالدۇردى، ئۇنى غەپلەتتە قالغۇچى، دېدى.

غَفَقَ يَغْفِقُ غَفْقًا عَلَيْهِ: تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى.

غَفَقَهُ بِالسَّوْطِ: ئۇنى قامچا بىلەن راسا ساۋىدى.

غَفَقَ فُلَانٌ: سەپەردىن ئۇشتۇمتۇت قايتىپ كەلدى.

غَفَلَ يَغْفُلُ غُفُولًا وَ غَفْلَةً وَ غَفَلًا: بىپەرۋالىق قىلدى، دىققەتسىزلىك قىلدى، غاپىل بولدى.

﴿وَدَّ الَّذِينَ كَفَرُوا لَوْ تَغْفُلُونَ عَنْ أَسْلِحَتِكُمْ وَأَمْتِعَتِكُمْ فَيَمِيلُونَ عَلَيْكُمْ مَيْلَةً وَاحِدَةً﴾ «قرآن»: كاپىرلار سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلاردىن، ئەشيالىرىڭلاردىن غەپلەتتە قېلىشىڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە بىردىنلا ھۇجۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

غُفْلٌ ج أَغْفَالٌ: بەلگىسىز، نومۇرسىز؛ بوش قالغان ئورۇن؛ تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان؛ خام ئەشيا، خام ماتېرىيال.

غُفْلٌ مِنَ التَّوْقِيعِ: ئىمزاسىز.

غَفْلٌ . غَفْلَةٌ: بىپەرۋالىق، بىخەستەلىك، سەل قاراش، غەپلەت.

فِي غَفْلَةِ عَيْنٍ: كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە، بىردەمدىلا.

عَلَى حِينِ غَفْلَةٍ: ئۇشتۇمتۇت، تۇساتتىن، كۈتۈلمىگەندە.

عَلَى غَفْلَةٍ: بايقىمايلا، پەخەس بولماي.

عَنْ غَفْلَةٍ: كۆڭۈل قويماي، دىققەت قىلمىغانلىقتىن.

﴿وَدَخَلَ الْمَدِينَةَ عَلَى حِينِ غَفْلَةٍ مِنْ أَهْلِهَا﴾ «قرآن»: مۇسا شەھەر ئاھالىسىدىن ھېچ كىشىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بىر ۋاقىتتا شەھەرگە كىردى.

مَوْتُ الْغَفْلَةِ: ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈم.

فِي غَفْلَةٍ مِنْهُ: غەپلەتتە تۇرغاندا.

غَفْوَةٌ: ئازغىنە ئۇخلاپ قالماق، مۈگدەپ قالماق.

غَفُورٌ ج غُفُورُونَ: ئەپۇچان، ناھايىتى كەڭچىلىك قىلغۇچى.

الْغَفُورُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بىرى بولۇپ، چەكسىز مەغپىرەت قىلغۇچى، كەڭ مەرھەمەت ئىگىسى، دېگەن مەنىدە.

﴿وَاسْتَغْفِرُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ﴾ «قرآن»: ئاللاھدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

غَفَى يَغْفِي غَفْيًا الطَّعَامَ: ئاشلىقنى ئەخلەتتىن تازىلىدى.

غَفِيَ يَغْفَى غَفًى الرَّجُلُ: كىشى ئازغىنە ئۇخلىدى، مۈگدەپ قالدى.

«إِذْهَبْ إِلَى فِرَاشِكَ فَقَدْ غَفِيتَ»: سەن مۈگدەپ قالدىڭ، ئورنۇڭغا بېرىپ (يات).

غَفًى ج أَغْفَاءٌ: ئاشلىق ئارىسىدىكى قارىمۇققا ئوخشاش ئەخلەتلەر؛ ھەر نەرسىنىڭ ناچىرى.

غَفِيرٌ ج غُفَرَاءُ: مۇھاپىزەتچى، قاراۋۇل؛ كەچۈرگۈچى، ئەپۇ قىلغۇچى.

جَمٌّ غَفِيرٌ: زور كۆپچىلىك.

غَلَا يَغْلُو غَلَاءً السِّعْرُ: مال باھاسى ئۆستى، ئۆرلىدى.

«مُنِعَ شِرَاءُ هَذِهِ الْبِضَاعَةِ فَغَلَا سِعْرُهَا»: بۇ مالنى ئىمپورت قىلىش چەكلىنىۋىدى، باھاسى ئۆرلەپ كەتتى.

غَلَا يَغْلُو غُلُوًّا: ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى.

﴿لَا تَغْلُوا فِي دِينِكُمْ غَيْرَ الْحَقِّ﴾ «قرآن»: دىنىڭلاردا ھەقسىز رەۋىشتە چەكتىن ئېشىپ كەتمەڭلار.

غَلَاءٌ: باھا ئۆرلەپ كەتمەك، قىممەتچىلىك بولماق.

غَلَاظَةٌ: قوپاللىق، توڭلۇق، يىرىكلىك.

غِلَافٌ ج أَغْلِفَةٌ وَ غِلَافَاتٌ وَ غُلُفٌ وَ غُلَّفٌ: غىلاپ، لىپاپ، قەغەز خالتا؛ نەرسىنىڭ سىرتقى

تەرىپى.

غِلَافُ الْكِتَابِ: مۇقاۋا.

غِلَافُ الطَّلقَةِ: ئوق خالتىسى.

«وَضَعَ الرِّسَالَةَ فِي غِلَافٍ»: خەتنى كونۋېرتقا سالدى.

الْغِلَافُ الْجَوِّيّ: هاۋا قاتلىمى.

غِلَالَةٌ ج غَلَائِلُ: شىللىق پەردە؛ ئىچ كىيىم، كۆڭلەك.

غِلَالَةُ النَّوْمِ: ئۇخلاش كىيىمى.

غُلَامٌ ج غِلْمَانٌ وَ غِلْمَةٌ وَ أغلِمَةٌ: يىگىت، ياش؛ خىزمەتچى، غۇلام؛ مۇلازىم؛ چاكار؛ ئەسكەر.

﴿فَبَشَّرْنَاهُ بِغُلَامٍ حَلِيْمٍ﴾ «قرآن»: بىز ئىبراھىمغا ناھايىتى مۇلايىم، بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق.

غُلَامِيَّةٌ: يىگىتلىك ھالەت؛ جىنسىي شەھۋەت.

غَلَبَ يَغْلِبُ غَلْبًا وَ غَلَبًا وَ غَلَبَةً وَ مَغْلَبًا وَ مَغْلَبَةً غَيْرَهُ: يەڭدى، غالىب كەلدى، غەلىبە قىلدى؛ كونترول قىلدى، تىزگىنلىدى، باشقۇردى.

غَلَبَ عَلَيْهِ: ئۇنىڭغا ئۈستۈن كەلدى، ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولدى.

﴿كَمْ مِنْ فِئَةٍ قَلِيْلَةٍ غَلَبَتْ فِئَةً كَثِيْرَةً بِإِذْنِ اللهِ﴾ «قرآن»: ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.

«إِنَّ رحْمَتِي تَغْلِبُ غَضَبِيْ» «حديث»: ھەقىقەتەن مېنىڭ رەھمىتىم غەزىپىمنى يەڭدى.

غَلَبَ عَلَيْهِ التَّرَدّدُ: كۆپ ئىككىلەندى.

غَلَبَ عَلَيْهِ التَّفَاؤُلُ: كۆپ ئۈمىدۋار بولۇپ كەتتى.

غَلَبَ عَلَيْهِ النَّوْمُ: ئۇيقۇ بېسىپ كەتتى.

غَلَبَ عَلَى أَمْرِهِ: مەقسىتىگە يېتەلمىدى.

غَلْبَاءُ ج غُلْبٌ: كۈچلۈك، قۇدرەتلىك، غالىب؛ قويۇق.

﴿فَأَنْبَتْنَا فِيْهَا حَبًّا وَّعِنَبًا وَّقَضْبًا وَّزَيْتُونًا وَّنَخْلًا وَّحَدَائِقَ غُلْبًا﴾ «قرآن»: زېمىندا ئاشلىقلارنى، ئۈزۈملەرنى، ئوتياشلارنى، خورمىلارنى، دەرەخلىرى قويۇق باغچىلارنى ئۆستۈردۇق.

غَلْبٌ . غَلَبَةٌ: يەڭمەك، غەلىبە قىلماق.

عِلْمٌ بِالْغَلَبَةِ: كۆپ قوللىنىش بىلمەك.

غَلَتَ يَغْلُتُ غَلْتًا الْبَيْعَ وَالشّرَاءَ: سودا-سېتىقنى بۇزدى، ئەمەلدىن قالدۇردى.

غَلِتَ يَغْلَتُ غَلَتًا فِي الْحِسَابِ: ھېساباتنى خاتا قىلدى.

غَلَثَ يَغْلِثُ غَلْثًا الشَّيْءَ بِالشَّيْءِ: بىرنەرسىنى يەنە بىرنەرسىگە ئارىلاشتۇردى.

غَلِثَ يَغْلَثُ غَلَثًا الْقَوْمُ: قوۋم قاتتىق ئۇرۇش قىلىشتى.

اَلْغَلَثُ: ئاشلىق ئارىسىدىكى ئەخلەت.

غَلَجَ يَغْلِجُ غَلْجًا وَ غَلَجَانًا الْفَرَسُ: ئات بىر خىلدا ماڭدى، تەكشى ماڭدى، نورمال ماڭدى.

اَلْغُلُجُ: كېلىشكەن يىگىت.

غَلَسٌ ج أَغْلَاسٌ: تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق، جىمىمدە، ئاستاغىنە، تۇيدۇرماي.

غَلَسًا: قاراڭغۇدا، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە.

«كَانَ يُصَلِّي الصّبْحَ بِغَلَسٍ» «حديث»: بامدات نامىزىنى تاڭ قاراڭغۇسىدا ئوقۇيتتى.

غَلْصَمَةٌ ج غَلَاصِمُ: گەدەن بىلەن باش ئوتتۇرىسىدىكى گۆش؛ كېكىردەك.

غَلِطَ يَغْلَطُ غَلَطًا: خاتالاشتى، خاتالىق ئۆتكۈزدى.

غَلِطَ فِي الْحِسَابِ: ھېساباتنى خاتا قىلدى.

غَلَطٌ ج أَغْلَاطٌ: خاتالىق، ناتوغرا، سەۋەنلىك، غەلەت.

غَلْطَانُ م غَلْطَانَةٌ وَ غَلْطَى: خاتالاشقۇچى، خاتالىق ئۆتكۈزگۈچى.

غَلْطَةٌ ج غَلَطَاتٌ: بىر قېتىملىق خاتالىق.

غَلْطَةٌ كِتَابِيَّةٌ: قەلەم سەۋەنلىكى.

**غَلْطَةٌ مَطْبَعِيَّةٌ:** مەتبەئە خاتالىقى.

**«وَقَعَ الْمُتَحَدِّثُ فِي ثَلَاثِ غَلَطَاتٍ نَحْوِيَّةٍ»:** سۆزلىگۈچى ئۈچ جايدا گراماتىكا خاتالىقى ئۆتكۈزدى.

**غَلْطَةُ لِسَانٍ:** تىل خاتالىقى.

**اِرْتَكَبَ غَلْطَةً فَاحِشَةً:** چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزدى.

**غَلُظَ يَغْلُظُ غِلَظًا وَ غِلْظَةً وَ غَلَاظَةً:** قوپال بولدى، توڭ بولدى، يىرىك بولدى.

**غَلُظَ قَلْبُهُ:** قەلبى قاتتىق بولدى.

**غَلُظَ عَلَيْهِ:** قوپاللىق قىلدى.

**غَلُظَ الْعَيْشُ:** تۇرمۇش قىيىن بولدى.

**غَلُظَتْ سَاقُ الشَّجَرَةِ:** دەرەخنىڭ غولى يوغىنىدى.

**غَلُظَ طَبْعُهُ:** خاراكتېرى قوپال بولدى.

**غَلِيظٌ . غِلْظَةٌ:** يوغان، توم، قوپال، يىرىك.

**فِي غِلْظَةٍ:** ئەدەپسىز، قوپال.

**غَلْغَلَ يُغَلْغِلُ غَلْغَلَةً الشَّيْءَ:** نەرسىنى كىرىشتۈردى، كىرگۈزدى.

**غَلْغَلٌ ج غَلَاغِلُ:** يەرگە چوڭقۇر كىرىپ كەتكەن يىلتىز.

**غَلَفَ يَغْلُفُ غَلْفًا الشَّيْءَ:** نەرسىنى ئەتتى، قاپلىدى، ياپتى، غىلاپقا سالدى.

**غَلَّفَ الْكِتَابَ:** كىتابنى مۇقاۋىلىدى، تاشلىدى.

**غَلِفَ يَغْلَفُ غَلَفًا:** خەتنە قىلىنمىدى.

**غُلْفَةٌ ج غُلَفٌ:** خەتنىلىك، سۈننەتلىك.

**غَلِقَ يَغْلَقُ غَلَقًا:** غەزەپلەندى، چېچىلدى، خۇيى تۇتتى.

**غَلِقَ الرَّهْنُ:** گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە قەرز ئىگىسىنىڭ مۈلكى بولۇپ كەتتى.

**غَلِقَ الْبَابُ:** ئىشىك تاقالدى.

**غَلِقَ فُلَانٌ:** ئىچى تىتىلداپ كەتتى، ئىچى سىقىلىپ كەتتى.

**«إِنْهَارَتْ جُدْرَانُ الْبِئْرِ فَغَلِقَتْ»:** قۇدۇقنىڭ تېمى ئۆرۈلۈپ كېتىپ، قۇدۇق ئېتىلىپ قالدى.

**غَلَقَ يَغْلِقُ غَلْقًا الْبَابَ** ئىشىكنى ئەتتى، ياپتى، تاقىدى، قۇلۇپلىدى.

**غَلَقَ الْأَزْرَارَ:** تۈگمىنى ئەتتى.

**غَلَقٌ ج أَغْلَاقٌ جج أَغَالِيقُ:** تاقاق، دەم؛ قۇلۇپ سالماق.

**غَلِقٌ:** تېرىككەك، ئىچى تار.

**غَلِقٌ مِنَ الْكَلَامِ:** چۈشىنىكسىز سۆز.

**غَلَّ يَغُلُّ غُلُولًا الرَّجُلُ:** غەنىيمەت ياكى دۆلەت مۈلكىگە خىيانەت قىلدى.

**﴿وَمَنْ يَغْلُلْ يَأْتِ بِمَا غَلَّ يَوْمَ الْقِيَامَةِ﴾** ‹قرآن›: كىمكى غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن كېلىدۇ.

**غَلَّ يَغِلُّ غَلًّا الْمَاءُ بَيْنَ الْأَشْجَارِ:** دەرەخلەرنىڭ ئارىلىقىدا سۇ ئاقتى.

**غَلَّ بَصَرُ فُلَانٍ:** خاتا كۆرۈپ قالدى.

**غَلَّ الْمَفَازَةَ:** چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىردى.

**غَلَّ فُلَانًا:** پالانىغا كىشەن سالدى، كويزا سالدى، تاقاق سالدى.

**﴿خُذُوهُ فَغُلُّوهُ﴾** ‹قرآن›: ئۇنى تۇتۇڭلار، ئۇنىڭغا تاقاق سېلىڭلار.

**﴿وَقَالَتِ الْيَهُودُ يَدُ اللهِ مَغْلُولَةٌ غُلَّتْ أَيْدِيهِمْ﴾** ‹قرآن›: يەھۇدىيلار ئاللاھنىڭ قولى باغلاقلىقتۇر، دېدى. يەھۇدىيلارنىڭ قوللىرى باغلانسۇن.

**غَلَّ الْغُلَالَةَ:** ئىچ كىيىم كىيدى.

**غَلَّ يَغِلُّ غَلًّا وَ غَلِيلًا صَدْرُ الرَّجُلِ:** كىشىنىڭ كۆڭلى غەش بولدى.

**غَلَّ فِي الشَّيْءِ:** كىردى، ئىچكىرىلىدى.

**غُلَّ غُلًّا وَ غُلَّةً:** ئۇسساپ كەتتى، چاڭقاپ كەتتى.

**غِلٌّ:** ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت.

**﴿وَنَزَعْنَا مَا فِي صُدُورِهِمْ مِنْ غِلٍّ﴾** ‹قرآن›: ئۇلارنىڭ

دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز.

غُلٌّ ج أَغْلَالٌ وَ غُلُولٌ: كويزا، كىشەن، تاقاق؛ ئۈسسۈزلۇق، چاڭقاش.

﴿وَجَعَلْنَا الْأَغْلَالَ فِي أَعْنَاقِ الَّذِينَ كَفَرُوا﴾ «قۇرئان»: كاپىرلارنىڭ بويۇنلىرىغا تاقاقلارنى سالىمىز.

فَكَّ غُلَّهُ: كىشەننى ئېلىۋەتتى.

غَلَّايَةٌ ج غَلَّايَاتٌ: قازان، پار قازان.

غَلَّايَةٌ كَهْرَبَائِيَّةٌ: توك قازان.

غَلَّبَ يُغَلِّبُ تَغْلِيبًا: ئۇنى غەلىبىگە ئېرىشتۈردى.

«غَلَّبَهُ ذَكَاؤُهُ وَحُسْنُ تَخْطِيطِهِ عَلَى عَدُوِّهِ»: ئۇنىڭ زېرەكلىكى ۋە تەدبىرچانلىقى دۈشمىنى ئۈستىدىن غەلىبىگە ئېرىشتۈردى.

غُلَّةٌ ج غُلَلٌ: ئۈسسۈزلۇق، تەشنالىق، چاڭقاش.

أَطْفَأَ غُلَّتَهُ بِالْمَاءِ الْبَارِدِ: سوغۇق سۇ بىلەن ئۇنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇردى.

غَلَّةٌ ج غِلَالٌ وَ غَلَّاتٌ: كىرىم، مەنپەئەت؛ هوسۇل، مەهسۇلات.

غَلَّةُ الْأَرْضِ: دېهقانچىلىق كىرىمى.

حَانَ وَقْتُ جَمْعِ الْغِلَالِ: هوسۇل يىغىش ۋاقتى يېقىنلاشتى.

بَائِعُ غِلَالٍ: ئاشلىق ساتقۇچى.

غَلَّسَ يُغَلِّسُ تَغْلِيسًا الْقَوْمُ: تاڭ قاراڭغۇسىدا ماڭدى.

غَلَّسَ فُلَانٌ بِالصَّلَاةِ: پالانى تاڭ قاراڭغۇسىدا ناماز ئوقۇدى.

غَلَّطَ يُغَلِّطُ تَغْلِيطًا ـ هُ: ئۇنى خاتالاشتۇردى؛ خاتالىقنى كۆرسىتىپ بەردى.

لَا تُغَلِّطْ مَنْ هُوَ أَعْلَمُ مِنْكَ: سېنىڭدىن بىلىملىك ئادەمنى خاتاغا نىسبەت بەرمە.

غَلَّظَ يُغَلِّظُ تَغْلِيظًا الشَّيْءَ: نەرسىنى يوغىناتتى، قوپاللاشتۇرۇۋەتتى، قېلىنلاشتۇرۇۋەتتى.

غَلَّظَ الْيَمِينَ: قاتتىق قەسەم ئىچتى.

غَلَّفَ يُغَلِّفُ تَغْلِيفًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ياپتى، قاپلىدى، ئەتتى، غىلاپقا سالدى.

غَلَّقَ يُغَلِّقُ تَغْلِيقًا: ياپتى، ئەتتى، تاقىدى.

غَلَّقَ الْبَابَ: ئىشىكنى قۇلۇپلىدى.

﴿وَغَلَّقَتِ الْأَبْوَابَ﴾ «قۇرئان»: ئۇ ئىشىكلەرنى تاقىۋېتىپ...

غَلَّى يُغَلِّي تَغْلِيَةً السِّعْرَ: باهانى ئۆرلىتىۋەتتى، ئۈستۈرۈۋەتتى.

«إِحْتَكَرَ أَحَدُ التُّجَّارِ هَذِهِ الْبِضَاعَةَ فَغَلَّى سِعْرَهَا»: بىر سودىگەر بۇ مالنى مونوپول قىلىۋېلىپ، باهاسىنى ئۈستۈرۈۋەتتى.

غَلَّى يُغَلِّي تَغْلِيَةً الْقِدْرَ: قازاننى قايناتتى.

غِلِّيمٌ: شەھۋەتپەرەس، جىنسىي هەۋىسى كۈچلۈك.

غَلِمَ يَغْلَمُ غَلَمًا وَ غُلْمَةً: جىنسىي هەۋىسى كۈچەيدى.

غَلَمَ يَغْلُمُ غَلْمًا: تەرلىتىش ئۈچۈن يۆگەپ قويدى.

غَلِمٌ: شەھۋەتپەرەس، جىنسىي هەۋىسى كۈچلۈك.

غُلْمَةٌ: جىنسىي شەھۋەت، جىنسىي تەلەپ.

غُلَوَاءُ: چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەك، مۇبالىغە قىلماق، جاهىللىق، تەرسالىق.

غُلَوَاءُ الشَّبَابِ: ياشلىقنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ۋاقتى.

غُلُومَةٌ: يىگىتلىك هالەت؛ جىنسىي شەھۋەت.

غُلُوٌّ: هەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەك، مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتمەك؛ جاهىللىق، تەرسالىق.

غَلَى يَغْلِي غَلْيًا وَ غَلَيَانًا الْقِدْرُ: قازان قايىنىدى.

غَلَى مِنَ الْغَضَبِ: غەزىپى تاشتى.

﴿كَالْمُهْلِ يَغْلِي فِي الْبُطُونِ كَغَلْيِ الْحَمِيمِ﴾ «قۇرئان»: ئۇ ئېرىتىلگەن مىستەك (قىزىق)تۇر، ئۇ قورساقلاردا قايناق سۇدەك قاينايدۇ.

غَلْيٌ . غَلَيَانٌ: قايىنماق، جۇشقۇنلىماق.

«يَغْلِي الْعَالَمُ غَلَيَانَ الْمِرْجَلِ عَلَى النَّارِ»: پۈتۈن دۇنيا

خۇددى قازان قاينىغاندەك قاينام-تاشقىنلىققا چۆمدى.

دَرَجَةُ الْغَلَيَانِ: سۇيۇقلۇقنىڭ پارغا ئايلىنىش دەرىجىسى.

غَلِيْظٌ ج غِلاَظٌ ج غَلِيْظَةٌ: توك، قوپال، يىرىك، قاتتىق.

غَلِيْظَةُ الرَّقَبَةِ: جاھىل، تەرسا، كاج.

اَلْمِعَى الْغَلِيْظُ: چوڭ ئۈچەي.

﴿وَلَوْكُنْتَ فَظًّا غَلِيْظَ الْقَلْبِ لاَنْفَضّوا مِنْ حَوْلِكَ﴾ ‹قرآن›: ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى.

قَلْبٌ غَلِيْظٌ: باغرى قاتتىق.

طَبْعٌ غَلِيْظٌ: مىجەزى قوپال.

عَيْشٌ غَلِيْظٌ: جاپالىق تۇرمۇش.

عَهْدٌ غَلِيْظٌ: چىن ۋەدە.

يَمِيْنٌ غَلِيْظَةٌ: قاتتىق قەسەم.

سَاقٌ غَلِيْظَةٌ: توم پاچاق.

غَلِيْلٌ ج غَلاَئِلُ: ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت؛ قاتتىق ئۇسساش؛ قىزغىن مۇھەببەت.

أَرْوى غَلِيْلَهُ: ئۇنىڭ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇردى؛ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالدى.

شَفَى غَلِيْلَهَ: ئاچچىقىنى چىقاردى.

غَلِيْلَةٌ ج غَلاَئِلُ: ساۋۇت، دوبۇلغا.

غَلْيَمٌ: ئەركەك تاشپاقا.

غَلْيُونٌ ج غَلاَيِيْنُ: غاڭزا؛ يەلكەنلىك كېمە.

غَلِيٌّ: باھاسى يۇقىرى، قىممەت، چېكىدىن ئاشقان؛ تەرسا، جاھىل.

غَمَا يَغْمُو غَمْوًا الْبَيْتَ: ئۆينى ياپتى.

غَمَا. الْغِمَاءُ: شىپ، ئۆگزە.

غُمَارٌ. غُمَارَةٌ: كىشىلەر توپى، جامائە، ئامما، ئاۋام.

غِمَاضٌ: ئۇيقۇ.

غَمَامٌ: ئاق بۇلۇت.

حَبّ الْغَمَامِ: مۆلدۈر.

﴿وَظَلَّلْنَا عَلَيْكُمُ الْغَمَامَ﴾ ‹قرآن›: سىلەرگە بۇلۇتنى سايىۋەن قىلىپ بەردۇق.

غَمَامَةٌ ج غَمَائِمُ: پارچە بۇلۇت.

غِمَامَةٌ: تور (ھايۋاننىڭ ئېغىزىنى توسۇپ قويىدىغان).

غَمَتَ يَغْمِتُ غَمْتًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ياپتى.

غَمَتْهُ الطَّعَامُ: تاماق ئېغىر كەلدى.

غَمَتْهُ فِي الْمَاءِ: ئۇنى سۇغا چۆمدۈردى.

غَمِتَ يَغْمَتُ غَمَتًا: تاماق ئېغىر كەلدى.

غَمَجَ يَغْمِجُ غَمْجًا الْمَاءَ: سۇنى غورتۇلدىتىپ ئىچتى.

غَمَدَ يَغْمِدُ غَمْدًا السَّيْفَ: قىلىچنى غىلاپقا سالدى.

غِمْدٌ ج غُمُودٌ وَ أَغْمِدَةٌ: غىلاپ.

لاَ يَسَع السَّيْفَيْنِ غِمْدٌ: ئىككى كاللا بىر قازاندا قاينىمايدۇ.

جَرَّدَ سَيْفَهُ مِنْ غِمْدِهِ: قىلىچنى يالىڭاچلىدى.

غَمَرَ يَغْمُرُ غَمْرًا الْمَاءُ الْمَكَانَ: جاينى سۇ بېسىپ كەتتى، سۇ يامراپ كەتتى.

غَمَرَهُ بِالْهَدَايَا: ئۇنىڭغا كۆپ سوۋغا تەقدىم قىلدى.

غَمَرَ أَصْحَابَهُ بِفَضْلِهِ: ھەمراھلىرىنى مەرھەمىتىگە كۆمۈۋەتتى.

غَمُرَ يَغْمُرُ غَمَارَةً وَ غُمُورًا الْمَاءُ: سۇ مول بولدى، كۆپەيدى.

غَمْرٌ: سۇ بېسىپ كەتمەك.

غَمْرٌ ج غِمَارٌ وَ غُمُورٌ: مول سۇ، چوڭ سۇ، قاينام، دېڭىز-ئوكيان؛ كەڭ كىيىم.

رَجُلٌ غَمْرٌ: تەجرىبىسىز ئادەم؛ ئېسىل ئەخلاقلىق ئادەم.

لَيْلٌ غَمْرٌ: قاراڭغۇ كېچە.

خَاضَ غِمَارَ الْمَعْرَكَةِ: ئۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى، ئۇرۇش قاينىمىغا شوڭغۇدى.

غِمْرٌ ج أَغْمَارٌ: ئۆچ-ئاداۋەت، ئاچچىقلىنىش؛

ئۇسسۇزلۇق؛ تەجرىبىسىز، جاھىل، ئەبلەخ.

**غَمَرٌ ج غُمُورٌ وَ أَغْمَارٌ:** ئۆچ ـ ئاداۋەت؛ تەجرىبىسىز ئادەم.

**غَمَرُ النَّاسِ:** كىشىلەر توپى.

**غَمْرَةٌ ج غُمَرٌ وَ غِمَارٌ وَ غَمَرَاتٌ:** خاپىلىق، ئازاب، دەرد ـ ئەلەم؛ زەربە.

**غَمَرَاتُ الْمَوْتِ:** ئۆلۈم ئازابى، سەكرات.

﴿وَلَوْتَرَى إِذِ الظَّالِمُونَ فِي غَمَرَاتِ الْمَوْتِ﴾ (قرآن): (ئى مۇھەممەد!) زالىملارنى سەكراتقا چۈشكەن ۋاقتىدا كۆرسەڭ...

**غَمْرَةُ الْحَرْبِ:** شىددەتلىك جەڭ.

**غَمْرَةُ الْكِفَاحِ:** كەسكىن كۈرەش.

**غَمْرَةُ نُورِ الْقَمَرِ:** ئاي يورۇقى، ئايدىڭ.

**غَمَزَ يَغْمِزُ غَمْزًا:** ئاقساپ قالدى، يېنىچە ماڭدى.

**غَمَزَ بِعَيْنِهِ:** كۆز قىستى، كۆزى بىلەن ئىشارەت قىلدى.

**غَمَزَ بِالْحَاجِبِ:** قاش ئاتتى.

**غَمَزَ عَلَيْهِ:** ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلدى، غەيۋىتىنى قىلدى.

**غَمَزَ قَنَاتَهُ:** ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى سىناپ كۆردى.

**غَمْزَةٌ ج غَمَزَاتٌ:** كۆز ئىشارىتى، ئىما ـ ئىشارە.

**غَمَسَ يَغْمِسُ غَمْسًا الشَّيْءَ فِي الْمَاءِ:** نەرسىنى سۇغا چۆكۈردى، ھۆل قىلدى.

**غَمَسَ إِصْبَعَهُ فِي الْمَاءِ:** سۇغا بارمىقىنى چىلىدى.

**غَمَسَ اللُّقْمَةَ فِي الْإِدَامِ:** يېمەكلىكنى تېتىتقۇغا چىلىدى.

**غَمْسٌ:** (سۇغا) چۆكمەك.

**غَمِصَ يَغْمِصُ غَمْصًا عَلَيْهِ:** ئۇنىڭغا سەل قارىدى، كۆزگە ئىلمىدى.

**غَمِصَهُ:** ئۇنى ھاقارەتلىدى.

**غَمِصَ النِّعْمَةَ:** تۇزكورلۇق قىلدى.

**غَمِصَ يَغْمَصُ غَمَصًا:** يالغان ئېيتتى، بىلجىرلىدى.

**غَمَصٌ:** چاپاق.

**غَمِصٌ:** ئەيىبلىگۈچى، مالامەت قىلغۇچى.

**غَمَضَ يَغْمُضُ وَ غَمُضَ يَغْمُضُ غُمُوضًا الْكَلَامُ:** سۆز تۇتۇق بولدى، چۈشىنىكسىز بولدى.

**غَمَضَ كَلَامُهُ فَلَمْ أَفْهَمْ مِنْهُ شَيْئًا:** ئۇنىڭ سۆزى تۇتۇق بولۇپ، مەن ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىدىم.

«لَمْ تَغْمُضْ لِي اللَّيْلَةَ الْفَائِتَةَ عَيْنٌ»: ئۆتكەن كېچە كۆزۈم يۇمۇلمىدى.

**غَمَضَ يَغْمِضُ غَمْضًا عَنْهُ فِي الْبَيْعِ أَوِالشِّرَاءِ:** سودىدا كەڭ بولدى.

**غَمَضَ يَغْمَضُ / يَغْمِضُ غَمْضًا وَ غُمُوضًا الرَّجُلُ فِي الْأَرْضِ:** كىشى يول مېڭىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

**غَمِضَ يَغْمَضُ غُمُوضَةً وَ غَمَاضَةً الْمَكَانُ:** جاي ئىنتايىن پەس بولدى.

**غَمُضَتْ عَيْنُهُ:** ئۇخلىدى.

**غُمْضٌ:** ئۇيقۇ.

**مَااكْتَحَلَتْ عَيْنُهُ غُمْضًا** ئۇنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا بارمىدى.

**غَمْضٌ ج غُمُوضٌ:** پەس يەر، تېرەن يەر؛ تۇتۇق، مۇجمەل.

**غَمْضَةُ عَيْنٍ:** بىر قاراپلا، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە.

**غَمَطَ يَغْمَطُ غَمْطًا النِّعْمَةَ:** تۇزكورلۇق قىلدى، ئېلتىپاتنى تونۇمىدى.

**غَمَطَ فُلَانٌ فُلَانًا:** پالانى پالانىنى ھاقارەت قىلدى، كۆزگە ئىلمىدى.

**غَمَطَ الْحَقَّ:** ھەقنى ئىنكار قىلدى.

**لَاتَغْمِطْ خَصْمَكَ:** دۈشمىنىڭنى كىچىك سانىما.

**لَاتَغْمِطْ حُقُوقَ النَّاسِ:** كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى ئىنكار قىلما.

غَمْطٌ: سەل چاغلىماق، ئىنكار قىلماق، ئويمان يەر.

«الْكِبْرُ بَطَرُ الْحَقِّ وَ غَمْطُ النَّاسِ» «حديث»: تەكەببۇرلۇق دېگەن ھەق گەپكە ئۇنىماسلىق، كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىقتۇر.

غَمْغَمَ يُغَمْغِمُ غَمْغَمَةً الْكَلَامَ: سۆزنى ئوچۇق قىلمىدى.

غَمْغَمَ الثَّوْرُ: ئۆكۈز قورقۇپ مۆرىدى.

غَمْغَمَ الْبَطَلُ: باتۇر ئۇرۇشتا «ھۇررا»، دەپ توۋلىدى.

غَمْغَمَةٌ ج غَمَاغِمُ: تۇتۇق سۆز، مۇجمەل سۆز.

غَمَقَ يَغْمُقُ وَ غَمِقَ يَغْمَقُ وَ غَمُقَ يَغْمُقُ غَمْقًا الْمَكَانُ: جاي سۇلۇق ۋە نەم ھاۋالىق بولدى، زەيلىك بولدى.

غَمَقَ النَّبَاتُ: زەيدە ئوت-چۆپ بۇزۇلدى.

غَمِقٌ م غَمِقَةٌ: نەم، ھۆل، زەي.

الْغَمَقَةُ: بەل ئاغرىقى.

غِمْلَاجٌ ج غَمَالِجُ: يۇمشاق، يەڭگىل، ئىرادىسىز، شاللاق.

غَمْلَجٌ: يۇمشاق، ئەۋرىشىم؛ يەڭگىل؛ ئىرادىسىز.

غُمْلُوجٌ. غُمْلُوجَةٌ: يۇمشاق؛ يەڭگىل؛ ئىرادىسىز.

غِمْلِيجٌ. غِمْلِيجَةٌ ج غَمَالِيجُ: يۇمشاق؛ يەڭگىل؛ ئىرادىسىز؛ شاللاق.

غَمَّ يَغُمُّ غَمًّا الْيَوْمُ: كۈن قىزىرىپ كەتتى.

غَمَّ الشَّيْءَ: نەرسىنى ياپتى، ئەتتى.

غَمَّ الْقَمَرُ النُّجُومَ: ئاينىڭ نۇرى يۇلتۇزلارنى قاپلىۋالدى.

غَمَّ الرَّجُلَ: كىشىنى غەمناك قىلدى، غەمگە سالدى.

غَمَّهُ مَوْتُ صَدِيقِهِ: دوستىنىڭ ئۆلۈمىگە ھەسرەت چەكتى.

غَمٌّ ج غُمُومٌ: غەم-قايغۇ، ھەسرەت، ئەندىشە، قايغۇ.

يَوْمٌ غَمٌّ: قاتتىق ئىسسىق كۈن، تىنچىق كۈن.

﴿فَاسْتَجَبْنَا لَهُ وَنَجَّيْنَاهُ مِنَ الْغَمِّ﴾ «قرآن»: ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى غەمدىن خالاس قىلدۇق.

«مَاتَ إِبْنُهُ فَأَصَابَهُ غَمٌّ شَدِيدٌ»: ئۇنىڭ ئوغلى ئۆلۈۋىدى، ئۇ قاتتىق قايغۇردى.

﴿ثُمَّ لَايَكُنْ أَمْرُكُمْ عَلَيْكُمْ غُمَّةً﴾ «قرآن»: ئىشىڭلار سىلەرگە تۇتۇق بولۇپ قالمىسۇن.

غَمَّاءُ ج غُمٌّ: قويۇق بۇلۇت.

غَمَّازٌ ج غَمَّازُونَ: تۆھمەتخور.

غَمَّازُ السَّيَّارَةِ: ماشىنىنىڭ ئىشارەت چىرىغى.

غَمَّازَةٌ: زىناق.

غُمَّةٌ ج غُمَمٌ: قايغۇ، ھەسرەت، دەرد-ئەلەم.

غَمَّدَ يُغَمِّدُ تَغْمِيدًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ياپتى، نىقابلىدى.

غَمَّسَ يُغَمِّسُ تَغْمِيسًا الشَّيْءَ فِي الْمَاءِ: نەرسىنى سۇغا چۆكۈردى، چىلىدى.

غَمَّسَ الْخُبْزَ بِالْمَرَقِ: شورپىغا نان چىلىدى.

غَمَّضَ يُغَمِّضُ تَغْمِيضًا عَيْنَيْهِ: كۆزىنى يۇمۇۋالدى، ئېتىۋالدى.

غَمَّضَ الْكَلَامَ: سۆزنى مۇجمەل قىلدى.

غَمَّضَ جُفُونَهُ عَلَى الْقَذَى: كۆپ سەۋر قىلدى، ئەزىيەتكە چىدىدى.

غَمَّقَ يُغَمِّقُ تَغْمِيقًا: چوڭقۇرلاشتۇردى.

غَمَنَ يَغْمَنُ غَمْنًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ياپتى.

غَمَنَ الْبَلَحَ: خام خورمىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن كۆمدى.

غُمِنَ فِي الْأَرْضِ: يەر ئاستىغا كۆمۈپ قويىدى.

غُمْنَةٌ: ئۇپا-ئەڭلىك.

غَمُوسٌ ج غُمُسٌ: قىيىن ئىش، ئېغىر ئىش.

يَمِينٌ غَمُوسٌ: يالغان قەسەم.

غُمُوصٌ: يالغانچى، كازراپ.

يَمِينٌ غَمُوسٌ: يالغان قەسەمچى، قەسەمخور.

غُمُوضٌ. غُمُوضَةٌ: تۇتۇق، مۇجمەل.

غُمُوضِيَّةٌ: تۇتۇق.

غَمِيَ يَغْمِي غَمْيًا الْبَيْتَ: ئۆينى ياپتى.

غُمِيَ عَلَيْهِ: ھوشىدىن كەتتى، خۇدىنى يوقاتتى.

غَمْيٌ: ھوشىدىن كەتمەك، خۇدىنى يوقاتماق.

غَمِيزَةٌ: بوھتان، تۆھمەت؛ كەمچىلىك، نۇقسان؛ ئاجىز؛ دۆت.

غَمِيصَةٌ: ئەيىب، نۇقسان، كەمچىلىك.

غَنَاءٌ: بايلىق.

غِنَاءٌ: ناخشا ئېيتماق.

كَانَ يَهْتَمّ بِالْغِنَاءِ وَالْمُوسِيْقَى: ناخشا سازغا كۆڭۈل بۆلەتتى.

غِنَائِيٌّ: ناخشا ئېيتىلغان، ناخشىلىق؛ لىرىكىلىق.

غِنَائِيَّةٌ ج غِنَائِيَّاتٌ: كونسېرت، تىياتىر.

حَفْلَةٌ غِنَائِيَّةٌ: ناخشا كېچىلىكى، كونسېرت.

غُنَاجٌ: ناز قىلماق، ئەركىلىمەك، غىلجىڭلىماق.

غَنِجَ يَغْنَجُ غَنَجًا: ناز قىلدى، ئەركىلىدى.

غُنْجٌ: ناز قىلماق، ئەركىلىمەك، غىلجىڭلىتماق، بولاق كۆز.

غَنِجَةٌ: ئەركە - نايناق.

غَنْدَرَ يُغَنْدِرُ غَنْدَرَةً: زىننەتلىدى، بېزىدى.

غُنْدُرٌ: سېمىز، تولغان.

غُنْدُورٌ ج غَنَادِرَةٌ: يۇمشاق، سىلىق، چىرايلىق يىگىت.

غَنِصَ يَغْنَصُ غَنَصًا: ئىچى سىقىلدى، زېرىكتى.

غَنِمَ يَغْنَمُ غُنْمًا الشَّيْءَ: نەرسىگە ئىگە بولدى، ئېرىشتى، مۇۋەپپەق بولدى.

غَنِمَ الْفُرْصَةَ: پۇرسەتتىن پايدىلاندى.

غَنِمَ يَغْنَمُ غُنْمًا وَ غَنِيمَةً: غەنىيمەت ئالدى، غەنىيمەتكە ئېرىشتى.

﴿فَكُلُوا مِمَّا غَنِمْتُمْ حَلَالًا طَيِّبًا﴾ «قرآن»: غەنىيمەت ئالغان نەرسىلەرنى ھالال ۋە پاك بىلىپ يەڭلار.

غَنَمٌ ج أَغْنَامٌ وَ غُنُومٌ وَ أَغَانِمُ: قوي.

﴿وَمِنَ الْبَقَرِ وَالْغَنَمِ حَرَّمْنَا عَلَيْهِمْ شُحُومَهُمَا إِلَّا مَا حَمَلَتْ ظُهُورُهُمَا أَوِ الْحَوَايَا أَوْ مَا اخْتَلَطَ بِعَظْمٍ﴾ «قرآن»: ئۇلارغا كالا، قويلارنىڭ دۈمبىسىدىكى ياكى ئۈچەيلىرىدىكى، ياكى سۆڭەككە چاپلىشىقلىق ياغلىرىدىن باشقا ياغلىرىنى ھارام قىلدۇق.

هَذِهِ غَنَمٌ مُصَدَّرَةٌ: بۇ ئېكسپورت قىلىنغان قوي.

رَاعِي الْغَنَمِ: قوي باققۇچى، پادىچى.

غُنْمٌ ج غُنُومٌ: ئولجا، غەنىيمەت، ھەربىي ئولجا؛ پايدا، مەنپەئەت.

اَلْغُنْمُ بِالْغُرْمِ: پايدا بىلەن زىيان بىر تۇغقان.

غَنَّ يَغَنُّ غَنًّا وَ غُنَّةً: خىڭ - خىڭ گەپ قىلدى.

غَنَّ الرَّوْضَةُ: باغچە بۇك - باراقسان بولۇپ كەتتى.

غَنَّاءُ ج غُنٌّ: بۇك - باراقسان.

رَوْضَةٌ غَنَّاءُ: بۇك - باراقسان باغ.

غَنَّامٌ ج غَنَّامُونَ: قويچى.

غُنَّةٌ: خىڭ - خىڭ ئاۋاز.

إِدْغَامٌ بِغُنَّةٍ: نۇن ساكىن ياكى تەنۋىننى، ياكى ۋاۋ بىلەن، ياكى نۇن، ياكى مىم بىلەن كىرىشتۈرۈپ ئوقۇش، غۇننە بىلەن ئوقۇش.

غَنَّمَ يُغَنِّمُ تَغْنِيمًا - هُ: ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ بەردى، ئارتۇق ئىنئام قىلدى.

غَنَّى يُغَنِّي تَغْنِيَةً الشِّعْرَ: ناخشا ئېيتتى، غەزەل ئوقۇدى.

غَنَّى الْحَمَامُ: كەپتەر سايرىدى، دەمدە ئۈنلىدى.

«سَمِعْتُهُ يُغَنِّي فَأَطْرَبَنِي صَوْتُهُ»: ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ، ئاۋازىدىن مۇڭلاندىم.

غَنِيَ يَغْنَى غِنًى وَغَنَاءً الرَّجُلُ: كىشى باي بولدى،

مىلى جىقلىدى.

غَنِيَ بِالْمَكَانِ: ماكانلاشتى، ئولتۇراقلاشتى.

«هَاجَرَ مِنْ بَلَدِهِ طَمَعًا فِي أَنْ يَغْنَى»: باي بولۇش ئۈمىدى بىلەن يۇرتىدىن كۆچۈپ كەتتى.

«غَنِيَتِ الْمَرْأَةُ بِوَلَدٍ وَاحِدٍ»: ئايال بىر بالا بىلەن كۇپايىلەندى.

غَنِيَ عَنِ الشَّيْءِ: بىهاجەت بولدى.

غَنِيَ يَغْنَى غِنًى الرَّجُلُ: ئۆيلەندى، توي قىلدى.

غَنِيَتِ الْمَرْأَةُ: ئايال نازىنىن بولدى.

غِنًى: بايلىق.

لاَ غِنًى لَهُ عَنْهُ: بۇنىڭدىن ھېچكىم باش تارتالمايدۇ.

«نَحْنُ فِي غِنًى عَنْ مُنَاقَشَةِ هَذِهِ الْأُمُورِ»: مۇنداق ئىشلارنى تالاش-تارتىش قىلىشتىن بىز بىزار.

غُنْيَانٌ / غُنْيَةٌ / غنية: بايلىق، بىهاجەتلىك؛ زورلۇق.

غَنِيمَةٌ ج غَنَائِمُ: ئولجا، غەنىيمەت، ھەربىي ئولجا؛ مەنپەئەت.

غَنِيمَةٌ بَارِدَةٌ: ھارام بايلىق، ھارام پايدا.

رَضِيَ مِنَ الْغَنِيمَةِ بِالإِيَابِ: مەقسىتىگە يېتەلمەي قايتتى.

غَنِيٌّ ج أَغْنِيَاءُ: باي، پۇلدار.

غَنِيٌّ عَنِ الْبَيَانِ: ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم، چۈشەندۈرۈش ھاجەتسىز.

اَلْغَنِيُّ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، ئاللاھ ھەممىدىن بىهاجەت، دېگەن مەنىدە.

﴿وَاللهُ الْغَنِيُّ وَأَنْتُمُ الْفُقَرَاءُ﴾ «قرآن»: ئاللاھ (سىلەرنىڭ مال-مۈلكۈڭلاردىن) بىهاجەتتۇر. سىلەر بولساڭلار (ئاللاھقا) موھتاجسىلەر.

«أَرْضُنَا غَنِيَّةٌ بِالثَّرَوَاتِ الْمَعْدَنِيَّةِ»: بىزنىڭ زېمىنىمىز مول كان بايلىقلىرىغا ئىگە.

غَهِبَ يَغْهَبُ غَهَبًا عَنْهُ: ئۇنىڭدىن غاپىل بولدى، بىپەرۋالىق قىلدى، سەل قارىدى، ئۇنتۇپ قالدى.

غَهَبٌ: سەل قاراش.

غُوَاثٌ: ياردەم، ئىئانە.

غَوَايَةٌ: ئازغۇنلۇق، خاتالىق.

غَوْثٌ: ياردەم، ئىئانە، قۇتقۇزۇش.

اَلْغَوْثُ: سىمسىز ئاپپارات بىلەن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىش سىگنالى.

وَاغَوْثَاهُ: ۋايجان، قۇتقۇزۇڭلار، داد-پەرياد.

وَكَالَةُ غَوْثِ اللاَّجِئِينَ: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا قاراشلىق مۇساپىرلارغا ياردەم بېرىش ۋاكالەتخانىسى.

غَوْرٌ ج أَغْوَارٌ وَ غِيرَانٌ: تېگى، ئاستى، تېگى-تەكتى، چوڭقۇر، چوڭقۇرلۇق، تېرەن.

غَوْرُ الأَرَاضِي: يەر ئاستى، يەرنىڭ ئىچكى قىسمى.

بَعِيدُ الْغَوْرِ: بەك چوڭقۇر، يىراقنى كۆرمەك.

قَرِيبُ الْغَوْرِ: تېيىز.

قَتَلَهُ غَوْرًا: ئۇنى يوشۇرۇن ئۆلتۈردى.

﴿قُلْ أَرَأَيْتُمْ إِنْ أَصْبَحَ مَاؤُكُمْ غَوْرًا فَمَنْ يَأْتِيكُمْ بِمَاءٍ مَعِينٍ﴾ «قرآن»: (ئۇلارغا): «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ (سۈيۈڭلار يەر ئاستىغا) سىڭىپ كەتسە، سىلەرگە كىم ئېقىن سۇ كەلتۈرۈپ بېرىدۇ»، دېگىن.

سَبَرَ غَوْرَهُ: ئۇنى سىناپ كۆردى، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تونۇدى.

أَغْوَارُ الظَّلاَمِ: زۇلمەت قاراڭغۇلۇق.

اِنْتَقَلَ مِنَ الْجَبَلِ إِلَى الأَغْوَارِ: تاغدىن پەسكە يۆتكەلدى.

رَسَبَ فِي غَوْرِ الإِنَاءِ: قاچىنىڭ تېگىدە تىنىپ قالدى.

غَوْرَةٌ: چۈشلۈك ئۇيقۇ.

اَلْغَوْرَةُ: قۇياش.

غُورِيلاَّ ج غُورِيلاَّتٌ: ئورانگۇتان، گورىللا مايمۇن.

غَوْصٌ: سۇغا چۆكمەك، سۇغا شۇڭغۇماق.

جِهَازُ الْغَوْصِ: غەۋۋاسلىق ئۈسكۈنىلىرى.

غَوْطٌ وَ غَوْطَةٌ ج غُوطٌ وَ غِيَاطٌ وَ غِيْطَانٌ: ئويمان يەر، چوڭقۇرلۇق، ئازگال.

غُوطٌ: چوڭقۇرلۇق، چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى.

غُوطَـةٌ ج غُوطَـاتٌ: ئۆسـۈملۈكلەر باغچىسى، بوستانلىق.

غَوْغَـاءُ: پەسكەش، رەزىل، كاللا كېسەر، جەمئىيەت داشقاللىرى.

غَوْلٌ: باش ئاغرىقى؛ مەستلىك؛ يىراق چۆللۈك، مۇشەققەت، قىيىنچىلىق.

﴿لاَ فِيهَا غَوْلٌ وَّلاَ هُمْ عَنْهَا يُنْزَفُونَ﴾ «قرآن»: ئۇنىڭدا مەست قىلىدىغان نەرسە يوق، ئۇلار ئۇنى ئىچىش بىلەن مەست بولمايدۇ.

غُوْلٌ ج أَغْوَالٌ وَ غِيلاَنٌ: ئىسمى بار جىسمى يوق قورقۇنچلۇق مەۋھۇم بىر قۇش.

غُولَةٌ چىشى ئورانگۇتان.

غَوَّاصٌ ج غَوَّاصُونَ: غەۋۋاس، دېڭىزغا چۆككۈچى.

﴿وَالشَّيَاطِيْنَ كُلَّ بَنَّاءٍ وَّغَوَّاصٍ﴾ «قرآن»: سۇلايمانغا (كاتتا بىنالارنى سالالايدىغان) قۇرغۇچى ۋە (دېڭىزغا چۆكۈپ، ئۈنچە-مارجانلارنى ئېلىپ چىقالايدىغان) غەۋۋاس شەيتانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق.

«أَخْرَجَ الْغَوَّاصُونَ بَعْضَ مُحْتَوَيَاتِ السَّفِيْنَةِ الْغَارِقَةِ»: غەۋۋاسلار چۆكۈپ كەتكەن كېمىنىڭ بەزى نەرسىلىرىنى تېپىپ چىقتى.

غَوَّاصَةٌ ج غَوَّاصَاتٌ: سۇ ئاستى پاراخوتى.

«أَغْرَقَتْ غَوَّاصَاتُ الْعَدُوِّ سُفُنَهُمُ التِّجَارِيَّةَ»: دۈشمەننىڭ ھەربىي پاراخوتلىرى ئۇلارنىڭ سودا كېمىلىرىنى سۇغا چۆكۈرۈۋەتتى.

غَوَّرَ يُغَوِّرُ تَغْوِيرًا الْمَاءُ: سۇ سىڭىپ كەتتى، چوڭقۇرلاپ كەتتى.

غَوَّصَ يُغَوِّصُ تَغْوِيصًا الشَّيْءَ فِي الْمَاءِ: نەرسىنى سۇغا چۆكتۈردى، سۇغا پاتۇردى.

غَوَّطَ يُغَوِّطُ تَغْوِيطًا الْبِئْرَ: قۇدۇقنى چوڭقۇر كولىدى.

غَوَّى يُغَوِّي تَغْوِيَةً الرَّجُلَ: كىشىنى ئازدۇردى، يولدىن چىقاردى، قايمۇقتۇردى.

غَوَّى اللَّبَنَ: سۈتنى قېتىق ئۇيۇتتى.

غَوَى يَغْوِي غَيًّا الرَّجُلُ: ئازدى، گۇمراھ بولدى.

﴿وَعَصَى آدَمُ رَبَّهُ فَغَوَى﴾ «قرآن»: ئادەم پەرۋەردىگارىنىڭ (ئەمرىگە) خىلاپلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازدى.

غَوَى الشَّيْطَانُ فُلاَنًا: پالانىنى شەيتان ئازدۇردى.

غَوِيَ يَغْوَى غِوَايَةً: ئازدى، گۇمراھ بولدى، ھالاك بولدى.

غَوٍ: ئازغۇچى، نەپسى-خاھىشىغا بېرىلگۈچى.

غُوَيْثٌ: قۇتقۇزۇش بۇيۇمى.

غُوَيْطٌ: چوڭقۇر.

بِئْرٌ غُوَيْطَةٌ: چوڭقۇر قۇدۇق.

غَـوِيٌّ ج أَغْوِيَـاءُ م غَوِيَّـةٌ ج غَوِيَّـاتٌ: ئازغۇچى، قايمۇققۇچى، نەپسى-خاھىشىغا بېرىلگۈچى.

﴿قَالَ لَهُ مُوسَى إِنَّكَ لَغَوِيٌّ مُبِيْنٌ﴾ «قرآن»: مۇسا ئۇنىڭغا: «سەن ھەقىقەتەن ئاشكارا گۇمراھ ئىكەنسەن»، دېدى.

غَيْبٌ ج غِيَابٌ وَ غُيُوبٌ: غەيىب، غايىب، يوشۇرۇن، سەزگۈ ئەزا بىلەن سەزگىلى بولمايدىغان.

سَمِعْتُ صَوْتًا مِنْ وَرَاءِ الْغَيْبِ: غايىبتىن بىر ئاۋاز ئاڭلىدىم.

عَالِمُ الْغَيْبِ: غەيىبنى بىلگۈچى.

عَالَمُ الْغَيْبِ: غەيىب دۇنيا، ئاخىرەت، ئۇ دۇنيا.

عَلاَّمُ الْغُيُوبِ: غەيىبنى بىلگۈچى ئاللاھ.

غَيْبًا: يادلاپ، ياد ئېتىپ.

غَيْبًا وَ مَشْهَدًا: ئارقىسىدا ۋە ئالدىدا.

عَنْ ظَهْرِ غَيْبٍ: يادقا.

غِيَابٌ: قاتناشماسلىق، هازىر بولماسلىق.

غَيَابَةٌ ج غَيَابَاتٌ: كۆن نۇرى؛ چوڭقۇرلۇق، قۇدۇقنىڭ تېگى.

﴿وَأَلْقُوهُ فِي غَيَابَةِ الْجُبِّ﴾ ‹قرآن›: ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋېتىڭلار.

غِيَابِيٌّ: بىۋاسىتە قاتناشمىغان، سىرتقى.

حكمٌ غِيَابِيٌّ: سىرتتىن چىقىرىلغان ھۆكۈم.

غِيَارٌ: ئۆزگەرتمەك، ئالماشتۇرماق، زاپچاس.

قِطْعَةُ غِيَارٍ: زاپچاسلار.

غِيَاثٌ: قۇتقۇزۇش بۇيۇمى.

غِيَاصَةٌ: غەۋۋاسلىق، غەۋۋاسلىق كەسپى.

غِيبَةٌ: قاتناشماسلىق، كەلمەسلىك، ھازىر بولماسلىق، قەبرە، ئويمان يەر.

غِيْبَةٌ غەيۋەت.

«كَمْ مِنْ مَرَّةٍ نَهَيْتُكَ عَنْ غِيْبَةِ النَّاسِ»: كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن سېنى كۆپ قېتىم توستۇم.

غَيْبُوبَةٌ: ھوشسىزلىق، ھوشىنى يوقاتماق.

صَحَا مِنْ غَيْبُوبَتِهِ: ھوشىغا كەلدى.

غَيْبِيٌّ: مېتافىزىكىلىق.

غَيْثٌ ج غُيُوثٌ وَ أَغْيَاثٌ: يامغۇر.

نَزَلَ الْغَيْثُ فَنَبَتَ الْعشْبُ: يامغۇر يېغىپ، ئوت-چۆپلەر ئۈنۈپ كەتتى.

﴿وَهُوَ الَّذِي يُنَزِّلُ الْغَيْثَ مِنْ بَعْدِ مَا قَنَطُوا﴾ ‹قرآن›: ئۇلار (يامغۇرنىڭ يېغىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن)، ئاللاھ يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ.

غَيِدَ يَغْيَدُ غَيْدًا: ئىرغاڭلىدى.

غَيِدَتِ الْفَتَاةُ فِي مَشْيَتِهَا: قىز ئىرغاڭلاپ ماڭدى.

غَيْدٌ: يۇمشاقلىق، سىلىقلىق؛ زىلۋا.

غَيْدَاءُ ج غِيْدٌ: نازىنىن، غۇنچە بوي ئايال.

غَيْر: باشقىسى، غەيرىي، ئەمەس، ياق، يوق، بۆلەك، سىرت.

غَيْرُ صَافٍ پاكىز ئەمەس.

غَيْرُ مَشْرُوعٍ: ئۇيغۇن ئەمەس، قانۇنسىز.

عَلَى غَيْرِ الْعَادَةِ: غەيرىي، باشقىچە.

غَيْرُ مُفِيْدٍ: پايدىسىز.

غَيْرُ رَسْمِيٍّ: غەيرىي رەسمىي.

﴿فَمَنْ اضْطُرَّ غَيْرَ بَاغٍ وَلَاعَادٍ فَلَا إِثْمَ عَلَيْهِ﴾ ‹قرآن›: كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجىسىزلىقتىن ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

عَلَى غَيْرِ أَسَاسٍ: ئاساسسىز.

غَيْر أَنَّ: لېكىن، بىراق، ئەمما، شۇنداق بولسىمۇ، يەنىلا.

إِلَى غَيْرِ رَجْعَةٍ: بارسا كەلمەسكە كەتمەك.

جَاءَ الطُّلَّابُ غَيْرَ مُحَمَّدٍ: مۇھەممەدتىن باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى كەلدى.

غَيْرُ وَاحِدٍ: پەقەت بىرلا.

كَلَامُكَ غَيْرُ مَفْهُومٍ: سۆزۈڭ چۈشىنىكسىز.

غَيْرُ مَأْلُوفٍ: يات، يېگانە.

فِي غَيْرِ الْكُلْفَةِ: بەھوزۇر، ئەركىن، ئىختىيارى، بىمالال، تەبىئىي.

الْغِيَرُ ج أَغْيَارٌ: زامانىنىڭ ئۆزگىرىشچان ۋەقەلىكلىرى.

غَيْرَانُ م غَيَارَى: كۈنلەمچى؛ قىزغىن؛ ۋىجدانلىق، غەيرەتلىك.

«نَدْعُو جَمِيْعَ الْغَيَارَى عَلَى مَصْلَحَةِ الْوَطَنِ لِصَدِّ الْمُعْتَدِيْنَ»: ۋەتەننىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن بارلىق ۋىجدانلىق كىشىلەرنى تاجاۋۇزچىلارنى توسۇشقا چاقىرىمىز.

غِيْرَةٌ: كۈنلەش، قورۇش؛ قىزغىنلىق، غەيرەت.

أَحْرَقَتِ الْغِيْرَةُ صَدْرَهُ: كۈنلەش ئۇنىڭ يۈرىكىنى

ئۆرتىدى.

غِيْرَةٌ ج غِيَرٌ: ئۆزگەرتمەك، ئىسلاھ قىلماق.

غَيْرِيٌّ: خالىس، ئادىل، ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىمەيدىغان.

غَيْرِيَّةٌ: خالىس، ئادىل، ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىمەيدىغان.

غَيْسَرٌ ج غَيَاسِرُ: قەرەللىك ئارشاڭ.

غَيْضٌ: ئاز، ئازغىنە؛ چۈشۈپ كەتكەن ھامىلە.

أَعْطَاهُ غَيْضًا مِنْ فَيْضٍ: ئۇنىڭغا جىق نەرسىدىن ئازراق بەردى.

غَيْضَةٌ ج غِيَاضٌ: ئورمانلىق، توقايلىق.

غَيْطٌ . غَيْطَانٌ: ئېتىز؛ باغ، بوستان، ئېكىنزار.

غَيْطَانِيٌّ: يەر ئىگىسى، باغۋەن.

غَيْظٌ: غەزەپلەنمەك، ئاچچىقلانماق.

﴿عَضُّوا عَلَيْكُمُ الْأَنَامِلَ مِنَ الْغَيْظِ﴾ ‹قرآن›: ئۇلار سىلەرگە بولغان ئاچچىقىدىن بارماقلىرىنى چىشلەيدۇ.

غَيْلٌ ج أَغْيَالٌ وَ غُيُولٌ: ھامىلدار ئايالنىڭ سۈتى، ئېقىن سۇ، بۇلاق سۈيى.

أُمّ غِيْلَانٍ: ئەرەب يېلىمى دەرىخى.

غِيْلَةٌ: مەككارلىق، ھىيلىگەرلىك، ئالدامچىلىق.

مَاتَ غِيْلَةً: زىيانكەشلىك بىلەن ئۆلدى.

قُتِلَ غِيْلَةً: ئۇ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى.

غَيْلَمٌ ج غَيَالِمُ: ئەركەك تاشپاقا؛ قۇدۇقتىكى سۇ كۆزى؛ بىراۋ، بىركىم.

مَا بِالدَّارِ غَيْلَمٌ: ھويلىدا ھېچكىم يوق.

غَيْمٌ ج غُيُومٌ: بۇلۇت، قارا بۇلۇت.

«اِنْقَشَعَتِ الْغُيُومُ وَصَفَتِ السَّمَاءُ»: بۇلۇتلار تارقاپ، ئاسمان سۈزۈلدى.

تَلَبَّدَتِ السَّمَاءُ بِالْغُيُومِ: ئاسماننى بۇلۇت قاپلاپ كەتتى.

غَيْمَانٌ م غَيْمَى: ئۇسسۇز، چاڭقىغان.

غَيْهَبٌ ج غَيَاهِبُ: قاراڭغۇ، زۇلمەت.

«أَلْقَى بِهِمْ فِي غَيَاهِبِ السِّجُونِ»: ئۇلارنى قاراڭغۇ زىندانغا تاشلىدى.

غَيُورٌ: كۈنلەمچى؛ قىزغىن، غەيرەتلىك، قورۇغۇچى.

«كَانَ غَيُورًا فَلَمْ تَسْتَطِعْ زَوْجَتُهُ الْعَيْشَ مَعَهُ»: ئۇنىڭ كۈنلەمچىلىكىدىن ئايالى ئۇنىڭ بىلەن ئۆتۈشكە مۇمكىن بولمىدى.

غَيَّا يُغَيِّي تَغْيِيَةً الرَّايَةَ: بايراق قادىدى.

غَيٌّ: گۇمراھلىق، ئازغۇنلۇق؛ زىيانكارلىق.

﴿قَدْ تَبَيَّنَ الرُّشْدُ مِنَ الْغَيِّ﴾ ‹قرآن›: ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى.

تَمَادَى فِي غَيِّهِ: گۇمراھلىقتا ئەزۋەيلەپ كەتتى.

غَيَّانٌ: ئازغۇچى، نەپسى-خاھىشىغا بېرىلگۈچى.

غَيَّبَ يُغَيِّبُ تَغْيِيبًا: يوشۇردى؛ يوشۇرۇندى.

غَيَّبَ عَنْهُ: ئۇنىڭدىن يىراقلاشتى.

«لَمْ يُقَدِّرْهُ النَّاسُ إِلَّا بَعْدَ أَنْ غُيِّبَ»: كىشىلەر ئۇنىڭ پەقەت ئۆلگەندىن كېيىنلا قەدرىنى بىلدى.

غِيَّةٌ: خاتا، خاتالىق؛ ئازغۇنلۇق، گۇمراھلىق، ئىشتىياق.

ابْنُ غِيَّةٍ: نىكاھسىز تۇغۇلغان بالا.

غَيَّرَ يُغَيِّرُ تَغْيِيرًا الشَّيْءَ: ئالماشتۇردى، تېگىشتى؛ ئۆزگەرتتى.

﴿إِنَّ اللهَ لاَ يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُوا مَا بِأَنْفُسِهِمْ﴾ ‹قرآن›: ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.

غَيَّرَ فِكْرَهُ: پىكرىنى ئۆزگەرتتى.

غَيَّرَ مَلَابِسَهُ: كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىدى.

«غَيَّرَتْهُ غِيَرُ الدَّهْرِ فَأَصْبَحَ إِنْسَانًا آخَرَ»: زاماننىڭ ۋەقەلىرى ئۇنى باشقىچە بىر ئادەمگە ئۆزگەرتىۋەتتى.

**غَيَّضَ يُغَيِّضُ تَغْيِيضًا الْأَسَدُ:** يولـۋاس ئورمانلىققا كۆنۈپ كەتتى.

**غَيَّضَ فُلَانُ الثَّمَنَ:** باھانى چۈشۈردى.

**غَيَّضَ دَمْعَهُ:** يېشىنى توختاتتى.

**غَيَّظَ يُغَيِّظُ تَغْيِيظًا:** ئۇنـىڭ ئـاچچىقىنى كەلتـۈردى، ئوغىسىنى قايناتتى.

**غَيَّمَ يُغَيِّمُ تَغْيِيمًا السَّمَاءُ:** ئاسمان بۇلۇتلـۇق بولـدى؛ ھاۋا تۇتۇق بولدى.

# ف

ف (الفاء): ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ 20ـ ھەرپى بولۇپ، ئەبجەد ھېسابىدا «80»نى كۆرسىتىدۇ.

ف: ئىسىم ياكى پېئىل بىلەن بىر قاتاردا كېلىدىغان باغلىغۇچى بولۇپ، ئىلگىرىكى ۋە ئاخىرىدىكى باغلىغۇچىلىق تەرتىپىنى بىلدۈرۈپ، ئۇيغۇر تىلىدا «لا»، «يەنە»، «شۇنىڭ بىلەن»، «ئاندىن كېيىن» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، يَوْمًا فَيَوْمًا: كۈندىن-كۈنگە، كۈنسايىن، سَنَةً فَسَنَةً: يىلمۇيىل.

«كَتَبَ مَكْتُوبًا فَأَرْسَلَهُ»: ئۇ خەت يېزىپلا سېلىۋەتتى.

«جَاءَ زَيْدٌ فَعَمْرٌو»: زەيدتىن كېيىن ئەمىر كەلدى.

فَاءَ يَفِيءُ فَيْئًا: قايتتى، ياندى.

فَاءَ إِلَى سَكِينَةٍ: تىنچلاندى، خاتىرجەم بولدى.

فَاءَ الْغَنِيمَةَ: غەنىيمەت ئالدى، ئولجا ئالدى.

﴿فَقَاتِلُوا الَّتِي تَبْغِي حَتَّى تَفِيءَ إِلَى أَمْرِ اللهِ﴾ ‹قرآن›: تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىگە قايتقانغا قەدەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار.

فَاءَ الظِّلُّ: سايە يۆتكەلدى، ئالماشتى.

فَاءَتِ الشَّجَرَةُ: دەرەخ سايە تاشلىدى.

فَاتَ يَفُوتُ فَوْتًا وَ فَوَاتًا الْأَمْرُ: ئىشنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، تۈگىدى.

﴿فَأَثَابَكُمْ غَمًّا بِغَمٍّ لِكَيْلَا تَحْزَنُوا عَلَى مَافَاتَكُمْ﴾ ‹قرآن›: قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرماسلىقىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە غەم ئۈستىگە غەم بەردى (يەنى، سىلەرنى غەنىيمەتتىن مەھرۇم قىلغانلىقى ئۈستىگە مەغلۇبىيەت بىلەن جازالىدى).

فَاتَهُ الْفُرْصَةُ: پۇرسەت قولدىن كەتتى.

فَاتَهُ قِطَارُ الزَّوَاجِ: توي قىلىش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى.

كَادَ الْقِطَارُ يَفُوتُنِي: پويىزغا ئۈلگۈرەلمىگىلى تاس قالدىم.

فَائِجٌ ج فَوَائِجُ: بوغاز تۆگە.

فَاتَحَ يُفَاتِحُ مُفَاتَحَةً: سۆزلەشتى، ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى.

«سَأُفَاتِحُ الْمُدِيرَ فِي شَأْنِ تَرْقِيَتِكَ»: سېنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا مۇدىر بىلەن سۆزلەشمەكچىمەن.

﴿لَوْ كَانَ عَرَضاً قَرِيباً وَسَفَراً قَاصِداً لَاتَّبَعُوكَ﴾ «قرآن»: ئەگەر (ئۇلارنىڭ دەۋەت قىلغىنى) ئاسان قولغا كېلىدىغان غەنىيمەت ۋە (يىراق ئەمەس) ئوتتۇراھال سەپەر بولىدىغان بولسا، ئۇلار چوقۇم ساڭا ئەگىشىپ (غەنىيمەت ئېلىش مەقسىتىدە) چىقاتتى.

طَرِيْقٌ قَاصِدٌ: توغرا يول، تۈز يول.

الْقَاصِدُ الرَّسُولِيّ: رىم پاپىسىنىڭ چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى.

قَاصِرٌ ج قَاصِرُونَ: ياش قۇرامىغا يەتمىگەن ئادەم؛ ئاجىز، قىسقا.

كُلّ مَدِيْحٍ قَاصِرٌ فِيْهِ: ئۇنىڭ ھەققىدە ھەرقانداق مەدھىيە ئازلىق قىلىدۇ.

قَاصِرٌ عَنِ الْحَرَكَةِ: ھەرىكەتتىن ئاجىز.

قَاصِرَةٌ ج قَاصِرَاتٌ: بالاغەتكە يەتمىگەن، ئاجىز.

امْرَأَةٌ قَاصِرَةُ الطَّرْفِ: ئۇياتچان، ھايالىق.

﴿وَعِنْدَهُمْ قَاصِرَاتُ الطَّرْفِ أَتْرَابٌ﴾ «قرآن»: ئۇلارنىڭ يېنىدا ئەرلىرىدىن غەيرىيگە كۆز سالمايدىغان شەھلا كۆزلۈك (جۈپتىلەر) بولىدۇ.

قَاصَّ يُقَاصّ مُقَاصَّةً ــ هُ: قىساس ئالدى، ئۆچ ئالدى، ئىنتىقام ئالدى.

قَاصٌّ: ھېكايىچى، مەدداھ.

قَاصِفٌ: ئۇشتىغۇچى، سۇندۇرغۇچى، قاتتىق ئاۋاز، گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز.

﴿فَيُرْسِلُ عَلَيْكُمْ قَاصِفًا مِنَ الرِّيْحِ فَيُغْرِقَكُمْ بِمَا كَفَرْتُمْ﴾ «قرآن»: قارا بوران چىقىرىپ، كۇفرىلىق قىلغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن سىلەرنى غەرق قىلىۋېتىشىدىن...

طَائِرَةٌ قَاصِفَةٌ: بومباردىمانچى ئايروپىلان.

قَاصِلٌ: ئۆتكۈر، تېز، ئۆتكۈر.

قَاصِمٌ ج قَوَاصِمُ: بۇزغۇچى، ۋەيران قىلغۇچى، ھالاك قىلغۇچى.

عَمَلٌ قَاصِمُ الظَّهْرِ: جاپالىق ئېغىر ئەمگەك.

حَدَثٌ قَاصِمٌ: ئېغىر ۋەقە.

ضَرَبَاتٌ قَوَاصِمُ: ئەجەللىك زەربە.

نَزَلَتْ بِهِمْ قَاصِمَةُ الظَّهْرِ: ئۇلار بالايىئاپەتكە يولۇقتى.

قَاصٍ ج قَاصُونَ وَ أَقْصَاءُ: يىراق.

حَضَرَ الْقَاصِي وَالدَّانِي: يىراق ـ يېقىندىكى ھەممە كەلدى.

قَاضَ يَقُوضُ قَوْضًا الْبِنَاءَ: بىنانى بۇزدى، ئۆرۈدى.

قَاضَ الصِّحَّةَ: سالامەتلىككە زىيان يەتكۈزدى.

«قَاضَ جَيْشُ الْعَدُوِّ مَسَاكِنَ الْمُوَاطِنِيْنَ الْعُزَّلِ»: دۈشمەن قوشۇنى قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق ئاھالىلەرنىڭ ئۆيىنى ۋەيران قىلدى.

قَاضَ يَقِيْضُ قَيْضًا الشَّيْءَ: نەرسە يېرىلدى، پارچىلاندى.

قَاضَ الْجِدَارُ: تام ئۆرۈلدى، بۇزۇلدى.

قَاضَ السِّنّ: چىش مىدىرلاپ قالدى، بوشاپ قالدى.

قَاضَ فُلَانًا بِالشَّيْءِ: پالانىغا بىرنەرسىنى ئالماشتۇرۇپ بەردى، تېگىشىپ بەردى.

قَاضِمٌ ج قَوَاضِمُ: غاجىلىغۇچى ھايۋان.

قَاضَى يُقَاضِي مُقَاضَاةً: مۇرەسسە قىلدى.

قَاضَى فُلَانًا إِلَى الْحَاكِمِ: پالانىنى ھاكىمغا ئەرز

قىلدى، شىكايەت قىلدى.

قَاضٍ (القاضي) ج قُضَاةٌ: سوتچى، قازى، ھاكىم.

قَاضٍ شَرْعِيٌّ: شەرىئەت قازىسى.

قَاضِي الْقُضَاةِ: سوت باشلىقى، قازى كالان، قازى قۇزات.

سُمٌّ قَاضٍ: كۈچلۈك زەھەر، ئۆتكۈر زەھەر.

قَاضِي التَّحْقِيقِ: دەسلەپكى سوتچى.

قَاضِيَةٌ: ئايال سوتچى.

الْقَاضِيَةُ: ئۆلۈم.

﴿يَالَيْتَهَا كَانَتِ الْقَاضِيَةَ﴾ «قرآن»: دۇنيادا ئۆلۈمۈم ھاياتىمنى (ئاخىرەتتە تىرىلمەس قىلىپ) ئاخىرلاشتۇرسىچۇ؟

ضَرْبَةٌ قَاضِيَةٌ: قاقشاتقۇچ زەربە.

قَاطِبٌ: قاپىقى تۈرۈك، قوشۇمىسى تۈرۈك.

رَأَيْتُهُ غَضْبَانَ قَاطِبًا: ئۇنى قوشۇمىسى تۈرۈك، غەزەپناك ھالدا كۆردۈم.

قَاطِبَةً: ھەممە، جەمئىي.

جَاءَ الْقَوْمُ قَاطِبَةً: قوۋم ھەممىسى كەلدى.

قَاطِرٌ: سۆرىگۈچى، تارتقۇچى.

قَاطِرَةٌ ج قَاطِرَاتٌ وَ قَوَاطِرُ: پاراۋوز.

قَاطٌ . قَاطٍ: قىممەت، باھاسى يۇقىرى.

قَاطَعَ يُقَاطِعُ مُقَاطَعَةً الْحَدِيثَ: سۆزىنى توختىتاتتى، ئۈزۈپ قويدى.

قَاطَعَهُ: ئۇنى تاشلىۋەتتى.

قَاطَعَ الْقَوْمَ: قوۋم بىلەن ھەمكارلىشىشتىن باش تارتتى.

قَاطِعٌ ج قَوَاطِعُ: پاسىل، توساق.

كَلَامٌ قَاطِعٌ: ئۆتىدىغان سۆز.

قَاطِعُ تَذَاكِرِ الْحَافِلَةِ: ئاپتوبۇس بېلىتى ساتقۇچى.

قَاطِفَةٌ: ئورۇش ماشىنىسى، كومباين.

قَاطِفَةُ الْقُطْنِ: پاختا تېرىش ماشىنىسى.

قَاطِنٌ ج قُطَّانٌ وَ قَطِينٌ: ئورۇنلاشقۇچى، ئاھالە؛ قۇرغۇچى، ھاياتى كۈچكە باي.

قَاظَ يَقِيظُ قَيْظًا الْيَوْمُ: كۈن قاتتىق ئىسسىق بولدى.

قَاعَ يَقُوعُ قَوْعًا: ئارقىدا قالدى، ئارقىغا داجىدى.

قَاعَ الْكَلْبُ: ئىت ئىرغاڭلاپ ماڭدى.

قَاعَ يَقِيعُ قَيْعًا الْخِنْزِيرُ: چوشقا چىرقىرىدى.

قَاعٌ ج أَقْوَاعٌ وَ أَقْوُعٌ وَ قِيعٌ وَ قِيعَانٌ وَ قِيعَةٌ: تۈزلەڭلىك، ئويمان يەر، چۆل، باياۋان.

قَاعُ الْغُرْفَةِ: پول، تاختاي.

سَقَطَ فِي قَاعِ الْبِئْرِ: قۇدۇقنىڭ قەئرىگە چۈشۈپ كەتتى.

غَرِقَتِ الْبَاخِرَةُ فِي قَاعِ الْبَحْرِ: پاراخوت دېڭىز ئاستىغا چۆكۈپ كەتتى.

﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا أَعْمَالُهُمْ كَسَرَابٍ بِقِيعَةٍ﴾ «قرآن»: كاپىرلارنىڭ ئەمەللىرى باياۋاندىكى سەرابقا ئوخشايدۇ.

قَاعِبٌ: ھۇۋلىغۇچى بۆرە.

قَاعَةٌ ج قَاعَاتٌ: زال، قۇلۇپ، قورۇ.

قَاعَةُ الْمُطَالَعَةِ: قىرائەتخانا.

قَاعَةُ الطَّعَامِ: تاماقخانا.

قَاعَةُ الإِسْتِقْبَالِ: كۈتۈۋېلىش زالى.

قَاعَةُ الْمُحَاضَرَاتِ: لېكسىيە زالى.

قَاعَةُ الإِجْتِمَاعَاتِ: يىغىن زالى.

قَاعِدٌ ج قَاعِدُونَ وَ قُعَّادٌ وَ قُعُودٌ: ئولتۇرغۇچى.

قَاعِدُ الْهِمَّةِ: ھۇرۇن.

﴿لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ﴾ «قرآن»: مۇئمىنلەردىن جىھادقا چىقمىغانلار... بىلەن باراۋەر بولمايدۇ.

قَاعِدَةٌ ج قَوَاعِدُ: ئاساس، ئۇل؛ بازا، قائىدە، پرىنسىپ، ھەيزدىن، تۇغۇتتىن، ياتلىق بولۇشتىن قالغان ئايال.

قَاعِدَةُ الْحَرْبِ: ھەربىي بازا.

«بُنِيَتْ فِي تِلْكَ الْمِنْطَقَةِ قَاعِدَةٌ عَسْكَرِيَّةٌ»: بۇ رايوندا

هەربىي بازا قۇرۇلدى.

«عَادَتِ الطَّائِرَةُ إِلَى قَوَاعِدِهَا سَالِمَةً»: ئايروپىلانلار بازىغا سالامەت قايتتى.

قَاعِدَةٌ لِلْبَنَاءِ: قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلى.

﴿وَإِذْ يَرْفَعُ إِبْرَاهِيمُ الْقَوَاعِدَ مِنَ الْبَيْتِ وَإِسْمَاعِيلُ﴾ ‹قرآن›: ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەئبىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇۋېتىپ...

قَاعِدَةُ الْبِلَادِ: پايتەخت.

قَاعِدَةٌ عَسْكَرِيَّةٌ: هەربىي بازا.

قَوَاعِدُ السُّلُوكِ: ئەدەپ، قائىدە، قائىدە-يوسۇن.

قَوَاعِدُ اللُّغَةِ: گرامماتىكا.

قَاعِدِيٌّ: ئاساسلىق، نېگىزلىك، قائىدىلىك.

قَافَ يَقُوفُ قَوْفًا وَ قِيَافَةً أَثَرَهُ: ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشتى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى.

قَافِصَةٌ ج قَوَافِصُ: ئېگىزلىك، تۆپىلىك، چاكىنا ئادەم، ئادەملەرنىڭ داشقىلى.

قَافِلٌ ج قَافِلَةٌ وَقُفَّالٌ: قايتقۇچى، قايتىپ كەلگۈچى.

قَافِلَةٌ ج قَوَافِلُ: كارۋان.

قَافِلَةٌ تِجَارِيَّةٌ: سودا كارۋىنى.

قَافِلَةُ السُّفُنِ: كېمە ئەترىتى.

قَافِيَةٌ ج قَوَافٍ: گەردەن، قاپىيە.

بِلَاقَافِيَةٍ: قاپىيىسىز.

قَاقَ يَقُوقُ قَوْقًا — تِ الدَّجَاجَةُ: توخۇ قاقاقلىدى.

قَاقٌ: ئالا قاغا.

قَاقُلَّةٌ: قىزىل ماش.

عُودٌ قَاقُلَّةٌ: ئاكۇئىلارىيە دەرىخى.

قَالَ يَقُولُ قَوْلاً وَ قَالاً وَ قِيلاً وَ قَوْلَةً وَ مَقَالاً وَ مَقَالَةً الرَّجُلُ: كىشى سۆزلىدى، گەپ قىلدى، ئېيتتى، دېدى.

قَالَ عَلَيْهِ: ئۇنىڭغا قارا چاپلىدى، تۆهمەت قىلدى.

قَالَ صِدْقًا: راست سۆزلىدى.

قَالَ عَلَيْهِ قَوْلَ الزُّورِ: ئۇنىڭغا يالغان ئېيتتى.

قَالَ بِآرَائِهِ الْمُتَصَوِّفَةِ: ئەھلى تەسەۋۋۇپ كۆز قارىشى بويىچە سۆزلىدى.

قَالَ بِيَدِهِ: ئىشارەت قىلدى.

قَالَ يَقِيلُ قَيْلًا وَ قَائِلَةً وَ مَقِيلًا وَ قَيْلُولَةً وَ مَقَالاً الرَّجُلُ: چۈشتە ئۇخلىدى؛ سۆزلىدى.

قَالٌ: سۆز، گەپ.

الْقَالُ وَالْقِيلُ: سۆز-چۆچەك، گەپ-سۆز، پاراڭ.

قَالِبٌ ج قَوَالِبُ: قېلىپ.

قَالِبُ الطُّوبِ: كېسەك قېلىپى.

قَامَ يَقُومُ قَوْمًا وَ قَوْمَةً وَ قِيَامًا وَ قَامَةً: تۇردى، ئۆرە بولدى؛ تىكلەندى.

قَامَ الْأَمْرَ: ئىشنى رەتلىدى، تەرتىپكە سالدى.

﴿إِذَا قُمْتُمْ إِلَى الصَّلَاةِ فَاغْسِلُوا وُجُوهَكُمْ﴾ ‹قرآن›: سىلەر نامازغا تۇرغىنىڭلاردا يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار.

قَامَ بِهِ: مەشغۇل بولدى.

قَامَ دُونَهُ: ئۇنى قوغدىدى، نازارەت قىلدى.

قَامَ عَنْ نَوْمِهِ: ئويغاندى.

قَامَتِ الطَّائِرَةُ: ئايروپىلان ئۇچتى.

قَامَتِ الْفِكْرَةُ: ئويلاندى.

قَامَ الْأَمْرُ: ئىش تەرتىپكە چۈشتى، رەتلەندى.

قَامَ الْمَتَاعُ بِكَذَا: مالنىڭ قىممىتى ئاشتى.

قَامَ الْهَوَاءُ: شامال چىقتى.

قَامَ الْحَقُّ بَعْدَ الْبَاطِلِ: باتىلدىن كېيىن ھەق مەيدانغا چىقتى.

قَامَ مَقَامَهُ: ئۇنىڭ ئورنىنى باستى.

قَامَ عَلَى الشَّيْءِ: ئاساسلاندى، يۆلەندى.

قَامَ عَلَى الْكِتَابِ وَالسُّنَّةِ: قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئاساسلاندى.

قَامَ بِزِيَارَةِ الْمَرِيضِ: كېسەلنى يوقلىدى.

قَامَ بِوَاجِبِهِ نَحْوَ أَبَوَيْهِ: ئاتا-ئانىسىغا بولغان

مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلدى.

قَامَ بِالْمَصَارِيفِ اللَّازِمَةِ: تېگىشلىك خىراجەتنى بەردى.

قَامَ بِرِحْلَةٍ: ساياھەت قىلدى.

قَامَ بِإتِّصَالَاتٍ مَعَ ...: ئالاقىلەشتى.

قَامَ عَلَى الْأَمْرِ: نازارەت قىلدى.

قَامَ بِفِعْلِ كَذَا: كىرىشتى، باشلىدى، شۇغۇللاندى.

«قَامَ الرَّأْيُ الْعَامّ وَ قَعَدَ لِهَذَا الْحَادِثِ: بۇ ۋەقە ئۈچۈن جامائەت پىكرى تەۋرەپ كەتتى.

قَامَتِ الصَّلَاةُ: ناماز ھازىر بولدى.

قَامَتِ السُّوقُ: بازار ئاۋاتلاشتى.

قَامَ الْقِطَارُ: پويىز قوزغالدى.

قَامُوا قَوْمَةً وَاحِدَةً: ئۇلار بىردەك تۇردى.

قَامَأَ يُقَامِئُ قِمَاءً وَ مُقَامَأَةً: لايىقلاشتى، مۇۋاپىقلاشتى.

قَامَةٌ ج قَامَاتٌ وَ قِيَمٌ: بوي، قەددى-قامەت؛ غالتەك؛ بەدەن.

قَامَةٌ مُعْتَدِلَةٌ: ئوتتۇرا بوي.

قَامَةُ الْإِنْسَانِ: ئادەمنىڭ بويى.

قَامَرَ يُقَامِرُ قِمَارًا وَ مُقَامَرَةً: قىمار ئوينىدى.

«قَامَرَ بِحَيَاتِهِ لِأَجْلِ اسْتِقْلَالِ بِلَادِهِ»: يۇرتىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ھاياتىنى دوغا تىكتى.

قَامُوسٌ ج قَوَامِيسُ: ئوكيان، دېڭىز؛ دېڭىزنىڭ تەكتى؛ قامۇس، لۇغەت.

قَامُوسٌ جُغْرَافِيٌّ: يەر نامىلىرى لۇغىتى.

جَامِعُ أَوْ مُؤَلِّفُ الْقَامُوسِ: لۇغەت تۈزگۈچى.

قَامَى يُقَامِي مُقَامَاةً: قوشۇلدى.

قَانَ يَقِينُ قَيْنًا الرَّجُلُ: كىشى تۆمۈرچىلىك قىلدى.

قَانَ الْمَرْأَةَ: ئايالنى ياساندۇردى، زىننەتلىدى.

قَانَ الْحَدِيدَ: تۆمۈرنى سوقۇپ تۈزلىدى.

قَانَ الْإِنَاءَ: قاچىنى رېمونت قىلدۇردى.

قَانَ الشَّيْءَ: نەرسىنى تۈپلىدى، جەملىدى.

قَانِئٌ: قىزىل.

أَحْمَرُ قَانِئٌ: قىپقىزىل.

قَانِتٌ ج قُنَّتٌ: ئىتائەت قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى.

﴿وَقُومُوا لِلَّهِ قَانِتِينَ﴾ «قرآن»: ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا (يەنى، نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار.

قَانِصٌ ج قُنَّاصٌ: ئوۋچى، شىكارچى، مەرگەن.

قَانِصَةٌ ج قَانِصَاتٌ: قۇشنىڭ پوكىنى، تاشلىق.

قَانِصَةٌ قَوَانِصُ: ئوۋچى.

قَانِطٌ: ئۈمىدسىز، ئۈمىدسىزلەنگۈچى، ئۈمىدىنى ئۈزگۈچى.

﴿فَلَاتَكُنْ مِنَ الْقَانِطِينَ﴾ «قرآن»: نائۈمىد بولمىغىن.

قَانِعٌ ج قَانِعُونَ وَ قُنَّعٌ: قانائەت قىلغۇچى، رازى بولغۇچى، ئېنساپلىق.

وَأَطْعِمُوا الْقَانِعَ وَالْمُعْتَرَّ: ... قانائەتچان سائىللارغا ۋە موھتاجلارغا بېرىڭلار.

قَانُونٌ ج قَوَانِينُ: قانۇن، تۈزۈم، قائىدە؛ بەلگىلىمە، پرىنسىپ، قالۇن، رويال، چىلتار.

قَانُونُ الْأَحْوَالِ الشَّخْصِيَّةِ: ھەق تەلەپ قانۇنى.

قَانُونُ الْبِلَادِ: دۆلەت قانۇنى.

قَانُونٌ تِجَارِيٌّ: سودا قانۇنى.

قَانُونٌ جِنَائِيٌّ: جىنايى ئىشلار قانۇنى.

قَانُونٌ دُوَلِيٌّ: خەلقئارا قانۇن.

قَانُونٌ نِظَامِيٌّ: تەشكىلىي قانۇن.

قَانُونٌ وَضْعِيٌّ: يازما قانۇن.

قَانُونُ الزَّوَاجِ: نىكاھ قانۇنى.

قَانُونُ الْمِلَاحَةِ: دېڭىزچىلىق قانۇنى.

قَانُونُ الْإِنْتِخَابَاتِ: سايلام قانۇنى.

قَانُونُ الْعُقُوبَاتِ: جىنايى ئىشلار قانۇنى.

قَانُونٌ مَدَنِيٌّ: ھەق تەلەپ قانۇنى.

قَانُونُ تَطَوُّرِ الْمُجْتَمَعِ: ئىجتىمائىي تەرەققىيات

قانۇنى.

مَجْلِسُ شُورَى الْقَوَانِيْنِ: قانۇن چىقىرىش كومىتېتى.

قَانُونًا: قانۇنىي جەھەتتىن.

قَانُونِيٌّ: قانۇنىي، قانۇنلۇق، قائىدىلىك، ھەققانىي؛ قانۇنچى.

حُكْمٌ قَانُونِيٌّ: قانۇنىي ھۆكۈم.

قَانُونِيَّةٌ: قانۇنىي، قانۇنىيەتلىك.

سُلْطَةٌ قَانُونِيَّةٌ: قانۇنلۇق ھاكىمىيەت.

قَانٍ ج قُنَاةٌ: قولغا كەلتۈرگۈچى، ئېرىشكۈچى، قىپقىزىل.

قَانٍ (القَانِي): قىزىل.

«جَرَى غَرَامًا وَشَوْقًا دَمْعِي الْقَانِي وَهَامَ وَجْدًا وَعِشْقًا قَلْبِي الْعَانِي»: سېنى سېغىنىپ قان يىغلىغان ياشلىرىم ئاقماقتا، ھىجران-پىراق دەردى قەلبىمنى ئۆرتىمەكتە.

أَحْمَرُ قَانٍ: قىپقىزىل.

قَاهَرَ يُقَاهِرُ مُقَاهَرَةً —هُ: غەلىبە قىلدى، ئۇنىڭغا غالىب كەلدى.

قَاهِرٌ ج قَوَاهِرُ: يېڭىسەك، ئېگىز؛ قەھرى قىلغۇچى، كۈچلۈك؛ زورلىغۇچى.

قُوَّةٌ قَاهِرَةٌ: قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان كۈچ.

جَبَلٌ قَاهِرٌ: ئېگىز تاغ.

﴿وَهُوَ الْقَاهِرُ فَوْقَ عِبَادِهِ﴾ «قۇرئان»: ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە قاھىردۇر (يەنى، تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر).

اَلْقَاهِرَةُ: قاھىرە.

قَاهٍ م قَاهِيَةٌ ج قُهَاةٌ: قىزغىن.

عَيْشٌ قَاهٍ: پاراۋان تۇرمۇش.

قَاوَسَ يُقَاوِسُ مُقَاوَسَةً: ئۆلچىدى، سېلىشتۇردى.

قَاوَلَ يُقَاوِلُ مُقَاوَلَةً: سۆھبەتلەشتى، پىكىر ئالماشتۇردى، مۇنازىرىلەشتى.

قَاوَلَهُ: ئۇنىڭ بىلەن توختاملاشتى، مەلۇم ئىشقا توختام تۈزۈشتى، سۆزلەشتى، مۇنازىرىلەشتى.

قَاوَلَ النَّاقِدُ الْكَاتِبَ: ئوبزورچى يازغۇچى بىلەن مۇنازىرىلەشتى.

«قَاوَلَهُ عَلَى عِشْرِيْنَ أَلْفًا لِيَبْنَي لَهُ بَيْتًا»: يىگىرمە مىڭغا ئۇنىڭغا ئۆي سېلىپ بېرىشكە توختاملاشتى.

قَاوَمَ يُقَاوِمُ مُقَاوَمَةً: قارشىلاشتى، زىتلاشتى.

قَاوَمَ الْبَرْدَ: سوغۇققا چىدىدى.

قَاوَمَ الْإِغْرَاءَ: قۇتراتقۇلۇققا قارشى تۇردى.

قَاوَنْد: بېلىقچى قۇش.

قَاوُوشٌ ج قَوَاوِيْشُ: مەخپىي ئۆي.

قَاوُوقٌ ج قَوَاوِيْقُ: قالپاق، كۇلاھ، ئۇزۇن بۆك.

قَاوَى يُقَاوِى مُقَاوَاةً غَيْرَهُ: ئۇنىڭغا غالىب كەلدى، ئۇنى يەڭدى.

قَايَسَ يُقَايِسُ مُقَايَسَةً وَ قِيَاسًا الشَّيْءَ: نەرسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆردى، ئۆلچەپ كۆردى.

قَايِشٌ: بىلەي.

قَايَضَ يُقَايِضُ مُقَايَضَةً وَ قِيَاضًا غَيْرَهُ: مال ئالماشتۇرۇشتى.

قَايَضَ الزَّيْتَ بِالْقَمْحِ: بۇغدايغا ماينى ئالماشتۇردى.

قَائِدٌ ج قُوَّدٌ وَ قُوَّادٌ وَ قَادَةٌ وَ قَادَاتٌ: رەھبەر، قوماندان، يېتەكچى، باشلىق، داھىي، رەئىس.

قَائِدُ الْجَيْشِ: ھەربىي باشلىق، كوماندىر.

قَائِدُ الْأُسْطُولِ: فلوت قوماندانى.

قَائِدُ سِلَاحِ الطَّيْرَانِ: ھاۋا ئارمىيە قوماندانى.

الْقَائِدُ الْعَامّ: باش قوماندان.

قَائِدُ الْقَاطِرَةِ: پويىز شوپۇرى.

اَلْقَائِدُ الْأَعْلَى لِلْجَيْشِ: باش قوماندان.

قَادَةُ الْفِكْرِ: ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى يېتەكچىلەر، مۇتەپەككۇرلار.

قَائِشٌ: بىلەي.

قَائِصٌ: تومۇز، قاتتىق ئىسسىق.

قَائِظٌ: قاتتىق ئىسسىق، تومۇز.

قَائِفٌ ج قَافَةٌ: ئىزنغا چۈشكۈچى، كىشىلەرنىڭ قىياپىتىگە قاراپ نەسىبىنى تونۇغۇچى، ئىز تونۇغۇچى، ئىزچى، رازۋېدكىچى.

قَائِلٌ ج قُوَلٌ وَ قَالَةٌ وَ قُوَّلٌ: سۆزلىگۈچى، گەپ قىلغۇچى، دېگۈچى.

قَائِلٌ ج قُيَّلٌ وَ قُيَّالَةٌ: چۈشتە ئۇخلىغۇچى، چۈشتە دەم ئالغۇچى.

قَائِلَةٌ: چۈش، چۈش ۋاقتى؛ چۈشلۈك ئۇيقۇ.

قَائِمٌ ج قُوَّامٌ: پودپولكوۋنىك.

قَائِمَّقَامٌ: ئورۇنباسار.

قَائِمَّقَامُ الْمَلِكِ: نائىب پادىشاھ.

قَائِمٌ ج قُوَّمٌ وَ قُيَّمٌ / قِيَّمٌ وَ قُيَّامٌ: تۇرغۇچى، قوپقۇچى، قوزغالغۇچى، تىك تۇرغۇچى.

قَائِمُ الزَّاوِيَةِ: تىك بۇلۇڭ.

قَائِمٌ بِذَاتِهِ: مۇستەقىل، ئۆز ئالدىغا، ئۆزى ئۆزىدىن، تەبىئىي.

قَائِمٌ بِالْأَعْمَالِ: ۋاكالىتەن ئىش بېجىرگۈچى.

«قَائِمٌ بِأَعْمَالِ الْمُدِيرِ فِي غِيَابِهِ»: مۇدىرنىڭ ئورنىدا ئىش بېجىرگۈچى.

قَائِمُ الْمَاءِ: سۇ تەقسىملەش مۇنارى.

قَائِمَةٌ ج قَائِمَاتٌ وَ قَوَائِمُ: تۈۋرۈك، تىرەك؛ كاتالوگ، مۇندەرىجە، تىزىملىك.

قَائِمَةُ الْحِسَابَاتِ: ھېسابات تالونى.

قَائِمَةُ الْأَسْعَارِ: باھا جەدۋىلى.

قَائِمَةُ الْأَسْمَاءِ: يوقلىما تىزىملىكى.

قَائِمَةُ الْأَسْمَاءِ السَّوْدَاءِ: قارا تىزىملىك.

قَائِمَةُ الدَّابَّةِ: ھايۋاننىڭ پۇتى.

قَوَائِمُ الْخِيَامِ: چېدىرنىڭ تۈۋرۈكلىرى.

قَائِمَةُ الطَّاوِلَةِ: ئۈستەلنىڭ پۇتى.

قَائِمَةُ أَسْعَارِ الْفَوَاكِهِ: مېۋىلەرنىڭ باھا جەدۋىلى.

قَائِمَةُ الطَّعَامِ: تاماق تىزىملىكى.

قَأَبَ يَقْأَبُ قَأْبًا الطَّعَامَ: تاماق يېدى.

قَأَبَ الشَّرَابَ: سۇ ئىچتى.

قَئِبَ يَقْئَبُ قَأْبًا وَ قَأَبًا مِنَ الشَّرَابِ: سۇغا توشتى.

قَؤُوبٌ: كۆپ ئىچىدىغان.

قَؤُودٌ: ياۋاش، رايىش.

قَبَا يَقْبُو قَبْوًا: تەگدى؛ يۇملاق شەكىل قىلدى.

قَبَا الْغُصْنُ: شاخ ئېگىلدى.

قَبَا الْبِنَاءَ: بىنانى گۈمبەز شەكلىدە ياسىدى.

قَبَا الزَّعْفَرَانَ: زەپەر يىغدى، تەردى.

قَبَاءٌ: مىقدار، ئارىلىق، مۇساپە.

قَبَاءٌ ج أَقْبِيَةٌ: تون، پەلتو.

«إِنَّ السَّمَاءَ لَا تُغَطَّى بِالْقَبَاءِ»: كۆكنى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمايدۇ.

قَبَاحَةٌ: سەت بولماق، كۆرۈمسىز بولماق.

قُبَاعٌ: كىرپە.

قِبَالٌ: بوغقۇچ، يىپ.

قَبَالَةٌ / قِبَالَةٌ: يۈك، مەسئۇلىيەت، بۇرچ، مەجبۇرىيەت؛ توختام، شەرتنامە، كېلىشىم.

نَحْنُ فِي قِبَالَةِ فُلَانٍ: بىز پالانىنىڭ كېپىللىكىدە.

قِبَالَةٌ: تۇغۇت ئىلمى، ئاكۇشىرلىق.

قُبَالَةٌ: ئۇدۇلى، ئالدى تەرەپ، روبىروسى.

«جَلَسَ فُلَانٌ قُبَالَةَ النَّافِذَةِ»: پالانى پەنجىرىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى.

قِبَانَةٌ: ئۆلچەش، ئۆلچەش كەسپى.

قَبَّ يَقُبُّ قَبًّا الْقُبَّةَ: گۈمبەز ياسىدى.

قَبَّ النَّبَاتُ: ئوت-چۆپ قۇرۇپ كەتتى.

قَبَّ يَدَ فُلَانٍ: پالانىنىڭ قولىنى كەستى.

قَبَّ قُبَّةَ الْمَسْجِدِ: مەسجىدنىڭ گۈمبىزىنى ياسىدى.

قَبَّ يَقِبُّ قَبًّا وَ قَبِيبًا الْأَسَدُ: يولۋاس چىشىنى غۇچۇرلاتتى.

قِبٌّ ج أَقْبَابٌ: كۆمۈرچەك؛ تـوغرا سـۆڭەك؛ باشلىق، ئاقساقال.

قُبٌّ ج أَقْبَابٌ: باشلىق، سەردار، يولباشچى، يېتەكچى؛ نەسىللىك ئات.

قَبَّارٌ ج قَبَّارُونَ: يەرلىك قازغۇچى، گوركا.

قَبَّانٌ جىك، تارازا.

قَبَّانِيٌّ ج قَبَّانِيُّونَ: كىرچى.

قَبَّبَ يُقَبِّبُ تَقْبِيبًا الْقُبَّةَ: گۈمبەز ياسىدى.

قَبَّبَ الشَّيْءَ: نەرسىنى يۇملاق شەكىلگە كەلتۈردى.

قَبَّبَ الْبُسْتَانِيُّ الْأَشْجَارَ: باغۇەن دەرەخنى يۇملاق ياسىدى.

قَبَّةٌ ج قَبَّاتٌ: ياقا.

قُبَّةٌ ج قِبَابٌ وَ قُبَبٌ: گۈمبەز، قۇببە.

قُبَّةُ الْإِسْلَامِ: بەسرە شەھىرى.

قُبَّةُ الْجَرَسِ: قوڭغۇراق مۇنارى.

الْقُبَّةُ الْخَضْرَاءُ: ئىبراھىم خەلىلۇللاھنىڭ ماقامى.

الْقُبَّةُ الزَّرْقَاءُ: ئاسمان، كۆك ئاسمان.

جَعَلَ مِنَ الْحَبَّةِ قُبَّةً: مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتتى، تۆگمىنى تۆگە قىلىپ كۆرسەتتى.

قَبَّحَ يُقَبِّحُ تَقْبِيحًا: سەتلەشتۈردى، كۆرۈمسىز قىلىۋەتتى، خۇنۈكلەشتۈردى.

قُبَّرَةٌ ج قُبَّرٌ وَ قُبَرٌ وَ قَبَابِرُ: سوپى تورغاي، بوز تورغاي.

قَبَّصَ يُقَبِّصُ تَقْبِيصًا الشَّيْءَ: نەرسىنى چىمدىدى، چىمدىپ ئالدى (تۇز قاتارلىقلارنى).

قَبَّضَ يُقَبِّضُ تَقْبِيضًا الشَّيْءَ: نەرسىنى تارايتتى، قورۇدى؛ تاپشۇردى، تاپشۇرۇپ بەردى.

قَبَّطَ يُقَبِّطُ تَقْبِيطًا وَجْهَهُ: قوشۇمىسىنى تۈردى.

قَبَّعَ يُقَبِّعُ تَقْبِيعًا: شىلەپە كىيدى.

قَبَّعَ لَهُ: ئۇنىڭغا بوزەك بولدى، كەمتەرلىك قىلدى.

قُبَّعَةٌ ج قُبَّعَاتٌ: شىلەپە، قالپاق.

قُبَّعَةٌ عَالِيَةٌ: ئېگىز قالپاق.

قُبَّعَةُ الْقَشِّ: چىغ قالپاق.

قَبَّلَ يُقَبِّلُ تَقْبِيلًا: سۆيدى، بوسە قىلدى.

قَبَّلَ الْأَرْضَ بَيْنَ أَيْدِيهِمْ: ئۇلارنىڭ ئالدىدا تىز پۈكتى.

قَبَّلَ الْأَبُ وَلَدَهُ: ئاتا بالىسىنى سۆيدى.

قَبَّنَ يُقَبِّنُ تَقْبِينًا: ئۆلچىدى، ئۆلچەپ بەردى.

قَبَّى يُقَبِّي تَقْبِيَةً الْمَتَاعَ: مالنى رەتلىدى.

قَبَّى الثَّوْبَ: تاشقى كىيىمنى تىكتى.

قَبَجٌ: ئورمان كەكلىكى.

«هَلْ يَسْتَوِي الأَعْمَى وَمَنْ هُوَ مُبْصِرٌ لاَ بَلْ هُمْ قَبَجٌ وَأَنْتَ عُقَابٌ»: قارىغۇ ئادەم بىلەن كۆزى ئوچۇق ئادەم ئوخشاش بولامدۇ، ياق، ھەرگىزمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇلار (رەقىبلىرىڭ) ئورمان كەكلىكى بولسا، سەن بۈركۈتسەن.

قَبُحَ يَقْبُحُ قُبْحًا وَ قَبَاحَةً وَ قَبَاحًا وَ قُبُوحًا وَ قُبُوحَةً: سەت بولدى، كۆرۈمسىز بولدى، سەتچىلىك بولدى.

قَبَحَ يَقْبَحُ قَبْحًا — هُ اللهُ: ئاللاھ ئۇنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى.

قُبْحٌ ج مَقَابِحُ: سەت، كۆرۈمسىز، خۇنۈك.

قُبْحًا لَهُ: ئۇنىڭغا ياخشىلىق بولمىسۇن.

قَبَرَ يَقْبُرُ قَبْرًا الْمَيِّتَ: مېيىتنى كۆمدى، دەپنە قىلدى.

قَبَرَ الْقَضِيَّةَ: مەسىلىنى مەخپىي تۇتتى.

قَبْرٌ ج قُبُورٌ: قەبرە، گۆر، يەرلىك.

قَبْرُ الْجُنْدِيِّ الْمَجْهُولِ: خاتىرە مۇنار.

﴿وَأَنَّ اللهَ يَبْعَثُ مَنْ فِي الْقُبُورِ﴾ «قرآن»: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدۇ.

«لَاتُصَلُّوا إِلَى الْقُبُورِ وَلَاتَجْلِسُوا عَلَيْهَا» ‹حديث›: قەبرىلەرگە قاراپ ناماز ئوقۇماڭلار ۋە قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرماڭلار.

قَبْرٌ رَمْزِيٌّ: خاتىرە مۇنارى.

قَبْرِيَّةٌ: قەبرە تەزكىرىسى، يادنامە.

قِبْزٌ: پاكار، قىسقا، كالتا؛ بېخىل.

قُبْزٌ: قوۋۇز.

قَبَسَ يَقْبِسُ قَبْسًا النَّارَ: ئوتنى تۇتاشتۇردى، ياندۇردى.

قَبَسَ الْحُمَّى: يۇقۇملاندى.

قَبَسَ الْعِلْمَ: ئىلىم ئىگىلىدى.

قِبْسٌ: ئەسلىي، مەنبە.

قَبَسٌ ج أَقْبَاسٌ: ئوت، چوغ.

حُمَّى قَبَسٌ: يۇقۇملۇق تەپ كېسىلى.

﴿لَعَلِّي آتِيكُمْ مِنْهَا بِقَبَسٍ أَوْ أَجِدُ عَلَى النَّارِ هُدًى﴾ ‹قرآن›: مەن (بېرىپ) ئۇنىڭدىن بىرەر پارچە چوغ ئېلىپ كېلىشىم ياكى ئوت بار يەردە بىرەر يول باشلىغۇچىنى ئۇچرىتىشىم مۇمكىن.

قَبَصَ يَقْبِصُ قَبْصًا الشَّيْءَ: نەرسىنى چىمدىدى، چىمدىپ ئالدى (تۇز قاتارلىقلارنى).

قِبْصٌ / قِبَصٌ ج قُبُوصٌ: قۇم دۆۋىسى، قۇم دۆڭ.

قِبْصٌ ج أَقْبَاصٌ: قۇم دۆۋىسى، كىشىلەر توپى.

قَبْصَةٌ ج قُبَصٌ: چىمدىپ ئېلىنغان نەرسە.

قَبَضَ يَقْبِضُ قَبْضًا الشَّيْءَ: نەرسىنى تۇتۇپ ئالدى، قوچۇشلاپ ئالدى، تۇتاملاپ ئالدى.

قَبَضَ الْبَطْنَ: ئىچنى قاتۇردى، قەۋزىيەت قىلىپ قويدى.

قَبَضَ الصَّدْرَ: روھىنى چۈشۈرۈۋەتتى.

﴿فَقَبَضْتُ قَبْضَةً مِنْ أَثَرِ الرَّسُولِ﴾ ‹قرآن›: ئەلچىنىڭ ئىزىدىن بىر چاڭگال توپىنى ئالدىمدە...

«قَبَضَ الْجَيْشُ عَلَى الْحُكْمِ»: ئارمىيە ھاكىمىيەتنى ئىگىلىدى.

«قَبَضَ الشُّرْطِيُّ عَلَى اللِّصِّ»: ساقچى ئوغرىنى تۇتتى، قولغا ئالدى.

قَبَضَ يَدَهُ عَنِ النَّفَقَةِ: نەپىقە بېرىشتىن باش تارتتى.

قَبَضَ اللّٰهُ رُوحَهُ: ئاللاھ ئۇنى قەبزى روھ قىلدى.

قَبَضَ مُرَتَّبَهُ آخِرَ الشَّهْرِ: ئاي ئاخىرىدا مائاشىنى ئالدى.

قَبْضٌ: تۇتماق، قولغا ئالماق.

قَبْضُ الْبَطْنِ: قەۋزىيەت، ئىچى قاتماق.

﴿ثُمَّ قَبَضْنَاهُ إِلَيْنَا قَبْضًا يَسِيرًا﴾ ‹قرآن›: ئاندىن ئۇنى ئاستا-ئاستا يوقاتتۇق.

صَارَ الْمَالُ فِي قَبْضَتِهِ: مال ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولدى.

أَلْقَى عَلَيْهِ الْقَبْضَ: ئۇنى قولغا ئالدى.

قَبَضٌ: تاپشۇرۇۋېلىنغان مال، توپلانغان ئولجا.

قَبَضُ الْقَبِيلَةِ وَافِرٌ: قەبىلىنىڭ يىغقان ئولجىسى كۆپ.

قَبْضَةٌ ج قَبَضَاتٌ: تۇتماق، ئالماق، بىر چاڭگال، بىر ئوچۇم، ساپاق، تۇتقا، دەستە، مۇشت.

«أَعْطَاهُ قَبْضَةً مِنْ أَرُزٍ»: ئۇنىڭغا بىر چاڭگال گۈرۈچ بەردى.

ضَرَبَهُ بِقَبْضَةِ يَدِهِ: ئۇنى بىر مۇشت سالدى.

قَبْضِيَّةٌ: ئىش ھەققى، مائاش.

قَبَطَ يَقْبُطُ / يَقْبِطُ قَبْطًا الشَّيْءَ: نەرسىنى قولى بىلەن يىغدى.

الْقِبْطُ: مىسىرنىڭ ئەسلىي تىلىنى ۋە خرىستىئان دىنىنى ساقلاپ قالغان ئەسلىي ئاھالىسى.

قُبْطَانٌ ج قُبَاطِنَةٌ: پاراخوت باشلىقى، كاپىتان.

قُبْطَانُ الطَّائِرَةِ: ئايروپىلان باشلىقى.

قِبْطِيٌّ ج قِبْطٌ وَ أَقْبَاطٌ: مىسىر خرىستىئانلىرى (قەدىمدىن تارتىپ مىسىردا ياشاپ كېلىۋاتقان

ئەسلىي ئاھالە).

**قَبَعَ يَقْبَعُ قُبُوعًا الْقُنْفُذُ:** كىرپە بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالدى، تۈگۈلۈۋالدى.

**قَبَعَ الشَّخْصُ فِي بَيْتِهِ:** ئۆيىگە يوشۇرۇنۇۋالدى، بېكىنىۋالدى.

**قَبَع الشَّخْصُ عَنْ أَصْحَابِهِ:** ھەمراھلىرىنىڭ ئارقىسىدا قالدى.

**قَبَعَ الْقِطُّ تَحْتَ السَّرِيْرِ:** مۈشۈك كارىۋاتنىڭ ئاستىغا مۆكۈۋالدى.

**قَبَعَ يَقْبَعُ قَبعًا الْفِيْلُ:** پىل چىرقىرىدى.

**قَبَعَ الْخِنْزِيْرُ:** چوشقا خارتىلدىدى.

**قَبَعَ الْفَرَسُ:** ئات كىشنىدى.

**قُبْعٌ:** كاناي، بورغا.

**قُبَعٌ:** كىرپە.

**قُبْعَةٌ:** گۈل كاسىنىسى.

**قَبْقَابٌ ج قَبَاقِبُ:** ياغاچ كەش.

**قَبْقَبَ يُقَبْقِبُ قَبْقَبَةً:** جۆيلۈدى، بىلجىرلىدى.

**قَبْقَبَ الْجَمَلُ:** تۆگە بۇرقىرىدى.

**قِبْقِبٌ:** ئەسەدەپ.

**قَبْقَبَةٌ:** بىلجىرلاش.

«**مَاأَكْثَرَ قَبْقَبَةَ هَذَا الْعَجُوزِ**»: بۇ بوۋاي ئەجەب بىلجىرلاۋەردى.

**قَبَلَ يَقْبَلُ قبلًا الْوَقْتُ:** ۋاقىت توشتى، يېقىنلاشتى.

**قَبِلَ يَقْبَلُ قُبُولًا:** قوبۇل قىلدى، ئالدى.

**قَبِلَ الْكَلَامَ:** سۆزنى تەستىقلىدى، ئىشەندى.

**قَبِلَ اللهُ دُعَائَهُ:** ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى.

﴿أَلَمْ يَعْلَمُوا أَنَّ اللهَ هُوَ يَقْبَلُ التَّوْبَةَ عَنْ عِبَادِهِ﴾ ‹قرآن›: ئۇلار (يەنى، تەۋبە قىلغۇچىلار) ئاللاھنىڭ ئۆز بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى... بىلمەمدۇ؟

**قَبِلَ الْمَرِيْضَ الْمُسْتَشْفَى:** ئاغرىقنى دوختۇرخانىغا ئالدى.

**قَبِلَ عَمَلَهُ:** ئۇنىڭ ئىشىدىن رازى بولدى.

**قَبِلَ يَقْبِلُ قَبَالَةً:** كاپالەت بەردى، كېپىل بولدى، ھۆددە قىلدى.

**قَبْلُ:** بۇرۇن، ئىلگىرى.

**مِنْ قَبْلُ . قَبْلًا:** ئىلگىرى، بۇرۇن، ئۆتكەندە.

﴿لِلهِ الْأَمْرُ مِنْ قَبْلُ وَمِنْ بَعْدُ﴾ ‹قرآن›: ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر.

**صَارَ أَفْضَلَ مِنْ ذِي قَبْلٍ:** بۇرۇنقىغا قارىغاندا ياخشىراق بولۇپ قالدى.

**قِبَلٌ:** كۈچ، قۇۋۋەت، ئىقتىدار، قابىلىيەت، تەرەپ.

﴿فَلَنَأْتِيَنَّهُمْ بِجُنُودٍ لَاقِبَلَ لَهُمْ بِهَا﴾ ‹قرآن›: ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تاقابىل تۇرالمايدىغان بىر قوشۇن بىلەن چوقۇم بارىمىز.

**أَصَابَهُ هَذَا الْأَمْرُ مِنْ قِبَلِهِ:** بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئۇنىڭ تەرىپىدىن يەتتى.

**لِيْ قِبَلَ فُلَانٍ دَيْنٌ:** مېنىڭ پالانىدا ئېلىشىم بار.

**قُبْلٌ:** ئالدى، ئالدى تەرەپ.

**قُبْلٌ مِنَ الْجَبَلِ ج أَقْبَالٌ:** تاغ ئېتىكى.

**قَبَلٌ:** ئالىغاي، قىسىق كۆز.

**قُبْلَةٌ ج قُبَلٌ وَ قُبُلَاتٌ:** سۆيمەك، بوسە قىلماق.

«**طَبَعَتِ الْأُمّ قُبْلَةً عَلَى خَدِّ ابْنَتِهَا**»: ئانا قىزىنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى.

**قُبْلَةُ الْوِدَاعِ:** ۋىدالىشىش سۆيۈشۈشى.

**قُبْلَةُ الْحَيَاةِ:** دوختۇرنىڭ ئېغىز ئارقىلىق سۈنئىي نەپەسلەندۇرۇشى.

**قِبْلَةٌ:** قىبلە.

﴿وَمَاجَعَلْنَا الْقِبْلَةَ الَّتِي كُنْتَ عَلَيْهَا إِلَّا لِنَعْلَمَ مَنْ يَتَّبِعُ الرَّسُولَ﴾ ‹قرآن›: سەن يۈز كەلتۈرۈپ كېلىۋاتقان تەرەپنى قىبلە قىلغانلىقىمىز

پەيغەمبەرگە ئەگەشكەنلەرنى ئاسىيلىق قىلغانلاردىن ئايرىۋېلىشىمىز ئۈچۈنلا ئىدى.

الْقِبْلَةُ: كەئبە، بەيتۇللاھ.

قِبْلَةُ الأَنْظَارِ: دىققەت مەركىزى.

أُولَى الْقِبْلَتَيْنِ: قۇددۇس شەرىف.

قَبْوٌ ج أَقْبِيَةٌ: گۇمبەز، گۇمبەز شەكىللىك ئۆگزە.

قَبْوٌ ج أَقْبَاءٌ: يەر ئاستى ئۆيى.

«يَلْتَجِئُ النَّاسُ إِلَى الأَقْبَاءِ زَمَنَ الْحَرْبِ»: كىشىلەر ئۇرۇش ۋاقتىدا يەر ئاستى ئۆيىدە تۇرىدۇ.

قَبُوطَانٌ: كېمە باشلىقى، كاپىتان.

قَبُولٌ . قُبُولٌ: قوشۇلماق، قوبۇل قىلماق، قارشى ئالماق، كۈتۈۋالماق.

عَدَمُ قُبُولِ التَّجْزِئَةِ: پارچىلانمايدىغان.

﴿فَتَقَبَّلَهَا رَبُّهَا بِقَبُولٍ حَسَنٍ﴾ «قۇرئان»: ئۇنى پەرۋەردىگارى چىرايلىقچە قوبۇل قىلدى.

قَبِيحٌ ج قِبَاحٌ وَ قبحى وَ قَبَاحَى: سەت، كۆرۈمسىز، نومۇسسىز، پاسكىنا، قەبىھ.

قَبِيحُ الْمَنْظَرِ: كۆرۈمسىز.

الأَكْلُ فِي الطَّرِيقِ قَبِيحٌ: يولدا بىرنەرسە يېيىش ئۇياتتۇر.

قَبِيحَةٌ ج قِبَاحٌ وَ قَبَائِحُ: سەت قىلىق، نومۇسسىز ئىش، ناچار ئىش.

قَبِيلٌ ج قُبُلٌ وَ قُبَلَاءُ: كېپىل، ھۆددىگە ئالغۇچى؛ جامائە، بىر جامائە ئادەملەر.

«ذَالِكَ الشَّيْءُ مِنْ هَذَا الْقَبِيلِ»: بۇ نەرسە بۇ تۈرگە مەنسۇپ.

«مَا يَعْرِفُ قَبِيلًا مِنْ دَبِيرٍ»: ئۇ ئوپئوچۇق نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ.

﴿أَوْ تَأْتِيَ بِاللهِ وَالْمَلَائِكَةِ قَبِيلًا﴾ «قۇرئان»: ياكى (پەيغەمبەرلىككە) گۇۋاھچى قىلىپ ئاللاھنى ۋە پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا كەلتۈرگىن.

قُبَيْلٌ: ئالدىدىراق، سەل ئىلگىرى.

جَاءَ قُبَيْلَ الظُّهْرِ: چۈشتىن بۇرۇنراق كەلدى.

قَبِيلَةٌ ج قَبَائِلُ: قەبىلە، ئۇرۇق، ئايماق؛ ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بۆلۈنۈشتىكى ئاتىلىشى؛ قۇدۇقنىڭ ئېغىزنى ياپىدىغان تاش.

قَبِيلَةُ قُرَيْشٍ: قۇرەيش قەبىلىسى.

القَبَائِلُ الرُّحَّلُ: كۆچمەن قەبىلىلەر.

قَبِيلِيٌّ: قەبىلىلىك، ئۇلۇسلۇق.

قَتَا يَقْتُو قَتْوًا وَقَتًا وَ قَتًى وَ مَقْتًى فُلَانًا: خىزمەت قىلدى، مۇلازىمەت قىلدى.

قَتَادٌ: تىكەنلىك ئوت، يانتاق.

«دُونَهُ خَرْطُ الْقَتَادِ» «مثل»: ئۇنىڭغا ئېرىشىش قىيىن ئىش.

قُتَارٌ: پۇراق، بوي.

قِتَالٌ: ئۇرۇش، جەڭ.

حَوْمَةُ الْقِتَالِ: قاتتىق ئۇرۇش، شىددەتلىك جەڭ، كەسكىن جەڭ.

سَاحَةُ الْقِتَالِ: جەڭ مەيدانى، فرونت.

﴿قَالُو لَوْ نَعْلَمُ قِتَالًا لَاتَّبَعْنَاكُمْ﴾ «قۇرئان»: ئۇلار ئۇرۇشتىن خەۋەر تاپقان بولساق، ئەلۋەتتە سىلەرگە ئەگىشەتتۇق، دېدى.

قَتَامٌ . قَتَامَةٌ: قاراڭغۇ، زۇلمەت؛ سۇس قارا رەڭ، خىرە.

قَتَانٌ: قارامتۇل، قاراڭغۇ.

قَتَبٌ ج أَقْتَابٌ: ئېگەر، توقۇم، ئۈچىلىق.

قِتْبٌ . قِتَبَةٌ ج أَقْتَابٌ: ئۈچەي.

قَتَّ يقُتّ قَتًّا: يالغان ئېيتتى، يالغانچىلىق قىلدى.

قَتَّ الشَّيْءَ: نەرسىنى ئازايتتى، كېمەيتتى؛ ئاز-ئازدىن توپلىدى.

قَتَّ إِلَى فُلَانٍ: پالانىنىڭ ئىزىغا چۈشتى، ئىز قوغلىدى.

قَتَّاتٌ: تۆھمەتخور، پىتنىخور.

قَتَّالٌ: قانخور، جاللات.

قَتَّبَ يُقَتِّبُ تَقْتِيبًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ئەگدى.

قَتَّتَ يُقَتِّتُ تَقْتِيتًا الْكَلَامَ: يالغانىنى ئويىلدۇرۇپ چىقاردى.

قَتَّةٌ: ياۋا تەرخەمەك.

قَتَّرَ يُقَتِّرُ تَقْتِيرًا: بېخىللىق قىلدى، پىخسىقلىق قىلدى.

قَتَّرَ الشِّوَاءُ: شورپىنىڭ پۇرىقى تارقالدى.

قَتَّلَ يُقَتِّلُ تَقْتِيلًا الْقَوْمَ: قەۋمنى ئۆلتۈردى، قىرغىنچىلىق قىلدى.

﴿يُقَتِّلُونَ أَبْنَائَكُمْ﴾ «قرآن»: ئۇلار ئوغۇللىرىڭلارنى ئۆلتۈرەتتى.

قَتَرَ يَقْتُرُ / يَقْطِرُ قَتْرًا وَ قُتُورًا الشَّخْصُ: شەخسنىڭ تۇرمۇشى قىس بولدى.

قَتَرَ اللَّحْمُ: گۆش پۇراپ قالدى.

قَتَرَ عَلَى عِيَالِهِ: ئائىلىسىنى تۇرمۇشتىن قىستى.

﴿وَالَّذِيْنَ إِذَا أَنْفَقُوا لَمْ يُسْرِفُوا وَلَمْ يَقْتُرُوا﴾ «قرآن»: ئۇلار خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ.

قَتِرَ يَقْتَرُ قَتَرًا اللَّحْمُ: گۆشنىڭ پۇرىقى تارقالدى.

قَتَرٌ: چاڭ-توزان.

﴿وَلَايَرْهَقُ وُجُوهَهُمْ قَتَرٌ وَلَاذِلَّةٌ﴾ «قرآن»: ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى قارىلىق ۋە خارلىق قاپلىمايدۇ.

قُتْرَةٌ ج قُتَرٌ: ئوۋچىنىڭ كەپىسى.

قَتَرَةٌ ج قَتَرٌ: ئىس-تۈتەك.

﴿وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ عَلَيْهَا غَبَرَةٌ تَرْهَقُهَا قَتَرَةٌ﴾ «قرآن»: بۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەرنى چاڭ-توزان بېسىپ كەتكەن، قارىداپ كەتكەن بولىدۇ.

قَتَلَ يَقْتُلُ قَتْلًا: ئۆلتۈردى، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى.

﴿مَن قَتَلَ نَفْساً بِغَيْرِ نَفْسٍ أَوْ فَسَادٍ فِي الْأَرْضِ فَكَأَنَّمَا قَتَلَ النَّاسَ جَمِيعاً﴾ «قرآن»: كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ.

قَتَلَهُ الْجُوعُ: ئاچلىقتىن ئۆلدى.

قَتَلَ الْوَقْتَ: ۋاقىتنى زايە قىلدى.

قَتَلَ الْكَسُولُ وَقْتَهُ: ھورۇن ۋاقىتىنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتتى.

قَتَلَ الْمَوْضُوعَ بَحْثًا: ماۋزۇنى ئەتراپلىق ئانالىز قىلدى.

قَتَلَ الدَّهْرَ خِبْرَةً: ھاياتتا مول تەجرىبىلىك بولدى.

قَتْلٌ: ئۆلتۈرمەك، سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرمەك.

﴿وَالْفِتْنَةُ أَشَدُّ مِنَ الْقَتْلِ﴾ «قرآن»: زىيانكەشلىك قىلىش ئۆلتۈرۈشتىنمۇ ياماندۇر.

الْقَتْلُ الْعَمْدُ: قەستەن ئۆلتۈرۈش.

الْقَتْلُ الْخَطَأُ: سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈش.

قِتْلٌ ج أَقْتَالٌ: ئەشەددىي دۈشمەن.

قِتْلَةٌ: قاتىللىق، قاتىللىق ۋاسىتىسى.

قَتَمَ يَقْتُمُ قُتُومًا الْغُبَارُ: توپا توزىدى.

قَتَمَ الْوَجْهُ: چىراي ئۆزگىرىپ تۇتۇلۇپ كەتتى.

قَتَمَ وَجْهُ الْجَائِعِ: ئاچ قورساقنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

قُتْمَةٌ . قَتَمَةٌ: قاراڭغۇ، زۇلمەت؛ سۇس قارا رەڭ، خىرە.

أَتَى فِي قَتَمَةِ اللَّيْلِ: كېچە قاراڭغۇسىدا كەلدى.

قَتَنَ يَقْتُنُ قُتُونًا الْمِسْكُ: ئىپار قۇرۇپ قارىداپ قالدى.

قَتُنَ يَقْتُنُ قَتَانَةً الرَّجُلُ: ئاز يەپ ئورۇقلاپ كەتتى.

قَتْوَةٌ: بىر قېتىم مۇلازىمەت قىلماق، سوخەنچىلىك.

قَتُوتٌ: تۆھمەتخور، پىتنىخور.

قَتُورٌ: بېخىل.

﴿وَكَانَ الْإِنْسَانُ قَتُورًا﴾ «قرآن»: ئىنسان بېخىل كېلىدۇ.

قَتُولٌ ج قُتُلٌ وَ قُتْلٌ: كەسپىي قاتىل.

قَتِيرٌ: يىڭناغۇچ.

قَتِيلٌ ج قَتْلَى وَ قَتْلاءُ وَ قَتَالَى: ھالاك بولغان، ئۆلتۈرۈلگەن.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِصَاصُ فِي الْقَتْلَى﴾ «قرآن»: ئى مۆئمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى.

قَتِينٌ: ئورۇق، تاماقنى ئاز ئادەم، چارچاپ كەتكەن؛ نەيزە.

قَتَّ يَقُتُّ قَتًّا: يۇلۇۋالدى، قومۇرۇۋالدى، سوغۇرۇۋالدى.

قُثَّاءٌ / قِثَّاءٌ: تەرخەمەك.

﴿فَادْعُ لَنَا رَبَّكَ يُخْرِجْ لَنَا مِمَّا تُنْبِتُ الْأَرْضُ مِنْ بَقْلِهَا وَ قِثَّائِهَا﴾ «قرآن»: بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلغىن، بىزگە زېمىننىڭ كۆكتاتلىرىدىن تەرخەمەك ... نى ئۆستۈرۈپ بەرسۇن.

قَثَّاثٌ: سۈخەنچى.

قِثَايَةٌ ج قِثَايَاتٌ: تەرخەمەك.

قَثْرَةٌ: ئۆي جاھازلىرى.

قَثْطَرَةٌ ج قَثَاطِرُ: ئۆتكۈزگۈچ تۇرۇبا.

قَثَمَ يَقْثُمُ قَثْمًا الشَّيْءَ: يىغدى، توپلىدى، ھەممىنى ئېلىۋالدى، ئاستا ماڭدى.

قَثَمَ مِنْ مَالِهِ: مېلىدىن ئۇنىڭغا بەردى.

قَثُمَ يَقْثُمُ وَ قَثِمَ يَقْثَمُ قَثْمَةً وَ قَثَامًا الشَّيْءُ: تېزەك بىلەن بۇلغاندى.

قُثَمٌ: مەرد، سېخىي.

قُثْمَةٌ: توپا رەڭ.

قُجَّةٌ: قاپچۇق.

قَحَا يَقْحُو قَحْوًا الْمَالَ: مالنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋالدى.

قُحَاحٌ: ساپ، ھەقىقىي، راست، توغرا.

قُحَافٌ: كەلكۈن، قىيان، تاشقىن.

قَحَبَ يَقْحُبُ قَحْبًا وَ قُحَابًا: يۆتەلدى.

قَحَبَتِ الْمَرْأَةُ: ئايال بۇزۇقچىلىق قىلدى.

قَحْبٌ ج قِحَابٌ: زىنىقە بولغان ئادەم، ياشانغان ئادەم.

قَحْبَةٌ ج قِحَابٌ: پاھىشە ئايال، بۇزۇق ئايال؛ موماي.

قَحَثَ يَقْحَثُ قَحْثًا الشَّيْءَ: ئېلىپ بولدى.

قَحَّ يَقُحُّ قُحُوحًا وَ قُحَّ الشَّخْصُ: شەخس ساپ بولدى.

قُحٌّ ج أَقْحَاحٌ: ساپ، ھەقىقىي، راست، توغرا.

عَرَبِيٌّ قُحٌّ: ساپ ئەرەب.

قَحَّادٌ: يەككە-يېگانە ئادەم.

قُحَّازَةٌ: قىسماق، تور.

قَحَّبَ يُقَحِّبُ تَقْحِيبًا: قاتتىق يۆتەلدى.

قُحَّةٌ: يۆتەل.

قَحَّزَ يُقَحِّزُ تَقْحِيزًا لَهُ الْكَلَامَ: قوپال گەپ قىلدى.

قَحَّزَ بِهِ: ئۇنى يىقىتىۋەتتى.

قَحَّزَهُ: ئۇنى سەكرىتىۋەتتى.

قَحَّطَ يُقَحِّطُ تَقْحِيطًا: چاكىلاشتۇردى.

قَحَّمَ يُقَحِّمُ تَقْحِيمًا —هُ فِي الْأَمْرِ: ئىشنى زورلاپ قىلدۇردى.

قَحْدَةٌ ج قِحَادٌ وَ أَقْحُدٌ: تۆگە لوككىسى، تۆگە ئۆركىشى.

قَحَرَ يَقْحُرُ قُحُورًا: ياشىنىپ قالدى.

قَحَزَ يَقْحَزُ قَحْزًا الرَّجُلُ: چۆچۈپ، سەكرەپ كەتتى.

قَحَزَ عَنْ ظَهْرِ دَابَّتِهِ: ئۇلاغ ئۈستىدىن چۈشتى.

قَحَزَ يَقْحَزُ قَحْزًا وَ قُحُوزًا الرَّجُلَ: كىشىنى ھالاك قىلدى، ئۆلتۈرۈۋەتتى، زىيانكەشلىك قىلدى.

قَحَطَ يَقْحَطُ قَحْطًا الْمَطَرُ: يامغۇر ياغمىدى، قۇرغاقچىلىق بولدى.

«قَحَطَ الْمَطَرُ فِي الْخَرِيفِ فَلَمْ يَزْرَعِ الْفَلَّاحُونَ الْحُبُوبَ»: كۈزدە يامغۇر ياغمىغاندى، دېھقانلار ئاشلىق تېرىيالمىدى.

قَحَطَ الْعَامُ: قۇرغاقچىلىق يىل بولدى.

قَحَطَ الْبَلَدُ: يۇرتتا قورغاقچىلىق بولدى.

قَحْطٌ: قۇرغاقچىلىق، قەھەتچىلىك، ئاچارچىلىق.

«يُعَانِي هَؤُلَاءِ الْقَوْمُ مِنَ الْقَحْطِ»: قەۋۋم قەھەتچىلىكتىن قىينالماقتا.

قَحِطٌ م قَحِطَةٌ: قۇرغاقچىلىق، قەھەتچىلىك.

عَامٌ قَحِطٌ: قۇرغاقچىلىق يىل.

قَحْطَانُ: قەھتان (يەمەن ئەرەبلىرىنىڭ ئەجدادلىرى).

بَنُو قَحْطَانَ: قەھتان ئەۋلادلىرى.

قَحْطِيٌّ: قورغاقچىلىق، قەھەتچىلىك.

قَحِفَ / يَقْحَفُ قَحْفًا مَا فِي الْإِنَاءِ: قاچىدىكىنى بىراقلا ئىچىۋەتتى.

قَحَفَةٌ: باش سۆڭىكىنى چېقىۋەتتى.

قِحْفٌ ج قُحُوفٌ وَ أَقْحَافٌ وَ قَحَفَةُ الرَّأْسِ: باش سۆڭىكى، چوققا سۆڭىكى.

قَحَلَ يَقْحَلُ قَحْلًا وَ قَحَلًا وَ قُحُولًا الشَّيْءُ: نەرسە قۇرۇپ كەتتى.

قَحِلَتِ الْأَرْضُ: يەر قۇرغاقلىشىپ كەتتى.

قِحْلٌ م قَحْلَاءُ ج قُحْلٌ: قۇرۇق، قۇرغاق.

أَرْضٌ قَحْلَاءُ: تاقىر يەر.

قَحَلٌ: قۇرغاق، قۇرۇق.

قَحِلٌ: قۇرۇق، قۇرغاق.

قَحَمَ يَقْحُمُ قَحْمًا وَ قُحُومًا فِي الْأَمْرِ: قارىسىغا ئىشلىدى، قارامىلىق بىلەن ئىشلىدى.

قَحَمَ إِلَيْهِ: ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى.

قُحْمَةٌ ج قُحْمٌ: قىيىن ئىش، مۈشكۈل ئىش؛ خەتەرلىك جاي.

قُحْوَانٌ: گۈل، مايچېچەك.

قُحُولٌ: قۇرۇق.

قَحِيطٌ: قۇرغاقچىلىق، قەھەتچىلىك.

سَنَةٌ قَحِيطٌ: قۇرغاقچىلىق يىل.

قَدْ: ياردەمچى سۆز بولۇپ، ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ئالدىدا كېلىپ ئىشنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن:

قَدْ قَامَ زَيْدٌ: زەيد ئورنىدىن تۇردى.

قَدْ جَاءَ صَدِيقُهُ: ئۇنىڭ دوستى كەلدى.

قَدْ: ئىسىم پېئىل مەنىسى بىلەن كېلىدۇ. (كَفَى) غا ئوخشاش «بولدى، يېتەرلىك، كۇپايە» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

قَدْ: كەلگۈسى زامان پېئىل بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەندە، ئاز، شالاڭ دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

قَدْ يَتَكَرَّمُ الْبَخِيلُ: بېخىلنىڭ ئاندا-ساندا مەردلىك قىلىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ.

قَدَا يَقْدُو قَدْوًا الطَّعَامُ: تاماق مەززىلىك بولدى، تەملىك بولدى.

قِدَاحَةٌ: فارفور سانائىتى.

قَدَادٌ: يالمانتاقتاق.

قُدَادٌ: قورساق ئاغرىقى.

قَدَاسَةٌ: پاك؛ مۇقەددەس، ئۇلۇغلۇق، پاكلىق.

قَدَاسَةُ الْمَطْرَانِ: ئالىيلىرى (خرىستىيان دىنىدىكى روھانىيلارنىڭ ھۆرمەت نامى).

قَدَاسَةُ الْبَابَا: پارپا ئالىيلىرى.

قُدَافٌ: بىر چۆمۈچ سۇ، كوزا، لىگەن.

قُدَامٌ ج قُدَامَى: كونا، قەدىمكى، بۇرۇنقى، ئىلگىرىكى.

قِدَةٌ: نەمۇنە، ئۈلگە.

قَدَحَ يَقْدَحُ قَدْحًا فِيهِ: كەمسىتتى، ھاقارەتلىدى.

قَدَحَ فِي عِرْضِهِ: ئۇنىڭ ئابرۇيىنى تۆكتى.

قَدَحَ السُّوسُ فِي الْأَسْنَانِ: چىشنى قۇرت يېدى.

قَدَحَ النَّارَ مَنَ الزَّنْدِ: چاقماقتىن ئوت چىقاردى.

قَدَحَ ذِهْنُهُ فِي الْأَمْرِ: چوڭقۇر ئويلاندى.

قَدَحَ فِي شَهَادَةِ فُلَانٍ: پالانىنىڭ گۇۋاھلىقىنى يوققا

چىقاردى.

قَدَحَ فِي نَتَائِجِ الْإِنْتِخَابَاتِ: سايلام نەتىجىسىنى ساختا، دەپ قارىدى.

تَقْدِحُ عَيْنُهُ شَرَرًا: كۆزىدىن ئوت چاقناپ تۇرىدۇ.

قَدْحٌ: ئەيىبلىمەك، تاپا قىلماق، چىشقا چۈشكەن قۇرت.

﴿فَالْمُورِيَاتِ قَدْحًا﴾ «قرآن»: (قاتتىق يۈگۈرگەنلىكتىن) تۇۋاقلىرىدىن ئوت چىقارغۇچى ئاتلار بىلەن قەسەمكى....

قِدْحٌ ج قِدَاحٌ و أَقْدَاحٌ: تۇمار، تىلسىم.

الْقِدْحُ الْمُعَلَّى: زور نېسۋە، چوڭ ھەسسە، بىرىنچى، بىرىنچىلىك.

ذُو الْقِدْحِ الْمعلَّى: زور نېسۋە ئىگىسى.

قِدْحٌ ج أَقْدَاحٌ: رەممال، پالچى؛ پەيسىز يا ئوقى.

صَدَقَهُمْ وَسْمَ قِدْحِهِ: ئۇلارغا ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى دېدى.

قَدَحٌ ج أَقْدَاحٌ: ئىستاكان، پىيالە، قاچا، قەدەھ.

قَدَّ يَقُدّ قَدًّا: ئۇزۇپ تاشلىدى، كېسىپ تاشلىدى، تىلدى، ياردى.

قَدَّ الْكَلامَ: گەپنى ئۈزۈۋەتتى.

قَدَّ الثَّوْبَ: كىيىمنى يىرتىۋەتتى.

﴿وَقَدَّتْ قَمِيْصَهُ مِنْ دُبُرٍ﴾ «قرآن»: (بۇ چاغدا) ئۇ (يەنى زۇلەيخا) يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنى ئارقىسىدىن (تارتىپ) يىرتىۋەتتى.

قُدَّ قَلْبُهُ مِنْ حَجَرٍ: تاش يۈرەك بولۇپ كەتتى.

قُدَّ الشَّخْصُ: قورسىقى ئاغرىپ قالدى.

قَدٌّ ج قُدُودٌ وَ أَقَدٌّ وَ قِدَّادٌ وَ أَقِدَّةٌ: بوي، قامەت، قەددى؛ مىقدار؛ نومۇر.

هَذَا عَلَى قَدِّ ذَالِكَ: بۇ شۇنىڭچىلىك كېلىدۇ.

لِهَذِهِ الْمَرْأَةِ قَدٌّ وَسَطٌ: بۇ ئوتتۇرا بوي ئايال.

قَدٌّ رَشِيْقٌ: غۇنچە بوي.

قِدٌّ ج أَقُدٌّ: تاسما، كەمەر.

قَطَعَ قِدَّهُ: كەمىرىنى ئۈزۈۋەتتى.

قُدٌّ: تىرىپسكا بېلىقى، كىت.

قَدَّاحٌ: چاقماق.

قَدَّاحَةٌ ج قَدَّاحَاتٌ: چاقماق؛ پولات تاختاي، چاقماق تېشى.

قُدَّاسٌ ج قَدَادِيْسٌ: مىسا (كاتولىك دىنىنىڭ بىر خىل مۇراسىمى).

قُدَّاسُ الْمَيِّتِ: تەزىيە بىلدۈرۈش، ماتەم تۇتۇش.

بَدْلَةُ الْقُدَّاسِ: يەكسىز تون.

قُدَّاسَاتٌ: مىسا (كاتولىك دىنىنىڭ بىر خىل دىنىي مۇراسىمى).

قُدَّامٌ: ئالدى، ئالدى تەرەپ؛ بۇرۇن، ئاۋۋال.

أَوْقَفَ السَّيَّارَةَ قُدَّامَ الدَّارِ: ماشىنىسىنى هويلا ئالدىدا توختىتىپ قويدى.

قِدَّةٌ ج قِدَدٌ وَ أَقِدَّةٌ: تاختاي پارچىسى؛ بىر بۆلۈك، بىر تۈركۈم.

﴿كُنَّا طَرَائِقَ قِدَدًا﴾ «قرآن»: بىز تۈرلۈك يوللارغا بۆلۈنىدۇق.

قَدَّحَ يُقَدِّحُ تَقْدِيْحًا الْفَرَسَ: ئاتنى ئورۇقلىتىۋەتتى.

قَدَّدَ يُقَدِّدُ تَقْدِيْدًا: ئۈزۈۋەتتى، كېسىۋەتتى، پىچتى، توغرىدى.

قَدَّدَ اللَّحْمَ: گۆشنى ئىسلىدى، قاقلىدى.

قَـدَّرَ يُقَـدِّرُ تَقْـدِيْرًا الـشَّيْءَ بِالـشَّيْءِ: سېلىشتۇردى، تەڭلەشتۈردى.

قَدَّرَ الثَّمَنَ: باھالىدى، باھا قويدى.

﴿وَالَّذِي قَدَّرَ فَهَدَى﴾ «قرآن»: مەخلۇقاتقا پايدىلىق ئىشلارنى (تەقدىر قىلدى، ئۇلارغا پايدىلىنىش يوللىرىنى) كۆرسەتتى.

قَدَّرَ مساحَةَ الْأَرْضِ: زېمىننىڭ كۆلىمىنى ئۆلچىدى.

قَدَّرَ حَقَّ قَدْرِهِ: ئۇنى ھەقىقىي رەۋىشتە باھالىدى.

قَدَّرَ مَدَى الْخَسَائِرِ: زىياننى مۆلچەرلىدى.

قَدَّرَ التِّلْمِيْذُ مُعَلِّمَهُ: شاگىرت ئوقۇتقۇچىسىنى

هۆرمەتلىدى.

قَدَّرَ اللهُ الْأَمْرَ: ئاللاھ ھۆكۈم قىلدى، ئاللاھ تەقدىر قىلدى.

لَاقَدَّرَ اللهُ لَكَ الشَّرَّ: ئاللاھ ساڭا يامانلىقنى يولاتمىسۇن.

قَدَّسَ يُقَدِّسُ تَقْدِيْسًا: مۇقەددەس دەپ ئېتىقاد قىلدى.

قَدَّسَهُ: ھۆرمەتلىدى، ئۇلۇغلىدى، مەدھىيىلىدى.

قَدَّسَ الشَّيْءَ: نەرسىنى تەقدىم قىلدى.

وَنَحْنُ نُسَبِّحُ بِحَمْدِكَ وَنُقَدِّسُ لَكَ: بىز بولساق سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز.

قَدَّسَ اللهُ سِرَّهُ: ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن.

قَدَّسَ الشَّخْصُ: بەيتۇلمۇقەددەسنى زىيارەت قىلدى.

قَدَّمَ يُقَدِّمُ تَقْدِيْمًا: ئالدىغا سۈردى، ئىلگىرىلەتتى.

قَدَّمَ الْكِتَابَ: كىتابقا مۇقەددىمە يازدى، كىرىش سۆز يازدى.

﴿يُنَبَّأُ الْإِنْسَانُ يَوْمَئِذٍ بِمَا قَدَّمَ وَأَخَّرَ﴾ «قرآن»: بۇ كۈندە ئىنسانغا ئىلگىرى-ئاخىر قىلغان ئەمەللىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ.

قَدَّمَهُ: ئۇنى ئوتتۇرىغا قويدى، تەكلىپ بەردى؛ راۋاجلاندۇردى، تەرەققىي قىلدۇردى؛ ئۇنىڭغا سوۋغا تەقدىم قىلدى.

قَدَّمَ لَهُ: ئۇنى ئۇلۇغلىدى.

قَدَّمَ يَمِيْنًا: قەسەم بەردى.

قَدَّمَ مُرَشَّحًا: نامزات قىلىپ كۆرسەتتى.

قَدَّمَ خِدْمَةً: خىزمەت كۆرسەتتى، تۆھپە قوشتى.

قَدَّمَ فُلَانًا لِلْمُحَاكَمَةِ: پالانىنى سوتقا تاپشۇردى.

قَدَّمَ التَّهَانِيَ: تەبرىكلىدى، قۇتلۇقلىدى.

قَدَّمَ لَهُ التَّحِيَّةَ: ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈردى.

كَمَا قَدَّمْنَاهُ سَابِقًا: يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك.

قَدَّمَهُ عَلَى سِوَاهُ: ئۇنى باشقىلاردىن ئۈستۈن كۆردى.

قَدَّمَ ثَمَنًا: باھا قويدى.

قَدَّمَ الثَّمَنَ: پۇلنى ئالدىن تۆلىدى.

قَدَّمَ اسْتِقَالَتَهُ: ئىستىپا بەردى.

قَدَّمَتِ السَّاعَةُ: سائەت ئىلگىرىلەپ كەتتى.

يُقَدِّمُ رِجْلًا وَيُؤَخِّرُ أُخْرَى: ئارىسالدى بولدى، ئىككىلىنىپ قالدى.

قَدَّمَ أَبَاهُ: ئارقىسىنى ئالدىغا ئۆتكۈزدى.

قَدَّمَ لَهُ خِدْمَاتٍ جَلِيْلَةً: چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى.

قَدَّمَ لَهُ أُسْتَاذَهُ: ئۇستازىنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى.

قَدَّمَ نَفْسَهُ إِلَى الشُّرْطَةِ: ئۆزىنى ساقچىغا تاپشۇردى.

«قَدَّمَ السَّفِيْرُ أَوْرَاقَ إِعْتِمَادِهِ»: كونسۇل دۆلەت خېتى تاپشۇردى.

لَايُقَدِّمُ وَلَايُؤَخِّرُ: پايدىسىمۇ يوق، زىيىنىمۇ يوق.

قُدُّوسٌ: پاك، مۇقەددەس.

الْقُدُّوسُ: ھەممە ئەيىب نۇقسانلاردىن پاك ئۇلۇغ ئاللاھ.

﴿لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْمَلِكُ الْقُدُّوسُ﴾ «قرآن»: ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد يوقتۇر، ئۇ پادىشاھتۇر، پاكتۇر...

قِدِّيْسٌ: ۋەلىي، ئەۋلىيا (ناسارالارنىڭ قارىشىدا گۇناھلاردىن پاك ھالدا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا راۋان بولغان خىرىستىيان)

قَدَرَ يَقْدِرُ قَدْرًا الشَّيْءَ: نەرسىنى تەخمىن قىلدى، مۆلچەرلىدى.

قَدَرَ ثَمَنَ الْبِضَاعَةِ: مالنىڭ پۇلىنى مۆلچەرلىدى.

قَدَرَ الْأَمْرَ: ئىشنى پىلانلىدى.

قَدَرَ اللهُ الرِّزْقَ: ئاللاھ رىزقىنى تار قىلدى.

«وَأَمَّا إِذَا مَا ابْتَلَاهُ فَقَدَرَ عَلَيْهِ رِزْقَهُ» «قرآن»: پەرۋەردىگارى ئىنسانىنى سىناپ رىزقىنى تار قىلسا...

قَدَرَ الشَّيْءَ حَقَّ قَدْرِهِ: تېگىشلىك رەۋىشتە قەدىرىگە يەتمىدى.

﴿وَمَا قَدَرُوا اللهَ حَقَّ قَدْرِهِ﴾ «قۇرئان»: ئۇلار ئاللاھنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى.

قَدَرَ يَقْدِرُ قَدَارَةً عَلَى الشَّيْءِ: كۈچى يەتتى، قادىر بولدى، قىلالىدى.

قَدَرَ عَلَى الصُّعُودِ إِلَى الْجَبَلِ: تاغقا چىقالىدى.

قَدْرٌ ج أَقْدَارٌ: مىقدار؛ دەرىجە؛ سەۋىيە؛ قىممەت، باھا؛ ئورۇن، مەرتىۋە.

لَيْلَةُ الْقَدْرِ: شەبى قەدىر كېچىسى.

﴿لَيْلَةُ الْقَدْرِ خَيْرٌ مِنْ أَلْفِ شَهْرٍ﴾ «قۇرئان»: شەبى قەدىر (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر.

عَلَى قَدْرِ الْحَاجَةِ: ئېھتىياجقا ئاساسەن.

عَلَى قَدْرِ الطَّاقَةِ: كۈچىنىڭ يېتىشىچە، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە.

رَجُلٌ رَفِيعُ الْقَدْرِ بَيْنَ قَوْمِهِ: قوۋمى ئارىسىدا ھۆرمەتلىك ئادەم.

هُمْ قَدْرَ مِائَةٍ: ئۇلار يۈز ئەتراپىدا.

«رَجُلٌ عَلَى قَدْرٍ كَبِيرٍ مِنَ الذَّكَاءِ»: ناھايىتى ھوشيار ئادەم.

«يَقُومُ بِجُهْدِهِ قَدْرَ الْمُسْتَطَاعِ»: كۈچىنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

«بِقَدْرِ مَايَجْتَهِدُ الطَّالِبُ يُكَافَأُ»: ئوقۇغۇچى تىرىشچانلىقىغا قاراپ مۇكاپاتلىنىدۇ.

قَدَرٌ ج أَقْدَارٌ: تەقدىر، قىسمەت، مىقدار، ئۆلچەم.

بِالْقَضَاءِ وَالْقَدَرِ: قازا ۋە قەدەر بىلەن، ئاللاھنىڭ رىزاسى بىلەن.

«سَاقَهُ قَدَرُهُ الْمَحْتُومُ إِلَى هَذَا الْمَكَانِ»: ئۇنىڭ تەقدىرى ئۇنى بۇ جايغا سۆرەپ كەلدى.

﴿وَأَنْزَلْنَا مِنَ السَّمَاءِ مَاءً بِقَدَرٍ﴾ «قۇرئان»: بىز بۇلۇتتىن ھاجەتكە قاراپ يامغۇر ياغدۇردۇق.

﴿إِنَّا كُلَّ شَيْءٍ خَلَقْنَاهُ بِقَدَرٍ﴾ «قۇرئان»: بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق.

قِدْرٌ ج قُدُورٌ: قازان.

﴿وَجِفَانٍ كَالْجَوَابِ، وَقُدُورٍ رَاسِيَاتٍ﴾ «قۇرئان»: (ئۇلار سۇلەيمانغا) كۆلدەك چوڭ لېگەنلەرنى، (چوڭلۇقتىن) مىدىرلىمايدىغان قازانلارنى ياسايتتى.

الْقِدْرُ الْكَاتِمَةُ: بېسىملىق قازان.

قَدْرَةٌ: ساپال قاچا.

قُدْرَةٌ: كۈچ، قۇۋۋەت، قابىلىيەت، ئىقتىدار.

قُدْرَةُ اللهِ: ئاللاھنىڭ قۇدرىتى.

مَصْنَعٌ قُدْرَتُهُ كَذَا: زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى مۇنداق.

أَظْهَرَ قُدْرَةً عَلَى الْبَحْثِ: تەتقىقات كۈچىنى كۆرسەتتى.

قَدَرِيٌّ: تەقدىرنى ئىنكار قىلغۇچى، تەقدىرگە ئىشەنمىگۈچى؛ ئۆزى ئىش-ھەرىكىتىنى ئۆز خاھىشى بويىچە مەيدانغا چىقىدۇ، دەپ قارايدىغان ئادەم.

قَدَرِيَّةٌ: قەدەرىيە مەزھىپى (تەقدىرنى ئىنكار قىلىدىغان مەزھەپ).

قَدُسَ يَقْدُسُ قَدَاسَةً الشَّخْصُ: پاك بولدى، مۇقەددەس بولدى.

قَدُسَ الْمَكَانُ: جاي پاك بولدى.

قُدْسٌ: نېمەت، بەخت، باخشىلىق، بەرىكەت.

اَلْقُدْسُ: ئېروسالىم، مۇقەددەس جاي، بەيتۇلمۇقەددەس.

قُدُسٌ: پاكلىق، بەرىكەت.

رُوحُ الْقُدُسِ: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام.

﴿وَآتَيْنَا عِيسَى بْنَ مَرْيَمَ الْبَيِّنَاتِ وَأَيَّدْنَاهُ بِرُوحِ الْقُدُسِ﴾ «قۇرئان»: مەريەم ئوغلى ئىساغا روشەن

مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدۇق، ئۇنى روھۇل قۇددۇس (يەنى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام) بىلەن كۈچلەندۈردۇق.

قُدْسِيٌّ: پاك، مۇبارەك، پاكلىققا مەنسۇپ.

حَدِيْثٌ قُدْسِيٌّ: لەپزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، مەنىسى ئاللاھدىن بولغان ھەدىس.

قُدْسِيَّةٌ: مۇقەددەس.

قَدَعَ يَقْدَعُ قَدْعًا فَرَسَهُ بِاللِّجَامِ: ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى.

قَدَعَ الْخَمْسِيْنَ مِنْ عُمْرِهِ: ئەللىك ياشتىن ھالقىدى.

قَدَعَ مِنَ الشَّرَابِ: شارابنى يۇتۇملاپ، يۇتۇملاپ ئىچتى.

قَدِعَ يَقْدَعُ قَدَعًا الرَّجُلُ: ۋاز كەچتى.

قَدِعٌ: يىغلاڭغۇ، دائىم يىغلايدىغان.

قَدَفَ يَقْدِفُ قَدفًا الْمَاءَ: سۇنى ئۇچۇملاپ ئالدى.

قَدِمَ يَقْدَمُ قُدُومًا وَ مقدمًا وَ قدْمَانًا الْمَدِيْنَةَ: شەھەرگە قەدەم قويدى، يېتىپ كەلدى.

قَدِمَ مِنْ سَفَرِهِ: سەپەردىن قايتىپ كەلدى.

قَدِمَ إِلَى الْأَمْرِ: ئۇنى كۆزلىدى، كۆڭلىگە پۈكتى.

﴿وَقَدِمْنَاهُ إِلَى مَا عَمِلُوا مِنْ عَمَلٍ فَجَعَلْنَاهُ هَبَاءً مَّنْثُورًا﴾ «قرآن»: بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز.

«أَنَّ رَسُولَ اللهِ كَانَ إِذَا قَدِمَ مِنْ سَفَرٍ بَدَأَ بِالْمَسْجِدِ فَرَكَعَ فِيْهِ رَكْعَتَيْنِ» «حديث»: رەسۇلۇللاھ سەپەردىن قايتقاندا، ئالدى بىلەن مەسجىدكە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى.

قَدِمَ عَلَى بِنَاءِ مَنْزِلٍ: ئۆي سېلىشقا يۈزلەندى.

قَدُمَ يَقْدُمُ قِدَمًا وَ قَدَامَةً: كونىرىدى، كونىراپ كەتتى.

قَدُمَ الثَّوْبُ: كىيىم كونىراپ كەتتى.

قَدُمَ بِهِ الْعَهْدُ: زامان ئۇزىراپ كەتتى.

قَدَمَ يَقْدُمُ قُدُومًا وَ قَدْمًا: ئالدىدا ماڭدى، ئالدىدا باشلاپ ماڭدى.

قَدَمَ عَلَى قِرْنِهِ: جۈرئەت قىلدى.

﴿يَقْدُمُ قَوْمَهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَأَوْرَدَهُمُ النَّارَ﴾ «قرآن»: پىرئەۋن قىيامەت كۈنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆز قوۋمىنى دوزاخقا باشلاپ كىرىدۇ.

قَدَمٌ ج أَقْدَامٌ: پۇت، قەدەم.

عَلَى قَدَمٍ وَسَاقٍ: جىددىي ئېلىپ بېرىلماقتا.

عَلَى قَدَمِ الْمُسَاوَاةِ: باراۋەر ئاساسىدا.

﴿فَتَزِلَّ قَدَمٌ بَعْدَ ثُبُوتِهَا﴾ «قرآن»: قەدىمىڭلار (ئىسلام دىنىدا) ئىزچىل بولغاندىن كېيىن...

وَقَفَ عَلَى قَدَمِ الْإِسْتِعْدَادِ: ئۇ پۇختا تەييارلاندى.

لَهُ قَدَمٌ رَاسِخَةٌ فِي الطِّبِّ: ئۇ پىششىق يېتىلگەن دوختۇر.

ذُو قَدَمٍ: قەيسەر، شىجائەتلىك، جەسۇر.

عَلَى الْأَقْدَامِ: پىيادە.

كُرَةُ الْقَدَمِ: پۇتبول.

زَلَّتْ بِهِ الْقَدَمُ: خاتالاشتى.

لَيْسَ لَهُ قَدَمٌ فِي كَذَا: بۇنىڭدا ئۇنىڭ نېسىۋىسى يوق.

سَمِعَ وَطْءَ أَقْدَامٍ: قەدەم تاۋۇشىنى ئاڭلىدى.

قِدَمٌ: كونا، قەدىمي.

مُنْذُ الْقِدَمِ: قەدىمدىن تارتىپ، ئەزەلدىن بېرى.

قِدَمُ اللهِ تَعَالَى: ئاللاھتائالانىڭ ئەزەلىيلىكى.

قُدْمٌ، قُدُمٌ: باتۇر، جۈرئەتلىك؛ ئالغا ئىلگىرىلىگۈچى.

مَضَى قُدُمًا: ئالغا ئىلگىرىلىدى.

قِدْمٌ. قُدْمَةٌ: قەدىمكى دەۋر، قەدىمكى زامان.

قُدْمَةُ الْغَنَمِ: سەركە.

الْقُدَمِيَّةُ: غادىيىۋالماق، گىدىيىۋالماق.

مَشَى الْقُدَمِيَّةَ: غادىيىپ ماڭدى.

قُدْوَةٌ ج قُدْوَاتٌ: ئەمۇنە، ئۈلگە.

لِيْ بِكَ قُدْوَةٌ: سەن مېنىڭ ئۈلگەم.

قُدُومٌ: كەلمەك، يېتىپ كەلمەك، ھازىر بولماق، قەدەم كەلتۈرمەك.

قَدُومٌ ج قُدُمٌ: چوت، كەكە، پالتا.

قَدُومٌ ج قُدُمٌ: جۈرئەتلىك، قەيسەر، باتۇر.

قَدِيَ يَقْدَى قَدًى وَ قَدَاةً الطَّعَامُ: تاماق مەززىلىك بولدى، تەملىك بولدى.

قَدٍ: مەززىلىك تەملىك.

قِدْيَةٌ: ئەمۇنە، ئۈلگە.

قُدَيْحٌ: گۈل قاچىسى.

قَدِيدٌ: قاقلانغان گۆش، قۇرۇتۇلغان گۆش؛ بوجا گۆش؛ جەندە.

«إِنِّي وَلَدُ إِمْرَأَةٍ كَانَتْ تَأْكُلُ الْقَدِيدَ» ‹حديث›: مەن قۇرۇتۇلغان گۆش يەپ چوڭ بولغان ئايالنىڭ بالىسى.

قَدِيرٌ: قۇدرەتلىك، كۈچلۈك، قابىلىيەتلىك.

اَلْقَدِيرُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، قۇدرەتلىك ئاللاھ دېگەن مەنىدە.

﴿وَهُوَ الْعَلِيمُ الْقَدِيرُ﴾ ‹قرآن›: ئۇ ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممىگە قادىردۇر.

قَدِيمٌ ج قُدَمَاءُ وَ قُدَامَى م قَدِيمَةٌ ج قَدِيمَاتٌ وَ قَدَائِمُ: كونا، قەدىم، قەدىمكى، ئىلگىرىكى، بۇرۇنقى.

﴿هَذَا إِفْكٌ قَدِيمٌ﴾ ‹قرآن›: بۇ قەدىمكى ئۇيدۇرمىدۇر.

اَلْقَدِيمُ: ئىپتىداسى يوق ئەزەلى ئاللاھ.

اَلْعَهْدُ الْقَدِيمُ: تەۋرات.

أُسْتَاذٌ قَدِيمٌ: كونا ئۇستاز، پېشقەدەم ئۇستاز.

ثَوْبٌ قَدِيمٌ: كونا چاپان.

فِي الْقَدِيمِ: ئەزەلدە.

قُدَمَاءُ الْمُحَارِبِيْنَ: كونا جەڭچىلەر.

قَدِيٌّ: مەززىلىك، تەملىك.

قَذَارَةٌ: پاسكىنىلىق.

«وَالْقَذَارَةُ مَصْدَرُ أَمْرَاضٍ عَدِيْدَةٍ»: پاسكىنىلىق كۆپلىگەن كېسەللىكلەرنىڭ مەنبەسى.

قَذَالٌ ج قُذُلٌ وَ أَقْذِلَةٌ: ئارقا چوققا مېڭە، دوقا، گەجگە.

قَذَالِيٌّ: گەجگە سۆڭىكىنىڭ.

قُذَامٌ: كەڭ.

بِئْرٌ قُذَامٌ: سۈيى كۆپ قۇدۇق.

قَذَّ يَقُذُّ قَذًّا الرِّيْشَةَ: قانىتىنى قىرقىدى.

قَذَّهُ: كەستى، ئۈزۈۋەتتى، ياسىدى.

قَذَّ فُلَانًا: گەردىنىگە ئۇردى.

قَذَّ الْحَجَرَ: تاش ئاتتى.

قُذَّانٌ: ئىككى چېكىدىكى ئاق چاچ.

قَذَّرَ يُقَذِّرُ تَقْذِيرًا الشَّيْءَ: نەرسىنى پاسكىنا قىلىۋەتتى، مەينەت قىلىۋەتتى.

قَذَّرَ الشَّارِعَ: كوچىنى بۇلغىۋەتتى.

قَذُرَ يَقْذُرُ قَذَارَةً: پاسكىنا بولدى، مەينەت بولدى.

قَذِرَ يَقْذَرُ قَذَرًا: پاسكىنا بولدى، مەينەت بولدى؛ پاسكىنا قىلىۋەتتى، مەينەت قىلىۋەتتى.

قَذَرَ يَقْذُرُ قَذْرًا: مەينەت قىلىۋەتتى، پاسكىنا قىلىۋەتتى.

قَذَرٌ ج أَقْذَارٌ: مەينەت، پاسكىنا، كىر، توكۇرا؛ پاسكىنىچىلىق، مەينەتچىلىك.

قَذَرُ الرَّضِيعِ: بوۋاقنىڭ ئارقا تەرىتى.

قَذِرٌ، قَذِرَةٌ: پاسكىنا، مەينەت، كىر.

«لَوْلَا الْكَنَّاسُونَ لَصَارَتِ الشَّوَارِعُ قَذِرَةً»: كوچا تازىلىغۇچىلار بولمىسا كوچىلار ئەلۋەتتە پاسكىنىلىشىپ كېتەتتى.

قَذَعَ يَقْذَعُ قَذْعًا فُلَانًا: پالانىنى ھاقارەت قىلدى، ئاھانەت قىلدى، دەشنام بەردى.

قَذُعَ يَقْذُعُ قَذَاعَةً الشَّخْصُ: ئېغىزى يامان بولدى.

قَذُعَ لِسَانُهُ فَكَرِهَهُ النَّاسُ: ئۇنىڭ ئېغىزى يامان بولغانلىقتىن كىشىلەر ئۇنى ياقتۇرمىدى.

قَذِعٌ: يامان گەپ قىلغۇچى، سەت گەپ قىلغۇچى.

قَذَفَ يَقْذِفُ قَذْفًا: ئېتىۋەتتى، تاشلىۋەتتى؛ قۇسۇۋەتتى، ياندۇرۇۋەتتى.

قَذَفَ الرَّجُلَ: كىشىگە بوھتان قىلدى، بوھتان چاپلىدى.

قَذَفَ فِي قَلْبِهِ الرّعْبَ: ئۇنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە سالدى.

﴿وَقَذَفَ فِي قُلُوبِهِمِ الرّعْبَ﴾ «قرآن»: ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالدى.

قَذَفَهُ بِالْحِجَارَةِ: ئۇنىڭغا تاش ئاتتى.

قَذَفَ الْقَنَابِلَ: بومبا تاشلىدى.

قَذَفَ الْمُحْصَنَةَ: ئىپپەتلىك ئايالغا بوھتان چاپلىدى.

قَذْفٌ: ئاتماق، تاشلىماق، چىقارماق، سۆكمەك، دەشنام بەرمەك، بوھتان چاپلىماق.

قَذْفٌ عَلَنِيٌّ: تۆھمەتلىك ماقالە.

قَذْفِيٌّ: بوھتاننىڭ، بوھتان چاپلىغۇچى، تۆھمەتخور.

قَذَلَ يَقْذُلُ قَذْلًا: بوھتان چاپلىدى، تۆھمەت قىلدى، ئەيىبلىدى، كەمسىتتى.

قَذَلٌ: ئەيىب، نۇقسان، قۇسۇر.

قَذَمَ يَقْذِمُ قَذْمًا مِنَ الْعَطَاءِ: كۆپ بەردى، مەردلىك بىلەن بەردى.

قُذْمَةٌ ج قُذَمٌ مِنَ الْمَاءِ: بىر يۇتۇم سۇ.

قَذُورَاتٌ: پاسكىنا نەرسىلەر، كىرەكسىز نەرسىلەر.

قَذِيَ يَقْذَى قَذًى وَ قَذْيًا وَ قَذَيَانًا عَيْنُهُ: كۆزىگە توپا كىردى.

قَذًى ج أَقْذِيَةٌ وَ قُذِيٌّ وَ أَقْذَاءٌ: چاڭ-توزان.

غَمَصَ جُفُونُهُ عَلَى الْقَذَى: زۇلۇمغا چىدىدى.

قَذِيفَةٌ ج قَذَائِفُ: توپ ئوقى، مىلتىق ئوقى، بومبا.

قَذِيفَةٌ يَدَوِيَّةٌ: قول بومبىسى، گىرانات.

قَذَائِفُ مُوَجَّهَةٌ: باشقۇرۇلىدىغان بومبا.

«الْقَذَائِفُ الْمُوَجَّهَةُ الْعَابِرَةُ لِلْقَارَّاتِ»: قىتئەلەر ئارا باشقۇرۇلىدىغان بومبا.

قَرَا يَقْرُو قَرْوًا: باردى، كەتتى، نىشانلىدى.

قَرًا ج أَقْرَاءٌ وَ أَقْرُؤٌ وَ قُرُوءٌ: دۈمبە.

قِرَاءَةٌ ج قِرَاءَاتٌ: ئوقۇماق، ئوقۇش، تىلاۋەت قىلماق، قىرائەت قىلماق.

قِرَاءَةُ الْبَخْتِ: پال باقماق.

الْقِرَاءَةُ وَالْكِتَابَةُ: ئوقۇش ۋە يېزىش.

قِرَاءَةٌ جَهْرِيَّةٌ: ئاشكارا ئوقۇماق.

قِرَاءَةٌ صَامِتَةٌ: ئاۋازسىز، ئىچىدە ئوقۇش.

الْقِرَاءَاتُ السَّبْعُ: يەتتە قىرائەت.

قِرَابٌ ج قُرُبٌ وَ أَقْرِبَةٌ: غىلاپ، چامادان.

قَرَابَةٌ: تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت.

قَرَابَةُ رَحْمٍ: قان قېرىنداش، ئانا جەمەت.

قَرَابَةُ عَصَبٍ: ئاتا جەمەت تۇغقان.

قَرَابَةُ الْحَوَاشِي: شىرەم تۇغقان.

صِلَةُ قَرَابَةٍ: ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتى.

قُرَابَةٌ: ئەتراپىدا، ئۆپچۆرىسىدە، تەخمىنەن.

قُرَابَةُ مِائَةِ سَنَةٍ: يۈز يىل ئەتراپىدا.

قَرَاحٌ ج أَقْرِحَةٌ: ساپ، پاكىز.

قَرَاحٌ مِنَ الْأَرْضِ: مەخسۇس تېرىلغۇ يەر.

قُرَادٌ. قُرَادَةٌ ج قُرَادَاتٌ: ياپىلاق پىت، كانا.

قَرَارٌ ج قَرَارَاتٌ: تېگى، ئاساسى، تەكتى؛ ئەڭ چوڭقۇر جايى؛ خاتىرجەم، خاتىرجەملىك، تۇراقلىق، مۇقىم، تۇرار جاي، ئۆي-جاي؛ قارار.

قَرَارٌ تَمْهِيدِيٌّ: دەسلەپكى قارار، سۇ يىغلىپ قالىدىغان ئورەك.

دَارُ الْقَرَارِ: ئاخىرەت، ئۇ دۇنيا.

﴿وَجَعَلْنَا ابْنَ مَرْيَمَ وَأُمَّهُ آيَةً وَآوَيْنَاهُمَا إِلَى رَبْوَةٍ ذَاتِ

قَرَارٍ وَمَعِيْنٍ ﴾ «قرآن»: بىز مەريەمنىڭ ئوغلىنى ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى (كامالى قۇدرىتىمىزنىڭ) دەلىلى قىلدۇق. ئۇلنى تۈپتۈز، ئېقىن سۇلۇق بىر ئېگىز جايغا ئورۇنلاشتۇردۇق.

قَرَارٌ وِزَارِيٌّ: مىنىستىرلىقنىڭ قارارى.

قَرَارَةٌ: چوڭقۇر، تېرەن، ئىچكىرى.

فِيْ قَرَارَةِ نَفْسِهِ: چوڭقۇر، قەلبىدە.

قَرَارِيطُ: تەمرى ھىندى ئۇرۇقى.

قُرَاضَةٌ: نەرسىنىڭ پارچىسى، بۆلۈكى.

قُرَاضَةُ الذَّهَبِ: ئالتۇننىڭ قىرىندىسى.

قَرَافَةٌ ج قَرَافَاتٌ: قەبرىستان، تۇپراق بېشى.

قِرَانٌ: توي قىلماق، ئۆيلەنمەك؛ ھەج پەرز بىلەن ئۆمرە ھەجنى بىرلەشتۈرمەك.

قُرْآنٌ: ئوقۇماق، ئوقۇش، قىرائەت قىلماق، تىلاۋەت قىلماق.

اَلْقُرْآنُ: قۇرئان كەرىم.

﴿إِنَّا أَنْزَلْنَاهُ قُرْآنًا عَرَبِيًّا لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ ﴾ «قرآن»: شۇبھىسىزكى، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ، ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلىپ نازىل قىلدۇق.

قُرْآنِيٌّ: قۇرئان كەرىمگە ئائىت.

مَدْرَسَةٌ قُرْآنِيَّةٌ: قۇرئان يادلىتىدىغان مەكتەپ.

قَرَأَ يَقْرَأُ قَرْأً وَ قِرَاءَةً: ئوقۇدى، قىرائەت قىلدى، تىلاۋەت قىلدى.

﴿فَإِذَا قَرَأْتَ الْقُرْآنَ فَاسْتَعِذْ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ ﴾ «قرآن»: سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتاننىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن.

قَرَأَ عَلَيْهِ السَّلَامَ: سالامنى يەتكۈزدى.

قَرَأَ الْغَيْبَ: كاھىنلىق قىلدى.

قُرْءٌ ج أَقْرَاءٌ وَ قُرُوءٌ: ۋاقىت، مەزگىل؛ ھەيز، قاپىيە؛ پاكلىق.

أَقْرَاءُ الشِّعْرِ: شېئىرنىڭ رىتىمى، شېئىرنىڭ ۋەزنى.

﴿وَالْمُطَلَّقَاتُ يَتَرَبَّصْنَ بِأَنْفُسِهِنَّ ثَلَاثَةَ قُرُوءٍ ﴾ «قرآن»: تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە ئىددەت تۇتىدۇ.

قَرَبَ يَقْرُبُ قَرْبًا السَّيْفَ: قىلىچنى غىلاپقا سالدى.

قَرُبَ يَقْرُبُ قُرْبًا: يېقىنلاشتى، يېقىن بولدى.

قَرُبَ يَقْرُبُ قَرَابَةً وَ قُرْبَى الشَّخْصَانِ: ئىككىسى تۇغقان بولدى.

قَرِبَ يَقْرَبُ قَرْبًا وَ قَرُبَ يَقْرُبُ قُرْبًا وَ قُرْبَانًا: يېقىن بولدى، يېقىنلاشتى.

﴿لَاتَقْرَبَا هَذِهِ الشَّجَرَةَ ﴾ «قرآن»: بۇ دەرەختكە يېقىنلاشماڭلار.

قَرِبَ الرَّجُلُ الْمَرْأَةَ: ئەر كىشى ئايالغا يېقىن بولدى، ئايالغا يېقىنچىلىق قىلدى.

﴿وَلَا تَقْرَبُوهُنَّ حَتَّى يَطْهُرْنَ ﴾ «قرآن»: (ھەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار.

قُرْبٌ: يېقىنلىق، يېقىن بولماق.

قُرْبُ الْمَسَافَةِ: مۇساپە ئارىلىقى.

عَنْ قُرْبٍ: يېقىندىن.

مَرَّتِ السَّيَّارَةُ بِالْقُرْبِ مِنِّي: ماشىنا يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى.

قُرْبَانٌ ج قَرَابِيْنُ: قۇربانلىق.

﴿وَاتْلُ عَلَيْهِمْ نَبَأَ ابْنَيْ آدَمَ بِالْحَقِّ إِذْ قَرَّبَا قُرْبَانًا ﴾ «قرآن»: (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ھېكايىسىنى راستلىق بىلەن ئوقۇپ بەرگىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئىككىيلەن قۇربانلىق قىلغانىدى.

اَلْقُرْبَةُ ج قُرَبٌ وَ قُرُبَاتٌ: يېقىن، يېقىنلىق، ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ياخشى ئەمەل.

﴿أَلَا إِنَّهَا قُرْبَةٌ لَهُمْ سَيُدْخِلُهُمُ اللهُ فِيْ رَحْمَتِهِ ﴾ «قرآن»: ئۇلار بۇ ئارقىلىق راستىنلا ئاللاھقا بولغان يېقىنلىققا ئېرىشىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ

رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ.

قِرْبَةٌ ج قِرَبٌ: تۇلۇم.

قَيْنٌ ج أَقْيَانٌ وَ قُيُونٌ: تۆمۈرچى؛ قۇل.

قَيْنَةٌ ج قِيَانٌ: دېدەك، چۆرە؛ ناخشىچى ئايال؛ گىرىمچى ئايال.

قُيُودَاتٌ: ئەنزە، ئىش، ۋەقە، دىلو، ئارخىپ، تىزىملاش دەپتىرى.

قَلَمُ قُيُودَاتٍ: تىزىمغا ئالدۇرۇش ئورنى.

كَاتِبُ قُيُودَاتٍ: تىزىملىغۇچى، رويخەتكە ئالغۇچى.

قَيَّارٌ: قارىماي ياتقۇزغۇچى، قارىماي ئىگىسى.

قَيَّاسٌ ج قَيَّاسُونَ: ئۆلچىگۈچى، ئۆلچەش خادىمى.

قَيَّاسُ الْأَرَاضِي: يەر ئۆلچىگۈچى.

قَيَّافٌ: ئەگەشكۈچى، ئىز قوغلىغۇچى، پايلاقچى.

قَيَّالَةٌ: چۈش، چۈش ۋاقتى.

قَيَّامٌ: باشقۇرغۇچى، مەڭگۈ ھايات.

قَيَّأَ يُقَيِّئُ تَقْيِئَةً .هُ: قەي قىلدۇردى.

«قَيَّأَتِ الْأُمّ ابْنَهَا لِأَنَّهُ شَرِبَ سَائِلًا مُضِرًّا»: ئوغلى زىيانلىق ئىچىملىك ئىچكەنلىكى ئۈچۈن ئانىسى ئۇنى قەي قىلدۇردى.

قَيَّحَ يُقَيِّحُ تَقْيِيْحًا الْجُرْحُ: يارا يىرىڭداپ قالدى.

قَيَّدَ يُقَيِّدُ تَقْيِيْدًا الرَّجُلَ: كىشىنىڭ پۇتىغا كىشەن سالدى، چۈشىدى.

قَيَّدَ الشَّيْءَ فِي دَفْتَرٍ: نەرسىنى دەپتەرگە يازدى، تىزىملىدى.

«قَيَّدَ اسْمَهُ فِي قَائِمَةِ النَّاخِبِيْنَ»: ئۇ ئىسمىنى سايلىغۇچىلار تىزىملىكىگە تىزىملاتتى.

قَيَّدَ حُرِّيَّتَهُ: ئۇنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغدى.

قَيَّدَ أَفْكَارَهُ: پىكىرلىرىنى خاتىرىلىدى.

قَيَّدَ الْعَقْدَ بِشُرُوطٍ: بىرقانچە شەرتلەر بىلەن توختام تۈزدى.

قَيِّدٌ: ياۋاش، ئىتائەتچان، كۆنگەك.

قَيَّرَ يُقَيِّرُ تَقْيِيْرًا السَّفِيْنَةَ: كېمىگە قارىماي سۈركىدى.

قَيَّشَ يُقَيِّشُ تَقْيِيْشًا الْمُوسَى: ئۇستىرىنى بىلىدى، كاپلىدى.

قَيَّضَ يُقَيِّضُ تَقْيِيْضًا: تەيىنلىدى، بەلگىلىدى، بېكىتتى.

«قَيَّضَ اللهُ لَهُمْ حَاكِمًا عَادِلًا»: ئاللاھ ئۇلارغا ئادىل ھۆكۈمرانىنى بېكىتىپ بەردى.

﴿وَقَيَّضْنَا لَهُمْ قُرَنَاءَ﴾ ‹قرآن›: ئۇلارغا بىز (شەيتانلاردىن) دوستلارنى مۇسەللەت قىلدۇق.

«مَا أَكْرَمَ شَابٌّ شَيْخًا لِسِنِّهِ إِلَّا قَيَّضَ اللهُ لَهُ مِنْ يُكْرِمُهُ عِنْدَ سِنِّهِ» ‹حديث›: بىرەر ياش ياشانغان كىشىنى ھۆرمەتلەيدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا، ئۇ كىشىنىڭ يېشىغا بارغاندا ئۇنى ھۆرمەتلەيدىغان بىر كىشىنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىدۇ.

قَيِّظٌ: قاتتىق ئىسسىق، تومۇز.

قَيَّفَ يُقَيِّفُ تَقْيِيْفًا أَثَرَهُ: ئۇنىڭ ئىزىدىن ئەگەشتى، ئىزىغا چۈشتى.

قَيَّلَ يُقَيِّلُ تَقْيِيْلًا: ئۇنى ئۇخلاتتى.

«قَيَّلَهُ فِي مَنْزِلِهِ الصَّيْفِيِّ عَلَى شَاطِئِ الْبَحْرِ»: ئۇنى دېڭىز ساھىلىدىكى يازلىق داچىسىدا چۈشلۈك دەم ئالدۇردى.

قَيَّمَ يُقَيِّمُ تَقْيِيْمًا الشَّيْءَ: نەرسىنىڭ قىممىتىنى باھالىدى.

قَيِّمٌ: تۈز، رۇس؛ ۋەكىل، ھامىي، ۋەسىي، گۇماشتا.

**قَيِّمٌ عَلَى فُلَانٍ:** پالانىنىڭ قوغدىغۇچىسى.

**كُتُبٌ قَيِّمَةٌ:** قىممەتلىك كىتابلار.

﴿وَذَلِكَ دِيْنُ الْقَيِّمَةِ﴾ «قرآن»: ئەنە شۇ توغرا دىندۇر.

**قَيِّمٌ ج قَيِّمُونَ:** باشلىق، مەسئۇل.

**قَيِّمُ الْمَدْرَسَةِ:** مەكتەپ مۇدىرى.

**قَيِّمُ الْجَمَاعَةِ:** كوللېكتىپنىڭ مەسئۇلى.

**قَيَّنَ يُقَيِّنُ تَقْيِيْنًا غَيْرَهُ:** ياساندۇردى، بېزىدى، گىرىم قىلدى، پەردازلىدى.

**قَيُّومٌ:** باشقۇرغۇچى؛ مەڭگۈ هايات.

**الْقَيُّومُ:** ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە.

﴿اللهُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ﴾ «قرآن»: ئاللاھدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

# ك

ك ‹كـاف›: ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ 22 ـ ھەرپى بولۇپ، ئەبجەد ھېسابىدا «20» نى كۆرسىتىدۇ.

كَ: (ئەرلىك جىنسى كاتېگورىيىسىدىكى يەككە ئالماش) ساڭا، سېنىڭ دېگەنلەرگە ئوخشاش، مەسىلەن، «أُسَاعِدُكَ»: مەن ساڭا ياردەم قىلىمەن.

أَحْتَرِمُكَ: مەن سېنى ھۆرمەتلەيمەن.

كِتَابُكَ: سېنىڭ كىتابىڭ.

كَ (حَرْفُ جَرٍّ لِلتَّشْبِيهِ): ئوخشاشلىق قوشۇمچىسى بولۇپ، دەك، تەك، ئوخشاش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «زَيْدٌ كَالْأَسَدِ» زەيد يولۋاسقا ئوخشاش.

كَالْعَادَةِ: ئادەتتىكىدەك.

كَ: شۇنداق، شۇنىڭدەك دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. مەسىلەن، «كذالك» شۇنىڭدەك، شۇنىڭغا ئوخشاش.

كَمَا قَالَ: ئۇ ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە.

كَ (حَرْفُ جَرٍّ لِلتَّأْكِيدِ): تەكىتلەش مەنىسىدە كېلىدۇ.

﴿لَيْسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ﴾ ‹قرآن›: ھېچ شەيئى ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەستۇر.

﴿مَا وَدَّعَكَ رَبُّكَ وَمَا قَلَى﴾ ‹قرآن›: (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ سېنى تاشلىۋەتكىنىمۇ يوق، يامان كۆرۈپ قالغىنىمۇ يوق.

إِحْفَظِي دَرْسَكِ: دەرسىڭنى يادلا.

كَاءَ يَكُوْءُ كَوْأً عَنْهُ: قورقۇپ كەتتى، ئەيمەندى.

كَاءٌ . كَاءَةٌ: قورقۇنچاق.

كَابَ يَكُوبُ كَوْبًا الشَّخْصُ: (نەرسىنى) ئىستاكاندا ئىچتى.

كَابِحٌ ج كَوَابِحُ: بويسۇندۇرغۇچى، باستۇرغۇچى، تىنچىتقۇچى.

بِلَاكَابِحٍ: توسالغۇسىز، ھېچ توسالغۇغا ئۇچرىماي.

كَابَدَ يُكَابِدُ مُكَابَدَةً وَكِبَادًا: چىدىدى، بەرداشلىق بەردى.

كَابَدَ الْأَمْرَ: ئىشنىڭ قىيىنچىلىقىنى تارتتى.

كَابَدَ الْجُوْعَ: ئاشلىق ئازابىنى تارتتى.

كَابَدَ الْمُسَافِرُ اللَّيْلَ: قاراملىق بىلەن كېچىدە يول يۈردى.

كَابِدٌ: جاپاكەش، مۇشەققەت چەككۈچى، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغۇچى.

كَابَرَ يُكَابِرُ مُكَابَرَةً: كاجلىق قىلدى، قارشىلاشتى.

كَابَرَ فِي الْمَحْسُوسِ الْمُشَاهَدِ: ئوپئوچۇق نەرسىدىمۇ كاجلىق قىلدى.

كَابِرٌ: چوڭ، ئۇلغار، مەرتىۋىلىك.

هُوَ كَابِرُ قَوْمِهِ: ئۇ قوۋمىنىڭ چوڭى، ئاقساقىلى.

وَرِثَ الْمَجْدَ كَابِرًا عَنْ كَابِرٍ: شان-شەرەپ ئاتا-بوۋىسىدىن قالغان.

«يُرْجَعُ إِلَى الْكَابِرِ فِي شَتَّى الْأُمُورِ»: تۈرلۈك ئىشلاردا بوۋىغا مۇراجىئەت قىلىنىدۇ.

كَابَلَ يُكَابِلُ مُكَابَلَةً الدَّيْنَ: قەرزنى كېچىكتۈردى، ئارقىغا سوزدى.

كَابِلِيٌّ: پالىساندىر ياغىچى (بەزى تروپىك بەلۋاغ دەرەخلىرىنىڭ قاتتىق، قىممەت باھالىق ياغىچى).

كَابُوسٌ ج كَوَابِيسُ: قارا بېسىش، يامان چۈش.

كَابُولٌ ج كَوَابِلُ: تور (ئوۋچىنىڭ)، قىلتاق.

كَابٌ: نۇرسىز، رەڭسىز، خۇنۇك.

كَاتَبَ يُكَاتِبُ مُكَاتَبَةً: خەت ـ ئالاقە قىلىشىپ تۇردى.

كَاتَبَهُ مُدَّةً طَوِيلَةً: ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق مۇددەت خەت ـ ئالاقە قىلىشتى.

كَاتَبَ السَّيِّدُ عَبْدَهُ: خوجايىنى قۇلى بىلەن مۇئەييەن مىقداردا پۇل تۆلەش بەدىلىگە ئۇنى ئازاد قىلىش توختامى تۈزدى.

﴿فَكَاتِبُوهُمْ إِنْ عَلِمْتُمْ فِيهِمْ خَيْرًا﴾ «قرآن»: ئەگەر ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى بايقىساڭلار، توختام تۈزۈڭلار.

كَاتِبٌ ج كُتَّابٌ: ئاپتور، يازغۇچى، كۆچۈرگۈچى.

كَاتِبُ حِسَابَاتٍ: بوغالتىر.

﴿وَلْيَكْتُبْ بَيْنَكُمْ كَاتِبٌ بِالْعَدْلِ﴾ «قرآن»: ئاراڭلاردىكى خەت بىلىدىغان كىشى ئادىللىق بىلەن يازسۇن.

كَاتِبُ الْعُقُودِ الرَّسْمِيَّةِ: جامائەت گۇۋاھلىقى بېجىرگۈچى.

كَاتِبٌ عَلَى آلَةِ الْكَاتِبَةِ: خەت ئۇرغۇچى، ماشىنىست.

كَاتِبٌ قِصَصِيٌّ: ھېكايە، رومان يازغۇچى.

إِتِّحَادُ الْكُتَّابِ الْعَرَبِ: ئەرەب يازغۇچىلار بىرلەشمىسى.

كَاتِبٌ ج كَتَبَةٌ: سېكرېتار.

كَاتِبُ الْمَحْكَمَةِ: سوت كاتىپى.

رَئِيسُ الْكَتَبَةِ: باش كاتىپ.

كَاتِبَةٌ ج كَاتِبَاتٌ: ئايال يازغۇچى.

آلَةٌ كَاتِبَةٌ: خەت ئۇرۇش ماشىنىسى.

هِيَ مِنَ الْكَاتِبَاتِ الْمَشْهُورَةِ: ئۇ ئايال داڭلىق يازغۇچى.

كَاتَمَ يُكَاتِمُ مُكَاتَمَةً: يوشۇردى، سىر ساقلىدى.

كَاتَمَهُ الْعَدَاوَةَ: ئاداۋەت ساقلىدى، قورسىقىدا غۇم ساقلىدى.

كَاتِمٌ ج كَاتِمُونَ: يوشۇرغۇچى.

كَاتِمُ السِّرِّ: سىر ساقلىغۇچى، مەخپىيەتلىكنى ساقلىغۇچى؛ سېكرېتار.

مُسَدَّسٌ كَاتِمٌ لِلصَّوْتِ: ئاۋازسىز تاپانچا.

كَاثَرَ يُكَاثِرُ مُكَاثَرَةً: ئارتىپ كەتتى، ئېشىپ كەتتى، ھالقىپ كەتتى.

كَاثِمٌ: توم.

كَاثُولِيكِيٌّ ج كَاثُولِيكُ: كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى.

كَاحَ يَكُوحُ كَوْحًا الشَّيْءَ: كۆمدى، (سۇغا) چىلىدى.

كَاحٌ ج أَكْيَاحٌ: تاغ باغرى.

كَاحِبٌ: نۇرغۇن، كۆپ.

مَالٌ كَاحِبٌ: كۆپ مال.

كَاحِطٌ ج كَوَاحِطُ: قۇرغاق، قۇرغاق يىل.

كَاحِلٌ ج كَوَاحِلُ: بېغىش.

كَاحِلُ الْقَدَمِ: ئوشۇق.

كَاخِيَةٌ ج كَوَاخٍ: ۋالىينىڭ كاتىپى، سېكرېتار.

كَادَ يَكَادُ كَوْدًا وَ مَكَادًا وَ مَكَادَةً: ئازلا قالدى، يېقىن قالدى، تاس قالدى.

كَادَ أَنْ يَمُوتَ: ئۆلگىلى تاس قالدى.

﴿يَكَادُ الْبَرْقُ يَخْطَفُ أَبْصَارَهُمْ﴾ «قرآن»: چاقماق چاقىقاندا ئۇلار كۆزلىرىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالىدۇ.

كَادَ يَمُوتُ فِي الْحَادِثِ: ۋەقەدە ئۆلگىلى تاس قالدى.

«هَذَا الْمَوْضُوعُ لَايَكَادُ يَأْخُذُ مِنْ وَقْتِي شَيْئًا»: بۇ ماۋزۇ ئازراق ۋاقتىمنىمۇ ئالمايدۇ.

كِدْتُ أَنْسَاهَا: ئۇنتۇپ قالاي دەپ قالدىم.

كَادَ يَكُودُ كَوْدًا وَ مَكَادًا فُلَانًا عَنِ الشَّيْءِ: توسۇدى، چەكلىدى.

كَادَ بِنَفْسِهِ: جان پىدا قىلدى.

كَادَ يَكِيدُ كَيْدًا: ئالدىدى، ئالدامچىلىق قىلدى، هىيلە ئىشلەتتى، هىيلىگەرلىك قىلدى.

كَادَهُ: ئوغىسىنى قايناتتى.

كَادَ لَهُ: ئۇنىڭغا قەست قىلدى.

كَادَ لِعَدُوِّهِ: دۈشمىنىنى پەللىدى.

﴿إِنَّهُمْ يَكِيدُونَ كَيْدًا﴾ «قرآن»: ئۇلار ھەقىقەتەن ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىدۇ.

«فُلَانٌ يَكِيدُ أَمْرًا مَا أَدْرِي مَا هُوَ»: پالانى بىر ئىشنى پىلانلاۋاتىدۇ، ئۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن.

كَادِحٌ ج كَادِحُونَ: مېھنەتكەش، جاپاكەش، تىرىشچان.

﴿يَا أَيُّهَا الْإِنْسَانُ إِنَّكَ كَادِحٌ إِلَى رَبِّكَ كَدْحًا فَمُلَاقِيهِ﴾ «قرآن»: ئى ئىنسان! سەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭغا مۇلاقات بولغىنىڭغا قەدەر (ئۆز ئىشىڭدا) سەئيى ئىجتىھاد قىلىسەن.

الْعُمَّالُ الْكَادِحُونَ: ئەمگەكچان ئىشچىلار.

«تَحْسِينُ وَضْعِ الطَّبَقَاتِ الْكَادِحَةِ»: ئەمگەكچىلەر سىنىپىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش.

كَادَّةٌ ج كُدَّةٌ: سۈندۈرغۇچى، چاققۇچى.

كَادِيَةٌ ج كَوَادٍ: زامانىنىڭ بالايىئاپەتلىرى.

كَاذِبٌ ج كَذَبَةٌ وَ كَاذِبُونَ وَ كُذَّابٌ وَ كُذَّبٌ م كَاذِبَةٌ ج كَاذِبَاتٌ وَ كَوَاذِبُ: يالغانچى.

﴿إِنَّ اللهَ لَا يَهْدِي مَنْ هُوَ كَاذِبٌ كَفَّارٌ﴾ «قرآن»: ئاللاھ ھەقىقەتەن يالغانچىنى، كۇفرىلىق قىلغۇچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

أَمَلٌ كَاذِبٌ: قۇرۇق ئارزۇ.

بَلَاغٌ كَاذِبٌ: خاتا دوكلات، خاتا مەلۇمات.

﴿إِذَا وَقَعَتِ الْوَاقِعَةُ لَيْسَ لِوَقْعَتِهَا كَاذِبَةٌ﴾ «قرآن»: قىيامەت قايىم بولغان چاغدا ھېچ ئادەم ئۇنى ئىنكار قىلالمايدۇ.

كَاذٍ (الْكَاذِي): قىزىل.

كَارَ يَكُورُ كَوْرًا الْعِمَامَةَ: سەللە يۆگىدى.

كَارَ الْأَرْضَ: يەرنى كولىدى.

كَارَ يَكِيرُ كِيَارًا الْفَرَسُ: ئات قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ چاپتى.

كَارَةٌ ج كَارَاتٌ: پاغلام، تۇتام، دەستە.

كَارِثٌ ج كَوَارِثُ: بالايىئاپەت، پاجىئە.

إِنَّهُ لَأَمْرٌ كَارِثٌ: ئۇ ئەلۋەتتە كۆڭۈلسىز بىر ئىش.

كَارِثَةٌ ج كَوَارِثُ: بالايىئاپەت، ئېغىر ھادىسە، بالايىقازا، بەختسىزلىك.

كَارِثَةُ الزِّلْزَالِ: يەر تەۋرەش ئاپىتى.

ضَحَايَا الْكَوَارِثِ الطَّبِيعِيَّةِ: تەبىئىي ئاپەت قۇربانلىرى.

كَارِزٌ: دىن تارقاتقۇچى، مىسسىئونېر.

كَادَمَ يُكَادِمُ مُكَادَمَةً: سېخىي بولدى، مەرد بولدى، مۇكاپات بەردى.

«كَادَمَ الْأَبُ إِبْنَتَهُ بِكِتَابٍ تَشْجِيعًا لَهَا عَلَى نَجَاحِهَا»: ئاتا قىزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى يۈزىسىدىن ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن بىر كىتاب بىلەن مۇكاپاتلىدى.

كَارِهٌ ج كَارِهُونَ: بىزار بولغۇچى، يىرگەنگۈچى.

«يَجِبُ أَنْ تَفْعَلَ ذَالِكَ طَائِعًا أَوْ كَارِهًا»: سەن بۇ ئىشنى ئىختىيارى ياكى مەجبۇرىي قىلىشىڭ كېرەك.

كَارَى يُكَارِي مُكَارَاةً: ئىجارىگە بەردى.

كَازَ يَكُوزُ كَوْزًا: (نەرسىنى) تۇتقۇچلۇق ساپال قاچىدا ئىچتى.

كَازَ الشَّيْءَ: يىغدى، توپلىدى.

كَاسَ يَكُوسُ كَوْسًا الشَّخْصُ: بىر پۇتى بىلەن ماڭدى.

كَاسَ الْحَيَوَانُ: ھايۋان ئۈچ پۇتى بىلەن ماڭدى.

كَاسَ الشَّخْصُ فِي الْبَيْعِ: باھانى چۈشۈردى.

كَاسَ يَكِيسُ كَيْسًا وَ كِيَاسَةً الْغُلَامُ: يىگىت زېرەك

بولدى، چىچەن بولدى، ئەقىللىق بولدى.

كَأْسٌ ج كُؤُوسٌ: قەدەھ، پىيالە.

كَاسِبٌ: پايدىغا ئېرىشكۈچى، غەلىبە قازانغۇچى، پايدا قازانغۇچى.

كَاسَةٌ ج كَاسَاتٌ: قەدەھ، رومكا، جام.

كَاسِحٌ: سۈپۈرگۈچى، تازىلىغۇچى.

كَاسِحَةُ الْأَلْغَامِ: مىنا تازىلىغۇچى پاراخوت.

كَاسِدٌ: كاسات، كاسات بولغۇچى.

سُوقٌ كَاسِدَةٌ: كاسات بازار.

كَاسِرٌ ج كُسَّرٌ: قارا قۇش؛ بۇزغۇنچى، تارمار قىلغۇچى، بۇركۈت، تازقارا، قارچىغا، قۇرغۇي.

كَاسِرُ الْأَضْرَاسِ: ئىشچىلار ئاسىيسى، ئىشچىلار خائىنى.

كَاسِرٌ م كَاسِرَةٌ ج كَاسِرَاتٌ و كَوَاسِرُ: يىرتقۇچ قۇش، تازقارا، غىجىرسالۋا، تاپقۇش.

كَاسِفٌ: قورقۇنچلۇق، ۋەھىمىلىك.

يَوْمٌ كَاسِفٌ: قورقۇنچلۇق كۈن.

كَاسِفٌ ج كَاسِفُونَ: غەمكىن، قايغۇلۇق؛ قاراڭغۇ، زۇلمەت، يوشۇرۇن، يېپىق.

رَجُلٌ كَاسِفٌ: غەمناك ئادەم.

هُوَ كَاسِفُ الْبَالِ: قايغۇلۇق، مەيۇس، غەمكىن، دەرد ـ ئەلەملىك.

كَاسِفُ الْوَجْهِ: قاپىقى تۈرۈك، خاپا، خامۇش، غەمكىن.

كَاسْكَتَةٌ ج كَاسْكَتَاتٌ: باش كىيىم.

كَاسٍ ح كُسَاةٌ: كىيىم كىيىۋالغان، يالىڭاچ ئەمەس.

كَاشَ يَكُوشُ كَوْشًا عَنْهُ: قورقۇپ كەتتى، چۆچۈپ كەتتى، مەپتۇن بولدى.

كَاشَحَ يُكَاشِحُ مُكَاشَحَةً: مەسخىرە قىلىشتى، مازاق قىلىشتى، مازاق قىلىپ كۈلۈشتى.

كَاشَحَ فُلَانًا بِالْعَدَاوَةِ: دۈشمەنلەشتى، ئاداۋەتلەشتى.

كَاشِحٌ ج كَاشِحُونَ: يوشۇرۇن دۈشمەن، ئاداۋەت ساقلىغۇچى.

كَاشِدٌ: تىرىكچىلىك ئۈچۈن جاپا چېكىپ ئىشلىگۈچى.

كَاشَفَ يُكَاشِفُ مُكَاشَفَةً: ئۇقتۇردى، ئۇقتۇرۇپ قويدى، بىلدۈرۈپ قويدى.

كَاشَفَهُ بِالْعَدَاوَةِ: دۈشمەنلىكنى ئاشكارىلاپ قويدى.

كَاشَفَهَا بِحُبِّهِ لَهَا: ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلدى.

كَاشِفٌ كَاشِفُونَ و كَشَفَةٌ: ئاشكارىلىغۇچى، پاش قىلغۇچى، ئېچىپ تاشلىغۇچى، كەشىپ قىلغۇچى، كەشپىياتچى.

﴿وَإِن يَمْسَسْكَ اللَّهُ بِضُرٍّ فَلاَ كَاشِفَ لَهُ إِلاَّ هُوَ﴾ «قرآن»: ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر كۈلپەت يەتكۈزسە، ئۇنى ئاللاھدىن باشقا ھېچكىم كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ.

زَوْرَقٌ كَاشِفٌ لِلْأَلْغَامِ: مىنا تازىلىغۇچى قېيىق.

كَاشِفٌ ج كُشَّافٌ: رايون باشلىقى، ئۆلكە باشلىقى.

كَاشِفَةٌ: قۇتۇلدۇرغۇچى.

﴿ أَزِفَتِ الْآزِفَةُ لَيْسَ لَهَا مِن دُونِ اللَّهِ كَاشِفَةٌ ﴾ «قرآن»: قىيامەت يېقىنلاشتى، ئۇنىڭغا ئاللاھدىن باشقا كەشىپ قىلغۇچى يوق.

كَاشِفَةٌ ج كَوَاشِفُ: خىمىيىدىكى تەجرىبە قىلىش دورىلىرى؛ رەسۋالىق.

كَاصَ يَكِيصُ كَيْصًا وَ كَيَصَانًا و كُيُوصًا: تېز ماڭدى، ئالدىرىدى.

كَاصَ الرَّجُلُ عَنِ الشَّيْءِ: ئاجىز كەلدى.

كَاصَ الطَّعَامَ: تاماقنى يالغۇز يېدى.

كَاظِمٌ ج كُظَّامٌ: سۈكۈت قىلغۇچى، غەزىپىنى بېسىۋالغۇچى.

﴿وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ﴾ «قرآن»: ... ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، كىشىلەرنى

كەچۈرىدىغانلار.

كَاظِمَةٌ ج كَظَائِمُ: تېرموس، چايدان.

كَاظٍ م كَاظِيَةٌ: قۇرغاق يەر.

كَاعَ يَكِيعُ كَيْعًا و كُيُوْعَةً عَنْهُ: قورقۇپ كەتتى، سۇر بېسىپ كەتتى.

كَاعِبٌ ج كَوَاعِبُ: كۆكسى كۆتۈرۈلگەن (قىز).

﴿إِنَّ لِلْمُتَّقِينَ مَفَازاً حَدَائِقَ وَأَعْنَاباً وَكَوَاعِبَ أَتْرَاباً﴾ «قۇرئان»: شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار نېمەتكە ئېرىشىدۇ (ئۇ نېمەت) باغلار، ئۈزۈملەر، تەڭتۇش قىزلاردۇر.

كَاعٍ (الكَاعِي) ج كُعَاةٌ: مەغلۇپ بولغۇچى، يېڭىلگۈچى.

كَافَ يَكُوْفُ كَوْفًا الأَدِيْمَ: تېرىنى تىلدى.

كَافَأَ يُكَافِئُ مُكَافَئَةً ـ هُ: مىننەتدارلىق بىلدۈردى، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دەرىجىدە بولدى، ئوخشاش بولدى، باراۋەر بولدى.

«كَافَأَهُ فِي الرُّتْبَةِ»: تەڭ دەرىجىدە بولدى.

كَافَأَ الرَّجُلَ: مۇكاپاتلىدى، تەقدىرلىدى.

أَرَادَ أَنْ يُكَافِئَهُ بِشَيْءٍ مِنَ النُّقُوْدِ: ئۇنى مەلۇم مىقداردىكى پۇل بىلەن مۇكاپاتلاشنى ئويلىدى.

كَافَحَ يُكَافِحُ مُكَافَحَةً: كۈرەش قىلىشتى.

كَافَحَ عَنْهُ: ئۇنىڭدىن قوغدىدى، مۇداپىئەلەندى.

كَافَحَ الأَمْرَ: ئىشنى بىۋاستە باشقۇردى.

كَافَحَ عَنْهُ بِقَلَمِهِ وَلِسَانِهِ: ئۇنى قەلىمى ۋە تىلى ئارقىلىق قوغدىدى.

كَافَحَ الأَطِبَّاءُ الأَمْرَاضَ: دوختۇرلار كېسەللىكلەرگە قارشى كۈرەش قىلدى.

كَافَحَتِ الدَّوْلَةُ البَطَالَةَ: دۆلەت ئىشسىزلىققا قارشى كۈرەش ئېلىپ باردى.

كَافِرٌ ج كُفَّارٌ و كَافِرُوْنَ و كَفَرَةٌ: ئىنكار قىلغۇچى، كاپىر، ياپقۇچى.

﴿وَالْكَافِرُوْنَ هُمُ الظَّالِمُوْنَ﴾ «قۇرئان»: كۇفرانى نېمەت قىلغۇچىلار زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر.

كَافِرٌ بِنِعْمَةِ اللهِ: ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلغۇچى.

﴿كَمَثَلِ غَيْثٍ أَعْجَبَ الْكُفَّارَ﴾ «قۇرئان»: ئۆسۈملۈكى دېھقانلارنى خۇرسەن قىلغان يامغۇرغا ئوخشايدۇ.

﴿أُولَئِكَ هُمُ الْكَفَرَةُ الْفَجَرَةُ﴾ «قۇرئان»: بۇلار كاپىرلاردۇر، فاجىرلاردۇر.

كَافِرَةٌ ج كَوَافِرُ: رومكا، جام.

كَافَّةً: پۈتۈنلەي، تامامەن، ھەممە، ئومۇمىيۈزلۈك.

حَضَرَ الطُّلَّابُ كَافَّةً: ئومۇمىي ئوقۇغۇچىلار قاتناشتى.

﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا كَافَّةً لِّلنَّاسِ بَشِيراً وَنَذِيراً﴾ «قۇرئان»: سېنى بىز پەقەت ئىنسانلار ئۈچۈن خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق.

كَافَلَ يُكَافِلُ مُكَافَلَةً: توختام تۈزۈشتى.

كَافِلٌ ج كُفَّلٌ: كېپىل، كېپىل بولغۇچى ئادەم.

كَافِلُ الْيَتِيْمِ: يېتىمگە ھامىيلىق قىلغۇچى.

كَافِهٌ: قوماندان، ئەسكەر باشلىقى.

كَافُوْرٌ ج كَوَافِيْرُ: ناپتالىن، كافور.

زَيْتُ الْكَافُوْرِ: كافور مېيى.

شَجَرَةُ الْكَافُوْرِ: كافور دەرىخى.

﴿إِنَّ الْأَبْرَارَ يَشْرَبُونَ مِن كَأْسٍ كَانَ مِزَاجُهَا كَافُوراً﴾ «قۇرئان»: ھەقىقەتەن ياخشىلار كافور ئارىلاشتۇرۇلغان جاملاردىن ئىچىدۇ.

كَافٍ ج كُفَاةٌ: تولۇق، يېتەرلىك، كىشىنى قاندۇرارلىق.

﴿أَلَيْسَ اللهُ بِكَافٍ عَبْدَهُ﴾ «قۇرئان»: ئاللاھ بەندىسىگە يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟

«هَذِهِ الْأَخْشَابُ كَافِيَةٌ تَمَامًا لِبِنَاءِ بَيْتٍ مِنْ ثَلَاثِ

غُرَفٍ»: بۇ ياغاچ ماتېرىياللىرى ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي سېلىشقا پۈتۈنلەي يېتىدۇ.

«طَعَامُ الْإِثْنَيْنِ كَافِي الثَّلَاثَةِ وَطَعَامُ الثَّلَاثَةِ كَافِي الْأَرْبَعَةِ» «حديث»: ئىككى ئادەمنىڭ تامىقى ئۈچ ئادەمگە، ئۈچ ئادەمنىڭ تامىقى تۆت ئادەمگە يېتىدۇ.

كَالَ يَكِيلُ كَيْلًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ئۆلچىدى.

كَالَ الشَّيْءَ بِالشَّيْءِ: نەرسىنى سېلىشتۇردى.

كَالَ لَهُ الضَّرَبَاتِ أَوِ اللَّطَمَاتِ: ئارقىمۇئارقا كاچاتلىدى.

كَالَأَ يُكَالِئُ مُكَالَأَةً وَكِلَاءً فُلَانًا: پالانىنى كۆزەتتى.

كَالَحَ يُكَالِحُ مُكَالَحَةً: يۈزتۇرا جېدەللەشتى.

كَالَحَ الْقَمَرُ: ئاي بۇلۇت ئاستىغا يوشۇرۇندى.

كَالِحٌ ج كَالِحُوْنَ: قوشۇمىسىنى تۈرگۈچى، قاپىقى تۈرۈك، چىرايى تۇتۇق.

لَوْنٌ كَالِحٌ: تۇتۇق رەڭ.

شِتَاءٌ كَالِحٌ: قارا قىش.

وَجْهٌ كَالِحٌ: هارغىن چىراي.

دَهْرٌ كَالِحٌ: قاتتىق زامان.

كَالٌّ: چارچىغۇچى، هارغۇچى؛ ئاجىز، گال، ئۆتمەس.

كَالَمَ يُكَالِمُ مُكَالَمَةً ـ ه: سۆزلەشتى، سۆھبەتلەشتى.

كَامِخٌ ج كَوَامِخُ: چىلىغان سەي، ئاچار سەي، دورا ـ دەرمەك.

كَامِدٌ: قايغۇرغۇچى، ھەسرەت چەككۈچى؛ رەڭگى ئۆڭگەن.

كَامَعَ يُكَامِعُ مُكَامَعَةً: قۇچاقلىدى، قۇچاقلاشتى.

كَامَعَهُ: ئۇنى باغرىغا باستى، بىللە ياتتى.

كَامِلٌ ج كَمَلَةٌ م كَامِلَةٌ: تولۇق، ساق، پۈتۈن، مۇكەممەل، كامىل.

كَامِلُ الْعَدَدِ: پۈتۈن سان، تولۇق سان.

بِالْكَامِلِ: پىتەرلىك، تولۇقى بىلەن.

«إِشْتَرَى الْعِمَارَةَ بِكَامِلِهَا»: ئىمارەتنى تولۇق سېتىۋالدى.

نَامَ بِكَامِلِ مَلَابِسِهِ: پۈتۈن كىيىملىرى بىلەن ئۇخلىدى.

﴿وَالْوَالِدَاتُ يُرْضِعْنَ أَوْلَادَهُنَّ حَوْلَيْنِ كَامِلَيْنِ لِمَنْ أَرَادَ أَن يُتِمَّ الرَّضَاعَةَ﴾ «قرآن»: ئانىلار (بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم.

رَجُلٌ كَامِلُ النُّمُوِّ: بېجىرىم ئۆسكەن ئادەم.

كَامِنٌ ج كَامِنُوْنَ: يوشۇرۇنۇۋالغۇچى.

ثَائِرٌ كَامِنٌ فِي الْجَبَلِ: تاغقا يوشۇرۇنغان قوزغىلاڭچى.

كَامِنٌ ج كَوَامِنُ: يوشۇرۇن، مەخپىي.

رَصِيْدٌ لُغَوِيٌّ كَامِنٌ: يوشۇرۇن تىل بايلىقى.

قُوَّةٌ كَامِنَةٌ: يوشۇرۇن كۈچ، زاپاس كۈچ.

كَانَ يَكُوْنُ كَوْنًا و كِيَانًا و كَيْنُوْنَةً: بولدى، پۈتتى، ئورۇنلاندى، ئىدى.

كَانَ الشِّتَاءُ بَارِدًا: قىش سوغۇق بولدى.

«مَاشَاءَ اللّٰهُ كَانَ»: ئاللاھ خالىغان نەرسە بولىدۇ.

أَصْبَحَ فِيْ خَبَرِ كَانَ: يوقالدى، گۇمران بولدى.

كَانَ مَاكَانَ: ئەلقىسسە، ئەپسانىلەر باشلانغاندا ئىشلىتىلىدىغان سۆز.

«مَا كَانَ أَحْسَنَ لَوْ عَفَوْتَ»: مۇبادا كەچۈرسىدىغان بولساڭ نېمىدېگەن ياخشى! (بۇ يەردىكى مَا ئارتوق).

أَيَّ مَنْ كَانَ: كىم بولمىسۇن، مەيلى ئۇ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىم بولۇشىغا قارىماي.

دَخَلَ الْأَمْرُ فِيْ خَبَرِ كَانَ: ئىش ئۆتۈپ كەتتى.

كَانَ هُنَا: ئۇ مۇشۇ يەردە ئىدى.

كَانَ طَالِبًا: ئۇ ئەسلىدە ئوقۇغۇچى ئىدى.

كَانَ يَقْرَأُ: ئۇ ئوقۇۋاتاتتى.

كَمَا لَوْ كَانَ هُنَا: ئۇ مۇشۇ يەردە ئوخشايدۇ.

كَائِنًا مَا كَانَ: نىمىلا بولمىسۇن، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر.

كَانَ يَكِيْنُ كَيْنًا: باش ئەگدى، ئىتائەت قىلدى.

كَانِبٌ: تويۇپ قورسىقى چىڭقىلىپ كەتكەن ئادەم.

كَانِسٌ ج كُنَّسٌ: سۈپۈرگىچى، تازىلىغۇچى.

الْجَوَارِ الْكُنَّسِ: كېچىسى ئاشكارىلىنىپ كۈندۈزى يوشۇرۇنىدىغان يۇلتۇزلار.

﴿فَلَا أُقْسِمُ بِالْخُنَّسِ الْجَوَارِ الْكُنَّسِ﴾ «قرآن»: كۈندۈزى يوشۇرۇنغۇچى يۇلتۇزلار بىلەن، پاتىدىغان ۋاقتىدا يوشۇرۇنىدىغان يۇلتۇزلار بىلەن قەسەم قىلىمەن.

كَانِسَةٌ ج كَوَانِسُ و كَانِسَاتٌ: مىنا تازىلىغۇچى سايمان.

كَانَفَ يُكَانِفُ مُكَانَفَةً: ياردەم بەردى، ياردەملەشتى.

كَانُونٌ ج كَوَانِيْنُ: مەش، ئوچاق.

كَانُوْنُ الْأَوَّلِ: دېكابىر، 12 ـ ئاي.

كَانُوْنُ الثَّانِي: يانۋار، 1 ـ ئاي.

طَبَخْتُ الشَّايَ عَلَى الْكَانُوْنِ: ئوچاقتا چاي دەملىدىم.

كَاهَ يَكِيْهُ كَيْهًا فُلَانًا: پالانىنىڭ ئېغىزىنىڭ پۇرىقى پۇراپ قالدى.

كَاهِلٌ ج كَوَاهِلُ: مۈرە، دولا.

كَاهِلُ الْفَرَسِ: ئاتنىڭ يالى.

«حَمَلَ الْعَامِلُ كِيْسَ الْإِسْمَنْتِ عَلَى كَاهِلِهِ»: ئىشچى سېمونت خالتىسىنى مۈرىسىگە ئېلىپ كۆتۈردى.

«أُلْقِيَتْ مُحَارَبَةُ الْغَلَاءِ عَلَى كَاهِلِ الْحُكُوْمَةِ»: باھانىڭ ئۆرلەپ كېتىشىگە قارشى كۈرەش قىلىش ھۆكۈمەتنىڭ زىممىسىگە چۈشتى.

فُلَانٌ شَدِيْدُ الْكَاهِلِ: پالانى ئابرۇيلۇق ئادەم.

كَاهِنٌ ج كَهَنَةٌ و كُهَّانٌ: كاھىن، پالچى، رەمچى، داخان.

﴿فَمَا أَنتَ بِنِعْمَةِ رَبِّكَ بِكَاهِنٍ وَلَا مَجْنُونٍ﴾ «قرآن»: سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نېمىتى بىلەن كاھىنمۇ ئەمەس ۋە مەجنۇنمۇ ئەمەس.

سَجْعُ الْكُهَّانِ: پوپلارنىڭ ئوقۇيدىغان نەرسىلىرى.

كَاوٍ: كۆيدۈرگۈچى، داغلىغۇچى.

كَايَدَ يُكَايِدُ مُكَايَدَةً: ئۇنىڭغا ھىيلە ئىشلەتتى، ئالدىدى.

كَائِعٌ ج كَاعَةٌ: قورقۇنچاق، توخۇ يۈرەك.

كَائِنٌ: مەۋجۇت.

كَائِنًا مَاكَانَ: قانداق بولمىسۇن، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر.

كَائِنٌ حَيٌّ: جانلىقلار.

الْكَائِنُ الْمُطْلَقُ: ئاللاھ.

كَائِنًا مَنْ كَانَ: كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر.

«يُعَاقِبُ الْقَانُوْنُ الْمُخَالِفَ كَائِنًا مَنْ كَانَ»: قانۇن كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خىلاپلىق قىلغۇچىنى جازالايدۇ.

الْكَائِنَاتُ: ئالەم، كائىنات، مەۋجۇدات.

كَآبَةٌ: قايغۇ، غەم، خاپىلىق، بىئاراملىق، ھەسرەت.

كَئِبَ يَكْئَبُ كَأْبًا كَأْبَةً كَآبَةً: ھەسرەت چەكتى، قايغۇردى، پەرىشان بولدى، ئۈمىدسىزلەندى، قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمدى.

كَئِبٌ: غەمكىن، قايغۇلۇق، كۆڭلى يېرىم.

كَئِبُ اللَّوْنِ: سارغىيىپ كەتكەن، تاتىرىپ كەتكەن.

كَأْبٌ . كَأْبَةٌ: قايغۇ، غەم، خاپىلىق، بىئاراملىق، ھەسرەت.

كَأَجَ يَكْأَجُ كَأْجًا الرَّجُلُ: كىشى دۆتلىشىپ كەتتى.

كَأَدَ يَكْأَدُ كَأْدًا الشَّخْصُ: قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمۈپ

كەتتى.

كَأَدَ الْأَمْرُ عَلَيْهِ: ئىش ئۇنىڭغا قىيىنلىشىپ كەتتى.

كَأْدَاءُ: غەم-قايغۇ، ھەسرەت؛ قاراڭغۇ كېچە.

عَقَبَةٌ كَأْدَاءُ: قىيىن ئۆتكەل، مۇشكۇل پەيت.

كَأْسٌ ج كُؤُوْسٌ و أَكْؤُسٌ: كاسە، قاچا، جام، ھاراق، ئالتۇن ياكى كۈمۈش لوڭقا.

كَأْسُ الْحِجَامَةِ: لوڭقا (تېببىيدا ئىشلىتىلىدىغان).

كَأْسُ الزَّهْرَةِ: تەشتەك، گۈل قاچىسى.

شَرِبَ الْكَأْسَ حَتَّى الثّمَالَةِ: ھاراقنىڭ دۇغىنى قويماي ئىچىۋەتتى.

كَأْسُ الْبُطُوْلَةِ: چېمپىيونلۇق لوڭقىسى.

تَحَصَّلَ الْفَرِيْقُ عَلَى كَأْسِ الْعَالَمِ لِكُرَّةِ الْقَدَمِ: ئەترەت دۇنيا پۇتبول لوڭقىسىغا ئېرىشتى.

﴿إِنَّ الْأَبْرَارَ يَشْرَبُونَ مِن كَأْسٍ كَانَ مِزَاجُهَا كَافُوراً﴾ ‹قرآن›: ياخشىلار ھەقىقەتەن كافۇر ئارىلاشتۇرۇلغان (مەي بىلەن تولدۇرۇلغان) جاملاردىن ئىچىدۇ.

كَأَصَ يَكْأَصُ كَأْصًا الشَّيْءَ: كۆپ يېدى، كۆپ ئىچتى.

كَأَصَةٌ: ئۇنى بويسۇندۇردى، باش ئەگدۈردى.

كَأْكَأَ يُكَأْكِأُ كَأْكَأَةً: قورقۇنچاقلىق قىلدى، يۈرەكسىزلىك قىلدى.

كَأَنَّ: ئوخشاشلىق قوشۇمچىسى بولۇپ كېلىدۇ.

كَأَنَّ الْقَمَرَ مِصْبَاحٌ: ئاي گوياكى چىراغدۇر.

كَأَنَّ جُنُوْدَنَا أُسُوْدٌ: جەڭچىلىرىمىز گويا شىرغا ئوخشايدۇ.

كَأَنَّ: مۆلچەر، پەرەز ئۈچۈن كېلىدۇ.

كَأَنَّ الْعَدُوَّ لَمْ يَعْتَبِرْ بِمَا أَصَابَهُ مِنَ الْهَزِيْمَةِ: دۈشمەنلەر مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەيدىغاندەك قىلاتتى.

كَأَنَّ الْفَجْرَ يَجِيْءُ: تاڭ ئاتقاندەك قىلىدۇ.

كَأَنَّ (الشك والظن): گۇمان، شەك ئۈچۈن كېلىدۇ.

كَأَنَّكَ فَاهِمٌ كَلَامِي: سۆزۈمنى چۈشىنىۋاتقاندەك قىلىسەنغۇ؟

كَؤُوْدٌ: قىيىن، جاپالىق.

عَقَبَةٌ كَؤُوْدٌ: قىيىن توسالغۇ، مۇشكۇل ئۆتكەل، يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق، ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان توسۇق.

كَؤُوْلٌ: ئىسپىرت.

كَئِيْبٌ ج كَئِيْبُوْنَ: غەمكىن، قايغۇلۇق، كۆڭلى يېرىم.

رَجُلٌ كَئِيْبٌ: غەمكىن ئادەم.

أُغْنِيَةٌ كَئِيْبَةٌ: مۇڭلۇق ناخشا.

كَبَا يَكْبُوْ كَبْوًا و كُبُوًّا: دۈم چۈشتى.

كَبَا عَلَى وَجْهِهِ: يۈزىچە يىقىلدى.

كَبَا الْكُوْزَ: كوزىنى بىكارلىدى، قۇرۇقدىدى.

كَبَا النّوْرُ: يورۇقلۇق خىرەلەشتى.

كَبَا اللَّوْنُ: رەڭ ئۆڭدى.

يَكْبُو الْجَوَادُ: ئارغىماقمۇ مۈدۈرىدۇ.

كِبَاءٌ ج كُبًى: ئىسرىق ياغىچى.

كَبَابٌ: كاۋاپ.

كُبَادٌ: جىگەر ئاغرىقى، جىگەر ياللۇغى.

كُبَارٌ: چوڭ، ئۇلۇغ، زور، بۈيۈك.

كِبَاسَةٌ ج كَبَائِسُ: بىر ساپاق خورما.

كَبَّ يَكُبّ كَبًّا الْإِنَاءَ: قاچىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلدى.

كَبَّ الرَّجُلَ عَلَى وَجْهِهِ: كىشىنى دۈم يىقىتتى.

﴿وَمَن جَاءَ بِالسَّيِّئَةِ فَكُبَّتْ وُجُوهُهُمْ فِي النَّارِ﴾ ‹قرآن›: يامان ئىش قىلغانلار دوزاختا يۈزى بىلەن تاشلىنىدۇ.

كَبَّتِ الْمَرْأَةُ الْقِدْرَ: ئايال قازاننى دۈم كۆمتۈردى.

كَبَّ الْغَزْلَ: يىپنى يۇمىلاق قىلىپ تۈردى.

كَبٌّ: ئۆرۈمەك، ئاستىن-ئۈستۈن قىلماق، ئاغدۇرماق.

كَبَّاحَةٌ ج كَبَّاحَاتٌ: تورموز.

الكُبَّادُ: لىمون، لىمون دەرىخى.

كُبَّارٌ: چوڭ، ئۇلۇغ، زور، بۈيۈك.

كَبَّاسٌ ج كَبَابِيسُ: قىسىش سايمىنى، چىڭداش سايمىنى؛ لاخشىگىر، پرېسلاش ماشىنىسى.

كَبَّاسُ الطُّلْمَبَةِ: پورشېن.

كَبَّبَ يُكَبِّبُ تَكْبِيبًا الغَزْلَ: يىپنى تۇردى.

كَبَّبَ اللَّحْمَ: گۆشنى كاۋاپ قىلدى.

كُبَّةٌ ج كُبَبٌ: بىر توپ ئادەم، بىر قىتىملىق ھۇجۇم، ئېغىر يۈك، تۇرمەل؛ ۋابا، تىقىنچىلىق، بىر توپ ئات، چوڭ تۆگە.

كُبَّةُ الشِّتَاءِ: قىشنىڭ قاتتىق سوغۇقى.

كُبَّةُ صُوفٍ: تۇرۇلگەن يۇڭ.

كُبَّةُ غَزْلٍ: تۇرۇلگەن يىپ.

كَبَّدَ يُكَبِّدُ تَكْبِيدًا ـ ه: ئۇنىڭغا ئارتتى، يۈكلىدى.

كَبَّدَ الْعَدُوَّ خَسَائِرَ كَبِيرَةً: دۈشمەننى چوڭ زىيانغا ئۇچراتتى.

كَبَّدَتِ الشَّمْسُ السَّمَاءَ: كۈن چۈش بولدى.

كَبَّرَ يُكَبِّرُ تَكْبِيرًا: چوڭايتتى، زورايتتى، تەكبىر ئېيتتى.

كَبَّرَ الصُّورَةَ: رەسىمنى چوڭايتتى.

كَبَّرَ فُلَانٌ: پالانى ئاللاھۇ ئەكبەر، دېدى.

﴿وَرَبَّكَ فَكَبِّرْ﴾ «قرآن»: پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا.

كَبَّرَهُ: ئۇنى چوڭ كۆردى، ھۆرمەتلىدى.

كَبَّرَ الأَمْرَ: ئىشنى مۇبالىغە قىلدى، چوڭايتىۋەتتى.

كَبَّرَ الْجُرْمَ: جىنايەتنى ئېغىرلىتىۋەتتى.

كَبَّسَ يُكَبِّسُ تَكْبِيسًا: ھۇجۇم قىلدى.

كَبَّسَ الْجَسَدَ: بەدەننى ئۇۋۇلاپ تۇتۇپ قويدى.

كَبَّلَ يُكَبِّلُ تَكْبِيلًا الأَسِيرَ: ئەسىرنى باغلىدى، ئىشكەل سالدى؛ سولىدى.

كَبَّلَ الْغُلَّ فِي يَدَيْهِ: قولىغا كويزا سالدى.

كُبُّودٌ ج كَبَابِيدُ: باش كىيىم بىلەن بىللە بولغان پەلتو.

كَبَتَ يَكْبِتُ كَبْتًا غَيْظَهُ فِي جَوْفِهِ: ئاچچىقىنى بېسىۋالدى، دەردىنى ئىچىگە يۇتتى.

كَبَتَ الشَّخْصُ فُلَانًا: پالانىنى خارلىدى، ھاقارەتلىدى.

كَبَتَهُ: ئۇنى ھالاك قىلدى، ئۆلتۈردى.

كَبَتَهُ لِوَجْهِهِ: ئۇنى دۈم يىقىتتى.

كَبَتَ الْعَدُوَّ: دۈشمەننى بىتچىت قىلدى، چېكىندۈردى.

كَبَتَ الرَّأْيَ الْعَامَ: جامائەت پىكرىنى باستى.

﴿كُبِتُوا كَمَا كُبِتَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ﴾ «قرآن»: ئۇلاردىن بۇرۇنقىلار ھالاك قىلىنغاندەك ھالاك قىلىنىدۇ.

كَبِثَ يَكْبَثُ كَبَثًا اللَّحْمُ: گۆش بۇزۇلدى، سېسىپ قالدى.

كَبَحَ يَكْبَحُ كَبْحًا الدَّابَّةَ بِاللِّجَامِ: ئۇلاغنىڭ تىزگىنىنى تارتتى، تىزگىنلىدى.

كَبَحَهُ: ئۇنى توسۇدى، قايتۇردى، چەكلىدى.

كَبَحَ الْعَوَاطِفَ: ھېسسىياتنى باستى.

كَبَحَ جِمَاحَ الثَّوْرَةِ: ئىنقىلابنى كونترول قىلدى.

كَبَحَ جِمَاحَ نَفْسِهِ: ئۆزىنى يىغىۋالدى، نەپسىنى بېسىۋالدى.

كَبَحَ السَّيَّارَةَ: ماشىنىنى تورمۇزلىدى.

كَبْحٌ: تىزگىنلىمەك، توسۇش.

أَصْبَحَ مِنَ الصَّعْبِ كَبْحُ جِمَاحِ هَذَا الْغَلَاءِ: باھانىڭ ئۆسۈشىنى تىزگىنلەش قىيىن بولدى.

كَبَدَ يَكْبُدُ كَبْدًا البَرْدُ الْقَوْمَ: سوغۇق قەۋمنى قىينىدى.

كَبَدَهُ: جىگەر ئاغرىقى بولۇپ قالدى.

كُبِدَ الرَّجُلُ: جىگەر ئاغرىقىغا گىرىپتار بولدى.

كَبِدَ يَكْبَدُ كَبَدًا الشَّخْصُ: جىگەر ئاغرىقىدىن قىينالدى؛ قورسىقىنىڭ تۆپە تەرىپى يوغىناپ

كەتتى.

**كَبَدٌ ج أَكْبَادٌ**: جاپا ـ مۇشەققەت؛ جىگەر.

**لَقِيَ مِنَ هَذَا الْأَمْرِ كَبَدًا**: ئۇ بۇ ئىشتىن جاپاغا يولۇقتى.

**﴿لَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنْسَانَ فِي كَبَدٍ﴾** «قرآن»: بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە قىلىپ ياراتتۇق.

**كَبِدٌ .كَبْدٌ ج أَكْبَادٌ و كُبُودٌ**: جىگەر، بېغىر، ئوتتۇرا قىسىم.

**يَشْكُو مِنْ إِلْتِهَابِ الْكَبِدِ**: جىگەر ياللۇغى بولۇپ قالدى.

**الشَّمْسُ فِي كَبِدِ السَّمَاءِ**: كۈن ئىگىلىگەندىكى قۇياش.

**كَبِدُ الْأَرْضِ**: يەر ئاستى بايلىقى.

**«وَتُلْقِي الْأَرْضُ أَفْلَاذَ كَبِدِهَا»** «حديث»: زېمىن يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئۈستىگە چىقىرىدۇ.

**الْوَلَدُ كَبِدُ الْأَبِ**: بالا ئاتىنىڭ جىگەر پارىسى.

**أَوْلَادُنَا أَكْبَادُنَا**: ئەۋلادلىرىمىز بىزنىڭ جىگەر پارىلىرىمىز.

**كَبِرَ يَكْبَرُ كِبَرًا فِي السِّنِّ**: ياشىنىپ قالدى، يېشى چوڭىيىپ قالدى.

**«أَخِيْ يَكْبُرُنِي بِسَنَةٍ وَ أُخْتِي تَكْبُرُهُ بِسَنَتَيْنِ»**: قېرىندىشىم مەندىن بىر ياش چوڭ، ھەمشىرەم ئۇنىڭدىن ئىككى ياش چوڭ.

**كَبِرَ يَكْبَرُ كِبَرًا الشَّخْصُ أَوِ الْحَيَوَانُ**: ياشىنىپ قالدى، چوڭىيىپ قالدى.

**كَبُرَ يَكْبُرُ كِبَرًا الرَّجُلُ**: كىشى زورايدى، گەۋدىلىك بولدى.

**كَبُرَ فِي الْقَدْرِ**: قەدىرلىك بولدى، مەرتىۋىلىك بولدى.

**كَبُرَ عَلَيْهِ الْأَمْرُ**: ئىش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى.

**﴿كَبُرَ مَقْتاً عِنْدَ اللَّهِ أَنْ تَقُولُوا مَا لَا تَفْعَلُونَ﴾** «قرآن»: سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ياخشى ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر.

**«كَبُرَ عَلَيْهِ أَنْ يَعُودَ إِلَى الْحَقِّ»**: ھەققە قايتىش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى.

**كِبْرٌ**: ئۆزىنى چوڭ تۇتماق، مەغرۇرلانماق، چوڭلۇق، كىبىرى؛ چوڭ گۇناھ.

**﴿وَالَّذِي تَوَلَّى كِبْرَهُ مِنْهُمْ لَهُ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾** «قرآن»: بوھتاننىڭ چوڭ قىسمىنى تارقاتقان ئادەم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

**«لَايَدْخُلُ الْجَنَّةَ مَنْ كَانَ فِي قَلْبِهِ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ مِنْ كِبْرٍ»** «حديث»: قەلبىدە زەررىچىلىك تەكەببۇرلۇق بار ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ.

**كُبْرٌ**: نەرسىنىڭ زور بىر قىسمى، مۇھىم قىسمى، ئۇلۇغ، ئېسىل.

**كِبَرٌ**: ياشانغان، ياشىنىپ قالغان.

**﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي وَهَبَ لِي عَلَى الْكِبَرِ إِسْمَاعِيلَ وَإِسْحَاقَ﴾** «قرآن»: جىمى ھەمدۇسانا ياشانغىنىمدا ماڭا ئىسمائىل بىلەن ئىسھاقنى بەرگەن ئاللاھقا خاستۇر.

**كَبْرَتَ يُكَبْرِتُ كَبْرَتَةً الشَّيْءَ**: نەرسىگە گۈڭگۈرت سۈركىدى.

**كَبْرَةٌ**: ياشانغانلىق.

**كِبْرَةٌ**: چوڭ گۇناھ.

**كُبْرَى ج كُبْرَيَاتٌ**: ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئۇلۇغ.

**«وَرَدَ هَذَا الْخَبَرُ فِي كُبْرَيَاتِ الصُّحُفِ»**: بۇ خەۋەر چوڭ گېزىتلەرگە بېرىلدى.

**هِيَ فِي فَرِيْقِ الْكُبْرَيَاتِ**: ئۇ چوڭلار ئەترىتىدە.

**﴿فَأَرَاهُ الْآيَةَ الْكُبْرَى﴾** «قرآن»: مۇسا پىرئەۋنگە چوڭ مۆجىزىنى كۆرسەتتى.

**كِبْرِيَاءُ**: ئۆزىنى چوڭ تۇتماق، مەغرۇرلانماق، چوڭلۇق.

«غَنِيٌّ لاَيُخْفِى كِبْرِيَاءَهُ عَنِ النَّاسِ»: ئۆزىنىڭ
چوڭچىلىقىنى خەقتىن يوشۇرمايدىغان باي.
﴿وَلَهُ الْكِبْرِيَاءُ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ﴾ «قۇرئان»:
ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئۇلۇغلۇق
ئاللاھقا خاستۇر.
كِبْرِيْتٌ: گۈڭگۈرت، سەرەڭگە، قىزىل ياقۇت،
قىزىل ئالتۇن.
مَنْجَمُ كِبْرِيْتٍ: گۈڭگۈرت كېنى.
عُوْدُ كِبْرِيْتٍ: سەرەڭگە تېلى.
عُلْبَةُ كِبْرِيْتٍ: سەرەڭگە قېپى.
كِبْرِيْتَاتٌ: سۇلفات، گۈڭگۈرت كىسلاتا تۇزلىرى.
كِبْرِيْتُوْرٌ: گۈڭگۈرت بىرىكمىلىرى.
كِبْرِيْتِيٌّ: گۈڭگۈرتلۇك.
حَمَّامٌ مَعْدَنِيٌّ كِبْرِيْتِيٌّ: ئارشاڭ.
يَنْبُوْعٌ كِبْرِيْتِيٌّ: گۈڭگۈرتلۇك بۇلاق.
حَامِضٌ كِبْرِيْتِيٌّ: سۇلفات كىسلاتاسى.
غَازٌ كِبْرِيْتِيٌّ: ئوكسىدلىق گۈڭگۈرت.
كَبَسَ يَكْبِسُ كَبْسًا عَلَى الشَّيْءِ: باستى، سىقتى.
كَبَسَ فُلاَنًا: پالانىغا ھۇجۇم قىلدى.
كَبْسٌ: سىقماق، باسماق.
كَبْسُ السَّنَةِ: كەبىسە يىلى.
أَيَّامُ الْكَبْسِ: كەبىسە كۈنلىرى.
كَبْسَةٌ ج كَبَسَاتٌ: ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلماق،
تۇيۇقسىز باستۇرماق.
كَبْسَةُ اللُّصُوْصِ لَيْلاً: ئوغرىلارنىڭ كېچىلەپ
تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ كىرىشى.
كَبْسُوْلَةُ الْمُفَرْقَعَاتِ: پىستان، پىلتە.
كَبَشَ يَكْبِشُ كَبْشًا الشَّيْءَ: نەرسىنى سىقىمداپ
ئالدى.
كَبْشٌ ج أَكْبَاشٌ وكِبَاشٌ: قوچقار، باشلىق.
كَبْشَةٌ ج كَبَشَاتٌ: بىر سىقىم، بىر ئوچۇم؛ چۆمۈچ،
ساپلىق.

كَبْشَةُ أُرْزٍ: بىر ئوچۇم گۈرۈچ.
كَبَعَ يَكْبَعُ كَبْعًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ئۈزدى، كەستى.
كَبَعَهُ عَنْ كَذَا: توسۇدى.
كَبَعَ النُّقُوْدَ: پۇلنى ئۆلچىدى.
كَبْكَبَ يُكَبْكِبُ كَبْكَبَةً: يىقىتتى، ئاغدۇردى،
ئاستىن-ئۈستۈن قىلدى.
﴿فَكُبْكِبُوا فِيهَا هُمْ وَالْغَاوُونَ وَجُنُودُ إِبْلِيسَ
أَجْمَعُونَ﴾ «قۇرئان»: بۇتلار، گۇمراھلار ۋە
ئىبلىسنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسى دوزاخقا
ئۈستى-ئۈستىلەپ تاشلىنىدۇ.
كَبَلَ يَكْبُلُ كَبْلاً: باغلىدى، ئىشكەل سالدى.
كَبَلَ غَرِيْمَهُ الدَّيْنَ: قەرزدارغا مۆھلەت بەردى.
كَبْلٌ ج كُبُوْلٌ: ئىشكەل، كويزا.
كَبْوَةٌ ج كَبَوَاتٌ: دۈم چۈشمەك، مۈدۈرۈلۈپ
كەتمەك.
لِكُلِّ جَوَادٍ كَبْوَةٌ: مۈدۈرۈلمەيدىغان ئارغىماق
بولمايدۇ.
كُبَيْتٌ: بۇزۇلۇپ قالغان گۆش.
كَبِيْرٌ ج كِبَارٌ: ئۇلۇغ، چوڭ، بۈيۈك، ياشانغان.
﴿لَهُمْ مَغْفِرَةٌ وَأَجْرٌ كَبِيرٌ﴾ «قۇرئان»: ئۇلارنىڭ گۇناھى
مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇلار (ئاخىرەتتە) چوڭ
مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ.
﴿وَأَبُونَا شَيْخٌ كَبِيرٌ﴾ «قۇرئان»: ئاتىمىز بولسا ياشىنىپ
قالغان بوۋايدۇر.
كَبِيْرُ الْعَدَدِ: نۇرغۇن، كۆپ.
كَبِيْرُ الْمَقَامِ: يۇقىرى مەرتىۋىلىك، داڭلىق.
كَبِيْرُ النَّفْسِ: مەردانە.
كَبِيْرُ الْمُوَظَّفِيْنَ: يۇقىرى دەرىجىلىك كادىر.
كَبِيْرُ الْخُبَرَاءِ: يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنژېنېر.
كَبِيْرُ الْأَسَاقِفَةِ: باش پوپ.
كِبَارُ النَّاسِ: مەشھۇر كىشىلەر، داڭلىق ئەربابلار.
كَبِيْرٌ ج كُبَرَاءُ: ئۇلۇغ، بۈيۈك.

حَضَرَ كُبَرَاءُ الْبَلَدِ وَ أَعْيَانُهَا: يۇرت كاتتىلىرى ھازىر بولدى.

الْكَبِيْرُ: ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىدىن بولۇپ، «ھەممىدىن بۈيۈك ئاللاھ» دېگەن مەنىدە.

﴿وَهُوَ الْعَلِيُّ الْكَبِيْرُ﴾ ‹قرآن›: ئاللاھ يۈكسەكتۇر، كاتتىدۇر.

كَبِيْرَةٌ ج كَبَائِرُ: چوڭ گۇناھ، ئېغىر جىنايەت.

قَتْلُ النَّفْسِ كَبِيْرَةٌ: ئادەم ئۆلتۈرۈش چوڭ گۇناھ.

﴿إِن تَجْتَنِبُوا كَبَآئِرَ مَا تُنْهَوْنَ عَنْهُ نُكَفِّرْ عَنكُمْ سَيِّئَاتِكُمْ﴾ ‹قرآن›: ئەگەر سىلەر مەنئى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار، كىچىك گۇناھلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىۋېتىمىز.

كَبِيْسٌ: بېسىلغان، تۈزلەپ بېسىپ قويۇلغان.

سَنَةٌ كَبِيْسَةٌ: كەبىسە يىلى (شەمسىيە كالېندارى بويىچە كەبىسە كۈنى بولغان يىل كەبىسە يىل دېيىلىدۇ. بۇ يىل 366 كۈن، قەمەرىيە كالېندارى بويىچە كەبىسە ئاي بولغان يىل كەبىسە يىل دېيىلىدۇ. بۇنداق يىل 13 ئاي، يەنى 383 كۈن ياكى 384 كۈن بولىدۇ).

كِتَابٌ ج كُتُبٌ: كىتاب، خەت، مەكتۇپ.

كِتَابُ الزَّوَاجِ: توي خېتى، نىكاھ خېتى.

كِتَابٌ مَدْرَسِيٌّ: دەرسلىك كىتاب.

كِتَابُ مُطَالَعَةٍ: ئوقۇش كىتابى.

الْكِتَابُ الْمُقَدَّسُ: تەۋرات، ئىنجىل.

الْكِتَابُ الْعَزِيْزُ: «قۇرئان كەرىم».

﴿ذَالِكَ الْكِتَابُ لَارَيْبَ فِيْهِ﴾ ‹قرآن›: بۇ كىتابتا ھېچ شەك يوق.

أَهْلُ الْكِتَابِ: كىتاب ئەھلى (يەھۇدىي-ناسارالار).

﴿قُلْ مَنْ أَنْزَلَ الْكِتَابَ الَّذِي جَاءَ بِهِ مُوسَى نُوراً وَهُدًى لِلنَّاسِ﴾ ‹قرآن›: (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مۇسا ئېلىپ كەلگەن ۋە كىشىلەرگە نۇر ۋە ھىدايەت بولغان كىتابنى كىم نازىل قىلدى.

أُمُّ الْكِتَابِ: قوليازما، ئورىگىنال؛ سۈرە فاتىھە؛ لەۋھۇلمەھپۇز.

الْكُتُبُ الْمُنَزَّلَةُ: مۇقەددەس كىتابلار، ساماۋىي كىتابلار.

دَارُ الْكُتُبِ: كىتابخانا، كۈتۈپخانا.

﴿لِكُلِّ أَجَلٍ كِتَابٌ﴾ ‹قرآن›: ھەربىر ۋاقىتنىڭ (ئۆزىگە مۇناسىپ) ھۆكمى بولىدۇ.

كُتُبُ الْفِقْهِ: فىقھى كىتابلار.

كِتَابَةٌ: ھۆججەت، تەۋلىيە؛ خەت؛ يازماق؛ كاتىپلىق ۋەزىپىسى.

الْكِتَابَةُ وَالْقِرَاءَةُ: يازماق ۋە ئوقۇماق.

كِتَابِيٌّ: يازما، يېزىقچە ئائىت، يەھۇدىي، ناسارا دىنىدىكى ئادەم.

عَمَلٌ كِتَابِيٌّ: كاتىپلىق، يېزىقچىلىق.

غَلْطَةٌ كِتَابِيَّةٌ: قەلەم خاتالىقى.

بَيِّنَةٌ كِتَابِيَّةٌ: ئىسپات خەت، ھۆججەت خەت.

أَصْلَحَ الْمُعَلِّمُ الْأَغْلَاطَ الْكِتَابِيَّةَ: ئوقۇتقۇچى يېزىق خاتالىقلىرىنى تۈزەتتى.

كُتَافٌ: مۈرە ئاغرىقى.

أُصِيْبَ بِالْكُتَافِ مِنْ أَثَرِ الْبَرْدِ: سوغۇقتىن مۈرىسى ئاغرىپ قالدى.

كُتَافَةٌ: پاگون.

كَتَبَ يَكْتُبُ كَتْبًا وَ كِتَابًا وَ كِتَابَةً: خەت يازدى.

كَتَبَ لَهُ: ئۇنىڭغا خەت ئەۋەتتى.

كَتَبَ الْمَخْطُوْطَ: قوليازمىسىنى كۆچۈردى.

كَتَبَ الْعَقْدَ: توختام يازدى.

﴿إِذَا تَدَايَنتُم بِدَيْنٍ إِلَى أَجَلٍ مُّسَمًّى فَاكْتُبُوهُ﴾ ‹قرآن›: مۇددەت بەلگىلەپ ئۆزئارا قەرز بەرسەڭلار، ئۇنى (ھۆججەت قىلىپ) يېزىپ قويۇڭلار.

كَتَبَ اللهُ الشَّيْءَ: ئاللاھ نەرسىنى تەقدىر قىلدى، پەرز قىلىپ بېكىتتى.

﴿كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ﴾ ‹قرآن›: سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى.

كَتَبَ عَلَى نَفْسِهِ أَنْ يُعِينَ جَارَهُ: قوشنىسىغا ياردەم بېرىشنى ئۈستىگە ئالدى.

يَكْتُبُ مَقَالًا أُسْبُوعِيًّا: ھەپتىلىك ئوبزور يېزىۋاتىدۇ.

كَتَبَ مَسْرَحِيَّةً: سەھنە ئەسىرى يازدى.

كَتْبٌ: ھۆججەت، تەۋلىيە.

كِتْبَةٌ: ئەھۋال، ھالەت، كۆچۈرۈلگەن نۇسخا.

كُتُبِيٌّ ج كُتُبِيُّونَ: كىتابچى، كىتاب ساتقۇچى.

مَنْزِلُهُ فِي شَارِعِ الْكُتُبِيِّينَ: ئۇنىڭ ئۆيى كىتابپۇرۇشلار كوچىسىدا.

كَتَّ يَكُتُّ كَتًّا: ساندى، ھېسابلىدى.

كَتَّ الْكَلَامَ فِي أُذُنِهِ: قۇلىقىغا پىچىرلاپ سۆزلىدى.

كَتَّ يَكُتُّ كَتِيتًا: ئاستا ماڭدى، ئالدىرىماي ماڭدى.

كَتَّ يَكِتُّ كَتًّا الْقِدْرُ: قازان قايىندى، پۇرۇقشىدى.

كَتٌّ: قايىنماق، جۇش ئۇرماق.

كُتَّابٌ ج كَتَاتِيبُ: باشلانغۇچ مەكتەپ، خۇسۇسىي مەكتەپ.

كَتَّانٌ: زىغىر.

زَيْتُ بِزْرِ الْكَتَّانِ: زىغىر مېيى.

بِزْرُ الْكَتَّانِ: زىغىر، زىغىر ئۇرۇقى.

الكَتَّانُ: كاناپ، كاناپ رەخت.

كَتَّانِيٌّ: زىغىردىن ئىشلەنگەن.

قُمَاشٌ كَتَّانِيٌّ: كاناپ رەخت.

كَتَّبَ يُكَتِّبُ تَكْتِيبًا: خەت يېزىشنى تەلىم بەردى، ئۆگەتتى.

كَتَّبَ الْجُنُوْدَ: قوشۇننى چوڭ ئەترەتلەرگە بۆلدى.

كَتَّعَ يُكَتِّعُ تَكْتِيْعًا اللَّحْمَ: گۆشنى توغرىدى.

كَتَّفَ يُكَتِّفُ تَكْتِيْفًا: قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ مەھكەم باغلىدى.

كَتَّلَ يُكَتِّلُ تَكْتِيْلًا: يىغدى، توپلىدى.

كَتَّلَ الْعَجِيْنَ: خېمىر قاتارلىقلارنى كاللەك قىلدى.

كَتَّلَ الْقَوْمَ عَلَى خَصْمِهِ: دۈشمىنىگە قارشى قوۋمىنى توپلىدى.

كَتَّمَ يُكَتِّمُ تَكْتِيْمًا الشَّيْءَ: يوشۇردى.

كَتَّنَ يُكَتِّنُ تَكْتِيْنًا: چاپلاشتۇردى، يۇقتۇردى.

كَتْرٌ: ئوتتۇربىسى، كىچىك كاجۇۋا، گۈمبەزدەك يۇمىلاق بىنا.

كِتْرَةٌ: چوڭ تۆگە، گۈمبەز.

كَتَشَ يَكْتُشُ كَتْشًا لِأَهْلِهِ: ئائىلىسى ئۈچۈن ئوقەت قىلدى.

كَتِعَ يَكْتَعُ كَتَعًا: قورۇلۇپ قالدى، يىغىلىپ قالدى.

كُتْعٌ ج كِتْعَانٌ: پەس، ئەسكى، چاكىنا.

كُتْعَةٌ ج كُتَعٌ: كىچىك تۈلكە، كىچىك سوغا.

كَتَفَ يَكْتِفُ كَتْفًا الشَّخْصَ: قولىنى ئارقىغا قىلىپ مەھكەم باغلىدى.

كَتِفَ يَكْتَفُ كَتَفًا: غولى چوڭ بولدى، غوللۇق بولدى، غولى ئاغرىدى، ئاستا ماڭدى.

كَتِفٌ كِتْفٌ ج أَكْتَافٌ: مۈرە، دولا، تارغاق سۆڭىكى.

رَجُلٌ يَعْرِفُ مِنْ أَيْنَ تُؤْكَلُ الْكَتِفُ: ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان ئادەم.

«كَأَنِّيْ أَنْظُرُ إِلَى رَسُوْلِ اللهِ وَعَلَيْهِ عِمَامَةٌ سَوْدَاءُ قَدْ أَرْخَى طَرَفَيْهَا بَيْنَ كَتْفَيْهِ» ‹حديث›: مەن ھازىرمۇ گويا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قارا رەڭلىك سەللە يۆگىۋالغانلىقىنى ۋە سەللىنىڭ ئىككى ئۇچى مۈرىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تاشلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن.

فُلَانٌ لَهُ كَتِفٌ فِي الْإِدَارَةِ: پالانىنىڭ ئىشخانىسىدا يۆلەنچۈكى بار.

أَكْتَافُ الْجِبَالِ: تاغ باغرى.

كَتْكَتَ يُكَتْكِتُ كَتْكَتَةً الشَّخْصُ: كوتۇلدىدى.

كَتْكُوْتٌ ج كَتَاكِيْتُ: چۈجە.

كَتَلَ يَكْتُلُ كَتْلًا ـ ه: قامىدى، سولىدى، تۇتۇپ تۇردى.

كَتِلَ يَكْتَلُ كَتَلًا الشَّيْءُ: چاپلىشىپ قالدى، چاپلىشىپ كاللەك بولۇپ قالدى.

كَتِلَ الْحِمَارُ: ئىشەك ئېغناپ توپا چاپلىشىپ كەتتى.

كُتْلَةٌ ج كُتَلٌ: توپ، گۇرۇھ، كاللەك، نەرسىنىڭ پارچىسى، ئىتتىپاق، مىللەت.

الْكُتْلَةُ الْعَامِلَةُ: ئىشچىلار ئاممىسى.

الْكُتْلَةُ الْقِيَادِيَّةُ: رەھبەرلىك گۇرۇھى.

كُتْلَةُ مُؤَسَّسَاتٍ: ئورگانلار سىستېمىسى.

كُتْلَةٌ مِنَ الْأَعْصَابِ: نېرۋا سىستېمىسى.

كَثْلَكَةٌ: كاتولىك دىنى.

كَتْلُوْجٌ ج كَتْلُوْجَاتٌ: كاتالوگ، مۇندەرىجە.

كَتْلُوْجُ الْأَزْهَارِ: گۈللەر ئەۋرىشكىسى.

كَتْلُوْجُ الْكُتُبِ: كىتابلار كاتالوگى.

كُتْلِوِيٌّ: گۇرۇھقا تەۋە.

تَحَالُفٌ كُتْلِوِيٌّ: گۇرۇھلار ئىتتىپاقى.

كَتَمَ يَكْتُمُ كَتْمًا و كِتْمَانًا: يوشۇردى.

كَتَمَ السِّرَّ: سىر ساقلىدى.

﴿وَقَالَ رَجُلٌ مُّؤْمِنٌ مِّنْ آلِ فِرْعَوْنَ يَكْتُمُ إِيمَانَهُ﴾ «قرآن»: پىرئەۋن خانىدانىغا مەنسۇپ، ئىمانىنى يوشۇرىدىغان بىر مۆئمىن ئادەم ئېيتتى.

كَتَمَ نَفَسَهُ: نەپەس ئالمىدى.

كَتَمَ النَّفَسَ: بوغدى، تۇنجۇقتۇردى.

كَتَمَ النَّارَ: ئوتنى كۆمدى، بېسىپ قويدى.

كَتَمَ الصَّوْتَ: ئاۋازنى پەسەيتتى.

كَتَمُوْا أَفْوَاهَهُمْ: ئۇلار لام-جىم دېمىدى.

كَتْمٌ ، كِتْمَانٌ: يوشۇرماق، مەخپىي تۇتماق.

فِي الْكَتْمِ: مەخپىي، يوشۇرۇن، خۇپىيانە، سىر.

كَتِنَ يَكْتَنُ كَتَنًا: چاپلاشتى، يېپىشتى، يۇقتى.

كَتَنَ الْوَسَخُ عَلَى الثَّوْبِ: كىيىمگە كىر يۇقتى، مەينەت قىلدى.

كَتَنٌ: قۇرۇم، ئىس، قارا كۈيە.

كُتْنَةٌ: گۈلچەمبىرەك.

كَتُوْمٌ ج كُتُمٌ: مەخپىيەتلىكنى چىڭ ساقلىغۇچى.

كَتِيْبَةٌ ج كَتَائِبُ: ھۆججەت، ئىسپات قەغەز؛ مەكتەپ پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى، دىپلوم.

كَتِيْبَةٌ عَسْكَرِيَّةٌ: بىرىگادا، باتالىيون، ئاتلىق قىسىم بىرىگادىسى.

كَتِيْبَةُ شُهَدَاءِ أَقْصَى: ئەقسا شەھىدلەر بىرىگادىسى.

كَتِيْتٌ: قاينىماق، قايناپ تاشماق.

كُتَيِّبٌ: كىتابچە، رىسالە.

كَثَافَةٌ: قويۇق، بولۇق، زىچ.

كَثَافَةُ الْقَوَامِ: زىچلىق، قويۇقلۇق.

كَثَأَ يَكْثَأُ كَثْأً اللَّبَنُ: سۈت قايماق تۇتتى.

كَثَأَ الزَّرْعُ: زىرائەت بولۇق ئۆستى.

كَثَأَتْ أَوْبَارُ الْجِمَالِ: تۆگە يۇڭلۇق بولدى.

كَثَأَتِ اللِّحْيَةُ: بومبا ساقال بولدى.

كَثَبَ يَكْثِبُ كَثْبًا: توپلاندى، توپلاشتى، يىغىلدى؛ ئازلىدى، ئازلاپ كەتتى؛ يېقىنلاشتى.

كَثَبَ اللَّبَنُ: سۈت ئازلىدى.

كَثَبَكَ الصَّيْدُ فَارْمِهِ: ئوۋ يېقىنلاشتى، ئۇنى ئات.

كَثَبٌ: يېقىنلىق، يېقىن بولماق.

كَثَّ يَكِثُّ كَثَاثَةً و كُثُوْثَةً و كَثَّ يَكَثُّ كَثًّا الشَّعْرُ: موي قويۇق بولدى، زىچ بولدى.

كَثَّتْ لِحْيَتُهُ: ساقىلى قويۇق بولدى.

كَثٌّ ، كَثَثٌ ج كِثَاثٌ: قويۇق، زىچ.

رَجُلٌ كَثُّ اللِّحْيَةِ: قويۇق ساقاللىق ئادەم.

كَثَّرَ يُكَثِّرُ تَكْثِيْرًا الشَّيْءَ: كۆپەيتتى، ئاشۇردى.

كَثَّفَ يُكَثِّفُ تَكْثِيْفًا: زىچلاشتۇردى، قويۇقلاشتۇردى.

**كَثَّفَ الزِّرَاعَةَ**: زىرائەتنى قويۇق تېرىدى.

**كَثَّفَ الزَّعِيمُ مِنْ نَشَاطِهِ**: داهىي ئۆزىنىڭ پائالىيىتىنى زىچ ئورۇنلاشتۇردى.

**كَثَّفَ النَّسَّاجُ الْعَبَاءَةَ**: توقۇمىچى پلاشىنى قېلىن توقۇدى.

**كَثَّفَ الْبُخَارَ**: پارنى سۇيۇقلۇققا ئايلاندۇردى.

**كَثُرَ يَكْثُرُ كَثْرَةً وكَثَارَةً الشَّيْءُ**: كۆپەيدى، جىقلىدى، مول بولدى.

**كَثُرَ عَنِ الْحَاجَةِ**: ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتتى.

**كَثُرَ حُدُوثُهُ**: ئارقىمۇئارقا يۈز بەردى.

**كُثْرٌ**: كۆپ، كۆپلۈك، جىقلىق.

**لَايَمْلِكُ مِنَ الْمَالِ قُلًّا وَلَاكُثْرًا**: ھېچقانداق مال ـ مۈلكى يوق.

**كَثْرَةٌ**: كۆپ، نۇرغۇن، جىقلىق.

**كَثْرَةُ الْعَدَدِ**: كۆپ مىقدار، كۆپ سانلىق.

«إِنَّمَا أَهْلَكَ مَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ كَثْرَةُ سُؤَالِهِمْ» ‹حديث›: سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى ئۇلارنىڭ كۆپ سوئال سوراشلىرى ھالاك قىلغان.

«إِيَّاكُمْ وَ كَثْرَةَ الْحَلِفِ فِي الْبَيْعِ» ‹حديث›: تىجارەتتە كۆپ قەسەم قىلىشتىن ساقلىنىڭلار.

**كَثْرَةُ الْإِنْتَاجِ**: ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېشىشى.

**كَثْرَةُ التَّغَيُّرَاتِ**: كۆپ ئۆزگىرىش.

«هَطَلَتِ الْأَمْطَارُ بِكَثْرَةٍ»: يامغۇر مول ياغدى.

**جَمْعُ الْكَثْرَةِ**: ئۇنىنىڭ يۇقىرىسى.

**الْكَثْرَةُ الْكَاثِرَةُ**: كۆپچىلىك.

«نَجَحَتِ الْكَثْرَةُ الْكَاثِرَةُ مِنَ الطُّلَّابِ»: ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھاندا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

**كَثَعَ يَكْثَعُ كَثْعًا اللَّبَنُ**: سۈت قايماق تۇتتى.

**كَثَعَتِ الشَّفَةُ**: لەۋ قىزىرىپ كەتتى.

**كَثَعَةٌ**: لاي، سۇيۇق لاي؛ قايماق؛ قازان قاينىغاندىكى كۆپۈك.

**كَثُفَ يَكْثُفُ كَثَافَةً الشَّيْءُ**: قويۇقلاشتى، زىچلاشتى.

**كَثُفَ النَّسِيجُ**: توقۇلما قېلىن بولدى.

**كَثُفَتِ السُّحُب** بۇلۇت قويۇق بولدى.

**كَثَلَ يَكْثُلُ كَثْلًا الشَّيْءَ**: توپلىدى، يىغدى.

**كَثَمَ يَكْثُمُ كَثْمًا الشَّيْءَ**: توپلىدى، جەملىدى.

**كَثَمَهُ عَنِ الْأَمْرِ**: ئۇنى توسۇدى.

**كَثَمَ الإِثْرَ**: ئەگەشتى، ئىز قوغلىدى.

**كَثِمَ يَكْثَمُ كَثَمًا الرَّجُلُ**: قورسىقى چوڭىيىپ كەتتى.

**كَوْثَرٌ**: نۇرغۇن، كۆپ، مول، ھەممىدىن كۆپ.

**الكَوْثَرُ**: جەننەتتىكى بىر ئۆستەڭ بولۇپ، باشقا ئۆستەڭلەر شۇنىڭدىن ئۇرغۇپ چىقىدۇ.

﴿إِنَّا أَعْطَيْنَاكَ الْكَوْثَرَ﴾ ‹قرآن›: بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق.

**كَوْثَلٌ**: كېمىنىڭ قۇيرۇق قىسمى.

**كَثِيبٌ ج كُثْبَانٌ و كُثُبٌ و أَكْثِبَةٌ**: قۇم دۆۋىسى، قۇم بارخانلىرى، قۇم ئېدىرلىرى.

﴿وَكَانَتِ الْجِبَالُ كَثِيباً مَّهِيلاً﴾ ‹قرآن›: تاغلار بىر دۆۋە تارقاق قۇمغا ئايلىنىدۇ.

**كَثِيثٌ**: قويۇق، زىچ.

**كَثِيرٌ**: كۆپ، نۇرغۇن، تولا، جىق، مول.

«وَادْعُهُ وَاتْرُكِ الأَنَامَ وَإِنْ هُمْ بِقَلِيْلٍ أَتُوْكَ أَوْ بِكَثِيْرٍ»: كىشىلەر مەيلى ساڭا ئازدۇر ـ كۆپتۇر ياخشىلىق قىلىپ قويسۇن، سەن ئۇلارنى قويۇپ ئاللاھقا يۈزلەنگىن.

**كَثِيرُ الْعَدَدِ**: كۆپ ساندا، زور مىقداردا، كۆپ سانلىق.

**كَثِيرًا**: كۆپىنچە، تولىراق.

**كَثِيرُ النِّسْيَانِ**: ئۇنتۇغاق.

«كَثِيْرًا مَانَرَى الْبَرْقَ وَ لَا نَسْمَعُ الرَّعْدَ»: تولا چاغلاردا چاقماقنى كۆرىمىزۇ، گۈلدۈرمامىنى ئاڭلىمايمىز. گۈلدۈرى بار يامغۇرى يوق.

﴿مِنْهُمْ أُمَّةٌ مُّقْتَصِدَةٌ وَكَثِيرٌ مِّنْهُمْ سَاءَ مَا يَعْمَلُونَ﴾

«قرآن»: ئۇلاردىن بىر جامائە تۇغرا يولدىدۇر، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى نېمىدېگەن يامان ئىش قىلغۇچىلار.

كَثِيفٌ ج كِثَافٌ: قويۇق، بولۇق، زىچ.

«زُرِعَتِ الْأَشْجَارُ عَلَى جَانِبَيِ الطَّرِيْقِ بِصُوْرَةٍ كَثِيْفَةٍ»: يولنىڭ ئىككى چېتىگە قويۇق دەرەخ تىكىلدى.

غَابَةٌ كَثِيْفَةٌ: قويۇق ئورمان.

أَشْجَارٌ كَثِيْفَةٌ: قويۇق دەرەخلەر.

كَجَّ يَكُجُّ كَجًّا الصَّبِيُّ: بالا توپ ئويىنىدى.

كُجَّةٌ: كىچىك بالا ئوينايدىغان توپ.

كِحَالٌ: سۈرمە.

كَحْبٌ: غوراب، غورۇ.

كَحَتَ يَكْحَتُ كَحْتًا: يونۇدى.

كَحْتٌ: يونۇماق، قىرماق.

عَمَلِيَّةُ الْكَحْتِ: باليياتقۇنى قىرىش ئوپېراتسىيىسى.

كَحَّ يَكُحُّ كَحًّا: يۆتەلدى.

كَحٌّ: يۆتەل.

أُصِيْبَ بِنَزْلَةٍ فَكَثُرَ كَحُّهُ: زۇكام بولۇپ يۆتىلى كۆپىيىپ كەتتى.

كَحَّالٌ ج كَحَّالُونَ: كۆز دوختۇرى.

كَحَّبَ يُكَحِّبُ تَكْحِيْبًا الْكَرْمُ: ئۈزۈم دان تۈتتى.

كُحَّةٌ ج كُحَّاتٌ: يۆتەل.

كَحَّةٌ ج كَحَّاتٌ: بىر قېتىم يۆتىلىش.

كَحَّلَ يُكَحِّلُ تَكْحِيْلًا الْعَيْنَ: كۆزگە سۈرمە تارتتى، سۈرمە تارتقۇزدى.

كَحَصَ يَكْحَصُ كُحُوصًا الْأَثَرُ: ئىز ئۆچۈپ كەتتى.

كَحَصَ فُلَانٌ: پالانى قاچتى.

كَحَصَ يَكْحَصُ كَحْصًا بِرِجْلِهِ: پۇتى بىلەن ياكى تۇيىقى بىلەن تاتىلىدى.

كَحْكَحَ يُكَحْكِحُ كَحْكَحَةً الشَّخْصُ: يۆتەلدى.

كَحَلَ يَكْحُلُ كَحْلًا الْعَيْنَ: كۆزگە سۈرمە تارتتى.

كَحَلَتِ الْمَرْأَةُ عَيْنَيْهَا: ئايال ئىككى كۆزىگە سۈرمە تارتتى.

كَحَلَ السَّهَارُ عَيْنَيْهِ: ئۇيقۇسى قاچتى.

كَحِلَ يَكْحَلُ كَحْلًا الْعَيْنُ: تەبىئىي سۈرمە كۆز بولدى.

كَحَلٌ: قارا كىرپىك، قارا قاپاق.

كُحْلٌ ج أَكْحَالٌ: سۈرمە؛ كۆز دورىسى.

حَجَرُ الْكُحْلِ: سۈرمە تېشى.

كَحِلٌ: سۈرمە تارتقۇچى، سۈرمىلىك.

كَحْلَاءُ ج كُحْلٌ: قارا، قارا كۆز.

اِمْرَأَةٌ كَحْلَاءُ: قارا كۆز ئايال.

كُحَلِيٌّ ج كُحَلِيُّوْنَ: سۈرمىچى؛ قېنىق كۆك؛ كۆز ئاغرىقى.

قَمِيْصٌ أَزْرَقُ كُحَلِيٌّ: قېنىق كۆك كۆڭلەك.

كُحُوْلٌ: ئىسپىرت.

تَنَاوُلُ الْكُحُوْلِ مُضِرٌّ بِالصِّحَّةِ: ئىسپىرتلىق ئىچىملىك ئىچىش سالامەتلىككە زىيانلىق.

كُحُوْلِيٌّ: ئىسپىرتلىق.

كَحَى يَكْحِي كَحْيًا الشَّيْءَ: نەرسە بۇزۇلدى.

كَحِيْلٌ: سۈرمە تارتقۇچى، سۈرمىلىك؛ ئىسپىرتلىق.

فَرَسٌ كَحِيْلٌ: ئېسىل ئات، ئارغىماق.

كَحِيْلَةٌ: سۈرمە تارتقۇچى، سۈرمىلىك.

كَخَّ يَكِخُّ كَخًّا: خورەك تارتتى.

كَدَا يَكْدُو كَدْوًا وَكُدُوًّا الزَّرْعُ: ئۆسۈملۈك ئاستا ئۆستى.

كَدَا يَكْدُو كَدَاءً الشَّيْءَ: نەرسىنى ئۈزدى، كەستى.

كَدَا يَكْدُو كَدْوًا وَجْهَهُ: ئۇنىڭ يۈزىنى مورلىۋالدى.

كَدَارَةٌ: پاسكىنا بولماق، خۇنۇك بولماق، تۇتۇق بولماق.

كَدَجَ يَكْدَجُ كَدْجًا الرَّجُلُ: يەتكۈدەك ئىچتى، بولۇشىچە ئىچتى، قانغۇدەك ئىچتى.

كَدَحَ يَكْدَحُ كَدْحًا فِي الْعَمَلِ: ئىش بىلەن مەشغۇل

بولدى، تىرنىشىپ ئىشلىدى.

كَدَحَ الْعَامِلُ: ئىشچى جاپالىق ئىشلىدى.

كَدَّ يَكُدُّ كَدًّا: تىرىشىپ ئىشلىدى، جاپالىق ئىشلىدى.

كَدَّ الرَّجُلَ: كىشىنى جاپاغا قويدى، چارچىتىۋەتتى.

يَكُدُّ الْأَبُ عَلَى عِيَالِهِ كُلَّ يَوْمٍ: ئاتا ئائىلىسىنى بېقىش ئۈچۈن ھەر كۈنى جاپا چېكىدۇ.

كَدَّهُ الصَّيْدُ فِي الْبَحْرِ: دېڭىزدا ئوۋ ئوۋلاش ئۇنى چارچىتىۋەتتى.

كَدٌّ: جاپالىق ئىشلىمەك، قاتتىق ئىشلىمەك.

لَيْسَ هَذَا مِنْ كَدِّكَ: بۇ سېنىڭ جاپالىق ئىشلىشىڭدىن كەلگەن ئەمەس.

كُدَّاسٌ ج كَوَادِسُ: دۆۋە، توپ.

كَدَّرَ يُكَدِّرُ تَكْدِيرًا الْمَاءَ: سۇنى بۇلغىدى، سۇنى دۇغ قىلىۋەتتى.

كَدَّرَ الرَّجُلَ: كىشىنى بىئارام قىلدى، مالال قىلدى، زېرىكتۈردى.

كَدَّرَ إِحْسَاسَاتَهُ: كۆڭلىنى ئاغرىتتى.

تُكَدِّرُ صَفْوَ حَيَاتِهِ: ئۇنىڭ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشىنى بۇزۇۋاتىدۇ.

كَدَّسَ يُكَدِّسُ تَكْدِيسًا الْأَشْيَاءَ: نەرسىلەرنى دۆۋىلىدى.

كَدَّسَ الْمَالَ: مالنى خەزىنە قىلىپ ساقلىدى.

كَدَّى يُكَدِّي تَكْدِيَةً: تىلەمچىلىك قىلدى، سائىللىق قىلدى.

كَدَرَ يَكْدُرُ وَكَدُرَ يَكْدُرُ كَدَارَةً وَكُدُورَةً وَكُدْرَةً: غۇۋا بولدى، خۇنۇك بولدى، دۇغ بولدى، پاسكىنا بولدى.

كَدَرَ عَلَى فُلَانٍ: پالانىغا غەزەپلەندى.

كَدَرَ الْعَيْشُ: تۇرمۇش جاپالىق بولدى، كۆڭۈلسىز بولدى.

كَدِرَ يَكْدَرُ كَدَرًا الْمَاءُ: سۇ دۇغ بولدى، بۇلغاندى.

كَدِرَ الْعَيْشُ: تۇرمۇش جاپالىق بولدى، كۆڭۈلسىز بولدى.

كَدِرَ عَلَيْهِ: غەزەپلەندى، ئاچچىقلاندى.

كَدِرٌ: دۇغ، پاسكىنا.

كَدَرٌ، كُدْرَةٌ: دۇغ؛ غەم-قايغۇ، خاپىلىق.

كُدْرَةُ اللَّوْنِ: تۇتۇق رەڭ.

كَدَسَ يَكْدِسُ كَدْسًا الْحَصِيدَ: ئۇنچىنى يىغدى.

كُدْسٌ ج أَكْدَاسٌ: دۆۋە، توپلانما، ئاشلىق دۆۋىسى.

كُدْسُ الشَّعِيرِ: ئارپا دۆۋىسى.

أَكْدَاسُ الْكُتُبِ: كىتابلار دۆۋىسى.

أَكْدَاسٌ مُكَدَّسَةٌ: دۆۋە-دۆۋە.

«فِي الْمِينَاءِ أَكْدَاسٌ مُكَدَّسَةٌ مِنَ الْبَضَائِعِ»: پورتتا دۆۋە-دۆۋە ماللار بار.

أَكْدَاسُ الرَّمْلِ: قۇم بارخانلىرى.

كَدَشَ يَكْدِشُ كَدْشًا: تاتىلىدى، مورلىدى.

كَدَشَ لِعِيَالِهِ: ئائىلىسى ئۈچۈن كەسىپ قىلدى.

كَدَشَهُ: ئۇنى ئۇردى، چاپتى؛ قوغلىدى، ھەيدىدى.

كَدَعَ يَكْدَعُ كَدْعًا فُلَانًا: پالانىنى ئىتتىرىۋەتتى.

كُدْعَةٌ: خار.

كَدَمَ يَكْدِمُ كَدْمًا الشَّخْصَ: چىشلەپ ئىز قالدۇرۇپ قويدى.

كَدَمَ الصَّيْدَ: ئوۋنى قوغلاپ تۇتۇۋالدى.

كَدَمَ فِي غَيْرِ مُكْدَمٍ: قارىغۇلارچە قوغلاشتى، ئېرىشەلمەيدىغان نەرسىنى تەلەپ قىلدى.

كَدْمٌ ج كُدُومٌ: قاتتىق زەخىملىنىش.

«عَلَى جِسْمِهِ كُدُومٌ بِسَبَبِ التَّعْذِيبِ»: ئۇنىڭ بەدىنىدە قىيناش سەۋەبىدىن قالغان ئۇرغۇن ئىزلار بار.

كَدْمَةٌ ج كَدَمَاتٌ: ئىز، بەلگە.

كَدْمَةٌ عَمِيْقَةٌ: قاتتىق چىشلەش.

كَدَنَ يَكْدُنُ كَدْنًا بِثَوْبِهِ: بەلۋاغ باغلىدى.

كَدِنَ يَكْدَنُ كَدَنًا: سەمرىپ كەتتى.

كَدَنٌ: دۇغ، خۇنۇك.

كَدَهَ يَكْدَهُ كَدَهًا الشَّيْءَ: نەرسىنى سۇندۇرۇۋەتتى، چېقىۋەتتى.

كَدَهَ شَعْرَهُ بِالْمِشْطِ: چېچىنى تارىدى.

كَدُوْدٌ: جاپاكەش، ھېرىپ-چارچاپ ئىشلىگۈچى.

كَدُوْرٌ. كَدُوْرَةٌ: پاسكىنا بولماق، خۇنۇك بولماق، تۇتۇق بولماق.

كَدَى يَكْدِيْ كَدْيًا الرَّجُلُ: كىشى بېخىللىق قىلدى، پىخسقلىق قىلدى.

كُدْيَـةٌ ج كُـدًى: تىلەمچىلىك، سائىللىق، قاتتىقچىلىق.

أَصَابَتْهُمْ كُدْيَةٌ: ئۇلارغا قاتتىقچىلىق يەتتى.

أَهْلُ الْكُدْيَةِ: تىلەمچىلەر.

إِنَّهُ لَسَرِيْعُ الْكُدَى: ئۇنىڭ ئاچچىقى يامان، تەرسا.

كَذَا: شۇنداق، شۇنىڭدەك، شۇنىڭغا ئوخشاش.

«فَعَلْتَ كَذَا بِمَدِيْنَةِ كَذَا وَ قُلْتَ كَذَا بِمَكَانِ كَذَا وَ كَذَا»: پالانى شەھەردە پوكۇنى ئىشنى قىلدىڭ، پالانى جايدا شۇنداق دېدىڭ.

«عِشْتُ كَذَا سَنَوَاتٍ فِي الْغُرْبَةِ»: شۇنچە يىللارنى غۇربەتچىلىكتە ئۆتكۈزدۇم.

﴿أَهَكَذَا عَرْشُكِ﴾ «قۇرئان»: سېنىڭ تەختىڭ مۇشۇنداقمۇ؟

كَذَالِكَ: شۇنداق، شۇنداقلا، شۇنداق قىلىپ، دېمەك.

كَذَبَ يَكْذِبُ كَذِبًا وَ كِذْبًا وَ كِذَابًا وَ كَذِّبَةً: يالغان ئېيتتى، يالغانچىلىق قىلدى.

كَذَبَ عَلَيْهِ: ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىدى.

كَذَبَتْكَ عَيْنُكَ: كۆزۈڭ سېنى ئالداپتۇ.

﴿وَإِنْ كَانَ قَمِيصُهُ قُدَّ مِن دُبُرٍ فَكَذَبَتْ وَهُوَ مِن الصَّادِقِينَ﴾ «قۇرئان»: يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكى ئارقىسىدىن يىرتىلغان بولسا، ئۇنىڭ (يەنى زۇلەيخانىڭ) سۆزى يالغان، يۇسۇفنىڭ سۆزى راست.

«الرَّائِدُ لَايَكْذِبُ أَهْلَهُ» «مەسەل»: باشلامچى ئۆز ئادەمىنى ئالدىمايدۇ.

كِذْبٌ، كَذِبٌ: يالغانچىلىق، يالغان سۆز.

﴿وَإِن يَكُ كَاذِباً فَعَلَيْهِ كَذِبُهُ﴾ «قۇرئان»: ئەگەر ئۇ يالغانچى بولسا، يالغانچىلىقنىڭ زىيىنى ئۆزىگىدۇر.

كِذْبَةٌ: يالغان سۆز، يالغان-ياۋىداق گەپ، ئويدۇرما.

كَذَّ يَكُذُّ كَذًّا الشَّيْءُ: نەرسە قاتتىق بولدى.

كَذَّابٌ ج كَذَّابُوْنَ: يالغانچى، ئالدامچى، كاززاپ، تۆھمەتخور.

﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي مَنْ هُوَ مُسْرِفٌ كَذَّابٌ﴾ «قۇرئان»: ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقان يالغانچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

كِذَّابٌ: يالغان، يالغانچىلىق.

﴿لَّا يَسْمَعُونَ فِيهَا لَغْواً وَلَا كِذَّابا﴾ «قۇرئان»: ئۇلار جەننەتتە يالغان سۆز ۋە بىھۇدە سۆز ئاڭلىمايدۇ.

كَذَّبَ يُكَذِّبُ تَكْذِيْبًا: ئۇنى يالغانغا چىقاردى.

كَذَّبَ الْقَوْلَ: سۆزنى يالغانغا چىقاردى.

كَذَّبَ نَفْسَهُ: ئۆزىنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

كَذَّبَ الشَّاهِدَ: گۇۋاھچىنى يالغانغا چىقاردى.

كَذَّبَ بِالْأَمْرِ: ئىنكار قىلدى.

﴿وَكَذَّبَ بِهِ قَوْمُكَ وَهُوَ الْحَقُّ﴾ «قۇرئان»: قۇرئان ھەق تۇرسا، ئۇنى قوۋمىڭ ئىنكار قىلدى.

«مَا كَذَّبَ أَنْ فَعَلَ كَذَا»: ئۇ دەرھال قىلدى، كېچىكمىدى.

كَذُوبٌ: يالغانچى، ئالدامچى، كاززاپ، تۆھمەتخور.

كَرَا يَكْرُو كَرْوًا الطِّفْلُ: بالا توپ ئوينىدى.

كَرَا الْأَرْضَ: يەرنى كولىدى، قازدى.

كَرَا الشَّيْءَ: نەرسىنى يۇمىلاتتى.

كِرَاءٌ: ئىش ھەققى، كىرا.

كِرَاءُ الْأَرْضِ: يەر ئىجارىسى.

كِرَاءُ الْبَيْتِ: ئۆي ئىجارىسى.

كِرَاءُ الْعَمَلِ: ئىش ھەققى.

كِرَاءُ شِرْكَةِ السَّيَّارَاتِ: كىرا ماشىنىسى شىركىتى.

كَرَازٌ: گىلاس.

كُرَازٌ ج كِرْزَانٌ: سۇدان، سۇ قاچىسى.

كُرَاعٌ ج أَكْرُعٌ وأَكَارِعُ: پاچاق، شىراق.

«لَوْ دُعِيتُ إِلَى كُرَاعٍ أَوْ ذِرَاعٍ لَأَجَبْتُ» ‹حديث›: ئەگەر مەن قوينىڭ سانى ياكى قولى بىلەن مېھمان بولۇشقا چاقىرىلسام، ئەلۋەتتە باراتتىم.

كُرَاعِيٌّ ج كُرَاعِيُّونَ: پاچاق ساتقۇچى، پاچاقچى.

كَرَافَةٌ: گالستۇك.

كَرَاكَةٌ: لاي قازغۇچ كېمە.

كَرَاكِيٌّ: موكا بېلىق.

كَرَامَةٌ ج كَرَامَاتٌ: ھۆرمەت، ئىززەت، شەرەپ، ئۇلۇغلۇق، مەردلىك؛ شۆھرەت، ئابروي؛ ھەيۋەتلىك؛ سۇرلۇك؛ مۆجىزە، ئاللاھتائالا ئەۋلىيالىرىغا مۇيەسسەر قىلىپ بېرىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار.

كَرَامَةُ الْإِنْسَانِ: ئىنسانپەرۋەرلىك، ئىنسان ھۆرمىتى.

حُبًّا وَكَرَامَةً: چىن كۆڭلىدىن، چوڭقۇر ئۇمىد بىلەن.

وَلِيٌّ صَاحِبُ كَرَامَاتٍ: كارامەت ئىگىسى ئەۋلىيا.

كَرَاهَةٌ: يامان كۆرمەك، ئۆچ كۆرمەك، يىرگەنمەك، نەپرەتلەنمەك.

كَرَاهَةُ التَّدْخِينِ: تاماكىدىن يىرگەنمەك.

كَرَاهَةٌ عُنْصُرِيَّةٌ: ئىرقىي كەمسىتىش.

كَرَاهِيَةٌ: بىزار قىلىدىغان، زېرىكتۈرىدىغان، نەپرەتلەنمەك، ئۆچ كۆرمەك.

عَنْ كَرَاهِيَةٍ: مەجبۇرىي، زورلۇق بىلەن.

كَرَاوِيَا: ئارپىبەدىيان.

كَرَبَ يَكْرُبُ كَرْبًا الْأَمْرُ الشَّخْصَ: ئىش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى، قاتتىق كەلدى.

كَرَبَ الْأَرْضَ: يەرنى ھەيدىدى، ئاغدۇردى.

كَرَبَهُ الْغَمُّ: قاتتىق غەمدە قالدى.

كَرَبَتْهَا الْمَشَاكِلُ: ئۇنىڭغا ئېغىرچىلىقلار كەلدى.

كَرَبَ الْحَبْلَ: ئارغامچا ئەشتى.

كَرَبَ يَكْرُبُ كَرُوبًا: يېقىنلاشتى، يېقىن قالدى.

كَرَبَ يَفْعَلُ كَذَا: ئۇ بۇنى قىلغىلى تاس قالدى.

كَرَبَتِ الشَّمْسُ: كۈن ئولتۇراي دەپ قالدى.

كَرَبَ يَكْرُبُ كَرْبًا وَ كِرَابًا الْأَرْضَ لِلزَّرْعِ: يەرنى تېرىش ئۈچۈن ئاغدۇردى.

كَرِبَ يَكْرَبُ كَرَبًا الرَّجُلُ: قايغۇردى، غەم قىلدى.

كَرْبٌ ج كُرُوبٌ: غەم، قايغۇ، خاپىلىق.

﴿وَنَجَّيْنَاهُ وَأَهْلَهُ مِنَ الْكَرْبِ الْعَظِيمِ﴾ ‹قرآن›: بىز ئۇنى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنى چوڭ غەمدىن قۇتقۇزدۇق.

«لِقَاءُ الْخَلِيلِ يُفَرِّجُ الْقُلُوبَ وَ فِرَاقُهُ يُهَيِّجُ الْكُرُوبَ»: دوست بىلەن ئۇچرىشىش دىللارنى سۆيۈندۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىش قايغۇلارنى قوزغايدۇ.

كَرِبٌ: قايغۇلۇق، كۆلپەتلىك، كۆڭلى يېرىم.

كِرْبَاجٌ ج كَرَابِيجُ: قامچا.

ضَرَبَهُ بِالْكِرْبَاجِ: ئۇنى قامچىلىدى، ساۋىدى.

يَدُ الْكِرْبَاجِ: قامچا سېپى.

كِرْبَاسٌ ج كَرَابِيسُ: پاختا رەخت، يىپ رەخت.

كِرْبَالٌ ج كَرَابِيلُ: پاختا ئېتىش ماشىنىسى؛ ئوقيا.

كُرْبَةٌ ج كُرَبٌ: غەم، قايغۇ، خاپىلىق.

«مَنْ نَفَّسَ عَنْ مُؤْمِنٍ كُرْبَةً مِنْ كُرَبِ الدُّنْيَا نَفَّسَ اللّٰهُ عَنْهُ كُرْبَةً مِنْ كُرَبِ يَوْمِ الْقِيَامَةِ» «حديث»: كىمكى دۇنيا ئېغىرچىلىقلىرىدىن بىر ئېغىرچىلىقنى مۇئمىندىن كۆتۈرۈۋەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنىنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىدىن بىر ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ.

فَرَّجَ اللّٰهُ كُرْبَتَكَ: ئاللاھ غەم-قايغۇڭدىن خالاس قىلسۇن.

كَرْبُونٌ: كاربون، تاشكۆمۈر يېغى، ئېلېكترئوگول (خىمىيىلىك ئېلېمېنت).

وَرَقُ الْكَرْبُونِ: قارا قەغەز، كاربونلۇق قەغەز.

كَرْبُونَاتٌ، كَرْبُونَاةٌ: كاربوناتلار، كاربونات كىسلاتا تۇزى.

كَرْبُونَاتُ الصَّوْدَا: ناترىي گىدرو كاربونات.

كَرْبُونِيٌّ: كاربونلۇق.

حَامِضٌ كَرْبُونِيٌّ: كاربون ئىككى ئوكسىدى.

الْفُولَاذُ الْكَرْبُونِيُّ: كاربونلۇق پولات.

كُرَةٌ ج كُرَاتٌ: يۇمىلاق جىسىم، شارسىمان جىسىم.

الْكُرَةُ الْأَرْضِيَّةُ: يەر شارى.

كُرَةُ الرِّيشِ: پەي توپ.

كُرَةُ السَّلَّةِ: ۋاسكېتبول.

كُرَةُ الطَّاوِلَةِ: تىكتاك توپ.

كُرَةُ الطَّائِرَةِ: ۋالىبول.

كُرَةُ الْقَدَمِ: پۇتبول.

كُرَةُ اللَّعِبِ: پوكزەك، توپ.

كُرَةُ الْمَاءِ. الْكُرَةُ الْمَائِيَّةُ: سۇ توپى.

كُرَةُ الْكَوَاكِبِ: گلوبۇس.

الْكُرَةُ السَّمَاوِيَّةُ: ئاسمان شارى.

كَرَثَ يَكْرُثُ كَرْثًا الْغَمّ فُلَانًا: پالاننى غەم-قايغۇ بېسىۋالدى.

كَرِجَ يَكْرَجُ كَرَجًا الْخُبْزُ: نان كۆكىرىپ قالدى، پاختىلىشىپ قالدى.

كَرَخَ يَكْرَخُ كَرَخًا الْمَاءَ: سۇنى باشلىدى.

كَرَدَ يَكْرُدُ كَرْدًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ئۈزۈۋەتتى، كېسىۋەتتى.

كَرَدَهُ: ئۇنى توسۇدى، قوغلىۋەتتى.

كَرَدَ الدَّابَّةَ: ئۇلاغنى ھەيدىدى.

كَرْدَسَ يُكَرْدِسُ كَرْدَسَةً: ئۇششاق چامداپ ماڭدى، دەلدەڭشىدى.

كَرْدَمٌ ج كَرَادِمُ: پاكار، پاكىنەك، پەتەك.

كَرْدُوسَةٌ ج كَرَادِيسُ: ئاتلىق ئەسكەرلەر باتالىيونى.

كَرْدُومٌ ج كَرَادِيمُ: پاكار، پاكىنەك، پەتەك.

كَرَّ يَكِرُّ كَرًّا وَ كُرُورًا: قايتتى، ياندى.

كَرَّ اللَّيْلُ وَ النَّهَارُ: كېچە بىلەن كۈندۈز ئالماشتى.

كَرَّ عَلَى الْعَدُوِّ: دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلدى.

كَرَّ عَلَيْهِ الْحَدِيْثَ: سۆزنى ئۇنىڭغا قايتىلىدى.

كَرَّ يَكِرُّ كَرِيرًا: خىرقىرىدى، خارقىرىدى.

كَرٌّ: قايتماق، يانماق، ئالماشماق؛ ھۇجۇم قىلماق.

كَرُّ الْأَزْمَانِ: زامانلارنىڭ ئۆتۈشى، ۋاقىتلارنىڭ ئۆزگىرىشى.

الْكَرُّ وَالْفَرُّ: ھۇجۇم قىلىش ۋە چېكىنىش.

الْحَرْبُ كَرٌّ وَ فَرٌّ: ئۇرۇش ھۇجۇم قىلىش ۋە چېكىنىش بىلەن بولىدۇ.

عَلَى كَرِّ الْأَيَّامِ: كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن.

كَرٌّ ج كُرُورٌ: ئارغامچا، ئارقان.

كُرٌّ: كىيىم.

كُرٌّ ج كِرَارٌ: قۇدۇق.

كُرَّاثٌ: كۆدە، جۇسەي.

كَرَّازٌ ج كَرَارِيزُ: قويچى خورجۇننى ئارتىپ قويىدىغان قوچقار.

كُرَّاسٌ ج كَرَارِيسُ. كُرَّاسَةٌ ج كَرَارِيسُ: مەشىق دەپتىرى، دەپتەر؛ كىتابنىڭ بىر قىسمى؛ نۇسخا، ئۈلگە، ئۆرنەك؛ كىتابچە، رىسالە.

كَرَّامٌ ج كَرَّامُونَ: ئۈزۈمچى، ئۈزۈمزار ئىگىسى.

**كَرَّةٌ ج كَرَّاتٌ:** بىر قېتىم، بىر مەررە، بىر كەررە؛ يۈز مىڭ.

**كَرَّةً أُخْرَى:** يەنە بىر قېتىم.

**كَرَّةً مُضَادَّةً:** قايتۇرما ھۇجۇم.

﴿وَقَالَ الَّذِينَ اتَّبَعُواْ لَوْ أَنَّ لَنَا كَرَّةً﴾ «قرآن»: ئەگەشكۈچىلەر: «كاشكى (دۇنياغا) قايتىشقا بولسا ئىدى»، دەيدۇ.

**أَعَادَ الْكَرَّةَ:** قايتۇرما ھۇجۇم قىلدى.

**كَرَّرَ يُكَرِّرُ تَكْرَارًا:** تەكرارلىدى، قايتىلىدى.

**كَرَّرَتْ سُؤَالَهَا عَلَى أُمِّهَا:** ئانىسىغا سوئالنى تەكرارلىدى.

**كَرَّسَ يُكَرِّسُ تَكْرِيسًا الْبِنَاءَ:** بىناغا ئۇل قويدى.

**كَرَّسَ الشَّيْءَ:** بىر-بىرىنى قوشتى.

**كَرَّسَهُ:** بەلگىلىدى، بېغىشلىدى.

**كَرَّسَ حَيَاتَهُ لِخِدْمَةِ الْعِلْمِ:** ھاياتىنى ئىلىمگە بېغىشلىدى.

**كَرَّشَ يُكَرِّشُ تَكْرِيشًا وَجْهَهُ:** قوشۇمىسىنى تۈردى.

**كَرَّصَ يُكَرِّصُ تَكْرِيصًا:** ئىرىمچىك يېدى.

**كَرَّكَ يُكَرِّكُ تَكْرِيكًا —تِ الدَّجَّاجَةُ:** مېكىيان كۈرۈك بولۇپ قالدى.

**كَرَّمَ يُكَرِّمُ تَكْرِيمًا:** ھۆرمەتلىدى، قەدىرلىدى.

**كَرَّمَهُ:** ئۇنىڭ قەدىرىگە يەتتى، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەردى، ئۇنى ئەتىۋارلىدى.

**كَرَّمَ اللهُ وَجْهَهُ:** ئاللاھ ئۇنىڭغا شان-شەرەپ ئاتا قىلسۇن.

﴿وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ﴾ «قرآن»: شەك-شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق.

**كَرَّهَ يُكَرِّهُ تَكْرِيهًا:** زېرىكتۈردى، بىزار قىلدى.

﴿وَكَرَّهَ إِلَيْكُمُ الْكُفْرَ وَالْفُسُوقَ وَالْعِصْيَانَ﴾ «قرآن»: سىلەرگە پىسقنى، كۇفرىنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتتى.

**كَرَزَ يَكْرِزُ كُرُوزًا:** يوشۇرۇندى، كىردى؛ داخىل بولدى.

**كَرَزَ إِلَيْهِ:** پاناھلىق تىلىدى، مايىل بولدى.

**كَرَزٌ:** گىلاس، گىلاس دەرىخى.

**كُرْزٌ ج أَكْرَازٌ وَ كِرَزَةٌ:** پادىچىنىڭ خۇرجۇنى.

**كَرْزَةٌ ج كَرَزَاتٌ:** بىر تال گىلاس.

**كَرْزَمَةٌ:** چۈشلۈك تاماق.

**كَرْزَنٌ:** پالتا، ئايپالتا.

**كِرْزِينٌ:** پالتا، ئايپالتا.

**كَرِسَ يَكْرَسُ كَرَسًا الرَّجُلُ:** ئىلىمغا توشتى، ئالىم بولدى.

**كَرْسَعَ يُكَرْسِعُ كَرْسَعَةً الرَّجُلُ:** قاتىردى، يۈگۈردى.

**كَرْسَفَ يُكَرْسِفُ كَرْسَفَةً الدَّابَّةَ:** ھايۋاننىڭ پەيىنى كېسىۋەتتى.

**كَرْسَفَ الْجَمَلَ:** تۆگىنى چىڭ چۈشىۋەتتى.

**كُرْسُفٌ:** پاختا.

**كُرْسُوعٌ ج كَرَاسِيعُ:** بېغىش سۆڭىكى.

**كُرْسُوعُ الْقَدَمِ:** ئوشۇق سۆڭىكى.

**كُرْسِيٌّ ج كَرَاسِيٌّ و كَرَاسٍ:** ئورۇندۇق.

**كُرْسِيٌّ بِمَسَانِدَ:** يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق.

**كُرْسِيّ الْآدَابِ:** ئەدەبىيات كافېدراسى.

**كُرْسِيّ الْخِلَافَةِ:** خەلىپىلىك تەخت، خەلىپىلىك دۆلەت پايتەختى.

**كُرْسِيّ الْمَلِكِ:** پادىشاھنىڭ تەختى، پادىشاھلىق ئورۇن.

**كُرْسِيّ الْمَمْلَكَةِ:** پايتەخت.

**أُسْتَاذٌ كُرْسِيٌّ:** پروفېسسور.

**آيَةُ الْكُرْسِيِّ:** ئايەتۇلكۇرسى (سۈرە بەقەرەنىڭ 255 ـ ئايىتى).

**كُرْسِيّ خَيْزُرَانٍ:** بامبۇك چىۋىقتىن توقۇلغان ئورۇندۇق.

**كُرْسِيّ اللُّغَةِ الْعَرَبِيَّةِ:** ئەرەب تىلى كافېدراسى.

**كُرْسِيٌّ مُرِيحٌ:** يۇمشاق ئورۇندۇق.

كُرْسِيٌّ هَزَّازٌ: ھەرىكەتچان ئورۇندۇق.

كُرْسِيٌّ دَائِرٌ: ئايلىنىدىغان ئورۇندۇق.

كَرِشَ يَكْرَشُ كَرَشًا الْوَجْهُ: يۈز قورۇلدى، قورۇق چۈشتى.

كِرْشٌ ج كُرُوشٌ و أَكْرَاشٌ: كۆشىگۈچى ھايۋانلارنىڭ ئاشقازىنى؛ كىشىنىڭ يېقىنلىرى.

«الْأَنْصَارُ كَرِشِيْ وَ عَيْبَتِيْ» ‹حديث›: ئەنسارلار مېنىڭ يېقىنلىرىم ۋە ئىشەنچلىك كىشىلىرىم.

كَرَصَ يَكْرِصُ كَرْصًا الشَّيْءَ: نەرسىنى يانجىدى، قولى بىلەن سىقتى.

كَرَضَ يَكْرُضُ كَرْضًا الشَّيْءَ: توپلىدى، يىغدى، جەملىدى.

كَرَعَ يَكْرَعُ كَرْعًا وَ كُرُوْعًا فِي الْمَاءِ: سۇ ئوتلىدى، ئىچتى.

«كَرَعَ مِنْ مَنَاهِلِ الْعِلْمِ»: ئىلىم بۇلاقلىرىدىن ئىچتى.

كَرَعٌ: ئىچىلىدىغان يامغۇر سۈيى.

رِجَالٌ كَرَعٌ: چاكىنا ئادەملەر.

كَرَفَ يَكْرِفُ كَرْفًا وَ كَرَافًا الشَّيْءَ: نەرسىنى پۇرىدى.

كَرَفَ الْحِمَارُ: ئېشەك تېزەكنى پۇراپ بېشىنى كۆتۈردى، تۇمشۇقىنى ئاسمانغا قىلدى.

كَرْفَأَ يُكَرْفِأُ كَرْفَأَةً الْقَوْمُ: قوۋم ئارىلىشىپ كەتتى.

كَرْفَأَ الشَّعْرُ: چاچ چىگىچلىشىپ كەتتى.

كَرْفَسَ يُكَرْفِسُ كَرْفَسَةً: لەلەگشىپ ماگدى، سۆرۈلۈپ ماگدى.

كَرْفَسَ الْحَيْوَانَ: ھايۋاننى چۈشەپ قويدى.

كَرَفْسٌ: چىگسەي، كەرەپشە.

كُرُكٌ: خۇرۇم سومكا، خۇرۇم چاپان.

كَرْكَبَةٌ: قالايمىقانلاشتۇرماق.

كَرْكَةٌ: دىستىللىياتور، دۈملەش قازىنى.

كَرْكَدَّنُ: كەركىدان.

كَرْكَرَ يُكَرْكِرُ كَرْكَرَةً فِي الضِّحْكِ: قاقاقلاپ كۈلدى.

كَرْكَرَ الْمَاءُ: سۇ شارقىرىدى.

كَرْكَرَ الْأَمْرَ: ئىشنى تەكرارلىدى، قايتىلىدى.

كَرْكَرَ الدَّجَّاجَةُ: توخۇ قاقاقلىدى.

كَرْكَرَ الرَّحَى: تۈگمەننى چۆرگىلەتتى.

كَرْكَرَ الْحِجَارَةَ عَلَى الطَّرِيْقِ: يولغا قايتا تاش ياتقۇزدى.

كَرْكَرٌ: چايكا، بېلىقئالغۇچ.

كَرْكَرَةٌ: قاتتىق كۈلمەك، قاقاقلاپ كۈلمەك.

كَرْكُوْبَةٌ ج كَرَاكِيْبُ: كونا ئۆي جاھازلىرى.

كُرْكِيٌّ ج كَرَاكِيّ: سۇر تۇرنا.

كَرُمَ يَكْرُمُ كَرَمًا وَ كَرَمَةً وَ كَرَامَةً: ئېسىل بولدى، ئالىيجاناب بولدى، قەدىرلىك بولدى.

كَرُمَ الرَّجُلُ: كىشى مەرد بولدى.

كَرُمَ السَّحَابُ: يامغۇر مول ياغدى.

كَرَمٌ: سېخىيلىك، مەردلىك، مەرھەمەت، خەير-ئېھسان.

كَرَمُ الْأَخْلَاقِ: ئەخلاقلىق.

كَرَمُ الْمَحْتِدِ: ئېسىل نەسەبلىك، ساخاۋەتلىك.

أَرْضٌ كَرَمٌ: مۇنبەت يەر.

كَرَمًا: سېخىيلىقتا، مەردلىكتە، شەپقەت قىلىپ، مەرھەمەت يۈزىسىدىن.

كَرْمٌ ج كُرُوْمٌ: باغچە، بوستانلىق، مېۋىلىك باغچە؛ ئۈزۈم.

كَرْمُ العِنَبِ: ئۈزۈملۈك، ئۈزۈمزار.

إِبْنَةُ الْكَرْمِ: ئۈزۈم ھارىقى، مۇسەللەس.

زِرَاعَةُ الْكَرْمِ: تال تىكىش، ئۈزۈم قويۇش.

كَرْمَشَ يُكَرْمِشُ كَرْمَشَةً: قوشۇمىسىنى تۈردى، چىرايىنى پۈرۈشتۈردى.

كَرْمَشَةٌ ج كَرَامِشٌ: قورۇق، پۈرۈك.

كِرْنَافٌ ج كَرَانِيْفُ: قالدۇق نەرسە، ئاشقان-تاشقان؛ ھارام شاخ.

كِرْنَافُ الْبُنْدُقِيَّةِ: مىلتىق پايىنىكى.

**كُرُنْبٌ ، كُرُنَبٌ:** كاللەك سەي، كاپۇستا.

**كَرْنَفَ يُكَرْنِفُ كَرْنَفَةً:** قىرقىدى، پۇتىدى، ياسىدى.

**كَرِهَ يَكْرَهُ كَرْهًا وَ كَرَاهِيَةً وَ كَرَاهَةً وَ مَكْرَهَةً الشَّيْءَ:** نەرسىنى ياقتۇرمىدى، ياخشى كۆرمىدى، ئۆچ كۆردى، نەپرەتلەندى.

**«إِنِّي أَكْرَهُ مَايَفْعَلُهُ الْمُنَافِقُ»:** ئىككى يۈزلىمچىنىڭ ئىشلىرىنى مەن يامان كۆرىمەن.

**﴿وَاللّهُ مُتِمُّ نُورِهِ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُونَ﴾** «قۇرئان»: كۇففارلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئۆزىنىڭ نۇرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر.

**«مَاعَابَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ طَعَامًا إِنْ اِشْتَهَاهُ أَكَلَهُ وَإِنْ كَرِهَهُ تَرَكَهُ»** «حديث»: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچقاچان تاماقنى كەمسىتمىگەندى، كۆڭلى تارتسا يەيتتى، كۆڭلى تارتمىسا قويۇپ قوياتتى.

**كَرُهَ يَكْرُهُ كَرَاهَةً وَ كَرَاهِيَةً:** زېرىكىشلىك بولدى، يامان بولدى، قەبىھ بولدى، مەكرۇھ بولدى.

**كَرُهَتْ رَائِحَةُ الْقَنَوَاتِ:** قانالّلار سېسىق پۇرىدى.

**كُرْهٌ:** يامان كۆرمەك، ئۆچ كۆرمەك، يىرگەنمەك.

**طَوْعًا أَوْ كُرْهًا:** خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن.

**كُرْهًا عَلَى كُرْهٍ:** مەجبۇرىي، زورلۇق بىلەن.

**﴿وَوَصَّيْنَا الْإِنسَانَ بِوَالِدَيْهِ إِحْسَاناً حَمَلَتْهُ أُمُّهُ كُرْهاً وَوَضَعَتْهُ كُرْهاً﴾** «قرآن»: بىز ئىنسانىنى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدۇق، ئىنسانىنى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى.

**«قَامَ بِهَذَا الْعَمَلِ عَلَى كُرْهٍ مِنْهُ»:** ئۇ بۇ ئىشنى مەجبۇرەن قىلدى.

**كَرْهٌ:** ئۆچ كۆرمەك، يىرگەنمەك، مۇشەققەت، قىيىنچىلىق.

**كَرِهٌ:** يىرگىنىچلىك، زېرىكىشلىك، قەبىھ، يېقىمسىز.

**كَرَوَانٌ ج كِرْوَانٌ وَ كَرَاوِيْنُ:** لايخورەك.

**كَرْوَسَةٌ ج كَرْوَسَاتٌ:** ھارۋا.

**كَرَوْيَا . كَرَوْيَاءُ:** ئارپىبەدىيان.

**كُرَوِيٌّ:** يۇملاق.

**جِسْمٌ كُرَوِيٌّ:** يۇملاق جىسىم.

**كُرَوِيَّةٌ:** شارسىمان، شار شەكىللىك.

**الْأَرْضُ كُرَوِيَّةٌ:** زېمىن يۇملاقتۇر.

**كَرَى يَكْرِي كَرْيًا:** يۇگۇردى، چاپتى.

**كَرَى الْأَرْضَ:** يەرنى كولىدى، قازدى.

**كَرَى الشَّيْءَ:** نەرسىنى يۇملاقلىدى.

**كَرِيَ يَكْرَى كَرًى الرَّجُلُ:** كىشى ئۇخلىدى.

**كَرًى:** ئۇيقۇ، ئۇخلىماق.

**«مَا ذُقْتُ طَعْمَ الْكَرَى مَوْلاَيَ مُذْ أَمَدٍ إِلَى لِقَائِكَ تَوَّاقًا وَتَحْنَانًا»:** ئى بۇرادەر خېلىدىن بېرى سىلى بىلەن دىدارلىشىشنى ئويلاپ، سىلىنى سېغىنىپ، كۆرۈشكۈم كېلىپ، ئۇيقۇنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىدىم.

**كَرِيْثٌ:** بالايىئاپەت، پاجىئە.

**كَرِيْزٌ:** پىشلاق.

**كُرَيْزٌ:** گىلاس.

**كُرَيْصٌ:** ئىرىمچىك، قۇرۇت.

**كَرِيْمٌ ج كِرَامٌ وَ كُرَمَاءُ م كَرِيْمَةٌ ج كَرِيْمَاتٌ و كَرَائِمُ:** مەرد، سېخىي، شەپقەتلىك، ئېسىل، ئالىيجاناب، قىزغىن، سەمىمىي.

**كَرِيْمُ الْأَخْلَاقِ:** پاك، ئەخلاقلىق.

**كَرِيْمُ الْأَصْلِ:** ئاقسۆڭەك، ئېسىلزادە.

**كَرِيْمُ الْعَيْنِ:** يەكچەشمە.

**كَرِيْمُ النَّفْسِ:** ئالىيجاناب، يۇقىرى مەرتىۋىلىك.

**جَوَادٌ كَرِيْمٌ:** ساپ نەسىللىك يورغا ئات.

**دَمٌ كَرِيْمٌ:** كېلىپ چىقىشى ئېسىل قان.

**حَجَرٌ كَرِيْمٌ:** گۆھەر، ياقۇت، ئېسىل تاش.

**حِصَانٌ كَرِيْمٌ:** نەسىللىك ئات، تۇلپار.

مَعْدَنٌ كَرِيْمٌ: قىممەتلىك مېتال.

وَجْهٌ كَرِيْمٌ: گۈزەل چىراي.

الْقَارِئُ الْكَرِيْمُ: قەدىرلىك كىتابخان، ھۆرمەتلىك ئوقۇغۇچى.

عِشْ عَزِيْزًا أَوْ مُتْ كَرِيْمًا: ئىززەت بىلەن ياشا ياكى مەردلىك بىلەن ئۆل.

وَصَلَنِيْ خِطَابُكَ الْكَرِيْمُ: قىممەتلىك خېتىڭىز ماڭا تەگدى.

الْكَرِيْمُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، «كۆپ ئاتا قىلغۇچى، ئاتاسى تۈگىمەيدىغان ئاللاھ»، دېگەن مەنىدە.

﴿مَا غَرَّكَ بِرَبِّكَ الْكَرِيْمِ﴾ ‹قرآن›: سېنى كۆپ ئاتا قىلغۇچى پەرۋەردىگارىڭغا ئاسىيلىق قىلىشقا نېمە ئالدىدى؟

كَرِيْمَةُ الرَّجُلِ: كىشىنىڭ قىزى.

عَقَدَ الْأَبُ قِرَانَ كَرِيْمَتِهِ: ئاتا قىزىنى ياتلىق قىلدى.

الْكَرِيْمَتَانِ: بىر جۈپ كۆز.

«لَمْ يَقْرَأْ الْمَوْضُوْعَ بِإِمْعَانٍ بَلْ مَرَّ عَلَيْهِ مُرُوْرَ الْكِرَامِ»: ماۋزۇنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇماي، بەلكى كۆز يۈگۈرتۈپلا چىقتى.

كَرَائِمُ السَّيِّدَاتِ: ھۆرمەتلىك خانىملار.

كَرَائِمُ الْمَالِ: مالنىڭ ئېسىللىرى، ياخشىلىرى.

كِرِيْمٌ: يۈز مېيى.

كِرِيْمَةٌ: ماروژنى.

كَرِيْهٌ: يىرگىنچلىك، زېرىكىشلىك، قەبىھ.

كَرِيْهُ الْمَنْظَرِ: كۆرۈمسىز، بەتبەشىرە.

كَرِيْهُ الرَّائِحَةِ: سېسىق، بەتبۇي.

كَرِيْهُ الطَّعْمِ: تەمسىز، لاۋزا.

كَرِيْهَةٌ ج كَرَائِهُ: بەختسىزلىك، ئاپەت، كۈلپەت؛ ئۇرۇش، جەڭ.

رَائِحَةٌ كَرِيْهَةٌ: يېقىمسىز پۇراق.

شَهِدْتُ الْكَرِيْهَةَ: جەڭگە قاتناشتىم.

كُرَيَّةٌ ج كُرَيَّاتٌ: كىچىك شار.

كُرَيَّاتُ الدَّمِ الْحَمْرَاءِ: قىزىل قان دانچىلىرى.

كُزَازٌ: تىترىمەك، بەزگەك.

كَزَازَةٌ: يىرىك، قاتتىق، قوپال.

كَزَازَةُ الْيَدِ: بېخىللىق قىلماق، پىخسىقلىق قىلماق.

كُزْبَرَةٌ/كُزْبُرَةٌ: يۇمغاقسۈت، ئاشكۆكى.

كَزَّ يَكُزُّ كَزًّا الشَّيْءَ: تارايتتى، قىسقارتتى، قورۇدى.

كَزٌّ ج كُزٌّ: قۇرۇپ قالغان، قورۇلۇپ قالغان، قەبىھ، سەت.

كَزُّ الْيَدَيْنِ: بېخىل، پىخسىق.

كُزٌّ: تىترىمەك، بەزگەك.

كَزَزٌ: بېخىللىق، پىخسىقلىق.

كَزَّازٌ: تىترىمەك، بەزگەك.

كَزْلَكُ ج كَزَالِكُ: پىچاق، بەكە، قەلەمتىراش.

كَزِمٌ: قورقۇنچاق.

كَسَا يَكْسُو كَسْوًا ـــ ه: كىيىم كىيگۈزدى.

يَكْسُو الْعِلْمُ الرَّجُلَ هَيْبَةً: بىلىم كىشىنى سۈرلۈك كۆرسىتىدۇ.

﴿فَكَسَوْنَا الْعِظَامَ لَحْماً﴾ ‹قرآن›: ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇردۇق.

كَسَاهُ شِعْرًا: ئۇنى شېئىر يېزىپ مەدھىيىلىدى.

كَسَا حَدِيْثَهُ مَلْحًا: يۇمۇرلۇق سۆزلىدى.

كِسَاءٌ ج أَكْسِيَةٌ: كىيىم.

الْغِذَاءُ وَالْكِسَاءُ: ئوزۇق-تۈلۈك ۋە كىيىم-كېچەك.

كَسَاءٌ: شان-شەرەپ.

كُسَاحٌ: پالەچلىك.

كُسَاحُ الْأَطْفَالِ: راخىت، كىچىك باللارنىڭ سۆڭەك قاتماسلىق كېسىلى.

كُسَاحَةٌ: ئەخلەت، سۈپۈرۈندە.

كَسَادٌ: كاسات، كاساتلىق.

كَسَادٌ عَالَمِيٌّ: دۇنياۋى ئىقتىسادىي كرىزىس.

﴿وَتِجَارَةٌ تَخْشَوْنَ كَسَادَهَا﴾ ‹قرآن›: ئاقماي

قېلىشتىن قورققان تىجارەتچىلەر.

كُسَارٌ. كُسَارَةٌ: پارچە، سۇنۇق.

كَسَأَ يَكْسَأُ كَسْأً الدَّابَّةَ: ئۇلاغنى ھەيدىدى.

كَسَأَ الْقَوْمَ: قوۋمنى يەڭدى، غالىب كەلدى.

كَسَأَهُ بِالسَّيْفِ: ئۇنى قىلىچ بىلەن چاپتى.

كُسْءٌ ج أَكْسَاءٌ: نەرسىنىڭ قۇيرۇق قىسمى.

كَسَبَ يَكْسِبُ كَسْبًا مَالًا: مالغا ئېرىشتى، پايدىغا ئېرىشتى، قولغا كەلتۈردى، ھاسىل قىلدى.

﴿كُلُّ امْرِئٍ بِمَا كَسَبَ رَهِينٌ﴾ ‹قرآن›: ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا مەسئۇلدۇر.

كَسَبَ رِزْقَهُ: رىزقىنى تېپىپ يېدى.

كَسَبْنَا الْمَعْرِكَةَ: ئۇرۇشتا ئۇتتۇق.

كَسَبْتُ الدَّعْوَى: داۋادا ئۇتتۇم.

يَكْسِبُ صَدَاقَةَ الْآخَرِيْنَ: باشقىلارنىڭ دوستلۇقىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

كَسَبُوْا مَالًا وَفِيْرًا: ئۇلار كۆپ مالغا ئېرىشتى.

«يُرِيْدُ أَنْ يَكْسِبَ الْوَقْتَ لِلتَّفْكِيْرِ فِي الْأَمْرِ»: ئويلىنىۋېلىشقا ۋاقىت چىقارماقچى بولۇۋاتىدۇ.

كَسَبَ الْإِثْمَ: گۇناھنى ئۈستىگە ئالدى.

﴿وَمَن يَكْسِبْ خَطِيئَةً أَوْ إِثْماً ثُمَّ يَرْمِ بِهِ بَرِيئاً فَقَدِ احْتَمَلَ بُهْتَاناً وَإِثْماً مُّبِيناً﴾ ‹قرآن›: كىمكى بىر كىچىك گۇناھ ياكى بىر چوڭ گۇناھ قىلىپ قويۇپ، ئۇنى بىگۇناھ ئادەمگە چاپلىسا، ئۇ شۇ بوھتاننى ۋە ئوپئوچۇق بىر گۇناھنى ئۆزىگە يۈكلىۋالىدۇ.

كَسْبٌ: قولغا كەلتۈرمەك، ئېرىشمەك، ھاسىل قىلماق، قازانماق.

كَسْبُ الْقُوَى الْمُتَوَسِّطَةِ: ئوتتۇرىدىكى كۈچلەرنى قولغا كەلتۈرمەك.

«سَافَرَ إِلَى الْخَارِجِ بِقَصْدِ الْكَسْبِ»: كەسىپ قىلىش مەقسىتىدە سەپەرگە چىقتى.

«سَعَى إِلَى كَسْبِ الْمُبَادَرَةِ بِقَدْرِ الْمُسْتَطَاعِ»: مۇمكىنقەدەر تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى.

كُسْبُرَةٌ: يۇمغاقسۈت، ئاشكۆكى.

كُسْتَاكٌ: سائەت زەنجىرى.

كَسَحَ يَكْسَحُ كَسْحًا الْبَيْتَ: ئۆينى سۈپۈردى.

كَسَحَ الْبِئْرَ: قۇدۇقنىڭ سۈيىنى تارتىپ چىقىرىۋەتتى.

كَسَحَهُ مِنَ الْوُجُوْدِ: ئۇنى يوقاتتى، تۈگەتتى.

كَسَحَ الشَّيْءَ: نەرسىنى ئۈزۈۋەتتى، كېسىۋەتتى.

كَسَحَ مِنْ مَالِهِ: مېلىدىن ئالدى.

كَسِحَ يَكْسَحُ كَسَحًا الرَّجُلُ: پالەچ بولۇپ قالدى، بىر پۇتى تارتىشىپ ئاقساپ ماڭدى.

كَسْحٌ: پالەچلىك.

كَسْحَانٌ: راخىت كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچى.

كَسَدَ يَكْسُدُ كَسَادًا وَكُسُوْدًا الشَّيْءُ: كاساتلاشتى، راۋاج تاپمىدى.

كَسَدَتِ السِّلْعَةُ: مال كاساتلاشتى، پاخاللاشتى.

كَسَدَ السّوْقُ: بازار كاساتلاشتى.

كَسَرَ يَكْسِرُ كَسْرًا: سۇندۇردى، ئوشتۇدى، ئاجراتتى.

كَسَرَ الْوَصِيَّةَ: ۋەسىيەتكە خىلاپلىق قىلدى.

كَسَرَ التَّاجِرَ: سودىگەرنى ۋەيران قىلدى.

كَسَرَ الْجَيْشَ: قوشۇننى مەغلۇپ قىلدى.

كَسَرَ الْعَطَشَ: ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇردى.

كَسَرَ حِدَّتَهُ: ھەيۋىسىنى سۇندۇردى.

كَسَرَ رِيْقَهُ: ئىشتىھاسىنى باستى.

كَسَرَ رَقَبَتَهُ: بويىنىنى سوزدى، بويىنىنى قايرىدى.

كَسَرَ قَلْبَهُ: ئۈمىدسىزلەندۈردى.

كَسَرَ شَرَفَهُ: ئابرۇيىنى تۆكتى.

كَسَرَ شَوْكَةَ الْغَضَبِ: ھەيۋىسىنى سۇندۇردى.

كَسَرَهُ عَنْ مُرَادِهِ: ئۇنى بۇرىۋەتتى.

كَسَرَ الصَّمْتَ: جىمجىتلىقنى بۇزدى.

كَسْرٌ: سۇندۇرماق، ئۇشتۇماق، بۇزماق، زىيان يەتكۈزمەك، خىلاپلىق قىلماق.

سَهْلُ الْكَسْرِ: ئاسان سۇنىدىغان.

كَسْرٌ إِعْتِيَادِيٌّ: ئاددىي كەسىر.

كَسْرٌ حَقِيْقِيٌّ: توغرا كەسىر.

كَسْرٌ مُرَكَّبٌ: مۇرەككەپ كەسىر.

كَسْرٌ ج أَكْسَارٌ و كُسُوْرٌ: ئۆينىڭ بۇلۇڭى، پارچە.

قَعَدَ فِي كَسْرِ بَيْتِهِ: ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدا ئولتۇردى.

كَسْرَةٌ ج كَسَرَاتٌ: مەغلۇبىيەت، يېڭىلىش، ئۇتتۇرۇش.

وَقَعَتْ عَلَيْهِمُ الْكَسْرَةُ: ئۇلار مەغلۇپ بولدى.

كِسْرَةٌ ج كِسَرٌ: پارچە، ئۇۋاق، سۇنۇق، ئۇۋۇندە.

كِسْرَى ج أَكَاسِرَةٌ: كىسرا (قەدىمكى ئىران پادىشاھلىرىنىڭ ھۆرمەت نامى).

كَسَّ يَكُسُّ كَسًّا الشَّيْءَ: يانجىپ تالقان قىلىۋەتتى.

كُسٌّ ج أَكْسَاسٌ: جىنسىي يول ئېغىزى (ئاياللارنىڭ).

كَسَّبَ يُكَسِّبُ تَكْسِيْبًا الرَّجُلَ: ئېرىشتۈردى.

كَسَّبَهُ مَالًا كَثِيْرًا: ئۇنى كۆپ مال-مۈلۈككە ئېرىشتۈردى.

كَسَّبَ حَقًّا: ھوقۇققا ئېرىشتۈردى.

كَسَّحَ يُكَسِّحُ تَكْسِيْحًا: پالەچ قىلىپ قويىدى، ئاقسىتىپ قويدى.

كَسَّرَ يُكَسِّرُ تَكْسِيْرًا الشَّيْءَ: نەرسىنى پارچە-پارچە قىلىۋەتتى.

كَسَّرَ الْإِضْرَابَ: ئىش تاشلاشنى بىكار قىلدى.

كَسَّرَ زُجَاجَ النَّافِذَةِ: دېرىزىنىڭ ئەينىكىنى چېقىۋەتتى.

كَسَّعَ يُكَسِّعُ كَسْعًا اَلسَّفِيْنَةَ فِي الْبَحْرِ: دېڭىزدا كېمىنى ئىتتىرىپ ماڭغۇزدى.

كَسَّعَ فُلَانًا بِمَا سَاءَهُ: يامان گەپ قىلىپ كىشىگە ئازار بەردى.

كَسَعَهُ بَكَذَا: ئۇنىڭغا ئەگەشتۇردى.

كُسْعَةٌ ج كُسَعٌ: قاشقا، قۇشنىڭ قۇيرۇقى ئاستىدىكى ئاق پەي؛ ئېشەك؛ قول؛ ئۇۋاق نان؛ ئىشلىتىلىدىغان كالا.

كَسَفَ يَكْسِفُ كُسُوْفًا وَجْهُهُ: چىرايى ئۆزگەردى، تۇتۇلدى.

كَسَفَ أَمَلُهُ: ئۈمىدى ئۈزۈلدى.

كَسَفَتِ الشَّمْسُ: كۈن تۇتۇلدى.

كَسَفَتْ حَالُهُ: ئۇنىڭ ئەھۋالى يامانلاشتى.

كِسْفَةٌ ج كِسْفٌ وَ أَكْسَافٌ وَ كُسُوْفٌ: پارچە، بۆلەك.

﴿وَإِن يَرَوْا كِسْفاً مِّنَ السَّمَاءِ﴾ «قرآن»: ئەگەر ئۇلار ئاسماننىڭ بىر پارچىسى چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسە....

كَسْكَسَ يُكَسْكِسُ كَسْكَسَةً الشَّيْءَ: نەرسىنى كۇكۇم-تالقان قىلىۋەتتى، ئۇۋىتىۋەتتى.

كِسْكِسٌ: نېرى تۇر.

كَسْكَسَةٌ: چېكىنمەك، ئارقىغا قايتماق، داجىماق.

كَسِلَ يَكْسَلُ كَسَلًا: ھۇرۇنلۇق قىلدى، بوشاپ كەتتى، بوشاڭلىق قىلدى.

كَسِلَ التِّلْمِيْذُ فَلَمْ يَكْتُبْ تَمَارِيْنَهُ: شاگىرت بوشاڭلىق قىلىپ تاپشۇرۇقنى يازمىدى.

كَسَلٌ: ھۇرۇنلۇق، ئەزمىلىك، يالقاۋلىق.

كَسِلٌ . كَسْلَانُ ج كُسَالَى وَ كَسْلَى م كَسِيْلَةٌ وَ كَسْلَانَةٌ وَ كُسْلَى: ھۇرۇن، ئېشىياقماس، يالقاۋ، ئېرىنچەك، بوشاڭ، ئېزىلەڭگۈ.

﴿وَإِذَا قَامُوا إِلَى الصَّلَاةِ قَامُوا كُسَالَى﴾ «قرآن»: ئۇلار ناماز ئۈچۈن تۇرغاندا خۇشياقماسلىق بىلەن تۇربىدۇ.

«دُمْ قُرَّةَ الْعَيْنِ سَبَّاقًا إِلَى دُرَجِ الْـ ـعُلُوْمِ سَعْيًا إِلَيْهَا غَيْرَ كَسْلَانِ»: ئى كۆزۈمنىڭ نۇرى (ئەزىزىم) كۈنسايىن ئىرىشقىن، ئىلىم - مەرىپەت چوققىسىغا ئۆرلە، ھۇرۇنلۇق قىلما.

**الْكَسْلَانُ لَايَذُوقُ طَعْمَ السَّعَادَةِ:** ھورۇن بەختنىڭ تەمىنى تېتىيالمايدۇ.

**كَسَمَ يَكْسِمُ كَسْمًا عَلَى عِيَالِهِ:** ئائىلىسىنى بېقىش ئۈچۈن جاپا چەكتى.

**كُسْوَةٌ ، كِسْوَةٌ ج كُسًى وَ كِسَاوٍ:** كىيىم، كىيىم-كېچەك؛ يوپۇق.

**كِسْوَةٌ رَسْمِيَّةٌ:** ھەربىيچە كىيىم، ھەربىي فورما.

**كِسْوَةُ الْكَعْبَةِ:** كەئبىنىڭ يوپۇقى.

**﴿وَعلَى الْمَوْلُودِ لَهُ رِزْقُهُنَّ وَكِسْوَتُهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ﴾** «قرآن»: ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك.

**لَبِسَ كُسْوَةً زَرْقَاءَ جَمِيْلَةً:** چىرايلىق كۆك تون كىيدى.

**الْكِسْوَةُ الشَّرِيْفَةُ:** بەيتۇللاھنىڭ يوپۇقى بولۇپ، ھەر يىلى يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ.

**كُسُوفٌ:** كۈن تۇتۇلۇش.

**كُسُوفٌ جُزْئِيٌّ:** كۈننىڭ يېرىم تۇتۇلۇشى.

**كُسُوفٌ كُلِّيٌّ:** كۈننىڭ پۈتۈن تۇتۇلۇشى.

**كَسُولٌ:** ھورۇن، ئىشياقماس، يالقاۋ، ئېرىنچەك، بوشاڭ.

**لَنْ يَنْجَحَ الْكَسُوْلُ:** ھورۇن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ.

**كَسِيَ يَكْسَى كَسْيًا الثَّوْبَ:** كىيىم كىيدى.

**كُسَيٌّ ج أَكْسَاءٌ:** قۇيرۇق، كاسا.

**رَكِبَ أَكْسَاءَهُ:** ئۇكىدىسىغا چۈشتى.

**كَسِيْبٌ:** قولغا كەلتۈرگۈچى، ھاسىل قىلغۇچى.

**كَسِيْحٌ . كُسَيْحٌ:** زاخىت كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچى.

**كَسِيْدٌ:** كاساتلاشقان، كاسات.

**كَسِيْرٌ ج كَسْرَى وَ كَسَارَى:** چېقىلغان، پاچاقلانغان، سۇندۇرۇلغان، گۇمران قىلىنغان، بۇزۇلغان.

**كَسِيْرُ الْخَاطِرِ:** بېشى چۈشۈپ كەتكەن، روھى چۈشكۈن، ئۈمىدسىز.

**كَسِيْرُ الْقَلْبِ:** ئەلەملىك، ئېچىنىشلىق، قايغۇلۇق، كۆڭلى زىدە.

**عَظْمٌ كَسِيْرٌ:** سۇنغان سۆڭەك.

**جُنْدِيٌّ كَسِيْرٌ:** مەغلۇپ بولغان قوشۇن.

**كَشَا يَكْشُو كَشْوًا الشَّيْءَ:** چىشلەپ يۇلۇۋالدى.

**كُشَاحٌ:** بىقىن ئاغرىش.

**كُشَاحَةٌ:** ئاداۋەت، ئاداۋەت ساقلاش.

**كِشَافَةٌ:** تەكشۈرمەك، چارلىماق، قىدىرىپ تەكشۈرمەك؛ رازۋېدكىچىلىك.

**كَشَأَ يَكْشَأُ كَشْأً اللَّحْمَ:** گۆشنى قاقلاپ پىشۇردى.

**كَشَأَ الطَّعَامَ:** تاماقنى ئالدىنقى چىش بىلەن يېدى.

**كَشَأَ الشَّيْءَ:** نەرسىنى سويدى.

**كُشْأَةٌ:** ئەيىب، نۇقسان.

**مَا فِي جَسَدِهِ كُشْأَةٌ:** ئۇنىڭ بەدىنىدە ئەيىب يوق.

**كُشْتُبَانٌ/كُشْتِبَانٌ:** ئويماق (تىككۈچىنىڭ).

**كَشَحَ يَكْشَحُ كَشْحًا:** قوغلىۋەتتى، ھەيدىۋەتتى.

**كَشَحَ الْقَوْمَ:** قوۋمنى تارقىتىۋەتتى.

**كَشَحَ لَهُ:** ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك بىلەن قارىدى، ئۆچمەنلىك بىلەن قارىدى.

**كَشَحَ الظَّلَامُ:** قاراڭغۇلۇق كۆتۈرۈلدى.

**كَشِحَ يَكْشَحُ كَشَحًا:** ئاغرىپ قالدى، زاتىلجەم كېسىلى بولۇپ قالدى.

**كَشْحٌ ج كُشُوحٌ:** بىقىن.

**طَوَى كَشْحَهُ عَلَى الْأَمْرِ:** ئىشنى داۋاملاشتۇردى.

**كَشَدَ يَكْشِدُ كَشْدًا الشَّيْءَ:** چىشلەپ ئۈزۈۋالدى.

**كَشَدَ النَّاقَةَ:** تۆگىنى ئۈچ بارمىقى بىلەن ساغدى.

**كَشَدٌ:** تىرىكچىلىك ئۈچۈن جاپالىق ئىشلىگۈچى.

**كِشْدَةٌ:** سېرىقماي.

**كَشَرَ يَكْشِرُ كَشْرًا عَنْ أَسْنَانِهِ:** چىشىنى كۆرسەتتى، چىشىنىڭ ئېقىنى چىقاردى، ھىجايدى.

كَشَرَ السَّبُعُ عَنْ نَابِهِ: يىرتقۇچ ھايۋان خىرىس قىلدى.

كَشَرَ فِي وَجْهِهِ: ھومىيىپ قارىدى.

كَشِرَ يَكْشَرُ كَشَرًا: قاچتى.

كَشْرٌ: قۇرۇق نان.

كَشَرٌ: مېۋىسى يېيىلىپ كەتكەن قۇرۇق ساپاق.

كَشْرَةٌ: ھىجايماق.

كَشَّ يَكِشُّ كَشًّا وَ كَشِيشًا الثُّعْبَانُ: يىلان كۈشۈلدىدى، شىرىلدىدى.

كَشَّاشٌ: قوغلىغۇچى، قوغلاپ چىقارغۇچى.

كَشَّاشُ الْحَمَّامِ: كەپتەرۋاز.

كَشَّافٌ ج كَشَّافَةٌ: پاش قىلغۇچى، ئاشكارا قىلغۇچى؛ بايقىغۇچى، رازۋېدكا قىسىم؛ تاموژنا؛ ۋاكالىتەن باشقۇرغۇچى.

الْفِتْيَانُ الْكَشَّافَةُ . الشُّبَّانُ الْكَشَّافَةُ: ئىزچىلار.

كُشَّةٌ: ماكلاي چاچ، سېكىلەك چاچ؛ چار بازارچىلىق، بازارمۇ بازار يۈرۈپ تىجارەت قىلىش، سەييارە سودىگەرچىلىك.

كَشَّحَ يُكَشِّحُ تَكْشِيحًا الْعُودَ: ياغاچنى ئاقلىدى.

كَشَّحَ الْجَمَلَ: تۆگىنىڭ بىقىنىغا ئەن سالدى.

كَشَطَ يَكْشِطُ كَشْطًا: سويدى، قىردى.

كَشَطَ الْجِلْدَ عَنِ الذَّبِيحَةِ: قوينى سويدى.

كَشَطَ الْكِتَابَةَ: يېزىقنى ئۆچۈرۈۋەتتى، سۈرتىۋەتتى.

كَشَعَ يَكْشَعُ كَشْعًا الْقَوْمُ: قوۋم كەتتى، باردى.

كَشِعَ يَكْشَعُ كَشَعًا: زېرىكتى.

كَشَفَ يَكْشِفُ كَشْفًا: ئاچتى، كەشىپ قىلدى، ئاشكارىلىدى.

كَشَفَ عَنِ الشَّيْءِ: پاش قىلدى.

كَشَفَهُ: ئېچىپ تاشلىدى.

كَشَفَ اللّٰهُ هَمَّهُ: ئاللاھ ئۇنىڭ غەم-قايغۇسىنى كۆتۈرۈۋەتتى.

كَشَفَتِ النِّقَابَ عَنْ وَجْهِهَا: يۈزىنى ئېچىۋەتتى، چۈمبىلىنى ئېلىۋەتتى.

﴿رَبَّنَا اكْشِفْ عَنَّا الْعَذَابَ إِنَّا مُؤْمِنُونَ﴾ «قرآن»: پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئازابنى كۆتۈرۈۋەتكىن، بىز ھەقىقەتەن ئىمان كەلتۈرگۈچىمىز.

«كَشَفَتِ الْحَرْبُ عَنْ سَاقِهَا»: ئۇرۇش ئەۋجىگە چىقتى.

كَشْفٌ: ئاچماق، پاش قىلماق، ئاشكارىلىماق، ئىلھام بىلەن بىلمەك؛ ئىجاد قىلماق، كەشىپ قىلماق.

أَهْلُ الْكَشْفِ: ئالدىدىن ئېيتىپ بەرگۈچى، كارامەت قىلغۇچى.

كَشْفُ الْحِجَابِ: يوپۇق ئاچماق.

كَشْفٌ ج كُشُوفٌ: تىزىم، تىزىملىك، يوقلىما، جەدۋەل؛ ئۆلگە، نەمۇنە.

كُشُوفٌ إِنْتِخَابِيَّةٌ: سايلىغۇچىلار تىزىملىكى.

كَشْفِيٌّ: تەتقىقاتقا مەنسۇپ، ئىزدىنىشكە ئائىت.

بِعْثَةٌ كَشْفِيَّةٌ: تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى، چارلاش ئەترىتى.

كُشْكٌ ج أَكْشَاكٌ: بوتكا.

كُشْكُ الصُّحُفِ: گېزىت-ژۇرنال بوتكىسى.

كُشْكُ الْهَاتِفِ: تېلېفون بوتكىسى.

كُشْكُ الْمُرُورِ: قاتناش ساقچىسى قاراۋۇلخانىسى.

كُشْكُ الدَّيْدَبَانِ: قاراۋۇلخانا، قاراۋۇل پونكىتى.

كُشْكُ الإِشَارَاتِ (فِي سِكَّةِ الْحَدِيدِ): سىگنال پونكىتى.

كَشْكَشَ يُكَشْكِشُ كَشْكَشَةً: قاچتى، قېچىپ كەتتى؛ شىلدىرلىدى.

كَشْكُولٌ ج كَشَاكِلُ: تىلەمچىنىڭ خالتىسى، مەشىق دەپتىرى، گېزىتتىكى مۇھىم خەۋەرلەر.

كَشَمَ يَكْشِمُ كَشْمًا الأَنْفَ: بۇرۇننى كېسىۋەتتى.

كَشْمِيْرٌ: كەشمىر، ئېسىل يۇڭ، يىپەك.

شَالٌ كَشْمِيْرٌ: يۇڭ - يىپەك، رومال، كەشمىر ياغلىق.

كَشُوْدٌ ج كُشُدٌ: تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن جاپا چېكىپ ئىشلىگۈچى.

كَشِيْفٌ: ئېچىلغان، ئوچۇق، يالىڭاچ.

كُظْرٌ ج كِظَارٌ: بۆرەك مېيى.

كُظْرِيٌّ: بۆرەك ئۈتى، بۆرەك ئۈتىنىڭ، بۆرەك ئۈستىدىكى.

الْغُدَّةُ الْكُظْرِيَّةُ: بۆرەك ئۈتى بېزى.

كَظَّ يَكِظُّ كَظًّا الطَّعَامُ فُلَانًا: قورساقنى ئېسىلىپ كەتتى.

كَظَّ يَكُظُّ كَظَاظًا وَ كَظَاظَةً الْأَمْرُ فُلَانًا: پالانىنى قايغۇرتتى، ھەسرەت چەكتۈردى، ھەسرەتتە قويدى، ئەلەم قىلدى، غەم - قايغۇغا دۇچار قىلدى.

كِظَّةٌ: ئىچ - باغرى؛ كۆپمەك.

كَظَمَ يَكْظَمُ كَظْمًا الْبَابَ: ئىشىكنى تاقىدى، ئەتتى، قۇلۇپلىدى.

كَظَمَ النَّهْرَ: ئېرىقنى تىندۇردى، توسۇدى.

كَظَمَ الشَّيْءَ: نەرسىنى توسۇدى.

كَظَمَ يَكْظِمُ كَظْمًا وَ كُظُوْمًا غَيْظَهُ: ئاچچىقىنى يۇتتى.

«إِذَا تَثَاءَبَ أَحَدُكُمْ فَلْيَكْظِمْ مَا اسْتَطَاعَ» ‹حديث›: سىلەر بىرىڭلار ئەسنىگەن چاغدا مۇمكىنقەدەر قايتۇرسۇن.

كَظِيْظٌ: قورساقنى ئېسىلىپ كەتكەن، غەزەپلەنگەن، ئاچچىقلانغان، قىستاڭچىلىق.

كَظِيْمٌ: غەمكىن، قايغۇلۇق، ئىچى سىقىلغان.

﴿وَابْيَضَّتْ عَيْنَاهُ مِنَ الْحُزْنِ فَهُوَ كَظِيمٌ﴾ ‹قرآن›: قايغۇدىن (كۆپ يىغلاپ) ئىككى كۆزى ئاقىرىپ كەتتى، ئۇ تولۇپ تاشقان غەزىپىنى ئىچىگە يۇتقاندى.

كَظِيْمَةٌ ج كَظَائِمُ: تېرموس، چايدان.

كَعَا يَكْعُوْ كَعْوًا: قورقۇنچاقلىق قىلدى.

كَعَبَ يَكْعَبُ كُعُبًا الثَّدْيُ: كۆكسى كۆتۈرۈلدى، تومپىيىپ چىقتى.

كَعْبٌ ج كُعُوْبٌ: بوغۇم، ئۇگە؛ (قومۇش قاتارلىقلارنىڭ).

عُلُوُّ الْكَعْبِ: شەرەپ، ئابرۇي.

كَعْبٌ ج كُعُبٌ وَ كِعَابٌ: 4 كۋادراتلىق.

كَعْبُ النَّرْدِ: شىشخال.

كَعْبٌ ج كِعَابٌ وَ كُعُوْبٌ وَ أَكْعُبٌ: ئوشۇق.

﴿وَامْسَحُواْ بِرُؤُوسِكُمْ وَأَرْجُلَكُمْ إِلَى الْكَعْبَينِ﴾ ‹قرآن›: بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار.

«مَاأَسْفَلَ مِنَ الْكَعْبَيْنِ مِنَ الْإِزَارِ فَفِي النَّارِ» ‹حديث›: ئىشتاننىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى ئوشۇقتىن ئېشىپ كەتسە، ئوشۇقنىڭ تۆۋىنى دوزاختا ئازابلىنىدۇ.

كَعْبَةٌ ج كِعَابٌ وَ كَعْبَاتٌ: كەئبە (مەككە مۇكەررەمىدىكى بەيتۇللاھ).

كَعْبَةُ الْآمَالِ: ئارزۇ - ئۈمىدتىكى نىشان، ئارزۇ - ئۈمىد كەئبىسى.

﴿جَعَلَ اللّهُ الْكَعْبَةَ الْبَيْتَ الْحَرَامَ قِيَاماً لِّلنَّاسِ﴾ ‹قرآن›: ئاللاھ بەيتۇلھەرام بولغان كەئبىنى ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىڭ تۈتقۇسى قىلدى.

كُعْبَةٌ: قىزلىق، قىزلىق پەردە.

كُعْبُرَةٌ ج كَعَابِرُ: تۈگۈن؛ بوغۇم، ئۇگە.

كُعْبُرِيٌّ: يان بۆلەك سۆڭىكىنىڭ.

كُعْبُوْرَةٌ ج كَعَابِيْرُ: تۈگۈن؛ بوغۇم، ئۇگە.

كَعْتٌ م كَعْتَةٌ: توم قىسقا.

كُعْتَةٌ: شىشىنىڭ ئېغىزى.

كَعَرَ يَكْعَرُ كَعْرًا فُلَانًا: ئەيىبلىدى، قاتتىق

ئەيىبلىدى.

كَعَزَ يَكْعَزُ كَعْزًا: بارماقلىرى بىلەن نەرسىنى يىغدى.

كَعْسَمٌ ج كَعَاسِمُ: قولۇن.

كَعَّ يَكِعُّ كَعًّا وَ كُعُوعًا وَ كَعَاعَةً وَ كَيْعُوعَةً: قورقۇنچاقلىق قىلدى؛ ياندۇردى، قوستى.

كَعٌّ: قورقۇنچاق، يۈرەكسىز.

كَعَّبَ يُكَعِّبُ تَكْعِيبًا الشَّيْءَ: كۆپقا ئايلاندۇردى، كۆپقا كۆتۈردى.

كَعَّبَ الْعَدَدَ: سانىنى بىر ھەسسە كۆپەيتتى.

كَعَّبَتِ الْفَتَاةُ: قىزنىڭ كۆكسى كۆتۈرۈلدى.

كَعْكٌ وَاحِدَةٌ كَعْكَةٌ ج كَعْكَاتٌ: پىچىنە، پىرەنىك، تورت.

كَعْلٌ: پىخسىق باي؛ پەس پادىچى.

كَعْمٌ ج كِعَامٌ: قورالنىڭ غىلىپى.

كَعِيَ يَكْعَى كَعْيًا عَنْهُ: ئاجىز كەلدى، ئىلاجسىز قالدى.

لَاكِفَاءَ لَهُ: ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق.

كَفَاءٌ ، كَفَاءَةٌ: باراۋەرلىك، تەڭلىك؛ سالاھىيەت، قابىلىيەت، رەقىب، قارشى تەرەپ.

كَفَاءُ الْآلَةِ: دىنامومېتىر.

يَمْتَلِكُ كَفَاءَةً قِيَادِيَةً: رەھبەرلىك تالانتىغا ئىگە.

كِفَاءٌ: ئوخشىشى، تەڭدىشى.

«كَفَاءَةُ الزَّوْجِ لِزَوْجَتِهِ فِي الْحَسَبِ وَالنَّسَبِ»: ئەر-ئايال شان-شەرەپ ۋە نەسەبتە باراۋەر بولۇش.

«تُوْجَدُ كَفَاءَاتٌ كَثِيرَةٌ فِي الْبِلَادِ الْعَرَبِيَّةِ»: ئەرەب دۆلەتلىرىدە نۇرغۇن تالانتلىقلار تېپىلىدۇ.

خَبِيرٌ ذُو كَفَاءَةٍ: تالانتلىق مۇتەخەسسىس.

شَهَادَةُ الْكَفَاءَةِ: سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى.

شَهَادَةُ الْكَفَاءَةِ فِي التَّدْرِيسِ: ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى.

كَفَاةٌ: يېتەرلىك، قانائەتلىنەرلىك.

كِفَاتٌ: توپلىنىپ جەم بولىدىغان جاي؛ تاسادىپىي.

أَرْضٌ كِفَاتٌ: ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان زېمىن.

مَاتَ كِفَاتًا: تۇيۇقسىز ئۆلدى.

﴿أَلَمْ نَجْعَلِ الْأَرْضَ كِفَاتًا﴾ «قرآن»: زېمىننى بىز ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قىلمىدۇقمۇ؟

كِفَاحٌ: قارشى تۇرماق، كۈرەش قىلماق؛ سوقۇش، جەڭ.

كِفَاحِيٌّ: جەڭگىۋارلىق، كۈرەشچانلىق.

كِفَاسٌ: زاكا، ئەدىيال.

كَفَافٌ: ئوزۇق، ئوزۇقلۇق.

«قَدْ أَفْلَحَ مَنْ أَسْلَمَ وَكَانَ رِزْقُهُ كَفَافًا وَ قَنَّعَهُ اللهُ بِمَا أَتَاهُ» «حديث»: ئىمان ئېيتقان، يەتكۈدەك رىزىق بېرىلگەن، ئاللاھنىڭ بەرگەنلىرىگە قانائەت قىلغان كىشى نىجات تاپقان بولىدۇ.

«يَعِيشُ مِنْ عَرَقِ جَبِينِهِ فِي كَفَافٍ»: ئۆز كۈچىگە تايىنىپ قەدىر ئەھۋال تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

«طَارَ الْبَرْقُ فِي كَفَافِ السَّحَابِ»: بۇلۇت ئەتراپىدا چاقماق چاقتى.

«رَجَعَ مِنَ السَّفَرِ فِي كَفَافِ اللَّيْلِ»: سەپەردىن كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە قايتتى.

كِفَافٌ ج أَكِفَّةٌ: چەت، ياقا، گىرۋەك، لەۋ.

كِفَافَةٌ: قىر، قات، پۈرۈم.

كَفَالَةٌ ج كَفَالَاتٌ: كېپىللىك قىلماق، ھۆددە قىلماق، كاپالەت.

«الْإِرَادَةُ الْقَوِيَّةُ كَفَالَةُ النَّجَاحِ»: كۈچلۈك ئىرادە غەلىبە قازىنىشنىڭ كاپالىتى.

كِفَايَةٌ: تولۇق، يېتەرلىك، كۇپايە، كىشىنى قاندۇرىدىغان؛ قابىلىيەت، ئىقتىدار.

عَدَمُ كِفَايَةٍ: يېتەرسىز، كەمچىل؛ ئىقتىدارسىز.

**فُلَانٌ ذُوكِفَايَةٍ فِي عَمَلِهِ:** پالانى ئۆز ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ.

**كَفَأَ يَكْفَأُ كَفْأً الْإِنَاءَ:** قاچىنى ئۆرۈدى.

**كَفَأَ عَنِ الْقَصْدِ:** نىيىتىدىن ياندى.

**كَفَأَ الْقِدْرَ:** قازاننى كۆمتۈردى.

**كَفَأَ عَنِ الشَّيْءِ:** ۋاز كەچتى.

**كَفَأَ الشَّخْصَ:** قوغلىۋەتتى.

**كُفْءٌ ج أَكْفَاءٌ وَ كِفَاءٌ:** رەقىب، قارشى تەرەپ، تەڭ كەلگۈچى.

**كُفْءٌ لِكُلِّ شَيْءٍ:** قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدىغان.

**هَذَا لَيْسَ كُفْئًا لِذَاكَ:** بۇ ئۇنىڭ تەڭدىشى ئەمەس.

**مُوَظَّفٌ كُفْءٌ:** ئىقتىدارلىق خىزمەتچى.

**هُوَ كُفْءٌ فِي عَمَلِهِ:** ئۇ ئۆز ئىشىدا ياراملىق.

**كَفُؤٌ، كُفُؤٌ:** ئوخشاش، تەڭ، باراۋەر.

**كَفَتَ يَكْفِتُ كَفْتًا الشَّيْءَ إِلَى نَفْسِهِ:** ئۆزىگە تارتتى، قوشۇۋالدى، يۇتۇۋالدى.

**كَفَتَ الشَّيْءُ:** ئاستىن-ئۈستۈن بولدى، گۇم بولدى.

**كَفْتٌ:** ئۆلۈم.

**كَفَحَ يَكْفَحُ كَفْحًا الْعَدُوَّ:** دۈشمەنگە تاقابىل تۇردى.

**كَفَحَ الشَّيْءَ:** ياپقۇچىنى ئېچىۋەتتى.

**كَفَحَ فُلَانًا:** پالانى بىلەن يۈزمۇيۈز ئۇچراشتى.

**كَفَحَ الدَّابَّةَ بِاللِّجَامِ:** ئۇلاغنىڭ تىزگىنىنى تارتتى.

**كَفِحَ يَكْفَحُ كَفَحًا عَنْهُ:** خىجىل بولدى، تارتىندى.

**كَفَخَ يَكْفَخُ كَفْخًا:** كاچاتلىدى.

**كَفَخَهُ بِالْعَصَا:** ئۇنى توقماق بىلەن ئۇردى، دۇمبالىدى.

**كَفَرَ يَكْفُرُ كُفْرًا وَ كُفُورًا الشَّيْءَ:** نەرسىنى ياپتى، يوشۇردى.

**كَفَرَ يَكْفُرُ كُفْرًا وَ كُفُورًا وَ كُفْرَانًا:** ئىنكار قىلدى، تاندى، تۇزكورلۇق قىلدى.

﴿وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ اللهَ غَنِيٌّ عَنِ الْعَالَمِينَ﴾ «قرآن»: كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئەھلى جاھاندىن بىھاجەتتۇر.

**كُفْرٌ، كُفْرَانٌ:** كۇفرىلىق، كاپىرلىق، ئىنكار قىلىش، ئاللاھقا ئىشەنمەسلىك.

**«كُفْرَانُ الْجَمِيلِ يَضَعُ قَدْرَ الرَّجُلِ»:** تۇزكورلۇق كىشىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى چۈشۈرىدۇ.

﴿فَمَن يَعْمَلْ مِنَ الصَّالِحَاتِ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَا كُفْرَانَ لِسَعْيِهِ﴾ «قرآن»: كىمكى مۆئمىن بولۇپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئەمىلىنىڭ (ساۋابى) زايە كەتمەيدۇ.

**كَفْرٌ ج كُفُورٌ:** يېزا، كىچىك كەنت.

**كَفِرٌ:** ئېگىز تاغ.

**كِفْرٌ:** قاراڭغۇ كېچە.

**كَفِسَ يَكْفَسُ كَفَسًا الصَّبِيُّ:** بالىنىڭ پۇتى مايماق بولۇپ قالدى.

**كَفِسَتْ رِجْلُهُ:** پۇتى مايماق بولۇپ قالدى.

**كَفَّ يَكُفُّ كَفًّا عَنِ الْأَمْرِ:** ئىشتىن قايتتى، ۋاز كەچتى، تاشلىۋەتتى.

**كَفَّهُ عَنِ الْأَمْرِ:** ئىشتىن توختاتتى، توسۇدى.

**كَفَّهُ عَنْ عَزْمِهِ:** ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇردى.

**كَفَّ الْإِنَاءَ:** قاچىنى تولدۇردى.

**كَفَّ عَنِ الْأَذَى:** ئەزىيەتتىن ئۆزىنى تارتتى.

**كَفَّ اللهُ أَيْدِيَهُمْ:** ئاللاھ ئۇلارنىڭ زىيان-زەخمىتىدىن ساقلىدى.

﴿إِذْ هَمَّ قَوْمٌ أَن يَبْسُطُواْ إِلَيْكُمْ أَيْدِيَهُمْ فَكَفَّ أَيْدِيَهُمْ عَنكُمْ﴾ «قرآن»: ئەينى زاماندا بىر جامائە سىلەرگە قوللىرىنى ئۇزاتماقچى بولغانىدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قوللىرىنى سىلەردىن توستى.

**كَفَّ بَصَرُهُ:** كور بولۇپ قالدى.

**كَفَّ اللهُ بَصَرَهُ:** ئاللاھ ئۇنى كور قىلىپ قويدى.

**كُفَّ:** توختا، توختاپتۇر.

**كَفٌّ:** توختىماق، ئۈزۈپ قويماق، ۋاز كەچمەك؛

توسۇماق.

كَفٌّ ج كُفُوفٌ وَ أَكُفٌّ: قول، ئالىقان.

كَفُّ الْحَيَوَانِ: هايۋانلارنىڭ پەنجىسى.

«إِنَّ الْقَضِيَّةَ الْفِلَسْطِيْنِيَّةَ عَلَى كَفِّ عِفْرِيْتٍ»: پەلەستىن مەسىلىسى خەتەر ئۈستىدە تۇرماقتا.

وَضَعَ حَيَاتَهُ عَلَى كَفِّهِ: جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويدى.

«رُبَّ زَائِدَةٍ هِيَ نُقْصَانُ فَائِدَةٍ: وَالْكَفُّ يَنْقُصُهَا الْإِصْبَعُ الزَّائِدُ»: ئالىقاندىكى ئوشۇق بارماق ئالىقاننىڭ قىممىتىنى كېمەيتكەندەك، بەزى ۋاقىتتىكى ئوشۇقلۇق پايدىنى كېمەيتىدۇ.

كَفَّارٌ: ئىنكار قىلغۇچى، تۇزكور.

رَجُلٌ كَفَّارٌ: ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلغۇچى.

﴿إِنَّ الإِنسَانَ لَظَلُومٌ كَفَّارٌ﴾ «قرآن»: كاپىر ئادەم شەك-شۈبھىسىزكى، زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر.

كَفَّارَةٌ ج كَفَّارَاتٌ: كاپارەت (گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن بېرىلىدىغان بەدەل).

﴿فَكَفَّارَتُهُ إِطْعَامُ عَشَرَةِ مَسَاكِينَ مِنْ أَوْسَطِ مَا تُطْعِمُونَ أَهْلِيكُمْ﴾ «قرآن»: ئۇنىڭ كەففارىتى ئائىلەڭلارغا بېرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىننى بىر ۋاخ غىزالاندۇرۇشتۇر.

كَفَفٌ: ئوزۇق، ئوزۇقلۇق.

كَفَّتَ يُكَفِّتُ تَكْفِيْتًا ذَيْلَهُ: ئېتىكىنى تۈردى.

كِفَّةٌ ج كِفَفٌ وَ كِفَافٌ: تەخسە.

كِفَّةُ الْمِيْزَانِ: تارازىنىڭ تەخسىسى.

الْكِفَّةُ الرَّاجِحَةُ: ئۈستۈنلۈك، ئەۋزەللىك.

كُفَّةٌ ج كُفَفٌ وَ كِفَافٌ: چەت، ياقا.

كَفَّرَ يُكَفِّرُ تَكْفِيرًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ياپتى، يوشۇردى.

كَفَّرَ عَنْ ذَنْبِهِ: خاتالىقىغا كەففارەت بەردى، جەرىمانە تۆلىدى.

﴿رَبَّنَا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَكَفِّرْ عَنَّا سَيِّئَاتِنَا﴾ «قرآن»: پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن.

كَفَّرَ الرَّجُلَ: كىشىنى ئىنكار قىلدۇردى، تاندۇردى، ئۇنى كۇفرىغا نىسبەت بەردى.

كَفَّرَ الْخَطَأَ عَنْهُ: ئۇنىڭ خاتالىقىنى كەچۈردى.

كَفَّلَ يُكَفِّلُ تَكْفِيْلًا: كېپىل قىلدى، ھۆددە قىلدى.

﴿وَأَنبَتَهَا نَبَاتاً حَسَناً وَكَفَّلَهَا زَكَرِيَّا﴾ «قرآن»: ئۇنى ئوبدان ئۆستۈردى، ئۇنىڭغا زەكەرىيانى كېپىل قىلدى.

كَفَّنَ يُكَفِّنُ تَكْفِيْنًا: كېپەنلىدى، كېپەنگە ئالدى.

كَفْكَفَ يُكَفْكِفُ كَفْكَفَةً دَمْعَهُ: يېشىنى سۈرتتى.

كَفْكَفَهُ عَنِ الْأَمْرِ: ئۇنى ئىشتىن توسۇدى، قايتۇردى.

«كَفْكَفَتِ الْأُمُّ دُمُوْعَ اِبْنِهَا»: ئانا ئوغلىنىڭ يېشىنى سۈرتتى.

«النَّفْسُ السَّخِيَّةُ تُكَفْكِفُ عَبَرَاتِ الْمَحْزُوْنِيْنَ»: مەرد ئادەم غەمكىنلەرنىڭ يېشىنى سۈرتىدۇ.

كَفَلَ يَكْفُلُ كَفْلًا وَ كَفَالَةً: باقتى، قارىدى، خەۋەر ئالدى، كېپىل بولدى.

﴿أَيُّهُمْ يَكْفُلُ مَرْيَمَ﴾ «قرآن»: مەريەمنى ئۇلارنىڭ قايسىسى تەربىيىسىگە ئالىدۇ؟

كَفَلَ دَيْنَ شِرْكَتِهِ: ئۇنىڭ شىركىتىنىڭ قەرزىگە كېپىل بولدى.

كَفَلٌ ج أَكْفَالٌ: كاسا، ساغرا.

كَفَلُ الْحِصَانِ: ئاتنىڭ قۇيرۇقى.

كِفْلٌ ج أَكْفَالٌ: ئوخشاش، نېسىۋە، ھەسسە.

مَا لِفُلَانٍ كِفْلٌ: پالانىنىڭ ئوخشىشى يوق.

﴿وَمَن يَشْفَعْ شَفَاعَةً سَيِّئَةً يَكُن لَّهُ كِفْلٌ مِّنْهَا﴾ «قرآن»: كىمكى بىر يامان (ئىش ئۇچۇن) شاپائەت قىلسا، ئۇنىڭدىن نېسۋىسى بولىدۇ.

كَفَنَ يَكْفِنُ كَفْنًا الْمَيِّتَ: مېيىتنى كېپەنلىدى.

كَفَنٌ ج أَكْفَانٌ: كېپەن، كېپەنلىك.

كُفْوٌ: ئوخشاش، باراۋەر، تەڭداش.

﴿وَلَمْ يَكُن لَّهُ كُفُواً أَحَدٌ﴾ «قرآن»: ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ.

كَفُورٌ ج كُفُرٌ: دىننى ئىنكار قىلغۇچى، كاپىر، تۇزكور.

﴿إِنَّا هَدَيْنَاهُ السَّبِيلَ إِمَّا شَاكِراً وَإِمَّا كَفُوراً﴾ «قرآن»: شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا بىز يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇ مۆئمىن بولۇپ ياخشى يولدا مېڭىپ شۈكۈر قىلغۇچىدۇر ياكى كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر.

كَفَى يَكْفِي كِفَايَةً: كۇپايە قىلدى، يېتەرلىك بولدى.

﴿وَكَفَى بِاللهِ حَسِيبًا﴾ «قرآن»: ئاللاھ ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر.

«كَفَى بِالْمَرْءِ إِثْمًا أَنْ يُضَيِّعَ مَنْ يَقُوتُ» «حديث»: بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق بولغان كىشىلەرنىڭ خىراجىتىنى بەرمەسلىكى يېتەرلىك گۇناھدۇر.

«مَنْ قَرَأَ بِالْآيَتَيْنِ مِنْ آخِرِ سُورَةِ الْبَقَرَةِ فِي لَيْلَةٍ كَفَتَاهُ» «حديث»: كېچىدە سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرىدىكى ئىككى ئايەتنى ئوقۇغان كىشىگە شۇ ئىككى ئايەت يېتەرلىكتۇر.

كَفَاهُ اللهُ فُلاَنًا: ئاللاھ ئۇنى پالانى يامانلىقتىن ساقلىدى.

كَفَاهُ الشَّيْءَ: ئۇنى قاندۇردى.

لَمْ تَقُمْ بِمَا يَكْفِي مِنَ الْعَمَلِ: بىز يېتەرلىك ئىشلىيەلمىدۇق.

كَفَى مَزَاحًا: چاقچاق قىلمىغىنا.

كَفَى: بەس، بولدى.

كَفَاهُ مَؤُونَةَ الْبَحْثِ: ئۇنىڭ ئورنىدا تەتقىقات ئېلىپ باردى.

كَفَاهُ حَاجَتَهُ: ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقتى.

﴿فَسَيَكْفِيكَهُمُ اللهُ وَهُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ﴾ «قرآن»: ئۇلارغا قارشى ئاللاھ ساڭا كۇپايىدۇر، ئاللاھ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

كَفِيءٌ كَفِيئَةٌ: ئوخشاش، تەڭ، باراۋەر.

كَفِيفٌ: ئەما، كور، قارىغۇ.

فُلاَنٌ كَفِيفُ الْبَصَرِ: پالانى كۆزى كۆرمەس.

كَفِيلٌ ج كُفَلاَءُ: كېپىل، كېپىل بولغۇچى ئادەم، كۆزەتكۈچى.

كَفِيلُ الْيَتِيمِ: يېتىمغا ھامىيلىق قىلغۇچى.

﴿وَقَدْ جَعَلْتُمُ اللهَ عَلَيْكُمْ كَفِيلاً﴾ «قرآن»: چۈنكى، سىلەر ئاللاھنى گۇۋاھچى قىلدىڭلار.

كَفِيٌّ ج أَكْفِيَاءُ: ئوخشاش، تەڭ، باراۋەر.

كِلَا م كِلْتَا: ئىككىسى.

«جَاءَ الرَّجُلَانِ كِلَاهُمَا»: ئىككىلا ئادەم كەلدى.

﴿كِلْتَا الْجَنَّتَيْنِ آتَتْ أُكُلَهَا﴾ «قرآن»: ھەر ئىككىسى كەم-كۈتىسىز تولۇق مېۋە بېرىدىغان باغلار بولۇپ، ...

كَلاَّرٌ: ئامبار، ئىسكىلات.

كِلَاسِكِيٌّ: كلاسسىك، تىپىك.

كَلاَلٌ: ھارماق، چارچىماق؛ ئېغىر يۈك؛ ئاجىز؛ گال (ئەقلىي جەھەتتە).

كَلاَلُ الْمُرُوْنَةِ: ئېلاستىكلىق چارچاش.

كَلاَلَةٌ: ھارماق، چارچىماق؛ ئېغىر يۈك؛ شىرەم تۇغقان.

كَلاَمٌ: سۆز، گەپ، سۆھبەت، تىل، كالام، سۆزلىشىش، دىئالوگ.

كَلاَمٌ فَارِغٌ: قۇرۇق پاراڭ، بىكار گەپ.

بِالْكَلاَمِ: ئېغىزچە، ئاغزاكى.

كَثِيرُ الْكَلَامِ: ۋالاقتەگكۇر، كوت-كوت.

عِلْمُ الْكَلَامِ: مەدرىسە پەلسەپىسى، دىنىي ئەقىدىلەرنى ئىسپاتلاشنى مەقسەت قىلىدىغان ئىلىم.

كَلَامٌ رَنَّانٌ: يېقىملىق سۆز.

كَلَامٌ مُمْتَازٌ: بەلەن گەپ.

كَلَامِيٌّ: ئېغىزچە، ئاغزاكى.

حَرْبٌ كَلَامِيَّةٌ: بەس-مۇنازىرە، قەلەم كۈرىشى.

«مُنَاظَرَةٌ كَلَامِيَةٌ بَيْنَ الْفُقَهَاءِ»: فىقھشۇناسلار ئارىسىدىكى تالاش-تارتىش.

«مُشَادَّةٌ كَلَامِيَةٌ بَيْنَ الْخَصْمَيْنِ»: ئىككى رەقىب ئارىسىدىكى تالاش-تارتىش.

كَلَأَ يَكْلَأُ كَلْأً وَ كِلَاءً وَ كِلَاءَةً: ساقلىدى، قوغدىدى.

«كَلَأَهُ بِعَطْفِهِ»: ئۇنىڭغا كۆيۈمچانلىق قىلدى، كۆيۈندى.

﴿قُلْ مَنْ يَكْلَؤُكُم بِاللَّيْلِ وَالنَّهَارِ مِنَ الرَّحْمَنِ﴾ «قرآن»: (ئى مۇھەممەد! مەسخىرە قىلغۇچىلارغا): «سىلەرنى كېچىدە ۋە كۈندۈزدە مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ ئازابىدىن كىم ساقلايدۇ؟» دېگىن.

كَلَأَ بَصَرَهُ فِي الشَّيْءِ: نەرسىلەرگە تەكرار قارىدى.

كَلَأَ النَّجْمَ: يۇلتۇزنى كۆزەتتى، بىدار بولدى.

كَلَأَ يَكْلَأُ كَلْأً وَ كُلْأَةً الدَّيْنَ: قەرز قايتۇرۇشنى كېچىكتۈردى.

كَلَأَ عُمْرُهُ: ئۆمرى ئاخىرلاشتى.

كَلَأٌ ج أَكْلَاءٌ: ئوت-چۆپ.

كَلَأٌ: قارىماق، قوغدىماق.

كُلْأَةٌ: زاكالەت.

كَلِبَ يَكْلَبُ كَلَبًا الْكَلْبُ: ئىت غالجىر كېسىلى بولدى.

كَلِبَ عَلَى الْمَالِ: مالغا ئاچ كۆزلۈك قىلدى.

كَلِبَ الشِّتَاءُ: سوغۇق قاتتىق بولدى.

كَلَبٌ: ئۇسسىماق، ئۇسسۇزلۇق.

دَاءُ الْكَلَبِ: غالجىر كېسىلى.

كَلْبٌ ج كِلَابٌ م كَلْبَةٌ: ئىت.

كَلْبٌ سَلُوقِيٌّ: تايغان.

كَلْبُ الْبَحْرِ: ئاكۇلا، لەھەڭ.

﴿وَكَلْبُهُم بَاسِطٌ ذِرَاعَيْهِ بِالْوَصِيدِ﴾ «قرآن»: ئۇلارنىڭ ئىتى (غار)نىڭ بوسۇغىسىغا ئىككى پۇتىنى سوزۇپ ياتىدۇ.

كَلْبُ الْمَاءِ: قۇندۇز، سۆسەر، قاما.

كَلْبُ الرِّعَاةِ: قويچىنىڭ ئىتى.

كَلْبُ حِرَاسَةٍ: باغۋارانلارغا قارايدىغان ئىت.

كَلْبُ صَيْدٍ: ئوۋ ئىتى.

كَلْبٌ بُولِيسِيٌّ: ساقچى ئىتى، ئاپشاركا.

كَلِبٌ ج كَلِبُونَ: ساراڭ، ئالجىپ قالغان، سەۋدايى، ئاچ كۆز.

كَلْبَةٌ ج كَلْبَاتٌ: قىسقۇچ (تۆمۈرچىنىڭ) ئامبۇر.

كَلْبِيٌّ: ئىتنىڭ، ئىتقا مۇناسىۋەتلىك.

كَلَتَ يَكْلِتُ كَلْتًا الشَّيْءَ: توپلىدى، جەملىدى؛ ئاتتى.

كُلْتَةٌ: ئازغىنە.

كُلْثُومٌ: ئىككى يۈزى گۆشلۈك، گۆش يۈزلۈك؛ پىل.

طِفْلٌ كُلْثُومٌ: بودۇرۇق بالا.

كَلَحَ يَكْلَحُ كُلُوحًا وَ كُلَاحًا وَجْهُهُ: قوشۇمىسى تۈرۈلدى، قاپىقى سىلىندى.

كَلَحَ فِي وَجْهِ زَائِرِهِ: مېھمانغا قاپىقنى تۈرۈۋالدى.

كَلْحَةٌ: ئېغىز-بۇرۇن.

كَلَدَ يَكْلِدُ كَلْدًا الشَّيْءَ: دۆۋىلىدى.

كَلَزَ يَكْلِزُ كَلْزًا الشَّيْءَ: توپلىدى، جەملىدى.

كَلَسَ يَكْلِسُ كَلْسًا الْبِنَاءَ: ئۆينى ئاقلىدى.

كِلْسٌ: ھاك.

كُلْسَةٌ: كۆل رەڭ.

**كَلْسِيُوْمُ**: كالتسىي.

**أُكْسِيْدُ الْكَلْسِيُوْمِ**: كالتسىي ئوكسىدى.

«**يَـنْقُصُ الرَّضِـيْعَ الْكَلْـسِيُوْمُ فَلَـمْ يَمْـشِ إِلَّا مُتَـأَخِّرًا**»: بوۋاقتا كالتسىي يېتىشمەي كېچىكىپ ماڭدى.

**كِلْسِيٌّ**: كالتسىي، كالتسىيلىق.

**حِجَارَةٌ كِلْسِيَّةٌ**: هاك تېشى.

**كَلَعَ يَكْلَعُ كَلْعًا الْوَسَخُ عَلَيْهِ**: كىر بولۇپ كەتتى، مەينەت بولۇپ كەتتى.

**كَلَعٌ**: قوتۇر.

**كَلِفَ يَكْلَفُ كَلَفًا الشَّخْصُ**: ياخشى كۆرۈپ قالدى، كۆيۈپ قالدى.

**كَلِفَ بِالْمَرْأَةِ**: ئايالغا ئاشىق بولۇپ قالدى.

**كَلِفٌ**: كۆيۈپ قالغۇچى، ئاشىق.

**كَلَفٌ . كُلْفَةٌ**: قوڭۇر رەڭ، بېغىر رەڭ، قىزغىن مۇھەببەت، راسخوت، خىراجەت.

**كَلَفُ الْجِلْدِ**: سەپكۈن.

**كَلَفُ الشَّمْسِ**: قۇياشتىكى داغ.

**كُلْفَةٌ ج كُلَفٌ**: جاپا، مۇشەققەت، كۈلپەت؛ خىراجەت، چىقىم؛ بېغىر رەڭ، جىگەر رەڭ.

**كُلْفَةُ الْحَيَاةِ**: تۇرمۇش خىراجىتى.

**بِلَاكُلْفَةٍ**: ئەركىن-ئازادە.

«**إِذَا تَمَّتِ الْأُلْفَةُ سَقَطَتِ الْكُلْفَةُ**»: دوستلۇق چىڭىسا تەكەللۇپ يوقايدۇ.

«**حَصَلَ عَلَيْهِ بِكُلَفَةٍ زَهِيْدَةٍ**»: ئازغىنە چىقىم بىلەن ئۇنىڭغا ئېرىشتى.

**كُلْفَةُ الْإِنْتَاجِ**: ئىشلەپچىقىرىش چىقىمى.

**كَلَفَةٌ**: سەپكۈن، داغ.

**كَلْفَتَةٌ**: يوشۇرۇنماق، مۆكۈۋالماق.

**كَلْكَلَ يُكَلْكِلُ كَلْكَلَةً الْيَدُ مِنَ الْعَمَلِ**: ئىشتىن قول قاپاردى.

**كَلْكَلٌ ج كَلَاكِلُ**: مەيدە، كۆكرەك، كۆكسى، تۆش.

«**أَنَاخَ عَلَيْهِ بَكَلْكَلِهِ**»: ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى.

**كَلْكَلَةٌ**: قاداق (پۇت، قوللاردا بولىدىغان).

**كَلَّ يَكِلّ كَلًّا**: هاردى، چارچىدى.

**كَلَّ عَنِ الْأَمْرِ**: ئىش خۇشياقماس بولۇپ قالدى.

«**عَامِلٌ لَايَكِلّ وَ لَايَمِلّ**»: هارماس-تالماس ئىشچى.

**كَلَّ يَكِلّ كُلُوْلًا وَ كَلَالَةً**: ئاجىزلاپ كەتتى.

**كَلَّ السَّيْفُ**: قىلىچ گالللىشىپ كەتتى.

«**كَلَّ بَصَرُهُ مِنْ كَثْرَةِ الْقِرَاءَةِ**»: كۆپ ئوقۇپ كۆزى تېلىپ كەتتى.

**كَلَّ يَكِلّ كَلَالَـةً الشَّخْصُ**: مىراسخور بولىدىغان ئاتىسى، بالىسى يوق بولدى.

﴿**وَإِن كَانَ رَجُلٌ يُورَثُ كَلَالَةً أَو امْرَأَةٌ وَلَهُ أَخٌ أَوْ أُخْتٌ فَلِكُلِّ وَاحِدٍ مِّنْهُمَا السّدُسُ**﴾ ‹قرآن›: ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچى ئاتا-ئانىسىز، بالىسىز ئەر ياكى ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ پەقەت ئانا بىر قېرىندىشى ۋە ئانا بىر هەمشىرىسى بولسا، ئۇلارنىڭ هەربىرىگە ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ.

**كَلٌّ**: هارماق، چارچىماق، ئېغىر يۈك؛ ئاجىز؛ گال (ئەقلىي جەهەتتە).

﴿**وَهُوَ كَلٌّ عَلَى مَوْلاهُ**﴾ ‹قرآن›: ئۇ ئىگىسىگە يۈك بولۇپ قالغان...

**كُلٌّ**: هەممە، پۈتۈن، جەمئىي؛ هەر بىرى.

**كُلّ إِنْسَانٍ**: هەربىر ئادەم.

**كُلّ مَنْ**: كىم بولمىسۇن.

﴿**فَسَجَدَ الْمَلَآئِكَـةُ كُلُّهُـمْ أَجْمَعُـونَ**﴾ ‹قرآن›: پەرىشتىلەرنىڭ بىرىمۇ ئايرىلىپ قالماي هەممىسى سەجدە قىلدى.

«**كُلّ الْمُسْلِمِ عَلَى الْمُسْلِمِ حَرَامٌ دَمُهُ وَ مَالُهُ وَ عِرْضُهُ**» ‹حديث›: هەربىر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ يەنە بىر مۇسۇلمانىنىڭ هاياتىغا ۋە مال-مۈلكىگە ۋە ئابرۇيىغا چېقىلىشى هارامدۇر.

**كُلَّ يَوْمٍ**: هەر كۈنى، كۈندە دېگۈدەك.

**كُلَّ الْيَوْمِ**: كۈن بويى، پۈتۈن كۈن.

«حَضَرَ الْكُلُّ الْإِجْتِمَاعَ»: يىغىنغا ھەممە كەلدى.

خَسِرَ كُلَّ شَيْءٍ: ھەممىسىنى زىيان تارتتى.

لِكُلِّ جَوَادٍ كَبْوَةٌ: ھەرقانداق ئارغىماقنىڭ بىر يىقىلىشى بار (مۇدۇرۇپ كەتمەيدىغان ئارغىماق يوق).

كُلَّمَا: ... چاغدا، ھەرقاچان، قاچانلا بولمىسۇن.

كُلَّمَا ... كَانَ ...: ...غانسېرى ... شۇنچە، قانچە (قانچىكى) ... شۇنچە، بارغانسېرى.

«كُلَّمَا زَارَهُ وَجَدَهُ مَشْغُولًا»: يوقلىغان چاغدىلا ئۇ ئىش بىلەن بەند ئىدى.

كَلَّا: ياق، ئۇنداق ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس، بولمايدۇ؛ راستتىنلا.

﴿كَلَّا إِنَّ كِتَابَ الْأَبْرَارِ لَفِي عِلِّيِّينَ﴾ «قۇرئان»: راستتىنلا ياخشى بەندىلەرنىڭ نامە-ئەمالى شەك-شۈبھىسىز ئىللىيۇندا بولىدۇ.

﴿قَالَ كَلَّا إِنَّ مَعِيَ رَبِّي سَيَهْدِينِ﴾ «قۇرئان»: مۇسا ئېيتتى: «ئۇنداق بولمايدۇ، پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە، مېنى (قۇتۇلۇش يولىغا) باشلايدۇ.

هَلَّا فَعَلْتَ كَذَا؟ كَلَّا: مۇنداق قىلساڭ بولماسمىدى؟ ياق، بولمايدۇ.

كَلَّا ثُمَّ كَلَّا: ھەرگىز بولمايدۇ.

كُلَّابٌ ج كَلَالِيبُ: ئىلمەك، كانارا.

كَلَّاسٌ: ھاكچى، ھاك سودىگىرى.

كَلَّاسَةٌ: ھاك خۇمدىنى.

كَلَّافُ الْمَوَاشِي: ئۇلاغ باققۇچى.

كَلَلٌ: ھارماق، چارچىماق، بوشاشماستىن.

بِدُونِ كَلَلٍ وَ لَا مَلَلٍ: ھارماي-تالماي.

كَلَّأَ يُكَلِّأُ تَكْلِيئًا: زاكالەت پۇلى ئالدى.

كَلَّأَهُ: ئۇنى نازارەت ئاستىغا ئالدى.

كَلَّبَ يُكَلِّبُ تَكْلِيبًا الْكَلْبَ: ئىتنى تەربىيىلىدى، ئۆگەتتى.

كِلَّةٌ ج كِلَلٌ: پاشىلىق، نېپىز پەردە.

كَلَّسَ يُكَلِّسُ تَكْلِيسًا الْبَيْتَ: ئۆينى ئاقلىدى.

كَلَّفَ يُكَلِّفُ تَكْلِيفًا: بۇيرۇدى، ھاۋالە قىلدى، تاپشۇردى، تەكلىپ قىلدى.

كَلَّفَ الْأَمْرَ: ۋەزىپە يۈكلىدى.

﴿لَا يُكَلِّفُ اللَّهُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا﴾ «قۇرئان»: ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ.

«سَيُكَلِّفُ الْمُدِيرُ بِإِجْرَاءِ دِرَاسَةٍ»: مۇدىر ئۇنىڭغا تەتقىق قىلىپ بېقىشنى تاپشۇرىدۇ.

«كَلَّفَنِي السَّفَرُ أَمْوَالًا طَائِلَةً»: سەپەر مېنى نۇرغۇن چىقىم تارتقۇزدى.

كَلَّفَ مُحَامِيَهِ بِالدِّفَاعِ عَنْهُ: ئۆزىنى ئاقلاشقا ئادۋوكات تەكلىپ قىلدى.

كَلَّفَ نَفْسَهُ عَنَاءً وَ مَشَقَّةً: ئۆزىگە جاپا-مۇشەققەتنى يۈكلىدى.

مَهْمَا كَلَّفَهُ الْأَمْرُ: ھەرقانداق چىقىم تارتىشقا قارىماي.

كَلَّفَتْهُ الْمُغَامَرَةُ حَيَاتَهُ: سۇيىقەست ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولدى.

كَلَّلَ يُكَلِّلُ تَكْلِيلًا —هـ: تاج كىيدۈردى.

كَلَّلَ بِالنَّجَاحِ: مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

كَلَّلُوا الْقَائِدَ: قوماندانغا گۈلدەستە تەقدىم قىلدى.

كُلِّلَ عَمَلُهُ بِالنَّجَاحِ: مەقسىتىگە يەتتى.

كَلَّمَ يُكَلِّمُ تَكْلِيمًا: سۆزلىدى، گەپلەشتى، سۆھبەتلەشتى.

كَلَّمَهُ بِالْهَاتِفِ: تېلېفون ئۇردى، تېلېفون بەردى.

﴿وَكَلَّمَ اللَّهُ مُوسَى تَكْلِيمًا﴾ «قۇرئان»: ئاللاھ مۇساغا بىۋاستە سۆز قىلدى.

كَلُّوبٌ: ئىلمەك، كانارا.

كُلِّيٌّ: تولۇق، پۈتۈنلەي، تامامەن، ئومۇميۈزلۈك؛ مۇتلەق.

كُلِّيُّ الْقُدْرَةِ: ھەممىگە قادىر.

كُلِّيُّ الْمَعْرِفَةِ: ھەممىنى بىلىدىغان، ھەممىدىن خەۋەردار.

الْعِلْمُ الْكُلِّيُّ: ئىلاھىي ئىلىم.

تَشَابُهٌ كُلِّيٌّ بَيْنَ الْأَخَوَيْنِ: ئىككى قېرىنداش ئارىسىدىكى ئوپمۇ ئوخشاشلىق.

دَرَسَ الْمَوْضُوعَ كُلِّيًّا: ماۋزۇنى ئەتراپلىق ئانالىز قىلدى.

كُلِّيَّةً: قەتئىي، تەلتۆكۈس.

كُلِّيَّةٌ ج كُلِّيَّاتٌ: ئومۇمەن، ئومۇمىيۈزلۈك، فاكۇلتېت.

كُلِّيَّةٌ مَنْطِقِيَّةٌ: تولۇق ئاتالغۇ، تولۇق ئاتىلىشى.

إِنْدَفَعَ بِكُلِّيَّتِهِ فِي الْإِنْتِخَابَاتِ: سايلامغا ئومۇمىيۈزلۈك كىرىشىپ كەتتى.

كُلِّيَّةُ الْآدَابِ: ئەدەبىيات فاكۇلتېتى.

كَلَمَ يَكْلُمُ كَلْمًا: يارىلاندۇردى، زەخىملەندۇردى.

كَلْمٌ ج كُلُومٌ وَ كِلَامٌ: يارا، جاراھەت.

«وَلاَ عَيْنُ يَوْمَ الْفَوْتِ لَمْ يَهْمِ دَمْعُهَا وَلاَ قَلْبٌ فِيهِ حَسْرَةً لَمْ يُكْلَمِ»: (ئۇ ئادەم) قازا قىلغان كۈنى ياش تۆكمىگەن كۆز، ھەسرەتتە ئۆرتىنىپ، يارىلانمىغان قەلب قالمىدى.

«كَلْمُ اللِّسَانِ أَنْكَى مِنْ كَلْمِ السِّنَانِ»: تىل يارىسى تىغ يارىسىدىن يامان.

كَلِمَةٌ ج كَلِمٌ وَ كَلِمَاتٌ: سۆز، كەلىمە؛ نۇتۇق، لېكسىيە؛ داستان.

كَلِمَةٌ أَصْلِيَّةٌ: تۈپ سۆز.

كَلِمَةُ التَّوْحِيدِ: «لَاإِلَهَ إِلَّا اللّٰهُ» سۆزى، كەلىمە تەۋھىد.

﴿كَذَلِكَ حَقَّتْ كَلِمَةُ رَبِّكَ عَلَى الَّذِينَ فَسَقُوا﴾ «قرآن»: پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقانلار توغرىسىدىكى ھۆكۈمى ھەقلىق بولدى.

﴿وَكَلِمَةُ اللّٰهِ هِيَ الْعُلْيَا﴾ «قرآن»: ئاللاھنىڭ سۆزى (يەنى، كەلىمە تەۋھىد) ئۈستۈندۇر.

الْكَلِمَةُ الطَّيِّبَةُ صَدَقَةٌ: ياخشى سۆز سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ.

كَلِمَةً كَلِمَةً / كَلِمَةً فَكَلِمَةً: سۆزمۇسۆز، جۈملىمۇجۈملە.

كَلِمَةُ السِّرِّ: پارول.

كَلِمَةُ الْعِلْمِ الْحَاسِمَةِ: ئىلىم-پەندىكى ئەڭ يېڭى كەشپىيات.

كَلِمَةٌ مَسْمُوعَةٌ: ئابرۇي، شۆھرەت، ئاتاق، نام، نوپۇز؛ ھەيۋە.

بِكَلِمَةٍ أُخْرَى: ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا.

أَلْقَى كَلِمَةً فِي الْجُمْهُورِ: ئاممىغا نۇتۇق سۆزلىدى.

اِجْتَمَعَتْ كَلِمَتُهُمْ عَلَى كَذَا: ئۇلار بىرلىككە كېلىشتى.

جَمَعَ كَلِمَتَهُمْ: ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇردى.

كَلِمَاتٌ صَارِمَةٌ: قاتتىق سۆزلەر، كەسكىن سۆزلەر.

كَلِمَاتٌ نِفَاقِيَّةٌ: ساختا ئىبارىلەر.

«مَنْ لَمْ يَصْبِرْ عَلَىٰ كَلِمَةٍ يَسْمَعُ كَلِمَاتٍ»: بىر سۆزگە چىدىمىغان ئادەم تېخىمۇ جىق سۆز ئىشىتىۋالىدۇ.

كَلِمَاتِيٌّ: تىلشۇناس، ناتىق.

كِلُوبٌ ج كِلُوبَاتٌ: كولۇب.

كُلُوبٌ: گازۋاي چىراغ.

كُلْوَةٌ ج كُلًى: بۆرەك.

كُلْوِيٌّ: بۆرەككە ئائىت، بۆرەك كېسىلى.

مَغْصٌ كُلْوِيٌّ: بۆرەك ئاغرىقى.

كَلِئَ يَكْلَأُ كَلَأً الْمَكَانُ: جاي ئوت-چۆپلۈك بولدى.

كَلِئَ الْجَمَلُ: تۆگە ئوتلىدى.

كَلِيبٌ ج كَلْبَى: ساراڭ، ئالجىپ قالغان، سەۋدايى؛ ئاچ كۆز.

كُلْيَةٌ ج كُلًى: بۆرەك.

اِلْتِهَابُ الْكُلَى: بۆرەك ياللۇغى.

زُرِعَتْ لِلْمَرِيْضِ كُلْيَةُ أَخِيْهِ: كېسەلگە قېرىندىشىنىڭ بۆرىكى كۆچۈرۈلدى.

كَلِيْلٌ: هارغۇچى، چارچىغۇچى؛ ئاجىز؛ گال، ئۆتمەس.

كَلِيْلُ الْبَصَرِ: كۆزى ئاجىز.

كَلِيْلُ الْفَهْمِ: دۆت.

سَيْفٌ كَلِيْلٌ: گال قىلىچ.

كَلِيْمٌ ج كُلَمَاءُ: سۆزلىگۈچى، سۆزلەشكۈچى.

كَلِيْمُ اللهِ: مۇسا ئەلەيھىسسالام.

كَلِيْمٌ ج كَلْمَى: يارىلانغان، يارىدار، مەجرۇھ.

«أَخَذُوا الْكَلْمَى إِلَى الْمُسْتَشْفَى»: يارىدارلارنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى.

كَمْ: قانچە؟ نەچچە؟ قانچىلىگەن.

بِكَمْ اِشْتَرَيْتَ هَذَا الْكِتَابَ: بۇ كىتابنى قانچىگە سېتىۋالدىڭ؟

كُمْ م كُنَّ: سىلەر.

كِتَابُكُمْ م كِتَابُكُنَّ: سىلەرنىڭ كىتابىڭلار.

كَمَا: شۇنداق، شۇنىڭدەك، شۇنىڭغا ئوخشاش.

كُمَاخٌ: هاكاۋۇرلۇق، چوڭچىلىق.

كِمَادٌ: ئىسسىتماق، ئىللىتماق.

كِمَادٌ / كِمَادَةٌ ج كِمَادَاتٌ: ئىسسىق ئۆتكۈزىدىغان لاتا.

كَمَالٌ: مۇكەممەل بولماق، تولۇق بولماق، كۆڭۈلدىكىدەك بولماق، كامالەت.

أَنْجَزَ الْعَمَلَ بِتَمَامِهِ وَكَمَالِهِ: ئىشنى تەلتۆكۈس ئورۇنلىدى.

كَمَالِيٌّ ج كَمَالِيَّاتٌ: زۆرۈر ئەمەس، ئانچە ئېهتىياجلىق ئەمەس.

«السَّيَّارَةُ مِنَ الْكَمَالِيَّاتِ»: ماشىنا بولمىسا بولمايدىغان نەرسىلەردىن ئەمەس.

كِمَامٌ. كِمَامَةٌ ج أَكِمَّةٌ وَ كِمَامَاتٌ: ئېغىزدۇرۇق، نوختا، يۈگەن، تور، ماسكا.

كِمَامُ الْفَرَسِ: ئاتنىڭ ئېغىزدۇرۇقى.

كِمَامَةُ الْكَلْبِ: ئىتنىڭ تورى.

كِمَامَةُ الْجُنْدِيِّ: هەربىينىڭ گاز ئۆتمەس نىقابى.

كَمَانٌ: هەم، يەنە، شۇنداق، شۇنداقلا؛ ئىسكىرىپكا؛ كامالچە.

كَمَانِيٌّ: ئىسكىرىپكىچى.

كَمْءٌ ج أَكْمُؤٌ وَ كَمْأَةٌ: زەمبۇرۇغ، يەر مەدىكى، موگۇ.

«الْكَمْأَةُ مِنَ الْمَنِّ وَمَاؤُهَا شِفَاءٌ لِلْعَيْنِ» «حديث»: يەر مەدىكى ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىدىندۇر، ئۇنىڭ سۈيى كۆزگە شىپا بولىدۇ.

كَمَتَ يَكْمُتُ كَمْتًا غَيْظَهُ: ئاچچىقىنى يۇتتى.

كَمُتَ يَكْمُتُ كَمْتًا وَ كَمَاتَةً وَ كُمْتَةً الْفَرَسُ: ئات قىزىل تورۇق بولدى.

كَمَحَ يَكْمَحُ كَمْحًا الْحِصَانَ: ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتتى.

كَمَخَ يَكْمَخُ كَمْخًا: تەكەببۇرلۇق قىلدى، گىدەيدى.

كُمْخًا: تاۋار، گۈللۈك تاۋار.

كَمِدَ يَكْمَدُ كَمَدًا الثَّوْبُ: كىيىم ئۆڭۈپ كەتتى.

كَمِدَ الرَّجُلُ: كىشى تاتىرىپ كەتتى.

كَمِدٌ: قايغۇرغۇچى، هەسرەت چەككۈچى؛ رەڭگى ئۆڭگەن.

كَمَدٌ، كُمْدَةٌ: هەسرەت، قايغۇ-هەسرەت؛ رەڭگى ئۆچۈپ كەتمەك، ئۆڭۈپ كەتمەك.

«يَنْبُوْعُ مَفْخَرَةٍ دَأْمَاءُ مَحْمَدَةٍ فَرَّاجُ ذِيْ كَمَدٍ هَيَّاجُ أَشْوَاقٍ»: (بۇ شېئىرلار) پەخىر بۇلىقى، مەدھىيە دېڭىزىدۇر. (بۇ شېئىرلار) غەمكىن ئادەمنىڭ قايغۇ هەسرىتىنى كەتكۈزىدۇ، ئۇنى روهلاندۇرۇۋېتىدۇ.

كَمَرَ يَكْمُرُ كَمْرًا الوِعَاءَ بِالْغِطَاءِ: قاچىنىڭ ئېغىزىنى ئەتتى.

كَمْرٌ: كېمىر، ئەگمە.

كُمْرُكٌ ج كَمَارِكُ: تاموژنا بېجى.

كُمْرُكُ الْبِضَاعَةِ: مالدىن ئېلىنىدىغان تاموژنا بېجى.

كَمَزَ يَكْمِزُ كَمْزًا الْعَجِينَ: خېمىرنى زوۋۇلا قىلدى.

كُمْزَةٌ ج كُمَزٌ: بىر ئوچۇم.

كَمَسَ يَكْمُسُ كُمُوسًا: قاپىقىنى تۈردى.

كَمُشَ يَكْمُشُ كَمَاشَةً الرَّجُلُ: كىشى باتۇر بولدى.

كَمُشَتِ الْمَرْأَةُ: ئايالنىڭ كۆكسى كىچىك بولدى.

كَمْشَةٌ: باغلام، تۇتام، ئوچۇم.

كَمِشَةٌ: كۆكسى كىچىك.

كَمَعَ يَكْمَعُ كَمْعًا: كەستى، كېسىۋەتتى، چاپتى.

كَمَلَ وَكَمُلَ يَكْمُلُ وَكَمِلَ يَكْمَلُ كَمَالًا وَكُمُولًا: تولۇق بولدى، مۇكەممەل بولدى، تامام بولدى.

كَمَّ يَكُمُّ كَمًّا الشَّيْءَ: نەرسىنى ياپتى، يوشۇردى.

كَمَّ الْبَعِيرَ: تۆگىنىڭ تۇمشۇقىغا تور سالدى.

كَمَّ الشَّهَادَةَ: گۇۋاھلىقنى يوشۇردى.

كَمَّ فَمَهُ: ئۇنىڭ ئېغىزىنى تۇۋاقلىدى، ئۇنى ئېغىز ئاچقۇزمىدى.

كَمَّ أَفْوَاهَ الْمُعَارِضِينَ: قارشى تەرەپتىكىلەرنى ئېغىز ئاچقۇزمىدى.

كَمٌّ: ياپماق، يوشۇرماق؛ ئېغىزدۇرۇق، يۈگەن، مىقدار، نورما.

«تَفُوقُ دِرَاسَتُهَا الْمَجْمُوعَةَ كَمًّا وَكَيْفًا»: ئۇنىڭ ئۆگىنىشلىرى سان ۋە سۈپەت جەھەتتە ئۈستۈن تۇرىدۇ.

كُمٌّ ج أَكْمَامٌ وَكِمَمٌ: يەڭ.

«كَانَ كُمُّ قَمِيصِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِلَى الرُّسْغِ» ‹حديث›: رەسۇلۇللاھنىڭ كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بېغىشىغىچە ئىدى.

كِمٌّ ج كِمَامٌ وَأَكْمَامٌ وَأَكِمَّةٌ: گۈل كاسىنىسى.

أَكْمَامُ النَّخْلِ: خورمىنىڭ بوغۇمى.

لِبْنٌ ج لَبِنَةٌ وَلَبِنَاتٌ: خىش، كېسەك.

لَبِنَةٌ: سېغىن مال، سېغىن كالا، سېغىن قوي.

لِبْنَةٌ: كېسەك، خىش.

بَنَى دَارَهُ لِبِنَةً لَبِنَةً: قورۇسىنى بىر خىشتىن، بىر خىشتىن قوپۇرۇپ چىقتى.

لَبَنِيٌّ: سۈتلۈك.

أَسْنَان لَبَنِيَّة: بوۋاقنىڭ سۈت چىشلىرى.

لَبْوَة . لَبُوَةٌ . لَبُوْءَةٌ: چىشى شىر.

لَبُوسٌ ج لُبُسٌ: كىيىم، كىيىم-كېچەك؛ ساۋۇت؛ شامچى دورا، كەپلىمە دورا.

شَخْصٌ لَبُوسٌ: كىيىمى كۆپ ئادەم.

رَجُلٌ أَنِيقٌ لَبُوسٌ: كىيىمى كۆپ، رەتلىك ئادەم.

﴿وَعَلَّمْنَاهُ صَنْعَةَ لَبُوسٍ لَكُمْ لِتُحْصِنَكُمْ مِنْ بَأْسِكُمْ﴾ ‹قرآن›: جەڭلەردە سىلەرنى (يارىدار بولۇشتىن) ساقلاش مەقسىتىدە، داۋۇدقا سىلەر ئۈچۈن ساۋۇت ياساشنى ئۆگەتتۇق.

لُبْسُ هَذِهِ الْمَرْأَةِ أَنِيقٌ: بۇ ئايالنىڭ كىيىمى چىرايلىق.

لَبُونٌ وَلَبُونَةٌ ج لِبَانٌ وَلِبْنٌ وَلُبْنٌ وَلَبَائِنُ: سېغىن مال؛ سېغىن كالا، سېغىن قوي، سېغىن تۆگە.

لَبِيَ يَلْبَى لَبْيًا الشَّخْصُ مِنَ الطَّعَامِ: كۆپ يېدى.

لَبِيبٌ ج أَلِبَّاءُ م لَبِيبَةٌ ج لَبِيبَاتٌ ولَبَائِبُ: ئەقىللىق، چېچەن، ئۆتكۈر.

كُلّ لَبِيبٍ بِالإِشَارَةِ يَفْهَمُ: ئەقىللىق ئادەم ئىشارەت بىلەنلا چۈشىنىدۇ.

لَبِيْجٌ: يەرلەشكۈچى، ماكانلاشقۇچى.

حَيٌّ لَبِيْجٌ: ئاھالىلەر رايونى.

لَبِيْسٌ ج لُبُسٌ ولَبَائِسُ: ئۇچىلىق كىيىم، كونا كىيىم، نىمكەش كىيىم؛ ئوخشىشى، تەڭدىشى.

لَيْسَ لَهُ لَبِيسٌ: ئۇنىڭ ئوخشىشى يوق.

لَبِيْق: ماھىر، ئۇستا، زېرەك، سىلىق، خۇش چاقچاق، مەدەنىيەتلىك.

لَبِيكَةٌ: سۈت، ئۇن ياكى خورما ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئۈستىگە ماي قۇيۇلۇپ پىپىلىدىغان تائام.

لُتَاتٌ: دەرەخ قوۋزىقىنىڭ ئۇۋىقى، ماي ئۇۋىقى.

لَتَأَ يَلْتَأُ لَتْأً فُلاَنًا فِي صَدْرِهِ: مەيدىسىدىن ئىتتىردى.

لَتَأَتْ بِهِ أُمّهُ: ئۇنى ئانىسى تۇغدى.

لَتَأَهُ بِحَجَرٍ: ئۇنىڭغا تاش ئاتتى.

لَتَأَ الشَّيْءَ: كېمەيتىۋەتتى.

لَتَبَ يَلْتُبُ لَتْبًا ولُتُوبًا بِهِ: چاپلاشتى، يېپىشتى.

لَتَبَ فِيْهِ: مۇقىم بولدى، پۇختا بولدى، ئىزچىل بولدى.

لَتَّ يَلُتّ لَتًّا الشَّخْصُ: تولا سۆزلىدى، پايدىسىز گەپنى كۆپ قىلدى.

لَتَّ الشَّيْءَ: يانجىدى، سوقتى، تالقانلىدى، ئۇۋىدى، كۇكۇم-تالقان قىلدى.

لَتَّ السَّوِيقَ: تالقاننى سۇ بىلەن نەمدەپ ماي ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇردى.

لَتَّاتٌ: بىھۇدە كۆپ سۆزلەيدىغان، ۋات-ۋات.

لَتَّبَ يُلَتِّبُ تَلْتِيبًا السَّرْجَ عَلَى الْفَرَسِ: ئاتنى

ئېگەرلىدى.

لَتَّةٌ: كىچىك ئىش، ئۇششاق ئىش.

لَتَنَ يَلْتِنُ تَلْتِينًا: لاتىنلىشىپ كەتتى.

لَتِخَ يَلْتَخُ لَتَخًا ـ هُ: بۇلغىنىۋەتتى، مەينەت قىلىۋەتتى.

لَتِخَ الشَّيْءَ: ئاجرىتىۋەتتى، بۆلۈۋەتتى.

لَتَدَ يَلْتِدُ لَتْداً فُلاَنًا بِيَدِهِ: پالاننى مۇشت بىلەن سالدى.

لَتَزَ يَلْتِزُ لَتْزًا فُلاَنًا: ئىتتىردى، مۇشتلىدى.

لَتْلَتَةٌ: يالغان قەسەم.

أَقْلَقَهُ بِلَتْلَتِهِ: ۋاتىلداۋېرىپ ئۇنى زېرىكتۈرۈۋەتتى.

اِتَّقِ اللَّتْلَةَ: يالغان قەسەمدىن ساقلان.

لَتَمَ يَلْتُمُ لَتْمًا ـــ هُ: ئۇردى، زەربە بەردى.

لَتَمَ السَّهْمَ: ئوق ئاتتى.

لَتْمٌ: جاراھەت، جاراھەت ئېغىزى.

لَتِ (اَلَّتِي) ج اللاَّتِي وَاللَّوَاتِي وَاللاَّئِيْ: ئايال جىنس ئۈچۈن ئۇلاش قوشۇمچىسى.

جَاءَتِ اللاَّتِي وَصَلَتْهُنَّ الدَّعْوَةُ: چاقىرىق تەگكەن ئاياللار كەلدى.

لَثَاةٌ: كىچىك تىل.

لِثَامٌ ج لُثُمٌ: نىقاب.

لِثَامُ الْمَرْأَةِ: چۈمبەل.

أَمَاطَ اللِّثَامَ عَنِ الأَمْرِ: ئىشنى ئېنىقلاپ بەردى.

لَثَأَ يَلْثَأُ لَثأً الكَلْبُ: ئىت يالىدى، يالاپ قويدى.

لَثَأٌ: دەرەخ يېلىمى.

لِثَةٌ ج لِثَاتٌ ولِثًى ولِثِيٌّ: چىش مىلىكى.

لَثَّ يَلُثُّ لَثًّا بِالْمَكَانِ: ماكانلاشتى، ئورۇنلاشتى.

لَثَّ عَلَيْهِ: تەكرار تەلەپ قىلدى.

لَثَّ الْمَطَرُ: يامغۇر سىم-سىم ياغدى.

لَثَّ الشَّجَرُ: دەرەخكە شەبنەم چۈشتى.

لَثٌّ: شەبنەم.

لَثَّقَ يُلَثِّقُ تَلْثِيقًا الشَّيْءَ: چىرىتىۋەتتى، بۇزۇۋەتتى.

لَثَّمَ يُلَثِّمُ تَلْثِيمًا الشَّخْصُ فَمَهُ: ئېغىز-يۈزىگە كىيىمنىڭ پېشىنى ياكى نىقاب تارتىۋالدى.

لَثَّمَ السَّارِقُ فَمَهُ حَتىَّ لاَ يُعْرَفُ: ئوغرى تونۇلماسلىق ئۈچۈن ئېغىز-يۈزىگە نىقاب تارتىۋالدى.

لَثَّمَتِ الْمَرْأَةُ وَجْهَهَا: ئايال يۈزىنى ياپتى.

لَثَدَ يَلْثِدُ لَثْدًا الْمَتَاعَ: مالنى تىزدى، رەتلىدى.

لِثْدَةٌ: ئولتۇراقلىشىپ قالغان جامائە.

لَثَطَ يَلْثِطُ لَثْطًا فُلاَنًا: ئاستىراق ئۇرۇپ قويدى.

لَثِغَ يَلْثَغُ لَثَغًا: سۆزلىگەندە بىر ھەرپنى يەنە بىر ھەرپكە ئالماشتۇردى.

«سين»نى «ثاء»غا ياكى «راء»نى «غين»غا ئالماشتۇرغاندەك.

«خَطِيبٌ يَلْثَغُ بِالرَّاءِ»: خاتىپ «راء»نى ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ.

لَثِقَ يَلْثَقُ لَثَقًا الْيَومُ: كۈن تىنچىق بولدى.

لَثَقٌ: ھۆللۈك، نەملىك؛ سۇيۇق لاي، پاتقاق.

لَثِقٌ: يېپىشقاق لاي.

يَوْمٌ لَثِقٌ: تىنچىق كۈن.

لَثْلاَثٌ: بوشاڭ، لىكتاسما.

تِلْمِيذٌ لَثْلاَثٌ: بوشاڭ شاگىرت.

لَثْلَثَ يُلَثْلِثُ لَثْلَثَةً الشَّخْصُ كَلاَمَهُ: سۆزنى ئوچۇق قىلالمىدى.

لَثْلَثَ الشَّخْصُ بِالْمَكَانِ: تۇردى، ماكانلاشتى، ئورۇنلاشتى.

لَثْلَثَ الشَّخْصُ فِي الأَمْرِ: ئىككىلەندى.

لَثْلَثَ عَلَيْهِ: تەكرار تەلەپ قىلدى.

لَثْلِثُوا بِنَا: بىزنى ئازراق ئارام ئالدۇرۇڭلار.

لَثَمَ يَلْثِمُ لَثْمًا: سۆيدى.

«لَثَمَتِ الأُمُّ طِفْلَهَا»: ئانا بوۋىقىنى سۆيدى.

لَثَوِيٌّ: چىش مىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك.

الْحُرُوفُ اللَّثَوِيَّةُ: (فونىتىكىدا) ث، ذ، ظ، ھەرپلىرى.

لَثِيَ يَلْثَى لَثًى الشَّيْءُ: نەم بولدى.

لَثِيَ الثَّوْبُ وَ غَيْرُهُ: كىيىم ۋە باشقىلار تەردىن نەم بولدى.

لَثِيَتِ الشَّجَرَةُ: دەرەختىن يېلىم چىقىپ ئاقتى.

لَثًى: دەرەخ يېلىمى، سېرىقماي، ھۆللۈك.

لَثَى الثَّوْبِ: كىيىمنىڭ كىرى.

لَجَاجَةٌ: تىلەش، تەكرار تەلەپ قىلىش، جېدەل ـ ماجىرا قىلىش، مۇنازىرىلىشىش.

فِي فُؤَادِهِ لَجَاجَةٌ: ئاچ قورساقلىقتىن يۈرىكى تىترەپ كەتتى.

لِجَافٌ ج أَلْجِفَةٌ وَ لَجَفٌ: تاغنىڭ تۇمشۇقى، ئىشىكنىڭ بوسۇغىسى.

لِجَام ج أَلْجِمَة وَلُجُم: يۈگەن.

«مَنْ سُئِلَ عَنْ عِلْمٍ فَكَتَمَهُ أُلْجِمَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ بِلِجَامٍ مِنَ النَّارِ» ‹حديث›: كىمكى بىرەر ئىلىم توغرۇلۇق سورالسا، ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرسا، قىيامەتتە ئۇنىڭغا ئوتتىن يۈگەن سېلىنىدۇ.

لَجَأَ يَلْجَأُ لَجْئًا ولُجُوءًا: پاناھلاندى، باشپاناھ ئىزدىدى، يوشۇرۇندى، مۆكتى، ئۆزىنى دالدىغا ئالدى، يۆلەندى.

لَجَأَ إِلَى الْخَارِجِ: چەتكە چىقىپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.

لَجَأَ الْمُتَضَرِّرُ إِلَى الْقَاضِي: زىيانغا ئۇچرىغۇچى سوتقا ئىلتىجا قىلدى.

«لَجَأْتُ إِلَى طَرِيْقَةٍ أُخْرَى لِشَرْحِ الْمَعْنَى»: مەنىنى يېشىپ بېرىش ئۈچۈن باشقىچە يول تۇتتى.

لَجَأَ إِلَى الْعُنْفِ: زوراۋانلىق قىلدى.

لَجِبَ يَلْجَبُ لَجَبًا البَحْرُ: دېڭىز دولقۇنلىدى.

لَجِبَ الْقَوْمُ: كىشىلەر سۈرەن ـ چۇقان سالدى.

«يَلْجَبُ النَّاسُ احْتِجَاجًا عَلَى غَلَاءِ الْمَعِيْشَةِ»: كىشىلەر تۇرمۇش چىقىمىنىڭ ئۆرلەپ كەتكىنىنى باھانە قىلىپ سۈرەن ـ غۇلغۇلا قىلىشتى.

لَجَبٌ: دولقۇنلىماق، مەۋج ئۇرماق؛ ئاتلارنىڭ كىشنىشى؛ كىشىلەرنىڭ سۈرەن ـ چۇقانلىرى.

جَيْشٌ لَجَبٌ: چوڭ قوشۇن.

لَجَّ يَلَجّ لَجَاجًا وَ لَجَاجَةً: كاجلىق قىلدى، جاھىللىق قىلدى، تەرسالىق قىلدى، داۋاملىق تېگىرقىدى.

﴿وَلَوْ رَحِمْنَاهُمْ وَ كَشَفْنَا مَا بِهِمْ مِن ضُرٍّ لَلَجُّوا فِي طُغْيَانِهِمْ﴾ ‹قرآن›: ئەگەر ئۇلار (يەنى، مۇشرىكلار)غا رەھمەت قىلساق، ئۇلارغا كەلگەن كۈلپەتنى كۆتۈرۈۋەتسەك، چوقۇم گۇمراھلىقلىرىدا داۋاملىق تېگىرقاپ يۈرۈشەتتى.

لَجَّ عَلَيْهِ فِي لأَمْرِ: چىڭ تۇرۇۋالدى.

لَجَّ فِي شُرْبِ الْخَمْرِ: ھاراق ئىچىشتە ھەددىدىن ئاشتى.

لَجَّتْ عَلَى الْمُدِيْرِ فِي قَضَاءِ حَاجَتِهَا: ھاجىتىنى ئورۇنلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ مۇدىرغا ئىلتىجا قىلدى.

لُجٌّ وَلُجَّةٌ ج لُجَجٌ وَلِجَاجٌ: دېڭىز، چەكسىز، بىپايان (سۇ).

«لُجّ البَحْرِ»: بىپايان دېڭىز.

لُجّ اللَّيْلِ: كېچىنىڭ زۇلمىتى.

لَجَّامٌ ج لَجَّامُونَ: يۈگەن سالغۇچى.

لَجَّأَ يُلَجِّءُ تَلْجِئَةً: مەجبۇرلىدى، زورلىدى، قىستىدى.

لَجَّةٌ: بىر قېتىم چۇقان سېلىش.

لَجَّـةُ الْمُتَظَاهِرِيْنَ: نامايىشچىلارنىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرى.

لَجَجَةٌ: جاھىل، كاج، تەرسا.

لُجِّيٌّ: بىپايان، چوڭقۇر.

﴿فِي بَحْرٍ لُجِّي يَغْشَاهُ مَوْجٌ﴾ ‹قرآن›: دېڭىزدىكى (قاراڭغۇلۇقتا ئوخشايدۇ)، ئۇنى (دېڭىزنى) دولقۇنلار قاپلاپ تۇرىدۇ.

لَجَذَ يَلْجُذُ لَجِذَ يَلْجَذُ لَجْذاً وَ لَجَذًا الشَّيْءَ: نەرسىنى

ئالىپىدى.

لَجَفَ يَلْجُفُ لَجْفًا: قاتتىق ئۇردى.

لَجْفَةٌ ج لَجَفَاتٌ: ئۆڭكۈر، غار.

لَجْلَاجٌ: تىلى ئېغىر، دۇدۇقلايدىغان.

لَجْلَجَ يُلَجْلِجُ لَجْلَجَةً: دۇدۇقلىدى.

لَجْلَجٌ: ئېلىشقان، ئارىلاشقان.

«الحَقّ أَبْلَجُ والبَاطِل لَجْلَجٌ»: ھەقىقەت روشەن

كېلىدۇ، ناھەق دېگەن ئېلىشاڭغۇ كېلىدۇ.

لَجِنَ يَلْجَنُ لَجَنًا: پاسكىنا بولدى؛ چاپلاشتى،

يېپىشتى.

«لَجِنَ الْمُشطُ»: تارغاق پاسكىنا بولدى.

لَجْنَةٌ ج لِجَانٌ: جامائە، ھەيئەت، كومىتېت،

ئىدارە، قىسىم، بۆلۈم.

لَجْنَةُ الإِدَارَةِ: ئىدارە، باشقارما.

لَجْنَةُ التَّحْضِيْرِ: تەييارلىق ھەيئىتى.

لَجْنَةُ التَّحْقِيْقِ: تەكشۈرۈش ھەيئىتى.

لَجْنَةٌ دَائِمَةٌ: دائىمىي كومىتېت.

لَجْنَةُ الإِمْتِحَانِ: ئىمتىھان كومىسسىيىسى.

اللَّجْنَةُ التَّنْفِيْذِيَّةُ: ئىجرائىيە كومىتېتى.

اللَّجْنَةُ الْمَرْكَزِيَّةُ: مەركىزىي كومىتېت.

لَجْنَةُ الدَّوْلَةِ لِلدِّفَاعِ: دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتى.

لَجْنَةُ مِنْهَاجِ الدَّوْلَةِ: دۆلەت پىلان كومىتېتى.

لَجْنَةُ شُؤُونِ الصِّحَّةِ: سەھىيە ئىدارىسى.

لَجْنَةٌ دَائِمَةٌ: دائىمىي كومىتېت.

اَللَّجْنَةُ التَّنْفِيذِيَّةُ لِلْحِزْبِ: پارتىيە ئىجرائىيە

كومىتېتى.

لَجْنَةُ تَخْطِيطٍ: پىلان كومىتېتى.

لُجُوْءٌ: پاناھلانماق، ئىلتىجا قىلماق.

حَقّ اللُّجُوْءِ السِّيَاسِيِّ: سىياسىي پاناھلىنىش

ھوقۇقى.

لَجُوْجٌ لَجُوْجَةٌ: جاھىل، كاج، تەرسا.

سَائِلٌ لَجُوجٌ: تەرسا تىلەمچى.

لَجِيْفَةٌ: ئىشىكنىڭ بىر قانىتى.

لَجِينٌ: ئېغىزنىڭ شالى.

لُجَيْنٌ: كۈمۈش.

خَاتَمٌ مِنْ لُجَيْنٍ: كۈمۈش ئۈزۈك.

لُجَيْنِيَّةٌ: دىرھەم، تەڭگە، كۈمۈش پۇل.

لَحَا يَلْحُو لَحْوًا الشَّجَرَةَ: دەرەخنى سويدى، شىلدى.

لَحَا الشَّخْصَ: شەخسنى تىللىدى.

«لَحَاهُ فِي وَجْهِهِ»: ئۇنى يۈزىدىن-يۈزىگە تىللىدى.

لِحَاءٌ: قوۋزاق، پوست.

لُحَاتَةٌ: سوپپاق، شۇپەك.

لَحَاصٌ: بالايىئاپەت، مۇسىبەت، قۇرغاقچىلىق.

لَحَاظٌ وَلِحَاظٌ ج لُحُظٌ: كۆز قۇيرۇقى، كۆز

بۇرجىكى.

لِحَافٌ ج لُحُفٌ: يوتقان، يېپىنچا، ئەديىال،

كىرلىك، پۈركەنچە.

«وَضَعَتِ الْمَرْأَةُ لِحَافًا فَوْقَ السَّرِيرِ»: ئايال كارىۋات

ئۈستىگە ئەديىال سالدى.

«تَسَتَّرَتِ الفَتَاةُ بِلِحَافٍ»: قىز پۈركىنىۋالدى.

لِحَاقٌ: يېتىشمەك، قوغلاپ يەتمەك، يېتىۋالماق.

لَقَدِ انْصَرَفُوا مُنْذُ سَاعَةٍ وَاحِدَةٍ لِذَالِكَ لاَتَسْتَطِيْعُ

اللِّحَاقَ بِهِمْ: ئۇلار كەتكىلى بىر سائەت

بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا يېتىشەلمەيمىز.

لِحَامٌ ج لِحَامَاتٌ: قەلەي، كەپشەر.

لِحَامٌ بِالرَّصَاصِ: قوغۇشۇن بىلەن كەپشەرلەش.

لِحَامٌ بِالأُكْسِيجِينِ: ئوكسىگېن بىلەن پاياتلاش.

لَحَامَةٌ: سېمىزلىك.

لَحَبَ يَلْحَبُ لُحُوبًا الطَّرِيْقُ: يول داغدام بولدى.

لَحَبَ يَلْحَبُ لَحْبًا الطَّرِيْقَ: ماڭدى، يۈردى، سەپەر

قىلدى.

لَحَبَ بِفُلاَنٍ الأَرْضَ: پالاننى يەرگە يىقىتتى.

لَحَبَ اللَّحْمَ عَنِ العَظْمِ: گۆشنى سۆڭەكتىن شىلدى.

لَحَبَهُ بِالسَّيْفِ: چاپتى، كەستى، ئۇردى.

لَحِبَ يَلْحَبُ لَحَبًا الشَّخْصُ: يېشى چوڭىيىپ ياداپ كەتتى.

لَحَبٌ: تاشيول، داغدام يول.

لَحَتَ يَلْحَتُ لَحْتًا العَصَا: ياغاچنىڭ قوۋزىقىنى سويدى.

لَحَتَ فُلَانًا بِالعَصَا: توقماق بىلەن سالدى.

لَحَتَ الرَّجُلَ: ھەممە نەرسىسىنى ئېلىۋېلىپ قۇرۇقدىۋەتتى.

لَحْتٌ: ساپ، سادىق، سەممىمي.

لَحَجَ يَلْحَجُ لَحْجًا ـــ هُ: ئۇنى ئۇردى.

لَحَجَ إِلَيْهِ: ئىلتىجا قىلدى، پاناھلاندى.

لَحَجٌ: چاپاق.

لَحِجٌ: تار.

مَكَانٌ لَحِجٌ: تار يەر.

لَحَّ يَلِحُّ لَحًّا ـــ تِ الْقَرَابَةُ بَيْنَهُمْ: ئۇلار يېقىن تۇغقان بولۇشتى.

لَحِحَ يَلْحَحُ لَحَحًا ـــ ت العَيْنُ: كۆز چاپاق بولدى.

لَحٌّ: يېقىن تۇغقان.

عَيْنٌ لَحَّاءُ: چاپاق كۆز.

لَحَّامٌ ج لَحَّامُونَ: گۆش ساتقۇچى، قاساپ، سۇۋاركچى، پاياتچى.

أَصْلَحَ اللَّحَّامُ الْحَنَفِيَّةَ: سۇۋاركچى جۈمەكنى ئوڭشىدى.

لَحَّانٌ . لَحَّانَةٌ: كۆپ گرامماتىكىلىق خاتالىقنى ئۆتكۈزىدىغان، ئوقۇشنى خاتا ئوقۇيدىغان.

لَحَّبَ يُلَحِّبُ تَلْحِيبًا الطَّرِيقَ: يول ماڭدى.

لَحَّةٌ: قۇرۇق.

«خُبْزَةٌ لَحَّةٌ»: قۇرۇق نان.

لَحَّصَ يُلَحِّصُ تَلْحِيصًا خَبَرَهُ: تەكشۈردى، سۈرۈشتۈردى.

لَحَّصَ فِي الْأَمْرِ: چىڭ تۇتتى، قىستى.

لَحَّصَهُ عَنْ كَذَا: توسۇدى.

لَحَّنَ يُلَحِّنُ تَلْحِينًا: دېكلاماتسىيە قىلدى، ئۈنلۈك ئوقۇدى.

لَحَّنَ عَبْدُ الْوَهَّابِ عِدَّةَ أَغَانٍ لِأُمِّ كُلْثُوم: ئابدۇۋاھھاب ئۇممۇ گۈلسۇمگە بىرقانچە مۇزىكا ئىشلەپ بەردى.

لَحَدَ يَلْحَدُ لَحْداً القَبْرَ: قەبرە كولىدى.

لَحَدَ الْمَيِّتَ: ئۆلۈكنى كۆمدى.

لَحَدَ فِي الدِّيْنِ: دىنغا ئىنكار قىلىپ، ئاللاھغا شېرىك كەلتۈردى.

لَحْدٌ ج أَلْحَادٌ و لُحُدٌ: قەبرە، گۆر.

«أُطْلُبِ العِلْمَ مِنَ المَهْدِ إِلَى اللَّحْدِ» «حديث»: بۆشۈكتىن لەھەتكىچە ئىلىم ئىزدە.

لَحَزَ يَلْحَزُ لَحْزًا الشَّيْءَ: تەكرار تەلەپ قىلدى، ئىلتىماس قىلدى.

لَحِزَ يَلْحَزُ لَحَزًا: بېخىللىق قىلدى، پىخسىقلىق قىلدى.

لَحِزٌ . لِحْزٌ: بېخىل، پىخسىق.

لَحِسَ يَلْحَسُ لَحْسًا: يالىدى.

«لَحِسَ الكَلْبُ الإِنَاءَ»: ئىت قاچىنى يالىدى.

لَحْسٌ: يالاش.

لَحْسَةٌ: بىر قېتىم يالاش.

اللَّحْسَةُ: ئازغىنە نەرسە.

لَحَصَ يَلْحَصُ لَحْصًا خَبَرَ فُلَانٍ: تەكشۈردى، ئىزدەندى.

لَحَصَهُ عَنِ الْأَمْرِ: توسۇدى.

لَحِصَ يَلْحَصُ لَحَصًا ـــ تْ عَيْنُهُ: كۆزىنى چاپاق بېسىپ كەتتى.

لَحَصَانٌ: يۇگۇرۇش، يۇگۇرمەك.

لَحَطَ يَلْحَطُ لَحْطًا الْمَكَانَ: جاينى سۇپۇرۇپ سۇ چاچتى، زىننەتلىدى، بېزىدى.

لَحَظَ يَلْحَظُ لَحْظًا وَ لَحَظَانًا: قارىدى، كۆزەتتى،

كۆزنىنىڭ قىرىدا قارىدى.

لَحْظُ العَيْنِ ج لِحَاظٌ وَأَلْحَاظٌ: بىرىكتۈرگۈچى پەردە (كۆزنىڭ).

لَحْظَةٌ ج لَحَظَاتٌ: بىر قاراش، بىر نەزەر، بىر قېتىم قاراپ چىقماق، بىردەم، شۇ ھامان، ھەش-پەش دېگۈچە، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە، ھايت-ھۇيت دېگۈچە.

سَكَتَ عَنِ الْكَلَامِ لَحْظَةً: بىردەم جىم تۇرۇۋالدى.

لَحْظَةٌ حَاسِمَةٌ بَيْنَ الْمَوْتِ وَالْحَيَاةِ: ھايات-ماماتلىق پەيتى.

أَتَى بَعْدَ لَحْظَةٍ: بىردەمدىلا كەلدى.

لَحِقَ الْقِطَارَ فِي اللَّحْظَةِ الْأَخِيرَةِ: پويىزغا ئاخىرقى ۋاقىتتا ئۈلگۈردى.

غَادَرَ الْمَكَانَ اللَّحْظَةَ: ھەش-پەش دېگۈچە ئايرىلدى.

فِي كُلِّ لَحْظَةٍ: ھەمىشە، داۋاملىق، ھەرقاچان.

أُوَافِقُ تَمَامًا عَلَى كُلِّ مَا قَالَهُ قَبْلَ لَحَظَاتٍ: ئۇنىڭ بايا ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسىگە تولۇق قوشۇلىمەن.

لَحْظِيٌّ: كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە، ھەش-پەش دېگۈچە.

لَحَفَ يَلْحِفُ لَحْفًا: يېپىنچا ئىشلىدى، ياپتى، يۆگىدى، چۈمكىدى.

«لَحَفَتِ الْأُمُّ طِفْلَهَا»: ئانا بالىسىنى يۆگىدى.

لَحَفَهُ الثَّوْبَ: ئۇنىڭغا كىيىم كىيگۈزدى.

أَلْحَفَ الرَّجُلُ فِي مَالِهِ: كىشىنىڭ مېلىنىڭ بىر قىسمى قولدىن كەتتى.

أُلْحِفَ الْقَمَرُ: ئاي تۇتۇلدى.

لُحْفٌ: ياپماق، چۈمكىمەك، تاغ ئېتىكى.

لَحِقَ يَلْحَقُ لَحْقًا وَ لَحَاقًا: يەتتى، يېتىشىۋالدى، ئارقىسىدىن باردى، ئىزىدىن باردى، بىللە بولدى.

«لَحِقَ الشُّرْطِيُّ السَّارِقَ»: ساقچى ئوغرىغا يېتىشۋالدى.

«لَحِقَ الشَّابُّ بِالْخِدْمَةِ الْعَسْكَرِيَّةِ»: يىگىت ھەربىي خىزمەتكە كىردى.

لَحِقَ إِلَى قَوْمِهِ كَذَا: قوۋمىغا رىشتە باغلىدى، تاياندى، يېقىندى.

لَحِقَتْهُ خَسَارَةٌ: زىيان تارتتى، زىيانغا ئۇچرىدى.

لَحِقَتْهُ بِالْمَدْرَسَةِ: مەكتەپكە كىردى، ئوقۇشقا كىردى.

لَحِقَتْهُ بِعَالَمِ الْخُلُودِ: ۋاپات بولدى، ئالەمدىن ئۆتتى.

مَهْمَا تَكُنْ سُرْعَتُكَ فِي الْجَرْيِ، فَإِنِّي أَسْتَطِيعُ أَنْ أَلْحَقَ بِكَ: قانچە تېز يۈگۈرسەڭمۇ مەن ساڭا يېتىۋالالايمەن.

لَحِقَ يَلْحَقُ لُحُوقًا الثَّمَنُ فُلَانًا: پۇل پالانىغا يۈكلەندى.

لُحُقٌ: يېتىشمەك، قوغلاپ يەتمەك، يېتىشۋالماق.

لَحِقٌ ج أَلْحَاقٌ: ئەگەشكۈچى، ئىز باسقۇچى، بىللە بولغۇچى.

لَحَكَ يَلْحَكُ لَحْكًا الوَلَدَ: بالىنىڭ ئېغىزىغا دورا قۇيدى.

لَحَكَ الشَّيْءَ بِالشَّيْءِ: چاپلىدى، يېپىشتۇردى.

لَحِكَ يَلْحَكُ لَحْكًا العَسَلَ: ھەسەلنى يالىدى.

لَحَمَ يَلْحَمُ لَحْمًا: گۆشىنى سۆڭەكتىن شىلىپ ئاجراتتى.

لَحَمَهُ: ئۇنىڭغا گۆش يېگۈزدى.

«لَحَمَ الصَّائِغُ الذَّهَبَ والفِضَّةَ»: زەرگەر ئالتۇن، كۈمۈشنى كەپشەرلەپ تۇتقۇزدى.

لَحَمَ الأَمْرَ: ئىشنى مەھكەم قىلدى.

لَحَمَ الشَّيْءَ: قىزىتىپ تاۋلاپ سوقتى، تۇتقۇزدى، ئۇلىدى.

لَحَمَ بِالْكَهْرَبَاءِ: توك بىلەن سۇۋاركىلىدى،

پاياتلىدى.

لَحَمَ يَلْحُمُ لَحَامَةً: بەدىنىنىڭ گۆشى كۆپەيدى، گۆشلۈك بولدى.

لَحِمَ يَلْحَمُ لَحَمًا: گۆش يېگۈسى كەلدى.

لَحِمَ بِالْمَكَانِ: بىرەر جايدا تۇردى، ئولتۇراقلاشتى، ماكانلاشتى.

لَحْمٌ ج لُحُومٌ: گۆش.

لَحْمُ الْبَقَرِ: كالا گۆشى.

لُحُومُ الدَّجَاجِ: توخۇ گۆشلىرى.

أَكَلَ لَحْمَ فُلَانٍ: پالانىنىڭ غەيۋىتىنى قىلدى.

﴿أَيُحِبُّ أَحَدُكُم أَنْ يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا﴾ «قرآن»: سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟

«لَا تَزَالُ الْمَسْأَلَةُ بِأَحَدِكُمْ حَتَّى يَلْقَى اللهَ تَعَالَى وَلَيْسَ فِي وَجْهِهِ مُزْعَةُ لَحْمٍ» «حديث»: كىشى تىلەمچىلىك قىلىۋەرسە، قىيامەت كۈنى يۈزىدە گۆش دىدارى بولمىغان ھالدا ھازىر بولىدۇ.

لَحْمُ الْغَنَمِ: قوي گۆشى.

لَحْمُ الْأَسْنَانِ: چىش مىلىكى.

لَحْمًا وَدَمًا: قان بىلەن گۆشتەك.

لُحُومٌ مُقَدَّدَةٌ: قۇرۇتۇلغان گۆشلەر.

﴿وَانْظُرْ إِلَى الْعِظَامِ كَيْفَ نُنْشِزُهَا ثُمَّ نَكْسُوهَا لَحْمًا﴾ «قرآن»: بۇ سۆڭەكلەرگە قارىغىنكى، ئۇنى قانداق قۇراشتۇرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭغا گۆش قوندۇرىمىز.

بِلَحْمِهِ وَشَحْمِهِ: بۇرۇنقىدەكلا.

لَحِمٌ: سېمىز، گۆشخۇمار، يولۋاس.

بَازٌ لَحِمٌ: گۆشخور قارچىغا.

إِمْرَأَةٌ لَحِمَةٌ: سېمىز ئايال.

لَحْمَةٌ: تۇغقانچىلىق، قانداشلىق؛ بىر پارچە گۆش.

لَحْمَةُ النَّسِيجِ: ئارقا يىپ.

لُحْمَةٌ: قانداشلىق، ئۇرۇق-تۇغقانلىق.

لُحْمَةُ النَّسِيجِ: ئارقا يىپ، ئارقاق.

بَيْنَهُمْ لُحْمَةُ نَسَبٍ: ئۇلارنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار.

لُحْمَةُ الثَّوْبِ: رەختنىڭ ئارقاق يىپى.

لَحْمِيٌّ: گۆشنىڭ، ئەتنىڭ، مۇسكۇلنىڭ، بۇلجۇڭ گۆشنىڭ.

لَحْمِيَّةُ الْعَيْنِ: بىرىكتۈرگۈچى پەردە (كۆزنىڭ).

لَحَنَ يَلْحَنُ لَحْنًا فِي الْكَلَامِ أَوْ فِي الْقِرَاءَاتِ: خاتا ئوقۇدى، غەلىتە ئوقۇدى، گرامماتىكا قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلدى.

لَحَنَ لَهُ: ئىشارەت قىلدى، دارىتمىلىدى، ئىشارەت بەردى، پۇرىتىپ ئۆتتى، ئىما قىلدى.

لَحِنَ يَلْحَنُ لَحَنًا: چۈشەندى، بىلدى، ئۇقتى.

«لَعَلَّ بَعْضَكُمْ أَنْ يَكُونَ أَلْحَنَ بِحُجَّتِهِ مِنْ بَعْضٍ» «حديث»: بەزىڭلار بەزىڭلاردىن پاكىتنى كۆرسىتىشتە گەپدانراق بولۇشۇڭلار مۇمكىن.

لَحْنٌ ج أَلْحَانٌ وَ لُحُونٌ: ئاھاڭ، ئىنتوناتسىيە، مۇقام كۈيى، ئاۋازلارنىڭ ماسلىشىشى، گارمونىيە، رىتىم، ئاھاڭداش، تەڭكەش.

لَحْنُ الْكَلَامِ أَوِ الْقَوْلِ: سۆز مەنىسى، سۆز ئۇسلۇبى.

﴿وَلَتَعْرِفَنَّهُم فِي لَحْنِ الْقَوْلِ﴾ «قرآن»: سەن ئەلۋەتتە سۆزىنىڭ ئۇسلۇبىدىن ئۇلارنى تونۇيسەن.

هَذَا كَلَامٌ لَيْسَ مِنْ لَحْنِي وَلَا مِنْ لَحْنِ قَوْمِي: بۇ سۆز مېنىڭ مۇقامىمۇ ئەمەس، قەۋمىمنىڭ مۇقامىمۇ ئەمەس.

لَحْنٌ حَزِينٌ: مۇڭلۇق كۈي.

لَحِنٌ: ئەقىللىق، زېرەك، چۈشىنىشلىك، چېچەن، پاراسەتلىك، زېھنى ئۆتكۈر.

لُحْنَةٌ: خاتاسى كۆپ، كۆپ خاتا سۆزلەيدىغان.

خَطِيبٌ لُحْنَةٌ: سۆزىنىڭ خاتاسى كۆپ ناتىق.

لَحْوٌ: تىللىماق، ھاقارەتلىمەك.

لَحُوحٌ: تولا سوراۋېرىدىغان.

«رَجُلٌ لَحُوحٌ»: تولا سوراۋېرىدىغان ئادەم.

اللَّحُوسُ: قارنى يامان، ئاچ كۆز.

لَحَى يَلْحَى لَحْيًا الشَّجَرَةَ أَوِ العَصَا: دەرەخنى سويدى، شىلدى.

لَحَى فُلَانًا: ئوسال قىلدى؛ ھاقارەتلىدى، تىللىدى، قارغىدى، لەنەت قىلدى.

لَحَى اللهُ فُلَانًا: ئاللاھ پالانىغا لەنەت قىلسۇن.

لَحْيٌ: تىللىماق، ھاقارەتلىمەك.

لَحْيٌ ج أَلْحٍ ولُحِيٌّ: ئېڭەك.

لَحْيَانٌ لِحْيَانِيٌّ: ئۇزۇن ساقال.

رَجُلٌ لِحْيَانٌ: ئۇزۇن ساقاللىق ئادەم.

لِحْيَةٌ ج لِحًى وَ لُحًى: ساقال.

لِحْيَةٌ صَغِيرَةٌ: ئۆچكە ساقال.

«أَطْلَقَ لِحْيَتَهُ»: ساقىلىنى قويۇۋەتتى.

قَدْ نَزَلَتْ لِحْيَتُهُ عَلَى صَدْرِهِ: ئۇنىڭ ساقىلى مەيدىسىگە چۈشتى.

لِحْيَةُ التَّيْسِ: تېكە ساقال، تېكە ساقىلى.

لَحِيصٌ: تارچىلىق، قىسىنچىلىق.

لَحِيمٌ: گۆشلۈك، ئەتلىك، سېمىز.

لَحَا يَلْحُو لَحْوًا ـــهُ: ئۇنىڭ بۇرنىغا ياكى ئېغىزىغا دورا تېمىتتى.

لِحَاءٌ: بالىنىڭ ئانا سۈتىدىن باشقا ئوزۇقى.

لَخَبَ يَلْخَبُ لَخْبًا فُلَانًا: پالانىنى كاچاتلىدى.

لَخْبَطَ يُلَخْبِطُ لَخْبَطَةً: قالايمىقانلاشتۇردى، ئېلىشتۇردى.

«لَخْبَطَ الْمُوَظَّفُ الْجَدِيدُ كُلَّ الْمِلَفَّاتِ»: يېڭى خىزمەتچى ئارخىپلارنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى.

لَخْبَطَ كِيَانَهُ: زىيان سالدى، بۇزدى، ۋەيران قىلدى، كېرەكتىن چىقاردى، زىيانغا ئۇچراتتى.

لَخَّ يَلُخُّ لَخًّا الْخَبَرَ: خەۋەرنى تەكشۈردى، ئېنىقلىدى.

لَخَّتْ عَيْنُهُ: تولا يىغلاپ كۆزى ئىششىپ كەتتى.

لَخَخٌ: چاپاق.

لَخَّةٌ: بۇرۇن.

لَخَّصَ يُلَخِّصُ تَلْخِيصًا الْكَلَامَ أَوِ الْمَقَالَةَ: سۆزنى خۇلاسىلىدى، مۇھىم نۇقتىلارنى (مەزمۇنلارنى) يېزىۋالدى، قىسقىچە بايان قىلدى؛ ئومۇملاشتۇردى؛ يەكۈنلىدى، يىغىنچاقلىدى، قىسقىچە چۈشەندۈردى.

«لَخَّصَ الْمَقَالَةَ العِلْمِيَّةَ فِي نِصْفِ صَفْحَةٍ»: ئىلمىي ماقالىنى يېرىم بەتكە يىغىنچاقلىدى.

لَخَّصَ الشَّيْءَ: چەككىلىدى، ئايرىدى، ئېلىغىدى، شاللىدى، تاللىدى، قىسقارتتى.

يُلَخِّصُ قَوْلَهُ فِيمَا يَلِي: ئۇنىڭ سۆزى تۆۋەندىكىدەك ئىخچاملىنىدۇ.

لَخِصَ يَلْخَصُ لَخَصًا ـــتِ العَيْنُ: قاپىقى يوغىناپ قالدى.

لَخْصَاءُ ج لُخْصٌ: قاپىقى يوغان ئايال، قاپىقى ئىششىق ئايال.

لَخْفَةٌ ج لِخَافٌ: ئاق تاش.

لَخْلَخَ يُلَخْلِخُ لَخْلَخَةً الشَّيْءَ: نەرسىنى مىدىرلاتتى.

لَخْلَخَ الْوَتِدَ: قوزۇقنى مىدىرلاتتى.

لَخْلَخَانِيٌّ: تىلى گال ئادەم.

لَخَمَ يَلْخُمُ لَخْمًا: كاچاتلىدى، تەستەكلىدى.

لَخَمَ الشَّيْءَ: نەرسىنى ئۈزۈۋەتتى، كېسىۋەتتى.

لَخَمَ فُلَانًا: پالانىنى بىئارام قىلدى.

رَجُلٌ لُخَمَةٌ وَ لَخَمَةٌ وَ لَخْمَةٌ: پالاكەت، كېلەڭسىز، كالامپاي، قوپال، ئېغىر، سۆرەلمە، دۆت، كالۋا، پەمسىز، تومپاي.

بِهِ لَخْمَةٌ: ئۇ كالامپاي ئادەم.

لَخِنَ يَلْخَنُ لَخَنًا: سەت گەپ قىلدى.

لَخِنٌ: بەدىنى پۇرايدىغان ئادەم.

لَخْنَاءُ: بەدىنى پۇرايدىغان ئايال.

لَدَانَةٌ: يۇمشاقلىق، رايىشلىق، ئەۋرىشىملىك، نازاكەتلىك، سىلىقلىق.

لَدَانَةُ الرَّصَاصِ: قوغۇشۇننىڭ ئەۋرىشىملىكى.

لِدَةٌ ج لِدَاتٌ: تەڭتۇش.

فُلَانٌ لِدَتِي: پالانى مېنىڭ تەڭتۇشۇم.

لَدَّ يَلُدُّ لَدًّا: قاتتىق جېدەللەشتى، تالاش-تارتىش قىلدى.

لَدَّ يَلَدُّ لَدَدًا: تالاش-تارتىش قاتتىق بولدى.

لَدَدٌ: قاتتىق تالاش-تارتىش، غوۋغا.

لَدَّاءُ ج لُدٌّ وَلِدَادٌ: ئەشەددىي كۈچلۈك رەقىب.

﴿وَتُنْذِرَ بِهِ قَوْمًا لُدًّا﴾ «قرآن»: ... ۋە سەركەش قوۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن.

لَدَّاغَةٌ: كىشىلەرنىڭ نومۇسىنى تۆككۈچى.

رَجُلٌ لَدَّاغَةٌ لَا يَسْلَمُ مِنْ شَرِّهِ أَحَدٌ: ھېچكىمگە ئارام بەرمەيدىغان تۆھمەتخور.

لَدَّدَ يُلَدِّدُ تَلْدِيدًا ـــ هُ: ھەيران قالدۇردى، ھاڭ-تاڭ قالدۇردى.

«لَدَّدَ الإِبْنُ أَبَاهُ»: ئوغۇل دادىسىنى ھەيران قالدۇردى.

لَدَّدَ بِهِ: ئەيىبىنى ئېچىپ تاشلىدى، كەمچىلىكىنى پاش قىلدى.

لَدَّسَ يُلَدِّسُ تَلْدِيسًا: يامىدى، رېمونت قىلدى.

لَدَّسَ خُفَّهُ: ئايىغىنى ياماتتى.

لَدَّنَ يُلَدِّنُ تَلْدِينًا: يۇمشاتتى، سىلىقلاتتى.

لَدَّنَ الْمَعْدِنَ مېتالنى تاۋلىدى.

لَدَّنَ ثَوْبَهُ: كىيىمنى ھۆل قىلدى.

لَدَسَ يَلْدِسُ لَدْسًا ـــ هُ بِيَدِهِ: قولى بىلەن ئۇردى.

لَدَسَهُ بِحَجَرٍ: ئۇنىڭغا تاش ئاتتى، تاش بىلەن ئۇردى.

لَدَسَ الشَّيْءَ: نەرسىنى يالىدى.

لَدَغَ يَلْدَغُ لَدْغًا: چاقتى.

لَدَغَتْهُ الْحَيَّةُ: ئۇنى يىلان چاقتى.

لَدَغَهُ بِكَلِمَةٍ: گەپ بىلەن چاقتى، ھاقارەتلىدى، قارىلىدى، تۆھمەت قىلدى، زەھەرخەندىلىك قىلدى.

«لَا يُلْدَغُ الْمُؤْمِنُ مِنْ جُحْرٍ وَاحِدٍ مَرَّتَيْنِ»: مۇئمىن ئادەم يىلان چېقىۋالغان تۆشۈككە قايتا قولىنى سالمايدۇ.

لَدْغَاءُ ج لُدْغٌ: كېكەچ ئايال.

لَدْغَةٌ: چاقماق، چىشلىمەك، چىشلەپ تارتماق؛ بىر قېتىم چېقىۋالماق، بىر قېتىم سانجىماق.

لَدِكَ يَلْدَكُ لَدَكًا وَلَدَكًا بِهِ: چاپلاشتى، يېپىشتى.

لَدَمَ يَلْدِمُ لَدْمًا: ئۇردى، كاچاتلىدى.

لَدُنَ يَلْدُنُ لَدَانَةً وَلُدُونَةً: يۇمشاق بولدى، ئەۋرىشىم بولدى.

لَدُنَتْ أَخْلَاقُهُ: ئەخلاقلىق بولدى.

لَدْنٌ ج لُدْنٌ وَلِدَانٌ م لَدْنَةٌ ج لِدَانٌ: يۇمشاق، رايىش، مەيىن، يېقىملىق، سىلىق، مۇلايىم، نازاكەتلىك، ئەۋرىشىم.

اِمْرَأَةٌ لَدْنَةٌ: سىلىق ئايال.

لَدْنُ الْخَلِيْقَةِ: مۇلايىم، يۇمشاق، مۇئامىلىسى سىلىق.

لَدُنْ: مەلۇم جايدا، مەلۇم كىشىنىڭ (شەيئىنىڭ)، ئالدىدا، مەلۇم ۋاقىتتا، ھۇزۇرىدا، يېنىدا، قېشىدا:

جِئْتُ مِنْ لَدُنْهُ: ئۇنىڭ قېشىدىن كەلدىم.

«أَخَذْتُ كِتَابًا مِنْ لَدُنْ فُلَانٍ»: كىتابنى پالانىدىن ئالدىم.

﴿مِنْ لَدُنْ حَكِيمٍ خَبِيرٍ﴾ «قرآن»: بۇ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان...

**«هُوجِمَ مِنْ لَدُنْ بَعْضِ الْأَشْرَارِ»**: يامانلار تەرىپىدىن هۇجۇمغا ئۇچرىدى.

**لَدُنِيٌّ**: ئاللاھ تەرەپتىن.

**الْعِلْمُ اللَّدُنِيّ**: ئاللاھ تەرەپتىن ئىلھام يولى بىلەن كەلگەن ئىلىم.

**﴿وَعَلَّمْنَاهُ مِنْ لَدُنَّا عِلْمًا﴾** ‹قرآن›: ... ۋە بىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس ئىلمىمىزنى (يەنى، ئىلمىي غەيبنى) بىز بىلدۈرگەن بىر بەندىنى...

**لَدُودٌ ج أَلِدَّةٌ**: جېدەلخور، غوۋغاچى.

**«عَدُوٌّ لَدُودٌ»**: ئەشەددىي دۈشمەن، كۈچلۈك رىقابەتچى.

**لَدُونَةٌ**: يۇمشاقلىق، رايىشلىق، سىلىقلىق.

**لَدَى**: قېشىدا، يېنىدا، هۇزۇرىدا، ئالدىدا.

**﴿وَلَدَيْنَا كِتَابٌ يَنْطِقُ بِالْحَقِّ﴾** ‹قرآن›: بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەقنى سۆزلەيدىغان كىتاب بار.

**يُسْتَعْمَلُ لَدَى الْحَاجَةِ**: ئېھتىياج بولغاندا ئىشلىتىلىدۇ.

**وَصَلَ لَدَى الْغُرُوبِ**: كۈن پاتقاندا يېتىپ كەلدى.

**لَدَيْهِ كَلِمَةٌ يُرِيْدُ أَنْ يَقُولَهَا**: ئۇنىڭ ساڭا ئېيتماقچى بولغان سۆزى بار.

**لَدِيْدَةٌ**: گۈل - چېچەكلىك باغچە.

**لَدِيْسٌ ج أَلْدَاسٌ**: سېمىز.

**لَدِيغ ج لَدْعى ولُدَغاء**: چېقىۋېلىنغۇچى، سانجىلغان.

**لَذَبَ يَلْذُبُ لَذُوبًا بِالْمَكَانِ**: ئورۇنلاشتى، ماكانلاشتى.

**لَذِبَ يَلْذَبُ لَذْبًا بِالشَّيْءِ**: چاپلاشتى، يېپىشتى.

**لَذَّ يَلَذّ لَذًّا**: تېتىدى.

**لَذَّ يَلَذّ لَذَاذًا وَ لَذَاذَةً**: تاتلىق بولدى، شېرىن بولدى، لەززەتلىك بولدى.

**قَدَّمَ لِلضَّيْفِ مَا لَذَّ وَطَابَ**: مېھمانغا تاتلىق، ياخشى نەرسىلەرنى قويدى.

**يَلَذّ لَهُ أَنْ يَتَنَزَّهَ عِنْدَ الْأَصِيلِ**: كۈن پاتقاندا سەيلە قىلىش ئۇنىڭغا كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدۇ.

**لَذٌّ**: لەززەتلىك.

**رَجُلٌ لَذٌّ**: شېرىن سۆزلۈك ئادەم.

**عِيْشٌ لَذٌّ**: كۆڭۈللۈك تۇرمۇش.

**شَرَابٌ لَذٌّ**: شېرىن شاراب.

**لَذَّاعٌ**: ياالقۇنلۇق، قىزغىن، كۆيدۈرىدىغان، سۆزىدە تۇرمايدىغان.

**مَذَّاعٌ لَذَّاعٌ**: مەسخىرىۋاز، زاڭلىق قىلىدىغان.

**مَارَأَيْتُ مَذَّاعًا لَذَّاعًا مِثْلَهُ**: ئۇنىڭغا ئوخشاش سۆزىدە تۇرمايدىغان ئادەمنى كۆرمىدىم.

**لَذَّة ج لَذَّات**: لەززەت، شاد - خۇراملىق، كۆڭۈللۈك، تېتىماق.

**لَذَّةُ الطَّعَامِ**: تاماقنىڭ لەززىتى.

**لَذَّة الْمُوسِيْقَى**: مۇزىكىنىڭ هۇزۇرى.

**كَأْسٌ لَذَّةٌ**: شېرىن مەي.

**لَذَّذَ يُلَذِّذُ تَلْذِيذًا**: لەززەتلەندۈردى، هۇزۇرلاندۇردى، خۇشاللاندۇردى.

**لَذْلَاذٌ**: چاققان، تېز، تېتىك.

**لَذْلَذَ يُلَذْلِذُ لَذَّةً**: تېتىك بولدى، چاققان بولدى.

**لَذِمَ يَلْذَمُ لَذَمًا ـــ هُ بالشَّيْءِ**: هەيران قالدۇردى، ئەجەبلەندۈردى.

**لَذِمَ بِالْمَكَانِ**: يەرلەشتى، ماكانلاشتى.

**لَذِمٌ بِالشَّيْءِ**: مەپتۇن بولغۇچى.

**لَذَعَ يَلْذَعُ لَذْعًا**: كۆيدۈردى، ئاغرىتتى.

**لَذَعَ البَعِيرَ**: تۆگىگە تامغا باستى.

**لَذَعَ الحُبّ قَلْبَهُ**: مۇھەببەت ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۆرتىدى.

**لَذَعَهُ بِلِسَانه**: زاڭلىق قىلدى، مەسخىرە قىلدى، چېقىۋالدى، ئازار بەردى.

**لَذْعَة**: كۆيۈك، كۆيۈك يارىسى.

**لذوم بالشيء**: مەپتۇن بولغۇچى.

**لَذِيَ يَلْذَى لَذًى بِالأَمْر**: بىرەر ئىشتا ئايرىلماي چىڭ تۇردى.

لَذِيْذ: تاتلىق، شېرىن.

لِزَاق: يېلىم، شىلىم.

«أَلْصَقَ النَّجَّارُ الخَشَبَتَيْنِ بِالِّزَاقِ»: ياغاچچى ئىككى تاختاينى يېلىم بىلەن تۇتاشتۇردى.

لِزَام: زۆرۈر شەرت، لازىم. تېگىشلىك، ئۇنىڭدىن قاچقىلى بولمايدىغان زۆرۈر ئىش.

«كَانَ لِزَامًا عَلَيْهِ أَنْ يَفْعَلَ كَذَا»: ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشى لازىم ئىدى.

﴿فَسَوْفَ يَكُونُ لِزَامًا﴾ ‹قرآن›: (ئاخىرەتتە) سىلەر قۇتۇلالمايدىغان ئازابقا دۇچار بولىسىلەر.

لَزَبَ يَلْزَبُ لُزُوبًا: چىڭ تۇردى.

لَزَبَتِ السَّنَةُ: يىل قۇرغاقچىلىق بولدى.

لَزَبَ بِه: چاپلاشتى، يېپىشتى.

«لَزَبَ الطِّيْنُ بِرِجْلِه»: پۇتىغا لاي چاپلاشتى.

لَزُبَ يَلْزُبُ لَزْبًا وَ لُزُوبًا وَ لَزِبَ يَلْزَبُ لَزَبًا الطِّيْنُ: لاي قېتىپ قالدى، ئۇيۇپ قالدى.

لَزُبَ الشَّيْءُ: تارايدى، قىسقاردى، قورۇلدى، يىغىلدى.

لَزَب . عَزَب لَزَب: ئۆيلەنمىگەن، توي قىلمىغان، بويتاق.

لَزِب ج لِزَاب: ئاز، كەم، ئازغىنە، بىرئاز.

لَزْبَة ج لَزْبَات وَ لَزَبَات وَلِزَب: چىڭ تۇرماق، قىيىنچىلىق، قەھەتچىلىك، قۇرغاقچىلىق.

«سَنَة لَزْبَة»: قەھەتچىلىك يىل.

لَزِجَ يَلْزَجُ لَزَجًا وَلُزُوجًا وَلُزُوجَةً: سوزۇلدى.

لَزِجَ الشَّيْءُ بِالشَّيْء: يېپىشتى، چاپلاشتى.

«لَزِجَ العَسَلُ بِإِصْبِعِه»: ھەسەل ئۇنىڭ بارمىقىغا چاپلاشتى.

لَزِجٌ: چاپلاشقاق، يېپىشقاق.

لَزَّ يَلُزّ لَزًّا وَلَزَازًا الشَّيْءُ بِالشَّيْء: چاپلاشتى، يېپىشتى، تۇتاشتى.

لَزَّ الشَّيْء بِالشَّيْء: يېپىشتۇردى، چاپلاشتۇردى، يەملىدى، ئۇلىدى.

لَزَّ الشَّيْءَ بِالرّمْحِ: نەيزە سانجىدى، تىققى.

لَزَّهُ إِلَى كَذَا: مەجبۇرلىدى، زورلىدى، قىستىدى.

لَزَّ البَابَ: ئىشىكنى ئەتتى.

لَزَّهُ إِلَى الْكَذِبِ: ئۇنى يالغان سۆزلەشكە زورلىدى.

لَزّ. لَزَّة: بۇرما مىخ، ۋىنتا.

فُلَانٌ كَزٌّ لَزٌّ: پالانى بېخىل، پىخسىق.

لَزَز: ئىشىكنىڭ تاقىقى.

لَزَّزَ يُلَزِّزُ تَلْزِيْزًا الشَّيْءَ: چىڭدىدى، قىيىستى، مۇستەھكەملىدى، پۇختىلىدى، بىرىكتۈردى.

لَزَّقَ يُلَزِّقُ تَلْزِيْقًا: چاپلىدى.

«لَزَّقَ الصّورَةَ»: سۈرەتنى چاپلىدى.

لَزَّقَ الشَّيْءَ: نەرسىنى ئۇزە قىلىپ قويدى (پۇختا قىلمىدى)، بىپەرۋالىق قىلدى، قول ئۇچىدا ئىشلىدى، ئەپلەپ-سەپلەپ قولىدىن چىقاردى.

لَزِقَ يَلْزَقُ لُزُوقًا الشَّيْءُ بِالشَّيْء: چاپلاشتى، يېپىشتى.

«لَزِقَ الطِّيْنُ بِرِجْلِهِ»: ئۇنىڭ پۇتىغا لاي چاپلاشتى.

لِزْقٌ: يېقىن، يانداش، قوشنا، تۇتاش.

«بَيْتِي لِزْقَ بَيْتِهِ»: مېنىڭ ئۆيۈم ئۇنىڭ ئۆيىگە قوشنا.

لَزْقَةٌ ج لَزَقَات: مەلھەم دورا.

لَزِمَ يَلْزَمُ لُزُومًا الشَّيْءُ: تۇردى.

لَزِمَ الأَمْرُ: لازىم بولدى، زۆرۈر بولدى.

لَزِمَ الشَّخْصُ الشَّيْءَ: ئايرىلالماي تۇرۇپ قالدى.

«لَزِمَ الفِرَاشَ»: (كېسەل) ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.

«لَزِمَ الغُرْفَةَ»: ئۆيدە تۇرۇپ قالدى.

«لَزِمَتِ الصَّمْتَ»: جىمجىتلىقنى ساقلىدى.

لَزِمَ بَيْتَهُ . لَزِمَ دَارَهُ: ئۆيىدىن چىقماي ياتتى.

لَزِمَ الأَدَبَ: ئەدەپ-ئەخلاققا رىئايە قىلدى.

لَزِمَهُ كَذَا: لازىم بولدى، كېرەك بولدى،

ئېھتىياجلىق بولدى، زۆرۈر بولدى، موھتاج بولدى.

لَزِمَهُ الشَّيْءُ: مەسئۇلىيەتچانلىق ئارتىلدى، جاۋابكارلىق ئارتىلدى.

لَزِمَهُ الأَمْرُ: ۋەزىپە ئارتىلدى، مەجبۇرىيەت ئارتىلدى، ئىش يۈكلەندى.

لَزِمَ كَذَا عَنْ كَذَا: خۇلاسە چىقتى، يەكۈنلەندى، ھۆكۈم چىقىرىلدى.

لَزِمَتْ هَذِهِ النَّتِيجَةُ عَنِ إِتِّخَاذِ مُوَافِقِهِ الْحَازِمَةِ: بۇ نەتىجە ئۇنىڭ كەسكىن پوزىتسىيىسىدىن قولغا كەلدى.

لَزْمَة: ھۆددىگەرلىك، ھۆددىگەرلىك ھوقۇقى.

لَزَنَ يَلْزُنُ لَزْنًا وَ لَزِنَ يَلْزَنُ لَزَنًا الْقَوْمُ عَلَى الْبِئْرِ: قوۋم قۇدۇق بېشىدا قىستىلىشتى.

لَزْن: قىيىنچىلىق، قاتتىقچىلىق.

مَاءٌ لَزْنٌ: ئازغىنە سۇ.

مَكَانٌ لَزْنٌ: قىستاڭچىلىق جاي.

لَزْنَةٌ ج لَزْنٌ . لِزْنَةٌ ج لِزَنٌ: قاتتىقچىلىق، قىيىنچىلىق، قەھەتچىلىك يىل.

لَيْلَةٌ لَزْنَةٌ: قورقۇنچلۇق كېچە.

لُزُوجَة: يېپىشقاقلىق، چاپلاشقاقلىق.

لَزُوقٌ: يارىغا چاپلايدىغان دورا.

لُزُوم: لازىم بولۇش، ھاجەت بولۇش، زۆرۈر بولۇش، تېگىشلىك بولۇش.

«يُسْتَعْمَلُ هَذَا الدَّوَاءُ عِنْدَ اللُّزُومِ»: بۇ دورا لازىم بولغاندا ئىشلىتىلىدۇ.

لُسَاسٌ: ياش ئوت.

لِسَان ج أَلْسِنَة وَ أَلْسُن وَ لُسُن: تىل.

«فَتَحَ فَمَهُ وَ مَدَّ لِسَانَهُ»: ئېغىزىنى ئېچىپ، تىلىنى ئۇزاتتى.

«عَضَّ لِسَانَهُ»: تىلىنى چىشلىدى.

«لِسَانٌ فَصِيحٌ»: پاساھەتلىك تىل.

﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ رَسُولٍ إِلَّا بِلِسَانِ قَوْمِهِ لِيُبَيِّنَ لَهُمْ﴾ «قرآن»: قانداقلا بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتمەيلى، ئۇنى بىز ئۆز قوۋمىغا (ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى) بايان قىلىش ئۈچۈن، پەقەت ئۆز قوۋمىنىڭ تىلى بىلەن (سۆزلەيدىغان قىلىپ) ئەۋەتتۇق.

«عِلْمُ اللِّسَانِ»: تىلشۇناسلىق.

«مَدْرَسَةُ الأَلْسُنِ»: تىل مەكتىپى.

ذُو اللِّسَانَيْنِ: ئالدامچى، ساختىپەز، ھىيلىگەر، تىلى سوزۇك، ئىچى بۇزۇق.

«هَوَ ذُووَجْهَيْنِ وَ ذُولِسَانَيْنِ»: ئۇ، ئىككى يۈزلۈك ۋە ئىككى تىللىق.

لِسَانُ الْعَرَبِ: ئەرەب تىلى.

لِسَانُ الأَرْضِ (فِي الجغرافيا): تۇمشۇق (جۇغراپىيىدە).

لِسَانُ الْقُفْلِ: قۇلۇپ تىلى.

لِسَانُ الْمِفْتَاحِ: ئاچقۇچ چىشى.

لِسَانُ الْقَوْمِ: جارچى، باياناتچى.

لِسَانُ الْمِزْمَارِ: كېكىردەك قاپقىقى.

لِسَانُ النَّارِ: ئوت يالقۇنى.

لِسَانُ الْمِيزَانِ: ئىسترېلكا، كۆرسەتكۈچ يىڭنە.

مُنْطَلِقُ اللِّسَانِ: گەپچى، گەپدان، سۆزمەن، ناتىق.

طَوِيلُ اللِّسَانِ: ئېغىزى يامان.

لِسَانُ الْحَالِ: سىرتقى كۆرۈنۈش، ئەمەلىي ئەھۋال.

لِسَانُ الْحَالِ غَيْرُ لِسَانِ الْمَقَالِ: ئەمەلىي ئەھۋالى باشقا، سۆزى باشقا.

إِرْتَفَعَتْ أَلْسِنَةُ اللَّهَبِ: ئوت يالقۇنلىرى كۆتۈرۈلدى.

لِسَانِيٌّ: تىلغا مۇناسىۋەتلىك.

«أَصْوَاتٌ لِسَانِيَّةٌ»: تىل تاۋۇشلىرى.

«بَحْثٌ لِسَانِيٌّ»: تىل تەتقىقاتى.

لِسَانِيَّاتٌ . اللِّسَانِيَّاتُ: تىلشۇناسلىق.

«مَعْهَدُ اللِّسَانِيَّاتِ»: تىل ئىنستىتۇتى.

لَسَبَ يَلْسِبُ لَسْبًا الْحَيَّةُ: يىلان چېقىۋالدى.

لَسَبَهُ سَوْطًا أَو بِالسَّوطِ: ئۇنى قامچىلىدى.

لَسَبَهُ بِلِسَانِهِ: ئۇنى تىللىدى.

لَسِبَ يَلْسَبُ لَسَبًا بِهِ: چاپلاشتى، يېپىشتى.

لَسَبَ الْعَسَلَ: ھەسەلنى يالىدى.

لَسَّ يَلُسّ لَسًّا القَصْعَةَ: تاۋاقنى يالىدى.

لُسُسٌ: پىشقان ھامال.

لَسَّاع ج لَسَّاعُون: كىشىلەرگە تولا ئازار بېرىدىغان.

«رَجُلٌ شِرِّيرٌ لَسَّاع»: كىشىلەرگە تولا ئازار بېرىدىغان يامان ئادەم.

لَسَّنَ يُلَسِّنُ تَلْسِيْنًا الشَّخصَ: ھاڭ ـ تاڭلىقتا ئويلاپ تىلىنى چىشلىدى.

«يُلَسِّنُ التَّلَامِيذُ وَقْتَ الإمتحان»: ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھان ۋاقتىدا تىلىنى چىشلەيدۇ.

لَسَّنَ الشَّيْءَ: ئۇچلىدى، ئۇچلۇق قىلدى، ئۇچىنى چىقاردى.

«لَسَّنَ الحِذَاءَ»: كەشنى ئۇچلۇق قىلدى.

لَسَّنَ عَلَيْهِ: ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلدى.

لَسَعَ يَلْسَعُ لَسْعًا العَقْرَبُ: ئۇنى چايان چاقتى.

لَسَعَ الشَّخْصَ بِلِسانه: كىشىنى ئەيىبلىدى ۋە ئۇنىڭغا ئازار بەردى، چېقىۋالدى.

لُسَعَة: كىشىلەرگە تىلى بىلەن تولا ئازار بېرىدىغان.

لَسِقَ يَلْسَقُ لُسُوقًا: چاپلاشتى، يېپىشتى.

لَسَمَ يَلْسُمُ لَسْمًا: تېتىدى، تېتىپ كۆردى.

لَسِمَ يَلْسَمُ لَسَمًا: تارتىنىپ جىم تۇردى.

لَسَنَ يَلْسُنُ لَسْنًا الشَّخْصَ: كىشىنى ئەيىبلىدى، كىشىنىڭ يامان گېپىنى قىلدى، ھاقارەتلىدى.

لَسَنَ الشَّخْصَ: كىشىدىن گەپدان بولدى.

لَسِنَ يَلْسَنُ لَسَنًا: سۆزگە ئۇستا بولدى، پاساھەتلىك، بالاغەتلىك بولدى.

لَسَن: سۆز قابىلىيىتى، سۆز ئىقتىدارى.

لَسِن ج لَسِنون: سۆزمەن، پاساھەتلىك.

«خَطِيبٌ لَسِن»: سۆزگە ئۇستا ناتىق.

لَسُوع: بىشەم (ئايال).

لَسُوقٌ: مەلھەم دورا.

لَسِيع ج لَسْعَى: چېقىۋېلىنغان.

«لَسِيعُ العَقْرَب»: چايان چاققان.

لَشْلَاشٌ: قورقۇنچاق، كاللىسى ئىشلىمەيدىغان.

لَشْلَشَ يُلَشْلِشُ لَشْلَشَةً الشَّخْصُ: ھودۇقتى، تېڭىرقاپ قالدى.

لِصَاق: يېلىم.

شَرِكَةُ صُنْعِ اللِّصَاقِ: يېلىم ئىشلەش شىركىتى.

لَصَّ يَلُصّ لَصًّا الشَّيْءَ: ئوغرىلىدى، ئوغرىلىقچە قىلدى، يوشۇرۇن قىلدى.

لَصَّ البَاب: ئىشىكنى ئەتتى، تاقىدى.

لِصّ ج لُصُوص: ئوغرى، قاراقچى.

«إِقْتَحَمَ اللُّصُوصُ الْمَصْرِفَ»: بانكىغا ئوغرىلار بۆسۈپ كىردى.

لِصّ الْبَحْر: دېڭىز قاراقچىسى.

لَصَغَ يَلْصَغُ لَصْغًا وَ لُصُوغًا الجِلْدُ: ياداپ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالدى.

لَصَفَ يَلْصُفُ لَصُوفًا: پارقىرىدى.

لَصِقَ يَلْصَقُ لَصَقًا وَ لُصُوقًا: چاپلاشتى، يېپىشتى.

«لَصِقَ الطِّيْنُ بِالْحِذَاءِ»: ئاياغ كىيىمگە لاي چاپلاشتى.

لَصْلَصَ يُلَصْلِصُ لَصْلَصَةً الوَتِدَ: قوزۇقنى مىدىرلاتتى، لىڭشىتتى، تەۋرەتتى، قوزغىدى.

لُصُوصِيَّة: ئوغرىلىق، قاراقچىلىق، بۇلاڭچىلىق، باسمىچىلىق.

إِنْتَشَرَت اللُّصُوصِيَّةُ فِي ذَالِكَ العَصْرِ: بۇ دەۋردە قاراقچىلىق يامراپ كەتتى.

لَصُوق: يارىغا چاپلىنىدىغان دورا، كېسەل ئەزاغا

داۋالاش ئۈچۈن تېڭىلىدىغان لاتا.

لَصِيق ج لُصَقَاء: يېقىن.

«جَارٌ لَصِيق»: يېقىن قوشنا.

لَصْلَاصٌ: پىشقان يولباشلىغۇچى.

لَضَمَ يَلْضِمُ لَضْمًا الإِبْرَةَ: يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزدى.

لَضَمَ السُبْحَةَ: تەسبىھنى ئۆتكۈزدى.

لَضَمَ فُلَانًا: قوپال مۇئامىلە قىلدى.

لَطَا يَلْطو لَطْوًا: پاناھلاندى، تاشنىڭ ئارقىسى ياكى غارغا پاناھلاندى.

لَطَافَة: قىزغىنلىق، ئىنچىكىلىك، نازۇكلۇق، لاتاپەتلىك، نازاكەتلىك، مۇلايىملىق، ئەخلاقلىق.

«إِسْتَقْبَلَهُ بِلَطَافَةٍ فِي مَكْتَبِهِ»: ئۇنى ئىشخانىسىدا قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى.

لَطَأَهُ يَلْطَأُ لَطْئًا فُلَانًا بالعَصَا: ئۇنى تاياق بىلەن دۈمبىسىگە ئۇردى.

لَطِئَ يَلْطَأُ لُطوءًا بِالأَرْضِ: يەرگە چاپلىشىۋالدى.

لَطَثَ يَلْطُثُ لَطْثًا الشَّيْءُ: نەرسە بۇزۇلۇپ قالدى، چىرىپ قالدى.

لَطَحَ يَلْطَحُ لَطْحًا: شاپىلاق بىلەن ئۇردى.

لَطَخَ يَلْطَخُ لَطْخًا: بۇلغىدى، داغ تەگكۈزدى، پاسكىنا قىلىۋەتتى، مەينەت قىلىۋەتتى.

«لَطَخَ التِّلْمِيذُ الوَرَقَةَ بِالحِبْرِ»: ئوقۇغۇچى ۋاراقنى سىياھ بىلەن بۇلغىۋەتتى.

«لَطَخَتْ ثِيَابَهَا بِالوَحَل»: كىيىملىرىنى لاي بىلەن بۇلغاپ قويدى.

لَطِخٌ: بۇلغانغان، پاسكىنا، مەينەت.

لَطْخٌ: بۇلغىماق، مەينەت قىلماق.

لَطْخٌ ج لُطوخٌ: دۆت، ئەخمەق.

لُطْخَةٌ ج لَطَخَاتٌ: دۆت، ئەخمەق.

لَطَسَ يَلْطِسُ لَطْسًا: تەستەكلىدى، كاچاتلىدى.

لَطَشَ يَلْطِشُ لَطْشًا: ئۇردى، قاقتى.

لَطْشَةٌ ج لَطَشَاتٌ: بىر قېتىم ئۇرماق، بىر قېتىم قاقماق.

لَطَّ يَلُطُّ لَطًّا: ئۇردى، سوقتى، دۇمبالىدى، قاقتى.

لَطٌّ: ئۇرماق، ۋەيران قىلماق، نابۇت قىلماق.

لَطَّاشَةُ الذُبَابِ: چىۋىن پالىقى.

لَطَّخَ يُلَطِّخُ تَلْطِيخًا الشَّيْءَ: بۇلغىدى، مەينەت قىلدى، پاسكىنا قىلدى.

«لَطَّخَ يَدَيْهِ بِالدُّهْنِ»: ئىككى قولىنى ماي بىلەن بۇلغىدى.

«لَطَّخَ قَدَمَيْهِ بِالوَحَل»: ئىككى پۇتىنى پاتقاق بىلەن بۇلغىدى.

«لَطَّخَ سُمْعَتَهُ»: نامىنى بۇلغىدى.

لَطَّخَ يَدَيْهِ بِالدَّم: قاتىللىق قىلدى.

لَطَّخَ فُلَانًا بِالشَّرّ: تۆھمەت قىلدى، قارا چاپلىدى، قارىلىدى.

لَطَّخَ بِالصَّابُونِ: سوپۇن سۈرتتى.

لَطَّفَ يُلَطِّفُ تَلْطِيفًا: گەپنى سىلىق قىلدى.

«لَطَّفَ عِبارَاتِ رِسَالَتِهِ»: خېتىنىڭ ئىبارىلىرىنى سىلىقلاتتى.

لَطَّفَ مِنَ الشَّيْءِ: يەڭگىللەتتى، پەسەيتتى.

«لَطَّفَتْ مِنْ غَضَبِهَا»: ئاچچىقىنى پەسەيتتى.

«لَطَّفَ الدَّوَاءُ مِنَ الأَلَمِ»: دورا ئاغرىقىنى پەسەيتتى.

لَطَّمَ يُلَطِّمُ تَلْطِيمًا: راسا كاچاتلىدى.

لِطِّيخٌ: دۆت، ئەخمەق.

لَطَعَ يَلْطَعُ لَطْعًا: ئىچتى.

لَطَعَ الكَلْبُ الْمَاءَ: ئىت سۇ ئىچتى.

لَطَعَ الشَّيْءَ بِلِسَانِهِ: يالىدى.

لَطَعَتِ البِئْرُ: قۇدۇقنىڭ سۈيى تۈگىدى.

لَطَعَهُ بِالنَّارِ: ئۇنى كۆيدۈردى.

لَطَعَ إِسْمَهُ: ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۆچۈردى.

لَطَعَ الغَرَضَ: نىشانغا تەگدى.

لَطَعَ فُلَانًا بِالعَصَا: پالاننى تاياق بىلەن ئۇردى.

**لَطِعَ فُلَانًا:** پالاننى تەپتى.

**لَطِعَتْ أَسْنَانُ الْعَجُوْزِ:** قېرىنىڭ چىشى قالمىدى.

**لَطَفَ يَلْطُفُ لُطْفًا:** رەھمەت قىلدى، يېقىنچىلىق قىلدى، مېھرىبانلىق قىلدى، رەھىمدىللىك قىلدى، كۆيۈندى.

**«لَطَفَ اللهُ بِهِ»:** ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم قىلدى.

**«لَطَفَ اللهُ بِالعَبْدِ وَلَهُ»:** ئاللاھ بەندىلىرىگە قولايلاشتۇرۇپ بەردى، ئۇنىڭغا رەھمەت قىلىپ ياخشى كۆرىدىغىنىنى يەتكۈزۈپ بەردى.

**لَطُفَ يَلْطُفُ لُطْفًا وَ لَطَافَةً الشَّيْءُ:** نەپىس بولدى، نازۇك بولدى، سىلىق بولدى.

**«لَطُفَ كَلَامُهَا»:** ئۇنىڭ گېپى سىلىق بولدى.

**«لَطُفَ الْهَوَاءُ بَعْدَ العَصْرِ»:** ئەسىردىن كېيىن ھاۋا سۈزۈك بولدى.

**«لَطُفَتْ أَخْلَاقُهُنَّ»:** ئۇلارنىڭ ئەخلاقى سىلىق بولدى، ياخشى بولدى.

**لُطْفٌ:** رەھىم قىلىش، يېقىنچىلىق، مېھرىبانلىق، رەھىمدىللىك، كۆيۈنۈش.

**لُطْفٌ ج أَلْطَافٌ:** سىلىقلىق، ياخشى مۇئامىلە.

**«عَامَلَ الأَرْمَلَةَ بِلُطْفٍ»:** تۇل ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلدى.

**لُطْفٌ مِنَ اللهِ:** ياردەم، قولايلاشتۇرۇپ بېرىش، ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىش.

**«مِنْ أَلْطَافِ اللهِ أَنَّهُ نَجَا مِنَ الحَادِثِ»:** ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى بىلەن ئۇ ھادىسىدىن قۇتۇلۇپ قالدى.

**لَطَمَ يَلْطِمُ لَطْمًا:** كاچاتلىدى، تەستەكلىدى.

**«لَطَمَتِ المَرْأَةُ وَجْهَهَا»:** ئايال يۈزىگە كاچاتلىدى.

**«مَنْ ضَرَبَ غُلَامًا لَهُ حَدًّا لَمْ يَأْتِهِ أَوْلَطَمَهُ فَإِنَّ كَفَّارَتَهُ أَنْ يُعْتِقَهُ» «حديث»:** كىمكى ئۆز قولىنى جازا تېگىشلىك بولمىغان ھالدا ئۇرسا ياكى بىر شاپىلاق سالسا، ئۇنىڭ كاپارىتى ئۇ قۇلنى ئازاد قىلىشتۇر.

**لَطْمَةٌ ج لَطَمَاتٌ:** بىر شاپىلاق ئۇرماق، بىر كاچات ئۇرماق.

**«تَبَادَلَ الأَطْفَالُ اللَّطَمَاتِ»:** بالىلار بىر-بىرىنى تەستەكلەشتى.

**لَطَى يَلْطِي لَطْيًا الرَّجُلُ:** يەرگە چاپلاشتى، يېپىشتى.

**لَطِيَ يَلْطَى لَطًى الرَّجُلَ:** يۈكنى ئېغىرلاشتۇردى، ئېغىر يۈك يۈكلىدى.

**لَطِيْفٌ م لَطِيْفَةٌ:** نەپىس، ئىنچىكە، نازۇك، ھاۋاغا ئوخشاش نازۇك نەرسە.

**«عُودٌ لَطِيفٌ»:** ئىنچىكە ياغاچ.

**لَطِيفٌ ج لِطَافٌ وَ لُطَفَاءُ:** سىلىق، ئەدەپلىك، مۇلايىم، مېھرىبان، كۆيۈمچان، خۇشخۇي، رەھىمدىل، يېقىملىق، قىزغىن، سەمىمىي.

**اَلْجِنْسُ اللَّطِيفُ:** ئاياللار.

**فَتَاةٌ لَطِيْفَةُ الْأَخْلَاقِ:** ئەدەپ-ئەخلاقلىق قىز.

**هُوَ صَاحِبُ اللَّطَائِفِ:** چاقچاقچى، لەتىپىچى.

**اللَّطِيْفُ:** ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، ئەڭ مەرھەمەتلىك ئاللاھ، دېگەن مەنىدە.

**﴿وَهُوَ اللَّطِيفُ الْخَبِيرُ﴾ «قرآن»:** ئاللاھ بەندىلىرىگە مېھرىباندۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.

**لَطِيمٌ ج لُطُمٌ:** ئاق قاشقىلىق ئات؛ يېتىم.

**«هُوَ رَفِيقٌ بِكُلِّ لَطِيمٍ»:** ئۇ يېتىملارنىڭ دوستى.

**لَطِيمَةٌ ج لَطَائِمُ:** ئىپار قاچىسى.

**«فَاحَتِ اللَّطِيمَةُ»:** ئىپار قاچىسى پۇرىدى، خۇش پۇراق چاچتى.

**لَظَّى يُلَظِّي تَلْظِيَةً الشَّخْصُ النَّارَ:** ئوتنى تۇتاشتۇردى، ياقتى.

**لَظِيَ يَلْظَى لَظًى لَظِيَتِ النَّارُ:** ئوت تۇتاشتى، يالقۇنلىدى.

**لَظًى:** ئوت يالقۇنى.

لَظَى: دوزاخ.

لَغَا: ئاچ كۆز.

لَغَا لَكَ: سېنى خۇدا ساقلىسۇن.

لَا لَغَا لَهُ: جۇۋاپىنىمەك.

لُعَابٌ: شۆلگەي.

«لُعَابُ الرَّضِيعِ»: بوۋاقنىڭ شۆلگىيى.

رَأَى طَعَامًا شَهِيًّا فَسَالَ لُعَابُهُ: لەززەتلىك تائامنى كۆرۈپ شۆلگىيى ئاقتى.

لُعَابُ الْحَيَّةِ: يىلاننىڭ زەھىرى.

لُعَابُ النَّحْلِ: ھەسەل.

لُعَاقٌ: تاماق يېگۈچىنىڭ ئېغىزىدا قالغان قالدۇق.

لِعَانٌ (في الفقه): قارغاش، تىللاش (شەرئەتتە بىرەر ئادەم ئايالىنى زىنا بىلەن قارىلىغان بولسا، تۆت قېتىم قەسەم ئىچىپ، بەشىنچى قېتىمدا ئەگەر سۆزۈم يالغان بولسا، ئاللاھنىڭ لەنىتى ماڭا بولسۇن، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەر ئايالنى قارىلىغانلىقتىن ئاقلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن، ئايال ئېرىنىڭ سۆزىنىڭ يالغانلىقىغا تۆت قېتىم قەسەم ئىچىپ، بەشىنچىسىدە ئەگەر ئېرىمنىڭ سۆزى راست بولىدىغان بولسا، ئاللاھنىڭ غەزىپى ماڭا بولسۇن، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئايال زىنادىن ئاقلىنىدۇ).

لَعِبَ يَلْعَبُ لَعْبًا الرَّضِيعُ: بوۋاقنىڭ شۆلگىيى ئاقتى.

لَعِبَ يَلْعَبُ لَعِبًا وَ لِعْبًا: ئوينىدى، قىزىقچىلىق قىلدى، چاقچاق قىلدى، ئويناشتى، ھەزىل قىلدى.

لَعِبَ الصَّبِيّ: بالا ئوينىدى.

«لَعِبَ مَعَ رِفَاقِهِ»: دوستلىرى بىلەن ئوينىدى.

﴿أَرسِلْهُ مَعَنَا غَدًا يَرْتَعْ وَيَلْعَبْ﴾ «قرآن»: ئەتە ئۇنى بىزگە قوشۇپ قويغىن، يەپ-ئىچىپ، ئويناپ-كۈلۈپ كىرسۇن.

لَعِبَ الشَّخْصُ دَوْرًا: رول ئالدى.

«لَعِبَ دَوْرَ الطَّبِيبِ»: دوختۇرنىڭ رولىنى ئالدى.

لَعِبَ الشَّخْصُ بِالشَّيْءِ: بىرەر نەرسە ئوينىدى.

«لَعِبَتْ بِكُرَةِ السَّلَةِ»: ۋاسكېتبول ئوينىدى.

«يَلْعَبَانِ بِالشِّطْرَنْجِ»: ئىككىيىلەن شاھمات ئويناۋاتىدۇ.

لَعِبَ القِمَارَ: قىمار ئوينىدى.

لَعِبَ المُوسِيقَى: مۇزىكا چالدى، ئورۇنلىدى.

لَعِبَ الوَرَقَ: قارتا ئوينىدى.

لَعِبَ عَلَيْهِ: ئويناشتى، ئەخمەق قىلدى، ئالدىدى.

لَعِبَتْ بِهِ الهُمُومُ: ئۇنى غەم-قايغۇلار بېسىۋالدى.

لَعِبَ عَلَى الحَبْلِ: ياغلىمچىلىق قىلدى.

لَعِبَ فِي الأَمْرِ: ئەخمەق قىلدى، كولدۇرلاتتى، ئالدىدى، كۆزگە ئىلمىدى.

لَعِبَ بِالسَّيْفِ: قىلىچۋازلىق قىلدى.

لَعِبَ بِالنَّارِ: ئوت بىلەن ئويناشتى.

لَعْبٌ . لَعِبٌ: ئويۇن، تاماشا، كۆڭۈل ئېچىش، ئويناش، ئەخمەق قىلىش، ئويناشماق، چاقچاق، قىزىقچىلىق.

أَلْعَابٌ رِيَاضِيَّةٌ: ئىسپورت، تەنھەرىكەت.

أَلْعَابٌ سِحْرِيَّةٌ: سېھىرگەرلىك، جادۇگەرلىك.

أَلْعَابُ العُدَدِ: گىمناستىكا، ئەسۋابلىق گىمناستىكا (قوش تورنىك، يالاڭ تورنىك)، ياغاچ ئات قاتارلىق تەنتەربىيە سايمانلىرى بىلەن ئوينىلىدىغان گىمناستىكا.

أَلْعَابُ الفُرُوسِيَّةِ: چەۋەندازلىق.

ألعاب القُوَى . أَلْعَابُ القُوَّةِ: ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى (تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى).

أَلْعَابٌ سِيمِيَائِيَّةٌ: سېھىرگەرلىك؛ نەيرەڭۋازلىق، جادۇگەرلىك، سېرىك ئويۇنى؛ ھىيلە-مىكىر، ھىيلە-نەيرەڭ، كۆز بوياپچىلىق.

لَعْبٌ: ئويناماق، تاماشا قىلماق، چاقچاق قىلماق،

مەســـخىرە، زاڭلىـــق، ئويــۇن-كـــۈلكە، تەنھەرىكەت، ئېسپورت.

لَعِبٌ وَلِعْبٌ ج أَلْعَابٌ: ئويۇن.

«لَعِبُ الأَطْفَالِ البَرِيءُ»: بالىلارنىڭ ساغلام ئويۇنى.

﴿وَذَرِ الَّذِينَ اتَّخَذُوا دِينَهُمْ لَهْوًا وَلَعِبًا﴾ «قرآن»: دىنىنى ئويۇن-كۈلكە قىلىۋالغان، ...لارنى تەرك ئەت.

«لَعِبُ الكُرَةِ»: توپ ئوينىماق.

«أَلْعَابُ الأُلَمْبِيَّةُ»: ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى.

«الأَلْعَابُ النَّارِيَّةُ»: پوجاڭزا.

لُعْبَةٌ ج لُعَبٌ: ئويۇنچۇق، قونچاق.

لَعْثَمَ يُلَعْثِمُ لَعْثَمَةً: دۇدۇقلىدى، كېكەچلىدى، توختاپ قالدى، تىل چاينىدى.

«لَعْثَمَ فِي إِجَابَتِهِ»: جاۋاب بېرىشتە دۇدۇقلىدى.

لَعْثَمَ الشَّخْصُ فِي الأَمْرِ: بىرەر ئىشتا توختاپ قالدى، ئويلىنىپ قالدى.

لَعَجَ يَلْعَجُ لَعْجًا ـــهُ الضَّرْبُ: ئۇرۇش (تاياق) ئۇنى ئاغرىتتى، كۆيدۈرۈپ ئاغرىتتى، ئېچىشتۇرۇپ ئاغرىتتى.

لَعَجَ الحُزْنُ قَلْبَهُ: غەم-قايغۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۆرتىدى.

لَعْذَمَ يُلَعْذِمُ لَعْذَمَةً فِي الأَمْرِ: چوڭقۇر ئويلاندى، كاللا ئىشلەتتى.

لَعْذَمَ عَنِ الكَلَامِ: دۇدۇقلىدى.

لَعْذَمِيٌّ: ئاچ كۆز.

لَعَسَ يَلْعَسُ لَعَسًا: چىشلىدى.

لَعِسَ يَلْعَسُ لَعَسًا ـــتِ الشَّفَةُ: لەۋ ئىچى قارا بولدى.

لَعْسٌ: چىشلىمەك.

لَعَسٌ: لەۋ ئىچىدىكى قارا.

لَعِصَ يَلْعَصُ لَعَصًا عَلَيْهِ الأَمْرُ: ئىش ئۇنىڭغا قىيىن بولدى.

لَعِصَ الرَّجُلُ: كىشى ئاچ كۆزلۈك قىلدى.

لَعِصٌ: ئاچ كۆز.

لُعْطٌ ج أَلْعَاطٌ: تامنىڭ ئۈلى، تاغ باغرى.

لَعَّابٌ ج لَعَّابُونَ: ئويۇنچى؛ ھايۋان ۋە باشقىلارنى ئويناتقۇچى.

«لَعَّابُ القِرَدَةِ»: مايمۇنلارنى ئويناتقۇچى.

لَعَّانٌ: تولا قارغىغۇچى، لەنەت قىلغۇچى.

لاَ يَنْبَغِي لِصِدِّيقٍ أَنْ يَكُوْنَ لَعَّانًا: كۆپ قارغاش كامىل مۇسۇلماننىڭ ئىشى ئەمەس.

لَعَّبَ يُلَعِّبُ تَلْعِيبًا ـــهُ: ئويناتتى، تاماشا قىلدۇردى.

«لَعَّبَتِ الأُمُّ وَلَدَهَا»: ئانا بالىسىنى ئويناتتى.

«يُلَعِّبُ الْمُرَوِّضُ القِرْدَ»: مايمۇن كۆندۈرگۈچى مايمۇننى ئوينىتىۋاتىدۇ.

لَعَّةٌ: ئېپپەتلىك.

لَعَّةٌ مِنَ النِّسَاءِ: ئېپپەتلىك چىرايلىق ئايال.

لَعِقَ يَلْعَقُ لَعْقًا العَسَلَ وَ نَحْوَهُ: ھەسەل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى يالىدى.

لَعِقَ فُلَانٌ إِصْبَعَهُ: پالانى ئۆلدى.

«كَانَ إِذَا أَكَلَ طَعَامًا لَعِقَ أَصَابِعَهُ الثَّلَاثَ» «حديث»: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاچانكى، تاماق يېسە ئۆزىنىڭ ئۈچ بارمىقىنى يالايتتى.

لُعْقَةٌ ج لُعَقٌ: قوشۇقتا ياكى بارماق بىلەن ئالغۇدەك ئاز نەرسە، بىر قوشۇق، بىر قوشۇقچىلىق.

لَعْلٌ: لەئلى (ياقۇتقا ئوخشايدىغان بىر خىل قىزىل رەڭلىك ئېسىل تاش).

لَعْلَاعٌ: قورقۇنچاق.

لَعْلَعَ يُلَعْلِعُ لَعْلَعَةً الرَّعْدُ: گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى.

لَعْلَعَ السَّرَابُ: ئالۋۇن ۋىلىلدىدى.

لَعْلَعَ الشَّخْصُ: زېرىكتى، بىئارام بولدى.

لَعْلَعٌ: تومۇز، ساراب؛ بۆرە؛ ھىجازدىكى بىر خىل دەرەخ.

لَعَلَّ: بەلكىم، مۇمكىن، كېرەك، ئېھتىمال، بەلكى.

لَعَلَّ الْمُدَرِّسَ قَادِمٌ: مۇئەللىم بەلكى كېلىپ قالار.

لَعَلَّكُمْ بِخَيْرٍ: ئامان بولۇڭلار، سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمەن.

﴿فَقُولَا لَهُ قَوْلًا لَيِّنًا لَعَلَّهُ يَتَذَكَّرُ أَوْ يَخْشَى﴾ «قرآن»: ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار، ئۇ ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشى ياكى قورقۇشى مۇمكىن.

لَعَنَ يَلْعَنُ لَعْنًا: رەسۋا قىلدى، قارغىدى، قوغلىدى، لەنەت قىلدى، ياخشىلىقتىن يىراقلاشتۇردى.

«لَعَنَهُ اللهُ»: ئاللاھ ئۇنىڭغا لەنەت قىلسۇن.

﴿كُلَّمَا دَخَلَتْ أُمَّةٌ لَعَنَتْ أُخْتَهَا﴾ «قرآن»: ھەر قاچان بىر ئۇممەت دوزاخقا كىرىدىكەن، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئۇممەتكە (ئۇنىڭغا ئەگىشىپ گۇمراھ بولغانلىقى ئۈچۈن) لەنەت ئوقۇيدۇ.

لَعَنَ فُلَانًا: پالانىنى تىللىدى.

لَعْنٌ: لەنەت قىلماق، قارغىماق.

أَبَيْتَ اللَّعْنَ ئەرەبلەر جاھىلىيەت دەۋرىدە پادىشاھلىرىغا سالام بېرىش يۈزىسىدىن ئىشلىتىدىغان ئىبارە بولۇپ، قارغاشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلغىنىڭ يوق، دېگەن مەنىدە.

لَعْنَةٌ ج لَعَنَاتٌ وَلِعَانٌ: لەنەت، قارغاش، ئازاب.

«لَعْنَةُ اللهِ عَلَيْهِ»: ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولغاي.

«أَصَابَتْهُ لَعْنَةٌ مِنَ السَّمَاءِ»: ئۇنىڭغا ئاسماندىن ئازاب كەلدى.

لُعَنَةٌ ج لُعَنٌ: كىشىلەرنى تولا قارغاۋېرىدىغان.

لَعُوبٌ ج لَعَائِبُ: شوخ، نازاكەتلىك.

فَتَاةٌ لَعُوبٌ: شوخ قىز.

لَعِينٌ ج لُعَنَاءُ: مەلئۇن، قارغىش، قارغىش تەگكۈر.

«سِكِّيرٌ لَعِينٌ»: قارغىش تەگكۈر ھاراقكەش.

«لَعِينُ قَوْمِهِ»: قوۋمىنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغان.

اللَّعِينُ: شەيتان.

لَغَا يَلْغُو لَغْوًا الشَّخْصُ فِي قَوْلِهِ: بىھۇدە سۆزلىدى، قۇرۇق گەپ قىلدى.

لَغَا الْحَالِفُ: بىھۇدە قەسەم قىلدى.

لَغَا الشَّخْصُ: سۆزلىدى.

«مَنْ قَالَ يَوْمَ الْجُمْعَةِ وَالإِمَامُ يَخْطُبُ بِصَاحِبِهِ: صَهْ، فَقَدْ لَغَا» «حديث»: كىمكى جۈمە كۈنىدە ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا يېنىدىكى ھەمراھىغا: «شۈك تۇر»، دېسە، سۆزلىگەن بولىدۇ.

لَغَا الرَّجُلُ: ئۈمىدسىزلەندى، نائۈمىد بولدى، ئۈمىد ئۈزدى، روھى چۈشتى، رايى قايتتى، كۆڭلى سوۋۇدى.

لَغَا الشَّيْءُ: ئەمەلدىن قالدى، بىكار بولدى، ئېلىپ تاشلاندى، چىقىرىپ تاشلاندى، بىكار قىلىندى.

لُغَامٌ: تۆگىنىڭ ئېغىزىدىكى كۆپۈك.

لَغَبَ يَلْغَبُ لَغْبًا وَلُغُوبًا الشَّخْصُ الْقَوْمَ: كىشىلەرگە يالغان سۆزلىدى.

«لَغَبَ الْقَوْمَ لِيَأْخُذَ مَالَهُمْ»: كىشىلەرنىڭ مېلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا يالغان سۆزلىدى.

لَغَبَ الشَّخْصُ عَلَى الْقَوْمِ: كىشىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى.

لَغَبَ الشَّخْصُ: ھاردى، چارچىدى.

لَغِبَ يَلْغَبُ لَغَبًا: بەك ھاردى، چارچىدى.

«لَغِبَ الْمُسَافِرُ فِي الصَّحْرَاءِ»: يولۇچى سەھرادا بەك چارچىدى.

لَغْبٌ: ھېرىش، چارچاش.

لَغْبٌ: يالغان سۆزلىمەك، بۇزغۇنچىلىق قىلماق،

هارماق، چارچىماق، زەئىپ، ئەخمەق؛ ئۇتتۇرا چىش ئارىسىدىكى مىلىك.

«يُحِسّ بوجَعٍ فِي لَغْبِهِ»: ئوتتۇرا چىش مىلىكىدە ئاغرىق ھېس قىلىدۇ.

لُغَةٌ ج لُغًى وَلُغَاتٌ: تىل، تېرمىن، ئاتالغۇ.

لُغَةُ الْعَرَبِ: ئەرەب تىلى.

«لُغَةٌ أَجنَبِيَّةٌ»: چەت ئەل تىلى.

عِلْمُ اللّغَةِ: تىلشۇناسلىق.

كُتُبُ اللّغَةِ: لۇغەت كىتابلىرى، سۆزلۈكلەر.

لُغَةُ الْحَدِيْثِ. لُغَة الْمُحَادَثَةِ: ئاۋام تىلى، خەلق تىلى، جانلىق تىل، ئېغىز تىلى.

لُغَةُ الإِنْشَاءِ/ لُغَةُ الْكِتَابَةِ: ئەدەبىي تىل، يېزىق تىلى.

عِلْمُ قَوَاعِدِ اللّغَةِ: ئېتمولوگىيە.

لُغَةُ الْأُمِّ: ئانا تىلى.

اللّغَةُ الْأُمّ: ئانا تىل.

لُغَةٌ خُصُوْصِيَّةٌ: دىئالېكت، يەرلىك شېۋە.

لُغَةُ الْمَوْلِدِ: يەرلىك تىل.

لُغَةُ الْعَرَبِ مِنْ أَفْصَحِ اللّغَاتِ: ئەرەب تىلى ئەڭ پاساھەتلىك تىلدۇر.

لُغَةٌ حَيَّةٌ: جانلىق تىل.

لُغَةٌ عَامِّيَّةٌ: ئاۋام تىلى.

لُغَةٌ فَصِيْحَةٌ: ئەدەبىي تىل.

أَهْلُ اللّغَةِ: تىلشۇناسلار.

لَغَدَ يَلْغَدُ لَغْدًا ـــهُ: يۇمشاق تاڭلىيىغا تەگدى.

لَغَدَهُ: ئۇنى قامال قىلدى.

لُغْدٌ ج أَلْغَادٌ: يۇمشاق تاڭلاي.

لُغْدُودٌ ج لَغَادِيدُ: يۇمشاق تاڭلاي.

ضَخْمُ اللّغَادِيدِ: يۇمشاق تاڭلىيى چوڭ.

لَغَزَ يَلْغُزُ لَغْزًا: تېپىشماق ئېيتتى، مۇجمەل گەپ قىلدى، ئۆزىنى قاچۇردى، گەپ يورغىلاتتى، تىلىنى چاينىدى.

«يَلْغُزُ كَثِيرًا فَلا تَفْهَمُ مَا يَقُوْلُ»: ئۇ تولا گەپ يورغىلىتىدۇ، نېمە دەۋاتقىنىنى چۈشەنمەيسەن.

لَغَزَ الشَّخْصُ الْكَلَامَ وَفِيْهِ: گەپنى ئەگىتىپ ئېنىق قىلمىدى.

لَغْزٌ: تېپىشماق، ئېيتماق، مۇجمەل گەپ قىلماق، ئۆزىنى قاچۇرماق، گەپ يورغىلاتماق، تىلىنى چاينىماق، چالغىتىپ گەپ قىلماق، گەپ قاچۇرماق.

لُغْزٌ ج أَلْغَازٌ: تېپىشماق؛ چاشقان تۆشۈكى؛ ئەگرى-توقاي يول.

«هُوَ ذَكِيٌّ يَحِلّ الأَلْغَازَ»: ئۇ زېرەك، تېپىشماقلارنى يېشىدۇ.

لَغَطَ يَلْغَطُ لَغْطًا وَ لَغَطًا الْقَوْمُ: كىشىلەر سۈرەن-چۇقان سېلىشتى، ۋارقىراپ-جارقىراشتى، ۋاراڭ-چۇرۇڭ سېلىشتى، شاۋقۇن كۆتۈردى، جار سالدى.

«يَلْغَطُ الْعُمَّالُ أَمَامَ الْمَصْنَعِ»: ئىشچىلار زاۋۇت ئالدىدا سۈرەن-چۇقان سېلىشىۋاتىدۇ.

لَغْطٌ/ لَغَطٌ: جار سالماق، سۈرەن-چۇقان كۆتۈرمەك، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلماق، غوۋغا، غەلۋە.

«سَمِعَ لَغْطًا فِي الشَّارِعِ»: كوچىدا ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاڭلىدى.

«مَنْ كَثُرَ لَغَطُهُ كَثُرَ غَلَطُهُ»: كىمنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭى كۆپ بولسا، ئۇنىڭ غەلەتى كۆپ بولۇر.

«يَشْكُو مِنْ لَغَطٍ فِي الْقَلْبِ»: يۈرىكى غىژىلدىشىدىن دادلاۋاتىدۇ.

لَغَّمَ يُلَغِّمُ تَلْغِيْمًا الْمَكَانَ: يەرگە مىنا كۆمدى.

«لُغِّمَ الطَّرِيقُ الَّذِي يَمُرّ مِنْهُ الْعَدُوّ»: دۈشمەن ئۆتىدىغان يولغا مىنا كۆمۈلدى.

لَغَفَ يَلْغَفُ لَغْفًا فُلَانٌ: تىكىلىپ قارىدى.

لَغِفَ يَلْغَفُ لَغْفًا الإِنَاءَ: قاچىنى يالىدى.

لُغْفَةٌ: بىر لوقما، بىر كاپام.

لَغْلَفَةٌ: گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ ئاۋاز.

فِي كَلَامِهِ لَغْلَفَةٌ: ئۇ گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ قىلىۋاتىدۇ.

لَغَمَ يَلْغَمُ لَغْمًا الْبَعِيْرُ: تۆگە كۆپۈك چىقاردى، پۈركىدى، چاچتى.

لَغَمٌ ج أَلْغَامٌ: مىنا.

لَاقِطَةُ الْأَلْغَامِ: مىنا تازىلاش پاراخوتى.

زَرَعَ لَغَمًا: مىنا كۆمدى.

لَغَمٌ تَحْتَ الْقَنْطَرَةِ: كۆۋرۈك ئاستىغا قويۇلغان مىنا.

أَلْغَامٌ مَوْقُوتَةٌ: مۇددەتلىك پارتلايدىغان مىنا.

آلَةُ كَشْفِ الْأَلْغَامِ: مىنا بايقاش سايمىنى.

لَغْوٌ: جۆيلۈمەك، ۋالاقلىماق، يالغان گەپ قىلماق، بىلجىرلىماق، ئېغىزغا كەلگەنچە سۆزلىمەك، قارىنىسغا سۆزلىمەك، پايدىسىز، بىھۇدە گەپ.

فِي لَغْوٍ: بۇ پۈتۈنلەي يالغان، قىپقىزىل يالغان.

﴿وَالَّذِيْنَ لَايَشْهَدُونَ الزُّورَ وَإِذَا مَرُّوا بِاللَّغْوِ مَرُّوا كِرَاما﴾ «قرآن»: ئۇلار (يەنى، ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ، يالغان سۆزنى ئاڭلاپ قالغان چاغدا، ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ.

لَغُوْبٌ: زەئىپ، ئەخمەق.

﴿وَلَا يَمَسُّنَا فِيْهَا لُغُوبٌ﴾ «قرآن»: جەننەتتە بىز ھەرگىز چارچىمايمىز.

لُغُوْبٌ: يالغان سۆزلىمەك، بۇزغۇنچىلىق قىلماق، ھارماق، چارچىماق، زەئىپ، ئەخمەق، چىش مىلىكى.

لُغَوِيٌّ: تىلغا مۇناسىۋەتلىك، تىلشۇناس.

«بَحْثٌ لُغَوِيّ»: تىل تەتقىقاتى.

فُلَانٌ لُغَوِيٌّ شَهِيْرٌ: پالانى مەشھۇر تىلشۇناس.

دِرَاسَةٌ لُغَوِيَّةٌ: تىل تەتقىقاتى.

اللُّغَوِيُّون: تىلشۇناسلار.

لَغَّى وَلَغَايَةً وَلَاغِيَةً وَمَلْغَاةً فِي قَوْلِهِ: يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلدى، ئېغىزغا كەلگەنچە سۆزلىدى، تۇتۇرۇقسىز گەپ قىلدى، خاتا گەپ قىلدى، خاتا سۆزلىدى.

لَغَى الشَّخْصُ بِالْمَاءِ: سۇغا قانمىدى.

لَغَى الطَّائِرُ: قۇش سايرىدى.

لَغِيْفٌ ج لُغَفَاءُ: كىشىنىڭ يېقىنى.

لَغِيْفَةٌ: سۇيۇق تاماق.

لَفَا يَلْفُو لَفْوًا هُ ـ حَقَّهُ: ئۇنىڭ ھەققىنى كېمەيتىۋەتتى.

لَفَا اللَّحْمَ عَنِ الْعَظْمِ: گۆشنى سۆڭەكتىن ئايرىدى.

لَفَاتٌ: ئالدىراقسانلىق، ئاچچىقى يامانلىق، ئەخمەقلىق، تەتۈرلۈك، ئۆز بېشىمچىلىق، بەگۋاشىلىق، مىجەزى چۇسلۇق، تېرىككەكلىك.

لِفَاعٌ: پۈتۈن بەدەننى يۆگەپ تۇرىدىغان سىرتقى كىيىم.

لِفَافَةٌ ج لَفَائِفُ: داكا، بىنت، تېڭىق، كونۋېرت، يۆرەكنى قاپلىۋالغان ماي.

لِفَافَةٌ مِنَ التَّبْغِ: بىر قاپ تاماكا.

لَفَأَ يَلْفَأُ لَفْأً وَلَفَاً وَلَفَاءً الْعُودَ: ياغاچنى سويدى.

لَفَأَ اللَّحْمَ عَنِ الْعَظْمِ: گۆشنى شىلدى.

لَفَأَتِ الرِّيْحُ السَّحَابَ عَنْ وَجْهِ السَّمَاءِ: شامال بۇلۇتنى سۈرۈپ كەتتى.

لَفَأَهُ حَقَّهُ: ئۇنىڭ ھەققىنى كېمەيتىپ بەردى.

لَفَأَهُ بِالْعَصَا: ئۇنى تاياق بىلەن ئۇردى.

لَفَأَ فُلَانًا عن مُرَادِهِ: مەقسىتىگە يەتكۈزمىدى، توسۇدى.

لَفِئَ يَلْفَأُ لَفأً الشَّيْءُ: قېلىپ قالدى، ئېشىپ قالدى.

لَفْأَةٌ: بىر پارچە گۆش.

لَفْءٌ: گۆش.

لَفَتَ يَلْفِتُ لَفْتًا وَلَفَّتَ: ئايلاندۇردى، بۇرىدى، ھەرىكەتلەندۈردى، چۆرگىلەتتى، پىرقىراتتى، ئۆزگەرتتى، ئوگشىدى.

لَفَتَ فُلَانًا عَنْ رَأْيِهِ: رايىدىن ياندۇردى.

لَفَتَ نَظَرَهُ إِلَى كَذَا: ئۇنىڭ نەزىرىنى ...غا بۇرىدى، دىققىتىنى ...غا قاراتتى.

لَفَتَ الْقِشْرَ عَنِ الشَّجَرِ: دەرەخنى سويدى.

لِفْت: چامغۇر.

لِفْتَة ج لِفْتَات: بىر باش چامغۇر.

لَفْتاءُ: سولخاي.

لَفْتَة: بىر قېتىم قاراش، كۆڭۈل بۆلۈش، ئىلتىپات.

لَفْتَةٌ سَامِيَةٌ: ئالىي ئىلتىپات.

لَفْتَة ج لَفَتَات: بۇرۇلۇپ قارىماق، كۆڭۈل بۆلۈش؛ كۆزنىڭ قۇيرۇقىدا قارىماق؛ كۆرۈپ قالماق، كۆزگە چېلىقماق، بىر قاراپلا نەزەر تاشلىماق؛ ئارقىغا بۇرۇلماق، بۇرۇلۇپ ئايلانماق.

لَفْجٌ . لَفَجٌ: خارلىق.

لُفْجٌ: ئېقىن.

لَفَحَ يَلْفَحُ لَفْحًا فُلَانًا: ئۇردى.

مَوَادُّ التَّعْلِيْمِ: ئوقۇش ماتېرىياللىرى.

«أَنَّ الْإِقْتِصَادَ فِي الْمَوَادِّ الْخَامِ أَمْرٌ مُهِمٌّ جِدًّا إِيَّاكَ أَنْ تُقَلِّلَ مِنْ أَهْمِيَتِهِ»: خام ئەشيانى تېجەش مۇھىم تەدبىر، ئۇنىڭ رولىنى سەل چاغلىماسلىقىڭ كېرەك.

«ذَهَبَ إِلَى أَمَاكِنَ كَثِيْرَةٍ بَحْثًا عَلَى مَوَادِّ الْبِنَاءِ»: قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئىزدەپ نۇرغۇن جايلارغا باردى.

مَوَادٌّ إِسْتِهْلَاكِيَّةٌ: ئىستېمال ماتېرىياللىرى.

مَوَادٌّ أَوَّلِيَّةٌ، وَمَوَادٌّ خَامٌ، وَالْمَوَادُّ الْغُفْلُ: خام ماتېرىيال، خام ئەشيا.

مَادِّيٌّ: كونكرېت؛ ماتېرىيالىست، ماتېرىيالىزمچى؛ دۇنياۋى، دۇنيالىق.

مَادِّيًّا: ماددىي جەھەتتە، ماددىي جەھەتتىن.

مَادِّيَّةٌ: ماددىيلىق، رېئاللىق، ئاكتۇئاللىق؛ ماتېرىيالىزم.

الْمَادِّيَّةُ الدِّيَالِكْتِيْكِيَّةُ: دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم.

الْمَادِّيَّةُ التَّارِيْخِيَّةُ: تارىخىي ماتېرىيالىزم.

مَادَى يُمَادِي مُمَادَاةً فُلَانًا: مۇددەتنى ئۇزارتتى، قەرەلنى ئۇزارتتى كېچىكتۈردى.

مَاذِرٌ: سېسىق، ناچار.

مَاذِيٌّ: ئاق ھەسەل، بال؛ تۆمۈر قورال.

مَاذِيَّةٌ: شاراب، مەي.

مَارَ يَمُورُ مَوْرًا: داۋالغۇدى، تەۋرەندى، دولقۇنلىدى، ئۆركەشلىدى.

مَارَتِ السَّحَابَةُ: بۇلۇت ئايلاندى.

﴿يَوْمَ تَمُورُ السَّمَاءُ مَوْراً﴾ «قرآن»: ئۇ كۈندە ئاسمان قاتتىق تەۋرەيدۇ.

مَارَ يَمِيرُ مَيْرًا: تەمىنلىدى، تەمىن قىلدى، باقتى.

مَارَ الدَّوَاءَ: دورىنى ئېرىتتى.

مَارِدٌ ج مَرَدَةٌ وَ مَارِدُونَ: بۈيۈك ئادەم، پالۋان، شەيتان، دىۋە، يۈكسەك، ئېگىز، گىگانت ئادەم؛ ئاسىي، توپىلاڭچى، قارشى تۇرغۇچى.

﴿وَحِفْظاً مِّن كُلِّ شَيْطَانٍ مَّارِدٍ﴾ «قرآن»: ئاللاھنىڭ ئىتائەتىدىن چىققۇچى ھەربىر شەيتاندىن ئۇنى قوغدىدۇق.

«بِنَاءٌ مَارِدٌ»: ئېگىز بىنا.

مَارٌّ ج مَارَّةٌ: ئۆتكۈچى، ھالقىغۇچى، كېسىپ ئۆتكۈچى، يولۇچى.

الْمَوْضُوعُ الْمَارُّ ذِكْرُهُ: يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ماۋزۇ.

«الشَّارِعُ مُزْدَحِمٌ وَلَكِنْ الْمَارَّةَ يَسِيْرُوْنَ بِنِظَامٍ»: كوچا تىقىنچىلىق بولسىمۇ يولدىن ئۆتكۈچىلەر تەرتىپلىك ماڭماقتا.

«يَجْتَازُ الْمَارَّةُ الطَّرِيْقَ عِنْدَ ظُهُوْرِ الضَّوْءِ الْأَخْضَرِ»: يولدىن ئۆتكۈچىلەر يېشىل چىراغ يېقىلغاندا ئۆتىدۇ.

مَارَسَ يُمَارِسُ مِرَاسًا وَمُمَارَسَةً الشَّيْءَ أَوِ الْعَمَلَ أَوِ الْأَمْرَ: ھەپىلەشتى، شۇغۇللاندى.

«يُمَارِسُ الْمُحَامَاةَ مُنْذُ عِشْرِيْنَ سَنَةً»: ئۇ يىگىرمە يىلدىن بېرى ئادۋوكاتلىق ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

مَارَسَ سُلْطَتَهُ: ھوقۇقىنى ئىشلەتتى.

مَارَسَ السُّلْطَةَ: ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى.

يُمَارِسُ رِبَا الْفَاحِشِ: ئۇ جازانىخورلۇق قىلىۋاتىدۇ.

مَارِسٌ: مارت، ئۈچىنچى ئاي؛ ئەپسانىلەردىكى ئۇرۇش ئىلاھى.

مَارِسْتَانٌ: دوختۇرخانا، شىپاخانا.

«قَضَى الْمَرِيْضُ مُدَّةً فِي الْمَارِسْتَانِ»: كېسەل بىر مەزگىلنى دوختۇرخانىدا ئۆتكۈزدى.

مَارِقٌ ج مَارِقُوْنَ وَ مُرَّاقٌ عَنِ الدِّيْنِ: دىندىن چىققۇچى، دىنغا ئاسىيلىق قىلغۇچى.

سَهْمٌ مَارِقٌ: تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئوق.

مَارَى يُمَارِي مُمَارَاةً: جېدەللەشتى، مۇنازىرىلەشتى.

مَارِيَةٌ: ئاق موزايلىق ئىنەك.

مَارِيَّةٌ: ئاق ئايال.

مَازَجَ يُمَازِجُ مُمَازَجَةً: بىرىش-كېلىش قىلدى، ئالاقە قىلدى، باردى-كەلدى قىلدى، ئارىلىشىپ ئۆتتى.

مَازَحَ يُمَازِحُ مُمَازَحَةً: چاقچاقلاشتى، ئويناشتى.

مَازِحٌ: چاقچاقچى، ھەزىلچى.

مَازُوْرٌ: بېلىقچى قۇش.

مَازِيَّةٌ: ئۈستۈنلۈك، ئەۋزەللىك، ئارتۇقچىلىق، پەزىلەت.

مَاسَ يَمُوْسُ مَوْسًا: الرَّأْسَ: چاچنى چۈشۈردى، ساتىراشلىق قىلدى.

مَاسَ يَمِيْسُ مَيْسًا وَ مَيَسَانًا الرَّجُلُ: كىشى غادىيىپ ماڭدى، ئىرغاڭلاپ ماڭدى.

مَاسٌ ج أَلْمَاسٌ: ئالماس، بىرلىيانت.

رَجُلٌ مَاسٌ: تاش يۈرەك ئادەم.

مَاسَةٌ قِمْرَانِيٌّ: ئالماس پىچاق، ئەينەك كەسكۈچ.

مَاسَحَ يُمَاسِحُ مُمَاسَحَةً: ئالداش ئۈچۈن چىرايلىق گەپ قىلدى.

مَاسَحَ غَيْرَهُ: قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

مَاسِحٌ م مَاسِحَةٌ: سۈرتكۈچى، ئېرىتقۇچى، كاززاپ، يالغانچى، قاتىل.

مَاسِحُ الْأَحْذِيَةِ: مايلامچى.

مَاسِحَةٌ ج مَوَاسِحُ: باش تارىغۇچى دېدەك.

مَاسَّ يُمَاسُّ مُمَاسَّةً: تەگدى، تېگىپ كەتتى، ئۇچراشتى.

مَاسٌّ: تېگىپ كەتكۈچى، ئۇچراشقۇچى، سۈركىگۈچى، ئۇۋۇلىغۇچى، تۇتقۇچى، جىددىي، زۆرۈر، ئاكتۇئال.

«دَيْنٌ مَاسٌّ»: جىددىي قەرز.

«لَهُ حَاجَةٌ مَاسَّةٌ إِلَى الْمُسَاعَدَةِ»: ئۇ ياردەمگە جىددىي ئېھتىياجلىق.

الْقُوَّةُ الْمَاسَّةُ: تېگىش سېزىمى.

مَاسِكٌ: تۇتقۇچى، ئالغۇچى، تۇتۇۋالغۇچى، ئېلىۋالغۇچى، مۇستەھكەم، پۇختا، قاتتىق.

مَاسِكُ الدَّفَاتِرِ: بوغالتىر، ھېساباتچى.

مَاسُوْرَةٌ ج مَوَاسِيْرُ: كاناي، نەيچە، پروبىركا، ئۆتكۈزگۈچ تۇرۇبا.

مَاسُوْرَةُ مِيَاهٍ: سۇ تۇرۇبىسى.

مَاسَى يُمَاسِيْ مُمَاسَاةً فُلَانًا: پالانىنى مەسخىرە قىلدى.

مَاشِطٌ: ساتىراش.

مَاشِطَةٌ ج مَاشِطَاتٌ وَ مَوَاشِطُ: دېدەك، خىزمەتكار، كۆتكۈچى ئايال، ئايال ساتىراش.

مَاشَكٌ / مَاشَةٌ: لاخشىگىر، قىسقۇچ.

مَاشَى يُمَاشِيْ مُمَاشَاةً: بىللە ماڭدى.

مَاشَى الرَّجُلُ صَدِيْقَهُ: كىشى دوستى بىلەن بىللە ماڭدى.

مَاشَاهُ فِيْ آرَائِهِ: ئۇنىڭ پىكىرلىرىگە ماسلاشتى.

مَاشٍ ج مُشَاةٌ وَمَاشُوْنَ: پىيادە ماڭغۇچى، ياياق ماڭغۇچى.

«عَلَى الْمَاشِيْ أَنْ يَحْتَرِمَ إِشَارَاتِ الْمُرُوْرِ»: پىيادە ماڭغۇچى قاتناش بەلگىلىرىگە رىئايە قىلىش كېرەك.

رَجَعْتُ إِلَى الْحَدِيْقَةِ مَاشِيًا: باغقا پىيادە قايتتىم.

«كَانَ النَّبِيّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَزُوْرُ قُبَاءَ رَاكِبًا وَ مَاشِيًا فَيُصَلِّيْ فِيْهِ رَكْعَتَيْنِ» ‹حديث›: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاغلىق ۋە پىيادە ھالەتتە قۇبا مەسجىدىنى زىيارەت قىلاتتى ۋە ئۇ يەردە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى». ‹ھەدىس›.

مَاشِيَةٌ ج مَوَاشٍ: ئۆي ھايۋانلىرى.

تِسْعَةُ أَعْشَارِ الرِّزْقِ فِي التِّجَارَةِ وَالْعُشْرُ فِي الْمَوَاشِيْ ‹حديث›: 10\9 رىزىق تىجارەتتە، 10\1 رىزىق چارۋىچىلىقتا. ‹ھەدىس›.

مَاصِرٌ: چېگرا، پاسىل، شەھەر، ئاۋات جاي، توساق.

مَاصٌّ: شورىغۇچى، سۈمۈرگۈچى.

مَاصَّةٌ ج مَاصَّاتٌ وَمَوَاصٌّ: ناسوس، پومپا، سۈمۈرگۈچ ناسوسى، سۈمۈرگۈچ، ئابسوربىيىلىگۈچى رېئاكتىپ.

مَاصَعَ يُمَاصِعُ مُمَاصَعَةً قِرْنَهُ: ئېلىشتى، ئۇرۇشتى.

مَاصِعٌ م مَاصِعَةٌ: تۇز سۈيى.

مَاصِلٌ: ئاز، ئازغىنە.

عَطَاءٌ مَاصِلٌ: ئازغىنە سوۋغا.

لَبَنٌ مَاصِلٌ: ئازغىنە سۈت.

مَاضِرٌ: ئاچچىق-چۈچۈك.

مَاضِغٌ ج مُضَّغٌ: چاينىغۇچى.

مَاضِغَانِ وَمَاضِغَتَانِ: ئۈستۈنكى تاڭلاي ۋە ئاستىنقى تاڭلاي.

مَاضٍ ج مَوَاضٍ: ئۆتكۈر، ئىتتىك، كەسكىن، ئىلگىرى، بۇرۇن.

الْأُسْبُوْعُ الْمَاضِي: ئۆتكەن ھەپتە، ئالدىنقى ھەپتە.

الشَّهْرُ الْمَاضِي: ئۆتكەن ئاي، ئالدىنقى ئاي.

فِي الْمَاضِي: ئىلگىرى، ئىلگىرىكى، بۇرۇنقى، بۇرۇن، ئۆتمۈشتە.

هُوَ مَاضِي الْعَزِيْمَةِ: ئۇ ئىرادىلىك، ئىرادىسى چىڭ.

الْمَاضِي (فِي النَّحْوِ): ئۆتكەن زامان.

الْفِعْلُ الْمَاضِي: ئۆتكەن زامان پېئىلى.

السَّنَوَاتُ الْمَاضِيَةُ: ئىلگىرىكى يىللار.

مَاطَ يَمِيطُ مَيْطًا وَمَيَطَانًا: يىراقلاشتى، ئايرىلدى، نېرى بولدى.

مَاطَ بِهِ: يىراقلاشتۇردى، چەتكە قاقتى، نېرى قىلىۋەتتى.

مَاطِرٌ: يامغۇرلۇق.

مَاطَلَ يُمَاطِلُ مُمَاطَلَةً بِحَقِّهِ: ئۇنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇشنى كەينىگە سۈردى.

مَاعَ يَمِيعُ مَيْعًا الشَّيْءُ: نەرسە ئاقتى، تارالدى.

مَاعَ السَّمْنُ: ماي ئېرىدى.

مَاعَ الشَّخْصُ: كىشى بوشاپ كەتتى.

مَاعِزٌ ج مَعْزٌ م مَاعِزَةٌ ج مَوَاعِزُ: بىر ئۆچكە.

مَاعُونٌ: ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار، ئائىلە سايمانلىرى.

مَاقَ يَمُوقُ مَوْقًا وَمُؤُوقًا الشَّخْصُ: دۆت بولدى، گالۋاڭ بولدى.

مَاقَتَ يُمَاقِتُ مُمَاقَتَةً الرَّجُلَ: قاتتىق يىرگەندى، قاتتىق ئۆچ كۆردى.

مَاكَرَ يُمَاكِرُ مُمَاكَرَةً: ئالدىدى، ساختىپەزلىك قىلدى، ھىيلە ئىشلەتتى.

مَاكِرٌ ج مَكَرَةٌ وَ مَاكِرُونَ: ھىيلىگەر، مەككار.

«يَتَصَرَّفُ كَالثَّعْلَبِ الْمَاكِرِ»: ھىيلىگەر تۈلكىدەك ئىش قىلىدۇ.

مَاكَسَ يُمَاكِسُ مُمَاكَسَةً: كېمەيدى، كېمەيتتى.

مَاكَسَ فِي الْبَيْعِ: سودىلاشتى.

مَاكَسَ الشَّخْصَ الضَّرِيبَةَ: باج يىغدى.

مَاكَسَهُ: ئۇنى ئەزدى.

مَاكِنَةٌ: ماشىنا، ئىستانوك، مېخانىزم.

مَاكِنَةٌ كَهْرَبَائِيَّةٌ: دىۋگاتېل، ئېلېكتر ماشىنا.

مَاكِنَةُ خِيَاطَةٍ: تىكىش ماشىنىسى.

مَالَ يَمُولُ مَوْلًا وَمُؤُولًا: باي بولدى، بېيىدى، مالدار بولدى.

مَالَ يَمِيلُ مَيْلًا وَ مَيَلَانًا: ئېغىشتى.

مَالَ فُلَانًا: پالانىغا بولۇشتى.

مَالَ عَنِ الطَّرِيقِ: يولدىن چەتنەپ كەتتى.

مَالَ عَنِ الْحَقِّ: ھەقتىن يۈز ئۆرۈدى.

مَالَ شِمَالًا وَيَمِينًا: ئوڭ ـ سولغا ئىرغاڭلىدى.

مَالَ النَّهَارُ: كەچ كىرەي دېدى.

مَالَ اللَّيْلُ: قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالدى.

مَالَ الْحَائِطُ: تام قىڭغىيىپ قالدى.

مَالَ عَلَيْهِ الدَّهْرُ: بېشىغا كۈن چۈشتى، دىشۋارچىلىققا يولۇقتى.

مَالَ عَلَى الرَّجُلِ: كىشىگە زۇلۇم قىلدى.

مَالَتِ الشَّمْسُ: كۈن قايرىلدى.

مَالَ إِلَى: ھەۋەسى كەلدى.

مَالٌ ج أَمْوَالٌ: مال، مال ـ مۈلۈك، پۇل ـ مال.

مَالُ الْحَرَامِ: ھارام مال، ھارام پۇل، ھارام بايلىق.

أَمِينُ الْمَالِ: ئامبارچى، كاسسىر، بوغالتىر.

جَمْعُ الْمَالِ: مال توپلىماق.

مَالٌ مَنْقُولَةٌ: تۇراقسىز مال.

مَالُ الْأَطْيَانِ: يەر بېجى.

مَالُ الْعَقَارَاتِ: مال ـ مۈلۈك بېجى.

مَالٌ كَثِيرٌ: بايلىق، بايلىق مەنبەسى.

الْمَالُ الْإِحْتِيَاطِيّ: ئېھتىيات مەبلەغ.

رَأْسُ مَالٍ: دەسمايە، كاپىتال.

بَيْتُ الْمَالِ: دۆلەت خەزىنىسى.

مَالَأَ يُمَالِئُ مُمَالَأَةً: ياردەم بەردى.

وَاللهِ مَا قَتَلْتُ عُثْمَانَ وَلَا مَالَأْتُ عَلَى قَتْلِهِ: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئوسمانىنى مەن ئۆلتۈرمىدىم، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ياردەملەشكىنىممۇ يوق.

مَالَجٌ ج مَوَالِجُ: ئەندىۋا.

**مَالَحَ يُمَالِحُ مُمَالَحَةً:** بىرگە تاماق يېدى، بىللە غىزالاندى.

**مَالِحٌ:** تۇزلۇق، شورلۇق.

**هَذَا الطَّبَقُ مِنَ الْخُضْرَوَاتِ غَيْرُ مَالِحٍ جِدًّا:** بۇ سەي ناھايىتى تۇزسىز بولۇپ قاپتۇ.

**مَالِطَةُ:** مالتا ئارىلى.

**مَالَقٌ:** سۆرەم.

**مَالِكٌ ج مُلَّكٌ وَمُلَّاكٌ:** خوجايىن، ئىگىدار، ئىگە، ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى، مۈلۈك ئىگىسى، مۈلۈكدار.

**﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾** «قرآن»: (ئاللاھ) قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر.

**مَالِكُ الْأَرْضِ الزِّرَاعِيَّةِ:** پومېشچىك، يەر ئىگىسى.

**مَالِكُ الْحَزِيْنِ:** كۆك قوتان. (بىر خىل قۇش).

**الشُّؤُنُ الْمُتَعَلِّقَةُ بِالْمُلَّاكِ:** كادىرلار خىزمىتى.

**مَالِكِيٌّ:** مالىكى مەزھىپىدىكى ئادەم.

**مَالِكِيَّةٌ:** مالىكى مەزھىپى.

**مَالِنْخُولِيَا، مَالِيخُولِيَا:** خامۇشلۇق كېسىلى، مالىخۇلىيا.

**مَالُولَةٌ:** سەۋرسىز، چۇس، قىزىققان.

**مَالِيٌّ:** پۇل، پۇلغا مەنسۇپ، پۇل-مالغا ئائىت.

**نِظَامٌ مَالِيٌّ:** مالىيە تۈزۈلمىسى، مالىيە سىستېمىسى.

**مَالِيَّةٌ:** مالىيە، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى، سەرراپلىق ئىشلىرى، بايلىق.

**وَزَارَةُ مَالِيَّةٍ:** مالىيە مىنىستىرى.

**سَنَةٌ مَالِيَّةٌ:** ھېسابات يىلى.

**أَغْرَاضٌ مَالِيَّةٌ:** مالىيە نىشانى.

**الدَّوَائِرُ الْمَالِيَّةُ:** پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكىلەر.

**سُوقٌ مَالِيَّةٌ:** پۇل مۇئامىلە بازىرى، سەرراپلىق بازىرى.

**عُقُوبَةٌ مَالِيَّةٌ:** جەرىمانە.

**غَرَامَةٌ مَالِيَّةٌ:** جەرىمانە، جەرىمانە قويماق.

**مَامُونِتٌ:** پىلنىڭ ئەجدادلىرى.

**مَانَ يَمُونُ مَوْنًا وَمُؤُونَةً:** تەمىنات بەردى، تەمىنلىدى، ئوزۇق-تۈلۈك بىلەن تەمىنلىدى.

**مَانَ يَمِينُ مَيْنًا:** يالغان ئېيتتى، يالغانچىلىق قىلدى.

**مَانْجَةٌ:** ئەنبەھ (مېۋە).

**مَانَحَ يُمَانِحُ مُمَانَحَةً:** ئۈزۈلدۈرمەي بەردى، ئارقا-ئارقىدىن بەردى، ئۆزئارا سوۋغا بېرىشتى.

**مَانِحٌ:** تەقدىم قىلغۇچى، ئىنئام قىلغۇچى، ھەدىيە قىلغۇچى، بەرگۈچى.

**مَانَعَ يُمَانِعُ مُمَانَعَةً:** قارشى تۇردى، قارشىلاشتى.

**مَانَعَهُ:** ئۇنى قوغدىدى.

**مَانِعٌ ج مَنَعَةٌ وَمَانِعُونَ وَمَوَانِعُ:** توسالغۇ-توسۇق، پۇتلىكاشاڭ، مەنئى قىلغۇچى، توسقۇچى، دەخلى قىلغۇچى، توسالغۇ بولغۇچى.

**مَانِعَةُ الصَّوَاعِقِ:** چاقماق توسقۇچى ئەسۋاب.

**مَانُولِيَا:** ماگنولىيە، ماگنولىيە گۈلى، (چوڭ ۋە خۇشبۇي گۈللۈك، دائىم يېشىل تۇرىدىغان زىننەت ئۈچۈن ئۆستۈرۈلىدىغان ئۆسۈملۈك).

**مَاهَ يَمُوهُ مَوْهًا وَمَاهَةً وَمُؤُوهَةً الشَّيْءَ بِالشَّيْءِ:** ئارىلاشتۇردى.

**مَاهَ فُلَانٌ فِي كَلَامِهِ:** پالانى سۆزنى چالغۇتتى.

**مَاهَتِ الْبِئْرُ:** قۇدۇقنىڭ سۈيى كۆپەيدى.

**مَاهَتِ السَّفِينَةُ:** كېمىگە سۇ كىرىپ كەتتى.

**مَاهَ يَمِيهُ مَيْهًا الْبِئْرُ:** قۇدۇقنىڭ سۈيى كۆپەيدى.

**مَاهَ فُلَانًا:** پالانىغا سۇ بەردى.

**مَاهَرَ يُمَاهِرُ مُمَاهَرَةً:** مۇسابىقىلەشتى، بەسلەشتى.

**مَاهِرٌ ج مَهَرَةٌ:** پىشقان، پۇختا، مەلىكىلىك، ئۇستا، ماھىر، ئەپچىل، چاققان، چېۋەر.

**سَبَّاحٌ مَاهِرٌ:** ئۇستا سۇ ئۈزگۈچى، ماھىر سۇ ئۈزگۈچى.

**عَامِلٌ مَاهِرٌ:** چېۋەر ئىشچى.

قَائِدٌ مَاهِرٌ: ئۇستا قوماندان.

مَاهَنَ يُمَاهِنُ مُمَاهَنَةً: كەسىپ (سانائەت) بىلەن شۇغۇللاندى، كەسىپ قىلدى، خىزمەت بىلەن شۇغۇللاندى.

مَاهِنٌ ج مُهَّانٌ وَمَهَنَةٌ وَمِهَانٌ: مالاي، چاكار، خىزمەتچى، خادىم، مۇلازىم، قۇل، مېھنەتكەش.

مَاهِيٌّ: سۇلۇق، سۇدەك، سۇغا مەنسۇپ.

مَاهِيَةٌ ج مَاهِيَاتٌ وَمَهَايَا: ماھىيەت، (نەرسىنىڭ) ھەقىقىتى.

مَاهِيَّةُ الشَّيْءِ: نەرسىنىڭ ماھىيىتى، تېگى-تەكتى.

مَاوِيٌّ: سۇلۇق، سۇدەك، سۇدا ياشايدىغان، سۇغا مەنسۇپ.

مَايَرَ يُمَايِرُ مُمَايَرَةً: ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلىدى، ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدى، ئوزۇق-تۈلۈك بىلەن تەمىنلىدى.

مَايَرَةٌ: دورىدى، تەقلىد قىلدى.

مَايُو: ماي، بەشىنچى ئاي.

مَايُوهٌ: سۇ ئۈزۈش كىيىمى.

مَايِتٌ: ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى ئادەم، جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئادەم، ئۆلۈمگە يۈز تۇتقۇچى، سەكراتقا چۈشۈپ قالغۇچى.

مَائِجٌ: مەۋج ئۇرۇۋاتقان، دولقۇنلاۋاتقان، ئۈركەشلەۋاتقان، دولقۇنسىمان، داۋالغۇۋاتقان.

مَائِدٌ ج مَيْدَى: بېشى قېيىپ كۆزى قاراڭغۇلاشقۇچى، بېشى قايغۇچى.

مَائِدَةٌ ج مَوَائِدُ وَمَائِدَاتٌ: تاماق ئۈستىلى، تاماق جوزىسى، شىرە، داستىخان.

مَائِدَةُ الْكِتَابَةِ: يېزىق ئۈستىلى.

غِطَاءُ الْمَائِدَةِ: داستىخان.

الْمَائِدَةُ الْمُسْتَدِيرَةُ: يۇملاق جوزا.

الْمَائِدَةُ الْمُقَدَّسَةُ: مۇقەددەس زىياپەت، كاتتا زىياپەت.

مَائِعٌ: سۇيۇقلۇق، سۇيۇق، سۇيۇق جىسىم، ئاققۇچى، ئەخمەق، گالۋاڭ، بوشاڭ.

مَائِلٌ ج مُيَّلٌ وَمَالَةٌ م مَائِلَةٌ ج مَائِلَاتٌ وَمَوَائِلُ: ئەگمەچ، ئەگرى، ئەگرى-دونای، ئەگرى-بۈگرى.

سَطْحٌ مَائِلٌ فِي الْهَنْدَسَةِ: يانتۇ تەكشىلىك، يانتۇ يۈزى.

مَائِلٌ إِلَى الشِّفَاءِ: ساقىيىشقا باشلىغان.

مَائِيٌّ: سۇغا خاس، سۇلۇق، سۇيى كۆپ، سۇدا ياشايدىغان.

بُخَارٌ مَائِيٌّ: پار، ھور.

تَصْوِيرٌ مَائِيٌّ: سۇ بوياق رەسىم.

مَكْبَسٌ مَائِيٌّ: گىدرو پېرىس (سۇ كۈچى بىلەن پېرسلاش ماشىنىسى).

الْأَلْعَابُ الْمَائِيَّةُ: سۇ ئۈستى تەنھەرىكىتى.

مَسَالِكُ مَائِيَّةٌ: سۇ يولى.

نَبَاتَاتٌ مَائِيَّةٌ: سۇ ئۆسۈملۈكلىرى.

مَائِيَّةُ النَّبَاتِ: شىرنە، شەربەت.

مَآبٌ ج مَآوِبُ: قاچىدىغان جاي، ئاخىرقى بارىدىغان جاي.

﴿وَإِنَّ لَهُ عِندَنَا لَزُلْفَى وَحُسْنَ مَآبٍ﴾ «قرآن»: ئۇ بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ئەلۋەتتە يېقىنلىققا ۋە ياخشى ئاقىۋەتكە ئىگە بولىدۇ.

مُؤَاتٍ: مۇۋاپىق؛ ئوڭۇشلۇق، قولايلىق.

كَانَتِ الْفُرْصَةُ مُؤَاتِيَةً لَهُ: ئۇنىڭغا پۇرسەت كەلدى.

الظُّرُوفُ مُؤَاتِيَةٌ لِوَحْدَةٍ عَرَبِيَّةٍ شَامِلَةٍ: ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك بىرلىكىگە شەرت-شارائىت پىشىپ يېتىلگەن.

فُرْصَةٌ مُؤَاتِيَةٌ: قولاي شارائىت، مۇۋاپىق پەيت.

مُؤَاجِرٌ: ئىجارە ئالغۇچى، ئىجارىگە ئېلىپ

ئىشلەتكۈچى.

**مُؤَاخَاةٌ:** دوستلاشماق، قېرىنداشلىق ئورناتماق.

**مُؤَاخَذٌ:** ئەيىبلەنگۈچى، جازالانغۇچى.

**الْمَرْأُ مُؤَاخَذٌ بِلِسَانِهِ:** ئىنسان ئۆزىنىڭ تىلى بىلەن سوراققا قالىدۇ (ئادەم ئېغىزىدىن كېتىدۇ).

**مُؤَاخَذَةٌ:** ئەيىبلىمەك، مالامەت قىلماق، نارازى بولماق، جاۋابكارلىققا تارتىلماق.

**مُؤَاكَرَةٌ:** ئورتاقچىلىق (دېھقانچىلىقتىكى ).

**مُؤَاكِلٌ:** بىللە تاماق يېگۈچى، ھەمداستىخان.

**مَآلٌ:** قايتىدىغان جاي، نەتىجە، ئاقىۋەت.

**مَآلُ الْكَلَامِ:** سۆزنىڭ مەنىسى، سۆزنىڭ ئورامى.

**فِي الْحَالِ وَفِي الْمَآلِ:** ھازىر ۋە كەلگۈسىدە.

**مُؤَالَفَةٌ:** دوستلىشىش.

**مُؤَامَرَةٌ ج مُؤَامَرَاتٌ:** سۇيىقەست قىلىش، تىل بىرىكتۈرۈش، گېپىنى بىر قىلىۋېلىش.

**«يَسْعَى الْفِلَسْطِيْنِيّوْنَ لِإِسْتِرْدَادِ حُقُوْقِهِمْ بِالرَّغْمِ مِنَ الْمُؤَامَرَاتِ الَّتِي تُحَاكُ ضِدَّهُمْ»:** پەلەستىنلىكلەر ئۆزلىرىگە قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سۇيىقەستلەرگە قارىماي ئۆز ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەتلەنمەكتە.

**مِئْبَارٌ:** يىڭنە قۇتىسى، يىڭنە قېپى.

**مُؤَبَّدٌ:** مەڭگۈلۈك بولغان، ئەبەدىي.

**سِجْنٌ مُؤَبَّدٌ:** مۇددەتسىز قاماق.

**حُكْمٌ مُؤَبَّدٌ:** مۇددەتسىز قاماق.

**أَلْأَشْغَالُ الشَّاقَّةُ الْمُؤَبَّدَةُ:** مۇددەتسىز قاماق جازاسى، ئۆمۈرۋايەت ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش.

**حُكِمَ عَلَيْهِ بِالْأَشْغَالِ الشَّاقَّةِ الْمُؤَبَّدَةِ:** ئۇ مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

**مِئْبَرٌ:** يىڭنە قۇتىسى، يىڭنە قېپى.

**مَأْبِضٌ ج مَآبِضُ:** تېقىم، تىزنىڭ كەينى.

**مَأْبُوْنٌ:** بىرەر ئەيىب چاپلانغان ئادەم.

**مِئَةٌ ومِائَةٌ ج مِئَاتٌ ومِئُوْنَ وَمُؤُوْنٌ ومِأًى:** يۈز.

**«خَمْسُ مِائَةِ رَجُلٍ»:** بەش يۈز ئادەم.

**«وَاحِدٌ بِالْمِائَةِ / وَاحِدٌ فِي الْمِائَةِ»:** يۈزنىڭ بىرى، يۈزدىن بىرسى.

**مِائَةٌ بِالْمِائَةِ:** يۈزدەيۈز، يۈز پىرسەنت، تولۇق، پۈتۈنلەي، كەم-كۈتىسىز.

**هُوَ رَجُلٌ عَسْكَرِيٌّ بِالْمِائَةِ:** ئۇ كەم-كۈتىسىز ھەربىي.

**حَصَلَ عَلَى مَجْمُوْعِ دَرَجَاتٍ يُعَادِلُ خَمْسًا وَسَبْعِيْنَ بِالْمِائَةِ أَوْ فِي الْمِائَةِ:** ئومۇمىي نومۇرى يۈزدە يەتمىش بەشكە توغرا كېلىدۇ.

**مِئَوِيٌّ:** يۈزگە مەنسۇپ، يۈزلۈك.

**اَلذِّكْرَى الْمِئَوِيَّةُ لِوَفَاةِ الشَّاعِرِ:** شائىر ۋاپاتىنىڭ يۈز يىللىقىنى خاتىرىلەش.

**«بِالْأُلُوْفِ وَالْمِئِيْنَ»:** سان-ساناقسىز.

**مُؤْتَفَكَاتٌ:** خاراب قىلىنغان شەھەرلەر.

**مَأْتَمٌ ج مَآتِمُ:** ماتەم مۇراسىمى.

**تُقَامُ الْمَآتِمُ كُلَّ عَامٍ إِحْتِفَالًا بِذِكْرَى إِسْتِشْهَادِ الْحُسَيْنِ:** ھەر يىلى ھۈسەيىننىڭ شېھىت بولغانلىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

**مُؤْتَمِرٌ:** قۇرۇلتاي ئىشتىراكچىسى چوڭ يىغىن ئىشتىراكچىسى.

**مُؤْتَمَرٌ ج مُؤْتَمَرَاتٌ:** يىغىن، قۇرۇلتاي.

**مُؤْتَمَرٌ صُحُفِيٌّ:** ئاخبارات يىغىنى، مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى.

**مُؤْتَمَرُ الصَّلِيْبِ الْأَحْمَرِ الدَّوَلِيِّ:** خەلقئارا قىزىل كرېست جەمئىيىتى.

**مُؤْتَمَرُ الذِّرْوَةِ:** دولەت باشلىقلىرى يىغىنى، باشلىقلار يىغىنى، ئالىي يىغىن.

**مُؤْتَمَرُ الْقِمَّةِ:** دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى.

**مُؤْتَمَرٌ سِيَاسِيٌّ:** سىياسىي يىغىن.

**مُؤْتَمَرُ السَّلَامِ**: تىنچلىق يىغىنى.

**الْمُؤْتَمَرُ التَحْضِيْرِيّ**: تەييارلىق يىغىنى.

**مُؤْتَمَرُ عَدَمِ الْإِنْحِيَارِ**: بىتەرەپلىك يىغىنى.

«**يَعْقِدُ الْمُعَلِّمُوْنَ مُؤْتَمَرًا سَنَوِيًّا لِلنَّظَرِ فِي قَضَايَا تَتَّصِلُ بِشُؤُوْنِ التَّعْلِيْمِ**»: ئوقۇتقۇچىلار مائارىپ ئىشلىرىغا ئائىت مەسىلىلەرگە قاراپ چىقىش ئۈچۈن يىللىق قۇرۇلتاي ئاچماقتا.

**طَبْعًا عَلَيْنَا أَنْ نَنْفُذَ قَرَارَ الْمُؤْتَمَرِ**: قۇرۇلتاينىڭ قارارىنى ئەلۋەتتە ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك.

**مُؤْتَمَنٌ**: ئىشەنچلىك.

«**رُبَّ مُؤْتَمَنٍ ظَنِيْنٌ وَمُتَّهَمٍ أَمِيْنٌ**»: ئىشەنچلىك ئادەم گۇمانلىق بولۇشى، گۇمانلىق ئادەم ئىشەنچلىك بولۇشى مۇمكىن.

**مَأْتًى ج مَآتٍ**: ئاخىرقى نۇقتىغا يەتمەك، كېلىش مەنبەسى، كېلىش ئورنى، ئالدى تەرەپ، ئۇدۇل.

**مُؤَنَّثٌ**: جاھازلانغان، سەرەمجانلاشقان.

**مُؤَثِّرٌ**: تەسىرلىك، تەسىرچانلىقى كۈچلۈك.

**أَلْقَى خِطَابًا حَمَاسِيًّا مُؤَثِّرًا**: ئۇ تەسىرلىك قىزغىن نۇتۇق سۆزلىدى.

**كَانَ صَدَى هَذَا الْخِطَابِ الْمُؤَثِّرِ عَنِيْفًا بَيْنَ الْجَمَاهِيْرِ**: بۇ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان نۇتۇق ئاممىا ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى.

**مُؤَثِّرَاتٌ**: ئامىل، مۇھىم ئامىل.

**يَخْضَعُ الْوَضْعُ الْإِقْتِصَادِيّ فِي الْبِلَادِ لِمُؤَثِّرَاتٍ دَاخِلِيَّةٍ وَخَارِجِيَّةٍ**: مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ئىچكى-تاشقى ئامىللارغا بويسۇنىدۇ.

**مُؤَثَّلٌ**: تېگى ئېسىل ئائىلىدىن كېلىپ چىققان. ئالىيجاناب ئائىلىدىن كېلىپ چىققان.

**مَجْدٌ مُؤَثَّلٌ**: چوڭقۇر يىلتىز تارتقان شان-شەرەپ.

**مَأْثَرَةٌ ج مَآثِرُ**: ئەخلاق-پەزىلەت؛ خەيرلىك ئىشلار؛ تۆھپە؛ ئۇلۇغ ئىش.

**لَقَدْ نُشِرَتْ مَآثِرُكَ فِي الصَّحِيْفَةِ**: سىنىڭ ئىش ئىزلىرىڭ گېزىتتە ئېلان قىلىندى.

**مَأْثَمٌ . مَأْثَمَةٌ ج مَآثِمُ**: گۇناھ، جىنايەت، يامان ئىش، يامانلىق.

«**عَلَيْهِ مِنَ التَّقْوَى لِبَاسٌ يَزِيْنُهُ تَجَنَّبَ طُوْلَ الْعُمْرِ عَنْ كُلِّ مَأْثَمٍ**»: (ئۇ) تەقۋالىق كىيىمى بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، ئۆمۈر بويى گۇناھ-مەئسىيەتتىن خالىي ياشىغان.

**مَأْثُورٌ**: ئاغزاكى تارقالغان خەۋەر، ئەجدادلاردىن تارقىلىپ كېلىۋاتقان.

**قَوْلٌ مَأْثُورٌ**: مەشھۇر سۆز، ھېكمەتلىك سۆز.

**حَدِيْثٌ مَأْثُورٌ**: كىشىلەر ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ھەدىس؛ مەشھۇر سۆز.

**كَلِمَةٌ مَأْثُورَةٌ**: ھېكمەتلىك سۆز، ئىبرەتلىك سۆز؛ تەمسىل، ماقال.

**الْعِبَارَةُ الْمَأْثُوْرَةُ**: ھېكمەتلىك سۆز، ئىبرەتلىك سۆز؛ تەمسىل، ماقال.

**مَأْثُوْرَاتٌ شَعْبِيَّةٌ**: فولكلور.

**مُؤَجِّرٌ**: ئىجارىگە بەرگۈچى، ئىجارىكەش.

**مُؤَجَّرٌ**: ياللاپ ئېلىنغان، ئىجارىگە ئېلىنغان.

**مُؤَجَّلٌ**: كېچىكتۈرۈلگەن، ئارقىغا سوزۇلغان، ئۇزاق مۇددەتلىك.

**مُؤْجِرٌ**: ئىجارىگە بەرگۈچى، ئىجارىكەش.

**مَأْجَنَةٌ ج مَآجِنُ**: كىر يۇيىدىغان تاش، سەندەل.

**مَأْجُوْجٌ**: يافەس ئەۋلادىنىڭ بىر قەبىلىسى.

﴿إِنَّ يَأْجُوجَ وَمَأْجُوجَ مُفْسِدُونَ فِي الْأَرْضِ﴾ ‹قرآن›: يەئجۇج - مەئجۇج يەر يۈزىدە ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلاردۇر.

**مَأْجُوْرٌ**: ياللىۋېلىنغان، ئىجارىگە ئېلىنغان.

**عَمِيْلٌ مَأْجُوْرٌ**: مۇئەييەن ھەق ياكى مۇكاپات بەدىلىگە (ياۋنىڭ مەنپەئىتىگە) ئىشلەيدىغان ئادەم، خائىن.

مُؤَخَّرٌ: ئارقا، كەينى، ئارقىسى.

مُؤَخَّرُ السَّفِينَةِ: كېمىنىڭ قۇيرۇق تەرىپى.

مُؤَخَّرًا: پات ئارىدا، يېقىندا.

«أَعْلَنَتِ الْحُكُومَةُ مُؤَخَّرًا عَنْ عَزْمِهَا عَلَى نَشْرِ التَّعْلِيمِ الْإِلْزَامِيِّ»: هۆكۈمەت ئاخىر مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى مەقسىتىنى ئېلان قىلدى.

«رَكَلَهُ فِي مُؤَخَّرِهِ»: ئۇ ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىگە تېپىۋەتتى.

مُؤَخَّرَةُ الرَّأْسِ: پاتاق، گەجگە.

مُؤَخَّرَةُ أُمَّةٍ: ئىشەنچلىك ئارقا سەپ.

مُؤَخَّرَةُ الْجَيْشِ: ئارقا سەپ قوشۇنى.

مُؤَخَّرَةُ الْبُنْدُقِيَّةِ: مىلتىقنىڭ پاينىكى.

مَأْخَذٌ ج مَآخِذُ: مەنبە، ئەسلىي؛ ئۇسۇل-چارە، ۋاستە؛ مەزمۇن.

«كَانَ لِلنَّاقِدِ مَآخِذُ كَثِيرَةٌ عَلَى الْكِتَابِ وَمُؤَلِّفِهِ»: ئۇ ئوبزورچى ئۇچۇن كىتابتا ۋە ئۇنىڭ يازغۇچىسىدا نۇرغۇن كەتكۈزۈپ قويغان جايلار بار.

مَأْخُوذٌ: ئېلىنغان؛ ھاڭ-تاڭ قالغان، تېڭىرقاپ قالغان.

مَأْدُبَةٌ ج مَآدِبُ: زىياپەت.

«أَقَامَ مَأْدُبَةَ عِشَاءٍ تَكْرِيمًا لِلْوَفْدِ الزَّائِرِ»: ئۇ زىيارەت ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن كەچلىك زىياپەت ئۆتكۈزدى.

مُؤَدِّبٌ: تەربىيىچى، تەلىم بەرگۈچى، ئەدەپ ئۆگەتكۈچى.

مُؤَدَّبٌ: ئەدەپلىك، ئەخلاقلىق، تەربىيە كۆرگەن.

«كَانَ مُؤَدَّبًا فِي تَعَامُلِهِ مَعَ النَّاسِ»: ئۇ كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقىدە ئەدەپلىك ئىدى، ئۇ كىشىلەرگە ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلاتتى.

مُؤَدٍّ إِلَى كَذَا: ئېلىپ بارغۇچى، يېتەكلىگۈچى.

مُؤَدًّى: مەزمۇن، مەنە؛ ماھىيەت.

مُؤَذِّنٌ: مۇئەززىن، ئەزان ئېيتقۇچى.

«كَانَ بِلَالُ مُؤَذِّنَ الرَّسُولِ»: بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئەززىنى ئىدى.

مِئْذَنَةٌ ج مَآذِنُ: مەسجىد مۇنارى، پەشتاخ، ئەزان ئېيتىدىغان جاي.

مَأْذُونٌ: يۇقىرى پەنلەر ياكى قانۇنشۇناسلىق بويىچە دىپلوم ئالغان ئادەم، نىكاھلىنىش، ئاجرىشىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرگۈچى.

مُـؤْذٍ: زىيانلىق، زىيان يەتكۈزگۈچى، رەنجىتكۈچى، خاپا قىلغۇچى، كەمسىتكۈچى.

غَيْرُ مُؤْذٍ: زىيانسىز.

«كُلُّ مُؤْذٍ فِي النَّارِ» «حديث»: كىشىگە ئەزىيەت يەتكۈزگۈچى ھەرقانداق ئادەم دوزاختا كىرىدۇ.

مَأْرَبٌ وَ مَأْرَبَةٌ ج مَآرِبُ: مەقسەت، ئارزۇ، تىلەك، غايە، نىشان.

«يَسْتَعِينُ الْأَجْنَبِيُّ بِعُمَلَائِهِ عَلَى قَضَاءِ مَآرِبِهِ»: ئەجنەبىيلەر ئۆز مەقسىتىگە يېتىشتە غالچىلىرىدىن پايدىلىنىدۇ.

مُؤَرِّخٌ: تارىخچى، تارىخشۇناس.

مُؤَرَّخٌ: خاتىرىلەنگەن، تارىخى پۈتۈلگەن.

مُؤَرِّبٌ: توشقانلىق جاي.

كِسَاءٌ مُؤَرْنَبٌ: توشقان تېنىنى ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان كىيىم.

أَرْضٌ مُؤَرْنَبَةٌ: توشقان كۆپ جاي.

مَأْرُوقٌ: سېرىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچى.

مِئْزَابٌ ج مَآزِيبُ: تۇرۇبا، نور.

مِئْزَرٌ ج مَآزِرُ: ئىش كىيىمى، پەرتۇق، تىزنى ئورايدىغان لاتا.

مَأْزِقٌ ج مَآزِقُ: بوغۇز، تار ئېغىز، تار يول، مېڭىش قىيىن يول، ئۇرۇش مەيدانى، قىيىن

شارائىت، جىددىي پەيت.

**الْوُقُوْعُ فِي مَأْزِقٍ:** قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىش.

**مَأْسَاةٌ ج مَآسٍ:** تراگېدىيە، پاجىئە، پاجىئەلىك ۋەقە.

**قَاسَى اللَّاجِئُوْنَ مِنَ مَآسِي التَّشَرّدِ وَ الْحِرْمَانِ:** مۇساپىرلار ئۆي-ماكانىدىن ئايرىلىش ۋە مەھرۇم بولۇش پاجىئەلىرىنىڭ دەردىنى تارتتى.

**مَأْسَاوِيٌّ:** پاجىئەگە مەنسۇپ، تراگېدىيىگە مەنسۇپ.

**مَأْسَدَةٌ ج مَأَسِدُ:** شىر ئۇۋىسى، شىر باقىدىغان جاي.

**مُؤَسِّسٌ:** قۇرغۇچى، بەرپا قىلغۇچى، ئاساس سالغۇچى.

**مُؤَسِّسُ الشِّرْكَةِ:** شىركەت قۇرغۇچى.

**مُؤَسَّسٌ:** قۇرۇلغان، بەرپا قىلىنغان، تەسىس قىلىنغان.

**مُؤَسَّسَةٌ ج مُؤَسَّسَاتٌ:** شىركەت، كارخانا، مۇئەسسە، تەشكىلات.

**مُؤَسَّسَةٌ دُوَلِيَّةٌ:** خەلقئارالىق تەشكىلات.

**مُؤَسَّسَاتٌ مَصْرِفِيَّةٌ:** بانكا مۇئەسسەلىرى.

**«الْجَامِعَةُ مُؤَسَّسَةٌ عِلْمِيَّةٌ مُسْتَقِلَّةٌ»:** ئۇنىۋېرسىتېت مۇستەقىل ئىلمىي ئورگاندۇر.

**مُؤَسَّسَةٌ خَيْرِيَّةٌ:** خەيرىيەت تەشكىلاتى.

**مُؤَسَّسَاتٌ دَسْتُوْرِيَّةٌ:** قانۇن ئورگانلىرى.

**مُؤَسَّسَاتُ الْجَامِعَةِ:** ئۇنىۋېرسىتېتقا تەۋە ئورگانلار.

**مُؤَسَّلٌ:** ئۇچى بار، ئۇچلۇق.

**مَأْسُوْرٌ:** ئەسىر، ئەسىر ئېلىنغان.

**مَأْسُوْفٌ عَلَيْهِ:** ئەپسۇسلىنارلىق.

**غَيْرُ مَأْسُوْفٍ عَلَيْهِ:** ئېچىنماسلىق، قايغۇرماسلىق.

**تُوُفِّي الْمَأْسُوْفُ عَلَيْهِ:** مەرھۇم ۋاپات بولدى.

**الْمَأْسُوْفُ عَلَى شَبَابِهِ:** ھەي ئېسىت ئۇنىڭ ياشلىقىغا.

**مُؤْسٍ:** ئېچىنىشلىق، پاجىئەلىك، پاجىئەگە ئۇچرىغۇچى.

**مُؤْشِرٌ:** ئىمزا قويغۇچى، ۋىزا بەرگۈچى.

**«هُنَاكَ عَدَدٌ مِنَ الْمُؤْشِرَاتِ الَّتِيْ تَدُلّ عَلَى تَحَسّنِ الْوَضْعِ الْاِقْتِصَادِيّ»:** بۇ يەردە ئىقتىسادىي ئەھۋالنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىرقانچە ئالامەت بار.

**مُؤْصَدَةٌ:** سولانغان.

**﴿عَلَيْهِمْ نَارٌ مُّؤْصَدَةٌ﴾ «قرآن»:** ئۇلار دوزاختا سولىنىدۇ.

**مَأْصِرٌ. مَأْصَرَةٌ ج مَآصِرُ:** چازا، قاراۋۇلخانا.

**مِئْفَاقٌ:** پىرىسكوپ.

**مَأْفُوْنٌ:** ئەخمەق، گالۋاڭ، ھاڭۋاقتى.

**مَئِقَ يَمْئَقُ مَأَقًا الصَّبِيّ:** بالا يىغلىدى، ئۆكسۈپ يىغلىدى، بوغۇلۇپ يىغلىدى.

**مَأْقُ الْعَيْنِ ج آمَاقٌ وَأَمْآقٌ وَمَآقٍ:** كۆز قۇيرۇقى، كۆز جىيىكى.

**«مُؤْقُ الْعَيْنِ»:** كۆزنىڭ قۇيرۇقى.

**مَأْقَةٌ:** يىغلىماق، ئۆكسۈپ يىغلىماق، بوغۇلۇپ يىغلىماق.

**مِئْكَالٌ ج مَآكِيْلُ:** قوسۇق.

**مُؤَكِّدٌ:** جەزملەشتۈرگۈچى، تەكىتلىگۈچى، كۈچەيتكۈچى.

**مُؤَكَّدٌ:** تەكىتلەنگەن، كۈچەيتىلگەن، مۇقىملاشقان، ئېنىق، چىڭ، پۇختا.

**«مِنَ الْمُؤَكَّدِ أَنَّ نِسْبَةَ الْمُتَعَلِّمِيْنَ تَزْدَادُ يَوْمًا بَعْدَ يَوْمٍ»:** شۈبھىسىزكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىدۇ.

**يَمِيْنٌ مُؤَكَّدَةٌ:** مۇستەھكەم قەسەم.

**بِصِفَةٍ مُؤَكَّدَةٍ:** ھەقىقىي، ئەمەلىي، ئېنىق رەۋىشتە.

**مَأْكَلٌ ج مَآكِلُ:** تاماق يېمەك.

«وَفَّرَ لِسَائِقِهِ الْمَسْكَنَ وَالْمَأْكَلَ وَالْمَشْرَبَ»: ئۇ شوپۇرىغا تۇرالغۇ، يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەرنى تولۇق ھازىرلاپ بەردى.

**مَأْكُوْلٌ ج مَآكِيْلُ:** يېيىلىدىغان نەرسىلەر، تائام.

**مَأْكُوْلَاتٌ وَمَشْرُوْبَاتٌ:** يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەر.

«تُقَدِّمُ الْمَطَاعِمُ أَنْوَاعًا مِنَ الْمَأْكُوْلَاتِ وَالْمَشْرُوبَاتِ»: تاماقخانىلار تۈرلۈك يېمەك-ئىچمەكلەرنى تەييارلاپ بېرىدۇ.

**مَأْلَفٌ ج مَآلِفُ:** تۇرالغۇ، تۇرغان جاي.

**مَأْلَكَةٌ ج مَآلِكُ:** ئەلچىلىك.

**مُؤَلِّفٌ:** ئاپتور، يازغۇچى.

**الْمُؤَلِّفُ الْمُوْسِيْقِيّ:** كومپوزىتور.

**مُؤَلِّفُ الْكُتُبِ:** كىتاب ئاپتورلىرى.

**الْمُؤَلِّفُ مَجْهُوْلٌ:** ئاپتورى نامەلۇم.

**حُقُوْقُ الْمُؤَلِّفِ:** ئاپتورلۇق ھوقۇقى.

**مُؤَلَّفٌ ج مُؤَلَّفَاتٌ:** ئەسەر، يېزىلغان، تۈزۈلگەن.

**مُؤْلِمٌ:** ئاغرىتقۇچى، ئازابلىغۇچى، قايغۇلۇق، ئەلەملىك.

**مَأْلُوْفٌ:** ئاددىي، ئادەتتىكى.

**غَيْرُ مَأْلُوْفٍ:** ئاجايىپ، غەلىتە، غەيرىي، ئادەتتىكىدەك ئەمەس.

«كُلّ مَا هُوَ غَيْرُ مَأْلُوْفٍ يُثِيْرُ الضَّجِيْجَ»: ئادەت بولمىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللا-تۇۋا قوزغايدۇ.

«صَوْتُكَ مَأْلُوْفٌ لِيْ»: سىنىڭ ئاۋازىڭ مەن ئۈچۈن تونۇشلۇقتۇر.

كُلّ حَرَكَةٍ تَهْدِفُ إِلَى تَغْيِيْرِ الْوَضْعِ الْمَأْلُوْفِ فَلَا بُدَّ أَنْ تَجِدَ الْمُعَارِضِيْنَ: ئادەتتىكى ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلغان ھەربىر ھەرىكەتكە توسقۇنلۇق قىلىدىغانلارنىڭ بولۇشى چوقۇم.

**مَأْمَأَ يُمَأْمِأُ مَأْمَأَةً الْخَرُوْفُ:** قوزا مەرىدى.

**مَأْمَأَةٌ:** قوينىڭ مەرىگەن ئاۋازى.

**مَأْمَلٌ:** ئۈمىد، ئۈمىد قىلىنغان.

**مُؤَمِّلٌ:** ئۈمىد قىلغۇچى، ئارزۇ قىلغۇچى، ئۈمىدۋار بولغۇچى.

**مُؤَمَّلٌ:** ئۈمىد قىلىنغۇچى، كۈتۈلگۈچى.

مِنَ الْمُؤَمَّلِ أَنْ يَنْتَهِي هَذَا الْإِجْتِمَاعُ إِلَى قَرَارٍ حَاسِمٍ: بۇ يىغىنىنىڭ قەتئىي قارار بىلەن ئاياغلىشىشى ئۈمىد قىلىنىۋاتىدۇ.

**مُؤَمَّنٌ:** سۇغۇرتا قىلىنغان، كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان.

هَذَا الْبَيْتُ مُؤَمَّنٌ عَلَيْهِ: بۇ ئۆي سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلغان.

**مَأْمَنٌ:** بىخەتەر جاي.

**مُؤْمِنٌ:** ئېتىقاد قىلغۇچى، ئىشەنگۈچى، ئىمان ئېيتقۇچى.

تَبْلُغُ الْحُلْيَةُ مِنَ الْمُؤْمِنِ حَيْثُ يَبْلُغُ الْوُضُوْءُ: مۇئمىنىنىڭ جەننەتتىكى زىبۇزىنىتى تاھارەت ئالغان چاغدىكى سۇ يېتىپ بارغان جايغىچە بولىدۇ.

﴿اَلْمَلِكُ الْقُدّوسُ السَّلَامُ الْمُؤْمِنُ الْمُهَيْمِنُ﴾ ‹قرآن›: ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھدۇر، (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ مالىكىدۇر)، پاكتۇر، (يەنى ھەممە نۇقسانىدىن پاكتۇر)، (مۇئمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، (دوستلارنى ئازابتىن، قورقۇنچتىن) ئەمىن قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.

**مَأْمُورٌ:** قوماندانلىق قىلىنغان، بۇيرۇلغان، ئەمەلدار، ھۆكۈمەت ئەمەلدارى، خىزمەتچى؛ ۋەكىل، ئەلچى.

**مَأْمُورُ الْبُولِيْسِ:** ساقچى باشلىقى.

**مَأْمُورُ السِّجْنِ:** تۈرمە باشلىقى.

**مَأْمُورُ الشّرْطَةِ:** ساقچى باشلىقى.

مَأْمُورُ الْمَرْكَزِ: هاكىم (مىسىردا).

مَأْمُورِيَّةٌ: ۋەزىپە، بۇرچ.

أَرْسَلَتْهُ حُكُومَتُهُ فِي مَأْمُورِيَّةٍ عَاجِلَةٍ: ئۇنىڭ هۆكۈمىتى ئۇنى جىددىي بىر ۋەزىپىگە ئەۋەتتى.

مَأْمُولٌ: ئۈمىد قىلىنغان، كۈتۈلگەن.

كَانَ الْمَأْمُولُ (أَوْ مِنَ الْمَأْمُولِ) أَنْ تَكُونَ أَسْعَدَ حَالاً مِمَّا كَانَ فِيهِ أَبَاؤُنَا: ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا قارىغاندا بىزنىڭ بەختلىكرەك بولۇشىمىز ئۈمىدلىكتۇر.

مَأْمُومٌ: ئىقتىدا قىلغۇچى؛ مىڭىسى زەخىملەنگۈچى.

مَأْمُونٌ: بىخەتەر، تىنچ.

غَيْرُ مَأْمُونٍ: خەتەرلىك.

غَيْرُ مَأْمُونِ الْعَاقِبَةِ: ئاقىۋىتى بىخەتەر ئەمەس.

مَأَنَ، يَمْأَنُ مَأْنًا الرَّجُلَ: ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدى، تەمىنلىدى، تەمىن ئەتتى، تەمىنات يەتكۈزۈپ بەردى.

مَأْنَةٌ ج مَأْنَاتٌ وَمُؤُونٌ: كىندىك، كىندىكنىڭ ئەتراپى.

مُؤْنِسٌ: دوستلاشقۇچى، سىلىق، مۇلايىم، يېقىملىق، ئۈلپەت.

مُؤَنَّثٌ: ئاياللار جىنسىي كاتېگورىيىسى، چىشى جىنسىي، مۇئەننەس.

مَأْنُوسٌ: كۆنگەن، ئادەتلەنگەن.

مُؤَهِّلٌ ج مُؤَهِّلَاتٌ: لاياقەتلىك.

مُؤَهِّلٌ دِرَاسِيٌّ: ئوقۇش تارىخى.

مُؤَهِّلَاتُ النَّاخِبِينَ: سايلاش لاياقىتى.

لَيْسَ كُلُّ مُوَظَّفٍ مُؤَهَّلاً لِلْقِيَامِ بِمَسْؤُولِيَّتِهِ: هەممە خىزمەتچى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا لايىق كېلىۋەرمەيدۇ.

مَأْهُولٌ: ئاۋات، زىچ، ئادەم ئولتۇراقلاشقان.

مَأْوَاةٌ ج مَآوٍ: تۇرالغۇ جاي، پاناهگاه.

مَؤُونَةٌ ج مُؤَنٌ: يېمەكلىك، ئوزۇقلۇق، رىزىق، تۆئمە، ئېغىرچىلىق، قىيىنچىلىق.

الْمَؤُونَةُ السَّنَوِيَّةُ مِنَ الْحُبُوبِ: يىللىق ئاشلىق ئوزۇق-تۈلۈك.

الْمَؤُونَةُ الْحَرْبِيَّةُ مِنْ سِلَاحٍ وَعَتَادٍ: هەربىي لازىمەتلىكلەر.

مَأْوَى ج مَآوٍ: تۇرالغۇ جاي، پاناهگاه.

مَأْوَى الْمَجَانِينِ: روهىي كېسەللىك دوختۇرخانىسى.

كَانَ فُلَانٌ مَأْوَى الْفُقَرَاءِ وَالْمُحْتَاجِينَ: پالانى كىشى پېقىر ۋە هاجەتمەنلەرنىڭ ئىلتىجاگاهى ئىدى.

كَانَتِ الشَّامُ مَأْوَى تُجَّارِ الْعَرَبِ قَدِيمًا: شام بۇرۇنقى ئەرەب تىجارەتچىلىرىنىڭ تىجارەت مەنبەسى ئىدى.

مِئَوِيٌّ: يۈز يىل، يۈز يىللىق، يۈزلۈك، يۈز خانىلىق، يۈزىنچى.

الْعِيدُ الْمِئَوِيُّ: يۈز يىللىق خاتىرە، يۈز يىللىقنى تەبرىكلەش بايرىمى.

مِئَوِيَّةٌ: يۈز يىللىق.

الذِّكْرَى الْمِئَوِيَّةُ لِوَفَاةِ الشَّاعِرِ: شائىرنىڭ ۋاپاتىنىڭ يۈز يىللىق خاتىرىسى.

نِسْبَةٌ مِئَوِيَّةٌ لِلْأَرْبَاحِ: يۈز پىرسەنتلىك پايدا، يۈزدەيۈز پايدا.

مُؤَيِّدٌ: ياردەم بەرگۈچى، قوللىغۇچى، كۈچەيتكۈچى.

مَبَاءَةٌ: ئۇچاق، بۆشۈك، باشلانغان جاي، مەنبە.

«أَغْلَقَتِ الشُّرْطَةُ هَذَا الْمَنْزِلَ لِأَنَّهُ كَانَ مَبَاءَةً لِلرَّذِيلَةِ»: ساقچىلار بۇ جاينى تاقىدى، چۈنكى ئۇ يەر رەزىللىكلەرنىڭ مەنبەسى ئىدى.

مُبَاحٌ: جايىز، مۇباه، دۇرۇس، هالال، قانۇنلۇق، رۇخسەت قىلىنغان ئىش؛ قىلسا ساۋاب

قىلمىسا گۇناھ بولمايدىغان ئىش.

مُبَاحُ الدُّخُولِ: ھەممە كىرسە بولىدۇ.

مُبَاحَثَةٌ ج مُبَاحَثَاتٌ: مۇزاكىرە قىلماق، مۇھاكىمە قىلماق، پىكىرلەشمەك، مەسلىھەتلەشمەك، مۇنازىرىلەشمەك.

«تَنَاوَلَتِ الْمُبَاحَثَاتُ بَيْنَ الْوَفْدَيْنِ أَزْمَةَ الشَّرْقِ الْأَوْسَطِ»: ئىككى تەرەپ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئوتتۇرا شەرق كرىزىسى ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى.

مُبَادَأَةٌ: ئالدى بىلەن باشلىماق، ئالدى بىلەن پەيدا قىلماق.

يَتَمَيَّزُ الْفَنَّانُ الْحَقّ بِرُوحِ الْمُبَادَأَةِ وَالْاِبْتِكَارِ: ھەقىقىي سەنئەتكار يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىجادچانلىق روھىغا ئىگە.

مُبَادَرَةٌ ج مُبَادَرَاتٌ: ئاكتىپلىق؛ تەشەببۇسكارلىق.

مُبَادَرَةٌ فَرْدِيَّةٌ: شەخسىي تەشەببۇسكارلىق.

«نَجَاحُ الْمُبَادَرَةِ أَنْ تَأْتِيَ فِي إِبَّانِهَا»: تەشەببۇسكارلىق دېگەن ئۆز پەيتىدە بولغاندىلا ئاندىن نەتىجىلىك بولىدۇ.

فِي يَدِهِ زِمَامُ الْمُبَادَرَةِ: ئىش شۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان.

مُبَادَلَةٌ ج مُبَادَلَاتٌ: ئالماشتۇرماق، تېگىشمەك.

مُبَادَلَةُ الْأَسْرَى: ئەسىرلەرنى ئالماشتۇرماق.

مُبَادَلَاتٌ تِجَارِيَّةٌ: سودا ئالماشتۇرۇش.

مُبَارَاةٌ ج مُبَارِيَاتٌ: مۇسابىقە، ئېلىشىش، بەيگە.

الْمُبَارَاةُ عَلَى كَأْسٍ: لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى.

الْمُبَارِيَاتُ النِّهَائِيَّةُ: ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە.

مُبَارَزَةٌ ج مُبَارَزَاتٌ: مۇسابىقە، ئېلىشىش، كۈچ سىنىشىش.

الْمُبَارَزَةُ بِالشِّيْشِ: قىلىچۋازلىق مۇسابىقىسى، قىلىچۋازلىق.

مُبَارَكٌ: مۇبارەك، بەختىيار، بەختتىن بەھرىمەن بولغۇچى، ئامەتلىك، خەيرلىك، بەختىيار، قۇتلۇق.

عِيدٌ مُبَارَكٌ: ھېيتىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن، ھېيتىڭىزنى مۇبارەكلەيمەن.

مُبَاشِرٌ: بىۋاستە، دەرھال؛ باشقۇرغۇچى، ئىدارە قىلغۇچى.

أُسْلُوبٌ مُبَاشِرٌ: ئوچۇق-يورۇق، ئاشكارا ئۇسلۇب.

نَقْلٌ إِذَاعِيٌّ مُبَاشِرٌ: بىۋاستە تارقىتىش.

بَثٌّ مُبَاشِرٌ: بىۋاستە ئاڭلىتىش.

مُبَاشَرَةً: بىۋاستە، توغرا، دەرھال، شۇ زامات.

غَيْرُ مُبَاشَرَةٍ: ۋاستىلىك.

طَرِيقَةٌ مُبَاشَرَةٌ فِي تَعْلِيمِ الْإِنْكِلِيزِيَّةِ: ئىنگلىز تىلىنى بىۋاستە ئۆگىنىش ئۇسۇلى.

«ذَهَبَ إِلَى رَئِيسِ الْجَامِعَةِ مُبَاشَرَةً»: ئۇنىۋېرسىتېت مۇدىرىغا ئۇدۇل باردى.

مُبَاضَعَةٌ: جىما قىلماق، جىنسىي ئالاقە قىلماق.

مُبَاعٌ: سېتىلغان نەرسە، سېتىۋېتىلگەن نەرسە.

مُبَالَاةٌ: كۆڭۈل بۆلۈش، ئەھمىيەت بېرىش، دىققەت قىلىش.

لَا مُبَالَاةٌ: كۆڭۈل بۆلمەسلىك، كارى بولماسلىق.

عَدَمُ الْمُبَالَاةِ: كۆڭۈل بۆلمەسلىك، كارى بولماسلىق.

«يَنْبَغِي أَنْ نَنْبُذَ اللَّامُبَالَاةَ وَالْوُقُوفَ مَوْقِفَ الْمُتَفَرِّجِ عَلَى الْأَحْدَاثِ»: يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە كارى بولماسلىق، بىر چەتتە قاراپ تۇرۇش پوزىتسىيىسىدە بولماسلىقىمىز لازىم.

مُبَالِغٌ: كۆپتۈرگۈچى، مۇبالىغە قىلغۇچى.

مُبَالَغَةٌ: كۆپتۈرۈش، چوڭايتىش، مۇبالىغە قىلىش.

بِدُونِ مُبَالَغَةٍ: كۆپتۈرمەستىن، مۇبالىغە قىلماستىن.

بِلَا مُبَالَغَةٍ: كۆپتۈرمەستىن، مۇبالىغە قىلماستىن.

صِيَغُ مُبَالَغَةٍ: مۇبالىغە سىغىلىرى (ئەرەب تىلى گرامماتىكىسىدىكى ئاشۇرۇش دەرىجىسىنىڭ شەكىللىرى).

مُبَالٍ م مُبَالِيَةٌ: كۆڭۈل بۆلگەن، ئەھمىيەت بەرگەن، دىققەت قىلغان.

مُبَاهَاةٌ: پەخىرلەشمەك.

«الْكِتَابَةُ عِنْدَ بَعْضِهِمْ وَسِيْلَةٌ لِكَسْبِ الثَّرْوَةِ وَلِلْمُبَاهَاةِ بِعِبَارَةٍ بَارِعَةٍ»: بەزىلەرنىڭ قارىشىچە يېزىقچىلىق بايلىق ھاسىل قىلىشنىڭ، گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن پەخىرلىنىشنىڭ ۋاستىسى بولۇپ قالغان.

مُبَايَعَةٌ ج مُبَايَعَاتٌ: سودا توختىتامى، سودا كېلىشىمى تۈزۈش، بەيئەت قىلىش.

مُبَايَنَةٌ: پەرق، زىددىيەت، ئايرىملىق.

مُبْتَاعٌ: سېتىۋالغۇچى، خېرىدار.

مُبْتَدِئٌ: باشلامچى، باشلىغۇچى؛ يېڭى ئۆگەنگۈچى، شاگىرت.

مُبْتَدَأٌ ج مُبْتَدَآتٌ: مۇقەددىمە، باشلىنىش.

مُبْتَدِعٌ: دىندا ئەسلى بولمىغان ئىشنى پەيدا قىلغۇچى، بىدئەتچى؛ كەشپىياتچى.

مُبْتَذَلٌ: كونا كىيىم، ئۆي ئىچىلىك كىيىم، دائىم كىيىپ يۈرىدىغان كىيىم.

كَلَامٌ مُبْتَذَلٌ: تولا دېيىلىدىغان سۆز، كونا گەپ، چۈپەي سۆز، يەنە دېسە يەنە شۇ، ئاتام ئېيتقان بايىقى.

أُسْلُوبٌ مُبْتَذَلٌ: چاكىنا ئۇسلۇب.

فِكْرَةٌ مُبْتَذَلَةٌ: ئېقىۋاتقان ئوي-پىكىر.

نُكْتَةٌ مُبْتَذَلَةٌ: كىشىنى ئۇيالدۇرىدىغان نۇقتا.

مُبْتَسَرٌ: پىشمىغان، خام.

مُبْتَسِمٌ: كۈلۈمسىرىگۈچى، تەبەسسۇم قىلغۇچى.

مُبْتَعَثٌ: ئەۋەتىلگەن.

«كَانَ مِنَ الطُّلَّابِ الْمُبْتَعَثِيْنَ لِلدِّرَاسَةِ فِي جَامِعَاتِ الْغَرْبِ»: ئۇ غەرب ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدى.

مُبْتَغًى: ئارزۇلۇق.

مُبْتَكَرٌ ج مُبْتَكَرَاتٌ: يېڭى ئىجاد قىلىنغان.

«يَتَمَيَّزُ الشِّعْرُ الْحَدِيْثُ بِأَشْكَالِهِ وَمَعَانِيْهِ الْمُبْتَكَرَةِ»: ھازىرقى زامان شېئىرىيىتى ئۆزىنىڭ شەكىللىرى ۋە يېڭى ئىجادىي مەنىلىرى بىلەن ئالاھىدىلىككە ئىگە.

مُبْتَلٌّ: نەم، نەمخۇش.

مُبْتَهِجٌ: خۇش بولغۇچى، شادلانغۇچى.

مَبْتُورٌ: قۇيرۇقسىز، قۇيرۇقى كېسىلگەن؛ نەسلى ئۈزۈك، پەرزەنتسىز؛ تولۇقسىز، مۇكەممەل ئەمەس.

نَصٌّ مَبْتُورٌ: تولۇقسىز تېكىست.

الْمَبْتُورُ: ناھايىتى باي.

مُبَجَّلٌ: ھۆرمەتلەنگەن، ئۇلۇغلانغان، ھۆرمەتكە لايىق.

مُبَحْبَحٌ: راھەتلەنگەن، پاراۋان بولغان.

مَبْحَثٌ ج مَبَاحِثُ: تېما، ماۋزۇ، تەتقىق قىلىنغان تېما؛ ماقالە، تەتقىقات تېمىسى.

رِجَالُ الْمَبَاحِثِ: چارلىغۇچىلار، رازۋېدكىچىلار، تەتقىقاتچىلار.

الْمَبَاحِثُ الْعَامَّةُ: ئومۇمىي رازۋېدكا ئىدارىسى.

حَكَمُ الْمَبَاحِثِ الْجِنَائِيَّةِ: جىنايى ئىشلار تەكشۈرۈش ئىدارىسى.

قَلَمُ الْمَبَاحِثِ الْجِنَائِيَّةِ: جىنايى ئىشلار تەكشۈرۈش ئىدارىسى.

مُبَخْتِرٌ: تارقىتىۋەتكۈچى، چېچىۋەتكۈچى، ئىسراپخور.

صَوْتٌ مَبْحُوحٌ: پۈتۈك ئاۋاز، غورۇك-غورۇك ئاۋاز.

مَبْخَتٌ: بەخت، تەلەي، ئامەت.

مُبَخِّرٌ: كاربىراتور، (بېنزىننى گازغا ئايلاندۇرۇپ بېرىدىغان ئەسۋاب).

مَبْخَرَةٌ ج مَبَاخِرُ: ئىسرىقدان؛ دېڭىزنىڭ كىسىيە

قازىنى.

مَبْخَلَةٌ: بېخىللىققا زورلايدىغان، پىخسىقلىققا ئۈندەيدىغان.

«اَلْوَلَدُ مَجْبَنَةٌ مَجْهَلَةٌ مَبْخَلَةٌ» «حديث»: بالا دېگەن قورقۇنچلۇققا، نادانلىققا ۋە بېخىللىققا ئۈندەيدۇ.

مَبْخُوتٌ: بەختلىك، تەلەيلىك، ئامەتلىك.

مَبْدَأٌ ج مَبَادِئُ: پرىنسىپ، قائىدە، مەسلەك، باشلىنىش نۇقتىسى، چىقىش نۇقتىسى.

مَبْدَأُ الْخِدْمَةِ الْعَسْكَرِيَّةِ الْإِجْبَارِيَّةِ: مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى.

مِنْ حَيْثُ الْمَبْدَأِ: پرىنسىپ جەھەتتىن، ئاساسىي جەھەتتىن.

تَمَسَّكْ بِمَبَادِئِكَ وَلَا تَنْظُرْ إِلَى الْاِعْتِبَارَاتِ الشَّخْصِيَّةِ: يۈز قارىماي پرىنسىپتا چىڭ تۇر.

سَامِي الْمَبَادِئِ: يۈكسەك پرىنسىپاللىققا ئىگە، يۇقىرى مەنىۋىلىككە ئىگە.

مَبَادِئُ اللُّغَةِ أَوِ الْحِسَابِ وَنَحْوِهِمَا: تىل ياكى ھېساب قاتارلىقلارغا دائىر دەسلەپكى بىلىم.

مَبَادِئُ الْعِلْمِ أَوِ الْفَنِّ أَوِ الْقَانُونِ: ئىلىم ياكى سەنئەت ياكى قانۇننىڭ توپ قائىدىلىرى.

اَلتَّعْلِيمُ الْإِلْزَامِيُّ يَهْدِفُ إِلَى إِشَاعَةِ مَبَادِئِ الْمَعْرِفَةِ وَالْعُلُومِ بَيْنَ الْمُوَاطِنِينَ: مەجبۇرىي مائارىپ پۇقرالار ئارىسىدا ئىلىم-مەرىپەتنىڭ دەسلەپكى ئاساسلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

«اَلْمُسَاوَاةُ مِنَ الْمَبَادِئِ الَّتِي يَدْعُوْ إِلَيْهَا الْإِسْلَامُ»: باراۋەرلىك ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلىدىغان پرىنسىپلاردىندۇر.

مَبْدَئِيًّا: پرىنسىپ جەھەتتىن، ئاساسەن.

مَبْدَئِيٌّ: ئاساسلىق، ماھىيەتلىك، تۈپلۈك.

مَعْلُومَاتٌ مَبْدَئِيَّةٌ: باشلانغۇچ ساۋات.

مَسَائِلُ مَبْدَئِيَّةٌ: پرىنسىپاللىق مەسىلىلەر.

مُبَدِّدٌ: چېچىۋەتكۈچى، تارقىتىۋەتكۈچى، ئىسراپ قىلغۇچى، بەتخەج.

مُبْدِعٌ: ئىجادكار، ئىجادىيەتچى.

مُبَذِّرٌ: ئىسراپ قىلغۇچى، بۇزۇپ-چاچقۇچى.

مِبْذَرَةٌ ج مَبَاذِرُ: ئۇرۇق چېچىش ماشىنىسى، سيالكا.

مِبْذَلٌ، مِبْذَلَةٌ ج مَبَاذِلُ: كونا كىيىم، ئىش كىيىمى، ئادەتتە كىيىپ يۈرىدىغان كىيىم، ئۆي ئىچىلىك كىيىم، دائىم كىيىدىغان كىيىم.

مَهْمَا ظَهَرَ عِنْدَ النَّاسِ مِنْ مَبَاذِلِ فَإِنَّ الْخَيْرَ يَظَلُّ هُوَ الصَّاعِدَةُ: كىشىلەر ئىچىدە قانچىلىك رەزىللىكلەرنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر گۈزەللىك ھامان ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

مِبْرَأَةٌ ج مَبَارٍ: قەلەم ئۇچلىغۇچ، قەلەمتىراش، بەكە.

مِبْرَدٌ ج مَبَارِدُ: ئىكەك، كاسىۋال.

مَبَرَّةٌ ج مَبَرَّاتٌ وَمَبَارٌّ: ياخشى ئىش، ياخشى ئەمەل، خەيرىيەت ئورگىنى، خەيرىيەت تەشكىلاتى؛ دارىلئىتام؛ ياخشىلىق قىلماق؛ بويسۇنماق، ئىتائەت قىلماق.

مُبَرِّحٌ: قاتتىق، شىددەتلىك، كەسكىن.

أَلَمٌ مُبَرِّحٌ: قاتتىق ئاغرىق، قاتتىق دەرد.

ضَرْبٌ مُبَرِّحٌ: قاتتىق ئۇرۇش.

مُبَرِّدٌ ج مُبَرِّدَاتٌ: سوۋۇتقۇچى، توڭلاتقۇچى.

مُبَرَّدٌ: سوۋۇتۇلغان، توڭلىتىلغان.

مُبَرِّدَةٌ ج مُبَرِّدَاتٌ: مۇزلىتىش، سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى.

مَادَّةٌ مُبَرِّدَةٌ: سوۋۇتۇش ماددىسى.

مُبَرَّدَاتٌ: مۇزلىتىلغان ئىچىملىكلەر، سوغۇق ئىچىملىك.

مُبَرِّزٌ ج مُبَرِّزَاتٌ: ئاقلىغۇچى، ئاقلايدىغان.

لَا مُبَرِّرَ لَهُ: ھېچقانداق ئۆزرىسى يوق.

بِدُونِ مُبَرِّرٍ: ھېچقانداق ئۆزرىسى يوق.

أُسْتَاذٌ مُبَرِّزٌ: تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇشتا تۆھپىسى گەۋدىلىك بولغان پروفېسسورلارغا بېرىلىدىغان ئۇنىۋېرسىتېت خاراكتېرلىك نام.

مُبَرْطِئٌ: دەللال، ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچىنىڭ ئارىسىنى كېلىشتۈرگۈچى.

مُبَرْطِلٌ: پارا بەرگۈچى.

مُبَرْطَلٌ: پارا ئالغۇچى.

مُبْرِقَةٌ ج مُبْرِقَاتٌ: تېلېگراف ئاپپاراتى.

مُبَرْقَشٌ: كۆپ رەڭلىك، ئالىچىپار، ئالا ـ بۇلىماچ.

مِبْرَمٌ: يىك.

مُبْرَمٌ: بەلگىلىنىپ كەتكەن، قارار قىلىنىپ كەتكەن، ئېتىراپ قىلىنغان.

قَضَاءٌ مُبْرَمٌ: قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان تەقدىر، ساماۋى قازا، پۈتۈلگەن تەقدىر.

قَدَرٌ مُبْرَمٌ: قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان قازا، پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىر.

مُبَرْمَجٌ: پروگراممىلاشتۇرۇلغان، نىزام قائىدىسىگە سېلىنغان. سىستېمىلاشتۇرۇلغان.

«لَا تَقُومُ الْوَحْدَةُ بِالْكَلَامِ وَإِنَّمَا بِعَمَلٍ مُبَرْمَجٍ»: بىرلىك سۆز بىلەن ئەمەس، پەقەت پىلانلىق ئىش ـ ھەرىكەت ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ.

تَعْلِيمٌ مُبَرْمَجٌ: ئېلېكترلەشتۈرۈلگەن مائارىپ.

مُبَرْنِطٌ: باش كىيىملىك ئادەم.

مُبَرْهَنٌ: ئىسپاتلانغان، دەلىللەنگەن.

مَبْرُورٌ: ئاق كۆڭۈل، راستچىل، سەممىي؛ يالغانچىلىق ۋە خىيانەت بولمىغان توغرا قاراش.

حَجٌّ مَبْرُورٌ: تەلەپكە لايىق قىلىنغان خالىس ھەج.

«الْحَجُّ الْمَبْرُورُ لَيْسَ لَهُ جَزَاءٌ إِلَّا الْجَنَّةُ» حديث: ئاللاھ ئۇچۇن خالىس قىلىنغان ھەج جەننەت بىلەنلا مۇكاپاتلىنىدۇ.

مَبْرُوكٌ: مۇبارەك، بەختىيار، بەختتىن بەھرىمەن بولغۇچى، ئامەت، بەخت، قۇتلۇق.

مَبْرُومٌ: ئېشىلگەن.

مَبْرِيٌّ: ئۇچلانغان، يونۇلغان.

مَبْزَقَةٌ مِبْزَقَةٌ ج مَبَازِقُ: تۈكۈرۈك قاچىسى، گارشوك.

مِبْزَلٌ ج مَبَازِلُ: ئۇكول يىڭنىسى (تېببابەتتە قورساقتىن سۇ تارتىدىغان ئەسۋاب).

مِبْزَلَةٌ ج مَبَازِلُ: سۈزگۈچ.

مَبْسِمٌ ج مَبَاسِمُ: ئېغىز.

مَبْسُورٌ: بوۋاسىر كېسىلى بولغان ئادەم.

مَبْسُوطٌ: مەمنۇن، خۇشال، شاد، يېيىلغان.

مِبْشَرَةٌ ج مَبَاشِرُ: كۆكتات ۋە مېۋىلەرنىڭ پوستىنى سويىدىغان ۋە ئۇششاق پارچىلايدىغان پىچاق.

مُبَشِّرٌ: خرىستىئان دىنىنى تارقاتقۇچى، خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى.

«لَمْ يَبْقَ مِنَ النُّبُوَّةِ إِلَّا الْمُبَشِّرَاتُ» حديث: پەيغەمبەرلىكتىن پەقەت بېشارەتلەرلا قالدى.

مَبْشُورٌ: ئۇۋاق، ئۇششاق، چېچىۋېتىلگەن.

مِبْصَارٌ: كۆزنى تەكشۈرىدىغان ئۈسكۈنە، تېلېۋىزور.

مَبْصَقَةٌ ج مَبَاصِقُ: گارشوك، تۈكۈرۈك قاچىسى.

مِبْضَعٌ ج مَبَاضِعُ الْجَرَّاحِ: ئوپېراتسىيە پىچىقى.

«يَسْتَعْمِلُ الْجَرَّاحُونَ مَبَاضِعَ خَاصَّةً فِي إِجْرَاءِ الْعَمَلِيَّاتِ»: تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى ئوپېراتسىيە قىلىشتا مەخسۇس ئوپېراتسىيە پىچىقىنى ئىشلىتىدۇ.

مَبْضُوعٌ: ئوپېراتسىيە قىلىنغان.

مِبْطَانٌ: يوغان قورساق؛ ئاچ كۆز.

مَبْطَخَةٌ: قوغۇنلۇق، تاۋۇزلۇق.

مُبَطَّطٌ: تەكشى، تۈز.

مُبَطَّنٌ: ئەستەرلىك.

كَلَامٌ مُبَطَّنٌ: ئىچكى مەنىسى بار گەپ.

مُبَطَّنَةٌ: كىچىك يەلكەنلىك كېمە.

مَبْطُوْنٌ: قورسىقى ئاغرىق ئادەم.

مَبْعَثٌ: مەنبە، چىققان جاي، قوزغالغان ئورۇن، چىقىش نۇقتىسى، باشلىنىشى؛ ۋاقىت.

مَبْعَثُ الْوَحْيِ: ۋەھيىنىڭ باشلىنىشى.

كَانَ سِنّ الرَّسُوْلِ عِنْدَ مَبْعَثِهِ أَرْبَعِيْنَ سَنَةً: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن چاغدا يېشى قىرىقتا ئىدى.

كَانَ يُحِسّ بِشَيْءٍ مِنَ الطّمَأْنِيْنَةِ مَبْعَثُهَا أَنَّ ابْنَهُ أَكْمَلَ دِرَاسَتَهُ بِتَفَوّقٍ: ئۇ، ئوغلى ئوقۇشىنى ئەلا ياخشى دەرىجىدە تاماملىغانلىقى ئۈچۈن بىرئاز خاتىرجەملىك ھېس قىلاتتى.

مَبْعَثٌ ج مَبَاعِثُ: سەۋەب ئامىل.

شَعْرٌ مُبَعْثَرٌ: قالايمىقان چۇۋۇق چاچ.

جَهْدٌ مُبَعْثَرٌ: قۇرۇق تىرىشچانلىق، بىكار تىرىشچانلىق.

تَرَكَ كُتُبَهُ مُبَعْثَرَةً فِي غُرْفَتِهِ: كىتابلىرىنى خانىسىغا چېچىلاڭغۇ تاشلاپ قويدى.

«إِنَّ مُقَاوَمَةَ الْآفَةِ بِهَذَا الْجَهْدِ الْمُبَعْثَرِ لَا تُجْدِي نَفْعًا»: ئاپەتكە بۇنداق قۇرۇق تىرىشچانلىق بىلەن قارشى تۇرۇش ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ.

مَبْعَرٌ: مەقئەت، سوڭ.

مُبَعْزِقٌ: ئىسراپخور.

مَبْعُوْثٌ ج مَبْعُوْثُوْنَ: ئەۋەتىلگۈچى، ئەلچى، خاس ۋەكىل، ئەۋەتىلگەن.

«يَقُوْمُ مَبْعُوْثُ الرَّئِيْسِ الْمِصْرِيّ بِزِيَارَةِ عَدَدٍ مِنَ الدّوَلِ الْإِسْلَامِيَّةِ لِلْبَحْثِ فِي مَوْضُوْعِ إِنْهَاءِ حَرْبِ الْخَلِيْجِ»: مىسىرنىڭ رەئىسى ئەۋەتكەن ۋەكىل پارس قولتۇقى ئۇرۇشىنى توختىتىش يولىدا ئىزدىنىش ئۈچۈن بىرقانچە ئىسلام دۆلىتىنى زىيارەت قىلماقتا.

مَجْلِسُ الْمَبْعُوْثِيْنَ: تۆۋەن پالاتا، ئاۋام پالاتا.

مُبْغِضٌ: دۈشمەن، يىرگىنچلىك، ئۆچ كۆرسىتىلگەن، دۈشمەن تۇتۇلغان.

مَبْغُوْضٌ: ئۆچ كۆرسىتىلگەن، دۈشمەن تۇتۇلغان.

مَبْقَلَةٌ ج مَبَاقِلُ: كۆكتاتلىق، سەيلىك.

مَبْقِيٌّ: قالدۇرۇلۇپ قېلىنغان، داۋاملاشتۇرۇلغان.

مِبْكَارٌ: سەھەر تۇرىدىغان ئادەم.

مُبَكِّرًا: ئەتىگەن، ئەتىگەندە، سەھەردە.

نَمْ مُبَكِّرًا وَانْهَضْ مُبَكِّرًا: بالدۇر ئۇخلاپ، بالدۇر تۇر.

الْوَقْتُ مَا زَالَ مُبَكِّرًا: ۋاقىت يەنىلا بالدۇر.

مَبْكًى ج مَبَاكٍ: يىغلايدىغان جاي.

مُبْكٍ: يىغلاتقۇچى، رەنجىتكۈچى، قاقشاتقۇچى.

مَبْكِيٌّ: يىغلانغان، تەزىيە بىلدۈرۈلگەن.

مُبَلْبَلٌ: ئالاقزادە، ئەنسىز، قالايمىقان.

مِبْلَغٌ: قارنى يامان.

مَبْلَغٌ ج مَبَالِغُ: مىقدار سان، دەرىجە؛ پۇل سانى؛ مەبلەغ؛ ئۆلچەم، دائىرە، رامكا.

«بَلَغَ مِنّي التّعَبُ مَبْلَغَهُ»: قاتتىق چارچاپ كەتتىم.

مَبْلَغُ عِلْمِهِ: ئىلمىنىڭ دەرىجىسى.

مُبَلِّطٌ: تاش ياتقۇزغۇچى.

مُبَلَّطٌ: تاش ياتقۇزۇلغان، تاش ياتقۇزۇلغان يول.

أَرْضِيَّةٌ مُبَلَّطَةٌ: گۈللۈك خىش ياتقۇزۇلغان يەر، تاش ياتقۇزۇلغان يول.

مُبَلِّغٌ: خەۋەر يەتكۈزگۈچى، ئۇقتۇرۇش قىلغۇچى، تەبلىغ قىلغۇچى، پاش قىلغۇچى.

مُبَلَّغٌ عَنْهُ: يەتكۈزۈلگەن، خەۋەر قىلىنغان؛ پاش قىلىنغان.

مُبَلَّلٌ: نەم، نەمخۇش.

لَا تَعَرَّضْ نَفْسَكَ لِلْهَوَاءِ فَجِسْمُكَ لَا يَزَالُ مُبَلَّلًا بِالْعَرَقِ:

تەرلىگەندە ئۈزۈكىنى شامالداتما.

**مَبْلُوْلٌ**: نەم، نەمخۇش.

**مَبْنًى ج مَبَانٍ**: قۇرۇلۇش، بىنا، ئىمارەت.

**مَبْنَى التَّدْرِيْسِ**: ئوقۇتۇش بىناسى.

**مَبْنَى الْإِدَارَةِ**: مەمۇرىي بىنا.

**مَبْنَى السَّكْنَى**: ياتاق بىناسى.

**مُنْذُ الْقِدَمِ وَالنُّقَّادُ يَفُكُّوْنَ الْعَمَلَ الْأَدَبِيَّ إِلَى عُنْصُرَيْنِ أَسَاسِيَّيْنِ: الْمَبْنَى وَالْمَعْنَى**: قەدىمدىن تارتىپ ئەدەبىي ئوبزورچىلار ئەدەبىيات ئەسىرىنى قۇرۇلما شەكلى ۋە مەزمۇندىن ئىبارەت ئىككى ئاساسقا بۆلىدۇ.

**«مِنْ مَبَانِي الْجَامِعَةِ الَّتِي تَلْفِتُ النَّظَرَ وَتَدْعُوْ إِلَى الْأَعْجَابِ مَبْنَى الْمَكْتَبَةِ الْمَرْكَزِيَّةِ»**: ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ كىشىنى جەلپ قىلىدىغان ۋە ھەيران قالدۇرىدىغان بىنالىرىدىن بىرى باش ئىشخانا بىناسىدۇر.

**مَبْنِيٌّ**: بىنا قىلىنغان، قۇرۇلغان؛ سېلىنغان.

**مُبْهِجٌ**: خۇشاللاندۇرغۇچى، شادلاندۇرغۇچى.

**مَبْهَجَةٌ ج مَبَاهِجُ**: خۇشاللىق.

**مَبَاهِجُ الْحَيَاةِ**: تۇرمۇش خۇشاللىقلىرى.

**ضَوْءٌ مُبْهِرٌ**: كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كۈچلۈك نۇر.

**مُبَهْرَجٌ**: سۆلەتۋازلىق، ھەسەتخورلۇق، سۆلەتۋاز.

**مُبْهَمٌ ج مُبْهَمَاتٌ**: مۇجمەل، تۇتۇق، چۈشىنىكسىز، غۇۋا.

**مُبْهَمٌ غَامِضٌ**: پەمسىز، پاراسەتسىز.

**عَدَدٌ مُبْهَمٌ**: مۇجمەل سان.

**مُبْهَمٌ مِنَ الْكَلَامِ**: تۇتۇق سۆز، مۇجمەل سۆز، چۈشىنىكسىز سۆز.

**يَتَكَوَّنُ لَدَيْنَا أَحْيَانًا إِحْسَاسٌ مُبْهَمٌ تِجَاهَ بَعْضِ الْمَوَاقِفِ**: بەزى مەيدانلارغا قارىتا گاھى بىزدە مۇجمەل تۇيغۇ شەكىللىنىدۇ.

**الْأَسْمَاءُ الْمُبْهَمَةُ (فِي النَّحْوِ)**: "اِسْمُ الْإِشَارَاتِ، اِسْمُ الْمَوْصُوْلِ" ۋە ضَمَائِرُ لارغا قارىتا ئىشلىتىلىدۇ.

**مَبْهُوْتٌ**: ھەيران قالدۇرۇلغان، ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇلغان.

**مَبْهُوْرٌ**: دەم سىقىلغان، زىققە.

**مَبْهُوْرُ الْأَنْفَاسِ**: نەپسى سىقىلىپ، تىنىقى ساڭگىلاپ قالدى.

**مِبْوَلَةٌ ج مَبَاوِلُ**: سۈيدۈك قاچىسى؛ كىچىك تاھارەت قىلىدىغان جاي؛ ھاجەتخانا.

**مُبَوِّلَةٌ**: ئەدرانى ھەيدىگۈچى؛ ئەدرانى راۋانلاشتۇرغۇچى دورا.

**مُبَوَّبٌ**: تۈرلەرگە بۆلۈنگەن، تۈرلەنگەن، بابلارغا بۆلۈنگەن.

**«حَصَلَ عَلَى وَظِيْفَةٍ عَنْ طَرِيْقِ الْإِعْلَانَاتِ الْمُبَوَّبَةِ بِالصَّحِيْفَةِ»**: ئۇ گېزىتتە مەخسۇس ئېلان بېرىش ئارقىلىق، خىزمەت تاپتى.

**مَبِيْتٌ**: تۇرالغۇ، قونالغۇ.

**مُبِيْدٌ**: ھالاك قىلغۇچى، يوقاتقۇچى.

**مُبِيْدُ الْحَشَرَاتِ**: ھاشارات يوقاتقۇچى دورا.

**مَبِيْضُ الْأُنْثَى ج مَبَائِضُ**: تۇخۇمدان؛ گۈل تۈگۈنچىكى.

**مُبَيْطِرٌ**: مال دوختۇرى؛ ئۇلاغ تاقىلىغۇچى.

**مَبِيْعٌ ج مَبِيْعَاتٌ**: سېتىلغان نەرسە، سېتىۋېتىلگەن نەرسە.

**الْمُشْتَرَيَاتُ وَالْمَبِيْعَاتُ**: سودا-سېتىق تاۋارلىرى.

**تَحَقَّقَ وَاشِنْطُنُ رَقْمًا قِيَاسِيًّا لِمَبِيْعَاتِ الْأَسْلِحَةِ**: ۋاشىنگتون قورال-ياراغ سېتىشتا رېكورت ياراتتى.

**إِدَارَةُ الْمَبِيْعَاتِ**: سودا-سېتىق ئورگىنى.

**مُبِيْنٌ**: ئاشكارا، ئېنىق، زاھىر بولغان، روشەن، كۆرۈنەرلىك.

**الْكِتَابُ الْمُبِيْنُ**: قۇرئان كەرىم.

**«يُعْتَبَرُ الْقُرْآنُ أُنْمُوْذَجَ الْكَلَامِ الْمُبِيْنِ»**: قۇرئان

روشەن سۆزلەرنىڭ نەمۇنىسىدۇر.
مُبَيَّضَةٌ: ئاقارتىلغان.
مَتَابٌ: تەۋبە قىلماق، يامان ئىشلاردىن يانماق.
مُتَابَعَةٌ: بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ، ئارقىمۇئارقا، ئۈزلۈكسىز.
مُتَاحٌ: پۈتۈلگەن، پۈتۈلۈپ كەتكەن، ئېرىشكىلى بولىدىغان.
مُتَاخِمٌ: .... بىلەن چېگرىداش.
مُتَارَكَةٌ: ۋاقىتلىق سۈلھى تۈزمەك، ئۇرۇش توختىتىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق كېلىشىم تۈزمەك.
مَتَاعٌ: پايدىلانماق، بەھرىمەن بولماق.
«مَتَاعُ الْعَيْنِ بِالْمَنَاظِرِ الْجَمِيْلَةِ»: گۈزەل مەنزىرىلەردىن كۆزنىڭ بەھرىمەن بولۇشى.
مَتَاعٌ ج أَمْتِعَةٌ: ئالتۇن-كۈمۈشتىن باشقا مال-مۈلۈك.
سَقَطُ الْمَتَاعِ: كېرەكسىز نەرسە، قىممىتى يوق نەرسە، تاشلاندۇق نەرسە.
أَمْتِعَةُ الْبَيْتِ: ئۆي سايمانلىرى.
«الْأَمْتِعَةُ الشَّخْصِيَّةُ»: شەخسىي مال-مۈلۈك.
مَتَانَةٌ: پۇختىلىق، مۇستەھكەملىك؛ ئەنجۈرلۈك، ئەنجۈرلۈك باغ.
مَتَاهَةٌ ج مَتَاهَاتٌ: سىرلىق ئوردا، تىلسىمات ئوردا، ئېزىتقۇلۇق جاي، ئادىشىپ قالىدىغان يول.
مُتَآمِرٌ: سۇيىقەستچى.
مُتَأَبٍّ: ئالىيجاناب ۋىجدانلىق.
مُتَأَبِّرٌ: ئاتىلىق.
مُتَأَثِّرٌ: تەسىرلەنگۈچى.
مُتَأَجِّجٌ: يېنىپ تۇرغان.
شَوْقٌ مُتَأَجِّجٌ: قاتتىق سېغىنىش.
مُتَأَخِّرٌ: كېچىككۈچى.
مُتَأَخِّرٌ فِي الْآرَاءِ: ئەكسىيەتچىل، قالاق.
«جَاءَ فِي وَقْتٍ مُتَأَخِّرٍ مِنَ اللَّيْلِ»: ئۇ كېچىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا كەلدى.
رَجَعْتُ إِلَى الْبَيْتِ مُتَأَخِّرًا جِدًّا: ئۆيگە ناھايىتى كېچىكىپ قايتتىم.
«الْأَقْطَارُ الْمُتَأَخِّرَةُ أَوِ الْمُتَخَلِّفَةُ صِنَاعِيًّا تُسَمَّى الْيَوْمَ بِالْأَقْطَارِ النَّامِيَّةِ»: سانائەتتە ئارقىدا قالغۇچى ياكى قالاق ئەللەر بۈگۈن تەرەققىي تېپىۋاتقان ئەللەر دەپ ئاتىلىدۇ.
مُتَأَخِّرَاتٌ: قالدۇق سان.
دَفَعَ مَا عَلَيْهِ مِنْ مُتَأَخِّرَاتٍ مَالِيَّةٍ: ئۇ مالىيىنىڭ زىممىسىدە قېپقالغان قىسمىنى بەردى.
مُتَأَدِّبٌ: بىلىملىك، ئوقۇمۇشلۇق، ئەدەپلىك.
مُتَأَسِّفٌ: ئەپسۇسلانغۇچى، نادامەت چەككۈچى.
أَنَا مُتَأَسِّفٌ جِدًّا: مەن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىمەن، كەچۈرۈم سورايمەن.
مُتَأَصِّلٌ: مۇستەھكەم ئورناشقان، چوڭقۇر يىلتىز تارتقان.
عَدَاوَةٌ مُتَأَصِّلَةٌ: كونا ئاداۋەت.
مُتَأَكِّدٌ: مۇستەھكەملىگۈچى، پۇختىلىغۇچى، تەكىتلىگۈچى.
مُتَأَكِّدٌ مِنْ كَذَا: ئىشەنچلىك.
مُتَأَلِّقٌ: پارلاق، نۇرلۇق، نۇر چاچقۇچى، شانلىق.
مُتَأَنِّقٌ: كۆڭۈل قويغۇچى، ئېتىبار بىلەن قارىغۇچى.
مُتَأَنٍّ: ئالدىرىماي، بىمالال، كۈتۈپ تۇرغۇچى، تەمكىن، ئېغىر-بېسىق، سوغۇق قان.
مُتَأَنِّيًا: ئالدىرىماستىن.
مُتَبَادَلٌ: ئالماشتۇرغان نەرسە، ئۆزئارا ئالماشتۇرغان.
مُسَاعَدَةٌ مُتَبَادَلَةٌ: ئۆزئارا ھەمكارلىشىش.
مُتَبَاهٍ: ماختانچاق، تەكەببۇر.
مُتَبَايِنٌ: ئوخشىمايدىغان؛ قارىمۇقارشى.
هُنَا آرَاءٌ مُتَبَايِنَةٌ بَيْنَكُمَا حَوْلَ تِلْكَ الْمَسْئَلَةِ:

ئىككىگلارنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى كۆز قارىشىگلار تۈپتىن ئوخشىمايدۇ.

**مُتَبَّلٌ ج مُتَبَّلَاتٌ:** دورا-دەرمەك، خۇش پۇراق نەرسىلەر سېلىنغان تاماق.

**مُتَبَحِّرٌ:** كەڭ مەلۇماتلىق، چوڭقۇر بىلىملىك.

**مُتَبَذِّلٌ:** ئەركىن، كەلسە-كەلمەس يۈرىدىغان ئادەم، سۈپىتىنى ساقلىمايدىغان.

**مُتَبَذَّلٌ:** كونا، كۆپ ئىشلىتىلىدىغان.

**مُتَبَرْبِرٌ:** ياۋايىلىق، ۋەھشىيلىك.

**مُتَبَرِّمٌ:** زېرىككۈچى، بىزار بولغۇچى، مالال بولغۇچى.

**هَزَّ رَأْسَهُ مُتَبَرِّمًا:** تاقەتسىزلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

**مُتَبَطِّلٌ:** ھورۇن، ياللاۋ.

**مُتَبَقٍّ:** ئارتۇق، قالدۇق.

**مُتَبَلِّدٌ:** دۆت، كالۋا، بوشاڭ.

**«كَانَ هَذَا الشَّخْصُ مَعْرُوْفًا بِظِلِّهِ الثَّقِيْلِ وَحِسِّهِ الْمُتَبَلِّدِ»:** بۇ ئادەم ئىش خۇشياقماسلىقى ۋە دۆتلۈكى بىلەن مەشھۇر.

**مَتْبَنٌ ج مَتَابِنُ:** سامانلىق.

**مُتَبَنًّى:** بېقىۋالغان بالا.

**مَتْبُوْعٌ:** باشلىق، رەھبەر، تەۋە قىلغۇچى.

**مَتَّ يَمُتُّ مَتًّا:** سوزدى، ئۇزارتتى، داۋاملاشتۇردى.

**«مَتَّ إِلَيْهِ بِقَرَابَةٍ»:** مۇناسىۋەت باغلىدى، ئالاقە باغلىدى، ئۇرۇق-تۇغقان بولدى.

**«يَمُتُّ إِلَيْهِ بِأَقْرَبِ الصِّلَةِ»:** ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى ئەڭ يېقىن.

**«لَا يَمُتُّ إِلَى الْحَقِيْقَةِ بِصِلَةٍ»:** ھەقىقەت بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق.

**مُتَتَابِعٌ:** ئۇدا، داۋاملىق، ئۈزلۈكسىز.

**«مَا شَبِعَ آلُ مُحَمَّدٍ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ خُبْزِ شَعِيْرٍ يَوْمَيْنِ مُتَتَابِعَيْنِ حَتَّى قُبِضَ» ‹حديث›:** مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر رەسۇلۇللا ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر، ئۇدا ئىككى كۈن ئارپا نېنىغا تويغان ئەمەس.

**مُتَتَالٍ:** تۇتىشىپ، ئارقىمۇئارقا، بىرنىڭ كەينىدىن بىرى.

**لَقَدْ سَافَرَ بِالْقِطَارِ يَوْمَيْنِ مُتَتَالِيَيْنِ لِذَا يَبْدُو مُتْعِبًا:** ئۇ پويىزدا ئۇدا ئىككى كۈن ماڭدى، شۇڭا چارچاپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ.

**مُتَّئِسٌ:** ئۈمىدسىز، روھى چۈشكۈن، ئۈمىد ئۈزگۈچى، ئۈمىدسىزلەنگۈچى.

**مُتَّبَعٌ:** ئادەتتە قوللىنىدىغان، ئادەتتە ئېقىۋاتقان، ھەممە قوبۇل قىلغان؛ كەڭ تارالغان.

**مُتَتَرِّكَةٌ:** تۈركشۇناس.

**مُتَّحِدٌ:** بىرلىككە كەلگۈچى.

**مُتَّحِدُ الْإِتِّجَاهِ:** نىشانى بىر.

**جَبْهَةٌ مُتَّحِدَةٌ:** بىرلىكسەپ.

**الْأُمَمُ الْمُتَّحِدَةُ:** بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى.

**الْوِلَايَةُ الْمُتَّحِدَةُ:** ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى.

**الْإِمَارَاتُ الْعَرَبِيَّةُ الْمُتَّحِدَةُ:** ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى.

**مُتَّزِنٌ:** ئۆلچەملىك، تەكشى، تەڭپۇڭ، بالانس.

**سَارَ بِخُطًى مُتَّزِنَةٍ:** تەكشى قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىدى.

**مُتَّسِخٌ:** پاسكىنا، مەينەت.

**مُتَّسِعٌ:** كەڭتاشا، كەڭ جاي.

**أَمَامَ دَارِهِ مُتَّسِعٌ مِنَ الْأَرْضِ:** ئۇنىڭ قورۇسى ئالدىدا كەڭ جاي بار.

**إِذَا كَانَ عِنْدَكَ مُتَّسِعٌ مِنَ الْوَقْتِ فَدَعْنَا نَتَجَاذَبُ أَطْرَافَ الْحَدِيْثِ:** بوش ۋاقتىڭ بولسا بىز كەڭرەك پاراڭلىشايلى.

**مُتَّسَقٌ:** تىزىق، رەتلىك، تەرتىپلىك، ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

**كَلَامٌ مُتَّسَقٌ**: رەتلىك سۆز.

**أَلْحَانٌ مُتَّسَقَةٌ**: رىتىملىق ئاھاڭ.

**مُتَّصِلٌ**: ئۈزلۈكسىز، داۋاملىق، كەينى-كەينىدىن.

**ضَمِيرٌ مُتَّصِلٌ**: ئۇلىنىپ كىلىدىغان ئالماش.

**مُتَّصِلٌ بِكَذَا**: يېقىن، يانداش، يېنىدا، تۇتاش.

**مُتَّضِحٌ**: ئوچۇق، ئاشكارا، ئېنىق.

**مَتَّعَ يُمَتِّعُ تَمْتِيعًا بِالشَّيْءِ**: مەنپەئەتدار قىلدى، بەھرىمەن قىلدى، مەنپەئەت يەتكۈزدى، پايدا يەتكۈزدى.

**مَتَّعَ الشَّيْءَ**: سوزدى، ئۇزارتتى؛ داۋاملاشتۇردى.

**مَتَّعَهُ اللهُ**: ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن!

مُسْتَحْكَمَةٌ ج مُسْتَحْكَمَاتٌ: پۇختا مۇداپىئە ئورنى، پۇختىلانغان، مۇستەھكەملەنگەن.

مُسْتَحْكَمَاتٌ: قورغان، ئىستىھكام، مۇداپىئە قۇرۇلۇشى.

مُسْتَحِلٌّ: ھالال سانىغۇچى، ھالال بىلگۈچى.

مُسْتَحَمَّاتٌ: دېڭىز ساھىلىدىكى يۇيۇنۇش

مەيدانى.

**مُسْتَحٍ**: ئۇياتچان، نومۇسچان.

**مُسْتَحِيْلٌ**: مۇمكىن بولمايدىغان، مۇمكىن ئەمەس.

**اَلْكِذْبُ مُسْتَحِيْلٌ عَلَى الرَّسُوْلِ**: پەيغەمبەرلەرنىڭ يالغان ئېيتىشى مۇمكىن ئەمەس.

**مُسْتَخْدِمٌ**: خوجايىن، باشقىلارنى ئىشلەتكۈچى.

**«تَحْسِيْنُ الْعَلَاقَةِ بَيْنَ الْمُسْتَخْدَمِ وَالْمُسْتَخْدِمِ ضَرُوْرَةٌ اِجْتِمَاعِيَّةٌ اِقْتِصَادِيَّةٌ»**: خوجايىن بىلەن خىزمەتچى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى ياخشىلاش ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي زۆرۈرىيەتتۇر.

**اِدَارَةُ الْمُسْتَخْدِمِيْنَ**: كادىرلار ئىدارىسى.

**مُسْتَخْدَمٌ**: خىزمەتچى، چاكار، ياللانغۇچى، خادىم، كادىر.

**مُسْتَخْذٍ**: باش ئەگكۈچى، خار بولغۇچى.

**مُسْتَخْرَجٌ**: قېزىلغان، قېزىپ چىقىرىلغان.

**مُسْتَخْرَجَاتٌ**: قېزىلغان، قېزىلمىلار.

**مُسْتَخْرَجَاتٌ مَعْدَنِيَّةٌ**: قېزىلغان مەدەنلەر.

**مُسْتَخِفٌّ**: سەل قارىغۇچى.

**مُسْتَخْلِصٌ**: تاللىغۇچى.

**مُسْتَخْلِصُ الْبَضَائِعِ مِنَ الْجُمْرُكِ**: تاموژنىدا ۋاستىچىسى.

**مُسْتَدَارٌ**: ئوربىتا.

**مُسْتَدْعَى ج مُسْتَدْعَيَاتٌ**: تەلەپ.

**مُسْتَدَقٌّ**: ئىنچىكە.

**مُسْتَدَقّ سَاعِدٍ**: بىلەكنىڭ بىغىشقا يېقىن يېرى.

**مُسْتَدِيْرٌ**: دۈگىلەك، يۇملاق.

**مُسْتَدِيْمٌ**: ھەمىشە، داۋاملىق، ئەبەدىي، ئۇزاققا سوزۇلغان.

**مُسْتَرَاحٌ ج مُسْتَرَاحَاتٌ**: ھاجەتخانا، تازىلىق ئۆيى؛ دەم ئېلىش ئۆيى.

**مُسْتَرْسِلٌ**: چۇۋۇلغان، پاخپايغان، ساڭگىلاپ كەتكەن.

**شَعْبٌ مُسْتَرِقٌّ**: قۇل قىلىنغان خەلق.

**مُسْتَرْهِنُ الْمَنْقُوْلَاتِ**: گۆرۈخانا خوجايىنى.

**اَلْمُسْتَرِي**: شىر، ئارسلان.

**مُسْتَرِيْحٌ**: راھەتلەنگۈچى، مەمنۇن بولغۇچى، رازى بولغۇچى؛ ئارام ئالغۇچى.

**مُسْتَرِيْحُ الْبَالِ**: خاتىرجەم.

**طَرِيْقٌ مُسْتَسَنٌّ**: ئادەتلەنگەن يول، مېڭىپ كۆنگەن يول.

**مُسْتَشَارٌ ج مُسْتَشَارُوْنَ**: مەسلىھەتچى.

**مُسْتَشَارٌ مَلِكِيٌّ**: ئوردا مەسلىھەتچىسى.

**مُسْتَشَارٌ قَضَائِيٌّ**: قانۇنىي مەسلىھەتچى.

**مُسْتَشْرِقٌ**: شەرقشۇناس، شەرقلىشىپ كەتكەن ئادەم.

**مُسْتَشْفًى ج مُسْتَشْفَيَاتٌ**: شىپاخانا، دوختۇرخانا.

**مُسْتَشْفَى الْأَمْرَاضِ الْعَفِنَةِ**: يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى، ئايرىم دوختۇرخانا.

**مُسْتَشْفَى الْأَمْرَاضِ السَّارِيَّةِ**: يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى.

**يَجِبُ أَنْ تُقِيْمَ فِي الْمُسْتَشْفَى أُسْبُوْعًا آخَرَ**: دوختۇرخانىدا يەنە بىر ھەپتە تۇرۇشۇڭ كېرەك.

**مُسْتَشْفَى الْأَمْرَاضِ الْعَقْلِيَّةِ**: روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى.

**مُسْتَشْفَى مَيْدَانٍ**: دالا گوسپىتالى، دالا دوختۇرخانىسى.

**مُسْتَشْفَى الْأَمْرَاضِ الْعَصَبِيَّةِ**: نېرۋا كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى.

**مُسْتَشْفَى الْحُمَّيَاتِ**: قىزىتما كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى.

**مُسْتَشْفَى الْأَمْرَاضِ الصَّدْرِيَّةِ**: كۆكرەك كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى.

مُسْتَشْفَى الْوِلَادَةِ: تۇغۇت دوختۇرخانىسى.

مُسْتَشْفَى الْأَطْفَالِ: باللار دوختۇرخانىسى.

مُسْتَشْفَى الْأَوْرَامِ وَالسِّرْطَانِ: ئۆسمە كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى.

مُسْتَشْفَى الْأُمُومَةِ وَالطُّفُولَةِ: ئانا - باللار دوختۇرخانىسى.

مُسْتَشْفًى مُلْحَقٌ: تارماق دوختۇرخانا.

مُسْتَصْنِعٌ: ياسىغۇچى، قۇرغۇچى، ياراتقۇچى، كەشپ قىلغۇچى، ئىجاد قىلغۇچى.

مُسْتَضْعَفٌ ج مُسْتَضْعَفُونَ: ئاجىز سانالغان، كۈچسىز ھېسابلانغان.

﴿وَاذْكُرُواْ إِذْ أَنتُمْ قَلِيلٌ مُّسْتَضْعَفُونَ فِي الْأَرْضِ﴾ ‹قۇرئان›: ياد ئېتىڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر (مەككە) زېمىنىدا ئاز سانلىق بولۇپ، بوزەك قىلىنغانىدىڭلار.

مُسْتَطَابٌ: نازۇنېمەتلىك، تەملىك، مەززىلىك.

ثَنَاءٌ مُسْتَطَابٌ: ئالقىش، مەدھىيە.

مُسْتَطَاعٌ: ئىمكانىيەت، ئىقتىدار، مۇمكىنچىلىك، مۇمكىن، قىلغىلى بولىدىغان.

بِقَدْرِ الْمُسْتَطَاعِ: ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە، ئىمكانىيەت دائىرىسىدە، مۇمكىنقەدەر.

هَذَا الْأَمْرُ مُسْتَطَاعٌ: بۇ قىلغىلى بولىدىغان ئىش.

أَنْجَزَ مَا طَلَبَ مِنْهُ قَدْرَ الْمُسْتَطَاعِ: ئۇنىڭ تەلىپىنى قولىدىن كېلىشىچە ئورۇندىدى.

مُسْتَطِرٌ: يېزىلغان، خاتىرىلەنگەن.

﴿وَكُلُّ صَغِيرٍ وَكَبِيرٍ مُسْتَطَرٌ﴾ ‹قۇرئان›: كىچىك ئىش، چوڭ ئىشنىڭ ھەممىسى (لەۋھۇلمەھپۇزدا) خاتىرىلەنگەندۇر.

مُسْتَطِيرٌ: تارقاق، چېچىلاڭغۇ، ئۈمىدسىز، روھى چۈشكۈن.

شَرٌّ مُسْتَطِيرٌ: ئومۇمىيۈزلۈك ئاپەت.

﴿يُوفُونَ بِالنَّذْرِ وَيَخَافُونَ يَوْماً كَانَ شَرُّهُ مُسْتَطِيراً﴾ ‹قۇرئان›: ئۇلار ئۆز ئۈستىگە قەسەم قىلىپ ئالغان ئىشنى ئورۇندايدۇ ۋە دەھشىتى كەڭ دائىرىلىك بولغان كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈندىن) قورقىدۇ.

مُسْتَطِيلٌ ج مُسْتَطِيلَاتٌ: ئۇزۇن، ئېگىز.

مُسْتَطِيلُ الشَّكْلِ: تىك تۆت بۇلۇڭ.

مُسْتَعَارٌ: ئارىيەت ئېلىنغان نەرسە، ئۆتنە ئېلىنغان نەرسە.

اِسْمٌ مُسْتَعَارٌ لِلْكِتَابِ: تەخەللۇس.

شَعْرٌ مُسْتَعَارٌ: يالغان چاچ.

مُسْتَعَانٌ: ياردەمچى، مەدەتكار.

﴿فَصَبْرٌ جَمِيلٌ وَاللّهُ الْمُسْتَعَانُ عَلَى مَا تَصِفُونَ﴾ ‹قۇرئان›: مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن، سىلەرنىڭ (مۇشۇ يالغان) سۆزۈڭلارنى كۆتۈرۈشۈمگە ئاللاھ مەدەتكاردۇر.

مُسْتَعْبَدٌ: قۇل قىلىنغان، قۇل.

مُسْتَعْجِلٌ: ئالدىراڭغۇ، ئالدىراش.

لَا بَأْسَ لِمَاذَا أَنْتَ مُسْتَعْجِلٌ: كېرەك يوق، نېمە شۇنچە ئالدىراش.

مُسْتَعْجَلٌ: جىددىي، كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغان.

الْبَرِيدُ الْمُسْتَعْجَلُ: جىددىي خەت.

مُسْتَعْجَلَةٌ: ئاستا پويىز.

طَرِيقٌ مُسْتَعْجَلَةٌ: ئۇدۇل يول.

مُسْتَعِدٌّ: تەييار، ھازىر.

مُسْتَعْرَبٌ ج مُسْتَعْرَبُونَ: ئەرەبلەشكۈچى.

مُسْتَعْرِضٌ: تەكشۈرگۈچى، كۆزدىن كەچۈرگۈچى.

مُسْتَعْصٍ: مۇشەققەت، جاپالىق؛ داۋالاش قىيىن؛ مەھكەم ئورناشقان، ئاساسى چىڭ.

مُسْتَعْفٍ: ئىستىپا تەلەپ قىلغۇچى.

مُسْتَفِيدٌ: پايدىلانغۇچى، پايدىغا ئېرىشكۈچى.

مُسْتَعْمِرٌ ج مُسْتَعْمِرُونَ: مۇستەملىكىچى، جاھانگىر.

مُسْتَعْمَرَةٌ ج مُسْتَعْمَرَاتٌ: مۇستەملىكە.

دَوْلَةٌ مُسْتَعْمِرَةٌ: مۇستەملىكىچى دۆلەت.

الْحَرَكَاتُ الْوَطَنِيَّةُ فِي الْمُسْتَعْمَرَاتِ: مۇستەملىكىلەردىكى مىللىي ھەرىكەتلەر.

مُسْتَعْمَلٌ: ئىستېمال قىلىنغان، ئىشلىتىلىۋاتقان؛ كونا، ۋاقتى ئۆتكەن.

اِشْتَرَى عِدَّةَ كُتُبٍ مُسْتَعْمَلَةٍ: بىرقانچە كونا كىتاب سېتىۋالدى.

مُسْتَعْهِدٌ: توختام تۈزگۈچى، كېلىشىم ئىمزالىغۇچى.

مُسْتَعِيرٌ: قەرز ئالغۇچى، ئارىيەت ئالغۇچى.

مُسْتَغَاثٌ: قۇتقۇزۇۋېلىنغان.

مُسْتَغْرَبٌ: يات، ناتونۇش.

نَظَرَ مُحَمَّدٌ إِلَيَّ مُسْتَغْرِبًا كَأَنَّهُ لَا يَعْرِفُنِي: مۇھەممەد ماڭا خۇددى مېنى تونۇمايدىغان يات ئادەمدەك نەزەر سالدى.

مُسْتَغْرِقٌ: غەرق بولغۇچى.

مُسْتَغْرِقٌ فِي النَّوْمِ: قاتتىق ئۇخلىغۇچى.

مُسْتَغْفِرٌ ج مُسْتَغْفِرُونَ: مەغپىرەت تەلەپ قىلغۇچى، ئىستىغپار ئېيتقۇچى.

﴿وَالْمُسْتَغْفِرِينَ بِالْأَسْحَارِ﴾ «قرآن»: تەقۋادارلار سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلاردۇر.

مُسْتَغْلَقٌ: تۇتۇق، مۇجمەل، چۈشىنىكسىز.

مُسْتَغِلٌّ: مەبلەغ سالغۇچى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى.

مُسْتَغَلٌّ ج مُسْتَغَلَّاتٌ: مەھسۇلات، كىرىم، دارامەت، تاپاۋەت.

مُسْتَغْنٍ (الْمُسْتَغْنِي): بىھاجەت بولغۇچى.

مُسْتَغْنٍ عَنْ غَيْرِهِ: باشقىلارغا تايانمايدىغان.

مُسْتَغْنًى عَنْهُ: ئۇنىڭدىن ئارتۇق، ئارتۇقچە، ھاجەتسىز.

مُسْتَغِيثٌ: ياردەم تەلەپ قىلغۇچى.

مُسْتَفِيدٌ: پايدىلانغۇچى، پايدىغا ئېرىشكۈچى.

مُسْتَفِيضٌ: تەپسىلىي، كونكرېت.

مُسْتَفِيضٌ مِنَ الْأَخْبَارِ: تەپسىلىي خەۋەرلەر.

مُسْتَقْبَلٌ: كەلگۈسى، كېلەچەك؛ ئالدى تەرەپ.

«مُسْتَقْبَلُ الزِّرَاعَةِ زَاهِرٌ»: دېھقانچىلىقنىڭ ئىستىقبالى پارلاق.

«يَنْتَظِرُهُ مُسْتَقْبَلٌ بَاهِرٌ»: ئۇنى شانلىق كېلەچەك كۈتمەكتە.

عِلْمُ الْمُسْتَقْبَلِ: كېلەچەكشۇناسلىق.

«مُسْتَقْبَلًا يَجِبُ عَلَيْكَ أَنْ تَجْتَهِدَ»: كەلگۈسىدە تىرىشىشىڭ كېرەك.

مُسْتَقْدِمٌ ج مُسْتَقْدِمُونَ: ئىلگىرى.

﴿وَلَقَدْ عَلِمْنَا الْمُسْتَقْدِمِينَ مِنكُمْ﴾ «قرآن»: بىز سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنى ھەقىقەتەن بىلىمىز.

مُسْتَقِرٌّ: ئېزچىل، دائىم، مۇقىم.

غَيْرُ مُسْتَقِرٍّ: تۇراقسىز، مۇقىمسىز.

مُسْتَقَرٌّ: تۇرالغۇ جاي، ئورۇن.

﴿لِكُلِّ نَبَإٍ مُسْتَقَرٌّ﴾ «قرآن»: (ئاللاھ تەرىپىدىن) ئالدىنئالا بېرىلگەن ھەر بىر خەۋەرنىڭ مەيدانغا كېلىدىغان ۋاقتى بار.

«مُسْتَقَرُّ الثُّوَّارِ فِي الْجِبَالِ»: قوزغىلاڭچىلارنىڭ تاغدىكى تۇرالغۇسى.

﴿وَلَكُمْ فِي الْأَرْضِ مُسْتَقَرٌّ وَمَتَاعٌ إِلَى حِينٍ﴾ «قرآن»: يەر يۈزىدە ۋاقىتلىق يەرلىشىشىڭلار ۋە بەھرىمەن بولۇڭلار.

مُسْتَقْطَرٌ: چەككىلەنگەن، تازىلانغان.

مَاءٌ مُسْتَقْطَرٌ: تازىلانغان سۇ.

مُسْتَقِلٌّ ج مُسْتَقِلُّونَ: مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا.

«وَطَنٌ مُسْتَقِلٌّ»: مۇستەقىل ۋەتەن.

مُسْتَقِيمٌ: تۈز، توغرا، دۇرۇس.

مُسْتَقِيمُ الْأَخْلَاقِ: ئادىل، ھەققانىي.

﴿اهدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ﴾ «قرآن»: بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن.

شَارِعٌ مُسْتَقِيمٌ: تۈز كوچا.

«رَجُلٌ مُتَدَيِّنٌ مُسْتَقِيمٌ»: دىيانەتلىك توغرا ئادەم.

اَلْمُسْتَقِيمُ: توغرا ئۈچەي، كۆتەن ئۈچەي.

مُسْتَقِيمِيٌّ: توغرا ئۈچەيلىك.

مُسْتَكْبِرٌ ج مُسْتَكْبِرُونَ: چوڭچىلىق قىلغۇچى، تەكەببۇر.

﴿إِنَّهُ لاَ يُحِبُّ الْمُسْتَكْبِرِينَ﴾ «قرآن»: تەكەببۇرلۇق قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ.

مُسْتَكْرٍ: ئىجارىگە ئالغۇچى، كىراغا ئالغۇچى، ياللاپ ئىشلەتكۈچى.

مُسْتَكْمِلٌ: تولۇق.

عَقْدٌ مُسْتَكْمِلٌ لِلشُّرُوطِ: شەرتلىرى تولۇق توختام.

مُسْتَكِنٌّ: يوشۇرۇن، يوشۇرۇنۇۋالغۇچى، خاتىرجەم.

مُسْتَكَنٌّ: چاڭگا، كاتەك.

مُسْتَلْزَمَاتٌ: ئېھتىياجلىق نەرسىلەر، لازىمەتلىكلەر.

«صَارَتِ السَّيَّارَةُ مِنْ مُسْتَلْزَمَاتِ الْعَصْرِ»: ماشىنا دەۋرنىڭ لازىمەتلىكلىرىدىن بولۇپ قالدى.

«زَوَّدَهُ بِكُلِّ مُسْتَلْزَمَاتِ الْمِهْنَةِ»: ئۇنى خىزمەتنىڭ ھەممە لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلىدى.

مُسْتَلْفِجٌ: ۋەيران بولغۇچى.

مُسْتَلْقٍ: ئوڭدىسىغا ياتقۇچى، يېنىچە ياتقۇچى.

مُسْتَلٌّ: سۇغۇرۇۋېلىنغان، سۇغۇرۇپ چىقىرىلغان.

مُسْتَلِمٌ: تاپشۇرۇپ ئالغۇچى.

مُسْتَمَدٌّ: مەنبە، كېلىش مەنبەسى.

مُسْتَمِرٌّ: دائىم، ھەمىشە، ئۈزلۈكسىز، داۋاملىق.

تَيَّارٌ مُسْتَمِرٌّ: تۇراقلىق توك.

«تِلْمِيذٌ مُسْتَمِرٌّ فِي الْفَصْلِ الثَّانِي»: ئىككىنچى سىنىپتا قېپقالغان ئوقۇغۇچى.

اَلثَّوْرَةُ الْمُسْتَمِرَّةُ: توختىماي ئىنقىلاب قىلماق.

مُسْتَمِعٌ ج مُسْتَمِعُونَ: ئاڭلىغۇچى، ئىشتكۈچى، قۇلاق سالغۇچى، ئالىي مەكتەپلەردە غەيرىي رەسمىي ئوقۇغۇچى سۆھبەتتە سىرتتىن دەرس ئاڭلىغۇچى.

«أُعْجِبَ الْمُسْتَمِعُونَ بِحَدِيثِهِ»: ئاڭلىغۇچىلار ئۇنىڭ سۆزىدىن ھەيران قالدى.

مُسْتَمْلِحٌ: زىرەك، ھوشيار، قىزىقارلىق، چىرايلىق.

مُسْتَمِيتٌ: جان تىككۈچى، جېنىنى پىدا قىلغۇچى، ئۆلۈمگە پەسەنت قىلمىغۇچى، پىداكار.

مُسْتَنْبَتٌ ج مُسْتَنْبَتَاتٌ: زىرائەت، ئېكىن.

مُسْتَنْبِطٌ: كەشپىياتچى.

مُسْتَنْبَطٌ ج مُسْتَنْبَطَاتٌ: كەشپىيات، ئىجادىيەت، ئىختىرائات.

«مُسْتَنْبَطَاتُ الْعَهْدِ الْحَدِيثِ: يېڭى دەۋر كەشپىياتلىرى.

مُسْتَنِدٌ إِلَى: تايانغۇچى، بېقىنغۇچى، يۆلەنگۈچى.

مُسْتَنَدٌ ج مُسْتَنَدَاتٌ: پاكىت، ھۆججەت، دەلىل.

مُسْتَنَدُ الْمِلْكِيَّةِ: يەر خېتى، ئىگىلىك ھوقۇق ھۆججىتى.

«خَسِرَ قَضِيَّتَهُ لِأَنَّهُ لَمْ يُقَدِّمِ الْمُسْتَنَدَاتِ الْمَطْلُوبَةِ»: ئۇ تەلەپ قىلىنغان پاكىتلارنى كۆرسىتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن دەۋادا ئۇتتۇرۇپ قويدى.

مُسْتَنْقَعٌ ج مُسْتَنْقَعَاتٌ: سازلىق، پاتقاقلىق، كۆلچەك.

حُمَّى الْمُسْتَنْقَعَاتِ: ئىسسىق رايونلارنىڭ بەزگەك كېسەللىكى، مالادىيا.

مُسْتَهَامٌ: كۆيۈپ قالغۇچى، شەيدا بولغۇچى.

مُسْتَهْتِرٌ ج مُسْتَهْتِرُونَ: شاللاق، يەڭگىل.

«اِمْرَأَةٌ مُسْتَهْتِرَةٌ»: شاللاق ئايال.

«مُسْتَهْتِرٌ بِعَادَاتِ قَوْمِهِ»: قوۋمىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا پەرۋا قىلمايدىغان.

مُسْتَهْتَرٌ ج مُسْتَهْتَرُوْنَ: ئالجىغان، ئەقلىدىن ئازغان؛ يالغانچى.

مُسْتَهْتَرٌ بِالشَّيْءِ: شەيدا بولغۇچى، مەپتۇن بولغۇچى.

مُسْتَهْتِكٌ: نومۇسسىز، رەسۋا، پەردىسى يىرتىۋېتىلگەن.

مُسْتَهَجٌّ: كۆڭلىگە كەچكەننى دەيدىغان ئادەم.

مُسْتَهْجَنٌ: ئەسكى، رەزىل، غەلىتە شەكىللىك.

مُسْتَهْدَفٌ: توغرىلانغان، نىشانلانغان.

«كُلّ مُصْلِحٍ مُسْتَهْدَفٌ لِلْإِنْتِقَادِ»: ھەربىر ئىسلاھاتچى تەنقىدنىڭ نىشانى بولىدۇ.

«مُسْتَهْدَفٌ لِرَائِحَةُ الْغُبَارِ»: چاڭ ـ توزانغا سەزگۈر.

مُسْتَهْزِئٌ ج مُسْتَهْزِئُوْنَ: مەسخىرە قىلغۇچى.

شَابٌّ مُسْتَهْزِئٌ بِالْقِيَمِ الْأَخْلَاقِيَّةِ: ئەخلاقىي قىممەتلەرنى مەسخىرە قىلغۇچى ياش.

﴿إِنَّا كَفَيْنَاكَ الْمُسْتَهْزِئِينَ﴾ ‹قرآن›: سېنى مەسخىرە قىلغۇچىلارغا بىز چوقۇم تېتىيمىز.

مُسْتَهْكِمٌ: ھاكاۋۇر، مۇتەكەببىر.

مُسْتَهْلِكٌ ج مُسْتَهْلِكُوْنَ: ئىستېمال قىلغۇچى، چىقىم قىلغۇچى.

مُسْتَهْلِكُ الْآلَاتِ: ماشىنىلارنى ئىشلەتكۈچى.

مُسْتَهْلِكُ السَّمَكِ: بېلىق يېگۈچى.

مُسْتَهْلِكُ الْخُضَرِ فِي الْمَدِيْنَةِ وَمُنْتِجُهَا فِي الرِّيْفِ: كۆكتاتلارنى ئىستېمال قىلغۇچىلار شەھەردە، ئىشلەپ چىقارغۇچى يېزىدا بولىدۇ.

مُسْتَهْلَكٌ: ئىستېمال قىلىنغان.

مُسْتَهْلَكٌ مِنَ الْأَشْيَاءِ: كۆپ ئىشلىنىدىغان نەرسىلەر.

«آلَاتٌ مُسْتَهْلَكَةٌ»: كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىلار.

مَوَادّ غِذَائِيَّةِ مُسْتَهْلَكَةٍ: ئىستېمال قىلىنىدىغان يېمەكلىكلەر.

مُسْتَهَلٌّ: دەسلەپ، باش، باشتا، ئالدىنقى، مۇقەددىمە.

مُسْتَهَلّ الشَّيْءِ: نەرسىنىڭ باشلىنىشى، دەسلىپى.

«مُسْتَهَلّ الْقَرْنِ»: ئەسىرنىڭ بېشى.

قَالَ فِي مُسْتَهَلِّ حَدِيْثِهِ مَا يَلِيْ: سۆزىنىڭ پۇسكاللىنىشىدا مۇنداق دېدى.

«مُسْتَهَلّ الْحَيَاةِ»: تۇرمۇشنىڭ باشلىنىشى.

مُسْتَهَلّ الْقَصِيْدَةِ: قەسىدىنىڭ مۇقەددىمىسى.

مُسْتَوْجِبٌ: ...غا ئېرىشىش لازىم، ...نى قولغا كەلتۈرۈش شەرت.

مُسْتَوْحِشٌ: چۆل، چۆللۈك، قاقاسلىق.

مُسْتَوْدِعٌ: ھاۋالە قىلغۇچى، ئامانەت قويغۇچى.

مُسْتَوْدَعٌ: ھاۋالە قىلىنغان، ئامانەت قويۇلغان، قويۇپ قويۇلغان.

مُسْتَوْدَعٌ ج مُسْتَوْدَعَاتٌ: ئامبار، ئىسكىلات.

لَقَدْ اِمْتَلَأَ الْمُسْتَوْدَعُ بِالْبَضَائِعِ وَلَمْ يَعد فِيْهِ أَيّ مَكَانٍ فَارِغٍ مَهْمَا كَانَ صَغِيْرًا: ئامبار مالغا توشۇپ كەتتى، ئۇنىڭدا بىرئازمۇ بوش ئورۇن يوق.

﴿وَيَعْلَمُ مُسْتَقَرَّهَا وَمُسْتَوْدَعَهَا﴾ ‹قرآن›: ئاللاھ ئۇلارنىڭ تۇرار جايىنى ۋە (ئۆلگەندىن كېيىن) كۆمۈلىدىغان جايىنى بىلىدۇ.

مُسْتَوْدَعَاتُ التَّبْرِيْدِ: توڭلىتىش ئىسكىلاتى.

مَسْتُوْرٌ ج مَسْتُوْرُوْنَ وَمَسَاتِيْرُ: يوشۇرۇنغان، پاك، ئىپپەتلىك، نومۇسچان.

شَخْصٌ مَسْتُوْرٌ: پاك ئادەم.

«كَانَتْ فُلَانَةً اِمْرَأَةً مَسْتُوْرَةً»: پالانى ئىپپەتلىك ئايال.

مُسْتَوْرِدٌ: ئىمپورت قىلغۇچى.

مُسْتَوْرَدٌ: ئىمپورت قىلىنغان.

مُسْتَوْرَدَاتٌ: ئىمپورت قىلىنغان ماللار.

مُسْتَوْصَفٌ ج مُسْتَوْصَفَاتٌ: ئاپتېكا، دورىخانا، دورا

دۇكىنى.

مُسْتَوْطِنٌ ج مُسْتَوْطِنُوْنَ: يەرلىك ئادەم، مۇقىم ئاھالە.

مُسْتَوْطَنَةٌ ج مُسْتَوْطَنَاتٌ: ياتلار ئىگىلىۋېلىپ ئولتۇراقلاشقان زېمىن.

الْمُسْتَوْطَنَةُ الْإِسْرَائِلِيَّةُ فِي الْأَرَاضِي الْمُحْتَلَّةِ: ئىسرائىلىيە ئىگىلىۋېلىپ ئولتۇراقلاشقان يەرلەر.

مُسْتَوْفًى: تولۇق بېرىلگەن.

مُسْتَوْقَدٌ: ئوچاق، مەش، پىچ.

مُسْتَوْلَدٌ: تۇغۇت دوختۇرخانىسى.

مُسْتَوٍ: تۈز، تەكشى، ئۇدۇل، سىلىق، تەكشى.

مُسْتَوًى ج مُسْتَوِيَاتٌ: سەۋىيە، دەرىجە، تەكشى يۈز، تەكشىلىك، مىقياس، دائىرە، كۆلەم.

مُسْتَوَى الْحَيَاةِ: تۇرمۇش سەۋىيىسى.

الْمُسْتَوَى الْمَعِيْشِيّ: تۇرمۇش سەۋىيىسى.

لَقَدْ اِرْتَفَعَ مُسْتَوَى الْمَعِيْشَةِ بِشَكْلٍ عَامٍّ: تۇرمۇش سەۋىيىسى ئومۇميۈزلۈك ئاشتى.

«عَلَى الْمُسْتَوَى الْوَطَنِي»: مەملىكەت مىقياسىدا.

«سَقَطَتِ الْأَمْطَارُ فَارْتَفَعَ مُسْتَوَى الْمَاءِ فِي النَّهْرِ»: يامغۇر ياغدى، دەريادىكى سۇنىڭ يۈزى كۆتۈرۈلدى.

«تَسْعَى الْحُكُوْمَةُ إِلَى تَحْسِيْنِ مُسْتَوَى الْمَعِيْشَةِ»: ھۆكۈمەت تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ياخشىلاشنى ئەڭ ياخشى ھالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ.

الْهَنْدَسَةُ الْمُسْتَوِيَةُ: پىلانىمېترىيە.

مُسْتَيْقِظٌ: ئويغاق.

مِسَجَّةٌ: ھاندۇۋا.

مُسَجِّلٌ: خاتىرىلىگۈچى، تىزىملىغۇچى، ئۈنئالغۇ، ئارخىپ خىزمەتچىسى.

مُسَجِّلُ الزَّلَازِلِ: سېيسموگراف (يەر تەۋرەشنى كۆزىتىپ دىئاگراممىسا شەكلىدە خاتىرىلىۋالغۇچى ئاپتوماتىك ئەسۋاب).

مُسَجِّلُ الْأَصْوَاتِ: ئۈنئالغۇ.

مُسَجَّلٌ: خاتىرىلەنگەن، تىزىملانغان، دەپتەرگە تىزىملانغان، زاكاز قىلىنغان، رويخەتكە ئېلىنغان.

عَقْدٌ مُسَجَّلٌ: توختامنامە.

خِطَابٌ مُسَجَّلٌ: زاكاز خەت.

شَرِيْطٌ مُسَجَّلٌ: ئاۋاز ئېلىنغان لېنتا.

«اِسْمُكَ مُسَجَّلٌ هُنَا»: ئىسمىڭ بۇ يەردە خاتىرىلىنىپتۇ.

الْأَغْنِيَّةُ مُسَجَّلَةٌ عَلَى الشَّرِيْطِ: ناخشا لېنتىغا ئېلىنغان.

رِسَالَةٌ مُسَجَّلَةٌ: زاكاز خەت.

اَقْرَاصٌ مُسَجَّلَةٌ: پاتېفون پلاستىنكىسى.

مَسْجِدٌ ج مَسَاجِدُ: مەسجىد، سەجدە قىلىدىغان جاي، سەجدىگاھ.

اَلْمَسْجِدُ الْحَرَامُ: ھەرەم مەسجىدى (مەككە مۇكەررەمەدىكى كەئبىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇقەددەس مەسجىد)، كەئبە.

الْمَسْجِدُ الْأَقْصَى: قۇددۇس شەھىرىدىكى مۇقەددەس مەسجىد، ئەقسا مەسجىدى.

مَسْجَدٌ ج مَسَاجَدُ: پېشانە، ماڭلاي.

مِسْجَرٌ: يېقىلغۇ.

مَسْجُوْحٌ مَسْجُوْحَةٌ: تەبىئىي خۇسۇسىيەت، تۇغما تەبىئەت.

مَسْجُوْنٌ ج مَسَاجِيْنُ: مەھبۇس، تۇتقۇن، جىنايەتچى.

أَخْرَجَتِ الْحُكُوْمَةُ عَنِ الْمَسَاجِيْنِ: ھۆكۈمەت مەھبۇسلارنى قويۇۋەتتى.

مَسَحَ يَمْسَحُ مَسْحًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ئېرتتى، سۈرتۈۋەتتى.

مَسَحَ الْحِذَاءَ: ئاياغنى پارقىراتتى، چوتكىلىدى.

«مَسَحَ الْغُبَارَ عَنِ الْأَثَاثِ»: چاڭ ـ توزاننى سۈرتتى.

مَسَحَ الْمُشْكِلَةَ: ئىنچىكىلەپ تەكشۈردى.

مَسَحَ شَعْرَهُ: چېچىنى تارىدى.

مَسَحَ الْحَجَرَ الْأَسْوَدَ: ھەجەر ئەسۋەدنى قول بىلەن تۇتۇپ بوسە قىلدى.

مَسَحَهُ بِالْمَاءِ: مەسھە قىلدى.

﴿وَامْسَحُواْ بِرُؤُوسِكُمْ وَأَرْجُلَكُمْ إِلَى الْكَعْبَيْنِ﴾ ‹قرآن›: بېشىڭلارنى مەسھە قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار.

مَسَحَ السَّاقَ أَوِ الْعُنُقَ بِالسَّيْفِ: قىلىچ بىلەن چاپتى.

مَسَحَ فُلَانًا بِالْقَوْلِ: پالانىغا ياغلىما سۆز قىلدى.

مَسَحَ الْقَوْمَ قَتْلًا: قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى.

مَسَحَ يَدَهُ عَلَى رَأْسِ الْيَتِيْمِ: يېتىمنىڭ بېشىنى سىلىدى.

مَسَحَهُ مِنَ الْوُجُوْدِ: ئۇنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقاتتى.

مَسَحَ يَمْسَحُ مَسْحًا وَمِسَاحَةً الْأَرْضَ: يەرنى ئۆلچىدى.

«مَسَحَ الْمُهَنْدِسُ الْأَرَاضِي الزِّرَاعِيَّةَ»: ئىنژېنېر تېرىلغۇ يەرلەرنى ئۆلچىدى.

مَسَحَ يَمْسَحُ مُسُوْحًا فِي الْأَرْضِ: كەتتى، ئۆزاپ كەتتى.

مَسْحٌ: سۈرتمەك، ئېرتمەك.

مِسْحٌ ج مُسُوْحٌ: جەندە (يۇڭدىن توقۇلغان قوپال كىيىم) راھىبلارنىڭ كىيىمى.

لَبِسَ الْمُسُوْحَ: راھىب بولۇۋالدى.

لَبِسَ مُسُوْحُ الرُّهْبَانِ: ياخشىلار قىياپىتىگە كىرىۋالدى.

مِسْحَاةٌ ج مَسَاحٍ (الْمَسَاحِيْ): گۈرجەك، كۈرەك، ئوتىغۇچ، كەپكۈر.

مِسْحَاجٌ: قەسەمخور ئايال.

مِسْحَاجٌ ج مَسَاحِيْجُ: رەندە.

مَسْحَبُ هَوَاءٍ: ھاۋا ئېقىمى.

مَسْحَةٌ ج مَسْحَاتٌ: بەلگە، ئالامەت، بىر قېتىم سۈرتۈش.

عَلَيْهِ مَسْحَةٌ مِنْ جَمَالٍ: ئۇنىڭ چىرايلىقلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

مَسْحَةُ الْمَرَضِ: كېسەللىك ئالامىتى.

مِسْحَجٌ ج مَسَاحِجُ: رەندە.

فَرَسٌ مِسَحٌّ: يورغا ئات، ئېسىل ئات.

مَسْحَطٌ: بوغۇز، گال.

مِسْحَلُ النَّجَّارِ ج مَسَاحِلُ: رەندە.

مِسْحَلُ الْحَدَّادِ: كاپلىغۇچ، بىلەي.

مِسْحَنَةٌ ج مَسَاحِنُ: بازغان، توقماق، كالتەك.

مَسْحُوْبٌ: سۆرەلگەن، تارتىلغان.

مَسْحُوْجٌ ج مَسَاحِيْجُ: سۈيۈلگەن، قىرىلغان، ئاقلانغان.

طَعَامٌ مَسْحُوْرٌ: چىرىپ قالغان يېمەكلىك، بۇزۇلۇپ قالغان يېمەكلىك.

مَكَانٌ مَسْحُوْرٌ: پاتقاقلىق.

أَرْضٌ مَسْحُوْرَةٌ: تاقىر يەر، قاقاس يەر، گىياھ ئۈنمەس يەر.

مَسْحُوْقٌ ج مَسَاحِيْقُ: يانجىلغان، ئۇۋاق، پاراشوك.

مَسْحُوْقُ الْبَيْضِ: تۇخۇم پاراشوكى.

مَسْحُوْقُ مُبِيْدِ الْحَشَرَاتِ: «666» ھاشارات يوقىتىدىغان دېھقانچىلىق دورىسى.

«وَجَدُوْهُ مَسْحُوْقًا تَحْتَ عَجَلَاتِ السَّيَّارَةِ»: ماشىنا چاقلىرى ئاستىدا ئۇنىڭ يانجىلىپ كەتكەنلىكىنى بايقاشتى.

«أَذَابَ الْمَسْحُوْقَ فِي الْمَاءِ»: پاراشوكنى سۇدا ئېرىتتى.

مَسَاحِيْقُ التَّجْمِيْلِ: ئۇپا ـ ئەڭلىك.
«تَصْنَعُ كَثِيْرًا مِنَ الْمَسَاحِيْقِ عَلَى وَجْهِهَا»: ئۇ ئايال يۈزىگە كۆپ ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈركىۋاپتۇ.
اَلْمَسْحُوْقُوْنَ (مِنَ النَّاسِ): نامراتلار، ھېچنېمىسى يوق ئادەملەر.
مَسْحُوْلٌ: ئاجىز، زەئىپ، ھالسىز.
مَسَخَ يَمْسَخُ مَسْخًا: شەكلىنى ئۆزگەرتتى، شەكلىنى بۇزدى، بۇزدى، ھالىتىنى ئۆزگەرتتى.
مَسَخَ الطَّعَامَ: تەمىنى كەتكۈزۈۋەتتى، تەمسىز قىلىۋەتتى، بەتتام قىلىۋەتتى.
مَسَخَهُ اللهُ قِرْدًا: ئاللاھ ئۇنى مايمۇنغا ئۆزگەرتىۋەتتى.
مَسَخَ النَّاقَةَ: تۆگىنى ئورۇقلىتىۋەتتى.
مَسْخٌ: شەكىل ئۆزگەرتمەك، سۈرەتنى ئالماشتۇرماق، جان ئىنسانىنىڭ بەدىنىدىن ئۆزگە لايىق كېلىدىغان بىر ھايۋاننىڭ بەدىنىگە يۆتكىلىدۇ، دەپ قارايدىغان بىر خىل ئېتىقاد.
مِسْخٌ ج أَمْسَاخٌ: شەكلى ئۆزگەرگەن.
مُسَخَّرٌ: بويسۇندۇرۇلغان.
وَكِيْلٌ مُسَخَّرٌ: قانۇنىي ۋەكىل، قانۇنىي ئادۋوكات.
مُسَخِّنٌ ج مُسَخِّنَاتٌ: قىزىتقۇچ، توك ئوچاق.
مَسْخَرَةٌ ج مَسَاخِرُ: كۈلكىلىك، مەنىسىز، مەسخىرە خاراكتېرلىك.
«تُرْتَكَبُ كَثِيْرٌ مِنَ الْمَسَاخِرِ بِاسْمِ الْحُرِّيَّةِ الشَّخْصِيَّةِ»: نۇرغۇنلىغان كۈلكىلىك ئىشلار شەخسىي ئەركىنلىك نامى بىلەن قىلىنىۋاتىدۇ.
مَسْخَطٌ: غەزەپ، ئاچچىق، خاپىلىق، چېچىلماق.
مَسْخَطٌ . مَسْخَطَةٌ ج مَسَاخِطُ: كىشىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان.
مِسْخَنٌ . مِسْخَنَةٌ ج مَسَاخِنُ: سۇ ئىسسىتىش ئەسۋابى.

مَسَدَ يَمْسُدُ مَسْدًا الْحَبْلَ: ئارغامچىنى پۇختا ئەشتى.
مَسَدٌ ج مِسَادٌ وَأَمْسَادٌ: پۇختا ئېشىلگەن، خورما دەرىخى پوستىدىن ئېشىلگەن ئارغامچا.
مَسَدٌّ ج مَسَادٌّ: توساق، چازا.
«غَابَ زَمِيْلِي فَسَدَدْتُ مَسَدَّهُ»: ساۋاقدىشىم يوقاپ كېتىۋىدى، مەن ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇردۇم.
مُسَدَّسٌ ج مُسَدَّسَاتٌ: تەڭ ئالتە بۇرجەكلىك؛ ئالتە ئاتار تاپانچا.
مُسَدَّسُ الْأَرْكَانِ: ئالتە بۇرجەكلىك، ئالتە تەرەپلىك.
مَسْدَسٌ: ئالتىدىن-ئالتىدىن.
مَسْدُوْدٌ: ئاقمايدىغان، توسۇلۇپ قالغان، ئېتىلىپ قالغان ئىشىك.
سَارَ فِي طَرِيْقٍ مَسْدُوْدٍ: خالتا كوچىغا كىرىپ قالدى.
مِسْرَافٌ: ئىسراپخور، بەتخەج؛ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچى، بۇزۇپ ـ چاچقۇچى.
مَسْرَبٌ ج مَسَارِبُ: يەر ئاستى سۇ يولى، يۇندى ئاققۇزۇش يولى، يېپىق ئېرىق، يەر ئاستى ئېرىقى، يىلان تۆشۈكى، يىلان ئۆمىلەيدىغان جاي، يىلان ئۇۋىسى.
مَسْرَبَةٌ: ئوتلاق، چارۋىچىلىق مەيدانى، قانال.
مَسْرَبَةٌ ج مَسَارِبُ: كۆكرەك تۈكى؛ قان ئايلىنىش سىستېمىسى.
مَسْرَجَةٌ ج مَسَارِجُ: چىراغپاي، چىراغ تەكچىسى، شامدان، قەندىل.
مِسْرَجَةٌ ج مَسَارِجُ: چىراغ، لامپا.
مَسْرَحٌ ج مَسَارِحُ: تىياتىرخانا، تىياتىر مەيدانى.
خَشَبَةُ الْمَسْرَحِ: سەھنە.
مُؤَلِّفُ الْمَسْرَحِ: دراماتورگ.
مَسْرَحُ الْعَرَائِسِ: قونچاق ئويۇنىنى قويۇپ بېرىدىغان مەخسۇس سەھنە.

«هَذَا مَسْرَحُ طُفُوْلَتِيْ»: بۇ بالىلىق چاغلىرىمدىكى يايرىغان جاي.

«سَنَذْهَبُ إِلَى الْمَسْرَحِ لِمُشَاهَدَةِ الْمَسْرَحِيَّةِ الْجَدِيْدَةِ»: يېڭى تىياتىر كۆرۈش ئۈچۈن تىياتىرخانىغا بارىمىز.

مَسْرَحَةٌ: سەھنىلەشتۈرمەك.

مَسْرَحِيٌّ: ناخشا تېكىستى، تىياتىرخانىغا تەۋە.

مُؤَلِّفُ الْمَسْرَحِيِّ: سەھنە ئەسىرى يازغۇچىسى.

التَّأْلِيْفُ الْمَسْرَحِيُّ: تىياتىر ئىجادىيىتى.

مَسْرَحِيَّةٌ ج مَسْرَحِيَّاتٌ: سەھنە ئەسىرى، دراما.

لَقَدْ شَاهَدْتُ تِلْكَ الْمَسْرَحِيَّةَ فِي نِهَايَةِ الْمَطَافِ: شۇ تىياتىرنى ئاخىرقى ھېسابتا كۆردۈم.

مِسْرَدٌ: بىگىز.

مَسْرَدٌ ج مَسَارِدُ الْكِتَابِ: كىتابنىڭ تەپسىلىي مۇندەرىجىسى.

مَسَرَّةٌ ج مَسَرَّاتٌ: خۇشاللىق.

الْعَاقِبَةُ عِنْدَكُمْ فِي الْمَسَرَّاتِ: خۇشاللىق (توي باغنىڭ ئاخىرىغا يېزىپ قويۇلىدىغان ئىبارە).

مِسَرَّةٌ ج مِسَرَّاتٌ: تېلېفون، تېلېفون ئۇسكۇنىسى.

مِسَرَّةٌ سِلْكِيَّةٌ: سىملىق تېلېفون.

مِسَرَّةٌ أَثِيْرِيَّةٌ: سىمسىز تېلېفون.

مُسَرَّحٌ: ھەربىي سەپتىن قايتۇرۇلغان.

مُسْرَطٌ / مِسْرَطٌ: يۇتقۇنچاق، گال، بوغۇز.

مُسْرِفٌ: ئىسراپخور، بەتخەج؛ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچى، بۇزۇپ - چاچقۇچى.

مَسْرُوْرٌ ج مَسْرُوْرُوْنَ: خۇشال، شاد.

«حَقَّقَ أَهْدَافَهُ فَعَادَ إِلَى بَيْتِهِ مَسْرُوْرًا»: مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ئۆيىگە خۇشال قايتتى.

مَسْرُوْقٌ ج مَسْرُوْقَاتٌ: ئوغرىلانغان نەرسە، بۇلانغان نەرسە.

إِذَا تَخَاصَمَ اللِّصَّانِ ظَهَرَ الْمَسْرُوْقُ: ئىككى ئوغرى ئۇرۇشۇپ قالسا ئوغرىلانغان نەرسە پاش بولۇپ قالىدۇ.

دَجَاجٌ مُسَرْوَلٌ: تۆكلۈك توخۇ، پايپاقلىق توخۇ.

فَرَسٌ مُسَرْوَلٌ: ئاق شىراق ئات، قاشقىلىق ئات.

مَسَّ يَمَسُّ مَسًّا وَمَسِيْسًا وَمِسِّيْسَى الشَّيْءَ: سىلىدى، تۇتتى.

﴿لَا يَمَسُّهُ إِلَّا الْمُطَهَّرُوْنَ﴾ «قرآن»: ئۇنى (قۇرئاننى) پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ.

مَسَّ الْمَرْأَةَ: ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزدى.

﴿قَالَتْ رَبِّ أَنَّى يَكُوْنُ لِي وَلَدٌ وَلَمْ يَمْسَسْنِي بَشَرٌ﴾ «قرآن»: مەريەم ئېيتتى: ماڭا كىشى يېقىنلاشمىغان تۇرسا، قانداقمۇ مېنىڭ ئوغۇل بالام بولسۇن.

مَسَّهُ الْمَرَضُ: ئۇنىڭغا كېسەل تەگدى.

مَسَّهُ بِسُوْءٍ: زىيانكەشلىك قىلدى، زىيان يەتكۈزدى.

مَسَّهُ الْخَيْرُ: ئۇنىڭغا ياخشىلىق يەتتى.

مَسَّهُ الشَّيْطَانُ: ساراڭ بولۇپ قالدى، ئېلىشىپ قالدى.

مَسَّتْهُ الْحَاجَةُ إِلَى كَذَا: قىستىدى، مەجبۇرلاندى.

مَسٌّ: تۇتماق، تەگمەك؛ ساراڭلىق.

عِنْدَهُ مَسٌّ مِنَ الْجُنُوْنِ: ئۇ ئېلىشىپ قالدى.

مَسَّاحُ الْأَرَاضِي: يەر ئۆلچەش خادىمى.

مَسَّاحُ الْأَحْذِيَةِ: ئاياغ مايلىغۇچى.

مَسَّاحَةٌ: ئۆچۈرگۈچ، سۈرتكۈچ.

مَسَّاحَةُ السَّبُّوْرَةِ: دوسكا ئۆچۈرگۈچ.

مَسَّاحَةُ الْمَطَرِ: يامغۇردا ماشىنىنىڭ ئەينىكىنى سۈرتۈپ تۇرىدىغان ئەسۋاب.

مَسَّاحَةُ الزُّجَاجِ: ئەينەك سۈرتكۈچ.

مَسَّاحَةُ الْبَلَاطِ: پول سۈرتكۈچ.

مَسَّاكَةٌ ج مَسَّاكَاتٌ: قىسقۇچ، يىڭنە، ئىلغۇچ،

قادىغۇچ.

مَسَّةٌ ج مَسَّاةٌ: بىر قېتىم تۇتماق، تېگىپ كەتمەك.

مَسَّحَ يُمَسِّحُ تَمْسِيْحًا: پاك - پاكىز ئېرىغدىدى.

مَسَّحَ الشَّخْصَ: ياغلىما گەپ قىلدى.

مَسَّدَ يُمَسِّدُ تَمْسِيْدًا الْجِسْمَ: بەدەننى سىلىدى.

«مَسَّدَ الْمُمَرِّضُ رِجْلَ الْمَرِيْضِ»: سېسترا كېسەلنىڭ پۇتىنى سىلىدى.

مَسَّدَ الشَّعْرَ: چاچ تاردى، باش تاردى.

مَسَّكَ يُمَسِّكُ تَمْسِيْكًا: تۇتتى، چىڭ تۇتتى، ئېسىلدى.

﴿وَالَّذِينَ يُمَسِّكُونَ بِالْكِتَابِ وَأَقَامُواْ الصَّلَاةَ﴾ «قرآن»: كىتابنى مەھكەم تۇتىدىغانلار، ناماز ئوقۇيدىغانلار.

مَسَّكَ الثِّيَابَ: كىيىمگە ئىپار سۈركىدى.

مَسَّى يُمَسِّي تَمْسِيَةً الشَّخْصَ: كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، دېدى.

مَسَّاكُمُ اللهُ بِخَيْرٍ: ئاللاھ كەچلىكىڭىزنى خەيرلىك قىلسۇن.

مَسَطَ يَمْسُطُ مَسْطًا: قامچىلىدى، قامچا ئۇردى؛ كولاپ چىقاردى.

مِسْطَاجٌ: نوغۇچ.

مِسْطَارٌ: ئەندۇۋا.

مِسْطَبَةٌ ج مَسَاطِبُ: سۇپا، ئورۇندۇق؛ تۆمۈر چىنىڭ سەندىلى.

مِسْطَبَخٌ: ئوچاق، گاز ئوچاق.

مَسْطَحٌ: تۈز، تەكشى.

مِسْطَحٌ: نوغۇچ.

مَسْطَحٌ ج مَسَاطِحُ: چېدىر تۈۋرۈكى.

مِسْطَرَةٌ ج مَسَاطِرُ: سىزغۇچ.

مُسَطَّحٌ ج مُسَطَّحَاتٌ: تەكشىلىك، تەكشى يۈزلۈك؛ يەر مەيدانى.

مِتْرٌ مُسَطَّحٌ: كۋادرات مېتىر.

أَنْفٌ مُسَطَّحٌ: پاناق بۇرۇن.

مِسْطَعٌ: سۆزمەن، گەپدان.

مَسْطُوْرٌ: يېزىلغان، سىزىلغان، خاتىرىلەنگەن.

﴿وَكِتَابٍ مَّسْطُورٍ فِي رَقٍّ مَّنشُورٍ﴾ «قرآن»: ئوچۇق قەغەزگە يېزىلغان كىتاب (يەنى قۇرئان) بىلەن قەسەمكى.

مَسْطُوْلٌ: مەست.

مِسْعَارٌ ج مَسَاعِيْرُ: لاخشىگىر؛ ئوت چوقۇلايدىغان تۆمۈر.

مُسْعَدٌ: بەختىيار، تەلەيلىك، بەختلىك، ئامەتلىك.

مِسْعَرٌ ج مَسَاعِرُ: ئوتقۇيرۇق، ئىغۋاگەرلىك قىلغۇچى؛ لاخشىگىر.

مِسْعَرُ الْحَرْبِ: ئۇرۇش ئوتىنى تۇتاشتۇرغۇچى، مەشئەل؛ ئوتقاش.

مِسْعَطٌ: ناسۋال قۇتىسى.

مُسْعِفٌ: ياردەم بەرگۈچى؛ پايدىلىق.

مَسْعَلٌ: بوغۇز، كېكىردەك.

مَسْعُوْدٌ: بەختىيار، تەلەيلىك، بەختلىك، ئامەتلىك.

مَسْعُوْرٌ ج مَسْعُوْرُوْنَ وَمَسَاعِيْرُ: ئاجىزلاشقان، ئەقلىدىن ئاداشقان.

أَصْبَحَ مَسْعُوْرًا: ئۇنىڭ ساراڭلىقى تۇتتى، ئەقلىدىن ئاداشتى.

كَلْبٌ مَسْعُوْرٌ: غالجىر ئىت.

مَسْعًى ج مَسَاعٍ: تىرىشماق، ئۇرۇنماق، سەئيى قىلماق، سۈيىقەست قىلماق.

خَابَ مَسْعَاهُ: ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى يوققا چىقتى.

مَسْغَبَةٌ: ئاچلىق، قورسىقى ئاچماق.

﴿أَوْ إِطْعَامٌ فِي يَوْمٍ ذِي مَسْغَبَةٍ﴾ «قرآن»: ياكى ئاچارچىلىق كۈنىدە (ھالى ناچار كەمبەغەلگە) تاماق بەرمەكتۇر.

مُسَغَّبٌ: قانۇنلۇق، رۇخسەت قىلىنغان، جائىز.

مِسْفَارٌ ج مَسَافِيْرُ: كۆپ سەپەر قىلغۇچى.

مَسْفَلَةٌ ج مَسَافِلُ: ئەڭ ئاستىنقى، ئەڭ تۆۋەن تەرىپى، ئاستى تەرىپى، پەس تەرىپى.

«إِنْتَقَلْنَا مِنْ مَسْفَلَةِ الْمَدِيْنَةِ إِلَى مَعْلاَتِهَا»: بىز شەھەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن يۇقىرى تەرىپىگە يۆتكەلدۇق.

مُسْفٍ: گەپ توشۇغۇچى، پىتنىخور، سۇخەنچى.

مِسْقَاةٌ ج مَسَاقٍ: سۇغۇرۇش ماشىنىسى.

مِسْقَامٌ: كېسەل كۆرپىسى، كېسەلى كۆپ، كۆپ كېسەل بولىدىغان ئادەم.

مَسْقِطٌ ج مَسَاقِيْطُ: چۈشۈپ كەتكەن جاي، چۈشۈش ئورنى، چۈشۈش مەيدانى.

مَسْقِطٌ هَنْدَسِيٌّ: پروپېكسىيە، تەكشىلىك كۆرۈنۈش، تەكشىلىك خەرىتىسى.

مَسْقِطُ الشَّكْلِ الأَصْلِيِّ: پروپېكسىيىلىك رەسىم.

مَسْقِطُ الرَّأْسِ: تۇغۇلغان جاي، يۇرت.

لَقَدْ غِبْتُ مَسْقَطَ رَأْسِي عِدَّةَ سِنِيْنَ: يۇرتۇمدىن ئايرىلغىلى بىر قانچە يىل بولدى.

مَسْقِطُ الْمِيَاهِ: شارقىراتما.

مَسْقِطٌ جَانِبِيٌّ: ياندىن كۆرۈنۈش.

مَسْقِطٌ رَأْسِيٌّ: ئۇدۇل كۆرۈنۈش خەرىتىسى.

سُوْقٌ مُسَقَّفٌ: ئۈستى يېپىق بازار.

مِسْقًى ج مَسَاقٍ: سۇغۇرۇش ئۆستىڭى.

مَسْقِيٌّ: سۇغۇرۇلغان.

مَسَكَ يَمْسُكُ / يَمْسِكُ مَسْكًا بِالشَّيْءِ: تۇتتى، چىڭ تۇتتى، تۇتۇۋالدى، قولغا چۈشۈردى.

مَسَكَ لِسَانَهُ: سۈكۈت قىلدى، جىم تۇردى، لام-جىم دېمىدى، ئۈندىمىدى، زۇۋان سۈرمىدى.

مَسَكَ الْبَطْنَ: ئىچى قاتتى، قەۋزىيەت بولدى.

مَسَكَ بِهِ: ساقلىدى، چىڭ تۇتتى، تۇتۇپ بەردى، ساقلاپ بەردى.

مَسَكَ الْحَبْلَ: ئارغامچىغا ئېسىلدى

مَسَكَ الشُّرْطِيُّ اللِّصَّ: ساقچى ئوغرىنى تۇتۇۋالدى.

مَسَكَ الْمُقْتَصِدُ حِسَابَاتِ الشِّرْكَةِ: مالىيە مەسئۇلى شىركەتنىڭ ھېساباتىغا نازارەتچىلىك قىلدى.

مَسَكَ بِزِمَامِ الأُمُوْرِ: ئىشلارنى شەخسەن ئۆزى تۇتتى.

مَسْكٌ: تۇتۇش، چىڭ تۇتۇش، سىقىش، ئىگىلەش، ئىگە بولۇش.

مَسْكُ الْحِسَابَاتِ: بوغالتىرىيە، ھېساباتچىلىق.

مِسْكٌ: ئىپار.

«حَكَى جَنَّةَ خَضْرَاءَ ذَاتُ نَضَارَةٍ أَرِيْجُهَا فَاحَتْ كَمِسْكٍ وَرَيْحَانِ»: بۇ مەسجىد يېشىللىققا پۈركەنگەن، ئۇ ئىپار ۋە رەيھان ھىدلىرى كېلىپ تۇرىدىغان گۈزەل باغچىغا ئوخشايدۇ.

مِسْكُ الْخِتَامِ: چىرايلىقچە ئاياغلىشىش، ياخشى خاتىمە.

مِسْكٌ رُوْمِيٌّ: تون لەيلىسى.

غَزَالُ الْمِسْكِ: ئىپار كېيىكى.

مُسْكٌ: ئاشلىق، ئوزۇق-تۈلۈك، يېمەكلىك، يېمەك - ئىچمەك، ئوزۇقلۇق ماددا.

مُسُكٌ ج أَمْسَاكٌ: بېخىل.

مُسْكَانٌ ج مَسَاكِيْنُ: زاكالەت.

مِسْكَبَةٌ ج مَسَاكِبُ: سۇ چاچقۇچى، سۇ سېپىدىغان ئەسۋاب.

مَسْكَةٌ: دەستە، ساپ، تۇتقۇچ، رول، تۇتقا.

مَسَكَةٌ: يېپىنچا، تاش كامىر، بالون، قەھرىمان، باتۇر.

مُسْكَةٌ ج مُسَكٌ: يېمەك-ئىچمەك، ئوزۇق-تۈلۈك، تۇتقا، ئەقىللىقلىق، زېرەكلىك، ئاساس، يىلتىز.

رَجُلٌ ذُوْ مُسْكَةٍ: كاللىسى ئۆتكۈر ئادەم.

فِيْهِ مُسْكَةٌ مِنْ خَيْرٍ: ئۇنىڭدا ئازتولا ياخشىلىق

تېپىلىدۇ.

مُسَكَةٌ ج مُسَكٌ: بېخىل، پىخسىق، پىششىق.

مُسْكِرٌ: هاراق، مەست قىلغۇچى شاراب، خورما هارىقى.

مُسْكِرَاتٌ: ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەر.

مُسَكِّجٌ: ۋاقىتلىق تۇزەشتۇرگۇچى، دەرھال يامىغۇچى.

مُسَكِّنٌ ج مُسَكِّنَاتٌ: تىنچلاندۇرغۇچى دورا.

مَسْكَنٌ ج مَسَاكِنُ: ئۆي، ئىمارەت، تۇرالغۇ، جاي.

«أَنْشَأَتِ الْحُكُومَةُ مَسَاكِنَ لِلْعُمَّالِ الْأَجَانِبِ»: هۆكۈمەت چەت ئەل ئىشچىلىرى ئۈچۈن تۇرالغۇ جاي سالدى.

مَسْكَنَةٌ: ئاجىزلىق، نامراتلىق، كەمبەغەللىك.

﴿وَضُرِبَتْ عَلَيْهِمُ الذِّلَّةُ وَالْمَسْكَنَةُ﴾ «قرآن»: ئۇلار خارلىقتا، موھتاجلىقتا قالدى.

مَسْكُوكٌ ج مَسْكُوكَاتٌ: مېتال پۇل، تەڭگە پۇل.

ضَرْبُ الْمَسْكُوكَاتِ: پۇل قۇيماق، پۇل سوقماق.

مَسْكُونٌ: ئائىلىلىك.

مَسْكُونٌ بِالْجِنِّ: ساراڭلىق؛ جىن-ئالۋاستىلارنىڭ تۇرىدىغان جايى.

مَكَانٌ مَسْكُونٌ: بەزى كىشىلەرنىڭ ئېتىقادى بويىچە ئەرۋاھلار ماكانلاشقان جاي.

اَلْمَسْكُونَةُ: جاھان، دۇنيا، ئالەم.

«هَلْ هَذِهِ الدَّارُ مَسْكُونَةٌ؟»: بۇ ئۆيدە ئادەم تۇرامدۇ.

مَسْكُونِيٌّ: دۇنياۋى، يەرشارىنىڭ، ئالەمنىڭ.

مُسْكِيرٌ: مەست، پىيەنچۇك، هاراقكەش.

مِسْكِينٌ ج مَسَاكِينُ: پېقىر، نامرات، كەمبەغەل، ئاجىز، خار، بىچارە، مىسكىن.

﴿وَيُطْعِمُونَ الطَّعَامَ عَلَى حُبِّهِ مِسْكِيناً وَيَتِيماً وَأَسِيراً﴾ «قرآن»: ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق، مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ.

«وَجَدَهُ مِسْكِينًا فَعَفَا عَنْهُ»: ئۇنى بىچارە ھېسابلاپ كەچۈرۈم قىلدى.

مَسَلَ يَمْسُلُ مَسْلًا الْمَاءُ: سۇ ئاقتى.

مَسْلَاةٌ: كومېدىيە.

مِسْلَاةٌ: ئويۇنچۇق.

مَسْلَاةٌ ج مَسَالٍ: كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش سارىيى.

مِسْلَاخٌ: قاسراق.

مِسْلَاخُ الْحَيَّةِ: يىلان پوستى، يىلان قاسرىقى.

مِسْلَاطٌ ج مَسَالِيطُ: ئاچقۇچنىڭ چىشى.

مِسْلَاقٌ: ناتىق، سۆزمەن، پاساھەتلىك سۆزلەيدىغان ئادەم.

مَسْلَحٌ ج مَسَالِحُ: قورال-ياراغ ئامبىرى، قورال-ياراغ ئىسكىلاتى، قورال-ياراغ زاۋۇتى.

مَسْلَحَةٌ ج مَسَالِحُ: قورال-ياراغ ئامبىرى، قورال-ياراق ئىسكىلاتى، قورال-ياراغ زاۋۇتى.

مَسْلَخٌ ج مَسَالِخُ: قۇشخانا.

مُسَلْسَلٌ ج مُسَلْسَلَاتٌ: باغلانغان، چاتما كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە ياكى رادىئو مەخسۇس پروگراممىسى.

اَلْمُسَلْسَلُ مِنَ الْأَحَادِيثِ: راۋىلار ئىزچىل ھالدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىردەك رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

رِوَايَةٌ مُسَلْسَلَةٌ: كۆپ قىسىملىق رومان.

مُسَلْطَحٌ: تېيىز، چوڭقۇر ئەمەس.

مُسَلْفَتٌ: قارىماي ياتقۇزۇلغان، ئاسفالتلانغان.

طَرِيقٌ مُسَلْفَتٌ: قارىماي يول، ئاسفالت يول.

مِسْلَفَةٌ ج مِسْلَفَاتٌ: سۆرەم، تىرنا.

مِسْلَقٌ: ناتىق، سۆزمەن، پاساھەتلىك سۆزلەيدىغان ئادەم.

مَسْلَكٌ ج مَسَالِكُ: يول، چوڭ يول، ھەربىكەت، يۈرۈش - تۇرۇش.

«كَانَ مَسْلَكُهُ غَرِيبًا»: ئۇنىڭ قىلىقى ئاجايىپ ئىدى.

«هَذَا مَسْلَكٌ وَعْرٌ»: بۇ ئەگرى-توقاي يولدۇر.

الْمَسَالِكُ الْبَوْلِيَّةُ: سۈيدۈك يولى.

مَسْلَكَةٌ: كىيىم ياقىسى.

مِسْلَكَةٌ: چاق (يىپ ئېگىرىش چاقى)، ئۇرچۇق، موكا، ييگ.

مِسَلَّةٌ ج مِسَلَّاتٌ وِمَسَالُّ: دەزەش، چوڭ يىڭنە؛ پىرئەۋنلەردىن قالغان ئارخېئولوگىيىلىك يېزىق يېزىلغان ئۇزۇن تاش.

«يُخَاطُ الْقُمَاشُ الْغَلِيظُ بِالْمِسَلَّةِ»: قېلىن رەخ دەزەش بىلەن تىكىلىدۇ.

مُسَلَّحٌ: قوراللىق، قوراللانغان.

قَاوَمَ الْعَدُوَّ بِالْكِفَاحِ الْمُسَلَّحِ: دۈشمەنگە قارشى قوراللىق كۈرەش ئېلىپ باردى.

بِالْقُوَّةِ الْمُسَلَّحَةِ: قورال كۈچى ئارقىلىق، قورال كۈچى بىلەن.

مُسَلَّمٌ بِهِ: ئېتىراپ قىلىنغان.

مُسَلَّمَةٌ ج مُسَلَّمَاتٌ: چۈشىنىشلىك، ھەممە ئادەم بىلىدىغان، بەس-مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان.

مُسَلٍّ: ئىچ-پۇشۇقىنى چىقارغۇچى، كۆڭۈلنى ئاچقۇچى.

مُسَلًّى: تازىلانغان سېرىقماي.

مُسْلِمٌ ج مُسْلِمُونَ م مُسْلِمَةٌ ج مُسْلِمَاتٌ: مۇسۇلمان، مۇسلىم.

«الْمُسْلِمُ مَنْ سَلِمَ الْمُسْلِمُونَ مِنْ لِسَانِهِ وَيَدِهِ» ‹حديث›: سۆزى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمىگەن ئادەم ھەقىقىي مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ.

مَسْلُوبٌ ج مَسَالِيبُ: تارتىۋېلىنغان، بۇلانغان، تالان-تاراج قىلىنغان.

مَسْلُوبُ الْقُوَّةِ: ئاجىز، زەئىپ، كۈچسىز.

مَسْلُوتٌ: گۆشى شىلىۋېلىنغان گۆشنىڭ سۆڭىكى.

مَسْلُوخٌ: تېرە تاشلىغان، پوست تاشلىغان، قاسراق تاشلىغان، يۇڭ تاشلىغان.

مَسْلُوقَةٌ: داغ سۇدا پىشۇرۇلغان گۆش.

الْفَوَاكِهُ الْمَسْلُوقَةُ: پوستلۇق مېۋە، شاكاللىق مېۋە.

مَسْلُولٌ ج مَسْلُولُونَ: سىل كېسىلى بىلەن ئاغرىغان ئادەم.

مَسْلِيٌّ: پىششىقلاپ ئىشلەنگەن خام قايماق.

مَسْلِيٌّ نَبَاتِيٌّ: سۈنئىي مايسىلار.

مِسْمَاحٌ ج مَسَامِيحُ: مەرد، كەڭ قورساق، كۆكسى-قارنى كەڭ، قولى ئوچۇق، سېخىي.

مِسْمَارٌ ج مَسَامِيرُ: مىخ.

لَقَدْ عَلِقَ ثَوْبِي بِالْمِسْمَارِ: كىيىمىم مىخقا ئىلىنىشىپ قالدى.

مِسْمَارُ صِنَّارَةٍ: كونۇپكا مىخ، قالپاقلىق مىخ.

مِسْمَارُ بِطَاسَةٍ: يىڭنە مىخ.

مِسْمَارٌ لَوْلَبِيٌّ: بۇرما مىخ.

الْمِسْمَارُ الْبَرْشَمَةُ: قالپاقلىق مىخ.

مِسْمَارُ رَدَّةٍ: قاداق، (چىنە قادايدىغان).

مِسْمَارُ الْقَدَمِ: قاداق، (پۇتتا بولىدىغان).

اِبْرَةٌ مِسْمَارَةٌ: يىڭنە مىخ.

مِسْمَارِيٌّ: بۇرما مىخ.

خَطٌّ مِسْمَارِيٌّ: مىخ خەت، شىنا يېزىقى، (ئاسۇرىيلىكلەر ۋە ئىرانلىقلارنىڭ شىنا ياكى مىخقا ئوخشىتىپ يازغان خېتى).

الْكِتَابَةُ الْمِسْمَارِيَّةُ: مىخ خەت، شىنا يېزىقى، (ئاسۇرىيلىكلەر ۋە ئىرانلىقلارنىڭ شىنا ياكى مىخقا ئوخشىتىپ يازغان خېتى).

مِسْمَاكٌ: تۈۋرۈك، تايانچ.

مَسَامٌّ: تۆشۈكچىلەر.

مَسَامُّ الْجِسْمِ: تەر تۆشۈكچىلىرى.

مَسَامٌ الْجِلْدِ: تەر تۆشۈكچىلىرى.

مَسَامِيٌّ: زەھەرلىك.

مَسَامِيَّةٌ: كۆپ تۆشۈكلۈك، ھاۋا كاۋاكچىلىرى.

مِسْمَحٌ ج مَسَامِحُ: مەرد، كەڭ قورساق، كۆكسى- قارنى كەڭ، قولى ئوچۇق، سېخىي.

مَسْمَعٌ: ئاڭلايدىغان جاي.

عَلَى مَسْمَعٍ مِنْهُ: ئاڭلىنىدىغان ئارىلىقتا.

«هُوَ مِنِّيْ بِمَرْأًي وَمَسْمَعٍ»: ئۇ مەن كۆرەلەيدىغان ۋە ئاڭلىيالايدىغان ئارىلىقتا تۇرۇۋاتىدۇ.

مِسْمَعٌ ج مَسَامِعُ: قۇلاق؛ چېلەكنىڭ بېغى، چېلەكنىڭ تۇتقۇچى.

الْمُسْمَكَاتُ: ئاسمان، پەلەك، كۆك، ساما.

مَسْمَكَةٌ ج مَسَامِكُ: بېلىق كۆلچىكى.

«فِي الْمَسْمَكَةِ الْيَوْمَ سَمَكٌ طَازِجٌ»: بېلىق بازىرىدا بۈگۈن يېڭى بېلىق بارىكەن.

مُسِمٌّ: زەھەرلىك.

مُسَمَّرٌ: مىخلانغان.

مُسَمَّنٌ: سەمرىتىلگەن، بوردالغان.

مُسَمًّى ج مُسَمَّيَاتٌ: ئاتالغان، چاقىرىلغان.

أَجَلٌ مُسَمًّى: مۇددەتلىك، چەكلىك.

﴿كُلٌّ يَجْرِي إِلَى أَجَلٍ مُسَمًّى﴾ «قرآن»: (كۈن بىلەن ئاينىڭ) ھەربىرى مۇئەييەن مۇددەت (يەنى قىيامەتكىچە ئۆز پەلىكىدە) سەير قىلىدۇ.

أَجَلٌ غَيْرُ مُسَمًّى: مۇددەتسىز، قەرەلسىز.

ظَلَّ اِسْمًا بِلَا مُسَمًّى: ئىسمى بار جىسمى يوق بولۇپ قالدى.

مُسَمَّيَاتٌ عِلْمِيَّةٌ: ئىلمىي چۈشەنچە، ئىلمىي ئۇقۇم.

مَسْمُوحٌ ج مَسْمُوحَاتٌ: كەڭچىلىك قىلىنغان، بېجى كەچۈرۈم قىلىنغان مال.

مَسْمُوحٌ بِهِ: رۇخسەت قىلىنغان، جائىز، مۇباھ، ئىجازەت قىلىنغان.

مَسْمُوعٌ: ئاڭلىنىدىغان، ئاۋازى ئوچۇق بولغان.

مَسْمُوعُ الْكَلِمَةِ: گېپى ئاقىدىغان، گېپى ئۆتىدىغان.

مَسْمُوكٌ: قېلىن، قويۇق، پۇختا، چىداملىق، ئېگىز، چوڭ.

الْمَسْمُوكَاتُ: ئاسمان، پەلەك، كۆك، ساما.

مَسْمُومٌ: زەھەرلەنگەن.

مَسَنَ يَمْسُنُ مَسْنًا الرَّجُلَ: كىشى قوپال بولدى.

مَسَنَهُ: ئۇنى ئۇرۇپ يىقىتتى.

مَسَنَ الشَّيْءَ مِنَ الشَّيْءِ: نەرسىنى سۇغۇرۇۋالدى.

مُسْنِتٌ: قۇرغاق يەر، قۇرغاقچىلىق يىل، بوز يەر، نامرات، كەمبەغەل، يوقسۇل.

مِسْنَدٌ ج مَسَانِدُ: دىۋان، يۆلەنچۈك، تەكىيە، ياستۇق.

مُسْنَدٌ ج مَسَانِدُ: زامان، دەۋر، ۋاقىت؛ يالغان نەرسىنى دەۋا قىلغۇچى.

حَدِيْثٌ مُسْنَدٌ: سەنەدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇلانغان ھەدىس.

مُسْنَدٌ: خەۋەر جۈملە، خەۋەر، ئېنىقلىغۇچى.

مُسْنَدٌ إِلَيْهِ: (جۈملىدىكى) ئىگە.

مُسِنٌّ: ياشانغان.

مِسَنٌّ ج مَسَنَّاتٌ: بىلەي، بىلەي تاش.

مِسَنُّ الْإِسْكَافِ: يۇمشاق بىلەي.

مِسَنُّ الْمُوسَى: ئۇستىرا بىلەيدىغان بىلەي.

«سَنَّ السِّكِّيْنَ عَلَى الْمِسَنِّ»: پىچاقنى بىلەيدە بىلىدى.

مُسَنَّاةٌ ج مُسَنَّوَاتٌ وَمُسَنَّيَاتٌ: توغان، دامبا، توسما.

ثَوْبٌ مُسَنَّجٌ: ئالىبولىماچ يوللۇق كىيىم.

مُسَنَّنٌ: چىشى بار، چىشلىق، ھەرە چىشىدەك، بىسلىق، ئۇچلۇق.

مَسْنُوْنٌ: بىلەنگەن، چاقلانغان، ئىتتىكلەنگەن.

حَمَأٌ مَسْنُوْنٌ: سېسىق لاي، قارا پانچۇق.

مَسْنُوٌّ: سۇ چاقپەلىكى ئارقىلىق سۇغىرىلىدىغان يەر.

مَسْنِيٌّ: سۇ چاقپەلىكى، سۇ چاقپەلىكى ئارقىلىق سۇغىرىلىدىغان يەر.

مُسْهَبٌ: تەپسىلىي سۆزلەنگەن، ئۇزۇن سۆزلەنگەن.

مُسْهَبَةٌ: چوڭقۇر(قۇدۇقنىڭ).

مَسْهَجٌ: شامالنى توسىدىغان جاي، دالدا جاي.

مَسْهَرٌ ج مَسَاهِرُ: كەچلىك كۇلۇپ، كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى، قەھۋەخانا.

مَسْهَكٌ . مَسْهَكَةٌ: بوران ـ چاپقۇنلۇق جاي.

رِيْحٌ مَسْهَكَةٌ: قاتتىق بوران.

مُسْهِلٌ ج مُسْهِلَاتٌ: سۈرگە دورىسى.

مُسْهِلٌ خَفِيْفٌ: ئىچنى يۇمشىتىدىغان دورا.

مُسْهَلٌ: ئىچى سۈرمەك، ئىچى ئۆتمەك.

مُسَهَّرٌ: ئۇيقۇسىزلىق، بىدارلىق، ئۇخلىيالماسلىق.

مَسْهُوْلُ الْبَطْنِ: ئىچى سۈرمەك.

مِسْوَاطٌ: قاشاڭ ئات.

مِسْوَاكٌ ج مَسَاوِيْكُ: مسۋاك.

مُسْوَدَّةٌ ج مُسْوَدَّاتٌ: ئەسلىي كۆپىيە، تېكىست، دەسلەپكى نۇسخا، ئورگىنال.

مُسْوَدَّةُ الطَّبْعِ: كوررېكتورلۇق، كوررېكتورلۇق قىلىنغان نۇسخا.

لَقَدْ حَفِظْتُ مُسْوَدَّةَ هَذِهِ الْمَقَالَةِ: بۇ ماقالىنىڭ ئورگىنالىنى ساقلاپ قويدۇم.

مِسْوَرٌ . مِسْوَرَةٌ ج مَسَاوِرُ: خۇرۇم تەكيە، خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن ياستۇق.

مَسْوَسٌ: قولدىكى سۇ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغۇدەك سۇ، شېرىن سۇ، ئوتلايدىغان ئوت، زەھەر قايتۇرۇش دورىسى.

مُسَوْكَرٌ: ساقلانغان، بىخەتەر.

قُفْلٌ مُسَوْكَرٌ: بىخەتەر قۇلۇپ.

مُسَوَّرٌ: قورۇق تام، چۆرىمە تام، هويلا تېمى.

مُسَوِّغٌ ج مُسَوِّغَاتٌ: يوللۇق سەۋەب، قانۇنىي ئاساس، ئەقىلگە سىغىدىغان باهانە.

مُسَوِّغَاتُ التَّعْيِيْنِ: مەلۇم خىزمەت ئۆتەشكە تەلەپ قىلىنىدىغان دەلىل ـ ئىسپاتلار.

«مَا مُسَوِّغَاتُ تَصَرُّفِكَ هَذَا؟»: سېنىڭ بۇ هەرىكىتىڭنىڭ يوللۇق سەۋەبلىرى قايسى؟

مُسَوَّفٌ: ئارقىغا سوزۇلغان، كېچىكتۈرۈلگەن.

تِلْغِرَافَاتٌ مُسَوَّفَةٌ: ئادەتتىكى تېلېگراما، ئاددىي تېلېگراف.

مُسِيْءٌ: يامانلىق قىلغۇچى، زىيان يەتكۈزگۈچى، ئەسكى، كىشىنى خاپا قىلغۇچى، بىزار قىلغۇچى.

«لَا يَتَمَنَّى أَحَدُكُمُ الْمَوْتَ إِمَّا مُحْسِنًا فَلَعَلَّهُ يَزْدَادُ وَإِمَّا مُسِيْئًا فَلَعَلَّهُ يَسْتَعْتِبُ» «حديث»: «سىلەردىن بىرەرسى ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن، ئۇ كىشى ئەگەر ياخشى كىشى بولسا، بەلكىم ياخشىلىقنى كۆپەيتەلىشى مۇمكىن، ئەگەر يامان كىشى بولسا تەۋبە قىلىۋېلىشى مۇمكىن».

مَسِيْحٌ ج مُسَحَاءُ و مَسْحَى: گۈزەل چىراي، سۈرتۈلگەن، تەر؛ بىر پارچە كۈمۈش؛ ساياهەتچى قولياغلىقى، ئۇۋىراپ كەتكەن تەڭگە؛ يەكچەشمە؛ راستچىل.

مَسِيْحُ الدَّجَّالِ: دەججال.

اَلْمَسِيْحُ: ئىسا ئەلەيهىسسالام.

﴿إِنَّمَا الْمَسِيْحُ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ رَسُوْلُ اللّٰهِ﴾ «قرآن»: مەسىھ ئىسا ـ مەريەمنىڭ ئوغلى، پەقەت ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر.

مَسِيْحِيٌّ: خىرىستىئان، خىرىستىئان دىنىنى مۇخلىسى، ناسارا.

اَلدِّيْنُ الْمَسِيْحِيُّ / اَلْمَسِيْحِيَّةُ: خىرىستىئان دىنى.

مَسِيْخٌ: تەمسىز، تېتىقسىز، تەمى يوق، بەتتام، سەت، كۆرۈمسىز، چىرايى بۇزۇلغان.

رَجُلٌ مَسِيْخٌ: كۆرۈمسىز ئادەم.

مَسِيْخٌ مِنَ الطَّعَامِ: تەمسىز تاماق.

مَسِيْرٌ: مېڭىش، پىيادە مېڭىش، ھەرىكەتلىنىش.

مَسِيْرَةٌ: مۇساپە، ئارىلىق.

الْمَسِيْرَةُ البحرية الْكُبْرَى: ئۇزۇن سەپەر.

مَسِيْسٌ: تۇتماق، تەگمەك، ساراڭلىق.

عِنْدَ مَسِيْسِ الْحَاجَةِ: زۆرۈر تېپىلغاندا، زۆرۈر بولغاندا، لازىم بولغاندا، ئېھتىياج چۈشكەندە.

«الْمَنْكُوْبُ فِي مَسِيْسِ الْحَاجَةِ إِلَى الْإِعَانَةِ»: ئاپەتكە ئۇچرىغۇچى ياردەمگە جىددىي موھتاج .

مُسَيْطِرٌ: باشقۇرغۇچى، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى، كۆزەتكۈچى.

مِسْيَعَةٌ: ئەندۇۋا.

مَسِيْكٌ ج مُسْكٌ: بېخىل، پىخسىق، پىششىق، چىڭ تۇتماق.

مَا فِيْهِ مَسِيْكٌ: قىلچە پايدىسى يوق.

مَسِيْلٌ ج أَمْسِلَةٌ وَمُسُلٌ ومَسَايِلُ: ئېقىن، ئۆستەڭ، ھۆل نۇقتا ، ئاقما، بوتقا.

مُسِيْلٌ: ئاققۇزغۇچى.

مُسِيْلُ الدُّمُوْعِ: ياش ئاققۇزغۇچى.

غَازَ مُسِيْلُ الدُّمُوْعِ: ياش ئاققۇزىدىغان گاز.

مِسْيَلٌ: ئاربىئومېتىر، لەيلىمە تارازا (سۇيۇقلۇقنى ئۆلچىگۈچ).

مُسَيَّجٌ: قاشالانغان، چىتلانغان، ۋادەك بىلەن قورشالغان.

مُسَيَّحٌ مُخَطَّطٌ: يوللۇق، يولى بار (رەختنىڭ).

زُبْدَةٌ مُسَيَّحَةٌ: پىششقلاپ ئېشلەنگەن سېرىقماي.

مُسَيِّرٌ: يول باشلىغۇچى.

مُسَبَّرٌ: يول-يول سىزىقلىق.

مُشْ: بولمايدۇ، ياق، ئەمەس. (يەرلىك شېۋە)

مُشْ لازم: لازىم ئەمەس.

مَشَابِهٌ: ئوخشاش.

الْمُشَاةُ: پىيادە ئەسكەرلەر ئەترىتى.

مُشَاةُ الْبَحْرِيَّةِ: دېڭىز ئارمىيە قۇرۇقلۇق قىسمى.

سِلَاحُ الْمُشَاةِ: پىيادە قىسىم.

مُشَاتَمَةٌ: تىللىشىش، جېدەللىشىش.

مُشَاجَرَةٌ: تالاش-تارتىش قىلىشماق، جېدەللەشمەك.

مُشَاحَّةٌ: دەتالاش، جېدەل-ماجىرا.

لَا مُشَاحَّةَ فِي كَذَا: بەس-مۇنازىرىسىز، تالاش-تارتىشسىز.

مُشَاحَنَةٌ: دۈشمەنلەشمەك، ئۆچ كۆرمەك.

مُشَادَّةٌ ج مُشَادَّاتٌ: تالاش-تارتىش قىلماق، مۇنازىرە قىلماق.

جَرَتْ بَيْنَهُمَا مُشَادَّةٌ كَلَامِيَّةٌ: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گەپ تالىشىش بولدى.

مُشَارٌ إِلَيْهِ: يۇقىرىدا ئېيتىلغان، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان.

مَشَارَةٌ ج مَشَاوِرُ: تېرىلغۇ يەر.

مُشَارِزٌ: قوپال، قاتتىق، مىجەزى ئۇسال.

مُشَارِكٌ: شېرىك، خىزمەتداش، جورا، يولداش، ئۈلپەت، ھەمراھ، ھەمكارلاشقۇچى، ئورتاقلاشقۇچى.

أُسْتَاذٌ مُشَارِكٌ: بەزى ئەرەب دۆلەتلىرى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا پروفېسسور بىلەن دوتسېنت ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل ئىلمىي ئۇنۋان.

مُشَارَكَةٌ: قاتناشماق، ھەمكارلاشماق، ئورتاقلاشماق.

مُشَارَكَةُ الْأَتْرَاحِ وَالْأَفْرَاحِ: جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولماق.

مِشَاطَةٌ: ساتىراشلىق.

مُشَاطِرٌ: قوشنا، ھەمراھ.

مُشَاعٌ: تارقاتقۇچى، يايغۇچى، ئېلان قىلغۇچى، ئومۇمىي، ئورتاق، بىللە، ئوخشاش.

مِلْكٌ مُشَاعٌ: تەڭ پايدىلىنىش ھوقۇقى.

مَشَاعِلِيٌّ ج مَشَاعِلِيَّةٌ: مەشئەل كۆتۈرگۈچى.

مُشَاعِيَّةٌ: كوممۇنا، يېزا.

الْمُشَاعِيَّةُ الْبَدَائِيَّةُ: ئىپتىدائىي كوممۇنا.

مُشَاغِبٌ: قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغۇچى، ئىغۋاگەر، جېدەل تېرىغۇچى.

مُشَاغَبَةٌ: ئىغۋاگەرلىك قىلماق، جېدەل-ماجىرا تېرىماق، قۇتراتماق.

مَشَاغِلُ: ئىش، خىزمەت.

لَدَيَّ مَشَاغِلُ كَثِيرَةٌ فِي هَذِهِ الْأَيَّامِ: مۇشۇ كۈنلەردە مېنىڭ ئىشىم جىق.

مُشَافَهَةٌ: سۆزلەشمەك.

مُشَافَهَةً: ئاغزاكى.

مُشَاقَةٌ: چاچ تارىغاندا چۈشكەن چاچ.

مُشَاكَاةٌ: شىكايەت قىلماق.

مُشَاكَسَةٌ: جېدەللەشمەك، جاڭجاللاشماق.

مُشَاكَلَةٌ: ئوخشاپ كېتىدىغان، ئوخشاشلىق، ئىككى خىل ئارىلاشما رەڭ.

مُشَاكَهَةٌ: ئوخشاشلىق، ئوخشىماقلىق.

بَيْنَهُمَا مُشَاكَهَةٌ: ئۇلار ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

مَشَالٌ: ھامال ئىش ھەققى.

مُشَاهِدٌ: ئېكىسكۇرسىيىچى، زىيارەتچى، كۆزدىن كەچۈرگۈچى.

مُشَاهَدٌ: كۆرگىلى بولىدىغان، كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان.

مُشَاهَدَاتٌ .الْمُشَاهَدَاتُ: سەزگۈ ئەزالار بىلەن سەزگىلى بولىدىغان شەيئىلەر.

مُشَاهَدَةٌ: كۆزدىن كەچۈرمەك، ئېكىسكۇرسىيە قىلماق.

الْمُكَاتَبَةُ نِصْفُ الْمُشَاهَدَةِ: خەت يېزىشىپ تۇرۇش يېرىم دىداردۇر.

مُشَاهَرَةٌ: ئايمۇئاي، ئاي بويىچە.

دَفْعُ الرَّوَاتِبِ بِمُشَاهَرَةٍ: ئاي بويىچە مائاش تارقىتىش.

مُشَاوَبٌ ج مَشَاوِبُ: شىشىنىڭ قېپى.

مُشَاوَرَةٌ: كېڭەش، كېڭەشمە، يىغىن.

مُشَايِعٌ: ھەۋەسكار، ھېرىسمەن.

بِالْمُشَايَلَةِ: ئۇلگۈچە ساتماق، توپ باھادا ساتماق.

مُشَايَنَةٌ: سەتلىمەك، ئەيىبلىمەك.

مِشَاةٌ ج مَشَاءٍ: سېۋەت.

مَشْأَمَةٌ ج مَشَائِمُ: سول، سول تەرەپ.

﴿وَأَصْحَابُ الْمَشْأَمَةِ مَا أَصْحَابُ الْمَشْأَمَةِ﴾ «قۇرئان»: (ئىككىنچى پىرقە) بەختسىز ئادەملەردۇر، بەختسىز ئادەملەر قانداق ئادەملەر؟

مَشْؤُوزٌ: ئەنسىز، خاتىرجەمسىز.

مَشْؤُوفٌ: چۆچۈپ كەتكەن، ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن، پۇتىغا چاقا چىقىپ قالغان.

مَشْؤُومٌ: ئۇمىدسىزلىك، شۇملۇق ئالامىتى، يامانلىق ئالامىتى، شۇملۇق.

«رَجُلٌ مَشْؤُومٌ»: بىتەلەي ئادەم.

مِشْبَاحٌ: ئىككى كۆزلۈك فوتو ئاپپارات.

مُشَبَّحٌ: تۇتۇق.

الصُّوَرُ الْمُشَبَّحَةُ: ئېكراندىكى سۈرەت، نۇر بىلەن قايتۇرۇلغان سۈرەت.

مُشَبَّعٌ بِالْمَاءِ: سۇ تويۇپ كەتكەن.

مُشَبَّعٌ بِالْهَوَاءِ: ھاۋا تويۇپ كەتكەن.

مُشَبَّكٌ: ئارىلاشقان، چىگىچلىشىپ كەتكەن، مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن، پەنجىرە.

مُشَبَّمٌ: ئاغزى يۇمۇلغان.

مُشَبِّهَةٌ / الْمُشَبِّهَةُ: دىنى پىرقە بولۇپ، ئۇلار

ئاللاھنى مەخلۇققا ئوخشىتىدۇ.

إِيَّاكَ وَالْمُشَبَّهَاتِ: تۇتۇق مەسىلىلەردىن ساقلان.

مَشْبَرٌ مَشْبَرَةٌ ج مَشَابِرُ: پەس ئېقىن.

مُشْبِعٌ: قانائەت قىلغۇچى؛ مول، باي، كۆپ.

مُشْبَعٌ: تويۇنغان.

جَوٌّ مُشْبَعٌ بِالرَّطُوْبَةِ: نەم ھاۋا.

مِشْبَكٌ ج مَشَابِكُ: قىسقۇچ، مېداليون.

مِشْبَكُ الْغَسِيْلِ: كىر يايىدىغان قىسقۇچ.

مِشْبَكُ الشَّعْرِ: چازا. چاچ قىسقۇچ.

مِشْبَكُ الْوَرَقِ: قەغەز قىسقۇچ.

مُشْبِلٌ / اللَّبُؤَةُ الْمُشْبِلُ: كۈچۈكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ماڭغان يولۋاس.

مَشْبُوْبٌ م مَشْبُوْبَةٌ ج مَشَايِيْبُ: چېچەن، ئەقىللىق، ھوشيار.

مَشْبُوْبٌ مِنَ الرِّجَالِ: ئەقىللىق، زېرەك، چېۋەر ئادەم.

نَارٌ مَشْبُوْبَةٌ: يېنىۋاتقان ئوت، كۆيۈۋاتقان ئوت.

الْمَشْبُوْبَتَانِ: ۋېنېرا ۋە مارس (يۇلتۇزلىرى).

مَشْبُوْحُ الذِّرَاعَيْنِ: غولى كەڭ، بېلىكى توم.

مَشْبُوْلٌ مِنْ مَكَانٍ: ئارسلان كۆپ جاي، شىر بالىسى كۆپ جاي.

مَشْبُوْهٌ ج مَشْبُوْهُوْنَ: گۇمانلىق.

مَشْبُوْهٌ بِهِ: يۈرۈش-تۇرۇشى گۇمانلىق ئادەم؛ گۇمانلىق ئادەم.

إِمْرَأَةٌ مَشْبُوْهَةٌ: يۇقىرى دەرىجىلىك پاھىشە ئايال.

مَشْتَاةٌ ج مَشَاتٍ: قىشلاق، قىشلايدىغان جاي.

مُشْتَاعٌ: ھەمكارلاشقۇچى.

مُشْتَاقٌ: ئىشتىياق باغلىغۇچى، سېغىنغۇچى.

«فَأَتَيْتُ مُشْتَاقًا أَحِنُّ إِلَيْكَ مِنْ أَقْصَى بِلاَدِ الصِّيْنِ مِنْ كَشْغَارٍ»: مەن جۇڭگونىڭ يىراق شەھىرى — قەشقەردىن ئۆزلىرىنى سېغىنىپ كەلدىم.

مُشْتَاقٌ إِلَيْهِ: سېغىنغان، سېغىنىشلىق.

مُشْتَبِهٌ: مۇجمەل، تۇتۇق.

مُشَتَّتٌ: پارچىلانغان، پارە-پارە قىلىنىۋېتىلگەن، چېچىلاڭغۇ، تارقاق.

مُشْتَدَحٌ: كەڭ زېمىن، ئورۇن.

لَكَ عَنْهُ مُشْتَدَحٌ: سېنىڭ تاللىنىشىڭغا ئورۇن بار.

مُشْتَرِعٌ: قانۇن چىقارغۇچى.

مُشْتَرِكٌ: رويخەتكە ئالدۇرۇپ قويغۇچى، تىزىمغا ئالدۇرۇپ قويغۇچى.

مُشْتَرَكٌ: ئورتاق، ئاممىباب؛ بىرلەشمە.

لَفْظٌ مُشْتَرَكٌ: مەنىداش سۆزلەر.

حَائِطٌ مُشْتَرَكٌ: تام قوشنا.

رَأْسُ الْمَالِ مُشْتَرَكٌ: دەسمايە ئورتاق.

رَأْيٌ مُشْتَرَكٌ: ئورتاق پىكىر.

الضِّمَانُ الْمُشْتَرَكُ: سۇغۇرتا شىركىتى.

السُّوْقُ الْأَوْرُوْبِيَّةُ الْمُشْتَرِكَةُ: ياۋروپا ئورتاق بازىرى.

مُشْتَرٍ: سېتىۋالغۇچى، خېرىدار.

اِزْدَحَمَ الْمَتْجَرُ بِالْمُشْتَرِيْنَ اِزْدِحَامًا شَدِيْدًا: تىجارەت ئورنى خېرىدارلار بىلەن قىستا-قىستاڭ بولۇپ كەتتى.

الْمُشْتَرِي: يوپىتىر.

مُشْتَرًى ج مُشْتَرَيَاتٌ وَمُشْتَرَوَاتٌ: سېتىۋالىدىغان بۇيۇم.

مَكْتَبُ الْمُشْتَرَوَاتِ: سېتىۋېلىش ئورنى.

مُشْتَعِلٌ: يالقۇنلىغۇچى، كۆيگۈچى، يانغۇچى.

مُشْتَغِلٌ: ئەمگەكچى، ئالدىراش ئىشى بار، تىرىشچان.

مُشْتَقٌّ ج مُشْتَقُّوْنَ: خام سۆز، ياسالما سۆز، كېلىپ چىققان.

مُشْتَكٍ: دەۋاگەر، شىكايەت قىلغۇچى.

مُشْتَكًى عَلَيْهِ: ئەرز قىلىنغۇچى، جاۋابكار.

مَشْتَلُ النَّبَاتِ ج مَشَاتِلُ: كۆچەتلىك، كۆچەتزارلىق.

مُشْتَمِلٌ: ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى.

مُشْتَمَلَاتٌ: مەزمۇن، مەنە، كاتالوگ، مۇندەرىجە.

مُشْتَهَاةٌ: تۇرمۇش قۇرۇشقا لايىق بولغان.

مُشْتَهٍ: ئارزۇ قىلغۇچى.

مُشْتَهِي مَالِ الْغَيْرِ: ھەسەتخور.

مُشْتَهًى ج مُشْتَهَيَاتٌ: ئارزۇلۇق، نەپسگە ياقىدىغان، تەملىك، مەززىلىك.

مَشْئُومٌ: تىللانغان، ھاقارەتلەنگەن.

مَشْتًى: قىشلاق، قىشلايدىغان جاي.

مَشَجَ يَمْشُجُ مَشْجًا الشَّيْءَ بِالشَّيْءِ: نەرسىنى ئارىلاشتۇردى.

مَشْجٌ ج أَمْشَاجٌ: ئارىلاشما، ئارىلاشما جىنسىم، ئارىلاشما ماددا، بىرىكمە مىكسىنورا، (بىرىكمە دورا).

﴿إِنَّا خَلَقْنَا الْإِنسَانَ مِن نُّطْفَةٍ أَمْشَاجٍ﴾ «قرآن»: شۈبھىسىزكى، بىز ئىنساننى ئارىلاشما مەنىدىن ياراتتۇق.

مَشْجَبٌ ج مَشَاجِبُ: كىيىم ئاسقۇچ.

مُشَجَّرٌ: دەرەخ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن.

ثَوْبٌ مُشَجَّرٌ: دەرەخ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن رەخت.

مَشْجَرٌ: دەرەخزارلىق، ئورمانلىق.

مَشْجِرٌ: دەرەخزارلىق.

مَكَانٌ مَشْجِرٌ: دەرەخزارلىق جاي.

مَشَحَ يَمْشَحُ مَشْحًا الْمَرِيضَ: كېسەل ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن كېسەلنى مايلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، (كاتولىك دىنىدا).

مِشْحَاذٌ ج مَشَاحِيذُ: دۆك، تۆپىلىك.

مِشْحَجٌ: قولان، ياۋا ئېشەك.

مُشَحَّمٌ: سېمىز.

مِشْحَذٌ . مِشْحَذَةٌ ج مَشَاحِذُ: چاقلاش ئىستانوكى، بىلەي.

هَذَا الْكَلَامُ مِشْحَذَةٌ لِلْفَهْمِ: بۇ سۆز چۈشىنىشنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.

مَشْجَرَةٌ ج مَشَاجِرُ: كوكس ئىشلەيدىغان جاي.

مِشْحَطٌ: بېدىش.

مُشْحِمٌ: مايلىق، ياغلىق.

مَشْحُوذٌ: پىچاق، قىلىچ، شەمشەر.

مَشْحُونٌ: تولدۇرۇلغان.

مَرْكَبٌ مَشْحُونٌ: يۈك پاراخوتى.

﴿فَأَنجَيْنَاهُ وَمَن مَّعَهُ فِي الْفُلْكِ الْمَشْحُونِ﴾ «قرآن»: بىز ئۇنى ۋە (ئادەملەر، ھايۋانلار بىلەن) لىق تولغان كېمىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنى قۇتقۇزدۇق.

مَشْحُونَاتٌ: مال، يۈك.

مَشَخَّةٌ ج مَشَخَّاتٌ: ھاجەتخانا.

مُشَخِّصٌ: ئارتىس؛ ئىجرا قىلغۇچى، ئورۇنلىغۇچى.

مُشَخِّصَةٌ: ئايال ئارتىس.

مِشْخَلٌ . مِشْخَلَةٌ ج مَشَاخِلُ: سۈزگۈچ.

مِشْدَخٌ . مِشْدَخَةٌ ج مَشَادِخُ: يانجىش ماشىنىسى.

مِشَدٌّ ج مِشَدَّاتٌ: بەنداش.

مُشَدَّدٌ: تەكىتلەنگەن، كۈچەيتىلگەن.

حَرْفٌ مُشَدَّدٌ: تەشدىدلىك ھەرپ.

ظُرُوفٌ مُشَدَّدَةٌ: قىيىن شارائىت.

مُشْدِنٌ ج مَشَادِنُ: كېيىك ئوغلىقى.

مَشْدُودٌ: جىددىي، جىددىيلەشتۇرمەك، چىڭ.

مَشْدُوهٌ: ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالغان، ھەيران قالغان.

مِشْذَبٌ: ئورغاق، دەرەخ پۇتاش قايچىسى، ئورمان قايچىسى.

مُشَذَّبٌ: پۇتىۋېتىلگەن، قىرقىۋېتىلگەن.

فَرَسٌ مُشَذَّبٌ: زور ئات.

مِشْرَاطٌ ج مَشَارِطُ وَمَشَارِيطُ: ئوپېراتسىيە پىچىقى.

مِشْرَاقٌ: كۈن چىقىدىغان جاي.

مَشْرَبٌ . مَشْرَبَةٌ ج مَشَارِبُ: ئىچىدىغان جاي؛ سۇ مەنبەسى؛ ھەۋەس، خۇشتار.

**مَشْرَبُ الْقَهْوَةِ:** قەھۋەخانا.

﴿قَدْ عَلِمَ كُلُّ أُنَاسٍ مَّشْرَبَهُمْ﴾ «قرآن»: ھەممە ئادەم (يەنى قەبىلە) ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئورنىنى بىلدى.

**مَشْرَبُ الْبِيرَةِ:** پىۋا دۇكىنى.

**مَشْرَبُ الرَّجُلِ:** كىشىنىڭ مەسلىكى.

**هَؤُلَاءِ قَوْمٌ اِخْتَلَفَتْ مَشَارِبُهُمْ:** ئۇلار مەسلەكداش بولمىغان كىشىلەر.

**مَشْرَبَةٌ:** قاۋاقخانا.

**مَشْرَبِيَّةٌ:** لاپاسلىق بالكون.

**مُشْرَجٌ:** ئۇزۇن، ئۇزارتىلغان.

**مَشْرَحَةٌ ج مَشَارِحُ:** ئاناتومىيە، ئوپېراتسىيە ئۈستىلى.

**مُشْرَبٌ بِحُبِّ كَذَا:** سۆيۈملۈك، ياخشى كۆرىدىغان.

**مُشْرَجٌ:** كۆك سىيلىنغان، قوپال تىكىلگەن.

**مُشَرِّحٌ:** يارغۇچى، ئوپېراتسىيە قىلغۇچى؛ ئاناتومىك، ئاناتومىيە ئالىمى.

**مُشَرَّدٌ:** سۈرگۈن قىلىنغان، پالانغان، قوغلانغان؛ لۈكچەك.

**مُشَرَّزٌ:** قاتتىق چىگىلگەن، تىكىلگەن.

**مُشَرَّسٌ:** يىلتىز تارتقان.

**مُشَرَّطٌ:** دەز، چاك، يېرىق.

**مُشَرِّعٌ ج مُشَرِّعُونَ:** قانۇن چىقارغۇچى، قانۇن تۈزگۈچى.

**رَاعَى الْمُشَرِّعُ فِي قَانُونِ الضَّرَائِبِ التَّخْفِيفَ عَنِ الطَّبَقَةِ الْكَادِحَةِ:** قانۇن چىقارغۇچى ئەمگەكچىلەر ئۈستىدىكى باج قانۇنىنى يېنىكلىتىشنى كۆزدە تۇتقان.

**مُشَرَّفٌ:** ھۆرمەتلىك، ئىززەتلىك، قەدىرلىك، قەدىردان، مۆھتەرەم.

**الْكَعْبَةُ الْمُشَرَّفَةُ:** ھۆرمەتلىك كەئبە.

**مُشَرْشَرٌ:** چىشلىق.

**مِشْرَطٌ:** ئوپېراتسىيە پىچىقى.

**مُشْرِفٌ ج مُشْرِفُونَ:** باشقۇرغۇچى.

**مُشْرِفٌ عَلَى الْعَمَلِ:** نازارەتچى.

**مُشْرِفٌ عَلَى الْمَكَانِ:** ئېگىزدىن قارىغۇچى.

**مُشْرِفٌ عَلَى الْمَوْتِ:** سەكراتتا چۈشۈپ قالغۇچى، ھالاكەتكە يۈزلەنگۈچى.

**مُشْرِفٌ اِجْتِمَاعِيٌّ:** ئىجتىمائىي ئىشلار رىياسەتچىسى.

**مُشْرِفٌ تَرْبَوِيٌّ:** تەربىيە رىياسەتچىسى.

**دَخَلَ الْمُدَرِّسُ الْمُشْرِفُ الْفَصْلَ:** مەسئۇل ئوقۇتقۇچى سىنىپقا كىردى.

**مُشْرَفٌ ج مَشَارِفُ:** بالكون، ئايۋان، پېشايۋان.

**مَشَارِفُ الْأَرْضِ:** ئېگىزلىكلەر، ئېگىز يەرلەر.

**مَشَارِفُ الْمَدِينَةِ:** شەھەر ئەتراپى.

**حَلُّوا مَشَارِفَ الْأَرْضِ:** زېمىنىنىڭ ئېگىز جايلىرىغا چۈشۈشكىلار.

**سَيْفٌ مَشْرَفِيٌّ:** يەمەندە سوقۇلغان قىممەتلىك قىلىچ.

**مَشْرِقٌ:** كۈن چىقىدىغان جاي.

**مَشْرِقٌ ج مَشَارِقُ:** شەرق، شەرق تەرەپ.

**فِي مَشَارِقِ الْأَرْضِ وَمَغَارِبِهَا:** شەرق ۋە غەربتە، پۈتۈن دۇنيادا.

﴿لَيْسَ الْبِرَّ أَن تُوَلُّوا وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ﴾ «قرآن»: سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ.

**مُشْرِقٌ:** يالتىراق، پارقىراق، نۇر چېچىپ تۇرىدىغان، نۇرلۇق؛ يورۇتقۇچى.

﴿فَأَخَذَتْهُمُ الصَّيْحَةُ مُشْرِقِينَ﴾ «قرآن»: كۈن چىقار ۋاقتىدا ئۇلارغا قاتتىق چۇقان يۈزلەندى.

**الْمَشْرِقَانِ:** شەرق بىلەن غەرب.

﴿يَا لَيْتَ بَيْنِي وَبَيْنَكَ بُعْدَ الْمَشْرِقَيْنِ فَبِئْسَ الْقَرِينُ﴾ «قرآن»: كاشكى سەن بىلەن مېنىڭ ئارامدا

شەرق بىلەن غەربىنىڭ ئارىسىدىكى ئارىلىق بولسا ئىكەن، سەن نېمىدېگەن يامان ھەمراھ.

مَشْرِقَةٌ: كۈن چىقىدىغان جاي.

مَشْرِقِيٌّ ج مَشَارِقَةٌ: شەرقلىق.

جَرَفٌ مَشْرِقِيٌّ: شەرق تەرەپ.

مُشْرِكٌ: خۇداغا شېرىك كەلتۈرگۈچى، بۇتپەرەس، مۇشرىك.

﴿وَلَعَبْدٌ مُّؤْمِنٌ خَيْرٌ مِّن مُّشْرِكٍ وَلَوْ أَعْجَبَكُمْ﴾ «قرآن»: (ھۆر) مۇشرىك ئەرلەر سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ مۇئمىن قۇل ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر.

مُشْرِكِيٌّ: خۇداغا شېرىك كەلتۈرگۈچى، بۇتپەرەس، مۇشرىك.

مَشْرُوبٌ ج مَشْرُوبَاتٌ: ئىچىملىكلەر.

مَشْرُوبٌ رُوحِيٌّ: ھاراق.

طَلَبَ مَشْرُوبًا: (مەيلى سۇغۇق بولسۇن، مەيلى قىزىق بولسۇن) ئۇسسۇزلۇق تەلەپ قىلدى.

مَشْرُوبَاتٌ رُوحِيَّةٌ / مَشْرُوبَاتٌ كُحُولِيَّةٌ: ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەر، مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەر.

مَشْرُوبَاتٌ مُرَطِّبَةٌ: سوغۇق ئىچىملىكلەر.

مَشْرُوبَاتٌ وَمَأْكُولَاتٌ: ئىچىملىكلەر ۋە يېمەكلىكلەر.

مَشْرُوخٌ: چېقىلغان، دەز كەتكەن، يېرىلغان.

مَشْرُوعٌ ج مَشْرُوعَاتٌ وَمَشَارِيعُ: پىلان، لايىھە؛ ئىش؛ كارخانا؛ قانۇنلۇق، توغرا.

مَشْرُوعٌ قَانُونٌ: تەكلىپ، تەكلىپ لايىھىسى، قانۇن لايىھىسى.

مَشْرُوعٌ كَهْرَبَةٌ: سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى.

بَاعِثٌ مَشْرُوعٌ: مۇددىئاسى ئېنىق.

غَيْرُ مَشْرُوعٍ: قانۇنسىز، قانۇنسىزلىق.

نَفَذَ الْمَشْرُوعَ بِكُلِّ دِقَّةٍ: قانۇننى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىجرا قىلدى.

عَرَضَ الْمَشْرُوعَ عَلَى مَجْلِسِ الْإِدَارَةِ: ئىدارە ھەيئىتىگە پىلانىنى سۇندى.

اَكْسِبْ رِزْقَكَ بِالطُّرُقِ الْمَشْرُوعَةِ: رىزقىڭنى قانۇنىي يوللار بىلەن قولغا كەلتۈر.

مَشْرُوعِيَّةٌ: كارخانا؛ ئىش، پىلان، قانۇنلۇق، قانۇنىي تۈزۈم.

مَلْقَى الطُّرُقِ: تۆت كوچا ئېغىزى.

مُلْقًى: تاشلانغان، ئېتىلغان، تاشلىۋېتىلگەن، چۆرۈۋېتىلگەن.

مُلْقَى الْكُنَاسَاتِ: ئەخلەت ساندۇقى.

مَلَكَ يَمْلِكُ مُلْكًا وَمَلَكَةً وَمَمْلَكَةً الشَّيْءَ: نەرسىنى ئىگىلىدى، ئىگە بولدى، قولغا ئالدى.

﴿إِنِّي وَجَدتُّ امْرَأَةً تَمْلِكُهُمْ﴾ «قرآن»: مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا (يەنى سەبە ئاھالىسىگە) بىر ئايالنىڭ (يەنى بىلقىسنىڭ) پادىشاھلىق

قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

**مَلَكَ شَيْأً بِصُورَةٍ غَيْرِ شَرْعِيٍّ:** قانۇنسىز يول بىلەن نەرسە ئىگىلىدى.

**مَلَكَ عَلَى:** باشقۇردى، ئىدارە قىلدى، ھۆكۈمرانلىق قىلدى؛ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

**مَلَكَ نَفْسَهُ أَوْ حَوَاسَّهُ:** ئۆزىنى تۇتتى، ئۆز نەپسىدىن كەچتى، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

**مِلْكٌ ج أَمْلَاكٌ وَمُلُوكٌ:** مال-مۈلۈك، تەئەللۇق، ئىگىدارچىلىق؛ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى.

**﴿مَا أَخْلَفْنَا مَوْعِدَكَ بِمَلْكِنَا﴾** «قرآن»: ساڭا بەرگەن ۋەدىگە ئۆزلۈكىمىزدىن خىلاپلىق قىلغىنىمىز يوق.

**مِلْكٌ مَنْقُولٌ:** كۆچمە مۈلۈك.

**مِلْكٌ ثَابِتٌ:** كۆچمەس مۈلۈك.

**مِلْكٌ مُشَاعٌ:** ئامىۋى ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى.

**صَاحِبُ الْمِلْكِ:** ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى، مۈلۈك ئىگىسى، مۈلۈكدار.

**عَوَائِدُ الْأَمْلَاكِ:** مال-مۈلۈك بېجى.

**مَلِكٌ وَمَلْكٌ ج مُلُوكٌ وَأَمْلَاكٌ:** پادىشاھ، خان، شاھ، ئەمىر.

**الْمَلِكُ:** ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ پادىشاھى مۇتلەق دېگەن مەنىدە.

**﴿فَتَعَالَى اللَّهُ الْمَلِكُ الْحَقُّ﴾** «قرآن»: ئاللاھ ئۈستۈندۇر، ھەق پادىشاھدۇر.

**مَلِكُ الْغَابَةِ:** يولۋاس.

**مَلِكُ الْمَمْلَكَةِ الْعَرَبِيَّةِ السُّعُودِيَّةِ:** سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پادىشاھى.

**حَبُّ الْمُلُوكِ:** ئىنەكپىتى.

**دَاءُ الْمُلُوكِ:** يەللىك بوغۇم ئاغرىقى.

**مَلَكٌ ج مَلَائِكَةٌ:** پەرىشتە.

**مُلْكٌ:** ھۆكۈمران، ھاكىمىيەت؛ پادىشاھلىق، خانىدانلىق.

**مَلِكَةٌ ج مَلِكَاتٌ:** خانىش، پادىشاھنىڭ خوتۇنى، مەلىكە، ئايال پادىشاھ.

**مَلِكَةُ النَّحْلِ:** ئانا ھەرە، ھەرە پادىشاھى.

**مَلَكَةٌ ج مَلَكَاتٌ:** ئالاھىدە سۈپەت، ئالاھىدىلىك، مەلەكە؛ بىۋاسىتە سېزىم، بەلىقە؛ ئادەت؛ قابىلىيەت.

**مِلْكَمَةٌ ج مَلَاكِمُ:** بوكسچىلىق پەلىيى.

**مَلَكُوتٌ:** پادىشاھلىق؛ ئىمپېراتورلۇق، سەلتەنەت.

**﴿أَوَلَمْ يَنظُرُواْ فِي مَلَكُوتِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ﴾** «قرآن»: ئۇلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ سەلتەنىتى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟

**مِلْكِيٌّ:** مال-مۈلۈكنىڭ، مال-مۈلۈك جەھەتتە، ئىگىدارلىق ھوقۇقىنىڭ.

**مَلَكِيٌّ:** پەرىشتىنىڭ، پەرىشتىگە ئائىت.

**مَلِكِيٌّ:** پادىشاھنىڭ، پادىشاھقا ئائىت.

**نِظَامٌ مَلِكِيٌّ:** پادىشاھلىق تۈزۈم.

**أَمْرٌ مَلِكِيٌّ:** شاھانە پەرمان، ئەمر-پەرمان، بۇيرۇق، شاھ پەرمانى.

**مُسْتَشَارٌ مَلِكِيٌّ:** ئوردا مەسلىھەتچىسى.

**مُوَظَّفٌ مَلِكِيٌّ:** ئوردا ئەمەلدارى.

**الْقَصْرُ الْمَلِكِيُّ:** پادىشاھنىڭ سارىيى، پادىشاھنىڭ ئوردىسى.

**مِلْكِيَّةٌ:** ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى؛ مۈلۈكچىلىك.

**الْمِلْكِيَّةُ الْعَامَّةُ:** دۆلەت ئىگىدارچىلىقى.

**مِلْكِيَّةٌ خَاصَّةٌ:** شەخسىي مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى.

**بِيَدِيْ عَقْدُ مِلْكِيَّةِ هَذِهِ الْأَرْضِ:** بۇ يەرنىڭ ئىگىدارچىلىق توختامى مېنىڭ ئىلكىمدە.

**مِلْكِيَّةٌ مُشْتَرَكَةٌ:** ئورتاق ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى.

**حُكُومَةٌ مَلَكِيَّةٌ:** پادىشاھلىق ھۆكۈمەت.

**الْأُسْرَةُ الْمَلَكِيَّةُ:** خان جەمەتى.

**مَلَابِسُ مَلَكِيَّةٌ:** شاھانە تون.

**مَلَكِيَّةٌ وِرَاثِيَّةٌ:** تەختنى مىراسخورلۇق تۈزۈمى.

**مَلِكِيَّةٌ:** خانلىق تۈزۈم، پادىشاھلىق تۈزۈم، مونارخىيە، مونارخىيىلىك تۈزۈم.

**مَلَّ يَمُلُّ / يَمَلُّ مَلًّا:** زېرىكتى، ئىچى پۇشتى، تىت-تىت بولدى.

**مَلَّ الثَّوْبَ:** كىيىمنى يوغان-يوغان تىكتى، شىرىدى.

**مَلَّ يَمَلّ مَلَلًا وَمَلاَلًا وَمَلَّةً وَمَلاَلَةً الشَّيْءَ وَمِنْهُ:** يامان كۆردى، ئۆچمەنلىك قىلدى، نارازى بولدى، بىزار بولدى، جانغا تەگدى، زېرىكتۈردى، بىزار قىلدى.

**رَجُلٌ لَا يَمَلّ:** ھارماس ئادەم.

**«خُذُوْا مِنَ الْعَمَلِ مَا تُطِيْقُوْنَ فَإِنَّ اللّٰهَ لَا يَمَلّ حَتَّى تَمُلّوْا»** «حديث»: تائەت، ئىبادەتلەردىن تاقەت قىلالايدىغانلىرىڭلارنى قىلىڭلار، چۈنكى سىلەرگە مالال كەلمىگۈچە ئاللاھقا مالال كەلمەيدۇ.

**لَقَدْ مَلَلْتُ مِنَ السَّفَرِ بِالْقِطَارِ فَأَنَا لَمْ أَبْرَحْهُ طِوَالَ نَهَارَيْنِ وَلَيْلَتَيْنِ:** پويىزدا ئىككى كېچە-كۈندۈز مېڭىپ پويىزدا مېڭىشقا تويدۇم.

**مَلٌّ:** تىت-تىت بولماق، ئىچى تىتىلدىماق، مالال بولماق، بىزار بولماق، زېرىكمەك، چارچىماق.

**مَلَلٌ:** زېرىكمەك، مالال بولماق.

**مَلَّاحٌ:** ماتروس، دېڭىزچى، پاراخوت خىزمەتچىسى؛ پورت يول باشلىغۇچىسى؛ تۇزچى، تۇز ساتقۇچى.

**مَلَّاحَةٌ:** تۇز كانى، تۇز ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى، تۇزخانا، تۇز كۆلى، تۇز چىقىدىغان كۆل، تۇز ماكانى، تۇز قاچىسى.

**مُلَّاحِيٌّ:** ئاق ئۈزۈم، ئاق ئۇزۇن ئۈزۈم، مۇناقى ئۈزۈم، بېجاقىي ئۈزۈم.

**مَلَّاسَةٌ:** تىرنا، سۆرەم.

**مَلَّاقٌ:** تەخسكەش، يالاقچى، خۇشامەتچى.

**مَلَّاقَةٌ:** سۆرەم، تىرنا.

**مَلَّالَةٌ:** سەۋرسىز، چۇس، قىزىققان.

**مَلَّأَ يُمَلِّئُ تَمْلِئَةً:** تولدۇردى، قاچىلىدى، تولدۇرۇۋەتتى.

**مُلَّةٌ ج مُلَلٌ:** تۆلمەك، زىغ-زىغ سالماق.

**مُلَّةُ السَّرِيْرِ:** تۆشەك ئاستىغا قويۇلىدىغان كارىۋات ئۈستىدىكى تاختا.

**مَلَّةٌ:** رايى يېنىپ كەتمەك، زېرىكمەك؛ قىزىغان چاغدا چىقىدىغان تەر، چوغ، ئىسسىق كۈل.

**خُبْزُ الْمَلَّةِ:** كۆمەچ نان.

**مِلَّةٌ ج مِلَلٌ:** دىنىي ئەقىدە، دىنىي قائىدە؛ مۇراسىم؛ شەرىئەت.

**الْمِلَّةُ السَّمْحَاءُ:** كەڭ دىن، ئىسلام دىنى.

**مَلَّحَ يُمَلِّحُ تَمْلِيْحًا:** تۇز سالدى، تۇز قوشتى، تۇزلىدى.

**مَلَّحَ السَّمَكَ:** بېلىقنى تۇزلىدى.

**مَلَّدَ يُمَلِّدُ تَمْلِيْدًا الْجِلْدَ:** تېرىنى ئەيلىدى.

**مَلَّسَ يُمَلِّسُ تَمْلِيْسًا الشَّيْءَ:** تەكشىلىدى، تۈزلىدى، سىلىقلىدى.

**مَلَّسَ الرَّخَامَ:** مەرمەر تاشنى سىلىقلىدى.

**مَلَّطَ يُمَلِّطُ تَمْلِيْطًا الْحَائِطَ:** تامنى سۇۋىدى.

**مَلَّقَ يُمَلِّقُ تَمْلِيْقًا:** تۈزلىدى، سىلىقلىدى.

**مَلَّكَ يُمَلِّكُ تَمْلِيْكًا:** تەقدىم قىلدى، ھەدىيە قىلدى، سوغا قىلدى، ئۆتكۈنۈپ بەردى؛ پادىشاھ قىلدى.

**مَلَّكَهُ أَرْضًا:** ئۇنى زېمىنغا ئىگە قىلدى.

**مَلَّلَ يُمَلِّلُ تَمْلِيْلًا:** ئۇياق-بۇياققا ئۆرۈدى، ئۆرۈپ-چۆرۈدى.

**مَلَّى يُمَلِّي تَمْلِيَةً:** سوزدى، ئۇزارتتى، ئۇزۇن قىلدى.

**مُلَّى:** كۆمەچ نان.

مِلِّيْمٌ ج مِلِّيْمَاتٌ: مىللىم (بىر پوڭ-مىسىرنىڭ پۇلى).

«الْجُنَيْهُ الْمِصْرِيّ يُسَاوِيْ أَلْفَ مِلِّيْمٍ»: مىسىرنىڭ بىر جۇنەي پۇلى مىڭ مىللىمغا تەڭ.

مِلِّيٌّ: مىللىي، گۇرۇھنىڭ، ئېقىمنىڭ، مەزھەپنىڭ، خەلقنىڭ.

مَلْمَحٌ ج مَلَامِحُ: چىراي، قىياپەت، تاشقى كۆرۈنۈش.

مُنْذُ تَحْسِيْنِ الأَعْمَالِ الإِدَارِيَّةِ طَرَأَتْ عَلَى هَذَا الْمَصْنَعِ مَلَامِحُ جَدِيْدَةٌ: باشقۇرۇش ئىشلىرى ياخشىلانغاندىن كېيىن بۇ زاۋۇتنىڭ قىياپىتى يېڭىلاندى.

هَذِهِ الْبِنْتُ لَهَا مَلَامِحُ أُمِّهَا: بۇ قىزنىڭ چىرايى ئانىسىغا ئوخشايدۇ.

مَلْمَسٌ: تېگىش، تۇتىدىغان جاي، تۇتماق، سىلىماق.

مَلْمَسُ الْحَشَرَاتِ ج مَلَامِسُ: ھاشاراتلارنىڭ سەزگۈ ئەزاسى.

مَلْمَسِيٌّ: تېگىش، (سېزىمغا ئائىت).

مَلْمَلَ يُمَلْمِلُ مَلْمَلَةً: ئالدىرىدى، تېز بولدى، ئىتتىك ماڭدى.

مَلْمَلَةٌ: بىئارام قىلدى، تەشۋىشلەندۈردى، تىت-تىت قىلدى.

مُلْمَلَةُ الْفِيْلِ: پىل تۇمشۇقى، خارتۇم.

مِلَمٌّ: تىرنا، سۆرەم.

مُلِمٌّ ج مُلِمُّوْنَ: بىلگۈچى، بىلىدىغان.

«فُلَانٌ مُلِمٌّ بِفَنِّ الطَّبْخِ»: پالانى ئاشپەزلىك ھۈنىرىنى بىلىدۇ.

مُلِمَّةٌ ج مُلِمَّاتٌ: قاتتىق مۇسىبەت.

مُلَمَّعٌ: پارقىراق، پالتىراق، نۇرلۇق، چاقناپ تۇرىدىغان؛ گۈللۈك؛ ئالىبۇلماچ.

«قُمَاشٌ مُلَمَّعٌ»: گۈللۈك رەخت.

«حِصَانٌ مُلَمَّعٌ»: ئالا ئات.

خَدٌّ مُلَمَّعٌ: نۇرلۇق يۈز.

مَلْمُوْسٌ ج مَلْمُوْسَاتٌ: تۇتۇپ بىلىنىدىغان، تېگىپ كەتكەن، سىلانغان، تۇتۇلغان، سۈركەلگەن، ئۇچراشقان، دوقۇرۇشقان.

مَلْمُوْسَاتٌ: سەزگىلى بولىدىغان نەرسىلەر.

مَلْمُوْمٌ: ساراڭ بولۇپ قالغان، ئېلىشىپ قالغان، ئەقلىدىن ئادىشىپ قالغان، توپلانغان، يىغىلغان، جەمئىي.

مَلَنْخُوْلِيَا: خامۇشلۇق كېسىلى، مالىخولىيا، سەۋدا.

مَلْهَاةٌ: كومېدىيە، قىزىق ئويۇن، كۈلكىلىك ئويۇن، كۈلدۈرگە.

مَلْهَاةٌ بِاللُّغَةِ الْعَامِّيَّةِ: ئاۋام تىلى بىلەن يېزىلغان كومېدىيە.

مُلْهِمٌ: ئىلھام بەرگۈچى، ۋەھيى قىلغۇچى، بېشارەت بەرگۈچى، رىغبەتلەندۈرگۈچى، يول كۆرسەتكۈچى.

مُلْهَمٌ: ئىلھامى كەلگەن.

«شَاعِرٌ مُلْهَمٌ»: ئىلھامى تاشقان شائىر.

«رَسَّامَةٌ مُلْهَمَةٌ»: ئىلھامى تاشقان ئايال رەسسام.

مُلْهَقٌ: ئاق رەڭلىك.

رَأْيٌ مَلْهُوْجٌ: پىشمىغان پىكىر.

مَلْهُوْفٌ: ھەسرەت چەككەن، قايغۇرغان، ئاھ ئۇرغان، غەمكىن.

«مَلْهُوْفٌ عَلَى جَمْعِ الْمَالِ»: مال يىغىشقا بەك ھېرىس.

«إِمْرَأَةٌ مَلْهُوْفَةٌ لِفَقْدِ وَلَدِهَا»: بالىسىنىڭ ئۆلگىنىگە ھەسرەت چەككەن ئايال.

مِلْهًى ج مَلَاهٍ: ئويۇنچۇق، چالغۇ ئەسۋابى.

مَلْهًى ج مَلَاهٍ ئويۇنخانا، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى، تاماشا قىلىدىغان جاي.

«مَلْهًى لَيْلِيٌّ»: كېچىلىك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى.

«مَلْهَى الصِّغَارِ فِي الْحَدِيْقَةِ»: باغچىدىكى بالىلار ئوينايدىغان يەر.

مُلْهٍ: تاماشا قىلىدىغان، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان، كۆڭۈل ئاچىدىغان.

مَلْوٌ: تېز ماڭماق، يۈگۈرمەك.

الْمَلَوَانِ: كېچە بىلەن كۈندۈز.

مَلْوَةٌ ج مَلَوَاتٌ: مەلۋە (قوش ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ) ئىككى قەدەم ياكى 4.125 لىترغا تەڭ.

مُلُوْحَةٌ: تۇزلۇق، تۇزلانغان.

مِلْوَذَةٌ ج مَلَاوِذُ: پاناھلىنىدىغان جاي، پاناھگاھ.

مِلْوَقٌ ج مَلَاوِقُ: دورا قوشۇقى.

مُلُوكِيٌّ: پادىشاھىنىڭ، خانىنىڭ، شاھىنىڭ، پادىشاھلىق، خانلىق، شاھلىق، خان جەمەتىنىڭ، خانغا تەۋە.

مَلُوْلٌ. مَلُوْلَةٌ: سەۋرسىز، چۇس، قىزىققان، چېچىلغاق، زېرىككۈچى، ئىچى پۇشقۇچى.

مَلُوْمٌ: خاتالىق ئۆتكۈزگەن، مالامەت قىلىنغۇچى، ئەيىبلەنگۈچى.

مُلَوَّثٌ: بۇلغانغان.

«ثَوْبٌ مُلَوَّثٌ بِالْحِبْرِ»: سىياھ بىلەن بۇلغانغان كىيىم.

«هَوَاءٌ مُلَوَّثٌ»: بۇلغانغان ھاۋا.

«أَنْهَارٌ مُلَوَّثَةٌ»: بۇلغانغان دەريالار.

مُلَوَّنٌ: رەڭلىك، بوياقلىق، سىرلاقلىق، بويالغان، رەڭ بېرىلگەن.

لِبَاسٌ مُلَوَّنٌ: رەڭدار كىيىم، گۈللۈك كىيىم.

تَلْفَزَةٌ مُلَوَّنَةٌ: رەڭلىك تېلېۋىزىيە.

مِلْوًى ج مَلَاوٍ: كۈلۈچ.

مَلْوِيْنَةُ الطَّبْلَةِ: دۇمباق چوكىسى.

مَلْوِيٌّ: ئەگرى، ئەگرى-بۈگرى، ئەگرى-توقاي، سىڭايان، قىيسىق.

مَلِيءٌ ج مِلَاءٌ وَأَمْلِئَاءُ: باي، ھاللىق، توق، پاراۋان، باياشات.

لَقَدْ أَصْبَحَ عَمَلُهُ مُؤَخَّرًا مَلِيْئًا بِالْمُشْكِلَاتِ لِذَلِكَ فَإِنَّهُ يَمُرُّ بِأَوْقَاتٍ عَصِيْبَةٍ: ئۇنىڭ خىزمىتى يېقىندىن بۇيان نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىپ ئۇنىڭ كۈنى تەس بولماقتا.

مِلْيَارٌ ج مِلْيَارَاتٌ: مىليارد.

صَاحِبُ الْمِلْيَارَاتِ: مىلياردېر.

«زَادَ سُكَّانُ الصِّيْنِ عَلَى مِلْيَار نَسَمَةٍ»: جۇڭگونىڭ نوپۇسى بىر مىلياردتىن ئۇشۇق.

مَلِيْحٌ م مَلِيْحَةٌ ج مِلَاحٌ وَأَمْلَاحٌ: چىرايلىق، گۈزەل.

مَلِيْحٌ مِنَ السَّمَكِ: تۇزلانغان بېلىق.

قَدِيْدٌ مَلِيْحٌ: تۇزلاپ قۇرۇتۇلغان گۆش.

فَتَاةٌ مَلِيْحَةٌ: گۈزەل قىز.

مَلِيْخٌ: تەمسىز، تېتىقسىز، لەززەتسىز، مەززىسىز، ئاجىز.

مَلِيْخٌ مِنَ الطَّعَامِ: بۇزۇلغان يېمەكلىك.

مَلِيْصٌ: تېيىلغاق، سىلىق، چۈشۈرۈۋېتىلگەن بالا.

مَلِيْطٌ ج مُلْطٌ: تاقىر باش، پايىنەك باش.

مَلِيْكٌ ج مُلَكَاءُ: پادىشاھ، خوجايىن، مۈلۈكدار.

مَلِيْلٌ: كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان، بىزار قىلىدىغان، زېرىكەرلىك.

مَلِيْمٌ: خاتالاشقان، خاتالىق ئۆتكۈزگۈچى، ئەيىبلەشكە تېگىشلىك.

مُلِيْنٌ: يۇمشاتقۇچى، كۆندۈرگۈچى، ئىچ ئاتەت قىلدۇرغۇچى، سۈرگە.

مَلِيٌّ: ئۇزۇن زامان، ئۇزۇن ۋاقىت.

﴿وَاهْجُرْنِي مَلِيًّا﴾ ‹قرآن›: ئۇزاق زامان مەندىن يىراق تۇرغىن.

مَلِيٌّ ج أَمْلِيَاءُ: باي، ھاللىق، توق، پاراۋان.

مُلَيِّنٌ: يۇمشاتقۇچى، كۆندۈرگۈچى، ئىچ ئاتەت قىلدۇرغۇچى، باش ئەگدۈرگۈچى، سۈرگە.

زَيْتُ الْخِرْوَعِ مِنَ الْمُلَيِّنَاتِ: ئابدىمنىڭ يېغى - سۈرگە دورىسىدۇر.

مَمَاتٌ: ئۆلۈم، مامات.

مُمَاتٌ: ئەمەلدىن قالغان، بىكار قىلىنغان؛ كونىراپ قالغان، تاشلىۋېتىلگەن، ئىستېمالدىن قالغان (سۆز).

مُمَاثِلٌ: ئوخشاپ كېتىدىغان، ئوخشاش، بىر خىل، بىردەك، مۇۋاپىق، مۇناسىپ، لايىق.

«مُذَكِّرَةٌ مُمَاثِلَةٌ»: دىپلوماتىك نوتا.

مُمَاحِكٌ: ئۇرۇشقاق، جېدەلخور، مۇنازىرىچى.

مَمَادِحُ: ماختىنىدىغان ئىشلار، نەتىجە، ئۆنۈم، تۆھپە.

مُمَاذِقٌ: ساختىپەز، كاززاپ، يالغانچى.

مُمَارِسٌ: پۇختا، تەجرىبىلىك، تەدبىرلىك، شۇغۇللانغۇچى، مەلىكىلىك.

طَبِيبٌ مُمَارِسٌ: پراكتىكانت دوختۇر.

مُمَارَسَةٌ: شۇغۇللانماق، ھەپىلەشمەك.

مُمَارَسَةُ التِّجَارَةِ: سودا بىلەن شۇغۇللىنىش.

الْمُمَارَسَةُ الْإِجْتِمَاعِيَّةُ: ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت.

مُمَارَسَةُ الْأَعْمَالِ الشِّرِّيْرَةِ: ئەسكىلىك بىلەن شۇغۇللانماق.

الْمُمَارَسَةُ الْعَمَلِيَّةُ: خىزمەت ئەمەلىيىتى، ئەمەلىي مەشىق.

بِالْمُمَارَسَةِ: ئەمەلىيەت ئارقىلىق.

بَيْعُ بِالْمُمَارَسَةِ: كېلىشىم باھادا سېتىپ بېرىش.

أَخَذَ الشَّيْءَ بِالْمُمَارَسَةِ: كېلىشىم باھادا ئالدى.

مُمَازَحَةٌ: چاقچاقلاشماق، ئويناشماق.

مَا أَلْطَفَ مُمَازَحَةَ جَدِّي: بوۋامنىڭ چاقچىقى نېمىدېگەن يۇمۇرلۇق.

مُمَاسٌ (فِي الْهَنْدَسَةِ): كەسمە سىزىق، تانگېنس.

مُمَاسَّةٌ: تۇتماق، تەگمەك؛ ساراڭلىق.

مُمَاطِلٌ: ئارقىغا سوزغۇچى، كېچىكتۈرگۈچى.

مُمَاطَلَةٌ: كەينىگە سۈرمەك، كېچىكتۈرمەك.

خَاصَّةُ الْمُمَاطَلَةِ: سوزۇلۇشچانلىق، كېڭىيىشچانلىق.

مَمَالٌّ: يانتۇلۇق، يانتۇلۇق دەرىجىسى.

مُمَالَأَةٌ: يان باسماق، تەرىپىنى ئالماق؛ ھەۋەس قىلماق، مەيلى بولماق، ئامراق بولماق.

مُمَالِئٌ: يان باسقۇچى، تەرىپىنى ئالغۇچى، ھەۋەس قىلغۇچى.

مُمَانَعَةٌ: قارشى تۇرماق، قارشىلىق قىلماق، قارشىلاشماق، باش تارتماق، نارازىلىق بىلدۈرمەك.

مُمْتَازٌ: ئەلا، مۇنەۋۋەر، ئالاھىدە ياخشى، باشقىلاردىن ئارتۇق، ئىمتىيازلىق.

الْوَضْعُ مُمْتَازٌ: ۋەزىيەت ناھايىتى ياخشى.

«عَدَدٌ مُمْتَازٌ مِنَ الْمَجَلَّةِ»: ژۇرنالنىڭ ئالاھىدە سانى.

مُعَلِّمٌ مُمْتَازٌ: ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى.

نَالَ دَرَجَةً عِلْمِيَّةً مُمْتَازَةً: يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشتى.

مُمْتَثِلٌ: بويسۇنغۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى، ئىتائەتچان، تەسلىم بولغۇچى، باش ئەگكۈچى، ئەگەشكۈچى.

مُمْتَحِنٌ: ئىمتىھان ئالغۇچى، سىناق قىلغۇچى.

«أَتَى الْمُمْتَحِنُوْنَ مِنَ الْعَاصِمَةِ»: ئىمتىھان ئالغۇچىلار پايتەختتىن كەلدى.

عَقَدَتْ لَجْنَةُ الْمُمْتَحِنِيْنَ اِجْتِمَاعًا خِتَامِيًّا: ئىمتىھان ئالغۇچىلار ھەيئىتى خۇلاسە يىغىنى ئاچتى.

مُمْتَحَنٌ: ئىمتىھاندىن ئۆتكەن، سىنالغان، تەجرىبە قىلىنغان.

صَدِيْقٌ مُمْتَحَنٌ: سىناقتىن ئۆتكەن دوست.

مُمْتَدٌّ: كېڭەيتىلگەن، ئۇزارتىلغان، سوزۇلغان.

مُمْتَزَجٌ: (بىرىكمە دورا) ئارىلاشما، ئارىلاشما

ماددا، بىرىكمە ماددا.

**مُمْتَصٌّ**: سۈمۈرۈشچانلىق.

**مُمْتَطٍ**: مىنگۈچى، ئۇلاغلىق.

**مُمْتِعٌ**: مەنپەئەتلىك، كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان، قىزىق؛ قىزىقارلىق.

**سَفَرٌ مُمْتِعٌ**: كۆڭۈللۈك سەپەر.

**أَقْوَالٌ مُمْتِعَةٌ**: قىزىقارلىق پاراڭلار.

**كَانَتِ الرَّحْلَةُ مُمْتِعَةً جِدًّا**: سەپەر ناھايىتى مەنىلىك بولدى.

**رُكُوْبُ الدَّرَّاجَةِ رِيَاضَةٌ مُمْتِعَةٌ**: ۋېلىسىپىت مىنىش مەنىلىك بەدەن چېنىقتۇرۇشتۇر.

**مُمْتَعِضٌ**: غەزەپلەنگۈچى، ئاچچىقلانغۇچى.

**كَانَ مُمْتَعِضًا مِنْ تَصَرُّفَاتِ صَدِيْقِهِ**: ئۇ دوستىنىڭ قىلىقلىرىدىن غەزەپلەندى.

**مُمْتَقَعٌ**: ئۆڭۈپ كەتكەن، رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتكەن، ئەسلىي رەڭگىنى يوقاتقان، تاتارغان.

**مُمْتَلِئٌ**: توشۇق، تولۇق، تولغان.

**مُمْتَلِئُ الْجِسْمِ**: سېمىز.

«**حَدِيْقَةٌ مُمْتَلِئَةٌ بِالْمُتَنَزِّهِيْنَ**»: سەيلە قىلغۇچىلار بىلەن تولغان باغچە.

**مُمْتَلِئُ الشَّفَتَيْنِ**: دورداي كالپۇك.

**مُمْتَلِئُ الْخَدَّيْنِ**: ئىككى مەڭزى گۆشلۈك.

**مُمْتَلَكٌ ج مُمْتَلَكَاتٌ**: مال- مۈلۈك، بايلىق، كاپىتال، مەبلەغ.

**الْمُمْتَلَكَاتُ الْعَامَّةُ**: ئاممىنىڭ مال- مۈلكى.

**مُمْتَنِعٌ**: توسۇلغان، چەكلەنگەن.

**مُمْتَنٌّ**: كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈرگۈچى، كۆپ تەشەككۈر ئېيتقۇچى.

**أَنَا مُمْتَنٌّ لَكُمْ جِدًّا**: مەن سىلەردىن تولىمۇ مىننەتدار.

**مُمْتَهِنٌ**: خار، ئەرزىمەس، ھاقارەتلەنگەن.

**مُمْتَهَنٌ**: دائىم ئىشلىتىلىدىغان، كونا، كونىراپ قالغان، كەمسىتىلگەن.

**مُمَثِّلٌ**: ۋاكالىتەن باشقۇرغۇچى، ۋاكالەتچى، ۋەكىل، گۇماشتا، ۋەكىللىك قىلغۇچى؛ ئارتىس، ئىجرا قىلغۇچى، ئورۇنلىغۇچى، رولچى.

**مُمَثِّلٌ سِيَاسِيٌّ**: ئەلچى.

**مُمَثِّلٌ هَزْلِيٌّ**: كومېدىيە ئارتىسى.

**مُمَثِّلٌ تِجَارِيٌّ**: سودا ۋەكىلى.

**مُمَثِّلَةٌ**: ئايال ئارتىس.

«**مُمَثِّلُوا الشَّعْبِ**»: خەلق ۋەكىللىرى.

«**مُمَثِّلُوا الدَّوْلَةِ فِي الْخَارِجِ**»: دۆلەتنىڭ چەت ئەلدىكى ئەلچىلىرى.

**مَمْجُوْجٌ**: تاشلىۋېتىلگەن، چۆرۈۋېتىلگەن، ئېتىپ تاشلانغان، ۋاز كەچكەن، تۆكۈۋېتىلگەن، تۆكۈۋېتىپ تاشلانغان.

**مِمْحَاةٌ**: ئۆچۈرگۈچ، سۈرتكۈچ.

**مَمْحَقَةٌ**: ھالاك بولماق، زىيانغا ئۇچرىماق، زىيانكار.

«**الْحِلْفُ مَنْفَعَةٌ لِلسِّلْعَةِ مَمْحَقَةٌ لِلْكَسْبِ**» ‹حديث›: «يالغان قەسەم مالنىڭ بازىرىنى چىقىرىدۇ، بەرىكىتىنى كەتكۈزىدۇ».

**مُمْحِلٌ**: قاقاس، قاقاسلىق، قۇرغاق، قۇرغاقچىلىق، مۇنازىرىلەشكۈچى.

**مَمْحُوْنٌ**: قىيىنچىلىققا دۇچار بولغۇچى.

**مِمْخَضَةٌ ج مَمَاخِضُ**: تۇلۇم، قايماق ئايرىش سايمىنى.

**مَمْدُوْدٌ**: كېڭەيتىلگەن، قانات يايدۇرۇلغان، ئۇزارتىلغان، سوزۇلغان، يېيىلغان، كېرىلگەن، كۆپ.

﴿**وَجَعَلْتُ لَهُ مَالاً مَّمْدُوداً**﴾ ‹قرآن›: ئۇنىڭغا نۇرغۇن

مال بەردىم.

حَبْلٌ مَمْدُودٌ: ئۇزۇن ئارغامچا.

مِمْرَاحٌ: شوخ، تېتىك، جانلىق، ھەرىكەتچان؛ يىغلاڭغۇ كۆز.

مِمْرَاضٌ: ئاغرىقچان، كېسەلچان.

مِمْرَحٌ: شوخ، تېتىك، جانلىق، ھەرىكەتچان؛ يىغلاڭغۇ كۆز.

مَمَرٌّ ج مَمَرَّاتٌ وَ مَمَارٌّ: كارىدور، ئايۋان، چىغىر يول، كىرىش - چىقىش ئېغىزى.

«مَمَرّ الرَّاجِلِينَ»: پىيادىلەر يولى.

«مَمَرٌّ سُفْلِيٌّ»: ئاستى ئۆتۈش يولى.

«الْمَمَرّ الْجَوِّيّ لِلطَّائِرَاتِ»: ئاۋىئاتسىيە يولى، ھاۋا يولى.

عَلَى مَمَرِّ الْعُصُورِ: ئەسىرلەر بويى، زامان - زاماندىن.

مُمَرَّدٌ: سىلىقلانغان، تەكشىلەنگەن، ياسالغان.

﴿إِنَّهُ صَرْحٌ مُمَرَّدٌ مِنْ قَوَارِيرَ﴾ «قۇرئان»: «شۈبھىسىزكى، ئۇ ئەينەكتىن ياسالغان سارايدۇر».

مُمَرِّضٌ ج مُمَرِّضُونَ م مُمَرِّضَةٌ ج مُمَرِّضَاتٌ: سېستىرا.

الْمُمَرِّضَةُ تُسَاعِدُ الطَّبِيبَ فِي عِلَاجِ الْمَرْضَى: سېستىرا قىز كېسەللەرنى داۋالاشتا دوختۇرغا ياردەملىشىدۇ.

مُمَرَّغٌ: مىلەنگەن، سۈركەلگەن.

لِمَاذَا أَصْبَحَ جَسَدُكَ مُمَرَّغًا بِالتُّرَابِ: بەدىنىڭ نېمىشقا توپىغا مىلىنىپ كەتتى.

مُمَرِّنٌ: تەلىم بەرگۈچى، مەشىق قىلدۇرغۇچى، چېنىقتۇرغۇچى، مەشقاۋۇل.

«مُمَرِّنٌ رِيَاضِيٌّ»: ترېنېر.

مُمَرَّنٌ: چېنىققان، ئىش كۆرگەن، ئىش بىلىدىغان، تەجرىبىلىك، تەدبىرلىك.

مَمْرُورٌ: ئۆتلۈك، ئۆت سۇيۇقلۇقىنىڭ، ئۆت

تېمپېرامېنت، چۇس، تېرىككەك، قىزىق قىزىق، ئاچچىقى يامان.

مَمْرُوضٌ: كېسەل بولۇپ قالغان، ئاغرىپ قالغان.

مُمَزَّقٌ: پارچە، يىرتىق، تىتىلىپ كەتكەن.

ثَوْبٌ مُمَزَّقٌ: كونا كىيىم.

مَمْزُوجٌ: (بىرىكمە دورا) ئارىلاشما، ئارىلاشما ماددا، بىرىكمە ماددا.

مِمْسَحَةٌ ج مِمْسَحَاتٌ وَمَمَاسِحُ: پول يۇغۇچ، سۈرتكۈچ، دەسمال، يۇغۇچ.

مُمْسِكٌ: بېخىل، پىخسىق، پىششىق، چىڭ تۇتقۇچى، ئىقتىسادچىل.

مَمْسُوخٌ: شەكلى ئۆزگەرگەن، بۇزۇپ كۆرسىتىلگەن، شەكلى بۇزۇلغان، ھالىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن، بۇرمىلانغان، مېيىپ، مەجرۇھ، يىرگىنچلىك، رەزىل، سەت، كۆرۈمسىز، بەتبەشىرە.

فَرَسٌ مَمْسُوخٌ: ئورۇق ئات.

مَمْسُوسٌ: ئۇچراشقان، تېگىپ كەتكەن، يېقىنلاشقان، ئارىلاشقان؛ ساراڭ، تەلۋە، سەۋدايى.

مُمْسًى: كېچە، تۈن، كەچقۇرۇن، كەچ، ئاخشام، گۇگۇم، زاۋال، قاش قارايغان چاغ.

مِمْشَقَةٌ ج مَمَاشِقُ: تارغاق، چوتكا، سۈزگۈچ (باش تارايدىغان).

مَمْشُوطٌ: تارالغان.

مَمْشُوقٌ م مَمْشُوقَةٌ: ئېگىز بويلۇق، زىلۋا بويلۇق.

قَدٌّ مَمْشُوقٌ: زىلۋا بوي.

إِمْرَأَةٌ مَمْشُوقَةٌ: غۇنچە بوي ئايال.

مَمْشًى ج مَمَاشٍ: پىيادىلەر يولى، ياقا يول، ئۆتۈشمە يول، چىغىر يول، كارىدور؛ خاك يولى.

مَمْشَى السَّيَّارَاتِ: ماشىنا يولى.

مَمْشَى الْمُتَنَزِّهِيْنَ: سایاھەتچىلەر يولى.

مِمَصٌّ ج مِمَصَّاتٌ: ئېمىزگۈ، شوراش (سۈمۈرۈش) تۇرۇبىسى، غاڭزا.

مِمَصّ سِيْفُوْنٍ: سىفون نەيچىسى (فىزىكىلىق ئاتالغۇ).

مَمْصُوْصٌ: شورالغان، سۈمۈرۈلگەن، چېكىلگەن، تارتىلغان، ئېمىلگەن، ئىچىلگەن؛ جۇدەڭ، ئورۇق.

مُمْضٍ: ئىمزا قويغۇچى، قول قويغۇچى.

مُمْضًى: ئىمزا قويۇلغان، قول قويۇلغان.

مِمْطَرٌ وَمِمْطَرَةٌ ط مَمَاطِرُ: يامغۇرلۇق چاپان، پلاش.

مُمْطِرٌ: يامغۇرلۇق.

مِمْطَلٌ ج مَمَاطِلُ: ئوغرى، قاراقچى، بۇلاڭچى، بولقا.

مَمْطُوْلٌ: بازغانلانغان، سوقۇلغان، تاۋلانغان، كېچىكتۈرۈلگەن، ئارقىغا تارتىلغان، ئۇزارتىلغان،

مَمْطُوْلِيَّةٌ: سوزۇلۇشچانلىق، كېڭىيىشچانلىق، ئېلاستىكىلىق، ئەۋرىشىملىك.

مَمْعُوْدٌ ج مَمْعُوْدُوْنَ: ئاشقازىنى ئاغرىغان ئادەم.

مُمَغْطَسٌ: ماگنىتلاشقان.

إِبْرَةٌ مُمَغْطَسَةٌ تَتَّجِهُ إِلَى الشِّمَالِ: كومپاسنىڭ يىڭنىسى شىمالنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا.

مُمَغْنَطٌ: ماگنىتلاشقان.

مَمْقُوْطٌ: ئۆچ كۆرۈلگەن، يامان كۆرۈلگەن.

مُمْكِنٌ: مۇمكىن، ئىمكانىيەت؛ مۇمكىنچىلىك، ئېھتىمال، تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدىغان.

مِنَ الْمُمْكِنِ: ئېھتىمال، بەلكى.

غَيْرُ مُمْكِنٍ: . مۇمكىن ئەمەس، بولمايدۇ.

مِنَ الْمُمْكِنِ أَنْ .: مۇمكىنكى، ئىمكانىيەت باركى، قىلغىلى بولىدىغان.

فِي أَقْرَبِ وَقْتٍ مُمْكِنٍ: مۇمكىنقەدەر، ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە.

مُمْكِنَاتٌ: . مۇمكىنچىلىك، ئىمكان، ئىمكانىيەت.

مِمْلَاقٌ: تەخسىكەش، يالاقچى، خۇشامەتچى.

مَمْلَحَةٌ: تۇز كانى، تۇز ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى، تۇز كۆلى، تۇز قاچىسى.

مِمْلَسَةٌ: تىرنا، سۆرەم.

مِمْلَقٌ . مِمْلَقَةٌ: سۆرەم، تىرنا.

مَمْلَكَةٌ ج مَمَالِكُ: پادىشاھلىق دۆلەت، مەملىكەت

«الْمَمْلَكَةُ الْمَغْرِبِيَّةُ»: ماراكەش پادىشاھلىقى.

«الْمَمْلَكَةُ الْعَرَبِيَّةُ السُّعُوْدِيَّةُ»: سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى.

مَمْلَكَةُ الْحَيَوَانَاتِ: ھايۋاناتلار دۇنياسى.

مَمْلَكَةُ النَّبَاتِ: ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسى.

مَمْلَكَةُ الطُّيُوْرِ: قۇشلار دۇنياسى.

مُمِلٌّ: كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان، كىشىنى بىزار قىلىدىغان.

مُمِلٌّ جِدًّا: ناھايىتى زېرىكەرلىك.

مُمَلَّحٌ: تۇزلانغان، تۇزغا چىلانغان.

مَمْلُوْءٌ: توشۇق، توشقۇزۇلغان، تولغان.

مَمْلُوْحٌ: تۇزلانغان.

مَمْلُوْكٌ: ئىگىلىۋېلىنغان، قولغا ئېلىۋېلىنغان.

مَمْلُوْكٌ ج مَمَالِيْكُ: قۇل.

لَا وُجُوْدَ لِلْمَمْلُوْكِ فِي الْعَصْرِ الْحَاضِرِ: ھازىرقى ئەسىردە قۇل مەۋجۇت ئەمەس.

مَمْلُوْلٌ: زېرىكىشلىك، زېرىكتۈرىدىغان، كۆڭۈلسىز.

مَمْلُوٌّ: توشۇق، توشقۇزۇلغان، تولغان.

مَمَّوْتٌ: پىلنىڭ ئەجدادلىرى.

مَمْنُوْعٌ: چەكلەنگەن، مەنئى قىلىنغان، توسۇلغان.

مَمْنُوْعُ التَّدْخِيْنِ: تاماكا چېكىشكە بولمايدۇ.

بَضَائِعُ مَمْنُوْعَةٌ: چەكلەنگەن ماللار.

مَمْنُوْعُ الدُّخُوْلِ لِمَنْ لَيْسَ لَهُ عَمَلٌ: ئىشى يوق

ئادەمنىڭ كىرىشىگە بولمايدۇ.

**مُرُوْرُ السَّيَّارَاتِ مَمْنُوْعٌ هُنَا:** بۇ يەردىن ماشىنا ئۆتۈشكە بولمايدۇ.

**مَمْنُوْعَاتٌ:** ئەتكەس ماللار.

**مَمْنُوْنٌ:** ئۈزۈلگەن، كېسىلگەن، ئاجىز؛ كۈچلۈك، مىننەتدار.

**أَنَا مَمْنُوْنٌ لِمُسَاعَدَتِكَ:** مەن سىزنىڭ ياردىمىڭىزدىن مىننەتدار.

**﴿فَلَهُمْ أَجْرٌ غَيْرُ مَمْنُونٍ﴾** «قۇرئان»: «ئۇلارغا ئۈزۈلمەس ئەجىر بېرىلىدۇ».

**مَمْنُوْنِيَّةٌ:** مىننەتدار بولماق، تەشەككۈر ئېيتماق، مىننەتدارلىق بىلدۈرمەك، رەھمەت ئېيتماق.

**قَبَضْتُ دَعْوَتَكَ بِكُلِّ مَمْنُوْنِيَّةٍ:** چاقىرىقىڭىزنى تەشەككۈر بىلدۈرۈش بىلەن قوبۇل قىلدىم.

**مُمَهَّدٌ:** سېلىنغان، ياتقۇزۇلغان، يېيىلغان، تەييارلانغان، سەرەمجانلاشتۇرۇلغان.

**«فِرَاشٌ مُمَهَّدٌ»:** سېلىنغان تۆشەك.

**«طَرِيْقٌ مُمَهَّدَةٌ»:** تۈزلەنگەن يول.

**مِمْوَاجٌ:** كېموگراف (ئىچكى ئەزالارنىڭ ھەرىكىتىنى خاتىرىلەش ئەسۋابى).

**مُمَوِّلٌ:** باجگىر، باجچى، باج تۆلىگۈچى؛ مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگۈچى.

**مُمَوَّلٌ:** كاپىتالىست، پۇلدار.

**مُمَوَّهٌ:** ھەل بېرىلگەن.

**مُمِيْتٌ:** ئۆلتۈرىدىغان، جاننى ئالىدىغان، جاندىن جۇدا قىلىدىغان، ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان.

**سُمٌّ مُمِيْتٌ:** جاننى ئالىدىغان زەھەر.

**مَرَضٌ مُمِيْتٌ:** جان ئالىدىغان كېسەل.

**خَطِيْئَةٌ مُمِيْتَةٌ:** ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان گۇناھ.

**مُمَيَّزٌ:** ناھايىتى روشەن، ناھايىتى ئېنىق، كۆرۈنەرلىك، ئەلا.

**مُمَيِّزٌ:** پەرقلەندۈرگۈچى، ئايرىغۇچى، ئالاھىدە، ئەقىللىق، ئىدراكلىق.

**صِفَةٌ مُمَيِّزَةٌ:** ئالاھىدە سۈپەت، خۇسۇسىيەت.

**مَنْ:** سوئال ئىسمى بولۇپ «كىم» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

**مَنْ أَنْتَ:** سەن كىم؟

**مَنْ:** ... غان، ... غۇچى دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**مَنْ يَزْرَعْ يَحْصُدْ:** تېرىغان ئورار.

**مَنْ يَخْدِمَ الشَّعْبَ يَحْتَرِمُهُ الشَّعْبُ:** خەلققە خىزمەت قىلغۇچىنى خەلق ھۆرمەتلەيدۇ.

**مِنْ (حَرْفُ جَرٍّ):** ئالدى قوشۇلغۇچى بولۇپ تۆۋەندىكى بىرقانچە خىل ئۇسۇلدا ئىشلىتىلىدۇ:

1) **إِبْتِدَاءُ الْغَايَةِ:** باشلىنىش نۇقتىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: **سَافَرْتُ مِنَ الْقَاهِرَةِ:** مەن قاھىرەدىن باشلاپ يولغا چىقتىم.

**جِئْتُ مِنْ إِسْكَنْدِرِيَّةَ:** مەن ئىسكەندەرىيەدىن كەلدىم.

**مِنْ أَوَّلِهِ إِلَى آخِرِهِ:** باشتىن-ئاخىر، باشتىن-ئاياغ.

**مِنَ الْبِدَايَةِ إِلَى النِّهَايَةِ:** باشتىن-ئاخىرغىچە، باشتىن-ئاخىر، باشتىن-ئاياغ.

**مِنْ فَوْقٍ . مِنْ عَلَى:** يۇقىرىدىن، ئۈستىدىن، تۆپىدىن.

**مَرِضَ مِنْ يَوْمِ الْجُمُعَةِ:** ئۇ جۈمە كۈنىدىن تارتىپ (بېرى) كېسەل بولۇپ قالدى.

**مِنَ الْآنَ:** بۈنىڭدىن كېيىن، ھازىردىن باشلاپ.

**مِنْ أَيَّامٍ:** بىرقانچە كۈندىن بۇيان.

**جَاءَ مِنْ سَاعَتِهِ:** ئۇ ناھايىتى تېزلا يېتىپ كەلدى، ئۆز ۋاقتىدا كەلدى.

2) **لِلتَّبْعِيْضِ:** قىسمەنلىكنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: **هُوَ وَاحِدٌ مِنْهُمْ:** ئۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى.

مِنَ الْمَعْلُومِ أَنَّ: ھەممىگە مەلۇمكى، ھەممىگە ئايانكى.

مِنَ الْغَرِيبِ أَنَّ: ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، قىزىقارلىقى شۇكى، غەلىتە يېرى شۇكى.

فَمِنْ دَوَاعِي الْأَسَفِ أَنَّ: ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى.

مِمَّا يُؤْسَفُ لَهُ أَنَّ: ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ناھايىتى ئەپسۇسكى.

وَمِمَّا هُوَ جَدِيرٌ بِالذِّكْرِ أَنَّ: تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى.

«وَمِنْهُمْ مَنْ أَحْسَنَ وَمِنْهُمْ مَنْ أَسَاءَ»: ئۇلاردىن ياخشى قىلغانلارمۇ بار، يامانلىق قىلغانلارمۇ بار.

3) بَيَانُ الْجِنْسِ: تۈرنى كۆرسىتىش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: بَاحَثْتُهُ فِي شَتَّى الْمَوَاضِعِ مِنْ أَدَبِيَّةٍ وَسِيَاسِيَّةٍ: مەن ئۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك ماۋزۇلاردا جۈملىدىن ئەدەبىي، سىياسىي ماۋزۇلاردا كېڭەشتىم.

(مَا): دىن كېيىن كۆپىنچە تۈرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: أَشْكُرُ لَهُ مَا بَذَلَهُ مِنَ الْمُسَاعَدَةِ: مەن ئۇنىڭ ياردىمىگە تەشەككۈر ئېيتىمەن.

4) تَعْلِيلٌ: سەۋەبنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: مِنْ كَثْرَةِ الْمَلَّاحِينَ غَرِقَتِ السَّفِينَةُ: كېمىچى كۆپ بولسا كېمە غەرق بولىدۇ.

5) تَفْضِيلٌ: سېلىشتۇرۇشنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: هُوَ أَفْضَلُ مِنِّي: ئۇ ماڭا قارىغاندا ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇ مەندىن ئەۋزەلرەك.

6) لِلْفَصْلِ: پەرقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كېلىپ، كۆپىنچە ھاللاردا ئىككى خىل زىددىيەتلىك شەيئىنىڭ ئارىسىنى ئايرىيدۇ. يَعْلَمُ جَمَاهِيرُ الشَّعْبِ الصَّوَابَ مِنَ الْخَطَإِ وَالْخَيْرَ مِنَ الشَّرِّ: خەلق ئاممىسى ھەق بىلەن ناھەقنى، ياخشى بىلەن يامانىنى ئوبدان پەرق ئېتەلەيدۇ.

7) لِلْبَدَلِ: ئورۇن ئالمىشىشنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كېلىدۇ. أَرَضِيتَ بِالْمَالِ مِنَ الشَّرَفِ: ئەجەبا سەن شان-شەرەپتىن كۆرە پۇل-مالنى ياخشى كۆرەمسەن؟

8) لِلزَّائِدَةِ: قوشۇمچە بولۇپ ئىنكار ۋە سوراق قوشۇمچىلىرىدىن كېيىن كېلىپ ئىنتوناتسىيىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن كېلىدۇ. مَا مِنْ قُوَّةٍ فِي الْعَالَمِ تَسْتَطِيعُ عَرْقَلَةَ تَقَدُّمِنَا: دۇنيادا بىزنىڭ ئىلگىرىلىشىمىزنى توسۇيالايدىغان ھېچقانداق كۈچ يوق.

هَلْ مِنْ رَيْبٍ فِي أَنْ ؟: بۇنىڭدا گۇمان بارمۇ؟ ئەجەبا بۇنىڭدا شەك بارمۇ؟

يَا لَهُ مِنْ قَوْلٍ جَمِيلٍ: بۇ نېمىدېگەن چىرايلىق گەپ-ھە!

لَا تَظْلَمْ مِنْ أَحَدٍ: ھېچكىمنى بوزەك قىلماڭ!

مَنَا يَمْنُو مَنْوًا: سىناق قىلدى، تەجرىبە قىلدى، ئىمتىھان ئالدى.

مَنَا ج أَمْنَاءٌ وَأَمْنٍ وَمُنِّي: مەن (ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ ئىككى قاداققا تەڭ).

مَنَابٌ: ئورۇن، قايتىماق، ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال.

«قَامَ مَنَابَ الْقَاضِي»: قازى (سوتچى)نىڭ ئورنىغا ئولتۇردى، قازىنىڭ ئورنىدا تۇردى.

مَنَاةٌ: مەنات (قەدىمكى ئەرەبلەرنىڭ بۇتىنىڭ نامى).

مُنَاجَاةٌ: مۇڭدىشىش، سىردىشىش، قاچىدىغان جاي.

مُنَاجَزَةٌ: ئېلىشماق، تۇتۇشماق، ئۆلتۈرۈشمەك.

مَنَاحَةٌ: يىغا-زار قىلماق، ئۆكسۈپ يىغلىماق.

«كُنَّا فِي مَنَاحَةِ فُلَانٍ»: پالانىنىڭ ھازىسىدا بولدۇق.

**مَنَاحَةٌ ج مَنَاحَاتٌ وَمَنَاوِحُ**: هازا ئاچىدىغان ئاياللار، هازىدار ئاياللار.

**مُنَاحَرَةٌ**: جېدەللەشمەك.

**مُنَاخٌ**: تۆگە ياتىدىغان يەر؛ تۇرالغۇ؛ هاۋا رايى، هاۋا كىلىماتى.

**هَذَا مُنَاخٌ سُوءٍ**: كىشىگە ياقمايدىغان جاي، يامان هاۋا.

**مُنَاخُ الْبِلَادِ حَارٌّ رَطْبٌ**: يۇرتنىڭ هاۋا كىلىماتى نەم ئىسسىق.

**هَيَّأَ الْمُنَاخُ الْمُلَائِمَ**: كەيپىيات هازىرلىدى.

**مُنَادَاةٌ**: يىغىندا بىللە ئولتۇرماق؛ چاقىرماق، توۋلىماق.

**مُنَادٍ (الْمُنَادَى)**: چاقىرغۇچى، جاكارچى، نىدا قىلغۇچى.

﴿رَبَّنَا إِنَّنَا سَمِعْنَا مُنَادِياً يُنَادِي لِلإِيمَانِ﴾ «قرآن»: پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق.

**مَنَارٌ ج مَنَاوِرُ**: شامدان؛ يول كۆرسەتكۈچ بەلگە، پاسىل، چېگرا بەلگىسى.

**مَنَارَةٌ ج مَنَاوِرُ وَمَنَائِرُ**: مۇنار، ماياك، مەشئەل.

**مَنَارَةُ الْمَسْجِدِ**: مەسجىد مۇنارى، ئەزانخانا.

«مَنَارَةُ الإِسْكَنْدَرِيَّةِ»: ئىسكەندەرىيە مۇنارى.

«مَنَارَةُ الْحُرِّيَّةِ»: ئەركىنلىك مۇنارى.

**مُنَازِعٌ ج مُنَازِعُونَ**: تالاشقۇچى، تالاش-تارتىش قىلغۇچى، جېدەللەشكۈچى.

«هُوَ مِنَ الْمُنَازِعِينَ فِي كُلِّ اجْتِمَاعٍ»: ئۇ ھەر يىغىندا تالاش- تارتىش قىلىشقۇچىلاردىن.

**لَيْسَ مِنْ مُنَازِعٍ فِي كَذَا**: بۇنىڭدا ھېچقانداق شەك يوق.

**مُنَازَعَةٌ**: تالاشماق، تالاش-تارتىش قىلماق.

**مُنَازَعَةٌ ج مُنَازَعَاتٌ**: جېدەللىشىش، دەۋالىشىش.

«مُنَازَعَاتٌ قَضَائِيَّةٌ»: سوتلىشىش.

**مُنَازَلَةٌ**: ئۇرۇشۇش ئۈچۈن يۈزلىشىش.

**مُنَاسِبٌ**: مۇناسىپ، مۇۋاپىق.

«جَاءَ فِي الْوَقْتِ الْمُنَاسِبِ»: مۇۋاپىق ۋاقىتتا كەلدى.

«الْجَوُّ الْيَوْمَ مُنَاسِبٌ»: بۈگۈن هاۋا مۆتىدىل.

**عَالِجْ مَرَضَكَ فِي الْوَقْتِ الْمُنَاسِبِ**: كېسىلىڭنى ئۆز ۋاقتىدا داۋالات.

**مُنَاسَبَةٌ**: ئۇيغۇنلاشماق، مۇۋاپىقلاشماق، ماسلاشماق.

**مُنَاسَبَةٌ ج مُنَاسَبَاتٌ**: مۇناسىۋەت، پۇرسەت.

«ذَكَرَ هَذَا الْمَوْضُوعَ فِي مُنَاسَبَاتٍ عَدِيدَةٍ»: بۇ تېمىنى بىرقانچە سورۇندا دەپ ئۆتتى.

**عَلَيْنَا أَنْ نَزُورَ جَارَنَا بِمُنَاسَبَةِ نُزُولِهِ بِجِوَارِنَا**: يېڭى قوشنىمىزنى كۆچۈپ كېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن يوقلىشىمىز كېرەك.

**مَنَاصٌ**: پاناھگاھ، قاچىدىغان يەر، قاچىدىغان ۋاقىت.

«لَا مَنَاصَ مِنْ دَفْعِ الدَّيْنِ»: قەرزنى بەرمەي ئامال يوق.

﴿وَلَاتَ حِينَ مَنَاصٍ﴾ «قرآن»: ھالبۇكى، (بۇ) قاچىدىغان ۋاقىت ئەمەس.

**مُنَاصَرَةٌ**: ياردەملەشمەك، ھەمكارلاشماق.

**مُنَاضِلٌ ج مُنَاضِلُونَ**: كۆرەش قىلغۇچى، جەڭچى.

«مُنَاضِلُونَ فَلَسْطِينِيُّونَ»: پەلەستىنلىك جەڭچىلەر.

**مَناط**: ئاسىدىغان يەر.

«مَنَاطُ السَّيْفِ»: قىلىچ ئاسىدىغان يەر.

**مَنَاطُ الثُّرَيَّا**: يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ئېسىل.

**هُوَ مِنِّي مَنَاطَ الثُّرَيَّا**: ئۇ مەندىن بەك يىراق.

«مَنَاطُ الْحُكْمِ بِتَحْرِيمِ الْخَمْرِ هُوَ الإِسْكَارُ»: ھاراقنى ھارام قىلىشتىكى سەۋەب ئۇنىڭ مەست قىلغانلىقىدىندۇر.

مُنَاطَحَةٌ ج مُنَاطَحَاتٌ: ئۈسۈشمەك.

«مُنَاطَحَةُ الْأَكْبَاشِ»: قوچقارلارنىڭ ئۈسۈشۈشى.

مُنَاظِرَةٌ: ئوخشىغۇچى، رىقابەتچى.

مُنَاظَرَةٌ ج مُنَاظَرَاتٌ: ئوخشىماق، ئوخشاشماق، مۇنازىرە، مۇنازىرىلەشمەك.

مَنَاعَةٌ: ئىممۇنىتېتلىق، مۇستەھكەملىك، چىڭلىق، پۇختىلىق.

مُنَاغَاةٌ: يېقىملىق سۆز، سەمىمىي سۆھبەت، يېقىملىق سايرىماق، تاماشا قىلماق، چاقچاق قىلماق، ئەخمەق قىلماق.

مُنَافِذٌ: جېدەلچى.

خَصْمٌ مُنَافِذٌ مُشَاكِسٌ: جېدەلخور، كاج دەۋاگەر.

مُنَافَسَةٌ: مۇسابىقىلەشمەك، بەسلەشمەك.

مُنَافِقٌ ج مُنَافِقُونَ: مۇناپىق، ئىككى يۈزلىمىچى، ساختىپەز.

﴿إِنَّ الْمُنَافِقِينَ فِي الدَّرْكِ الأَسْفَلِ مِنَ النَّارِ﴾ «قرآن»: مۇناپىقلار جوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە (يەنى قەئرىگە) تاشلىنىدۇ.

مُنَافَقَةٌ: ساختىپەزلىك، ئىككى يۈزلىمىلىك، مۇناپىقلىق، ياسالمىلىق.

مُنَافٍ (الْمُنَافِي): قارشى، قارشىلاشقۇچى، قارىمۇقارشى، زىت.

«أَقْوَالٌ مُنَافِيَةٌ لِلْحَقِيقَةِ»: ھەقىقەتكە زىت گەپ-سۆزلەر.

عَمَلٌ مُنَافٍ لِلْأَخْلَاقِ: ئەخلاققا قارشى ئىش.

مُنَافٍ لِلْعَقْلِ: ئەقىلگە سىغمايدىغان.

مُنَاقَشَةٌ: جاڭجاللاشماق، تالاش-تارتىش قىلماق، مۇزاكىرە قىلماق.

«مَازَالَ الْمَوْضُوعُ تَحْتَ الْمُنَاقَشَةِ»: تېما ھېلىمۇ مۇھاكىمە قىلىنىۋاتىدۇ.

مُنَاقَشَةٌ ج مُنَاقَشَاتٌ: مۇزاكىرە، مۇنازىرە، مۇھاكىمە، ھېسابلىشىش.

«مُنَاقَشَةُ الْمَوْضُوعِ مِنْ كُلِّ جَوَانِبِهِ»: تېمىنى ئەتراپلىق قاراپ چىقىش.

«مُنَاقَشَةُ الْمِيزَانِيَّةِ»: بيۇدژىتنى قاراپ چىقىش (خام چوت لايىھىسىگە قاراپ چىقىش).

مُنَاقَصَةٌ ج مُنَاقَصَاتٌ: خېرىدار بولماق، خېرىدار چاقىرماق.

مُنَاقِضٌ: قارىمۇقارشى، ئەكسىچە، زىت.

مُنَاقَضَةٌ ج مُنَاقَضَاتٌ: قارشىلىق قىلماق، قارشى تۇرماق، زىتلاشماق.

مُنَاكَرَةٌ: ئالدامچىلىق قىلماق؛ ئۇرۇشماق.

مَنَالٌ: ئېرىشمەك، قولغا كەلتۈرمەك.

قَرِيبُ الْمَنَالِ: ئاسان ئېرىشىدىغان، ئاسان قولغا كېلىدىغان.

صَعْبُ الْمَنَالِ: ئېرىشمەك تەس.

بَعِيدُ الْمَنَالِ: ئېرىشىش قىيىن.

مَنَامٌ ج مَنَامَاتٌ: ئۇيقۇ، چۈش، ئۇخلايدىغان يەر، ياتاق.

«رَأَى فِي مَنَامِهِ كَذَا»: ئۇ چۈشىدە شۇنداق كۆردى.

﴿يَا بُنَيَّ إِنِّي أَرَى فِي الْمَنَامِ أَنِّي أَذْبَحُكَ فَانظُرْ مَاذَا تَرَى﴾ «قرآن»: «ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟»

«ذَهَبْتُ إِلَى مَنَامِهَا مُبَكِّرًا»: ئۇنىڭ ياتىقىغا بۇرۇنلا باردىم.

«مَنَامُهُ فِي الصَّيْفِ فَوْقَ سَطْحِ الدَّارِ»: يازدا ئۇنىڭ ئۇخلايدىغان يېرى قورۇ ئۆگزىسىدە.

مَنَامَةٌ ج مَنَامَاتٌ: ياتاق ئۆي؛ ئۇخلاش كىيىمى، كېچىلىك كىيىم، قەبرە.

مُنَاوِئٌ: رىقابەتچى، رەقىب، قارشى تەرەپ.

مُنَاوَأَةٌ: مۇسابىقىلەشمەك، قارشىلاشماق.

مُنَاوَبَةٌ: نۆۋەتلەشمەك، ئالماشماق، نۆۋەتلىشىپ.

مُنَاوَبَةٌ زِرَاعِيَّةٌ: نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىماق.

مُنَاوَبَةً / بِالْمُنَاوَبَةِ: تەرتىپ بويىچە، نۆۋەت بىلەن.

مُنَاوَرَةٌ: تىللاشماق؛ مانېۋىر ئۆتكۈزمەك.

مُنَاوَرَةٌ ج مُنَاوَرَاتٌ: مانېۋىر.

«مُنَاوَرَاتٌ حَرْبِيَّةٌ»: ھەربىي مانېۋىر.

«مُنَاوَرَاتٌ سِيَاسِيَّةٌ»: سىياسىي رەڭۋازلىقلار، جەڭگى-جېدەللەر.

مُنَاوَشَةٌ: ئارىلاشماق، توقۇنۇشماق، كۈچ سىناشماق.

مُنَاوَشَةٌ ج مُنَاوَشَاتٌ: توقۇنۇش، كۈچ سىنىشىش.

«مُنَاوَشَةٌ كَلَامِيَّةٌ»: سۆز توقۇنۇشىشى.

«مُنَاوَشَةٌ حَرْبِيَّةٌ»: قوراللىق توقۇنۇشلار.

مُنَاوَلَةٌ: بەرمەك، تاپشۇرۇپ بەرمەك.

مَنْأًى: يىراقلىق.

كَانَ بِمَنْأًى عَنْ هَذَا الْمَوْضُوعِ: بۇ ماۋزۇ بىلەن ئالاقىسى يوق ئىدى.

مِنْبَاضٌ ج مَنَابِيضُ: تومۇر سوقۇشنى خاتىرىلىگۈچ.

مُنَبِّهٌ: ئاگاھلاندۇرغۇچى، ئۇقتۇرغۇچى؛ ئويغاتقۇچى، قوزغاتقۇچى؛ ئىلھاملاندۇرغۇچى.

«مُنَبِّهٌ لِلْأَعْصَابِ»: نېرۋىلارنى قوزغايدىغان.

الْمُنَبِّهُ: قوڭغۇراقلىق سائەت.

مُنَبِّهَاتٌ: قوزغاتقۇچى دورىلار.

مَنْبِتٌ ج مَنَابِتُ: ئۆسىدىغان جاي، يېتىلىدىغان جاي، مەنبە، ئەسلى، كېلىپ چىقىش مەنبەسى، باشلىنىشى.

مَنْبِتُ الْعُشْبِ: ئوت-چۆپ ئۆسىدىغان يەر، تەبىئىي ئوتلاق.

مَنْبِتُ الشَّعْرِ: چاچ ئۆسىدىغان جاي.

مِنْبَرٌ ج مَنَابِرُ: مۇنبەر، سەھنە.

«صَعِدَ الْإِمَامُ الْمِنْبَرَ يَوْمَ الْجُمْعَةِ»: جۈمە كۈنى ئىمام مۇنبەرگە چىقتى.

نَظَّمَ النَّادِي الثَّقَافِيّ مِنْبَرًا حُرًّا حَوْلَ مَشَاغِلِ الشَّبَابِ: مەدەنىيەت كۇلۇبى ياشلار كەسپى توغرىسىدا ئەركىن مۇنبەر ئۇيۇشتۇردى.

مُنْبَسِطٌ: كەڭ، ئۇپتۇز، خۇشھال، تەكشى.

مَنْبِضٌ ج مَنَابِضُ: تومۇر سوقىدىغان جاي.

جَسَّ الطَّبِيبُ مَنْبَضَهُ: دوختۇر ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتتى.

مُنْبَطِحٌ: ئۈگدىسىغا ياتقۇچى.

مَنْبَعٌ ج مَنَابِعُ: مەنبە، بۇلاق، باشلانغان يەر.

«مَغْرِبٌ مَنْبَعُ الْحَضَارَةِ وَالْعِرفَانِ وَالْعِلْمِ مَوْطِنُ الْأَعْلَامِ»: ماراكەش ھازارەت ۋە ئىلىم-مەرىپەت بۇلىقى، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ۋەتىنى.

«مَنْبَعُ نِفْطٍ»: نېفىت مەنبەسى، نېفىت قۇدۇقى.

«مكة المكرمة مَنْبَعُ الوحِي»: ئۇلۇغ مەككە مۇكەررەمە ۋەھىي باشلانغان يەر.

«مَنْبَعُ النَّهْرِ»: دەريا باشلانغان يەر.

إِنَّ الْوَحْدَةَ هِيَ مَنْبَعُ الْقُوَّةِ وَضَمَانُ النَّجَاحِ: ئىتتىپاقلىق كۈچنىڭ مەنبەسى ۋە غەلىبىنىڭ كاپالىتى.

مَنْبُوذٌ: تاشلىۋېتىلگەن، تاشلاندۇق بالا، (ھارامزادە).

«أَصْبَحَ الْمُنَافِقُ مَنْبُوذًا لَدَى أَقْرَانِهِ»: مۇناپىق تەڭتۇشلىرى ئالدىدا تاشلىنىپ قالدى.

مَنْبُوشٌ: ئېچىلغان، ئاشكارىلانغان، كولانغان، قېزىلغان.

مِنْتَاشٌ ج مَنَاتِيشُ: موچىن.

مِنْتَافٌ: موچىن.

مُنْتَأًى: يىراق يەر، ئۇزاق جاي.

مُنْتَبِهٌ ج مُنْتَبِهُونَ: ئويغاق، سەگەك، ھوشيار، سەزگۈر؛ تېتىك؛ ئېھتىيات قىلغۇچى.

«تِلْمِيذٌ مُنْتَبِهٌ»: جانلىق ئوقۇغۇچى.

كُنْ مُنْتَبِهًا عِنْدَ تَنَقُّلِ الْأَرْقَامِ: سانلارنى كۆچۈرگەن

چېغىڭدا ئالاھىدە دىققەت قىل.

مُنْتَجٌ ج مُنْتَجَاتٌ: مەھسۇلات.

«مُنْتَجَاتٌ زِرَاعِيَّةٌ»: يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى.

«مُنْتَجَاتٌ نَمَطِيَّةٌ»: ئۆلچەملىك مەھسۇلاتلار.

«مُنْتَجَاتُ النِّفْطِ»: نېفىت مەھسۇلاتلىرى.

«مُنْتَجَاتٌ صِنَاعِيَّةٌ»: سانائەت مەھسۇلاتلىرى.

مُنْتَجَاتٌ مُصَنَّعَةٌ: سانائەت مەھسۇلاتلىرى.

مُنْتِجٌ ج مُنْتِجُوْنَ: ئىشلەپچىقارغۇچى.

«الدُّوَلُ الْمُنْتِجَةُ لِلنِّفْطِ»: نېفىت ئىشلەپچىقارغۇچى دۆلەتلەر.

جُهُوْدٌ مُنْتِجَةٌ: ئۈنۈملۈك تىرىشچانلىقلار.

مُنْتَجَعٌ ج مُنْتَجَعَاتٌ: سۇ ۋە ئوت-چۆپلۈك يەر.

مُنْتَحِرٌ: ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغۇچى.

مُنْتَخِبٌ ج مُنْتَخِبُوْنَ: سايلىغۇچى.

«اِتَّجَهَ إِلَى صَنَادِيْقِ الْاِقْتِرَاعِ مُنْتَخِبُوْنَ وَمُنْتَخِبَاتٌ»: سايلام ساندۇقلىرىغا ئەر-ئايال سايلىغۇچىلار يۈزلەندى.

مُنْتَخَبٌ ج مُنْتَخَبُوْنَ: سايلانغۇچى؛ تاللانما.

«كَثُرَ مُنْتَخَبُوْ حِزْبِ الْإِسْتِقْلَالِ»: ئىستىقلال پارتىيىسىنىڭ سايلىغۇچىلىرى كۆپ بولدى.

«مُنْتَخَبَاتٌ أَدَبِيَّةٌ»: ئەدەبىي تاللانمىلار.

«مُنْتَخَبُ الْفَرِيْقِ الْقَوْمِيِّ»: مىللىي كوماندا.

«الْمُنْتَخَبُ السَّعُوْدِيُّ فِي كُرَةِ الْقَدَمِ»: سەئۇدىي پۇتبول كوماندىسى.

«الْمُنْتَخَبَاتُ الْعَالَمِيَّةُ فِي كُرَةِ السَّلَّةِ»: دۇنيا ۋاسكېتبول كوماندىلىرى.

مُنْتَدِبٌ: چاقىرغۇچى، بەلگىلىگۈچى.

مُنْتَدَبٌ ج مُنْتَدَبُوْنَ: تەكلىپ قىلىنغان.

«الْمُنْتَدَبُوْنَ لِحَلِّ النِّزَاعِ»: تالاش-تارتىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىنغانلار.

«دَوْلَةٌ مُنْتَدَبَةٌ لِمُرَاقَبَةِ الْحُدُوْدِ»: چېگرالارنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىنغان دۆلەت.

مُنْتَدًى ج مُنْتَدَاتٌ: يىغىن، ئولتۇرۇش.

«يَلْتَقِي بِرِفَاقِهِ فِي مُنْتَدَى الْأَحَدِ»: يولداشلىرى بىلەن يەكشەنبىلىك ئولتۇرۇشتا ئۇچرىشىدۇ.

مُنْتَزَهٌ: تاماشا قىلىدىغان يەر، سەيلىگاھ، سەيلە-ساياھەت ئورنى.

مُنْتَسِبٌ ج مُنْتَسِبُوْنَ: تەۋە؛ ئۇنىۋېرسىتېت سىرتىدىن ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى.

«طَالِبٌ مُنْتَسِبٌ إِلَى كُلِّيَّةِ الزِّرَاعَةِ»: يېزا ئىگىلىك فاكۇلتېتىغا تەۋە ئوقۇغۇچى.

«تَقَبَّلُ الْكُلِّيَّاتُ النَّظَرِيَّةُ آلَافًا مِنَ الْمُنْتَسِبِيْنَ كُلَّ عَامٍ»: نەزەرىيە فاكۇلتېتلىرى سىرتتىن ئوقۇيدىغانلاردىن ھەر يىلى مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىدۇ.

مُنْتَصِرٌ: زەپەر قۇچقۇچى، غەلىبە قىلغۇچى.

مُنْتَصَفٌ: نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسى، نىسپىي.

«مُنْتَصَفُ الطَّرِيْقِ»: يولنىڭ ئوتتۇرىسى.

«مُنْتَصَفُ النَّهَارِ»: چۈش ۋاقتى.

«مُنْتَصَفُ السَّاعَةِ الثَّانِيَةِ»: سائەت ئىككى يېرىم.

«مُنْتَصَفُ الْعَامِ»: يىلنىڭ يېرىمى.

حَتَّى مُنْتَصَفِ اللَّيْلِ كَانَ الثَّلْجُ لَا يَزَالُ يَسْقُطُ: قار يېرىم كېچىگىچە توختىماي يېغىۋاتاتتى.

مُنْتَظِمٌ: رەتلىك، تەرتىپلىك، سىستېمىلىق.

«دِرَاسَةٌ مُنْتَظِمَةُ الْأَجْزَاءِ»: سىستېمىلىق ئۆگىنىش.

مُنْتَفِعٌ ج مُنْتَفِعُوْنَ: پايدىلانغۇچى.

«مُنْتَفِعٌ بِغَلَّةِ هَذَا الْأَرْضِ»: بۇ يەرنىڭ مەھسۇلاتىدىن پايدىلانغۇچى.

«مُنْتَفِعٌ بِحُقُوْقِهِ»: ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلانغۇچى.

مُنْتَقِدٌ ج مُنْتَقِدُوْنَ: ئەيىبلىگۈچى، باھالىغۇچى، ئوبزورچى، تەنقىدلىگۈچى.

مُنْتَقِمٌ: ئىنتىقام ئالغۇچى، ئۆچ ئالغۇچى، ئاداۋەت ساقلىغۇچى، قىساسكار.

مُنْتَكِسٌ: ساقايغان، ساقايغۇچى.

مُنْتَنٌ ج مَنَاتِنُ: سېسىق پۇرايدىغان يەر.

مُنْتِنٌ: سېسىق پۇراق.

«مَكَانٌ مُنْتِنٌ»: سېسىق يەر.

«مَادَّةٌ كِيمِيَاوِيَّةٌ مُنْتِنَةٌ»: پۇرايدىغان خىمىيىلىك ماتېرىيال.

مُنْتَهَبٌ: تالانغان، بۇلانغان.

مُنْتَهٍ: تاماملانغان، ئورۇندالغان، ئۆتۈپ كەتكەن، تولۇق، پۈتۈنلەي، مۇتلەق، مۇكەممەل.

مُنْتَهَى: غايە، ئاخىرقى چەك، ئاخىرقى توچكا.

«مُنْتَهَى خَطِّ الْحَافِلَةِ»: ئاپتوبۇس يولىنىڭ ئاخىرقى بېكىتى.

بِمُنْتَهَى الْبَسَاطَةِ: ناھايىتى ئاددىي.

بِمُنْتَهَى الْعِنَايَةِ: دىققەت بىلەن.

فِي مُنْتَهَى الْجَوْدَةِ: ناھايىتى ياخشى.

فِي مُنْتَهَى الْيَقْظَةِ: ئىنتايىن سەزگۈر.

فِي مُنْتَهَى السَّخَافَةِ: ناھايىتى كۈلكىلىك.

﴿عِندَ سِدْرَةِ الْمُنْتَهَى﴾ «قرآن»: سىدرەتۇلمۇنتەھا (دەرىخىنىڭ) يېنىدا.

«بَلَغَ الْأَمْرُ مُنْتَهَاهُ»: ئىش ئاخىرىغا يەتتى.

«كَلَامٌ فِي مُنْتَهَى الْوُضُوحِ»: ئىنتايىن ئوچۇق گەپ.

مَنْتُوجٌ ج مَنْتُوجَاتٌ: مەھسۇلات.

«الْمَنْتُوجَاتُ الزِّرَاعِيَّةِ»: يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى.

«مَنْتُوجَاتٌ صِنَاعِيَّةٌ»: سانائەت مەھسۇلاتلىرى.

مَنْتُوفٌ: يۇلۇنغان موي.

مِنَتٌّ: پىتنىخور، سۆز-چۆچەك تارقاتقۇچى.

مُنْثَلِمُ الصِّيتِ: ئابرۇيى تۆكۈلگەن.

مَنْثُورٌ: چېچىلغان، تارقالغان.

﴿فَجَعَلْنَاهُ هَبَاءً مَّنثُوراً﴾ «قرآن»: ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز.

شِعْرٌ مَنْثُورٌ: چاچما شېئىر.

مَنْجَاةٌ ج مَنَاجٍ (الْمَنَاجِي): نىجاتلىق يولى، قاچىدىغان جاي، قۇتۇلۇش يولى.

الصِّدْقُ مَنْجَاةٌ: راستچىللىق قۇتۇلۇش يولىدۇر.

مَنْجَةٌ ج مَنْجَاتٌ: مانگو - ئىسسىق جايلاردا بولىدىغان بىر خىل مېۋە.

تَكْثُرُ الْمَنْجَةُ فِي مِصْرَ: مانگو دەرىخى مىسىردا كۆپ بولىدۇ.

مُنَجِّمٌ ج مُنَجِّمُونَ: ئاسترونوم، مۇنەججىم، قۇرئەنداز، پالچى.

مُنَجٍّ: قۇتقۇزغۇچى.

مِنْجَدَةٌ ج مَنَاجِدُ: كامالەك، رەگەتكە.

مُنْجَذِبٌ: سەۋدايى، ساراڭ، خۇدىنى يوقاتقان، مەجنۇن، مەپتۇن قىلىنغان.

مَنْجَرٌ / مَنْجَرَةٌ ج مَنَاجِرُ: ياغاچچىلىق كارخانىسى، ياغاچچىلىق زاۋۇتى.

مِنْجَرٌ ج مَنَاجِرُ: رەندە.

مُنْجِزٌ: پۈتتۈرگۈچى، تاماملىغۇچى.

الْحُرُّ مُنْجِزٌ وَعْدَهُ: ھۆر ئادەم ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدۇ.

مُنْجَزَاتٌ: مۇۋەپپەقىيەتلەر، ئۇتۇقلار، نەتىجىلەر، مېۋىلەر.

مَنْجَعٌ: ئوتلاق.

مَنْجَعٌ صِحِّيٌّ: دەم ئېلىش ئۆيى، ساناتورىيە.

مِنْجَلٌ ج مَنَاجِلُ: ئوراغاق.

مَنْجَلَةٌ ج مَنَاجِلُ: ئىسكەنجە، قىسقۇچ، ئامبۇر.

مَنْجَمٌ ج مَنَاجِمُ: مەنبە، ئەسلى، كېلىپ چىقىشى؛ چىقىش يولى، كان.

«لَيْسَ لَهُ مِنْ هَذَا الْأَمْرِ مَنْجَمٌ»: بۇ ئىشتا ئۇنىڭغا چىقىش يولى يوق.

«مَنْجَمُ الْفَحْمِ»: كۆمۈر كان.

«مَنَاجِمُ الْحَدِيدِ»: تۆمۈر رۇدا كانلىرى.

«شِرْكَةُ الْمَنَاجِمِ»: كان شىركىتى.

حَفْرُ الْمَنَاجِمِ: كان ئاچماق.

مِنْجَمٌ: جىڭ چوكىسى، تارازا چوكىسى.

مَنْجَنِيْقٌ ج مَجَانِقُ وَمَجَانِيْقُ مَنْجَنِيْقَاتٌ: قوندىدا قىلىق زەمبىرەك، قوندىدا قىلىق كۆپ، مانچانىاق، قوندىدا قىلىق ئوقيا (مېخانىكىلىق كۈچ بىلەن ئېتىلىدىغان بىر خىل قەدىمكى قورال (ئوقيا).

مَنْجُوْرٌ: چىغرىق، غالتەك قۇدۇقتىن سۇ تارتىدىغان بول.

مَنْجًى ج مَنَاجٍ (الْمَنَاجِي): قۇتۇلىدىغان يەر؛ ئېگىز يەر، دۆڭلۈك.

مَنَحَ يَمْنَحُ مَنْحًا الشَّيْءَ: بەردى، ئاتا قىلدى، بەخش ئەتتى.

مَنَحَهُ جَائِزَةً: ئۇنى مۇكاپاتلىدى.

مَنَحَهُ وِسَامًا: ئۇنىڭغا مېدال تەقدىم قىلدى.

مَنَحَهُ مُهْلَةً: ئۇنىڭغا مۆھلەت بەردى.

قَرَّرَتِ الْمَدْرَسَةُ أَنْ تَمْنَحَ أَحْسَنَ تِلْمِيْذٍ فِي كُلِّ صَفٍّ مِنَ الصُّفُوْفِ جَائِزَةً ثَمِيْنَةً: مەكتەپ ھەربىر سىنىپتىكى ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچىغا قىممەتلىك مۇكاپات بېرىشنى قارار قىلدى.

مَنْحٌ: تەقدىم قىلماق، ھەدىيە قىلماق، بەرمەك.

مِنْحَاثٌ ج مَنَاحِيْثُ: قىرىش پىچىقى، ئىسكىنە، ھەيكەلتىراشلىق پىچىقى، كەسكۈچ، قەلەم، ئويمىكارلىق تىغى.

مُنْحَازٌ: بىر تەرەپكە يان بېسىش.

الدُّوَلُ غَيْرُ الْمُنْحَازَةِ: بىتەرەپ دۆلەتلەر.

مِنْحَةٌ ج مِنَحٌ: سوۋغا، سوۋغات، تارتۇق، ھەدىيە، ئىنئام.

مِنْحَةٌ دِرَاسِيَّةٌ: ئوقۇش ياردەم پۇلى.

مِنْحَةُ الْإِنْتَاجِ: ئىشلەپچىقىرىش مۇكاپات پۇلى.

مِنْحَةُ التَّصْدِيْرِ: ئېكسپورت مۇكاپات ياردەم پۇلى.

اِسْتَلَمَ مِنْحَتَهُ الدِّرَاسِيَّةَ: ئوقۇش ياردەم پۇلىنى ئالدى.

مُنْحَدِرٌ: يانتۇلۇق.

مُنْحَدَرٌ ج مُنْحَدَرَاتٌ: يانتۇلۇق، يانتۇ، تۆپىلىك، قاپتال.

مَنْحَرٌ ج مَنَاحِرُ: بوغۇز، بوغۇزلايدىغان يەر، قۇشخانا.

مَنْحَرُ الْجَمَلِ: تۆگىنىڭ بوغۇزلايدىغان يېرى.

مُنْحَرِفٌ: يولدىن چىقىپ كەتكۈچى، تايتىن چىقىپ كەتكەن، بۇرۇلۇپ كەتكەن، قىڭغىر، قىيسىق.

مُنْحَرِفُ الْمِزَاجِ: مىجەزىنىڭ ئۆزگىرىشى.

مُنْحَرِفُ الصِّحَّةِ: ساقسىزلىق.

مُنْحَرِفُ الْأَخْلَاقِ: ئەخلاقى ناچار.

مَنْحَلَةٌ ج مَنَاحِلُ: ھەسەل ھەرىسى باقىدىغان يەر، ئومارتا.

مُنْحَلٌّ: ئاجرالغان، ئايرىلغان، چۇشكۈنلەشكەن، ئاجىزلاشقان، زاۋالغا يۈزلەنگەن، يىمىرىلگەن.

مُجْتَمَعٌ مُنْحَلٌّ: چېچىلاڭغۇ جەمئىيەت.

شَخْصٌ مُنْحَلٌّ: بەت ئەخلاق ئادەم، بەتقىلىق ئادەم.

مُنْحَنٍ: ئەگرى.

مَنْحُوْتٌ: ئويۇلغان، چېپىلغان، تۈزلەنگەن، قىرىلغان.

مَنْحُوْرٌ: بوغۇزلانغان، ئۆلتۈرۈلگەن، كۆكرەكنىڭ ئۈستى تەرىپى.

تَنْمُوْ فِي الْمَنْحُوْرَاتِ أَشْجَارٌ مُتَفَاوِتَةُ الطُّوْلِ: تاغ باغرىدا ئېگىز-پەس دەرەخلەر ئۆسىدۇ.

مَنْحُوْسٌ ج مَنْحُوْسَاتٌ: پالاكەتچىلىككە قالغان، نەس باسقان، بىتەلەي، بەختسىز.

مَنْحُوْلٌ: ئويدۇرما، ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان، توقۇلما.

مَنْحًى ج مَنَاحٍ (الْمَنَاحِي): يۆنىلىش، يۈزلىنىش،

ساهه، يول.

«مَنْحَاهُ الْأَخْلَاقِيّ»: ئۇنىڭ ئەخلاقىي يۆزلىنىشى.

«مَنْحَاهُ الْأَدَبِيّ»: ئۇنىڭ ئەدەبىي يۆزلىنىشى.

مَنَاحِي الْحَيَاةِ: تۇرمۇش يوللىرى.

مَنْخَرٌ / مَنْخِرٌ ج مَنَاخِرُ: بۇرۇن، تۇمشۇق، خارتۇم.

مُنْخَفِضٌ: تۆۋەن، پەس.

مُنْخَفِضٌ جَوِّيٌّ: ھاۋاسى تۆۋەن جاي.

مُنْخَفَضٌ ج مُنْخَفَضَاتٌ: ئويمان، ۋادا، چوڭقۇرلۇق.

مُنْخَفَضٌ أَرْضِيٌّ: ئويمانلىق، ئويمان يەر.

مُنْخَفَضَاتٌ: ئويمانلىقلار.

مُنْخُلٌ ج مَنَاخِلُ: ئەلگەك، غەلۋىر.

مَنْخُورٌ: چىرىپ كەتكەن، خوراپ كەتكەن، كۆيە يەپ كەتكەن.

مَنْخُولِيَا: خامۇشلۇق كېسىلى، مالىخولىيا.

مِنْدَاصٌ ج مَنَادِيصُ: ئالىقاپ.

رَجُلٌ مِنْدَاصٌ: ئالىقاپ ئادەم.

إِمْرَأَةٌ مِنْدَاصٌ: شاللاق ئايال.

مِنْدَخٌ: يۈزى قېلىن، نومۇسسىز.

مُنَدَّخٌ: يۈزى قېلىن، نومۇسسىز.

مُنْدَرَجَاتٌ: مەزمۇن، مۇندەرىجە.

مِنْدَفٌ . مِنْدَفَةٌ ج مَنَادِفُ: پاختا ئاتىدىغان سايمان(دۆكان).

مَنْدَلٌ: خۇشبۇي ياغاچ.

مَنْدَمٌ: نادامەت، پۇشايمان.

مُنْدَمِجٌ: بىرلەشكەن، بىرىككەن، ئىخچام، يىغىنچاق.

مُنْدَمِقٌ: كىرىش ئېغىزى، يول.

مَنْدُوبٌ: ياخشىلىقلىرى ئېيتىلغان، ماتەم تۇتۇلغۇچى، تەزىيە بىلدۈرۈلگۈچى، مۇستەھەب، ياخشى ئىش.

مَنْدُوبٌ ج مَنْدُوبُونَ: ئەلچى، ۋەكىل.

«مَنْدُوبٌ خَاصٌّ»: خاس ئەلچى.

«مَنْدُوبٌ تِجَارِيٌّ»: سودا ۋەكىلى.

مَنْدُوبٌ سَامٍ: يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەكىل.

مَنْدُوبٌ فَوْقَ الْعَادَةِ: ئالاھىدە باش ۋەكىل.

مَنْدُوبُ الْجَرِيْدَةِ: گېزىتخانا مۇخبىرى.

حَضَرَ إِحْتِفَالَاتِ الْعِيدِ الْوَطَنِيِّ بِصِفَتِهِ مَنْدُوبًا: ئۇ ۋەكىل بولۇش سۈپىتىدە دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشتى.

الْمَنْدُوبُونَ مُنْتَظِرُونَ فِي الْمَطَارِ: ۋەكىللەر ئايرودرومدا كۈتۈپ تۇرماقتا.

الْمَنْدُوبُونَ مُفَوَّضُونَ عَنْ دُوَلِهِ: تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلەر.

مَنْدُوحَةٌ: ئىمكانىيەت، كەڭ.

أَرْضٌ مَنْدُوحَةٌ: كەڭ زېمىن.

لَا مَنْدُوحَةَ لَكَ عَنْ هَذَا الْأَمْرِ: بۇ ئىشتا سېنىڭ تاللاش ئىمكانىيىتىڭ يوق.

هَذِهِ الْمَعْلُوَمَاتُ لَا مَنْدُوحَةَ لَهُ عَنْهَا: بۇ ماتېرىياللار ئۇنىڭ ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدۇ.

مِنْدِيلٌ ج مَنَادِيلُ: لۆڭگە، ياغلىق؛ چۈمبەل.

مِنْدِيلُ الرَّأْسِ: باش ياغلىقى.

«يَمْخُطُ التِّلْمِيذُ النَّظِيفُ فِي مِنْدِيلِهِ»: پاكىز ئوقۇغۇچى ياغلىق بىلەن بۇرنىنى ئېرتىپ تۇرىدۇ.

مُنْذُ: .... دىن بۇيان، .... دىن تارتىپ، .... نىڭ مابەينىدە، .... دىن، .... تىن.

مُنْذُ ذَالِكَ الْوَقْتِ: شۇنىڭدىن بۇيان، شۇنىڭدىن تارتىپ.

مَا زَالَ يَدْرُسُ مُنْذُ هُوَ فَتًى: ئۇ يىگىتلىك ۋاقتىلىرىدىن تارتىپلا ئۆگىنىش بىلەن بولدى.

مَا خَرَجَ مِنَ الْبَيْتِ مُنْذُ نَزَلَ الْمَطَرُ: ئۇ يامغۇر ياغقاندىن بۇيان ئۆيدىن چىقمىدى.

مُنْذِرٌ ج مُنْذِرُونَ: ئاگاھلاندۇرغۇچى، قورقۇتقۇچى.

﴿إِنَّمَا أَنتَ مُنذِرٌ...﴾ «قرآن»: «سەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى».

أَبُو مُنْذِرٍ: خوراز.

مُنْذَهِلٌ: قىيىن ئەھۋالدا قالغۇچى، ئىلاجىسىز قالغۇچى، چارىسىز قالغۇچى.

مِنْزَاحٌ: يىراق سەپەرگە تولا چىقىدىغان ئادەم.

مِنَزٌّ: ھەرىكەتچان، بۆشۈك.

رَجُلٌ مِنَزٌّ: ھەرىكەتچان ئادەم.

مَنْزِلٌ ج مَنَازِلُ: مەنزىل، چۈشىدىغان يەر، ئۆي، خانە، قورۇ.

«أَنْزَلَهُ مَنْزِلًا حَسَنًا»: ئۇنى ياخشى ئۆيگە چۈشۈردى.

«مَنَازِلُ اللَّهْوِ وَاللَّعِبِ»: ئويۇنخانىلار.

«أَنْزِلُوا النَّاسَ مَنَازِلَهُمْ» «حديث»: «كىشىلەرگە ئۆز لايىقىدا مۇئامىلە قىلىڭلار».

«صَاحِبُ هَذَا الْمَنْزِلِ فُلَانٌ»: بۇ قورۇنىڭ ئىگىسى پالانى.

«أَهْلُ هَذَا الْمَنْزِلِ أَجَانِبُ»: بۇ قورۇدىكىلەر چەت ئەللىكلەر.

«مَنَازِلُ الْقَمَرِ»: ئاينىڭ ئورۇنلىرى.

مُنْزَلٌ: ۋەھيى قىلىنغان، نازىل قىلىنغان.

مَنْزِلَةٌ ج مَنَازِلُ: ئورۇن، مەرتىۋە، ئىلمىي ئورۇن، دەرىجە، ۋەزىپە.

«لَهُ مَنْزِلَةٌ عِنْدَ رَئِيسِهِ»: ئۇنىڭ باشلىقى ئالدىدا ئورنى بار.

«فُلَانٌ رَفِيعُ الْمَنْزِلَةِ فِي الْمُجْتَمَعِ»: پالانى جەمئىيەتتە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە.

مُنْزَلَقٌ: تەكشى ئۆي، سىلىق جاي، غىلتاڭ يەر.

مَنْزِلِيٌّ: ئائىلىۋى، ئائىلىنىڭ.

«عَمَلٌ مَنْزِلِيٌّ»: ئۆي خىزمىتى، ئائىلە ئىشى.

«أَدَوَاتٌ مَنْزِلِيَّةٌ»: ئائىلە سايمانلىرى.

«دِرَاسَةٌ مَنْزِلِيَّةٌ»: خەت ئارقىلىق ئوقۇش.

مِنْسَأَةٌ: ھاسا.

﴿مَا دَلَّهُمْ عَلَى مَوْتِهِ إِلَّا دَابَّةُ الْأَرْضِ تَأْكُلُ مِنسَأَتَهُ﴾ «قرآن»: «سۇلەيماننىڭ ئۆلگەنلىكىدىن جىنلارنى پەقەت ئۇنىڭ ھاسىسىنى يېگەن قۇرتلار خەۋەر قىلدى».

مِنْسَجٌ ج مَنَاسِجُ: رەخت توقۇش ماشىنىسى.

مِنْسَجٌ آلِيٌّ: رەخت توقۇش ئىستانوكى.

مُنْسَجِمٌ: پىكىر ۋە يۆنىلىشتە بىرلىككە كەلگۈچى، ماس، راۋان، رەتلىك، تەكشى، مۇۋاپىق، ئويغۇن.

مِنْسَرٌ: قۇش تۇمشۇقى.

مُنْسَرِحٌ: ئەركىن، ھۆر، چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان، بىر خىل، بىردەك، تەپتەكشى.

مُنْسَرِحُ الْقَامَةِ: قەددى- قامەتلىك.

مُنَسِّقٌ ج مُنَسِّقُونَ: تەرتىپكە سالغۇچى، تىزغۇچى، رەتلىگۈچى.

«عُيِّنَ مُنَسِّقًا لِلَّجْنَةِ الْمُعْجَمِ»: ئۇ لۇغەت تۈزۈش كومىتېتىغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى قىلىپ بەلگىلەندى.

مِنْسَعٌ: شىمال شامىلى.

مِنْسَفٌ ج مَنَاسِفُ: غەلۋىر، ئۆتكەمە، ئەگلەك.

مِنْسَفَةٌ ج مَنَاسِفُ: غەلۋىر؛ بىنا ئۆرۈش ماشىنىسى.

مَنْسِكٌ / مَنْسَكٌ ج مَنَاسِكُ: شەرىئەت، قۇربانلىق قىلىدىغان جاي، زاھىتلىق يولى.

﴿لِكُلِّ أُمَّةٍ جَعَلْنَا مَنسَكًا هُمْ نَاسِكُوهُ﴾ «قرآن»: ھەر ئۈممەت ئۈچۈن بىر شەرىئەت بېكىتتۇق، ئۇلار شۇ شەرىئەتكە ئەمەل قىلىدۇ.

مَنَاسِكُ الْحَجِّ: ھەج ئىبادەتلىرى، ھەج پائالىيەتلىرى.

﴿فَإِذَا قَضَيْتُم مَّنَاسِكَكُمْ فَاذْكُرُوا اللَّهَ﴾ «قرآن»: سىلەر ھەجگە ئائىت ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار.

مُنْسَكِبٌ: تۆكۈلگەن، قويۇلغان، سېپىلگەن.

مُنْسَلِخٌ: تېرە تاشلىغان، قاسراق تاشلىغان، تۈك تاشلىغان.

مَنْسِمٌ: تۆگە تاپىنى.

مَنْسُوبٌ: مەنسۇپ، مۇناسىۋەتلىك؛ سېلىشتۇرما.

مَنْسُوجٌ ج مَنْسُوجَاتٌ: توقۇلما، رەخت، گەزلىمە.

«مَنْسُوجَاتٌ قُطْنِيَّةٌ»: پاختا توقۇلمىلار.

«مَنْسُوجَاتٌ مُسْتَوْرَدَةٌ»: ئىمپورت قىلىنغان رەختلەر.

هَذَا الْمَصْنَعُ يُنْتِجُ الْمَنْسُوجَاتِ الْقُطْنِيَّةَ بِمَقَادِيرَ هَائِلَةٍ: بۇ زاۋۇت پاختا توقۇلما مەھسۇلاتلىرىنى زور تۈركۈملەپ ئىشلەپ چىقارماقتا.

مَنْسُوخٌ: بىكار قىلىنغان، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، ئۆچۈرۈلگەن، تەقلىد قىلىپ ياسالغان، مەنسۇخ قىلىنغان.

مِنْشَارٌ ج مَنَاشِيرُ: ھەرە.

«مِنْشَارٌ مَعَادِنٌ»: تۆمۈر كېسىدىغان ھەرە.

«مِنْشَارٌ يَدَوِيٌّ»: قول ھەرىسى.

«مِنْشَارٌ كَهْرَبَائِيٌّ»: توك ھەرىسى.

مَنْشَأٌ: تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جاي، تېگى-تەكتى، سەۋەب؛ مەنبە، ئەسلى، يىلتىزى، كېلىپ چىقىشى.

«مَنْشَؤُهُ مَدِيْنَةُ الْجَزَائِرِ»: ئۇ ئالجىر شەھىرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن.

مَا مَنْشَأُ هَذَا الْإِضْطِرَابِ: بۇ قالايمىقانچىلىقنىڭ سەۋەبى نېمە؟

مُنْشِئٌ: ئاساس سالغۇچى، قۇرغۇچى، تەسىس قىلغۇچى، ئۇلىنى تىكلىگۈچى، ياراتقۇچى، ئىجاد قىلغۇچى، كەشىپ قىلغۇچى، تۈزگۈچى؛ مۇھەررىر؛ يازغۇچى، ئاپتور.

مُنْشَأَةٌ ج مُنْشَآتٌ: ئىدارە، ئورگان، كارخانا، شىركەت، مۇئەسسەسە، ئاپپارات، قۇرۇلما.

مُنْشِدٌ ج مُنْشِدُونَ: ناخشىچى، قوشاقچى، غەزەلخان، دېكلاماتسىيە قىلغۇچى.

مَنْشَرٌ ج مَنَاشِرُ: كىيىم يايىدىغان يەر.

«نَشَرَ الثَّوْبَ فِي الْمَنْشَرِ»: كىيىمنى كىيىم يايىدىغان يەرگە يايدى.

مَنْشَرَةٌ ج مَنْشَرَاتٌ وَمَنَاشِرُ: شالچىلىق زاۋۇتى.

مُنْشَرِحٌ: خۇشال، شاد.

أَقْبَلْتُ عَلَى مَدْرَسَتِي وَأَنَا مُنْشَرِحُ الصَّدْرِ: مەن مەكتەپكە خۇشال-خۇرام ھالدا ماڭدىم.

مِنَشَّةٌ ج مِنَشَّاتٌ: چىۋىن قورۇيدىغان پالاق.

مُنَشَّرٌ م مُنَشَّرَةٌ: يېيىلغان، تارقىتىلغان، نەشر قىلىنغان.

«ثِيَابٌ مُنَشَّرَةٌ»: يېيىلغان كىيىملەر.

«كُتُبٌ مُنَشَّرَةٌ»: نەشر قىلىنغان كىتابلار.

مُنَشِّطٌ: روھلاندۇرغۇچى، تېتىكلەندۈرگۈچى.

«دَوَاءٌ مُنَشِّطٌ»: روھلاندۇرۇش دورىسى.

مُنَشًّى: پاتلانغان، كىراخماللانغان.

مُنَشٍّ: پاتلىغۇچى، كىراخماللىغۇچى.

مَنْشَطٌ: پائالىيەت مەيدانى.

مِنْشَعٌ . مِنْشَعَةٌ ج مَنَاشِعُ: ناسۋال قۇتىسى.

مُنْشَعِبٌ: تارماق، شۆبە.

مِنْشَغٌ وَمِنْشَغَةٌ ج مَنَاشِغُ: ناسۋال قۇتىسى.

مِنْشَفَةٌ ج مَنَاشِفُ: لۆڭگە.

مَنْشُودٌ: تەلەپ قىلىنغان، ئارزۇ قىلىنغان.

«هَدَفٌ مَنْشُودٌ»: كۆزلەنگەن نىشان.

«غَايَةٌ مَنْشُودَةٌ»: ئىزدەلگەن غايە.

مَنْشُورٌ ج مَنْشُورَاتٌ وَمَنَاشِيرُ: ئۇقتۇرۇش، تەشۋىق ۋەرەقىسى.

«مَنْشُورٌ مِنْ وَزَارَةِ التَّرْبِيَةِ وَالتَّعْلِيمِ»: مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ ئۇقتۇرۇشى.

مِنْصَالٌ ج مَنَاصِيلُ: ھاۋانچا تېشى.

مَنْصِبٌ ج مَنَاصِبُ: مەرتىۋە، مەنسەپ، ۋەزىپە، خىزمەت ئورنى، ئەمەل، ئەسلى، تېگى.

لَهُ مَنْصِبٌ: ئۇ مەرتىۋىلىك ئادەم.

اِسْتَقَالَ مِنْ مَنْصِبِهِ: ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەردى.

مَنْصِبُ صِدْقٍ: ماھىيىتى ياخشى.

«مَنْصِبُ الْقَضَاءِ»: قازىلىق (سوتچىلىق) مەنسىپى.

«هُوَ مِنْ أَرْبَابِ الْمَنَاصِبِ»: ئۇ ئەمەلدارلاردىن.

مِنْصَبٌ ج مَنَاصِبُ: تۆمۈر ئوچاق.

مُنْصَرَفٌ: ئىشىك ئالدى، يول، چارە، ئامال، ئېكسپورت، باشلىنىش نۇقتىسى، چىقىش جايى.

لَيْسَ لَنَا عَنْهُ مُنْصَرَفٌ: بىز ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىدۇق، بۇنىڭدىن ئايرىلالمايمىز.

مُنْصَرِمٌ: ئۆتكەن، ئۆتكەنكى.

الْعَامُ الْمُنْصَرِمُ: ئۆتكەن يىل.

حَبْلٌ مُنْصَرِمٌ: ئۈزۈلگەن ئارغامچا.

زَارَنَا فِي الشَّهْرِ الْمُنْصَرِمِ: ئۆتكەن ئايدا بىزنى يوقلىدى.

مَوَدَّةٌ مُنْصَرِمَةٌ: ئۈزۈلگەن دوستلۇق.

مِنَصَّةٌ ج مَنَاصٌّ وَمَنَصَّاتٌ: مۇنبەر، سەھنە.

مِنَصَّةُ الْقَضَاءِ: سوت مۇنبىرى.

مِنَصَّةُ الْخُطْبَةِ: خۇتبە مۇنبىرى.

مِنَصَّةُ الدَّرْسِ: دەرس مۇنبىرى.

وُضِعَ فُلَانٌ عَلَى الْمِنَصَّةِ: پالانى مەيدانغا تارتىپ چىقىرىلدى، رەسۋا بولدى.

سَعَى وَوَصَلَ إِلَى مِنَصَّةِ الْحُكْمِ: ھاكىمىيەتنى قولغا ئالدى.

مُنَصِّفٌ: تەڭ بۆلگۈچى، تەكشى بۆلگۈچى.

رَجُلٌ مُنَصِّفٌ: سەللىلىك ئادەم.

مُنْصِفٌ: ئادىل، ھەققانىي، خالىس، ئىنساپلىق.

مُنْصُلٌ ج مَنَاصِلُ: قىلىچ.

مَنْصُوبٌ: تىكلەنگەن، ئۆرە.

«خَيْمَةٌ مَنْصُوبَةٌ»: تىكلەنگەن چېدىر.

مَنْصُورٌ ج مَنْصُورُونَ م مَنْصُورَةٌ: زەپەر قۇچقۇچى؛ غەلىبە قىلغۇچى، يەڭگۈچى.

﴿فَلاَ يُسْرِفْ فِي الْقَتْلِ إِنَّهُ كَانَ مَنْصُوراً﴾ «قرآن»: «ئۇ ئىگىسى قىساس ئېلىشتا چەكتىن چىقىپ كەتمىسۇن. (نـاھەق ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ) ئىگىسىگە ئاللاھ ھەقىقەتەن مەدەتكاردۇر».

مَنْصُوصٌ: بەلگىلەنگەن.

مِنْضَاجٌ ج مَنَاضِيجُ: زىق.

مِنْضَحَةٌ ج مَنَاضِحُ: سۇ سېپىدىغان سايمان، سۇ سەپكۈچ.

مِنْضَخَةٌ ج مَنَاضِخُ: سۇ چاچقۇچ، سۇ پۈركىگۈچ.

مِنْضَدَةٌ ج مَنَاضِدُ: ئۈستەل، شىرە، كىچىك ئۈستەل، كىچىك شىرە.

مِنْضَدَةُ كُتُبٍ: كىتاب تەكچىسى.

سَيَكُونُ الْعِشَاءُ جَاهِزًا بَعْدَ قَلِيلٍ فَلْنَرْفَعْ هَذِهِ الْأَشْيَاءَ مِنَ الْمِنْضَدَةِ: بىرئازدىن كېيىن كەچلىك تاماق تەييار بولىدۇ، ئۈستەلدىكى نەرسىلەرنى ئېلىۋېتەيلى.

مُنَضِّدٌ ج مُنَضِّدُونَ: نابورچىك، مەتبە ھەرپلىرىنى تىزغۇچى.

مُنْطَادٌ مَنَاطِيدُ وَمَطَاوِدُ: ھاۋا كېمىسى، دىرىژابىل، ئېگىز.

مِنْطَبٌ وَمِنْطَبَةٌ ج مَنَاطِبُ: سۈزگۈچ.

مَنْطَبَةٌ ج مَنَاطِبُ: مەتۇ، گالۋاك، ئەخمەق.

مُنْطَرِحٌ: تاشلىۋېتىلگەن.

مَنْطِقٌ: سۆزلىمەك؛ گەپ ـ سۆز، تىل، لوگىكا.

«مَنْطِقُهُ حَسَنٌ»: ئۇنىڭ گېپى چىرايلىق.

﴿عُلِّمْنَا مَنطِقَ الطَّيْرِ﴾ «قرآن»: «بىزگە قۇشلارنىڭ تىلى تەلىم بېرىلدى».

مِنْطَقٌ . مِنْطَقَةٌ ج مَنَاطِقُ: كەمەر.

مِنْطَقَةٌ / مَنْطِقَةٌ ج مَنَاطِقُ: رايون، جاي، يەر.

«مِنْطَقَةُ الْبَحْرِ الْمُتَوَسِّطِ»: ئوتتۇرا دېڭىز رايونى.

«الْمِنْطَقَةُ الْاِسْتِوَائِيَّةُ»: ئېكۋاتور رايونى.

**نَالَهُ بِسُوْءٍ:** زىيانكەشلىك قىلدى، يامانلىق قىلدى.

**نَالَهُ:** ئېرىشتۈردى، ئىگە قىلدى.

**نَالَ يَنُولُ نَوْلًا وَ نَوَالًا:** بەردى، ئاتا قىلدى.

**نَالَ عَلَيْهِ بِشَيْءٍ:** سېخىيلىق قىلدى.

«**نَالَ عَلَيْهِ بِهَدِيَّةٍ**»: ئۇنىڭغا سوۋغات بەردى.

**نَالَ لَهُ أَنْ يَفْعَلَ كَذَا:** شۇنداق قىلىشقا ئاز قالدى.

**نَامَ يَنَامُ نَوْمًا:** ئۇخلىدى.

«**نَامَ الصَّبِيُّ**»: بالا ئۇخلىدى.

**نَامَ الشَّيْءُ:** توختىدى، جىمىدى، پەسەيدى، تىنچىدى.

«**نَامَ الْبَحْرُ**»: دېڭىز تىنچىدى.

«نَامَتِ الرِّيحُ»: شامال توختىدى.

«إِنَّ عَيْنَيَّ تَنَامَانِ وَلَا يَنَامُ قَلْبِيْ» ‹حديث›: مېنىڭ ئىككى كۆزۈم ئۇخلىغان بىلەن قەلبىم ئويغاق.

نَامَتِ النَّارُ: ئوت ئۆچتى.

نَامَ إِلَيْهِ: خاتىرجەم بولدى.

نَامَ عَنْ حَاجَتِهِ: ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمىدى، بىپەرۋالىق قىلدى.

نَامَ الشَّخْصُ لِلّٰهِ: ئاللاھقا بويسۇندى.

نَامَ هَمُّهُ: خاتىرجەم بولدى.

«إِنَّ هَذَا النَّارَ عَدُوٌّ لَكُمْ ، فَإِذَا نِمْتُمْ فَأَطْفِئُوْهَا عَنْكُمْ» ‹حديث›: شۈبھىسىزكى، ئوت سىلەرگە دۈشمەندۇر، سىلەر ئۇخلىغاندا ئوتنى ئۆچۈرۈۋېتىڭلار.

نَامَتِ الرِّجْلُ: پۇت ئۇيۇشۇپ قالدى.

نَامَتِ السُّوْقُ: بازار كاساتلاشتى.

نَامَسَ يُنَامِسُ مُنَامَسَةً الصَّائِدُ: ئوۋچى مۆكۈش ئۆيىگە كىرىۋالدى.

نَامَسَهُ: ئۇنىڭ بىلەن سىرداشتى.

نَامِصَةٌ ج نَوَامِصُ: ئاياللارنىڭ يۈزىنى تېرىپ پەردازلىغۇچى ئايال.

نَامُوْسٌ ج نَوَامِيْسُ: زىرەك، چېچەن؛ شەرىئەت، قائىدە، تۈزۈم، نىزام، قانۇن، سىرداش دوست، مەككار، كاززاپ، سۇخەنچى، كىچىك پاشا، راھىبنىڭ ئىبادەتخانىسى، ئوۋچى ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان جاي.

نَامُوْسُ الْإِنْتِخَابِ الطَّبِيْعِيِّ: تەبىئىي تاللىنىش قانۇنى.

«نَوَامِيْسُ الطَّبِيْعَةِ»: تەبىئەت قانۇنلىرى.

النَّامُوْسُ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام.

نَامُوْسِيَّةٌ: پاشلىق.

نَامٍ (النَّامِيْ): ئۆسىۋاتقان، تەرەققىي قىلىۋاتقان.

شَبَابٌ نَامٍ: يېتىلىۋاتقان ياش.

الْبُلْدَانُ النَّامِيَةُ: تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر.

نَامِيَةٌ مَرَضِيَّةٌ: سۆگەل.

النَّامِيَةُ السَّرْطَانِيَّةُ: يامان سۈپەتلىك ئۆسمە.

نَاهَ يَنُوْهُ نَوْهًا: ئۆستى، ئۆرلىدى، ئېگىزلىدى.

«نَاهَ النَّبَاتُ»: ئۆسۈملۈك ئۆستى.

نَاهِئٌ: ئىچىپ قانغۇچى.

نَاهَبَ يُنَاهِبُ مُنَاهَبَةً: يۇلغۇرۇشتە مۇسابىقىلەشتى.

نَاهَبَ الْغَنِيْمَةَ: : غەنىيمەت ئالدى، تالاشتى.

نَاهَدَ يُنَاهِدُ نِهَادًا وَ مُنَاهَدَةً الشَّخْصَ: جېدەللەشتى، قارشى چىقتى.

«نَاهَدَ الْعَدُوَّ»: دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلدى.

نَاهِدٌ نَاهِدَةٌ ج نَوَاهِدُ: ئەمچىكى تومپىيىپ چىقىپ تۇرغان ئايال؛ يولۋاس.

غُلَامٌ نَاهِدٌ: بالاغەتكە يەتكەن بالا.

نَاهَزَ يُنَاهِزُ مُنَاهَزَةً: يېقىنلاشتى.

«نَاهَزَ الرَّضِيْعُ الْفِطَامَ»: بالا ئەمچەكتىن ئايرىشقا يېقىنلاشتى.

«نَاهَزَتِ الْبُلُوْغَ»: بالاغەتكە يېتەي دەپ قالدى.

«نَاهَزَ الْخَمْسِيْنَ مِنْ عُمْرِهِ»: ئەللىك ياشقا يېقىنلاشتى.

نَاهَزَتْهُ الْفُرْصَةُ: ئۇنىڭغا پۇرسەت كېلىپ قالدى.

نَاهَزَ الْفُرْصَةَ: پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلدى.

نَاهَضَ يُنَاهِضُ مُنَاهَضَةً: قارشى تۇردى، قارشىلىق كۆرسەتتى، قارشىلاشتى، تىركەشتى، قارشى چىقتى.

«نَاهَضَ خَصْمَهُ»: دۈشمىنى بىلەن قارشىلاشتى، رەقىبى بىلەن قارشىلاشتى.

نَاهِضٌ: جانلانغۇچى، گۈللەنگۈچى، تىك، ئۆرە.

نَاهِضٌ ج نَوَاهِضُ: قۇشنىڭ ئۇچۇرما بولغان بالىسى؛ ئېگىز يەر.

نَاهِضٌ ج نُهَّضٌ: تېتىك، جانلىق، روھلۇق.

«شَبَابٌ نَاهِضٌ»: جانلىق، روھلۇق ياشلار.

«عُمَّالٌ نُهَّضٌ»: تىرىشچان ئىشچىلار.

دَلِيْلٌ نَاهِضٌ: ئوچۇق پاكىت، روشەن دەلىل.

نَاهِضَةٌ: تېتىك، جانلىق، روھلۇق.

«فَتَاةٌ نَشِيْطَةٌ نَاهِضَةٌ»: روھلۇق، تىرىشچان قىز.

نَاهِضَةٌ ج نَوَاهِضُ الشَّخْصِ: كىشىنىڭ بولۇشىدىغان تۇغقانلىرى؛ ئىشقا تەييار خىزمەتچىلەر.

نَاهِلٌ ج نُهَّالٌ: قېنىپ ئىچكەن، تەشنا.

نَاهِلَةٌ ج نَوَاهِلُ وَ نِهَالٌ: قانغان، قېنىپ ئىچكەن؛ تەشنا.

سُيُوْفٌ نَوَاهِلُ: قان تېمىپ تۇرغان قىلىچلار.

إِبِلٌ نَوَاهِلُ: ئاچ قالغان تۆگىلەر.

نَاهٍ (النَّاهِيْ) ج نُهَاةٌ: چەكلىگۈچى، چەكلەيدىغان، توق قانغان.

«النَّاهِي عَنِ الْمَعَاصِي»: گۇناھلاردىن چەكلەيدىغان.

رَجُلٌ نَاهِيْكَ مِنْ رَجُلٍ: ئۇ ھاجىتىڭدىن چىقىدىغان ئادەم.

نَاهِيَةٌ ج نَوَاهٍ: مەنئى قىلىش بۇيرۇقى، تەھقىقلەش پەرمانى، پەرھىز، ئۆزگەرمەس قانۇن.

نَاوَأَ يُنَاوِئُ مُنَاوَأَةً ـــ ه: ئابرۇي تالاشتى.

نَاوَأَةٌ: دۈشمەنلەشتى، قارشىلاشتى، مۇسابىقىلەشتى.

«نَاوَأَهُ خُصُوْمُهُ»: رەقىبلىرى ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشتى.

نَاوَرَ يُنَاوِرُ مُنَاوَرَةً ـــ ه: ئۇنىڭ بىلەن تىللاشتى.

«نَاوَرَ خَصْمَهُ»: رەقىبى بىلەن تىللاشتى.

نَاوَرَتْ فِرَقُ الْجَيْشِ: ئەسكىرىي قىسىملار مانېۋىر ئۆتكۈزدى.

نَاوَشَ يُنَاوِشُ مُنَاوَشَةً: ئارىلاشتى.

نَاوَشَ الشَّخْصَ: ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ كۈچىنى سىنىدى.

«نَاوَشَ الثُّوَّارُ جُنُوْدَ الْعَدُوِّ»: قوزغىلاڭچىلار دۈشمەن قوشۇنىنىڭ كۈچىنى سىنىدى.

نَاوَلَ يُنَاوِلُ مُنَاوَلَةً ـــ هُ الشَّيْءَ: ئۇنىڭغا نەرسە بەردى.

«نَاوَلَهُ الدَّوَاءَ»: ئۇنىڭغا دورا بەردى.

نَاوُوْسٌ ج نَوَاوِيْسُ: خرىستىئانلار ئۆلۈكنىڭ جەسىتىنى سالىدىغان ساندۇق؛ خرىستىئانلارنىڭ قەبرىستانلىقى.

نَاوَى يُنَاوِى مُنَاوَاةً: قارشى تۇردى، قارشىلىق كۆرسەتتى، دۈشمەنلەشتى.

نَايٌ ج نَايَاتٌ: نەي، قومۇش نەي.

نَايَاتِيٌّ ج نَايَاتِيَّاتٌ: نەيچى.

نَاءٍ م نَائِيَةٍ: يىراق، ئۇزاق.

يَعِيْشُ فِي قَرْيَةٍ نَائِيَةٍ: ئۇ يىراق يېزىدا ياشايدۇ.

نَائِبٌ ج نُوَّابٌ: ئورۇنباسار، ۋەكىل، خەلق ۋەكىلى.

«نَائِبُ الرَّئِيْسِ»: مۇئاۋىن رەئىس.

«نَائِبُ الْقَاضِي»: ئورۇنباسار سوتچى.

«النَّائِبُ الْعُمُوْمِيّ»: تەپتىش باشلىقى، تەپتىش ئەمەلدارى.

«نَائِبٌ فِي الْبَرْلَمَانِ»: پارلامېنت ئەزاسى.

نَائِبَةٌ ج نَوَائِبُ وَ نَائِبَاتٌ: ئايال ۋەكىل، ئايال ئەزا، ئاپەت، بالايى-قازا، ھادىسە، مۇسىبەت.

«نَائِبَةٌ فِي الْبَرْلَمَانِ»: ئايال پارلامېنت ئەزاسى.

الحُمَّي النَّائِبَةُ: ھەر كۈنى بولۇپ تۇرىدىغان بەزگەك.

نَوَائِبُ الدَّهْرِ: بەختسىزلىك، ئاپەت، بالايى-قازا، ھادىسە، مۇسىبەت.

نَائِجَةٌ ج نَوَائِجُ و نَائِجَاتٌ: بوران، قارا بوران.

نَائِحَةٌ ج نَائِحَاتٌ و نَوَائِحُ: مېيىتكە قوشاق قېتىپ يىغلايدىغان ئايال.

نَائِلٌ: ئېرىشكۈچى، قولغا كەلتۈرگۈچى،

ئېرىشىلگەن نەرسە، سوۋغا، سېخىيلىق، مەردلىك.

«عِشْ نَائِلاً كُلَّ مَا تَرْجُوهُ مَا سَجَعَتْ وَرْقُ الْحَمَامِ عَلَى الأَغْصَانِ وَالْبَانِ»: مادامىكى كەپتەرلەر شاخلاردا سايراپلا تۇرىدىكەن، كۆڭلۈڭگە پۈككەن نەرسەڭگە ئېرىشىپ ياشارسەن. (ئىلاھىم، مەڭگۈ كۈتكىنىڭگە ئېرىشەرسەن.)

نَائِمٌ ج نُوَّامٌ وَ نِيَامٌ: ئۇخلىغۇچى، ئۇخلاۋاتقان، ئۇيۇشۇپ قالغان، ناركوز قىلغۇچى، ناركوز قىلىنغان.

نَاءٍ (النائي): يىراق.

يَعِيشُ فِي قَرْيَةٍ نَائِيَةٍ: ئۇ يىراق جايدا ياشايدۇ.

نَأَتَ يَنْأَتُ نَأْتًا وَ نَئِيتًا: ئىڭرىدى.

نَأَتَ الرَّجُلَ: كىشىگە ھەسەت قىلدى، كىشىنى كۆرەلمىدى.

نَأَثَ يَنْأَثُ نَأْثًا وَ مَنْأَثًا: يىراقلاشتى، يىراق بولدى، ئاستا بولدى، تېز ماڭدى.

نَأَجَ يَنْأَجُ نَئِيجًا وَنَأْجًا — الرِّيحُ: بوران چىقتى.

نَأَجَ إِلَى اللهِ فِي الدُّعَاءِ: ئاللاھقا ئىلتىجا قىلدى.

نَأَجَ الْخَبَرَ: خەۋەر تارقالدى.

نَأَجَ الأَمْرَ: ئىشنى كېچىكتۈردى.

نَأَجَ يَنْأَجُ نَأْجًا وَ نُؤَاجًا — الثَّوْرُ: ئۆكۈز مۆرىدى، بورقىرىدى.

نَئِجَ يَنْأَجُ نَأَجًا: ئاستا يېدى، ئۆمەللەپ يېدى.

نَئِجَ الْقَوْمُ: قوۋم بوراندا قالدى.

نَأَدَ يَنْأَدُ نَأْدًا: ھەسەت قىلدى.

نَأَدَتْهُ الْمُصِيبَةُ: ئۇنىڭغا مۇسىبەت كەلدى، بالا-قازاغا يولۇقتى.

نَأَدَهُ: ئۇنىڭغا ھەسەت قىلدى.

نَأَرَ يَنْأَرُ نَأْرًا: قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى.

نَأَشَ يَنْأَشُ نَأْشًا — الشَّيْءَ: نەرسىنى تارتىۋالدى، زورلۇق بىلەن ئېلىۋالدى.

نَأَشَ الأَمْرَ: ئىشنى كېچىكتۈردى.

نَأَشَ مِنْ مَكَانِهِ: جايىدىن يىراقلاپ كەتتى.

نَأَشَهُ اللهُ: ئاللاھ ئۇنى تىرىلدۈردى.

نَأَفَ يَنْأَفُ نَأْفًا فِي الأَمْرِ: ئەستايىدىل ئىشلىدى، دىققەت بىلەن ئورۇنلىدى.

نَئِفَ يَنْأَفُ نَأْفًا وَنَأَفًا — مِنَ الشَّرَابِ: قانغۇدەك ئىچتى.

نَئِفَ الرَّجُلَ: ئۆچ كۆردى، يامان كۆردى، بىزار بولدى.

نَئِفَ الشَّيْءَ: نەرسىنى يېدى.

نَأَلَ يَنْأَلُ نَأْلًا و نَأَلَاناً وَ نَئِيلًا الْفَرَسُ: ئات يورغىلاپ ماڭدى.

نَأَلَهُ: ئۇنىڭغا ھەسەت قىلدى.

نَأَمَ يَنْأَمُ نَئِيمًا: ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلدى.

نَأْمَةٌ: ۋاراڭ-چۇرۇڭ.

نَأْنَأَ يُنَأْنِئُ نَأْنَأَةً عَنِ الأَمْرِ: بوشاشتى، بوشاڭلىق قىلدى، سوغۇق مۇئامىلىدە بولدى.

نَأْنَأَ فِي الرَّأْيِ: ئىككىلىنىپ ... ئىككىتاسمىلىق قىلدى، ئەزمىلىك قىلدى.

نَأْنَأٌ ونَأْنَاءٌ و نُؤْنُؤٌ: ئاجىز، قورقۇنچاق، ئىرادىسىز، بوزەك.

نَؤُودٌ: ئاپەت، ھادىسە.

نَؤُورٌ: بۇس (ياغىنىڭ).

نَؤُوشٌ: كۈچلۈك، كۈچتۈڭگۈر.

نَأَى يَنْأَى نَأْيًا — عَنْهُ: يىراقلاشتى، يىراق تۇردى، ئايرىلدى، ئۇزاپ كەتتى، نېرى كەتتى.

«نَأَى عَنْ بَيْتِهِ»: ئۆيىدىن يىراقلاشتى.

نَأَى الشَّخْصُ بِجَانِبِهِ: تەكەببۇرلۇق قىلدى، ئاتىكارچىلىق قىلدى، چوڭچىلىق قىلدى، يۈز ئۆرۈدى، يىراقلاشتى.

﴿وَإِذَا أَنْعَمْنَا عَلَى الإِنسَانِ أَعْرَضَ وَنَأَى بِجَانِبِهِ﴾ ‹قرآن›: ئىنسانغا (تۈرلۈك نېمەتلەرنى)

بەرسەك، (پەرۋەردىگارىنىڭ ئىبادىتىدىن) يۈز ئۆرۈيدۇ، (چوڭچىلىق قىلىپ) پەرۋەردىگارىدىن يىراقلىشىدۇ.

نُؤْيٌ وَ نِئْيٌ وَ نُؤْيٌ ج آنَاءٌ وَأُنْآءٌ وُ نُئِيٌّ و نِئِيٌّ: خەندەك، ئاكوپ.

نَئِيْشٌ: يىراق.

فَعَلَهُ نَئِيْشًا: ئۇ ئەمدى قىلدى.

جَاءَ نَئِيْشًا: ئۇ ئاستا كەلدى.

نَبَا يَنْبُوْ نُبُوًّا وَ نَبْوَةً — الطَّبْعُ عَنِ الشَّيْءِ: ئىنسان تەبىئىتى نەرسىدىن يىرگەندى.

نَبَتِ الصّوْرَةُ: سۈرەت سەت بولدى.

نَبَتْ جَنْبُهُ عَنِ الْفِرَاشِ: ئۇ ئارامسىزلىنىپ ئۇخلىيالمىدى.

نَبَتِ السَّهْمُ عَنِ الْهَدَفِ: ئوق نىشانغا تەگمىدى.

«نَبَا عَنْ مَكَانِهِ، نَبَا بِهِ الْمَكَانَ»: ئورنىدىن چەتنىدى.

نَبَاتٌ: ئۈنمەك.

نَبَاتٌ ج نَبَاتَاتٌ: ئۆسۈملۈك، ئوت-چۆپ، گىياھ-ئېكىن.

«نَبَاتٌ حَوْلِيٌّ»: يىللىق ئۆسۈملۈك.

«نَبَاتٌ طِبِّيٌّ»: تېببىي ئۆسۈملۈك، دورا ئۆسۈملۈكى.

«نَبَاتٌ مَائِيٌّ»: سۇ ئۆسۈملۈكى.

«نَبَاتَاتُ الزِّيْنَةِ»: زىننەت ئۆسۈملۈكلىرى.

﴿وَهُوَ الَّذِيَ أَنزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَخْرَجْنَا بِهِ نَبَاتَ كُلِّ شَيْءٍ﴾ ‹قرآن›: ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈردى.

عِلْمُ النَّبَاتِ: بوتانىكا.

نَبَاتِيٌّ: ئوتخور؛ گۆشسىز تاماق يەيدىغان ئادەم؛ ئۆسۈملۈكنىڭ، ئۆسۈملۈككە ئائىت.

دُهْنٌ نَبَاتِيٌّ: ئۆسۈملۈك مېيى؛ بوتانىكا ئالىمى.

الْمَمْلَكَةُ النَّبَاتِيَّةُ: ئۆسۈملۈك دۇنياسى.

الْمَعَرِّيْ مِنَ النَّبَاتِيِّيْنَ: ئەبۇلئەئلا مەئەررى گۆش يېمەيدىغانلاردىن ئىدى.

نَبَاجٌ: ئېگىزلىك، تۆپىلىك.

نُبَاجٌ: ئوسۇرۇق، كېرەكسىز نەرسە، كېرەكسىز ئادەم.

نُبَاجُ الْكَلْبِ: ئىتنىڭ هاۋشىشى.

نُبَاحٌ: ئىتنىڭ هاۋشىشى، قاۋىشى، هاۋشىماق.

«نُبَاحُ الْكِلَابِ لَايَضِرّ بِالسِّحَابِ»: ئىتنىڭ هاۋشىشى بۇلۇتقا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، بىر تال موينى تەۋرىتەلمەيدۇ؛ ئىت هۈرەر كارۋان يۈرەر.

نِبَالَةٌ: ئوق ياساش كەسپى.

نَبَالَةٌ: ئالىيجانابلىق، ئېسىلزادىلىك؛ زېرەكلىك.

نَبَاهَةٌ: ئەقىل، زېرەكلىك، چېچەنلىك؛ شۆھرەت، داڭق، شەرەپ، ئېسىللىك.

نَبَأَ يَنْبَأُ وَ نُبُوْءًا الشَّيْءُ: ئېگىز بولدى، ئۈستۈن بولدى، يۈكسەك بولدى.

نَبَأَ عَنْ كَذَا: يىرگەندى، يامان كۆردى، بىزار بولدى، نەپرەتلەندى.

نَبَأَ عَلَى قَوْمٍ: قوۋمغا تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلدى.

نَبَأَ مِنْ أَرْضٍ إِلَى أَرْضٍ أُخْرَى: كۆچتى.

نَبَأَ يَنْبَأُ نَبْأً وَ نَبْأَةً: ئاستا توۋلىدى.

نَبَأَ نَبْأً الرَّجُلَ: خەۋەر قىلدى، خەۋەر يەتكۈزدى.

نَبَأٌ ج أَنْبَاءٌ: خەۋەر، مەلۇمات، ئىز-دېرەك، ئاخبارات، ئۇچۇر؛ هادىس، (يېڭى) خەۋەر.

أَنْبَاءُ الْحَرْبِ: ئۇرۇش خەۋەرلىرى.

«نَشْرَةُ الْأَنْبَاءِ فِي الْإِذَاعَةِ وِالتِّلْفَزَةِ»: رادىئو ۋە تېلېۋىزىيىدە خەۋەرلەرنى ئاڭلىتىش.

﴿عَمَّ يَتَسَاءَلُوْنَ عَنِ النَّبَإِ الْعَظِيْمِ﴾ ‹قرآن›: (مۇشرىكلار ئۆزئارا نېمە توغرۇلۇق) سورىشىدۇ؟ ئۇلار چوڭ بىر خەۋەر (يەنى، قىيامەت توغرۇلۇق) سورىشىدۇ.

نَبْأَةٌ: ئىڭرىغان ئاۋاز، نالە-پەرياد، ئىتلارنىڭ

خىرقىرىغان ئاۋازى، خىرقىرىغان ئاۋاز.

نَبَّ يَنِبُّ نَبًّا ونَبِيْبًا: ۋارقىرىدى، تووۋلىدى، چىرقىرىدى.

نَبَّ التَّيْسُ: تېكە مەرىدى.

نَبَّاحٌ: كۆپ قاۋايدىغان، تولا ھاۋشىيدىغان، يالغانچى.

كَلْبٌ نَبَّاحٌ: قاتتىق ھاۋشىيدىغان ئىت.

نَبَّاخٌ مِنَ الْعَجِيْنِ: بولغان خېمىر.

نَبَّاذٌ: ھاراق سودىگىرى.

نَبَّارٌ: تووۋلىغۇچى، سۆرەن سالغۇچى.

رَجُلٌ نَبَّارٌ بِالْكَلَامِ: پاساھەتلىك ئادەم.

نَبَّاشٌ ج نَبَّاشُوْنَ: تولا كولايدىغان.

«نَمَّامٌ نَبَّاشٌ»: تولا گەپ كولايدىغان گەپ توشۇغۇچى، تولا گەپ كولايدىغان سۇخەنچى.

نَبَّاشُ الْقُبُوْرِ: كېپەن ئوغرىسى، قەبرە ئوغرىسى.

نَبَّالٌ: مەرگەن.

نَبَّأَ يُنَبِّئُ تَنْبِيْئًا فُلَانًا الْخَبَرَ وَ بِالْخَبَرِ: خەۋەر قىلدى، ئېيتتى، دەپ قويدى، ئۇقتۇردى، بىلدۈردى، مەلۇم قىلدى، ئېلان قىلدى، جاكارلىدى.

«نَبَأَهُ بِوُقُوْعِ الْخَطَرِ»: ئۇنىڭغا خەتەر يۈز بەرگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

﴿إِلَى اللهِ مَرْجِعُكُمْ جَمِيعاً فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ فِيهِ تَخْتَلِفُونَ﴾ «قرآن»: ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەرنى (ئۇنىڭ قايسى ھەق، قايسى ناھەق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ.

نَبَّبَ يُنَبِّبُ تَنْبِيْبًا — النَّبَاتُ: ئۆسۈملۈك بوغۇملۇق بولدى.

نَبَّتَ يُنَبِّتُ تَنْبِيْتًا — الزَّرْعُ: ئۆسۈملۈك بىخ چىقاردى.

نَبَّتَ الشَّجَرَ: دەرەخ تىكتى.

نَبَّتَ الصَّبِيَّ: بالىنى تەربىيىلەپ ئۆستۈردى.

نَبَّذَ يُنَبِّذُ تَنْبِيْذًا: تاشلىدى.

نَبَّذَ التَّمْرَ أَوِ الْعِنَبَ: خورما ياكى ئۈزۈمدىن شاراب چىقاردى.

نَبَّضَ يُنَبِّضُ تَنْبِيْضًا الْقَوْسَ أَوْ فِيْهِ: يانى مىدىراتتى.

نَبَّضَتْهُ الْحُمَّى: قىزىتما ئۇنى تىترىتىۋەتتى.

نَبَّطَ يُنَبِّطُ تَنْبِيْطًا الْبِئْرَ: قۇدۇقنىڭ سۈيىنى چىقاردى، تارتتى.

نَبَّقَ يُنَبِّقُ تَنْبِيْقًا الشَّيْئُ: كۆرۈندى، ئاشكارا بولدى.

نَبَّقَ الْكِتَابَ: كىتابنى رەتلىك يازدى.

نَبَّقَ الشَّجَرَ: دەرەخنى رەتلىك تىكتى.

نَبَّهَ يُنَبِّهُ تَنْبِيْهًا — بِإسْمِهِ: ئۇنىڭ نامىنى چىقاردى.

نَبَّهَهُ مِنْ نَوْمِهِ: ئۇنى ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى.

نَبَّهَهُ عَلَى أَوْ إِلَى الْأَمْرِ: ۋاقىپلاندۇردى، ئۇقتۇردى، بىلدۈردى، ئاگاھلاندۇردى.

نَبَّهَ الرَّأْيَ الْعَامَّ: جامائەت پىكرىنى قوزغىدى.

نَبُّوتٌ ج نَبَابِيتُ: كالتەك، توقماق، تاياق.

نَبَتَ يَنْبُتُ نَبْتًا وَ نَبَاتًا — الزَّرْعُ: زىرائەت ئۈندى، ئۆستى.

نَبَتَتِ الْأَرْضُ: يەردە ئۆسۈملۈك ئۆستى.

نَبَتَ يَنْبُتُ نَبْتَةً وَ نَبَاتًا الْإِنْسَانُ: ياش قۇرامىغا يەتتى، ۋايىغە يەتتى، توشتى، تولدى، يېتىلدى.

نَبَتَ فُلَانٌ فِي مَنْبِتِ صِدْقٍ: پالانى ئېسىل ئائىلىدە ئۆستى.

نَبَتَ يَنْبُتُ نُبُوْتًا ثَدْيُ الْجَارِيَةِ: قىزنىڭ كۆكسى كۆتۈرۈلدى.

نَبْتٌ الْوَاحِدَةُ نَبْتَةٌ ج نُبُوتٌ: ئۆسۈملۈك.

«غَرَسَ فِي حَدِيْقَتِهِ نَبْتَةَ يَاسِمِيْنَ»: ئۇ بېغىدا ياسىمەن ئۆسۈملۈكىنى تىكتى.

نَبَثَ يَنْبُثُ نَبْثًا الْبِئْرَ: قۇدۇق قازدى، كولىدى،

ئويدى.

نَبَثَ الشَّيْءَ: ئاشكارىلىندى.

نَبَثَ عَنِ السِّرِّ أَوْ الْأَمْرِ: سىر ياكى ئىشنى ئىزدەپ ئاشكارىلىدى.

«فُلَانٌ يَنْبُثُ عَنْ عُيُوبِ النَّاسِ»: پالانى كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرىنى ئاچىدۇ، كولايدۇ.

نَبَثٌ ج أَنْبَاثٌ: ئىز، قالدۇق.

نَبَجَانٌ ج نِبَاجٌ: تەھدىت، تەھدىت سۆزلىرى.

نَبَجَةٌ: تۆپىلىك، ئېگىزلىك.

نَبَحَ يَنْبَحُ نَبْحًا وَ نُبَاحًا — الْكَلْبُ: ئىت هاۋشىدى.

«إِنَّ الْكِلَابَ تَنْبَحُ وَالْقَافِلَةُ تَسِيرُ»: ئىت هۈرەر، كارۋان يۈرەر.

نَبَحَ الشَّاعِرُ: شائىر ھەجۋىي قىلدى.

نَبَخَ يَنْبَخُ نُبُوخًا — العَجِينُ: خېمىر بولدى.

نَبْحٌ: هاۋشىماق.

نَبْخٌ، نَبَخٌ: قاپارتقۇ.

نَبْخَةٌ: سەرەڭگە، گۇگۇت.

نَبَذَ يَنْبِذُ نَبْذًا وَ نَبَذَانًا — الشَّيْءَ: تاشلىدى، ئىرغىتىپ تاشلىدى، چۆرىدى، ۋاز كەچتى.

نَبَذَ الْعَهْدَ: ئەھدىنى بۇزدى، ئەمەلدىن قالدۇردى.

﴿فَانْبِذْ إِلَيْهِمْ عَلَى سَوَاءٍ﴾ «قرآن»: مۇئاھىدىسىنى ئۇلارغا ئوچۇق-يورۇقلۇق بىلەن تاشلاپ بەرگىن.

نَبَذَ الْأَمْرَ: ئىشنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

نَبَذَ الطَّاعَةَ: ئاسىيلىق قىلدى.

نَبْذٌ ج أَنْبَاذٌ: ئازغىنە، ئاز مىقداردا.

نُبْذَةٌ ج نُبَذٌ: كىچىك بىر پارچە، ئاز بىر بۆلۈك، قىسىم، بۆلۈم، ئورۇن؛ ماقالە، قىسقا مۇلاھىزە، قىسقا ئوبزور؛ بوغۇم، ئابزاس، پاراگراف.

نُبْذَةٌ عَنْ حَيَاتِهِ: ئۇنىڭ ھاياتىدىن بىر قىسىم.

نُبْذَةٌ مِنْ كِتَابٍ: كىتابتىن بىر ئابزاس.

نُبْذَةٌ تَارِيخِيَّةٌ: تارىخىي پارچە.

ذَكَرَ نُبَذًا مِنْ خِطَابِهِ: نۇتقىدىن بۆلەكلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى.

نَبَرَ يَنْبِرُ نَبْرًا: كۆتۈردى.

نَبَرَ الْمُغَنِّيّ: ناخشىچى ئاۋازىنى كۆتۈردى.

نَبَرَ الرَّجُلَ: كىشىنى ئەيىبلىدى.

نَبْرٌ: كۆتۈرمەك، توسىماق، چەكلىمەك، دۈشكەلىمەك.

نَبْرُ الصَّوْتِ: ئاۋازنى كۆتۈرمەك.

نِبْرٌ ج أَنْبَارٌ: ئامبار، ساك، ئىسكىلات؛ كۆكۈيۈن، كانا، پاكار، پەسكەش.

نِبْرَاسٌ ج نَبَارِيسُ: چىراغ، باتۇر، قەھرىمان، يولۋاس، نەيزىنىڭ ئۇچى.

اِتَّخَذَ مِنْهُ نِبْرَاسًا: ئۇنى ئۈلگە قىلدى.

نَبْرَةٌ ج نَبَرَاتٌ: ئۇرغۇ، ئۇششۇق.

أَعْرِفُهُ مِنْ نَبْرَةِ صَوْتِهِ: ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ ئۇرغۇسىدىن تونۇيمەن.

نُبْرَةٌ ج نُبَرٌ: چوڭ بىر كاپام.

نَبْرِيجٌ: رىزىنكە ناسوس، رىزىنكە تۇرۇبا.

نَبَزَ يَنْبِزُ نَبْزًا: لەقەم قويدى.

«نَبَزَهُ بِالْأَعْرَجِ»: ئۇنىڭغا توكۇر دەپ لەقەم قويدى.

نَبْزٌ ج أَنْبَازٌ: لەقەم.

نَبِزٌ: ئەسلى پەس، زاتى پەس، پەسكەش.

نُبَزَةٌ: كىشىلەرگە تولا لەقەم قويىدىغان ئادەم.

نَبَسَ يَنْبِسُ نَبْسًا — الشَّخْصُ: ئىككى لىۋى مىدىرلاپ ئاستا سۆزلىدى، بۇ كۆپىنچە بولۇشسىز پېئىلدا قوللىنىلىدۇ.

«لَمْ يَنْبِسْ بِكَلِمَةٍ»: ھېچ نەرسە سۆزلىمىدى، لام-جىم دېمىدى.

نَبَسَ السِّرَّ: سىر ساقلىدى.

مَا نَبَسَ بِبِنْتِ شَفَةٍ: ئېغىز ئاچمىدى، لام-جىم دېمىدى.

نَبَشَ يَنْبُشُ نَبْشًا: ئاچتى، ئاشكارىلىدى.

«نَبَشَ عَنِ الْكَنْزِ»: كاننى ئاچتى.

نَبَشَ السِّرَّ: سىرنى ئاشكارىلىدى.

نَبَشَ الْقَبْرَ: قەبرىنى كولىدى؛ كېپەن ئوغرىلىدى.

نَبَشَ الْحَدِيْثَ: گەپ ئاختۇردى.

نَبَشَ الْجُثَّةَ مِنَ الْقَبْرِ: جەسەتنى قەبرىدىن كولاپ چىقاردى.

نَبَشَ لِعِيَالِهِ: تىرىكچىلىك قىلدى، تۇرمۇش كەچۈردى.

نَبْشٌ: قېزىپ تەكشۈرمەك.

نَبْشُ الْأَسْرَارِ / نَبْشٌ عَنِ الْأَسْرَارِ: سىرنى پاش قىلىش.

نَبَصَ يَنْبِصُ نَبْصًا الْغُلَامُ الْكَلْبَ: بالا ئىتنى ئىسقىرتىپ چاقىردى.

نَبَصَ الشَّعْرَ: چاچنى يۇكۈزلىدى.

نَبَصَ فِي الْمَجْلِسِ: يىغىندا سۆزلىدى.

مَا نَبَصَ بِكَلِمَةٍ أَوْ بِحَرْفٍ: لام-جىم دېمىدى.

نَبْصَةٌ: سۆز.

نَبَضَ يَنْبِضُ نَبْضًا وَ نَبَاضَانًا — الْعِرْقُ: تومۇر سوقتى.

«نَبَضَ الْقَلْبُ خَفِيْفًا»: يۈرەك يەڭگىل سوقتى، مىدىرلىدى.

نَبَضَ الْوَتَرَ: تارنى تېز ھەرىكەتلەندۈردى، تېز چەكتى.

مَا دَامَ فِيْهِ عِرْقٌ يَنْبِضُ: ھاياتلا بولىدىكەن، ئۆمۈر بويى.

مَا نَبَضَ لَهُ عِرْقٌ عَصَبِيَّةٍ: تەرەپبازلىق قىلمىدى.

نَبَضَ يَنْبُضُ نُبُوْضًا الْمَاءُ: سۇ يەرگە سىڭىپ كەتتى.

نَبْضٌ: تومۇر.

جَسَّ الطَّبِيْبُ نَبْضَ الْمَرِيْضِ: دوختۇر كېسەلنىڭ تومۇرىنى تۇتتى.

فُلَانٌ نَبْضُ الْفُؤَادِ: پالانى زىرەك، چېچەن.

نَبْضَةٌ ج نَبَضَاتٌ: بىر قېتىم سوقۇش.

نَبَطَ يَنْبُطُ نَبْطًا وَنُبُوْطًا الْمَاءُ: سۇ ئېتىلىپ چىقتى.

نَبَطَ الْبِئْرَ: قۇدۇقنىڭ سۈيىنى چىقاردى، تارتتى.

نَبَطَ الْعِلْمَ: ئىلىم تارقاتتى.

نَبَطَ الشَّيْءَ: نەرسىنى ئاشكارىلىدى.

نَبَطٌ ج أَنْبَاطٌ وَ نُبُوْطٌ: سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى.

فُلَانٌ لَا يُدْرَكُ نَبَطُهُ: ئۇنىڭ سەۋىيىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچىگىلى بولمايدۇ.

نَبَطُ الْمَرْءِ: كىشىنىڭ ئىچكى سىرى.

نَبَعَ يَنْبَعُ نَبْعًا وَ نُبُوْعًا وَ نَبَعَانًا الْمَاءُ وَنَحْوُهُ مِنَ الْأَرْضِ: سۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار يەردىن ئېتىلىپ چىقتى.

«نَبَعَ النِّفْطُ فِي الْجَنُوْبِ»: جەنۇبتا نېفىت چىقتى.

«يَنْبُعُ الْعَرَقُ مِنَ الْجَبِيْنِ»: پېشانىدىن تەر چىقىۋاتىدۇ.

نَبْعٌ: بۇلاق، سۇنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى.

فُلَانٌ صَلِيْبُ النَّبْعِ: ئېگىلمەس، سۇنماس ئادەم.

نَبْعٌ مَعْدَنِيٌّ: مىنېرال بۇلاق.

هُوَ مِنْ نَبْعٍ كَرِيْمٍ: ئۇنىڭ تېگى ئېسىل.

نَبَغَ يَنْبُغُ نُبُوْغًا: كۆرۈندى، پەيدا بولدى، مەيدانغا كەلدى، يۈز بەردى، شەكىللەندى، نامايان بولدى، روشەن بولدى، كۆزگە كۆرۈندى.

«نَبَغَ فِي الرِّيَاضِيَاتِ»: ماتېماتىكىدا ئۆزۈپ چىقتى.

نَبَغَ الشَّخْصُ: ئۇستۇنلۇك قازاندى، ماھارەت ھاسىل قىلدى.

نَبَغَ فِي فَنِّهِ: ئۆز سەنئىتىدە ئۇستۇنلۇك قازاندى.

نَبَغَ فِي الْعِلْمِ: ئىلىمدە توشتى، يېتىلدى.

نَبَغَ الشَّرَّ: يامانلىق يامرىدى.

نَبْغٌ: ئۇستۇنلۇك، ئەۋزەللىك.

نَبَقَ يَنْبُقُ نَبْقًا الشَّيْءُ: مەيدانغا چىقتى، ئاشكارا بولدى، كۆرۈندى.

نَبْقٌ نَبَقٌ: ياۋا چىلان، ئاكسىل دەرىخى.

نَبَكَ يَنْبُكُ نُبُوكًا الْمَكَانُ: جاي ئېگىز بولدى.

نَبْكَةٌ ج نَبَكٌ وَ نَبْكٌ وَ نِبَاكٌ وَ نُبُوكٌ: تۆپىلىك، دۆڭ، چوققا، كىچىك تاغ.

نَبَلَ يَنْبُلُ نَبْلًا الرَّجُلَ: كىشىنى ئوقيا بىلەن ئاتتى.

نَبَلَ الْهَدَفَ: نىشانغا ئاتتى.

نَبُلَ يَنْبُلُ نُبْلًا وَ نَبَالَةً الشَّخْصُ: ئېسىل بولدى، ياخشى بولدى.

نَبْلٌ: ئېسىل، ئالىيجاناب، زېرەك، چېچەن.

نُبْلٌ: ئالىيجانابلىق، ئېسىلزادىلىك، زېرەكلىك.

نَبْلَةٌ ج نِبَالٌ وَ نَبْلٌ: ئوق.

«أَمْطَرَهُ بِوَابِلٍ مِنَ النِّبَالِ»: ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوق ياغدۇردى.

نُبْلَةٌ ج نُبْلَاتٌ: سوۋغا، سوۋغات، ئىنئام، ھەدىيە، تارتۇق.

نَبَهَ يَنْبُهُ وَ نَبُهَ يَنْبُهُ نَبَاهَةً: ئېسىل بولدى، ئالىيجاناب بولدى؛ مەشھۇر بولدى، داڭقى چىقتى.

«نَبَهَ الْعَالِمُ الْفُلَانِيُّ»: پالانى ئالىمنىڭ داڭقى چىقتى.

نَبِهَ يَنْبَهُ نَبَاهَةً: ئېسىل بولدى، ئالىيجاناب بولدى، مەشھۇر بولدى.

نَبِهَ نَبَهًا لِلْأَمْرِ: چۈشەندى، ئۇقتى، تۇيدى.

نَبِهَ نُبْهًا مِنْ نَوْمِهِ: ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى.

نُبْهٌ: ئەقىل، زېرەكلىك، چېچەنلىك.

نَبِهٌ: ھوشيار، ئەقىللىق، زېرەك، چېچەن، ئېسىل، ئالىيجاناب، مۇنەۋۋەر، مەشھۇر.

نَبَهًا: دەل توغرا كېلىپ قېلىپ، تاسادىپەن.

وَجَدْتُ الضَّالَّةَ نَبَهًا: يىتتۈپ كەتكەن نەرسىنى تاسادىپىي تېپىۋالدىم.

نَبْوٌ: ئوقنىڭ نىشانغا تەگمەسلىكى.

نُبُوءَةٌ: ئاللاھنىڭ ۋەھيىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشى، پەيغەمبەرلىك؛ غايىبتىن خەۋەر بېرىش؛ ئالدىن ئېيتىپ بەرمەك، بېشارەت، مەلۇمات.

نُبُوءَةُ الْمُنَجِّمِينَ: مۇنەججىملەرنىڭ ئالدىن خەۋەر بېرىشى.

نَبْوَةٌ: دۆڭلۈك، چوققا.

«لِكُلِّ سَيْفٍ نَبْوَةٌ»: ھەرقانداق قىلىچنىڭ جايىغا تەگمەيدىغان چاغلىرى بولىدۇ.

نُبُوغٌ: ئەقىل-پاراسەت، زېرەكلىك، چېچەنلىك، ئۆتكۈرلۈك، تالانت، قابىلىيەت، ئۈستۈنلۈك، ئەۋزەللىك.

نُبُوٌّ: ئوقنىڭ نىشانغا تەگمەسلىكى.

نُبُوَّةٌ: غايىبتىن خەۋەر بېرىش، ئالدىن ئېيتىپ بېرىش، بېشارەت، مەلۇمات، ئاللاھنىڭ ۋەھيىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشى، پەيغەمبەرلىك.

﴿وَجَعَلْنَا فِي ذُرِّيَّتِهِمَا النُّبُوَّةَ وَالْكِتَابَ﴾ ‹قرآن›: پەيغەمبەرلىكنى ۋە كىتابنى ئۇلارنىڭ ئەۋلادىغا (ئاتا) قىلدۇق.

«رُؤْيَا الْمُؤْمِنِ جُزْءٌ مِنْ سِتَّةٍ وَأَرْبَعِينَ جُزْءًا مِنَ النُّبُوَّةِ» ‹حديث›: مۇئمىننىڭ چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ قىرىق ئالتە ھەسسىسىدىن بىر ھەسسىدۇر.

نَبَوِيٌّ: پەيغەمبەرلىك، پەيغەمبەرنىڭ.

«الْأَحَادِيثُ النَّبَوِيَّةُ»: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى (سۆزلىرى).

نَبِيءٌ نَبِيٌّ ج أَنْبِيَاءُ: پەيغەمبەر.

﴿يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ إِنَّا أَرْسَلْنَاكَ شَاهِداً وَمُبَشِّراً وَنَذِيراً﴾ ‹قرآن›: ئى پەيغەمبەر، سېنى بىز ھەقىقەتەن گۇۋاھچى، بېشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق.

نَبِيثٌ: كولانغان ئىز؛ ئەسكى، يامان، قولاق كەستى.

نَبِيْثَــةٌ ج نَبَائِــثُ: قــۇدۇق-ئۆســتەڭلەردىن چىقىرىلغان لاي؛ مەخپىيەتلىك، سىر.

نَبِيْذٌ ج أَنْبِذَةٌ: ئــۈزۈم يــاكى خورمــا، يــاكى باشقىلاردىن چىقىرىلغان شاراب، هاراق.

«نَبِيْذٌ أَحْمَرُ»: قىزىل هاراق.

«نَبِيْذٌ أَبْيَضُ»: ئاق هاراق.

نَبِيْرٌ: ئىرىمچىك.

نُبَيْرٌ: زىرەك، چېچەن.

نَبِيْشَةٌ: كولانغان، قېزىلغان.

نَبِيْلٌ ج نُبَلَاءُ م نَبِيْلَةٌ ج نَبَائِلُ وَ نَبِيْلَاتٌ: ياخشى، ئېسىل.

«دَبَّ السُّرُوْرُ بِكُلِّ قَلْبٍ مُشْرِقٍ بِلِقَائِكُمْ يَا صَفْوَةَ النُّبَلَاءِ»: ئــى ئېــسىلزادىلەر، ســىلەر بىــلەن ئۇچرىــشىپ، هەممەيلەننىــڭ قەلبــى شــادلىققا چۆمدى.

«هُوَ مِنْ عَائِلَةٍ نَبِيْلَةٍ»: ئۇ ئېسىل ئائىلىدىن.

«لَهُ رَأْيٌ نَبِيْلٌ»: ئۇنىڭ قارىشى ياخشى.

نَبِيْهٌ: هوشــيار، ئەقىللىــق، زىــرەك، ئېــسىل، ئالىيجاناب، مۇنەۋۋەر، مەشھۇر.

نِتَاجٌ: مېۋە، ئۈنۈم، مەھسۇلات.

«نِتَاجُ الضَّيْعَةِ مِنَ الْفَوَاكِهِ»: مېۋە مەھسۇلاتى.

نِتَاجُ الْكَاتِبِ: يازغۇچىنىڭ ئەسىرى.

نِتَاجُ الْأُدَبَاءِ الشُّبَّانِ: ياش ئەدىبلەرنىڭ ئەسىرى.

نِتَاجُ الْمَوَاشِيْ: تۆل، ئوغلاق.

نِتَاجُ الْمَصْنَعِ: سانائەت مەھسۇلاتلىرى.

نِتَاجُ الْأَرْضِ: يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى.

نُتَافٌ . نُتَافَةٌ: يۇلۇنغان موي.

نِتَاقٌ: ئۇدۇلى، روبىروسى.

«دَارُهُ نِتَاقَ دَارِيْ»: ئۇنىــڭ هويلىــسى مېنىــڭ هويلامنىڭ ئۇدۇلىدا.

نَتَانَةٌ: سېسىپ قالماق، پۇراپ قالماق، بۇزۇلۇپ قالماق.

نَتَانَةُ الْقُمَامَةِ: ئەخلەتنىڭ پۇرىقى.

نَتَانَةُ الْكَنِيْفِ: ئېغىل (ئوبۇرنا)نىڭ پۇرىقى.

نَتَأَ يَنْتَأُ نُتُوْءًا: تومپىيىــپ چىقتــى، چوقچىيىــپ چىقتــى، ئالاھىــدە كۆرۈنــدى، گەۋدىلەنــدى، هۆررەك پەيدا بولدى.

«نَتَأَتِ الصَّخْرَةُ فِي الْجَبَلِ»: تاغــدا قــورام تــاش چوقچىيىپ چىقتى.

«نَتَأَ ثَدْيُهَا»: ئۇنىڭ ئەمچىكى چىقتى.

نَتَأَةٌ: تۆپىلىك، دۆڭ، چوققا، ئېگىزلىك، كىچىك تاغ.

نَتَبَ يَنْتَبُ نُتُوْبًا الشَّيْءُ: نەرسە چوقچىيىپ چىقتى، تومپىيىپ چىقتى.

نَتَّ يَنِتُّ نَتِيْتًا وَ نَتًّا الْقِدْرُ: قازان قاينىدى.

نَتَّ مِنَ الْغَضَبِ: غەزىپى تاشتى.

نَتَّ مِنَ الْمَرَضِ: كېسەلدىن ئىڭرىدى.

نَتَّتَ يُنَتِّتُ تَنْتِيْتًا الْخَبَرَ: خەۋەرنى چۈشەندۈردى، ئىزاھلىدى.

نُتَّةٌ: (يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالىدىغان) ئورەك.

نَتَّفَ يُنَتِّفُ تَنْتِيْفًا: قاتتىق يۇلدى، يۇڭدىدى.

نَتَّفَ رِيْشَ الْفِرَاخِ: باچكىنى يۇڭدىدى.

نَــتَّنَ يُنَــتِّنُ تَنْتِيْنًــا الــشَّيْءَ: پۇرىتىــــــۋەتتى، سېسىتىۋەتتى.

«نَتَّنَ الْمَحَلَّ بِرَائِحَةِ الْكِبْرِيْتِ»: ماگىزىننى گوگۇت پۇرىقى بىلەن پۇرىتىۋەتتى.

نَتَجَ يَنْتِجُ نَتْجًا وَ نَتَاجًا الشَّيْءَ: چىقاردى.

نَتَجَ الْبَهِيْمَةَ: چارۋا مالنى تۇغدۇردى.

«نَتَجَ الرَّجُلُ الْحَامِلَ»: ئــادەم هامىلــدارنى (ئىگە بولۇپ) تۇغدۇردى.

«نَتَجَ هَذَا الْخِلَافُ مِنْ سُوْءِ تَصَرُّفِكَ»: بــۇ ئىختىلاپ سېنىڭ ناتوغرا هەرىكىتىڭدىن كېلىپ چىقتى.

نُتِجَ الْوَلَدُ: بالا تۇغۇلدى.

نَتَجَ الشَّيْءُ مِنَ الشَّيْءِ: چىقتى، پەيدا بولدى.

نَتَجَ الْوَلَدُ عِنْدَ الْعَامَّةِ: بالا ياشلار قاتارىغا كىردى.

نَتَحَ يَنْتِحُ نَتْحًا وَ نُتُوحًا الْعَرَقُ: بەدەندىن تەر چىقتى.

نَتَحَ الدَّسَمُ مِنَ الْإِنَاءِ: قاچىدىن ماي تەپچىرەپ چىقتى.

نَتْحٌ: تەپچىرىمەك.

نَتَخَ يَنْتِخُ نَتْخًا الشَّيْءَ: قومۇرۇۋەتتى.

نَتَخَ إِلَيْهِ بِبَصَرِهِ: ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى.

نَتَخَ الثَّوْبَ بِالذَّهَبِ: كىيىمنى كالۋۇتۇن بىلەن تىكتى.

نَتَخَ فُلَانًا: پالانىنى خارلىدى.

«نَتَخْتُ الشَّوْكَةَ مِنْ رِجْلِيْ بِالْمَنَاتِخِ»: پۇتۇمدىن تىكەننى يىڭنە بىلەن ئېلىۋەتتىم.

نَتَخَ نَيْتَخًا بِالْمَكَانِ: يەرلەشتى، ماكانلاشتى، ئولتۇراقلاشتى.

نَتَرَ يَنْتُرُ نَتْرًا: بەك تارتتى.

«نَتَرَ الصَّبِيَّ مِنْ أَمَامِ السَّيَّارَةِ»: ماشىنىنىڭ ئالدىدىن بالىنى تارتىۋالدى.

نَتِرَ يَنْتَرُ نَتْرًا الشَّيْءُ: سېسىپ قالدى، بۇزۇلۇپ قالدى، پۇتۇپ كەتتى.

طَعْنٌ نَتْرٌ: قاتتىق سانچىق.

نَتَشَ يَنْتِشُ نَتْشًا: يۇلدى، سۇغاردى، تارتتى.

نَتَشَهُ بِالْعَصَا: ئۇنى تاياق بىلەن ئۇردى.

«مَا نَتَشَ مِنْهُ شَيْئًا»: ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە ئالمىدى.

نَتَعَ يَنْتَعُ نَتْعًا وَ نُتُوعًا: ئاز-ئاز چىقتى.

«نَتَعَ الدَّمُ مِنَ الْجُرْحِ»: يارىدىن ئاز-ئاز قان چىقتى.

«نَتَعَ الْعَرَقُ مِنَ الْجِسْمِ»: بەدەندىن تەر چىقتى.

نَتَغَ يَنْتُغُ يَنْتِغُ نَتْغًا فُلَانًا: پالانىنى ئەيىبلىدى، مالامەت قىلدى، غەيۋىتىنى قىلدى.

نَتَفَ يَنْتِفُ نَتْفًا: يۇلدى، يۇڭدىدى.

«نَتَفَ الْمَرْأَةُ الدَّجَاجَةَ»: ئايال توخۇنى يۇڭدىدى.

نُتْفَةٌ ج نُتَفٌ: كىچىككىنە، ئازغىنە، ئازراق، ئاز - تولا، سەل-پەل.

«أَعْطَاهُ نُتْفَةً مِنَ الطَّعَامِ»: ئۇنىڭغا ئازغىنە يېمەكلىك بەردى.

نُتْفَةٌ مِنَ الْخِطَابِ: نەقىل قىلىنغان سۆز، سىتات ئېلىنغان سۆز.

نَتَقَ يَنْتُقُ / يَنْتِقُ نَتْقًا الشَّيْءَ: ئۆز جايىدىن كۆتۈردى، قومۇرۇپ تىكلىدى.

﴿وَإِذْ نَتَقْنَا الْجَبَلَ فَوْقَهُمْ كَأَنَّهُ ظُلَّةٌ﴾ «قرآن»: ئۆز ۋاقتىدا (تۇر) تاغىنى قومۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سايىۋەندەك تىكلىدۇق.

نَتَقَ الْجِرَابَ: تۇلۇمنى قاقتى.

نَتَقَتِ الْمَرْأَةُ: ئايال كۆپ باللىق بولدى.

نَتْقٌ: ئۇدۇلى، روبىروسى.

نَتَلَ يَنْتِلُ نَتْلًا وَ نُتُولًا وَنَتَلَانًا مِنْ بَيْنِ الْقَوْمِ الشَّيْءَ: نەرسىنى قوۋم ئىچىدىن ئالدىغا تارتتى.

نَتَلَهُ: ئۇنى قوغلىۋەتتى، ھەيدىۋەتتى.

نَتَنَ يَنْتِنُ نَتْنًا: پۇراپ قالدى، سېسىپ قالدى، بۇزۇلۇپ قالدى.

«نَتَنَ اللَّحْمُ مِنْ شِدَّةِ الْحَرِّ»: ئىسسىقنىڭ قاتتىقلىقىدىن گۆش سېسىپ قالدى.

نَتُنَ يَنْتُنُ نَتَانَةً: پۇراپ قالدى، سېسىپ قالدى.

نُتُوءٌ: كۆپمە، بۆرتمە، دۆڭ، دومباق، بۆرتۈپ چىقىپ تۇرغان، تومپىيىپ چىقىپ تۇرغان.

«جَلَسْنَا عَلَى نُتُوءٍ فِي الْجَبَلِ»: تاغدىكى تۆپىلىكتە ئولتۇردۇق.

نُتُوءٌ عَظْمِيٌّ: سۆڭەك ئۆسۈش.

نُتُوحٌ: دەرەخ يېلىمى.

نَتِيجَةٌ ج نَتَائِجُ: نەتىجە، ئۇنۇم، پايدا، ئاقىۋەت؛ كالىندار.

«النَّجَاحُ نَتِيجَةُ الْإِجْتِهَادِ»: مۇۋەپپەقىيەت

تېرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى.
«وَصَلَ إِلَى نَتِيجَةٍ»: نەتىجىگە ئېرىشتى.
نَتِيجَةٌ طَبِيعِيَّةٌ: تەبىئىي نەتىجە.
نَتِيجَةٌ خَطِيرَةٌ: يامان ئاقىۋەت.
نَتِيجَةُ الْجَيْبِ: خاتىرە دەپتەر.
نَتِيفٌ: يۇلۇنغان موي.
نَتِيلَةٌ ج نَتَائِلُ: ۋاستە، قورال، ئۇسۇل.
نِثَاثٌ: يارىغا سۈرتىلىدىغان ماي.
نِثَارٌ: چاچماق، چاچقۇ (مۇراسىملاردىكى).
«مَا أَصَبْتُ مِنَ النِّثَارِ شَيْئًا»: چاچقۇدىن ھېچ نەرسە ئالالمىدىم.
نُثَارٌ. نُثَارَةٌ: چېچىلىپ قالغان.
نُثَالَةٌ: قالدۇقى، قېلىپ قالغىنى.
نَثَّ يَنِثُّ نَثًّا وَ نَثِيثًا الإِنَاءُ: قاچا تەپچىرىدى.
نَثَّ الْعَرَقُ: تەر چىقتى.
نَثَّ الرَّجُلُ: كىشى تەرلىدى.
نَثَّ الْخَبَرَ: خەۋەر تارقالدى.
نَثَّ فُلَانًا: كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلدى.
نَثَّ يَنِثُّ نَثًّا الْجُرْحَ: يارىغا ماي سۈركىدى.
نَثَّاثٌ: پىتنىخور، سۆز-چۆچەك تارقاتقۇچى.
نَثَّرَ يُنَثِّرُ تَنْثِيرًا الشَّيْءَ: نەرسىنى چېچىۋەتتى.
نَثَجَ يَنْثِجُ نَثْجًا وَ نَثَجًا الشَّيْءُ: بوشاپ كەتتى، سولىشىپ كەتتى.
نَثَجَ مَا فِي بَطْنِهِ: ئىچ - باغرىنى چىقاردى.
نَثَجَ بَطْنَهُ بِالسِّكِّينِ: قارنىنى پىچاق بىلەن ياردى.
نِثْجٌ: قورقۇنچاق، توخۇ يۈرەك.
نَثَرَ يَنْثُرُ نَثْرًا وَ نِثَارًا: چاچتى، يايدى، تارقاتتى، تېرىدى.
«نَثَرَ الْحَبَّ فِي الْحَقْلِ»: ئېتىزغا ئۇرۇق چاچتى.
نَثَرَ الْكَلَامَ: نەسر يازدى.
«أَدِيبٌ يَنْثُرُ وَ يَنْظِمُ»: نەسر ۋە نەزم يازىدىغان ئەدىب.
نَثَرَ السِّرَّ: سىرنى پاش قىلدى، ئاشكارىلىدى.
نَثْرٌ: چاچماق، ياپماق، پروزا؛ ئاز.
«لَهُ يَدٌ طُولَى فِي الشِّعْرِ وَ النَّثْرِ»: ئۇ نەزمى ۋە نەسرىي ئەسەر يېزىشتا ئىقتىدارلىق.
نَثَرٌ: چېچىلىپ قالغان.
نَثْرِيٌّ: نەسرىي پروزا، نەسرىي.
مَصَارِيفُ نَثْرِيَّةٌ: پارچە خىراجەت.
قَصِيدَةٌ نَثْرِيَّةٌ: چاچما شېئىر.
نَثْرِيَّاتٌ: مىلىچمال، چەرچىن مال.
«خَصَّصَ مَبْلَغًا صَغِيرًا لِنَثْرِيَّاتِهِ»: پارچە خىراجىتى ئۈچۈن ئازراق پۇل ئاجرىتىپ قويدى.
نَثَلٌ: كولانغان.
بِئْرٌ نَثَلٌ: سىنىك ئۇراك كولانغان.
نَثَمَ يَنْثِمُ نَثْمًا: ئېغىزنى يامان قىلدى، سەت گەپ قىلدى.
نِثْوَةٌ: قارا چاپلىماق.
نَثِيرٌ: چېچىلىپ كەتكەن، چېچىلاڭغۇ.
كَلَامُهُ دُرٌّ نَثِيرٌ: ئۇنىڭ سۆزى چېچىلغان گۆھەردۇر.
نَجَا يَنْجُو نَجَاءً وَ نَجَاةً: قۇتۇلدى.
نَجَا مِنَ الْخَطَرِ: خەتەردىن قۇتۇلدى.
نَجَا يَنْجُو نَجْوًا وَ نَجْوَى الشَّخْصَ: مۇڭداشتى، پىچىرلاشتى.
«نَجَا أُمَّهُ بِهُمُومِهِ»: ئانىسى بىلەن غەم-قايغۇلىرىنى ئېيتىپ مۇڭداشتى.
نُجَاءٌ: سۈركە دورىسى.
نَجَابَةٌ: ئېسىللىك، زېرەكلىك.
نَجَاةٌ: قۇتۇلۇش.
طَوْقُ النَّجَاةِ: قۇتۇلۇش بالونى.
زَوْرَقُ النَّجَاةِ: قۇتۇلۇش قولۇقى.
نَجَاحٌ: ئۇتۇق قازانماق.
نَجَاحٌ ج نَجَاحَاتٌ: نىشانغا يېتىش، مەقسەتكە يېتىش.

«تَجَاوَزَتْ نَجَاحَاتُكَ كُلَّ تَوَقُّعَاتِنَا»: سىنىڭ ئۇتۇقلىرىڭ كۈتكەنلىرىمىزدىن پۈتۈنلەي ئېشىپ كەتتى.

«لَقِيَ نَجَاحًا فِي مُحَاضَرَتِهِ»: ئۇ لېكسىيە سۆزلەشتە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

«حَقَّقَ نَجَاحَاتٍ كَثِيرَةً هَذَا الْعَامَ»: ئۇ بۇ يىل كۆپ ئۇتۇق قازاندى.

نَجَاحَةٌ: چىداملىق بولۇش، سەۋرچان بولۇش.

نِجَادٌ: ياردەملەشمەك؛ قىلىچنىڭ تاسمىسى.

هُوَ طَوِيلُ النِّجَادِ: ئۇنىڭ بويى ئېگىز.

نِجَارٌ. نُجَارٌ: ئەسلى، مەنبە.

نُجَارَةٌ: قىرىندى.

نِجَارَةٌ: ياغاچچىلىق.

تَلَقَّى دُرُوسًا فِي النِّجَارَةِ: ياغاچچىلىقنى ئۆگەندى.

نَجَاسَةٌ ج نَجَاسَاتٌ: نىجاسەت، پاسكىنىچىلىق.

نَجَاعَةٌ: پايدىلىق بولۇش.

نَجَاعَةُ الدَّوَاءِ: دورىنىڭ پايدىلىق بولۇشى.

نَجَاعَةُ الْهَوَاءِ النَّقِيِّ فِي الْجَبَلِ: تاغنىڭ ساپ هاۋاسىنىڭ پايدىلىق بولۇشى.

نِجَامَةٌ: ئاسترونومىيە.

نَجَاوَةٌ: كەك (زېمىن).

نَجُبَ يَنْجُبُ نَجَابَةً: ئېگى ياخشى ئېسىل بولدى؛ سۆز-ھەرىكىتىدە ماختاشقا ئەرزىيدىغان بولدى؛ زېرەكلىكتە تەڭتۇشلىرىدىن ئۈستۈن بولدى.

نَجَثَ يَنْجُثُ نَجْثًا عَنِ الْأَمْرِ: ئىزدەندى.

نَجَثَ الشَّيْءَ: نەرسىنى چىقاردى.

نَجَثَ الْقَوْمَ: قوۋمدىن ياردەم سورىدى.

نَجَّارٌ ج نَجَّارُونَ: ياغاچچى.

نَجَّاشٌ: ئوۋچى، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنەلەيدىغان ئادەم.

نَجَّامٌ: مۇنەججىم، ئاسترونوم، پالچى، قۇرئەنداز.

نَجَّحَ يُنَجِّحُ تَنْجِيحًا: مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈردى.

«نَجَّحَهُ فِي الْمُسَابَقَةِ»: مۇسابىقىدە ئۇنى ئۇتۇققا ئېرىشتۈردى.

نَجَّدَ يُنَجِّدُ تَنْجِيدًا الْبَيْتَ: ئۆيىنى بېزىدى، تۈزەشتۈردى، زىننەتلىدى، ئورۇنلاشتۇردى، تەييارلىدى.

نَجَّزَ يُنَجِّزُ تَنْجِيزًا: تولۇق ئورۇنلىدى.

نَجَّسَ يُنَجِّسُ تَنْجِيسًا: پاسكىنا قىلدى، نىجىس قىلدى، بۇلغىدى.

نَجَّفَ يُنَجِّفُ تَنْجِيفًا: قاتتىق كولىدى.

نَجَّمَ يُنَجِّمُ تَنْجِيمًا: يۇلتۇزلارغا قاراپ پال ئاچتى.

نَجَّى يُنَجِّي تَنْجِيَةً: قۇتقۇزدى، قۇتۇلدۇردى.

«نَجَّى السَّبَّاحُ الْغَرِيقَ»: سۇ ئۈزگۈچى، سۇغا چۆكۈپ كەتكۈچىنى قۇتقۇزدى.

نَجَحَ يَنْجَحُ نَجْحًا وَ نُجْحًا وَ نَجَاحًا: ئۇتۇق قازاندى، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

«نَجَحَتِ الْبِنْتُ فِي الْإِمْتِحَانِ»: قىز ئىمتىھاندىن ئۆتتى.

نَجَحَ الْأَمْرُ: ئىش ئاسان بولدى، ئوڭۇشلۇق بولدى.

«نَجَحَتِ الْمُفَاوَضَاتُ»: سۆھبەت مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

نَجَخَ يَنْجَخُ نَجْخًا وَ نَجِيخًا الْمَوْجُ: دولقۇن ئۆركەشلىدى.

نَجَدَ يَنْجُدُ نُجُودًا: ئېگىز بولدى، كۆتۈرۈلدى.

نَجَدَ يَنْجُدُ نَجْدًا: ياردەم قىلدى.

نَجَدَ الْبَدَنُ عَرَقًا: بەدەندىن تەر ئاقتى.

نَجِدَ يَنْجَدُ نَجَدًا: هاردى، چارچىدى.

نَجِدَ الرَّجُلُ: ئادەم تەرلىدى.

نَجْدٌ: ياردەم قىلماق، ياردەم بەرمەك.

نَجْدٌ ج نِجَادٌ: ئېگىزلىك، يول.

﴿وَهَدَيْنَاهُ النَّجْدَيْنِ﴾ «قرآن»: ئۇنىڭغا ياخشى يول بىلەن يامان يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟

نَجْدَةٌ ج نَجَدَاتٌ: تېز ياردەم؛ ياردەم بېرىپ كۈچەيتىش؛ باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق.

«نَجَدَاتٌ عَسْكَرِيَّةٌ»: ئەسكىرىي ياردەملەر.

«النَّجْدَةَ! النَّجْدَةَ!»: قۇتقۇزۇڭلار! قۇتقۇزۇڭلار!

شُرْطَةُ النَّجْدَةِ: جىددىي قۇتقۇزۇش ساقچىلىرى.

نَجَدَ يَنْجُدُ نَجْدًا: چاپىتىدى؛ قاتتىق تەلەپ قىلدى، تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى.

نَجَرَ يَنْجُرُ نَجْرًا الْخَشَبَ: ياغاچچىلىق قىلدى، ياغاچنى رەندىلىدى.

نَجْرَانٌ م نَجْرَى ج نَجَارَى: گىرە، مۇجۇق؛ تەشنا، ئۇسسۇز.

إِبِلٌ نَجْرَى أَوْ نَجَارَى: ئۇسسۇز تۆگە.

نَجَزَ يَنْجُزُ نَجْزًا الشَّيْءُ: پۈتتى، ئورۇنلاندى.

نَجَزَ الْوَعْدُ: ۋەدە ئورۇنلاندى.

نَجَزَ الْعَمَلَ: ئىشنى ئورۇنلىدى، پۈتتۈردى، تاماملىدى.

نَجِزَ يَنْجَزُ نَجَزًا: تۈگىدى.

نَجُسَ يَنْجُسُ نَجَاسَةً: نىجىس بولدى، بۇلغاندى، پاسكىنا بولدى.

نَجُسَ الثَّوْبُ: كىيىم پاسكىنا بولدى.

نَجِسَ يَنْجَسُ نَجَسًا: نىجىس بولدى، پاسكىنا بولدى.

نَجَسٌ ج أَنْجَاسٌ: نىجىس، پاسكىنا، گۇناھكار.

نَجِسٌ: نىجىس، پاسكىنا، مەينەت.

﴿إِنَّمَا الْمُشْرِكُونَ نَجَسٌ﴾ «قرآن»: مۇشرىكلار (ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) پەقەت نىجىستۇر

نَجَشَ يَنْجُشُ نَجْشًا الصَّيْدَ: ئوۋنى قاچۇرۇۋەتتى.

نَجَشَ الْحَدِيثَ: سۆزنى تارقاتتى.

نَجَشَ النَّارَ: ئوت ياقتى.

«نَجَشَ فُلَانٌ فِي الْبَيْعِ»: مالنىڭ باھاسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن سودىدا تىل بىرىكتۈرۈۋالدى.

نَجَشَ الدَّابَّةَ: ئۇلاغنى بولۇشىچە ھەيدىدى.

نَجَشَ الشَّيْءَ: نەرسىنى يىغىۋالدى.

نَجَعَ يَنْجَعُ نَجْعًا وَ نُجُوعًا: پايدىسى بولدى، ئۈنۈمى بولدى، تەسىرى بولدى.

نَجَعَ الْمَكَانَ: جايغا كەلدى، چۈشتى.

نَجَعَ الدَّوَاءُ: دورا پايدا قىلدى، ئۈنۈم بەردى.

«نَجَعَ الْبَدْوُ الرُّحَّلُ فِي مَوَاضِعِ الْكَلَإِ»: كۆچمەن چارۋىچىلار يايلاققا چۈشتى.

نَجْعٌ: پايدا قىلىش، ئۈنۈم بېرىش.

نَجْعٌ ج نُجُوعٌ: چۈشكۈن بولىدىغان ئوت-چۆپلۈك جاي، چېدىر، كىچىك كەنت، مەھەللە.

نُجْعَةٌ: ئوتلاق ئىزدەش، خەير-ساخاۋەتچىلەردىن ئىلتىپات تىلەش.

«هَذِهِ لَيْسَتْ بِدَارِ نُجْعَةٍ»: بۇ جاينىڭ ئوت-چۆپى يوق.

فُلَانٌ نُجْعَتِي: پالانى ساخاۋەتچىم.

نَجَفَ يَنْجُفُ نَجْفًا: كەستى، چاپتى.

نَجَفَ الْبِئْرَ: قۇدۇق كولىدى.

نَجَفٌ ج نِجَافٌ: دۆڭ، تۆپىلىك.

نَجَفَةٌ ج نَجَفٌ وَ نِجَافٌ: ساي ئوتتۇرىسىدىكى سۇ چىقمايدىغان دۆڭ.

نَجَفَةٌ ج نَجَفٌ وَ نَجَفَاتٌ: كۆپ لامپىلىق ئاسما چىراغ.

نَجَلَ يَنْجُلُ نَجْلًا الْمَوْلُودَ: بالا تۇغدى.

نَجَلَ الْأَرْضَ: يەر ھەيدىدى، تېرىدى.

نَجِلَ يَنْجَلُ نَجَلًا تِ الْعَيْنُ: كۆز چوڭ ۋە گۈزەل بولدى.

نَجْلٌ ج أَنْجَالٌ: ئوغۇل، بالا، پەرزەنت، ئەۋلاد، پۇشتى؛ ئەسلى، تېگى.

«هُوَ كَرِيمُ النَّجْلِ»: ئۇنىڭ تېگى ئېسىل.

«أَقَرَّ اللهُ عَيْنَكَ بِأَنْجَالِكَ»: ئاللاھ سىزنى باللىرىڭىز بىلەن خۇشال قىلسۇن.

نَجْلَاءُ ج نُجْلٌ: شەھلا كۆز.

«غَادَةٌ نَجْلَاءُ»: شەھلا كۆزلۈك نازىنىن.

«طَعْنَةٌ نَجْلَاءُ»: ئەجەللىك زەربە.

لَيْلَةٌ نَجْلَاءُ: ئۇزۇن كېچە.

نَجَمَ يَنْجُمُ نَجْمًا وَ نُجُومًا: مەيدانغا چىقتى، كۆرۈندى، پەيدا بولدى، مەيدانغا كەلدى، ئاشكارا بولدى، ئايان بولدى.

نَجَمَ النَّبَاتُ: ئۆسۈملۈك كۆرۈندى، ئۈندى.

نَجَمَ عَنْهُ: تۇغۇلدى، يۈز بەردى، كېلىپ چىقتى.

نَجَمَ الدَّيْنَ: قەرزنى مۇددەتكە بۆلۈپ تاپشۇردى.

نَجَمَ الشَّاعِرُ: شائىرلىقتا ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتى.

«نَجَمَ عَنْ فَوْضَى الْمُرُوْرِ كَثْرَةُ الْحَوَادِثِ»: قاتناشنىڭ قالايمىقانچىلىقىدىن كۆپلىگەن ۋەقەلەر كېلىپ چىقتى.

نَجْمٌ ج نُجُومٌ وَ أَنْجُمٌ: يۇلتۇز؛ ئوت-چۆپ، دەل-دەرەخ، باشاقلىق ئۆسۈملۈك، دانلىق ئۆسۈملۈك؛ چولپان.

﴿وَالنَّجْمِ إِذَا هَوَى﴾ ‹قرآن›: ساقىغان يۇلتۇزلار بىلەن قەسەمكى ...

النَّجْمُ الْقُطْبِيّ: قۇتۇپ يۇلتۇز.

نَجْمٌ بِذَنَبٍ: كومېتا، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز.

نَجْمُ الصُّبْحِ: چولپان يۇلتۇز، ۋېنېرا، زۆھرە يۇلتۇز.

﴿وَالنَّجْمُ وَالشَّجَرُ يَسْجُدَانِ﴾ ‹قرآن›: ئوت-چۆپ، دەل-دەرەخلەر سەجدە قىلىدۇ (يەنى، ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدۇ).

«أَفَلَ نَجْمُهُ»: ئۇنى نەس باستى.

«عَلَا نَجْمُهُ»: ئۇنىڭ تەلىيى كەلدى.

«هُوَ نَجْمُ السِّيْنَمَا»: ئۇ كىنو چولپىنى.

النُّجُومُ الثَّوَابِتُ: تۇرغۇن يۇلتۇزلار.

عِلْمُ النُّجُومِ: ئاسترونومىيە.

عِبَادَةُ النُّجُومِ: يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇش.

نَجْمَةٌ ج نَجْمٌ وَ نُجُومٌ: يۇلتۇز، چولپان، يۇلتۇز بەلگىسى؛ مېھمانخانىلارنى دەرىجىگە ئايرىش ئۆلچىمى.

نَجْمَةٌ عَالَمِيَّةٌ: خەلقئارالىق چولپان.

«فُنْدُقٌ ثَلَاثَةُ نُجُومٍ»: ئۈچ يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا.

«فُنْدُقٌ خَمْسَةُ نُجُومٍ»: بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا.

نَجْمِيٌّ: يۇلتۇزنىڭ، يۇلتۇزغا ئائىت، يۇلتۇزدەك.

نَجْوٌ: مۇكچىيىش؛ گەندە، سۈيدۈك، قىغ، ماياق.

نَجْوَةٌ ج نِجَاءٌ: ئېگىزلىك، قاپتال.

نَجْوَى: پىچىرلىشىش، مەخپىي سۆھبەت.

﴿إِنَّمَا النَّجْوَى مِنَ الشَّيْطَانِ﴾ ‹قرآن›: (گۇناھ توغرىسىدا) پىچىرلىشىش شەيتاندىن.

نَجِيبٌ ج أَنْجَابٌ وَ نُجَبَاءُ وَ نُجُبٌ: ئېسىل، ئارتۇق، مۇنەۋۋەر، زېرەك.

«وَلَدٌ نَجِيبٌ»: ئېسىل بالا.

«فَتَاةٌ نَجِيبَةٌ»: ئېسىل قىز.

نَجِيثٌ: سىر، مەقسەت، نىشان؛ ئاستا.

«بَدَا نَجِيثُ الْقَوْمِ»: قوۋمنىڭ سىرى ئاشكارىلاندى.

«أَمْرٌ لَهُ نَجِيثٌ»: ئاقىۋىتى يامان ئىش.

«نَجِيثُ الْبِئْرِ»: قۇدۇقتىن چىقىرىلغان توپا.

نَجِيحٌ م نَجِيحَةٌ: مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى.

رَأْيٌ نَجِيحٌ: توغرا پىكىر.

رَجُلٌ نَجِيحٌ: چىداملىق ئادەم.

سَيْرٌ نَجِيحٌ: تېز مېڭىش.

مَكَانٌ نَجِيحٌ: يېقىن جاي.

نَجِيشٌ: ئوۋچى.

نَجِيعٌ: پايدىلىق، ئۈنۈملۈك.

نَحَا يَنْحُو نَحْوًا الشَّخْصُ إِلَى الشَّيْءِ: مايىل بولدى، نىشانلىدى، يۈزلەندى.

نَحَا نَحْوَهُ: ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭدى

«نَحَا نَحْوَ أُسْتَاذِهِ»: ئۇستازىنىڭ ئىزىدىن ماڭدى، ئۇستازىغا ئەگەشتى.

نُحَابٌ: يۆتەل.

نِحَاتَةٌ: ئۇششاق، ئۇۋاق.

نُحَاتَةٌ ج نُحَاتَاتٌ: قىرىندى، چىپىندى، تارىشا.

نَحَاحٌ: سېخىيلىق، مەردلىك؛ بېخىللىق.

نِحَازٌ: ئەسلى، تېگى ـ تەكتى، كېلىپ چىقىشى.

نُحَازَةٌ: بىر پارچە گۆش.

نُحَاسٌ: مىس.

«نُحَاسٌ أَحْمَرُ»: قىزىل مىس.

«نُحَاسٌ أَصْفَرُ»: سېرىق مىس.

نِحَاسَةٌ: مىسكەرچىلىك.

نُحَاسِيٌّ: مىسلىق.

نُحَاسِيُّ اللَّوْنِ: مىس رەڭ.

الْعَصْرُ النُّحَاسِيُّ: مىس قورال دەۋرى.

نُقُودٌ نُحَاسِيَّةٌ: مىس پۇللار.

الْآلَاتُ النُّحَاسِيَّةُ: پۈۋلەپ چالىدىغان مۇزىكا ئەسۋابلىرى.

نَحَافَةٌ: ئورۇقلۇق، جۇدەڭگىلىك، ئاجىزلىق.

نِحَالَةٌ: ھەسەل ھەرىسى، ھەرە بېقىش.

«تُشَجِّعُ الدَّوْلَةُ النِّحَالَةَ»: دۆلەت ھەسەل ھەرىسى بېقىشقا ئىلھاملاندۇرۇۋاتىدۇ.

نَحَبَ يَنْحُبُ نَحْبًا وَ نَحِيبًا: قاتتىق يىغلىدى، ئۆكسۈپ يىغلىدى.

نَحْبٌ: قاتتىق يىغلىماق، پاكىت، ئىسپات، روھ، ئىرادە، ۋاقىت، چاغ، قىمار، يۆتەل، ئۇيقۇ، سېمىزلىك.

قَضَي نَحْبَهُ: ئۇ ئۆلدى.

﴿فَمِنْهُم مَّن قَضَىٰ نَحْبَهُ﴾ «قرآن»: ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىت بولدى.

نُحْبَةٌ: تەلەي، تەقدىر.

نَحَتَ يَنْحِتُ نَحْتًا وَ نَحِيْتًا: يونىدى، ئويدى.

نَحَتَ الْجَبَلَ: تاغنى تەشتى، تاغدىن تاشلارنى كەستى، تاغنى تېشىپ ياسىدى.

﴿قَالَ أَتَعْبُدُونَ مَا تَنْحِتُونَ﴾ «قرآن»: ئىبراھىم ئېيتتى: «(ئۆزۈڭلار) ئويۇپ ياسىغان بۇتلارغا چوقۇنامسىلەر؟».

نَحَتَ الْكَلِمَةَ: سۆز ياسىدى. «صلعم» «صلي الله عليه وسلم» دىن قىسقارتىپ ياسالغاندەك.

نَحَتَهُ بِلِسَانِهِ: تۆھمەت قىلدى، قارىلىدى، ھاقارەتلىدى.

نَحْتٌ: ئويمىچىلىق.

نَحْتُ الْكَلَامِ: سۆز ياسىماق.

نَحْتُ التَّمَاثِيْلِ: ھەيكەلتاراشلىق، ئويمىچىلىق.

غَزَالَةٌ رَائِعَةُ النَّحْتِ: چىرايلىق ئويۇپ چىقىرىلغان ئاھۇ ھەيكىلى.

نَحَّاتٌ ج نَحَّاتُوْنَ: ئويمىچى، قىرغۇچى، نەققاش.

نَحَّاتُ الْحَجَرِ: تاشچى.

«نَحَّاتُ الرُّخَامِ»: مەرمەر تاش ياسىغۇچى.

نَحَّاتُ الْخَشَبِ: ياغاچچى.

نَحَّاتُ التَّمَاثِيْلِ: ھەيكەلتاراش.

نَحَّارٌ: قاسساپ؛ سېخىي.

نَحَّاسٌ ج نَحَّاسُوْنَ: مىسكەر.

نَحَّاطٌ: ھاكاۋۇر.

نَحَّالٌ ج نَحَّالُوْنَ: ھەسەل ھەرىسى باققۇچى.

نَحَّامٌ: كۆپ ھاسىرايدىغان، كۆپ يۆتىلىدىغان، بېخىل، يولۋاس.

نَحَّبَ يُنَحِّبُ تَنْحِيبًا فِي الْأَمْرِ: تىرىشتى.

نَحَّبَ عَلَي الشَّيْءِ: ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

نَحَّبَهُ السَّفَرُ: سەپەر ئۇنى چارچىتىۋەتتى.

نَحَّسَ يُنَحِّسُ تَنْحِيسًا الْأَخْبَارَ: رازۋېدكا قىلدى، تەكشۈردى، ئاخبارات ئىگىلىدى.

«نَحَّسَ الْآنِيَّةَ»: قاچىلارغا مىس يالاتتى.

نَحَّي يُنَحِّي تَنْحِيَةً: نېرى قىلدى، چەتكە چىقاردى، ئۆز جايىدىن ئېلىۋەتتى.

«نَحَّي الْحِجَارَةَ مِنَ الطَّرِيْقِ»: تاشنى يولدىن نېرى

قىلىۋەتتى.

نَحَرَ يَنْحَرُ نَحْرًا: بوغۇزلىدى، ئۆلتۈردى.

«نَحَرَ الْبَعِيرَ»: تۆگىنى بوغۇزلىدى.

﴿فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَانْحَرْ﴾ ‹قۇرئان›: پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن.

نَحَرَ الْأُمُورَ عِلْمًا: ئىشلارنى پۇختا ئورۇنلىدى.

نَحْرٌ: بوغۇزلىماق.

نَحْرٌ ج نُحُورٌ: بوغۇز (كېكىرتەك).

يَوْمُ النَّحْرِ: قۇربان ھېيت كۈنى.

نِحْرِيرٌ ج نَحَارِيرُ: ئۆز ئىلمىدە ماھىر، يېتىشكەن، پىششىق.

«الْإِمَامُ الْعَالِمُ النِّحْرِيرُ»: يېتىشكەن ئالىم، پېشۋا.

نَحِزَ يَنْحَزُ نَحَزًا وَ نُحَازًا: يۆتەلدى.

نَحَسَ يَنْحَسُ نَحْسًا الشَّخْصَ: شەخسكە زىيان سالدى، ئازار بەردى.

نُحِسَ الشَّخْصُ: پالاكەت باستى، نەس باستى.

نَحُسَ يَنْحُسُ نَحْسًا وَ نُحُوسَةً الشَّخْصُ: چارچىدى، زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىدى.

نَحْسٌ: نەس باسماق، پالاكەت باسماق.

نَحْسٌ ج نُحُوسٌ: نەسلىك، بەختسىزلىك.

«لَازَمَهُ النَّحْسُ»: ئۇنى نەس باستى.

جَلَبَ لَهُ النَّحْسَ: ئۇنىڭغا بەختسىزلىك كەلتۈردى.

أَمْرٌ نَحْسٌ: پالاكەتكە ئۇچرىغان ئىش.

يَوْمٌ نَحْسٌ: نەس باسقان كۈن، شۇم كۈن.

نَحَصَ يَنْحَصُ نُحُوصًا النَّاقَةُ: تۆگە سەمرىپ كەتتى.

نَحَضَ يَنْحُضُ نَحَاضَةً: سەمرىپ كەتتى.

نَحْضٌ ج نِحَاضٌ وَ نُحُوضٌ: سەمرىپ تىقىلىپ كېتىش.

نَحَطَ يَنْحِطُ نَحْطًا وَ نَحِيطًا: چارچاش ياكى غەزەپتىن ۋارقىرىدى.

نَحُفَ يَنْحُفُ نَحَافَةً: ئورۇقلىدى، جۇدىدى، يادىدى، ئاجىزلىدى.

نَحَلَ يَنْحَلُ نَحْلًا الْقَوْلَ: يالغاننى ياسىدى، ئويدۇرۇپ چىقاردى، ساختىلاشتۇردى؛ توقۇپ چىقتى.

نَحَلَهُ الْمَرَضُ: كېسەللىك ئۇنى ئورۇقلىتىۋەتتى.

نَحُلَ يَنْحُلُ نُحُولًا: ئورۇقلىدى، جۇدىدى، يادىدى.

«نَحُلَتِ الْفَتَاةُ»: قىز ياداپ كەتتى.

نَحْلٌ: ئويدۇرماق، توقۇماق؛ ھەسەل ھەرىسى، بال ھەرىسى.

﴿وَأَوْحَى رَبُّكَ إِلَى النَّحْلِ أَنِ اتَّخِذِي مِنَ الْجِبَالِ بُيُوتًا﴾ ‹قۇرئان›: پەرۋەردىگارىڭ ھەسەل ھەرىسىگە ئىلھام بىلەن بىلدۈردى: «تاغلاردا ئۇۋا تۈزگىن».

نِحْلَةٌ: سوۋغا، ھەدىيە.

﴿وَآتُوا النِّسَاءَ صَدُقَاتِهِنَّ نِحْلَةً﴾ ‹قۇرئان›: ئاياللارغا ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى خۇشاللىق بىلەن سوۋغا قىلىپ بېرىڭلار.

نِحْلَةٌ ج نِحَلٌ: مەزھەپ، ئەقىدە.

نَحَمَ يَنْحِمُ نَحْمًا وَ نَحِيمًا وَ نَحَمَانًا: ھاسىرىدى، ھۆمۈدىدى، نەپسى سىقىلدى.

نَحَمَ السَّبُعُ: يولۋاس خىرقىرىدى.

نَحْمَةٌ: يۆتەل.

نَحْنُ: بىز.

نَحْنُ تُجَّارٌ: بىز سودىگەرلەر.

ئەسكەرتىش: بەزىدە ئۆزىنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن «مەن» دېگەن سۆز «بىز» سۆزى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

«نَحْنُ رَئِيسُ الْجُمْهُورِيَّةِ قَرَّرْنَا ...»: بىز جۇمھۇرىيەت رەئىسى قارار قىلدۇقكى ...

نَحْنَحَ يُنَحْنِحُ نَحْنَحَةً: ھاسىرىدى.

نَحْنَحَةٌ: ھاسىرىماق.

نَحْوٌ ج أَنْحَاءٌ: تەرەپ، يان، يۆنىلىش، نىشان، ئورۇن، جەھەت، يول، ئۇسۇل، چارە،

تەدبىر، شەكىل، پاسون، يوسۇن.

«سَارَ عَلَى هَذَا النَّحْوِ»: مۇشۇ يول بويىچە ماڭدى.

«عَلَى نَحْوٍ لَمْ يُعْهَدْ مِنْ قَبْلُ»: ئىلگىرى كۆرۈلمىگەن ئۇسۇلدا.

«جَاءَ فِي نَحْوِ السَّابِعَةِ مَسَاءً»: ئۇ كەچ سائەت يەتتە ئەتراپىدا كەلدى.

عِلْمُ النَّحْوِ: سىنتاكسىس ئىلمى، جۈملە تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى پەن.

اَلصَّرْفُ وَالنَّحْوُ: مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس.

نُحُوسَةٌ: چارچاش، زىيان-زەخمەتكە ئۇچراش.

نَحْوِيٌّ: سىنتاكسىسقا مۇناسىۋەتلىك.

«دِرَاسَةٌ نَحْوِيَّةٌ»: سىنتاكسىس ئۆگەنمەك.

نَحْوِيٌّ ج نَحْوِيُّونَ وَ نُحَاةٌ: سىنتاكسىسشۇناس، نەھۋىشۇناس.

نَحِيبٌ: يىغا.

نَحِيتٌ: چىپىلغان تىۈزلەنگەن، ئويۇپ چۈشۈرۈلگەن، ئويۇلغان، قىرىلغان.

نَحِيحٌ: ئىڭقىل، خىرقىرىغان ئاۋاز.

نَحِيسٌ: قورغاقچىلىق.

«عَامٌ نَحِيسٌ»: قورغاقچىلىق يىل.

نَحِيسٌ ج نُحَسَاءُ: بەختسىز، تەلەيسىز.

«رَجُلٌ نَحِيسٌ»: تەلەيسىز ئادەم.

نَحِيفٌ ج نُحَفَاءُ: ئورۇق، جۈدەڭگۈ، سولغۇن.

«هُوَ نَحِيفُ الدِّيْنِ»: ئۇنىڭ دىنى ئاجىز.

«أَجْسَامٌ نَحِيفَةٌ»: ئورۇق بەدەن.

نَحِيلٌ ج نَحْلَى: ئورۇق، ياداڭغۇ.

«طِفْلٌ نَحِيلٌ»: ئورۇق بوۋاق.

نَحِيمٌ: خىرقىرىغان ئاۋاز.

نَخَا يَنْخُو نَخْوَةً: پەخىرلەندى، چوڭلۇق قىلدى.

«يَنْخُو بِمَالِهِ وَبَنِيْهِ»: مېلى ۋە ئوغۇللىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

نِخَابٌ: يۈرەك پەردىسى.

نُخَاخَةٌ: يىلىك.

نِخَاسَةٌ: ئات-ئۇلاغ تىجارىتى؛ قۇل سودىسى، قۇل تىجارىتى.

نُخَاعٌ: يۇلۇن.

نُخَاعَةٌ ج نُخَاعَاتٌ: بەلغەم.

نِخَافٌ ج أَنْخِفَةٌ: ئاياغ كىيىم.

نُخَالَةٌ: كېپەك.

نُخَالَةُ الدَّقِيْقِ: ئۇننىڭ كېپىكى.

نُخَامَةٌ: بەلغەم.

«لَا تَرْمِ بِنُخَامَتِكَ فِي الطَّرِيْقِ»: بەلغىمىڭنى يولغا تۈكۈرمە.

نَخَبَ يَنْخُبُ نَخْبًا الشَّيْءَ: تاللىدى، ئىلغىدى، خىللىدى.

نَخْبٌ: قورقۇنچاق، ئېسىل مەي، شەربەت.

«شَرِبَ نَخْبَ فُلَانٍ»: پالانىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئىچتى.

«شَرِبَ عَلَى نَخْبِ الضُّيُوْفِ»: مېھمانلار بىلەن قەدەھ سوقۇشتۇردى.

نُخْبَةٌ ج نُخَبٌ: تاللانغان، خىللانغان، سايلانغان.

«نُخْبَةُ الْقَوْمِ»: قوۋم ئىچىدىن تاللانغان مۇنەۋۋەر.

«نُخْبَةٌ مِنْ ذَوِي الْمَكَانَةِ»: مەرتىۋىلىك ئادەملەردىن سايلانغان.

«نُخْبَةٌ مِنَ الْكُتُبِ»: كىتابلاردىن تاللانما.

«نُخْبَةٌ مِنَ الْأَفْلَامِ»: فىلىملەردىن تاللانما.

نَخَتَ يَنْخُتُ نَخْتًا الطَّائِرُ الشَّيْءَ: قۇش بىر نەرسىنى چوقۇلىدى.

نَخَتَ الْقَوْلَ: سۆزنى تەكشۈرۈپ كۆردى.

نَخَّ يَنُخُّ نَخًّا الْإِبِلَ: تۆگىنى قاتتىق ھەيدىدى، تۆگىنى «چۆك، چۆك»، دېدى.

نَخٌّ ج أَنْخَاخٌ: پايانداز.

نُخٌّ: يىلىك.

نَخَّاجَةٌ: سۇ چىپچىش ئەسۋابى.

نَخَّاسٌ ج نَخَّاسُوْنَ: ئات-ئۇلاغ سودىگىرى، قۇل سودىگىرى.

«يَلْتَقِي النَّخَّاسُوْنَ فِي سُوْقِ الْأَحَدِ»: ئۇلاغ سودىگەرلىرى يەكشەنبە بازاردا ئۇچرىشىدۇ.

«كَثُرَ النَّخَّاسُوْنَ فِي الْقَرْنِ السَّادِسَ عَشَرَ»: قۇل سودىگەرلىرى 16 - ئەسىردە كۆپ بولغان.

نَخَرَ يَنْخُرُ نَخْرًا: يېدى.

«نَخَرَ السُّوْسُ الْخَشَبَ»: ياغاچنى قۇرت يېدى.

نَخَرَ يَنْخِرُ نَخِيْرًا: خورەك تارتتى.

نَخِرَ يَنْخَرُ نَخَرًا الْعُوْدُ أَوِ الْعَظْمُ: چىرىدى.

نَخِرٌ: چىرىگەن.

﴿أَئِذَا كُنَّا عِظَامًا نَّخِرَةً﴾ ‹قرآن›: ئۇ بىزنىڭ چىرىگەن سۆڭەك بولۇپ قالغان ۋاقتىمىز ئەمەسمۇ؟

نَخَزَ يَنْخُزُ نَخْزًا: سانجىدى.

«نَخَزَ الْحِمَارَ بِالْعَصَا»: ئېشەكنى تاياق بىلەن نوقۇدى.

نَخَزَهُ بِكَلِمَةٍ: ئۇنىڭغا دەشنام بەردى، ئازار بەردى.

«مَا أَشَدَّ نَخْزَهَا»: نېمىدېگەن قاتتىق ئازار.

نَخَسَ يَنْخُسُ نَخْسًا الدَّابَّةَ: ئۇلاغنى تاياق بىلەن نوقۇدى.

نَخَصَ يَنْخَصُ نَخْصًا: ئورۇقلاپ كەتتى، ياداپ كەتتى.

«نَخَصَ فُلَانًا الْكِبَرُ»: ياشانغانلىق پالاننى ئاجىزلىتىۋەتتى.

نَخَطَ يَنْخَطُ نَخْطًا إِلَيْهِ: ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز زەربە بەردى.

نَخَطَ عَلَيْهِ: چوڭچىلىق قىلدى، ھاكاۋۇرلۇق قىلدى.

نَخَطَ الْمُخَاطَ مِنْ أَنْفِهِ: مىشقىردى.

نُخْطٌ. نَخْطٌ: يىلىك.

نَخَعَ يَنْخَعُ نُخُوعًا: بەلغەم تۆكۈردى، مىشقاردى.

نَخْفَةٌ: تاغ ئۈستىدىكى ئويمان جاي.

نَخَلَ يَنْخُلُ نَخْلًا: تاسقىدى.

«نَخَلَتِ الدَّقِيْقَ»: ئۇن تاسقىدى.

«نَخَلَ السَّحَابُ الْمَطَرَ»: بۇلۇت يامغۇرنى قويۇۋەتتى.

نَخَلَ الْكَلَامَ: سۆزنى تۈجۈپلىدى.

نَخْلٌ: تاسقىماق.

نَخْلٌ ج نَخِيْلٌ: خورما.

﴿فِيهِمَا فَاكِهَةٌ وَنَخْلٌ وَرُمَّانٌ﴾ ‹قرآن›: ئۇ ئىككى جەننەتتە مېۋىلەر، خورمىلار ۋە ئانارلار بار.

نَخَمَ يَنْخَمُ نَخْمًا: تۆكۈردى، مىشقاردى.

نَخْوَةٌ: پەخىرلەنمەك؛ قەھرىمانلىق، قىزغىنلىق، ئادەمگەرچىلىك.

«يُدَافِعُ عَنِ الْمَظْلُوْمِيْنَ بِكُلِّ نَخْوَةٍ»: ئېزىلگەنلەرنى پۈتۈن قىزغىنلىق بىلەن قوغدايدۇ.

نَخِيْبٌ ج نُخُبٌ: ھېسسىياتسىز، مەتۇ، ئەقىلسىز، قورقۇنچاق.

نِدَاءٌ: چاقىرماق، چاقىرىق، توۋلىماق، مۇناجات.

«نِدَاءٌ هَاتِفِيٌّ»: تېلېفوندا چاقىرىش.

«أَصْدَرَ الزَّعِيْمُ نِدَاءً لِأَتْبَاعِهِ»: داھىي ئۆز تەۋەلىرىگە چاقىرىق چىقاردى.

﴿إِذْ نَادَى رَبَّهُ نِدَاءً خَفِيًّا﴾ ‹قرآن›: ئۇ ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىغا پەس ئاۋازدا مۇناجات قىلدى.

«إِذَا سَمِعْتُمُ النِّدَاءَ فَقُوْلُوْا مِثْلَ مَا يَقُوْلُ الْمُؤَذِّنُ» ‹حديث›: ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، مۇئەززىن نېمە دېسە شۇنى دەڭلار.

نِدَافَةٌ: پاختا ئېتىش كەسپى.

نَدَامَةٌ: پۇشايمان قىلماق، نادامەت.

«إِنَّكُمْ سَتَحْرِصُوْنَ عَلَى الْإِمَارَةِ وَسَتَكُوْنُ نَدَامَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ» ‹حديث›: سىلەر ئەمەل تۇتۇشقا ھېرىسلىق قىلىسىلەر، تۇتقان ئەمەلىڭلار

ئۇچۇن قىيامەت كۈنى نادامەت چېكىنسىلەر.

نَدَاوَةٌ: ھۆل بولماق، نەملىك.

نَدَبَ يَنْدُبُ نَدْبًا: يىغلىدى، ئېچىندى.

نَدَبَ الْمَيِّتَ: مېيىتكە ھازا ئاچتى، تەزىيىنى قىلدى.

نَدَبَ الشَّخْصَ إِلَى الْأَمْرِ: چاقىردى، تەكلىپ قىلدى.

«نَدَبَهُ إِلَى الإِشْرَافِ عَلَى بِنَاءِ الْجِسْرِ»: ئۇنى كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىغا نازارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدى.

نَدِبَ يَنْدَبُ نَدَبًا الْجُرْحُ: يارا ئىزى قېلىپ قالدى.

نَدْبٌ ج نُدُوْبٌ وَ نُدَبَاءُ: ئاكتىپ، پائال، پائالىيەتچان، شوخ، تېتىك، جانلىق، ئۆتكۈر، سەزگۈر، سەگەك، چەبدەس.

نَدَبٌ ج نُدُوْبٌ: يارىنىڭ ئىزى.

نَدَبَةٌ ج نُدُوْبٌ: يارىنىڭ ئىزى.

«تَرَكَ الْمَرَضُ فِي جِسْمِهِ نُدُوْبًا»: كېسەللىك ئۇنىڭ تېنىدە ئىزلارنى قالدۇردى.

«عَلَى جَبْهَتِهِ نَدَبَةُ جُرْحٍ قَدِيْمٍ»: ئۇنىڭ پېشانىسىدە كونا يارىنىڭ ئىزى بار.

نَدَحَ يَنْدَحُ نَدْحًا الشَّيْءَ: كېڭەيتتى.

نُدْحَةٌ: كەڭلىك، كەڭ زېمىن.

إِنَّكَ فِي نُدْحَةٍ مِنَ الْأَمْرِ: بۇ ئىشتا سېنىڭ تاللاش ئىمكانىيىتىڭ بار.

نَدَخَ يَنْدَخُ نَدْخًا ـ الشَّيْءَ: پۇتلىشىپ كەتتى.

نَدَّ يَنِدّ نَدًّا وَ نُدُوْدًا: ـ الْبَعِيْرُ: تۆگە ئۈركۈپ كەتتى.

نَدَّتِ الْكَلِمَةُ: سۆز قائىدىدىن چىقتى، قائىدىسىز بولدى.

نَدَّتِ الْفِكْرَةُ عَنِّيْ: يادىمدىن چىقىپ كەتتى.

نَدٌّ ج أَنْدَادٌ: ئىسرىق ياغىچى، خۇشبۇي ماددا؛ تۆپىلىك.

نِدٌّ ج أَنْدَادٌ: ئوخشىشى، مىسلى، ئوخشىشىپ كېتىدىغان.

«هُوَ نِدُّهُ»: ئۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش.

﴿فَلاَ تَجْعَلُواْ لِلّهِ أَندَادا﴾ «قرآن»: ئەمدى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەڭلار.

نَدَّافٌ: ئاتقۇچى؛ پاختا ئاتقۇچى.

نَدَّدَ يُنَدِّدُ تَنْدِيْدًا بِالشَّخْصِ: كىشىنىڭ ئەيىبىنى پاش قىلدى.

نَدَّدَ بِكَذِبِهِ وَ نِفَاقِهِ: ئۇنىڭ ساختىپەزلىكىنى پاش قىلدى.

نَدَّدَ الْمُتَظَاهِرُوْنَ بِقَرَارِ مُدِيْرِالْمَصْنَعِ: نامايىشچىلار زاۋۇت باشلىقىنىڭ قارارىنى ئەيىبلىدى.

نَدَرَ يَنْدُرُ نُدُوْرًا وُ نُدْرَةً الشَّيْءُ: چىقىپ كەتتى.

«نَدَرَ الْعَظْمُ عَنْ مَوْضِعِهِ»: سۆڭەك ئۆز جايىدىن چىقىپ كەتتى.

نَدَرَ الشَّخْصُ: ئاز ئۇچرىدى، كەم تېپىلدى.

نَدَرَ فِى صَبْرِهِ وَ عِفَّتِهِ: چىدامىلىق ۋە ئەخلاقتا كەمدىن ـ كەم تېپىلىدىغان بولدى.

نَدَسَ يَنْدُسُ نَدْسًا: ــهُ بِالرِّمْحِ: نەيزە سانجىدى.

نَدَسَ بِهِ الْأَرْضَ: ئۇنى يەرگە ئاتتى.

نَدَسَ الشَّيْءَ عَنِ الطَّرِيْقِ: نەرسىنى يولدىن نېرى قىلىۋەتتى.

نَدَسَ عَلَيْهِ الظَّنَّ: ئۇنىڭغا يامان ئويدا بولدى.

نَدَسَ الْأَرْضَ بِرِجْلِهِ: يەرنى تەپتى.

نَدَسَهُ بِكَلِمَةٍ: ئۇنى پەس ئاۋاز بىلەن مازاق قىلدى.

نَدِسَ يَنْدَسُ نَدَسًا: ئىنچىكە تەكشۈردى، كۆزەتتى.

نَدَسَ الْغُلَامُ: بالا زېرەك بولدى.

نَدْسٌ: يوشۇرۇن ئاۋاز، تۇيغۇن.

نَدَسٌ: ئەقىل ـ پاراسەت، زېرەكلىك.

نَدَشَ يَنْدِشُ نَدْشًا وَ نَدَشًا: ــعَنِ الشَّيْءِ: ئىزدەندى، تەكشۈردى.

نَدَشَ الْقُطْنَ: پاختىنى ئاتتى.

نَدَفَ يَنْدِفُ نَدْفًا وَنَدَفَانًا الْقُطْنَ: پاختا ئاتتى.

نَدَلَ يَنْدُلُ نَدْلًا الشَّيْءَ: تېز يۆتكىدى.

نَدِلَ يَنْدَلُ نَدَلًا: پاسكىنا بولدى.

«نَدِلَتْ يَدُهُ»: ئۇنىڭ قولى پاسكىنا بولدى.

نَدِمَ يَنْدَمُ نَدَمًا وَ نَدَامَةً : پۇشايمان قىلدى، نادامەت قىلدى.

«نَدِمَ عَلَىٰ ارْتِكَابِهِ الْمَعَاصِي»: قىلغان گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلدى.

نَدَهَ يَنْدَهُ نَدْهًا: توۋلىدى، ۋارقىرىدى.

نَدْهَةٌ: ئاۋاز، توۋلاش.

نَدْوَةٌ: ئويۇشما، جەمئىيەت، ئىجتىمائىي تەشكىلات، ئىتتىپاق، بىرلەشمە، كۇلۇب، يىغىن زالى.

«نَدْوَةٌ ثَقَافِيَّةٌ»: مەدەنىي كېچە.

«نَدَوَاتٌ عِلْمِيَّةٌ»: ئىلمىي جەمئىيەتلەر.

دَارُ النَّدْوَةِ: پارلامېنت، مەسلىھەت، مىللىي كېڭەش، مىللىي مەجلىس ۋە كېڭەش ئېلىپ بارىدىغان جاي.

نَدْوَةٌ صَحَفِيَّةٌ: ئاخبارات يىغىنى.

نَدَى يَنْدُو نَدْوًا الْقَوْمُ: كىشىلەر يىغىلدى.

نَدِيَ يَنْدَي نَدًى وَ نَدَاوَةً: ھۆل بولدى، نەم بولدى.

«نَدِيَ الثَّوْبُ بِالْمَطَرِ»: يامغۇردا كىيىم ھۆل بولۇپ كەتتى.

«نَدِيَتِ الْأَرْضُ»: يەر نەملىشىپ كەتتى.

كَلَامٌ يَنْدَى لَهُ الْجَبِينُ: كىشىنى يەرگە قارىتىدىغان سۆز.

نَدًى: ھۆل بولماق، نەم بولماق.

نَدًى ج أَنْدَاءٌ: پار، شەبنەم، سېخىيلىق.

مَسَحَ الزُّجَاجَ الْمُغَطَّى بِالنَّدَى: شەبنەم چۈشكەن ئەينەكنى سۈرتۈۋەتتى.

إِنَّ نَدَاهُ عَلَيْنَا لَوَفِيرٌ: ئۇنىڭ بىزگە قىلغان خەير-ساخاۋىتى كۆپ.

نَدٍ (النَّدِي) م نَدِيَةٌ: ھۆل، نەم.

نَدْيَانٌ: ھۆل، نەم.

نَدِيمٌ ج نُدَمَاءُ وَ نُدْمَانٌ وَ نُدَامَى: ئۈلپەت، شاراب ۋە داستىخاندا سۆھبەتداش بولغۇچى.

«الْتَقَى النُّدَمَاءُ فِي بَيْتِهِ»: ئۈلپەتلەر ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۇچراشتى.

نَدِيٌّ: ھۆل، نەم.

مُغَنٍّ نَدِيُّ الصَّوْتِ: ئاۋازى مۇڭلۇق ناخشىچى.

هُوَ نَدِيُّ الْكَفِّ: ئۇ سېخىي.

زَهْرٌ نَدِيٌّ: ھۆل چېچەك.

نَذَالَةٌ: پەسكەشلىك.

نَذَرَ يَنْذُرُ / يَنْذِرُ نَذْرًا وَ نُذُورًا: ۋەدە بەردى، بىرەر ئىش قىلىشنى ئۈستىگە ئېلىۋالدى.

﴿رَبِّ إِنِّي نَذَرْتُ لَكَ مَا فِي بَطْنِي مُحَرَّرًا﴾ «قرآن»: پەرۋەردىگارىم مەن قورسىقىمدىكى پەرزەنتىمنى ئازاد قىلىنغان ھالدا چوقۇم سېنىڭ خىزمىتىڭگە ئاتىدىم.

نَذَرَ نَفْسَهُ: ئۆزىنى ئاتىدى، بېغىشلىدى.

«نَذَرَ نَفْسَهُ لِخِدْمَةِ الْعِلْمِ»: ئۆزىنى ئىلىم خىزمىتى ئۈچۈن بېغىشلىدى.

«مَنْ نَذَرَ أَنْ يُطِيعَ اللهَ فَلْيُطِعْهُ وَمَنْ نَذَرَ أَنْ يَعْصِيَ اللهَ فَلَا يَعْصِهِ» «حديث»: كىمكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا ۋەدە قىلغان بولسا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلسۇن، كىمكى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشقا ۋەدە قىلغان بولسا، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلمىسۇن.

نَذْرٌ ج نُذُورٌ: ۋەدە، ئەھدە، سەدىقە، ئېھسان، بىرەر نەرسىنى ئورۇنلاشنى ئۆزلۈكىدىن ئۈستىگە ئېلىۋالماق، تۈلەم.

نَذُلَ يَنْذُلُ نَذَالَةً: پەسكەش بولدى، رەسۋا بولدى، رەزىل بولدى.

نَعِمَ بِهِ: خۇشال بولدى، بەھرىمەن بولدى.

«نَعِمْتُ بِلِقَائِهِ»: ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقانلىقىمدىن خۇشال بولدۇم.

نَعِمَ يَنْعَمُ نَعَمًا: كۆكەردى، يېشىللاشتى، ياپيېشىللىققا پۈركەندى.

نَعَمْ: ھەئە، شۇنداق، ماقۇل، دۇرۇس، توغرا.

«هَلْ جَاءَ أَحْمَدُ؟ نَعَمْ جَاءَ»: ئەھمەد كەلدىمۇ؟ ھەئە كەلدى.

نِعْمَ: نېمىدېگەن ياخشى.

«نِعْمَ مَا صَنَعْتَ»: ئەجەب ياخشى قىلدىڭ.

﴿نِعْمَ الْمَوْلَى وَنِعْمَ النَّصِيرُ﴾ ‹قرآن›: ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار، نېمىدېگەن ياخشى ياردەمچى!

«نِعْمَ الْأُدُمُ الْخَلّ نِعْمَ الْأُدْمُ الْخَلّ» ‹حديث›: ئاچچىق سىركە بىلەن نان نېمىدېگەن يېيىشلىك، نېمىدېگەن ياخشى.

﴿إِن تُبْدُواْ الصَّدَقَاتِ فَنِعِمَّا هِيَ﴾ ‹قرآن›: سەدىقىنى ئاشكارا بەرسەڭلار، بۇ ياخشىدۇر.

نَعَمْ: يۇمشاق بولماق، يۇمران بولماق، پاراۋان بولماق، باياشات بولماق، تىنچ ئارام ئالماق.

نَعَمٌ ج أَنْعَامٌ: تۆگە، قوي، ئۆچكە، ئېشەك ۋە كالىغا ئوخشاش هايۋاناتلار.

﴿فَنُخْرِجُ بِهِ زَرْعاً تَأْكُلُ مِنْهُ أَنْعَامُهُمْ وَأَنْفُسُهُمْ﴾ «قرآن»: ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ هايۋاناتلىرى ۋە ئۆزلىرى يەيدىغان زىرائەتلەرنى ئۈندۈرۈپ چىقىرىمىز.

نَعْمَاءُ ج أَنْعُمٌ: بەخت - سائادەت، پاراۋانلىق، باياشاتلىق، كەڭچىلىك، توقچىلىق، مولچىلىق، مال.

«صَدِيقُهُ فِي النَّعْمَاءِ وَالْبَأْسَاءِ»: ئۇ باياشاتلىقتىمۇ، قىيىنچىلىقتىمۇ ئۇنىڭ دوستى.

«هُوَ صَاحِبُ يُسْرٍ وَنَعْمَاءٍ»: ئۇ پۇل - مالنىڭ ئىگىسى.

نُعْمَانٌ: قان، خۇن.

شَقَائِقُ النُّعْمَانِ: ئەپيۇنگۈل، كۆكنار، خەشخاش.

نَعْمَةٌ: نېمەت، راھەت-پاراغەت، هۇزۇر-هالاۋەت.

﴿وَنَعْمَةٍ كَانُوا فِيهَا فَاكِهِينَ﴾ «قرآن»: ئۇلار بەهرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرنى قالدۇردى.

نِعْمَةٌ ج نِعَمٌ وَ أَنْعُمٌ: نازۇنېمەت، مەرھەمەت، ئىلتىپات.

«فُلاَنٌ وَاسِعُ النِّعْمَةِ»: پالانىنىڭ بايلىقى كۆپ.

﴿وَأَمَّا بِنِعْمَةِ رَبِّكَ فَحَدِّثْ﴾ «قرآن»: پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ساڭا بەرگەن) نېمىتىنى (كىشىلەرگە) سۆزلەپ بەرگىن.

«إِنَّ اللهَ يُحِبُّ أَنْ يُرَى أَثَرُ نِعْمَتِهِ عَلَى عَبْدِهِ» «حديث»: شۈبهىسىزكى، ئاللاھتائالا ئۆز نېمىتىنىڭ ئەسىرىنى بەندىلىرىدە كۆرۈشنى ياقتۇرىدۇ.

«لَكَ عِنْدِي نِعْمَةٌ لاَتُنْكَرُ»: سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنتۇمايمەن.

«هَذِهِ نِعْمَةُ الإِلَهِ عَلَيْنَا فَاشْكُرُوا اللهَ يَا أُولِي الأَفْهَامِ»: بۇ، ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن نېمىتىدۇر، ئى ئەقىللىق ئادەملەر ئاللاھقا تەشەككۈر ئېيتىڭلار.

«هُوَ وَلِيُّ نِعْمَتِهِ»: ئۇ ئۇنىڭ شەپقەتچىسى.

«هُوَ حَدِيثُ نِعْمَةٍ»: ئۇ يېڭى باي.

نَعْنَاعٌ: يالپۇز.

نَعْنَعَ يُنَعْنِعُ نَعْنَعَةً: كېكەچلىدى، دۇدۇقلىدى.

نُعُومَةٌ: يۇمشاقلىق، يۇمرانلىق.

مُنْذُ نُعُومَةِ أَظْفَارِهِ: ئۇ كىچىكلىكىدىن باشلاپ، ...

نَعَى يَنْعَى نَعْيًا وَ نَعِيًّا فُلاَنًا: ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزدى.

نَعَى عَلَيْهِ كَذَا: ئەيىبلىدى.

«نَعَى عَلَيْهِ شُرْبَ الْخَمْرِ»: ئۇنىڭ هاراق ئىچكەنلىكىنى ئەيىبلىدى.

نَعِيمٌ: خۇشاللىق، هۇزۇر-هالاۋەت؛ بەخت-سائادەت، جەننەت، نېمەت.

نَعِيمُ الْحَيَاةِ: تۇرمۇش پاراۋانلىقى، هاياتنىڭ لەززىتى.

﴿إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي جَنَّاتٍ وَنَعِيمٍ﴾ «قرآن»: تەقۋادارلار ھەقىقەتەن جەننەتلەردە ۋە نېمەت ئىچىدە بولىدۇ.

«نَعِيمُ اللهِ»: ئاللاھنىڭ رەھمىتى.

نَعِيٌّ: ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزمەك.

نَعِيٌّ ج نَعَايَا: ئۆلۈك ئادەم.

نُغَاشٌ: پەتەك، پاكار، رەزىل.

نُغَاشَةٌ: قىزىل تۇمشۇق قۇشقاچ.

نُغَاشِيٌّ: پاكار، پەتەك، رەزىل.

نَغَبَ يَنْغَبُ نَغْبًا الطَّائِرُ: قۇش سۇ ئىچتى.

نَغَبَ الرِّيقَ: تۈكۈرۈكنى يۇتتى.

نُغْبَةٌ ج نُغَبٌ: بىر ئوتلام، بىر يۇتۇم.

«سَقَاهُ نُغْبَةً مِنْ لَبَنٍ»: ئۇنىڭغا بىر ئوتلام سۈت ئىچكۈزدى.

نَغَتَ يَنْغَتُ نَغْتًا الشَّعْرَ: چاچنى تارتتى.

نَغْتٌ: يامان ئىش.

نَغَرَ يَنْغَرُ نَغَرًا الشَّخْصُ: قورساق كۆپۈپ ئاچچىقلاندى، غەزەپلەندى.

نَغَرَتِ الْقِدْرُ: قازان قاينىدى.

نَغَزَ يَنْغَزُ نَغْزًا الصَّبِيَّ: بالىنى قىچىقلىدى.

نَغَزَ الشَّخْصَ: كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلدى.

نَغَزَ بَيْنَ الْقَوْمِ: ئارىنى بۇزدى، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى.

نَغَشَ يَنْغَشُ نَغْشًا وَنَغَشَانًا: پاراكەندە قىلدى، بىسەرەمجان قىلدى.

نَغَشَ إِلَيْهِ: ئۇنىڭغا ئېغىپ كەتتى، مايىل بولدى.

نَغَصَ يَنْغَصُ نَغْصًا الشَّخْصَ: ئۇنى سۇدىن چەكلىدى.

نَغَصَ عَلَيْهِ: ئۇنىڭغا كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈردى.

«نَغَصَ عَلَيْهِ حَيَاتَهُ بِالضَّجِيجِ الْمُسْتَمِرِّ»: داۋاملىق ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىپ، كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلدى.

نَغِصَ يَنْغَصُ نَغَصًا: چالا قالدى، پۈتمىدى.

نَغِصَ الشَّارِبُ: تولۇق ئىچمىدى.

نَغِصَ الرَّجُلُ: مەقسىتىگە يېتەلمىدى.

نَغَّارٌ: غەزەپلەنگۈچى.

جُرْحٌ نَغَّارٌ: قان چىقىپ تۇرىدىغان يارا.

نَغَّرَ يُنَغِّرُ تَنْغِيرًا الصَّبِيَّ: بالىنى قىچىقلىدى.

نَغَّصَ يُنَغِّصُ تَنْغِيصًا: قىيىنلاشتۇردى.

«نَغَّصَ عَيْشَهُ»: ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى قىيىنلاشتۇردى.

نَغَّصَ عَلَيْهِ: ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشىنى ئۈزۈپ قويدى.

نَغَّمَ يُنَغِّمُ تَنْغِيمًا: ناخشا ئېيتتى، نەغمە-ناۋا قىلدى.

نَغَقَ يَنْغِقُ نَغِيقًا وَنُغَاقًا الْغُرَابُ: قاغا قاقىلدىدى.

نَغَقَتِ النَّاقَةُ: تۆگە بوزلىدى.

نَغِلَ يَنْغَلُ نَغَلًا وَجْهُ الْأَرْضِ: قۇرغاقچىلىقتىن يەر يېرىلىپ كەتتى.

نَغِلَ الْجُرْحُ: يارا ئېغىر ئالدى.

نَغِلَ بَيْنَ الْقَوْمِ: ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى.

نَغِلَ قَلْبُهُ عَلَى فُلَانٍ: پالانىغا ئۆچلۈك قىلدى، كۆڭلىدە ئۆچلۈك ساقلىدى.

نَغِلَتْ نِيَّتُهُ: ئۇنىڭ نىيىتى بۇزۇلدى.

نَغِلٌ: هارامدىن بولغان (بالا).

نَغَمَ يَنْغَمُ نَغْمًا الشَّخْصُ: شىۋىرلىدى، پىچىرلىدى.

«سَكَتَ فَمَا نَغَمَ بِحَرْفٍ»: گەپ قىلماي شۈك تۇردى.

«نَغَمَ الشَّخْصُ فِي الْغِنَاءِ»: پەس ئاۋازدا ناخشا ئېيتتى.

نَغَمَ فِي الشَّرَابِ: ئاز ئىچتى.

نَغَمٌ وَنَغْمٌ ج أَنْغَامٌ وَأَنَاغِيمُ: نەغمە-ناۋا، ئاهاڭ، كۈي.

أَنْغَامُ الْمُوسِيقِي: مۇزىكا كۈيلىرى.

نَغْمَةٌ ج نَغَمَاتٌ: ئاۋازنىڭ ماسلىشىشى، ئاۋازنىڭ خۇشلۇقى، ئاهاڭداش كۈي، گارمونىيە (مۇزىكا نەزەرىيىسىنىڭ ئاهاڭ، ئاككورد تۈزۈلۈشىنى بايان قىلغۇچى قىسمى)، سۆزنىڭ جاراڭلىق بولۇشى.

«أَدَّى التِّلْمِيذُ أُنْشُودَةً بِنَغْمَةٍ مُؤَثِّرَةٍ»: شاگىرت چىرايلىق ئاهاڭدا ناخشا ئورۇنلىدى.

«كَلِمَاتُهَا ذَاتُ نَغَمَاتٍ تَرْتَاحُ لَهَا النَّفْسُ»: ئۇنىڭ سۆزلىرى جاراڭلىق بولۇپ، كىشىگە يېقىملىق تۇيۇلىدۇ.

نَغْوٌ: سۆز، پاراڭ.

نَغْوَةٌ: نەغمە ناۋا، ساز، ئاهاڭ، كۈي، مۇقام، تەكەش ئاهاڭ، قىزىق گەپ، يېقىملىق سۆز، سۆز-چۆچەك، رىۋايەت، ئىغۋا، ئۆسەك سۆز، سۆھبەت.

نَغَى يَنْغِي نَغْيًا: چۈشىنىكسىز سۆزلىدى.

**نَغَى إِلَى فُلَانٍ بِكَلِمَةٍ**: پالانغا چۈشىنىكسىز گەپ قىلدى.

**نَغْيٌ**: سۆز، پاراڭ.

**نَغْيَةٌ**: نەغمە ـ ناۋا، ساز، ئاھاڭ، كۈي، مۇقام، تەڭكەش ئاھاڭ، قىزىق گەپ، يېقىملىق سۆز؛ سۆز ـ چۆچەك، رىۋايەت، ئىغۋا، ئۆسەك سۆز، سۆھبەت.

**نَفَاثَةٌ ج نَفَائِثُ**: شۆلگەي، تۈكۈرۈك، خەپرۈك، بەلغەم.

**نَفَادٌ**: تۈگەپ كەتمەك، ئىشلىتىپ بولماق.

«**عَلَيْكَ يَا وَالِدِيْ مِنِّي التَّحِيَّاتُ وَمَا عَلَيْهَا نَفَادٌ أَوْ نِهَايَاتٌ**»: ئى ئاتا! مەندىن سىلىگە تۈگىمەس سالاملار بولسۇن.

**نَفَاذٌ**: ئۆتمەك، تېشىپ ئۆتمەك، ئىجرا قىلىنىش، يۈرگۈزمەك.

**نَفَاذُ الْبَصِيرَةِ**: زېرەكلىك، ھوشيارلىق.

**نِفَارٌ**: ئۈركۈپ قاچماق.

**نِفَاسٌ**: تۇغۇت، تۇغۇتتىن كېيىن كېلىدىغان قان.

«**أَلَمُ النِّفَاسِ**»: نىپاس ئاغرىقى.

«**حُمَّى النِّفَاسِ**»: نىپاس قىزىتمىسى.

**نَفَاسَةٌ**: قىممەتلىك، يۇقىرى باھالىق.

**نُفَاضٌ**: قېقىندى، توزان، چېشنى چوتكىلىغاندىن كېيىن ئېغىزدا قالغان قالدۇق.

**نِفَاضٌ ج نُفُضٌ**: پەرتۇق.

**نِفَاقٌ**: ئىككى يۈزلىمىلىك، مۇناپىقلىق.

**نُفَايَةٌ ج نُفَايَاتٌ مِنَ الشَّيْءِ**: تاشلاندۇق نەرسە كېرەكسىز نەرسە.

«**نُفَايَةُ السَّجَائِرِ**»: تاماكا قالدۇقى.

«**نُفَايَةُ الطَّعَامِ**»: تاماق تاشلاندۇقى.

**فُلَانٌ مِنْ نُفَايَاتِ الْقَوْمِ**: پالانى قوۋمنىڭ ئۇساللىرىدىن.

**نَفَتَ يَنْفِتُ نَفْتًا وَنَفَتَانًا وَنَفِيتًا ـــ الْقِدْرُ**: قازان قاينىدى.

**نَفَثَ يَنْفُثُ وَيَنْفِثُ نَفْثًا وَنَفَثَانًا الْبُصَاقَ وَنَحْوَهُ مِنْ فَمِهِ**: تۈكۈرۈك ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ئېغىزدىن تۈكۈردى.

«**نَفَثَتِ الْحَيَّةُ السَّمَّ**»: يىلان زەھەر چاچتى، زەھەر پۈركىدى.

**نَفَثَهُ**: ئۇنى قايمۇقتۇردى.

**نَفَثَ اللهُ الشَّيْءَ فِي الْقَلْبِ**: ئاللاھ بىرەر نەرسىنى كۆڭۈلگە سالدى.

**نُفِثَ فِي نَفْسِي كَذَا**: كۆڭلۈمگە شۇنداق ئىلھام قىلىندى.

**نَفْثٌ**: تۈكۈرۈك، شۆلگەي، بەلغەم.

**نَفْثُ الشَّيْطَانِ**: لىرىك شېئىر.

**نَفْثُ الدَّمِ (فِي الطِّبِّ)**: قان تۈكۈرۈش.

**نَفْثَةٌ ج نَفَثَاتٌ**: ئاجرالما زەھەر سۇيۇقلۇقى، پارتلىماق، قوزغالماق، كۆتۈرۈلمەك، ئېتىلىپ چىقماق، پۈركىمەك؛ شۆلگەي، تۈكۈرۈك، بەلغەم؛ بىر قېتىم تۈكۈرۈش.

**نَفْثَةُ الْقَلَمِ الْأُوْلَى**: نادىر ئەدەبىي ئەسەر.

**نَفْثَةُ مَصْدُورٍ**: بەلغەم.

**نَفَثَاتُ الْفُؤَادِ**: ئىدىيە، ئوي، ئاڭ، قاراش.

**مَا أَحْسَنَ نَفَثَاتِ فُلَانٍ**: پالانىنىڭ شېئىرلىرى نېمىدېگەن ياخشى.

**نَفَثَاتُ الْأَقْلَامِ**: ئەدەبىي ئىجادىيەتلەر.

**نَفَجَ يَنْفُجُ / يَنْفِجُ نَفْجًا وَنُفُوجًا**: ئۆرلىدى، كۆتۈرۈلدى.

«**نَفَجَ الْعَجِينُ**»: خېمىر كۆپتى.

**نَفَجَ الشَّخْصُ**: ئۆزىدە يوق نەرسە بىلەن پەخىرلەندى.

«**يَنْفُجُ الْمَغْرُورُ بِنَسَبِ آبَائِهِ**»: مەنمەنچى ئادەم ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ نەسەبى بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

**نَفَجَ فَرْخُ الدَّجَاجَةِ**: توخۇنىڭ چۈجىسى تۇخۇمدىن

چىقتى.

**نَفَحَ يَنْفَحُ نَفْحًا وَنُفُوحًا الطِّيبُ:** خۇش پۇراق تارالدى.

**نَفَحَتِ الرِّيحُ:** شامال چىقتى.

**نَفَحَ الْعِرْقُ:** تومۇردىن قان چىقتى، ئاقتى.

**نَفَحَهُ مَالًا:** ئۇنىڭغا مال بەردى.

**نَفْحٌ:** پۇرىماق، سوغۇق.

**نَفْحَةٌ ج نَفَحَاتٌ:** بىر قېتىم پۇراش، يېقىملىق خۇش پۇراق؛ سوۋغا؛ ئىسسىق، غەم، قايغۇ.

﴿وَلَئِن مَّسَّتْهُمْ نَفْحَةٌ مِّنْ عَذَابِ رَبِّكَ﴾ «قرآن»: ئەگەر ئۇلارغا پەرۋەردىگارىڭدىن ئازغىنە ئازاب يەتسىلا...

**صَاحِبُ كَرَمٍ وَنَفَحَاتٍ:** سېخىي، مەرد.

**نَفَخَ يَنْفُخُ نَفْخًا النَّارَ / وَفِي النَّارِ:** ئوتنى پۈۋلىدى.

**نَفَخَ الزِّقَّ وَغَيْرَهُ:** تۇلۇم ۋە باشقىلارنى پۈلەپ ئىچىگە يەل توشتۇردى.

**نَفَخَ فِي الْبُوقِ:** بۇرغا چالدى.

**نَفَخَ شِدْقَيْهِ:** چوڭچىلىق قىلدى، ئاتىكارچىلىق قىلدى.

**نَفَخَ فِيهِ مِنَ الرُّوحِ:** ئۇنىڭغا جان كىرگۈزدى.

**نَفَخَ الشَّيْءَ:** نەرسىنى كېڭەيتتى، كۆپتۈردى.

**نَفَخَ السَّيَّارَةَ:** ماشىنىغا يەل ئۇردى.

﴿ثُمَّ سَوَّاهُ وَنَفَخَ فِيهِ مِن رُّوحِهِ﴾ «قرآن»: ئاندىن ئۇنى راۋۇرۇس يارىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىگە مەنسۇپ روھنى كىرگۈزدى (يەنى، جان كىرگۈزدى).

**نَفْخٌ:** هاۋانىڭ پۈتىدا بولىدىغان ئىششىق.

**نَفْخَةٌ ج نَفَخَاتٌ:** پۈۋلىمەك، چالماق؛ ئىسسىلىش، ئاتىكارچىلىق، هاكاۋۇرلۇق.

**نَفْخَةُ الرَّبِيعِ:** باهارنىڭ يېشىللىققا پۈركىنىشى.

**نَفْخَةُ الشَّبَابِ:** ياشلىقنىڭ يېتىلىشى.

**نَفِدَ يَنْفَدُ نَفَادًا:** تۈگىدى.

«نَفِدَ مَالُهُ»: ئۇنىڭ مېلى تۈگىدى.

«نَفِدَتِ الطَّبْعَةُ الْأُولَى مِنَ الْكِتَابِ»: كىتابنىڭ بىرىنچى نەشرى تۈگىدى.

﴿مَا عِندَكُمْ يَنفَدُ وَمَا عِندَ اللَّهِ بَاقٍ﴾ «قرآن»: (ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر تۈگىمەستۇر.

**نَفَذَ يَنْفُذُ نُفُوذًا وَنَفَاذًا الْأَمْرُ:** ئۆتتى، جارى بولدى، ئاقتى.

«نَفَذَ الْحُكْمُ»: هۆكۈم جارى بولدى.

**نَفَذَ الطَّرِيقُ:** يول ئاسانلاشتى.

**نَفَذَ إِلَيْهِ الْكِتَابُ:** ئۇنىڭغا خەت تەگدى.

**نَفَذَ فِيهِ وَمِنْهُ:** بىر تەرەپتىن، يەنە بىر تەرەپكە ئۆتتى.

﴿إِنِ اسْتَطَعْتُمْ أَن تَنفُذُوا مِنْ أَقْطَارِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ فَانفُذُوا﴾ «قرآن»: ئەگەر سىلەر (ئاللاھنىڭ قازاسىدىن قېچىپ) ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ چېگرالىرىدىن ئۆتۈپ كېتەلىسەڭلار، ئۆتۈپ كېتىڭلار.

**نَفَذَ فُلَانٌ فِي الْأُمُورِ:** پالانى ئىشلارغا ماهىر بولدى.

**نَفْذٌ:** ئىجرا قىلماق، ئەمەلگە ئاشۇرماق، بېجىرمەك.

**نَفَذٌ ج أَنْفَاذٌ:** چىقىش ئېغىزى، يول، چارە، چىقىش يولى.

**نَفَرَ يَنْفِرُ نَفْرًا وَنُفُورًا:** سەپەر قىلدى، سەپەرگە چىقتى.

﴿فَلَوْلَا نَفَرَ مِن كُلِّ فِرْقَةٍ مِّنْهُمْ طَائِفَةٌ لِّيَتَفَقَّهُوا فِي الدِّينِ وَلِيُنذِرُوا قَوْمَهُمْ إِذَا رَجَعُوا إِلَيْهِمْ لَعَلَّهُمْ يَحْذَرُونَ﴾ «قرآن»: ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى هەربىرى جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قوۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قوۋمىنى ئاللاھدىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش

مەقسىتىدە نىيمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟

نَفَرَ يَنْفِرُ نُفُورًا وَنِفَارًا الشَّخْصُ مِنْ كَذَا: نەپرەتلەندى، يىرگەندى، سەسكەندى.

نَفَرَ يَنْفِرُ نِفَارًا الْمَرْأَةُ عَنْ زَوْجِهَا: ئايال ئېرىدىن يۈز ئۆرۈدى.

نَفَرَ الدَّابَّةُ مِنْ كَذَا: يىراقلاشتى.

نَفَرَ الْقَوْمُ لِلْأَمْرِ: كىشىلەر ئىشقا تېز چىقتى، ئالدىرىدى.

«نَفَرُوا لِلْجِهَادِ»: ئۇلار جىهادقا ئالدىراپ چىقتى.

نَفْرٌ: بىرەر ئىش ياكى ئۇرۇشقا چىققان بىر توپ ئادەملەر.

يَوْمُ النَّفْرِ: ھاجىلار مىنادىن مەككىگە كېلىدىغان كۈنى.

نَفَرٌ ج أَنْفَارٌ: ئۈچتىن ئونغىچە كىشى؛ كىشىلەر توپى؛ بىر نەپەر.

نُفْرَةٌ: تۇمار، تىلتۇمار، ھۆكۈمرانلىق، باشقۇرۇش.

نَفَزَ يَنْفِزُ نَفْزًا وَنَفَزًا وَنُفُوزًا وَنَفَزَانًا: ئۆلدى.

نَفَزَ الْغَزَالُ: كېيىك سەكرىدى.

نَفَسَ يَنْفُسُ نَفْسًا ـــه: ئۇنىڭغا كۆز تەگدى.

نَفُسَ يَنْفُسُ نَفَاسَةً: قىممەت باھالىق بولدى. بىباھا بولدى، نەپىس بولدى.

«نَفُسَتِ الْأَحْجَارُ الْكَرِيمَةُ»: ئېسىل تاشلار بىباھا بولدى.

نَفِسَ يَنْفَسُ نِفَاسًا نُفَسَاء الْمَرْأَةُ: ئايال تۇغدى.

نُفِسَتِ الْمَرْأَةُ: ئايال نىپاسدار بولدى.

نَفْسٌ: كۆز تەگمەك، كۆز، ھەقىقەت.

«فُلَانٌ أَصَابَتْهُ نَفْسٌ»: پالانىغا كۆز تەگدى.

«فِي نَفْسِ الْأَمْرِ وَالْوَاقِعِ»: ھەقىقەتتە ۋە ئەمەلىيەتتە.

نَفْسٌ ج نُفُوسٌ وَأَنْفُسٌ: روھ، جان، ئۆز، ئۆزى.

كَبِيرُ النَّفْسِ: ئالىيجاناب، كەڭ قورساق، پاك، جەسۇر.

مُنْقَبَضُ النَّفْسِ: روھى چۈشكۈن، مەيۈس، پەرىشان، كەيپسىز.

تَرْوِيحُ النَّفْسِ: كۆڭۈل ئاچماق، ئىچ پۇشۇقىنى چىقارماق.

«بَذَلَ النَّفْسَ وَالنَّفِيسَ»: مېلىنى ۋە جېنىنى بېغىشلىدى.

«الثِّقَةُ بِالنَّفْسِ»: ئۆزىگە ئىشىنىش.

«الْإِعْتِمَادُ عَلَى النَّفْسِ»: ئۆزىگە تايىنىش.

ضَبْطُ النَّفْسِ: ئۆزىنى تۇتۇۋالماق، ئۆزىنى بېسىۋالماق.

خَرَجَتْ نَفْسُهُ: ئۇنىڭ جېنى چىقتى، ئۆلدى.

فُلَانٌ ذُوْ نَفْسٍ: پالانى ئەخلاقلىق، ئىرادىلىك.

«جَاءَ فُلَانٌ نَفْسُهُ»: پالانى ئۆزى كەلدى.

«كَرَّرَ الْأَقْوَالَ بِنَفْسِهَا»: سۆزلەرنىڭ ئۆزىنى تەكرارلىدى.

«فِي نَفْسِ الْوَقْتِ»: ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە، شۇ ۋاقىتتا، ئەينى ۋاقىتتا.

«نَحْنُ بِأَنْفُسِنَا»: بىز ئۆزلىرىمىز.

«فِي نَفْسِي أَنْ أَفْعَلَ كَذَا»: شۇنداق قىلماقچى ئىدىم.

«عِلْمُ النَّفْسِ»: پسىخولوگىيە.

«طِبُّ النَّفْسِ»: روھىي كېسەللىكلەر ئىلمى.

نَفَسٌ ج أَنْفَاسٌ: نەپەس، تىنىق.

«مَرِيْضٌ ذُوْ نَفَسٍ مُتَقَطِّعٍ»: نەپىسى كېسىلگەن كېسەل، توختاپ-توختاپ تىنىدىغان كېسەل.

«جَذَبَ نَفَسًا طَوِيْلًا»: ئۇزۇن نەپەس ئالدى.

«طَوِيْلُ النَّفَسِ»: تىنىقى ئۇزۇن.

«شَاعِرٌ طَوِيْلُ النَّفَسِ: قَصِيْدَةٌ طَوِيْلَةُ النَّفَسِ»: ئۇزۇن ۋە بەدىئىيلىكى يۇقىرى يازىدىغان شائىر، ئۇزۇن قەسىدە.

بَيْنِيْ وَبَيْنَهُ نَفَسٌ: ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئارىلىقىم يىراق.

فَاضَتْ أَنْفَاسُهُ: ئۇ ئۆلدى.

هُوَ فِي نَفَسٍ مِنْ أَمْرِهِ: ئۇ كەڭچىلىكتە.

نُفَسَاء ج نِفَاسٌ وَنُفَسَاوَاتٌ: يېڭى تۇغقان ئايال، نىپاسدار ئايال، تۇغۇتلۇق ئايال.

«تُحَاطُ النُّفَسَاءُ بِكُلِّ عِنَايَةٍ»:تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ ھالىدىن تولۇق خەۋەر ئېلىنىدۇ.

نَفْسَانِيٌّ: روھنىڭ، روھىي جەھەتتە، روھ توغرىسىدا، ئىدراكى، ئەقلى، ئاقىلانىلىك، ئەقىل، زېھىن، ئىدراك، پسىخولوگىيە، پسىخولوگىيىنىڭ، پسىخىك.

طِبٌّ نَفْسَانِيٌّ: پسىخولوگ.

«تَحْلِيلٌ نَفْسَانِيٌّ»:پسىخولوگىيە تەھلىلى.

«مَرِيضٌ نَفْسَانِيٌّ»:روھىي كېسەل.

نَفْسِيٌّ: روھىي جەھەتتە، روھنىڭ، ئىدراكى، ئەقلى، پسىخىك، ئاقىلانىلىك، پسىخولوگىيىلىك.

طَبِيبٌ نَفْسِيٌّ: پسىخولوگ.

الطِّبُّ النَّفْسِيّ: روھىي داۋالاش.

التَّحْلِيلُ النَّفْسِيّ»:پسىخولوگىيىلىك ئانالىز.

نَفْسِيًّا: ئەخلاقىي جەھەتتە، مەنىۋى جەھەتتە.

نَفْسِيَّةٌ: پسىخىكا، روھىي ھالەت، روھ، مەنىۋى.

حَالَةٌ نَفْسِيَّةٌ مُضْطَرِبَةٌ: قالايمىقان روھىي ھالەت.

نَفَشَ يَنْفُشُ نَفْشًا وَنُفُوشًا الْقُطْنَ أَوِ الصُّوفَ أَوْ نَحْوَهُمَا: پاختا، يۇڭ، قاتارلىقلارنى تارىدى، تىتىدى، رەتلىدى.

نَفَشَتِ الْمَاشِيَةُ فِي الزَّرْعِ: مال كېچىسى زىرائەتكە تارقىلىپ يەپ كەتتى.

﴿إِذْ نَفَشَتْ فِيهِ غَنَمُ الْقَوْمِ﴾ «قرآن»:ئۆز ۋاقتىدا بىر قوۋمنىڭ قويى كېچىسى زىرائەتنى يەپ (بۇزۇۋەتكەندە).

نَفْشٌ: تىتىلغان يۇڭ، چېچىلغان نەرسە؛ پوچىلىق.

نَفَضَ يَنْفُضُ نَفْضًا الْغُبَارَ: چاڭ-توزاننى قاقتى.

نَفَضَ الثَّوْبَ وَنَحْوَهُ: كىيىم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى قاقتى.

نَفَضَ الشَّجَرَ: دەرەخنى ئىرغىتتى.

نَفَضَتْهُ الْحُمَّى: بەزگەك ئۇنى تىترەتتى.

نَفَضَ عَنْهُ غُبَارَ الْكَسَلِ: ئېتىكلەشتى، جانلاندى.

نَفَضَ يَدَهُ مِنْ فُلَانٍ: ئۈمىدسىزلەندى.

نَفَضَ يَدَهُ مِنَ الْأَمْرِ: ئىشتىن قول ئۈزدى.

نَفَضٌ: دەرەخ تۆۋىگە تۆكۈلۈپ قالغان غازاڭ، مېۋە قاتارلىقلار.

نَفِطَ يَنْفَطُ نَفَطًا وَنَفْطًا يَدُهُ: ئۇنىڭ قولى قاپاردى.

«نَفِطَتْ يَدَا الْبَنَّاءِ»:تامچىنىڭ ئىككى قولى قاپاردى.

نَفْطٌ: قاپارماق، قاپىرىپ قالماق.

نَفْطٌ / نِفْطٌ: نېفت.

نَفِطَةٌ: ئاچچىقى يامان، قېنى قىزىق، تېرىككەك، سەپرا مىجەز.

نَفْطِيٌّ: نېفتكە مۇناسىۋەتلىك.

«مِصْبَاحٌ نَفْطِيٌّ»: كىرسىن چىراغ.

«شِرْكَةٌ نَفْطِيَّةٌ»: نېفت شىركىتى.

نَفَعَ يَنْفَعُ نَفْعًا: مەنپەئەت بەردى، پايدا بەردى.

﴿وَأَمَّا مَا يَنْفَعُ النَّاسَ فَيَمْكُثُ فِي الْأَرْضِ﴾ «قرآن»: ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە زېمىندا قېلىپ قالىدۇ.

نَفْعٌ: پايدا بەرمەك، پايدا، مەنپەئەت، ئۇنۇم، نەتىجە، رول، تەسىر.

«لَا يُجْدِي نَفْعًا»: پايدا بەرمەيدۇ.

أَجْدَى نَفْعًا: پايدا بەردى.

«النَّفْعُ الْعَامّ»: ئاممىۋى پاراۋانلىق، جامائەت مەنپەئەتى.

النَّفْعُ الْمُتَبَادَلُ: ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش.

نَفْعِيٌّ: ئۆز كۆچىگە تايىنىپ ئىش كۆرگۈچى،

مەنپەئەتپەرەس.

نَفْعِيَّةٌ: مەنپەئەتپەرەسلىك، پايدىغا ئىنتىلىش.

نَفَّ يَنِفُّ نَفًّا — السَّوِيقَ وَنَحْوَهُ: تالقان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى چاچتى.

نَفَّ الْأَرْضَ: يەرگە ئۇرۇق چاچتى (سالدى).

نَفَّ يَنِفُّ نَفًّا الشَّخْصُ: مىشقىردى.

نَفَّاثٌ ج نَفَّاثُونَ: سېھىرگەر، جادۇگەر.

نَفَّاثَةٌ ج نَفَّاثَاتٌ: سېھىرگەر.

﴿وَمِنْ شَرِّ النَّفَّاثَاتِ فِي الْعُقَدِ﴾ «قۇرئان»: تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن (پاناھ تىلەيمەن دېگىن).

طَائِرَةٌ نَفَّاثَةٌ: رېئاكتىپ ئايروپىلان.

نَفَّاجٌ: ئۆزىدە يوق نەرسە بىلەن پەخىرلەنگۈچى، قۇرۇق سۆلەت، پوچى.

نُفَّاخٌ: كېسەللىك ئىششىقى.

«نُفَّاخُ الْحَنَكِ»: تاڭلاي ئىششىقى.

«نُفَّاخُ الرِّجْلِ»: پۇت ئىششىقى.

نُفَّاخَةٌ ج نُفَّاخَاتٌ: كۆپۈك، سوپۇن كۆپۈكچىسى، ماغزاپ، ئويۇنچۇق شار.

نَفَّاطٌ ج نَفَّاطُونَ وَنَفَّاطَةٌ: نېفىت ئىشلەپچىقارغۇچى؛ نېفىت ساتقۇچى.

نَفَّاطَةٌ ج نَفَّاطَاتٌ: سۇلۇق قاپارتقۇ؛ نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنى، رايونى، نېفىتلىك.

«بِيَدِهِ نَفَّاطَةٌ»: ئۇنىڭ قولىدا سۇلۇق قاپارتقۇ بار.

نَفَّخَ يُنَفِّخُ تَنْفِيخًا: قاتتىق پۈۋلىدى.

نَفَّذَ يُنَفِّذُ تَنْفِيذًا الْحُكْمَ: ھۆكۈمنى ئەمەلگە ئاشۇردى، ئىجرا قىلدى.

نَفَّذَ الْأَمْرَ: ئىشنى بېجىردى.

«نَفَّذَ الْمَشْرُوعَ حَسْبَ الْخُطَّةِ»: ئىشنى پىلان بويىچە ئورۇنلىدى.

نَفَّرَ يُنَفِّرُ تَنْفِيرًا: قورقۇتۇۋەتتى، چۆچۈتۈۋەتتى، ئۈركىتىۋەتتى، قاچۇرۇۋەتتى.

«نَفَّرَهُ مِنْ بِلَادِهِ»: يۇرتىدىن بىزار قىلىۋەتتى.

«نَفَّرَ الدَّابَّةَ مِنَ الرَّعْيِ»: مالنى ئوتلاقتىن ئۈركىتىۋەتتى.

نَفَّسَ يُنَفِّسُ تَنْفِيسًا عَنْهُ: شادلاندۇردى.

نَفَّسَ عَنْهُ هَمَّهُ: ھال سورىدى، تەسەللى بەردى، كۆڭلىنى يوپۇتتى.

نَفَّشَ يُنَفِّشُ تَنْفِيشًا: تارىدى، تىتتى، رەتلىدى.

نَفَّضَ يُنَفِّضُ تَنْفِيضًا: سىلكىدى، ئىرغىتتى.

نَفَّعَ يُنَفِّعُ تَنْفِيعًا: پايدىلاندۇردى، مەنپەئەتلەندۈردى، پايدا يەتكۈزدى.

«نَفَّعَهُ بِاسْتِغْلَالِ ضَيْعَتِهِ»: ئۇنىڭ زېمىنىدىن پايدىلاندۇردى.

نَفَّقَ يُنَفِّقُ تَنْفِيقًا السِّلْعَةَ: مالنى ئوبۇرۇت قىلدى، تېز ئايلاندۇردى.

نَفَّلَ يُنَفِّلُ تَنْفِيلًا الشَّخْصَ: كىشىگە ئۇنىڭ تېگىشلىك ئۈلۈشىدىن ئارتۇق بەردى.

«نَفَّلُوا كَبِيرَهُمْ»: ئۇلار كاتتىسىغا سوۋغا بەردى.

نَفَقَ يَنْفُقُ نَفْقًا الشَّيْءُ: تۈگىدى.

«نَفَقَ الزَّادُ»: ئوزۇق تۈگىدى.

«نَفَقَ الدَّرَاهِمُ»: پۇل قالمىدى.

نَفَقَ يَنْفُقُ نَفَاقًا الْبِضَاعَةُ: مال بازار تاپتى، مالنىڭ بازىرى چىقتى.

«نَفَقَتِ السِّلْعَةُ»: مال بازار تاپتى.

نَفَقَتِ الْمَرْأَةُ: ئايالغا لايىق كۆپ چىقتى.

نَفَقَ يَنْفُقُ نُفُوقًا الدَّابَّةُ: ئات ـ ئۇلاغ ئۆلدى.

نَفَقَ الْجُرْحُ: يارا قاتتى.

نَفَقٌ ج أَنْفَاقٌ: تونېل، يەر ئاستى يولى.

«نَفَقُ الْقِطَارِ»: پويىز تونېلى.

«أَنْفَاقُ الْمِتْرُوْ تَحْتَ الْأَرْضِ»: مېترونىڭ يەر ئاستى تونېللىرى (يوللىرى).

نَفَقَةٌ ج نَفَقَاتٌ: نەپىقە، چىقىم، خىراجەت، راسخوت، ئەرنىڭ ئايالىغا بېرىدىغان

نەپىقىسى.

«أَقَامَ مَأْدُبَةً عَلَى نَفَقَتِهِ»: ئۇ خىراجىتىگە زىياپەت ئۆتكۈزدى.

«النَّفَقَةُ عَلَى الْعِيَالِ»: ئائىلە راسخوتى.

«نَفَقَةُ الْإِنْتَاجِ»: ئىشلەپچىقىرىش چىقىمى.

«إِذَا أَنْفَقَ الرَّجُلُ عَلَى أَهْلِهِ نَفَقَةً يَحْتَسِبُهَا فَهِيَ لَهُ صَدَقَةٌ» «حديث»: مۇسۇلمان ئادەم ئائىلىسىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئائىلىسىگە خىراجەت قىلسا، ئۇنىڭغا سەدىقە بەرگەننىڭ ساۋابى بولىدۇ.

«نَفَقَةُ الْمَعِيْشَةِ»: تۇرمۇش راسخوتى، ئوزۇق.

فُلَانٌ قَلِيْلُ النَّفَقَاتِ: پالانى بېخىل.

نَفَلٌ: نەپلە، ۋەزىپىنىڭ سىرتىدىكى ئىشلار.

نَفَلٌ ج أَنْفَالٌ: سوۋغا، تارتۇق، ئولجا، غەنىيمەت، تېگىشلىك ئۈلۈشىنىڭ سىرتىدا بېرىلگەن ئولجا.

نَفْنَافٌ: ئىككى تاغ ئارىسىدىكى ھاڭ.

نَفْنَفَ يُنَفْنِفُ نَفْنَفَةً: ئازراق ئېشىپ قالدى.

نَفْنَفٌ ج نَفَانِفُ: ئاتموسفېرا، ھاۋا، كەيپىيات، ھاۋا بوشلۇقى، ئاسمان، قىيا، تىك يار، ھاڭ.

نَفَهَ يَنْفَهُ نُفُوْهًا: قورقۇنچاقلىق قىلدى.

نَفَهَ الْحَيَوَانُ: ھايۋان كۆندى.

نَفِهَ يَنْفَهُ نَفْهًا: چارچىدى، ھالسىرىدى.

نُفُوْذٌ: ئۆتمەك، تەسىر، نوپۇز، كۈچ-قۇۋۋەت.

«فُلَانٌ ذُوْ نُفُوْذٍ عَظِيْمٍ»: پالانى زور كۈچكە ئىگە.

«النُّفُوْذُ الْإِجْتِمَاعِيّ»: ئىجتىمائىي نوپۇز، ئىجتىمائىي تەسىر.

مَنَاطِقُ النُّفُوْذِ: چوڭ دۆلەتلەرنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىدىكى ئاجىز ئەللەر.

نَفُوْعٌ ج نُفُعٌ: كۆپ پايدىلىق.

نَفَى يَنْفِيْ نَفْيًا الشَّيْءَ: ئىنكار قىلدى، رەت قىلدى.

«نَفَي التُّهْمَةَ عَنْ نَفْسِهِ»: ئۆزىگە قىلىنغان تۆھمەتنى ئىنكار قىلدى.

نَفَي الْحَادِثَ: ھادىسىنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

نَفَي الشَّخْصَ: سۈرگۈن قىلدى.

«نَفَي الْمُسْتَعْمِرُ الزُّعَمَاءَ»: مۇستەملىكىچى داھىيلارنى سۈرگۈن قىلدى.

نَفْيٌ: ئىنكار قىلماق، تانماق، رەت قىلماق؛ سۈرگۈن قىلماق، پالىماق.

«أَجَابَهُ عَنْ طَلَبِهِ بِالنَّفْيِ»: ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى.

أَدَوَاتُ النَّفْيِ: «لَا»، «مَا»، «لَمْ»، «لَيْسَ» گە ئوخشاش بولۇشسىز قوشۇمچىلىرى.

إِشَارَةٌ بِالنَّفْيِ: قارشى ئىنسپات.

شَاهِدُ نَفْيٍ: قارشى گۇۋاھچى.

نَفِيْرٌ: بورغا، كاناي، سوناي، ئورۇشقا چىقىدىغان كىشىلەر، ئوندىن ئاز كىشىلەر.

«بَلَّغُوْنِي مِنْكَ أَنَّكَ حَقًّا قَدْ شَرَيْتَ الْعُرُوْضَ عِنْدَ نَفِيْرٍ»: باشقىلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە كىشىلەرنىڭ ئالدىدا مال سېتىۋاپلا.

فُلَانٌ لَا فِي الْعِيْرِ وَلَا فِي النَّفِيْرِ: پالانى مۇھىم ئىشقا يارىمايدۇ، پالانى قاتاردا يوق ئادەم.

النَّفِيْرُ الْعَامّ: ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك.

مَا هُوَ بِنَفِيْرِ فُلَانٍ: ئۇ پالانىنىڭ خىلى ئەمەس.

يَوْمُ النَّفِيْرِ: ھاجىلار مىنادىن مەككىگە قايتىش كۈنى.

نَفِيْسٌ ج نِفَاسٌ: بىباھا، قىممەتلىك.

«كَنْزٌ نَفِيْسٌ»: قىممەتلىك غەزىنە.

«إِكْتِشَافَاتٌ نَفِيْسَةٌ»: قىممەتلىك كەشپىياتلار.

النَّفِيْسُ: كۆپ مال.

نَفِيْصٌ: تاتلىق سۇ.

نَفِيْطٌ: قولى قاپىرىپ قالغان ئادەم.

نِقَابٌ ج نُقُبٌ: نىقاب، چۈمبەل.

كَشَفَ النِّقَابَ عَنْ كَذَا: ئاشكارا قىلدى، مەخپىيەتلىكلىرىنى ئاشكارىلىدى.

لَقِيْتُهُ نِقَابًا: ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم.

هُمَا فَرِخَانِ فِي النِّقَابِ: ئۇ ئىككىسى ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

نِقَابَةٌ ج نِقَابَاتٌ: باشقۇرۇش، ئىتتىپاق، بىرلەشمە، جەمئىيەت، ئۇيۇشما.

«نِقَابَةُ الْمُعَلِّمِيْنَ»: ئوقۇتقۇچىلار ئۇيۇشمىسى.

«نِقَابَةُ عُمَّالُ الْمَنَاجِمِ»: كان ئىشچىلىرى ئۇيۇشمىسى.

«نِقَابَةُ الْأَطِبَّاءِ»: دوختۇرلار ئۇيۇشمىسى.

«نِقَابَةُ الْمُحَامِيْنَ»: ئادۋوكاتلار بىرلەشمىسى.

عُضْوٌ فِي النِّقَابَةِ: ئۇيۇشما ئەزاسى.

نِقَابِيٌّ: بىرلەشمە، كوللېكتىپ.

«نَشَاطٌ نِقَابِيٌّ»: بىرلەشمە پائالىيەت.

«مُظَاهَرَاتٌ نِقَابِيَّةٌ»: ئىشچىلار نامايىشى.

نَقَاثٌ: سىرتلان.

نِقَارَةٌ: ئۇيمىچىلىق.

نِقَاشٌ ج نِقَاشَاتٌ: مۇنازىرە، تالاش-تارتىش، تەكشۈرۈش، جېدەل-ماجىرا.

«إِحْتَدَّ النِّقَاشُ بَيْنَ الْخَصْمَيْنِ»: ئىككى رەقىبنىڭ ئارىسىدا دەتالاش كەسكىن بولدى.

«كَثُرَتِ النِّقَاشَاتُ حَوْلَ أَسْعَارِ النِّفْطِ»: نېفىت باھالىرى توغرىسىدا تالاش-تارتىشلار كۆپەيدى.

نِقَاشَةٌ: نەققاشلىق، نەقىشچىلىك، ئۇيمىچىلىق، بېزەكچىلىك.

نَقَاهَةٌ: ئاستا-ئاستا ساقىيىش، تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىش.

«قَضَى فِتْرَةَ النَّقَاهَةِ فِي الْجَبَلِ»: ئۇ ساقىيىش مەزگىلىنى تاغدا ئۆتكۈزدى.

«أَقَامَ بِدَارِ النَّقَاهَةِ»: ساناتورىيىدە تۇردى.

نَقَبَ يَنْقُبُ نَقْبًا الشَّيْءَ: تەشتى، تۆشۈك ئاچتى، كولىدى، بۇرغىلىدى.

«نَقَبَ الْجِلْدَ»: تېرىنى تەشتى.

«يَنْقُبُ الْبَنَّاءُ الْحَائِطَ»: تامچى تامغا تۆشۈك ئېچىۋاتىدۇ.

«نَقَبَ الثَّوْبَ»: كىيىمگە تۆشۈك ئاچتى.

نَقَبَ الشَّخْصُ فِي الْأَرْضِ: باردى، كەتتى.

نَقَبَ الشَّخْصُ عَنِ الشَّيْءِ: ئاختۇردى، تەكشۈردى، تەتقىق قىلدى، ئىزدەندى.

نَقَبَتِ النَّكْبَةُ فُلَانًا: پالانىغا مۇسىبەت كەلدى.

نَقُبَ يَنْقُبُ نَقَابَةً عَلَى قَوْمِهِ: قوۋمىنىڭ كاتتىسى بولدى، باش بولدى، خوجايىن بولدى.

نَقْبٌ: تەشمەك، تۆشۈك ئاچماق، كەزمەك.

نَقْبٌ ج أَنْقَابٌ: تۆشۈك، تاغدىكى تار يول.

«نَقْبٌ فِي الْحَائِطِ»: تامدىكى تۆشۈك.

نَقَتَ يَنْقُتُ نَقْتًا الْعَظْمَ: سۆڭەكنىڭ يىلىكىنى چىقىرىۋالدى.

نَقَثَ يَنْقُثُ نَقْثًا الْعَظْمَ: سۆڭەكنىڭ يىلىكىنى چىقىرىۋالدى.

نَقَثَ الشَّيْءَ الْمَدْفُوْنَ: كۆمۈلگەن نەرسىنى كولاپ چىقاردى.

نَقْثٌ: سۇخەنچىلىك.

نَقَحَ يَنْقَحُ نَقْحًا: تازىلىدى، خىللىدى، تاللىدى، ئىلغىدى.

نَقَحَ الْجِذْعَ: چاتىدى، پۇتىدى، شىلدى.

نَقَحَ الْعَظْمَ: سۆڭەكنىڭ يىلىكىنى چىقىرىۋالدى.

نَقَخَ يَنْقَخُ نَقْخًا: تاياق بىلەن ئۇردى.

نَقَخَ الْمُخَّ مِنَ الْعَظْمِ: سۆڭەكتىن يىلىكنى چىقىرىۋالدى.

نَقَخَ الْمَاءُ الْعَطَشَ: ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇردى.

نَقَخَ دِمَاغَهُ: مېڭىسىنى ياردى.

نَقَدَ يَنْقُدُ نَقْدًا الدَّرَاهِمَ: تەڭگىلەرنىڭ ياخشى-

يامىنىنى ئايرىدى.

نَقَدَهُ مَالًا: ئۇنىڭغا مال بەردى.

نَقَدَهُ الثَّمَنَ: ئۇنىڭغا نەق پۇل بەردى.

«نَقَدَ الْكِتَابَ»: كىتابقا باھا بەردى.

نَقَدَ النَّاسَ: كىشىلەرنى تەنقىد قىلدى.

نَقَدَتْهُ الْحَيَّةُ: ئۇنى يىلان چېقىۋالدى.

نَقْدٌ: تەنقىدلىمەك، تەنقىد، باھا بەرمەك، ئوبزور.

«نَقْدٌ ذَاتِيٌّ»: ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدلەش.

«النَّقْدُ الْأَدَبِيُّ»: ئەدەبىي تەنقىد.

نَقْدٌ بَنَّاءٌ: ئىجابىي تەنقىد.

نَقْدٌ ج نُقُودٌ: پۇل، ئاقچە، مېتال پۇل، قەغەز پۇل.

نَقْدًا: نەخ پۇلغا، نەخ پۇل تاپشۇرۇپ.

دَفْعُ ثَمَنِ الْبِضَاعَةِ نَقْدًا: مالنىڭ پۇلىنى نەق تاپشۇرۇش.

صُنْدُوقُ النَّقْدِ الدَّوْلِيِّ: خەلقئارا پۇل فوندى.

دِرْهَمٌ نَقْدٌ: جىك تەڭگە.

حَافِظَةُ النُّقُودِ: پۇل قاپچۇقى.

نَقْدِيٌّ: پۇلنىڭ، پۇللۇق، نەق پۇلنىڭ.

التَّضَخُّمُ النَّقْدِيُّ: پۇل پاخاللىقى.

مَقَالَةٌ نَقْدِيَّةٌ: تەنقىدىي ماقالە.

اَلْأَزْمَةُ النَّقْدِيَّةُ الدَّوْلِيَّةُ: خەلقئارا پۇل كرىزىسى.

نَقِذَ يَنْقَذُ نَقَذًا: قۇتۇلدى، نىجات تاپتى.

نَقَرَ يَنْقُرُ نَقْرًا: تەشتى.

نَقَرَ الْخَشَبَ أَوِ الْحَجَرَ: ياغاچ ياكى تاشنى ئويدى.

نَقَرَ الطَّائِرُ الْحَبَّ: قۇش داننى چوقۇپ يېدى.

نَقَرَ الشَّخْصُ الْعُودَ: ساز چالدى.

نَقَرَ الشَّخْصَ: ئەيىبلىدى.

نَقَرَ شَيْئًا مِنَ الطَّعَامِ: تاماقنى چىمدىپ ئېلىپ يېدى.

﴿فَإِذَا نُقِرَ فِي النَّاقُورِ﴾ «قرآن»: سۇر چېلىنغان ۋاقىتتا.

نَقَرَ عَنِ الْأَمْرِ: تەكشۈردى، تەتقىق قىلدى.

نُقْرَةٌ ج نُقَرٌ: تۆشۈك، غار، ئۆڭكۈر، كامار، ئورەك، ئازگال، لەخمە.

نُقْرَةُ الْعَيْنِ: كۆز چانىقى.

نُقْرَةُ الْكَفِّ: ئالىقان، چاڭگال.

نُقْرَةُ الْقَفَا: گەردەن ئويمىنى.

نُقْرَةٌ: مالنىڭ پۇتلىرىغا تېگىدىغان كېسەللىك.

نِقْرَةٌ: تاكاللاشماق، گەپ تالاشماق.

«بَيْنَهُمَا نِقْرَةٌ»: ئۇ ئىككىيلەن تاكاللىشىپ قالدۇ.

نِقْرِسٌ ج نَقَارِسُ: يەللىك بوغۇم ئاغرىقى، بوغۇم ياللۇغى، ئۇگە ياللۇغى، سۈيدۈك كىسلاتاسى.

نَقْرَشَ يُنَقْرِشُ نَقْرَشَةً الشَّيْءَ: زىننەتلىدى.

«نَقْرَشَ الْبَابَ»: ئىشىكنى بېزىدى.

نَقْرَشَةٌ: بېزىمەك، زىننەتلىمەك.

نَقْرَشَةُ سَقْفِ الْغُرْفَةِ: ئۆينىڭ تورۇسىنى زىننەتلەش.

نِقْرِيسٌ ج نَقَارِيسُ: ماھىر يولباشچى، پاراسەتلىك يولباشچى، ئۇستا دوختۇر، تالانتلىق دوختۇر.

نَقَزَ يَنْقِزُ / يَنْقُزُ نَقْزًا وَنَقَزَانًا الْحَيَوَانُ: سەكرىدى.

«نَقَزَ الظَّبْيُ»: كېيىك سەكرىدى.

نَقَسَ يَنْقُسُ نَقْسًا النَّاقُوسُ: قوڭغۇراق جىرىڭلىدى.

نَقَسَ الشَّخْصُ: قوڭغۇراق چالدى، داك چالدى.

نَقَشَ يَنْقُشُ نَقْشًا: ئويمىچىلىق قىلدى، ھەيكەلتاراشلىق قىلدى، نەقىش ئويدى.

نَقَشَ الْبَيْتَ: ئۆينى ئاقارتتى.

«نَقَشَ الصَّائِغُ فَصَّ الْخَاتَمِ»: زەرگەر ئۈزۈككە كۆز ئورناتتى.

«نَقَشَ الصَّائِغُ إِبْرِيقَ النُّحَاسِ»: ھۈنەرۋەن مىس ئاپتۇۋىغا نەقىش بەردى.

نَقَشَ الشَّيْءَ: زىننەتلىدى، بېزىدى.

«نَقَشَ الشَّوْكَةَ بِالْمِنْقَاشِ»: تىكەننى موچىن بىلەن چىقىرىۋالدى.

نَقَشَ مَرْبِضَ الْغَنَمِ: قوي قوتىنىنى قۇرۇقدىدى.

«اِسْتَوْصُوا بِالْمِعْزَى خَيْرًا فَإِنَّهُ مَالٌ رَقِيقٌ وَانْقُشُوا لَهُ

عَطَنَهُ» «حديث»: ئۆچكىلەرگە ياخشى قاراڭلار، چۈنكى ئۇ نازۇك مال، ئۇنىڭ قوتىنىنى تازىلاڭلار.

**نَقْشٌ**: نەقىشلىمەك، ئويماق، بېزىمەك.

**نَقْشٌ ج نُقُوشٌ**: نەقىش، بېزەك، ھەر خىل رەڭدىكى ئويما سۈرەتلەر، بېزىق ۋە باشقىلار.

«نَقْشٌ عَلَى الْخَشَبِ»: ياغاچقا ئويۇلغان نەقىش.

«نُقُوشٌ عَلَى الرِّخَامِ»: مەرمەرگە ئويۇلغان نەقىشلەر.

«ذَهَبَ الرَّمَادُ حَتَّى مَا نَرَى لَهُ نَقْشًا»: كۈل توزۇپ كەتتى، ھەتتا ئۇنىڭ ئەسىرىنىمۇ كۆرمىدۇق.

**نَقَصَ يَنْقُصُ نَقْصًا وَنُقْصَانًا**: ئازلىدى، كېمەيدى.

**نَقَصَ مَالُهُ**: ئۇنىڭ مېلى كېمەيدى.

«عَامٌ يَنْقُصُهُ يَوْمٌ»: بىر يىلغا بىر كۈن كەم.

**نَقَصَ الشَّيْءُ**: زەئىپلەشتى، ئاجىزلىدى.

«نَقَصَ بَصَرُهُ»: ئۇنىڭ كۆزى ئاجىزلىدى.

«نَقَصَ عَقْلُهُ»: ئۇنىڭ ئەقلى ئاجىزلىدى.

﴿أَوَلَمْ يَرَوْا أَنَّا نَأْتِي الأَرْضَ نَنْقُصُهَا مِنْ أَطْرَافِهَا﴾ «قرآن»: ئۇلارنىڭ يېرىنى چۆرىسىدىن تارايتىپ بېرىۋاتقانلىقىمىزنى ئۇلار (يەنى، مۇشرىكلار) كۆرمەيۋاتامدۇ؟

**نَقَصَهُ شَيْءٌ**: ئۇنىڭغا نەرسە كېمىپ قالدى.

**نَقَصَ الشَّخْصَ حَقَّهُ**: كىشىنىڭ ھەققىنى كەم بەردى.

«مَا نَقَصَتْ صَدَقَةٌ مِنْ مَالٍ» «حديث»: سەدىقە بېرىش بىلەن مال كېمىپ قالمايدۇ.

**نَقْصٌ نُقْصَانٌ**: كېمەيمەك، ئازايماق، تۆۋەنلىمەك.

**بَدَأَ فِي النُّقْصَانِ**: كېمىيىشكە باشلىدى.

**نَقْصٌ ج نَقَائِصُ**: كەمچىلىك، يېتەرسىزلىك، ئەيىب، نۇقسان.

**أَصَابَهُ نَقْصٌ فِي دِينِهِ**: ئۇنىڭ دىنىغا نۇقسان يەتتى.

**نَقَضَ يَنْقُضُ نَقْضًا الأَمْرَ**: ئىشنى بۇزدى.

**نَقَضَ الْبِنَاءَ**: بىنانى چاقتى، ئۆرىدى، ۋەيران قىلدى.

«نَقَضَ الْعَدُوُّ الدِّيَارَ بِالْمَدَافِعِ»: دۈشمەن يۇرتلارنى زەمبىرەكلەر بىلەن ۋەيران قىلدى.

**نَقَضَ الْعَهْدَ**: ئەھدىنى بۇزدى.

﴿وَلاَ تَنْقُضُوا الأَيْمَانَ بَعْدَ تَوْكِيدِهَا﴾ «قرآن»: قەسەملىرىڭلارنى (ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ) پۇختىلىغاندىن كېيىن بۇزماڭلار.

**نَقَضَ الْحُكْمَ**: ھۆكۈمنى بىكار قىلدى.

«نَقَضَتِ الْمَحْكَمَةُ الْحُكْمَ الإِبْتِدَائِيَّ»: مەھكىمە دەسلەپكى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

**نَقَضَ الأَعْرَابُ الْوِلاَءَ لِلْمَلِكِ**: قىرلىقلار پادىشاھ ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈردى.

**نَقْضٌ**: بۇزماق، چاقماق، ۋەيران قىلماق، بىكار قىلماق، ئەمەلدىن قالدۇرماق، خاراب قىلماق.

**نُقْضٌ ج أَنْقَاضٌ**: خارابىلىك.

«أُسْتُخْرِجَتْ جُثَثُ الضَّحَايَا مِنْ تَحْتِ الأَنْقَاضِ»: قۇربانلارنىڭ جەسەتلىرى خارابىلىكلەر ئاستىدىن چىقىرىلدى.

**مَحْكَمَةُ النَّقْضِ**: ئالىي سوت.

**نِقْضٌ ج أَنْقَاضٌ**: خارابىلىك.

**نَقَطَ يَنْقُطُ نَقْطًا الْحَرْفَ**: ھەرپكە چېكىت قويدى.

«نَقَطَ الزَّايَ لِتَمْيِيزِهَا عَنِ الرَّاءِ»: «ز»نى «ر»دىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈستىگە چېكىت قويدى.

**نَقَطَ الْكِتَابَ**: كىتابقا ھەرىكە قويدى.

**نُقْطَةٌ ج نُقَطٌ وَنِقَاطٌ**: نۇقتا، ئورۇن، جاي، چېكىت، توچكا، يەر.

«نُقْطَةُ التَّحَوُّلِ»: ئۆزگىرىش نۇقتىسى.

«نُقْطَةُ الضَّعْفِ»: ئاجىزلىق نۇقتىسى.

«نُقْطَةُ الإِنْصِهَارِ»: ئېرىش نۇقتىسى.

«نُقْطَةُ الْغَلَيَانِ»: قايناش جايى.

**نُقْطَةُ الْبِدَايَةِ**: باشلىنىش نۇقتىسى.

**نُقْطَةُ النِّهَايَةِ:** ئاخىرقى نۇقتا.

**نُقْطَةٌ جُمْرُكِيَّةٌ:** تاموژنا پونكىتى.

**نُقْطَةُ الإِسْعَافِ:** قۇتقۇزۇش ئورنى، قۇتقۇزۇش مەركىزى.

**نُقْطَةُ الْإِنْطِلَاقِ:** چىقىش نۇقتىسى.

«**أَحْرَزَ خَمْسَ عَشْرَةَ نُقْطَةً مِنْ عِشْرِيْنَ فِي الْإِمْتِحَانِ**»: ئىمتىھاندا ئومۇمىي يىگىرمە مەيداندىن ئون بەش مەيداننى قولغا كەلتۈردى.

«**لَم يَخْتَلِفَا فِي نُقْطَةٍ**»: ئۇلار تولۇق بىرلىككە كەلدى.

«**النِّقَاطُ الْأَرْبَعُ**»: شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇبتىن ئىبارەت تۆت تەرەپ.

**النُّقْطَةُ السَّوْدَاءُ:** قارا داغ.

**النُّقْطَتَانِ:** قوش چېكىت.

**نُقْطَةُ الْإِتِّكَازِ:** تايانچ پونكىت.

**نُقْطَةُ عَنْبَرٍ:** خال، مەڭ.

«**وَضَعَ النُّقَطَ عَلَى الْحُرُوْفِ**»: ئىشنى ئايدىڭلاشتۇردى.

«**إِنْتَصَرَ الْمُلَاكِمُ الْفُلَانِيّ عَلَى خَصْمِهِ بِالنِّقَاطِ**»: پالانى بوكسيور ئۆزىنىڭ رەقىبىنى مەيدانلار بويىچە يەڭدى.

**نَقَعَ يَنْقَعُ نَقْعًا الشَّخْصُ:** مېھمان ئېشى قىلدى.

**نَقَعَ الشَّخْصُ بِالْمَاءِ:** سۇغا قاندى.

**نَقَعَ الْمَائِعُ:** سۇيۇقلۇق يىغىلدى.

«**نَقَعَ السّمّ فِي أَنْيَابِ الْحَيَّةِ**»: يىلاننىڭ چىشلىرىدا زەھەر يىغىلدى.

«**نَقَعَ الْمَاءُ فِي بَطْنِ الْوَادِيْ**»: ساي ئوتتۇرىسىدا سۇ يىغىلدى.

**نَقَعَ الْعَطْشَ:** ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتتى.

**مَانَقَعْتُ بِخَبَرِ فُلَانٍ:** پالانىنىڭ خەۋىرىگە ئىشەنمىدىم.

**نَقَعَتْ بِذَلِكَ نَفْسِي:** كۆڭلۈم تىندى.

**نَقَعَ النَّعْنَاعَ:** يالپۇزنى يۇمشىغىچە سۇغا چىلىدى.

**نَقْعٌ:** چىلىماق، ھۆللىمەك، توختام.

**نَقْعٌ ج أَنْقُعٌ:** توختام سۇ.

**نَقْعٌ ج نِقَاعٌ وَنُقُوْعٌ:** توزۇغان چاڭ-توزان.

﴿**فَأَثَرْنَ بِهِ نَقْعًا**﴾ ‹قرآن›: (قاتتىق چاپقانلىقتىن) توپا-چاڭ چىقارغان.

**نَقْعَاءُ ج نِقَاعٌ:** سۇ كۆلچىكى، سۇ ئاستى، توپا-چاڭ؛ ئاۋاز.

**نَقَفَ يَنْقُفُ نَقْفًا الشَّخْصُ رَأْسَ فُلَانٍ:** پالانىنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋەتتى.

**نَقَفَ الْفَرْخُ الْبَيْضَةَ:** چۈجە تۇخۇمنى تېشىپ چىقتى.

**نَقَفَ الشَّرَابَ:** شارابنى سۈزۈلدۈردى.

**نِقْفٌ ج أَنْقَافٌ:** تۇخۇمدىن يېڭى چىققان چۈجە.

«**هُوَ مِنْ أَنْقَافِهِ**»: ئۇ ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىدىن.

**نَقَّ يَنِقّ نَقِيْقًا الدَّجَّاجَةُ:** مېكىيان قاقاقلىدى.

**نَقَّتْ ضَفَادِعُ بَطْنِهِ:** ئۇنىڭ قورسىقى ئاچتى.

**نَقَّابٌ:** كانچى، خاكچى.

**نَقَّارٌ ج نَقَّارُوْنَ:** چوقۇيدىغان، ئويمىكار، نەققاش، ھەيكەلتاراش، ئىزدەنگۈچى، تەكشۈرگۈچى.

**نَقَّاشٌ ج نَقَّاشُوْنَ:** نەقىشچى، بېزەكچى.

«**نَقَّاشُ الرّخَامِ**»: مەرمەرگە نەقىش ئويغۇچى.

«**نَقَّاشُ النّحَاسِ**»: مىس ئويمىكارى.

**نَقَّاطَةٌ ج نَقَّاطَاتٌ:** دورا تېمىتقۇچ.

**نَقَّاقٌ:** پاقا، جاۋىلداق، ۋات، ۋات، كوت-كوت.

**نَقَّاقَةٌ:** پاقا.

**نَقَّالَةٌ ج نَقَّالَاتٌ:** نوسۇلكا، قۇتقۇزۇش ماشىنىسى.

**نَقَّبَ يُنَقِّبُ تَنْقِيْبًا:** تەكشۈردى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

«**نَقَّبَ عَنِ الْآثَارِ**»: ئاسارئەتىقىلەرنى تەكشۈردى.

«**نَقَّبَ عَنِ النِّفْطِ**»: نېفىت تەكشۈردى.

**نَقَّبَ الشَّخْصُ فِي الْأَرْضِ:** باردى، كەتتى، كەزدى.

﴿**فَنَقَّبُوا فِي الْبِلَادِ هَلْ مِن مَّحِيْصٍ**﴾ ‹قرآن›: ئۇلار

(شۇ ئۇممەتلەر) ھەرقايسى جايلارنى كەزدى، (ئۇلارغا) ئۆلۈمدىن قاچىدىغان جاي تېپىلدىمۇ؟

**نَقَّحَ يُنَقِّحُ تَنْقِيْحًا:** ئوبدان تازىلىدى، تاللىدى.

**نَقَّحَ الْكَلاَمَ أَوِ الْكِتَابَ:** تەھرىرلىدى، تۈزەتتى.

«**نَقَّحَ الْإِتِّفَاقَ**»: كېلىشىمنى تۈزەتتى.

«**نَقَّحَ بُنُوْدَ الْمُعَاهَدَةِ**»: شەرتنامىنىڭ ماددىلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزدى.

**نَقَّحَتْهُ السِّنُوْنُ:** ئۇ قەھەتچىلىكنىڭ دەردىنى تارتتى.

**نَقَّرَ يُنَقِّرُ تَنْقِيْرًا الطَّائِرُ الْحَبَّ:** قۇش داننى تازا چوقۇپ يېدى.

**نَقَّرَ الطَّائِرُ فِي الْمَوْضِعِ:** قۇش ئۇۋا ياسىدى.

**نَقَّرَ عَلَيْهِ:** ئۇنى ئەيىبلىدى، يامان گەپ قىلدى.

**نَقَّرَ عَنْهُ:** ئاختۇردى، تەكشۈردى، تەتقىق قىلدى.

**نَقَّزَ يُنَقِّزُ تَنْقِيْزًا الطَّائِرُ:** قۇش تېك ئۇچتى.

**نَقَّزَتِ الْمَرْأَةُ صَبِيَّهَا:** ئايال بالىسىنى سەكرەتتى، ئۇسسۇل ئويناتتى.

**نَقَّشَ يُنَقِّشُ تَنْقِيْشًا:** خىلمۇخىل رەڭلەر بىلەن بېزىدى.

**نَقَّصَ يُنَقِّصُ تَنْقِيْصًا:** كېمەيتتى، كەم قالدۇردى، چۈشۈردى، تۆۋەنلەتتى، كۆپ كېمەيتىۋەتتى.

«**نَقَّصَ مِنْ سَاعَاتِ الْعَمَلِ**»: ئىش سائەتلىرىدىن كۆپ كېمەيتىۋەتتى.

«**نَقَّصَ التَّاجِرُ فِي أَسْعَارِ بِضَاعَتِهِ آخِرَ الْمَوْسِمِ**»: سودىگەر مەۋسۇم ئاخىرىدا مېلىنىڭ باھالىرىنى چۈشۈردى.

**نَقَّطَ يُنَقِّطُ تَنْقِيْطًا الْحُرُوْفَ:** ھەرپلەرگە چېكىت قويدى.

**نَقَّطَ الثَّوْبَ:** كىيىمگە سىياھ يۇقتۇرۇۋالدى.

**نَقَّطَ الْعَرُوْسَ:** كېلىنگە تويدا سوۋغا تەقدىم قىلدى.

**نَقَّطَ بِهِ الزَّمَانُ:** زامان ئۇنىڭغا كەڭ بولدى.

**نَقَّلَ يُنَقِّلُ تَنْقِيْلًا الشَّيْءَ:** كۆپ يۆتكىدى، داۋاملىق يۆتكىدى، خاتىرە يازدۇردى.

**نَقَّلَ ضَيْفَهُ:** مېھمانغا تاماقتىن كېيىن مېۋە-چېۋە قويدى.

**نَقَّلَ الْخُفَّ:** ئاياغ ياماتتى.

**نَقَّى يُنَقِّي تَنْقِيَةً:** تازىلىدى، پاكىزلىدى، ئادالىدى.

«**نَقَّتِ الْمَرْأَةُ الشَّعِيْرَ**»: ئايال ئارپىنى تازىلىدى.

**نَقَلَ يَنْقُلُ نَقْلًا الشَّيْءَ:** يۆتكىدى، كۆچۈردى، توشۇدى، يەتكۈزۈپ بەردى، ئەۋەتتى.

«**نَقَلَ الْكُرْسِيَّ إِلَى غُرْفَةِ الطَّعَامِ**»: ئورۇندۇقنى ئاشخانىغا يۆتكىدى.

**نَقَلَ الْبَضَائِعَ:** ماللارنى يوللىدى.

**نَقَلَ الْكَلاَمَ أَوِ الْكِتَابَ إِلَى لُغَةٍ أُخْرَى:** گەپنى ياكى كىتابنى باشقا تىلغا تەرجىمە قىلدى.

«**نَقَلَ الْمَقَالَ إِلَى الْفِرَنْسِيَّةِ**»: ماقالىنى فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلدى.

**نَقَلَ الْخَبَرَ أَوِ الْكَلاَمَ:** نەقىل كەلتۈردى، رىۋايەت قىلدى.

«**نَقَلَ الْمَوْعِظَةَ عَنْ مُعَلِّمِهِ**»: ئوقۇتقۇچىسىنىڭ نەسىھىتىنى يەتكۈزدى.

**نَقَلَ الْكِتَابَ:** كىتابنى كۆچۈردى.

**نَقَلَ الْحِسَابَ:** ھېسابنى دەپتەرگە چۈشۈردى.

**نَقَلَ الْمَرَضَ:** كېسەلنى يۇقتۇردى.

**نَقَلَ الزَّرْعَ:** ئۆسۈملۈكنى كۆچۈردى.

**نَقْلٌ:** يۆتكەش، توشۇش، يەتكۈزۈش، ئالماشتۇرۇش، نەقىل كەلتۈرۈش.

«**نَقْلٌ جَوِّيٌّ**»: ھاۋا قاتنىشى.

«**نَقْلُ الدَّمِ**»: قان يۆتكەش.

**نَقْلُ الْمِلْكِيَّةِ:** ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش.

**نَقْلًا عَنْ فُلَانٍ:** پالانىدىن رىۋايەت قىلىپ.

«ذَكَرَ الْخَبَرَ نَقْلاً عَنْ مَصْدَرٍ مَوْثُوقٍ بِهِ»: خەۋەرنى ئىشەنچلىك مەنبەدىن رىۋايەت قىلىپ بايان قىلدى.

«وَسَائِلُ النَّقْلِ»: قاتناش ۋاسىتىلىرى.

«سَيَّارَةُ نَقْلٍ»: يۈك ماشىنىسى.

«نَقْلٌ إِذَاعِيٌّ»: رادىئو ئاڭلىتىش.

«النَّقْلُ الْمُبَاشِرُ (عَلَى الْهَوَا) لِلْأَلْعَابِ الْأُولِمْبِيَّةِ»: ئولىمپىك تەنھەرىكەت مەيدانىنىڭ ئەھۋالىنى بىۋاسىتە ئاڭلىتىش.

نُقْلَةٌ ج نُقَلٌ: يۆتكىلىش، گەپ توشۇش، چېقىمچىلىق، سۇخەنچىلىك.

«تَمَّتْ نُقْلَتُهُ إِلَى مَعْهَدٍ آخَرَ»: ئۇنىڭ باشقا بىر ئىنستىتۇتقا ئالمىشىشى پۈتتى.

نَقْلِيٌّ: ئەنئەنىۋى، رىۋايەت خاراكتېرلىك.

«الْعُلُومُ النَّقْلِيَّةُ»: ھەدىس، لۇغەتشۇناسلىق ۋە رىۋايەت شەكلىدە ئۆگىنىلىدىغان ئىلىملەر.

نَقَمَ يَنْقِمُ نَقْمًا وَنُقُومًا: يامان كۆردى، يىرگەندى، سەسكەندى.

﴿وَمَا نَقَمُوا مِنْهُمْ إِلَّا أَنْ يُؤْمِنُوا بِاللهِ﴾ «قرآن»: ئۇلار مۆئمىنلەرنى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلىقلىرى ئۈچۈنلا يامان كۆردى.

نَقَمَ عَلَيْهِ: ئۇنىڭغا غەزەپلەندى.

نِقْمَةٌ ج نِقَمٌ وَنِقْمَاتٌ: ئۆچ، ئىنتىقام، ئۆچمەنلىك ئاداۋەت.

«إِنْتَقَمَ مِنْهُ شَرَّ نِقْمَةٍ»: ئۇنىڭدىن قاتتىق ئۆچ ئالدى.

نَقْنَقَ يُنَقْنِقُ نَقْنَقَةً الضِّفْدَعُ: پاقا كوركىرىدى.

نِقْنِقٌ ج نَقَانِقُ: ئەركەك تۆگە قۇش.

نَقِهَ يَنْقَهُ نَقَهًا وَنَقَاهَةً مِنْ مَرَضِهِ: ئاستا-ئاستا ساقايدى، تەدرىجىي ساقايدى.

نَقُوعٌ: سۇغا چىلانغان قاق، تاتلىق سۇ، خۇشبۇي ئارىلاشتۇرۇلغان بوياق.

«صَبَغَ ثَوْبَهُ بِنَقُوعٍ»: كىيىمنى خۇشبۇي بوياق بىلەن بويىدى.

«رَجُلٌ نَقُوعُ أُذُنٍ»: ھەر نەرسىگە ئىشىنىدىغان ئادەم، گول ئادەم.

نَقِيَ يَنْقَى نَقَاوَةً وَنَقَاءً: تازىلاندى، پاكىز بولدى، سۈپسۈزۈك بولدى.

«نَقِيَ الْقَمْحُ مِنَ الْحَصَى»: بۇغداي شېغىل تاشلاردىن تازا (پاكىز) بولدى.

نَقِيبٌ ج نُقَبَاءُ: باشلىق، رەئىس، سەردار.

﴿وَبَعَثْنَا مِنْهُمُ اثْنَيْ عَشَرَ نَقِيباً﴾ «قرآن»: ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن (يەنى، ئون ئىككى ئايماقنىڭ ھەر بىرىدىن بىردىن) ئون ئىككى باشلىقنى ئەۋەتتۇق.

«نَقِيبُ الصَّحَفِيِّينَ»: ژۇرنالىستلار باشلىقى.

نَقِيبُ الْمُحَامِينَ: ئادۋوكاتلار رەئىسى.

نَقِيبُ الْأَشْرَافِ: غوجىلار باشلىقى.

نَقِيبَةٌ ج نَقَائِبُ: باشلىق، خۇسۇسىيەت، تەبىئەت، ئەخلاق؛ ئىدراك، ئەقىل، پىكىرنىڭ ئۆتكۈرلۈكى.

نَقِيبَةُ الرَّجُلِ: ئادەمنىڭ تەبىئىتى.

«هُوَ مَيْمُونُ النَّقِيبَةِ»: ئۇ سىنالغان ياخشى ئادەم.

«مَالَهُ نَقِيبَةٌ»: ئۇ ئەقىل-ئىدراكلىك ئەمەس.

نَقِيرٌ ج أَنْقِرَةٌ وَنُقُرٌ: تاشقا ياكى ياغاچقا ئويۇلغان، ئۇچكە (ئۇرۇقچا)دىكى ئويمان، يىلتىز، مەنبە، تومۇر.

﴿وَلاَ يُظْلَمُونَ نَقِيراً﴾ «قرآن»: ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ.

«لَا يَمْلِكُ شَرْوَىْ نَقِيرٍ»: ھېچ نەرسىگە ئىگە ئەمەس، كەمبەغەل، ئۇنىڭ ھېچنېمىسى يوق.

نَقِيصَةٌ ج نَقَائِصُ: كەمچىلىك، يېتەرسىزلىك، ئەيىب.

«شِرِّيرٌ نَقَائِصُهُ لَا تُحْصَى»: ئۇنىڭ ئەيىبلىرى دەپ

تۆگەتكۈسىز، قۇلاق كەستى.

**نَقِيْضٌ:** ئەكسى، تەتۈرى.

«هَذَا الْقَوْلُ نَقِيْضُ ذَاكَ»: بۇ گەپ ئۇنىڭ ئەكسىچە.

«هُوَ فِي سُلُوْكِهِ نَقِيْضُ أَخِيْهِ»: ئۇنىڭ يۈرۈشى قىلىقى ئىنىسىنىڭ ئەكسىچە.

**عَلَى طَرَفَيْ نَقِيْضٍ:** دەل ئەكسىچە، ئەكسىچە بولغاندا.

**النَّقِيْضَانِ:** قارىمۇقارشى، بىر-بىرىگە زىت.

**نَقِيْضَةٌ ج نَقَائِضُ:** قارىمۇقارشى، ئەكس، تەتۈرى.

«هِيَ نَقِيْضَةُ أَخِيْهَا فِي سُلُوْكِهَا»: ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى قېرىندىشىنىڭ تەتۈرىسىچە.

**نَقَائِضُ (فِي الشِّعْرِ):** بىر شائىرنىڭ يەنە بىر شائىرنىڭ يازغىنىغا قارىمۇقارشى ئوخشاش ۋەزىن ۋە ئوخشاش قاپىيىدە يازغان شېئىرى.

**نَقَائِضُ جَرِيْرٍ وَالْفَرَزْدَقِ:** جەرىر بىلەن فەرەزدەقنىڭ بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى يېزىشقان شېئىرلىرى.

**نَقِيْعٌ ج أَنْقِعَةٌ:** چۆلە؛ ساپ سوغۇق سۈت؛ سۈيى كۆپ قۇدۇق؛ تاتلىق سوغۇق سۇ.

**دَوَاءٌ نَقِيْعٌ:** ئۈنۈملۈك دورا.

**نَقِيْعَةٌ ج نَقَائِعُ:** زىياپەت ئۈچۈن سويۇلىدىغان مال؛ سەپەردىن كەلگەن ئادەم ئۈچۈن ئېتىلىدىغان ھاردۇق ئېشى؛ ساپ سوغۇق سۈت.

**نَقِيْقٌ:** ۋاقىلدىماق، كوركىرىماق، پاقىنىڭ كوركىرىغان ئاۋازى.

«أَرَّقَهُ نَقِيْقُ الضَّفَادِعِ»: پاقىلارنىڭ كوركىرىغان ئاۋازى ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇۋەتتى.

**نَقِيٌّ ج نِقَاءٌ وَأَنْقِيَاءُ:** ساپ، سۈزۈك، تازا، پاكىز.

«مَاءٌ نَقِيٌّ»: سۈزۈك سۇ.

«آرَاءٌ وَاضِحَةٌ نَقِيَّةٌ»: روشەن سەمىمىي پىكىرلەر.

**نُكَاثٌ:** تۆگىلەرنىڭ ئېغىزلىرىغا چىقىدىغان قاپارتقۇ.

**نِكَاحٌ:** نىكاھلانماق، ئۆيلەنمەك، تۇرمۇش قۇرماق، نىكاھ، جىما؛ بالاغەتكە يېتىش.

﴿وَابْتَلُواْ الْيَتَامَى حَتَّىَ إِذَا بَلَغُواْ النِّكَاحَ﴾ ‹قرآن›: يېتىملەرنى بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر سىناپ تۇرۇڭلار.

**نُكَافٌ:** قۇلاق ئالدى بېزى ياللۇغى، گۆرەن بېزى ياللۇغى.

**نَكَالٌ:** ئازاب، مۇسىبەت، ئىبرەت.

﴿جَزَاءً بِمَا كَسَبَا نَكَالاً مِّنَ اللّهِ﴾ ‹قرآن›: ئۇلارنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ، ئاللاھ تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن.

**نِكَايَةٌ:** يەڭمەك، مەغلۇپ قىلماق، خاپا قىلماق، ئاچچىقىنى كەلتۈرمەك.

«فَعَلَ ذَلِكَ نِكَايَةً فِيْهِ»: ئۇنى ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلدى.

**نَكَبَ يَنْكُبُ نَكْبًا وَنُكُوْبًا الرِّيْحُ:** شامال يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتتى.

«نَكَبَهُ الدَّهْرُ»: بالا-قازاغا يولۇقتى، بەختسىزلىككە ئۇچرىدى.

**نَكْبَةٌ ج نَكَبَاتٌ:** مۇسىبەت، ئاپەت، بالا-قازا، بەختسىزلىك.

«هُوَ فِي عُسْرٍ مِنْ نَكْبَةٍ إِلَى نَكْبَةٍ»: ئارقىمۇئارقا پالاكەتچىلىككە يولۇقۇپ، قىيىن ئەھۋالدا قالدى.

«نَكَبَاتُ الدَّهْرِ»: زاماننىڭ بەختسىزلىكلىرى.

**نَكَتَ يَنْكُتُ نَكْتًا الْأَرْضَ:** يەرنى چىچىدى.

**نُكْتَةٌ ج نُكَتٌ وَنِكَاتٌ:** ئىنچىكە ئىلمىي مەسىلە؛ ئاقتىكى قارا چېكىت ياكى قارىدىكى ئاق چېكىت؛ يۇمۇر، قىزىقچىلىق، قىزىق.

«فُلَانٌ حَاضِرُ النُّكْتَةِ»: پالانى ھازىر جاۋاب قىزىقچى.

«أَلْقَي نُكْتَةً»: لەتىپە ئېيتتى.

نَكَثَ يَنْكُثُ نَكْثًا الْيَمِيْنَ أَوِ الْعَهْدَ أَوِ الْبَيْعَ: قەسەم، ياكى ئەھدە، ياكى سودىنى بۇزدى.

﴿وَإِن نَّكَثُوٓاْ أَيْمَانَهُم مِّنۢ بَعْدِ عَهْدِهِمْ﴾ «قۇرئان»: ئەگەر ئۇلار ئەھدى بەرگەندىن كېيىن، قەسەملىرىنى بۇزسا...

نَكَثَ السِّوَاكَ: مسۋاكنىڭ بېشىنى چۇۋۇدى.

نَكَثَ الْأَثَرَ: ئىزنى ئۆچۈردى، يوقاتتى.

نَكْثٌ: بۇزماق.

نَكْثُ الْعَهْدِ: ئەھدىنى بۇزۇش.

نِكْثٌ ج أَنْكَاثٌ: قايتا ئىگىرىش ئۈچۈن چۇۋۇلغان كونا يىپ؛ قايتا ئىگىرىش ئۈچۈن چۇۋۇلغان كىيىملەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار.

﴿وَلَا تَكُونُواْ كَالَّتِي نَقَضَتْ غَزْلَهَا مِنۢ بَعْدِ قُوَّةٍ أَنكَٰثًا﴾ «قۇرئان»: پىششىق ئىگىرگەن يىپىنى چۇۋۇپ پارچە-پارچە قىلىۋەتكەن خوتۇندەك بولماڭلار.

نَكَحَ يَنْكِحُ نِكَاحًا الْمَرْأَةَ: ئايال بىلەن نىكاھلاندى، ئۆيلەندى، تۇرمۇش قۇردى.

﴿فَٱنكِحُوهُنَّ بِإِذْنِ أَهْلِهِنَّ﴾ «قۇرئان»: ئۇلارنىڭ خوجىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇلارنى خوتۇنلۇققا ئالساڭلار بولىدۇ.

نَكَحَ الْمَرْأَةَ: ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزدى.

نُكَحَةٌ ج نُكَحَاتٌ: تولا ئۆيلىنىدىغان.

«هُوَ نُكَحَةٌ مِنْ قَوْمٍ نُكَحَاتٍ»: ئۇ كۆپ ئۆيلىنىدىغانلار ئىچىدىن چىققان، تولا ئۆيلىنىدىغان ئادەم، خوتۇنباز.

نَكِدَ يَنْكَدُ نَكَدًا وَنَكَادًا الْأَمْرُ: ئىش قىيىنلاشتى، تەس بولدى.

نَكِدَ عَيْشُهُ: ئۇنىڭ تۇرمۇشى قىيىن بولدى.

نَكَدَ الشَّيْءُ: نەرسە ئازايدى، ئازلىدى.

«نَكَدَ مَاءُ الْبِئْرِ»: قۇدۇقنىڭ سۈيى ئازلىدى.

نَكَدٌ: قىيىن بولماق، تەس بولماق.

نَكَدٌ ج نِكَادٌ: بەختسىزلىك، باش قېتىنچىلىق، دىلخەستىلىك، بىئاراملىق.

«أَرْضٌ نَكَدٌ»: ناچار يەر.

«رَجُلٌ نَكَدٌ»: بىتەلەي.

نَكِدٌ ج أَنْكَادٌ: بىتەلەي، بەختسىز؛ مۇشەققەتلىك، قىيىن، پىخسىق، بېخىل.

«عَيْشٌ نَكِدٌ»: قىيىن تۇرمۇش.

﴿وَٱلَّذِي خَبُثَ لَا يَخْرُجُ إِلَّا نَكِدًا﴾ «قۇرئان»: ناچار يەرنىڭ گىياھى ئاز ئۆسىدۇ.

نَكُرَ يَنْكُرُ نَكَارَةً الْأَمْرُ: ئىش تەس بولدى، قىيىن بولدى، يامان بولدى.

نَكِرَ يَنْكَرُ نَكَرًا وَنُكْرًا وَنَكَارَةً الشَّيْءَ: خۇش كۆرمىدى، بىلمىدى، ئۇقمىدى، چۈشەنمىدى.

﴿فَلَمَّا رَءَآ أَيْدِيَهُمْ لَا تَصِلُ إِلَيْهِ نَكِرَهُمْ﴾ «قۇرئان»: ئۇلارنىڭ (يەنى، پەرىشتىلەرنىڭ) ئۇنىڭغا قول ئۇزاتمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى خۇش كۆرمىدى.

نُكُرٌ ج أَنْكَارٌ: يامان ئىش؛ قىيىن.

﴿يَوْمَ يَدْعُ ٱلدَّاعِ إِلَىٰ شَيْءٍ نُّكُرٍ﴾ «قۇرئان»: ئۇ كۈندە چاقىرغۇچى (يەنى، ئىسراپىل) قىيىن ئىشقا (يەنى، ھېسابقا) چاقىرىدۇ.

نَكِرٌ: يامان ئىش، گۇناھ.

نَكْرَاءُ: يامان ئىش؛ قاتتىقچىلىق، قىيىنچىلىق؛ چېۋەرلىك، زېرەكلىك، ھوشيارلىق.

«فِعْلَةٌ نَكْرَاءُ»: يامان قىلىق، يامان ھەرىكەت.

«إِمْرَأَةٌ نَكْرَاءُ»: زېرەك ئايال.

«أَصَابَتْهُمْ مِنَ الدَّهْرِ نَكْرَاءُ»: ئۇلارغا زاماننىڭ پالاكەتچىلىكى يەتتى.

نُكْرَانٌ: ئىنكار قىلىش.

«نُكْرَانُ الْجَمِيْلِ»: ۋاپاغا جاپا قىلىش، ۋاپاسىزلىق قىلىش.

**نُكْرَانُ الذَّاتِ**: ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا، پىداكارلىق بىلەن، پىداكارانە.

**نَكِرَةٌ**: ئىنكار قىلىش.

**نَكِرَةٌ ج نَكِرَاتٌ**: ئومۇمىي ئىسىم، تونۇلمىغان، نامسىز، ئىسمى نامەلۇم.

«**هُوَ نَكِرَةٌ فِيْ بَلَدِهِ**»: ئۇ ئۆز شەھرىدە تونۇلمىغان.

**نَكَزَ يَنْكُزُ نَكْزًا الدَّابَّةَ**: ئۇلاغنى ئۇچلۇق نەرسە بىلەن سانجىدى.

**نَكَسَ يَنْكُسُ نَكْسًا الشَّيْءَ**: ئاغدۇردى، ئاستىن-ئۈستۈن قىلدى، ئايلاندۇردى، ئۆرىدى.

**نَكَسَ رَأْسَهُ**: بېشىنى پەس قىلدى.

**نَكَسَ الْعَلَمَ**: بايراقنى يېرىم چۈشۈردى.

**نَكَسَ الطَّعَامُ دَاءَ الْمَرِيْضِ**: تاماق كېسەلنى قوزغىدى.

**نُكِسَ يُنْكَسُ الْجَنِيْنُ**: بالا تەتۈر كەلدى.

**نَكَسَ الْمَرِيْضُ**: كېسەل قايتىلاندى.

**نُكِسَ عَلَى رَأْسِهِ**: بېشىنى تۆۋەن سالدى.

﴿**ثُمَّ نُكِسُوا عَلَى رُؤُوسِهِمْ**﴾ ‹قرآن›: ئاندىن، ئۇلار (خىجالەتچىلىكتىن) باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ، ...

**نُكْسٌ**: دۈم ئۆرىمەك، تەتۈر ئۆرىمەك.

**نَكْسَةٌ ج نَكَسَاتٌ**: ئۆرۈش قېتىمى؛ كېسەلنىڭ قايتىلىنىشى؛ يېڭىلىش، مەغلۇبىيەت.

«**نَكْسَةٌ عَسْكَرِيَّةٌ**»: ھەربىي مەغلۇبىيەت.

**نَكَشَ يَنْكُشُ نَكْشًا الشَّيْءَ**: يۇدى، تازىلىدى، چىقاردى، قازدى.

«**نَكَشَ الْأَرْضَ**»: يەرنى كولىدى، قازدى.

**نَكَشَ الْأَمْرَ**: تەكشۈردى، ئىزدەندى.

**نَكَصَ يَنْكُصُ نَكْصًا وَنُكُوْصًا**: چېكىندى، داجىدى.

**نَكَصَ عَلَى عَقِبَيْهِ**: ئارقىسىغا چېكىندى.

﴿**فَلَمَّا تَرَاءَتِ الْفِئَتَانِ نَكَصَ عَلَى عَقِبَيْهِ**﴾ ‹قرآن›: ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان چاغدا شەيتان ئارقىسىغا چېكىندى.

**نَكَصَهُ عَلَى عَقِبَيْهِ**: ئۇنى ئارقىسىغا ياندۇردى، قايتۇردى.

**نَكَظَ يَنْكُظُ نَكْظًا**: قورسىقى قاتتىق ئېچىپ كەتتى.

**نَكِظَ يَنْكَظُ نَكْظًا**: دەرھال قىلدى، ئالدىراپ ئىشلىدى.

**نَكِظَ الرَّحِيْلُ**: قوزغىلىش ۋاقتى يېقىنلاشتى.

**نَكَعَ يَنْكَعُ نَكْعًا فُلَانٌ عَنِ الْأَمْرِ**: ئۆزىنى چەتكە ئالدى، چېكىندى.

**نَكَفَ يَنْكُفُ نَكْفًا الدَّمْعَ**: مەڭزىگە ئاققان ياشنى بارماق بىلەن سۈرتتى.

**نَكَفَ عَنِ الشَّيْءِ**: كۆزگە ئىلمىدى، پەس كۆردى، مەنسىتمىدى.

«**جَيْشٌ لَا يُنْكَفُ**»: سانسىز قوشۇن.

«**بَحْرٌ لَا يُنْكَفُ**»: تېگى يوق دېڭىز.

**نُكْفٌ**: چېكىنمەك، قولدا پەيدا بولىدىغان بىر خىل كېسەل.

**نَكَفَةٌ ج نَكَفٌ**: قۇلاق ئالدى بېزى، گۆرەن بېزى.

**نَكَّاثٌ ج نَكَّاثُوْنَ**: تەنقىدچى، ئوبزورچى، قىزىقچى، يۇمۇرلۇق گەپ قىلغۇچى، ھەييار، ھەزىلكەش.

«**فُلَانٌ نَكَّاثٌ فِي الْأَعْرَاضِ**»: پالانى ئار-نومۇسقا تەگكۈچى.

**نَكَّاثٌ**: بۇزغىچى، بۇزغۇنچى.

**نَكَّبَ يُنَكِّبُ تَنْكِيْبًا الشَّيْءَ**: نېرى قىلىۋەتتى، يىراقلاشتۇردى.

**نَكَّبَ بِهِ عَنِ الطَّرِيْقِ**: ئۇنى يولدىن چەتنەشتۈردى.

**نَكَّتَ يُنَكِّتُ تَنْكِيْتًا الرَّطَبُ**: خورمىلار كۆرۈندى.

**نَكَّتَ الشَّخْصُ**: قىزىقچىلىق قىلدى، قىزىقارلىق گەپ قىلدى، ھېكمەتلىك سۆزلىدى، ھەييارلىق قىلدى، يۇمۇرلۇق گەپ قىلدى.

**نَكَّدَ يُنَكِّدُ تَنْكِيْدًا**: قىيىنلاشتۇردى.

نَكَّدَ عَيْشَهُ: ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى كۆڭۈلسىز قىلىپ قويدى.

نَكَّرَ يُنَكِّرُ تَنْكِيرًا الشَّيْءَ: نىقابلىدى، ياپتى، پەردىلىدى، قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى.

﴿قَالَ نَكِّرُوا لَهَا عَرْشَهَا﴾ ‹قرآن›: سۇلەيمان ئېيتتى: «ئۇنىڭ (يەنى، بىلقىسنىڭ) تەختىنىڭ (شەكلىنى) ئۆزگەرتىڭلار».

نَكَّسَ يُنَكِّسُ تَنْكِيسًا الْعَلَمَ: بايراقنى تۆۋەن چۈشۈردى، يېرىم چۈشۈردى.

نَكَّسَ رَأْسَهُ: بېشىنى ساڭگىلاتتى.

«نَكَّسَ اللهُ فُلَانًا فِي الْعُمْرِ»: ئاللاھ پالانىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىپ، تېنىنى ئاجىزلىتىۋەتتى.

﴿وَمَنْ نُعَمِّرْهُ نُنَكِّسْهُ فِي الْخَلْقِ﴾ ‹قرآن›: بىز ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغان ئادەمنىڭ تېنىنى ئاجىزلىتىۋېتىمىز.

نَكَّلَ يُنَكِّلُ تَنْكِيلًا الشَّخْصَ بِهِ: ئۇنى جازالاپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلدى.

«نَكَّلُوْا بِاللُّصُوْصِ»: ئوغرىلارنى جازالاپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلدى.

نَكَّلَهُ عَنِ الشَّيْءِ: ياندۇردى، قايتۇردى.

نَكَلَ يَنْكُلُ نُكُوْلًا: چېكىندى، ئارقىغا ياندى.

نَكَلَ عَنِ الْعَدُوِّ: دۈشمەندىن چېكىندى.

نَكَلَ عَنِ الْيَمِيْنِ: قەسەمدىن ئۆزىنى تارتتى.

نَكَلَ بِهِ: باشقىلارغا ئىبرەت بولغۇدەك جازا بەردى.

نِكْلٌ ج أَنْكَالٌ وَنُكُوْلٌ: ئېغىر زەنجىر؛ ئېغىر ئىشكەل، كويزا.

﴿إِنَّ لَدَيْنَا أَنْكَالًا﴾ ‹قرآن›: شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا (ئۇلارغا) ئېغىر ئىشكەللەر بار.

«رَجُلٌ نِكْلٌ»: ئۆزىنىڭ ئوخشاشلىرىنى يېڭىدىغان ئادەم، غالىب ئادەم.

«هُوَ نِكْلُ شَرٍّ»: دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب ئادەم.

نَكْمَةٌ: بالايىئاپەت، ھادىسە.

نَكَهَ يَنْكَهُ نَكْهًا: نەپەسلەندى.

نَكَهَتِ الشَّمْسُ: كۈن قاتتىق ئىسسىق بولدى.

نَكَهَ الشَّخْصَ: كىشىنىڭ ئېغىزىنى پۇرىدى.

«نَكَهَتِ الْأُمّ فَمَ ابْنِهَا»: ئانا ئوغلىنىڭ ئېغىزىنى پۇرىدى.

نَكْهَةٌ: بىر قېتىم نەپەسلەنمەك، تىنماق؛ ئېغىزنىڭ بويى.

«هُوَ طَيِّبُ النَّكْهَةِ»: ئۇنىڭ ئېغىزى خۇشبۇي.

نَكْهَةُ الطَّعَامِ: تائامنىڭ ھىدى، پۇرىقى.

نَكَى يَنْكِي نِكَايَةً الْعَدُوَّ: دۈشمەننى يەڭدى، چېكىندۈردى، غەلىبە قىلدى.

نَكِيْرٌ: ئىنكار قىلىش؛ ئەيىبلىمەك، جازالىماق.

«شَدَّدَ النَّكِيْرَ عَلَيْهِ»: ئۇنى قاتتىق ئىنكار قىلدى.

«شُتِمَ فَمَا أَبْدَى نَكِيْرًا»: تىللاندىيۇ، ئۇنىڭغا يانمىدى.

﴿فَكَيْفَ كَانَ نَكِيرِ﴾ ‹قرآن›: (ئۇلارنى ئازاب چۈشۈرۈش بىلەن) ئەيىبلىگەنلىكىم قانداق ئىكەن؟

«أَمْرٌ نَكِيْرٌ»: قىيىن ئىش.

النِّلْنِلُ: ئاجىز بوۋاي، زەئىپ بوۋاي.

نَمَا يَنْمُوْ نَمَاءً وَ نُمُوًّا: كۆپەيدى، ئاشتى، ئۆستى.

نَمَا الزَّرْعُ: ھوسۇل ئاشتى.

«يَنْمُو الْوَلَدُ طَبِيْعِيًّا»: بالا تەبىئىي ئۆسمەكتە.

نِمَاصٌ: يىڭنە يىپى.

نِمَاصٌ ج نُمُصٌ وَأَنِمِصَةٌ: يېڭى ئاي، ھىلال ئاي.

نَمِرَ يَنْمَرُ نَمَرًا وَنُمْرَةٌ: ئاچچىقلاندى، غەزەپلەندى، ئوغىسى قايناندى.

نَمِرَ الشَّيْءُ: ئالىچىپار بولدى، ئالا تاغىل بولدى.

نَمِرَ الثَّوْبُ: كىيىم ئالىچىپار بولدى.

نَمِرٌ م نَمِرَةٌ ج أَنْمُرُ وَنُمُوْرٌ وَنِمَارٌ: يىلپىز، يولۋاس.

«لَا تَرْكَبُوا الْخَزَّ وَلَا النِّمَارَ» ‹حديث›: يولۋاس تېرىسى ۋە يىپەكنى ئېگەر-توقۇم قىلىپ مىنمەڭلار.

نُمْرَةٌ ج نُمَرٌ: چېكىت، توچكا.

نُمْرُقٌ م نُمْرُقَةٌ ج نَمَارِقُ: كىچىك ياستۇق، يۆلەنمە ياستۇق.

﴿وَنَمَارِقُ مَصْفُوفَةٌ﴾ ‹قرآن›: رەت-رەت قويۇلغان ياستۇقلار (بار).

نَمَسَ يَنْمِسُ نَمْسًا السِّرَّ: سىر يوشۇردى، سىر ساقلىدى.

نَمَسَهُ: ئۇنىڭ بىلەن سىرداشتى.

نَمِسَ يَنْمَسُ نَمَسًا: بۇزۇلدى.

نَمِسَ بِهِ: چاقتى، گەپ توشۇدى، سۇخەنچىلىك قىلدى.

نِمْسٌ ج نُمُوسٌ: مولۇن، مۇشۇك، سېسىق كۈزەن.

نِمْسَا: ئاۋستىرىيە.

نِمْسَاوِيٌّ: ئاۋستىرىيىلىك، ئاۋستىرىيىنىڭ.

نَمَشَ يَنْمُشُ نَمْشًا الْكَلَامَ: يالغان سۆزلىدى، بىلجىرلىدى، سۇخەنچىلىك قىلدى.

نَمِشَ يَنْمَشُ نَمَشًا: سەپكۈن بولۇپ قالدى.

نَمَشٌ: سەپكۈن بولۇپ قالماق، سەپكۈن.

نَمَشُ الْأَشْقَرِ: قوڭۇر سەپكۈن.

«فَعَرَفْنَا نَمْشَ أَيْدِيهِمْ فِي الْعُذُقِ» ‹حديث›: ئۇلارنىڭ خورما ساپىقىدىكى قول ئىزىدىن تونۇۋالدۇق.

نَمَصَ يَنْمُصُ نَمْصًا الشَّعْرَ: تۈكنى يۇلدى.

نَمَطٌ ج أَنْمَاطٌ وَنِمَاطٌ: ئۇسۇل، ئۇسلۇب، تۈر، شەكىل، خىل، تىپ، قېلىپ، پاسون.

«كَلَامُهُ عَلَى نَمَطٍ وَاحِدٍ»: ئۇنىڭ گېپى بىر ئۇسلۇبتا.

«بِنَايَةٌ عَلَى النَّمَطِ الْعَتِيقِ»: كونا ئۇسلۇبتىكى قۇرۇلۇش.

«حَدِيثُ النَّمَطِ»: يېڭى شەكىل، يېڭى پاسون، يېڭى قىياپەت.

«عَتِيقُ النَّمَطِ»: كونىچە، كونا شەكىل، كونا پاسون.

«عَلَى هَذَا النَّمَطِ»: شۇنداق، شۇنداق قىلىپ، شۇ بويىچە.

«عَلَى نَمَطٍ وَاحِدٍ»: ئوخشاش، بىر خىل، بىردەك، تامامەن.

«عَلَى نَمَطٍ وَاسِعٍ»: كەڭ كۆلەملىك، كەڭ مىقياستا، كەڭ دائىرىدە.

«هُوَ مِنَ النَّمَطِ الْبَدِيْنِ»: ئۇ سېمىزلار تىپىغا كىرىدۇ.

«نَمَطُ الْإِنْتَاجِ»: ئىشلەپچىقىرىش تۈرى.

النَّمَطُ: بىر تىپتىكى كىشىلەر.

نَمَطِيٌّ: ئادەت، قائىدە رەسىم، رەسمىيەتچىلىك، شەكىلۋازلىق، ئادەتتىكى، كونا پەردە، كۆندىلىك ئىشلار؛ بىر خىل بىسات.

نَمَطِيَّةٌ: مىزان، ئۆلچەم، نورمال، پۇل، ئاقچا، بىرلىك، ئۆز.

نَمَغَةٌ ج نَمَغٌ: تاغ چوققىسى، بايلىق، كىشىلەرنىڭ ياخشىسى.

نَمَقَ يَنْمُقُ نَمْقًا الْكِتَابَ: ئۇ كىتاب يازدى.

نَمِلَ يَنْمَلُ نَمَلًا الْمَكَانَ: جايدا چۈمۈلە كۆپىيىپ كەتتى.

نَمِلَتِ الْيَدُ: قول ئۇيۇشۇپ قالدى.

نُمِلَ الطَّعَامُ: تائامغا چۈمۈلە تېگىپ قويىدى.

نَمِلٌ: چۈمۈلىلىك، ئۇيۇشۇپ قالغان، بوشىشىپ كەتكەن؛ ماھىر، پۇختا، ئۇستا.

نَمْلَةٌ ج نَمْلٌ وَنِمَالٌ: چۈمۈلە.

«هُوَ أَضْبَطُ مِنْ نَمْلَةٍ»: ئۇ چۈمۈلىدىنمۇ كىچىك.

نَمْلِيَّةٌ ج نَمْلِيَّاتٌ: يېمەكلىك ساقلايدىغان جاۋەن.

نَمَّ يَنِمُّ نَمًّا الشَّيْءُ: نەرسىنىڭ پۇرىقى تارالدى.

نَمَّ الْحَدِيثَ: گەپ توشۇدى، سۇخەنچىلىك قىلدى.

نَمَّ الْكَلَامَ: پاغلىما گەپ قىلدى، ساختا گەپ

قىلدى.

نَمَّ بَيْنَ الْقَوْمِ: قۇتراتقۇلۇق قىلدى.

«نَمَّ كَلَامُهُ عَنْ فَرَحِهِ»: سۆزى خۇشاللىقتىن دېرەك بەردى.

«تَكَلَّمَ بِصَوْتٍ يَنُمّ عَنِ الْحُزْنِ»: سۆزىدىن غەم-قايغۇلۇقى چىقىپ تۇردى.

نَمَّاغَةٌ: باشنىڭ چوققىسى.

نَمَّامٌ ج نَمَّامُوْنَ: سۇخەنچى، كىشىلەر ئارىسىدا گەپ توشۇغۇچى؛ چۆل رەيھىنى.

نَمَّرَ يُنَمِّرُ تَنْمِيْرًا الشَّخْصُ: ئاچچىقلاندى، غەزەپلەندى، ئۇغىسى قايىندى.

نَمَّرَ وَجْهَهُ: چىرايىنى ئۆزگەرتتى، تۇردى.

نَمَّرَ الشَّيْءَ: نەرسىگە يىلپىز رەڭگىدە گۈل باستى.

نَمَّسَ يُنَمِّسُ تَنْمِيْسًا الشَّعْرُ: چاچ مايلىنىپ پاسكىنا بولدى.

نَمَّسَ السَّمْنُ وَالْجُبْنُ وَنَحْوُهُمَا: سارماي، ئىرىمچىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار بۇزۇلۇپ سېسىشقا باشلىدى.

نَمَّسَ عَلَيْهِ الْأَمْرَ: ئىشنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى.

نَمَّصَ يُنَمِّصُ تَنْمِيْصًا الشَّعْرَ: تۈكنى يۇلدى.

نَمَّطَ يُنَمِّطُ تَنْمِيْطًا الشَّيْءَ: بىر خىل ئۇسۇلدا قىلدى، بىر خىل پاسوندا قىلدى.

«نَمَّطَ الْبِضَاعَةَ»: تاۋارنى بىر خىل پاسوندا ئىشلىدى.

نَمَّطَهُ عَلَى الشَّيْءِ: ئۇنىڭغا نەرسىنى كۆرسىتىپ قويدى.

نَمَّقَ يُنَمِّقُ تَنْمِيْقًا الثَّوْبَ أَوِ الْجِلْدَ: كىيىمنى ياكى تېرىنى بېزىدى.

نَمَّقَ الْكِتَابَ: كىتابنى ياخشى يازدى.

نَمَّقَ الْقَوْلَ: پاساھەتلىك سۆزلىدى.

نَمَّقَ الْمَقَالَةَ: ماقالىنى ياخشى يازدى.

نَمَّى يُنَمِّي تَنْمِيَةً: كۆپەيتتى، ئاشۇردى.

«نَمَّى الْفَلَّاحُ إِنْتَاجَهُ»: دېھقان ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇردى.

نَمَّى النَّارَ: ئوتنى ئۇلغايتتى.

«بَاتَتِ اللَّيْلَ تُنَمِّي نَارَ الْمَوْقِدِ مِنْ شِدَّةِ الْبَرْدِ»: سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقىدىن كېچىچە ئوچاقنىڭ ئوتىنى ئۇلغايتىپ ياتتى.

نَمَّى الْأَمْرَ: تەرەققىي قىلدۇردى.

«نَمَّى الْعَلَاقَةَ بَيْنَ الطَّرَفَيْنِ»: ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى تەرەققىي قىلدۇردى.

نَمْنَمَ يُنَمْنِمُ نَمْنَمَةً الشَّيْءَ: نەقىشلىدى، بېزىدى.

نَمْنَمَ الْكِتَابَ: كىتابقا نەقىش بەردى.

نَمْنَمَ الزُّجَاجَ: ئەينەكنى بېزىدى.

نَمُوْذَجٌ ج نَمَاذِجُ وَ نَمُوْذَجَاتٌ: ئۆلگە، نەمۇنە، ئۈرنەك، نۇسخا، ئەۋرىشكە، تىپ، مىسال، فورما، مودېل، شەكىل.

نَمُوْذَجٌ صِنَاعِيٌّ: سانائەت ئەۋرىشكىسى.

نَمُوْذَجٌ مِنَ الْإِنْتَاجِ الزِّرَاعِيِّ: يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشتىن ئۈرنەك.

نَمُوْذَجِيٌّ: ئۆلگىلىك، نەمۇنىلىك.

«دَرْسٌ نَمُوْذَجِيٌّ»: ئۆلگىلىك دەرس.

«عِيَادَةٌ نَمُوْذَجِيَّةٌ»: نەمۇنىلىك ئامبۇلاتورىيە.

«مَدْرَسَةٌ نَمُوْذَجِيَّةٌ»: ئۆلگىلىك مەكتەپ.

«مَزْرَعَةٌ نَمُوْذَجِيَّةٌ»: تەجرىبە ئېتىزى.

نُمُوٌّ: ئاشماق، ئۆسمەك؛ پىشىپ يېتىلىش.

نُمُوٌّ إِقْتِصَادِيٌّ: ئىقتىسادىي ئېشىش.

«مُعَدَّلُ النُّمُوِّ السَّنَوِيِّ»: يىللىق ئېشىش نىسبىتى.

النُّمُوُّ الصِّنَاعِيُّ: سانائەتتە ئېشىش.

نَمَى يَنْمِي نَمَاءً الْمَالُ: مال كۆپەيدى.

نَمَى السِّعْرُ: باھا ئۆرلىدى، ئۆستى.

نَمَى الْحَدِيْثُ: گەپ-سۆز تارالدى.

نَمَى الشَّيْءَ: كۆتۈردى، ئۆستۈردى.

نَمَى الْحَدِيْثَ إِلَى قَائِلِهِ: ھەدىسنى سەنەدىگە

ئۇلىدى.

نَمِيْرٌ: يېقىشلىق.

نَمِيْرٌ مِنَ الْمَاءِ: تاتلىق سۇ.

«لَهُ حَسَبٌ نَمِيْرٌ»: ئۇنىڭ نەسىبى پاك.

نَمِيْمٌ ج نَمَائِمُ: يوشۇرۇن ئاۋاز، چېقىمچىلىق.

﴿هَمَّازٍ مَّشَّاءٍ بِنَمِيمٍ﴾ ‹قرآن›: غەيۋەتخور، سۇخەنچى...

نَمِيْمَةٌ ج نَمَائِمُ: سۇخەنچىلىك، چېقىمچىلىق.

نُهَاءٌ: خرۇستال، شىشە، ئەينەك؛ ... چە، ئەتراپىدا.

هُمْ نُهَاءُ مِائَةٍ: ئۇلار مىڭ ئەتراپىدا.

نِهَاءٌ: ئاخىرى، ئاخىرقى توچكىسى.

نِهَائِيٌّ: ئەڭ ئاخىرقى، ئاخىرقى نەتىجىسى، ھەل قىلغۇچ.

«بَلَاغٌ نِهَائِيٌّ»: ئۇلتىماتۇم.

«حُكْمٌ نِهَائِيٌّ»: ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈم.

لَا نَهَائِيَّ: چەكسىز، چېكى يوق.

«بَتَّ فِي الْأَمْرِ نِهَائِيًّا»: ئىشتا ئاخىر بىر قارارغا كەلدى.

«كَلِمَةٌ نِهَائِيَّةٌ»: ئاخىرقى سۆز.

«دَوْرَةٌ رِيَاضِيَّةٌ نِهَائِيَّةٌ»: ئاخىرقى قېتىملىق تەنھەرىكەت.

«السَّنَةُ النِّهَائِيَّةُ»: ئاخىرقى يىل.

نَهَابِرُ: دوزاخ، ئوت ئازگىلى.

نُهَادٌ: ئەتراپىدا، تەخمىنەن.

«هَؤُلَاءِ نُهَادُ مِائَةٍ»: بۇلار يۈز ئەتراپىدا.

نَهَارٌ ج أَنْهُرٌ وَنُهُرٌ: كۈندۈز.

نَهَارًا وَلَيْلًا / لَيْلَ نَهَارَ: كېچە-كۈندۈز، ئۈزلۈكسىز.

«يَعْمَلُ الْمَصْنَعُ نَهَارًا وَلَيْلًا»: زاۋۇت كېچە-كۈندۈز ئىشلەيدۇ.

«يَعْمَلُ لَيْلَ نَهَارَ»: ئۈزلۈكسىز ئىشلىمەكتە.

﴿تُولِجُ اللَّيْلَ فِي النَّهَارِ وَتُولِجُ النَّهَارَ فِي اللَّيْلِ﴾: كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن.

نَهَارِيٌّ: كۈندۈزلۈك.

«عَمَلٌ نَهَارِيٌّ»: كۈندۈزلۈك ئىش.

«طَعَامٌ نَهَارِيٌّ»: ئەتىگەنلىك تاماق.

نِهَايَةٌ ج نِهَايَاتٌ: ئاخىرى، ئاخىرقى توچكىسى، چەك-چېگرا، ئۆلچەم، دەرىجە، چەكلىمە، غايە.

لَا نِهَايَةَ: چەكسىز، چېكى يوق.

نِهَايَةُ الطَّرِيْقِ: ئاخىرقى پونكىت، ئاخىرقى پەللە.

النِّهَايَةُ الصُّغْرَى: ئەڭ تۆۋەن چەك.

النِّهَايَةُ الْكُبْرَى: ئەڭ يۇقىرى پەللە، ئەڭ يۇقىرى چەك.

إِلَى النِّهَايَةِ: ئاخىرىغىچە، ئاداققىچە.

إِلَى مَا لَا نِهَايَةَ: تۈگىمەس، پۈتمەس، چەكسىز.

نِهَايَةُ الْخُطْبَةِ: خۇتبىنىڭ ئاخىرى.

«كَانَ نِهَايَةً فِي الْحِذْقِ»: ئۇ ناھايىتى ماھىر ئىدى.

«هِيَ نِهَايَةٌ فِي الْأَدَبِ»: ئۇ ناھايىتى ئەدەپلىك.

«نِهَايَةً فِي الْأَنَاقَةِ»: ناھايىتى گۈزەل.

نَهَأَ يَنْهَأُ نَهْأً الْإِنَاءُ: قاچا توشتى.

«شَرِبَ حَتَّى نَهَأَ»: قانغۇچە ئىچتى.

نَهَأَ اللَّحْمَ: گۆشنى ياخشى پىشۇرمىدى.

نَهَبَ يَنْهَبُ نَهْبًا: بۇلىدى، بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى، تالان-تاراج قىلدى.

«نَهَبَ اللُّصُوْصُ الْقَافِلَةَ»: ئوغرى-قاراقچىلار كارۋاننى بۇلىدى.

«نَهَبَ الْمُجْرِمُوْنَ الْمَصْرِفَ»: جىنايەتچىلەر بانكىنى بۇلىدى.

«إِنَّهُ لَيَنْهَبُ الْأَرْضَ»: ئۇ ھەقىقەتەن تېز ماڭىدۇ.

نَهْبٌ: بۇلاش-تالاش، ھۇجۇم قىلماق.

نَهْبٌ ج نُهُوْبٌ: غەنىيمەت، ھۇجۇم قىلماق، يۈگۈرمەك، نىشان، بۇلۇۋېلىنغان نەرسە.

«أَصْبَحَ فُلَانٌ نَهْبًا لِلطَّعْنِ»: پـالانى تۆھمەتنىـڭ نىشانى بولۇپ قالغان.

نُهْبَةٌ: بۇلىماق، تالىماق، بۇلانغان نەرسە.

نَهْبَلٌ: ياشانغان.

نَهَتَ يَنْهَتُ نَهِيتًا وَنُهَاتًا الْقِرْدُ: مايمۇن چىرقىرىدى.

نَهَتَ الْأَسَدُ: يولۋاس ھۆركىرىدى، نەرە تارتتى.

نَهَتَ الْحِمَارُ: ئېشەك ھاڭرىدى.

نَهَجَ يَنْهَجُ نَهْجًا الطَّرِيقَ: يول ماڭدى، يۈردى، قەدەم تاشلىدى.

نَهَجَ عَلَى مِنْوَالِهِ: ئۇنىڭ ئۇسسۇلى بويىچە ماڭدى.

نَهَجَ الْأَمْرَ: ئىشنى ئوچۇق چۈشەندۈردى، ئوچۇق ئۇقتۇردى، ئىزاھلىدى، شەرھلىدى.

نَهَجَ الشَّيْءَ: تەرتىپكە سالدى، رەتلىدى.

«نَهَجَتِ الْحُكُومَةُ نَهْجًا حَسَنًا»: ھۆكۈمەت خىزمەتنى ياخشى ئىشلىدى.

نَهِجَ يَنْهَجُ نَهَجًا الشَّخْصُ: ھاسىراپ كەتتى.

نَهَجَ الثَّوْبُ وَغَيْرُهُ: چىرىدى، كونىرىدى.

نَهْجٌ: ماڭماق، يۈرمەك.

نَهْجٌ ج أَنْهُجٌ وَنُهُوجٌ: يـول، تـۈز يـول، ئۇسـۇل، ئۇسلۇب؛ پىلان.

النَّهْجُ الْقَوِيمُ: توغرا يول

نَهَجَ نَهْجَهُ: ئۇنىڭ يولىدا ماڭدى.

نَهْجُ الْإِسْتِقْلَالِ: مۇستەقىللىق يولى، مۇستەقىللىق كوچىسى.

نَهَدَ يَنْهَدُ نُهُودًا الثَّدْيُ: ئەمچەك چىقتى، تومپىيىپ چىقتى.

نَهَدَتِ الْمَرْأَةُ: ئايالنىڭ ئەمچىكى تومپىيىپ چىقتى.

نَهَدَ فُلَانٌ: ئورنىدىن دەس تۇردى.

نَهَدَ لِعَدُوِّهِ: دۈشمىنىگە قارشى چىقتى.

نَهْدٌ ج نُهُودٌ: ئەمچەك؛ تومپىيىپ چىققان تۇرغان نەرسە، يېلىن؛ ئالىيجاناب؛ قايىماق؛ سېرىقماي؛ يولۋاس، ئارغىماق؛ كۆچتۈڭگۈر.

نَهْدَانٌ: توشقان، تولغان.

نَهَرَ يَنْهَرُ نَهْرًا الْمَاءُ: سۇ ئېقىن بولۇپ ئاقتى، دەريا بولۇپ ئاقتى، سۇ ئېتىلىپ چىقتى، چاچراپ چىقتى.

نَهَرَ الْأَرْضَ: يەرنى ياردى.

نَهَرَ الشَّخْصَ: چەكلىدى، قوغلىدى، قوپاللىق قىلدى.

﴿وَأَمَّا السَّائِلَ فَلَا تَنْهَرْ﴾ «قرآن»: سائىلغا قوپاللىق قىلما.

نَهْرٌ ج أَنْهَارٌ وَأَنْهُرٌ: دەريا، ئۆستەڭ، ئېقىن.

نَهْرُ النِّيلِ: نىل دەرياسى.

«سَالَتْ تَآلِيفُهُ أَنْهَارًا»: ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كۆپ بولدى.

﴿وَبَشِّرِ الَّذِين آمَنُواْ وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ أَنَّ لَهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ﴾ «قرآن»: (ئى مۇھەممەد!) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن.

نَهَرٌ: كەڭلىك؛ يورۇقلۇق.

نَهَرٌ ج أَنْهَارٌ: دەريا، ئۆستەڭ.

﴿إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي جَنَّاتٍ وَنَهَرٍ﴾ «قرآن»: شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار جەننەتلەردە بولىدۇ، (سۇ، مەي، ھەسەل، سۈت) ئۆستەڭلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

نَهْرِيٌّ: دەريانىڭ، ئۆستەڭنىڭ.

«اِنْجِرَافٌ نَهْرِيٌّ»: يار ئېلىپ كېتىش.

نَهَزَ يَنْهَزُ نَهْزًا: ئىتتىرىدى، ئۇردى.

نَهَزَ الدَّابَّةَ: ئۇلاغنى ئۇردى.

نَهَزَ رَأْسَهُ: بېشىنى مىدىرلاتتى.

نَهَزَ الدَّلْوَ مِنَ الْبِئْرِ: سوۋغىنى قۇدۇقتىن چىقاردى.

نَهَزَتْنِي إِلَيْكَ حَاجَةٌ: ھاجەتمەنلىك مېنى ئالدىڭىزغا

كەلتۈردى.

نُهْزَةٌ ج نُهَزٌ: پۇرسەت.

«هُوَ نُهْزَةُ الْمُخْتَلِسِ»: ھەممە ئادەم بوزەك قىلىدىغان، مۇللابوزەك.

نَهَسَ يَنْهَسُ نَهْسًا: چىشلىدى.

نَهَسَهُ الْكَلْبُ: ئۇنى ئىت چىشلىدى.

نَهَسَتِ الْحَيَّةُ الشَّخْصَ: كىشىنى يىلان چاقتى.

نَهَسَ عِرْضَهُ: ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلدى.

نَهَسَهُ الدَّهْرُ: ئۇنى نامراتلاشتۇرۇۋەتتى.

نَهْسٌ: چىشلىمەك.

نَهْسُ الْيَدَيْنِ: قولى چاققان.

نَهَضَ يَنْهَضُ نَهْضًا وَنُهُوضًا: ئورنىدىن تۇردى، قوپتى، گۈللەندى.

نَهَضَ قَائِمًا: ئورنىدىن دەس تۇردى.

نَهَضَ النَّبْتُ: ئۆسۈملۈك تاختىلاندى.

نَهَضَ لِلْأَمْرِ: باشلىدى، كىرىشتى، تۇتۇش قىلدى، ئاتلاندى.

نَهَضَ عَلَى: قارشى تۇردى، قارشىلىق كۆرسەتتى، قارشى چىقتى.

نَهَضَ إِلَى الْعَدُوِّ: دۈشمەنگە ئۇچرىشىشقا ئالدىرىدى.

نَهَضَ بِالْأَمْرِ: ئىشنى ئۈستىگە ئالدى.

نَهَضَ بِالْمَسْؤُلِيَّةِ: مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالدى.

نَهْضٌ: ئورنىدىن تۇرۇش.

نَهْضَةٌ ج نَهَضَاتٌ: ئورنىدىن تۇرۇش؛ كۈچ-قۇۋۋەت؛ گۈللىنىش.

«عَصْرُ النَّهْضَةِ الْعَرَبِيَّةِ فِي الْقَرْنِ التَّاسِعِ عَشَرَ»: 19-ئەسىردىكى ئەرەب گۈللىنىش دەۋرى.

النَّهْضَةُ الْقَوْمِيَّةُ: مىللىي يۈكسىلىش.

نَهْضَةٌ أَدَبِيَّةٌ: ئەدەبىي گۈللىنىش.

نَهْضَةٌ فَنِّيَّةٌ: سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى.

النَّهْضَةُ الْعِلْمِيَّةُ: ئىلىم-پەننىڭ گۈللىنىشى، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى.

نَهَقَ يَنْهَقُ نَهْقًا وَنَهِيقًا الْحِمَارُ: ئېشەك ھاڭرىدى.

نَهَكَ يَنْهَكُ نَهْكًا وَنَهَاكَةً ـــهُ الْأَمْرُ: بىرەر ئىش ئۇنى جۇدەتتى، چارچاتتى.

نَهَكَهُ الْعَمَلُ: ئىش ئۇنى ھالسىرىتىۋەتتى.

نَهَكَتْهُ الْحُمَّى: بەزگەك ئۇنى جۇدىتىۋەتتى.

نَهَكَ الشَّيْءَ: نەرسىنى كونىرىتىۋەتتى.

نَهَكَ عِرْضَ فُلَانٍ: پالانىنىڭ ئابرۇيىنى تۆكتى، شەنىگە داغ تەگكۈزدى.

نَهْكَةٌ ج نَهَكَاتٌ: چارچاتماق، جۇدەتمەك؛ كېسەللىكنىڭ تەسىرى.

«بَدَتْ فِيهِ نَهْكَةُ الْمَرَضِ»: ئۇنىڭدىن كېسەلنىڭ ئەسىرى چىقىپ تۇرىدۇ.

نَهِلَ يَنْهَلُ نَهَلًا وَمَنْهَلًا: قانغۇچە ئىچتى.

نَهِلَ مِنْ مَعِينِ الْعِلْمِ: ئۇ ئىلىم بۇلىقىدىن ئىچتى.

نَهِمَ يَنْهَمُ نَهَمًا وَنَهَامَةً: ئاچ كۆزلۈك قىلدى، بېرىلدى، نەپسى يامانلىق قىلدى.

نَهِمَ فِي الْأَكْلِ: ئاچ كۆزلۈك بىلەن يېدى.

نَهِمَ فِي الْعِلْمِ: ئىلىمگە بېرىلدى.

نُهِمَ بِالْمُوسِيقِيِّ: مۇزىكىغا بېرىلدى.

نَهِمٌ: بېرىلگەن.

«قَارِئٌ نَهِمٌ»: كىتابخان، كىتابخۇمار.

نَهْمَةٌ ج نَهَمَاتٌ: بېرىلمەك، قىزىقماق.

«قَضَى مِنْهُ نَهْمَتَهُ»: شەھۋىتىنى قاندۇردى.

نَهْنَهَ يُنَهْنِهُ نَهْنَهَةً ـــهُ عَنِ الشَّيْءِ: ئۇنى بىرەر نەرسىدىن چەكلىدى.

نَهْنَهَ الدَّابَّةَ: مالنى ياندۇرۇش ئۈچۈن توۋلىدى.

نَهَّابٌ ج نَهَّابُونَ: بۇلاڭچى، قاراقچى، بۇلاڭ-تالاڭ قىلغۇچى، ئوغرى-قاراقچى.

نَهَّازُ الْفُرَصِ: پۇرسەتپەرەس.

نَهَّاشٌ: چىشلىگەك.

نَهُوَ يَنْهُو نَهَاوَةً: ئەقىل-پاراسەتتە توشتى.

نُهُوءَةٌ: پىشماق.

نَهَى يَنْهَى نَهْيًا الشَّيْءُ إِلَيْهِ: يەتتى.

نَهَى إِلَيْهِ الْخَبَرُ: ئۇنىڭغا خەۋەر يەتتى.

نَهَاهُ عَنِ الشَّيْءِ: مەنئى قىلدى، چەكلىدى، توسىدى.

﴿وَنَهَى النَّفْسَ عَنِ الْهَوَى﴾ «قرآن»: ئۆزىنى نەپسى-خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى، ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن.

«كُنْتُ نَهَيْتُكُمْ عَنْ زِيَارَةِ الْقُبُوْرِ فَزُوْرُوْهَا» «حديث»: سىلەرنى قەبرىنى زىيارەت قىلىشتىن چەكلىگەنىدىم، ئەمدى زىيارەت قىلساڭلار بولىدۇ.

«هُوَ رَجُلٌ نَهَاكَ مِنْ رَجُلٍ»: ئۇ سېنىڭ ھەممە ھاجىتىڭدىن چىقىدۇ.

نَهْيٌ: چەكلەش، مەنئى قىلىش، توسۇش.

«حَاكِمٌ مُطْلَقٌ لَهُ الْأَمْرُ وَالنَّهْيُ»: ھاكىممۇتلەق، تولۇق ھوقۇقلۇق ھۆكۈمران.

نُهًى ج نُهُوْنَ: ئەقىل-پاراسەتلىك، چېچەن.

نِهْيٌ: خىرىستىئان، ئەينەك، شىشە.

نَهِيءٌ: ياخشى پىشمىغان گۆش، چالا پىشقان گۆش.

نُهْيَةٌ ج نُهًى: ئەقىل، پاراسەت.

﴿إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِأُوْلِي النُّهَى﴾ «قرآن»: ئۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن دەلىللەر بار.

نَوْءٌ: ئېغىرلاشماق، ئېغىرلىق قىلماق.

فُلَانٌ نَوْءُهُ مُتَخَاذِلٌ: پالانى ئېزىلەڭگۈ ئادەم.

نَوْءٌ ج أَنْوَاءٌ: سوۋغا، تارتۇق، بەرمەك، يامغۇر، ئۇلتۇرۇۋاتقان يۇلتۇز، ئىتتىك شامال، كۆكتات، بوران، تەيپىك بورىنى.

طَائِرُ النَّوْءِ: بورانقۇش.

نَوَاءٌ: مۇسابىقىلەشمەك، قارشىلاشماق.

نَوَاةٌ ج نَوًى وَنَوَيَاتٌ: ئۇرۇقچا، ئۇچكە، مېغىز؛ يادرو، مەركەز، ئاساس.

نَوَاةٌ صَغِيْرَةٌ: ئاتوم يادروسى، يادرو ئېنېرگىيىسى.

تَحْطِيْمُ النَّوَاةِ: ئاتومنىڭ پارچىلىنىشى.

﴿إِنَّ اللّٰهَ فَالِقُ الْحَبِّ وَالنَّوَى﴾ «قرآن»: دانلارنى ۋە ئۇرۇقچىلارنى يېرىپ ئۆرگۈزگۈچى ھەقىقەتەن ئاللاھدۇر.

نَوَاسِيٌّ: يۇمىلاق ئۇرۇقلۇق سۇلۇق ئاق ئۈزۈم.

نَوَالٌ: ئېرىشمەك، نېسىۋە، ئاتا - ئېھسان.

«فَعَمَّ ذَوِي الْفَاقَاتِ طُرًّا نَوَالُهُ    وَآوَى جَدًا أَصْحَابَ فَقْرٍ وَغُرْبَةٍ» نامراتلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ خەير-ئېھسانىدىن نېسىۋىدار بولدى. ئۇ غېرىب-غورۋالارغا باشپاناھ بولدى.

«نَوَالُهُ مِنْ إِرْثِ أَبِيْهِ ضَيْعَةٌ»: دېھقانچىلىق مەيدانى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ مىراسىدىن تەگكەن نېسىۋىسى.

نَوَالَكَ أَنْ تَفْعَلَ كَذَا: شۇنداق قىلىشىڭ كېرەك.

نَوَامٌ: ئۇيقۇ، خەتەرلىك ئۇخلاش كېسىلى.

نَؤُوْمٌ: تولا ئۇخلايدىغان، ئۇيقۇچان.

«رَجُلٌ نَؤُوْمٌ»: تولا ئۇخلايدىغان ئادەم.

«إِمْرَأَةٌ نَؤُوْمَةٌ»: تولا ئۇخلايدىغان ئايال.

نَوْبٌ: ئورنىغا قويماق، ئورنىغا دەسسەتمەك، ئورنىنى ئالماق، ئورنىدا، ۋاكالىتەن، ۋەكىللىك قىلماق.

نَوْبَةٌ: قايتماق.

نَوْبَةٌ ج نَوْبَاتٌ وَنُوَبٌ: ئالمىشىش ۋاقىت، نۆۋەت، ھادىسە.

«نَوْبَةُ الْحَارِسِ»: كۆزەتچىنىڭ نۆۋىتى.

«اِعْتَرَتْهُ نَوْبَةٌ عَصَبِيَّةٌ»: ئۇ نېرۋا كېسىلى بولۇپ قالدى.

«نَوْبَةٌ قَلْبِيَّةٌ»: يۈرەك كېسىلىنىڭ قوزغىلىشى.

«نَوْبَةُ جُنُوْنٍ»: ساراڭلىق كېسىلى.

«جَاءَتْ نَوْبَتُهُ»: ئۇنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتتى.

أَصْبَحَ لَا نَوْبَةَ لَهُ: پۈرسەت قولىدىن كەتتى.

نُوْبَةٌ ج نُوَبٌ: ھادىسە، مۇسىبەت.

«نُوَبُ الدَّهْرِ»: زاماننىڭ ھادىسىلىرى.

نَوْرٌ ج أَنْوَارٌ: چېچەك، گۈل.

نَوْرُ الْبُرْتُقَالِ: ئاپېلسىن چېچىكى.

نُوْرٌ: يورۇتماق.

نُوْرٌ ج أَنْوَارٌ: نۇر، يورۇقلۇق.

نُوْرٌ كَهْرَبِيٌّ: ئېلېكتىر نۇرى، ئېلېكتىر لامپىسى، توك چىراغ، ئېلېكتىر يورۇقى، چاقماق نۇرى.

نُوْرُ الْعُيُوْنِ: كۆز نۇرى، كۆرۈش قۇۋۋىتى.

نُوْرُ الْوَجْهِ: رەڭگىروي، چىراي.

نُوْرُ الشَّمْسِ: قۇياش نۇرى، ئاپتاپ.

نُوْرُ الْقَمَرِ: ئاي نۇرى، ئاي يورۇقى، ئايدىڭ.

نُوْرُ الْغَازِ: گاز چىرىغى.

«نُوْرٌ بُرَاقٌ»: پارقىراق نۇر.

عَلَيْكَ نُوْرٌ: نەتىجە قازاندىڭ، بەك ياخشى بولدى.

النُّوْرُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بىرى؛ رەسۇلۇللاھنىڭ لەقىبى.

أُمّ النُّوْرِ: ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ھەزرىتى مەريەم.

نُوْرَانِيٌّ: نۇرلۇق، شانلىق، پارلاق، يالتىراق.

نُوْرَانِيَّةٌ: نۇرانە، پارلاق، نۇرلۇق، يورۇق.

كَلِمَاتٌ نُوْرَانِيَّةٌ: شانلىق سۆزلەر.

نَوْرَجَ يُنَوْرِجُ نَوْرَجَةً الشَّخْصَ: ئالدى-كەينىگە ماڭدى.

نَوْرَجَ فِي الْكَلَامِ: گەپ توشۇدى.

نَوْرَجٌ ج نَوَارِجُ: خامان تېپىدىغان، تولۇق، تاش تولۇق.

نَوْرَسٌ: چايكا، دېڭىز چايكىسى؛ نېرۋا زەئىپلىشىش، نېرۋا ئاجىزلىق.

نَوْرُوْزُ: يىل بېشى، ئورتاق خۇشاللىق كۈن.

عِيْدُ النَّوْرُوْزِ: باھار بايرىمى (مارتنىڭ 21- كۈنىگە توغرا كېلىدۇ).

نُوْرِيٌّ: نۇر چاچىدىغان، نۇر چاچقۇچى؛ نۇرلۇق، شانلىق، پارلاق، يورۇق.

جِسْمٌ نُوْرِيٌّ وَ جِرْمٌ نُوْرِيٌّ: يالتىراق جىسىم.

سَنَةٌ نُوْرِيَّةٌ: نۇر يىلى، يورۇقلۇق يىلى.

نَوْصٌ: سېخىيلىك، مەردلىك، قېچىش؛ قاچماق، قاچىدىغان جاي، قۇلان.

نَوْطٌ: ئاسماق.

نَوْطٌ ج أَنْوَاطٌ: ئوردېن، مېدال، ئىزناك، ھالقا، سىرغا.

«مُنِحَ نَوْطَ الْجَدَارَةِ»: لاياقەتلىك ئوردېنى بېرىلدى.

نَوْطَةٌ ج نَوْطَاتٌ: پوكان، بوغۇز ياكى كۆكسىدىكى ئىششىق، ئۆچلۈك.

نَوْعٌ ج أَنْوَاعٌ: تۈر، خىل، نورما، شەكىل، قىسىم، خاراكتېر، سۈپەت.

«أَنْوَاعُ الْأَقْمِشَةِ»: رەختلەرنىڭ تۈرلىرى.

«نَوْعُ السَّيَّارَةِ»: ماشىنا تۈرى.

«الْأَوَّلُ مِنْ نَوْعِهِ»: ئۇنىڭ بىرىنچى خىلى.

«النَّوْعُ الْإِنْسَانِيُّ»: ئىنسانىيەت، ئادەمزات.

نَوْعًا وَكَمِّيَةً: تۈر ۋە مىقدار جەھەتتە.

نَوْعًا مَّا: مەلۇم دەرىجىدە، ئاز-تولا.

«الْأَنْوَاعُ الْحَيَوَانِيَّةُ»: ھايۋان تۈرلىرى.

«الْأَنْوَاعُ النَّبَاتِيَّةُ»: ئۆسۈملۈك خىللىرى.

النَّوْعَةُ: يېڭى مېۋە.

الْوَزْنُ النَّوْعِيُّ لِلْمَعْدَنِ الْفُلَانِيِّ: پالانى مېتالنىڭ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى.

تَحَسَّنَتْ نَوْعِيَّةُ الزِّرَاعَةِ: زىرائەت سۈپىتى ياخشىلاندى.

نَوْفٌ ج أَنْوَافٌ: تۆگىنىڭ لوككىسى، تۆگە ئۆركىشى، ئېگىز لوككا؛ ئاۋاز.

نُوفَمْبِيرْ: نويابىر، ئون ئىككىنچى ئاي.

**نَوْفَلٌ ج نَوَافِلُ**: دېڭىز؛ سېخىي؛ بەرنا يىگىت؛ ئەركەك سىرتلان.

**«رَجُلٌ نَوْفَلٌ»**: سېخىي ئادەم.

**نَوِقَ يَنْوَقُ نَوَقًا**: قىزغۇچ ئاق بولدى.

**نَوْلٌ**: ئېرىشمەك.

**نَوْلٌ ج أَنْوَالٌ**: ئۆرنەك، ئۇسۇل، ئۇسلۇب، شەكىل؛ كىمنىڭ كىرا ھەققى.

**مَا نَوْلَكَ أَنْ تَفْعَلَ كَذَا**: مۇنداق قىلىشىڭ توغرا ئەمەس.

**«مَا نَوْلَ إِمْرِئٍ مُسْلِمٍ أَنْ يَقُوْلَ غَيْرَ الصَّوَابِ»**: مۇسۇلمان ئادەم لىللا گەپ قىلىشى كېرەك.

**نَوْمٌ**: ئۇيقۇ، ئۇخلىماق.

**نَوْمٌ مِغْنَاطِيْسِيٌّ**: گىپنوزلۇق ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۇسۇلى، ماگنىتلىق ئۇخلۇتۇش.

**نَوْمُ الشَّفَقِ**: تولغاقسىز تۇغماق.

**قِلَّةُ النَّوْمِ**: ئۇيقۇسىزلىق.

**غُرْفَةُ النَّوْمِ**: ياتاق ئۆي.

**قَمِيْصُ النَّوْمِ**: كېچىلىك كىيىم، ئۇخلاش كىيىمى.

**نَوْمِيٌّ**: ئۇيقۇلۇق، ئۇيقۇغا ئائىت.

**الْكَلَامُ النَّوْمِيّ**: جۆيلۈش.

**نُوْنُ ج نُوْنَاتٌ**: نۇن ھەرپى.

**نُوْنٌ ج نِيْنَانٌ وأَنْوَانٌ**: كىت، بېلىق، قىلىچنىڭ بىسى.

**ذُو النّوْنِ**: يۇنۇس ئەلەيھىسسالام.

**نُوْنَةٌ نُوْنَاتٌ**: بېلىق.

**نَوَّاحٌ م نَوَّاحَةٌ**: تولا يىغلايدىغان، ئۆكسۈپ يىغلىغۇچى.

**نَوَّارٌ م نَوَّارَةٌ**: چېچەك.

**نَوَّاسٌ**: لىڭشىغۇچى، تەۋرەنگۈچى.

**نَوَّبَ يُنَوِّبُ تَنْوِيْبًا**: ـھ ئۇنى ئۆزىگە ۋەكىل قىلدى.

**«نَوَّبَهُ فِى الْإِجْتِمَاعِ»**: ئۇنى يىغىندا ئۆزىگە ۋەكىل قىلدى.

**نَوَّخَ يُنَوِّخُ تَنْوِيْخًا الْبَعِيْرَ**: تۆگىنى چۆكتۈردى.

**نَوَّرَ يُنَوِّرُ تَنْوِيْرًا الصّبْحُ**: تاڭ يورۇدى.

**نَوَّرَ الشَّجَرُ**: دەرەخ چېچەكلىدى.

**نَوَّرَ الْمَكَانَ**: يورۇتتى، نۇرلاندۇردى.

**«نَوَّرَتِ الْبَلَدِيَّةُ الشَّوَارِعَ بِالْفَوَانِيْسِ»**: شەھەرلىك ھۆكۈمەت كوچىلارنى چىراغلار بىلەن يورۇتتى.

**نَوَّرَ الرَّأْيَ**: پىكرىنى روشەنلەشتۈردى.

**نَوَّرَ عَلَى فُلَانٍ**: پالانىنى توغرا يېتەكلىدى.

**نَوَّرَ اللهُ قَلْبَهُ**: ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى يورۇتسۇن.

**نَوَّعَ يُنَوِّعُ تَنْوِيْعًا**: بۆلدى، ئايرىدى، خىلمۇخىل قىلدى، كۆپ خىللاشتۇردى، ئۆزگەرتتى، ئالماشتۇردى.

**نَوَّعَ الشَّيْءَ**: لىڭشىتتى، مىدىرلاتتى، ئىرغىتتى.

**«نَوَّعَتِ الرِّيْحُ الْأَغْصَانَ»**: شامال شاخلارنى لىڭشىتتى.

**نَوَّعَ الْأَشْيَاءَ**: نەرسىلەرنى تۈرگە ئايرىدى، تۈرلىدى، تۈرلۈك تەييارلىدى.

**نَوَّقَ يُنَوِّقُ تَنْوِيْقًا الْحَيَوَانَ**: كۆندۈردى.

**«نَوَّقَ الْبَعِيْرَ»**: تۆگىنى كۆندۈردى.

**نَوَّقَ النَّخْلَ**: خورمىنى چاڭلاشتۇردى.

**نَوَّلَ يُنَوِّلُ تَنْوِيْلًا**: بەردى، ئاتا قىلدى، بەخش ئەتتى.

**نَوَّمَ يُنَوِّمُ تَنْوِيْمًا فُلَانٌ**: پالانى قاتتىق ئۇخلىدى.

**نَوَّمَتِ الْإِبِلُ**: تۆگە ئۆلدى.

**نَوَّمَهُ**: ئۇخلاتتى، ناركوز قىلدى.

**«نَوَّمَ الدَّوَاءُ الصَّبِيَّ»**: دورا بالىنى ئۇخلاتتى.

**نَوَّنَ يُنَوِّنُ تَنْوِيْنًا الْكَلِمَةَ**: سۆزنى تەنۋىن بىلەن ئوقۇدى.

**نَوَّنَ النّوْنَ**: نۇن ھەرپىنى يازدى.

**نَوَّهَ يُنَوِّهُ تَنْوِيْهًا**: كۆتۈردى.

**نَوَّهَ بِهِ**: بايان قىلدى، ئېيتتى، ئوتتۇرىغا قويدى.

نَوَّهَ: ماختىدى، ھۆرمەتلىدى، كۈيلىدى، داڭلىدى.

نَوَّى يُنَوِّي تَنْوِيَةً حَاجَتَهُ: ھاجىتىنى ئادا قىلدى، ئورۇنلىدى.

نَوَّى الشَّخْصُ: ئۇرۇقچىنى تاشلىدى.

نَوَّتِ التَّمْرَةُ: خورما ئۇرۇق تۇتتى.

نَوَوِيٌّ: ئۆچكىلىك، مېغىزلىق، ئۇرۇقلۇق، ئۇرۇقچىسى بار، يادرولۇق.

الْأَبْحَاثُ النَّوَوِيَّةُ: ئاتوم تەتقىقاتى.

الْأَسْلِحَةُ النَوَوِيَّةُ: يادرو قوراللىرى.

صَوَارِيْخُ نَوَوِيَّةٌ: يادرو راكېتاسى.

الْفِيْزِيَاءُ النَّوَوِيَّةُ: يادرو فىزىكىسى.

نَوَى يَنْوِي نَوَى الشَّخْصُ: كۆچۈپ كەتتى.

نَوَى يَنْوِي نِيَةً: نىيەت قىلدى، مەقسەت قىلدى، ئىرادە باغلىدى.

«نَوَى السَّفَرَ إِلَى الْحَجِّ»: ھەجگە سەپەر قىلىشنى نىيەت قىلدى.

نَوَاهُ اللهُ بِخَيْرٍ: ئاللاھ ئۇنى ياخشىلىققا يەتكۈزسۇن.

نَوًى: يىراقلاشماق، يىراقلاپ كەتمەك، يىراق، يىراقلىق؛ ئارىلىق، مۇساپە؛ مەقسەت، نىشان، مۇددىئا.

نِيْءٌ: خام، توڭ.

لَحْمٌ نِيْءٌ: خام گۆش.

نِيَابٌ: ئورنىغا قويماق، ئورنىغا دەسسىمەك، ئورنىنى ئالماق، ئورنىدا، ۋاكالىتەن، ۋەكىللىك قىلماق.

نِيَابَةٌ: ئورۇن باسماق، ۋەكىل بولماق، ۋەكىللىك.

«دَامَتْ نِيَابَتُهُ خَمْسَ سَنَوَاتٍ فِي الْبَرْلَمَانَ»: ئۇنىڭ پارلامېنت ئەزالىقى بەش يىل داۋاملاشتى.

رَئِيْسُ النِّيَابَةِ: تەپتىش باشلىقى.

وَكِيْلُ النِّيَابَةِ: مۇئاۋىن تەپتىش باشلىقى، تەپتىش باشلىقىنىڭ ۋەكىلى.

بِالنِّيَابَةِ/نِيَابَةً: ۋاكالىتەن، ئورنىدا، ۋەكىللىك قىلىپ.

النِّيَابَةُ الْعُمُوْمِيَّةُ: جىنايى ئىشلار بۆلۈمى، جىنايى ئىشلار كوللېگىيىسى؛ باش تەپتىش مەھكىمىسى.

نِيَابِيٌّ: ۋەكىللىك، ۋەكىلنىڭ، پارلامېنتلىق، پارلامېنتلىق تۈزۈم.

مِجْلِسُ نِيَابِيٍّ: پارلامېنت، مىللىي كېڭەش، مىللىي مەجلىس، تۆۋەن پالاتا.

حُكُوْمَةٌ نِيَابِيَّةٌ: پارلامېنتلىق تۈزۈمدىكى ھۆكۈمەت.

اِنْتِخَابَاتٌ نِيَابِيَّةٌ: پارلامېنت سايلىمى، پارلامېنت ئەزالار سايلىمى.

نِيَاطٌ ج أَنْوِطَةٌ وَنُوْطٌ: ئاسقۇ، غول تومۇر، ئائورتا.

«نِيَاطُ الْقَوْسِ»: ئوقيا ئاسقۇسى.

«قَطَعَ نِيَاطَ الْقَلْبِ»: ئۆلتۈردى.

نِيَافٌ: ئېگىز.

نِيَافٌ مِنَ الْجَمَلِ: ئېگىز تۆگە.

اِمْرَأَةٌ نِيَافٌ: قامەتلىك چىرايلىق ئايال.

نِيَامٌ: ئۇيقۇ.

نِيْرٌ ج أَنْيَارٌ: بويۇنتۇرۇق، يولنىڭ گىرۋىكى، ماركا، كالۋۇتۇن يىپ.

حَرْبٌ ذَاتَ نِيْرَيْنِ: قاتتىق ئۇرۇش.

رَزَحَ الشَّعْبُ تَحْتَ نِيْرِ الْإِسْتِعْمَارِ: خەلق جاھانگىرلىكنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىدا ئېزىلدى.

نَيْرُوْزٌ: يىل بېشى، ئورتاق خۇشاللىق كۈن.

نَيْزَبٌ: تاغ تېكىسى، بۇقا.

نَيْزَكٌ ج نَيَازِكُ: قىسقا نەيزە، ئاقار يۇلتۇز، مېتېئورىت.

نَيْسَانٌ: شەمسىيە ئايلىرىدىن تۆتىنچى ئاي، ئاپرېل.

نِيْصٌ: جەيرە، چوڭ كىرپە.

نَيْفٌ: ئارتۇق، ئوشۇق، زىيادە.

نَيْكَلٌ: نىكىل.

نِيْكُوْتِيْنٌ: نىكوتىن.

نَيْلٌ: ئېرىشمەك.

نِيْلَجٌ: بوۇس، ماي ئىسى؛ ئىندىگو قوڭۇرى، ئىندىگو كۆكى.

نِيْلُوْنٌ: نىلون.

جَوْرَبٌ نِيْلُوْنٌ: نىلون پايپاق.

قَمِيْصٌ مِنَ النِّيْلُوْنِ: نىلون كۆڭلەك.

نِيْلُوْفَرٌ: نىلوپەر، پاتاناق.

نِيْمٌ: كېچىلىك كىيىم، ئۇخلاش كىيىمى.

نَيٌّ: خام، توك، پىشمىغان.

نَيَّأَ يُنَيِّأُ تَنْيِيْأً الْأَمْرَ: ئىشنى چالا قىلدى، تۈگەتمىدى.

نَيَّبَ يُنَيِّبُ تَنْيِيْبًا الشَّيْءَ: ئېغىز چىش بىلەن چىشلىدى، قوزۇق چىش بىلەن چىشلىدى.

نِيَّةٌ: نىيەت قىلماق.

نِيَّةٌ ج نِيَّاتٌ وَنَوَايَا: نىيەت، ئىرادە، مەقسەت، ئىنتىلىش.

«سَافَرَ إِلَى مَكَّةَ بِنِيَّةِ الْحَجِّ»: ھەج قىلىش نىيىتى بىلەن مەككىگە سەپەر قىلدى.

«إِنَّمَا الْأَعْمَالُ بِالنِّيَاتِ» ‹حديث›: ئىشلار نىيەتكە باغلىق.

«حُسْنُ النِّيَّةِ»: ھىممەت، ياخشى نىيەت، خەير-خاھلىق، سەمىمىيەت، ئاق كۆڭۈللۈك.

«سُوْءُ النِّيَّةِ»: دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك، يامان غەرەز.

هُوَ نِيَّتِي: ئۇ مېنىڭ مەقسىتىم.

سَلِيْمُ النِّيَّةِ: ئاق كۆڭۈل، دىلى پاك.

سَلَامَةُ النِّيَّةِ: ئاددىي، ئاددىيلىق، سەمىمىي.

نَيَّرَ يُنَيِّرُ تَنْيِيْرًا الثَّوْبَ: رەختكە سىزىق باستى.

نَيِّرٌ: يورۇتقۇچى، نۇر چاچقۇچى، نۇرلۇق.

«وَجْهٌ نَيِّرٌ»: نۇرلۇق يۈز، پارقىراق چىراي.

«عَقْلٌ نَيِّرٌ»: يارقىن ئەقىل.

«النَّيِّرَانِ»: قۇياش ۋە ئاي.

آرَاءٌ نَيِّرَةٌ: ئوچۇق پىكىرلەر.

نَيَّفَ يُنَيِّفُ تَنْيِيْفًا عَلَيْهِ: ئاشتى، ئېشىپ كەتتى، ھالقىپ كەتتى.

«نَيَّفَ الْعَدَدَ عَلَى مَا تَقُوْلُ»: سېنىڭ دەۋاتقىنىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

«نَيَّفَ فُلَانٌ عَلَى السِّتِّيْنَ»: پالانىنىڭ يېشى ئاتمىشتىن ئاشتى.

«كَانَ ذَالِكَ مُنْذُ مَا يُنَيِّفُ عَلَى ثَلَاثِ سَنَوَاتٍ»: بۇ ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان شۇنداق بولۇۋاتىدۇ.

نَيِّفٌ: ئوشۇق.

«هَذَا الْجَبَلَ نَيِّفٌ عَلَى ذَلِكَ»: بۇ تاغ ئۇنىڭدىن ئېگىز.

«عَشَرَةٌ وَنَيِّفٌ»: ئون نەچچە (ئون بىردىن ئون ئۈچكىچە).

نَيَّقَ يُنَيِّقُ تَنْيِيْقًا: تاللىدى، ئىلغىدى.

نَيَّلَ يُنَيِّلُ تَنْيِيْلًا الْقُطْنَ وَالصُّوْفَ وَنَحْوَهُمَا: پاختا، يۇڭ ۋە ئۇلارغا ئوخشاشلارنى نىل رەڭدە بويىدى.

## هـ

هـ (هَاءٌ): ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ 26- ھەرپى بولۇپ، ئەبجەد ھېسابىدا «5»نى كۆرسىتىدۇ.

ه (هُوَ): ئۇ، ئۇنىڭ.

كِتَابُهُ: ئۇنىڭ كىتابى.

هَا: ئۇ، ئۇنىڭ؛ تۇت، ئاله.

كِتَابُهَا: ئۇنىڭ (ئايالنىڭ) كىتابى.

هَا الْكِتَابَ: كىتابنى ئاله.

هَؤُلَاءِ: بۇلار، بۇلارنىڭ.

﴿هَاؤُمُ اقْرَؤُوا كِتَابِيَهْ﴾ «قرآن»: بۇ مېنىڭ نامەئەمالىمنى ئېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار...

هَذَا م هَذِهِ ج هَؤُلَاءِ: بۇ، مۇشۇ.

هَذِهِ: بۇ، مۇشۇ (ئايال جىنسى ئۈچۈن).

هَكَذَا: شۇنداق، شۇنداق قىلىپ، دېمەك، بۇنداق، شۇنچىلىك، شۇ قەدەر.

هَاءَ يَهَاءُ هِيَأَةً إِلَيْهِ: ئۇنىڭغا ئىشتىياق باغلىدى، سېغىندى.

هَاءَ لِلْأَمْرِ: ئىشقا تەييارلاندى.

هَاءَ يَهُوءُ هَوْءًا بِنَفْسِهِ إِلَى الْمَعَالِي: چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا ئىرادە باغلىدى.

هَاءَ يَهِيءُ هَيْئَةً الرَّجُلُ: كىشىنىڭ شەكلى چىرايلىق بولدى، تەقى-تۇرقى قاملاشتى.

هَابَ يَهَابُ هَيْبًا وَهَيْبَةً وَمَهَابَةً: قورقتى، ئەيمەندى.

هَابَهُ: ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلدى، چۆچۈدى؛ ئۇنى ھۆرمەتلىدى.

«هَابَ الطِّفْلُ الظَّلَامَ»: بالا قاراڭغۇدىن قورقتى.

يَهَابُ التِّلْمِيذُ مُعَلِّمَهُ: ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىسىنى ھۆرمەتلەيدۇ، ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىسىدىن ئەيمىنىدۇ.

هَابِصٌ م هَابِصَةٌ: چاققان، شوخ، تېتىك.

هَابِطٌ ج هَابِطُونَ: چۈشكۈچى، تۆۋەنلىگۈچى، پەسەيگۈچى.

هَابِطٌ بِالْمِظَلَّةِ: پاراشوت بىلەن چۈشكۈچى.

اِقْتِصَادٌ هَابِطٌ: تۆۋەنلىگەن ئىقتىساد.

«جُنْدِيٌّ هَابِطٌ مِنَ الطَّائِرَةِ بِمَهْبِطَةٍ»: پاراشوت بىلەن ئايروپىلاندىن چۈشكۈچى ئەسكەر، پاراشوتچى ئەسكەر.

«إِنْتَاجٌ زِرَاعِيٌّ هَابِطٌ»: تۆۋەنلەپ كەتكەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى.

هَابِطَةٌ: پاراشوت.

هَابِعٌ ج هُبَّعٌ وَ هَوَابِعُ: بويىنىنى سوزۇپ ماڭىدىغان (تۆگە).

هَابِيلُ: ئەخمەق، مەتۇ؛ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى.

هَاتِ: ماڭا بەر، كەلتۈر.

هَاتِ كِتَابَكَ يَا أَخِي: بۇرادەر كىتابىڭنى ئەكەلگىنە.

﴿أَإِلَهٌ مَّعَ اللَّهِ قُلْ هَاتُوا بُرْهَانَكُمْ إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ﴾ «قرآن»: ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ ئەگەر (دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، دەلىللىرىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار.

هَاتَرَهُ يُهَاتِرُ مُهَاتَرَةً: ئۇنى سۆكتى، ئەيىبلىدى.

هَاتِرٌ ج هَاتِرُونَ وَ هَتَرَةٌ: ئۇرۇشخۇمار، جېدەلخۇمار.

هَاتِفٌ ج هَوَاتِفُ: چاقىرغۇچى، ۋارقىرىغۇچى؛ تېلېفون.

دَلِيلُ الْهَاتِفِ: تېلېفون دەپتىرى.

«اِتَّصَلَ بِهِ بِالْهَاتِفِ»: تېلېفون بىلەن ئالاقىلەشتى.

«يَسْتَخْدِمُ الشَّرْطِيّ الْهَاتِفَ الْهَوَائِيَّ»: ساقچى سىمسىز تېلېفون ئىشلىتىدۇ.

هَاتِفِيٌّ: تېلېفوننىڭ، تېلېفونغا ئائىت.

مَرْكَزٌ هَاتِفِيٌّ: تېلېفون ئىدارىسى.

خَطٌّ هَاتِفِيٌّ: تېلېفون سىمى، تېلېفون لىنىيىسى.

هَاتِفِيًّا: تېلېفون ئارقىلىق.

إِتَّصَلَ بِهِ هَاتِفِيًّا: تېلېفون ئارقىلىق ئالاقىلەشتى.

مُكَالَمَةٌ هَاتِفِيَّةٌ: تېلېفون ئارقىلىق سۆزلىشىش.

هَاتِنٌ: قاتتىق يامغۇر، قارا يامغۇر.

هَاثٌّ: يالغانچى، كاززاپ.

هَاثَى يُهَاثِي مُهَاثَاةً فُلَانًا: چاقچاق قىلدى، چاقچاقلاشتى.

هَاجَ يَهِيْجُ هَيْجًا وَهِيَاجًا وَهَيَجَانًا الشَّيْءُ: نەرسە قوزغالدى، ھەرىكەتلەندى.

هَاجَ الْبَحْرُ: دېڭىز دولقۇنلاندى، مەۋج ئۇردى.

هَاجَ الْقَوْمُ: قوۋم تەۋرەپ كەتتى.

«هَاجَ الْمُتَضَرِّرُوْنَ مِنْ رَفْعِ الْأَسْعَارِ»: قىممەتچىلىكتىن زىيان تارتقۇچىلار تەۋرەپ كەتتى.

هَاجُوْا وَمَاجُوْا: ئۆرتۆپە بولۇشۇپ كەتتى، تەۋرىشىپ كەتتى.

هَاجٌّ م هَاجَّةٌ: ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن.

عَيْنٌ هَاجَّةٌ: ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆز.

هَاجِدٌ ج هَاجِدُوْنَ وَهُجَّدٌ وَهُجُوْدٌ: ئۇخلىغۇچى؛ كېچىدە ناماز ئوقۇغۇچى، تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيدىغان كىشى.

هَاجَرَ يُهَاجِرُ مُهَاجَرَةً الشَّخْصُ مِنَ الْبَلَدِ: كىشى شەھەردىن كۆچۈپ كەتتى، يۆتكىلىپ كەتتى.

﴿إِنَّ الَّذِيْنَ آمَنُواْ وَالَّذِينَ هَاجَرُواْ وَجَاهَدُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ﴾ «قرآن»: ئىمان ئېيتقانلار، ھىجرەت قىلغانلار ۋە (ئاللاھ يولىدا) جىھاد قىلغانلار...

«هَاجَرَ الْعَامِلُ إِلَى أَوْرُوْبَا»: ئىشچى ياۋروپاغا كۆچۈپ باردى.

هَاجَرَ الْقَوْمَ: قوۋمنى تاشلىۋەتتى.

هَاجَرَ الشَّخْصُ: چىڭقى چۈشتە ماڭدى.

هَاجِرَةٌ: سەت گەپ، رەزىل سۆز، پەسكەش سۆز.

هَاجِرَةٌ ج هَاجِرَاتٌ وَ هَوَاجِرُ: چۈش ۋاقتى، چىڭقى چۈش؛ قاتتىق ئىسسىق.

هَاجِرِيٌّ: چۈش ۋاقتىنىڭ؛ مېردىيان سىزىقىنىڭ؛ شەھەرلىك؛ يۇقىرى سۈپەتلىك.

هَاجَزَ يُهَاجِزُ مُهَاجَزَةً فُلَانًا: پىچىرلاشتى، پىچىرلىدى.

هَاجِسٌ ج هَوَاجِسُ: ئەندىشە، خاتىرجەمسىزلىك، تەشۋىش.

الْإِسْتِغْرَاقُ فِي الْهَوَاجِسِ: چوڭقۇر ئويغا چۆشمەك.

«إِنْتَابَتْهُ الْهَوَاجِسُ»: ئۇنى خىياللار بېسىۋالدى.

«كَانَ ضَحِيَّةَ الْهَوَاجِسِ»: غەم-قايغۇنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى.

هَاجِعٌ ج هُجُوْعٌ وَ هُجَّعٌ: ئۇخلىغۇچى.

هَاجَلَ يُهَاجِلُ مُهَاجَلَةً: ئويمان يەردە ماڭدى.

هَاجَلَ فُلَانًا: پالانى بىلەن مۇسابىقىلەشتى.

هَاجَمَ يُهَاجِمُ مُهَاجَمَةً: ئېتىلدى.

«هَاجَمَ اللِّصّ الْمُسَافِرَ»: ئوغرى يولۇچىغا ئېتىلدى.

«هَاجَمَتِ الْجُيُوْشُ مَكَانَ الْعَدُوِّ»: قوشۇن دۈشمەننىڭ يوشۇرۇنغان جايىغا ھۇجۇم قىلدى.

هَاجَى يُهَاجِيْ مُهَاجَاةً: بىر-بىرىنى ھەجۋىي قىلىشتى.

هَادَ يَهُوْدُ هَوْدًا الرَّجُلُ: كىشى يەھۇدىي بولدى، يەھۇدىي دىنىغا كىردى؛ تەۋبە قىلدى، ھەققە قايتتى.

هَادَ يَهِيْدُ هَيْدًا وَهَادًا: مىدىرلاتتى، تەۋرەتتى.

مَا يَهِيْدُنِي هَذَا: بۇ مېنى تەۋرىتەلمەيدۇ.

هَادِئٌ: تىنچلانغۇچى.
هَادِئُ النَّفْسِ: كۆڭلى ئارامىدا، خاتىرجەم.
اَلْمُحِيطُ الْهَادِئُ: تىنچ ئوكيان.
هَادِئٌ ج هَادِئُونَ: تىپتىنچ، جىمجىتلىق.
هَادِئُ النَّفْسِ: ئېغىر ـ بېسىق.
شَخْصٌ هَادِئٌ: تەمكىن ئادەم.
أَقْعُدْ هَادِئًا: تىنچ ئولتۇرىمەن.
هَادٌّ ج هَادُّونَ م هَادَّةٌ ج هَوَادُّ: قېرىپ كۈچ ـ ماغدۇرىدىن قالغان ئادەم؛ دېڭىز شاۋقۇنى.
هَادَّةٌ ج هَوَادُّ: گۈلدۈرماما ئاۋازى.
مَا سَمِعْنَا الْعَامَ هَادَّةً: بۇ يىل گۈلدۈرماما ئاۋازىنى ئاڭلىمىدۇق.
هَادِرٌ ج هَدَرَةٌ: يېرىپ قالغان سۈت؛ يىقىلغان، ئۆرۈلگەن.
هَادِرَةٌ ج هَوَادِرُ: چۈشكۈنلەشكەن ئايال؛ بولۇق ئوتلاقلىق.
هَادِفٌ ج هَادِفُونَ: مۇساپىر، چەت ئەللىك، يات؛ مەقسەتلىك ئىش قىلىدىغان ئادەم.
«اَلْهَادِفُونَ لِتَحْرِيرِ بِلَادِهِمْ»: ۋەتىنىنى ئازاد قىلىشنى نىشانلىغۇچىلار.
هَادِمٌ: بۇزغۇچى.
هَادِمُ اللَّذَّاتِ: ئۆلۈم.
هَادَنَهُ يُهَادِنُ مُهَادَنَةً: مۇرەسسەلەشتى، كېلىشىم تۈزۈشتى.
هَادَنَ الْجَيْشُ الْعَدُوَّ: قوشۇن دۈشمەن بىلەن سۈلھى قىلىشتى.
هَادَى يُهَادِي مُهَادَاةً: سوۋغا تەقدىم قىلىشتى.
هَادٍ ج هُدَاةٌ وَهَادُونَ: توغرا يولغا باشلىغۇچى، ھىدايەت قىلغۇچى، يېتەكچى.
﴿وَمَن يُضْلِلِ اللَّهُ فَمَا لَهُ مِنْ هَادٍ﴾ «قرآن»: كىمكى ئاللاھ ئۇنى گۇمراھ قىلىدىكەن، ئۇنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ.

اَلْمُحِيطُ الْهَادِي: تىنچ ئوكيان.
«اَلْعُلَمَاءُ هُدَاةُ النَّاسِ إِلَى طَرِيقِ الْخَيْرِ»: ئۆلىمالار كىشىلەرنى ياخشى يولغا باشلىغۇچىلاردۇر.
اَلْهَادِي: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، ھىدايەت قىلغۇچى دېگەن مەنىدە.
هَاذَّةٌ ج هَاذٌّ: دەرەخ.
هَاذِلٌ: يېرىم كېچە، نىسپىي شەب.
هَاذِمٌ: كەسكىن، كەسكۈچى، ئۆتكۈر، قەھرىمان.
هَاذٍ ج هَاذُونَ: جۆيلۈگۈچى.
هَارَ يَهُورُ هَوْرًا الْبِنَاءُ: بىنا ئۆرۈلۈپ كەتتى، يىقىلىپ چۈشتى.
هَارَ الشَّخْصَ: يىقىتىۋەتتى.
هَارَ الْبِنَاءَ: بىنانى ئۆرۈۋەتتى، بۇزۇۋەتتى.
هَارَ الشُّرْطِيُّ السَّارِقَ: ساقچى ئوغرىنى بېسىۋالدى.
هَارِبٌ ج هَارِبُونَ: قاچقۇچى، قاچقۇن.
«هَارِبٌ مِنَ الْجُنْدِيَّةِ»: ئەسكەرلىكتىن قاچقۇچى.
هَارَشَ يُهَارِشُ هِرَاشًا وَمُهَارَشَةً الشَّخْصَ: جېدەللەشتى، دەتالاش قىلىشتى.
هَارٍ: قىڭغىيىپ قالغان، قىيسىيىپ قالغان.
﴿أَمَّنْ أَسَّسَ بُنْيَانَهُ عَلَىٰ شَفَا جُرُفٍ هَارٍ﴾ «قرآن»: ياكى ئۇنى يىقىلاي دەپ قالغان يارنىڭ گىرۋىكىگە قۇرۇپ ...
هَازِئٌ: مەسخىرە قىلغۇچى.
هَازِجَةٌ: سوپىسۇپىياك.
هَازَلَ يُهَازِلُ مُهَازَلَةً الشَّخْصَ: چاقچاقلاشتى.
هَازِلٌ ج هَازِلُونَ: ھەزىلكەش، مەسخىرىۋاز، چاقچاقچى، ھەييار.
مُمَثِّلٌ هَازِلٌ: كۈلدۈرگە ئارتىسى.
صَحِيفَةٌ هَازِلَةٌ: قىزىقارلىق خەۋەرلەر گېزىتى.
هَازِمَةٌ ج هَوَازِمُ: بالايىئاپەت، بالا ـ قازا.
«أَكْثِرُوا ذِكْرَ هَادِمِ اللَّذَّاتِ» «حديث»: ئۆلۈمنى كۆپ ياد ئېتىڭلار.

هَاسَ يَهُوْسُ هَوْسًا وَهَوَسَانًا: يانجىدى، ئەزدى.

هَاسَ حَوْلَ الشَّيْءِ: ئايلاندى.

هَاسَ الذِّئْبُ فِي الْغَنَمِ: بۆرە قويغا تەگدى.

هَاسَتِ الْإِبِلُ: تۆگىنى ئاستا ھەيدىدى.

هَاسَ يَهُوْسُ هَوْسًا فُلَانٌ الطَّعَامَ: تاماقنى يالماپ يېدى.

هَاسَ الشَّيْءَ: نەرسىنى بۇزۇۋەتتى.

هَاسَ يَهِيْسُ هَيْسًا فُلَانٌ: تېز ماڭدى، چاپتى، يۈگۈردى.

هَاسَ مِنَ الشَّيْءِ: كۆپ ئالدى، زور مىقداردا ئالدى.

هَاسَ الشَّيْءَ: نەرسىنى دەسسىدى، دەپسەندە قىلدى.

هَاشَ يَهُوْشُ هَوْشًا الْقَوْمُ: قوۋم پاتىپاراق بولۇپ كەتتى، قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

هَاشَتِ الْإِبِلُ: تۆگە ئۈركۈپ كەتتى.

هَاشَ يَهِيْشُ هَيْشًا الْقَوْمُ: قوۋم ھاياجانلاندى، قالايمىقانلاشتى، قوزغالدى.

هَاشٌّ: خۇشال، خۇشاللىق.

هَاشٌّ بَاشٌّ: ھەم خۇشال، ھەم قىزغىن، خۇشال-خۇرام.

الْهَاشِمُ ج هُشَّمٌ: يۇمشاق تاغ؛ ئۇستا سۆت ساغقۇچى.

هَاشِمِيٌّ: ھاشىم ئۇرۇقىغا مەنسۇپ، ھاشىم قەبىلىسىدىن.

هَاشَى يُهَاشِي مُهَاشَاةً فُلَانًا: چاقچاقلاشتى.

هَاصَ يَهِيْصُ هَيْصًا: خۇش بولۇپ كەتتى، شادلىنىپ كەتتى، تەنتەنە قىلدى.

هَاصَ الطَّائِرُ: قۇش ماياقلاپ قويدى.

هَاصَ عُنُقَهُ: كاللىسىنى ئالدى.

هَاصِرٌ: شىر، يولۋاس.

هَاصَّةٌ: چوڭ پىلىنىڭ كۆزى.

هَاضَ يَهِيْضُ هَيْضًا الشَّيْءَ: نەرسىنى سۇندۇرۇۋەتتى، پارچىلىۋەتتى، تىتىۋەتتى.

هَاضَ الطَّائِرُ: قۇش ماياقلىدى.

هَاضَ الْحُزْنُ قَلْبَهُ: قايغۇردى، كۆڭلى يېرىم بولدى.

هَاضَ الْمَرِيْضُ الشَّخْصَ: كېسەل قوزغالدى.

هَاضِمٌ: ھەزىم قىلىشنى ياخشىلايدىغان دورا.

هَاضُوْمٌ ج هَوَاضِمُ / هَوَاضِيْمُ: تاماق سىڭدۈرۈش دورىسى.

«تَنَاوَلَ الْهَاضُوْمَ بَعْدَ الْعِشَاءِ»: كەچلىك تاماقتىن كېيىن تاماق سىڭدۈرۈش دورىسى يېدى.

هَاطَ يَهِيْطُ هَيْطًا: ۋاڭ-چۇڭ قىلدى، جاڭجاللاشتى.

هَاطَ الشَّبَابُ: ياشلار ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشتى.

هَاطِلٌ ج هُطَّلٌ م هَاطِلَةٌ ج هَوَاطِلُ: قاتتىق يامغۇر، چىرمىشىپ كەتكەن زىرائەت.

هَاعَ يَهُوْعُ هَوْعًا الْقَيْءَ: قۇرۇق ھۆ قىلدى.

هَاعَ يَهِيْعُ هَيْعًا وَهَيَعَانًا الشَّخْصُ: ئاچلىقتىن شكايەت قىلدى؛ چۆچۈپ كەتتى، قورقۇپ كەتتى.

هَاعَ الشَّخْصُ مِنَ الْحُبِّ وَالْحُزْنِ: غەم-قايغۇ ۋە مۇھەببەتتىن تېڭىرقاپ قالدى.

هَاعٍ: ئاچ كۆز، تويماس.

هَافَ يَهَافُ هَيْفًا الْعَبْدُ: قۇل قاچتى.

هَافَ يَهَافُ هَيَافًا الْإِبِلُ: تۆگە ئۇسساپ كەتتى، چاڭقاپ كەتتى.

هَافَ يَهِيْفُ هَيْفًا وَرَقُ الشَّجَرِ: دەرەخ يوپۇرمىقى تۆكۈلدى.

هَافَ الشَّخْصُ: چاڭقاپ كەتتى.

هَافِتٌ: ئاجىز، كۈچسىز.

هَافَى يُهَافِي مُهَافَاةً: باشقىسىنى ئازدۇردى.

هَافٍ م هَافِيَةٌ ج هَوَافٍ: قورسىقى ئاچ ئادەم.

هَاكَ: ئال، تۇت.

هَاكَ الْكِتَابَ: كىتابنى ئال.

هَالَ يَهُولُ هَوْلًا الْأَمْرُ فُلَانًا: قورقۇتۇۋەتتى، ئالاقزادە قىلىۋەتتى.

هَالَهُ الزِّلْزَالُ الَّذِيْ دَمَّرَ الْقَرْيَةَ: يېزىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن تەۋرىنىش ئۇنى قورقۇتۇۋەتتى.

هَالَ يَهِيْلُ هَيْلًا عَلَيْهِ التُّرَابَ: ئۇنىڭ ئۈستىگە توپا قۇيدى، توپا تاشلىدى، توپا دۆۋىلىدى.

هَالٌ: ئېزىتقۇ، سەراپ.

هَالِبٌ ج هَوَالِبُ: يامغۇرلۇق كۈن.

هَالَةٌ: ئاينىڭ قوتانلىشىشى.

هَالَةٌ ذَهَبِيَّةٌ: نۇر ھالقىسى.

عَلَى وَجْهِ هَذَا الشَّيْخِ هَالَةٌ مِنْ نُوْرٍ: بۇ بوۋاينىڭ چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ.

هَالِسٌ ج هَوَالِسُ: ئورۇق، ئاۋاق.

هَالِعٌ ج هَوَالِعُ م هَالِعَةٌ: ئەنسىز، خاتىرجەمسىز.

نَعَامٌ هَالِعٌ: يۈگۈرۈك تۆگە قۇش.

هَالِكٌ ج هَلْكَى وَهُلَّكٌ وَهُلَّاكٌ وَهَوَالِكُ: ھالاك بولغۇچى، يوقالغۇچى، ئۆلگۈچى، مۇنقەرىز بولغۇچى، يوق قىلغۇچى، گۇمران قىلغۇچى.

﴿كُلُّ شَيْءٍ هَالِكٌ إِلَّا وَجْهَهُ﴾ «قرآن»: ئاللاھنىڭ زاتىدىن باشقا بارلىق نەرسە يوقىلىدۇ.

هَالٍ: ئالدىدا، پات يېقىندا، كۆرۈنۈش ئالدىدا.

هَالَى يُهَالِي مُهَالَاةً: جېدەللەشتى، دەتالاش قىلىشتى.

هَالٍ م هَالِيَةٌ: قورقۇنچلۇق، خەۋپلىك.

هَالِيٌّ: خىيالىي، يالغان.

هَامَ يَهِيْمُ هَيْمًا وَهُيُوْمًا وَهَيَمَانًا بِهِ: ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى، كۆيۈپ قالدى.

هَامَ الرَّجُلُ: كىشى قاتتىق چاڭقاپ كەتتى.

هَامَ فُلَانٌ لِفُلَانَةٍ: پالانى پالانى ئايالغا كۆيۈپ قالدى.

هَامَ يَهِيْمُ هَيْمًا وَهَيَمَانًا الشَّخْصُ عَلَى وَجْهِهِ: تېڭىرقاپ قالدى.

هَامَ فِي الصَّحْرَاءِ: چۆلدە تېنەپ قالدى.

هَامَ الشَّخْصُ فِي الْأَمْرِ: نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى.

﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّهُمْ فِي كُلِّ وَادٍ يَهِيمُونَ﴾ «قرآن»: ئۇلارنىڭ (سۆز) ۋادىلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرمەمسەن؟

هَامَةٌ ج هَامَاتٌ وَهَامٌ: باش، چوققا؛ ھۆۋقۇش.

هَامَةُ الْقَوْمِ: قوۋمنىڭ ئاقساقىلى، پېشۋاسى، يېتەكچى، ئاتامان.

هَامِجٌ: باشباشتاق.

غَنَمٌ هَامِجٌ: پادىچىسىز قوي.

هَامِدٌ ج هَوَامِدُ: جىمجىت، تىنچ، تىمتاس؛ قاقاس جاي؛ ئۆچكەن.

هَامِدٌ مِنَ النَّبَاتِ: قۇرۇپ قالغان ئوت-چۆپ.

«شَجَر هَامِدٌ»: قۇرۇق دەرەخ.

مَدِيْنَةٌ هَامِدَةٌ: جىمجىت شەھەر.

جُثَّةٌ هَامِدَةٌ: ئۆلۈك، جەسەت، مۇردا.

﴿وَتَرَى الْأَرْضَ هَامِدَةً فَإِذَا أَنزَلْنَا عَلَيْهَا الْمَاءَ اهْتَزَّتْ وَرَبَتْ﴾ «قرآن»: سەن زېمىننى قاقاس كۆرىسەن، ئۇنىڭغا بىز يامغۇر ياغدۇرساق، ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپشىدۇ.

هَامِشٌ ج هَوَامِشُ: تەرەپ، ياقا، چەت، گىرۋەك.

هَامِشُ الْكِتَابِ: كىتابنىڭ چۆرىسى.

حَاشِيَةٌ عَلَى الْهَامِشِ: بەتنىڭ چۆرىسىگە يېزىلغان شەرھى.

هَامِشُ الْمَدِيْنَةِ: شەھەر ئەتراپى.

عَلَى هَامِشِ الْحَوَادِثِ: قىسقا ئوبزور، ئېقىم مەسىلىلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە.

هَامِشِيٌّ: مۇھىم ئەمەس، گىرۋەككە ئائىت.

مُلَاحَظَةٌ هَامِشِيَّةٌ: قوشۇمچە مۇلاھىزە.

هَامِعٌ م هَامِعَةٌ ج هَوَامِعُ: ئاققۇچى، تۆكۈلگۈچى.

طَرْفٌ هَامِعٌ: ياش تۆككۈچى كۆز.

دُمُوعٌ هَوَامِعُ: ئېقىۋاتقان ياش.

هَامِــلٌ ج هُمَّــلٌ وَهُمَّــالٌ م هَامِلَــةٌ ج هَوَامِــلُ: تاشلاندۇق، كۆڭۈل بۆلۈنمىگەن.

كَلْبٌ هَامِلٌ: لالما ئىت.

بَعِيرٌ هَامِلٌ: قويۇۋېتىلگەن تۆگە.

شَابٌ هَامِلٌ: لاغايلاپ يۈرىدىغان ياش، ساياق ياش.

هَامٌّ: مۇھىم؛ چوڭ.

هَامَّةٌ ج هَوَامٌّ: زىيانداش ھاشارات، زەھەرلىك ھاشارات.

هَانَ يَهُونُ هَوْنًا الْأَمْرُ: ئىش ئاسان بولدى.

هَانَ يَهُونُ هَوْنًا وَهَوَانًا وَمَهَانَةً الشَّخْصُ: كىشى خار بولدى.

عِنْدَ الْإِمْتِحَانِ، يُكْرَمُ الرَّجُلُ أَوْ يُهَانُ: كىشى سىناق ئارقىلىق ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ ياكى كەمسىتىلىدۇ.

هَانِئٌ ج هَانِئُونَ: خادىم، مۇلازىم.

يَعِيشُ فِي قَرِيَتِهِ هَانِئَ الْبَالِ: ئۇ يېزىسىدا كۆڭۈللۈك ياشايدۇ.

هَــانَفَ يُهَــانِفُ مُهَانَفَــةً فُــلَانٌ صَــاحِبَهُ: پــالانى چاقچاقلاشتى، ئويناشتى.

هَانَفَتِ الْمَرْأَةُ: ئايال سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى.

هَــانَمَ يُهَــانِمُ مُهَانَمَــةً فُلَانًــا بِحَــدِيْثٍ: مەخپىي سۆزلەشتى، پىچىرلاشتى.

هَانِمٌ ج هَوَانِمُ: خانىم، رەپىقە، خېنىم، ئاغىچا.

هَــاوَدَ يُهَــاوِدُ مُهَــاوَدَةً الــشَّخْصَ: ۋىدالاشتى، خوشلاشتى؛ مادارا قىلدى.

هَاوَدَهُ فِي السِّعْرِ: باھانى چۈشۈرۈپ بەردى.

«هَاوِدْ خَصْمَكَ يَارَجُلُ»: ھەي ئادەم دۈشمىنىڭ بىلەن ئەپلىشىپ قال.

هَاوُونٌ . هَاوُنٌ ج هَوَاوِينُ: ھاۋانچا.

هَاوَى يُهَاوِي مُهَاوَاةً وَهِوَاءً: تېز ماڭدى.

هَاوَاهُ: ئۇنىڭ رايىغا باقتى، ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلدى، ياخشىچاق بولدى.

هَاوٍ ج هُوَاةٌ: چۈشكۈچى، پەسلىگۈچى؛ ئاشىق، سۆيگۈچى؛ ھاۋالىق؛ ھەۋەسكار.

مُلَاكِمٌ هَاوٍ: ھەۋەسكار بوكسيورچى.

مُمَثِّلٌ مَسْرَحِيٌّ هَاوٍ: ھەۋەسكار تىياتىر ئارتىسى.

هَاوِيَةٌ: ھاۋارايى، ئاتموسفېرا؛ ھالاك.

بِئْرٌ بَعِيدَةُ الْهَاوِيَةِ: چوڭقۇر قۇدۇق.

الْهَاوِيَةُ: دوزاخ، جەھەننەم.

هَايَأَهُ يُهَايِأُ مُهَايَأَةً: ئۇنىڭغا قول بولدى، قوشۇلدى.

هَايْهَاتَ: يىراق بولدى، يىراقلاشتى؛ نېمىدېگەن يىراق؟

هَايْهَانَ: يىراقلاشتى، يىراق بولدى، نېمىدېگەن يىراق؟

هَائِبٌ: قورقۇنچاق، يۈرەكسىز.

هَائِجٌ: ئەنسىز، تىنچسىز؛ قالايمىقان بولغۇچى، ھاياجانلانغۇچى؛ غەزەپلەنگۈچى.

هَاجَ هَائِجُهُ: ئۇنىڭ غەزىپى تاشتى.

ثَوْرٌ هَائِجٌ: چىچاڭشىغان ئۆكۈز.

هَائِرٌ: قىڭغىيىپ قالغان.

هَائِعَةٌ ج هَوَائِعُ: قورقۇنچلۇق ئاۋاز، قاتتىق ئاۋاز.

هَائِفٌ: چاڭقاپ كەتكەن؛ يېڭىلگەن، مەغلۇپ بولغان؛ دەلدۈش؛ گالۋاڭ.

هَائِلٌ: قورقۇنچلۇق، ۋەھىملىك.

هَائِلُ الْحَجْمِ: غايەت زور، كىلەڭسىز.

صَوْتُ الْقَنَابِلِ فِي الْحَرْبِ هَائِلٌ: ئۇرۇشتىكى بومبىلارنىڭ گۈلدۈرلىشى تولىمۇ دەھشەتلىك.

هَائِمٌ: ئېزىپ قالغۇچى، تېڭىرقاپ قالغۇچى، چىقىش يولى تاپالماي قالغۇچى.

هُوَ هَائِمٌ فِي أَمْرِهِ: نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغان ئادەم.

هَائِمٌ فِي حُبِّهَا: ئاشىقى بىقارار بولغۇچى.

هَأْهَأَ يُهَأْهِئُ هَأْهَأَةً: قاقاقلاپ كۈلدى.

هَبْ: پەرەز قىل، قىياس قىل.

هَبَا يَهْبُو هُبُوًّا الْغُبَارُ: توپا توزىدى.

هَبَا الشَّخْصُ: ئاستا ماڭدى؛ قاچتى.

هَبَا فُلَانٌ: پالانى ئۆلدى.

هَبَاءٌ ج أَهْبَاءٌ: چاڭ ـ توزان.

﴿فَجَعَلْنَاهُ هَبَاءً مَّنْثُوراً﴾ «قرآن»: ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز.

«الْهَبَاءُ مِنَ النَّاسِ»: كالتە پەملىكلەر.

«ذَهَبَتْ نَصَائِحُهُ هَبَاءً مَنْثُورًا»: ئۇنىڭ نەسىھەتلىرى بىكارغا كەتتى.

هَبَاءَةٌ: چاڭ ـ توزان زەررىسى.

هَبَابٌ: چاڭ ـ توزان.

«اِنْتَشَرَ الْهَبَابُ مَعَ الزَّوْبَعَةِ فَدَخَلَ كُلَّ الْبُيُوتِ»: چاڭ ـ توزان قوزغىلىپ قۇيۇن بىلەن ئۆيلەرگە كىرىپ كەتتى.

هِبَابٌ: شۈدە، بۇس.

هِبَابُ الدُّخَانِ: قورۇم.

هِبَابُ الْمِصْبَاحِ: چىراغنىڭ ئىسى.

هُبَارِيَّةٌ: باشنىڭ كېپىكى.

رِيحٌ هُبَارِيَّةٌ: چاڭ ـ توزانلىق بوران.

هَبَالَةٌ: گالۋاڭ، مەتۇ، ئەخمەق.

هَبَّ يَهِبُّ هَبًّا وَهُبُوبًا وَهَبِيبًا وَهِبَابًا: قوزغالدى، باشلىدى، تۇتۇش قىلدى.

هَبَّ يَكْتُبُ: يېزىشقا باشلىدى.

هَبَّتِ الرِّيحُ: شامال چىقتى.

هَبَّتِ النَّارُ: ئوت ياندى.

«هَبَّتْ عَاصِفَةٌ هَوْجَاءُ»: قارا بوران چىقتى.

«هَبَّتْ نَسَمَةٌ عَلِيلَةٌ»: مەيىن شامال چىقتى.

تَهُبُّ الْعَوَاصِفُ كَثِيرًا فِي فَصْلِ الشِّتَاءِ: قىش پەسلىدە بوران كۆپ چىقىدۇ.

هَبَّ يَهِبُّ هَبًّا وَهُبُوبًا فِي الْحَرْبِ: سوقۇشتا يېڭىلدى، مەغلۇپ بولدى.

هَبَّ يَهُبُّ هُبُوبًا وَهَبًّا مِنْ نَوْمِهِ: ئويغاندى، ئۇيقۇدىن تۇردى، بىدار بولدى.

هَبَّ لِلْحَرْبِ: جەڭگە تەييارلاندى.

هَبَّ فِي: قارشىلىق كۆرسەتتى.

هَبَّ لِنَجْدَةِ الْمُسْتَغِيثِ: ياردەم سورىغۇچىغا ياردەم بېرىشكە ئالدىرىدى.

«هُبُّوا إِلَى الصَّلَاةِ»: نامازغا تۇرۇڭلار.

كُلُّ مَنْ هَبَّ وَدَبَّ: جەمئىي جانلىق، ھەربىر ئىنسان.

هَبَّارٌ: يۇڭلۇق مايمۇن.

هَبَّبَ يُهَبِّبُ تَهْبِيبًا الثَّوْبَ: كىيىمنى يىرتىۋەتتى.

هَبَّبَهُ: ئۇنى ئىسلاپ قارىدىتىۋەتتى.

الْهَبَّةُ: بىر قېتىم.

هَبَّةُ رِيحٍ: بىردەملىك شامال.

هَبَّجَ يُهَبِّجُ تَهْبِيجًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ئىششىتىۋەتتى.

هَبَّشَ يُهَبِّشُ تَهْبِيشًا الشَّيْءَ: نەرسىنى توپلىدى، يىغدى.

هَبَّطَ يُهَبِّطُ تَهْبِيطًا: چۈشۈردى، چۈشۈرۈۋەتتى.

«هَبَّطَ الْحِمْلَ مِنْ ظَهْرِ الْجَمَلِ»: يۈكنى تۆگىنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈردى.

«هَبَّطَ التُّجَّارُ مِنْ أَسْعَارِ الْأَقْمِشَةِ بِنِسْبَةِ 10%»: تىجارەتچىلەر مال باھاسىنى 10% چۈشۈردى.

هَبَّطَ دَرَجَةَ حَرَارَتِهِ: تېمپېراتۇرىسىنى چۈشۈرۈۋەتتى.

هَبَّلَ يُهَبِّلُ تَهْبِيلًا: كەسىپ قىلدى، كەسىپ بىلەن شۇغۇللاندى.

هَبَتَ يَهْبِتُ هَبْتًا وَهُبَاتًا فُلَانًا: پالاننى گاڭگىرىتىپ قويدى.

هَبَتَهُ: ئۇنى بويسۇندۇردى.

هَبَتَ الشَّخْصُ: كىشى قورقۇنچاق بولۇپ قالدى.

هِبَةٌ: سوۋغا، ھەدىيە.

«الَّذِي يَعُودُ هِبَتَهُ كَالْكَلْبِ يَرْجِعُ فِي قَيْئِهِ» «حديث»:

بەرگەن سوۋغىسىنى قايتۇرۇۋالىدىغان كىشى ئۆزىنىڭ قۇسۇقىنى يېگەن ئىتقا ئوخشايدۇ.
هَبْتَةٌ: ئاجىزلىق، كۈچسىزلىق، ئىنجىمارۇق.
فِي عَقْلِهِ هَبْتَةٌ: ئۇنىڭ ئەقلى ئاجىز.
هَبَجَهُ يَهْبَجُ هَبَجًا بِالْعَصَا: ئۇنى تاياق بىلەن ئۇردى.
هَبِجَ يَهْبَجُ هَبَجًا وَجْهُ الرَّجُلِ: كىشىنىڭ يۈزى ئىششىپ قالدى.
هَبِجَ الْحَلُوبُ: يېلىنى ئىششىپ قالدى.
هَبِجٌ: يۈزى كۆپىشىپ قالغان ئادەم.
هَبَدَ يَهْبِدُ هَبْدًا الْهَبِيدَ: ئاچچىق تاۋۇزنى تېرىپ پارچىلاپ پىشۇردى.
هَبَدَ فُلَانًا: پالانىغا ئاچچىق تاۋۇز يېگۈزدى.
هَبَدَ الْوَلَدَ: بالىنى ئىتتىرىپ يىقىتىۋەتتى.
هَبَدَهُ بِالْهِرَاوَةِ: ئۇنى تاياق بىلەن سالدى.
هَبْدَةٌ: گۈپىيدە چىققان ئاۋاز.
هَبَذَ يَهْبِذُ هَبْذًا الْفَرَسُ: ئات چاپتى.
مَرَّ فُلَانٌ يَهْبِذُ: پالانى چاپسان ئۆتۈپ كەتتى.
هَبَرَ يَهْبُرُ هَبْرًا اللَّحْمَ: گۆشنى پارچىلىدى.
هَبَرَ الْجَزَّارُ فَخِذَ الشَّاةِ: قاسساپ قوينىڭ سېنىنى پارچىلىدى.
هَبِرَ يَهْبَرُ هَبَرًا الْحَيَوَانُ: هايۋان سەمرىدى.
هَبِرَتِ الْبَقَرَةُ: كالا سەمرىدى.
هَبْرٌ: گۆش، لوق گۆش.
هَبِرٌ: سېمىز، گۆشلۈك.
هَبْرَةٌ ج هَبَرَاتٌ: لوق گۆش پارچىسى.
اِشْتَرَى رَطْلًا مِنَ الْهَبْرَةِ: لوق گۆشتىن 4493 گىرام سېتىۋالدى.
هَبِرِيَّةٌ: باشنىڭ كېپىكى.
هَبَزَ يَهْبِزُ هَبْزًا وَهُبُوزًا وَهَبَزَانًا: ئۆلدى، تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قالدى.
هَبَشَ يَهْبِشُ هَبْشًا الشَّيْءَ: نەرسىنى يىغدى، توپلىدى.
هَبَشَ الضَّرْعَ: قول بىلەن ساغدى.
هَبَشَ الشَّخْصُ لِعِيَالِهِ: ئائىلىسى ئۈچۈن كەسىپ قىلدى.
هَبَشَ فُلَانًا: پالانىنى قاتتىق ئۇردى.
هَبَصَ يَهْبِصُ هَبْصًا: چاققان بولدى، چاققانلىق قىلدى.
هَبِصَ يَهْبَصُ هَبَصًا: تېز ماڭدى.
هَبِصَ الْكَلْبُ: ئىت ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئۇۋ ئوۋلىدى.
هَبِصَ فُلَانٌ عَلَى الشَّيْءِ يَأْكُلُهُ: پالانى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يېدى.
هَبِصَ بِالضِّحْكِ: قاقاقلاپ كۈلدى.
هَبَطَ يَهْبِطُ هُبُوطًا الشَّيْءُ: نەرسە چۈشتى، تۆۋەنلىدى.
هَبَطَ السَّقْفُ: شىپ ئۆرۈلۈپ چۈشتى، تورۇس گۇمۇرۇلۇپ چۈشتى.
هَبَطَ ثَمَنُ السِّلْعَةِ: مال باھاسى تۆۋەنلىدى.
هَبَطَتِ الرِّيحُ: شامال توختىدى.
هَبَطَ الشَّخْصُ الْمَكَانَ أَوْ فِيهِ: كەلدى.
هَبَطَ السُّوقَ: بازارغا كىردى.
هَبَطَ بِالْمِظَلَّةِ: شار بىلەن چۈشتى.
هَبَطَتِ الطَّائِرَةُ فِي الْمَطَارِ: ئايروپىلان ئايرودرومغا قوندى.
هَبَطَ يَهْبُطُ هَبْطًا: كەلدى، يېتىپ كەلدى.
هَبَطَهُ: ئۇنى چۈشۈرۈۋەتتى.
هَبَطَ الْمَرَضُ لَحْمَهُ: كېسەل ئۇنى جۇدىتىۋەتتى.
﴿اهْبِطُوا مِصْرًا﴾ «قرآن»: بىرەر شەھەرگە كىرىڭلار.
هَبْطٌ: چۈشمەك، تۆۋەنلىمەك.
هَبْطَةٌ: بىر قېتىم چۈشمەك؛ ئۆتكۈر.
هَبَعَ يَهْبَعُ هَبْعًا وَهُبُوعًا الْحِمَارُ: ئېشەك قاشاڭلىق بىلەن ماڭدى.
هَبَعَ الْبَعِيرُ: تۆگە بويىنىنى سوزۇپ ماڭدى.

هُبَعٌ ج هُبَعَاتٌ وَهِبَاعٌ م هُبَعَةٌ ج هُبَعَاتٌ: ئېشەك.
هَبَغَ يَهْبَغُ هَبْغًا وَهُبُوْغًا الرَّجُلُ: كىشى ئۇخلىدى، كۆندۈزى ئۇخلىدى.
هَبْغَةٌ: ئۇيقا.
هُبَكَةٌ ج هُبَكَاتٌ وَهُبَكٌ: ئەخمەق، مەتۇ؛ ماگسا پۇت پېتىپ قالىدىغان يەر، سازلىق.
هَبِلَ يَهْبَلُ هَبْلًا الشَّخْصُ: ئەقلىنى يوقاتتى.
هَبِلَتِ الْأُمّ وَلَدَهَا: ئانا بالىسىدىن ئايرىلىپ قالدى.
هَبَلٌ: ئىش، خىزمەت؛ ئەخمەق، ئەقىلسىز.
هُبَلٌ: ھۇبەل (جاھىلىيەت دەۋرىدە كەئبىگە قويۇلغان بىر بۇتنىڭ نامى).
هَبْلَاءُ ج هُبْلٌ: ئورۇق ئايال.
هَبْلَةٌ: پار.
هِبَلٌّ / هِبِلٌّ: بويى ئېگىز ئادەم، شادىپاچاق.
هَبْهَابٌ: سەراب، ئېزىتقۇ.
هَبْهَبَ يُهَبْهِبُ هَبْهَبَةً الشَّخْصُ: ئالدىرىدى، تېنىدى.
«هَبْهَبَ بَعْدَ الْقَيْلُوْلَةِ»: چۈشلۈك ئۇيقۇدىن ئويغاندى.
«هَبْهَبَ النَّجْمُ»: يۇلتۇز جىمىرلىدى.
«رَأَي الْكَلْبُ شَخْصًا غَرِيْبًا فَأَخَذَ يُهَبْهِبُ»: ئىت يات ئادەمنى كۆرۈپ قاۋىغىلى باشلىدى.
هَبْهَبٌ: ئىتتىك، تېز.
«جَمَلٌ هَبْهَبٌ»: تېز ماڭىدىغان تۆگە.
هَبْهَبِيٌّ: تېز، ئىتتىك.
هَبْوٌ: توزىماق، ئوتنىڭ ئوتسىزلىقۇدەك دەرىجىدە بولغىنى.
هُبُوْبٌ: قوزغالماق.
هُبُوْبُ الرِّيْحِ: شامال چىقماق، شامال قوزغالماق.
هَبُوْبٌ هَبُوْبَةٌ: چاڭ، چاڭ-توزان، چاڭ-توزانلىق بوران، چاڭ-توزان قوزغىغۇچى بوران.
هَبْوَةٌ ج هَبَوَاتٌ وَأَهْبَاءٌ: توپا-توزان.
هُبُوْطٌ: چۈشمەك، پەسەيمەك، نازىل بولماق؛ كەلمەك.
«هُبُوْطُ الضَّغْطِ»: بېسىمنىڭ تۆۋەنلىشى.
«هُبُوْطُ الْأَرْضِ»: زېمىننىڭ ئولتۇرۇشۇپ كېتىشى.
«هُبُوْطٌ اِضْطِرَارِيٌّ»: ئايروپىلاننىڭ مەجبۇرىي قوندۇرۇلۇشى.
هُبُوْطُ الْمَقْعَدَةِ: سوگى چىقىپ قالماق.
هُبُوْطٌ صِحِّيٌّ: ئاجىزلاشماق، زەئىپلەشمەك.
هَبُوْطٌ: يانتۇلۇق.
هَبِيْبٌ: چاڭ-توزان، چاڭ-توزانلىق بوران، چاڭ-توزان قوزغىغۇچى بوران.
هَبِيْتٌ: قورقۇنچاق، دۆت، مەتۇ، گالۋاڭ.
هَبِيْدٌ: ئاچچىق تاۋۇز.
هُبَيْرَةٌ: سىرتلان.
أَبُوْ هُبَيْرَةَ: ئەركەك پاقا.
أُمّ هُبَيْرَةَ: چىشى پاقا.
هَبِيْطٌ: ئورۇق، ياداڭغۇ.
هَبِيْلٌ: ئەخمەق، نادان، دۆت؛ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى.
هَتَا يَهْتُوْا هَتْوًا: سۇندۇردى، تېپىپ سۇندۇرۇۋەتتى.
هُتَافٌ ج هُتَافَاتٌ: توۋلىماق، ۋارقىرىماق، ئالقىش.
هُتَافُ الْاِسْتِحْسَانِ: ئالقىشلىماق، تەنتەنە قىلماق.
هُتَافُ الْفَرَحِ: خۇشاللىق تەنتەنىسى.
هُتَافُ الْحَرْبِ: ئۇرۇش شاۋقۇن-سۈرەنلىرى، ھۇررا.
«قُوْبِلَ رَئِيْسُ الدَّوْلَةِ بِهُتَافٍ حَارٍّ» دۆلەت باشلىقى قىزغىن ئالقىشلار بىلەن كۈتۈۋېلىندى.
«اُسْتُقْبِلَ بِعَاصِفَةٍ مِنَ الْهُتَافِ»: ئالقىش سادالىرى ئىچىدە كۈتۈۋېلىندى.
هُتَامَةٌ: ئۇۋاق، پارچە.
هَتَأَ يَهْتَأُ هَتْأً الطَّعَامَ: تاماق يېدى.
هَتَأَهُ: ئۇنى تاياق بىلەن ئۇردى.
هَتَأَ الرَّجُلُ: كىشى ئېگىلىپ قالدى.

هَتَأٌ: يىرىق، تۆشۈك.

هَتْءٌ: ۋاقىت.

مَضَى مِنَ اللَّيْلِ هَتْءٌ: كېچىدىن بىر ۋاقىت ئۆتتى.

هَتِئَ يَهْتَأُ هَتَأً الرَّجُلُ: كىشى ئاغرىقتىن ئىگىلىپ قالدى.

هَتَّ يَهُتُّ هَتًّا الرَّجُلُ: كىشىنىڭ ئابرۇيىنى تۆكتى.

هَتَّهُ بِكَذَا: ئۇنى ھاقارەتلىدى.

هَتَّافٌ ج هَتَّافُوْنَ: شوئار توۋلاشقا يېتەكچىلىك قىلغۇچى.

هَتَّانٌ: قاتتىق يامغۇر، قارا يامغۇر.

هَتَّكَ يُهَتِّكُ تَهْتِيْكًا الْأَسْتَارَ: پەردىلەرنى يىرتىۋەتتى.

هَتَّمَ يُهَتِّمُ تَهْتِيْمًا: قاتتىق ئۇردى، ئاجىزلىتىۋەتتى.

هَتَرَ يَهْتِرُ هَتْرًا الرَّجُلُ: كىشى ئەخمەق بولدى، ھاماقەت، نادان بولدى.

هَتَرَ عِرْضَ فُلَانٍ: پالانىنىڭ ئابرۇيىنى تۆكتى.

هَتَرَ الْكِبَرُ فُلَانًا: قېرىلىق پالانىنىڭ ئەس-ھوشىنى يوقاتتى.

هَتْرٌ: ئالجىش، قايمۇقۇش، گاڭگىراش، ئەقلىدىن ئېزىش.

هِتْرٌ ج أَهْتَارٌ: ئېغىزغا كەلگەننى جۆيلۈش، يالغان-ياۋىداق گەپ.

هَتَشَ يَهْتِشُ هَتْشًا الْكَلْبَ: ئىتنى ئوۋغا كۇشكۇرتتى.

هَتَعَ يَهْتَعُ هَتْعًا إِلَى قَوْمِهِ: ئۆز قوۋمىغا تېز باردى.

هَتَفَ يَهْتِفُ هَتْفًا وَهُتَافًا: توۋلىدى، سۈرەن سالدى، ۋارقىرىدى.

«هَتَفَ بِأَعْلَى صَوْتِهِ»: بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى.

«هَتَفَ الْقَوْمُ بِحَيَاةِ زَعِيْمِهِمْ قَائِلِيْنَ يَحْيَا يَحْيَا»: قوۋم ئۆز داھىيسىنى ياشىسۇن، ياشىسۇن، دەپ شوئار توۋلىدى.

فُلَانٌ يُهْتَفُ بِهِ: پالانىنىڭ خىسلەتلىرى تىلغا ئېلىنماقتا.

«أُمُّ كُلْثُومْ يُهْتَفُ بِهَا لِرَوْعَةِ غِنَائِهَا»: ئۇممۇگۇلسۇم ناخشىسىنىڭ ئېسىللىكىدىن ئالقىشلانماقتا.

هَتْفَةٌ: بىر قېتىم توۋلاش.

هَتَكَ يَهْتِكُ هَتْكًا السِّتْرَ: پەردىنى تارتىپ چۇشۇرۇۋەتتى.

هَتَكَ الثَّوْبَ: كىيىمنى يىرتىۋەتتى.

هَتَكَ اللهُ سِتْرَهُ: ئاللاھ ئۇنى رەسۋا قىلىۋەتسۇن.

هَتَكَ حُرْمَةَ الْمَرْأَةِ: ئايالنىڭ ئار-نومۇسىغا تەگدى.

هُتِكَ عَرْشُ الْمَلِكِ: پادىشاھنىڭ تەختى قولدىن كەتتى.

هَتْكٌ: يىرتماق، پارچىلىماق.

هَتْكُ الْعِرْضِ: ئابرۇيىنى تۆكمەك.

هُتْكٌ: يېرىم كېچە.

هُتْكَةٌ ج هُتَكٌ: كېچىنىڭ بىر قىسمى؛ رەسۋاچىلىق.

هَتَلَ يَهْتِلُ هَتْلًا وَهُتُوْلًا الْمَطَرُ: يامغۇر توختىماي ياغدى.

هَتَلَانٌ: سىم-سىم يامغۇر.

هَتَمَ يَهْتِمُ هَتْمًا الشَّيْءَ: نەرسىنى سۇندۇردى.

هَتَمَ أَسْنَانَهُ: ئۇنىڭ چىشلىرىنى تۆكۈۋەتتى.

هَتَمَ فَاهُ: ئوتتۇرا چىشىنى سوغۇرۇۋالدى.

هَتِمَ يَهْتَمُ هَتَمًا الرَّجُلُ: كىشى كوماك بولۇپ قالدى.

هَتَمٌ: كوماك.

هَتْمَاءُ ج هُتْمٌ: كوماك ئايال.

هَتَنَ يَهْتِنُ هَتْنًا وَهُتُوْنًا وَهَتَنَانًا الدَمْعُ: ياش تاراملاپ ئاقتى.

هَتَنَتِ السَّمَاءُ: يامغۇر قۇيۇۋەتتى.

هَتْنٌ: قاتتىق يامغۇر، قارا يامغۇر.

«هَتُوْفٌ»: توۋلىغۇچى، ۋارقىرىغۇچى.

حَمَامَةٌ هَتُوْفٌ: دەمدەر.

هَتُوْنٌ ج هُتُنٌ وَهُتَّنٌ: قاتتىق يامغۇر، قارا يامغۇر.

سَحَابٌ هَتُوْنٌ: يامغۇرلۇق بۇلۇت.

عَيْنٌ هَتُوْنُ الدَّمْعِ: تاراملاپ ياش تۆكۈلىدىغان كۆز.

هَتِيْكَةٌ: شەرمەندە، رەسۋا.

هَتِيٌّ ج أَهْتَاءٌ مِنَ اللَّيْلِ: كېچىنىڭ بىر قىسمى.

مَضَى هَتِيٌّ مِنَ اللَّيْلِ: كېچىنىڭ بىر قىسمى ئۆتتى.

هَتَّ يَهِتُّ هَتًّا: يالغان ئېيتتى.

هَتَّ الْأَشْيَاءَ: نەرسىلەرنى بىر-بىرىگە ئارىلاشتۇردى.

هَتَّاتٌ: يالغانچى، كاززاپ.

هَثْرَمَ يُهَثْرِمُ هَثْرَمَةً: تولا سۆزلىدى.

هَثَمَهُ يَهْثِمُ هَثْمًا: ئۇنى سوقۇپ تالقان قىلىۋەتتى.

الْهَثْهَاثُ: تېز، چاپسان.

شَيْءٌ هَثْهَاثٌ: ئارىلاشما نەرسە.

رَجُلٌ هَثْهَاثٌ: يالغانچى، كاززاپ.

هَثْهَثَ يُهَثْهِثُ هَثْهَثَةً الشَّيْءُ: نەرسە ئارىلىشىپ كەتتى.

هَثْهَثَ الْوَالِي النَّاسَ: ۋالىي خەلققە زۇلۇم قىلدى.

هَثَى يَهْثِي هَثَيَانًا التُّرَابَ: توپىنى ئىسقىنداپ ئېلىپ چاچتى.

هَجَاهُ يَهْجُو هَجْوًا وَهِجَاءً الرَّجُلَ: كىشىنى ھاقارەتلىدى، ئاھانەت قىلدى، ئەيىبىنى ئاچتى، ھەجۋىي قىلدى.

«هَجَا الشَّاعِرُ فُلَانًا»: شائىر پالانىنى ھەجۋىي قىلدى.

هَجَا الْكِتَابَ: كىتابنى ئوقۇدى.

«إِنَّهُ لَا يَهْجُوْ مِنَ الْقُرْآنِ شَيْأً»: ئۇ قۇرئاندىن ھېچ نەرسە ئوقۇيالمايدۇ.

هِجَاءٌ: ئاۋۇشلارنى قوشۇپ ئوقۇماق، ھەجىلىمەك.

حُرُوْفُ الْهِجَاءِ: ئېلىپبە.

عَلَى حُرُوْفُ الْهِجَاءِ: ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە.

عِلْمُ الْهِجَاءِ: ئىملا، ئىملا قائىدىسى.

«اِشْتَهَرَ الْحَطِيْئَةُ بِالْهِجَاءِ»: ھەتىئە دېگەن شائىر ھەجۋىي شېئىر يېزىش بىلەن داڭ چىقارغان.

هِجَائِيٌّ: ئىملانىڭ، ئېلىپبەنىڭ، ئېلىپبەلىك.

«شِعْرٌ هِجَائِيٌّ»: ھەجۋىي شېئىر.

«حَفِظَ الْحُرُوْفَ الْهِجَائِيَّةَ مِنَ الْأَلِفِ إِلَى الْيَاءِ»: ئېلىپتىن ياغىچە ئېلىپبە ھەرپلىرىنى يادلىدى.

هَجَاجٌ: تېز مېڭىش.

هَجَاجَيْكَ: توختا، قولۇڭنى كۆتۈر.

هَجَاجَةٌ: چاڭ-توزان، ئەخمەق، گالۋاڭ.

رَجُلٌ هَجَاجَةٌ: مەتۇ ئادەم.

هِجَارٌ ج هُجُرٌ: ھايۋاننىڭ ئىككى پۇتىنى چۇشەپ قويىدىغان ئارغامچا، چىدە.

هِجَانٌ مِنَ الْإِبِلِ: نەسىللىك تۆگە.

هَجَأَ يَهْجَأُ هَجْأً وَهُجُوْءًا جُوْعُهُ: ئۇنىڭ قورساق ئاچلىقى بېسىلدى.

هَجَأٌ: تاشلىۋېتىلگەن ئادەت.

هُجَأَةٌ: ئەخمەق، گالۋاڭ، مەتۇ.

هَجِئَ يَهْجَأُ هَجَأً: قورسىقى بەك ئېچىپ كەتتى.

هَجَّ يَهِجُّ هَجًّا وَهَجِيْجًا الشَّخْصُ: قېچىپ كەتتى، يىراق جايغا كەتتى.

هَجَّتِ الْعَيْنُ: كۆز ئولتۇرۇشۇپ كەتتى.

هَجَّتِ النَّارُ: ئوت گۇرۇلدەپ كۆيدى.

هَجَّ الْبَيْتَ: ئۆيىنى بۇزدى.

هُجٌّ: بويۇنتۇرۇق.

هَجَّاءٌ ج هَجَّاءُوْنَ: ھەمىشە ھەجۋىي قىلىدىغان ئادەم.

«شَاعِرٌ هَجَّاءٌ»: ھەجۋىي قىلغۇچى شائىر.

هَجَّامٌ: باتۇر؛ نومۇسسىز، يۈزى قېلىن.

هَجَّانٌ ج هَجَّانَةٌ: نەسىللىك تۆگىگە مىنگۈچى.

فِرْقَةُ الْهَجَّانَةِ: تۆگە بىلەن چېگرا تەكشۈرۈش ئەترىتى.

هَجَّجَ يُهَجِّجُ تَهْجِيْجًا النَّارَ: ئوتنى گۇركىرىتىپ كۆيدۈردى.

تُهَجَّجُ النِّيْرَانُ فِي عَاشُوْرَاءَ: ئاشۇرا كۈنىدە ئوتلار ياندۇرۇلىدۇ.

هَجَّدَ يُهَجِّدُ تَهْجِيْدًا الشَّخْصُ: كېچىدە ئۇخلىدى؛ كېچىدە ناماز ئوقۇدى.

هَجَّدَ الشَّخْصَ: ئويغىتىۋەتتى؛ ئۇخلىتىپ قويدى.

هَجَّرَ يُهَجِّرُ تَهْجِيْرًا النَّهَارُ: كۈن تىكلەشتى.

هَجَّرَ الْقَوْمُ: چىڭقى چۈشتە ماڭدى.

هَجَّرَ الْقَوْمَ: قوغلاپ چىقاردى.

«هَجَّرَ الْمُسْتَعْمِرُ النَّاسَ مِنْ أَرَاضِيْهِمْ»: مۇستەملىكىچىلەر كىشىلەرنى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقاردى.

هَجَّلَ يُهَجِّلُ تَهْجِيْلًا فُلَانًا: تىللىدى، ھاقارەتلىدى.

هَجَّلَ عِرْضَهُ: ئۇنىڭغا قارا چاپلىدى.

هَجَّمَ يُهَجِّمُ تَهْجِيْمًا عَلَيْهِ: ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدۇردى.

«وَكَلَ فُلَانًا إِلَى رَأْيِهِ»: پالانىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتى.

«اللَّهُمَّ لَا تَكِلْنَا إِلَى أَنْفُسِنَا طَرْفَةَ عَيْنٍ» ‹حديث›: ئى ئاللاھ، بىزنى بىردەممۇ نەپسىمىزنىڭ مەيلىگە قويۇۋەتمىگىن.

وَكَلٌ . وَكَلَةٌ: قابىلىيەتسىز، ئىقتىدارسىز.

وَكَمَ يَكِمُ وَكْمًا فُلَانًا عَنْ حَاجَتِهِ: قوپاللىق بىلەن قايتۇردى، قوپاللىق بىلەن رەت قىلدى.

وَكَمَ فُلَانًا الْأَمْرُ: پالانىنى غەم-قايغۇغا سالدى، خاتىرجەمسىزلەندۈردى.

وَكَنَ يَكِنُ وَكْنًا وَوُكُوْنًا الطَّائِرُ: قۇش ئۇۋىسىغا كىردى.

وَكْنٌ ج وُكُوْنٌ: ئۇۋا، چاڭگا.

وَكْنَةٌ ج وُكَنَاتٌ: ئۇۋا، چاڭگا.

وَكِيْتٌ: سۇخەنچىلىك، قارا چاپلاش.

وَكِيْدٌ: تەكىتلەنگەن، كۈچەيتىلگەن، مۇقىملاشقان، ئېنىقلىق، چىڭ، پۇختا.

وَكِيْرَةٌ: توي تامىقى.

وَكِيْعٌ: رەزىل، مۇستەھكەم، كۈچلۈك چىشى تۆگە، سەركە.

وَكِيْلٌ ج وُكَلَاءُ: ۋاكالەتەن باشقۇرغۇچى، ۋاكالەتچى؛ ۋەكىل؛ مۇئاۋىن.

وَكِيْلُ الدَّعْوَى: ئادۋوكات.

وَكِيْلُ الْأَوْقَافِ: ۋەخپىلەرنى باشقۇرغۇچى.

وَكِيْلٌ شَرْعِيٌّ: قانۇنىي ۋەكىل.

وَكِيْلُ الْوِزَارَةِ: مۇئاۋىن مىنىستىر.

وَكِيْلُ الْمُدِيْرِ: مۇئاۋىن مۇدىر.

وَكِيْلُ رَئِيْسِ مَجْلِسِ النَّوَّابِ: مۇئاۋىن پارلامېنت باشلىقى.

الْوَكِيْلُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، «بەندىلىرىگە يېتەرلىك رىزقنى بەرگۈچى ئاللاھ»، دېگەن مەنىدە.

﴿وَاللّٰهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ وَكِيلٌ﴾ ‹قرآن›: ئاللاھ ھەممە نەرسىنى تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر.

وَلَاءٌ: مۇھەببەت، دوستلۇق، ئىناقلىق؛ سادىقلىق؛ يېقىنلىق، تۇغقانچىلىق؛ داۋاملىق، ئارقىمۇئارقا، مال-مۈلۈك، مىراس.

الْوَلَاءُ لِلْوَطَنِ: ۋەتىنىگە سادىق بولماق.

«أَدَّى الْقَوْمُ فُرُوْضَ الْوَلَاءِ لِلْمَلِكِ»: قوۋم پادىشاھقا سادىقلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلدى.

«جَاؤُا وَلَاءً»: ئارقىمۇئارقا كەلدى.

وِلَاءٌ: داۋاملىق، ئارقىمۇئارقا، پەيدىنپەي.

وِلَاجٌ ج وُلُجٌ: ئىشىك؛ ۋادى؛ ئويمان يەر.

وِلَادَةٌ: تۇغۇت، يەڭگىش، پەيدا بولۇش؛ باشلىنىش.

وِلَادَةٌ حَدِيْدَةٌ: قايتا گۈللەنمەك، قايتىدىن تىكلىمەك، يېڭى ھايات.

وِلَادَةٌ طَبِيْعِيَّةٌ: تەبىئىي تۇغۇت، نورمال تۇغۇت.

وِلَادَةٌ مُعَجَّلَةٌ: چالا توغۇت؛ نورمالسىز تۇغۇت.

وِلَادَةٌ قَيْصَرِيَّةٌ: ئوپېراتسىيە بىلەن بالىنى ئېلىش.

«عِلْمُ الْوِلَادَةِ»: تۇغۇتشۇناسلىق.

«قِسْمُ الْوِلَادَةِ»: تۇغۇت بۆلۈمى.

«يَوْمُ الْوِلَادَةِ»: تۇغۇلغان كۈن.

وِلَادَةٌ سَهْلَةٌ: ئاسان تۇغۇت.

وِلَادَةٌ عَسِيْرَةٌ: قىيىن تۇغۇت.

«مَوْلُوْدٌ حَدِيْثُ الْوِلَادَةِ»: يېڭى تۇغۇلغان، بوۋاق.

وِلَايَةٌ: ھۆكۈمرانلىق، ئىگىدارچىلىق قىلماق، باشقۇرماق؛ ئەۋلىيالىق؛ ۋىلايەت، يېقىنلىق،

تۇغقانچىلىق؛ كىنەزلىك.

«أَهْلُ الْوِلَايَةِ»: ئەۋلىيا، ۋەلى.

وَلَبَ يَلِبُ وُلُوْبًا: كىردى، كىرىپ كەلدى، ئالدىراپ كىردى.

وَلَجَ يَلِجُ وُلُوْجًا: كىردى.

﴿يَعْلَمُ مَا يَلِجُ فِي الْأَرْضِ وَمَا يَخْرُجُ مِنْهَا﴾ «قرآن»: ئاللاھ زېمىننىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىدىغان (يەنى، يامغۇر، كان ۋە ئۆلۈكلەرگە ئوخشاش) نەرسىلەرنى، زېمىندىن چىقىدىغان (ئۆسۈملۈك، بۇلاق ۋە قۇدۇقلارنىڭ سۈيى قاتارلىق) نەرسىلەرنى ... بىلىپ تۇرىدۇ.

«وَلَجَ الشَّخْصُ الْبَيْتَ»: كىشى ئۆيگە كىردى.

وَلَدَتْ يَلِدُ وِلَادَةً وَمَوْلِدًا الْأُنْثَى: ئايال تۇغدى، كۆزى يورۇدى، تەۋەللۇت قىلدى.

وَلَدَتِ النَّبَاتَ الْأَرْضُ: ئوت - چۆپ ئۈندى.

«كَمْ مِنْ أَخٍ لَكَ لَمْ تَلِدْهُ أُمّكَ»: ئاناڭ تۇغمىغان قېرىنداشلىرىڭمۇ خېلىلا كۆپ.

﴿لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ﴾ «قرآن»: ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس.

وَلَدٌ ج أَوْلَادٌ: بوۋاق، كىچىك بالا.

«بَيْتُ الْوَلَدِ»: بالىياتقۇ.

﴿وَمَا يَنبَغِي لِلرَّحْمَنِ أَن يَتَّخِذَ وَلَداً﴾ «قرآن»: بالىسى بولۇش ئاللاھقا لايىق ئەمەس.

وَلْدَةٌ: ھايۋاننىڭ بىر قېتىم بوغاز بولمىقى.

وَلَذَ يَلِذُ وَلْذًا الرَّجُلُ: تېز ماڭدى، تېز ھەرىكەتلەندى.

وَلَسَ يَلِسُ وَلْسًا: ساختا قىلدى، خىيانەت قىلدى، ئالدىدى.

وَلَسَ الْحَدِيْثَ: سۆزنى دارىتمىلاپ ئۆتتى، پۈرىتىپ ئۆتتى.

وَلِعَ يَوْلَعُ وَلَعًا وَوُلُوْعًا بِهِ: ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى، مەپتۇن بولدى، ئاشىق بولدى.

وَلِعٌ: چىن يۈرەكتىن باغلانغۇچى، ئاشىق بولغۇچى، چىن يۈرەكتىن سۆيگۈچى.

«إِنَّهُ يُحِبُّ شِرَاءَ الْكُتُبِ لَكِنَّهُ لَيْسَ شَدِيْدَ الْوَلِعِ بِاقْتِنَائِهَا»: ئۇ كىتاب سېتىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدىۇ، ئەمما كىتاب ساقلاش ھەۋەسكارلىرىدىن ئەمەس.

وَلَغَ يَلَغُ وَلْغًا وَوُلُوْغًا وَوَلَغَانًا الْكَلْبُ الْإِنَاءَ: ئىت قاچىنى يالىدى.

«فُلَانٌ يَأْكُلُ لُحُوْمَ النَّاسِ وَيَلَغُ فِي دِمَائِهِمْ»: پالانى كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدۇ.

وَلَغَ يُوْلَغُ إِيْلَاغًا الْكَلْبَ: ئىتقا ئىچىدىغان نەرسە بەردى.

وِلْفٌ: دوست، ئاغىنە، بۇرادەر، ئۈلپەت.

وَلَّادَةٌ: تۇغۇمچان ئايال.

وَلَّاعَةٌ ج وَلَّاعَاتٌ: چاقماق.

وَلَّدَ يُوَلِّدُ تَوْلِيْدًا الْوَلَدَ: بالىنى تەربىيىلىدى، تەربىيىلەپ ئۆستۈردى.

«وَلَّدَتِ الْقَابِلَةُ الْمَرْأَةَ»: تۇغۇت ئانىسى ئايالنى تۇغدۇردى.

وَلَّدَ الْكَهْرَبَاءَ: توك چىقاردى.

وَلَّعَ يُوَلِّعُ تَوْلِيْعًا: مەپتۇن قىلدى، شەيدا قىلدى.

وَلَّهَ يُوَلِّهُ تَوْلِيْهًا الرَّجُلَ: كىشىنى غەمگە سالدى.

«وَلَّهَهُ الْحُزْنُ أَوِ الْوَجْدُ»: غەم ياكى مۇھەببەت ئۇنىڭ ئەقلى - ھوشىنى كەتكۈزدى.

وَلَّى يُوَلِّى تَوْلِيَةً الرَّجُلُ: ئارقىغا ياندى، چېكىندى.

«وَلَّى هَارِبًا»: بەدەر قاچتى، تىكىۋەتتى.

وَلَّى عَنْهُ: ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى.

﴿وَإِذَا تُتْلَى عَلَيْهِ آيَاتُنَا وَلَّى مُسْتَكْبِراً﴾ «قرآن»: ئەگەر ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز (يەنى، قۇرئان ئايەتلىرى) ئوقۇپ بېرىلسە، ... (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە قۇلاق سېلىشتىن) تەكەببۇرلۇق بىلەن يۈز ئۆرۈيدۇ.

وَلَّى فُلَانًا الْأَمْرَ: ئۇنى ئىگە قىلدى، ھۆكۈمران قىلدى.

وَلَّاهُ ظَهْرَهُ: ئۇنىڭغا ئارقىسىنى قىلىۋالدى، ۋاز كەچتى.

وَلَّى عَنْ فُلَانٍ بِوُدِّهِ: ئۆزگەردى، ئۆزگىرىپ قالدى.

وَلْمٌ . وَلَمٌ: ئۇلاڭ، تۆشلۈك.

وَلَهَ يَلِهُ وَلْهًا وَوَلَهًا الشَّخْصُ: ئىشىق - مۇھەببەتتىن ئەقلىدىن ئازاي دەپ قالدى، مۇھەببەتتىن كۆڭلى يېرىم ساراڭ بولاي دەپ قالدى.

وَلَهَتِ الْأُمُّ إِلَى طِفْلِهَا: ئانا بالىسىنى سېغىندى.

وَلِهَ يَلَهُ وَيَوْلَهُ وَلَهًا وَوَلَهَانًا الرَّجُلَ: كىشىنى غەمگە سالدى، كۆڭلىنى يېرىم قىلدى، غەم ياكى مۇھەببەت ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

وَلْهَانٌ م وَلْهَى ج وُلَّهٌ: تېڭىرقاپ قالغۇچى، ھودۇقۇپ قالغۇچى.

وَلْوَلَتْ يُوَلْوِلُ وَلْوَلَةً وَ وَلْوَانًا الْمَرْأَةُ: ئايال قاتتىق يىغلىدى، ئەلەم بىلەن يىغلىدى، ئاللا - تۇۋا سالدى.

«يُوَلْوِلْنَ عَلَى الْمَيِّتِ»: ئۇلار مېيىتكە ئۈن سېلىپ يىغلايدۇ.

وَلُوْدٌ ج وُلَّدٌ: كۆپ بالىلىق.

وَلُوْدِيَّةٌ: بالا مىجەز، گۆدەكلىك.

وَلُوْعٌ ج وَلُوْعُوْنَ: چىن يۈرەكتىن باغلانغۇچى؛ ئىشتىياق باغلىغۇچى.

وَلُوْعٌ بِالرِّيَاضَةِ: تەنھەرىكەت ھەۋەسكارى.

وَلَى يَلِي وَلْيًا: يېقىنلاشتى.

مَا يَلِيْ: تۆۋەندىكى، تۆۋەندىكىچە.

وَلِيَ يَلِي وِلَايَةً الشَّيْءَ: باشقۇردى، ئىدارە قىلدى؛ ياخشى كۆردى.

وَلِيَ الْبَلَدَ: يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

«اللَّهُمَّ مَنْ وَلِيَ مِنْ أَمْرِ أُمَّتِي شَيْئًا فَشَقَّ عَلَيْهِمْ فَاشْقُقْ عَلَيْهِ» ‹حديث›: ئى ئاللاھ، بىرەر كىشى ئۈممىتىمنىڭ ئىشىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارغا جاپا سالسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا جاپا سالغايسەن.

وَلِيْجَةٌ: سىرداش دوست؛ ئىچكى قىسىم.

﴿وَلَمْ يَتَّخِذُواْ مِن دُونِ اللّهِ وَلاَ رَسُولِهِ وَلاَ الْمُؤْمِنِينَ وَلِيجَةً﴾ ‹قرآن›: ئاللاھدىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە مۇئمىنلەردىن باشقىنى سىرداش قىلىۋالمىغانلارنى بىلمەي (يەنى، ئوتتۇرىغا چىقارماي) تۇرۇپ سىلەر ئۆز ھالىڭىزغا قويۇلۇپ بېرىلىمىز، دەپ ئويلامسىلەر؟

وَلِيْدٌ ج وِلْدَةٌ وَوِلْدَانٌ م وَلِيْدَةٌ ج وَلَائِدُ: بوۋاق، ئۆسمۈر.

﴿قَالَ أَلَمْ نُرَبِّكَ فِينَا وَلِيداً﴾ ‹قرآن›: پىرئەۋن مۇساغا ئېيتتى: «سېنى بىز ئۆيىمىزدە كىچىكىڭدىن تارتىپ تەربىيىلەپ چوڭ قىلمىدۇقمۇ؟»

«لَيْسَ ذَلِكَ الْأَمْرُ وَلِيْدَ الْحَوَادِثِ الْأَخِيْرَةِ»: بۇ ئىش كېيىنكى ۋەقەلەرنىڭ نەتىجىسى ئەمەس.

«هَذَا الرَّأْيُ وَلِيْدُ سَاعَتِهِ»: بۇ پىكىر يېڭىدىن پەيدا بولغان.

وَلِيْدَةٌ ج وَلَائِدُ: قىز بوۋاق، قىز بالا.

وَلِيْفٌ: دوست، ئاغىنە، بۇرادەر، ئۈلپەت.

وَلِيْمَةٌ ج وَلَائِمُ: زىياپەت، مېھماندارچىلىق.

وَلِيْمَةُ الْعِرْسِ: توي زىياپىتى.

وَلِيْمَةُ الْخِتَانِ: خەتنە توي زىياپىتى.

«شَرُّ الطَّعَامِ طَعَامُ الْوَلِيْمَةِ يَمْنَعُهَا مَنْ يَأْتِيْهَا وَيُدْعَى إِلَيْهَا مَنْ يَأْبَاهَا» ‹حديث›: تائامنىڭ يامىنى توينىڭ تائامىدۇر. ئۇنىڭغا كېلىشنى خالايدىغان كىشىلەر (يەنى، مىسكىنلەر) چاقىرىلماي، كېلىشنى خالىمايدىغان كىشىلەر (يەنى، بايلار) چاقىرىلىدۇ.

وَلِيٌّ ج أَوْلِيَاءُ: ياردەمچى، ھىمايىچى؛ دوست؛

ئىگە؛ ئەۋلىيا.

وَلِيُّ الْعَهْدِ: ۋەلىئەھدى، تەخت ۋارىسى.

«سَتَعْقِدُ الْمَدْرَسَةُ إِجْتِمَاعًا لِأَوْلِيَاءِ أُمُورِ الْأَطْفَالِ»: مەكتەپ ئاتا-ئانىلار يىغىنى ئاچىدۇ.

«الْمُؤْمِنُ وَلِيُّ اللهِ»: مۆئمىن كىشى ئاللاھنىڭ دوستى.

﴿أَلاَ إِنَّ أَوْلِيَاءَ اللّهِ لاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ﴾ ‹قۇرئان›: راستتىنلا، ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانغا) قايغۇرۇش يوقتۇر.

«مَنْ عَادَى لِيْ وَلِيًّا فَقَدْ آذَنْتُهُ بِالْحَرْبِ» ‹حديث›: كىمكى مېنىڭ ياخشى بەندەمنى دۈشمەن تۇتىدىكەن، ئۇنىڭغا مەن ئۇرۇش ئاچقانلىقىمنى ئۇقتۇرىمەن.

وَمَأَ يَمَأُ وَمْأً: ئىشارەت قىلدى.

وَمَأَ إِلَيْهِ بِيَدِهِ أَنْ قِفْ: قولى بىلەن توختا دېگەن ئىشارەتنى قىلدى.

وَمَدَ يَوْمَدُ وَمَدًا عَلَيْهِ: ئۇنىڭغا غەزەپلەندى، ئاچچىقلاندى.

وَمَدَتِ اللَّيْلَةُ: كېچە دىمىق بولدى، تىنچىق بولدى.

وَمَدَةٌ: دىمىق، تىنچىق.

وَمَزَ يَمِزُ وَمْزًا بِأَنْفِهِ: غەزەپتىن بۇرنىنى قاقتى.

وَمَسَ يَمِسُ وَمْسًا الشَّيْءَ: نەرسىنى سۈركىدى، سۈركەپ پارقىرىتىۋەتتى.

وَمَضَ يَمِضُ وَمْضًا وَمَضَانًا وَوَمِيضًا الْبَرْقُ: چاقماق چاقتى.

وَمْضٌ: يورۇماق، پارلىماق، نۇر چاچماق.

وَمْضَةٌ ج وَمَضَاتٌ: ۋىللىدە يورۇماق.

وَمِقَ يَمِقُ وَمْقًا ـــهُ: ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى.

وَمَّأَ يُوَمِّأُ تَوْمِئَةً: ئىشارەت قىلدى.

وَمِهَ يَوْمَهُ وَمْهًا النَّهَارُ: كۈندۈز قاتتىق ئىسسىپ كەتتى.

وَمَى يَمِي وَمْيًا: قول ئىشارىتى قىلدى، كۆز ئىشارىتى قىلدى.

وَمَى بِالشَّيْءِ: نەرسىنى ئېلىپ كەتتى.

وَمِيضٌ: يورۇماق، پارلىماق، چاقنىماق.

وَمِيضُ الْبَرْقِ: چاقماقنىڭ يورۇقى.

وَمِيقٌ: سۆيۈملۈك، مەشۇق، قەدىردان.

وَنَاءٌ: بوشاپ كەتمەك، بوشاڭلىق قىلماق.

وَنَاةٌ: بىر تال مەرۋايىت.

وِنْشٌ ج وِنْشَاتٌ: كىران.

وَنَمَةٌ: چىۋىن پوقى.

وَنَّ يَوِنّ وَنًّا: بوشاتتى، بوشاشتۇردى، پەسەيتتى.

وَنَّبَ يُوَنِّبُ تَوْنِيبًا: ئەيىبلىدى، مالامەت قىلدى.

وَنَّسَ يُوَنِّسُ تَوْنِيسًا فُلاَنًا: پالانىغا مۇۋاپىقلاشتى، قوشۇلدى، ھەمراھ بولدى.

وَنَّي يُوَنِّي تَوْنِيَةً: بوشاڭلىق قىلدى، كېچىكتۈردى.

وَنُوَّةٌ: پىكىر يىغالماسلىق، مېڭىسى زەئىپ.

وَنَى يَنِي وَنْيًا وَوَنًى: بوشاپ كەتتى، ئاجىزلاپ كەتتى.

طَالِبٌ يَعْمَلُ بِجِدٍّ وَلَا يَنِي: ئوقۇغۇچى بوشاشماي تىرىشىپ ئىشلەيدۇ.

﴿اذْهَبْ أَنتَ وَأَخُوكَ بِآيَاتِي وَلَا تَنِيَا فِي ذِكْرِي﴾ ‹قۇرئان›: (ئى مۇسا!) سەن ۋە سېنىڭ قېرىندىشىڭ (ھارۇن) مېنىڭ مۆجىزىلىرىمنى ئېلىپ بېرىڭلار، مېنىڭ زىكرىمگە سۇسلۇق قىلىپ قالماڭلار.

وَنَى الشَّيْءَ: نەرسىگە پەرۋاسىز قارىدى.

لاَ يَنِيْ يَفْعَلُ كَذَا: ھەمىشە شۇنداق قىلىدۇ.

وَنًي: بوشاپ كەتمەك، بوشاڭلىق قىلماق.

وَنِيمُ الذُّبَابِ: چىۋىن پوقى.

وَنِيُّ الْوَاحِدَةُ وَنِيَّةٌ: مەرۋايىت، جەۋھەر.

وَهَازَةٌ: ئۇياتچانلىق بىلەن مېڭىش.

وَهَبَ يَهَبُ وَهْبًا وَوَهَبًا وَهِبَةً: سوۋغا قىلدى، ھەدىيە قىلدى، بەردى، سېخىيلىق بىلەن بەردى.

وَهَبَ الشَّيْءَ: خاس قىلدى، نەتىجە كۆرسەتتى.

﴿يَهَبُ لِمَنْ يَشَاءُ إِنَاثاً﴾ «قرآن»: خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ.

وَهَبَنِي اللهُ فَدَاكَ: ئاللاھ مېنى سېنىڭ پىدايىڭ قىلسۇن.

وَهْبٌ وَهَبٌ: سوۋغا بەرمەك، ھەدىيە قىلماق.

وَهَجَ يَهِجُ وَهْجًا وَوَهِيجًا وَوَهَجَانًا الْيَوْمُ: كۈن قىزىپ كەتتى.

وَهَجَتِ النَّارُ: ئوت كۆيدى، ياندى.

وَهَجٌ . وَهَجَانٌ: ئوتنىڭ يېنىشى، ئوتنىڭ تەپتى.

وَهَجُ التَّنُّورِ: تونۇرنىڭ قىزىقلىقى.

وَهَجُ الطِّيْبِ: خۇش پۇراقنىڭ تارقىلىشى، تەسىرى.

وَهْدٌ ج أَوْهُدٌ وَوُهْدَانٌ: ئويمانلىق، پەس، چوڭقۇرلۇق.

وَهْدَةٌ ج وَهْدٌ وِهَادٌ: ئويمانلىق، پەس يەر، چوڭقۇرلۇق.

وَهَرَهُ يَهِرُ وَهْرًا: ئۇنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

وَهَرٌ: كۈن نۇرىنىڭ جىمىرلاپ كۆرۈنۈشى، سەراب، ئىزىتقۇ.

وَهْرَانٌ: قورققۇچى، ۋەھىمىگە چۈشكۈچى، قورقۇنچاق.

وَهَزَ يَهِزُ وَهْزًا الشَّيْءَ: نەرسىنى سۇندۇردى، چېقىۋەتتى.

وَهَزَ الْحَيَوَانَ: ئۇلاغنى پۇتى بىلەن دېۋىتتى.

وَهْزٌ ج أَوْهَازٌ: ساغلام كۈچلۈك ئادەم، پاكار.

وَهَسَ يَهِسُ وَهْسًا وَ وَهِيسًا: ئىتتىك ماڭدى، ئالدىراپ ماڭدى.

وَهَسَ الشَّيْءَ: نەرسىنى سۇندۇردى، يانجىدى.

وَهَسَ فِي الْأَمْرِ: ھىيلە ئىشلەتتى، ئالدامچىلىق قىلدى.

وَهْسٌ: يامان، ئۇسال، سۇخەنچىلىك.

وَهْسَةٌ: مېڭىلغان چىغىر يول.

وَهَصَ يَهِصُ وَهْصًا الشَّيْءَ: نەرسىنى قاتتىق ئاتتى، قاتتىق دەسسىدى.

وَهَصَ رَأْسَهُ: بېشىنى يېرىۋەتتى.

وَهَصَ الْحَيَوَانَ: ھايۋاننى ئاختا قىلىۋەتتى، پىچىۋەتتى.

وَهَطَ يَهِطُ وَهْطًا: ئاجىزلىدى، زەئىپلەشتى.

وَهَطَ الشَّيْءَ: نەرسىنى سۇندۇرۇۋەتتى.

وَهَطَهُ: ئۇنى ئۇردى.

وَهْطٌ ج أَوْهَاطٌ وِوِهَاطٌ: توپ، جامائە، بىر بۆلۈك، ئۇرۇق.

بَيْنَهُمْ أَوْهَاطٌ: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جېدەل-ماجىرا بار.

وَهْطَةٌ ج وَهْطٌ وَوِهَاطٌ: ئويمان يەر.

وَهَفَ يَهِفُ وَهْفًا وَوَهِيفًا إِلَى كَذَا: يېقىنلاشتى.

وَهَفَ النَّبَاتُ: ئۆسۈملۈك كۆكەردى.

وَهَقَ يَهِقُ وَهْقًا الدَّابَّةَ: ھايۋانغا سالما تاشلاپ بويىنىغا كىرگۈزدى.

وَهَقَهُ: ئۇنى توستى.

وَهْقٌ . وَهَقٌ ج أَوْهَاقٌ: ئارقان، سالما.

وَهِلَ يَوْهَلُ وَهْلًا الشَّخْصُ: كىشى ئاجىزلاپ كەتتى، قورقتى.

وَهِلٌ: قورققۇچى، قورقۇنچاق.

وَهَلٌ وَهْلَةٌ: قورقۇش، ئالاقزادە بولۇش.

وَهْلَةٌ ج وَهَلَاتٌ: خاھىش، ھەر نەرسىنىڭ تۇنجىسى.

«لَقِيْتُهُ أَوَّلَ وَهْلَةٍ»: ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشتىم.

وَهَمَ يَهِمُ وَهْمًا الشَّيْءَ: خىيال قىلدى، پەرەز قىلدى.

وَهَمَ فِي الشَّيْءِ: خاتا چۈشەندى.

وَهَمَ فِي الصَّلَاةِ: نامازدا يېڭىلدى، نامازدا ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالدى.

وَهِمَ يَوْهَمُ وَهْمًا فِي الشَّيْءِ: خاتالاشتى، خاتا قىلدى.

وَهْمٌ ج أَوْهَامٌ وَوُهُمٌ: تەسەۋۋۇر، خام خىيال، خاتا ھېسسىيات؛ ئوي، پىكىر؛ قورقۇنچ؛ گۇمان، ۋەسۋەسە.

وَهْمِيٌّ: خىيالىي، قۇرۇق خىيال.

وَهْمِيَّةٌ: تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتى، خىيال، فانتازىيە.

أَمْرَاضٌ نَفْسِيَّةٌ وَهْمِيَّةٌ: گۇمانخورلۇق كېسىلى.

نَظَرِيَّاتٌ وَهْمِيَّةٌ: فانتازىيىلىك نەزەرىيە، خىيالىي نەزەرىيە.

الْإِشْتِرَاكِيَّةُ الْوَهْمِيَّةُ: خىيالىي سوتسىيالىزم.

وَهَنَ يَهِنُ وَهْنًا الشَّخْصُ: كىشى تۈن نىسپىدە كىردى، بىرەر ئىشتا ئاجىزلىق قىلدى.

وَهَنَهُ: ئۇنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى.

وَهَنَتْ عَزِيمَتُهُ: روھى چۈشۈپ كەتتى، ئىرادىسى بوشاپ كەتتى.

﴿قَالَ رَبِّ إِنِّي وَهَنَ الْعَظْمُ مِنِّي وَاشْتَعَلَ الرَّأْسُ شَيْباً﴾ ‹قرآن›: ئۇ ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن كۈچ-قۇۋۋىتىمدىن كەتتىم، چېچىم ئاقاردى».

وَهَنَ عَظْمُهُ: ھالىدىن كەتتى، ماغدۇرسىزلاندى.

وَهَنَتْ قُوَاهُ: ھاردى، چارچىدى.

بِعَزِيمَةٍ لاَ تَهِنُ: ئېگىلمەس، سۇنماس.

وَهْنٌ: ئاجىزلىماق.

وَهْنٌ مِنَ اللَّيْلِ: يېرىم كېچە ياكى يېرىم كېچىدىن سەل كېيىن.

﴿حَمَلَتْهُ أُمُّهُ وَهْناً عَلَى وَهْنٍ﴾ ‹قرآن›: ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستى-ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى.

وَهَنٌ: ئاجىزلىق، زەئىپلىك.

وَهَنٌ نَفْسِيٌّ: روھىي چۈشكۈنلۈك.

وَهَنٌ عَصَبِيٌّ: نېرۋا.

وَهَنٌ مِنَ اللَّيْلِ: يېرىم كېچە، تۈن نىسپى.

وَهَّابٌ: سوۋغا بەرگۈچى، مەرد، سېخىي.

الْوَهَّابُ: ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، چەكسىز ئاتا قىلغۇچى دېگەن مەنىدە.

﴿وَهَبْ لَنَا مِن لَّدُنكَ رَحْمَةً إِنَّكَ أَنتَ الْوَهَّابُ﴾ ‹قرآن›: بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن، شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن.

وَهَّابِيٌّ: ۋاھھابى.

الْوَهَّابِيَّةُ: ۋاھھابى مەسلىكى، ۋاھھابىلىق قاراش.

وَهَّاجٌ: يېنىپ تۇرغان، كۆيۈپ تۇرغان؛ پارلاپ تۇرغان، نۇرلۇق.

﴿وَجَعَلْنَا سِرَاجاً وَهَّاجاً﴾ ‹قرآن›: (سىلەر ئۈچۈن) يېنىپ تۇرغان چىراغنى (يەنى، كۈننى) ياراتتۇق.

حَرٌّ وَهَّاجٌ: قاتتىق ئىسسىق.

نُورٌ وَهَّاجٌ: پارقىراپ تۇرغان نۇر.

نَجْمٌ وَهَّاجٌ: چاقناپ تۇرغان يۇلتۇز.

وَهَّدَ يُوَهِّدُ تَوْهِيدًا لَهُ الْفِرَاشَ: ئۇنىڭغا تۆشەك سېلىپ بەردى.

وَهَّاسٌ: يولۋاس.

وَهَّاصٌ: سېخىي، مەرد.

وَهَّلَهُ يُوَهِّلُ تَوْهِيلًا: ئۇنى قورقۇتۇۋەتتى، چۆچۈتۈۋەتتى.

وَهَّمَهُ يُوَهِّمُ تَوْهِيمًا: ئۇنى گۇمانغا سېلىپ قويدى.

وَهَّنَهُ يُوَهِّنُ تَوْهِينًا: ئۇنى ئاجىزلىتىۋەتتى،

بوشاشتۇرۇۋەتتى.

وَهْوَهَ يُوَهْوِهُ وَهْوَهَةً فِي صَوْتِهِ: داد ـ پەرياد سالدى.

وَهْوَهَ الْأَسَدُ: يولۋاس ھۆركىرىدى.

وَهُوبٌ: سېخىي، مەرد، قولى ئوچۇق.

وَهَي يَهِيْ وَهْيًا وَوُهِيًّا الشَّخْصُ: كىشى ئەخمەق بولدى؛ ئاجىز بولدى.

وَهَى الشَّيْءُ: نەرسە بۇزۇلدى؛ يىرتىلدى.

وَهَي الْحَائِطُ: تام ئۆرۈلدى.

وَهَي الثَّوْبُ: كىيىم يىرتىلدى.

وَهِيجٌ: كۆيمەك، يانماق، قىزىپ كەتمەك.

وَهِيْنٌ: ئىش بېشى، يېتەكچى.

وَيْ: ۋەي، ھوي، ھەي (ھاياجانلىنىش، ئاپىرىن ئوقۇشنى بىلدۈرىدۇ).

وَيْ لِزَيْدٍ: زەيد قالتىسقۇ، زەيد يارايدۇ.

وَيْ لِإِبْرَاهِمَ: نېرى تۇر، ئىشىڭنى قىل، ئىبراھىم ئىشىنى قىلسۇن.

وَيْكَ اِسْتَمِعْ إِلَيَّ: گېپىمنى ئاڭلىساڭچۇ؟

وَيْ بِكَ يَا فُلَانُ: توختاپ تۇر ھە، مەن سېنى جۇمۇ، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتەن.

وَيْبٌ لَكَ: ئۆلگۈر.

وَيْبَةٌ ج وَيْبَاتٌ: مۇسىبەت، بالايىئاپەت، رەسۋاچىلىق.

وَيْجٌ: بويۇنتۇرۇق.

وَيْحَ: ئىچ ئاغرىتىشنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە سۆز، ۋاي بىچارە.

وَيْحَكَ: ئۇۋال ساڭا.

«وَيْحَكَ أَيُّهَا الْمَغْرُورُ»: ۋاي ھاكاۋۇر ئىسىت ساڭا.

وَيْسٌ: پېقىرلىق، كېرەكسىز نەرسە؛ ۋاي بىچارە.

وَيْلٌ: ۋاي؛ ئازاب ـ ئوقۇبەت، كۈلپەت، بەختسىزلىك، ھالاكەت.

وَيْلٌ لَهُ: ئۆلگۈر، قارغىش تەگكۈر.

﴿وَيْلٌ لِّلْمُطَفِّفِينَ﴾ ‹قرآن›: (ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي.

وَيْلَةٌ ج وَيْلَاتٌ: بالايىئاپەت؛ رەسۋاچىلىق.

وَيْلَاتُ الْحَرْبِ: ئۇرۇشنىڭ بالايىئاپەتلىرى.

﴿قَالَتْ يَا وَيْلَتَى أَأَلِدُ وَأَنَا عَجُوزٌ وَهَذَا بَعْلِي شَيْخًا﴾ ‹قرآن›: ئۇ (يەنى، سارە): «ۋىيەي! مەن بىر موماي تۇرسام، ئېرىم بىر بوۋاي تۇرسا، تۇغامدىمەن؟» دېدى.

﴿يَا وَيْلَتَنَا مَالِ هَذَا الْكِتَابِ لَا يُغَادِرُ صَغِيرَةً وَلَا كَبِيرَةً﴾ ‹قرآن›: ئۇلار: «ۋاي بىزگە! بۇ نامە ـ ئەمالغا چوڭ ـ كىچىك گۇناھنىڭ ھەممىسى خاتىرىلىنىپتىغۇ؟» دەيدۇ.

وَيْمَةٌ: تۆھمەت، سۇخەنچىلىك.

وَيْنٌ: قارا ئۈزۈم، ئەيىب ـ نۇقسان.

وَيْنَةٌ: قۇرۇق قارا ئۈزۈم، قۇرۇق قارا ئۈزۈم ۋاسالغىسى.

# ي

ي «يا»، ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ 28 ـ ھەرپى بولۇپ، ئەبجەد ھېسابىدا «10»نى كۆرسىتىدۇ.

يا: چاقىرىق قوشۇمچىسى، قاراتما ئۇندىشى بولۇپ، ھەي، ھوي، ئېي، ھېي ... دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

﴿يَاأَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُوا رَبَّكُمْ﴾ ‹قرآن›: ئى ئىنسانلار، پەرۋەردىگارىڭلاردىن (يەنى، ئازابىدىن قورقۇڭلار).

يَا لَلْعَجَبِ: نېمىدېگەن غەلىتە.

يَالَهُ مِنْ قَوْلٍ جَمِيْلٍ: نېمىدېگەن چىرايلىق گەپ ـ ھە!

يَا رَفِيْقُ . يَا أَيُّهَا الرَّفِيْقُ: يولداش! بۇرادەر!

يَا تُرَى! يَاهَلْ تُرَى!: ھوي! ۋاھ! ۋاي! پاھ! ئاپلا! بەللى! قارىمامسەن!

يَا لَهُ مِنْ رَجُلٍ: ئۇ قالتىس بىر ئەزىمەتتە! ئۇ ئوغۇل بالا ـ دە! ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى ئادەم.

يَا حَسْرَةً: ئەپسۇسكى، ۋاي.

﴿يَا حَسْرَةً عَلَى الْعِبَادِ مَا يَأْتِيْهِمْ مِنْ رَسُولٍ إِلَّا كَانُوا بِهِ يَسْتَهْزِءُونَ﴾ ‹قرآن›: بەندىلەرگە ئەپسۇسكى، ئۇلارغا بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتىسەكلا، ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى.

يَا لَلشَّقَاءِ!: نېمىدېگەن بەختسىزلىك.

يَانَصِيْب: لاتارىيە بېلەتى.

«رَبِحَ سَيَّارَةً فِي الْيَانَصِيْبِ»: ئۇ لاتارىيە بېلەتتە بىر ماشىنىغا ئېرىشتى.

يَا لَيْتَ: كاشكى.

﴿يَلَيْتَنِي كُنْتُ تُرَابًا﴾ ‹قرآن›: كاشكى، مەن تۇپراق بولۇپ كەتكەن بولسامچۇ؟

يَا صَاحِيْ (يَا صَاحِبِيْ): بۇرادەر، يولداش!

يَا أَبَتِ: ۋاي ئاتا، ئاتامەي.

يَا لَلطَّبِيْبِ لِلْمَرِيْضِ: دوختۇر كېسەلنى قۇتقۇزۇۋالسىڭزچۇ!

يَا لَسُوءِ الْحَظِّ: تازىمۇ بەختسىز.

يَا لَلْعَارِ: نېمىدېگەن شەرمەندىچىلىك، نېمىدېگەن نومۇس.

يَا اللهُ: خۇدايىمەي، خۇدايا، پەرۋەردىگار.

فَيَا حَبَّذَا لَوْ ...: ئەگەر ... غان بولسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!.

يَابَسَ يُيَابِسُ مُيَابَسَةً الشَّيْءَ: نەرسىنى قۇرۇتتى.

يَابِسٌ ج يُبَّسٌ: قۇرۇق، قۇرغاق.

أَتَى عَلَى الْأَخْضَرِ وَالْيَابِسِ: ھەممىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى.

حَجَرٌ يَابِسٌ: قاتتىق تاش.

يَابِسَةٌ: قۇرۇقلۇق، چوڭ قۇرۇقلۇق.

«وَصَلَ الْبَحَّارُ إِلَى الْيَابِسَةِ بَعْدَ عَنَاءٍ»: دېڭىزچى مىڭ بىر مۇشەققەتتە قۇرۇقلۇققا چىقىۋالدى.

يَاسَرَ يُيَاسِرُ مُيَاسَرَةً .هُ: سول تەرىپىدىن كەلدى، سىلىق مۇئامىلە قىلدى، كەڭ قورساقلىق قىلدى.

يَاسَرَهُ فِي قَاعَةِ الْإِجْتِمَاعِ: يىغىن زالىدا ئۇنىڭ سول تەرىپىدىن كەلدى.

يَاسَرَ الْمُعَلِّمُ التِّلْمِيْذَ: ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىغا سىلىق مۇئامىلە قىلدى، كەڭ قورساقلىق قىلدى.

يَاسَمِينٌ: ياسمەن.

يَافِطَةٌ ج يَافِطَاتٌ: ۋىۋىسكا.

يَافِطَةُ الشَّارِعِ: يول كۆرسەتكۈچ، يول بەلگىسى.

يَافِعٌ ج يَفَعَةٌ وَ يُفْعَانٌ م يَافِعَةٌ ج يَافِعَاتٌ: بالاغەتكە يېقىنلاشقان يىگىت.

يَافِعَاتٌ مِنَ الْأُمُورِ: مۈشكۈل مەسىلە، قىيىن مەسىلە، قىيىن ئىش.

يَافِعَاتٌ مِنَ الْجِبَالِ: ئېگىز تاغ، ئېگىز ۋە تىك كەتكەن تاغلار، ئېگىز چوققا.

يَافُوخٌ: چوققا، باش چوققىسى، لىغىلداق (باللاردا).

يَاقُوتٌ ج يَوَاقِيتٌ: قاشتاش، ياقۇت.

يَاقُوتٌ أَحْمَر. يَاقُوتٌ بِهْرَمَانِيٌّ: قىزىل قاشتاش.

يَاقُوتٌ أَصْفَر: سېرىق گۆھەر، توپاز.

يَاقُوتٌ أَزْرَقُ: كۆك ياقۇت.

خَاتَمٌ فَصُّهُ مِنَ الْيَاقُوتِ: ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك.

﴿كَأَنَّهُنَّ الْيَاقُوتُ وَ الْمَرْجَانُ﴾ «قرآن»: گويا ئۇلار (سۈزۈكلۈكتە) ياقۇتتۇر، (ئاقلىقتا) مەرۋايىتتۇر.

يَامَنَ يُيَامِنُ مُيَامَنَةً: ئوڭغا بۇرۇلدى، ئوڭ تەرەپكە ماڭدى.

«يَامَنَ الْمُسَافِرُونَ بِقَوَافِلِهِمْ»: يولۇچىلار كارۋانلىرى بىلەن ئوڭ تەرەپكە ماڭدى.

يَامُومٌ: باچكا، تۆگە قۇشىنىڭ بالىسى.

يَانْسُونٌ: شاكال بەديان ؛ بەديان.

يَانِعٌ ج يَنْعٌ: پىشىشلىق، پىشقان، تەييار بولغان؛ قىزىل، قىزىل رەڭ، قىزىل رەڭلىك.

تُفَّاحٌ يَانِعٌ: پىشقان ئالما.

أَزْهَارٌ يَانِعَةٌ: قىزىلگۈللەر.

يَاوَمَ يُيَاوِمُ مُيَاوَمَةً: كۈنلۈك ئىشلەتتى.

يَاوَمَ الْعَمَلَ: كۈنلۈك ئىشلىدى، مەدىكارچىلىق قىلدى، كۈنلۈكچىلىك قىلدى، كۈندىلىك خىزمەت قىلدى.

«يَاوَمَ صَاحِبُ الضَّيْعَةِ عُمَّالَهُ الْفَلَّاحِينَ»: يەر ئىگىسى دېھقان ئىشلەمچىلىرىنى كۈنلۈك ئىشلەتتى.

يَائِسٌ: ئۈمىدسىزلەنگۈچى، ئۈمىد ئۈزگۈچى.

وَهُوَ يَائِسٌ مِنَ الْحَيَاةِ: ئۇ ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگۈچى.

يَائِسَةٌ ج يَوَائِسُ: تۇغماس ئايال.

يَآسَةٌ: ئۈمىدسىزلىك.

يَأْجُوجُ: يەجۈج، يەجۈج ۋە مەجۈج.

يَئِسَ يَيْأَسُ وَ يَيْئِسُ يَأْسًا وَ يَآسَةً مِنْهُ: ئۈمىدسىزلەندى، نائۈمىد بولدى، روھى چۈشتى.

يَئِسَتِ الْمَرْأَةُ: ئايالنىڭ ھەيزى توختىدى.

﴿وَاللَّائِي يَئِسْنَ مِنَ الْمَحِيضِ مِنْ نِسَائِكُمْ﴾ «قرآن»: ئاياللىرىڭلارنىڭ ئىچىدىكى ھەيزدىن ئۈمىد ئۈزگەنلەردىن...

يَأْسٌ: ئۈمىدسىزلىك.

سِنُّ الْيَأْسِ: ئاياللارنىڭ ھەيز كۆرۈشتىن توختىغان ۋاقتى.

«قَدْ يَتَغَيَّرُ مِزَاجُ الْمَرْأَةِ بَعْدَ سِنِّ الْيَأْسِ»: ھەيزدىن توختىغان ئايالنىڭ بەزىدە مىجەزى ئۆزگىرىپ قالىدۇ.

يَؤُسٌ: ئۈمىدسىزلەنگۈچى، ئۈمىدسىز، روھى چۈشكۈن.

يَأْفُوخٌ: چوققا، باش چوققىسى، لىغىلداق (باللارنىڭ بېشىدىكى).

يَأْمُورٌ: ئاققۇيرۇق، بۆكەن، غاز.

يَؤُوسٌ ج يُؤُوسٌ: ئۈمىدسىز، روھى چۈشكۈن، ئۈمىد ئۈزگۈچى، ئۈمىدسىزلەنگۈچى.

﴿وَإِنْ مَسَّهُ الشَّرُّ فَيَئُوسٌ قَنُوطٌ﴾ «قرآن»: ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر يامانلىق يېتىپ قالسا، (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) تولىمۇ

ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ.

يَبَابٌ: خارابە، خارابىلىك.

أَرْضٌ يَبَابٌ: چۆللۈك.

دَارٌ يَبَابٌ: خارابىلاشقان قورۇ.

حَوْضٌ يَبَابٌ: قۇرۇپ كەتكەن كۆل.

يَبَّسَ يُيَبِّسُ تَيْبِيسًا الشَّيْءَ: نەرسىنى قۇرۇتتى.

يَبَّسَ الْخَزَفَ: ساپالنى پىشۇردى.

يَبِسَ يَيْبَسُ وَ يَيْبِسُ يُبْسًا وَ يَبْسًا وَ يُبُوسَةً الشَّيْءُ: قۇرۇدى، قۇرۇپ كەتتى.

يَبْسٌ . يَبَسٌ . يُبْسٌ: قۇرۇق، قۇرغاق.

﴿فَاضْرِبْ لَهُمْ طَرِيقًا فِي الْبَحْرِ يَبَسًا﴾ «قرآن»: سەن (هاساڭنى) دېڭىزغا ئۇرۇپ، ئۇلارغا بىر قۇرۇق يول ئېچىپ بەرگىن.

يَبُوسَةٌ: قۇرۇق، قۇرغاق.

يَتَّمَ يُيَتِّمُ تَيْتِيمًا الْوَلَدَ: بالىنى يېتىم قىلدى، يېتىم قالدۇردى.

يَتَمَ يَيْتِمُ وَ يَتِمَ يَيْتَمُ وَ يَتُمَ يَيْتُمُ يُتْمًا وَ يَتْمًا الْوَلَدُ: بالا يېتىم بولدى، يېتىم قالدى.

يُتْمٌ . يَتْمٌ: يېتىملىق، غېرىبلىق، غېرىب-مىسكىنلىك.

يَتَنَ يَيْتَنُ يَتْنًا ـ تِ الْمَرْأَةُ: بالا تۇغۇلۇشتا تەتۈر كېلىپ قالدى.

يَتِيمٌ ج أَيْتَامٌ وَ يَتَامَى وَ مَيْتَمَةٌ وَ يَتَمَةٌ وَ يَتَائِمُ: يېتىم، مىسلىسىز، تەڭداشسىز، بىردىنبىر، يېگانە.

﴿فَأَمَّا الْيَتِيمَ فَلَا تَقْهَرْ﴾ «قرآن»: يېتىمنى خارلىما.

يَتِيمُ الْأَبِ: دادىسى يوق بالا.

يَتِيمُ الْأُمِّ: ئانىسى يوق بالا.

يَتِيمٌ لَطِيمٌ: ئاتا-ئانىسى يوق بالا.

بَلَدٌ يَتِيمٌ: يالغۇز شەھەر.

دُرَّةٌ يَتِيمَةٌ: تەڭدىشى يوق گۆھەر.

نُسْخَةٌ يَتِيمَةٌ: بىرلا نۇسخا، يەككە نۇسخا، يالغۇز نۇسخا، بىردىنبىر نۇسخا، قىممەتلىك نۇسخا.

دَارُ الْأَيْتَامِ: دارىلئېتام، دارىلئاجىزىن.

يَثْرِبُ: مەدىنە مۇنەۋۋەرە.

يَثْمُومٌ: كۆمەك (شالىنىڭ ئوتى).

يَحْبُورٌ: خۇشلۇق، شادلىق، مەمنۇنلۇق، رازىمەنلىك.

يَحْمُورٌ: قىزىل، قىزىل رەڭلىك؛ ئاققۇيرۇق، بۆكەن، غاز؛ قۇلان، ياۋا ئېشەك.

يَحْمُومٌ: قارا، قارا نەرسە، قارا رەڭلىك نەرسە، ناھايىتى قارا، تۇم قارا، قاپقارا؛ ئىس، تۈتۈن، قۇرۇم، كۈيە، دۇت.

يَخْتٌ ج يُخُوتٌ وَ يَخْتَاتٌ: سەيلە-ساياھەت كېمىسى.

يَخْتٌ شِرَاعِيٌّ: يەلكەنلىك كېمە.

يَخْتٌ بُخَارِيٌّ: موتورلۇق كېمە.

نَادِي الْيَخْتِ: ساياھەت كېمە كۇلۇبى، ساياھەت كېمە يىغىنى.

يَخْضُورٌ ج يَخَاضِيرُ: خلوروفىل (ئۆسۈملۈك تېپىدىكى يېشىللىق ماددىسى).

يَدَى يَدِي يَدْيًا الرَّجُلَ: كىشىنىڭ قولى ئاغرىپ قالدى.

يَدٌ ج الْأَيْدِي وَ الْيَدِيّ جج الْأَيَادِي . مث يَدَانِ: قول، ئالقان.

يَدٌ بَيْضَاءُ: ساخاۋەت، ياخشىلىق، ئىلتىپات، شەپقەت، مەرھەمەت، ۋاپا، مېھىر-شەپقەت.

يَدُ الشَّيْءِ: ئاساس، تۇتقا، ساپاق، ساپ، دەستە، تۇتقۇچ.

يَدٌ مَفْتُوحَةٌ: سېخىي، مەرد، قولى ئوچۇق.

يَدٌ نَاسِفَةٌ: پىخسىق، پىششىق، بېخىل.

الْيَدُ الْعَامِلَةُ / الْأَيْدِي الْعَامِلَةُ: ئەمگەك كۈچى، ئەمگەك ئىقتىدارى.

أَخَذَ بِيَدِهِ: ئۇنى يېتىلەپ ماڭدى، قىزىقتۇردى،

رغىبەتلەندۈردى.

سَاعَةُ يَدٍ: قول سائىتى.

قُنْبُلَةُ يَدٍ: گرانات، قول بومبىسى.

عَرَبَةُ يَدٍ: غالتەك، قول هارۋىسى.

مَصْنُوعٌ بِالْيَدِ: قول هۈنىرى، قول ئىشى، قولدا ياسالغان، هۈنەرۋەنچىلىك، قول سانائەت، قول هۈنەرۋەنچىلىك.

فِي الْيَدِ: قولىدا، يانىدا، چاڭگىلىدا.

تَحْتَ الْيَدِ: مەۋجۇت، هازىر بار.

فِي مُتَنَاوَلِ يَدِهِ: قولىدا، يانىدا، چاڭگىلىدا، ئالىقىنىدا.

تَحْتَ يَدِهِ: هوقۇق دائىرىسى ئىچىدە.

بَيْنَ يَدَيْهِ: ئالدىدا، هۇزۇرىدا.

يَدُهُ طَوِيلَةٌ: ئوغرى، قولى ئەگرى.

يَدُهُ قَصِيرَةٌ: قولى قىسقا، قابىلىيەتسىز.

«أَعْطَاهُ مَالًا عَنْ ظَهْرِ يَدٍ»: ئۇنىڭغا خالىسانە مال بەردى.

«أَعْطَى الْجِزْيَةَ عَنْ يَدٍ»: تەسلىم بولۇپ جىزىيە بەردى، خورلۇق بىلەن جىزىيە بەردى.

رَفَعَ يَدَهُ عَلَيْهِ: ئۇنى ئۇرۇشقا ئورۇندى.

رَفَعَ يَدَهُ عَنْهُ: تەرك ئەتتى، ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتى.

سُقِطَ فِي يَدِهِ: پۇشايمان قىلدى.

سِيَاسَةُ الْيَدِ الْمَمْدُودَةِ: باشقىلار بىلەن هەمكارلىشىش سىياسىتى.

طَلَبَ يَدَ الْفَتَاةِ: قىزنى ئېلىشقا تەلەپ قويدى، قىزغا ئەلچى كىرگۈزدى.

طَوِيلُ الْيَدِ: سېخىي، مەرد.

الْيَدُ الْعُلْيَا: بەرگۈچى قول.

اَلْيَدُ السُّفْلَى: ئالغۇچى قول.

«الْيَدُ الْعُلْيَا خَيْرٌ مِنَ الْيَدِ السُّفْلَى» (حديث): بەرگۈچى قول ئالغۇچى قولدىن ياخشى.

غُلَّتْ يَدَاهُ: تەسەررۇپ قىلىشتىن ئاجىز كەلدى.

لَهُ الْيَدُ الطُّولَى: ئۇ چوڭ تەسىرگە ئىگە.

لَهُ الْيَدُ الطُّولَى فِي الْعَيْنِ: ئۇنىڭ بىلىمى ناهايىتى مول.

صِفْرُ الْيَدَيْنِ: قۇرۇق قول.

ضَرَبَ الْقَاضِي عَلَى يَدِهِ: قازى ئۇنى تەسەررۇپ قىلىشتىن توسۇدى.

بَاعَهُ يَدًا بِيَدٍ: نەق ساتتى.

«بَقِيَ مَكْتُوفَ الْيَدَيْنِ»: ئاجىز هالغا چۈشۈپ قالدى.

حَقِيبَةُ يَدٍ: قول سومكىسى.

ذَهَبُوا أَيْدِي سَبَا: ئۇلار تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى، چېچىلىپ كەتتى، تارقىلىپ كەتتى.

صَاحِبُ الْأَيَادِي الْبِيضِ (الْبَيْضَاءِ): ۋاپادار، شەپقەتچى، شاپائەتچى، مەرھەمەت قىلغۇچى، ساخاۋەتچى، سەدىقە بەرگۈچى.

يَدَوِيٌّ: قولنىڭ، قول سانائىتىنىڭ، قول هۈنەرۋەنچىلىك بىلەن ئىشلەنگەن.

شُغْلٌ يَدَوِيٌّ: قول هۈنىرى، قول ئىشى، هۈنەرۋەنچىلىك، قول سانائەت، قول هۈنەرۋەنچىلىك.

صَنَاعَةٌ يَدَوِيَّةٌ: قول سانائەت، قول هۈنەرۋەنچىلىك.

يَدِيٌّ: قولغا مەنسۇپ، قول بىلەن ئىشلەنگەن.

يَرَاعٌ . يَرَاعَةٌ: قومۇش، قومۇش قەلەم؛ پارقىراق قوڭغۇز، يالتىراق قوڭغۇز.

كَتَبَ التِّلْمِيذُ بِالْيَرَاعِ: قومۇش قەلەم بىلەن يازدى.

صَحَفِيٌّ ذُو يَرَاعٍ سَيَّالٍ: قەلىمى ئۆتكۈر ژۇرنالىست.

يَرَاعَةٌ: نەي، قومۇش، قەلەم؛ ئەخمەق، قورقۇنچاق.

يَرْبُوعٌ ج يَرَابِيعُ: ئۇچار چاشقان، شەپەرەڭ، يالمانتاقتاق.

يَرِعَ يَيْرَعُ يَرَعًا وَ يَرَاعَةً: قورقۇنچاق بولدى، يۈرەكسىز بولدى، قورقۇنچاقلىق قىلدى، توخۇ يۈرەك بولدى.

يَرَقَانٌ: قۇرۇپ سولىشىش كېسىلى؛ قورچاق (هاشارات بالىسىنىڭ هاشارات بولۇپ يېتىلىش ئالدىدىكى ۋاقتى).

يَرَقَانُ الإِنْسَانِ: سېرىق چۈشۈش كېسىلى، سېرىقلىق كېسىلى، هال كېسىلى.

يَزِيْدِيَّةٌ: يەزىيدىيە مەزھىپى، شىئە مەزھىپىنىڭ بىر قىسمى.

يِسْ: تىرا! خىت! چۇ! ۋو-ۋو، يى-يى!

يَسَارٌ ج يُسُرٌ وَ يُسْرٌ: سول قول، سول تەرەپ، سول.

«قَعَدَ أَخُوهُ يَمِيْنًا وَ قَعَدَ هُوَ يَسَارًا»: قېرىندىشى ئوڭ تەرەپتە، ئۆزى سول تەرەپتە ئولتۇردى.

لِلْيَسَارِ انْظُرْ: سولغا قارا، سولغا بۇرۇل.

أَحْزَابُ الْيَسَارِ: سولچىل پارتىيىلەر.

اَلْيَسَارُ الْمُتَطَرِّفُ: چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق.

أَهْلُ الْيَسَارِ: سول قانات.

عُضْوُ الْيَسَارِ: زاسىداتېل.

يَسَارٌ. يَسَارَةٌ: ئاسانلىق، بايلىق.

ذُو الْيَسَارِ: باي، هاللىق، توق، پاراۋان، باياشات.

«يَسَارُ الْعَمَلِ شَجَّعَنِي عَلَى قَبُوْلِهِ»: ئىشنىڭ ئاسانلىقى ئۇنى قىلىشىمغا ئىلھاملاندۇردى.

«يَسَارُ التُّجَّارِ وَالْفَلَّاحِيْنَ»: سودىگەر ۋە دېھقانلارنىڭ بايلىقى.

يَسَارِيٌّ: سولچىللىق، سول قانات، سول قاناتلىق، سولنىڭ، سول تەرەپنىڭ.

مَقْعَدٌ يَسَارِيٌّ فِي الْقَاعَةِ: زالنىڭ سول تەرىپىدىكى ئورۇن.

يَسَارِيَّةٌ: سولچىل.

شِعَارَاةٌ يَسَارِيَّةٌ: سولچىللىق شوئارلىرى.

«نَجَحَ الْيَسَارِيُّوْنَ فِي الْإِنْتِخَابَاتِ»: سولچىللار سايلامدا غەلىبە قىلدى.

سِيَاسَةُ الْيَسَارِيِّيْنَ: سولچىللار سىياسىتى.

يَسَرَ يَيْسِرُ يَسْرًا الشَّيْءُ: ئاسان بولدى.

يَسَرَ الْحَيَوَانُ: هايۋان كۆندى، ياۋاش بولدى.

يَسَرَ الْحِصَانُ لِرَاكِبِهِ: ئات مىنگۈچىگە بويسۇندى.

يَسَرَتْ وِلَادَةُ الْمَرْأَةِ: ئايالنىڭ تۇغۇتى ئاسان بولدى.

يَسَرَ الشَّخْصُ: قىمار ئوينىدى.

يَسَرَةٌ: سول تەرەپتىن كەلدى.

يَسِرَ يَيْسَرُ يَسَرًا الشَّخْصُ: باي بولدى، پۇلدار بولدى.

«يَسِرَتْ حَالُهُ بَعْدَ الْفَقْرِ وَالْعُسْرِ»: نامراتلىقتىن كېيىن بېيىپ قالدى.

يَسُرَ يَيْسُرُ يُسْرًا يَسَارَةً: ئاسان بولدى، قولاي بولدى، ئوڭاي بولدى.

يَسُرَ مَالُهُ: مېلى ئاز بولدى.

يَسْرٌ ج أَيْسَارٌ: ئاسان، ئوڭاي.

يُسْرٌ: ئاسانلىق، بايلىق.

﴿يُرِيْدُ اللهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلَايُرِيْدُ بِكُمُ الْعُسْرَ﴾ «قرآن»: ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ.

«هُوَ فِي يُسْرٍ وَ بُحْبُوحَةٍ فِي الْعَيْشِ»: ئۇ باي ۋە تۇرمۇشى پاراۋان.

يُسْرَى ج يُسْرَيَاتٌ: سول قول.

الْجِهَةُ الْيُسْرَى: سول تەرەپ.

الْيَدُ الْيُسْرَى: سول قول.

يَسَّرَ يُيَسِّرُ تَيْسِيْرًا الشَّيْءَ: ئاسانلاشتۇردى، ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى، قولايلىق يارىتىپ بەردى.

«يَسِّرُوا وَلَاتُعَسِّرُوا» «حديث»: ئاسانلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار.

﴿رَبِّ اشْرَحْ لِيْ صَدْرِي وَيَسِّرْ لِيْ أَمْرِي﴾ ‹قرآن›: پەرۋەردىگارىم، مېنىڭ قەلبىمنى كەڭ قىلغىن، مېنىڭ ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرغىن.

«وَمَنْ يَسَّرَ عَلَى مُعْسِرٍ يَسَّرَ اللهُ عَلَيْهِ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ» ‹حديث›: كىمكى قىيىنچىلىقى بار قەرزدارغا كەڭچىلىك قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاسانلىق بېرىدۇ.

يَسْمِيْن: ياسمەن.

يَسْمِيْن أَبْيَضُ: ئاق ياسمەن گۈلى.

يَسُوعُ: خرىستوس، ئىيسا.

يَسُوعُ الْمَسِيْحِ: خرىستىئان دىنى.

يَسُوعِيٌّ ج يَسُوعِيَّةٌ: خرىستىئان دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

يَسِيْرٌ: ئاسان، ئوڭاي، قۇلاي.

﴿وَكَانَ ذَالِكَ عَلَى اللهِ يَسِيْرًا﴾ ‹قرآن›: بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر.

اخْتِلَافَاتٌ يَسِيْرَةٌ: ئازغىنە ئىختىلاپلار.

يَشَبٌ: زۇمرەت.

يَشْفٌ: زۇمرەت.

يَشْمٌ: قاشتاش.

يَصَبٌ: زۇمرەت.

يَصْفٌ: زۇمرەت.

يَعْبُوبٌ ج يَعَابِيْبُ: جىددىي ئېقىن، ئىتتىك ئېقىن؛ تاشقىن، قىيان، كەلكۈن، سەل، دولقۇن؛ ئۆستەڭ، بۇلۇت، يۇگۈرۈك ئات.

يَعْسُوبٌ ج يَعَاسِيْبُ: ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئەركىكى، ھەسەل ھەرىسىنىڭ پادىشاھى، يىڭناغۇچ.

يَعْسُوبُ الْقَوْمِ: قوۋمنىڭ باشلىقى.

يَعْفُورٌ ج يَعَافِيْرُ: ئىپار كېيىكى، ياۋا كالا موزىيى، كېيىكنىڭ بىر قىسمى.

يَعْقُوبٌ: ئەركەك كەكلىك.

يَعُوق: نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قوۋمىنىڭ بۇتىنىڭ نامى.

يَغَّمَ يُيَغِّمُ تَغْيِيْمًا الشَّيْءَ: بۇلىدى، بۇلاڭچىلىق قىلدى، تالان ـ تاراج قىلدى، تارتىۋالدى، بۇلىۋالدى.

يَغْمَةٌ: غەنىيمەت، ئولجا، پايدا.

يَفَاعٌ ج يُفُوعٌ: ئېگىزلىك، چوققا، تۆپىلىك، دۆڭ.

يَفَاعٌ ج أَيْفَاعٌ: بالاغەتكە يەتكۈچى، كۆيلەش مەزگىلىگە يېقىنلاشقۇچى.

يَفَخَ يَيْفَخُ يَفْخًا فُلَانًا: پالانىنىڭ چوققىسىغا ئۇردى، باش چوققىسىغا ئۇردى.

يَفْطَةٌ ج يُفَطٌ وَ يَفْطَاتٌ: ۋىۋىسكا.

يَفْطَةُ الْبَابِ: ئىشىك نومۇرى.

يَفْطَةُ الطَّرُودِ وَأَمْثَالِهَا: ماركا، تامغا، بەلگە، ئەن.

يَفَعَ يَيْفَعُ يَفْعًا وَ يُفُوعًا الْغُلَامُ: بالا بالاغەتكە يەتتى.

يَفَعَ الشَّيْءُ: نەرسە ئۆرلىدى، ئېگىزلىدى.

يَفَعٌ: ئېگىزلىك، تۆپىلىك.

يَفَعٌ ج أَيْفَاعٌ: بالاغەتكە يېقىنلاشقان يىگىت.

يَفَعَةٌ: كۆيلەش مەزگىلىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا قەدەم قويغان ياش، توشقان ياش، بالاغەتكە يەتكەن ياش.

يَفُوخٌ ج يَوَافِيْخُ: چوققا، باش چوققىسى، لىغىلداق (باللارنىڭ بېشىدىكى).

يَفُورٌ: بۇلدۇقلاپ تاشقۇچى؛ ئالدىراڭغۇ، جىلىخور، قىزىققان.

يَقْطِيْنٌ: كاۋا، ئەنجان كاۋىسى.

﴿وَأَنْبَتْنَا عَلَيْهِ شَجَرَةً مِنْ يَقْطِيْنٍ﴾ ‹قرآن›: ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تۈپ كاۋىنى ئۆستۈرۈپ بەردۇق.

يَقِظَ يَيْقَظُ يَقَظًا وَ يَقُظَ يَيْقُظُ يَقَاظَةً: ئويغاندى، ئۇيقۇ ئېچىلدى، ئويغاق تۇردى، يېشىلدى، ھوشىغا كەلدى.

يَقِظَ إِلَى ...: دىققەت قىلدى، پەخەس بولدى،

ئېھتىيات قىلدى.

«يَقِظَ بَعْدَ نَوْمٍ عَمِيْقٍ»: قاتتىق ئۇيقۇدىن ئويغاندى.

«يَقِظَ الْقَاضِي إِلَى أَسْرَارِ الْقَضِيَّةِ»: سودىيە ئەنزىنىڭ مەخپىي تەرەپلىرىنى بىلىپ قالدى.

«يَيْقَظُ التِّلْمِيْذُ إِلَى دَرْسِ الرِّيَاضِيَّاتِ»: ئوقۇغۇچى ماتېماتىكا دەرسىگە كۆڭۈل بۆلدى.

يَقُظٌ وَ يَقِظٌ وَ يَقْظَانُ ج أَيْقَاظٌ م يَقْظَى ج يَقَاظَى: ئويغاق، سەزگۈر، سەگەك، ھوشيار، ئېھتىياتچان، دىققەت قىلغۇچى.

ذَكِيَّةٌ يَقْظَى إِلَى خَفَايَا الْأُمُورِ: ئىشنىڭ تېگى-تەكتىگە يېتەلىگەن ئەقىللىق ئايال.

يَقْظَانُ مِنَ النَّوْمِ: ئۇيقۇدىن ئويغانغۇچى.

أَبُو الْيَقْظَانِ: خوراز.

يَقَظَةٌ: يېشىلمەك، ھوشىغا كەلمەك، ئويغانماق، ئۇيقۇ ئېچىلماق، ئويغاق تۇرماق.

يَقَقٌ: خورما قاتارلىقلارنىڭ يېلىمى؛ پاختا.

أَبْيَضُ يَقَقٌ: ئاپئاق، قاردەك ئاپئاق.

يَقَّظَ يُيَقِّظُ تَيْقِيْظًا: ئويغاتتى، ھوشىغا كەلتۈردى، ئۇيقۇسىنى ئاچتى.

يَقَّظَـهُ: ھەرىكەتلەندۈردى، قوزغىدى؛ ئاگاھلاندۇردى.

يَقِنَ يَيْقَنُ يَقْنًا وَ يَقَنًا الْأَمْرَ: ھەقىقىي بىلدى، ھەقىقىي ئىشەندى.

يَقِنَ الْأَمْرُ: ئىش ئايدىڭ بولدى.

«يَقِنَ لِيْ أَنَّهُ غَادَرَ الْقَرْيَةَ عِنْدَ الْفَجْرِ»: ئۇنىڭ تاڭ يورۇقىدا يېزىدىن ئايرىلغانلىقى ماڭا ئېنىق بولدى.

يَقِنَ الْخَبَرَ: خەۋەرگە ھەقىقىي ئىشەندى.

يَقْنٌ . يَقَنٌ . يَقِنٌ . يَقُنٌ م يَقْنَةٌ: ھەقىقىي چۈشەنمەك، چىنپۈتمەك، چوڭقۇر ئىشەنمەك.

رَجُلٌ يَقَنٌ: ھەقىقىي ئىشەنگۈچى ئادەم، ئېتىقادى مۇستەھكەم كىشى.

يَقِيْنٌ: ئېنىق، شەكسىز، ھەقىقىي، ھەقىقىي ئىشەنمەك، چىنپۈتمەك، چوڭقۇر ئىشەنمەك.

أَمْرٌ يَقِيْنٌ: ئېنىق ئىش.

﴿وَاعْبُدْ رَبَّكَ حَتَّى يَأْتِيَكَ الْيَقِيْنُ﴾ «قرآن»: سەن ئۆزۈڭگە ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلغىن.

حَقُّ الْيَقِيْنِ: روشەن پاكىت، شەكسىز ھەقىقەت.

خَبَرُ الْيَقِيْنِ: ئىشەنچلىك خەۋەر.

أَتَاهُمْ بِالْخَبَرِ الْيَقِيْنِ: ئۇلارغا ئېنىق خەۋەر ئېلىپ كەلدى.

يَقِيْنًا أَنَّهُ مُخْطِئٌ: ئۇنىڭ خاتالاشقانلىقى راست.

أَنَا عَلَى يَقِيْنٍ مِنْ أَنَّ...: مەن شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، ...

يَقِيْنًا: ھەقىقەتەن، راستتىنلا، دەرھەقىقەت، شەك-شۈبھىسىز.

يَقِيْنِيٌّ ج يَقِيْنِيَّاتٌ: ئىشەنچلىك، ھەقىقىي.

اَلْعِلْمُ الْيَقِيْنِيُّ: شەكسىز ھەقىقىي بىلىش.

يَمَامٌ الواحدة يَمَامَةٌ ج يَمَامَاتٌ: ياۋا كەپتەر.

يَمَامَةٌ يَتِيْمِيٌّ: پاختەك.

يَمَانٍ ج يَمَانُونَ: يەمەننىڭ، يەمەنلىك.

يَمَانِيٌّ: ھېقىق.

حَجَرٌ يَمَانِيٌّ: قىزىل ھەقىق.

يَمَانِيٌّ ج يَمَانِيُّونَ: يەمەننىڭ، يەمەنلىك.

يَمَانِيَّةٌ: قىزىل باشاقلىق ئارپا.

يَمْخُورٌ: ئۇزۇن.

رَجُلٌ يَمْخُورٌ: ئۇزۇنتۇرا ئادەم.

عُنُقٌ يَمْخُورٌ: ئۇزۇن بويۇن.

يُمَّ يُيَمُّ يَمًّا الشَّخْصُ: دېڭىزغا تاشلىۋېتىلدى.

«يُمَّتْ بَعْضُ الْمَنَازِلِ عَلَى الشَّاطِئِ إِثْرَ الْعَاصِفَةِ»: قاتتىق بوراننىڭ تەسىرىدىن قىرغاقتىكى بەزى ئۆيلەرنى دېڭىز يۇتۇۋەتتى.

يَمٌّ ج يُمُومٌ: دېڭىز؛ ياۋا كەپتەر.

«مَا الدُّنْيَا فِي الْآخِرَةِ إِلاَّ مِثْلُ مَا يَجْعَلُ أَحَدُكُمْ إِصْبَعَهُ فِي الْيَمِّ فَلْيَنْظُرْ بِمَ يَرْجِعُ» ‹حديث›: دۇنيانى ئاخىرەتكە سېلىشتۇرغاندا، دۇنيا پەقەت سىلەرنىڭ بارمىقىڭلارنى دېڭىزغا سېلىپ چىقارغاندەك گەپ. بارمىقىنى سۇغا سالغۇچى قاراپ باقسۇنكى، ئۇنىڭ بارمىقىغا قانچىلىك سۇ يۇقىدۇ.

يَمَّمَ يُيَمِّمُ تَيْمِيمًا: باردى، كەتتى، يۈزلەندى.

يَمَّنَ يُيَمِّنُ تَيْمِينًا: ئوڭغا بۇرۇلدى، ئوڭ تەرەپكە ماڭدى، ئوڭ تەرەپكە كەتتى؛ يەمەنگە باردى، يەمەنگە كەتتى.

يَمَنَ يَيْمَنُ وَ يَمِنَ يَيْمَنُ وَ يَمُنَ يَيْمُنُ وَ يُمِنَ يُمْنًا وَ مَيْمَنَةً: بەختلىك بولدى، سائادەتلىك بولدى، تەلەيلىك بولدى، بەخت-سائادەتلىك بولدى، تەلەي ئوڭدىن كەلدى.

يَمَنَ لِـ..: بەخت ياراتتى، بەخت ئېلىپ كەلدى، بەختىيار قىلدى، تەلەيلىك قىلدى.

يُمْنٌ: خەيرلىك، قۇتلۇق، بەخت-سائادەت، ياخشىلىق ئالامىتى، ياخشىلىق بەلگىسى، تەلەي.

«دَعَا لَهُ بِالْيُمْنِ لَيْلَةَ زِفَافِهِ»: توي كېچىسى ئۇنىڭغا بەخت تىلىدى.

«أَعَادَ اللهُ عَلَيْكُمُ الْعِيدَ بِالْيُمْنِ وَالْبَرَكَةِ»: ئاللاھ سىلەرنىڭ ھېيتىڭلارنى قۇتلۇق ۋە بەرىكەتلىك قىلسۇن.

يَمَنٌ . يَمْنَةٌ: ئوڭ، ئوڭ تەرەپ، ئوڭ ياق.

بِلَادُ الْيَمَنِ: يەمەن.

بِنُّ الْيَمَنِ: قەھۋە.

يَمَنِيٌّ ج يَمَنِيُّونَ: يەمەنلىك، يەمەنلىك.

يُمْنَى ج يُمْنَيَاتٌ: ئوڭ قول.

اَلْجِهَةُ الْيُمْنَى: ئوڭ تەرەپ، ئوڭ ياق.

«كَانَتْ يَدُ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْيُمْنَى لِطَهُورِهِ وَطَعَامِهِ» ‹حديث›: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالغاندا، تاماق يېگەندە ئوڭ قولنى ئىشلىتەتتى.

يَمِيْنٌ ح يَمِيْنَاتٌ وَ أَيْمَانٌ وَ أَيْمُنٌ وَ أَيَامِنُ وَ أَيَامِيْنُ: ئوڭ، ئوڭ تەرەپ، ئوڭ ياق، ئوڭ قول؛ قەسەم، قەسەم سۆزى، ئىتتىپاقداش؛ ئەھدە.

«كَانَ يَجْعَلُ يَمِيْنَهُ لِطَعَامِهِ وَ شَرَابِهِ وَ ثِيَابِهِ» ‹حديث›: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاماق يېگەندە، سۇ ئىچكەندە، كىيىم كىيگەندە ئوڭ قولنى ئىشلىتەتتى.

يَمِيْنُ اللَّغْوِ: بىھۇدە قەسەم، ئىناۋەتسىز قەسەم.

يَمِيْنٌ حَاسِمَةٌ: قەتئىي قەسەم.

«الْكَبَائِرُ: اَلْإِشْرَاكُ بِاللهِ وَعُقُوقُ الْوَالِدَيْنِ وَقَتْلُ النَّفْسِ وَالْيَمِيْنُ الْغَمُوسُ ...» ‹حديث›: چوڭ گۇناھلار: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە يالغان قەسەم قىلىش ...

عُضْوُ الْيَمِيْنِ: زاسىداتېل.

يَمِيْنٌ غَلِيْظَةٌ: بۇزۇلماس ۋەدە، ئايرىلماس دوستلۇق.

أَدَّى الْيَمِيْنَ . حَلَفَ الْيَمِيْنَ: قەسەمياد قىلدى، قەسەم قىلدى، قەسەم بەردى.

إِلَى الْيَمِيْنِ دُرْ: ئوڭغا بۇرۇل.

يَمِيْنًا وَشِمَالًا: ئوڭغا ۋە سولغا.

يَمِيْنُ الْوَلَاءِ وَالْإِخْلَاصِ: ساداقەتلىك، ئىتتىپاقداشلىق ئەھدى.

يَمِيْنٌ كَاذِبَةٌ: يالغان قەسەم.

أَدَّى الْيَمِيْنَ الدُّسْتُورِيَّةَ أَمَامَ الرَّئِيْسِ: دۆلەت رەئىسى ئالدىدا قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى.

هُوَ عِنْدَنَا بِالْيَمِيْنِ: ئۇ بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئورنى بار ئادەم.

مَامَلَكَتْ يَمِيْنُهُ: ئۇنىڭ مال-مۈلكى، ئۇنىڭ

ئىگىدارچىلىقىدىكى نەرسىلەر.

يَمِينُ اللهِ لَا أَفْعَلُ كَذَا: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ئىشنى قىلمايمەن.

يَمِينًا: ئوڭ تەرەپتە، ئوڭ ياقتا، ئوڭدىن.

يَمِينِيٌّ: ئوڭنىڭ، ئوڭ تەرەپنىڭ، ئوڭ ياقنىڭ، ئوڭچىل.

اَلْإِنْتِهَازِيَّةُ الْيَمِينِيَّةُ: ئوڭچىل، ئوپپورتونىزم.

أَصْحَابُ الْإِنْحِرَافِ الْيَمِينِيَّةِ: ئوڭچىل ئونسۇرلار، ئوڭچىل گۇرۇھلار، ئوڭ تەرەپكە ئېغىپ كەتكۈچىلەر.

دَوْرَةٌ يَمِينِيَّةٌ: ئوڭ قانات، ئوڭچىللىق، ئوڭغا مايىل.

آرَاءٌ يَمِينِيَّةٌ: ئوڭچىل خاھىشلار.

«عَدَدُ الْيَمِينِيِّينَ فِي الْبَرْلَمَانِ يَفُوقُ عَدَدَ الْيَسَارِيِّينَ»: پارلامېنتتا ئوڭچىلارنىڭ سانى سولچىلارنىڭكىدىن ئارتۇق.

يَنَايِرُ: يانۋار، 1- ئاي.

يَنْبُوعٌ ج يَنَابِيعُ: بۇلاق.

﴿حَتَّى تَفْجُرَ لَنَا مِنَ الْأَرْضِ يَنْبُوعًا﴾ «قرآن»: «تاكى سەن بىزگە يەر ئاستىدىن بىر بۇلاقنى ئېتىلدۇرۇپ چىقارمىغۇچە».

يَنْسُونُ: شاكال بەدىيان.

يَنَعَ يَيْنَعُ وَ يَيْنِعُ يَنْعًا وَ يُنْعًا وَ يُنُوعًا: پىشتى، يېتىلدى، تەييار بولدى.

يَنَعَ الْبَلَحُ: خورما پىشتى.

يَنِيعٌ: پىشقان، يېتىلگەن؛ قىزىل، قىپقىزىل.

يَهْفُوفٌ: ئەقلى قىسقا، يەڭگىلتەك، قورقۇنچاق، چۆل-جەزىرە، تاش يۈرەك.

يَهِمَ يَيْهَمُ يَهَمًا: ئەقلىدىن ئازدى، ئەس-ھوشىنى يوقاتتى.

اَلْيَهْمَاءُ: سۇسىز، ئوت-چۆپسىز قاراڭغۇ جاڭگال.

يَهُودِيٌّ ج يَهُودٌ: يەھۇدىي، يەھۇدىينىڭ، يەھۇدىي مىللىتىگە مەنسۇپ ئادەم.

يَهُودِيَّةٌ: يەھۇدىي ئايال، يەھۇدىي مىللىتى.

اَلْيَهُودِيَّةُ: يەھۇدىيچىلىق، يەھۇدىي دىنى.

يُوحُ: قۇياش.

«جَعَلَ اللهُ أَعْمَرَ مِنْ نُوحٍ وَأَنْوَرَ مِنْ يُوحٍ»: ئاللاھ ئۆمرۈڭنى نۇھدىنمۇ ئۇزۇن قىلسۇن، يۈزۈڭنى قۇياشتىنمۇ نۇرلۇق قىلسۇن.

يُوخِنِيَّةٌ: يېۋگېنىكا (بىئولوگىيىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ئىنسان ئىرسىيەتچانلىقىنى قانداق ياخشىلاشنى تەتقىق قىلىدۇ).

يُوخِيَّةٌ: يېۋگېنىكا (بىئولوگىيىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ئىنسان ئىرسىيەتچانلىقىنى قانداق ياخشىلاشنى تەتقىق قىلىدۇ).

يُودٌ: يود.

يُودَاتٌ: يودلۇق تۇزلار، يودلۇق كىسلاتا تۇزى.

يُودُوفُرْمٌ: يودوفورم، يودوفورمىئوم.

يُودُورٌ: يودلاشتۇرغۇچى ماددا، يودلاشتۇرغۇچى ئېلېمېنت.

يُورَاتٌ . يُورَاةٌ: سۈيدۈك كىسلاتا تۇزى.

يُورَانِيُوم: ئۇران.

يُورِيَا: ئورىيا؛ سۈيدۈك ماددىسى.

يُورِيكٌ: سۈيدۈكنىڭ، سۈيدۈكلۈك.

اسِيدْ يُورِيكْ: سۈيدۈك كىسلاتاسى.

يُورِيمِيٌّ: سۈيدۈكتىن زەھەرلىنىش كېسىلى.

يُوطُوبِيَا: خام-خىيال، قۇرۇق خىيال، قۇرۇق پەرەز، خىيال، ئۇتوپىيە، فانتازىيە.

يُوطُوبِيٌّ: فانتازىيىلىك، خام خىيالنىڭ، ئۇتوپىيىلىك.

يُولِيَه . يُولِيُو: ئىيول، 7- ئاي.

يَوْمٌ ج أَيَّامٌ جج أَيَاوِيمُ: كۈن، كۈندۈز، ۋاقىت.

يَوْمٌ أَبْيَض: قۇتلۇق كۈن، خەيرلىك كۈن، بەختىيار كۈن.

يَوْمٌ أَسْوَدُ: ئېغىر كۈن، قارا كۈن.

يَوْمُ الْأَحَدِ: يەكشەنبە، ھەپتە كۈنى.

يَوْمُ الْإِثْنَيْنِ: دۈشەنبە كۈنى.

يَوْمُ عُطْلَةٍ: دەم ئېلىش كۈنى، ھاردۇق ئېلىش كۈنى، تەتىل كۈنى.

يَوْمٌ مَشْهُودٌ: بايرام، بايرام كۈنى، ھېيت، خاتىرە كۈنى، ئۇنتۇلماس كۈن، مۇھىم كۈن.

اَلْيَوْمُ الْمَشْهُودُ: قىيامەت كۈنى.

«إِنَّ أَبْغَضَكُمْ إِلَيَّ وَأَبْعَدَكُمْ مِنِّي يَوْمَ الْقِيَامَةِ الثَّرْثَارُونَ» ‹حديث›: سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى قىيامەت كۈنى مېنىڭ ئەڭ ئۆچلۈكۈمنى كەلتۈرىدىغان ۋە مەندىن ئەڭ يىراق بولىدىغىنىڭلار ۋالاقتەگكۈر كىشىدۇر.

كُلَّ يَوْمٍ: ھەر كۈنى، ھەر كۈندە.

ذَاتَ يَوْمٍ: بىر كۈنى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە.

فِي الْيَوْمِ ذَاتِهِ: شۇ كۈنى.

إِلَى الْيَوْمِ: بۈگۈنگىچە، بۈگۈنگە كەلگۈچىلىك، بۈگۈنكى كۈنگىچىلىك، ھازىرغىچە، ھازىرغا قەدەر، بۈگۈنگە قەدەر.

مِنْ يَوْمٍ لِيَوْمٍ: ھەر كۈنى، ھەر كۈندە، كۈندىن-كۈنگە، كۈن ساناپ، كۈنسايىن، كۈنسېرى.

حَتَّى الْيَوْمِ: بۈگۈنگە قەدەر، بۈگۈنگىچىلىك، ھازىرغىچە، ھازىرغا قەدەر.

يَوْمَ كَانَ مُعَلِّمًا: ئۇ ئوقۇتقۇچى بولغان كۈنلەردە، ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان كۈنلەردە.

يَوْمُ الْعُطْلَةِ الرَّسْمِيَّةِ: ئومۇمىي دەم ئېلىش كۈنى، دەم ئېلىش كۈنى، ھاردۇق كۈنى.

يَوْمًا فَيَوْمًا. يَوْمًا بَعْدَ يَوْمٍ: ھەر كۈنى، ھەر كۈندە، كۈندىن-كۈنگە، كۈنسېرى، كۈنساناپ، كۈنسايىن.

اِبْنُ الْيَوْمِ: زامانىۋى.

هَذَا الشَّابُّ ابْنُ الْيَوْمِ: بۇ ياش زامانىۋىدۇر.

اِبْنُ يَوْمِهِ: داۋاملاشمايدىغان، تۇراقسىز، ۋاقىتلىق، ئۆمرى قىسقا.

هَذَا الْحَدَثُ ابْنُ يَوْمِهِ: بۇ ۋەقە داۋاملاشمايدۇ.

«اَلدُّنْيَا يَوْمَانِ يَوْمٌ لَكَ وَيَوْمٌ عَلَيْكَ»: دۇنيا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، بىر كۈن پايدا ئالساڭ بىر كۈن زىيان تارتىسەن.

يَوْمُ الدِّينِ: قىيامەت.

يَوْمٌ لَكَ وَيَوْمٌ عَلَيْكَ: ئەھۋال ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

اَلْيَوْمَ: بۈگۈن.

اَلْيَوْمُ الْآخِرُ: ئاخىرەت كۈنى.

﴿الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ﴾ ‹قرآن›: بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم.

«كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا كَانَ يَوْمُ عِيدٍ خَالَفَ الطَّرِيقَ» ‹حديث›: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېيت نامىزىغا بارغاندا بىر يول بىلەن، قايتىش ۋاقتىدا باشقا بىر يول بىلەن ماڭاتتى.

يَوْمَذَاكَ: بۇ كۈندە، شۇ كۈندە.

«كَانَ أَجْدَادُنَا يَوْمَذَاكَ مِنَ الْعُلَمَاءِ: بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز شۇ كۈنلەرنىڭ ئالىملىرىدىن ئىدى.

يَوْمَئِذٍ: ئۇ كۈندە.

﴿وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ نَاضِرَةٌ إِلَى رَبِّهَا نَاظِرَةٌ﴾ ‹قرآن›: بۇ كۈندە (سائادەتمەنلەرنىڭ) يۈزلىرى نۇرلۇق بولىدۇ. (ئۇلار) پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ.

أَيَّامُ الْعَرَبِ: ئەرەبلەرنىڭ چوڭ ئىشلىرى خاتىرىسى، ئۇرۇش - جېدەللىرى.

أَيَّامُ اللهِ: ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى ۋە ئازاب-ئۇقۇبەتلىرى.

﴿وَذَكِّرْهُمْ بِأَيَّامِ اللهِ﴾ ‹قرآن›: ئۇلارغا ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلەتكىن.

يَوْمِيٌّ: كۈندىلىك.

عَمَلٌ يَوْمِيٌّ: كۈنلۈك ئىش.

عَامِلٌ يَوْمِيٌّ: كۈنلۈك ئىشچى.

يَوْمِيّةٌ ج يَوْمِيَّاتٌ: كالىنىدار، ئىشچىنىڭ كۈنلۈك ئىش ھەققى، كۈندىلىك خاتىرە.

يَعْمَلُ بِالْيَومِيَّةِ: ئۇ كۈنلۈك ئىش ھەققىگە ئىشلەيدۇ.

جَرِيْدَةٌ يَوْمِيَّةٌ: كۈندىلىك گېزىت.

يَوْمِيَّاتٌ: كۈندىلىك ئىشلار يېزىلىدىغان خاتىرە دەپتەر.

يَوْمِيَّاتُ مَجْنُونٍ: سەۋدايى خاتىرىسى.

آلْيُونَان: يۇنان، گرېتسىيە.

بِلَادُ الْيُونَانِ: گرېتسىيە.

يُونَانِيٌّ: گرېتسىيىنىڭ، گرېك، گرېتسىيىلىك.

يُونَانِيَّةٌ: گرېكچە، گرېك تىلى.

«أَرِسْطُو مِنَ الْفَلَاسِفَةِ الْيُونَانِيِّيْنَ»: ئارىستوتېل يۇنان پەيلاسوپلىرىدىندۇر.

الْيونِسكُو: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىلىم-پەن تەلىم-تەربىيە مۇئەسسەسى.

يُونِيَّه. يُونِيُو: ئىيۇن، 6- ئاي.

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

## قامۇسنىڭ شېئىر قىسمىدىكى خاتالىقلارغا تۈزىتىش

| خاتاسى | تۈزىتىلگىنى | قۇر | بەت |
|---|---|---|---|
| الحافظ الكتاب الله | الحافظ لكتاب الله | 1 | 1209 |
| كما رماه فأصماه البليات | كما رماه فأصماه المصيبات | 5 | 1214 |
| جرئ لقلب | جرئ القلب | 10 | 1215 |
| والعلياء والرشد | والعلياء والرشدى | 11 | 1215 |
| أزين العابدين المولوى حليف المكرمات اللوذعى<br>قريع المجد محمود السجايا فصيح اللهجة الشهم الوفى | أزين العابدين المولوي حليف المكرمات اللوذعي<br>قەسىدىنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرىنىڭ<br>ھەممىسى مۇشۇ مىسراغا ئوخشاش<br>باشتىن-ئاخىر تەشدىدلىك، زەممىلىك يٌ<br>بىلەن ئوقۇلىدۇ. | 10 | 1223 |
| نواظرها زالت لداء ارمدادها فيا ويح<br>عين زال عنها النواظر | نواظرها زالت لداء ارمدادها<br>فيا ويح عين زال عنها النواظر | 8 | 1248 |
| سعدت صحراء الغراء في | سعدت صحراءك الغراء في | 28 | 1264 |
| جم غفير من الحفاظ والعلماء<br>الغر للملك المضياف ضيفان | جم غفير من الحفاظ والعلما<br>ء الغر للملك المضياف ضيفان | 6 | 1267 |
| مدير للمعهد | مديرا للمعهد | 18 | 1268 |
| وأشد فيها باعنب الأنغام | واشد فيها باعذب الأنغام | 5 | 1274 |
| فيلقون الدرس دروس بحث | فيلقون الدروس دروس بحث | 8 | 1281 |
| في أورمتشي | في أورومتشي | 8 | 1282 |
| أمثال فارابي أ بخاري أ جوهري | أمثال فارابي، بخاري، جوهري | 11 | 1283 |
| تركت أباك شيخا وهو يشكوا من الوجد المبرح | تركت أباك شيخا وهو يشكو من الوجد المبرح | 10 | 1287 |
| ورشد منها أي ائتلاق | ورشد منهما أي ائتلاق | 11 | 1288 |
| وصال منك يحيني | وصال منك يحييني | 8 | 1290 |
| فنالوا بها كل السعادة وإهنا | فنالوا بها كل السعادة والهنا | 3 | 1295 |